قۇرئان كەرىم تەپسىرى

تەپسىرى ئىبنى كەسىر

ئىمام ئىسمائىل ئىبنى ئۆمەر ئىبنى كەسىر
(ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن)

1

فاتىھە سۈرىسىدىن ئال ئىمران سۈرىسىگىچە

2011 م / 1432ھ

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

ئىككىنچى نەشرى

تەھرىر ۋە تۈزەتكۈچىلەر:	ئابدۇلباقى قاسىم ئابدۇلغەنى ئابدۇلئېزىز سابىرجان
يۇنىكودلاشتۇرغۇچى بەت لايىھەلىگۈچى :	ئابدۇلباقى قاسىم

بىرىنچى نەشرى

تەرجىمە قىلغۇچىلار:	ئابدۇلغەنى ئابدۇلئېزىز مۇھەممەد ئابدۇللاھ قارىم مۆمىنجان سىدىق
تەرجىمىگە قاتناشقۇچىلار:	ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ يۇسۇف قارىم مۇھەممەد ئۆمەر ئابدۇلھەمىد قارىھاجى
تەرجىمە تەھرىرلىرى:	مۇنەۋۋەر نىياز ئابدۇسالام مۇسا سابىرجان
رىياسەتچى:	ف. ئەل ئابدۇسسالام
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر:	ئابدۇلمەجىد قارىھاجىم پىروفېسسور ئابدۇررەھىم قەشقىرى
كومپيۇتېرغا ئالغۇچىلار:	ئا. رۇزى توختى مۇساجان ئابدۇقادىر (بايتاش)

المصباح المنير
في تهذيب
تفسير ابن كثير

للإمام إسماعيل بن عمر بن كثير رحمه الله

١

من سورة الفاتحة إلى سورة آل عمران

٢٠١١ م / ١٤٣٢هـ

مركز الترجمة الأويغورية

الطبعة الثانية

التحرير والمراجعة:
عبد الغني عبد العزيز
عبدالباقي قاسم
صابرجان

تصميم الصفحة:
عبدالباقي قاسم

الطبعة الأولى

المترجمون:
عبد الغني عبد العزيز
محمد عبد الله قاري
مؤمن جان صديق

المشاركون في الترجمة:
عبد العزيز رحمة الله
يوسف قاري
محمد عمر
عبد الحميد قاري حاجي

التحرير:
منورة بنت نياز
عبد السلام موسى
صابر جان

الإشراف:
ف. عبد السلام

المراقب:
الشيخ عبد المجيد صادق الآبادي
أ.د. عبد الرحيم القشقري

الحاسوب الآلي:
ع. روزي توختي
موسى جان عبد القادر (بايتاش)

مۇندەرىجە

مۇندەرىجە..........5

تەپسىرنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن..........23

بېغىشلىما..........25

بېغىشلىما..........27

كىرىش سۆز..........31

تەپسىرنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە..........32

تەپسىرلەرنىڭ تۈرلىرى..........39

ئەسەرلەر (رىۋايەتلەر) گە تايىنىپ قىلىنغان تەپسىرلەر..........40

فىقھى ئىلمىنى ئاساسي ئورۇنغا قويۇپ يېزىلغان تەپسىرلەر..........41

تارىخ ۋە قىسسىلەرنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان تەپسىرلەر..........42

قۇرئان كەرىمنىڭ گىراماتىكىلىق تىل قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان تەپسىرلەر..........43

پەلسەپەۋي ئاڭ ۋە ئەقلي كۆز قاراشلار ئاساس قىلىپ يېزىلغان تەپسىرلەر..........43

سۈننى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ ئەقىدىسىدىن چەتنەپ كەتكەن تائىپىلارنىڭ يازغان تەپسىرلىرى..........44

يېڭى ئەسىردە يېزىلغان تەپسىرلەر..........46

"تەپسىرى ئىبنى كەسىر" ھەققىدە..........47

ئىبنى كەسىرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى..........49

فاتىھە سۈرىسى

فاتىھە سۈرىسىنىڭ ئىسىملىرى ۋە ئۇ ئىسىملارنىڭ مەنىسى..........51

بۇ سۈرىدىكى ئايەتلەرنىڭ سانى..........52

بۇ سۈرىنىڭ سۆزلىرى ۋە ھەرپلىرىنىڭ سانى..........52

فاتىھە سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى..........53

نامازدا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش توغرىسىدا..........54

شەيتاندىن پاناھ تىلەش ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى..........56

قىرائەت قىلىشتىن بۇرۇن شەيتاندىن پاناھ تىلەش توغرىسىدا..........58

ئاچچىقلانغاندا شەيتاندىن پاناھ تىلەش توغرىسىدا..........59

الله تائالادىن شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەش پەرزمۇ ياكى سۈننەتمۇ؟..........59

شەيتاندىن پاناھ تىلەشنىڭ پايدىلىرى...60
"أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ" نىڭ مەنىسى...60
شەيتاننىڭ شەيتان دەپ ئاتىلىشى...61
﴿الرَّجِيْمُ﴾ نىڭ مەنىسى...62
﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ فاتىھە سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدۇر...63
قىرائەت ئۆلىمالىرى ئوقۇلغان نامازدا ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ نى ئۈنلۈك ياكى ئىچىدە ئوقۇش توغرىسىدا......63
﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ نىڭ پەزىلىتى...65
"اللهُ" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى...65
﴿الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ نىڭ مەنىسى...66
﴿الْحَمْدُ للّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ نىڭ مەنىسى...68
﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ يەنى الله تائالاغا مەدھىيە دېگەن سۆز بىلەن <الله غا شۈكرى>دېگەن سۆزنىڭ پەرقى...68
سەلەپ ئالىملىرىنىڭ "مەدھىيە" توغرىسىدىكى سۆزلىرى...69
﴿الْحَمْدُللَّهِ﴾ دېگەن سۆزنىڭ پەزىلەتلىرى...69
﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ دىكى ئەلىف، لام ھەرپىنىڭ ھەممە مەدھىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى..........70
﴿رَبِّ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى...70
﴿الْعَالَمِينَ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى...70
﴿الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾ توغرىسىدا...71
﴿قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر﴾ دېگەن ئايەتتە "ئىگە" بولۇشنى قىيامەت كۈنىگىلا خاس قىلىشنىڭ سەۋەبى...72
﴿يَوْمِ الدِّينِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى...72
الله ھەقىقىي پادىشاھ ۋە پادىشاھلارنىڭ پادىشاھىدۇر...73
﴿الدِّينِ﴾ نىڭ مەنىسى...73
﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ لۇغەت مەنىسى ۋە ئىستىلاھ مەنىسى...74
"فاتىھە" سۈرىسى الله تائالاغا بولغان مەدھىيىدۇر، شۇڭا ئۇنى نامازدا ئوقۇشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى...75
الله نىڭ «ئۇلۇھىيەت» سۈپىتىنى بىر دەپ تونۇش...75
الله نىڭ "رۇبۇبىيەت" سۈپىتىنى بىر دەپ تونۇش...75
الله نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەڭ شەرەپلىك ئورۇنلاردا "بەندەم" دەپ ئاتىغانلىقى...76
ئادەم سىقىلىش ھېس قىلغاندا ئىبادەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىنغانلىقى...76
﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ﴾ دېگەن ئايەتنى الله تائالانى مەدھىيىلەپ ۋە سۈپەتلەپ بولغاندىن كېيىن كەلتۈرۈشنىڭ ھېكمىتى...77
ھىدايەت (توغرا يول) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى...77

مۆمىنىنىڭ توغرا يولدا تۇرۇپ، توغرا يولنى تىلىشى.......................................78
﴿صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ﴾ دېگەن ئايەت توغرىسىدا..............................79
"فاتىھە" سۈرىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار......................................81
﴿أَنْعَمْتَ﴾ دېگەن سۆزدە "سەن ئىنئام قىلدىڭ" دەپ ئىنئام قىلىشنى الله تائالاغا خاس قىلىش، ﴿وَلَا الضَّالِّينَ﴾ دېگەن سۆزدە ئازدۇرۇۋېتىشنى الله تائالا غا خاس قىلماسلىق ۋە قەدەرىيەچىلەرگە بېرىلگەن رەددىيە......................................81
"فاتىھە" سۈرىسى ئوقۇلۇپ بولغاندا "ئامىن" دېيىش توغرىسىدا......................................83

بەقەرە سۈرىسى

بەقەرە سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى......................................85
بەقەرە سۈرىسى ۋە ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى......................................87
بەقەرە سۈرىسىنىڭ مەدىنىدە چۈشكەنلىكىگە ئالىملارنىڭ ھېچقانداق ئىختىلاپى يوق ئىكەنلىكى.....88
سۈرىنىڭ بېشىدا كەلگەن ﴿ألم – حم – ن – ق﴾ دەك ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى توغرىسىدا......................................89
بۇ ھەرپلەرنىڭ "قۇرئان" نىڭ مۆجىزىلىك كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغانلىقى......................................90
قۇرئاندا ھېچقانداق شەكنىڭ يوقلۇقى......................................90
ھىدايەتنىڭ تەقۋادار كىشىلەرگە خاس بولىدىغانلىقى......................................91
"تەقۋادار كىشىلەر" دېگەن سۆزگە بېرىلگەن چۈشەنچە......................................92
ھىدايەتنىڭ ئىككى تۈرلۈك بولىدىغانلىقى......................................93
«ئىمان» ئېيتىش......................................93
ئايەتتىكى "بىلغەيب" (غەيب) دېگەن سۆزنىڭ مەنىلىرى......................................94
﴿نامازنى ئادا قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى......................................95
﴿مال ـ مۈلكىنى الله نىڭ يولىغا سەرپ قىلىش﴾ دېگەن ئايەتنىڭ شەرھى......................................96
مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى......................................97
توغرا يول ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ مۆمىنلەرنىڭ نېسىۋىسى ئىكەنلىكى......................................99
"مۇناپىق" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى......................................102
مۇناپىقلىقنىڭ باشلىنىشى......................................103
﴿كىشىلەر ئارىسىدا الله تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى......................................103
«كېسەل» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى......................................105
«بۇزغۇنچىلىق» نىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىلىرى......................................107
مۇناپىقلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنىڭ خىلمۇ خىللىقى......................................108
مۇناپىقلارنىڭ ھىيلىسى ۋە ئالدامچىلىقى......................................110
مۇناپىقلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرى ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى......................................111

مۇناپىقلارنىڭ مىسالى.....112
مۇناپىقلارنىڭ يەنە بىر مىسالى.....113
نۇر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر.....115
مۆمىنلەر، كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ تۈرلىرى.....116
مۇناپىقنىڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىقى.....117
قەلبنىڭ تۈرلىرى.....117
الله تائالانىڭ ئىبادەتكە لايىق ھەقىقىي زات ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش.....119
پۈتۈن ئالەمنى ياراتقۇچى الله نىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرى.....120
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاش.....121
قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنى كەلتۈرۈشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى.....121
قۇرئاندىكى مۆجىزىلەرنىڭ تۈرلىرى.....122
قۇرئاننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ مۆجىزە ئىكەنلىكى.....125
تاش توغرىسىدا.....125
دوزاخنىڭ يارىتىلىپ بولغانلىقى.....125
تەقۋادار، مۆمىن كىشىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپات.....126
جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى.....127
جەننەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ ناھايىتى پاك ئىكەنلىكى.....127
دۇنيانى ئوخشىتىپ كەلتۈرگەن مىساللار.....129
زىيان تارتقۇچىلار.....133
الله تائالانىڭ قۇدرەتلىك زات ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتلىرىنى بايان قىلىش.....134
يارىتىشنىڭ باشلىنىشى.....134
زېمىننىڭ ئاسماندىن بۇرۇن يارىتىلغانلىقى.....135
زېمىننىڭ ئاسمانلار يارىتىلىپ بولغاندىن كېيىن كېڭەيتىلگەنلىكى.....135
الله تائالانىڭ پەرىشتىلەرگە ئادەم ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنى زېمىندا ئورۇن باسار قىلىدىغانلىقىنى
دېگەنلىكى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ جاۋابى.....136
ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرىشتىلەردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكى.....140
ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلىم بىلەن پەرىشتىلەردىن ئارتۇق قىلىنغانلىقى.....142
الله تائالا نىڭ پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئادەم
ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلىگەنلىكى.....143
ئىبلىس گەرچە پەرىشتە بولمىسىمۇ، پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە ئادەمگە سەجدە قىلىشقا
بۇيرۇلغانلىقى.....143
بويسۇنۇشنىڭ الله غا، سەجدىنىڭ ئادەمگە بولغانلىقى.....144
ئىبلىسنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلىشى.....144

ئادەم ئەلەيهىسسالامنىڭ يەنە بىر قېتىم ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقى.................. 145
ھەۋۋا ئانىنىڭ ئادەم ئەلەيهىسسالام جەننەتكە كىرىشتىن بۇرۇن يارىتىلغانلىقى.................. 145
ئادەم ئەلەيهىسسالامنى سىناش.................. 146
ئادەم ئەلەيهىسسالامنىڭ بويىنىڭ ئېگىز ئىكەنلىكى.................. 146
ئادەم ئەلەيهىسسالامنىڭ جەننەتتە كۈندۈزى ئازراق تۇرغانلىقى.................. 147
شەك ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن جاۋاب.................. 147
ئادەم ئەلەيهىسسالامنىڭ قىلغان تەۋبىسى ۋە دۇئاسى.................. 148
ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئىسلامغا كىرىشكە رىغبەتلەندۈرۈش.................. 149
"ئىسرائىل" دېگەن سۆزنىڭ يەئقۇب ئەلەيهىسسالامنىڭ لەقىمى ئىكەنلىكى.................. 150
الله تائالانىڭ يەھۇدىيلارغا بەرگەن نېئمەتلىرى.................. 150
يەھۇدىيلارنىڭ بەرگەن ئەھدىسىنى ئەسلىتىش.................. 151
ھەق بىلەن باتىلنى ئارىلاشتۇرىۋېتىش ۋە ئۇنى يوشۇرۇشتىن توسۇش.................. 153
ياخشى ئىشنى ئۆزى قىلماي باشقىلارنى بۇيرۇشنى ئەيىبلەش.................. 154
ئىسرائىل ئەۋلادىنى باشقا ئۈممەتلەردىن ئارتۇق قىلغانلىقىنى (ئۇلارغا) ئەسلىتىش.................. 158
مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكى.................. 158
كاپىرلاردىن فىدىيە، شاپائەت قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدىغانلىقى 159
ئىسرائىل ئەۋلادىنى پىرئەۋندىن قۇتۇلدۇرغانلىقى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى سۇغا غەرق قىلغانلىقى.................. 161
ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇش.................. 162
ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ موزايغا چوقۇنغانلىقى.................. 163
ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ تەۋبىسىنىڭ بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈش بولغانلىقى.................. 164
ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلىرىنىڭ الله تائالانى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقى، الله تائالانىڭ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قايتا تىرىلدۈرگەنلىكى.................. 165
ئىسرائىل ئەۋلادىغا بۇلۇت بىلەن سايە قىلىپ بەرگەنلىكى ۋە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەرگەنلىكى.................. 167
باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ساھابىلىرىدىن مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئارتۇق ئىكەنلىكى.................. 168
الله تائالا بەيتۇلمۇقەددەسنى يەھۇدىيلارغا فەتھى قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ الله تائالاغا شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى.................. 169
ئون ئىككى بۇلاقنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى.................. 170
ئۇلارنىڭ تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنىڭ ئورنىغا ئاددىي بىر تاماق سورىغانلىقى.................. 171
يەھۇدىيلارغا خارلىق بىلەن موھتاجلىقنىڭ پۈتۈلۈپ كېتىشى.................. 172
كىبىرنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكى توغرىسىدا.................. 172

ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلىش نىجاتلىقنىڭ يولى ئىكەنلىكى............173
مۆمىننىڭ سۈپىتى...173
يەھۇدىي دېگەن ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى...174
خرىستىئان دېگەن ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى...174
سابىئىلارنىڭ كىملىكى توغرىسىدا..174
الله تائالانىڭ يەھۇدىيلارنىڭ بېشىغا تۇر تېغىنى تىكلەپ تۇرۇپ ئۇلاردىن چىن ۋەدە ئالغانلىقى، لېكىن ئۇلارنىڭ ۋەدىسىدىن يېنىۋالغانلىقى..175
شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمىتىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى مايمۇن ۋە چوشقىلارنىڭ سۈرىتىگە ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى...176
ھازىرقى زاماندىكى مايمۇن، چوشقىلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا سۈرىتى ئۆزگەرتىلگەن مايمۇن ۋە چوشقىلارنىڭ نەسلىدىن ئەمەسلىكى...177
ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە كالىنىڭ قىسسىسى.....................178
سوئالنى كۆپ سوراپ، ئىشلىرىنى قىيىنلاشتۇرىۋالغانلىقى ئۈچۈن الله تائالانىڭمۇ ئۇلارغا ئىشنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويغانلىقى..179
ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنى تىرىلدۈرۈش ۋە قاتىلنى تېپىش توغرىسىدا...................................181
يەھۇدىيلارنىڭ دىللىرىنىڭ قاتتىقلىشىپ كەتكەنلىكى...182
جانسىزلاردىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئىقتىدارنىڭ بارلىقى...183
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈلگەنلىكى...185
يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرمىگەنلىكى...186
«ئەلئۇممى» (ساۋاتسىز) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى..187
الله تائالانىڭ ئايىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن يەھۇدىيلارنىڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغانلىقى..............188
يەھۇدىيلارنىڭ دوزاختا بىر نەچچە كۈنلا تۇرىمىز دەپ خام خىيال قىلىدىغانلىقى..................189
كىچىك گۇناھلار كۆپەيسە، ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقى توغرىسىدا...............................190
ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بەرگەن ۋەدىسى...191
ۋەدىنامىنىڭ مەزمۇنلىرى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنى بۇزغانلىقى..194
يەھۇدىيلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلىپ، پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى.......................196
يەھۇدىيلارنىڭ ھەر دائىم پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كەلگەنلىكى.......................197
يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشىنى كۈتىشى ۋە ئۇ پەيغەمبەر بولۇپ كەلسە، ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلىكى..199
يەھۇدىيلارنىڭ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇپ ئىمانىنى دەۋا قىلغانلىقى.........................201
الله تائالا يەھۇدىيلارنىڭ ئۈستىگە تۇر تېغىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ۋەدە ئالغانلىقى ئاندىن ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقى..203

يەھۇدىيلارنى لەنەت بىلەن دۇئا قىلىشقا چاقىرىش...................... 204
يەھۇدىيلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە بەكمۇ ھېرىسمەن ئىكەنلىكى...................... 205
يەھۇدىيلارنىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئۆچمەنلىكى...................... 206
پەرىشتىلەرنىمۇ پەيغەمبەرلەرنى ئايرىغاندەك ئايرىغانلىقى...................... 207
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئالامەتلىرى...................... 210
ۋەدىلەرگە خىلاپلىق قىلىشنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ بىردىن بىر ئادىتى ئىكەنلىكى...................... 211
يەھۇدىيلارنىڭ ﷲ تائالانىڭ كىتابىنى تاشلىۋېتىپ، سېھىرگە يۈزلەنگەنلىكى...................... 211
سېھىرنىڭ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىن بۇرۇن بار ئىكەنلىكى...................... 211
ھارۇت ۋە مارۇتنىڭ قىسسىسى ۋە ئىككى پەرىشتە...................... 212
سېھىر ئۆگىنىشنىڭ كۇپۇرلۇق ئىكەنلىكى...................... 213
سېھىرنىڭ ئىچىدە ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان سېھىرنىڭ بار ئىكەنلىكى 214
ﷲ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى...................... 214
سۆز قىلغاندا ئەدەبلىك بولۇش...................... 216
كاپىرلارنىڭ ۋە ئەھلى كىتابلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى قاتتىق يامان كۆرىدىغانلىقى...................... 217
نەسخ ۋە ئۇنىڭ مەنىسى...................... 217
ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ دۇرۇسلىقى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ”ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس“
دېگەن دەۋاسىغا رەددىيە...................... 218
كۆپ سوئال سوراشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا...................... 220
ئەھلى كىتابنىڭ يولىدا مېڭىشتىن توسۇش توغرىسىدا...................... 222
ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش...................... 224
ئەھلى كىتابنىڭ قىلغان ئارزۇلىرى...................... 225
يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنىڭ كۇپۇرلۇق ۋە جاھىللىقىدىن ئۆزئارا ئىختىلاپلىشىپ قېلىشى...................... 227
مەسچىتلەردىن توسقان ۋە ئۇنى بۇزۇۋېتىشكە ئورۇنغان كىشىنىڭ گۇناھى...................... 228
ئىسلامنىڭ غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا ئالدىن خۇش بېشارەت بېرىلگەنلىكى...................... 230
نامازدا قىبلە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈش...................... 231
مەدىنىدىكى كىشىلەرنىڭ قىبلىسىنىڭ شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىلىقىدا بولىدىغانلىقى...................... 233
”ﷲ تائالانىڭ بالىسى بار“ دېگۈچىلەرگە بېرىلگەن رەددىيە...................... 234
بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ﷲ تائالاغا بويسۇنىدىغانلىقى...................... 235
ئايەتتىكى «بەدىئ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى...................... 235
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرى...................... 239
”ھەقىقىي رەۋىشتە ئوقۇش“ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى...................... 240
ﷲ تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى زىكىر قىلغانلىقى ۋە ئۇنى
كىشىلەرگە ئىمام قىلغانلىقى...................... 242

الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى سىنىغان ئىشلار.......... 243
زالىملارنىڭ يەنى كاپىرلارنىڭ الله تائالانىڭ ئەھدىسىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى.......... 244
الله تائالانىڭ ئۆيى يەنى كەبىنىڭ ئارتۇقچىلىقى.......... 245
ماقامى ئىبراھىم توغرىسىدا.......... 246
كەبىنى پاك تۇتۇشقا بۇيرۇش.......... 249
مەككىنىڭ ھۆرمىتىنى تۆكۈشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى.......... 250
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ الله دىن مەككىگە خاتىرجەملىك ۋە رىزىق ئاتا قىلىشنى تىلەپ قىلغان دۇئاسى.......... 252
ئىبراھىمنىڭ كەبىنى سېلىشى ۋە شۇ ئىشنىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولۇشىنى تىلىگەنلىكى.......... 253
قۇرەيشنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن ئۇزۇن زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن كەبىنى يېڭىلاپ سالغانلىقى.......... 257
قارا تاشنى ئورنىغا قويۇشقا ئالاقىدار تالاش ـ تارتىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادىل ھۆكۈم قىلىشى.......... 258
ئىبنى زۇبەيرنىڭ كەبىنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام خالىغاندەك سېلىشى.......... 260
قىيامەت كۈنى يېقىنلاشقاندا، ھەبەشىيلىكنىڭ كەبىنى بۇزۇۋېتىدىغانلىقى.......... 262
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى.......... 263
ھەج قائىدىلىرى توغرىسىدا.......... 263
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش ھەققىدە قىلغان دۇئاسى.......... 264
«كىتاب ۋە ھېكمەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى.......... 265
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن ئەخمەقلەردىن باشقىسىنىڭ يۈز ئۆرۈمەيدىغانلىقى.......... 266
الله تائالانى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسىدە تاكى ئۆلگۈچە چىڭ تۇرۇشنىڭ لازىملىقى.......... 268
يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا بالىلىرىدىن ئالغان ئەھدىسى.......... 269
مۇسۇلمانلارنىڭ بىر پەيغەمبەر بىلەن يەنە بىر پەيغەمبەرنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىۋەتمەي، الله تائالا چۈشۈرگەن نەرسىنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىدىغانلىقى.......... 271
قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى.......... 276
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقى.......... 278
قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنىڭ ھېكمىتى.......... 280
قۇرئاندا تۇنجى بولۇپ ئۆزگەرگەن ھۆكۈم قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ھەققىدىكى ھۆكۈمدۇر.......... 282
قىبلە كەبىنىڭ ئۆزىمۇ ياكى ئۇنىڭ بىر تەرىپىمۇ؟.......... 283
قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىدىغانلىقىنى يەھۇدىيلارنىڭ بىلىدىغانلىقى.......... 283
يەھۇدىيلارنىڭ جاھىللىق قىلىشى ۋە تېنىۋېلىشى.......... 284

يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىلىدىغانلىقى ۋە ھەقىقەتنى يوشۇرغانلىقى.......... 285
ھەر بىر ئۈممەتكە قىبلىنىڭ بىر بولغانلىقى.. 286
قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەققىدىكى سۆزنىڭ ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىشىنىڭ سەۋەبى......... 287
قىبلىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ھېكمىتى.. 288
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشىنىڭ الله تائالاغا شۈكرى ئېيتىشنى
ۋاجىب قىلىدىغان كاتتا بىر نېئمەت ئىكەنلىكى.. 289
سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى... 290
شېھىتلارنىڭ ھايات ئىكەنلىكى... 291
مۆمىن سىناققا دۇچ كېلىپ سەۋر قىلىش ئارقىلىق ساۋابقا ئېرىشىدۇ.............................. 292
مۇسىبەت يەتكەندە "بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم الله نىڭ
دەرگاھىغا قايتىمىز" دېيىشنىڭ پەزىلىتى... 293
"سەفا ۋە مەرۋە تېغىنىڭ ئارىلىقىدا تاۋاپ قىلسا گۇناھ يوق" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى........... 294
سەفا ۋە مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى............... 295
دىنغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى يوشۇرغانلارغا دائىم لەنەت ئوقۇلىدىغانلىقى.................. 297
كاپىرلارغا لەنەت ئېيتىشنىڭ دۇرۇسلۇقى.. 298
الله تائالانىڭ بىرلىكىنى ئوقتۇرىدىغان پاكىتلار.. 300
مۇشرىكلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى ئەھۋاللىرى ۋە قىيامەت كۈنى ئەگەشتۈرگۈچىلەرنىڭ
ئۆزلىرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغانلىقى... 302
ھالال نەرسىنى يېيىشكە بۇيرۇش ۋە شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگىشىشتىن توسۇش توغرىسىدا....... 305
ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ يوللىرىغا ئەگەشكۈچى مۇشرىكلار توغرىسىدا...................................... 306
مۇشرىكلارنىڭ ھايۋانغا ئوخشاش ئىكەنلىكى توغرىسىدا... 307
پاكىزە، ھالال نەرسىلەرنى يېيىشكە بۇيرۇش ۋە ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى بايان قىلىش....... 307
ئوزۇقلۇقى تۈگەپ قىينىلىپ قالغان كىشى ئۈچۈن ھارام نەرسىنى يېيىشنىڭ دۇرۇسلۇقى............ 309
يەھۇدىيلارنىڭ الله تائالا چۈشۈرگەن نەرسىنى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەنلىكى........ 311
بارلىق ياخشىلىقلار توغرىسىدا.. 313
ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلدىن قىساس ئېلىشقا بۇيرۇش ۋە قىساسنىڭ پايدىلىرىنى بايان قىلىش.......... 316
قىساسنىڭ پايدىسى ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتى.. 319
ئاتا ـ ئانىغا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ۋەسىيەت قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى ئاندىن ئۇنى
مىراسخورلارنىڭ ھەققىدىكى ئايەت بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى................................ 320
مىراس تەگمەيدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى............... 320
ۋەسىيەتنىڭ نورمال بولۇشى توغرىسىدا 321
ۋەسىيەت قىلغاندا ئادىللىق قىلىشنىڭ پەزىلىتى.. 322
روزا تۇتۇشقا بۇيرۇش.. 322

ئاجىز ۋە ياشانغان كىشىلەرنىڭ روزا تۇتماي ئۇنىڭ ئورنىغا فىدىيە بەرسە بولىدىغانلىقى...........324
رامىزان ئېيىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇ ئايدا قۇرئاننىڭ چۈشكەنلىكى.................................325
قۇرئاننىڭ پەزىلىتى..325
رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇشنىڭ پەرزلىكى..325
سەپەر ئۈستىدىكى روزىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر...326
تەسلەشتۈرمەي ئاسانلاشتۇرۇش توغرىسىدا...327
ئىبادەتنىڭ ئاخىرىدا الله تائالانى زىكرى قىلىش توغرىسىدا..328
الله تائالانىڭ بەندىسىنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلايدىغانلىقى...329
قىلغان دۇئانىڭ قوبۇل بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بىكار بولۇپ كەتمەيدىغانلىقى.......................329
قىلغان دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدىغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى...330
رامىزان ئېيىنىڭ كېچىلىرىدە يەپ ـ ئىچىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە بولىدىغانلىقى..........331
سوهۇرلۇقنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى..332
سوهۇرلۇقنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئۇنىڭ ۋاقتى...333
جۇنۇبلۇق هالىتىدە تاڭ ئاتقۇزۇپ قالغان كىشىنىڭ روزا تۇتۇشىنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى....334
كۈننىڭ كىرىپ كېتىشى بىلەن، روزىنىڭ تۈگەپ ئېپتارنىڭ باشلىنىدىغانلىقى...........................335
ئېتىكاپنىڭ هۆكۈملىرى..336
پارىخورلۇقنىڭ هاراملىقى..338
قازىنىڭ هۆكمىنىڭ هالالنى هارام ۋە هارامنى هالال قىلالمايدىغانلىقى..............................338
يېڭى چىققان ئاي هەققىدىكى سوئال..339
ياخشىلىقنىڭ تەقۋالىق بىلەن بولىدىغانلىقى...340
ئۇرۇش ئاچقانغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋە ئۇنى كۆرگەن يەردە ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا..............341
ئۇرۇشتا جەسەتلەرنىڭ ئەزالىرىنى كېسىش ۋە غەنىمەتلەرگە خىيانەت قىلىشتەك ئىشلارنى
توسۇش..342
هەرەمدە ئۇرۇش قىلىشنىڭ هاراملىقى ۋە تاجاۋۇزچىدىن قوغدىنىشنىڭ دۇرۇسلىقى.............343
الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ دۇنيانى قاپلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا
بۇيرۇغانلىقى..344
ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلاردا دۈشمەن ئۇرۇشنى باشلىمىسا، ئۇرۇش قىلىشنىڭ هاراملىقى............346
الله نىڭ يولىدا مال ـ مۈلكىنى سەرپ قىلىشقا بۇيرۇش..348
هەج بىلەن ئۆمرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش توغرىسىدا...................................350
هەجگە ياكى ئۆمرىگە ئېهرام باغلىغان كىشىنىڭ يولدا توسۇلۇپ قالغاندا قىلىدىغان ئىشلىرى 351
ئېهرامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ چېچىنى چۈشۈرۈۋەتكەن كىشىگە فىدىيەنىڭ ۋاجىب بولىدىغانلىقى.........353
هەجدىن بەهرىمەن بولۇشنىڭ بايانى...354

بەھرىمەن بولغان كىشىنىڭ قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن چارۋا ـ مال تاپالمىسا، ئون كۈن روزا تۇتىدىغانلىقى.........354
مەككىلىك كىشىلەرنىڭ ئۆمرە بىلەن ھەجنىڭ ئارىلىقىدا بەھرىمەن بولالمايدىغانلىقى.........356
ھەجگە ئېھرام باغلاشنىڭ ۋاقتى.........357
ھەج ئايلىرى.........358
ھەج مەزگىلىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى.........358
ھەجدە الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلماسلىق.........359
ھەج مەزگىلىدە جېدەل ـ ماجىرا قىلماسلىق.........359
ھەجدە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ھەج سەپىرىدە ئوزۇقلۇق ئېلىۋېلىش توغرىسىدا.........360
ئاخىرەت سەپىرىنىڭ ئوزۇقلۇقى.........360
ھەجدە تىجارەت قىلىشنىڭ ھۆكمى.........361
ئەرەفاتتا تۇرۇش.........362
ئەرەفات ۋە مۇزدەلىفەدىن قايتىشنىڭ ۋاقتى.........363
مەشئەرىلھەرام توغرىسىدا.........364
ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇن ئەرەفاتتا تۇرمىغان كىشىلەرنىڭ ئەرەفاتقا چىقىشقا بۇيرۇلغانلىقى.........365
گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىنى تىلەش ۋە شۇنىڭغا ئائىت بىر قىسىم دۇئالار.........365
كۆپ زىكىر قىلىش ۋە ھەج قىلىپ بولغاندىن كېيىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەش توغرىسىدا.........367
ھېيت كۈنلىرىدە الله تائالانى زىكىر قىلىش توغرىسىدا.........369
ھېيت كۈنلىرى توغرىسىدا.........369
مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا.........370
مۇناپىقنىڭ نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى.........372
الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ھەممىدىن ئارتۇق بىلىشنىڭ ھەقىقىي مۆمىننىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكى.........372
ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندا ھەممە ھۆكۈملىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى.........374
ئىمان ئېيتىشنى كېچىكتۈرمەسلىككە رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا.........375
الله تائالانىڭ نېئمىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىشنىڭ جازاسى.........376
بىلىدىغان نەرسە ئۈستىدە ئىختىلاپلىششىنىڭ ئازغۇنلۇقنىڭ پاكىتى ئىكەنلىكى توغرىسىدا.........378
الله نىڭ ياردىمى ۋە جەننەتنىڭ قاتتىق سىناقلاردىن كېيىن بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا.........380
سەدىقە بېرىلىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا.........382
جىھاد قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى توغرىسىدا.........383
خورمىزارلىققا ئەۋەتىلگەن بىر قوشۇننىڭ ۋە ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايدا ئۇرۇشۇشنىڭ ھۆكمى.........385

ھاراقنىڭ تەدرىجىي ھالدا ھارام قىلىنغانلىقى.......................................388

مال ـ مۈلۈكنىڭ ئارتۇقىنى سەدىقە قىلىش توغرىسىدا......................................390

يېتىملارنىڭ ماللىرىنى تۈزەش توغرىسىدا.......................................391

مۇشرىكلار بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ ھاراملىقى.......................................393

ئاياللارغا ھەيزدار مەزگىلىدە يېقىنچىلىق قىلماسلىق توغرىسىدا.......................................395

ئارقا تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا.......................................397

﴿ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن(خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر﴾ دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى.......397

ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىق ئۈچۈن قەسەم ئىچمەسلىك توغرىسىدا.......................................400

مەقسەتسىز قىلىنغان قەسەم توغرىسىدا.......................................401

ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىق ئۈچۈن قەسەم ئىچىشنىڭ ھۆكمى.......................................403

تالاق قىلىنغان ئاياللىڭ ئىددىتى توغرىسىدا.......................................404

ھەيز ۋە پاكىزلىنىشتا ئاياللارنىڭ سۆزىنىڭ قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى.......................................405

ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلمىغان كىشىنىڭ ئۇ ئايالى بىلەن يارىشىۋېلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكى......405

ئەر ـ ئاياللىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى توغرىسىدا.......................................405

ئەرلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى توغرىسىدا.......................................406

تالاقنىڭ ئۈچكە قىسقارتىلغانلىقى ۋە قايتا يانغىلى بولىدىغان ۋە يانغىلى بولمايدىغان
تالاقنىڭ بايانى.......................................407

بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرىۋېلىشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقى.......................................408

بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ئايرىلىپ كېتىش ۋە تويلىقنى
قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا.......................................408

تويلۇقنى قايتۇرۇپ بېرىپ خېتىنى ئالغان ئاياللىڭ ئىددىتى.......................................409

ﷲ نىڭ بەلگىلىملىرىدىن چىقىپ كېتىشنىڭ زۇلۇم ئىكەنلىكى.......................................410

بىراقلا ئۈچ تالاق قىلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا.......................................410

ئۈچىنچى تالاقتىن كېيىن ئايالى بىلەن يارىشىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرىسىدا.......................................410

باشقا بىر كىشىنىڭ ئايالىغا يول چىقىرىپ بېرىش ئۈچۈن (ئۇنى) ۋاقىتلىق ئالغان ياكى ئايالىغا
يول تېپىش ئۈچۈن ئۇنى باشقا بىر كىشىگە ئېلىپ بەرگەن كىشىگە لەنەت بولىدىغانلىقى.......................................411

ئۈچ تالاق قىلىنغان ئاياللىڭ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئېرىگە قانداق چاغدا ھالال بولىدىغانلىقى........412

تالاق قىلىنغان ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا.......................................413

بۇرۇنقى ئېرى بىلەن قايتا يارىشىۋالماقچى بولغان ئايالنى توسماسلىق توغرىسىدا.......................................415

ئايالىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بىر كىشى بولمىسا، نىكاھىنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقى.......415

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى.......................................415

بالىنىڭ ئېمىدىغان مۇددىتىدىن باشقا چاغدا ئېمىلداش بولمايدىغانلىقى.......................................417

چوڭ باللارنى ئېمىتىش توغرىسىدا.......................................417

بالا ئېمىتكەننىڭ ئەجرىنى بېرىش توغرىسىدا.. 418
زىيان يەتكۈزمەسلىك توغرىسىدا.. 419
بالىنى ئەر ـ ئايال ئىككىسى رازى بولۇشقاندىن كېيىن ئېمىتىشتىن ئايرىۋېتىش توغرىسىدا....... 419
ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئايالنىڭ ئىددىتى.. 420
ئىددەت تۇتۇشنىڭ ھېكمىتى.. 421
خوجايىنىدىن قورساق كۆتۈرگەن دېدەكنىڭ خوجايىنى ئۆلۈپ قالغاندا تۇتىدىغان ئىددىتى....... 422
ئىددەت ئىچىدە قارلىق تۇتۇشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى.. 422
ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالغا ئەلچى ئەۋەتىشنىڭ ھۆكمى.. 424
جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ تالاق قىلىش توغرىسىدا.. 426
تالاق قىلىپ بولۇپ بىر نەرسە بېرىش توغرىسىدا.. 426
جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلمەي تۇرۇپ تالاق قىلىنغان ئايالغا تويلۇقنىڭ يېرىمىنىڭ
بېرىلىدىغانلىقى.. 427
ئوتتۇرا نامازنىڭ قايسى ناماز ئىكەنلىكى توغرىسىدا.. 429
نامازدا تۇرۇپ گەپ قىلىشتىن توسۇش توغرىسىدا.. 429
قورقۇنچلۇق ھالەتتە نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا.. 430
خاتىرجەم ھالەتتە نامازنى تولۇق ئوقۇش توغرىسىدا.. 431
بۇ ئايەتنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا.. 432
تالاق قىلىنغان ئايال ئۈچۈن تويلۇقتىن سىرت بىر نەرسە بېرىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى........ 434
ئۆلۈكلەرنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا.. 436
جىھادتىن قېچىشنىڭ ئەجەلگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا.. 437
خۇشاللىق بىلەن الله نىڭ يولىدا مال ـ مۈلكىنى سەرپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ ساۋابى توغرىسىدا........ 438
يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھلىقنى ۋە ئۇرۇش قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقى توغرىسىدا.. 439
بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىدىن ئارتۇق قىلىنغانلىقى.. 445
ئايەتۇلكۇرسىنىڭ پەزىلىتى.. 448
ئايەتۇلكۇرسىدىكى الله نىڭ كاتتا ئىسمى توغرىسىدا.. 449
ئايەتۇلكۇرسى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئايرىم ـ ئايرىم ئون مەزمۇن توغرىسىدا.. 450
دىندا زورلاشنىڭ يوقلۇقى.. 453
الله تائالانى بار ۋە بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسىنىڭ ناھايىتى مەھكەم تۇتقا ئىكەنلىكى........ 453
الله تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كاپىر نەمرۇد بىلەن مۇنازىرىلەشكەنلىكى........ 456
ئۇزەير ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى.. 458
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرۋەردىگارىدىن ئۆلۈكنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ
قويۇشنى سورىغانلىقى.. 459
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن جاۋاب.. 460

الله نىڭ يولىدا سەرپ قىلىنىدىغان پۇل ـ مالغا بېرىلىدىغان ساۋاب توغرىسىدا..................461
قىلغان سەدىقىسىگە مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن توسۇش توغرىسىدا................463
ياخشى ئىشلارنىڭ ساۋابىنىڭ يامان ئىشلار تۈپەيلىدىن يوقاپ كېتىدىغانلىقى......................466
الله يولىدا پاك ۋە ھالال مالنى ئىشلىتىشكە رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا..........................467
شەيتاننىڭ سەدىقە قىلغان چاغدا سالىدىغان ۋەسۋەسلىرى...469
ھېكمەتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا...470
ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن سەدىقە قىلىشنىڭ پەزىلىتى..471
مۇشرىكلارغا سەدىقە بېرىش توغرىسىدا...472
سەدىقىگە ھەقلىق كىشىلەر توغرىسىدا...473
سەدىقە قىلغان كىشىلەرنى مەدھىيىلەش توغرىسىدا..474
جازانىخورلارنى ئەيىبلەش توغرىسىدا..475
جازانىخورلۇق بىلەن تاپقان مالدا بەرىكەت بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا............................479
الله تائالانىڭ سەدىقە قىلغان كىشىنىڭ ماللىرىنى كۆپەيتىپ بېرىدىغانلىقى........................479
گۇناھكار كاپىرلارنىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا يامان كۆرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا...............479
شۈكۈر قىلغۇچىلارنىڭ مەدھىيىلىنىشى...480
تەقۋادارلىق قىلىشقا ۋە جازانىخورلۇقتىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا......................481
جازانە يېيىشنىڭ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلغانلىق بولىدىغانلىقى........481
قىيىنچىلىقى بار كىشىگە ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا...482
نېسى ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدا ھۆججەت يېزىش كېرەكلىكى توغرىسىدا..............................485
ھۆججەت يېزىش بىلەن بىرگە گۇۋاھچى كەلتۈرۈش توغرىسىدا.......................................486
گۆرۈگە قويۇشنىڭ بايانى...490
بەندىلەرنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان نەرسە ئۈچۈن ھېساب قىلىنىدىغان ياكى قىلىنمايدىغانلىقى
توغرىسىدا..491
بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئايەتنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا ئالاقىدار ھەدىسلەر.......................................495
بۇ ئىككى ئايەتنىڭ مەنىسى...495

ئال ئىمران سۈرىسى

ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى توغرىسىدا.......................................499
مۇھكەم ۋە مۇتەشابىھ ئايەتلەرنىڭ بايانى..502
مۇتەشابىھ ئايەتلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى پەقەت الله نىڭلا بىلىدىغانلىقى.........................504
قىيامەت كۈنى مال ـ دۇنيا ۋە بالا ـ چاقىلىرىنىڭ پايدا قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا................506
يەھۇدىيلارغا ئۇلارنىڭ پات ئارىدا يېڭىلىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سېلىش ۋە بەدرى
كۈنىدىن ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندەش توغرىسىدا..507

بۇ دۇنيانىڭ بايانى.. 509
ئېتى بولۇشنى ئارزۇ قىلىشنىڭ ئۇچ خىل بولىدىغانلىقى...................... 510
الله تائالادىن قورقىدىغان تەقۋادار كىشىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتنىڭ دۇنيانىڭ ھەممە
نازۇ ـ نېئمەتلىرىدىن ياخشى ئىكەنلىكى...................................... 511
الله تائالادىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ دۇئالىرى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى................ 512
الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىككە بېرىلگەن گۇۋاھلىق توغرىسىدا............................ 513
ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي توغرا دىن ئىكەنلىكى.. 514
ئىسلام دىنىنىڭ ھەممە كىشىلەرنىڭ دىنى ئىكەنلىكى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ
پۈتكۈل ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنلىكى...................................... 515
يەھۇدىيلارنىڭ كاپىر بولغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى ۋە ياخشى كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەنلىگى
ئۇچۇن ئەيىبلەنگەنلىكى.. 516
كىتاب بېرىلگەن يەھۇدىي، ناسارالارنىڭ الله تائالانىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلمىغانلىقى
ئۇچۇن ئەيىبلەنگەنلىكى.. 517
الله تائالاغا شۈكرى قىلىش توغرىسىدا.. 519
كاپىرلارنى دوست تۇتۇشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى.. 520
الله تائالانىڭ دىللاردىكى نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقى، قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ ئالدىغا
قىلغان ھەممە ئىشلىرىنىڭ كەلتۈرۈلىدىغانلىقى...................................... 522
الله تائالانى ياخشى كۆرۈشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتە ئىپادىلىنىدىغانلىقى....... 523
الله تائالانىڭ تاللىشىغا سازاۋەر بولغان كىشىلەر توغرىسىدا............................ 524
ھەزرىتى مەريەمنىڭ دۇنياغا كېلىشى.. 525
ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئۇنىڭ الله تائالانىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتكە
سازاۋەر بولغانلىقى.. 527
زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنت تىلەپ دۇئا قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا يەھيا ئەلەيھىسسالام
بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەنلىكى.. 529
ھەزرىتى مەريەمنىڭ شۇ دەۋردىكى ئاياللاردىن ئارتۇق قىلىنغانلىقى...................... 531
ھەزرىتى مەريەمگە ئىسا ئەلەيھىسسالامنى تۇغىدىغانلىقى توغرىسىدا خۇش بېشارەت بېرىلگەنلىكى...... 533
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۆشۈكتە سۆزلىگەنلىكى...................................... 533
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىز يارىتىلغانلىقى...................................... 534
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى، مۆجىزىلىرى ۋە دەۋىتى.............................. 535
ھەقىقىي مۆمىنلەرنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرگەنلىكى.............................. 537
يەھۇدىيلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى.............................. 538
ئايەتتىكى «قەبزى روھ قىلىمەن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى.............................. 539
ئىسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكى.............................. 540

كاپىرلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن تەھدىت قىلىنىشى.......542
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشىنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى.......543
ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا يالغان ئېيتقۇچىلارغا اللە تائالانىڭ لەنىتىنى تىلەپ دۇئا قىلىش توغرىسىدا.......544
اللە تائالانى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسىنىڭ ھەممە ئۈممەتكە ئورتاق ئىكەنلىكى.......547
يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشكەنلىكى.......549
يەھۇدىيلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان ھەسەتخورلۇقى ۋە سۇيىقەستى توغرىسىدا.......551
يەھۇدىيلارنىڭ ئىشەنچسىز ئىكەنلىكى.......553
ئەھدىگە خىلاپلىق قىلغۇچىغا ئاخىرەتتە ھېچقانداق نېسىۋىنىڭ يوق ئىكەنلىكى.......555
يەھۇدىيلارنىڭ تىللىرىنى ئەگرى ـ بۈگرى قىلىپ، اللە تائالانىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى.......556
پەيغەمبەرنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە ياكى اللە تائالادىن باشقا بىر نەرسىگە ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلمايدىغانلىقى.......558
پەيغەمبەرلەردىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىشكە ئەھدە ئېلىنغانلىقى.......559
اللە تائالانىڭ دەرگاھىدىكى بىردىن بىر دىن ئىسلام دىنىدۇر.......561
اللە تائالانىڭ ئىمان ئېيتىپ بولۇپ كاپىر بولۇۋالغان كىشىلەردىن پەقەت چىن قەلبىدىن تەۋبە قىلغان كىشىنىلا توغرا يولغا باشلايدىغانلىقى.......563
كاپىرنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا قىلغان تەۋبىسىنىڭ ۋە قىيامەت كۈنىدە بەرگەن فىدىيەسىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى.......564
ياخشى كۆرگەن مال ـ مۈلۈكنى سەدىقە قىلىشنىڭ ياخشىلىقنىڭ قاتارىدىن ئىكەنلىكى.......565
يەھۇدىيلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان سوئاللىرى.......566
كەبىنىڭ ئىبادەت ئۈچۈن سېلىنغان تۇنجى ئۆي ئىكەنلىكى.......570
كەبىنىڭ مەككە دەپ ئاتىلىشى ۋە مەككىنىڭ ئىسىملىرى.......571
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرغان ئورۇن «ماقامى ئىبراھىم» توغرىسىدا.......571
ھەرەمنىڭ خاتىرجەم ئورۇن ئىكەنلىكى توغرىسىدا.......572
ھەجنىڭ پەرز ئىكەنلىكى توغرىسىدا.......574
ھەجنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى.......574
ئەھلى كىتابنىڭ كاپىر بولغانلىقى ۋە مۆمىنلەرنى اللە تائالانىڭ يولىدىن توسقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا مالامەت قىلىنغانلىقى.......575
مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھلى كىتابقا بويسۇنۇشتىن توسۇلغانلىقى.......576
اللە تائالاغا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىش دېگەن نېمە؟.......577
اللە تائالانىڭ ئارغامچىسىغا چىڭ ئېسىلىش ۋە جامائەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق توغرىسىدا.......578

اللە تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش توغرىسىدا.......580

بۆلۈنۈپ كېتىشتىن توسۇش توغرىسىدا.......580

ئىتتىپاقلىق ۋە ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى نەتىجىلىرى.......581

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈممەت ئىكەنلىكى.......582

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھلى كىتاب ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا خۇش بېشارەت بېرىلگەنلىكى.......585

ئەھلى كىتاب ئىچىدىن مۇسۇلمان بولغان كىشىنىڭ ئارتۇقچىلىقى.......586

كاپىرلارنىڭ قىلغان سەدىقىسى توغرىسىدا.......587

مۆمىنلەرنىڭ مۆمىنلەردىن باشقىلارنى سىرداش تۇتماسلىقى توغرىسىدا.......588

ئۇھۇد ئۇرۇشىنىڭ بايانى.......590

بەدرى ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاز، تەييارلىقى ئاددىي بولسىمۇ (اللە تائالانىڭ ياردىمى بىلەن) غەلىبە قىلغانلىقى.......592

پەرىشتىلەر بىلەن ياردەم بېرىش توغرىسىدا.......594

جازىنىنىڭ مۇتلەق ھاراملىقى.......598

ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ۋە جەننەتكە ئېرىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈش.......598

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارغا كەلگەن مۇسىبەتنىڭ ھېكمىتى.......603

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلۈپ كەتتى" دەپ خەۋەر تارقالغان چاغدىكى ئەھۋاللار.......605

كاپىرلارغا بويسۇنۇشتىن توسۇلغانلىقى ۋە ئۇھۇد ئۇرۇشىدىكى يېڭىش ۋە يېڭىلىشنىڭ سەۋەبلىرى.......610

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارغا يەتكەن مەغلۇبىيەتنىڭ بايانى.......612

ئەنسارى ۋە مۇھاجىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغدىغانلىقى.......613

ئۇرۇش ئەسناسىدا مۆمىنلەرنى مۈگدەك باسقانلىقى ۋە مۇناپىقلارنىڭ سەراسىمىگە چۈشۈپ قالغانلىقى.......615

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا بەزى مۆمىنلەرنىڭ جەڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ۋە (كېيىن) ئۇلارنىڭ كەچۈرۈلگەنلىكى.......617

ئۆلۈم ۋە قازا ـ قەدەرگە تۇتقان مۇئامىلىدە كاپىرلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن ساقلىنىش توغرىسىدا.......618

رەھىمدىللىك ۋە مۇلايىملىقنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىكەنلىكى.......620

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسلىھەت بىلەن ئىش كۆرۈشكە بۇيرۇلغانلىقى.......620

مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن اللە تائالاغا تەۋەككۈل قىلىش توغرىسىدا.......621

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەنىمەتكە خىيانەت قىلمايدىغانلىقى.......622

ئىشەنچلىك ئادەم بىلەن خىيانەتچىنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى.......624

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشىنىڭ بىز ئۈچۈن كاتتا بىر نېئمەت ئىكەنلىكى.......... 625

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۆمىنلەرگە كەلگەن مۇسىبەتنىڭ سەۋەبى ۋە ھېكمىتى.......... 626

شېھىتلەرنىڭ پەزىلىتى.......... 628

ھەمرائۇلئەسەد غازىتى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ پەزىلىتى.......... 631

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن تەسەللىي توغرىسىدا.......... 634

بېخىلنى ئەيىبلەش ۋە بېخىللىقتىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا.......... 635

الله تائالانىڭ مۇشرىكلارنى ئاگاھلاندۇرغانلىقى.......... 637

ھەر بىرجان ئىگىسىنىڭ ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيدىغانلىقى.......... 638

كىملەرنىڭ مۇرادىغا يەتكۈچىلەردىن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 639

مۆمىنىنىڭ سىنىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا دۈشمىنىدىن ئەزىيەت يېتىپ تۇرىدىغانلىقى.......... 640

ئەھلى كىتابنىڭ ئەھدىلەرنى بۇزغانلىقى ۋە ھەقىقەتنى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەنلىكى.......... 642

ئەھلى كىتابلارنىڭ قىلمىغان ئىشلىرى ئۈچۈن ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەيىبلىنىشى.......... 642

ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان پاكىتلار ۋە ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ سۈپەت، سۆز ۋە دۇئالىرى توغرىسىدا.......... 644

الله تائالانىڭ ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقى.......... 647

دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەن كىشىلەرگە ئالدىنىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ياخشى كىشىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپات توغرىسىدا.......... 648

بەزى ئەھلى كىتابلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئەجىر توغرىسىدا.......... 650

چىداملىق بولۇشقا ۋە چېگرىلارنى قوغداش ئۈچۈن تەييار تۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا.......... 652

تەپسىرنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ‹قۇرئان كەرىم› تەپسىرىنىڭ ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنلىرى!

تۈركىي قەۋملەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىرىنچى بولۇپ ئىسلامىيەتنى سەلتەنەت سەۋىيىسىگە كۆتۈرگەن، يەنە تۈركىي تىللىق قەۋملەر ئىچىدە ‹قۇرئان كەرىم› بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، « ‹قۇرئان كەرىم› تەپسىرى» دىن ئىلگىرى ئۇيغۇر تىلىدا بېسىلغان بىرمۇ تەپسىرنىڭ كەڭ كۆلەملىك تارقىغان بولماسلىقى، مەنبە خاراكتېرلىك بارلىق دىنىي كىتابلارنىڭ يا ئەرەبچە ياكى پارسچە بولۇشى، خەلقىمىزنىڭ دىنىي مەلۇماتلارغا بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق قامدىيالماي ياكى خاتا كۆرسەتمىلەر بىلەن تەمىنلىشىگە، بىرلىرىنىڭ سۇيىئىستېمال قىلىشىغا سەۋەب بولۇپ كەلگەنىدى. يېقىنقى يىللاردىن بويان ھەر خىل ساھەلەردىكى دىنىي كىتابلار ئارقا ـ ئارقىدىن بېسىلىپ بۇ بوشلۇق بىر ئاز بولسىمۇ تولدۇرۇلدى. ‹قۇرئان كەرىم› تەپسىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشىمۇ، بۇ نۇقتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى تارىخىي بوشلۇقىنى قىسمەن بولسىمۇ تولدۇردى. تەپسىرنىڭ، ئەسىرلەردىن بويان داۋاملىشىپ كەلگەن چاكىنىلىق، تەشنالىق، مەنىۋىي قۇرغاقلىقتا تەسەللىي بىر تامچىنىڭ رولىنى ئوينالىغىنى ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلدۇق ۋە بۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ تېخىمۇ ئۇلۇغ ئەسەرلەرنىڭ ئىزىدىن قوغلاشنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشتۇق. تېخىمۇ ياخشى خىزمەتلەرنىڭ روياپقا چىقىشى ئۈچۈن، جانابى ئاللاھنىڭ ساغلام قەلب، پۈكۈلمەس ئىرادە، ھارماس كۈچ ئاتا قىلىشىنى تىلەيمىز، ئامىن!

ھەممەيلەنگە مەلۇم، ئىمام ئىسمائىل ئىبنى ئۆمەر ئىبنى كەسىرنىڭ « ‹قۇرئان كەرىم› نىڭ تەپسىرى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغىنىغا 7 يىل بولۇپ قالدى. كىتاب نەشردىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا تەلتۆكۈس تۈگەپ كەتتى. كىتابنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۇنىڭغا لايىق، پايدىلىنالايدىغان كىشىلەرنىڭ قوللىرىغا چۈشكەنلىكىگە چىن قەلبىمىزدىن ئىشەنسەكمۇ، بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىز بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنى «قاراڭغۇ بازار» لاردىن بىر قول تراكتورنىڭ پۇلىغا سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. ھەقسىز تارقىتىلغان بۇ كىتابنىڭ سودا ـ تىجارەتنىڭ بىر ئامىلىغا ئايلىنىپ قېلىشى بىزنى ئېچىندۇردى. يۆتكەش ياكى پوچتا چىقىملىرىنى ئېلىش مۇۋاپىق بىر ئىش بولسىمۇ، ئۇنى ئۇنچىلىك كۆپ پۇلغا سېتىش، مۇھتاج كىشىلەرنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇش ياخشى ئىش بولمىسا كېرەك دەپ ئويلايمىز.

كىتاب خەلقىمىز يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، جەمئىيەتتە پەيدا بولغان ئىنكاس ۋە قايتا بېسىلىشىغا دائىر تەلەپلەرنى بىرمۇ بىر خاتىرىتىلىپ ئۆتۈشنىڭ ئەھمىيىتى بولمىسا كېرەك.

ئەمما شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ‹قۇرئان كەرىم› تەپسىرىنىڭ ئىككىنچى نەشرىنى باسمىخانىغا تاپشۇرۇشقا پەقەتلا ئالدىرىمىدۇق. بۇنداق بولۇشتا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك سەۋەب بار ئىدى: بىرىنچى، قولىمىزدا ھەر خىل تېمىلاردا بېسىشنى، تەھرىرلىنىشنى، ھەتتا تەرجىمە قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقان قانچە ئونلىغان كىتاب تۇرغانىكەن، تەپسىرنى ئىككىنچى قېتىم بېسىش خۇسۇسەن ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى ئۈچۈن ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئىككىنچىسى، تەپسىر ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، ھەر خىل پىكىر ـ تەلەپلەر تاپشۇرۇپ ئېلىندى، ئوخشاش بولمىغان ئىنكاسلار بىلدۈرۈلدى. تەرجىمە مەركىزىمىز بۇ تەلەپلەرنى تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن نەزەرگە ئېلىپ، كىتابنى قايتا ـ قايتا كۆزدىن كەچۈرۈش، ئىملا ۋە جۈملىلەردە ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە بىر قىسىم تېخنىكىلىق خاتالىقلارنى تۈزۈتۈش قاتارلىقلار ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلدى. مەركىزىمىز يەنە، كىتابنى خەلقىمىز بىلەن ئەڭ ياخشى شەكىلدە يۈز كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى.

كىتابنىڭ ئىككىنچى نەشرى مۇناسىۋىتى بىلەن شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىمىزكى، دۇنيادا بارلىق ئىشلارنىڭ ئۆزىگە يارىشا قائىدە ـ يوسۇنلىرى بولغىنىدەك، قۇرئان كەرىم› ئايەتلىرىنى تەپسىر قىلىشنىڭمۇ بىر قاتار شەرتلىرى بار؛ ‹قۇرئان كەرىم› ئايەتلىرى بىر ـ بىرىنى تەپسىر قىلىدۇ، ئىزاھلايدۇ ياكى ئايەت تېپىلمىغاندا ھەدىسلەر، ھەدىسلەر بولمىغاندا قىياس ... ئارقىلىق تەپسىر قىلىنىدۇ. شۇ جۈملىدىن تەپسىرنىڭ مەزمۇنلىرىمۇ بىر ـ بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەپسىرنى ئوقۇشنىڭمۇ تېگىشلىك شەرتلىرىنىڭ بارلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەپسىردىكى مۇئەييەن نۇقتىنى ئۈزۈپ ئېلىپلا ھۆكۈم ئورنىدا ئىشلىتىشى، مۇناسىۋەتلىك فىقھي ھۆكۈملىرىنى بىلمەي تۇرۇپلا پەتىۋا بېرىشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقىمىزگە ‹قۇرئان كەرىم› نى، شۇ جۈملىدىن دىنىمىزنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن تەپسىر باشتىن ئاخىر ئوقۇش، بىر پۈتۈن ھالدا يەكۈن چىقىرىش يولىدا كۈچ سەرپ قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. بىر ياكى بىر قانچە پارچە كىتابنى ئوقۇپلا مۇپتى ياكى موللا بولۇپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، پەتىۋا بېرىلمەيدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىمىز... ئاللاھ ھەممىڭلارغا رەھمەت قىلسۇن!

ھۆرمەت بىلەن:

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

2011 م / 1432ھ

بسم الله الرحمن الرحيم

الحمد لله وحده والصلاة والسلام على من لا نبي بعده أما بعد:

لقد رأيت ترجمة تفسير ابن كثير المسمى (المصباح المنير في تهذيب ابن كثير) باللغة الأويغورية وقام بالترجمة نخبة من شباب المثقفين الأويغوريين ممن نثق بهم بترجمة المذكور . لقد اطلعت بعض مواضع المهمة مثل آيات المتشابهات وأسماء الصفات فوجدتها مطابقا في الأصل (تفسير ابن كثير) نرجو الله أن يوفق المسلمين الأويغوريين المنتشرة في العالم للإطلاع عليها والعمل بالتنزيل والسنة الشريفة ويردهم إلى الإسلام ردا جميلا والله الموفق والهادي إلى سواء السبيل .

الشيخ عبد المجيد صادق الآبادي
مدرس بالمسجد النبوي الشريف ومدقق الترجمة الأويغورية للقرآن الكريم الذي
طبع في مجمع الملك فهد بالمدينة المنورة
شعبان/ 1426 هـ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان **اللە** نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

جىمى ھەمدۇسانا ئۇلۇغ **اللە** تائالاغا خاستۇر. **اللە** تائالانىڭ رەھمىتى ۋە سالامى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولسۇن!

مەن ئىبنى كەسىر تەپسىرىنىڭ قىسقارتىلغان **"المصباح المنير في تهذيب تفسير ابن كثير"** ناملىق نۇسخىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنى كۆردۈم. بۇ تەپسىرنى ئۇيغۇر بىلىم ئىگىلىرىدىن ئىشەنچلىك، تاللانغان بىر بۆلۈك ياشلار تەرجىمە قىلغان. مەن بۇ تەرجىمىنىڭ مۇتەشابىھ ئايەتلەر، **اللە** تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ تەرجىمە ۋە تەپسىرلىرىنى كۆرۈپ چىقىپ، بۇ ئورۇنلارنىڭ ئىبنى كەسىر تەپسىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا ئۇيغۇن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن **اللە** تائالادىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا چېچىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇ تەرجىمىنى قېتىقىنىپ ئوقۇشىغا، قۇرئان كەرىمگە ۋە ھەدىس شەرىفكە ئەمەل قىلىشىغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى ھەمدە ئۇلارنى ئىسلامغا ئەڭ ياخشى رەۋىشتە قايتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. **اللە** توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر ۋە يېتەكلىگۈچىدۇر.

ئۇيغۇرچە قۇرئان كەرىم تەرجىمىسىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا بېسىلغان نۇسخىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى ۋە پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ مۇدەررىسى:

ئابدۇلمەجىد قارىھاجىم ئابادى
ھىجرىيە 1426 ـ يىلى، شەئبان
(مىلادى 2005 ـ يىلى، ئاۋغۇست)

بسم الله الرحمن الرحيم

الحمد لله رب العالمين والصلاة والسلام على المبعوث رحمة للعلمين وبعد:

فإن الاهتمام بكتاب الله عز وجل من أفضل القربات التي يتقرب بها العبد لربه. وقد اعتنى السلف رضوان الله تعالى عليهم خدمة هذا الكتاب العظيم فشرحوه وقربوا معانيه للأمة. وكان من بينهم الحافظ الإمام القدوة عماد الدين إسماعيل ابن كثير الدمشقي المتوفى سنة 774 هـ في كتابه (تفسير القرآن العظيم) وهو تفسير مشهور بين المسلمين وعليه إقبال كثير من طلاب العلم لما عرف عن مؤلفه من استقامة في العقيدة وذوق في علم الفقه والحديث وهذا واضح جلي في تفسيره . ولا يخطئ المرء إذا قال (إنه تفسير تلقته الأمة بالقبول) ولما كان الأمر كذلك فإن جماعة من طلاب العلم الشرعي قاموا بترجمة مختصره (المصباح المنير في تفسير ابن كثير، لجماعة من العلماء بإشراف شيخ صفي الرحمن المباركفوري) إلى اللغة الأويغورية وهى لغة التي يتكلم بها الأويغوريون ولم يسبق أن ترجم مثل هذا التفسير إلى هذه اللغة . وقد اطلعت على هذه الترجمة وهى مطابقة للنص العربي لا زيادة فيها ولا نقصان فأرجوا الله عز وجل أن ينفع به المسلمين . ويعد هذا العمل هو الثاني بعد ترجمة كتاب (رياض الصالحين) للإمام النووي الذي طبع منه طبعتين. وفي الختام أرجوا الله عز وجل أن ينفع بهما كل من قرأ هذين الكتابين من مسلمي تركستان الشرقية وأجزل المثوبة لكل من ساهم في الترجمة والطبع ماديا أو معنويا وأن يكتب ذلك في موازين حسناتهم وأن يتقبل منهم هذا العمل إنه ولي ذلك والقادر عليه وصلى الله على سيدنا محمد وعلى آله وصحبه وسلم .

كتبه الأستاذ الدكتور/ عبد الرحيم بن محمد القشقري

أستاذ الحديث وعلومه في كلية الحديث الشريف بالجامعة الإسلامية بالمدينة المنورة

ومدقق الترجمة الأويغورية للقرآن الكريم الذي طبع في مجمع الملك فهد بالمدينة المنورة.

رمضان/1426 هـ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان **اللە** نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى **اللە** تائالاغا خاستۇر. **اللە** تائالانىڭ رەھمىتى ۋە سالامى پۈتۈن ئەھلى جاھانغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن!

شەك ـ شۈبھىسىزكى، **اللە** تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمگە كۆڭۈل بۆلۈش بەندىنى پەرۋەردىگارى **اللە** تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. سەلەف ئۆلىمالىرى (ئىلگىرىكى ئۆلىمالار) قۇرئان كەرىمنى شەرھلەش ۋە ئۇنىڭ مەنىلىرىنى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ چۈشىنىشىگە يېقىنلاشتۇرۇش خىزمەتلىرىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. بۇ ئۆلىمالارنىڭ بىرى ھىجرىيىنىڭ 774 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ناھايىتى مەشھۇر بولغان "تەپسىرىلقۇرئانىلئەزىم" ناملىق تەپسىرنى يېزىپ قالدۇرغان ئىمام "ئىمادۇددىن ئىسمائىل ئىبنى كەسىر دەمەشقىي" دۇر.

مۇئەللىپىنىڭ ساغلام ئەقىدىسى، فىقھى، ھەدىس ئىلىملىرىغا بولغان توغرا چۈشەنچىسى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار ئۇ كىتابنى ئۆزلەشتۈرۈشكە يۈزلەنگەن. ئۇنىڭ ئۇ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تەپسىردىن ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەگەر "بۇ تەپسىر، پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتى تەرىپىدىن ئىشەنچلىك دەپ قوبۇل قىلىنغان تەپسىردۇر" دېيىلسە ھەرگىز خاتالاشمايدۇ.

بۇ تەپسىر ئەنە شۇنداق ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭ سەفىيۇرراھمان ئەلمۇبارەكفورى رىياسەتچىلىكىدە بىر تۈركۈم ئۆلىمالار تەرىپىدىن تەھقىقلەپ، قىسقارتىلغان نۇسخىسى "**المصباح المنير في تهذيب تفسير ابن كثير**" نى بىر قىسىم دىنىي ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇر تىلىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە قىلىپ چىققان. شۇنداقلا بۇ تەپسىر ئۇيغۇر تىلىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنغان تۇنجى تەپسىردۇر.

مەن بۇ تەپسىرنىڭ تەرجىمىسىنى كۆرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئەسلىگە ئۇيغۇن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن **اللە** تائالادىن بۇ تەرجىمە بىلەن مۇسۇلمانلارغا پايدا يەتكۈزۈشنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ئىش ئىمام نەۋەۋىينىڭ «ياخشىلارنىڭ باغچىسى» ناملىق كىتابىنىڭ تەرجىمە قىلىنىپ ئىككى قېتىم بېسىلىشىدىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىملىق خىزمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاخىرىدا مەن **اللە** تائالانىڭ بۇ ئىككى كىتابنى ئوقۇغان ھەر بىر ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى، تەرجىمىگە قاتناشقان ۋە ئۇنى باستۇرۇشقا ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن ياردەم قىلغان بارلىق كىشىلەرگە كاتتا ساۋاب بېرىشىنى، بۇ ئەمەلنى ئۇلارنىڭ ياخشىلىق مىزانىغا يېزىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ خىزمىتىنى قوبۇل قىلىشىنى

ئۈمىد قىلىمەن. الله شۇنداق قىلىشقا ئىگىدۇر ۋە قادىردۇر. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە الله تائالادىن رەھمەت ۋە سالاملار تىلەيمىز!

ئۇيغۇرچە قۇرئان كەرىم تەرجىمىسىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا بېسىلغان نۇسخىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ھەدىس پاكولتېتىنىڭ ھەدىس ۋە ھەدىس بىلىملىرى ئۇستازى:

پروفېسسور دوكتۇر ئابدۇررەھىم ئىبنى مۇھەممەد قەشقەرى
ھىجرىيە 1426 ـ يىلى، رامىزان
مىلادى 2005 ـ يىلى، سېنتەبىر

كىرىش سۆز

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

جىمى ھەمدۇسانا ۋە گۈزەل ماختاشلار پۈتۈن كائىناتنى ياراتقۇچى ۋە ئۇنى ئۆز ھېكمىتىگە لايىق رەۋىشتە ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا خاستۇر. ئۇ بىزنى ئۆزىنىڭ كامالى قۇدرىتى، ھېكمەت كارامىتى بىلەن يارىتىپ، ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئارىلىقىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن نېئمەت قىلىپ بەردى. شۇنداقلا، بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى.

پۈتمەس ـ تۈگىمەس نازۇ ـ نېئمەتلىك جەننەتتىن خۇش خەۋەر بەرگۈچى، مەڭگۈلۈك كۆيدۈرگۈچى دوزاختىن ئاگاھلاندۇرغۇچى، الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئىنسانلارنى الله نى بار ۋە بىر دەپ بىلىشكە، ئۇنىڭغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغۇچى پەيغەمبەرلەرگە، جۈملىدىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، پۈتكۈل ئىنسانلارغا تاكى قىيامەتكىچە ئۈلگە ۋە يول باشچى بولغان گۈزەل ئەخلاقلىق، ئېسىل خىسلەتلىك، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكە قەدەر توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرىدىغان بارلىق مۆمىن مۇسۇلمانلارغا سالاملار بولسۇن!

ھەممە نۇقساندىن پاك، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز الله ئۆزى ياخشى كۆرگەن بەندىلىرىنى شەرىئەت ئىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە شۇ يولدا تەر تۆكۈشتەك ئالىي ئىشلىرىغا مۇيەسسەر قىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بويان ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىدىن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى مۇشۇ يولغا ئاتاپ، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا تىرىشىپ ئوقۇپ ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە باشلىدى ۋە باشلاۋاتىدۇ.
ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دىنىي ماتېرىياللارنىڭ ئىنتايىن كەم بولۇشىدەك ناھايىتى چوڭ بىر بوشلۇقنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇ

بوشلۇقنى تولدۇرۇش مەسئۇلىيىتى ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ماتېرىياللارغا قارىتا كۈنسېرى ئېشىۋاتقان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۆزلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشماقتا...

شۇڭا بۇ جەھەتتە باش قاتۇرۇۋاتقان بىر قىسىم دىن سۆيەر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى، خالىس ياردەم بېرىشى ھەم رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، بىز بىر قانچىمىز سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشىغا قارىماي، **الله** تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، مەشھۇر دىنىي ئالىم ئىبنى كەسىرنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق تەپسىرى «قۇرئان كەرىم تەپسىرى» نىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى مەشھۇر ئىسلام تەتقىقاتچىسى سەفيۇررااھمان ئەلمۇبارەكفورى رىياسەتچىلىكىدە بىر تۈركۈم ئۆلىمالار تەرىپىدىن تەھقىقلەپ، قىسقارتىلغان، "دارۇسسالام" نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخىسى "**المصباح المنير في تهذيب تفسير ابن كثير**" نى تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە سونۇش ئۈچۈن بىر يەرگە كەلدۇق. گەرچە بۇ كىتاب ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئىلمىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، تەرجىمانلاردىن يېتەرلىك دەرىجىدە سەۋىيە ۋە ماددىي كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئىكەنلىكى ناھايىتى روشەن ھەقىقەت بولسىمۇ، يەنىلا **الله** نىڭ ياردىمىگە تەۋەككۈل قىلىپ، ئىقتىدارىمىزنىڭ يېتىشىچە بۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا تىرىشتۇق. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ غايەت زور ئېھتىياجى بار بۇ ساھە ئېتىبارسىز تاشلىنىپ قالسا، قىيامەت كۈنى **الله** نىڭ ئالدىدا جاۋاب بېرىش مەسىلىسىنىڭ ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەسلىكى ھەممىمىزگە ئايان.

تەپسىرنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر! ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك، بىزدە تېخى مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى» دىن باشقا قۇرئان كەرىم ھەققىدە تولۇق يېزىلغان ياكى تەرجىمە قىلىنغان بىرمۇ تەپسىر كىتاب يوق. دېمەك بۇ، ھىجرىيەنىڭ بىرىنچى ئەسىرىدىن تارتىپلا ئىسلام دىنى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغان، ئىسلام ئەقىدىسىنى تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرى بويىچە ئومۇملاشتۇرۇپ كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن چوڭ بىر تارىخىي بوشلۇقتىن ئىبارەت. ئالىم ئىبنى كەسىرنىڭ بۇ تەپسىرى مۇسۇلمانلارنىڭ تەپسىر ساھەسىدىكى ئاساسلىق مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشىشى يوقىرىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرسا ئەجەپ ئەمەس دېگەن ئۈمىدتە باشلىغان بۇ ئەمگەكنى **الله** تائالانىڭ ياردىمى بىلەن ئاخىرىغا ئېلىپ چىقتۇق. ھالبۇكى، كىتابنىڭ ئەرەب تىل - قائىدە قانۇنىيەتلىرىگە خاس ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى، مەزمۇنلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىزنى بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش ۋە تەھرىرلەش جەريانىدا قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراتماي قالمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەب ۋە پارس تىل - مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى دىنى ئاتالغۇ-ئىستىلاھلار پارس ۋە ئەرەب تىلى بويىچە قوبۇل قىلىنىپ كەلگەنلىكتىن، بۇ ئاتالغۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشلۇق بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرى پەقەتلا تونۇشسىز. شۇڭا بىز مۇنداق ئاتالغۇ ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ئىمكانىيىتىمىزنىڭ يېتىشىچە ئۇيغۇر تىلىغا ماس قىلىپ ئىپادىلەشكە تىرىشتۇق.

بىز يەنە بۇ كىتابتىن پايدىلىنىشتا دىققەت قىلىش زۆرۈر بولغان تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە سېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق :

❖ ئەرەبچە نۇسخىسىدىكى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكلىرىدىن شۇ رىۋايەتتىكى دەسلەپكى كىشى بىلەن ئاخىرقى كىشىنىڭ ئارىلىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىسىملىكلىرىنى قىسقارتىۋەتتۇق .

❖ بەزى سۆزلۈك ۋە گىراماتىكىلىق ئانالىزلارنى قالدۇرۇۋەتتۇق .

❖ قىرائەت ئىلمىگە دائىر بايان قىلىنغان پەرقلىق شىۋىلەرنى ۋە ئۇلاردىن ئېلىنغان شاخچە مەزمۇنلارنى قىسقارتىۋەتتۇق .

❖ ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسى قىسمەن جايلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ھەممىسى دېگۈدەك مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى» دىن ئېلىندى . ئاپتورنىڭ ئايەتكە بەرگەن تەپسىرى بىلەن مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ شۇ ئايەتكە بەرگەن تەرجىمىسىدە ئوخشىماسلىق بولغان قىسمەن ئورۇنلارغا ئىزاھات بېرىلدى .

❖ تەپسىرنى تەرجىمە قىلىشتا جۈملىمۇ ـ جۈملە تەرجىمە قىلىش پرىنسىپىنى قوللاندۇق . ئەمما ، مەزمۇن جەھەتتە مۇھىم بولمىغان ، تەكرارلىنىش قېتىم سانى كۆپ بولغان جۈملىلەرنى قالدۇرىۋەتتۇق .

❖ بەزى شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە بىر قىسىم دىنىي ئاتالغۇلارنىڭ ئىزاھاتلىرىنى كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى ئىزاھات بۆلۈمىگە بەردۇق .

❖ تەپسىردە بەزى مەزمۇن ۋە كۆز قاراشلارنىڭ تەكرارلىنىشى ، مۇپەسسىرلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت قاراشلىرى ۋە باش ـ ئاخىرى قىسقارتىپ ئېلىنغان بىر قىسىم مەزمۇنلار بار بولۇپ ، بۇنىڭغا كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

❖ تەپسىردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىدىن باشقا ، مۇپەسسىرلەردىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزلەر ئىنتايىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىلا قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىندى .

❖ بىز يەنە تەپسىردە "ئاللاھ" كەلىمىسىنى "الله " دەپ ، ئەر ساھابىلەرگە خاس بولغان "ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن" ، "ئاللاھ ئۇ ئىككىسىدىن رازى بولسۇن" ، "ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن" ئىبارىلىرىنى ئەرەبچىدىكى ئەينى تىرانسكرىپسىيەسى بويىچە "رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ، رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم" دەپ ، ئايال ساھابىگە قارىتا "رەزىيەللاھۇ ئەنھا" دەپ ئەينەن ئىشلەتتۇق .

قۇرئان كەرىمنىڭ بارلىق كائىناتنى ياراتقۇچى ، ھەممىنى رىزقلاندۇرغۇچى ، ھەممىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى زات الله تائالا تەرىپىدىن ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادەت يولىدىكى مەشئەل قىلىنىشى ئۈچۈن نازىل قىلىنغان ئىلاھىي دەستۇر ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايدىڭ . شۇڭلاشقا قۇرئان كەرىمنى توغرا چۈشىنىش ، توغرا ھۆكۈم قىلىش ۋە توغرا يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەزمۇنلارنى بىلىش ئىنتايىن زۆرۈر . شۇڭا تەپسىر توغرىسىدا توختىلىشتىن ئىلگىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ تەپسىرنى ۋە باشقا دىنىي كىتابلارنى ئوقۇشتا پايدىلىنىشى ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ئىلىملىرىگە دائىر بەزى مۇھىم تېمىلار ، بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى دەۋردىكى تەپسىرلەر ھەم ئۇلارنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكى

باسقۇچلار بويىچە يىغىنچاقلاپ مەلۇمات بېرىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق:

❖ قۇرئان كەرىمنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى: قۇرئان كەرىم ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ئالاقىدار بولغان بارلىق ھۆكۈملەرنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل بىر دەستۇردۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾[1] لېكىن، قۇرئان كەرىمدە كەلتۈرۈلگەن ھۆكۈملەر، مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە يىغىنچاق شەكىلدە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەپسىلاتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس ۋە سۈننەتلىرى ئارقىلىق شەرھىلەنگەن.

❖ قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشقا باشلىغان يىلى ۋە ئۇنىڭ نازىل بولغان يېرى: ئىشەنچلىك تارىخىي مەنبەلەرگە كۆرە، قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھىجرىيەدىن 13 يىل ئىلگىرى (مىلادىيەنىڭ 611 ـ يىلى) رامىزان ئېيىنىڭ 21 ـ كۈنى، <دۈشەنبە> كۈنىدىن تارتىپ چۈشۈشكە باشلىغان. بۇ دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 40 ياشقا كىرگەن يىل بولۇپ، الله تائالانىڭ ئۇلۇغ ھېكمىتى بىلەن قۇرئاندىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس دەستۇر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئادەم ئۆمرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت، چۈشەنچە جەھەتتە ئەڭ يېتىلگەن، قىرانلىق، ئالتۇن دەۋرى بولغان 40 يېشىدا چۈشكەن. قۇرئان كەرىم دەسلەپتە ھەممە نەرسە خاتىرىلەنگەن تاختىدىن (يەنى لەۋھۇلمەھپۇز) دىن بىرىنچى قەۋەت ئاسماندىكى "بەيتۇل ئىززە" دېگەن يەرگە قەدىر كېچىسى بىرلا قېتىمدا چۈشۈرۈلگەن. بۇ ھەقتە ھاكىم سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قۇرئان كەرىم ھەممە نەرسە خاتىرىلەنگەن تاختىدىن ئېلىپ چىقىلىپ بىرىنچى ئاسماندىكى "بەيتۇل ئىززە" دېگەن يەردە قويۇلدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. ئاندىن قۇرئان كەرىم جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق "ئەلەق سۈرىسى" نىڭ بېشىدىكى بەش ئايەت غارى ھىرادا تۇنجى نازىل بولۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ 23 يىل جەريانىدا تولۇق نازىل بولۇپ بولغان.

❖ دەسلەپتە چۈشكەن ئايەت توغرىسىدا ئالىملار ئىككى خىل قاراشتا ئىگە. بۇنىڭ بىرى ئەڭ دەسلەپ چۈشكەن ئايەت "ئەلەق" سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى بەش ئايەتتۇر. چۈنكى، تۆۋەندىكى ھەدىس بۇنىڭغا ئېنىق دەلىل بولالايدۇ:

ئىمام بۇخارى بىلەن مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدا ئىبادەت قىلىۋاتقاندا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇنىڭغا: "ئوقۇ" دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن» دەيدۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: "ئوقۇ" دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن» دەيدۇ. ئۈچىنچى قېتىمدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن﴾ دەپ ئەلەق سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى بەش ئايەتنى ئوقۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنى ئوقۇشقا بۇيرۇيدۇ.

يەنە بىرى "مۇددەسسىر سۈرىسى". لېكىن ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى ئارقىسىدا ئېرىشكەن يەكۈنلىرى شۇكى، ئايەت ئېتىبارى بىلەن ئەڭ دەسلەپتە چۈشكەن ئايەت

(1) نەھل سۈرىسى ـ 89 ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

”ئەلەق سۈرىسى“ نىڭ بېشىدىكى بەش ئايەتتۇر. تولۇق چۈشكەن سۈرە ئېتىبارى بىلەن ئەڭ دەسلەپتە چۈشكەن سۈرە ”مۇددەسسىر سۈرىسى“ دۇر.

ئالىملار يەنە ئەڭ ئاخىرىدا چۈشكەن ئايەتنىڭ قايسى ئايەت ئىكەنلىكى توغرىسىدىمۇ بىر نەچچە خىل قاراشقا ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرا بولغىنى **الله** تائالانىڭ: ﴿سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر **الله** نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ، (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ)﴾[1] دېگەن ئايىتىدۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئىبنى ئابباسنىڭ ﴿سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر **الله** نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ، (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ)﴾[2] دېگەن ئايەت ئەڭ ئاخىرىدا چۈشكەن ئايەتتۇر، ـ دېگەن سۆزىدۇر.

قۇرئان كەرىمنىڭ رەتكە تىزىلىش تەرتىپى ئۇنىڭ زېمىنغا چۈشۈرۈلۈش تەرتىپى بىلەن ئەمەس، لەۋھۇلمەھپۇزدىكى تەرتىپى بويىچە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قايسى سۈرىنى قايسى سۈرىنىڭ ئالدىغا ياكى ئارقىغا، قايسى ئايەتنى قەيەرگە قويۇش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن كۆرسەتمىسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە ساھابىلەرگە تەلىم بېرىشى بويىچە تىزىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى رامىزاندا قۇرئاننى ھازىرقى تەرتىپ بويىچە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا بىر قېتىم تىڭشىتاتتى. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىلىدىكى رامىزاندا بولسا، ئىككى قېتىم تىڭشاتقان.

قۇرئان كەرىم 114 سۈرە، 6236 ئايەتتىن تەركىب تاپقاندۇر.

سۈرىلەرنىڭ مەككىدە چۈشكەنلىكى ياكى مەدىنىدە چۈشكەنلىكىنى بېكىتىش: بىر سۈرىنىڭ مەككىدە چۈشكەنلىكىنى ياكى مەدىنىدە چۈشكەنلىكىنى بېكىتىشتە ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشكەن:

بىرىنچى، مەيلى ھىجرەتتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەككىدە چۈشكەن سۈرىلەرنى مەككىدە چۈشكەن دەپ ئاتاش، مەدىنىدە چۈشكەن سۈرىلەرنى مەدىنىدە چۈشكەن دەپ ئاتاش قارىشى. بۇ قاراش بويىچە بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مىنا ۋە ئەراپات تاغلىرىدەك مەككىنىڭ تەۋەلىرى ھېسابلىنىدىغان جايلاردا چۈشكەن سۈرىلەرمۇ مەككىدە چۈشكەن سۈرىلەرنىڭ قاتارىغا، ئۇھۇد تېغى ۋە بەدىر قۇدۇقىدەك مەدىنىنىڭ تەۋەلىرى ھېسابلىنىدىغان جايلاردا چۈشكەن سۈرىلەرمۇ مەدىنىدە چۈشكەن سۈرىلەرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

ئىككىنچى، مەككىدىكى كىشىلەرگە خىتاپ قىلىپ چۈشكەن سۈرىلەرنى مەككىدە چۈشكەن، مەدىنىدىكى كىشىلەرگە خىتاب قىلىپ چۈشكەن سۈرىلەرنى مەدىنىدە چۈشكەن دەپ ئاتاش قارىشى.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى ـ 281 ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى ـ 281 ئايەت.

بۇ قاراش ساھابىلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن اللە تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى "يأيها الناس" (يەنى ئى ئىنسانلار!) دېگەن سۆزلەر بىلەن باشلانغانلىرى مەككىدە نازىل بولغان، "يأيها الذين آمنوا" (يەنى ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر!) دېگەن سۆزلەر بىلەن باشلانغانلىرى مەدىنىدە نازىل بولغان.

ئۈچىنچى، ھىجرەتتىن بۇرۇن چۈشكەن سۈرىلەرنى مەككىدە چۈشكەن، ھىجرەتتىن كېيىن چۈشكەن سۈرىلەرنى مەدىنىدە چۈشكەن دەپ ئاتاش قارىشى.

بۇ قاراش بويىچە بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتتىن كېيىن مەككىگە بارغاندا چۈشكەن سۈرىلەرمۇ مەدىنىدە چۈشكەن سۈرە، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەڭ توغرا ۋە كۈچلۈك بولغان مەشھۇر قاراشتۇر. سۈرىلەرنىڭ مەككىدە نازىل بولغان ياكى مەدىنىدە نازىل بولغان دەپ ئاتىلىشىمۇ مۇشۇ قاراش بويىچە بولغان.

❖ سۈرىلەرنىڭ مەككىدە ياكى مەدىنىدە چۈشكەنلىكىنى بىلىشنىڭ پايدىلىرى: سۈرىلەرنىڭ قەيەردە چۈشكەنلىكىنى بىلىشنىڭ پايدىلىرىنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، بىر ئورۇندا بىرەر ئىشنى قىلىشتىن توسۇش ياكى بىرەر ئىشقا بۇيرۇشقا كەلگەن مەزمۇندىكى ئايەتلەر يەنە بىر ئورۇندا ئۇنىڭ ئەكسىچە كەلگەندەك ياكى ئازراق قوشۇمچە قىلىنغان ۋە مەلۇم بىر سەۋەبلەرنى شەرت قىلغان ھالدا كەلگەندەك ئوخشىماسلىق كۆرۈلگەندە، قايسى ھۆكۈمنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا پايدىلىق. چۈنكى، كۆپىنچە ئەھۋالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش كۆرۈلگەن ئايەتلەردە، مەدىنىدە چۈشكەن ئايەتلەر مەككىدە چۈشكەن ئايەتلەرنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ كېلىدۇ. بۇ ئىككى خىل ھۆكۈمدىن ئەلۋەتتە مەدىنىدە چۈشكەن ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئەمەل قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكام، قائىدە - تۈزۈم، بەلگىلىمىلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇش جەريانىنى بىلىۋېلىشقا ياردىمى بولىدۇ. مېھرىبان اللە بىرەر ئېغىر ھۆكۈمنى يولغا قويماقچى بولسا ئۇنى بىراقلا يولغا قويماستىن بەلكى باسقۇچلارغا بۆلۈپ قەدەممۇ - قەدەم يولغا قويۇش ئۇسۇلىنى تۇتىدۇ. ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىشىنىڭ ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنۈپ ئاخىرقى باسقۇچتا پۈتۈنلەي ھالدا ھارام قىلىنىشىمۇ بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر.

ھۆكۈملەرنىڭ تەدرىجىي ھالدا يولغا قويۇلىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىگە خاس ھېكمەتكە ئىگە دىن ئىكەنلىكىنىڭ روشەن پاكىتىدۇر. چۈنكى، بۇ خىل ئۇسۇل ھېچقانداق تەربىيە كۆرمىگەن كىشىلەرنى يەنى، تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتىغا، شۇنداقلا ئۆز قەۋمىگە، ئۆز مىللىتىگە تەۋە پىسخىك خاسلىقى بىلەن مەلۇم بىر نەرسىنى چۈشىنىشتىن، ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن، ئۇنىڭغا ئادەتلىنىشتىن ناھايىتى يىراق قالغان كىشىلەرنى تەربىيىلەشتە ئەڭ ياخشى تەدبىر ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، سۈرىلەرنىڭ قەيەردە چۈشكەنلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئالىملارنىڭ ئۇنى قايسى جايدا، قانداق ئەھۋالدا، نېمە سەۋەپتىن چۈشكەنلىكىنى بىلىشى ۋە ئۇنى توغرا چۈشىنىپ، توغرا ھۆكۈم قىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

❖ قايسى سۈرىنىڭ قەيەردە چۈشكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالامەتلەر ساھابىلار ۋە تابىئىنلاردىن قىلىنغان ئىشەنچلىك رىۋايەتلەرگە ئاساسەن بېكىتىلگەن. بىز بۇ ئالامەتلەرنى

ئوقۇرمەنلەرنىڭ قۇرئان ئوقۇغاندا، قايسى سۈرىنىڭ قەيەردە چۈشكەنلىكىنى ئۆزلىگىدىن بىلىۋېلىشىغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن قىسقىچە بايان قىلماقچىمىز:

1 ـ ئەرەبچە "كلا" دېگەن سۆز بار ھەرقانداق سۈرە مەككىدە چۈشكەن. بۇ سۆز قۇرئاندا 33 يەردە تەكرارلانغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاننىڭ ئاخىرقى 15 پارىسىنىڭ ئىچىدىكى 15 سۈرە ئىچىدە كەلگەن.

2 ـ سەجدە ئايىتى بار ھەرقانداق سۈرە مەككىدە چۈشكەن.

3 ـ بەقەرە ۋە ئال ئىمران سۈرىلىرىدىن باشقا سۈرىنىڭ بېشىدا ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپە ھەرپلىرى بار ھەرقانداق سۈرە مەككىدە چۈشكەن.

4 ـ بەقەرە سۈرىسىدىن باشقا بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان ھەرقانداق سۈرە مەككىدە چۈشكەن.

5 ـ بەقەرە سۈرىسىدىن باشقا ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبلىسنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان ھەرقانداق سۈرە مەككىدە چۈشكەن.

6 ـ "ئى ئىنسانلار" ياكى "ئى ئادەم باللىرى!" دېگەن سۆزلەر كەلگەن سۈرىلەر مەككىدە چۈشكەن. "ئى مۆمىنلەر!" دېگەن سۆز بار سۈرىلەر بولسا، مەدىنىدە چۈشكەن. پەقەت ھەج سۈرىسىدىكى "ئى مۆمىنلەر!" دەپ باشلانغان بۇ ئايەت بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

7 ـ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە ئائىت مەزمۇندىكى سۈرىلەر مەككىدە، پەرز ئەمەللەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى ۋە جىنايەتلەرنىڭ جازالىرىنى بايان قىلغان سۈرىلەر مەدىنىدە چۈشكەن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى چېغىدا ساھابىلارغا دىنىنىڭ ئاساسى بولغان ئەقىدە، تەۋھىد ئۇقۇملىرىنى بىلدۈرگەن. مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى، كېڭىيىشى ۋە كۈچلىنىشىگە ئەگىشىپ، قانۇن ـ تۈزۈمگە ئائىت ھۆكۈملەرنى بايان قىلىشقا ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە باشلىغان.

8 ـ ئايەتلىرى قىسقا ـ قىسقا كەلگەن سۈرىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەككىدە، ئايەتلىرى ئۇزۇن ـ ئۇزۇن كەلگەن سۈرىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەدىنىدە چۈشكەن.

9 ـ ئەنكەبۇت سۈرىسىدىن باشقا مۇناپىقلارنىڭ بايانى بار ھەرقانداق سۈرە مەدىنىدە چۈشكەن. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى ئاجىز بولغان مەككىدىكى چاغلاردا مۇناپىقلىق ھەرىكەتلىرى كۆرۈلمىگەن، مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ (دىنىنىڭ كۈچىدىن قورقۇپ) مۇسۇلمان بولىۋالغان مۇناپىقلار پەيدا بولۇشقا باشلىغان.

ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنى بىلىشنىڭ ئەھمىيىتى: قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى بىرەر سەۋەب بىلەن چۈشۈرۈلگەن ئايەتلەر ۋە چۈشۈشكە ھېچقانداق سەۋەب بولمىغان، ئەمما الله تائالا پەقەت ئۆزىنىڭ دىنىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى بەندىلىرىگە بايان قىلىپ بېرىش مەقسىدىدە چۈشۈرگەن ئايەتلەر، دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئىككىنچى خىلدا چۈشكەن

ئايەتلەر كۆپ ساننى ئىگەللەيدۇ.

بىرەر ئىش سەۋەبىدىن چۈشۈرۈلگەن ئايەتلەر بولسا سورالغان ياكى سورالماقچى بولغان بىرەر ئىشقا ياكى ھۆكۈم قىلىنىشقا زۆرۈر بولۇپ قالغان بىرەر مەسىلىگە قارىتا چۈشۈرۈلگەن بولىدۇ.

كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشى بويىچە، ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبىنى بىلىش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئېرىشىلىدىغان پايدىلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ ھۆكۈملەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىكى ھېكمەتلەرنى چۈشىنىش.

2 ـ ھۆكۈملەرنى ئومۇملۇقتىن خاسلاشتۇرۇش.

3 ـ ئايەتتە نېمىنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىش.

بۇ ھەقتە ئىبنى تەيمىيە: ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبىنى بىلىش شۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى ياخشى چۈشىنىشكە پايدىلىقتۇر. چۈنكى، بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولغان ئامىل شۇ ئىشنى ياخشى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ، ـ دېگەن.

5 ـ ئايەتنىڭ چۈشۈشىگە سەۋەبكار بولغۇچىنىڭ كىملىكىنى بىلىش.

❖ قۇرئاننىڭ كىتاب شەكلىدە توپلىنىشى: قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى ۋاپات بولغىچە بولغان 23 يىل جەريانىدا مەيلى كېچە ياكى كۈندۈز بولسۇن، الله تائالا خالىغان ۋاقىتتا چۈشۈرۈلۈپ تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر ئايەت چۈشكەن ھامان ئايەتلەرنى يېزىشقا تەيىنلىگەن ساھابىلىرىغا ئۇنى يېزىشقا بۇيرۇپ، ئايەتنىڭ يېزىلىش ئورنى ۋە تەرتىۋىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرەتتى. خورما دەرىخىنىڭ قوۋزاقلىرى، تېرە ياكى ياپىلاق تاشتەك نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان ئايەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىرىنىڭ بىرىدە ساقلىناتتى. ھەر ۋاقىت پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئايەتلەر چۈشۈپ تۇرغاچقا، قۇرئان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا ھازىرقىدەك بىر كىتاب شەكلىدە توپلانمىغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىككە تەيىنلەندى. شۇ دەۋرىدە مۇسۇلمانلار بىلەن پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى قىلغان مۇسەيلىمە كاززاپنىڭ ئادەملىرى ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ ئۇرۇش يۈز بېرىپ، بۇ ئۇرۇشتا شېھىت بولغان كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدا قۇرئاننى ياد ئالغان نۇرغۇن قارىلارمۇ بار ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قارىلارنىڭ ئۇ ئۇرۇش، بۇ ئۇرۇشتا شېھىت قىلىنىپ كېتىپ قۇرئاننىڭ مۇكەممەل ساقلىنىپ قالالماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ قۇرئاننى كىتاب شەكلىدە توپلاش مەسلىھەتىنى بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا قىلمىغان ھەم قىلىشقىمۇ بۇيرىمىغان بىر ئىشنى قىلىشتىن ئىككىلىنىپ قالغان ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قايتا ـ قايتا ئۆتۈنۈشى بىلەن بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، قۇرئاننى ھازىرقى شەكىلدە رەتلەپ چىقىشقا ئەينى چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئايەتلەرنى يېزىشقا تەيىنلەنگەن قارى زەيد ئىبنى سابىتنى مەسئۇل قىلدى.

قۇرئاننى كىتاب شەكلىدە توپلاشتا، زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەينى چاغدا

يېزىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ساقلانغان ئايەتلەر بىلەن قارىلارنىڭ ياد ئالغىنىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يېزىشى تاپىلاندى. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىمۇ قۇرئاننى پۇختا ياد ئالغان قارى ئىدى. زەيد ئىبنى سابىت قۇرئاننى كىتاب شەكلىدە توپلاشتا ئاساسلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە قويۇپ قويۇلغان ئايەتلەرگە تاياندى. قوشۇمچە قىلىپ قۇرئاننى يېزىپ ئۆز ئالدىغا ساقلاۋاتقان ساھابىلارنىڭ يازمىلىرىغىمۇ تاياندى. لېكىن ئۇ، ئۇلار يېزىپ ساقلىغان ئايەتلەرنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن شۇ ئايەتلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆز ئالدىدا يېزىلغانلىقىغا گۇۋاھچى بولىدىغان ئىككى ئادىل كىشىنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلدى.

الله نىڭ خالىشى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەلىۋى، ئەبۇبەكرىنىڭ بۇيرۇقى، باشقىلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، زەيدنىڭ قاتتىق ئەستايىدىللىقى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن قۇرئان بىر پۈتۈن كىتاب بولۇپ توپلىنىپ چىقىلدى. بۇ كىتاب ئەبۇبەكرىنىڭ ۋاپاتىغىچە ئۇنىڭ قېشىدا، ئاندىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىدا، ئۆمەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ قىزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەفسەنىڭ ئۆيىدە ساقلاندى.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكى دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان جايلارنىڭ ئىسلامغا كىرىپ، ئىسلام دۆلىتىگە ئايلىنىشى بىلەن ئىسلام دۆلىتىنىڭ چېگراسى كېڭەيدى. قۇرئان ئەسلىدە يەتتە خىل قىرائەت شۋىسى بىلەن چۈشكەن بولۇپ، يېڭىدىن ئىسلامغا كىرگەن، قۇرئاننىڭ مۇشۇنداق كۆپ شىۋە بىلەن چۈشكەنلىكىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئارىسىدا قۇرئاننى بىر خىل شىۋىدە ئوقۇغان بىرى يەنە بىر خىل شىۋىدە ئوقۇغان بىرىنىڭ ئوقۇغان قۇرئاننى ئېتىراپ قىلماسلىقتەك زىدىيەتلەر كېلىپ چىقتى. بۇ خىل ئىختىلاپتىن يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقماسلىقى ئۈچۈن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەفسەنىڭ يېنىدىكى قۇرئاننى ئەكەلدۈرۈپ، زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير، سەئىد ئىبنى ئاس، ئابدۇراھمان ئىبنى ھارىس قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان (قۇرەيش شىۋىسىنى ئاساس قىلغان) بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، قۇرئاننى ئالتە نۇسخا (يەنە بىر رىۋايەتتە يەتتە نۇسخا) كۆپەيتىپ يېزىپ، شۇ چاغدىكى ئىسلام ۋىلايەتلىرىگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتىپ بەردى. ھەفسەدىن ئارىيەتكە ئېلىنغان ئەسلى نۇسخىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، كۆپەيتىلگەن نۇسخىدىن بىرنى ئۆز يېنىدا ساقلاپ قالدى. كۆپەيتىلگەن بۇ يېڭى نۇسخىلاردىن باشقا ھەممە قۇرئانلارنى، ھەتتا ساھابىلارنىڭ ئۆزلىرى يېزىپ ساقلاۋاتقان نۇسخىلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈشكە، قۇرئاننى يېڭى نۇسخا بويىچە ئۆگىنىشكە ۋە ئۆگىتىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. مانا بۇ بىز كۆرۈۋاتقان قۇرئاننىڭ «ئوسمانىيە نۇسخىسى» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. ئىشەنچلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا كۆچۈرۈلگەن ئاشۇ قولىيازمىلارنىڭ بىر قىسمى دۇنيادىكى چوڭ موزېيلارنىڭ بەزىسىدە ساقلىنىپ كېلىنمەكتە.

تەپسىرلەرنىڭ تۈرلىرى

بىز قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىر تۈرلىرى ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن «قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرى دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئال ئۈستىدە توختالماقچىمىز.

"قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرى" بولسا، مۇپەسسىرلەرنىڭ ئۆز چۈشەنچىسى، دىنىي ۋە ئىلمىي سەۋىيەسى ئارقىلىق ئىگەللىگەن مەلۇماتلىرى ئاساسىدا قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەقسەتلىرىنى روشەنلەشتۈرۈپ

بېرىشىدۇر.

قۇرئان كەرىم ھەققىدە يېزىلغان تەپسىرلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار كۆز قاراش ۋە پىكىر جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئالتە چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

ئەسەرلەر (رىۋايەتلەر) گە تايىنىپ قىلىنغان تەپسىرلەر

بۇ خىلدىكى تەپسىرلەرنى يازغۇچىلار تەپسىر قىلىش ئۇسۇلىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرىغا تايانماستىن، بەلكى بىرئايەتنى باشقا بىرئايەت بىلەن، ئەگەر ئۇئايەت ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى بولسا شۇ ھەدىس بىلەن ۋەياكى ساھابىلاردىن ۋە تابىئىنلاردىن قالغان ئەسەر بولسا شۇ ئەسەرلەر بىلەن تەپسىر قىلغان. تۆۋەندىكىلەر بۇ تۈردىكى تەپسىرلەردىندۇر:

① **تەپسىر تەبەرى "جامع البيان في تفسير القرآن للطبري"**:

بۇ تەپسىرنىڭ ئاپتورى ئەبۇجەئفەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئىبنى يەزىدتۇر. ئىبنى جەرىر تەپسىر قىلىشتا ئايەتلەرنى ساھابىلار ۋە تابىئىنلاردىن قالغان ئەسەرلەرگە تايىنىپ تەپسىر قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلاردىن رىۋايەت قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز ئىكەنلىكىگىمۇ ئالاھىدە ئىشارەت قىلىپ، قايسى قاراشنىڭ قايسىسىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى باھالاپ ئۆتىدۇ.

بۇتەپسىر يۇقىرىقىدەك ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن بۇندىن بۇرۇن بۇتۈر بويىچە يېزىلغان تەپسىرلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىغا قويۇلغان. كۆپلىگەن ئالىملار بۇ تەپسىر ھەققىدە ناھايىتى ياخشى باھا بەرگەن. ھەتتائىمام نەۋەۋىي بۇتەپسىرنىڭ تەرىپىنى قىلىپ: ھېچكىم ئىبنى جەرىرنىڭ تەپسىرىدەك بىرەر تەپسىر قىلمىدى، ـ دەپ ماختىغان. لېكىن بۇ يەردە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، ئىبنى جەرىر شۇ زاماندىكى كىشىلەرگە مەلۇملۇق ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، تەپسىرىدە رىۋايەت قىلغان بەزى رىۋايەتلەرنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەنلىكىگە ئەسكەرتىش بەرمەي ئۆتۈپ كەتكەن. بۇ تەپسىر ئامما ئارىسىغا كەڭ تارقالغان تەپسىرلەرنىڭ بىرىدۇر.

② **تەپسىر ئىبنى كەسىر "تفسير القرآن العظيم"**:

بۇ قولىڭىزدىكى مەزكۇر تەپسىر كىتاب بولۇپ، بۇ تەپسىر مۇشۇ تۈر بويىچە مەيدانغا كەلگەن تەپسىرلەر ئىچىدە ئەڭ توغرا دەپ باھا بېرىلگەن، شۇنداقلا ئىسلام دۇنياسىدا يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە بولغان تەپسىرلەردىندۇر. الله تائالا خالىسا، بۇ تەپسىر ھەققىدە ئۆز نۆۋىتىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

③ **بەھرۇلئۇلۇم "بحر العلوم"**:

بۇ تەپسىرنىڭ ئاپتورى ھەنەفىي مەزھەبىگە مەنسۇپ بولغان سەمەرقەنتلىك ئەبۇللەيس نەسىر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم دېگەن ئالىمدۇر. ئاپتور بۇ تەپسىرنى يېزىشتا ساھابىلار ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرىنى، ئۇ سۆزلەرنىڭ كىم ئارقىلىق رىۋايەت قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئالمىغان ئاساستا بايان قىلىدۇ. بۇ تەپسىر ھازىرمۇ بەزى كىتابخانىلاردا قول يازما ھالىتىدە ساقلانماقتا.

④ ئەلدۇررۇل مەنسۇر فىت تەپسىرىل مەئسۇر "الدر المنثور في التفسير بالمأثور":

بۇ تەپسىرنىڭ ئاپتورى جالالۇددىن ئەبۇلفەزلى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇبەكرى ئىبنى مۇھەممەد دېگەن ئالىمدۇر.

بۇ تەپسىر بۇ تۈردىكى تەپسىرلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت ئەسەرگىلا تايانغان تەپسىردۇر. بۇ تەپسىر ئالتە توم قىلىپ بېسىلغان بولۇپ، كىشىلەر ئارىسىغا تارقالغان. بۇ تۈردە يېزىلغان تەپسىرلەردىن يەنە يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدىن باشقا نۇرغۇن تەپسىرلەر بار.

فىقھى ئىلمىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ يېزىلغان تەپسىرلەر

فىقھى ئىلمى يەنى ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن - تۈزۈم، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان تەپسىرلەر مەزمۇن جەھەتتىن ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن - تۈزۈم، شەرئىي ئەھكاملىرىغا ئالاقىدار بارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ خىلدىكى تەپسىرلەر بەزىدە بىرەر مەزھەبنىڭ كۆز قارىشىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ يېزىلسا، بەزىدە تۆت مەزھەبنىڭ كۆز قاراشلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا يېزىلغان.

بۇ تۈردىكى تەپسىر كىتابلىرىدىن تۆۋەندە بىر نەچچىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز:

① ئەھكامۇلقۇرئان "أحكام القرآن": يەنى قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرى دېگەن تەپسىر كىتاب بولۇپ، ئۇنى جەسساس دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان ئەبۇبەكرى ئەھمەد ئىبنى ئەررازى دېگەن ئالىم يازغان. ئۇ ھەنەفىي مەزھەبىدە بولۇپ، بۇ مەزھەبنىڭ كاتتا ئالىملىرىنىڭ بىرىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ تەپسىر كىتابىمۇ ھەنەفىي مەزھەبىنىڭ كۆز قارىشى ئاساسىدا ۋە فىقھى تۈرىدە ئەڭ بۇرۇن يېزىلغان ئاساسلىق تەپسىر ھېسابلىنىدۇ.

② ئەھكامۇلقۇرئان "أحكام القرآن": يەنى قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرى دېگەن تەپسىر كىتاب بولۇپ، ئۇنى ئىبنۇل ئەرەبىي دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان ئەندەلۇسلۇق (ئىسپانىيە) ئەبۇبەكرى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر دېگەن ئالىم يازغان.

ئاپتور مالىكى مەزھەبىدە بولۇپ ئۇنىڭ مەزكۇر تەپسىر كىتابىمۇ مالىكى مەزھەبىنىڭ كۆز قارىشىنى ئاساس قىلغان ھالدا يېزىلغان. بۇ تەپسىر كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.

③ جامىئۇلئەھكامىل قۇرئان "جامع الأحكام القرآن": يەنى قۇرئان ھۆكۈملىرىنىڭ توپلىمى دېگەن تەپسىر كىتاب بولۇپ، بۇنى ئەبۇئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئەبۇبەكرى دېگەن ئەندەلۇسلۇق (ئىسپانىيە) ئالىم يازغان. ئاپتور گەرچە مالىكىي مەزھەبىدە بولسىمۇ، لېكىن باشقا مەزھەب ئىماملىرىنىڭ كۆز قاراش، دەلىل - پاكىتلىرىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ تەپسىر مۇشۇ تۈر بويىچە يېزىلغان تەپسىرلەر ئىچىدە ئەڭ ئېسىل ۋە كەڭ دائىرىدە يېزىلغان تەپسىردۇر. بىراق ئاپتور ئۆزى مالىكىي مەزھەبىدە بولغاچقا قىسمەن ھاللاردا ئۆز مەزھەبىگە ئېغىپ كېتىپ قېلىشتىن ساقلىنالمىغان. بۇ تەپسىرمۇ كىشىلەر ئارىسىغا تارقالغان.

④ ئەھكامۇلقۇرئان "**أحكام القرآن**": يەنى قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرى. بۇ تەپسىرنى هاراسىي دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئەلكىيا دېگەن ئالىم يازغان بولۇپ، ئاپتور بۇ تەپسىرنى ئۆزى تەۋە بولغان شافىئىي مەزھەبىنىڭ كۆز قارىشى ئاساسىدا ۋە ئۇنى قاتتىق ھىمايە قىلغان ھالدا يېزىپ چىققان. بۇ تەپسىر كىشىلەر ئارىسىغا تارقالماستىن، پەقەت كىتابخانىلاردا قول يازما سۈپىتىدە ساقلانماقتا.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەپسىرلەر پەقەت بۇرۇنقى زاماندا يېزىلغان، شۇنداقلا ئاساسىي جەھەتتىن بىرەر مەزھەپنىڭ كۆز قارىشىغا بەكرەك بېرىلگەن ھالدا يېزىلغان تەپسىرلەردۇر.

بۇندىن باشقا، يېقىنقى 100 يىل مابەينىدە شەرئىي مەسىلىلەرگە قارىتا تۆت مەزھەبنىڭ كۆز قاراشلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتبىقلاش ئاساسىدا يېزىلغان يېڭى تەپسىرلەرمۇ خېلى كۆپ. بۇ تەپسىرلەردىن:

① مۇھەممەد ئەلى سايىسنىڭ ئايەتۇلئەھكام "**أحكام القرآن**" يەنى ھۆكۈم ئايەتلىرىنىڭ تەپسىرى دېگەن كىتابىدۇر. بۇ تەپسىر ئىككى توم بولۇپ ھازىر كۆپلىگەن ئىسلامىي ئالىي مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلماقتا.

بۇ تەپسىر باشقا تەپسىرلەردە يوق ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن مۇشۇ تېمىدا ھازىرقى زاماندا يېزىلغان تەپسىرلەر ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

② مۇھەممەد ئەلى ئەسسابۇنىنىڭ ئاياتۇلئەھكام "**أحكام القرآن**" دېگەن تەپسىر كىتابى. بۇ تەپسىرمۇ ئىككى توم بولۇپ ئاما ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. ئەمما بۇ تەپسىر ئىلگىرىكى تەپسىردەك كەڭ دائىرىدە ئەمەس، شۇنداقلا ئۇنىڭدا بار بەزى ھۆكۈملەر بۇنىڭدا يوق. لېكىن بۇ تەپسىردىمۇ ئۇنىڭدا يوق بەزى ئارتۇقچىلىقلار بار.

يۇقىرىقى تەپسىر كىتابلاردىن باشقا مەيلى بىرەر مەزھەبنىڭ ياكى تۆت مەزھەبنىڭ ۋەياكى تۆت مەزھەبتىن باشقا شىئە مەزھىبىدەك مەزھەبلەرنىڭ كۆز قارىشىنى ئاساس قىلغان ھالدا يېزىلغان تەپسىر كىتابلارمۇ خېلى بار.

تارىخ ۋە قىسسەلەرنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان تەپسىرلەر

بۇ خىلدىكى تەپسىرلەردە تارىخىي ۋەقەلىك ۋە قىسسەلەر، ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىنىڭ خەۋەرلىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلاردا كۆپ توختىلىدۇ. سۆئلەب ۋە خازىنلارنىڭ تەپسىرلىرى بۇ خىلدىكى تەپسىرلەرنىڭ مەشھۇرلىرىدۇر.

سۆئلەب ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە گەرچە ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە ۋە ئەسەرلەرگە تايانغان بولسىمۇ، لېكىن، تەپسىردە تارىخىي ۋەقەلىك ۋە قىسسەلەرنىڭ بايانى كۆپتۇر. قىسسەلەرنى بايان قىلىشتا ھەتتا ئەھلى كىتابلاردىن قوبۇل قىلغان قىسسەلەرنى ئۇنىڭ توغرا - خاتالىقىغا ئىشارەت قىلىپ قويماستىنلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمما خازىن تەپسىرىدە تارىخىي ۋەقەلىك ۋە قىسسەلەرنى بايان قىلغاندا، ئۇنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ گىراماتىكىلىق تىل قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان تەپسىرلەر

بۇ خىلدىكى تەپسىرلەر ئاساسەن ئەرەب تىلىنىڭ مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىلىق سۆز تەرتىپىگە ئەھمىيەت بېرىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ سۆزلىرىنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرى، ھەر خىل گىراماتىكىلىق شەكىللىرى ھەمشۇلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گىراماتىكىلىق مەنىلىرى، سۆزلەرنىڭ بىرىكمىسى ۋە جۈملە قۇرۇلمىسى جەھەتلەردىن ئەرەب تىلىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولغان ھالدا چۈشكەنلىكىنى، تىل بايلىقى مول بولغان ئەرەبلەرنىڭ ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى تىل سەنئىتى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەندەم شۇنىڭغا ماس ھالدا تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان بىر كىتاب بولۇپ چۈشكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. تۆۋەندىكىلىرى بۇ تۈردە يېزىلغان تەپسىرلەردىندۇر:

① ئەلبەھرۇلمۇھىت "البحر المحيط"

بۇ تەپسىرنىڭ ئاپتورى ئەبۇھەييان دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ئەندەلۇسلۇق مەھەممەد ئىبنى يۇسۇف ئىبنى ئەلى ئىبنى يۇسۇف ئىبنى ھەييان دېگەن كىشىدۇر. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 654 ـ يىلى تۇغۇلغان. بۇ تەپسىر كىشىلەر ئارىسىغا تارقالغان.

② كەششاف " الكشاف"

بۇ تەپسىرنىڭ ئاپتورى زەمەخشەرى دېگەن نام بىلەن تونۇلغان، خارەزىملىك ئالىم مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ كىشى مۇئتەزىلە ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ تەپسىرىمۇ بۇ قاراشنى ياقلايدىغان مەزمۇنلاردىن خالىي ئەمەس. لېكىن بۇ تەپسىر بۇ تۈر بويىچە يېزىلغان تەپسىرلەر ئىچىدە گىراماتىكىلىق ۋە باشقا جەھەتلەردە ناھايىتى ئىلغار پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولغاچقا، سۈننى ئەقىدىسىدىكى مۇسۇلمانلار بۇ تەپسىرنىڭ مۇئتەزىلە قارىشىغا ئالاقىدار مەزمۇنلىرىنى چىقىرىۋېتىپ كىشىلەرنىڭ بۇ تەپسىردىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر خىزمەت كۆرسەتكەن.

③ مەدارىكىل تەنزىل ۋە ھەقائىقۇلتەئۋىل "مدارك التنزيل وحقائق التأويل"

بۇ تەپسىر «تەپسىرى نەسەفىي» دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان. بۇ تەپسىرنىڭ ئاپتورى ھەنەفىي مەزھەپىگە مەنسۇپ بولغان، كاتتا ئالىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئىبنى مەھمۇد نەسەفىي دېگەن كىشىدۇر. ئۇ مەزكۇر تەپسىر كىتابىنى زەمەخشەرىنىڭ مۇئتەزىلە كۆز قارىشىدىن ناھايىتى يىراق بولغان ھالدا ئۇنىڭ «كەششاف» دېگەن تەپسىرىدىن ۋە «تەپسىرۇلبەيداۋىي» لاردىن ئىخچاملاپ يېزىپ چىققان.

پەلسەپەۋىي ئاڭ ۋە ئەقلىي كۆز قاراشلار ئاساس قىلىپ يېزىلغان تەپسىرلەر

بۇ ماۋزۇدا يېزىلغان تەپسىرلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرى پەخرۇددىن رازى دېگەن نام بىلەن تونۇلغان مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ھۇسەين ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئەلى تەرىپىدىن يېزىلغان «مەفاتىھۇلغەيب»،

يەنى غەيبلەرنىڭ ئاچقۇچلىرى دېگەن تەپسىردۇر.

ئاپتور بۇ تەپسىردە ئاسمان جىسىملىرى، تەبىئەت ئىلىملىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ. پەيلاسوپلارنىڭ ۋە ھېكمەت ئىگىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى كۆپ نەقىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىنغا قارشى خاتا كۆز قاراش، پىكىرلىرىنى ۋە دىن ھەققىدە بولغان شەك - شۈبھىلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇلارغا رەددىيە بېرىدۇ. بىراق رەددىيە بېرىشتە ئۇلارنىڭ دەلىل - پاكىتلىرى كۈچلۈك ھالەتتە بايان قىلىنىپ، ئۇ دەلىللەرگە بېرىلگەن رەددىيەلەر ئاجىز ھالەتتە بولۇپ قالغان تەرەپلىرى بار.

ئالىملار بۇ تەپسىرگە؛ ئىچىدە ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدىن باشقا ھەممە مەزمۇنلار بولغان تەپسىر، - دەپ باھا بېرىشكەن. بۇ تەپسىرمۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا تارقالغان تەپسىرلەردىندۇر.

سۈننى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ ئەقىدىسىدىن چەتنەپ كەتكەن تائىپىلارنىڭ يازغان تەپسىرلىرى

«قۇرئان كەرىم» الله تائالانىڭ روشەن پاكىتلىرى ۋە كەسكىن ھۆكۈملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇقەددەس ئىلاھىي دەستۇر بولۇپ، ئۇ مەزمۇنى ئېنىق، بەندىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىپ چۈشۈرۈلگەن كىتابتۇر. لېكىن سۈننى ئەقىسىدىن يات ھالدا ھەرخىل غەرەز، مەقسەت ۋە نىشان ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن تائىپىلار ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، نادان خەلقلەرنى قايمۇقتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ خاتا پىكىر، ئىددىيەلىرى ئاستىغا توپلاش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى ئۆز نەزەرىيەلىرىگە ماس ھالدا تەپسىر قىلغان. تۆۋەندىكى تەپسىرلەر بۇلارنىڭ بىر قىسمىدۇر:

① كەششاف:

بۇ تەپسىرنىڭ قانداق تەپسىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئاپتورىنىڭ مۇئتەزىلە ئەقىدىسىدە ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا بايان قىلدۇق.

② تەنزىھۇلقۇرئان ئەنىلمەتائىن "تنزيه القرآن عن المطاعين"

بۇ تەپسىرنىڭ ئاپتورى قازى ئابدۇلجاببار ئىبنى ئەھمەد ئىبنى خەلىلدۇر. بۇ كىشى مۇئتەزىلە تائىپىسىنىڭ كاتتىبېشى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ تەپسىرنى يېزىشتىكى مەقستى ئۆز قارىشىنى شەرھىلەش ۋە دەلىللەش ئۈچۈن بولغان. شۇڭا ئۇ بۇ تەپسىرىدە قۇرئاننىڭ ھەممە ئايەتلىرىنى تەپسىر قىلماستىن، ئەكسىچە ئايەتلەرنىڭ ئىچىدىن ئۆز خاھىشىغا ۋە كۆز قاراشلىرىغا دەلىل بولالايدۇ، دەپ قارىغان ئايەتلەرنىلا تەپسىر قىلغان.

③ تەپسىرى ئىبنى ئەرەبى "تفسير ابن عربي"

بۇ تەپسىرنىڭ ئاپتورى بولغان مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھ مۇھىيددىن ئىبنى ئەرەبى: «قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ ئاشكارا ۋە مەخپىي مەنىسى بار، ئايەتلەردىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى پەقەتلا ئۇنىڭ مەخپىي مەنىسىدۇر» دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان تائىپىلاردىن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىنى تەپسىر كىتابىدا كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلغان. ئايەتلەرنى تەپسىر قىلغاندا،

ئۇلارنىڭ ئاشكارا مەنىسىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن.

قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرلىرى يۇقىرىقىدەك ئۇسۇل بويىچە ئالتە تۈرگە بۆلۈنگەندىن سىرت، يەنە ئاممىباب ئومۇم بويىچە ئەسەر (رىۋايەت)گە تايىنىپ قىلىنغان تەپسىرلەر ۋە ئەقلىي تەپەككۇرغا تايىنىپ قىلىنغان تەپسىرلەر دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

ئەسەرگە تايىنىپ قىلىنغان تەپسىرلەر بولسا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، مەزمۇنداش ئايەتلەرگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرگە، ساھابىلار ۋە تابىئىنلاردىن رىۋايەت قىلىنغان ئەسەرلەرگە تايىنىپ قىلىنغان تەپسىرلەردۇر.

ئەقلىي تەپەككۇرغا تايىنىپ قىلىنغان تەپسىرلەر بولسا، ئەسەرگە تايىنىپ قىلىنغان تەپسىرلەرنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بۇ پەقەت تەپسىرشۇناس ئالىملارنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى، كۆز قارىشى ۋە ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىلىمنىڭ ئېھتىياجىغا ماس ھالەتتە قىلىنغان، شۇنداقلا بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشتا چوقۇم ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا، ﷲ تائالانىڭ ئايەتلەردە ئىپادىلىمەكچى بولغان مەقسىدىگە ئۇيغۇن بولۇشنى، ھاۋايى-ھەۋەس ۋە خاھىشلارنىڭ تەسىرىدىن يىراق بولۇشنى شەرت قىلغان ھالدا قىلىنغان تەپسىرلەردۇر.

بۇ تۈردىكى تەپسىرلەرنىڭ ئىچىگە يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن فىقھى، تارىخ ۋە قىسسىلەر، پەلسەپە ۋە ئەرەب تىلى گىراماتىكىلىرى ئاساس قىلىنىپ يېزىلغان تەپسىرلەر كىرىشتىن سىرت، تۆۋەندىكى تەپسىرلەرمۇ كىرىدۇ:

① تەپسىر بەيداۋىي "تفسير البيضاوي"

بۇ تەپسىرنىڭ ئاپتورى بولغان ئىمام بەيداۋىي ناسىرىددىن ئىبنى سەئىد، ئايەتلەرنى تەپسىر قىلغاندا ئەرەب تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا سۈننى مەزھەبىنىڭ دەلىل-پاكىتلىرى بويىچە ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىر قىلىدۇ.

ئاپتور ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىش جەريانىدا ھەر بىر سۈرىنىڭ ئاخىرىسىغا شۇ سۈرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرنى كەلتۈرىدۇ. لېكىن شۇ ھەدىسلەرنىڭ سەھىھ دەرىجىسىگە يەتكەن ياكى يەتمىگەن ھەدىس ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق ئىزاھات بەرمەيدۇ. بۇ تەپسىر ئۈچۈن نۇرغۇن شەرھىلەر يېزىلغان بولۇپ، «ھاشىيەتۇلشھابىل خىفاجى» دېگەن شەرھى ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى شەرھىسى ھېسابلىنىدۇ.

② تەپسىر جالالەين "تفسير الجلالين"

بۇ تەپسىرنىڭ ئاپتورى جالالىددىن مۇھەممەد ئەل مۇھەللا ۋە جالالىددىن ئابدۇراھمان سۇيۇتىلاردىن ئىبارەت ئىككى كاتتا دىنىي ئالىمدۇر.

ئۇلارنىڭ بۇ تەپسىرى ناھايىتى قىسقا ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەڭ كەڭ تارقالغان ۋە يەتكۈزگەن مەنپەئەتى ناھايىتى چوڭ بولغان تەپسىرلەردىن ھېسابلىنىدۇ. سەۋىيەسى تۆۋەن ئادەملەرمۇ ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بۇ تەپسىر دىنىي ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغاندىن سىرت، ئاتاقلىق دىنىي ئالىملاردىن بىر قىسىملىرىمۇ بۇ تەپسىرنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي دەرس ئوقۇتۇشلىرىدا ۋە دىنىي سۆھبەتلىرىدە قوللىنىپ كەلمەكتە.

يېڭى ئەسىردە يېزىلغان تەپسىرلەر

① ئەل جاۋاھىر فى تەپسىرىل قۇرئان "الجواهر في تفسير القرآن"

بۇ تەپسىرنىڭ ئاپتورى شەيخ تانتاۋى جەۋھەردۇر. ئۇ تەبىئەت ئىلمىگە ناھايىتى قىزىقىدىغان ئالىم بولۇپ، تەپسىرىدىمۇ مۇشۇ ساھادىكى ئىلىمنى ئۆگىنىشكە كۈچلۈك رىغبەتلەندۈرگەن، ھەم شۇ مەزمۇننى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىللە ئۆسۈملۈك، ھايۋاناتلار، تەبىئەت مەنزىرىلىرى قاتارلىقلارنىڭ سۈرەتلىرىنىمۇ قىستۇرۇپ قويغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەپسىر كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ دىگەندەك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەلمىگەن.

② تەپسىرۇل مەنار "تفسير المنار"

شەيخ مۇھەممەد رەشىد رىزا تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ تەپسىر مەنىسى ئاسان بولغان سۆزلەر بىلەن يېزىلغان، ئايەتلىرى ئەدەبىي بايان ئۇسۇلى بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن تەپسىر بولۇپ، ئاپتور بۇ تەپسىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ دىنغا قارىتا كەلتۈرگەن شەك - شۈبھىلىرىگە رەددىيە بېرىپ ئۇلارغا ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدۇ. جەمئىيەتتىكى بارلىق ئىللەت، ناچار قىلمىشلارنى پەقەت قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچىلا داۋالاشقا بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئاپتور تەپسىرىدە ئۆزىنىڭ «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئىنسانلارنى ئىككى دۇنيالىق بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرمەن دىگەن ئۇلۇغۋار غايىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

بۇ تەپسىر فاتىھە سۈرىسىدىن باشلىنىپ يۈسۈف سۈرىسىنىڭ 101 - ئايىتىگە كەلگەندە ئاپتور ۋاپات بولۇپ كېتىپ داۋامى توختاپ قالغان. پۈتۈپ چىققان قىسمىمۇ چوڭ - چوڭ 12 توم بولۇپ بېسىلىپ تارقىتىلماقتا.

③ فى زىلالىل قۇرئان "في ظلال القرآن"

بۇ تەپسىرنىڭ ئاپتورى يېڭى دەۋردىكى ئىسلام بېغىدا يېتىشىپ چىققان ئېسىل مۆتىۋەرلەرنىڭ بىرى بولغان ئالىم سەييىد قۇتۇبتۇر. ئۇ: "ئىسلام دىنى ئىنسانلار ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە باغلىنىشلىق، ئىسلام دىنىي ھايات كارۋىنىغا يېتەكچى بولۇشى كېرەك" دەيدىغان ئەقىدىدىكى مۇتەپەككۇرلاردىندۇر. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ ئەقىدە ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، شۇ ئەقىدىسى يولىدا شېھىت بولدى. ئۇنىڭ تەپسىرى ئىسلام دۇنياسىدا ئالقىشقا ئېرىشكەن تەپسىرلەردىندۇر.

ئاپتور تەپسىرىدە ھازىرقى دۇنيادا مەيدانغا كەلگەن بارلىق ئىجتىمائىي كېسەللىك ۋە زاۋاللىقنىڭ داۋاسىنىڭ پەقەت ئىسلام دىنى ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنى گۇمراھلىقتىن پەقەت ئىسلام دىنى ئارقىلىق قوتۇلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى، ھەممە نەرسىنى ياراتقان پەرۋەردىگار الله تائالانىڭ قۇرئاندا كۆرسەتكەن ھەقىقىي توغرا يولىغا قايتقاندىلا ئاندىن ئىككى دۇنيالىق بەخت- سائادەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتكەن.

ئۇنىڭ بۇ كۆز قارىشى ھەقىقەتتۇر. چۈنكى، ھازىرقى دۇنيادا يۈز بەرگەن ئېغىر ئىجتىمائىي

ئىللەتلەر، كېسەللەر، پاجىئەلەرگە باشلايدىغان ھەرقانداق بىر كىچىك ئامىل ۋە سەۋەبكىمۇ الله تائالا قۇرئاندا يول قويمىغان. الله تائالا نېمىنى چەكلىسە شۇنى قىلغان، نېمىگە بۇيرىسا شۇنى قىلمىغان ئەسكى ئىنسانلارنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان يەر شارى خاراكتېرلىك بۇزۇلۇش دۇنيانىڭ گۇمران بولۇشنى يەنى قىيامەتنىڭ بولۇشنى تېزلەشتۈرمەكتە.

④ ئەل تەپسىرۇلبايان لىلقۇرئانىل كەرىم "التفسير البيان للقرآن الكريم"

بۇ، شاتىئىنىڭ قىزى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان ئائىشە ئابدۇراھمان تەرىپىدىن قىلىنغان تەپسىردۇر. ئاپتور ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىشتا قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەبىيلىكىگە كۆپرەك ئېتىبار بەرگەن.

⑤ سەفۋەتۇت تەفاسىر "صفوة التفاسير"

بۇ تەپسىرنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد ئەلى سابۇنى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ تەپسىرى ئوقۇرمەنلەر قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىسىنى ناھايىتى ئاسانلا چۈشىنىۋالىدىغان ئۇسلۇبتا يېزىلغان. بۇ تەپسىر ئوقۇرمەنلەرنى قۇرئاننىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كېتىدۇ. بۇ تەپسىرمۇ ئاما ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ دائىرىدە تارقالغان.

⑥ تەپسىرۇل مۇنىر "تفسير المنير"

بۇ تەپسىرنىڭ ئاپتورى دوكتۇر ۋەھبەتۇل زۇھەيلى بولۇپ، ئاپتور تەپسىرنى بۇرۇنقى ھەرخىل تۇردىكى تەپسىرلەردىن پايدىلانغان ھالدا يېزىپ چىققان

⑦ ئەدۋائۇل بايان "أضواء البيان"

بۇ تەپسىرنىڭ ئاپتورى شەيخ مۇھەممەد ئەمىن مۇھەممەد مۇختاردۇر. بۇ تەپسىر ئون توم بولۇپ بېسىلغان بولۇپ، تەپسىردە فىقھى تەرەپكە كۆپرەك ئېتىبار بېرىلگەن.

⑧ تەپسىرۇل قۇرئان كەرىم فى كالامىل مەننان "تفسير القرآن الكريم في كلام المنان"

بۇ تەپسىرنى شەيخ ئابدۇراھمان ئىبنى ناسىر سەئىدى يازغان بولۇپ، سەلەپى ئەقىدىسىدىكىلەر بۇ تەپسىرنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ.

⑨ ئەيسەرۇت تەپاسىر "أيسر التفاسير"

بۇ تەپسىرنى ئەبۇبەكرى جابىر ئەل جازائىر يازغان.

بۇلاردىن باشقا ئىسمىلىرى بۇ يەردە بايان قىلىنمىغان خېلى كۆپ تەپسىرلەر بار.

"تەپسىرى ئىبنى كەسىر" ھەققىدە

مەشھۇر دىنىي ئالىم، تارىخشۇناس، فىقھشۇناس ۋە تەپسىرشۇناسلارنىڭ پېشىۋالىرىدىن بولغان، شۇنداقلا، يۇقىرى دەرىجىدە شۆھرەت قازانغان ئىلمىي ئەسەرلىرى، تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ چولپىنىغا ئايلانغان مەرھۇم ئۇستاز ئىبنى كەسىرنىڭ بۇ تەپسىرى تونۇشتۇرۇلغان تەپسىرلەر ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىق تەپسىر بولۇپ، ئۇنىڭ تەپسىر قىلىشتىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن بۇ

تەپسىر ئىسلام دۇنياسىدا نوپۇزلۇق تەپسىر دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. بۇ يەردە بىز ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ سەمىگە بۇ تەپسىرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ناھايىتى قىسقا قىلىپ تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتۇق. الله ھەر بىر ئوقۇرمەننىڭ توغرا مەنپەئەتلىنىشنى نېسىپ قىلسۇن!

بۇ تەپسىر پەقەت سەلەپ ئالىملىرى قىلغان تەپسىرلەرگە ئاساسلانغان ھالدا قىلىنغان تەپسىر بولۇپ مۇشۇ ساھەدىكى تەپسىرلەرنىڭ ئەڭ مۆتىۋەرلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

ئىبنى كەسىرنىڭ ـ الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ـ تەپسىر قىلىشتا قوللانغان ئۇسۇلىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئالدى بىلەن ئايەتنى ئايەت ئارقىلىق تەپسىر قىلىش، ئۇنىڭدىن قالسا شۇ ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر ئارقىلىق يېشىش، دەلىللەش ھەم سەلەپ ئالىملىرىنىڭ شۇ ئايەتكە قارىتا بايان قىلغان پىكىر ۋە قارىشىنى بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى بولسا ناھايىتى ئاز كەلتۈرگەن.

ئۇمەشھۇر ئىسلام تارىخشۇناس بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىشەنچلىك دەپ قارالغان قىسسىلىرىنى تەپسىرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىغا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن كىرگۈزگەن.

مەشھۇر ئالىم ئىبنى كەسىرنىڭ دىنىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بويىچە يازغان ئىلمىي ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدە فىقھى ساھەسىدىمۇ مەخسۇس ئەسىرى بولغاچقا بۇ تەپسىردە فىقھى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئانچە كۆپ توختالمىغان.

ئاخىرىدا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ ئۇتۇقلۇق بولۇشى ئۈچۈن، بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشتا خاتالىشىپ قالغان ياكى ئاپتورنىڭ مەقسىتىنى ئەينەن ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن ئەھۋال كۆرۈلگەن بولسا، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ۋە سەممىي تەنقىت ـ پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە تەپسىرنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا بىزگە ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن ياردەمدە بولغان ھەرقايسى ئۇستازلارغا، قېرىنداشلارغا ۋە مەسلەكداشلىرىمىزغا سەممىي رەھمەت ئېيتىمىز ۋە الله تائالادىن ئۇلارغا بۈيۈك ئەجىر ـ ساۋابلار تىلەيمىز!

الله تائالا بىزگىمۇ بۇ تەپسىرنى ئوقۇپ پايدىلانغۇچىلارغىمۇ ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەت ۋە ئۇتۇق ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

ھىجرىيە 1425 / رامىزان

مىلادى 2004 / ئۆكتەبىر

ئىبنى كەسىرنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ئىسلام دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئىجتىھاتلىق، ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن تونۇلغان كاتتا ئالىم ئىبنى كەسىرنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇلفىدا ئىمادۇددىن ئىسمائىل ئىبنى ئۆمەر ئىبنى كەسىر قۇرەشىي بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 701 ـ يىلى سۈرىيەنىڭ بۇسرا شەھىرى، مىجدەل يېزىسىدىكى بىر دىندار ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى شۇ يېزىدىكى مەسجىدنىڭ ئىمامى ھەم خاتىبى ئىدى. ئۇ ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئاكىسى ئابدۇلۋاھھاب ئۆز تەربىيىسىگە ئالغان ۋە باشلانغۇچ ئىلىملەرنى ئۆزى ئۆگەتكەن. ئۇ بەش ياشقا كىرگەندە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە سۈرىيەنىڭ ھازىرقى پايتەختى دەمەشققە كۆچۈپ كەلگەن.

ئەينى ۋاقىتتا دەمەشق ئىلىم ـ مەرىپەت بۆشۈكىگە ئايلانغان بولۇپ، ھەر قايسى پەن ۋە ھەر قايسى ساھادە يېتىشكەن نۇرغۇنلىغان كاتتا ئالىم ـ ئۆلىمالار شۇ يەردە ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە ئىدى. كاتتا ئالىم ئىبنى كەسىرمۇ مۇشۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئىلىم ئىگەللەش نىيىتىگە تولۇق ئېرىشكەن. ئۇ تېخى ئون ياشقا تولماي تۇرۇپ قۇرئان كەرىمنى پۇختا ياد ئېلىپ بولغان. ئۇ، بۇرھانۇددىن ئىبراھىم ئىبنى ئابدۇرراھمان فەزارى، ئىسا ئىبنى مۇتئىم، ئەھمەد ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئىبنى ھەججار، باھائۇددىن قاسىم ئىبنى مۇزەففەر ئىبنى ئەساكىر، ئىبنى شىيرازى، ئىسھاق ئىبنى يەھيا ئامىدىي، مۇھەممەد ئىبنى زەرراد، جامالۇددىن يۇسۇف ئىبنى زەكىي، شەيخۇلئىسلام تەقىيۇددىن ئىبنى تەيمىيە، شەمسۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئوسمان ئىبنى قايماز قاتارلىق ئاتاغلىق ئالىملاردىن تەپسىر ۋە قۇرئان ئىلىملىرى، ھەدىس ۋە ھەدىس ئىلىملىرى، فىقھى ۋە فىقھى ئۇسۇللىرى، تارىخ، ماتېماتىكا، گىراماتىكا، ئەدەبىيات... قاتارلىق پەنلەردە تىرىشىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ئەستە تۇتۇش ۋە مەسىلىلەرگە تېز ئىنكاس قايتۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، ئەلا دەرىجىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن.

ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە پەتىۋاچىلىق، مۇدەررىسلىك ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ مۇئەككۇللارنىڭ ھۇجۇمى، سەلىبلەرنىڭ ھۇجۇمى، ھوقۇقدارلارنىڭ ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىشلىرى، ئاچارچىلىق قاتارلىق ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولغان ئىرادىسىنى قىلچە بوشاشتۇرالمىغان.

ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ مەسىلىلەرگە تېز دەلىل كەلتۈرەلەيدىغان ئالىم ئىدى. ئۇنىڭ يازغان كىتابلىرى ھايات ۋاقتىدىلا شەھەر ـ شەھەرلەرگە تارقىغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغان.»

تارىخشۇناس، مەشھۇر ئالىم ئەبۇلمەھاسىن جامالۇددىن يۇسۇف ئىبنى سەيفۇددىن مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ۋە كاتتا ئالىم ئىبنى كەسىر ھاياتىنى ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە يېزىش ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ فىقھشۇناسلىق، تەپسىرشۇناسلىق، ھەدىسشۇناسلىق ساھالىرىدە ۋايىغا يەتكەن. ئۇ مۇدەررىسلىك قىلاتتى، ھەدىس توپلايتتى، مۇپتىلىق قىلاتتى ۋە ھەرقايسى پەنلەردە كىتاب يازاتتى. ئۇ تارىخ، ھەدىس ۋە تەپسىر ئىلمى ساھاسىدە كامالەتكە يەتكەن ئىدى.»

ئۇ ھاياتىدا نۇرغۇن كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ تولىسى تەكرار ـ تەكرار بېسىلىپ

ئىسلام دۇنياسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان، بىر قىسمى يوقاپ كەتكەن، بىر قىسمى تاكى ھازىرغىچە قول يازما پېتى ساقلىنىپ كېلىنمەكتە. ئۇنىڭ بېسىلىپ تارقىغان كىتابلىرىدىن بىرى قولۇڭىزدىكى "**تفسير القرآن العظيم**" (قۇرئان كەرىم تەپسىرى) ناملىق ئالتە توملۇق تەپسىر بولۇپ، رىۋايەتكە ئاساسلىنىپ يېزىلغان تەپسىرلەر ئىچىدە ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە مۆتىۋەر تەپسىر دەپ شۆھرەت قازانغان. يەنە بىرى "**البداية والنهاية**" (ئەلبىدايە ۋەننىھايە) ناملىق، 14 توملۇق تارىخ كىتابى بولۇپ، ئۇ بۇ كىتابتا دۇنيانىڭ يارىتىلىشىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى ھىجرىيىنىڭ 768 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە "**اختصار علوم الحدث**" (قىسقىچە ھەدىس ئىلىملىرى)، "**اختصار علوم الحدث**" (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى)، "**أحاديث التوحيد والرد علي الشرك**" (تەۋھىدنى بىلدۈرۈش ۋە شىرككە رەددىيە بېرىش) ناملىق كىتابلىرى ۋە باشقا كىتابلىرى بېسىلىپ تارقىغان.

ئۇنىڭ قولىيازما ھالىتىدە ساقلىنىۋاتقان كىتابلىرىدىن بىرى "**الهدى والسنن في أحاديث والمساند والسنن**" ناملىق، سەككىز توملۇق كىتابى بولۇپ، ئۇ بۇ كىتابتا مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد، مۇسنەدى بەززار، مۇسنەدى ئەبۇ شەيبە، مۇسنەدى ئىبنى ئەبۇ شەيبە قاتارلىق ھەدىس كىتابلىرىنى ۋە ئالتە سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىنى توپلىغان. بۇ كىتابنىڭ مەلۇم قىسمى بېسىلغان بولسىمۇ، كۆپ قىسمى قول يازما پېتى ساقلىنىپ كېلىنمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرى بولۇپ، بەزىلىرى يوقىلىپ كەتكەن، بەزىلىرى قول يازما پېتى ساقلانماقتا.

ئۇ پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىمگە بېغىشلاپ، ئىسلام دۇنياسىغا ئۆلمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، ھىجرىيەنىڭ 774 ـ يىلى شەئبان ئېيىنىڭ 26 ـ كۈنى دەمەشقتە الله نىڭ دەرگاھىغا ئىنتىقال قىلغان. پۈتۈن دەمەشق خەلقى ئۇنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈپ قەبرىستانلىققىچە ئەگىشىپ چىققان. ئۇ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. الله تائالا ئۇنىڭغا چەكسىز رەھمەت ۋە مەغپىرەت ئاتا قىلىپ، ياتقان يېرىنى فىردەۋس جەننىتىدىن قىلسۇن، ئامىن!!!

فاتىھە سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 7 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٢﴾ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿٣﴾ مَٰلِكِ يَوْمِ ٱلدِّينِ ﴿٤﴾ إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ
نَسْتَعِينُ ﴿٥﴾ ٱهْدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلْمُسْتَقِيمَ ﴿٦﴾ صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ ٱلْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا
ٱلضَّآلِّينَ ﴿٧﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللّٰه نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن﴿1﴾.

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى **اللّٰه** غا خاستۇر﴿2﴾. **اللّٰه** ناھايىتى شەپقەتلىك
ۋە مېھرىباندۇر﴿3﴾. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر﴿4﴾. (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە
سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴿5﴾. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن﴿6﴾. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە
ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)﴿7﴾.

فاتىھە سۈرىسىنىڭ ئىسىملىرى ۋە ئۇ ئىسىملارنىڭ مەنىسى

بۇ سۈرە "فاتىھە" دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى "قۇرئان كەرىم" نىڭ يېزىلىشى مۇشۇ سۈرە بىلەن باشلىنىدۇ (يەنى قۇرئان كەرىم بۇ سۈرە بىلەن باشلانغان بولۇپ، نامازلاردا قىرائەت قىلىش بۇ سۈرە بىلەن باشلىنىدۇ). كۆپلىگەن ئۆلىمالارنىڭ كۆز قارىشىچە بۇ سۈرە ھەم "ئۇممۇل كىتاب" (كىتابنىڭ جەۋھىرى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىمام تىرمىزىنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ دىن باشلانغان بۇ سۈرە قۇرئاننىڭ جەۋھىرىدۇر، نامازدا دائىم تەكرارلىنىدىغان يەتتە ئايەت ۋە كاتتا قۇرئاندۇر». بۇ

سۈرە "ھەمدە سۈرىسى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئاتىلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسى قۇددۇسىدا بايان قىلغان اللہ تائالانىڭ بۇ سۆزىنىڭ سەۋەبىدىندۇر: «مەن (اللہ ئۆزىنى دېمەكچى) نامازنى مەن بىلەن بەندەمنىڭ ئارىلىقىدا ئىككىگە بۆلدۇم. ئەگەر بەندەم ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ دېسە، مېنىڭ بەندەم ماڭا ھەمدە ئېيتتى دەيمەن».

بۇ سۈرە نامازنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن "ناماز" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ سۈرە "رۇقيە" (دەمدە قىلماق) سۈرىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ سۈرىنىڭ مۇنداق ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، (ئەبۇسەئىدنىڭ) رىۋايىتىدە ئېغىر ياردار بولغان بىر ئادەم بۇ سۈرىنى ئوقۇپ ئۆزىگە دەمدە قىلىۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ئادەمدىن: «بۇ سۈرىنىڭ دەمدە سۈرىسى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ؟» دەپ سورىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئىبنى ئابباس، قەتادە ۋە ئەبۇئالىيە قاتارلىقلار: «بۇ سۈرە مەككىدە» چۈشكەن، دېگەن. بۇ سۈرىنىڭ مەككىدە چۈشكەنلىكىنىڭ دەلىلى اللہ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدۇر: ﴿(نامازدا) تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتنى (يەنى فاتىھە سۈرىسىنى) ھەقىقەتەن ساڭا ئاتا قىلدۇق﴾[1] (بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەككىدە چۈشكەن بولۇپ، نامازدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەت-فاتىھە سۈرىسىنى كۆرسىتىدۇ- ت).

بۇ سۈرىدىكى ئايەتلەرنىڭ سانى

بۇ سۈرە ھېچ قانداق ئىختىلاپسىز يەتتە ئايەتتۇر. كۆپلىق قۇرئانشۇناس ئالىملارنىڭ بەزىسى، بىر تۈركۈم ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە خەلەپ[2] ئۆلىمالىرىنىڭ بەزىسى ﴿بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾ نى «بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىكى بىر ئايەتتۇر» دەيدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ سۆزلىرى ۋە ھەرپلىرىنىڭ سانى

بۇ سۈرە 25 سۆز، 113 ھەرپتىن تەركىب تاپقان.

بۇ سۈرىنى نېمە ئۈچۈن قۇرئاننىڭ جەۋھىرى دەپ ئاتايمىز؟

ئىمام بۇخارى سەھىھۇلبۇخارىدىكى تەپسىر بۆلۈمىنىڭ بېشىدا مۇنداق دېگەن: «بۇ سۈرە قۇرئاننىڭ جەۋھىرى دەپ ئاتالدى، چۈنكى، قۇرئاننىڭ يېزىلىشى مۇشۇ سۈرە بىلەن باشلىنىدۇ. شۇنداقلا نامازمۇ بۇ سۈرىنى ئوقۇش بىلەن باشلىنىدۇ.»

«بۇ سۈرە پۈتۈن قۇرئاننىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا قۇرئاننىڭ جەۋھىرى دەپ ئاتالدى» دېگەن كۆز قاراشلارمۇ بار. ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەبلەر ھەرقانداق بىر ئىشنى ئۆز ئەتراپىغا يىغىدىغان ياكى ئەگەشكۈچىسى بار ھەرقانداق بىر نەرسىنى ۋەياكى مېڭە قىسمىنى قاپلاپ تۇرىدىغان

(1) ھىجىر سۈرىسى 87 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) خەلەپ ئۆلىمالىرى دېگىنىمىز _ ھىجرىيەنىڭ 3 - ئەسىرىدىن كېيىن ياشىغان ئۆلىمالارنى كۆرسىتىدۇ.

تېرىنى ياكى ئەسكەرلەرنىڭ يىغىلىشى ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن بايراقنى جەۋھەر (ياكى مەركەز) دەپ ئاتايدۇ. مەسىلەن: مەككىنى باشقا كەنتلەر قورشاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن مەككە كەنتلەرنىڭ مەركىزى دەپ ئاتالدى، دەيدۇ.» بۇ مەسىلىدە يەنە زېمىن مەككىدىن باشلاپ يېيىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان دېگەن كۆز قاراشمۇ بار.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قۇرئاننىڭ جەۋھىرى» توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «فاتىھە سۈرىسى قۇرئاننىڭ جەۋھىرى ۋە نامازدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەت ۋە كاتتا قۇرئاندۇر».

ئەبۇجەئفەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر تەبەرى، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «فاتىھە سۈرىسى قۇرئاننىڭ جەۋھىرى ۋە كىتابنىڭ باشلىنىشى ھەم نامازدا تەكرارلىنىدىغان يەتتە ئايەتتۇر».

فاتىھە سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللا "مۇسنەد" دېگەن كىتابىدا ئەبۇسەئىد ئىبنى مۇئەللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ناماز ئوقۇۋاتاتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى چاقىردى، مەن نامازنى ئوقۇپ بولغىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جاۋاب قايتۇرمىدىم. نامازنى تۈگىتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ــ سەن ماڭا نېمە ئۈچۈن جاۋاب بەرمىدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ناماز ئوقۇۋاتقان ئىدىم، ــ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: الله تائالا مۇنداق دېمىدىمۇ؟ ــ دەپ تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى. ﴿ئى مۆمىنلەر! الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا چاقىرسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار﴾[1] ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ــ سەن مەسچىتتىن چىقىشتىن بۇرۇن، ساڭا قۇرئاندىكى ئەڭ كاتتا بىر سۈرىنى ئۆگىتىپ قويىمەن»، ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولۇمنى تۇتۇپ مەسچىتتىن چىقىشقا تەمشىلىۋاتقاندا: ــ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كاتتا بىر سۈرىنى ماڭا ئۆگىتىپ قوياي دېگەن ئىدىڭ، ــ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ــ ھەئە، دەپ: ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ يەنى بۇ سۈرە نامازدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتتۇر ۋە ماڭا بېرىلگەن كاتتا قۇرئاندۇر، ــ دېدى.» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، ئەبۇداۋۇد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر ھەدىستە ئىمام بۇخارى قۇرئاننىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا ئەبۇسەئىد خۇدرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز سەپەر ئۈستىدە بىر يەرگە چۈشتۇق. بىر قىز كېلىپ: ــ بۇ مەھەللىنىڭ باشلىقىنى زەھەرلىك بىر نەرسە چېقىۋېلىپ ئېغىر دەرىجىدە يارىدار بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ھازىر بۇ يەردە يوق ئىدى. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا دەمىدە قىلالايدىغان بىرەرىڭلار بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى. ئارىمىزدىن بىز ئۇنى دەمىدە قىلالايدۇ دەپ ئويلاپ باقمىغان بىرەيلەن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، شۇ قىز بىلەن (كېسەلنىڭ قېشىغا) باردى. ئۇ ئادەم كېسەلگە دەمىدە قىلدى. كېسەل ساقىيىپ قالدى. شۇنىڭ

(1) ئەنفال سۈرىسى 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىلەن ئۇلار دەمىدە قىلغان ئادەمگە ئوتتۇز دانە قوي بۇيرۇپ بەردى ۋە بىزنىڭ ئىچىشىمىز ئۈچۈن سۈت بەردى. دەمىدە قىلغان ئادەم بىزنىڭ يېنىمىزغا قايتىپ كەلگەندە، بىز ئۇنىڭدىن: ـ سەن دەمىدىنى ياخشى قىلامتىڭ- دەپ سورىدۇق. ئۇ ئادەم: مەن "قۇرئاننىڭ جەۋھىرى" بىلەن دەمىدە قىلدىم، ـ دېدى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇ ئىش توغرۇلۇق سورىمىغىچە بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېيىشمەيدىغان بولدۇق. مەدىنىگە كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ـ فاتىھە سۈرىسىنىڭ دەمىدە سۈرىسى ئىكەنلىكىنى ئۇ كىشى قانداق بىلىپتۇ؟ قويلارنى بۆلۈپ ماڭا بىر كىشىلىك ئايرىپ قويۇڭلار، ـ دېدى.

يەنە بىر ھەدىستە ئىمام مۇسلىم ۋە نەسەئى، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئىدۇق، يېنىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇيۇقسىز يۇقىرى تەرەپتىن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام يۇقىرىغا قاراپ: «بۇ بۇرۇن ئاسماندا ئېچىلىپ باقمىغان بىر ئىشىك بولۇپ ھازىر ئېچىلدى» دېدى.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئىشىكتىن بىر پەرىشتە چۈشتى. ئۇ پەرىشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: سەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە بېرىلمىگەن، پەقەت ساڭىلا بېرىلگەن ئىككى نۇر بىلەن خۇش بېشارەت بېرىمەن، ئۇ ئىككى نۇرنىڭ بىرسى كىتابنىڭ باشلىنىشى (يەنى فاتىھە سۈرىسى)، يەنە بىرسى بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرى. بۇ ئىككىسىدىن بىرەر ھەرپ ئوقۇساڭمۇ تىلىكىڭگە ئېرىشىسەن، ـ دېدى.»

نامازدا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش توغرىسىدا

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كىمكى ناماز ئوقۇپ، نامازدا قۇرئاننىڭ ئانىسىنى (جەۋھىرىنى) ئوقۇمىسا، ئۇ ناماز تولۇق ناماز ئەمەس» دېگەن سۆزىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرەدىن بىز ئىمامنىڭ كەينىدە بولساقچۇ؟ ـ دەپ سورالغاندا، ئۇ: فاتىھە سۈرىسىنى ئىچىڭدە ئوقۇغىن، دەپ جاۋاب بېرىپ، ئاندىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «الله : ـ مەن نامازنى مەن بىلەن بەندەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىگە بۆلدۈم. بەندەم تىلىگىنىگە ئېرىشىدۇ. ئەگەر بەندەم ﴿الْحَمْدُ للَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ دېسە، مەن: ـ بەندەم ماڭا ھەمدى ئېيتتى، ـ دەيمەن. ئەگەر بەندەم: ﴿الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾ دېسە، مەن: ـ بەندەم ماڭا سانا ئېيتتى دەيمەن. ئەگەر بەندەم: ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ دېسە، مەن: ـ بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى ۋە يەنە ئۆزىنى ماڭا تاپشۇردى، ـ دەيمەن. ئەگەر بەندەم: ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ دېسە، مەن: ـ بۇ مەن بىلەن بەندەمنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىلاھى مۇناسىۋەتنىڭ تۇرغۇزۇلغانلىقىدۇر. بەندەم تىلىگىنىگە ئېرىشىدۇ، ـ دەيمەن. ئەگەر بەندەم: ﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ ÇİË صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلاَ الضَّالِّينَ﴾ دېسە، مەن: ـ بۇ بەندەم ئۈچۈن بولۇپ، بەندەم تىلىگىنىگە ئېرىشىدۇ، دەيمەن، ـ دەيدۇ.»

ئىمام مۇسلىم ۋە نەسەئىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: «نامازنىڭ يېرىمى ماڭا، يېرىمى بەندەمگە بولۇپ، بەندەم تىلىگىنىگە ئېرىشىدۇ.»

بۇ ھەدىس نامازدا قۇرئاننىڭ ئايىتىنى ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ۋە قۇرئاننىڭ ئايىتىنى ئوقۇش نامازنىڭ مۇھىم بىر پەرزى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. نامازدا قۇرئاننىڭ ئايىتىنى ئوقۇش بىرلىككە

كەلگەن مەسىلە. «نامازدا قۇرئاننىڭ ئايىتىنى ئوقۇش، فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش دېگەنلىكمۇ ياكى قۇرئاننىڭ ھەرقانداق بىر ئايىتىنى ئوقۇسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىكمۇ؟» دېگەن مەسىلىدە ئالىملار ھەر خىل كۆز قاراشلاردا بولدى. بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئەبۇھەنىيفە ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى، ئىمام سەۋرى ۋە ئەۋزائى قاتارلىق ئالىملار: «نامازدا فاتىھەنى ئوقۇش پەرز ئەمەس، بەلكى نامازدا قۇرئاننىڭ باشقا ئايەتلىرىنى ئوقۇسىمۇ (سەجدە سەھۋى قىلىش ئارقىلىق) ناماز ئادا تاپىدۇ»[1] دەيدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىلى اللہ تائالانىڭ: ﴿قۇرئاندىن سىلەرگە قولاي بولغان (ئايەتنى) ئوقۇڭلار﴾[2] دېگەن ئايىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىدا رۇكۇ، سەجدىلىرىنى تولۇق ئادا قىلمىغان بىر كىشىگە: «سەن نامازغا تۇرغاندا ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ قۇلاق قاقىقىن ۋە قۇرئاننىڭ ئىچىدىن ساڭا قولاي بولغان ئايەتنى ئوقۇغىن!...» دەپ ئۆگەتكەن ھەدىسىمۇ ئۇلارنىڭ يەنە بىر دەلىلىدۇر. مانا بۇ ئايەت ۋە ھەدىستە قۇرئاننىڭ ئىچىدىن قايسى سۈرە ياكى قايسى ئايەت ناماز ئوقۇغۇچىغا قولاي بولسا، شۇنى ئوقۇشقا بۇيرۇدى. شۇڭا نامازدا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇماي، باشقا بىر سۈرىنى ئوقۇپ سەجدە سەھۋە قىلسا ناماز ئادا تاپىدۇ.

ئىككىنچى تۈردىكى ئالىملار: «نامازدا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش پەرزدۇر، فاتىھە سۈرىسى ئوقۇلمىغان ناماز، ئادا تاپمايدۇ» دەيدۇ. بۇ خىل كۆز قاراشتىكى ئالىملار ئىمام مالىك، شافىئىي، ئەھمەد ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

1 ـ «كىمكى نامازدا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىسا، ئۇ ناماز مۇكەممەل ئەمەس».

2 ـ «فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ناماز ئەمەس».

3 ـ «فاتىھە سۈرىسى ئوقۇلمىغان ناماز دۇرۇس ئەمەس» دېگەن ھەدىسلىرىدۇر.

ئاندىن بۇ ئالىملار: «فاتىھە سۈرىسىنى نامازنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە ئوقۇش زۆرۈرمۇ ياكى بىرەر رەكئەتتە ئوقۇسىمۇ بولامدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە ئۈچ خىل كۆز قاراشتا بولدى.

بىرىنچى خىل كۆز قاراشتىكىلەر: فاتىھە سۈرىسىنى نامازنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە ئوقۇش پەرزدۇر، ـ دېدى. بۇ ئىمام شافىئىي ۋە بىر تۈركۈم ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

ئىككىنچى خىل كۆز قاراشتىكىلەر: فاتىھە سۈرىسى نامازنىڭ رەكئەتلىرىنىڭ كۆپرەكىدە (مەسىلەن، تۆت رەكئەتلىك ناماز بولسا، ئۈچ رەكئىتىدە؛ ئۈچ رەكئەتلىك بولسا، ئىككى رەكئىتىدە) ئوقۇش پەرزدۇر، ـ دېدى.

---

(1) ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئۇنىڭ كۆز قارىشىدىكى ئالىملارنىڭ: ”نامازدا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش پەرز ئەمەس“ دېگەنلىكى، نامازدا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىسۇن دېگەنلىك ئەمەستۇر. فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش ئىمام شافىئىي دېگەندەك پەرز ئەمەس بەلكى ۋاجىب دېگەنلىكتۇر. بىر كىشى نامىزىدا فاتىھە سۈرىسىنى پەقەت ئوقۇماي باشقا سۈرىلەرنى ئوقۇغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ نامىزى شافىئىيلار دېگەندەك ناماز ئوقۇغانلىق ھېسابلانمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، ئەكسىچە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغانلىقى ئۈچۈن سەجدە سەھۋە قىلىش ئارقىلىق نامىزى ئادا تاپىدۇ. بۇلارنىڭ دەلىلى شافىئىيلار پاكىت قىلىپ كەلتۈرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى نامازدا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىسا، ئۇ ناماز مۇكەممەل ئەمەس» دېگەن ھەدىسىدىكى «مۇكەممەل ئەمەس» دېگەن سۆزىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە « فاتىھە سۈرىسى ئوقۇلمىغان ناماز ناماز بولمايدۇ» دېمەستىن؛ «مۇكەممەل ناماز بولمايدۇ» دېگەن. شۇڭا فاتىھە سۈرىسى ئوقۇلمىغان ناماز مۇكەممەل بولمىغانلىقى ئۈچۈن سەجدە سەھۋە قىلىش ئارقىلىق مۇكەممەللەشتۈرۈلسە ناماز ئادا تاپىدۇ.

(2) مۇزەممىل سۈرىسى 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۈچىنچى خىل كۆز قاراشتىكىلەر: فاتىھە سۈرىسىنى نامازنىڭ بىر رەكئىتىدىلا ئوقۇش پەرزدۇر، ـ دېدى. بۇ، ھەسەنبەسرى ۋە بەسرە شەھىرىدىكى نۇرغۇن ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

«ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشىگە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش پەرزمۇ ياكى پەرز ئەمەسمۇ؟» دېگەن مەسىلىدىمۇ ئالىملار ئۈچ خىل كۆز قاراشتا كەلدى.

بىرىنچى خىلدىكىلەر: فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ئادەمگىمۇ پەرزدۇر، ـ دەيدۇ. بۇ، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەدنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇلارنىڭ دەلىلى يۇقىرىدىكى نامازدا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكى توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەردۇر.

ئىككىنچى خىلدىكىلەر: ئايەت ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان ناماز بولسۇن ياكى ئىچىدە ئوقۇلىدىغان ناماز بولسۇن، ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشىنىڭ فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇشى شەرت ئەمەس، ـ دەيدۇ. بۇلارنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىمامنىڭ قىرائىتى شۇ ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشىنىڭ قىرائىتى ھېسابلىنىدۇ»[1] دېگەن ھەدىسى ۋە الله تائالانىڭ: ﴿الله نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار!﴾[2] دېگەن ئايىتىدۇر. بۇ ئايەت كۆپىنچە ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىچە، نامازدا ئايەت ئوقۇلغاندا ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشىلەرنى قۇرئاننى ئىڭشاپ جىم تۇرۇشقا بۇيرۇپ چۈشكەندۇر. بۇ قاراشنى ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرىمۇ توغرا دەپ قارىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىمام ئىقتىدا قىلىنىش ئۈچۈن تۇرغۇزۇلدى. ئۇ ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ قۇلاق قاقسا سىلەرمۇ ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ قۇلاق قېقىڭلار! ئىمام قىرائەت قىلسا سىلەر (قۇلاق سېلىپ) جىم تۇرۇڭلار» دېگەن ھەدىسمۇ شۇنىڭ دەلىلىدۇر[3]. بۇ ھەنەفى مەزھىپىدىكىلەرنىڭ قارىشىدۇر.

ئۈچىنچى خىلدىكىلەر: ئايەت ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان (شام، خۇپتەن ۋە بامدات نامازلىرىغا ئوخشاش) نامازلاردىكى ئايەت ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان رەكئەتلەردە ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ئادەملەرگە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش پەرز ئەمەس. ئەمما ئىچىدە ئوقۇلىدىغان نامازلاردا ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشىگە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش پەرز. بۇلارنىڭ پاكىتى ئىمام مۇسلىم ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىمام ئىقتىدا قىلىنىش ئۈچۈن تۇرغۇزۇلدى، ئۇ ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ قۇلاق قاقسا، سىلەرمۇ: ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ قۇلاق قېقىڭلار! ئۇ قىرائەت قىلىشنى باشلىسا، (قۇلاق سېلىپ) جىم تۇرۇڭلار» دېگەن ھەدىسىدۇر. بۇ، ئىمام مالىكنىڭ قارىشىدۇر.

شەيتاندىن پاناھ تىلەش ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى

56

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا

(1) ئالىملار، بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھەدىس رىۋايەت قىلىشقا شەرتى توشمايدىغان كىشىلەرمۇ بار دەپ قارايدۇ.
(2) ئەئراف سۈرىسى204 ـ ئايەت.
(3) مانا بۇ ئايەت ـ ھەدىسلەر ئىمام نامازدا ئايەت ئوقۇغاندا، ئايەت مەيلى ئۈنلۈك ئوقۇلسۇن ياكى ئىچىدە ئوقۇلسۇن، ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشىلەرنى جىم تۇرۇشقا بۇيرۇپ كەلدى .

مۇلايىم بولغىن) ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلسا، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىدىن) الله غا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن. الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (ئىشىڭنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1]. ﴿(ئۇلارنىڭ قىلغان) يامانلىقىغا (ئەپۇ قىلىش بىلەن) ياخشىلىق قىلغىن، ئۇلارنىڭ (سېنى) سۈپەتلەشلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان مەسخىرىسىنى) بىز ئوبدان بىلىمىز. ئېيتقىنكى، پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىدىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمرا بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن﴾[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ. ئەگەر شەيتان سېنى ۋەسۋەسە قىلىپ (يۇقىرىقى خىسلەتنى ئۆزلەشتۈرمەسلىككە كۈشكۈرتسە) الله غا سېغىنىپ (شەيتاننىڭ شەررىدىن) پاناھ تىلىگىن، الله ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[3].

بۇ نەسىھەتنى كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، سەۋرچان ۋە دۇنيا - ئاخىرەتتە سائادەتمەن كىشىلەردىن باشقىسى قوبۇل قىلالمايدۇ. ساڭا شەيتاندىن بىر ۋەسۋەسە يەتكەن چاغدا سەن الله غا ئېسىلغىن. ئۇ الله شەك - شۈبھىسىز سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە ئەھۋالىڭنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. بۇ مەزمۇن توغرىسىدا پەقەتلا ئۈچ ئايەت بار. الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ئىنسانلاردىن بولغان دۈشمەن بىلەن يارىشىشقا ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. سەۋەبى: ياخشىلىق قىلغان ئادەمنىڭ ئېسىل ئەخلاقى ۋە ياخشى مۇئامىلىلىرى دۈشمەندىكى يامان نىيەتنى قايتۇرۇپ، ئۇ ئادەمنى ياخشى كۆرۈشكە ۋە ئىككى ئارىلىقتىكى ئۆچمەنلىكنى تۈگىتىپ، دوستانە ئۆتۈشكە تۈرتكە بولىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

شەيتانلاردىن بولغان دۈشمەنلەرگە قارىتا پەقەت الله دىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ خىل دۈشمەنگە قارىتا الله تائالادىن پاناھ تىلەشتىن باشقا ئامال يوق. چۈنكى، ئۇ دۈشمەن يارىشىشنى ۋە ياخشىلىقنى قوبۇل قىلمايدۇ. شەيتان ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بولغان قاتتىق دۈشمەنلىكى سەۋەبىدىن ئادەم بالىلىرىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل گۇمران بولۇپ كېتىشىدىن باشقىسىنى خالىمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا - ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالغۇزۇۋەتكەن ئىدى (يەنى ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بولۇپ قېلىشىغا شەيتان سەۋەبچى بولغان ئىدى)﴾[4]. ﴿شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ﴾[5]. ﴿مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئىبلىس زالىملار ئۈچۈن نېمىدېگەن يامان

---

(1) ئەئراف سۈرىسى199— 200 - ئايەتلەر.
(2) مۆمىنۇن سۈرىسى 96 — 98 - ئايەتكىچە.
(3) فۇسسىلەت سۈرىسى 34 — 36 - ئايەتكىچە.
(4) ئەئراف سۈرىسى27 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) فاتىر سۈرىسى 6 - ئايەت.

بەدەل! (يەنى الله غا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا شەيتانغا چوقۇنۇش نېمىدېگەن يامان!﴾[1] شەيتان ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىگە قەسەم ئىچىپ تۇرۇپمۇ يالغانچىلىق قىلدى. ئۇنداقتا، ئۇ بىزگە (ئادەم بالىلىرىغا) قانداق مۇئامىلە قىلماقچى؟! الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبلىس ئېيتتى: «ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن. ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)﴾[2].

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتانىنىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) الله غا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن. شۈبھىسىزكى، مۆمىنلەرنىڭ ۋە پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلغۇچىلار (يەنى يۆلەنگۈچىلەر) نىڭ ئۈستىدىن شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ (يەنى پەرۋەردىگارىغا چىن يۆلەنگەن مۆمىنلەرگە شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسى تەسىر قىلالمايدۇ). شەيتان پەقەت ئۆزىنى دوست تۇتىدىغانلار ۋە ئۆزىنىڭ (ئىغۋا قىلىشى) بىلەن مۇشرىك بولۇپ كەتكەنلەر ئۈستىدىنلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ﴾[3].

قىرائەت قىلىشتىن بۇرۇن شەيتاندىن پاناھ تىلەش توغرىسىدا

﴿سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتانىنىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) الله غا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن!﴾[4].

بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەردۇر. ئىمام ئەھمەد ئەبۇسەئىد خۇدرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى تۇرۇپ ناماز ئوقۇماقچى بولۇپ، تەكبىر ئېيتقاندا بۇ دۇئانى ئوقۇيتتى: «**سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ، وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وَتَعَالَى جَدُّكَ، وَلاَ إِلَهَ غَيْرُكَ**»[5] تەرجىمىسى: «ئى الله! سېنى بىز ھەممە كەمچىلىكتىن پاك دەپ تونۇيمىز ۋە ساڭا ھەمدۇ ئېيتىمىز. سېنىڭ ئىسمىڭ كاتتا، ئورنىڭ ئۈستۈن، سەندىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچقانداق زات يوق». ئۇنىڭدىن كېيىن: «**لاَ اَلَهَ إِلاَّ اللهُ**» نى ئۈچ قېتىم ئوقۇيتتى. ئاندىن مۇنداق دەيتتى: «**أَعُوذُ بِاللهِ السَّمِيْعِ العَلِيْمِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ مِنْ هَمْزِهِ وَنَفْخِهِ وَنَفْثِهِ**»[6] «ئاڭلاپ، بىلىپ تۇرغۇچى الله تائالاغا سىغىنىپ قوغلاندى شەيتانىنىڭ قەست قىلىشىدىن، ۋەسۋەسىسىدىن ۋە كىبىرىسىدىن پاناھ تىلەيمەن».

يەنە ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجەمۇ جۇبەير ئىبنى مۇتئىمدىن دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازغا كىرگەندە «**اللهُ أَكْبَرُ كَبِيْرًا، الحَمْدُ للهِ كَثِيْرًا، سُبْحَانَ اللهِ بُكْرَةً وَأَصِيْلاً**»[7] «الله بەك كاتتىدۇر. الله غا كۆپلىگەن ھەمدىلەر بولسۇن. بىز الله نى ئەتىگەندە ۋە كەچتە بارلىق

---

(1) كەھف سۈرىسى 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ساد سۈرىسى 82 ـ 83 ـ ئايەتلەر.
(3) نەھل سۈرىسى 98 ـئايەتتىن 100 ـ ئايەتكىچە.
(4) نەھل سۈرىسى 98 ـ ئايەت.
(5) سۇبھانەكەللاھۇممە ۋەبىھەمدىكە، ۋەتەبارەكەسمۇكە، ۋەتائالا جەددۇكە، ۋەلائىلاھە غەيرۇك.
(6) ئەئۇزۇ بىللاھىسسەمىئىلئەلىيم مىنەششايتانىررەجىيم مىنھەمەزىھى ۋەنەفخىھى ۋەنەفەسىھى.
(7) ئاللاھۇ ئەكبەر، كەبىيرا، ئەلھەمدۇلىللاھى كەسىيرا، سۇبھانەللاھى بۇكرەتەن ۋەئەسىيلا.

كەمچىلىكتىن پاك دەپ تونۇيمىز» نى ئۈچ قېتىم ۋە «اللَّهُمَّ إِنِّيْ أَعُوْذُ بِكَ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ مِنْ هَمَزِهِ وَنَفْخِهِ وَنَفْثِهِ»[1] «ئى الله ! ھەقىقەتەن ساڭا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ قەستى قىلىشىدىن، ۋەسۋەسىسىدىن ۋە كىبىرىسىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەننى بىر قېتىم دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

ئاچچىقلانغاندا شەيتاندىن پاناھ تىلەش توغرىسىدا

ئەبۇيەئلا ئەھمەد ھەدىس كىتابىدا ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىككى ئادەم ئاچچىقلىشىپ قېلىپ، ئاچچىقلانغانلىقتىن بىرىنىڭ بۇرنىدىن قان كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن بىر نەرسە ئۆگىتىپ قويىمەن، ئەگەر شۇنى دېسە، ئۇنىڭ ئاچچىقى يانىدۇ» دېدى ۋە "أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ"[2] «الله غا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن» نى ئوقۇدى.

ئىمام بۇخارى، سۇلايمان ئىبنى سەرد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېلگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق، ئىككى كىشى تىللىشىپ قالدى. بىرى يەنە بىرىنى تىللاپ ئاچچىقلانغانلىقتىن يۈزى قىزىرىپ كېتىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن بىر سۆزنى ئۆگىتىپ قويىمەن، ئەگەر شۇنى دېسە ئۇنىڭ ئاچچىقى يانىدۇ» دېدى ۋە "أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ"[3] يەنى «الله غا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن» نى ئوقۇدى. ساھابىلار ھېلىقى كىشىگە: «سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟» دېدى. ئۇ كىشى: «مەن (شەيتاندىن پاناھ تىلىگىلى) ساراڭ ئەمەس» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

الله تائالادىن شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەش پەرزمۇ ياكى سۈننەتمۇ؟

كۆپلىگەن ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، الله تائالادىن شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەش پەرز ئەمەس، بەلكى سۈننەت بولۇپ، پاناھ تىلىمىگەن كىشى پەرزنى تەرك ئەتكەن كىشىدەك گۇناھكار بولمايدۇ.

ئىمام رازى، ئەتا ئىبنى رەباھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «نامازدا ياكى نامازنىڭ سىرتىدا ئايەت ئوقۇماقچى بولغاندا: "أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ"[4] نى دېيىش پەرزدۇر. ئىمام رازى، ئەتانىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ الله تائالا نىڭ ﴿پَانَاھ تىلىگىن﴾[5] دېگەن ئايىتىنى ھۆججەت

(1) ئاللاھۇممە ئىننىي ئەئۇزۇبىكە مىنەششايتانىررەجىيم مىنھەمەزىھى ۋەنەفخىھى ۋەنەفەسىھى.
(2) ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىررەجىيم.
(3) ئەئۇزۇ بىللاھ مىنەششەيتانىررەجىيم.
(4) ئەئۇزۇ بىللاھ مىنەششەيتانىررەجىيم.
(5) نەھل سۈرىسى 98 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىپ كەلتۈردى. بۇ: "أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ"[1] نى دېيىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بۇيرۇق ئايىتىدۇر. چۈنكى، اَللّٰهُ تائالادىن پاناھ تىلەش شەيتاننىڭ يامانلىقىنى قايتۇرىدۇ. پەرز ئۇنىڭسىز تاماملانمايدىغان نەرسىنى قىلىشمۇ پەرزدۇر. "أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ" نى دېيىش شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىشقا يېتەرلىكتۇر، شۇڭلاشقا ئۇنى دېيىش پەرزدۇر.»

شەيتاندىن پاناھ تىلەشنىڭ پايدىلىرى

ئۇنىڭ زۆرۈرلىكى شۇكى، ئۇ الله تائالانىڭ قۇرئاننى ئوقۇيدىغان ئېغىزنى قۇرۇق پاراڭ ۋە قالايمىقان سۆزلەردىن تازىلايدۇ. شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەش الله دىن ياردەم تىلەش ۋە الله نىڭ كۈچ ـ قۇدرەتلىك زات ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتۇر. ئىنسانلاردىن بولغان دۈشمەنگە ئوخشىمايدىغان، يۈزلەشكىلى بولمايدىغان ھەم ياخشىلىقنى قوبۇل قىلمايدىغان، ئۇنى ياراتقان الله دىن باشقىسى ئۇنىڭ يامانلىقىنى توساشقا كۈچى يەتمەيدىغان بۇ دۈشمەنگە (يەنى شەيتانغا) ئىنساننىڭ تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، مېنىڭ (ئىخلاسمەن) بەندىلىرىم ئۈستىدىن سەن ھۆكۈمرانلىق قىلالمايسەن. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر﴾[2].

ئادەملەردىن بولغان دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن (ئاسماندىن) پەرىشتىلەر چۈشكەن ئىدى. ئادەمدىن بولغان دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شېھىت بولىدۇ. ئەمما يوشۇرۇن دۈشمەن (يەنى شەيتان) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشى (يەنى شەيتانغا قۇل بولغان كىشى) الله نىڭ رەھمىتىدىن قوغلاندى قىلىنىدۇ. ئاشكارا دۈشمەنگە (يەنى ئادەملەردىن بولغان دۈشمەنگە) يېڭىلىپ قالغان كىشى ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. ئەمما يوشۇرۇن دۈشمەنگە (يەنى شەيتانغا) يېڭىلگەن كىشى توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن بولىدۇ. شەيتان ئىنساننى كۆرىدىغان، ئىنسان ئۇنى كۆرەلمەيدىغان بولغاچقا، شەيتاننى كۆرىدىغان، شەيتان كۆرەلمەيدىغان الله دىن مەلئۇن شەيتاننىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن پاناھ تىلەش لازىمدۇر.

"أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ" نىڭ مەنىسى

ئۇنىڭ مەنىسى: "قوغلاندى قىلىنغان شەيتاننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىمدە ماڭا زىيان كەلتۈرۈشىدىن ياكى بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىشتىن مېنى توساپ قويۇشىدىن ۋە ياكى چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشقا مېنى قىزىقتۇرۇشىدىن جانابى الله تائالادىن پاناھ تىلەيمەن" دېگەنلىكتۇر. چۈنكى الله تائالادىن باشقىسى ئىنساننى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن توسيالمايدۇ. شۇڭا الله تائالا ئىنسانلاردىن بولغان شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن ئۇلارنى ئەسلىدىكى تەبىئىتىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ يارىشىشقا بۇيرۇدى ۋە شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن الله دىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇدى. چۈنكى، شەيتان يارىشىشنى

(1) ئەئۇزۇ بىللاھ مىنەششەيتانىررەجىيم.
(2) ئىسرا سۈرىسى 65 ـ ئايەت.

قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ھەرقانداق ياخشىلىقمۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ناچار بولۇپ، ئۇنى ياراتقان الله دىن باشقىسى ئىنسانلاردىن ئۇنىڭ يامانلىقىنى توسىيالمايدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئايەتلەردە مۇنداق دېدى: ﴿ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن﴾[1] بۇ ئايەت ئىنسانلاردىن بولغان شەيتانلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا كەلگەن بولۇپ، ئاندىن الله تائالا (ئىنسانلاردىن بولمىغان شەيتانلاردىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇپ) مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلسا، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) الله غا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن. الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (ئىشىڭنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارنىڭ قىلغان) يامانلىقىغا (ئەپۇ قىلىش بىلەن) ياخشىلىق قىلغىن، ئۇلارنىڭ (سېنى) سۈپەتلەشلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان مەسخىرىسىنى) بىز ئوبدان بىلىمىز ئېيتقىنكى، پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمرا بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن﴾[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ. ئەگەر شەيتان سېنى ۋەسۋەسە قىلىپ (يۇقىرىقى خىسلەتنى ئۆزلەشتۈرمەسلىكىڭگە كۈشكۈرتسە) الله غا سېغىنىپ (شەيتاننىڭ شەررىدىن) پاناھ تىلىگىن، الله ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[4].

شەيتاننىڭ شەيتان دەپ ئاتىلىشى

«شەيتان» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىكى «يىراق بولدى» دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان. سەۋەبى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ شەيتانلىق تەبىئىتى بىلەن ئىنساننىڭ تەبىئىتىدىن، يامانلىقلىرى بىلەن ھەممە ياخشىلىقتىن يىراقتۇر. ئۇ ئوتتىن يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن «كۆيۈپ كەتكىلى ئاز قالدى« دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دېگەن كۆز قاراشلارمۇ بار. ئۆلىمالارنىڭ ئىچىدىن ھەر ئىككى كۆز قاراش توغرا، لېكىن ئەۋۋەلقى كۆز قاراش كۈچلۈكرەك دېگەنلەر بار. شۇڭا ئەرەبلەر مەيلى جىندىن، ئىنساندىن ياكى ھايۋاندىن بولسۇن، ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى «شەيتان» دەپ ئاتايدۇ.

الله تائالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى بۇ مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك)

(1) ئەئراف سۈرىسى199- ئايەت.
(2) ئەئراف سۈرىسى200- ئايەت.
(3) مۆمىنۇن سۈرىسى 96 - ئايەتتىن 98 - ئايەتكىچە.
(4) فۇسسىلەت سۈرىسى 34 - ئايەتتىن 36 - ئايەتكىچە.

ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەر بىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق﴾[1].

ئىمام ئەھمەد «مۇسنەد» دېگەن كىتابىدا ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى ئەبۇزەر! سەن الله تائالادىن ئىنسان ۋە جىنلاردىن بولغان شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىگىن!» ئاندىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئىنسانلاردىنمۇ شەيتان بولامدۇ؟» دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىمام مۇسلىم كىتابىدا يەنە ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئايال كىشى، ئېشەك ۋە قارا ئىت نامازنى بۇزىدۇ»[2] دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! نېمىشقا قىزىل ۋە سېرىق ئىتلار نامازنى بۇزماي، قارا ئىت بۇزىدۇ؟ - دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قارا ئىت شەيتاندۇر» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قېچىرغا مىنگەن ئىدى، قېچىر قىيغىتىشقا باشلىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب قېچىرنى ئۇرغانسېرى قېچىر تېخىمۇ قىيغىتىپ كەتتى. ئاندىن ئۆمەر قېچىردىن چۈشۈپلا: «مېنى شەيتانغا مىندۈرۈپ قويۇپسىلەر مەن ئۇنىڭدىن چۈشكەن ۋاقتىمدا ئۆزەمنى يوقىتىپ قويغاندەك ھېس قىلدىم» دېدى.

﴿الرَّجِيْمُ﴾ نىڭ مەنىسى

﴿الرَّجِيْمُ﴾ دېگەن پۈتۈن ياخشىلىقتىن قوغلاندى قىلىندى دېگەنلىك بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(بىز بارلىق ئاسمانلاردىن) ئەڭ يېقىن ئاسماننى چىراقلار (يەنى يورۇق يۇلتۇزلار) بىلەن بېزىدۇق ۋە ئۇلارنى (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئۇرۇنغان) شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق (يەنى شەيتانلار يۇلتۇزلاردىن چىققان شولا بىلەن ئېتىلىدۇ)، شەيتانلارغا (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق﴾[3] الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن يېقىن ئاسماننى يۇلتۇزلار (نۇرى) بىلەن زىننەتلىدۇق. الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچى ھەر بىر شەيتاندىن ئۇنى قوغدىدۇق. ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ (سۆزلىرىدىن ھېچ نەرسىنى) ئاڭلىيالمايدۇ، ئۇلار، قوغلىنىشى ئۈچۈن، ھەر تەرەپتىن ئاققۇچى يۇلتۇزلار بىلەن ئېتىلىدۇ، ئۇلار (ئاخىرەتتە) دائىملىق ئازابقا قالىدۇ. لېكىن (ئاسمان خەۋەرلىرىدىن) ئوغرىلىقچە بىر نەرسە ئاڭلىغان شەيتاننى يورۇق يۇلتۇز قوغلاپ (كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ)﴾[4].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار چوقۇم: «كۆزلىرىمىز باغلىنىپ قالدى، بەلكى سېھىرلەنگەن قەۋم بولۇپ قالساق كېرەك» دېيىشىدۇ. بىز ئاسماندا بۇرۇجلارنى ياراتتۇق ۋە كۆزەتكۈچىلەر ئۈچۈن ئاسماننى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىدۇق ھەر بىر قوغلاندى شەيتاندىن ئاسماننى قوغدىدۇق لېكىن (ئاسمان خەۋەرلىرىگە) ئوغرىلىقچە قۇلاق سالماقچى بولغان شەيتاننى روشەن ئاقار يۇلتۇز قوغلاپ يېتىدۇ (يەنى

(1) ئەنئام سۈرىسى112 - ئايەتنىڭ بىر قىسمىز.
(2) ئايال كىشى نامازنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە، نامازنىڭ بۇزۇلۇشى ئىسلامنىڭ دەسلەپىدىكى ھۆكۈم بولۇپ، كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.
(3) مۇلك سۈرىسى 5 - ئايەت.
(4) ساففات سۈرىسى 6 - ئايەتتىن 10 - ئايەتكىچە.

ھالاك قىلىدۇ)﴾[1]

يەنە «ئازدۇرغۇچى» دېگەن مەنىسىمۇ بىلدۈرىدۇ دەيدىغان كۆز قاراشلارمۇ بار. چۈنكى، شەيتان كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ۋەسۋەسىلىرى ۋە گۇللاشلىرى بىلەن ئازدۇرىدۇ. بۇ كۆز قاراشتىن ئالدىنقى كۆز قاراش كۈچلۈكرەك.

﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ فاتىھە سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدۇر

ساھابىلار قۇرئان كەرىمنى ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ بىلەن باشلىغان ئىدى. ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ نىڭ نەمل سۈرىسىنىڭ بىر ئايىتى ئىكەنلىكى ھەققىدە بىرلىككە كەلدى. ئاندىن ئۇلار ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ زادى ھەر بىر سۈرىنىڭ ئالدىدا كەلگەن ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر ئايەتمۇ ياكى ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ يېزىلىپ كەلگەن ھەر بىر سۈرىنىڭ بىر ئايىتىمۇ ياكى بولمىسا ھەر بىر سۈرىنىڭ يېرىم ئايىتىمۇ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدى. ساھابىلاردىن ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى زۇبەير، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار، تابىئىنلاردىن ئەتا، تائۇس، سەئىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، مەكھۇل ۋە زۆھرى قاتارلىقلار: ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ تەۋبە سۈرىسىدىن باشقا ھەر بىر سۈرىنىڭ بېشىدىكى بىر ئايەتتۇر، ـ دېگەن قاراشتا بولۇپ، ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك، ئىمام شافىئىي، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل (بىر رىۋايىتىدە)، ئىسھاق ئىبنى راھۇۋەيھى ۋە ئەبۇئۇبەيدە قاسىم ئىبنى سالام قاتارلىقلار يۇقىرىقى پىكىرگە قوشۇلىدۇ.

ئىمام مالىك، ئەبۇھەنىيفە ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى: ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ فاتىھە سۈرىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سۈرىلەرنىڭ بىر ئايىتى ئەمەس، دەيدۇ. ئىمام داۋۇد: ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ ھەر بىر سۈرىنىڭ بېشىدا كېلىدىغان، لېكىن مەزكۇر سۈرىگە تەۋە بولمىغان ئايرىم بىر ئايەتتۇر، ـ دەيدۇ. بۇ پىكىر ئىمام ئەھمەدنىڭ يەنە بىر خىل كۆز قارىشىدۇر.

قىرائەت ئۈنلۈك ئوقۇلغان نامازدا ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ نى ئۈنلۈك ياكى ئىچىدە ئوقۇش توغرىسىدا

﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ فاتىھە سۈرىسىنىڭ ئىچىدىكى ئايەت ئەمەس دېگۈچىلەر ۋە ئۇ ھەر بىر سۈرىنىڭ بېشىدا كېلىدىغان، لېكىن ئۇ سۈرىگە تەۋە بولمىغان ئايرىم بىر ئايەتتۇر دېگۈچىلەر بۇ كۆز قارىشىغا ئاساسەن: ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ نامازدا ئۈنلۈك ئوقۇلمايدۇ، ـ دەيدۇ. ئەمما ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ نى ھەر بىر سۈرىنىڭ بېشىدىكى بىر ئايەت دېگۈچىلەر ئۇنى ئۈنلۈك ئوقۇش ياكى ئىچىدە ئوقۇش توغرىسىدا ئىختىلاپلىشىپ قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمام شافىئىي ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ فاتىھە سۈرىسى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سۈرىلەر بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇلىدۇ، ـ دېدى. بۇ ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سەلەپ ۋە خەلەپ ئىماملىرىدىن بولۇپ بىر تۈركۈم ئالىملارنىڭ تۇتقان يولىدۇر.

ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىن ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس ۋە مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم

(1) ھىجر سۈرىسى 15 ـ ئايەتتىن 18 ـ ئايەتكىچە.

قاتارلىقلارمۇ ﴿بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ﴾ نى ئۈنلۈك ئوقۇغان.

ئىبنى ئابدۇلبەر ۋە بەيھەقى قاتارلىقلار ئۆمەر ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ ﴿بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ﴾ نى ئۈنلۈك ئوقۇيدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى. ئىمام خەتىب تۆت خەلىپە يەنى ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ۋە ئەلى قاتارلىقلارنىڭ ﴿بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ﴾ نى نامازدا ئۈنلۈك ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى. لېكىن بۇ ئاجىز رىۋايەتتۇر. تابىئىنلاردىن ﴿بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ﴾ نى ئۈنلۈك ئوقۇشقا قوشۇلغانلار سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىكرىمە، ئەبۇقالابە، ۋە زۆھرى، ئەلى ئىبنى ھەسەن، ئۇنىڭ بالىسى مۇھەممەد، سەئىد ئىبنى مۇسەييىب، ئەتا، تائۇس، مۇجاھىد، سالىم، مۇھەممەد ئىبنى كەئىب قۇرەزى، ئەبۇبەكرى ئىبنى مۇھەممەد ئەمر ئىبنى ھەزمى، ئەبۇۋائىل، ئىبنى سىرىين، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر، ئەلى ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئابباس، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد، ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئازاد گەردىسى نافىئ، زەيد ئىبنى ئەسلەم، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، ئەزرەق ئىبنى قەيىس، ھەبىب ئىبنى ئەبۇسابىت، ئەبۇشەئىسائى، مەكھۇل ۋە ئابدۇللا ئىبنى مەئقەل ئىبنى مۇقرىن قاتارلىقلاردۇر.

ئىمام بەيھەقى ئابدۇللا ئىبنى سافۋان، مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيە، ئىبنى ئابدۇلبەر ئەمر ئىبنى دىينارنى مەزكۇر ئىسىملارغا قوشۇپ بايان قىلدى. ئۇلار: «﴿بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ﴾ فاتىھە سۈرىسىنىڭ بىر بۆلىكى، شۇڭا ئۇمۇ فاتىھە سۈرىسىنىڭ باشقا بۆلەكلىرىگە ئوخشاش ئۈنلۈك ئوقۇلىدۇ.» دېگەن سۆزنى ئۆزلىرىنىڭ دەلىلى قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

يەنە ئىمام نەسەئى، ئىبنى خۇزەيمە، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم قاتارلىقلار كىتابلىرىدا ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرگەندە، ﴿بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ﴾ نى ئۈنلۈك ئوقۇغانلىقىنى ۋە نامازدىن كېيىن: «مەن سىلەرگە نامازنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىغا ئوخشاش ئوقۇپ بەردىم» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ رىۋايەتنى ئىمام دارىقۇتنى، ئىمام خەتىب، ئىمام بەيھەقى ۋە ئۇلاردىن باشقىلارمۇ توغرا دەپ قارىغان.

ئىمام بۇخارى ئۆز كىتابىدا ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىرائىتى توغرۇلۇق سورالغاندا، مۇنداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىرائەتنى سوزۇپ - سوزۇپ قىلاتتى. ئۇ قىرائەتنى ﴿بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ﴾ بىلەن باشلاپ، ﴿بِسْمِ اللّٰهِ﴾، ﴿الرَّحْمٰنِ﴾، ﴿الرَّحِيمِ﴾ لارنى سوزۇپ ئوقۇيتتى. ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى خۇزەيمە ۋە ھاكىملار كىتابلىرىدا ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىرائەت قىلغان چاغدا ﴿بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ﴾، ﴿الْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾، ﴿الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾، ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ دەپ ھەر بىر ئايەتنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئوقۇيتتى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام شافىئىي ۋە ھاكىم قاتارلىقلار ئەنەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇئاۋىيە مەدىنىدە ناماز ئوقۇپ بېرىپ ﴿بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ﴾ نى ئىچىدە ئوقۇغان ئىدى. نامازغا قاتناشقان مۇھاجىرلار مۇئاۋىيەنىڭ بۇ ئىشىنى ياقتۇرمىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇئاۋىيە ئىككىنچى قېتىم ناماز ئوقۇغاندا ﴿بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ﴾ نى ئۈنلۈك ئوقۇدى». دارىقۇتنى بۇ ھەدىسنى: توغرا، - دېدى. مۇشۇ ھەدىس ۋە ئەسەرلەرنىڭ[1] ھەممىسى نامازدا ﴿بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ﴾ نىڭ ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

ئالىملارنىڭ بىر بۆلىكى ﴿بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ﴾ نامازدا ئۈنلۈك ئوقۇلمايدۇ دەيدىغان كۆز قاراشتا ئىگە.

(1) ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى <ئەسەر> دەپ ئاتىلىدۇ.

تۆت خەلىپە (يەنى ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى)، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل قاتارلىقلار، تابىئىن ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن بىر تۈركۈم سەلەپ ۋە خەلەف ئۆلىمالارنىڭ ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ نى ئىچىدە ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدى. بۇ، ئىمام ئەبۇھەنىيفە، سەۋرى ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتارلىقلارنىڭ تۇتقان يولىدۇر. ئىمام مالىك بولسا: ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ مەيلى ئۈنلۈك بولسۇن ياكى ئىچىدە بولسۇن نامازدا پەقەت ئوقۇلمايدۇ، ــ دېگەن كۆز قاراشتىدۇر. بۇ خىل كۆز قاراشتىكىلەر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى دەلىل قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى تەكبىر ئېيتىش ۋە ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ نى قىرائەت قىلىش بىلەن باشلايتتى». ــ بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى بىلەن مۇسلىمنىڭ كىتابلىرىدا ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىمۇ دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈلگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمانلارنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇدۇم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىرائەتنى ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ بىلەن باشلايتتى». ئىمام مۇسلىم: «ئەنەس: ئۇلار ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ نى قىرائەت قىلىشتىن بۇرۇن ياكى قىرائەتتىن كېيىن ئوقۇمايتتى، ــ دېگەندى» دەيدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەلمۇ يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى قىلغان. مانا مۇشۇلار ئالىملارنىڭ بۇ مەسىلىدە ئوتتۇرىغا قويغان دەلىللىرىدۇر. بۇ مەسىلىدە پەرق چوڭ ئەمەس، چۈنكى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كەلتۈرگەن دەلىللىرىگە ئاساسەن ئالىملار ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ نى ئۈنلۈك ياكى ئىچىدە ئوقۇسىمۇ بولىدۇ، دېگەن پىكىردە بىرلىككە كەلدى.

﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ نىڭ پەزىلىتى

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئۆز كىتابىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىغىغا مىنگىشىپ ماڭغان بىر ساھابىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىغى تېيىلىپ كەتتى. مەن: «شەيتان ھالاك بولسۇن» دېگەن ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹شەيتان ھالاك بولسۇن دېمە! ئەگەر ئۇنداق دېسەڭ شەيتان تېخىمۇ چوڭچىلىق قىلىپ: مېنىڭ كۈچۈم بىلەن يىقىلدى، ــ دەيدۇ. ئەگەر الله نىڭ ئىسمى بىلەن ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ دېسەڭ، شەيتان كىچىكلەشكە باشلاپ خۇددى چىۋىنچىلىك بولۇپ قالىدۇ› دېگەن ئىدى.»

"الله" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى

"الله" دېگەن سۆز پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان زاتقا خاس ئىسىمدۇر. "الله" دېگەن بۇ ئىسىم ھەممە سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئىسمى ئەزەم (يەنى كاتتا ئىسىم) دەپ ئاتىلىدۇ. "الله" دېگەن سۆز "الله" نىڭ باشقا ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن سۈپەتلىنىپ كېلىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر)، (مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلىرىنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ

تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر، الله (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1] يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە الله نىڭ ئىسمىدىن باشقا ئىسىملىرى "الله" دېگەن ئىسمىنىڭ سۈپەتلىرى بولۇپ كەلگەن.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿«الله دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر). چۈنكى، الله نىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار» دېگىن، نامىزىڭدا (قىرائەتنى) (مۇشرىكلار ئاڭلاپ قېلىپ ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن) يۇقىرى ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن﴾[2] ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله نىڭ توقسان توققۇز ئىسمى بار، كىمكى ئۇ ئىسىملارنى يادلىسا جەننەتكە كىرىدۇ».

﴿الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ نىڭ مەنىسى

﴿الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ مېھرى ـ شەپقەتنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان مەنداش ئىككى ئىسىمدۇر. "رەھمان" دېگەن سۆز مېھرى ـ شەپقەت جەھەتتە "رەھىم" دېگەن سۆزدىن كەڭرى مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىبنى جەرىرنىڭ سۆزىچە، بۇ پىكىردە ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىمۇ بىردەكلىككە ئىگە.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئىككى ئىسىمنىڭ مەنداش ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ئىمام تىرمىزىنىڭ ئا . ئىبنى ئەۋف (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)دىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدۇر. ئا . ئىبنى ئەۋف (رەزىيەللاھۇئەنھۇ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇدسى ھەدىستە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «الله تائالا مۇنداق دېدى: مەن ناھايىتى شەپقەتلىكتۇرمەن، مېھرى ـ شەپقەتنى ياراتتىم. ئاراڭلاردىكى بۇ مېھرى ـ شەپقەت مېنىڭ <ناھايىتى شەپقەتلىك> دېگەن ئىسمىمدىن چىقىرىلغان بىر ئىسىمدۇر. شەپقەتنى ئۈزۈۋەتمەي كىشىلەرگە شەپقەت قىلىپ تۇرغان كىشىگە مەنمۇ شەپقىتىمنى ئۈزۈۋەتمەيمەن. كىشىلەرگە قارىتا شەپقەتنى ئۈزۈۋېتىپ شەپقەت قىلمىغان كىشىدىن مەنمۇ ئۆز شەپقىتىمنى ئۈزۈۋەتتىم» دەيدۇ.

بۇ ھەدىس "رەھمان" بىلەن "رەھىم" نىڭ بىر تۈپ سۆزدىن تۈرلەنگەنلىكىگە دەلىلدۇر. ئەينى زاماندىكى ئەرەبلەرنىڭ الله نىڭ "رەھمان" يەنى "ناھايىتى شەپقەتلىك" دېگەن ئىسمىنى ئىنكار قىلىشى، ئۇلارنىڭ الله تائالانى ۋە ئۇنىڭغا لايىق بولىدىغان نەرسىلەرنى بىلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىدىندۇر. ئەبۇئەلى پارىسى: الله نىڭ "رەھمان" يەنى "ناھايىتى شەپقەتلىك" دېگەن ئىسمى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە، مۆمىن ۋە كاپىرلارغا[3] بولىدىغان ھەممە شەپقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، الله تائالاغىلا خاس بىر ئىسىمدۇر، ـ دېدى.

الله نىڭ "رەھىم" يەنى "ناھايىتى مېھرىبان" دېگەن ئىسمى مۆمىنلارگىلا خاس بىر ئىسىمدۇر.

(1) ھەشر سۈرىسى، 23 ـ ، 24 ـ ئايەتلەر.
(2) ئىسرا سۈرىسى 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) كاپىرلار ئاخىرەتتە الله نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

الله بۇ توغرىسدا مۇنداق دېدى: ﴿الله مۆمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1] الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىگە قارىتا ئۆزىنىڭ ناھايىتى مېھرىبان دېگەن ئىسمىنى كەلتۈردى. ئىبنى ئابباس: ﴿الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ﴾ ناھايىتى نازۇك ئىككى ئىسىمدۇر، ئۇنىڭ بىرسى مېھرىبانلىق مەنىسىنى بىلدۈرۈشتە يەنە بىرىسىدىن كۈچلۈكرەكتۇر، ـ دېدى.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دېدى: سىررى ئىبنى يەھيا تەمىيمى، ئوسمان ئىبنى زۇفەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى: الله تائالانىڭ "رەھمانىررەھىم" دىكى "ئەررەھمان" دېگەن ئىسمى مەيلى مۆمىن ياكى كاپىر بولسۇن، پۈتكۈل مەخلۇقاتلارغا ئومۇمىدۇر. "ئەررەھىم" دېگەن ئىسمى مۆمىن بەندىلەرگىلا خاستۇر. تەپسىرشۇناسلار: شۇڭا الله تائالا "ئەررەھمان" دېگەن ئىسمىنى قۇرئاننىڭ ﴿ناھايىتى شەپقەتلىك زات الله ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى﴾[2] دېگەن ئايەتلىرىدە كەلتۈردى. بۇنداق دېيىشنىڭ سەۋەبى، الله نىڭ شەپقىتى بارلىق مەخلۇقاتلارغا ئومۇمىي بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. الله تائالا "ئەررەھىم" دېگەن ئىسمىنى ﴿الله مۆمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[3] دېگەن ئايىتىدە پەقەت مۆمىنلەرگىلا خاس قىلىپ كەلتۈردى. الله نىڭ شەپقىتى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بارلىق مەخلۇقاتلارغا ئومۇمىي بولغانلىقى ئۈچۈن، الله نىڭ "رەھمان" دېگەن ئىسمى مېھرى ـ شەپقەت مەنىسىنى بىلدۈرۈشتە الله نىڭ "ئەررەھىم" دېگەن سۆزىدىن چوڭقۇرراقتۇر. لېكىن تۆۋەندىكى دۇئادا بۇ ئىككى ئىسىم مېھرى ـ شەپقەت مەنىسىنى ئوخشاش دەرىجىدە ئىپادىلەپ كەلگەن: «دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېھرى ـ شەپقەتلىك بولغان زاتتىن تىلەيمەن.»[4]

"ئەررەھمان" دېگەن ئىسىم پەقەت الله تائالاغىلا خاس بولۇپ، باشقا بىرسى ئۇ ئىسىم بىلەن ئاتالمىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿«الله دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر). چۈنكى، الله نىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار» دېگىن﴾[5] (يۇقىرىدىكى ئايەتتە الله تائالا "ئەررەھمان" دېگەن ئىسمىنى ئۆزىگىلا خاس قىلىپ كەلتۈردى).

مۇسەيلىمە كاززاپ پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلىپ چىقىپ، ئۆزىنى "رەھمانۇل يامامە" (يەنى يامامىنىڭ شەپقەتچىسى) دەپ ئاتىۋالغاندا، الله ئۇنىڭغا يالغانچىلىقنىڭ تونىنى كىيگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يالغانچىلىق بىلەن ئالەمگە تونۇلۇپ "مۇسەيلىمە كاززاب" دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پۈتۈن ئەرەب خەلقى يالغانچىلىققا شۇنى مىسال كەلتۈرىدىغان بولدى. مۇسەيلىمە ئۆزىنى "رەھمانۇل يامامە" (يەنى يامامىنىڭ شەپقەتچىسى) دەپ ئاتىۋالغاندا، ئۇنىڭغا ئازغۇنلۇقتا بىللە بولغان ئادەملەردىن باشقىسى ئەگەشمىدى.

الله تائالا "ئەررەھىم" (يەنى ناھايىتى مېھرىبان) ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سۈپەتلىرى بىلەن باشقىلارنى سۈپەتلەپ كەلتۈردى. الله تائالا بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ

(1) ئەھزاب سۈرىسى 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تاھا سۈرىسى 5 ـ ئايەت.
(3) ئەھزاب سۈرىسى 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) رحمان الدنيا والآخرة و رحيمهما (رەھمانۇددۇنيا ۋەلئاخىرەتى ۋە رەھىمەھما)
(5) ئىسرا سۈرىسى 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(ھىدايەت تېپىشقىلارغا) ھېرىستۇر، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴾[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنى (يەنى ئەر بىلەن ئايالنىڭ مەنىيسى) دىن ياراتتۇق، ئۇنى بىز (شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (ئۇنى نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق﴾[2] (مانا يۇقىرىدىكى بۇ ئايەتلەردە الله تائالا ئۆزىنىڭ مېھرىبان، ئاڭلايدىغان ۋە كۆرىدىغانغا ئوخشاش سۈپەتلىرى بىلەن باشقىلارنى سۈپەتلەپ كەلدى) ت.

يۇقىرىقىلارنى خۇلاسىلىگەندە، الله نىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئىچىدىن "الله" ئۆزىدىن باشقا بىرسىنىمۇ ئاتىغان ئىسىملار بار. مەسىلەن، "ئەررەھىم" گە ئوخشاش. يەنە الله تائالاغىلا خاس ئاتالغۇ بولۇپ كېلىدىغان: "الله، ئەررەھمان، خالىق ۋە رازراق" دېگەندەك ئىسىملىرىمۇ بار. شۇڭا الله تائالا بىسمىللانى "الله" دېگەن ئىسمى بىلەن باشلاپ ئۆزىنى "ئەررەھمان"، ئۇنىڭدىن كېيىن "ئەررەھىم" دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلەيدۇ. "ئەررەھمان" دېگەن سۈپەت بىلەن بۇرۇن سۈپەتلىنىشى، ئۇنىڭ "ئەررەھىم" دېگەن سۈپىتىگە قارىغاندا الله تائالاغا خاس بولغانلىقى، باشقا سۈپەتلىرىدىن ئۇلۇغراق ۋە مەشھۇرراق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ نىڭ مەنىسى

ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ الله تائالادىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان يالغان ئىلاھلارغا ۋە الله ياراتقان مەخلۇقاتلارغا ئەمەس، بەلكى الله نىڭ ئۆز بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان سان ـ ساناقسىز نېئمەتلىرى ئۈچۈن پەقەت الله تائالاغىلا شۈكۈر قىلىشتۇر. بۇ نېئمەتلەر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىنسانلارغا كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ھەر خىل رىزىقلارنى بېرىش ۋە مەڭگۈلۈك ئاخىرەت ئالىمىدە مەڭگۈلۈك راھەت ئورنى بولغان جەننەتكە يەتكۈزىدىغان توغرا يولنى بىزگە بىلدۈرۈپ، ئۇ يولدا مۇستەھكەم مېڭىشىمىزغا چاقىرىش بىلەن بىرگە، ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىنى الله ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ساق ـ سالامەت قىلىپ بەرگەنلىكىدىندۇر. ئىبنى جەرىر: ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ ـ الله ئۆزىنى مەدھىيلىگەن بىر مەدھىيە سۆزىدۇر. شۇنداقلا الله بەندىلىرىگە سىلەر الله غا ھەمدۇ ئېيتىڭلار، ـ دېگەندەك بەندىلىرىنى ئۆزىگە ھەمدۇ ئېيتىشقا بۇيرۇشىدۇر، دەيدۇ.

﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ الله نى چىرايلىق ئىسىملىرى ۋە ئالىي سۈپەتلىرى بىلەن مەدھىيىلەش. ئەششۇكرۇ لىللاھ (يەنى اَللّٰه غا شۈكرى بولسۇن) الله نىڭ بەرگەن نېئمەتلىرى ئۈچۈن ئۇنى مەدھىيىلەش بولىدۇ دېگەن كۆز قاراشلارمۇ بار.

﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ يەنى الله تائالاغا مەدھىيە دېگەن سۆز بىلەن <الله غا شۈكرى> دېگەن سۆزنىڭ پەرقى

(1) تەۋبە سۈرىسى 128 ـ ئايەت.
(2) ئىنسان سۈرىسى2 ـ ئايەت.

ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرسەك، "الله غا مەدھىيە" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئىستېمال قىلىنىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا "الله تائالاغا شۈكرى" دېگەن سۆزدىن كەڭرەكتۇر. چۈنكى، "مەدھىيىلەش" بىر نەرسىنىڭ خاس سۈپەتلىرىگە ۋە خاس بولمىغان سۈپەتلىرىگە قارىتىلغان بولسا، "شۈكۈر ئېيتىش" (يەنى رەھمەت ئېيتىش) بىر نەرسىنىڭ خاس بولمىغان سۈپەتلىرىگە قارىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ باتۇرلىقى ۋە سېخىيلىقىنى مەدھىيىلەيمەن، ـ دېيىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ باتۇرلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن، ـ دېيىلمەيدۇ. چۈنكى، باتۇرلۇق بولسا خاس سۈپەتتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ سېخىيلىقى ۋە ياخشىلىق قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن، دېيىلىدۇ.

ئەبۇنەسرى ئىسمائىل ئىبنى هاماد جەۋھەرى مۇنداق دەيدۇ: "مەدھىيە" كەمستىشنىڭ قارشىسىدۇر. بىر ئادەمنى مەدھىيىلىدىم دېگەنلىك، ئۇ ئادەم مەدھىيىلەنگۈچى دېگەنلىكتۇر. ئۇ "رەھمەت ئېيتىش" دېگەن سۆزدىن كەڭ مەنىدىدۇر. چۈنكى رەھمەت ياخشىلىق قىلغان ئادەمنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈنلا بولىدۇ.

سەلەپ ئالىملىرىنىڭ "مەدھىيە" توغرىسىدىكى سۆزلىرى

ئەبۇمۇئەممەر، ھەفسەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلىدىن (ئۇنىڭ يېنىدا بىرمۇنچە ئادەملەر بار ئىدى): "لائىلاھە ئىللەللاھۇ" (الله تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىبادەتكە لايىق زات يوق)، "سۇبھانەللاھ" (الله نى ھەممە كەمچىلىكتىن پاك دەپ تونۇيمىز) ۋە "ئاللاھۇ ئەكبەر" (الله ئەڭ بۈيۈك) دېگەن سۆزنىڭ مەنىلىرىنى بىلدۇق، لېكىن "ئەلھەمدۇلىللاھ" نىڭ مەنىسى نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۇ، الله ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن، رازى بولغان ۋە (ئۇنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن) دېيىلىشى ياخشى كۆرۈلگەن بىر سۆزدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "ئەلھەمدۇلىللاھ" مەدھىيە سۆزىدۇر. ئەگەر بەندە: "ئەلھەمدۇلىللاھ" دېسە، الله : بەندەم، مېنى مەدھىيىلىدى، ـ دەيدۇ.

﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ دېگەن سۆزنىڭ پەزىلەتلىرى

ئىمام ئەھمەد ئەسۋەد ئىبنى سەرىئىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن سەندىن پەرۋەردىگارىمنى ماختايدىغان بىر سۆزنى ماڭا ئۆگىتىپ قويۇشىڭنى سورايمەن» دېگەن ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن "ئەلھەمدۇلىللاھ" دېيىشىڭنى ياخشى كۆرىدۇ» دېدى.

ئىمام تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەڭ كاتتا زىكىر "لائىلەھە ئىللەللاھۇ" دېگەن سۆزدۇر. ئەڭ ياخشى دۇئا "ئەلھەمدۇلىللاھ" (يەنى الله غا گۈزەل مەدھىيەلەر بولسۇن)دېيىشتۇر».

ئىبنى ماجە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق

دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله بەندىگە بىر نېئمەت بەرگەن چاغدا، بەندە: "ئەلھەمدۇلىللاھ" دېسە، بۇ سۆزنى دېيىش ئارقىلىق الله تائالاغا قايتۇرغان شۈكرىسى الله تائالادىن ئالغان نېئمىتىدىن ئېشىپ كېتىدۇ».

ئىبنى ماجە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قايسىبىر بەندە: «ئى پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ كاتتىلىقىڭغا ۋە قۇدرىتىڭنىڭ چوڭلىقىغا لايىق مەدھىيە بولسۇن!»[1] دېسە، ئىككى پەرىشتە بۇ مەدھىيە سۆزىنى قانداق يېزىشنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئاجىز كېلىپ، الله نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەپ: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىر بەندە قانداق يېزىشىمىزنى بىلەلمەيدىغان بىر مەدھىيە سۆزىنى قىلدى» دەيدۇ. الله بەندىسىنىڭ دېگەن سۆزىنى بىلىپ تۇرسىمۇ: «مېنىڭ بەندەم نېمە دېدى؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ ئىككى پەرىشتە: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئۇ بەندە: "ئى پەرۋەردىگارىم سېنىڭ كاتتىلىقىڭغا، قۇدرىتىڭنىڭ چوڭلىقىغا لايىق مەدھىيە بولسۇن" دېدى» دەيدۇ. الله ئۇ ئىككى پەرىشتىگە: «بەندەمنىڭ سۆزىنى شۇ پېتى يېزىڭلار، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزەم بېرىمەن» دەيدۇ.

﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ دىكى "ئەل" (يەنى ئەلىف، لام) ھەرپىنىڭ ھەممە مەدھىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى

﴿الْحَمْدُللَّه﴾ دىكى "ئەل" (ئەلىف، لام) تۆۋەندىكى ھەدىستە زىكىر قىلىنغان مەدھىيىلەرنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھەدىس: «ئى الله ! ھەممە مەدھىيە ساڭا بولسۇن، پۈتۈن ئىگىدارچىلىق ساڭا خاستۇر، ھەممە ياخشىلىق سېنىڭ قولۇڭدىدۇر ۋە ھەممە ئىش سەن تەرەپكە قايتىدۇ»[2].

﴿رَبِّ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى

﴿رَبِّ﴾ دېگەن سۆز «ئىگە بولغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز ئەرەب تىلىدا خوجايىنغا ۋە ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھوقۇق يۈرگۈزگۈچىگە ئىشلىتىلىدۇ. الله تائالاغا مۇشۇ مەنىلەرنىڭ ھەممىسى لايىق كېلىدۇ. "رەب" دېگەن سۆز الله تائالادىن باشقا بىرسىگە ئىشلىتىلمەيدۇ. الله تائالادىن باشقا بىرسىگە ئىشلەتمەكچى بولساق "رەببۇددار" (يەنى قورۇنىڭ خوجايىنى) دېگەندەك باشقا بىر ئېنىقلىغۇچى سۆز بىلەن قوشۇپ ئىشلەتسەك بولىدۇ. "رەب" دېگەن سۆز الله نىڭ بۈيۈك ئىسىملىرىدىندۇر دېگەن كۆز قاراشلارمۇ بار.

﴿الْعَالَمِينَ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى

"ئالەمىن" بولسا "ئالەم" دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، الله دىن باشقا پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ

(1) يارەببى لەكەلھەمدۇ كەما يەنبەغى لىجالالى ۋەجھىكە ۋە ئەزىمى سۇلتانىك.
(2) بىر كىشى «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دېسە، ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان مەدھىيىلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگەندەك بولىدۇ.

تۈرى "ئالەم" بولىدۇ. "ئالەملەر" دېگەن سۆز ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ۋە دېڭىز-ئوكيانلاردىكى ھەممە مەخلۇقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر بىر ئەسىر ۋە ھەر بىر زامانغا تەئەللۇق كىشىلەرمۇ بىر "ئالەم" دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىمام فەررا ۋە ئەبۇئۇبەيدە مۇنداق دەيدۇ: "ئالەم" دېگەن ئىنسان، جىن، پەرىشتىلەر ۋە شەيتانلاردەك ئەقىل بېرىلگەن نەرسىلەردىن ئىبارەتتۇر. ھايۋاناتلار "ئالەم" دەپ ئاتالمايدۇ.

زەيد ئىبنى ئەسلەمە ۋە ئەبۇمەھسىن مۇنداق دەيدۇ: ھەممە جانلىق نەرسە "ئالەم" بولىدۇ.

قەتادە ﴿**ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى**﴾ دېگەن ئايەتتىكى "ئالەملەر" توغرىسىدا: دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ ھەر بىر تۈرى بىر ئالەم دېيىلىدۇ، - دەيدۇ.

زۇجاج "ئالەم" دېگەن الله دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ياراتقان ھەممە نەرسىدۇر، - دەيدۇ. ئىمام قۇرتۇبى بۇ سۆزگە قوشۇلدى، چۈنكى، بۇ مەنە پۈتۈن ئالەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ مەزمۇن توغرىسىدا الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿پىرئەۋن ئېيتتى: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەن نېمە؟» مۇسا ئېيتتى: «ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار»﴾[1].

"ئالەم" دېگەن ئالامەت دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، چۈنكى، ھەر بىر ئالەم ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ياسىغۇچىسى بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان بىر ئالامەتتۇر.

﴿الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾ توغرىسىدا

بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى، كېلىپ چىقىشى ۋە ئارىسىدىكى پەرقلەرنى يۇقىرىدا "بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم" توغرىسىدا توختالغاندا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «الله ﴿**ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى**﴾ دېگەن سۆزدىن كېيىن ئۆزىنى ﴿**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان**﴾ دېگەن سۆزى بىلەن سۈپەتلىدى. سەۋەبى، الله نىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىدىكىدەك قورقۇتقاندىن كېيىنلا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) مېنىڭ (مۆمىن) بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىمەن. مېنىڭ ئازابىم قاتتىقتۇر﴾[2].

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلاردىن) ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر، (ئىتائەت قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[3].

"رەببىلئالەمىين" دىكى "رەب" دېگەن سۆز بەندىلەرنى قورقۇتۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزدۇر. الله نىڭ "رەھمانىر رەھىم" دېگەن سۆزى (بەندىلەرنى ئۆزىنىڭ مېھرىبان، شەپقەت ئىگىسى ئىكەنلىكى

(1) شۇئەرا سۈرىسى 23 - ئايەتتىن 24 - ئايەتلەر.
(2) ھىجر سۈرىسى 49 - ئايەتتىن 50 - ئايەتلەر.
(3) ئەنئام سۈرىسى165 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىلەن) رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىن بەندە الله نىڭ قانچىلىك ئازابى بارلىقىنى بىلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ ئۇنىڭ جەننىتىگە كىرىشنى تەمە قىلالمايتتى. كاپىر الله نىڭ قانچىلىك رەھمىتىنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ ئۇنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەيتتى»[1].

﴿قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر﴾ دېگەن ئايەتتە "ئىگە" بولۇشنى قىيامەت كۈنىگىلا خاس قىلىشنىڭ سەۋەبى

قىيامەت كۈنىگە ئىگە بولغۇچى دېگەنلىك، باشقىسىغا ئىگە بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى، بىز يۇقىرىدا الله تائالانى بارلىق ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دەپ ئۆتتۇق. الله تائالانىڭ بۇ پەرۋەردىگارلىق سۈپىتى دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە ئورتاقتۇر. بۇ يەردە ئىگىدارچىلىقنىڭ قىيامەت كۈنىگە خاس بولۇپ كېلىشى، قىيامەت كۈنىدە الله نىڭ رۇخسىتىسىز ھېچقانداق ئادەم بىر نەرسىنى دەۋا قىلالمايدىغانلىقى ۋە ھېچقانداق سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

الله تائالا بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿جىبرىئىل ۋە پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)، ئۇلار (نىڭ ئارىسىدا) مېھرىبان الله نىڭ ئىزنىگە ئېرىشكەن ۋە توغرا سۆزنى قىلغانلاردىن باشقا ھېچبىرىنىڭ سۆز قىلىشقا بولمايدۇ﴾[2].

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەرھەمەتلىك الله نىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ھەيۋىتىدىن قورقۇپ، بارلىق ئاۋازلار بېسىقىدۇ، پىچىرلاشقاندىن باشقىنى ئاڭلىمايسەن﴾[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قىيامەت كۈنى بولغاندا، ھەرقانداق ئادەم پەقەت الله دىن ئىجازەت بولغاندىلا سۆزلەيدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەتبەخت بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ﴾[4].

زەھھاك، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «**﴿قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى، بىر ئادەم دۇنيادا ھۆكۈم قىلىشقا ئىگە بولالىسىمۇ، قىيامەت كۈنى الله نىڭ ئالدىدا ھۆكۈم قىلىشقا ئىگە بولالمايدۇ، ـ دېگەنلىكتۇر».

﴿يَوْمِ الدِّينِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى

﴿يَوْمِ الدِّينِ﴾ كىشىلەردىن ھېساب ئېلىنىدىغان قىيامەت كۈنىدۇر. يەنى كىشىلەر دۇنيادا قىلغان

(1) يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردە الله نىڭ ئازابىغا مۇناسىۋەتلىك سۆز بۇرۇن كەلسە، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ رەھمىتىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر كەلدى. بۇرۇن الله نىڭ رەھمىتىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر كەلسە، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئازابىغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆردۈق. مانا بۇ قورقۇتۇش ۋە قىزىقتۇرۇشتۇر.
(2) نەبە سۈرىسى 38 ـ ئايەت.
(3) تاھا سۈرىسى 108 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ھۇد سۈرىسى 105 ـ ئايەت.

ئەمەللىرى ياخشى بولسا مۇكاپاتلىنىدىغان، يامان بولسا (الله كەچۈرۈۋەتكەن كىشىدىن باشقىسى) جازالىنىدىغان كۈندۇر. ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە سەلەپ ئالىملىرىمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا شۇنداق دېدى.

الله ھەقىقىي پادىشاھ ۋە پادىشاھلارنىڭ پادىشاھىدۇر

الله ھەقىقىي پادىشاھتۇر. الله تائالا بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر)، (مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر﴾[1].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىم ئۆزىگە پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى دەپ ئىسىم قوللانغان بولسا، ئۇ ئىسىم الله نىڭ ئالدىدا ئەڭ خار ئىسىمدۇر. الله دىن باشقا ھەقىقىي پادىشاھ يوقتۇر».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله زېمىننى يىغىدۇ، ئاسماننى ئوڭ قولى بىلەن قاتلايدۇ، ئاندىن: <مەن ھەقىقىي پادىشاھ، قېنى زېمىننىڭ پادىشاھلىرى؟ قېنى زالىملار؟ قېنى ھاكاۋۇر، چوڭچىلار؟> دەپ نىدا قىلىدۇ».

الله تائالا قىيامەت كۈنى مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ غالىپ بىر الله غا خاستۇر﴾[2].

دۇنيادا الله تائالادىن باشقىسىنى پادىشاھ دەپ ئاتىغانلىق ئۇنىڭ كۆچمە مەنىسىنى قوللانغانلىقتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبىرى ئۇلارغا: «الله ھەقىقەتەن سىلەرگە تالۇتنى پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتتى» دېدى﴾[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئۆز ۋاقتىدا ئىچىڭلاردا نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. سىلەردىن پادىشاھلار قىلدى﴾[4].

﴿الدِّينِ﴾ نىڭ مەنىسى

"ئەددىن" دېگەن جازا ۋە ھېساب، دېگەن بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇ كۈندە الله ئۇلارغا تولۇق تېگىشلىك جازاسىنى

(1) ھەشر سۈرىسى 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) غافىر سۈرىسى 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) بەقەرە سۈرىسى 247 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) مائىدە سۈرىسى 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىرىدۇ﴾[1].

ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ياخشى كىشى ئۆزىدىن ھېساب ئېلىنىدىغان ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلىگەن كىشىدۇر».

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن ھېساب ئېلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزەڭلەردىن ئۆزەڭلەر، ھېساب ئىلىڭلار! سىلەر ئۆلچىنىشتىن بۇرۇن ئۆزەڭلەرنى ئۆزەڭلەر ئۆلچەڭلەر! سىلەرنىڭ ھەرقانداق بىر ئىشىڭلار مەخپىي بولۇپ قالمايدىغان زاتقا دەھشەتلىك بىر ئۇچرىشىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىڭلار!.»

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ كۈندە سىلەر (الله غا) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توغرىلىنىسىلەر، سىلەر ھېچقانداق بىر سىرنى يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر﴾[2].

﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ لۇغەت مەنىسى ۋە ئىستىلاھ مەنىسى

ئەرەب تىلىدا «ئىبادەت» دېگەن سۆز «بويسۇنۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

شەرىئەتتە «الله نى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭدىن ھەقىقىي قورقۇش» ئىبادەت دەپ ئاتىلىدۇ: **﴿(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم سورايمىز﴾** دېگەنلىك الله تائالاغا تولۇق بويسۇنۇشتۇر. ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكامى مۇشۇ ئىككى سۆزگىلا مۇجەسسەملەشكەن.

بۇ توغرىسىدا سەلەپ ئالىملارنىڭ بەزىسى: «فاتىھە سۈرىسى "قۇرئان" نىڭ سىرىدۇر، فاتىھەنىڭ سىرى **﴿(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم سورايمىز﴾** دېگەن ئايىتىدۇر. بىرىنچىدىن: **﴿(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز﴾** دېگەن، شېرىك ئىشلاردىن ساقلىنىپ الله تائالانىڭ بىرئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتۇر. ئىككىنچىدىن: **﴿سەندىنلا ياردەم سورايمىز﴾** دېگەن ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۆزىنى الله تائالاغا تاپشۇرۇشتۇر» دەيدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەرمۇ شۇ مەنىنى تەستىقلايدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله غا ئىبادەت قىلغىن ۋە الله غا تەۋەككۇل قىلغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى الله غا تاپشۇرغىن). پەرۋەردىگارىڭ قىلمىشاتقان ئىشلىرىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر﴾[3].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «ئۇ ناھايىتى مېھرىبان الله دۇر، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدۇق﴾[4].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ مەشرىقنىڭ ۋە مەغرىبنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنى ھامىي قىلىۋالغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن)﴾[5].

(1) نۇر سۈرىسى25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھاققە سۈرىسى18ـ ئايەت.
(3) ھۇد سۈرىسى 123 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) مۇلك سۈرىسى 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) مۇززەممىل سۈرىسى9 ـ ئايەت.

(فاتىھە سۈرىسى مۇشۇ ئايەتكە كەلگەندە، جۈملىنىڭ قاراتمىلىقى ئۈچىنچى شەخس تەسۋىرىدىن ئىككىنچى شەخس خىتابىغا ئۆزگىرىدۇ. چۈنكى يۇقىرىقى ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانى مەدھىيىلىگەندىن كېيىن، ئىنسان ئۆزىنى خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا تۇرغاندەكلا ھېس قىلىدۇ-دە: ﴿(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم سورايمىز﴾ دەپ خىتاب قىلىشقا باشلايدۇ.

"فاتىھە" سۈرىسى الله تائالاغا بولغان مەدھىيىدۇر، شۇڭا ئۇنى نامازدا ئوقۇشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى

الله فاتىھە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆزىنى ئۆزى چىرايلىق سۈپەتلىرى بىلەن ماختىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بەندىلىرىنىمۇ شۇ سۈپەتلەر بىلەن ئۆزىنى ماختاشقا تەۋسىيە قىلدى. شۇڭا، بۇ سۈرىنى ئوقۇيالايدىغان تۇرۇپ نامازدا بۇ سۈرىنى ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ نامىزى دۇرۇس بولمايدۇ[1]. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇرئاننىڭ باشلىنىشى بولغان "فاتىھە" نى ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ نامىزى ناماز ئەمەس».

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله: - مەن نامازنى مەن بىلەن بەندەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىگە بۆلدۈم. بەندەم تىلىگىنىگە ئېرىشىدۇ. ئەگەر بەندەم ﴿الْحَمْدُ للّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ دېسە، مەن: - بەندەم ماڭا ھەمدى ئېيتتى، - دەيمەن. ئەگەر بەندەم: ﴿الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾ دېسە، مەن: - بەندەم ماڭا سانا ئېيتتى دەيمەن. ئەگەر بەندەم: ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ دېسە، مەن: - بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى ۋە يەنە ئۆزىنى ماڭا تاپشۇردى، - دەيمەن. ئەگەر بەندەم: ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ دېسە، مەن: - بۇ مەن بىلەن بەندەمنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىلاھى مۇناسىۋەتنىڭ تۇرغۇزۇلغانلىقىدۇر. بەندەم تىلىگىنىگە ئېرىشىدۇ، - دەيمەن. ئەگەر بەندەم: ﴿اهدِنَا الصِّرَاطَ المُستَقِيمَ صِرَاطَ الَّذِينَ أَنعَمتَ عَلَيهِمْ غَيرِ المَغضُوبِ عَلَيهِمْ وَلاَ الضَّالِّينَ﴾ دېسە، مەن: - بۇ بەندەم ئۈچۈن بولۇپ، بەندەم تىلىگىنىگە ئېرىشىدۇ، دەيمەن، - دەيدۇ.»

الله نىڭ «ئۇلۇھىيەت» سۈپىتىنى بىر دەپ تونۇش

زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «﴿(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز﴾ دېگەن ئايەت بولسا: "ئى پەرۋەردىگارىم! بىز سېنى بىر دەپ تونۇيمىز، سەندىنلا قورقىمىز، سېنىڭ رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمىز!" دېگەنلىك بولىدۇ».

الله نىڭ "رۇبۇبىيەت" سۈپىتىنى بىر دەپ تونۇش

﴿سەندىنلا ياردەم سورايمىز﴾ دېگەن ئايەت: "ئى الله ! بىزنى ساڭا بويسۇنۇشقا مۇۋەپپەق

(1) بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلار يۇقىرىدا «نامازدا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا سۆزلەنگەن.

قىلىشىڭنى ۋە بىزنىڭ بارلىق ئىشلىرىمىزغا ياردەم بېرىشىڭنى تىلەيمىز" دېگەنلىكتۇر. قەتادە: «الله تائالا ﴿(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز﴾ دېگەن ئايىتىدە ئىبادەتنى پەقەت **الله** غىلا خالىس قىلىشقا ۋە ئىشلاردا **الله** دىنلا ياردەم سوراشقا بۇيرۇيدۇ» دېدى.

الله : ﴿**(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز**﴾ دېگەن ئايىتىنى ﴿**سەندىنلا ياردەم سورايمىز**﴾ دېگەن ئايىتىدىن بۇرۇن كەلتۈردى. چۈنكى، ئەسلى مەقسەت **الله** تائالاغا ئىبادەت قىلىش بولۇپ، **الله** تائالادىن ياردەم سوراش، ئىبادەت قىلىشقا ۋاسىتە بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئەسلى بولغان ئىبادەت، ۋاسىتە بولغان ياردەمدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈلدى.

اللهنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەڭ شەرەپلىك ئورۇنلاردا "بەندەم" دەپ ئاتىغانلىقى

الله پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەڭ شەرەپلىك ئورۇنلاردا "بەندەم" دەپ ئاتاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿جىمى ھەمدۇسانا **الله** غا خاستۇركى، (**الله**) بەندىسى (يەنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد) گە توغرا، ھېچقانداق قىڭغىرلىق (يەنى ئىختىلاپ، زىددىيەت) بولمىغان قۇرئاننى نازىل قىلدى﴾[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله** نىڭ بەندىسى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) **الله** غا ئىبادەت قىلىشقا تۇرغاندا، (قۇرئان تىڭشاش ئۈچۈن) جىنلار (ئولىشىپ) ئۇنى بېسىۋېلىشقا تاس قالدۇ﴾[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله** (بارچە نۇقساندىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرامدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى﴾[3].

الله مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى چۈشۈرگەن، **الله** تائالاغا ئىبادەت قىلىۋاتقان ۋە **الله** ئىسرا[4] قىلدۇرغان ئۈچ ئورۇندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى "بەندەم" دەپ ئاتىغان.

ئادەم سىقىلىش ھېس قىلغاندا ئىبادەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىنغانلىقى

الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان كاپىرلارنىڭ بوھتانلىرىدىن دىلى سىقىلىپ كەتكەندە **الله** تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿بىز ئۇلارنىڭ

(1) كەھف سۈرىسى1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) جىن سۈرىسى 19 ـ ئايەت.
(3) ئىسرا سۈرىسى 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) بىر كېچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىدىكى بەيتۇل ھەرەمدىن، پەلەستىندىكى بەيتۇلمۇقەددەسكە سەپەر قىلدۇرغانلىقى ئىسرا دەپ ئاتىلىدۇ.

سۆزلىرىدىن يۈرىكىڭىنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز. پەرۋەردىگارىڭغا ھەمدۇ ۋە تەسبىھ ئېيتقىن ھەم سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولغىن. سەن ئۆزەڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن﴾[1].

﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ﴾ دېگەن ئايەتنى الله تائالانى مەدھىيىلەپ ۋە سۈپەتلەپ بولغاندىن كېيىن كەلتۈرۈشنىڭ ھېكمىتى

ھەممە ھاجەتلەر سورىلىدىغان الله نى «فاتىھە» سۈرىسىنىڭ بېشىدا مەدھىيىلىگەندىن كېيىن، الله : «نامازنى ئىككى بۆلەككە بۆلدۇم، ئۇنىڭ بىر بۆلۈكى ماڭا يەنە بىر بۆلۈكى بەندەمگە، بەندەمگە تىلىگىنى بېرىلىدۇ» دېگىنىدەك، ھاجەتلىرىمىزنى مۇشۇ ئورۇندا سورىشىمىز تامامەن ئۇيغۇندۇر. ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تىلەكلىرىنى تىلەيدىغان زاتنى مەدھىيىلەپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ۋە مۆمىن قېرىنداشلىرىنىڭ تىلەكلىرىنى الله نىڭ ﴿بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن﴾ دېگەن ئايىتى بىلەن تىلەش، تىلىگۈچىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلىدۇر. چۈنكى، شۇنداق قىلىش الله نىڭ ھاجەتلىرىمىزنى ئاڭلاپ، تىلەكلىرىمىزنى ئىجابەت قىلىشىغا ئەڭ يېقىندۇر. شۇڭا ھاجەتلىرىمىزنى تىلىگەندە مۇشۇ يولنى تۇتۇشىمىزنى مېھرىبان الله بىزگە كۆرسەتتى.

الله تائالادىن تىلەك تىلەش بىر نەچچە خىل رەۋىشتە بولىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام الله نىڭ: ﴿مۇسا ئۇلارنىڭ قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بەردى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ (بىر دەرەخنىڭ) سايىسىگە بېرىپ (ئولتۇرۇپ): «پەرۋەردىگارىم! ماڭا رىزىقتىن نېمىنىلا بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا موھتاج» دېدى﴾[2] دېگەن ئايىتىدە تىلىگەنىدەك، تىلىگۈچىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئېھتىياجىلا ئوتتۇرىغا بىۋاستە قويۇلىدۇ. بەزى تىلەش تىلىگۈچىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئېھتىياجىنىلا ئۇقتۇرۇش بىلەن بىرگە يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿«(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم»﴾[3] دېگىنىدەك، بىر نەرسە تىلىنىدىغان زاتنى ياخشى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەپ بولغاندىن كېيىن، تىلىگۈچى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپلا قويىدۇ. بەزى تىلەك تىلىكىنى ئىجابەت قىلىدىغان كىشىنى ماختاش بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ.

ھىدايەت (توغرا يول) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى

”ھىدايەت“ دېگەن توغرا يولغا باشلاش دېگەنلىك بولىدۇ. ئىمام ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر ”توغرا يول“ نىڭ مەنىسى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: پۈتۈن ئالىملار بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەگرى ـ توقيىي يوق، تۈپتۈز يول دېگەن كۆز قاراشتا بىرلىككە كەلدى ۋە ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى

(1) ھىجر سۈرىسى 97 ـ ئايەتتىن 99 ـ ئايەتكىچە.
(2) قەسەس سۈرىسى 24 ـ ئايەت.
(3) ئەنبىيا سۈرىسى 87 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

"توغرا يول" نى موشۇ مەنىدە ئىشلىتىپ كەلدى.

جەرىر ئىبنى ئەتىيە خەتەفى ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىدىمۇ مۇشۇ مەنىدە ئىشلىتىپ كەلدى:

باشقا يوللار گەر بولسىمۇ ئەگرى ـ توقاي،
مۆمىنىنىڭ باشلىقى تۈز ماڭار قايماي.

بۇنىڭدىن باشقا، "توغرا يول" نىڭ تۈز يول مەنىسىدە كېلىدىغانلىقىغا ئائىت دەلىللەرمۇ ناھايىتى كۆپ. ئەسلىدە "توغرا يول" تۈز مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن ئەرەبلەر تۈز ياكى ئەگرى دېگەن سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىدىغان ھەرقانداق سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەت ئۈچۈن ئىشلىتىپ كەلدى. بۇ يەردە "توغرا يول" دېگەن سۆزدىن ئىسلام دىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ توغرىسىدا ئىمام ئەھمەد ئىبنى سەمئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «**الله** تائالا توغرا يول ئۈچۈن مۇنداق مىسال كەلتۈرىدۇ. بىر يولنىڭ ئىككى چېتىدە سېپىل بار. ھەر ئىككى سېپىلدە قوۋۇقلار[1] بار. قوۋۇقلارغا تارتىپ قويۇلغان پەردىلەر بار. يولغا كىرىدىغان قوۋۇق ئالدىدا: ئى كىشىلەر! ھەممىڭلار يولغا كىرىڭلار، يولدا تۈز مېڭىڭلار، ئېزىپ، قىيىپ كەتمەڭلەر، ـ دەپ ئەسكەرتىپ تۇرىدىغان بىر جاكارچى بار. ئىنسان يولنىڭ ئەتراپىدىكى قوۋۇقلاردىن بىرەرىنى ئاچقىلى تەمشەلگەندە، يولنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن: ساڭا ئۇۋال! ئۇنى ئاچما، ئەگەر ئېچىپ قالساڭ، ئۇنىڭغا كىرىپ كېتىسەن، ـ دەپ ئەسكەرتىپ تۇرىدىغان بىر جاكارچى بار». بۇ يەردىكى "يول" ئىسلام دىنىنى، "قوۋۇق" **الله** نىڭ قانۇنلىرىنى، "ئېچىلغان قوۋۇق" بولسا **الله** نىڭ چەكلىگەن ئىشلىرىنى، "يولنىڭ بېشىدىكى جاكارچى" بولسا **الله** نىڭ كىتابى قۇرئاننى، "يولنىڭ ئۈستىدىكى جاكارچى" بولسا، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ دىلىدىكى **الله** نىڭ نەسىھەت قىلغۇچىسىنى كۆرسىتىدۇ.

مۆمىنىنىڭ توغرا يولدا تۇرۇپ، توغرا يولنى تىلىشى

مۆمىن كىشى (گەرچە توغرا يولدا بولسىمۇ)نىڭ نامازدا ياكى نامازنىڭ سىرتىدا ئاللاھ تائالادىن ئۆزىنى توغرا يولغا باشلىشىنى سورىشى ئارتۇقچىمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. ھەرۋاقىت **الله** تائالادىن توغرا يولغا باشلاشنى سوراش ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە ئەمەس. **الله** تائالاغا ئىشەنگەن ئادەم **الله** تائالادىن ئۆزىنى توغرا يولغا باشلاشنى كېچە ـ كۈندۈز تىلەپ تۇرمىغان بولسا، **الله** ئۇنى شۇ توغرا يولغا باشلىمىغان بولاتتى. بەندە **الله** تائالانىڭ ئۇنى توغرا يولدا چىڭ تۇرغۇزۇشىغا ۋە داۋاملىق شۇ توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىشىگە دائىم موھتاج. چۈنكى، بەندە **الله** خالىغاندىن باشقا ھېچقانداق پايدا ـ زىياننى كەلتۈرەلمەيدۇ. شۇڭا **الله** بەندىنى ھەرۋاقىت ئۆزىدىن ياردەم تىلەشكە بۇيرۇيدۇ. **الله** ئۆزىدىن بىر نەرسە تىلەشكە مۇۋەپپەق قىلغان كىشى بەختلىك كىشىدۇر. چۈنكى، **الله** ئۆزىدىن بىر نەرسە تىلىگۈچىنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىشقا، بولۇپمۇ، ئۇنىڭغا

(1) قوۋۇق: سېپىل دەرۋازىسى.

كېچە ـ كۈندۈز موھتاج كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشقا ئەڭ ياخشى كېپىلدۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! الله غا، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە الله ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار﴾[1].

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرنى قايتا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە ئەمەس، چۈنكى، بۇنىڭدىن مۆمىن بەندىنىڭ شۇ ئىماندا چىڭ تۇرۇشى ۋە ئىماننى كۈچلەندۈرىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. الله ئۆزىگە ئىشەنگەن مۆمىنلەرنى تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇشقا بۇيرۇدى: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن﴾[2].

شۇڭلاشقا الله تائالانىڭ: **﴿بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن﴾** دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ: «بىزنى توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلساڭ، خاتا يوللاردىن ساقلىساڭ!» دېگەنلىكتۇر.

﴿صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ﴾ دېگەن ئايەت توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىملەركى الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) الله نىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر)، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار! بۇ پەزل الله تەرىپىدىندۇر، الله (پەزل ـ ئېھسانغا تېگىشلىك بولغانلارنى) بىلىشتە يېتەرلىكتۇر﴾[3].

يەنى سەن ئىنئام قىلغان كىشىلەر، توغرا يولدا الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشتا چىڭ تۇرىدىغان، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنىدىغان، الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرى بويىچە ئىش قىلىدىغان ۋە توسقان ئىشلىرىدىن يانىدىغان كىشىلەردۇر. "توغرا يول" الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كەتكەنلەرنىڭ يولى ئەمەس، الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانلار بولسا توغرا ئەقىدىدىن يېنىپ، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن چەتنەپ كەتكەن كىشىلەردۇر. توغرا يول ئېزىپ كەتكەنلەرنىڭ يولى ئەمەس، ئېزىپ كەتكەنلەرنىڭ يولى بولسا، ئازغۇنلۇق قايناملىرىدا ئېزىپ، ھەقىقەتنى تاپالمىغان كىشىلەردۇر. الله تائالانىڭ: **﴿ۋەلەدداللىين﴾** دېگەن سۆزى "لا" ھەرپى بىلەن كۈچلەندۈرۈلدى. بۇنداق كۈچلەندۈرۈشتىكى سەۋەب، كىشىلەرگە يەھۇدىيلار (الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كەتكەنلەر) ۋە خرىستىئانلار (الله نىڭ توغرا يولىدىن ئېزىپ كەتكەنلەر) نىڭ يولىدىن ئىبارەت ئىككى خاتا يولنى بىلدۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈندۇر.

الله نىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئىشەنگەن كىشىلەرنىڭ ماڭغان يولى ھەقىقەتنى بىلىش ۋە

(1) نىسا سۈرىسى 136 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 8 ـ ئايەت.
(3) نىسا سۈرىسى 69 ـ ئايەتتىن 70 ـ ئايەتكىچە.

ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ. يەھۇدىيلار ھەقىقەتكە ئەمەل قىلمىدى، خىرىستىيانلار ھەقىقەتنى يوقىتىپ قويىدى، شۇڭا الله نىڭ غەزىپى يەھۇدىيلارغا، توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىش خىرىستىيانلارغا تېگىشلىك بولدى. چۈنكى، ھەقىقەتنى تونۇپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان ئادەم غەزەپكە ئۇچرايدۇ. ئۇنداق كىشى ھەقىقەتنى تونۇمىغان ۋە ئەمەل قىلمىغان كىشىگە ئوخشىمايدۇ. خىرىستىيانلار ھەقىقەتكە يېتىشنى ئىزدىگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇلار ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ يولى بىلەن ئىزدىمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەقىقەتنى تاپالماي توغرا يولدىن ئېزىپ كەتتى. يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار ھەر ئىككىلىسى ئېزىپ كەتكۈچى ۋە الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغۇچىلاردۇر. لېكىن يەھۇدىيلارنىڭ خاس سۈپىتى الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتۇر. الله تائالا يەھۇدىيلار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇ شۇنداق) كىشىلەرنىڭ (جازاسىكى)، الله ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا غەزەپ قىلدى﴾[1].

خىرىستىيانلارنىڭ خاس سۈپىتى توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىشتۇر. الله تائالا خىرىستىيانلار توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان قەۋمنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار﴾[2].

يەھۇدىيلارنىڭ الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كەتكەنلىكى ۋە خىرىستىيانلارنىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بار. تۆۋەندە بۇنىڭ بەزىلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

ئىمام ئەھمەد ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتلىق قوشۇنى كېلىپ، ھامما ئاچام ۋە شۇ يەردىكى كىشىلەرنى تۇتۇپ كەتتى. ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ قاتار تۇرغۇزغان چاغدا، ھامما ئاچام: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ ھەمراھىم يىراقلاپ كەتتى. مەن بالامدىن ئايرىلىپ قالدىم. مەن ياشىنىپ قالغان قېرى ئايالمەن. قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. ماڭا ياخشىلىق قىلغان بولساڭ، الله ساڭا ياخشىلىق قىلغاي، ـ دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ ھەمراھىڭ كىم؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ: ئەدى ئىبنى ھاتەم، ـ دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن قاچقان ھېلىقى كىشى شۇمۇ؟» دەپ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىپتۇ (يەنى قويۇپ بەرمەكچى بوپتۇ). شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا بىر ئادەم بار ئىكەن (ھامما ئاچام ئۇنى ئەلى دەپ گۇمان قىلىدىكەن)، ئۇ كىشى ھامما ئاچامغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مىنىدىغانغا بىر ئۇلاغ سوراڭ، ـ دەپتۇ. ھامما ئاچام ئۇلاغ سوراپتىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئۇلاغ بۇيرۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھامما ئاچام مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ: سەن ماڭا داداڭ قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلدىڭ، ئۇنىڭ قېشىغا پالانى پالانى بارغان ئىدى، ئۇنىڭدىن ياخشىلىققا ئېرىشتى، ـ دېدى. (ئاندىن) مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بىر ئايال ۋە كىچىك باللار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۇغقانچىلىقى بار ئىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پادىشاھ كىسرا ۋە قەيسەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەدى! ”لائىلاھە ئىللەللاھ“ (يەنى الله تىن باشقا ئىلاھ يوق) دېيىشىڭدىن سېنى نېمە توستى؟ الله تائالادىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ ”الله ئەكبەر“ (يەنى الله ھەممىدىن بۈيۈك)

(1) مائىدە سۈرىسى 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مائىدە سۈرىسى 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېيىشكەندىن سېنى نېمە توستى؟ الله دىن بۆيۈك نەرسە بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئەدى ئىبنى ھاتەم مەن ئىسلام دىنىغا كىردىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ خۇرسەن بولغانلىقىنى كۆردۈم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كەتكەنلەر يەھۇدىيلاردۇر. توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەنلەر خرىستىئانلاردۇر» دېدى.

تەرجىمىھال كىتابلىرىدا زەيد ئىبنى ئەمر ئىبنى نەفىيل ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت بار: زەيد ۋە ئۇنىڭ بىر تۇركۇم ھەمراھى ھەق دىننى ئىزدەپ شام دىيارىغا بارغان چاغدا، يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا: سەن الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرىمىغىچە يەھۇدىي دىنىغا كىرەلمەيسەن، ـ دېدى. ئۇ: مەن الله نىڭ غەزىپىدىن بەك قاچىمەن، ـ دېدى. خرىستىئانلار: سەن الله نىڭ يامان كۆرۈشىگە ئۇچرىمىغىچە خرىستىئان دىنىغا كىرەلمەيسەن، ـ دېدى. ئۇ: مەن ئۇ دىنغا كىرمەيمەن، ـ دەپ ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلىپ، بۇتقا چوقۇنۇشتىن ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئېتىقاتلىرىدىنمۇ يىراقلاشتى. ئەمما ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خرىستىئان دىنىغا كىردى. چۈنكى، ئۇلار شۇ ۋاقىتتا خرىستىئان دىنىنى يەھۇدىي دىنىغا قارىغاندا ھەقىقەتكە يېقىن كۆرگەن ئىدى. خرىستىئان بولغانلارنىڭ ئىچىدە ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلمۇ بار ئىدى. نەتىجىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن الله ئۇنى ھىدايەت قىلدى. ئۇ، الله نىڭ چۈشۈرگەن ۋەھيىسىگە ئىمان كەلتۈردى.

"فاتىھە" سۈرىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار

يەتتە ئايەتتىن تەركىب تاپقان بۇ ئۇلۇغ سۈرە الله نىڭ كاتتا سۈپەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، الله نىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى ئاتاش بىلەن الله نى مەدھىيىلەش، ئۇلۇغلاش ۋە قىيامەت كۈنىنى ئەسلىتىش بىلەن بىرگە، الله بەندىلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى پەقەت ئۆزىدىنلا تىلەشكە، الله تائالاغىلا يېلىنىشقا، ئۆزىنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە كۆرەڭلەپ كەتمەي، ئاجىزلىقىنى الله نىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلىشقا، ئىبادەتنى ئۇنىڭغىلا خالىس قىلىشقا، ئۇنىڭ ئۇلۇھىيەت سۈپىتىنى بىر دەپ تونۇشقا، ئۇنىڭ شېرىكى ياكى ئوخشىشى بولۇپ قېلىشىدىن ئۇنى پاك دەپ بىلىپ، قىيامەت كۈنىدە پەيغەمبەرلەر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى، شېھىتلار، تەقۋادار كىشىلەر بىلەن جەننەتلەردە بىللە بولۇشقا يەتكۈزىدىغان توغرا دىنغا باشلاپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ سوراش قاتارلىق نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا قىيامەت كۈنىدە ياخشى ئىش قىلغان ئادەملەر بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشنى، يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردىن ئىبارەت ئازغۇنلۇق يولىدا ماڭغان كىشىلەر بىلەن قىيامەت كۈنى بىللە بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن يامان يوللاردىن ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

﴿أَنْعَمْتَ﴾ دېگەن سۆزدە "سەن ئىنئام قىلدىڭ" دەپ ئىنئام قىلىشنى الله تائالاغا خاس قىلىش، ﴿وَلَا الضَّالِّينَ﴾ دېگەن سۆزدە ئازدۇرۇۋېتىشنى الله تائالا غا خاس قىلماسلىق ۋە قەدەرىيەچىلەرگە بېرىلگەن رەددىيە

الله تائالانىڭ: ﴿سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)﴾ دېگەن ئايىتىدە ئىنئام

قىلىشنى ئۆزىگە خاس قىلىشى ۋە يەھۇدىيلارغا غەزەپ قىلغان زات بولسىمۇ: ﴿**غەزەپكە ئۇچراپ كەتكەنلەرنىڭ**﴾ دېگەن ئايىتىدە ئۆزىنىڭ غەزەپ قىلغانلىقىنى كەلتۈرمەي، «غەزەپكە ئۇچراپ كەتكەنلەر» دەپ سۆزنى ئىگىسىز كەلتۈرگەنلىكى نېمە دېگەن يۈكسەك ماھىرلىق - ھە!

الله نىڭ يەھۇدىيلارغا غەزەپ قىلغانلىقىنىڭ دەلىلى شۇكى: ﴿**الله** نىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان قەۋمنى ئۇلارنىڭ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾[1].

شۇنىڭدەك، **الله** ھەقىقەتتە خرىستىئانلارنى ئازدۇرىۋەتكەن زات بولسىمۇ، ئېزىپ كەتكەنلىكنى ئۇلارغا خاس قىلىپ: ﴿**ئېزىپ كەتكەنلەر**﴾ دەپ بايان قىلىشىمۇ **الله** نىڭ ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى يۈكسەك ماھىرلىق بىلەن بايان قىلغۇچى ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئىسپاتىدۇر. توغرا يولغا باشلاش ياكى ئۇنىڭدىن ئازدۇرۇۋېتىشنىڭ **الله** تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكى ئايەتلەردۇر:

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمنىكى **الله** ھىدايەت قىلىدىكەن، ئۇ (ھەقىقىي) ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، كىمنىكى (قىلغان يامان ئەمەلى تۈپەيلىدىن) **الله** ئازدۇرىدىكەن، ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكۈچى دوستنى ھەرگىز تاپالمايسەن﴾[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله** ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ، **الله** ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقاپ يۈرىدۇ﴾[3].

بۇ ئايەت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەر **الله** نىڭ توغرا يولغا باشلىغۇچى ياكى ئۇنىڭدىن ئازدۇرغۇچى زات ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ ھەرگىزمۇ قەدەرىيەچىلەر[4] پىرقىسىنىڭ: «ھەممە ئىنسانلار توغرا يولنى ياكى ئازغۇنلۇق يولنى ئۆزى تاللايدۇ. ياخشى يولنى ياكى يامان يولنى تاللاش ئىنسانلارنىڭ خاھىشىدۇر. بۇ ھەرگىزمۇ **الله** تەرىپىدىن بولمايدۇ» دېگەن خاتا ئەقىدىسىدەك ئەمەس. بۇ پىرقىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ خاتا ئەقىدىسىگە قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى كۆپ خىل مەنىلەرنى بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى دەلىل كەلتۈرىدۇ. ئۆزلىرى ئۇچۇن رەددىيە بېرىلگەن ئوچۇق ئايەتلەرنى قويۇپ قويىدۇ. ھەقىقەتنى ئىزدىمەيدىغان ئازغۇن ئادەملەرلا مۇشۇنداق قىلىدۇ.

ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «سىلەر قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى كۆپ خىل مەنىلەرنى بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئايەتلەرگە ئېسىلىۋالغان ئادەملەرنى كۆرسىلەر، ئۇلار **الله** تائالانىڭ ئايىتىدە ﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل بار﴾[5] دەپ ئاتالغان ئادەملەردۇر. سىلەر ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەڭلار».

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ (يەنى مۇتەشابىھ

(1) مۇجادەلە سۈرىسى 14 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) كەھف سۈرىسى 17 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەئراف سۈرىسى186 - ئايەت.
(4) قەدەرىيەچىلەر- ئىراقتىن چىققان بىر تائىپە بولۇپ، قازا ۋە قەدەرنى ئىنكار قىلىدۇ.
(5) بەقەرە سۈرىسى 10 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئايەتلەرنى ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە چۈشەندۈردى﴾[1].

الله تائالاغا شۈكرى! قۇرئاندا ھەقىقەتتىن چەتنىگەن كىشىلەر ئىزدەيدىغان دەلىل-پاكىتلار يوق. چۈنكى، قۇرئان ھەق بىلەن باتىلنى، توغرا يول بىلەن ئازغۇنلۇق يولىنى ئايرىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن. قۇرئاندا بىر-بىرىگە زىت كېلىدىغان ئايەتلەرمۇ يوق. چۈنكى، ئۇ ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى، بارلىق مەۋجۇداتلار تەرىپىدىن مەدھىيە ئوقۇلىدىغان الله تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن.

"فاتىھە" سۈرىسى ئوقۇلۇپ بولغاندا "ئامىن" دېيىش توغرىسىدا

"فاتىھە" سۈرىسىنى ئۆزى ئوقۇماي باشقىلارنىڭ ئوقىغىنىنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ "فاتىھە" نىڭ ئاخىرىدا "ئامىن" دېيىشى مۇستەھەبتۇر. "ئامىن" دېگەننىڭ مەنىسى تىلەك-مەقسەتلىرىمىزنى ئىجابەت قىلغىن دېگەنلىكتۇر. "فاتىھە" نىڭ ئاخىرىدا "ئامىن" دېيىشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى قاتارلىقلارنىڭ ۋائىل ئىبنى ھەجەردىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدۇر. ئۇ مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ﴿غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ﴾ نى ئوقۇپ بولۇپ، سوزۇپ "ئامىن" دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. يەنە بىر ھەدىستە: "ئامىن" دېگەندە ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ دېدى، - دېيىلگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ﴿غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ﴾ نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، "ئامىن"نى ئارقىدىكىلەردىن ئۆزىگە ئەڭ يېقىن كىشى ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ئۈنلۈك دەيتتى، - دەيدۇ. "ئامىن" دېگەن ئاۋاز بىلەن مەسچىت تىترەپ كېتەتتى، - دېگەنلەرمۇ بار[2].

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! "ئامىن" نى مەندىن بۇرۇن دېۋالمىغىن، - دېگەنلىكىمۇ رىۋايەت قىلىنغان.

ئەبۇنەسرىل قۇشەيرى، ھەسەن ۋە جەئفەر سادىق قاتارلىقلارنىڭ "ئامىن" دېگەندە سۆز ئىچىدىكى "م" نى ئىككى قېتىم ئوقۇغانلىقىنى دەلىل كەلتۈردى.

نامازنىڭ سىرتىدىكى ئادەملەرگە "ئامىن" نى دېيىش مۇستەھەبتۇر. نامازئوقۇغان كىشىنىڭ (ئۇ كىشى مەيلى يالغۇز ناماز ئوقۇغان بولسۇن ياكى ئىمام بولسۇن ۋەياكى ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغان بولسۇن) "ئامىن" دېيىشى سۈننەتتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسىدۇر: «ئىمام "ئامىن" دېسە، سىلەرمۇ "ئامىن" دەڭلار. بىر كىشىنىڭ "ئامىن" دېگىنى پەرىشتىلەرنىڭ "ئامىن" دېگىنىگە

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 7 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) ھەنەفىي ۋە مالىكىي مەزھىبىدە "ئامىن" نى ئىچىدە دەيدۇ. بۇلارنىڭ دەلىلى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ: ئىمام ئىچىدە دەيدىغان تۆت نەرسە بار؛ ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىم، بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، ئامىين ۋە رەببەنا لەكەلھەمدۇ قاتارلىقلار، دېگەن سۆزىدۇر. شۇڭا بۇ توغرۇلۇق مۇسۇلمانلار ئىچىدە زىددىيەتلىشىشنىڭ ياكى ئۆز ئارا كەمسىتىشنىڭ ھاجىتى يوق. ت.

ئۇدۇل كەلسە ، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈلىدۇ» .

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى نامازدا "ئامىن" دېسە، ئاسماندىكى پەرىشتىلەرمۇ "ئامىن" دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ "ئامىن" دېگىنى بىر - بىرىگە ئۇدۇل كېلىپ قالسا، ئۇ كىشىنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. بۇ يەردىكى "ئۇدۇل كەلسە" دېگەنلىك، "ئامىن" دېگەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ياكى ئىجابەت قىلىنىشتا ۋەياكى ئۇنى ئىخلاس بىلەن دېيىشتە ئۇدۇل كېلىپ قالسا، - دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىمام مۇسلىم كىتابىدا ئەبۇمۇسانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىمام: ﴿وَلَا الضَّالِّينَ﴾ دېسە، سىلەر: "ئامىن" دەڭلار، الله سىلەرنىڭ تىلەكلىرىڭلارنى ئىجابەت قىلىدۇ» .

ئىمام تىرمىزى: "ئامىن" دېگەننىڭ مەنىسى بىزنىڭ ئۈمىدىمىزنى يەردە قويمىساڭ دېگەنلىك بولىدۇ، - دەيدۇ. شۇنداقلا كۆپ ساندىكى ئالىملار ئۇنىڭ مەنىسىنى: ئى الله ! بىزنىڭ تىلەك - مەقسەتلىرىمىزنى ئىجابەت قىلغىن! - دېگەنلىك بولىدۇ، - دەيدۇ.

الله تائالانىڭ مەرھەمىتى بىلەن فاتىھە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

بەقەرە سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 286 ئايەت

بەقەرە سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى

ئىمام ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىق قىلىۋالماڭلار! بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇڭلار. چۈنكى، بەقەرە سۈرىسى ئوقۇلۇپ تۇرغان ئۆيگە شەيتان كىرمەيدۇ».

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، شەيتان بەقەرە سۈرىسى ئاڭلىنىپ تۇرغان ئۆيدىن قاچىدۇ».

ئىمام دارىمي ئۆزىنىڭ كىتابىدا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « شەيتان بەقەرە سۈرىسى ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان ئۆيدىن ئوسۇرغان پېتى چىقىپ كېتىدۇ».

يەنە ئىمام دارىمي ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كېچىدە بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدىن تۆت ئايەت، ئايەتۇلكۇرسى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ئايەت ۋە ئاخىرىدىن ئۈچ ئايەت بولۇپ جەمئى ئون ئايەت ئوقۇغان ئادەمنىڭ ئۆيىگە شۇ كېچە شەيتان كىرمەيدۇ».

يەنە بىر رىۋايەتتە: «شۇ كۈنى ئۇ ئادەمگە ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرىغا شەيتان يېقىنلىشالمايدۇ ۋە ئۇ ئادەم يامان كۆرىدىغان بىرەر ئىش يۈز بەرمەيدۇ. مۇشۇ ئون ئايەت جىن چاپلىشىۋالغان كىشىگە ئوقۇلسا، ئۇ كىشى ئوڭشىلىپ كېتىدۇ» دېيىلگەن.

سەھل ئىبنى سەئىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت

قىلىدۇ: «ھەممە نەرسىنىڭ يۇقىرى نۇقتىسى بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، قۇرئاننىڭ يۇقىرى نۇقتىسى بەقەرە سۈرىسىدۇر. بەقەرە سۈرىسىنى كېچىدە ئوقۇغان ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئۈچ كېچىگىچە شەيتان كىرمەيدۇ. بەقەرە سۈرىسىنى كۈندۈزى ئوقۇغان ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئۈچ كۈنگىچە شەيتان كىرمەيدۇ».

ئىمام تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك بىر قوشۇننى بىر يەرگە ئەۋەتمەكچى بولۇپ تەييارلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇندىكى ھەر بىرەيلەننىڭ قۇرئاندىن قانچىلىك يادلىغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئۇلارغا بىر - بىرلەپ قۇرئان ئوقۇتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياش بىرسىنىڭ قېشىغا كەلدى - دە: «ئى پالانى! سەن قۇرئاننى قانچىلىك يادقا ئالدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئۇ ياش: مەن ماۋۇ ماۋۇ سۈرىلەرنى ۋە بەقەرە سۈرىسىنى يادقا ئالدىم، - دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن بەقەرە سۈرىسىنى راستىنلا يادقا ئالدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ ياش: شۇنداق، - دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «(ئۇنداق بولسا) سەن بۇ قوشۇننىڭ باشلىقى بولغىن» دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر بىرسى: اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بەقەرە سۈرىسىدە تەكىتلەنگەن ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قېلىشتىن قورقۇپ، ئۇنى ئۆگەنمىگەن ئىدىم، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر قۇرئاننى ئۆگىنىڭلار ۋە ئوقۇپ تۇرۇڭلار، قۇرئاننى ئۆگەنگەن، ئوقۇپ تۇرغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشى پۇرىقى ئەتراپقا تاراپ تۇرىدىغان ئىپار قاچىلانغان قۇتىغا ئوخشايدۇ[1]. قۇرئاننى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان كىشى ئىپارنى قاچىلاپ ئاغزىنى چىڭ ئېتىپ قويغان قۇتىغا ئوخشايدۇ» دېدى[2].

ئىمام بۇخارى ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە مۇنداق بىر ۋەقەنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ بىر كېچىسى ئېتىنى يېنىغا باغلاپ قويۇپ، نامازدا بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇۋاتقان ئىدى، تويۇقسىز ئېتى چۆگىلەپ كەتتى. ئۇ بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇشتىن توختىغان ئىدى، ئېتىمۇ چۆگىلەشتىن توختىدى. ئۇ يەنە بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇشقا باشلىغان ئىدى، ئېتى يەنە چۆگىلەشكە باشلىدى. ئاندىن ئۇ بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇشتىن توختىدى، ئاتمۇ چۆگىلەشتىن توختىدى. ئاندىن ئۇ بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇشقا باشلىغان ئىدى، ئاتمۇ چۆگىلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يەھيا ئىسىملىك بالىسى ئاتقا يېقىن يەردە ئىدى، ئۇ ئاتنىڭ بالىسىغا زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، (نامازنى) ئاخىرلاشتۇرۇپ، بالىسىنى سەل يىراققىراق يۆتكەپ قويدى - دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى. (يەنە بىر رىۋايەتتە: ئىچىدە چىراقتەك بىر نەرسىلەر پارقىرىپ تۇرىدىغان بۇلۇتلار ئاسماندا پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئاندىن ئۇ بۇلۇتلار ھەتتائۇ كۆرەلمىگۈدەك دەرىجىدە يۇقىرىغا ئۆرلەپ كېتىپتۇ، - دېيىلگەن). ئۇ ئەتىسى كېچىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئىبنى ھۇزەيرە! بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىۋەرگەن بولساڭ بولاتتى» دېدى. ئىبنى ھۇزەير: «ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! ئوغلۇم يەھيا ئاتقا يېقىن يەردە ئىدى. مەن ئاتنىڭ ئۇنى دەسسىۋېتىشىدىن قورقتۇم. مەن يەھيانى يىراققىراق يۆتكەپ قويۇپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىسام، ئىچىدە چىراقلاردەك بىر نەرسە پارقىراپ تۇرىدىغان بۇلۇتلار ئاسماندا پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئاندىن ئۇ بۇلۇتلار ھەتتا مەن ئۇلارنى

(1) ئىپار قاچىلانغان قۇتىمۇ كىشىلەرگە خۇش پۇراق بەرگەندەك، قۇرئاننى ئۆگىنىپ ئۇنى ئۆزلەشتۈرگەن ئادەممۇ كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى ئىشلارنى ئومۇملاشتۇرىدۇ.
(2) شۇ قۇتىنىڭ ئىچىدىكى ئىپار كىشىلەرگە ھېچ قانداق پۇراق بەرمىگەندەك، قۇرئاننى ئۆگىنىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان ئادەممۇ باشقا كىشىلەرگە ۋە جەمئىيەتكە ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ.

كۆرەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئۆرلەپ كەتتى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «ئۇ بۇلۇتلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى. ئىبنى ھۇزەير: «ياق» دەپ جاۋاپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئۇ (بۇلۇتلار) بولسا سېنىڭ ئاۋازىڭنى تىڭشاش ئۈچۈن ساڭا يېقىنلاشقان پەرىشتىلەردۇر، ئەگەر بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىۋەرگەن بولساڭ، پەرىشتىلەر كىشىلەردىن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالالماي، كىشىلەر ئۇلارنى ئاشكارا كۆرگەن ھالەتتە تاڭ ئاتقان بولاتتى».

ئىمام ئەبۇئۇبەيد قاسىم ئىبنى سالاممۇ قۇرئاننىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا يازغان كىتابىدا مۇشۇ ھەدىسنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش رىۋايەت قىلغان.

بەقەرە سۈرىسى ۋە ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدىنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «بەقەرە سۈرىسىنى ئۆگىنىڭلار، ئۇنى ئۆگىنىش بەرىكەت، ئۆگەنمەسلىك ھەسرەتتۇر. ئۇنى ئوقۇغان كىشىگە سېھىرگەرلەرنىڭ سېھىرلىرى تەسىر قىلالمايدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئازراق توختىۋېلىپ، يەنە مۇنداق دېدى: «سىلەر بەقەرە سۈرىسى ۋە ئال ئىمران سۈرىلىرىنى ئۆگىنىڭلار، شۈبھىسىزكى، بۇ ئىككى سۈرە ئىككى نۇردۇر. بۇ ئىككى نۇر خۇددى ئىككى بۇلۇتتەك ياكى ئىككى سايىۋەندەك ياكى بىرسى بىرسىگە يېقىن تىزىلىپ ئۇچقان بىر توپ قۇشتەك بولۇپ، ئۇ ئىككى سۈرىنى ئۆگەنگەن كىشىگە قىيامەت كۈنى سايە تاشلايدۇ، قىيامەت كۈنى قەبرىلەر يېرىلغان ۋاقىتتا قۇرئان ئۇنىڭغا ئورۇق ئادەمگە ئوخشىغان ھالەتتە ئۇچراپ: سەن مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟ - دەپ سورايدۇ، ئۇ كىشى: مەن سېنى تونۇمىدىم، - دەپ جاۋاب بېرىدۇ. "قۇرئان": مەن بولسام، مېنى ئوقۇيمەن دەپ سېنى كۈندۈزلىرى ئۇسسۇز، كېچىلىرى ئۇيقۇسىز قويغان ھەمراھىڭ قۇرئان بولىمەن، ھەممە تىجارەتچى ئۆزىنىڭ تىجارىتى بىلەن، سەنمۇ بۈگۈن ئۆزەڭنىڭ تىجارىتىڭ بىلەن بولىسەن، - دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىگىدارچىلىق ئۇنىڭ ئوڭ قولىغا، مەڭگۈ ھايات قېلىش ئۇنىڭ سول قولىغا بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ بېشىغا ھۆرمەت تاجى كىيدۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن ئاتىسىغا دۇنيادا تېپىلمايدىغان ئىككى قۇر كىيىم كىيدۈرۈلىدۇ. ئۇ ئىككىسى: بىزگە نېمە ئۈچۈن بۇ كىيىملەر كىيدۈرۈلدى؟ - دەپ سورايدۇ. ئۇلارغا: سىلەرنىڭ پەرزەنتىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن بۇ كىيىم سىلەرگە مۇكاپات ئورنىدا ك ،يدۈرۈلدى، - دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. ئاندىن بالىغا: سەن قۇرئاننى ئوقۇغىن ۋە جەننەتنىڭ ئېگىزدە يۇرگىن (سەن جەننەتنىڭ ئېگىزدىكى ھۇجرىلارنىڭ قايسىسىنى خالىساڭ، شۇنىڭغا كىرگىن)، - دېيىلىدۇ. ئۇ قۇرئاننى (تېز ياكى ئاستا بولسۇن) ئوقۇپلا تۇرسا، ئۇنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىسى ئۆرلەپ تۇرىدۇ.»

ئىمام ئەھمەد ئەبۇئومامە باھىلىنىڭ يەنە مۇشۇ مەزمۇندا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «سىلەر قۇرئاننى ئوقۇڭلار، چۈنكى، قۇرئاننى ئوقۇغان كىشىگە (قۇرئان) قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىدۇ[1]. سىلەر بەقەرە سۈرىسى ۋە ئال ئىمران سۈرىسىدىن ئىبارەت ئىككى نۇرنى ئوقۇڭلار، چۈنكى، ئۇ ئىككىسى خۇددى ئىككى بۇلۇتتەك

(1) قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئوقۇغان كىشىگە شاپائەت قىلىپ، (ئۇ كىشى) دوزاخقا لايىق بولۇپ قالغان بولسا، جەننەتكە ئېلىپ چىقىدۇ.

ياكى ئىككى دانە سايىۋەن ۋەياكى يېقىن تىزىلىپ ئۇچقان بىر توپ قۇشتەك بولۇپ كېلىپ، قۇرئان ئوقۇغان كىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى داۋالىشىدۇ». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەر بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇڭلار، ئۇنى ئوقۇش بەرىكەت، ئوقۇماي تاشلىۋېتىش ھەسرەتتۇر. ئۇنى ئوقۇغان كىشىگە سېھىرگەرلەرنىڭ (سېھىرلىرى) تەسىر قىلالمايدۇ».

ئىمام ئەھمەد يەنە مۇشۇ مەزمۇندا ناۋاس ئىبنى سەمئاننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى قۇرئان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشىلەر كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بەقەرە سۈرىسى بىلەن ئال ئىمران سۈرىسى كېلىدۇ» دەپ، ئاندىن ئۇ ئىككى سۈرىگە ئۈچ دانە مىسال كەلتۈرۈپ بەردى. مەن ئۇ مىساللارنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئۇ ئىككى سۈرە (يەنى بەقەرە سۈرىسى ۋە ئال ئىمران سۈرىسى) ئىككى بۇلۇتتەك ياكى ئوتتۇرىسى پارقىراپ تۇرىدىغان ئىككى قارا سايىۋەندەك ۋەياكى يېقىن تىزىلىپ ئۇچقان بىر توپ قۇشلاردەك بولۇپ كېلىپ، ئۇنى ئوقۇغان كىشى ئۈچۈن (قىيامەت كۈنى) دەۋالىشىدۇ».

بەقەرە سۈرىسىنىڭ مەدىنىدە چۈشكەنلىكىگە ئالىملارنىڭ ھېچقانداق ئىختىلاپى يوق ئىكەنلىكى

بەقەرە سۈرىسىنىڭ: ﴿سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾[1] دېگەن ئايىتىدىن باشقا ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى مەدىنىدە چۈشكەن بولۇپ، بۇ ھەقتە ئالىملارنىڭ ھېچقانداق ئىختىلاپى يوق. بۇ مەدىنىدە چۈشكەن سۈرىلەرنىڭ ئىچىدىن تۇنجى بولۇپ چۈشكەن سۈرىدۇر. خالىد ئىبنى مەئدان بەقەرە سۈرىسىنى قۇرئاننىڭ چېدىرى دەپ ئاتايتتى[2].

بەزى ئالىملار بەقەرە سۈرىسىنى مىڭ خىل خەۋەر، مىڭ خىل بۇيرۇق ۋە يامان ئىشلاردىن توسايدىغان مىڭ خىل چەكلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەيدۇ.

قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە تەتقىق ئېلىپ بارىدىغان ئالىملار بۇ سۈرىنى 281 ئايەت، 6221 كەلىمە، 25500 ھەرپتىن تەركىب تاپقان دەيدۇ.

ئىبنى جۇرەيج ئەتادىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بەقەرە سۈرىسى مەدىنىدە چۈشكەن».

خۇسەيف، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بەقەرە سۈرىسى مەدىنىدە چۈشكەن».

شۇنىڭدەك بارلىق ئىماملار ۋە تەپسىرشۇناسلار ئارىسىدا بۇ سۈرىنىڭ مەدىنىدە چۈشكەنلىكىدە ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق. ئىبنى مەردەۋەي، ئۇتبە ئىبنى مەرسەدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ (بىر ئىشتا) كېچىككەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى: «ئى

(1) بەقەرە سۈرىسى 281 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بۇنىڭدىن بۇ سۈرىنىڭ مەنىسى چوڭقۇر ۋە مەزمۇنى مول دېگەن بولۇشى مۇمكىن.

بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئىگىلىرى!» دەپ چاقىردى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دەپ چاقىرغانلىقىنى ھۇنەين غازىتى كۈنىدە بولغانمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن. ھۇنەين غازىتى كۈنى مۇسۇلمانلار كاپىرلارنىڭ تويۇقسىز بەرگەن زەربىسىدىن ئالاقزادە بولۇپ ئارقىغا قاراپ قاچقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابباسنى ئۇلارنى چاقىرىشقا بۇيرۇدى. ئابباس ئۇلارنى روھلاندۇرۇش ئۈچۈن: «ئى دەرەخنىڭ ئىگىلىرى! (يەنى دەرەخنىڭ ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رىزۋان[1] بەيئىتىنى بەرگەن كىشىلەر!)» . يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئى بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئىگىلىرى!» دەپ چاقىردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىشكە باشلىدى.

يامامە كۈنىدىكى مۇسەيلىمە كەززابنىڭ[2] ئادەملىرى بىلەن بولغان جەڭدىمۇ بۇ ئىش قايتا تەكرارلاندى. شۇ كۈنى ساھابىلار ھەنىف قەبىلىسىدىن بولغان مۇسەيلىمەنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ جىقلىقىدىن قورقۇپ قېچىشقا باشلايدۇ، الله ئۇلارغا جەڭدە غەلىبە ئاتا قىلغانغا قەدەر مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلار بىر ـ بىرىنى: «ھەي بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئىگىلىرى!» دەپ چاقىرىشقا باشلايدۇ. (الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن رازى بولسۇن!)

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

﴿الٓمٓ ١﴾

ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەلىف، لام، مىم﴿1﴾.

سۈرىنىڭ بېشىدا كەلگەن ﴿ألم – حم – ن – ق﴾ دەك ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى توغرىسىدا

سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن (الم – حم – ن – ق) دېگەن ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرىنىڭ مەنىلىرىنى الله دىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ئالىملارنىڭ بۇ ھەرپلەر توغرىسىدا ھەر خىل كۆز قاراشلىرى بار. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ ھەرپلەرنى سۈرىلەرنىڭ ئىسىملىرى دەيدۇ. بەزىلىرى بولسا الله بۇ ھەرپلەر بىلەن سۈرىلەرنى باشلىغان، دېمەك بۇ ھەرپلەر سۈرىلەرنىڭ باشلانمىسى دەيدۇ.

(1) الله نىڭ رىزالىقىغا ئېرىشكەن بەيئەت.
(2) مۇسەيلىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلغان يالغانچىلارنىڭ بىرسى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله نىڭ دەرگاھىغا كەتكەندىن كېيىن ئەبا بەكرى سىددىقنىڭ خەلىپىلىك زامانىسىغا كەلگەندە مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسەيلىمەنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولۇپ، مۇسەيلىمە شۇ جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى. جەڭنىڭ يامامە دېگەن يەردە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جەڭ يامامە كۈنى دەپ ئاتالغان.

سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن بارلىق ھەرپلەرنىڭ سانى ئون تۆت بولۇپ، ئۇلار: "ا، ل، م، ص، ر، ك، ھـ، ي، ع، ط، س، ح، ق، ف" دىن ئىبارەتتۇر.

بۇ ھەرپلەر ئەرەب تىلى ھەرپلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئىگەللەيدۇ. ئۇلار ئەرەب تىلىنىڭ ئىچىدىكى ھەر تۈرلۈك، يۇقىرى - تۆۋەن، ئۇرغۇلۇق - ئۇرغۇسىز، جاراڭلىق - جاراڭسىز ئاۋازلار بىلەن ئوقۇلىدىغان بارلىق تىل تاۋۇشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بەزى ئالىملار الله تائالانىڭ بۇ ھەرپلەرنى ھېكمەت بىلەن چۈشۈرگەنلىكىنى بايان قىلىشىدۇ. ئالىملار بۇ ھەقتە مۇئەييەن بىر پىكىرگە كېلەلمىدى. بۇنىڭدا كىمنىڭ دەلىلى توغرا بولسا، شۇنىڭغا ئەگىشىش كېرەك. ئەگەر دەلىلى بولمىسا ئۆز ئالدىغا مەنە ئېيتىش توغرا ئەمەس.

بۇ ھەرپلەرنىڭ "قۇرئان" نىڭ مۆجىزىلىك كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغانلىقى

بۇ ھەرپلەر "قۇرئان" نىڭ مۆجىزە كىتاب ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ "قۇرئان" نىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى، "قۇرئان" نىڭ مۇشۇ ھەرپلەردىن پۈتۈپ چىققانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ، "قۇرئان" نىڭ الله نىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەن مۇشرىك ئەرەبلەرگە: ئى كاپىرلار! سىلەر بۇ ھەرپلەرنى بىلىسىلەر، ئەگەر، "قۇرئان" نى الله چۈشۈرمەي مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان دېمەكچى بولساڭلار، سىلەر قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قىسقا بىرەر سۈرە بولسىمۇ كەلتۈرۈپ باقامسىلەر؟- دەپ كاپىر قەۋمگە جەڭ ئېلان قىلغانلىقتۇر. "بۇ ھەرپلەر مۇشۇ مەنىنى بىلدۈرىدۇ" دېيىش قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى تەپسىر قىلىدىغان كۆپلىگەن ئاتاقلىق ئالىملارنىڭ ئورتاق كۆز قارىشىدۇر.

بۇ ھەرپلەر: ﴿**الم ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فيه**﴾، ﴿**الم اللّهُ لا إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ**﴾، ﴿**المص كتَابٌ أُنزِلَ إِلَيْكَ**﴾، ﴿**الر تلْكَ آيَاتُ الْكِتَابِ الْحَكِيمِ**﴾، ﴿**كهيعص ذِكْرُ رَحْمَةِ رَبِّكَ عَبْدَهُ زَكَرِيَّا**﴾، ﴿**يس وَالْقُرْآنِ الْحَكِيمِ**﴾، ﴿**حم تَنْزِيلُ الْكِتَابِ مِنَ اللَّهِ الْعَزِيزِ الْحَكِيمِ**﴾، ﴿**ق وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ**﴾ كە ئوخشاش 29 سۈرىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ.

* * * * * * *

ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ لَا رَيۡبَۛ فِيهِۛ هُدٗى لِّلۡمُتَّقِينَ ٢

بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر﴿2﴾.

قۇرئاندا ھېچقانداق شەكنىڭ يوقلۇقى

سۇددى ﴿**بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇمالىك، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە بىر تۈركۈم ساھابىلەرنىڭ: «قۇرئاننىڭ الله تائالا تەرىپىدىن چۈشكەنلىكىدە ھېچقانداق شەك يوق»

دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇدەردا، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەيىر، ئەبۇمالىك، نافىئە، ئاتا، ئەبۇئالىيە، رەبىئ ئىبنى ئەنەس، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان، سۇددى، قەتادە ۋە ئىسمائىل ئىبنى ئەبۇخالىد قاتارلىقلارمۇ يۇقىرىدىكى رىۋايەتكە ئوخشاش بايان قىلغان.

ئىبنى ئەبۇ ھاتەم: ﴿**بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: «قۇرئاننىڭ الله تەرىپىدىن چۈشكەنلىكىدە ھېچقانداق شەك يوق دېگەن قاراشتا ئىختىلاپ بارلىقىنى بىلمەيمەن» دېگەن.

ئايەتنىڭ مەنىسى: «بۇ كىتاب قۇرئان كەرىمدۇر. ئۇنىڭ الله تەرىپىدىن چۈشكەنلىكىدە ھېچقانداق شەك يوقتۇر».

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەلىف، لام، مىم. (بۇ) كىتاب (يەنى قۇرئان) نىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىدا ھېچ شەك يوقتۇر﴾[1].

بەزى ئالىملار: ﴿**بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: قۇرئاننىڭ الله تائالا تەرىپىدىن چۈشكەنلىكىگە شەك قىلماڭلار دەپ شەك قىلىشتىن توسقانلىقتۇر، ـ دېدى.

قۇرئان ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ئىچىدىن الله تائالانىڭ: ﴿ذالىكەل كىتابۇ لارەيبە﴾ دېگەن سۆزدە توختاپ، ﴿فىيھى ھۇدەن﴾ دېگەن سۆزدىن باشلاپ ئوقۇيمىز دەيدىغانلار بار. لېكىن ﴿لارەيبە﴾ دەپ توختاشتىن، ئۇنىڭغا ﴿فىيھى﴾ نى قوشۇپ ﴿لارەيبە فىيھ﴾ دەپ توختاش ياخشىراقتۇر. بۇ چاغدا الله تائالانىڭ ﴿ھۇدەن﴾ (يەنى ھىدايەت) دېگەن سۆزى ئەرەب گىرامماتىكىسى جەھەتتىن "قۇرئان" دېگەن سۆزنىڭ سۈپىتى بولۇپ، مەنە جەھەتتىن: قۇرئاننىڭ بىردىن بىر ئالاھىدە سۈپىتى كىشىلەرنى ئازغۇنلۇق يولىدىن توغرا يولغا باشلاشتۇر، ـ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ھىدايەتنىڭ تەقۋادار كىشىلەرگە خاس بولىدىغانلىقى

ھىدايەت (يەنى توغرا يول) تەقۋادار كىشىلەرگە خاستۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك ـ شۈبھىگە) شىپادۇر، ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى (قۇرئاننى ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)، قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ)، ئەنە شۇلار يىراقتىن نىدا قىلىنغۇچىلاردۇر (يەنى ئۇلار ھەقنى قوبۇل قىلماسلىقتا ئىمانغا يىراقتىن چاقىرىلغان، مۇساپىنىڭ يىراقلىقىدىن چاقىرىقنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ)﴾[2].

﴿بىز مۆمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى

(1) سەجدە سۈرىسى 1 ـ 2 ـ ئايەتلەر.
(2) فۇسسىلەت سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى تېخىمۇ ئاشىدۇ)﴾[1].

بۇ ئايەت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر قۇرئاننىڭ پەقەت اللّٰه تائالاغا ئىشەنگەن كىشىلەرگىلا تەسىر قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، ”قۇرئان“ ھىدايەت (كىتابى) دۇر. لېكىن ئۇ ھىدايەتكە اللّٰه غا ئىشەنگەن ياخشى كىشىلەردىن باشقىسى ئېرىشەلمەيدۇ.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىللاردىكى دەرتكە (يەنى شەك ۋە نادانلىققا) شىپا بولغان، مۆمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان (قۇرئان) كەلدى﴾[2].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقا ساھابىلارنىڭ: **﴿(ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: «اللّٰه دىن قورقىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ”قۇرئان“ نىڭ ئۆزى بىر نۇردۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

”تەقۋادار كىشىلەر“ دېگەن سۆزگە بېرىلگەن چۈشەنچە

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما اللّٰه تائالانىڭ: **﴿(ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر﴾** دېگەن ئايىتىدىكى تەقۋادارلار دېگەننىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇلار اللّٰه غا ئىشەنگەن، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ساقلانغان ۋە ئەمەل ـ ئىبادەت قىلغان كىشىلەردۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: تەقۋادارلار دېگەن توغرا يولنى تونۇپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىسا اللّٰه نىڭ ئازابلىشىدىن قورقىدىغان، اللّٰه چۈشۈرگەن كىتابقا (”قۇرئان كەرىم“ گە) ئىشىنىش ئارقىلىق اللّٰه نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

قەتادە بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «تەقۋادارلار دېگەن اللّٰه تۆۋەندىكى سۆزلىرىدە سۈپەتلىگەن كىشىلەردۇر. اللّٰه ئۇلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار غەيىبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (اللّٰه يولىغا) سەرپ قىلىدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾»[3].

ئىبنى جەرىر مۇنداق دېدى: **﴿(ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر﴾** دېگەن ئايەت يۇقىرىدا ئۆتكەن مەنىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئەتىيە سەئدىتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەندە شۈبھىلىك نەرسىلەرنى قىلىپ قويماي دەپ، كېرەك يوق دېگەن (مۇباھ) نەرسىلەرنىمۇ تاشلىمىغۇچە تەقۋادارلارنىڭ مەرتىۋىسىگە يېتەلمەيدۇ.

(1) ئىسرا سۈرىسى 82 ـ ئايەت.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 57 ـ ئايەت.
(3) بەقەرە سۈرىسى 3 ـ ئايەتتىن 5 ـ ئايەتكىچە.

ھىدايەتنىڭ ئىككى تۈرلۈك بولىدىغانلىقى

بىرىنچىسى، ھىدايەت دېگەن سۆز ئىماننىڭ الله تەرىپىدىن بېرىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىلدىكى ھىدايەتنى كىشىلەرگە الله تائالادىن باشقا بىرسى بېرەلمەيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن﴾[1]، ﴿الله ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ﴾[2]، ﴿كىمنىكى الله ھىدايەت قىلىدىكەن، ئۇ (ھەقىقىي) ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، كىمنىكى (قىلغان يامان ئەمەلى تۈپەيلىدىن) الله ئازدۇرىدىكەن، ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكۈچى دوستنى ھەرگىز تاپالمايسەن﴾[3] يۇقىرىقى ئايەت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر ھىدايەت دېگەن سۆزنىڭ ''ئىمان بېرىلدى'' دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىككىنچىسى، ھىدايەت دېگەن سۆز ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ ۋە ئۇنىڭغا باشلاپ قويۇشنى بىلدۈرىدۇ. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، سەن توغرا يولغا باشلايسەن﴾[4]، ﴿سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى. ھەر قەۋمنىڭ بىر ھىدايەت قىلغۇچىسى (يەنى پەيغەمبىرى) بولىدۇ﴾[5]، ﴿سەمۇدقا بولسا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇق (يەنى گۇمراھلىق) نى ئارتۇق بىلدى﴾[6]، ﴿ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟﴾[7].

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە ھىدايەت دېگەن سۆز ''توغرا يولغا باشلاپ قويۇش'' دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ كەلدى.

* * * * * * *

ٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡغَيۡبِ وَيُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ ٣

ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ﴿3﴾.

«ئىمان» ئېيتىش

ئەبۇجەئفەر رازى، ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىمان ـ ئىشىنىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ۋە باشقىلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭمۇ ئوخشاش

(1) قەسەس سۈرىسى 56 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەئراف سۈرىسى186 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) كەھف سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) شۇرا سۈرىسى 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) رەئد سۈرىسى 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) فۇسسىلەت سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(7) بەلەد سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

مۇئەممەر، زۆھرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىمان ـ ئىبادەت قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئەبۇجەئفەر رازى رەبىئ ئىبنى ئەنەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىمان ـ قورقۇش دېگەنلىك بولىدۇ.

تۆۋەندىكى ئايەتلەر بۇ مەنىنى كۈچلەندۈرىدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىدىن كۆرمەي تۇرۇپ قورققانلار مەغپىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ﴾[1]، ﴿كىمكى مېھرىبان الله نى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قورقسا ۋە تەۋبە قىلغۇچى قەلب بىلەن كەلسە (ئۇلارغا): «جەننەتكە ئامانلىق بىلەن كىرىڭلار، بۇ مەڭگۈ قېلىش كۈنىدۇر» (دېيىلىدۇ)﴾[2].

چۈنكى، قورقۇش ئىمان ۋە بىلىمنىڭ نەتىجىسىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە الله دىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ﴾[3] ئەرەب تىلىدا "ئىمان" دېگەن سۆز ئەسلى "ئىشىنىش" دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما قۇرئاندا ۋە دىنىي ئاتالغۇلاردا بۇ سۆز كەلسە: «الله تائالاغا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، چۈشۈرگەن كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، ھەممە ئىشلار الله نىڭ قازايى ـ قەدەر (يەنى الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى) بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ۋە الله تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئىبادەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىش» دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىمان دېگەن سۆزنىڭ مۇشۇ مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىبنى جەرىر بايان قىلغان.

ئىمان ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ كۆپ ـ ئازلىقىغا قاراپ كۈچىيىدۇ ياكى ئاجىزلىشىدۇ. ئىبادەتنى كۆپ قىلغان كىشىنىڭ ئىمانى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ئەمەل ـ ئىبادەتنى ئاز قىلغان كىشىنىڭ ئىمانى ئاجىز بولىدۇ. بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر بار.

ئايەتتىكى "بىلغەيب" (غەيب) دېگەن سۆزنىڭ مەنىلىرى

"غەيب" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە سەلەپ ئالىملىرىنىڭ ھەر خىل كۆز قاراشلىرى بار. لېكىن ئۇ كۆز قاراشلارنىڭ ھەممىسى «غەيب» دېگەن سۆزنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئەبۇجەئفەر رازى، ئەبۇئالىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ بارلىقىغا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە، قەبرىدىن قايتا تىرىلىپ تۇرۇشقا ئىشىنىشتۇر. چۈنكى الله تائالا، پەرىشتىلەر، كىتابلار، پەيغەمبەرلەر، جەننەت، دوزاخ، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى غەيبنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ». قەتادە ئىبنى دەئامەمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئەبۇئالىيەگە ئوخشاش بايان قىلدى.

---

(1) فاتىر سۈرىسى 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 1 ـ ئايەتتىن 5 ـ ئايەتكىچە.
(3) فاتىر سۈرىسى 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سەئىد ئىبنى مەنسۇر، ئابدۇراھمان ئىبنى يەزىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتتە بىزدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەشتۇق. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن كىشى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىۋالالايدۇ. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىرئادەمنىڭ غەيبكە كەلتۈرگەن ئىمانى ئەڭ ياخشى ئىمان ھېسابلىنىدۇ" دەپ بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿ئەلىف، لام، مىم، بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر. ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1]». بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئىبنى مەردەۋى ۋە ھاكىملار ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدا يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى مۇھەيرىزنىڭ يەنە مۇشۇ مەزمۇندا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئەبۇجۇمەگە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان سۆزلىرىڭدىن بىرەرىنى بىزگە سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ، ـ دېدىم. ئەبۇجۇمە: ماقۇل، ياخشى سۆزدىن بىرنى سۆزلەپ بېرەي، ـ دەپ مۇنداق دېدى: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولدۇق. ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى جەرراھمۇ بىز بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىز ساڭا ئىمان كەلتۈردۇق ۋە سەن بىلەن بىللە جىھاد قىلدۇق، بىزدىنمۇ ياخشى كىشىلەرمۇ بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، (سىلەردىن ياخشى كىشىلەر) سىلەردىن كېيىن كېلىپ، مېنى كۆرمەي تۇرۇپ ماڭا ئىشەنگەن كىشىلەردۇر» دەپ جاۋاب بەردى[2].

﴿نامازنى ئادا قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: نامازنى ئادا قىلىش دېگەن، نامازنى بارلىق پەرزلىرى بىلەن بىللە ئادا قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ[3]، ـ دېدى.

زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: نامازنى ئادا قىلىش دېگەنلىك، رۇكۇ، سەجدە، قىرائەت قىلىش ۋە نامازنىڭ ئىچىدە ھېچ نەرسىنى ئويلىماي پەقەت الله نىلا ئويلاپ تۇرۇشتەك قائىدىلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىش، ـ دېگەنلىك بولىدۇ.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: نامازنى ئادا قىلىش دېگەنلىك، نامازنىڭ ۋاقتىغا رىئايە قىلىش، تاھارەتنى كامىل ئېلىش، رۇكۇ، سەجدىنى تولۇق ئادا قىلىشتۇر.

مۇقاتىل ئىبنى ھەييان مۇنداق دەيدۇ: نامازنى ئادا قىلىش دېگەنلىك، نامازنىڭ ۋاقتىغا رىئايە

(1) مۈلك سۈرىسى 12 ـ ئايەت.
(2) يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى غەيبكە كەلتۈرۈلگەن ئىمان (يەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىسىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنگەن) نىڭ ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
(3) نامازنىڭ تېشىدا ئالتە ،ئىچىدە ئالتە جەمئى 12پەرز بار.

قىلىش، تاھارەتنى كامىل ئېلىش، رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى تولۇق قىلىش، قىرائەت، تەشەھھۇد ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇلىدىغان دۇرۇدلارغا ئەھمىيەت بېرىشتۇر.

﴿مال ـ مۈلكىنى ﷲ نىڭ يولىغا سەرپ قىلىش﴾ دېگەن ئايەتنىڭ شەرھى

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ۋە باشقىلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **﴿ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ﴾** دېگەن ئايەتتىكى سەرپ قىلىدۇ دېگەن سۆزدىن ماللىرىنىڭ زاكاتلىرىنى بېرىدۇ، ـ دېگەنلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە بىر تۈركۈم ساھابىلەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: زاكات ئايرىشقا بۇيرۇيدىغان ئايەت چۈشۈشتىن بۇرۇن بۇ ئايەتتىن بىر كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى بالا ـ چاقىلىرىغا سەرپ قىلىپ بەرگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلاتتى.

جۇۋەيرى، زەھھاكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: "تەۋبە سۈرىسى" دىكى پەرز سەدىقىگە (يەنى زاكاتقا) بۇيرۇيدىغان يەتتە ئايەت چۈشۈشتىن بۇرۇن، كىشىلەرنىڭ بايلىقىغا قاراپ، ﷲ تائالانىڭ يولىدا (ياخشى ئىشلار ئۈچۈن) مال ـ مۈلكىنى سەرپ قىلىشى ﷲ غا يېقىنلىشىدىغان بىر ئىبادەت ئىدى (بۇرۇن بۇ ئايەتتىن ﷲ نىڭ يولىدا قىلىنغان پۈتۈن سەدىقىلەر كۆزدە تۇتۇلاتتى). "تەۋبە سۈرىسى" دىكى پەرز سەدىقىگە بۇيرۇيدىغان ئايەت چۈشكەندىن كېيىن، **﴿ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن باشقا نەپلە سەدىقىلەر چىقىرىۋېتىلىپ "تەۋبە سۈرىسى" دە سۆزلەنگەن پەرز سەدىقىلەر كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولۇپ قالدى». (ﷲ خالىسا ـ پەرز قىلىنغان شۇ يەتتە ئايەتتىكى سەدىقە توغرىسىدا ئۆز ئورنىدا توختىلىمىز).

مەن (يەنى ئىبنى كەسىر) مۇنداق دەپ قارايمەن: ﷲ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ناماز ئوقۇش بىلەن مال ـ مۈلۈكنى ﷲ يولىدا سەرپ قىلىشنى بىر يەردە كەلتۈرىدۇ. چۈنكى، ناماز ﷲ نىڭ ھەققىدۇر (نامازدا ﷲ غىلا قۇللۇق قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق بىر غەرەز ئارىلاشماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ). ناماز دېگەن ﷲ نىڭ بار ۋە بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇلۇغلاش، مەدھىيىلەش، ئۇنىڭغا يېلىنىش ۋە ئۇنىڭغا ھەممە ئىشنى تاپشۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. ﷲ نىڭ يولىدا مال ـ مۈلۈك سەرپ قىلىش دېگەنلىك، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، پايدا يەتكۈزۈشتۇر. بۇ ياخشىلىققا ئەڭ لاياقەتلىك بولىدىغان كىشىلەر: ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، بالا ـ چاقىلىرى، ئەگەر ئۆيىدە ئىشلەيدىغان قۇللىرى بولسا قۇللىرى، ئاندىن يات كىشىلەردۇر. ﷲ تائالانىڭ: **﴿ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ﴾** دېگەن ئايىتى مەيلى پەرز سەدىقە بولسۇن ياكى نەپلە سەدىقە بولسۇن ھەممە سەدىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىسلام دىنى ـ ﷲ تائالادىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھەقىقىي بىر زاتنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى دىل ۋە تىل بىلەن ئېتىراپ قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ﷲ نىڭ بىزگە ئەۋەتكەن ھەقىقىي ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش ۋە ھەج قىلىشتىن ئىبارەت بەش ئاساسىي پرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلغان». بۇ ھەقتە يەنە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بار.

****

وَٱلَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ وَبِٱلْءَاخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ ﴿٤﴾

ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ﴿4﴾.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: مۆمىنلەر سەن ۋە سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئۇلاردىن تېنىۋالمايدۇ. سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، بەزىسىگە ئىمان كەلتۈرمەي قالمايدۇ)، ـ دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىبنى ئابباس ﴿**ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشكە، قىيامەت كۈنىگە، جەننەت، دوزاخ، ھېساب ۋە تارازا ـ مىزانلارنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى

اللە تائالانىڭ: ﴿**ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىدە سۆزلەنگەن سۈپەتلەر (غەيبكە ئىشىنىش، نامازنى ئادا قىلىش، مال ـ مۈلۈكتىن اللە يولىدا سەرپ قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە چۈشكەن بارلىق كىتابلارغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش) ھەر بىر ھەقىقىي مۆمىن ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان سۈپەتلەردۇر. يۇقىرىقى سۈپەتلەرنىڭ ئىچىدىن بىرەرسى تېپىلمىغان كىشى ھەقىقىي مۆمىن ھېسابلانمايدۇ.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدىن تۆت ئايەت مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى، ئىككى ئايەت كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىرىنى، ئون ئۈچ ئايەت مۇناپىقلارنىڭ[1] سۈپەتلىرىنى سۈپەتلەپ كەلدى.

مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى سۈپەتلەپ كەلگەن بۇ تۆت ئايەت مەيلى ئەرەب مىللىتىدىن بولسۇن ياكى باشقا مىللەتتىن بولسۇن، ئۆزىنى "مەن مۆمىن" دەپ ئاتىغان ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن ئورتاقتۇر. يۇقىرىقى تۆت ئايەتتە تەكىتلەنگەن سۈپەتلەردىن بىرسى كەم بولۇپ قالسا ئۇ كىشىنىڭ ئىمانى كامىل بولمايدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى غەيبكە ئىشەنگەن، نامازنى ئوقۇغان، مال ـ مۈلكىنى اللە نىڭ يولىغا سەرپ قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن بارلىق كىتابلارغا ئىشەنگەن، لېكىن قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمىگەن بولسا ئۇ كىشىنىڭ ئىمانى كامىل ئىمان ھېسابلانمايدۇ. ياكى ھەممىسىگە ئىشەنگەن لېكىن نامازنىڭ اللە تەرىپىدىن بۇيرۇلغان پەرز ئىكەنلىكىنى

(1) مۇناپىق دېگەن كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولۇپ، كاپىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا ئىش ـ ھەرىكەت قىلىدىغان كىشى. مۇناپىقلارنىڭ تۈرلىرىنى كېيىنكى مەزمۇنلاردا چۈشەندۈرىمىز...

ئىنكار قىلىپ ئوقۇمىغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىمانىمۇ كامىل ئىمان ھېسابلانمايدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! الله غا، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە الله ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار﴾[1]، ﴿ئەھلى كىتاب بىلەن پەقەت ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغۇچىلار ۋە فىدىيە بېرىشتىن باش تارتقۇچىلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئېيتىڭلاركى: «بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر، بىز الله غا بويسۇنغۇچىلارمىز»﴾[2]، ﴿ئى كىتاب بېرىلگەنلەر! (يەنى يەھۇدىيلار) ئۆزەڭلاردىكى كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) تەستىق قىلىدىغان، بىز نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار﴾[3]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) سىلەر تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) تولۇق ئەمەل قىلمىغىچە، سىلەر ئېتىبارغا ئالغۇدەك دىندار بولغان بولمايسىلەر»﴾[4].

الله تائالا يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن ۋە ئىشىنىشكە تېگىشلىك بولغانىنىڭ ھەممىسىگە ئىشەنگەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله غا ۋە الله نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) «الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ﴾[5].

بۇنىڭدىن باشقا، مۆمىنلەرنى الله غا، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئۇنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيدىغان كۆپلىگەن ئايەتلەر بار.

ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنىڭ ئىچىدىن) ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنلىرىغا تولۇق (يەنى يەھۇدىي بولسا يەھۇدىي دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا، خىرىستىئانلار بولسا خىرىستىئان دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا) ئىمان ئېيتىدۇ. ئاندىن ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغىمۇ تولۇق ئىمان ئېيتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار قوش ئەجىرگە ئېرىشىدۇ.

يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلاردىن باشقىلار بولسا، ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى دىنلارنى تەستىق قىلىپلا قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ئەھلى كىتاب (يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىئانلار) ئۆزلىرىنىڭ دىنى ھەققىدە سۆزلەپ بەرسە، سىلەر ئۇلارنى يالغانچىغىمۇ چىقارماڭلار! ھەم ئۇلارغا ئىشىنىپمۇ كەتمەڭلار ۋە لېكىن بىز، بىزگە چۈشۈرۈلگەن ۋە سىلەرگە چۈشۈرۈلگەن نەرسىگە ئىشىنىمىز

(1) نىسا سۈرىسى 136 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى 46 ـ ئايەت.
(3) نىسا سۈرىسى 47 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) مائىدە سۈرىسى 68 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) بەقەرە سۈرىسى 285 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دەڭلار!»[1]. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەن ئەھلى كىتابتىن بولمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى ئەھلى كىتابتىن ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىدىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن. ئەھلى كىتابتىن بولغان مۇسۇلمانلار، ئىككى دىنغا ئىشەنگەنلىك سەۋەبى بىلەن قوش ئەجرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، باشقا مۇسۇلمانلار (ئەھلى كىتابتىن بولمىغان مۇسۇلمانلار) ئۇلارنىڭ قوش ئەجرىنىڭ ساۋابىنى بېسىپ چۈشىدىغان چوڭقۇر ئىمانغا ئېرىشكۈچىلەردۇر.

****

أُوْلَٰٓئِكَ عَلَىٰ هُدٗى مِّن رَّبِّهِمۡۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ٥

ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴿5﴾.

توغرا يول ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ مۆمىنلەرنىڭ نېسۋىسى ئىكەنلىكى

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە بايان قىلىنغان غەيبكە ئىشىنىش، نامازنى ئادا قىلىش، الله تائالا ئاتا قىلغان مال ـ مۈلۈكلەردىن الله نىڭ يولىغا ئىشلىتىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن كىتابلارغا ئىشىنىش ۋە ئاخىرەتكە ئىشىنىش دېگەن سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە يامان ئىشلاردىن ساقلىنىش بىلەن تەييارلىق قىلىۋاتقان كىشىلەر الله تەرىپىدىن بولغان نۇر ۋە توغرا يولنىڭ ئۈستىدىدۇر. ئاشۇلار يەنە دۇنيادا ئۆزلىرىنىڭ ئىزلىگەن ئارزۇسىغا يېتىش، ئىنسان ياقتۇرمايدىغان يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلىنىپ قېلىش بىلەن، ئاخىرەتتە ساۋابقا ئېرىشىپ مەڭگۈلۈك بولغان جەننەتكە كىرىش ۋە الله تائالا ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلارغا تەييارلىغان ئازابتىن قۇتۇلۇپ قېلىش بىلەن بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇ.

****

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ سَوَآءٌ عَلَيۡهِمۡ ءَأَنذَرۡتَهُمۡ أَمۡ لَمۡ تُنذِرۡهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ٦

شۈبھىسىزكى، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، بەرىبىر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ﴿6﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك

(1) بىزگە يەھۇدىيلار ياكى خرىستىئانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنى توغرىلىق بىر نەرسە سۆزلەپ بەرسە، بىز ئۇلارغا ئىشەنمەسلىكىمىز ھەم ئۇلارنى يالغانچىغىمۇ چىقارماسلىقىمىز لازىم. ئىشەنمەسلىكىمىزنىڭ سەۋەبى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزگەرتىۋېتىلگەن يەرلىرىگە ئىشىنىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئۇلارنى يالغانچىلىققا چىقارماسلىقىمىزنىڭ سەۋەبى، بىز يالغان دەپ قارىغان يەرلىرى الله تەرىپىدىن ھەقىقىي چۈشۈرۈلگەن يەرلىرى بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭغا ئاساسەن: الله سىلەرگە ۋە بىزلەرگە چۈشۈرگەن نەرسىگىلا ئىشىنىمىز، ـ دەيمىز.

بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾[1].

الله تائالا ئەھلى كىتابنىڭ ئىچىدىن ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلەر توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿كىتاب بېرىلگەنلەرگە بارچە دەلىلنى كەلتۈرسەڭمۇ، ئۇلار سېنىڭ قىبلەڭگە بويسۇنمايدۇ﴾[2] يەنى، ھەقىقەتەن الله تائالا بەختسىزلىكنى پۈتۈۋەتكەن كىشىنى ھېچقانداق ئادەم بەختلىك قىلالمايدۇ. الله تائالا ئازدۇرغان ئادەمنى ھېچقانداق ئادەم توغرا يولغا باشلاپ قويالمايدۇ.[3] سەن ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرماي (دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئىبارەت) ئۇلۇغ ۋەزىپەڭنى ئادا قىلغىن (يەنى سەن ئۇلارغا دىنىنىلا يەتكۈزۈپ قويغىن). ساڭا ئەگەشكەن كىشى ئۈچۈن كاتتا ساۋاب بار. سەندىن يۈز ئۆرىگەن كىشىگە، تولا قايغۇرۇپ كەتمىگىن. ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرىشى سېنى بىئارام قىلمىسۇن. (ئۇلاردىن ھېسابنى ئۆزىمىز ئالىمىز).

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ھېساب ئېلىشتۇر﴾[4]، ﴿سەن پەقەت (ئۇلارنى الله نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن، الله ھەممە نەرسىنى تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر﴾[5].

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە الله تائالانىڭ: **﴿شۈبھىسىزكى، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، بەرىبىر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە كىشىنىڭ (ئىسلام دىنىغا) ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، توغرا يولدا مېڭىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا الله تائالا "لەۋھۇلمەھپۇز" دا بۇ كىشى توغرا يولنى تاللايدۇ دەپ يېزىۋەتكەن كىشىدىن باشقىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ۋە بۇ كىشى خاتا يولنى تاللايدۇ، دەپ يېزىۋەتكەن كىشىدىن باشقا كىشىنىڭ ئېزىپ كەتمەيدىغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلىپ يۇقىرىقى ئايەتنى نازىل قىلدى.

****

خَتَمَ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ وَعَلَىٰ سَمْعِهِمْ ۖ وَعَلَىٰٓ أَبْصَٰرِهِمْ غِشَٰوَةٌ ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿٧﴾

(1) يۇنۇس سۈرىسى 96 ـ 97 ـ ئايەتلەر.
(2) بەقەرە سۈرىسى 145 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) بۇ سۆزدىن الله بىر كىشىگە ئازغۇنلۇق يولىنى ئۆزى پۈتۈۋېتىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى سەن خاتا يولدا ماڭدىڭ دەپ ئۆزى ئازابلايدىكەن دېگەن خاتا چۈشەنچە بولۇپ قالسا ھەرگىزمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، الله تائالانىڭ بىر كىشىگە بەختسىزلىكنى پۈتۈۋېتىشى ۋە توغرا يولدىن ئازدۇرۇۋېتىشى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە باغلىقتۇر. ھەر بىر كىشىنىڭ توغرا يولنى ياكى خاتا يولنى تاللاش ئەركىنلىكى بار. بىر كىشى شۇ ئەركىنلىكى بىلەن توغرا يولنى تاللىماي خاتا يولنى تاللىغان بولسا، الله ئۇ كىشىنى شۇ خاتا يولدا مېڭىشقا باشلاپ قويىدۇ. ئەگەر ياخشى يولنى تاللىغان بولسا، شۇ ياخشى يولدا مېڭىشقا باشلاپ قويىدۇ.
(4) رەئد سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) ھۇد سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن (ئىماننىڭ نۇرى كىرمەيدۇ)، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن (ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ)، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿7﴾.

قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: شەيتان ئۇلاردىن كۈچلۈك كېلىپ كەتتى، ئۇلار شەيتانغا بويسۇندى. شۇنىڭ بىلەن الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، قۇلاقلىرىنى ۋە كۆزلىرىنى پېچەتلىۋەتتى. شۇڭا ئۇلار توغرا يولنى كۆرەلمەيدۇ، ھەقىقەتنى ئاڭلىيالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ.

ئىبنى جۇرەيج، مۇجاھىدنىڭ الله تائالانىڭ: ﴿الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى﴾ دېگەن ئايىتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرى ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھەر تەرەپتىن قورشاپ كېلىپ دىلغا ئورنىشىدۇ. گۇناھلارنىڭ دىلغا ئورنىششى شۇ دىلنىڭ پېچەتلىنىپ كەتكەنلىكىدۇر. ئىبنى جۇرەيج: پېچەتلەش دىل بىلەن قۇلاققىلا بولىدۇ، ـ دېدى.

ئەئمەش مۇنداق دەيدۇ: مۇجاھىد بىزگە (ئىنساننىڭ) دىلىنى ئالقانغا ئوخشىتىپ چۈشەندۈرۈپ: دىل دېگەن قولنىڭ ئالقىنىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر بەندە بىر گۇناھ قىلسا، دىل مۇشۇنداق يۇمۇلۇپ كېتىدۇ، ـ دەپ ئۆزىنىڭ چىمچىلاق بارمىقىنى يۇمۇپ كۆرسەتتى. ئەگەر يەنە بىر گۇناھ قىلسا، ئۇنىڭ دىلى مۇشۇنداق يۇمۇلۇپ كېتىدۇ، ـ دەپ يەنە بىر بارمىقىنى يۇمۇپ كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ بارماقلىرىنىڭ ھەممىسى يۇمۇلۇپ بولغىچە كۆرسەتتى. (ئاندىن ئۇ بەندىنىڭ قىلغان گۇناھلىرى ئۇنىڭ دىلىنى ھەر تەرەپتىن قورشاپ كېلىپ چىرمىۋالغاندىن كېيىن) ئۇنىڭ دىلى پېچەتلىنىپ كېتىدۇ، ـ دېدى.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: پۈتۈن ئالىملار كاپىرلارنىڭ ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقانلىقىنىڭ جازاسى ئۈچۈن الله ئۇلارنىڭ دىللىرىغا مۆھۈر بېسىۋېتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋېتىدۇ ـ دەپ بىرلىككە كەلدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿بەلكى الله ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبىدىن دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى﴾[1] ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ دۇئا قىلغان: «ئى دىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى الله ! بىزنىڭ دىلىمىزنى سېنىڭ دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن!»[2].

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قومۇشنى بورا توقۇش ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە رەتلەپ تىزغانغا ئوخشاش گۇناھلار (كىشىلەرنىڭ) دىللىرىغا بىر ـ بىرلەپ تىزىلىپ كېلىدۇ. قايسى دىل ئۇ گۇناھلارنى قوبۇل قىلسا (يەنى ئۇ كىشى گۇناھ ئىشلانى قىلسا)، ئۇ دىلغا قارا چېكىتتىن بىرسى ئورۇلىدۇ. قايسى دىل ئۇ گۇناھلارنى قوبۇل قىلمىسا ئۇنىڭغا ئاق چېكىتتىن بىرسى ئورۇلىدۇ. دىللار مۇشۇ ئاساستا ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچىسى، ئاق پېتى ساقلىنىپ تۇرىدىغان دىل بۇ، ئاسمان ـ زېمىنلا بولىدىكەن (قىيامەتكىچىلىك) ئۇنىڭغا ھېچقانداق يامان ئىش تەسىر قىلالمايدۇ. ئىككىنچىسى، (كىشىلەر پايدىلىنالمايدىغان) مايماق كوزىغا ئوخشاش ياخشى ـ يامانىنى تونۇيالمايدىغان قارا دىلدۇر».

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ قارىشىمچە، مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدا ئەڭ توغرا سۆز ئەبۇ

(1) نىسا سۈرىسى 155 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) يامۇقەللىبەلقۇلۇب سەببىت قۇلۇبەنا ئەلا دىينىك.

ھۇرەيرەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان بۇ ھەدىسىدۇر: «مۆمىن گۇناھ ئىشتىن بىرنى قىلسا، ئۇنىڭ دىلىغا قارا چېكىتتىن بىرسى قويۇلىدۇ. قىلغان ئىشىغا تەۋبە قىلىپ، ئۇ ئىشتىن پۈتۈنلەي يانغان بولسا، ئۇنىڭ دىلى باشقىدىن پاكىزلىنىدۇ. (ئەگەر قىلغان يامانلىقتىن يانماي) گۇناھ ئىشلارنى داۋاملاشتۇرىۋەرگەن بولسا، قارا چېكىت كۆپىيىپ ئۇنىڭ دىلىنى قورشىۋالىدۇ، شۇ قارا چېكىت الله تائالا بۇ سۆزىدە بايان قىلغان قارا چېكىتتۇر، ـ دەپ تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن﴾[1]».

الله تائالا سۈرىنىڭ بېشىدىكى تۆت ئايەتتە مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. يۇقىرىدىكى ئىككى ئايەتتە كاپىرلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇردى. الله تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئېغىزدىلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، كۇپۇرلۇقنى دىلىدا يوشۇرۇپ كەلگەن مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىنى بىلەلمىگەچكە، ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرىنى بىلىۋېلىشى، ئۇلاردىن ھەر زامان ئېھتىيات قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تۇيماستىن شۇ ئىشنى قىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، الله مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىنى قۇرئاننىڭ كۆپىنچە سۈرىلىرىدە ھەر خىل سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەپ بېرىدۇ.

* * * * * * *

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَبِٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ وَمَا هُم بِمُؤْمِنِينَ ﴿٨﴾ يُخَـٰدِعُونَ ٱللَّهَ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَمَا يَخْدَعُونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمْ وَمَا يَشْعُرُونَ ﴿٩﴾

كىشىلەر ئارىسىدا الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ (يەنى ئاغزىدا ئىشەندۇق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ)﴿8﴾. ئۇلار الله نى ۋە مۆمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ، ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ﴿9﴾.

"مۇناپىق" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى

مۇناپىقلىق دېگەن كۆرۈنۈشتە ياخشى تەرەپلەرنى ئاشكارىلاپ يامانلىقنى يوشۇرۇش بولۇپ، ئۇ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرىنچىسى، ئېتىقادىي مۇناپىقلىق (ئېتىقادىي جەھەتتىكى مۇناپىقلىق دېگەن: ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى كۆرۈنۈشتە ئاشكارا جاكارلاپ كۇپۇرلۇقنى يوشۇرۇشتۇر). بۇ خىلدىكى مۇناپىقلارنىڭ جايى مەڭگۈ دوزاختا بولىدۇ. ئىككىنچىسى، ئەمەلدىكى مۇناپىقلىقتۇر (يەنى قىلغان ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماسلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، سۆزلىسە يالغان سۆزلەش، جېدەللىشىپ قالسا، ئالدى بىلەن ئېغىزنى بۇزۇشتەك ئىشلاردۇر). ئەمەلدىكى مۇناپىقلىق چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. الله خالىسا، كېيىن يەنە بۇ نۇقتىدا تەپسىلى توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: مۇناپىق دېگەن سۆزى ـ ھەرىكىتىگە، ئىچى ـ تېشىغا، كىرىشى ـ چىقىشىغا، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى ھالىتى كەينىدىكى ھالىتىگە ئوخشىمايدىغان كىشىلەردۇر.

[1] مۇتەففىفىن سۈرىسى 14 ـ ئايەت.

مۇناپىقلىقنىڭ باشلىنىشى

مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىنى سۈپەتلەيدىغان ئايەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن چۈشتى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ۋاقتىدا ھېچقانداق مۇناپىقلىق ھەرىكىتى يوق بولۇپلا قالماي، ئەكسىچە مەجبۇرلانغانلىقتىن كۆرۈنۈشتە كۇپۇرلۇقنى ئاشكارا قىلىپ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىسلامغا كىرگەن مۇسۇلمانلار بار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەن چاغدا، "ئەۋس" ۋە "خەزرەج" قەبىلىلىرىدىن (ئىسلامغا كىرگەن) "ئەنسارىي" دەپ ئاتىلىدىغان مۇسۇلمانلار بار ئىدى. ئۇلار ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇن ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ يولى بويىچە بۇتقا چوقۇناتتى. مەدىنىدە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يوللىرىنى تۇتۇپ ماڭغان ئەھلى كىتابتىن بولغان يەھۇدىيلارمۇ ياشايتتى. بۇلار تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قەبىلىدىن تەركىب تاپقان ئىدى. "قەينۇقا" جەمەتى: بۇلار "خەزرەج" قەبىلىسىنىڭ ياردەمچىلىرى ئىدى. "نەزىر" ۋە "قۇرەيزە" جەمەتلىرى. ئۇلار "ئەۋس" قەبىلىلىرىنىڭ ياردەمچىلىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يېڭى كەلگەن چاغدا، "ئەۋس" ۋە "خەزرەج" قەبىلىلىرىدىن ئەنسارىيلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئىدى. بۇ چاغدا مۇناپىقلىق ھەرىكەتلىرى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ (كاپىرلارنى) قورقۇنچقا سالغۇدەك كۈچى يوق ئىدى. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلار ۋە مەدىنىنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان نۇرغۇن ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن تىنچلىقتا بىللە ياشاش ئۈچۈن كېلىشىم تۈزگەن ئىدى. مەدىنىدە خەزرەج قەبىلىسىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل دەيدىغان بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ كىشى مەدىنىگە ئىسلام يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن مەدىنىنىڭ باشلىقى ئىدى. مەدىنىلىكلەر ئۇنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىشنى ئويلىشىپ تۇرغاندا، مەدىنىگە ئىسلام يېتىپ كېلىشى بىلەن كىشىلەر ئىسلام دىنىغا كىرىشكە باشلاپ، ئۇ كىشىنى پادىشاھ قىلىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئۆچمەنلىك پەيدا بولدى. (ھىجرىيەنىڭ 2 ـ يىلى) بەدرى ئۇرۇشى بولۇپ، الله نىڭ ياردىمى بىلەن بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل دېگەن كىشى باشچىلىقىدا مەدىنىدىكى يەرلىكلەردىن ۋە يەھۇدىيلاردىن بولۇپ بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىسلام دىنىغا يۈزەكىلا كىرىپ قويدى. شۇ چاغدىن باشلاپ مەدىنىدە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلىق ئەرەبلەردە مۇناپىقلىق ھەرىكەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مۇھاجىرلارنىڭ ئىچىدە بولسا، بىرمۇ مۇناپىق يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى مەجبۇرلىنىپ ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىدىن، ئۆيلىرىدىن، ئائىلە، بالا ـ چاقىلىرىدىن ۋە زېمىنلىرىدىن الله رازىلىقى ئۈچۈن ۋاز كېچىپ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ئىدى.

﴿كىشىلەر ئارىسىدا الله تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئايەتتە دېيىلگەن كىشىلەردىن "ئەۋس" ۋە "خەزرەج" قەبىلىلىرىدىن

چىققان ۋە ئۇلار بىلەن بىر يولدا بولغان مۇناپىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەبۇئالىيە، ھەسەن، قەتادە ۋە سۇددى قاتارلىقلارمۇ يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش بايان قىلدى.

مۆمىنلەر مۇناپىقلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ ئالدىنىپ كېتىپ، ئۇلار كاپىر بولسىمۇ، مۆمىن دەپ قاراپ ئېھتىيات قىلماي نۇرغۇنلىغان يامان ئاقىۋەتلەرگە قالماسلىقى ئۈچۈن، الله تائالا مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىنى سۈپەتلەپ بېرىش بىلەن بىرگە، مۇناپىقلار ۋە كاپىرلارنى ياخشى دەپ قاراشنىڭ (ئىسلامدا) قاتتىق چەكلەنگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿كىشىلەر ئارىسىدا الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ (يەنى ئاغزىدا ئىشەندۇق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ)﴾**.

الله بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا: «گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن ھەقىقەتەن الله نىڭ پەيغەمبىرىدۇرسەن» دەيدۇ، سېنىڭ ھەقىقەتەن الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى الله بىلىدۇ﴾[1] يەنى ئۇلار سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمىز دېگەن سۆزنى سېنىڭ قېشىڭغا كەلگەن چاغدىلا دەيدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە بەرگەن گۇۋاھلىقى بىلەن دىلىدا يوشۇرغانلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، الله تۆۋەندىكى ئايەتتە ئۇلارنى يالغانچىغا چىقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر﴾[2].

﴿ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ (يەنى ئاغزىدا ئىشەندۇق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ. ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ﴾ يەنى ئۇلار كۇپۇرلۇقنى دىلىدا يوشۇرۇپ، ئىمانىنى تىلىدا ئېيتىش ئارقىلىق بەزى مۆمىنلەرنى گوللاپ مەنپەئەتلەنگەندەك، الله تائالانىمۇ گوللاپ مەنپەئەتلىنىمىز دەپ ئويلايدۇ.

الله تائالا ئۇلارنىڭ مۆمىنلەرنى گوللىغىنىدەك، الله تائالانىمۇ گوللاش خىيالىغا كەلگەن ھىيلە ـ مىكرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە الله ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇلار (دۇنيادىكى چاغلىرىدا «بىز مۇسۇلمانمىز» دەپ يالغاندىن) سىلەرگە قەسەم ئىچكەندەك الله غا قەسەم ئىچىدۇ، ئۇلار بۇ قەسەمنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسى بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇر﴾[3] ئۇلارنىڭ الله تائالانى گوللايمىز دېگەن خاتا كۆز ـ قارىشىغا الله تائالا بۇ ئايىتى بىلەن رەددىيە بەردى: **﴿ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ﴾** يەنى ئۇلار شۇ قىلىقى بىلەن ئۆزلىرىدىن باشقىسىنى گوللىمايدۇ ۋە ئۆزلىرىنى گوللىغانلىقىنىمۇ سەزمەيدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار الله نى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، الله ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ﴾[4] ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى جەرىرنىڭ الله تائالانىڭ: **﴿ئۇلار الله نى ئالدىماقچى بولىدۇ﴾** دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇناپىقلار "لائىلاھە ئىللەللاھ" دېگەن سۆزنى ئاشكارا دەپ قويۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ جان ۋە ماللىرىنى ساقلاپ قېلىشنى كۆزلەيدۇ.

(1) مۇنافىقۇن سۈرىسى1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مۇنافىقۇن سۈرىسى1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) مۇجادەلە سۈرىسى 18 ـ ئايەت.
(4) نىسا سۈرىسى 142 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سەئىد، قەتادەنىڭ اللە تائالانىڭ: ﴿**كىشىلەر ئارىسىدا اللە غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ(يەنى ئاغزىدا ئىشەندۇق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ). ئۇلار اللە نى ۋە مۆمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ، ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇناپىقلارنىڭ ئەخلاقى چىرىك، تىلى بىلەن دىلى، سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئەتىگەندە بىر خىل ھالەتتە بولسا، كەچتە يەنە باشقا بىر خىل ھالەتتە بولىدۇ. شامال كېمىنى ھەر تەرەپكە چايقىغاندەك، مۇناپىقلارمۇ بىردەم بىر تەرەپكە، بىردەم يەنە بىر تەرەپكە ئۆتۈۋالىدۇ.

* * * * * * *

فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ فَزَادَهُمُ اللَّهُ مَرَضًا ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ بِمَا كَانُوا يَكْذِبُونَ ﴿١٠﴾

ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار، اللە ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى؛ يالغان سۆزلىگەنلىكلىرى (يالغاندىن ئىماننى دەۋا قىلغانلىقلىرى ۋە اللە نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿10﴾.

«كېسەل» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى

سۇددى ﴿**ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار، اللە ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى**﴾ دېگەن ئايەت توغرىسىدا ئەبۇمالىك، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە بىر تۈركۈم ساھابىلەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئايەتتىكى "كېسەل" دېگەن سۆز شەك قىلىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مۇجاھىد، ئىكرىمە، ھەسەنبەسرى، ئەبۇئالىيە رەبىئ ئىبنى ئەنەس ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ: بۇ ئايەت يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، ـ دېدى.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم اللە تائالانىڭ: ﴿**ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار، اللە ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە ئۇ: بەدەندىكى كېسەللىك بولماستىن، بەلكى (دىنىنىڭ بەزى قانۇنلىرىغا شەك قىلىشقا ئوخشىغان) دىنىي كېسەللىكتۇر[1]. دىنغا مۇناسىۋەتلىك بۇ خىل كېسىلى بار كىشىلەر مۇناپىقلاردۇر. بۇ كېسەل مۇناپىقلارنىڭ ئىسلام توغرىسىدىكى شەكلىنىشىدۇر. اللە ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىق كېسىلىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ، ـ دېگەندىن كېيىن: ﴿مۆمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (ھەر سۈرىدە يېڭى دەلىل ـ ئىسپاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن) بۇ (يەنى سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى، ئۇلار (سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىدىن) خۇشال بولىدۇ. دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار) غا كېلىدىغان بولساق، بۇ (سۈرە) ئۇلارنىڭ كۇفرىغا كۇفرى قوشتى (يەنى ئۇلار مۇناپىقلىقتا تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى، تېخىمۇ گۇمراھلاشتى)، ئۇلار كاپىر پېتى ئۆلدى﴾[2] دېگەن ئايەتنى

(1) دىنىي كېسەللىك دېگىنىمىز، دىنىي تەلىماتلارنىڭ بەزىسىگە ئىشىنىپ بەزىسىگە ئىشەنمەي، بەزى يەرلىرى ئىدىيەمدىن ئۆتمەي قالدى دەپ دىنغا شەك قىلىشتۇر.
(2) تەۋبە سۈرىسى 25 ـــ 26 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.

ئوقۇدى ۋە ئۇلارنىڭ يامانلىقىغا يامانلىق، ئازغۇنلىقىغا ئازغۇنلىق قوشۇلدى، ـ دېدى. ئابدۇراھماننىڭ بۇ سۆزى مۇناسىپ، ياخشى سۆزدۇر. (الله تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقىغا ئازغۇنلۇق، كۇپۇرلۇقىغا كۇپۇرلۇق قوشۇپ قويغانلىقى) ئۇلار نېمە ئىشنى قىلسا شۇ ئىش بىلەن جازا بەرگەنلىكتۇر. بۇرۇنقى ئالىملارمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش بايان قىلغان. الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھىدايەت تاپقانلارنى الله تېخىمۇ ھىدايەت قىلىدۇ، ئۇلارغا تەقۋادارلىقنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ﴾[1].

الله تائالانىڭ: **﴿يالغان سۆزلىگەنلىكلىرى (يەنى يالغاندىن ئىماننى دەۋا قىلغانلىقلىرى ۋە الله نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىدە، مۇناپىقلار يەنە يالغانچى دېگەن نام بىلەنمۇ سۈپەتلىنىدۇ. ئۇلار غەيبنى يالغان دەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار يالغانچىلاردۇر. ئۇلار دىنغا شەك قىلىش ۋە غەيبكە ئىشەنمەسلىك ياكى غەيبنى يالغانغا چىقىرىشتەك سۈپەتلەرنى ئۆزلىرىگە جەملىۋالدى.

ئەسكەرتىش: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى مۇناپىقلارنى بىلەتتى، ـ دېگەن كىشلەر ھۇزەيفەنىڭ بۇ ھەدىسگە ئاساسلىنىدۇ: «تەبۇك غازىتى ۋاقتىدا، 14 ئادەم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، تەبۇكقا يېقىن بىر داۋاننىڭ يېنىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنى ئۈركىتىپ، ئۇنى تۆگىدىن يىقىتىۋەتمەكچى بولدى. ئەمما ئاللاھ تائالا بۇنى ۋەھيى ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ماڭا ئېيتىپ بەردى.»

بۇنىڭدىن باشقا الله تائالا مۇناپىقلار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەتراپىڭلاردا ئەئرابىلاردىن مۇناپىقلار بار، مەدىنە ئاھالىسىدىنمۇ مۇناپىقلىقتا چىڭ تۇرغانلار بار، ئۇلارنى سەن بىلمەيسەن، بىز بىلىمىز، ئۇلارنى ئىككى قېتىم (يەنى دۇنيادا قەتل قىلىش ۋە ئەسىر ئېلىش بىلەن، ئۆلگەندە گۆر ئازابى بىلەن) جازالايمىز. ئاندىن ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) قايتۇرۇلىدۇ﴾[2]، ﴿ئەگەر مۇناپىقلار، (نىفاقتىن) دىللىرىدا كېسەل بارلار، مەدىنىدە يالغان خەۋەر تارقاتقۇچىلار (قىلمىشلىرىدىن) يانمىسا، (ئى مۇھەممەد) ئەلۋەتتە بىز سېنى ئۇلارغا مۇسەللەت قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار مەدىنىدە لەنەتكە ئۇچرىغان ھالدا سەن بىلەن ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايدۇ (يەنى ئۇلار مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ، چىقىپ كېتىشكە تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن مەدىنىدە پەقەت ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايدۇ). ئۇلار قەيەردە بايقالسا، شۇ يەردە تۇتۇلىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ﴾[3].

يۇقىرىقى ئايەتلەردە مۇناپىقلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە ئەمەس ئىكەنلىكىگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى ئېنىق بىلمەيدىغانلىقىغا دەلىل ـ ئىسپات باردۇر. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەزى مۇناپىقلارنىڭ سۈپەت ۋە ئالامەتلىرى كۆرسىتىلىپ بېرىلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ سۈپەت ۋە ئالامەتلەر ئارقىلىق بەزى كىشلەرنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكىنى سېزەتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنى چوقۇم ساڭا بىلدۈرەتتۇق، چوقۇم ئۇلارنىڭ سىماسىدىن تونۇيتتۇڭ، سەن ئەلۋەتتە سۆزىنىڭ ئۇسلۇبىدىن ئۇلارنى تونۇيسەن، الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[4].

---

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 17 ـ ئايەت.
(2) تەۋبە سۈرىسى 101 ـ ئايەت.
(3) ئەھزاب سۈرىسى 60 ـ ئايەتتىن 61 ـ ئايەتكىچە.
(4) مۇھەممەد سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل نامى چىققان مۇناپىق ئىدى. ئۇنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكىگە زەيد ئىبنى ئەرقەم گۇۋاھلىق بەرگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭدىن شىكايەت قىلغاندا،[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرگە مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «ئەرەبلەرنىڭ مۇھەممەد ئۆزىنىڭ ساھابىلىرىنى ئۆلتۈرىۋېتىپتۇ دېيىشىنى يامان كۆرىمەن». ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي مۇسۇلمانلارغا چوڭ زىيانلارنى سالغان مۇناپىق بولسىمۇ، ئۇ ئۆلگەن چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ دەپنىسگە قاتناشقاندەك، ئۇنىڭ دەپنىسگە قاتناشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «مەن ئۇنىڭ نامىزىغا قاتنىشىش ياكى قاتناشماسلىق توغرىسىدا تاللاش ئىختىيارىغا قويۇلدۇم، مەن قاتنىشىشنى تاللىدىم».

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىشنى 70 قېتىمدىن ئارتۇق تىلىگىنىمدە ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، ئەلۋەتتە گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى 70 قېتىمدىن ئارتۇق تىلەيتتىم»[2].

****

وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ لَا تُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ قَالُوٓاْ إِنَّمَا نَحۡنُ مُصۡلِحُونَ ﴿١١﴾ أَلَآ إِنَّهُمۡ هُمُ ٱلۡمُفۡسِدُونَ وَلَٰكِن لَّا يَشۡعُرُونَ ﴿١٢﴾

ئۇلارغا: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېيىلسە، «بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ﴿11﴾. بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ﴿12﴾.

«بۇزغۇنچىلىق» نىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىلىرى

سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە بىر تۈركۈم ساھابىلەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: **﴿ئۇلارغا:**

---

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھېچ قانداق كىشىنىڭ ئاچچىقلىنىشى دۇرۇس ئەمەس ھەم ھېچكىشىمۇ ئاچچىقلانمايدۇ. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كايىشى ئەسلى ئاچچىقلىنىپ كايىغان ئەمەس، بەلكى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەيىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قاتتىق زىيىنى كەلگەن مۇناپىقلاردىن بولغاچقا، ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئۇ مۇناپىقنى نېمىشقا ئۆلتۈرۈۋەتمەيمىز، ـ دېگەنگە ئوخشاش سۆز قىلغان.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ مۇناپىقنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى **الله** دىن 70 قېتىم تىلىگەن. **الله** ئۇنىڭ گۇناھىنى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ تىلىسىمۇ كەچۈرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئايەت چۈشۈرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك ـ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى **الله** نىڭ ئەڭ ئەزىز بەندىسى مۇناپىقلارنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى سورىسىمۇ، **الله** نىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمەسلىكىنىڭ سەۋەبى، تارىختىن بۇيان ھازىرغا قەدەر مۇسۇلمانلارغا كەلگەن زىياننىڭ بېشىدا مۇناپىقلار بار. دۇنيانىڭ قانداق يېرىدە بولمىسۇن، كاپىرلاردىن مۇسۇلمانلارغا كەلگەن زىيان بىۋاستە كەلگەن ئەمەس، كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئېلىپ كەلگەن زىيانلىرى بولسا، مەنمۇ مۇسۇلمان دەپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان بىر تۈركۈم ۋىجدانسىز مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى كاپىرلارغا يەتكۈزۈشى ئارقىلىق كەلگەن. شۇڭا **الله** مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىنى كاپىرنىڭ ئالامەتلىرىدىن كۆپ بايان قىلدۇ. ئۇلارنى كاپىرلارنىڭ ئازابىدىن قاتتىق ئازاب بىلەن ئازابلايدۇ.

«يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېيىلسە، «بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ﴾ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلار مۇناپىقلاردۇر. ئەمما الله تائالانىڭ: **﴿يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار﴾** دېگەن ئايىتىدىكى "بۇزغۇنچىلىق" الله تائالاغا كۇپۇرلۇق قىلىش، يامان ئىشلارنى قىلىشتۇر. ئۇنداقتا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئۇلارغا: "الله غا كۇپۇرلۇق قىلماڭلار ۋە يەر يۈزىدە يامان ئىشلارنى قىلماڭلار" دېيىلسە، ـ دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەبۇجەئفەر، ئەبۇئالىيەنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەر يۈزىدە (الله غا) ئاسىيلىق قىلماڭلار، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى الله غا ئاسىيلىق قىلىشتۇر. چۈنكى، يەر يۈزىدە الله غا ئاسىيلىق قىلغان ياكى ئاسىيلىق قىلىشقا بۇيرۇغان كىشى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئاسمان ـ زېمىندا ياخشىلىقنىڭ بەرپا بولۇشى الله غا بويسۇنۇش ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ. رەبىئ ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ (بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە) يۇقىرىقىغا ئوخشاش دېدى.

مۇناپىقلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنىڭ خىلمۇ خىللىقى

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئاسىيلىق قىلىش، پەرۋەردىگارى توسقان ئىشلىرىدىن يانماسلىق، بۇيرۇغان ئىشلىرىنى قىلماسلىق، دىنىدا شەك قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلاردا شەك قىلىش، مۇسۇلمان سۆيىتىگە كىرىۋېلىپ مۆمىنلەرگە كۆز بويامچىلىق قىلىش، پۇرسەت تاپسىلا كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن (كاپىرلارغا) ياردەم بېرىش بىلەن يەر ـ يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار شۇ بۇزغۇنچىلىقى بىلەن ئۆزلىرىنى يەر يۈزىنى ئىسلاھ قىلغۇچىلار دەپ ئويلايدۇ. مۆمىنلەرنىڭ كاپىرلارنى ئۆزلىرىگە دوست تۇتۇشىمۇ بۇزۇق ئىشلارنىڭ بىر خىلىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كاپىرلار (ياردەمدە ۋە مىراستا) بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر، ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ﴾[1].

الله تائالا مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى كەسكىن ھالدا چەكلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! مۆمىنلەرنى (دوست تۇتۇشنى) قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتماڭلار، سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا (يەنى مۇناپىق ئىكەنلىكىڭلارغا) الله نىڭ روشەن پاكىتى بولۇشىنى خالامسىلەر؟ مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن﴾[2] مۇناپىقلارنىڭ تىلى بىلەن دىلى ئوخشاشمىغاچقا بۇزغۇنچىلىق شۇلاردىن باشلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان سۆزلىرى بىلەن مۆمىنلەرنى ئالدايدۇ ۋە كاپىرلارنى ئۆزلىرىگە دوست تۇتىدۇ. مۇناپىقلار كاپىرلارنى دوست تۇتمىسا ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلىمىسا ئۇلاردىن مۇسۇلمانلارغا كېلىدىغان زىيان يەڭگىل بولىدۇ. ئۇلار ئەمەل ـ ئىبادەتنى (باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس) الله رازىلىقى ئۈچۈن قىلسا ۋە سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولسا، (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) نىجات تاپقان بولاتتى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلارغا: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېيىلسە، «بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ﴾** يەنى (مۇناپىقلار) بىز مۆمىنلەر ۋە كاپىرلار

(1) ئەنفال سۈرىسى 73 ـ ئايەت.
(2) نىسا سۈرىسى 144 ـــ 145 ـ ئايەتلەر.

بىلەن دوستانە بولۇپ كېلىشىپ ياشايمىز، ـ دەيدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇناپىقلار بولسا: مۆمىنلەر ۋە كىتاب بېرىلگەن كىشلەردىن بولغان ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىنى ياخشىلايمىز، ـ دەيدۇ. الله ئۇلارنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ مۆمىنلەر بىلەن كىتاب بېرىلگەن كىشلەرنىڭ ئارىسىنى ياخشىلايمىز دەپ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىشىنىڭ ئۆزىلا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتۇر. لېكىن، ئۇلار نادان بولغاچقا ئۇ ئىشنىڭ بۇزغۇنچىلىق ئىكەنلىكىنى سەزمەيدۇ.»

****

وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ ءَامِنُوا۟ كَمَآ ءَامَنَ ٱلنَّاسُ قَالُوٓا۟ أَنُؤْمِنُ كَمَآ ءَامَنَ ٱلسُّفَهَآءُ ۗ أَلَآ إِنَّهُمْ هُمُ ٱلسُّفَهَآءُ وَلَـٰكِن لَّا يَعْلَمُونَ ﴿١٣﴾

ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا): «ئىمان ئېيتقان كىشلەردەك (يەنى ساھابىلەردەك چىن كۆڭلۈڭلار بىلەن) ئىمان ئېيتىڭلار» دېيىلسە، «بىزئىمان ئېيتقان ئەخمەقلەرگە ئوخشاش ئىمان ئېيتامدۇق؟» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئەخمەقلەر، لېكىن (بۇنى) ئۇلار تۇيمايدۇ﴿13﴾.

يەنى ئۇلارغا: كىشلەرنىڭ الله تائالاغا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، چۈشۈرگەن كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇندىن باشقا ئىمان كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەرگە ئىشەنگىنىدەك، سىلەرمۇ شۇ نەرسىلەرگە ئىشىنىڭلار، بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىش، توسقان ئىشلاردىن يېنىش ئارقىلىق الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنۇڭلار دېيىلسە، ئۇلار: ﴿**«بىزئىمان ئېيتقان ئەخمەقلەرگە ئوخشاش ئىمان ئېيتامدۇق؟»**﴾ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئەبۇئالىيە ۋە سۇددى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە بىر تۈركۈم ساھابىلەرنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە يۇقىرىقىغا ئوخشاش دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

رەبىئ ئىبنى ئەنەس، ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ۋە باشقا ئالىملارنىڭمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە كۆز قارىشى يۇقىرىقىدىكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مۇناپىقلار: ساھابىلار ئەخمەق تۇرسا، بىز ئۇلار بىلەن بىر مەرتىۋىدە ۋە بىر يولدا بولامدىمىز؟ ـ دېيىشىدۇ. الله ئۇ مۇناپىقلارغا مۇنداق جاۋاب قايتۇرىدۇ: ﴿**ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئەخمەقلەر، لېكىن (بۇنى) ئۇلار تۇيمايدۇ.**﴾ يەنى ئۇلار قاتتىق بىلمىسىزلىكىدىن، ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى ۋە ناھايىتىمۇ ئەخمەق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.»

****

وَإِذَا لَقُوا۟ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَوْا۟ إِلَىٰ شَيَـٰطِينِهِمْ قَالُوٓا۟ إِنَّا مَعَكُمْ إِنَّمَا نَحْنُ مُسْتَهْزِءُونَ ﴿١٤﴾
ٱللَّهُ يَسْتَهْزِئُ بِهِمْ وَيَمُدُّهُمْ فِى طُغْيَـٰنِهِمْ يَعْمَهُونَ ﴿١٥﴾

ئۇلار مۆمىنلەر بىلەن ئۇچراشقىنىدا: «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشىدۇ، شاياتۇنلىرى (يەنى مۇناپىق كاتتىباشلىرى) بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقاندا بولسا: «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللىمىز، پەقەت (تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ) مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىمىز» دېيىدۇ﴿14﴾. مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن الله ئۇلارنى جازالايدۇ، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقىغان ھالدا يۈرۈشىدۇ﴿15﴾.

مۇناپىقلارنىڭ ھىيلىسى ۋە ئالدامچىلىقى

مۇناپىقلار مۆمىنلەرگە يولۇققاندا بىز الله تائالاغا ئىشەندۇق، ـ دەيدۇ، ئۇلارنى ئالداش ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئۇرۇشلاردا ئالغان غەنىمەتلىرىگە شېرىك بولۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ الله تائالاغا ئىشەنگەنلىكلىرىنى ۋە ئۇلار بىلەن دوست ئىكەنلىكلىرىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. مۇناپىقلار يەھۇدىي ۋە مۇشرىك كاتتىباشلىرىنىڭ قېشىغا بارغاندا مۇنداق دەيدۇ: **﴿بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللىمىز﴾** بۇ ئايەت ھەققىدە مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر قايسى يولدا بولساڭلار، بىزمۇ شۇ يولدا. سىلەر قايسى گۇرۇھتا بولساڭلار، بىزمۇ شۇ گۇرۇھتا **﴿«پەقەت (تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ) مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىمىز» دەيدۇ﴾**.

زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **﴿پەقەت (تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ) مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىمىز دەيدۇ﴾** يەنى بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى مەسخىرە قىلىمىز دەيدۇ. رەبىئ ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش چۈشەندۈردى.

الله تائالا مۇناپىقلارنىڭ بىز مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىمىز، دېگەن سۆزلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن الله ئۇلارنى جازالايدۇ، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقىغان ھالدا يۈرۈشىدۇ﴾**.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا مۇناپىقلارنىڭ قىلمىشلىرىغا قىيامەت كۈنى جازا بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە مۇناپىق ئەرلەر، مۇناپىق ئاياللار مۆمىنلەرگە: «بىزنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق ئالايلى» دەيدۇ. ئۇلارغا (مەسخىرە يۈزىسىدىن): «ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر تىلەڭلار» دېيىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بولىدۇ﴾[1]، ﴿كاپىرلار ئۆزلىرىگە (جازا بەرمەستىن) مۆھلەت بېرىشىمىزنى (يەنى ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىشىمىزنى) ھەرگىز ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىشىمىز (ۋە ئەجىلىنى كېچىكتۈرۈشىمىز)

(1) ھەدىد سۈرىسى 13 ـ ئايەت.

پەقەت ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈندۇر. ئۇلار (ئاخىرەتتە) خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[1] دەيدۇ. اللّٰه بۇ ئايەتلەردە ئۇلارنىڭ مۆمىنلەرنى مازاق قىلغانلىقى ۋە مۆمىنلەرنى گوللىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئازابلايدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

مۇناپىقلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرى ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى

اللّٰه تائالا: **﴿مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن اللّٰه ئۇلارنى جازالايدۇ، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقىغان ھالدا يۈرۈشىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىدە ئۆزىنىڭ مۇناپىقلارنى ئۇلارنىڭ مۆمىنلەرنى مەسخىرە ۋە مازاق قىلغانلىقى ئۈچۈن جازالايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

سۈددى اللّٰه تائالانىڭ: **﴿ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس، ئىبنى مەسئۇد ۋە بىر تۈركۈم ساھابىلارنىڭ: اللّٰه تائالا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ گۇمراھلىقتا مېڭىشىغا مۆھلەت بېرىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد: اللّٰه تائالا ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، ـ دېدى. ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: اللّٰه تائالا خۇددى: ﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەق (نى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش) تىن بۇرىۋېتىمىز، ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىگىنىدەك (يەنە ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز﴾[2] دېگەن ئايىتىدە بايان قىلغاندەك بىز ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىدا ۋە گۇمراھلىقلىرىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىمىز ۋە قويۇپ بېرىمىز دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

﴿ئۇلار تېڭىرقىغان ھالدا يۈرۈشىدۇ﴾ يەنى ئۇلار مەنىۋىي قاششاقلىق ۋە نىجىسلىق قورشىۋالغان ئازغۇنلۇق ۋە كاپىرلىقتا چىقىش يولى تاپالماي تېڭىرقاپ يۈرىدۇ. چۈنكى، اللّٰه تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىغا مۆھۈر بېسىۋەتتى ۋە ھەق يولنى كۆرۈشتىن كور قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتنى قوبۇل قىلىشتىن توسىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەقىقەتنى تونىيالمايدۇ ۋە توغرا يولنى تاپالمايدۇ.

****

أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشۡتَرَوُاْ ٱلضَّلَٰلَةَ بِٱلۡهُدَىٰ فَمَا رَبِحَت تِّجَٰرَتُهُمۡ وَمَا كَانُواْ مُهۡتَدِينَ ﴿١٦﴾

ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ، گۇمراھلىقنى ئالدى. شۇڭا سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچى بولمىدى﴿16﴾.

سۈددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە بىر تۈركۈم ساھابىلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇناپىقلار ئازغۇنلۇق يولىنى تاللىۋېلىپ، توغرا يولنى قويۇپ قويدى.

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 178 ـ ئايەت.

(2) ئەنئام سۈرىسى 110 ـ ئايەت.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: مۇناپىقلار ﷲ غا ئىشىنىپ بولۇپ، كېيىن كۇپۇرلۇققا ياندى.

قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار توغرا يولدىن ئازغۇنلۇق يولىنى ياخشى كۆردى. يۇقىرىدىكى تەپسىرشۇناس ئالىملارنىڭ سۆزلىرىنى ئىخچاملىغاندا مۇنداق بولىدۇ: مۇناپىقلارنىڭ مەيلى ﷲ تائالاغا ئىشىنىپ بولغاندىن كېيىن كۇپۇرلۇققا يانغىنى بولسۇن ياكى بۇرۇندىن باشلاپ كۇپۇرلۇقنى تاللىغىنى بولسۇن، مۇناپىقلار توغرا يولدىن ئازغۇنلۇق يولىغا ئۆتتى. توغرا يولنىڭ ئورنىغا ئازغۇنلۇق يولىنى تاللىدى.

ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق پايدا كۆرەلمىگەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿**شۇڭا سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچى بولمىدى**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ھېچقانداق پايدا كۆرمىدى.

ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن مۇناپىقلارنىڭ توغرا يولدىن ئازغۇنلۇققا، مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدىن باشقا بىر گۇرۇھقا، خاتىرجەملىكتىن خاتىرجەمسىزلىككە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىن بىدئەتكە چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئىبنى ئەبۇھاتەممۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش رىۋايەت قىلدى.

* * * * * * *

مَثَلُهُمۡ كَمَثَلِ ٱلَّذِي ٱسۡتَوۡقَدَ نَارٗا فَلَمَّآ أَضَآءَتۡ مَا حَوۡلَهُۥ ذَهَبَ ٱللَّهُ بِنُورِهِمۡ وَتَرَكَهُمۡ فِي ظُلُمَٰتٖ لَّا
يُبۡصِرُونَ ﴿١٧﴾ صُمُّۢ بُكۡمٌ عُمۡيٞ فَهُمۡ لَا يَرۡجِعُونَ ﴿١٨﴾

ئۇلار گوياكى (كېچىدە ئىسسىنىش ۋە يورۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن) ئوت ياققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتقاندا، ﷲ ئۇلارنىڭ (ئوتنىڭ) يورۇقنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئۇلارنى (ئەتراپىدىكى ھېچ نەرسىنى) كۆرەلمەيدىغان قاراڭغۇلۇقتا قالدۇردى﴿17﴾. ئۇلار گاستۇر (يەنى گاس ئاڭلىمىغاندەك، ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ)، گاچىدۇر (يەنى گاچا سۆزلىيەلمىگەندەك، ياخشى ئىشنى سۆزلىيەلمەيدۇ)، كوردۇر (يەنى كور بولۇپ قالغاندەك، توغرا يولنى كۆرمەيدۇ)، شۇڭا ئۇلار (گۇمراھلىقتىن) قايتمايدۇ﴿18﴾.

مۇناپىقلارنىڭ مىسالى

ﷲ تائالا مۇناپىقلارنىڭ توغرا يولدا ماڭماي، ئازغۇنلۇق يولدا ماڭغانلىقىنى ۋە توغرا يولنى تونۇپ بولغاندىن كېيىن ئازغۇنلۇق يولىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئوت ياققان بىر ئادەمگە ئوخشىتىدۇ، ئۇ ئادەم ئوتنىڭ يورۇقىدىن پايدىلىنىپ ئەتراپىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ تۇرغاندا، ئوت تۇيۇقسىزلا ئۆچۈپ قالسا، ھېچنەرسە كۆرەلمەيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايدىغان دەھشەت بىر قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئادەم گاس، گاچا ۋە قېشىدىكى نۇرنى كۆرەلمەيدىغان كور بولۇپ

قالىدۇ. شۇڭا ئۇ ئوتتىن پايدىلىنىۋاتقان ئاۋالقى ھالىتىدەك ھالەتكە ھەرگىزمۇ قايتالمايدۇ. مۇناپىقلار توغرا يولنىڭ ئورنىغا ئازغۇنلۇق يولىنى تاللاشتا ۋە ياخشى كۆرۈشتە يۇقىرىدىكى ئادەمگە ئوخشاشتۇر.

بۇ مىسالدا، مۇناپىقلارنىڭ بۇرۇن الله تائالاغا ئىشىنىپ بولغاندىن كېيىن كۇپۇرلۇققا يانغانلىقىغىمۇ دەلىللەر بار. الله تائالا بۇنى باشقا بىر ئورۇندا بايان قىلدى.

﴿الله ئۇلارنىڭ (ئوتىنىڭ) يورۇقىنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئۇلارنى (ئەتراپىدىكى ھېچ نەرسىنى) كۆرەلمەيدىغان قاراڭغۇلۇقتا قالدۇردى﴾ يەنى الله ئۇلارنىڭ ئوتلىرىنىڭ، ئۇلارغا پايدا بېرىدىغان نۇرىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئۇلارغا زەرەر قىلىدىغان تۈتۈن بىلەن كۈلىنى قالدۇرۇپ قويىدۇ. ئۇلارنى دىنغا شەك قىلىش، كۇپۇرلۇق ۋە مۇناپىقلىق قىلىشتىن ئىبارەت بولغان قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە قويۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەتراپىتىكى ھېچقانداق نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ ھەم ئۇ قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇش يولىنى تاپالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدىغان گاس، ھەقىقەتنى سۆزلىمەيدىغان گاچا، توغرا يولنى كۆرەلمەيدىغان قارىغۇدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)﴾[1] شۇڭا ئۇلار بۇرۇنقى توغرا يولغا قايتالمايدۇ.

****

أَوْ كَصَيِّبٍ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ فِيهِ ظُلُمَٰتٌ وَرَعْدٌ وَبَرْقٌ يَجْعَلُونَ أَصَٰبِعَهُمْ فِىٓ ءَاذَانِهِم مِّنَ ٱلصَّوَٰعِقِ حَذَرَ ٱلْمَوْتِ ۚ وَٱللَّهُ
مُحِيطٌۢ بِٱلْكَٰفِرِينَ ﴿١٩﴾ يَكَادُ ٱلْبَرْقُ يَخْطَفُ أَبْصَٰرَهُمْ ۖ كُلَّمَآ أَضَآءَ لَهُم مَّشَوْا۟ فِيهِ وَإِذَآ أَظْلَمَ عَلَيْهِمْ قَامُوا۟ ۚ وَلَوْ
شَآءَ ٱللَّهُ لَذَهَبَ بِسَمْعِهِمْ وَأَبْصَٰرِهِمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٢٠﴾

ياكى ئۇلار زۇلمەتلىك، گۈلدۈرمامىلىق ۋە چاقماقلىق قاتتىق يامغۇردا قالغان، گويا چاقماق سوقۇۋېتىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، قۇلاقلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئېتىۋالغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. الله كاپىرلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿19﴾. چاقماق چاققاندا ئۇلار كۆز نۇرىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالىدۇ، ئۇلار چاقماق يورۇقىدا مېڭىۋالىدۇ. قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندا تۇرۇپ قالىدۇ. الله خالىسا ئىدى، ئۇلارنى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن ئەلۋەتتە مەھرۇم قىلاتتى. الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴿20﴾.

مۇناپىقلارنىڭ يەنە بىر مىسالى

بۇ ئايەتلەر الله تائالانىڭ يەنە بىر تۈردىكى مۇناپىقلارنى ئوخشىتىشىدۇر. بۇ تۈردىكى مۇناپىقلار بەزى ۋاقىتتا ھەقىقەتنى تونۇيدىغان بەزى ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن شەك قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

(1) ھەج سۈرىسى 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇئەنھۇ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇما بىر تۈركۈم ساھابىلار، ئەبۇئالىيە، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەتا، ھەسەنبەسرى، قەتادە، ئەتىيە ئەۋفى، ئەتا خۇراسانى، سۇددى ۋە رەبىئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: مۇناپىقلار قاتتىق قاراڭغۇلۇق، گۈلدۈرمامىلىق ۋە چاقماق چېقىپ يېغىۋاتقان قاتتىق يامغۇردا قالغان، چاقماق سوقۇۋېتىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ[1].

مۇناپىقلار بەك قورقۇنچاق كېلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار: «بىز چوقۇم سىلەر (يەنى سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار) دىن» دەپ، الله بىلەن قەسەم ئىچىدۇ. ئۇلار سىلەردىن ئەمەس، لېكىن ئۇلار (زىيان - زەخمەتكە ئۇچراشتىن قورقۇپ، ئاغزىدا مۇسۇلمان بولغان) قورقۇنچاق قەۋمدۇر. ئەگەر ئۇلار بىرەر قورغان ياكى غار ۋەياكى گەمىنى تاپسا ئىدى، ئۇلار شۇ تەرەپكە قاراپ ئەلۋەتتە يۈگۈرۈشكەن بولاتتى﴾[2]

ئۇلارنىڭ چاقماقنىڭ سوقۇۋېتىشىدىن قورقۇپ بارماقلىرى بىلەن قۇلاقلىرىنى ئېتىۋېلىشلىرى ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا كەلتۈرمىدى. ئۇلاردىن ھېچقانداق نەرسىنى توسۇپ قالالمىدى. چۈنكى، الله تائالا ئۇلارنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن ھەر تەرەپتىن قورشاپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلار الله تائالانىڭ خاھىشى ئاستىدا ياشايدۇ. الله تائالا ئۇلارنى قانداق قىلاي دېسە شۇنداق قىلالايدۇ. الله تائالا ئۇلارنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن قورشاپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن لەشكەرلەرنىڭ - پىرئەۋن ۋە سەمۇدنىڭ قىسسىسىدىن خەۋەر تاپتىڭمۇ؟ (قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئاشۇ كاپىرلارغا نازىل بولغان ئازابتىن ئىبرەت ئالماي) داۋاملىق ئىنكار قىلىشىۋاتىدۇ. الله كاپىرلارنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر﴾[3].

چاقماق ناھايىتى قاتتىق چاققانلىقى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە الله تائالاغا ئىشىنىشكە بولغان ئىشەنچلىرىدە تۇراقسىزلىق بولغانلىقىدىن، ئۇلار چاقماق چاققاندا كۆز نۇرىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالىدۇ. ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت مۇناپىقلارنىڭ ئەيىبلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېچىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

﴿ئۇلار چاقماق يورۇقىدا مېڭىۋالىدۇ﴾ ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسۇلمانلار كۆپىيىپ، ئىسلام غەلىبە قىلسا، ئۇلار دەرھال بىز ئىسلام دىنىدا دەيدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنسە، ئۇلار كۇپۇرلۇققا قايتىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بەزىلەر الله غا شەك - شۈبھە بىلەن (يەنى تۇراقسىز ھالدا) ئىبادەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە دىنىدا تۇرىدۇ (مۇنداق ئادەم مۇناپىق بولۇپ، الله غا دىلى بىلەن ئەمەس، پەقەت تىلى بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ)﴾[4].

(1) مانا بۇ مۇناپىقلارنىڭ ھالى. يامغۇردا قالغان ئادەم گۈلدۈرمامىدىن قورقۇپ بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالغىنىغا ئوخشاش مۇناپىقلارمۇ قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدىغان ۋە يامان ئىشلاردىن توسىدىغان، ياخشى كىشىلەرنى مۇكاپاتلايدىغان، يامان كىشىلەرنى ئازابلايدىغان ئايەتلەرنى ئاڭلىغاندا بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالىدۇ. الله تائالانىڭ يامان كىشىلەرنى ئازابلايدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئايەتلىرى ئۇلارنى بىئارام قىلىپ قورقۇتىدۇ.
(2) تەۋبە سۈرىسى 56 — 57 - ئايەتلەر.
(3) سۈرە بۇرۇج 17 - ئايەتتىن 20 - ئايەتكىچە.
(4) ھەج سۈرىسى 11 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ اللە تائالانىڭ: ﴿**ئۇلار چاقماق يورۇقىدا مېڭىۋالىدۇ. قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندا تۇرۇپ قالىدۇ**﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار ھەقىقەتنى تونۇپ، ئۇنى سۆزلىگەندە توغرا يولدا بولىدۇ. ئۇلار ھەقتىن (ئىماندىن) كۇپۇرلۇققا قايتقاندا ھودۇقۇشقا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەبۇئالىيە، ھەسەنبەسرى، قەتادە، رەبىئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش دېدى. سۇددىمۇ بىر تۈركۈم ساھابىلارنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە يۇقىرىقىغا ئوخشاش دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

قىيامەت كۈنى ھەممە كىشىگە، (ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ ئاجىز ـ كۈچلۈكلىكىگە قاراپ) نۇر بېرىلگەندە، مۇناپىقلارغا بۇ دۇنيادىكىگە ئوخشاش قىيامەت كۈنىدىمۇ نۇر بېرىلمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن نۇرى بىر نەچچە كىلومېتىر ئارىلىقنى يورۇتالايدىغان كىشىلەر بولىدۇ. نۇرى بەزى ۋاقىتتا يورۇپ، بەزى ۋاقىتتا ئۆچۈپ قالىدىغان كىشىلەرمۇ بولىدۇ. بۇنداقلار نۇرلىرى يانغاندا مېڭىۋالىدۇ، ئۆچكەندە توختايدۇ. نۇرلىرى پەقەت يانمايدىغان كىشىلەرمۇ بولىدۇ. ئۇلار ئەڭ ئەشەددى مۇناپىقلاردۇر.

اللە تائالا قىيامەت كۈنى مۇناپىقلارغا نۇر بېرىلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ كۈندە مۇناپىق ئەرلەر، مۇناپىق ئاياللار مۆمىنلەرگە: «بىزنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق ئالايلى» دەيدۇ. ئۇلارغا (مەسخىرە يۈزىسىدىن): «ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر تىلەڭلار» دېيىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بولىدۇ﴾[1].

اللە تائالا مۆمىنلەر توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ كۈندە مۆمىن ئەرلەرنى، مۆمىن ئاياللارنى كۆرىسەنكى، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ماڭىدۇ، (ئۇلارغا) «بۈگۈن سىلەرگە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ، ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىسىلەر، بۇ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتتۇر» (دېيىلىدۇ)﴾[2]، ﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) اللە پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى رەسۋا قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە يۈرىدۇ، ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن» دەيدۇ﴾[3].

نۇر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ﴿**ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە يۈرىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىگە قاراپ نۇر بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تاغدەك ۋە خورما دەرىخىدەك نۇر بېرىلگەنلەرمۇ بار. ئەڭ ئاز نۇر بېرىلگەن كىشىنىڭ نۇرى ئۇنىڭ بارمىقىدا بولۇپ، ئۇ بەزى ۋاقىتتا يېنىپ، بەزى ۋاقىتتا ئۆچۈپ قالىدۇ. ئىبنى

(1) ھەدىد سۈرىسى 13 ـ ئايەت.
(2) ھەدىد سۈرىسى 12 ـ ئايەت.
(3) تەھرىم سۈرىسى 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

هاتەم يەنە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۆمىنىنىڭ ھەممىسىگە قىيامەت كۈنى نۇر بېرىلىدۇ. ئەمما مۇناپىقلارنىڭ نۇرى ئۆچۈپ قالىدۇ. مۆمىنلەر مۇناپىقلارنىڭ نۇرلىرىنىڭ ئۆچۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ نۇرىنىڭ ئۆچۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ الله دىن مۇنداق دەپ تىلەيدۇ: ﴿ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن﴾ زەھھاك ئىبنى مۇزاھىم مۇنداق دېدى: مۆمىن ياكى مۇناپىق بولسۇن، ئىسلامغا كىرگەن ھەممە كىشىگە قىيامەت كۈنى نۇر بېرىلىدۇ. ئۇلار ئۆتىدىغان كۆۋرۈكنىڭ قېشىغا يېقىنلىشىپ بارغاندا مۇناپىقلارنىڭ نۇرلىرى ئۆچۈپ قالىدۇ. مۆمىنلەر مۇناپىقلارنىڭ نۇرلىرىنىڭ ئۆچۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ نۇرىنىڭ ئۆچۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ، الله دىن مۇنداق دەپ تىلەيدۇ: ﴿ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن!﴾

مۆمىنلەر، كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ تۈرلىرى

ئىنسانلار تۆۋەندە بايان قىلىنغاندەك بىر نەچچە تۈرگە ئايرىلىدۇ:

1 ـ ھەقىقىي مۆمىنلەر: الله ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى تۆت ئايەتتە بايان قىلىپ بەردى.

2 ـ ئەشەددىي كاپىرلار: الله ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى، مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنىپ كەلگەن ئايەتلەرنىڭ ئارقىسىدىنلا كەلگەن ئىككى ئايەتتە بايان قىلىپ كۆرسەتتى.

3 ـ مۇناپىقلار: مۇناپىقلار مۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ: بىرىنچىسى، ئەڭ ئەشەددىي مۇناپىق، الله بۇ مۇناپىقلارنى يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە، ئوتى ئۆچۈپ قېلىپ ھېچقانداق نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان زۇلمەت قاراڭغۇدا قالغان كىشىگە ئوخشىتىپ ئۆتتى. ئىككىنچىسى، ئىككىلىنىپ قالغان مۇناپىق. بۇ مۇناپىقلاردا ئىماننىڭ نۇرى بەزىدە چاقناپ، بەزىدە ئۆچۈپ قالىدۇ. الله بۇ مۇناپىقلارنى يۇقىرىقى ئايەتلەردە، گۈلدۈرماملىق قاتتىق يامغۇردا قالغان كىشىلەرگە ئوخشىتىپ ئۆتتى. بۇ تۈردىكى مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىقى مۇناپىقلارنىڭكىدىن يەڭگىلرەك بولىدۇ.

الله تائالا تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئەمەلىيەتتە توغرا بولمىسىمۇ، ئۇنى توغرا دەپ ئويلايدىغان قاتتىق تەرسا كاپىرلارغا مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿كاپىرلارنىڭ (ياخشى ئەمەل دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرى باياۋاندىكى سەرابقا ئوخشايدۇ، تەشنا ئادەم ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلسە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ (يەنى سۇ كۆرمەيدۇ)﴾[1].

تۆۋەندىكى ئايەتتە ئازراق تەرسا كاپىرلارغا بىر مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياكى ئۇلارنىڭ (ياخشى دەپ گۇمان قىلغان) ئەمەللىرى چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇ، ئۇنى (يەنى دېڭىزنى) قاتمۇقات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ. (مانا بۇ) قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاردۇر، (بۇ قاراڭغۇلۇققا گىرىپتار بولغۇچى) قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، الله نۇر ئاتا قىلمىسا، كىم بولمىسۇن، نۇرنى كۆرەلمەيدۇ (يەنى الله ھىدايەت قىلمىغان ئادەم ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ)﴾[2].

(1) نۇر سۈرىسى39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نۇر سۈرىسى40 ـ ئايەت.

شۇنىڭ بىلەن اللە بۇ يەردە كاپىرلارنى مۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىدى: بىرىنچىسى، كۆپۈرلۈققا چاقىرىدىغان كاپىرلار. ئىككىنچىسى، ئەگەشكۈچى كاپىرلار. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بەزى كىشىلەر اللە (نىڭ قۇدرىتى ۋە سۈپەتلىرى) ئۈستىدە ھېچقانداق دەلىلسىز مۇنازىرىلىشىدۇ، ھەر بىر سەركەش شەيتانغا (يەنى ھەقتىن توسقۇچى كۇففارلارنىڭ كاتتىباشلىرىغا) ئەگىشىدۇ﴾[1]، ﴿بەزىلەر (توغرا تونۇشقا ئېلىپ بارىدىغان) ھېچقانداق ھەقىقىي ئىلىمسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز ھالدا اللە توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىدۇ. (ئۇنىڭ مۇنازىرىلىششى نوقۇل نەپسى خاھىشى ۋە تەرسالىقىدىندۇر)﴾[2].

اللە مۆمىنلەرنى مۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىدى:

1 ـ ئەڭ بۇرۇن ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر، بۇلار اللە نىڭ يېقىن كىشىلىرى.

2 ـ بەختلىك مۆمىنلەر، بۇلار اللە تائالانىڭ ياخشى كىشىلىرىدۇر.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئايەتلەرنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، اللە تائالا مۆمىنلەرنى اللە تائالانىڭ ئەڭ يېقىن بەندىلىرى ۋە ياخشى كىشىلىرى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىدى.

كاپىرلارنىمۇ كۆپۈرلۈققا چاقىرغۇچى كاپىرلار ۋە ئەگەشكۈچى كاپىرلار دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىدى.

مۇناپىقلارنىمۇ ئەڭ ئەشەددىي مۇناپىقلار ۋە مۇناپىقلىقنىڭ بەزى ئالامەتلىرى تېپىلىدىغان مۇناپىقلار دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىدى.

مۇناپىقنىڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىقى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۈچ خىل سۈپەت بار. شۇ ئۈچ خىل سۈپەت بىرلا كىشىدە كۆرۈلسە، ئۇ كىشى ئەڭ ئەشەددىي مۇناپىق بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر خىلى كۆرۈلسە، ئۇ كىشى شۇنى يوقاتقۇچە ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقنىڭ بىر ئالامىتى كۆرۈلگەن بولىدۇ. ئۇ ئۈچ خىل سۈپەت: يالغان سۆزلەش، ۋەدىسىدە تۇرماسلىق ۋە ئامانەتكە خىيانەت قىلىشتۇر».

ئالىملار بۇ ھەدىسنى مۇناپىقلىقنىڭ بەزى ئالامەتلىرى بىلەن ئىماننىڭ بەزى ئالامەتلىرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر ئادەمدە تېپىلىدىغانلىقىغا دەلىل قىلىپ كەلتۈردى. مۇناپىقلىق بۇ ھەدىستە دېيىلگەندەك ئەمەلىي مۇناپىقلىق بولىدۇ ياكى يۇقىرىدىكى ئايەتتە دېيىلگەندەك ئېتىقادىي مۇناپىقلىق بولىدۇ.

قەلبنىڭ تۈرلىرى

ئىمام ئەھمەد ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

(1) ھەج سۈرىسى 3 ـ ئايەت.
(2) ھەج سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

رىۋايەت قىلىدۇ: «قەلب مۇنداق تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچىسى، چىراغقا ئوخشاش نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ساپ، سۈزۈك قەلب. ئىككىنچىسى، پېچەتلىنىپ كەتكەن قەلب. ئۈچىنچىسى، تەتۈر قىلىنىپ كەتكەن قەلب[1]. تۆتىنچىسى، ئىككى يۈزلىمە قەلب. نۇر چاقناپ تۇرىدىغان سۈزۈك قەلب مۆمىنلەرنىڭ قەلبى بولۇپ، چىراغدەك چاقنىغان نۇر ئۇنىڭ نۇرىدۇر. پېچەتلىۋېتىلگەن قەلب كاپىرلارنىڭ، تەتۈر قىلىنىپ كەتكەن قەلب ئەڭ ئەشەددىي مۇناپىقلارنىڭ قەلبىدۇر. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتنى تونۇپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن تېنىۋالدى. ئىككى يۈزلىمە قەلب ئىمان ۋە مۇناپىقلىق ئالامىتى بىرلىشىپ كەتكەن قەلبتۇر. ئۇنىڭدىكى ئىمان سۈ بىلەن ئۆسۈپ تۇرغان ئوت ـ چۆپكە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىكى مۇناپىقلىق ئالامىتى بولسا، قان ـ يىرىڭ ئېقىپ تۇرىدىغان جاراھەتكە ئوخشايدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى بېسىپ كەتسە، قەلب شۇ تەرەپكە ئېغىپ كېتىدۇ».

﴿الله خالىسا ئىدى، ئۇلارنى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن ئەلۋەتتە مەھرۇم قىلاتتى﴾[2] مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ الله تائالانىڭ بۇ ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇناپىقلار ھەقىقەتنى تونۇپ بولۇپ ئۇنىڭدىن يېنىۋالغانلىقى ئۈچۈن، الله خالىسا ئىدى، ئۇلارنى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن ئەلۋەتتە مەھرۇم قىلاتتى.

﴿الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[3]. بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: الله ھەقىقەتەن بەندىلەردىن ئۆچ ئېلىشقىمۇ، ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىشكىمۇ قادىردۇر.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئورۇندا الله ئۆزىنى ھەممە نەرسىگە قادىر دەپ سۈپەتلىدى. چۈنكى، ئۇ بۇرۇن مۇناپىقلارنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇردى. ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن قورشاپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى كۆزلىرىدىن ۋە قۇلاقلىرىدىن ئايرىۋېتىشكە كۈچى يېتىدىغانلىقىغا ئاگاھلاندۇردى.

ئىبنى جەرىر باشچىلىقىدىكى كۆپىنچە تەپسىرشۇناسلار: يۇقىرىدىكى ئايەتتە كەلگەن ئىككى مىسال ئىككى خىل مۇناپىق ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىسال ئەمەس، بەلكى بىر خىل مۇناپىق ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىسال، ـ دېگەن كۆز قاراشتىدۇر.

****

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱعۡبُدُواْ رَبَّكُمُ ٱلَّذِي خَلَقَكُمۡ وَٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ﴿٢١﴾ ٱلَّذِي جَعَلَ لَكُمُ
ٱلۡأَرۡضَ فِرَٰشٗا وَٱلسَّمَآءَ بِنَآءٗ وَأَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ فَأَخۡرَجَ بِهِۦ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ رِزۡقٗا لَّكُمۡۖ فَلَا تَجۡعَلُواْ لِلَّهِ
أَندَادٗا وَأَنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٢٢﴾

ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر) نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار﴿21﴾. الله سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى بىنا (يەنى يۇلتۇزلارنىڭ زىچلىقىدا بىناغا ئوخشاش) قىلىپ بەردى، بۇلۇتتىن

(1) ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرىگەن قەلب.
(2) بەقەرە سۈرىسى 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) بەقەرە سۈرىسى 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە رىزىق بولۇش ئۈچۈن يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئەمدى اللە غا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى، سىلەر (اللە نىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى) بىلىپ تۇرىسىلەر﴾22﴿.

اللە تائالانىڭ ئىبادەتكە لايىق ھەقىقىي زات ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش

اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنى يوقلۇقتىن يارىتىپ ئۇلارغا كۆز، قۇلاقتەك تاشقى نېئمەتلەرنى، ئەقىل، قەلبتەك ئىچكى نېئمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقى، ياشاش ئۈچۈن زېمىن يۈزىنى كەڭ يېيىپ ئۇنى ئېگىز تاغلار بىلەن مۇستەھكەم قىلىپ بەرگەنلىكى، سۇ ئارقىلىق ھەر خىل زىرائەت ۋە يەل - يېمىشلەرنى ئۆستۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىبادەتكە لايىق ھەقىقىي زات ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

اللە تائالا بەندىلەرگە بەرگەن نېئمەتلىرى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى بىنا قىلىپ بەردى**﴾ ﴿ئاسماننى بىز بىخەتەر ئۆگزە قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاسماندىكى (كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارغا ئوخشاش اللە نىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلەردىن غەپلەتتىدۇر﴾[1]، ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟﴾[2]، ﴿اللە سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ، ئاسماننى بىنا قىلدى. سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى. سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى. سىلەرگە (تۈرلۈك) پاك نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى. ئەنە شۇ اللە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴾[3] يەنى اللە ھەممە مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆز لايىقىدا رىزىق بەرگۈچىدۇر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىگىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە ھېچقانداق نەرسە شېرىك كەلتۈرۈلمەي ئىبادەت قىلىنىشقا لايىقتۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەمدى اللە غا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى، سىلەر (اللە نىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى) بىلىپ تۇرىسىلەر﴾[4].

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق سوئال سورىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! اللە تائالانىڭ دەرگاھىدا قايسى گۇناھ ئەڭ ئېغىر؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «سېنى ياراتقان اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭ».

بۇ ھەقتە مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەن سۆزى بار: اللە تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىنى بىلەمسەن؟ اللە تائالانىڭ بەندىلىرىدە بولغان ھەققى، بەندىلەرنىڭ اللە تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشىدۇر.

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «بىرىڭلار اللە ۋە پالانچى خالىسا دېمەڭلار، اللە

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 32 - ئايەت.
(2) نەمل سۈرىسى 60 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) غافىر سۈرىسى 64 - ئايەت.
(4) بەقەرە سۈرىسى 22 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تائالانىڭ خالىشىغا يەنە بىر ئادەمنى شېرىك قىلماسلىق كېرەك ۋە لېكىن الله خالىسا ئۇنىڭدىن كېيىن پالانچى خالىسا دېسۇن» .

پۈتۈن ئالەمنى ياراتقۇچى الله نىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرى

ئۈستىمىزدىكى يۇلتۇزلۇق ئېگىز ئاسمان، ئاستىمىزدىكى بىپايان كەڭ زېمىن، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز تاغلار، قۇياش، ئاي، دەل - دەرەخلەر، ئىنسانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە ئېقىپ كېلىدىغان ئۆستەڭ - دەريالار، تاغ - داللاردىكى تۈرلۈك هايۋانلار ۋە بىر خىل تۇپراقتا ئوخشاش سۇنى ئىچىپ رەڭ ۋە تەملىرى جەھەتتە ھەرخىل مېۋە بېرىدىغان ئۆسۈملۈك ۋە دەرەخلەر دۇنيادىكى ھەر بىر نەرسە بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنىڭ پاكىتىدۇر.

ئەڭ ئاددىي بىر نەرسىنىمۇ دۇنياغا ياراتقۇچىسىز پەيدا بولۇپ قالغان دېيىش ئەقىلگە سىغمايدۇ. دۇنيادىكى بۇ نەرسىلەرنىڭ خىلمۇ خىل شەكىللىرىنى، خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرىدىغان پايدىلىرىنى ئويلىغان كىشى بۇ نەرسىلەرنى ياراتقان زاتنىڭ ناھايىتى قۇدرەتلىك، ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى ۋە ئۆزىنىڭ بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان زات ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.

الله تائالا بۇ نەرسىلەرنى ياراتقانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿كۆرمەمسەنكى، الله بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى. ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك، رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقاردى، (شۇنىڭدەك الله تاغلارنى ياراتتى) تاغلارنىڭ ئاق، قىزىللىرى، ھەر خىل رەڭدىكى يوللۇقلىرى ۋە قاپقارىلىرىمۇ بار. شۇنىڭدەك ئىنسانلارنى، هايۋانلارنى، چاھارپايلارنىمۇ خىلمۇ خىل رەڭلىك قىلىپ ياراتتى، الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە الله دىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ، الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، (بەندىلىرى ئىچىدە تەۋبە قىلغانلارنى)مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[1] .

بەزى ئەرەبلەردىن: الله نىڭ بارلىقىغا قانداق پاكىتلار بار؟ - دەپ سورالغاندا، ئۇلار ئۆزى ئاددىي، لېكىن مەزمۇنى ناھايىتى چوڭقۇر بىر مىسال بىلەن جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: تېزەك تېزەكلىگۈچى هايۋاننىڭ بارلىقىغا، يولدىكى ئىزماڭغۇچىنىڭ بارلىقىغا پاكىت بولىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن، يۇلتۇزلۇق ئاسمان، ئۈستىدە داغدام يول ئورۇنلاشتۇرۇلغان زېمىن، دولقۇنلۇق دېڭىزلار بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا پاكىت بولالامدۇ؟!

* * * * * * *

وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَىٰ عَبْدِنَا فَأْتُوا بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِ وَادْعُوا شُهَدَاءَكُم مِّن دُونِ اللَّهِ
إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ ﴿٢٣﴾ فَإِن لَّمْ تَفْعَلُوا وَلَن تَفْعَلُوا فَاتَّقُوا النَّارَ الَّتِي وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ أُعِدَّتْ
لِلْكَافِرِينَ ﴿٢٤﴾

(1) فاتىر سۈرىسى 27 — 28 - ئايەتلەر.

بەندىمىز (مۇھەممەد) گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) اﷲ دىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنسانىنىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار﴿23﴾. ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار ـ ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر ـ كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار﴿24﴾.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاش

اﷲ ئىبادەتكە ئۆزىدىن باشقا لايىق بىر زاتنىڭ يوقلىقىنى ئىسپاتلاپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاشقا باشلاپ كاپىرلارغا مۇنداق دېدى: ﴿**بەندىمىز (مۇھەممەد) گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار**﴾ يەنى: ئى كاپىرلار! سىلەر قۇرئاننى اﷲ تەرىپىدىن چۈشمىدى دەپ گۇمان قىلساڭلار، اﷲ تائالادىن باشقا كىمدىن ياردەم تىلىسەڭلار تىلەپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن قۇرئانغا ئوخشاش قۇرئاندىن بىرنى كەلتۈرۈپ باقامسىلەر؟! سىلەر ئۇنى ھەرگىزمۇ كەلتۈرەلمەيسىلەر.

ئىبنى ئابباس اﷲ تائالانىڭ: ﴿**ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەرگە ياردەم بېرىدىغان ياردەمچىلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار. سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇمالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشتە ياردەملىشىدىغان شېرىكلىرىڭلارنى ۋە ئۆزلىرىڭلارغا تىكلىۋالغان ئىلاھلىرىڭلارنى ياردەمگە چاقىرىڭلار.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: تالانتلىق ئەدەبىياتچىلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار.

قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنى كەلتۈرۈشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى

اﷲ تائالا قۇرئاننىڭ نۇرغۇنلىغان يەرلىرىدە كاپىرلاردىن قۇرئاننىڭ ئوخشىشىدىن بىرنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر (ئۇ ئىككى كىتاب سېھىردۇر دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، ئۇ ئىككى كىتابقا قارىغاندا، اﷲ تەرىپىدىن نازىل بولغان تېخىمۇ توغرا بىر كىتاب كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشەي»﴾[1]، ﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر ـ بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ»﴾[2]، ﴿ئۇلار قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئىجاد قىلغان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «(بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، اﷲ دىن باشقا چاقىرالايدىغانلىكى

(1) قەسەس سۈرىسى 49 ـ ئايەت.
(2) ئىسرا سۈرىسى 88 ـ ئايەت.

كىشىلىرىڭلارنى (ياردەمگە) چاقىرىپ، (پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن) قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرىنى ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار»﴾[1]، ﴿بۇ قۇرئاننى بىراۋنىڭ الله غا بوھتان قىلىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ (چۈنكى، قۇرئاننى ھېچ ئىنسان ئىجاد قىلالمايدۇ)، لېكىن قۇرئان ئىلگىرى كەلگەن (تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق ساماۋى) كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچىدۇر، الله بەلگىلىگەن ئەھكاملارنى بايان قىلغۇچىدۇر، ئۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر، (ئۇ) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئۇلار: «قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان» دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئەگەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، الله دىن باشقا (ياردەمگە) چاقىرالايدىغانلىكى كىشىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار»﴾[2].

بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى مەككىدە چۈشكەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كېلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ مۇشۇ توغرىسىدا يەنە ئايەت چۈشتى: ﴿**بەندىمىز (مۇھەممەد) گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) الله دىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار**﴾، ﴿**قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار**﴾ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار!

مۇجاھىد، قەتادە، تەبەرى، زەمەخشەرى، رازى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىبنى ئابباس ۋە ھەسەنبەسرى قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتلەر كاپىرلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەيلى مەككىدە تۇرغان ياكى مەدىنىگە كەلگەن ۋاقتى بولسۇن، كاپىرلارنىڭ بىلىملىكلىرى ياكى بىلىمسىزلىرى بولسۇن ھەممە كاپىرلار يەر يۈزىگە جەم بولۇپ كەلتۈرەمدۇ ياكى ئايرىم ـ ئايرىم كەلتۈرەمدۇ، قۇرئاننىڭ ئوخشىشىدىن بىرنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ بىر نەچچە قېتىم ئايەت چۈشتى. كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق ئۆچمەنلىكى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىنى قاتتىق يامان كۆرگەنلىكى سەۋەبىدىن قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى پەيدا قىلىشقا ئورۇنۇپ باققان بولسىمۇ، كەلتۈرەلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله مۇنداق دېدى: ﴿**ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار ـ ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر**﴾.

جاھان ئىلىم ـ پەندە تەرەققى قىلىپ، ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، قۇرئان دېگەن بارلىق شەيئىلەرنى ياراتقان الله نىڭ سۆزى تۇرسا، الله نىڭ سۆزى قانداقمۇ كىشىلەرنىڭ سۆزىگە ئوخشىشىپ قالسۇن؟!

قۇرئاندىكى مۆجىزىلەرنىڭ تۈرلىرى

قۇرئان ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزگەن ئادەم مەيلى سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسى تەرىپىدىن بولسۇن ياكى مەنىنى ئىپادىلەش تەرىپىدىن بولسۇن، قۇرئاندا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نۇرغۇنلىغان مۆجىزە تۈرلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالالايدۇ.

(1) ھۇد سۈرىسى 13 ـ ئايەت.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 37 ـ 38 ـ ئايەتلەر.

اللە تائالا قۇرئان ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەلىف، لام، را. بۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار اللە تەرىپىدىن نازىل بولغان، ئايەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا، (ئەقىدە، ئەھكام ۋەز ۋە قىسسىلەر) تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر﴾[1] يەنى قۇرئاننىڭ سۆزلۈكلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا، مەنىلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغاندۇر. قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا سۆزلۈكلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. ئەمما بۇ كۆز قاراش ئالىملارنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن. قۇرئاننىڭ سۆزلۈكلىرى ۋە مەنىلىرى تەڭدىشى يوق دەرىجىدە پاساھەتلىكتۇر.

قۇرئان ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن ئەينەن خەۋەر بەردى. بارلىق ياخشىلىققا بۇيرۇدى ۋە بارلىق يامانلىقتىن توستى. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستتۇر، ناھايىتى توغرىدۇر﴾[2] يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى بەرگەن خەۋەرلىرىدە ناھايىتى راستتۇر. يولغا قويغان ھۆكۈملىرىدە ناھايىتى توغرىدۇر. قۇرئان ھەقتۇر، ناھايىتى راستتۇر، ناھايىتى توغرىدۇر ۋە توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر. قۇرئاندا خۇددى ئەرەب ۋە باشقا مىللەت شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدا تېپىلىدىغان (شېئىرلارنى گۈزەللەشتۈرىدىغان) يالغان - ياۋىداق، خىيالىي ۋە توقۇلما سۆزلەر يوقتۇر. شېئىرلارنى يالغان سۆزلەرنىڭ گۈزەللەشتۈرىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېيىلدى: شېئىرنىڭ ئەڭ گۈزەل بولغىنى ئۇنىڭدا يالغاننىڭ ئەڭ كۆپ بولغىنىدۇر.

قەسىدىلەرنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئۇزۇن قەسىدىلەرنى ئۇچرىتىمىز. ئەمما بۇ قەسىدىنىڭ ئەسلىي مەقسىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ياكى ئىككى مىسراسىدىن باشقا مىسرالىرىنىڭ ئاياللارنى، ئاتنى، ھاراقنى ياكى بىرەر شەخسنى، تۆگىنى ياكى بىرەر جەڭنى، يۈز بەرگەن بىرەر ئىشنى ياكى قورقۇنچلۇق بىرەر ۋەقەنى مەدھىيىلەشتىن ئىبارەت شائىرنىڭ ناھايىتى مەخپىي ياكى نازۇك نەرسىنى ئوبرازلىق قىلىپ بايان قىلالايدىغان قۇدرىتىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق بىر پايدا بەرمەيدىغان نەرسىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئەمما ئەرەب تىلى ۋە ئۇنىڭ قائىدىلىرىنى (مەيلى تەپسىلىي ياكى تومتاقلا بولسۇن) بىلىدىغان ئادەم، قۇرئاننىڭ بەدىئىلىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققانلىقىنى بىلەلەيدۇ. مەسىلەن: ئەگەر ئۇ ئادەم قۇرئاندا بېرىلگەن بىرەر خەۋەر ئۈستىدە ئوبدان پىكىر يۈرگۈزۈپ ئويلىسا، مەيلى ئۇ خەۋەر كەڭ دائىردە بايان قىلىنسۇن ياكى قىسقا قىلىنىپ بايان قىلىنسۇن، ياكى بىر نەچچە يەردە تەكرارلىنىپ كەلسۇن ۋەياكى تەكرارلانماي كەلسۇن، ئۇ خەۋەرنىڭ جەلپ قىلارلىق ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. قۇرئاننىڭ خەۋەرلىرى تەكرارلىنىپ كەلگەنسېرى ئۇنىڭ جەلپكارلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

قۇرئان كۆپ ئوقۇلغانلىقتىن كونىراپ قالمايدۇ ۋە ئوقۇغان ئادەم ئۇنىڭدىن ھەرگىز زېرىكىش ھېس قىلمايدۇ. ئەگەر قۇرئان (ياخشى ئەمەل - ئىبادەتلەرنى قىلمىغانلارغا) تەھدىد سالماقچى بولسا، بۇ ھەقتە ھېس - تۇيغۇ يوق، تەۋرەنمەي ناھايىتى چىڭ تۇرىدىغان تاغلارمۇ تىترەپ كېتىدىغان بايانلارنى كەلتۈرىدۇ. ئۇنداق بولغاندا، بىر نەرسىنى چۈشىنەلەيدىغان دىللار قانداق بولۇپ كېتەر؟! ئەگەر قۇرئان (ياخشى ئەمەل - ئىبادەت قىلغانلار ئۈچۈن تەييارلانغان) ئېسىل نەرسىلەرگە رىغبەتلەندۈرمەكچى بولسا، بۇ ھەقتە دىللار ۋە قۇلاقلارنى لەرزىگە سالىدىغان، ئاخىرەتكە ۋە اللە تائالانىڭ ئەرشىگە يېقىنلىشىش ئىشتىياقىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىدىغان بايانلارنى كەلتۈرىدۇ.

(1) ھۇد سۈرىسى 1 - ئايەت.
(2) ئەنئام سۈرىسى115 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا ياخشى ئەمەل-ئىبادەت قىلغانلار ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان نەرسىلەرگە رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن الله نىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾[1]، ﴿ئۇلارغا ئالتۇن لېگەنلەردە (تائام)، ئالتۇن جاملاردا (شاراب) تۇتۇلىدۇ. جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار، سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالىسىلەر﴾[2].

الله تائالا ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلمىغانلارغا تەھدىت سېلىپ مۇنداق دېدى: ﴿(دېڭىزدا غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلغىنىڭلار بىلەن) الله نىڭ سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن ياكى سىلەرگە ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇپ ھالاك قىلىشىدىن، ئاندىن سىلەرنى (الله نىڭ ئازابىدىن ساقلايدىغان) ھېچ ھامىي تاپالماسلىقىڭلاردىن قورقمامسىلەر؟﴾[3]، ﴿(ئى كۇففارلار!) ئاسماندىكى زاتنىڭ يەر تەۋرىگەن چاغدا سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن قورقمامسىلەر؟ ياكى ئاسماندىكى زاتنىڭ سىلەرگە تاش ياغدۇرۇشىدىن قورقمامسىلەر؟ (سىلەر ئازابنى كۆرگەن چاغدا) مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى (يەنى ھەق ئىكەنلىكىنى) بىلىسىلەر﴾[4].

الله تائالا ئاگاھلاندۇرۇش ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿(بۇ گۇناھكارلارنىڭ) ھەربىرىنى گۇناھى تۈپەيلىدىن جازالىدۇق﴾[5].

الله تائالا ۋەز ـ نەسىھەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿ئېيتىپ باققىنا! ئەگەر ئۇلارنى (نۇرغۇن) يىللار (نېئمەتلىرىمىزدىن) بەھرىمەن قىلساق، ئاندىن ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب كەلسە، ئۇلارنىڭ بەھرىمەن بولغان نېئمەتلىرى (ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىشتا) ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ﴾[6] قۇرئان مانا بۇلار ۋە بۇلاردىن باشقا خىلمۇ ـ خىل بايان قىلىش ئۇسلۇبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئەگەر قۇرئاندا ھۆكۈملەر، بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەر ھەققىدە ئايەت كەلسە، بۇ ئايەتلەر ھەرقانداق پايدىلىق، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇشنى ۋە ھەرقانداق ناچار، يامان ئىشلاردىن توسۇشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەلدى. بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇد ۋە باشقا سەلەپ ئالىملىرى: ئەگەر سەن الله تائالانىڭ: ئى مۆمىنلەر! ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىساڭ، ئۇنىڭغا قۇلىقىڭنى دىڭ تۇت. چۈنكى، ئۇ يا بىرەر ياخشىلىققا بۇيرۇشتۇر ياكى بىرەر يامانلىقتىن توسۇشتۇر، ـ دېدى.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۈممىي پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلگىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سىلىنغان تاقاق، كويزا ـ كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)﴾[7].

(1) سەجدە سۈرىسى 17 ـ ئايەت.
(2) زۇخرۇف سۈرىسى 71ـ ئايەت.
(3) ئىسرا سۈرىسى 68 ـ ئايەت.
(4) مۈلك سۈرىسى 16 ــ 17 ـ ئايەتلەر.
(5) ئەنكەبۇت سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) شۇئەرا سۈرىسى 205 ـ ئايەتتىن 207 ـ ئايەتكىچە.
(7) ئەئراف سۈرىسى157 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەگەر قۇرئاندا ئاخىرەتنى، ئۇنىڭدىكى قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارنى، جەننەت ۋە ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن ئۇنىڭدا تەييارلانغان نازۇ-نېئمەتلەرنى، دوزاخ ۋە كاپىرلار ئۈچۈن ئۇنىڭدا تەييارلانغان ئازابلارنى بايان قىلغان ئايەتلەر كەلسە، ئۇ ئايەتلەر جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەردى. دوزاختىن ئاگاھلاندۇردى ۋە قورقۇتتى، ياخشى ئەمەل - ئىبادەتلەرنى قىلىشقا ۋە يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇشقا، دۇنياغا بېرىلىپ كەتمەسلىككە ۋە ئاخىرەتكە ئەھمىيەت بېرىشكە، الله تائالانىڭ ھەق، توغرا يولدا ۋە ئۇنىڭ توغرا بولغان شەرىئىتىدە چىڭ تۇرۇشقا چاقىردى ۋە دىللارنى الله تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلاندى قىلىنغان شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن پاكىزلىدى.

قۇرئاننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ مۆجىزە ئىكەنلىكى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بۇرۇن ئۆتكەن ھەر بىر پەيغەمبەرگە (كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدىغان) كىتاب بېرىلدى. ماڭا بېرىلگىنى (الله ماڭا ۋەھيي ئارقىلىق چۈشۈرگەن) قۇرئان كەرىم بولدى. قىيامەت كۈنىدە مەن ماڭا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ كۆپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن». يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېدى: «ماڭا ئەۋەتكىنى ۋەھيي (يەنى قۇرئان كەرىم) بولدى». مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدىن كىشىلەر ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمەيدىغان قۇرئان بېرىلىشكە مۇيەسسەر بولدۇم. باشقا پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن كىتابلار ھەر جەھەتتىن قۇرئانغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، باشقا كىتابلار قۇرئانغا ئوخشاش مۆجىزىلىك ئەمەس.

تاش توغرىسىدا

الله تائالانىڭ: ﴿**كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار**﴾، ﴿توغرا يولدىن چىققۇچىلار جەھەننەمگە ئوتۇن بولىدۇ﴾[1]، ﴿(ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاخقا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر. ئەگەر سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلار ئىلاھلار بولىدىغان بولسا، دوزاخقا كىرمىگەن بولاتتى﴾[2] دېگەن ئايەتلىرىدىكى "تاش" ئادەتتىكى تاش ئەمەس، بەلكى گۈڭگۈرت تېشىدۇر. بۇ تاش بولسا كاپىرلارنىڭ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تاشتىن ياسىغان بۇتلارنىڭ تېشى دېگۈچىلەرمۇ بار.
الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاخقا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر**﴾.

دوزاخنىڭ يارىتىلىپ بولغانلىقى

الله تائالانىڭ: ﴿**كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان**﴾ دېگەن ئايىتىنى كۆپلىگەن ئالىملار دوزاخنىڭ

(1) جىن سۈرىسى 15 - ئايەت.
(2) ئەنبىيا سۈرىسى 98 — 99 - ئايەتلەر.

يارتىلىپ بولغانلىقىغا دەلىل كەلتۈردى. يەنە دوزاخنىڭ يارتىلىپ بولغانلىقىنى بايان قىلىدىغان نۇرغۇن ھەدىسلەر بار. تۆۋەندىكى ھەدىسلەر ئۇ ھەدىسلەرنىڭ قاتارىدىندۇر: «دوزاخ بىلەن جەننەت جېدەللىشىپ قالدى. دوزاخ پەرۋەردىگارىدىن ئى پەرۋەر دىگارىم! بىزنىڭ بەزىمىز بەزىمىزنى يەپ كەتتى ـ دەپ تىنىۋېلىشقا پەرۋەردىگارىدىن رۇخسەت سورىدى. الله ئۇنىڭغا قىش پەسلىدە بىر قېتىم، ياز پەسلىدە بىر قېتىم بولۇپ، جەمئىي ئىككى قېتىم تىنىۋېلىشقا رۇخسەت بەردى».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەلتۈرگەن ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: چۈشۈپ كەتكەن بىر نەرسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: بۇ نېمە، دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ، 70 يىل بۇرۇن دوزاخنىڭ بىر تەرىپىدىن چۈشۈپ كەتكەن تاش بولۇپ دوزاخنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتتى» دەپ جاۋاب بەردى.

****

وَبَشِّرِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أَنَّ لَهُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ ۖ كُلَّمَا رُزِقُواْ مِنْهَا مِن ثَمَرَةٍ رِّزْقًا ۙ قَالُواْ هَٰذَا ٱلَّذِى رُزِقْنَا مِن قَبْلُ ۖ وَأُتُواْ بِهِۦ مُتَشَٰبِهًا ۖ وَلَهُمْ فِيهَآ أَزْوَٰجٌ مُّطَهَّرَةٌ ۖ وَهُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢٥﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار جەننەتنىڭ بىرەر مېۋىسىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا: «بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن (دۇنيادىمۇ) رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارغا كۆرۈنۈشى دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشايدىغان، تەمى ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر (يەنى ھۆرلەر) بېرىلىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ﴿25﴾.

تەقۋادار، مۆمىن كىشىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپات

الله تائالا ئۆزى ۋە بارلىق پەيغەمبەرلىرىدىن تانغان ۋە دۈشمەن بولغان بەختسىز كاپىرلارغا تەييارلىغان ئازابنى بايان قىلىپ بولۇپ، ئارقىدىنلا الله غا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنگەن، ئىشەنچىسىنى ئەمەل ـ ئىبادەت بىلەن ئىپادىلىگەن، تەقۋادار، بەختلىك مۆمىنلەرگە قىيامەت كۈنىدە تەييارلانغان مۇكاپاتلارنى بايان قىلىشنى باشلىدى. باشتا بىر نەرسىنى بايان قىلىپ، ئارقىسىدىن ئۇنىڭ قارشىسىنى بايان قىلىش قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبىدۇر.

الله مۆمىنلەرگە مۇكاپات بېرىش ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن**﴾ الله جەننەتلەرنى ئۇلارنىڭ دەرەخلىرى ۋە تۇرار ئۆيلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، ـ دەپ سۈپەتلىدى.

ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى جەننەتنىڭ ھەممە يەرلىرىدە ئاقىدۇ».
يەنە بىر ھەدىستە جەننەتتىكى كەۋسەر ئىسىملىك ئۆستەڭ ھەققىدە مۇنداق دەپ كەلدى: «جەننەتتىكى

كەۋسەر ئىسمىلىك ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقى قۇلۇلە قېپىدىن بولىدۇ»[1] ئۆستەڭنىڭ تېگى ئەڭ ياخشى ئىپاردىن، ئۇششاق تاشلىرى ئۈنچە ـ مەرۋايىتتىندۇر. ئى **اللّٰه** ! بىزنى شۇ جەننەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىنىشىڭنى تىلەيمىز!

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى دۆڭنىڭ تېگىدىن ياكى ئىپار تاغلىرىنىڭ ئاستىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ» .

جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى

ئىبنى ئەبۇھاتەم يەھيا ئىبنى ئەبۇكەسىرنىڭ ﴿**ئۇلار جەننەتنىڭ بىرەر مېۋىسىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا: «بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن (دۇنيادىمۇ) رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق» دەيدۇ**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جەننەتنىڭ ئوت ـ چۆپلىرى زەپىراندۇر ۋە ئۇنىڭ قۇم تۇپراقلىرى ئىپاردۇر. جەننەت مۇلازىملىرى جەننەتكە كىرگەن مۆمىن كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدا مېۋىلەرنى كۆتۈرۈپ ئايلىنىپ يۈرىدۇ، ئۇلار شۇ مېۋىدىن يەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇلازىملار يەنە ئۇ مېۋىلەرگە ئوخشاش مېۋىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. جەننەتتىكى كىشىلەر ئۇ مۇلازىملارغا: بۇ مېۋىلەرنى ھېلىراق ئېلىپ كەلگەن ئىدىڭلارغۇ؟ـ دەيدۇ. مۇلازىملار ئۇلارغا: بۇنىڭدىن يەپ بېقىڭلار، رەڭگى ئوخشىغان بىلەن تەمى ئوخشىمايدۇ، دەيدۇ. بۇ **اللّٰه** تائالانىڭ: ﴿**ئۇلارغا كۆرۈنۈشى دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشايدىغان، تەمى ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر.

ئىكرىمە ئۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: جەننەتنىڭ مېۋىسى كۆرۈنۈشتە دۇنيانىڭ مېۋىسىگە ئوخشاش، لېكىن تەمى ئوخشىمايدۇ.

سۇفيان سەۋرى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جەننەتتىكى نەرسىلەرگە دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ پەقەت ئىسمىلا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

جەننەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ ناھايىتى پاك ئىكەنلىكى

ئىبنى ئەبۇتەلھە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ **اللّٰه** تائالانىڭ: ﴿**جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر (يەنى ھۆرلەر) بېرىلىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ھۆرلەر كىشىلەر يىرگىنىدىغان ھەرخىل پاسكىنچىلىقتىن پاكتۇر.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ھۆرلەر ئاياللاردا بار بولغان ئادەت، چوڭ ـ كىچىك تەرەت، بەلغەم، تۈكرۈك، مەنىي كېلىشتىن ۋە بالا تۇغۇشتىن خالىيدۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادە مۇنداق دېدى: ئۇلار كىشىلەر يىرگىنىدىغان ھەرخىل پاسكىنچىلىقتىن ۋە گۇناھلاردىن خالىدۇر. ئۇ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېدى: ھۆرلەر (دۇنيادىكى ئاياللاردا تېپىلىدىغان) ئايلىق ھەيز ۋە

(1) بۇ ئىككى ھەدىسنىڭ ئارىلىقىدا ھېچ قانداق قارمۇ قارشىلىق يوق. چۈنكى جەننەتتىكى كەۋسەر ئىسمىلىك ئۆستەڭ، ئۆستەڭلەرنىڭ ئەڭ ئالىيسىدۇر.

ھەرخىل (بالا تۇغۇش، تەرەت سۇندۇرۇشقا ئوخشايدىغان) ئىشلاردىن خالىدۇر.

ئەتا، ھەسەن، زەھھاك ئەبۇسالىھ ئەتىيە ۋە سۇددىلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بايان قىلدى.

الله تائالانىڭ: ﴿**ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۇ قالىدۇ**﴾ دېگەن سۆزى بەختنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىدۇر. ئۇلار ئىككىنچى قېتىم ئۆلمەيدۇ، مەڭگۈلۈك بەخت ئىچىدە ياشايدۇ. الله تائالادىن بىزنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىشىنى تىلەيمىز ـ ئامىن!

* * * * * * *

﴿ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَسْتَحْيِۦٓ أَن يَضْرِبَ مَثَلًا مَّا بَعُوضَةً فَمَا فَوْقَهَا ۚ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ فَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّهِمْ ۖ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ فَيَقُولُونَ مَاذَآ أَرَادَ ٱللَّهُ بِهَـٰذَا مَثَلًا ۘ يُضِلُّ بِهِۦ كَثِيرًا وَيَهْدِى بِهِۦ كَثِيرًا ۚ وَمَا يُضِلُّ بِهِۦٓ إِلَّا ٱلْفَـٰسِقِينَ ﴿٢٦﴾ ٱلَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهْدَ ٱللَّهِ مِنۢ بَعْدِ مِيثَـٰقِهِۦ وَيَقْطَعُونَ مَآ أَمَرَ ٱللَّهُ بِهِۦٓ أَن يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِى ٱلْأَرْضِ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَـٰسِرُونَ ﴿٢٧﴾

الله ھەقىقەتەن پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ، مۆمىنلەر بولسا ئۇنى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ؟ كاپىرلار بولسا: «الله بۇنەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن نېمىنى ئىرادە قىلىدۇ؟» دەيدۇ. الله بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن) ئازدۇرىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى تەستىقلىغانلىقتىن) ھىدايەت قىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق پەقەت پاسىقلارنىلا ئازدۇرىدۇ﴿26﴾. پاسىقلار الله ۋەدە ئالغاندىن كېيىن بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ، الله ئۇلاشقا بۇيرۇغان شەيئىنى ئۈزۈپ قويىدۇ (يەنى سىلە ـ رەھىم قىلمايدۇ)، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴿27﴾.

سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنھۇما ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە بىر تۈركۈم ساھابىلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا ئۆزىنىڭ ﴿ئۇلار گوياكى (كېچىدە ئىسسىنىش ۋە يورۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن) ئوت ياققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ﴾[1]، ﴿ياكى ئۇلار زۇلمەتلىك، گۈلدۈرمامىلىق ۋە چاقماقلىق قاتتىق يامغۇردا قالغان﴾[2] دېگەن ئايىتىدە مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ ئىككى مىسال كەلتۈرگەندە، مۇناپىقلار مۇنداق دېدى: الله بۇنىڭدەك كىچىك مىساللارنى كەلتۈرۈپ يۈرمەيدۇ. ئاندىن الله يۇقىرىدىكى ئىككى ئايەتنى (26 ـ، 27 ـ ئايەتلەرنى) نازىل قىلدى.

سەئىدمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شەكسىزكى، الله ھەقىقەتكە ئالاقىدار نەرسە بولسىلا مەيلى ئۇ ئاز بولسۇن ياكى جىق بولسۇن، ئۇنى بايان قىلىشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ. الله تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىدا چىۋىن ۋە ئۆمۈچۈكنى مىسال قىلىپ

(1) بەقەرە سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كەلتۈرگەن چاغدا توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن كىشىلەر: الله بۇ نەرسىلەرنى بايان قىلىپ، نېمىنى ئىرادە قىلىدۇ؟ ـ دېدى. ئاندىن الله بۇ ئايەتنۈھى نازىل قىلدى.

دۇنيانى ئوخشىتىپ كەلتۈرگەن مىساللار

ئەبۇجەئفەر رازى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە رەبىيئ ئىبنى ئەنەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ، الله تائالانىڭ دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ كەلتۈرگەن مىسالىدۇر. چۈنكى، پاشا دېگەن قورسىقى ئاچ تۇرسا ھايات كەچۈرىدۇ. قورسىقى تويغان ھامان ئۆلىدۇ. الله قۇرئاندا بۇ مىسال ئارقىلىق ئەھۋالىنى بايان قىلىپ كەلگەن كىشىلەر گويا شۇ پاشىغا ئوخشاش بولۇپ، مال ـ دۇنياغا تويغان ھامانلا الله ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇ بۇ سۆزگە دەلىل قىلىپ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا(سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېئمەتلەردىن خۇشال ـ خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى﴾[1].

يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى: الله مەيلى قانداقلا بىر چوڭ ياكى كىچىك نەرسە بولسۇن، ئۇ نەرسە بىلەن مىسال كەلتۈرىدىغانلىقىدىن تارتىنىپ قالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. الله تائالانىڭ: **﴿الله ھەقىقەتەن پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: يەنى الله پاشىنى ۋە ئۇنىڭدىن چوڭ ياكى كىچىك ھەرقانداق نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرەلەيدۇ، ـ دېگەنلىكتۇر.

ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تىكەن ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق نەرسە بىلەن بىر مۇسۇلمانغا مۇسىبەت يەتكەن بولسا، بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن بىر دەرىجە ساۋاب يېزىلىپ، بىر خاتالىقى ئۆچۈرۈلىدۇ». (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىس ئارقىلىق) الله تائالانىڭ پاشىغا ئوخشاش ئەڭ كىچىك ۋە ئاددىي نەرسە بولسىمۇ، ئۇنى كىچىك كۆرمەي مىسال كەلتۈرىدىغانلىقىنى، پاشىنى يارىتىشتىن باش تارتمىغىنىدەك، تۆۋەندىكى سۆزلىرىدە چىۋىن ۋە ئۆمۈچۈك بىلەن مىسال كەلتۈرگىنىگە ئوخشاش ئۇنىڭ بىلەن مىسال كەلتۈرۈشتىن باش تارتمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

الله چىۋىن ۋە ئۆمۈچۈك بىلەن مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: ﴿ئى ئىنسانلار! (يەنى مۇشرىكلار جامائەسى!) بىر مىسال كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەر الله نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ بىر چىۋىننى يارىتالمايدۇ (ئەقلى بار ئادەم قانداقمۇ مۇشۇنداق بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋېلىپ ئۇلارغا چوقۇنىدۇ!) چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى (يەنى بۇتقا سۈركەپ قويۇلغان خۇش پۇراق بىر نەرسىنى) ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ، بۇتمۇ ۋە (ئۇنىڭغا) چوقۇنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر﴾[2]، ﴿الله نى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالغانلارنىڭ مىسالى ئۆي ياسىغان ئۆمۈچۈكنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ (يەنى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى ئۇنى ئىسسىق ـ سوغۇقتىن قوغدىيالمىغاندەك، ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىمۇ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا ـ

(1) ئەنئام سۈرىسى 44 ـ ئايەت.
(2) ھەج سۈرىسى 73 ـ ئايەت.

زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ)، ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇ ھەقىقەتنى) بىلسە ئىدى (بۇتلارغا چوقۇنمايتتى)﴾[1]، ﴿اللّٰه تائالانىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە (يەنى ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ. اللّٰه كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ، يامان سۆز (يەنى كۇفرى كەلىمىسى) زېمىندىن قومۇرۇپ تاشلانغان، ھېچقانداق قارارى يوق ناچار دەرەخكە ئوخشايدۇ. اللّٰه مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. اللّٰه زالىملار (يەنى كۇففارلار) نى گۇمراھ قىلىدۇ، اللّٰه خالىغىنىنى قىلىدۇ﴾[2]، ﴿اللّٰه بۇنداق بىر مىسال كەلتۈرىدۇ: ھېچقانداق ئىشنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلالمايدىغان بىر قۇل بىز ئۇبدان رىزىق (يەنى مول مال ـ مۈلۈك) ئاتا قىلغان ۋە ئۇنى يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا يوسۇندا سەدىقە قىلىپ تۇرغان (ھۆر ـ ئەركىن) ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟﴾[3]، ﴿اللّٰه يەنە مۇنداق مىسال كەلتۈرىدۇ: مۇنداق ئىككى ئادەم بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ھېچ ئىش قىلالمايدىغان ۋە ئىگىسىگە يۈك بولۇپ قالغان بىر گاچادۇركى، ئىگىسى بۇ گاچىنى مەيلى قەيەرگە ئەۋەتسۇن، ئۇ ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، يەنە بىرى بولسا ئۆزى توغرا يولدا ماڭغان ۋە (كىشىلەرنى) ھەققانىي بولۇشقا بۇيرۇيدىغان ئادەمدۇر، بۇ ئىككى ئادەم ئوخشاشمۇ؟ (يەنى بۇ گاچا بىلەن ئۆزى توغرا يولدا تۇرۇپ پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان، ئۆزى قۇرئان نۇرى بىلەن نۇرلانغان ئادەم بىر ـ بىرىگە ئوخشامدۇ؟ ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئۇلارنى ئوخشاش ئورۇنغا قويمىغىنىدەك، بۇت ۋە تاشنى ھەممىنى بىلگۈچى قۇدرەتلىك اللّٰه بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ)﴾[4]، ﴿اللّٰه سىلەرگە ئۆزەڭلاردىن بىر مىسال كەلتۈرىدۇ، بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈككە قۇللىرىڭلارنىڭ شېرىك بولۇشىغا رازىمۇ سىلەر؟﴾[5].

مۇجاھىد اللّٰه تائالانىڭ: **﴿اللّٰه ھەقىقەتەن پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: مۆمىنلەر ئاللاھ قۇرئاندا كەلتۈرگەن مىساللارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللاھتەرىپىدىن بولغان ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. اللّٰه ئۇ مىساللار ئارقىلىق مۆمىنلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

سۇددى اللّٰه تائالانىڭ: **﴿اللّٰه بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن) ئازدۇرىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە بىر تۈركۈم ساھابىلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللّٰه تائالا بۇ مىساللار بىلەن مۇناپىقلارنى ئازدۇرۇپ، مۆمىنلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ. مۇناپىقلار اللّٰه تائالانىڭ ئۇلارغا كەلتۈرگەن مىساللىرىنىڭ[6] ئۆزلىرىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى چىن دىلىدىن بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى يالغانغا

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 41 ـ ئايەت.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 24 ـ ئايەتتىن27 ـ ئايەتكىچە.
(3) نەھل سۈرىسى 75 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) نەھل سۈرىسى 76 ـ ئايەت.
(5) رۇم سۈرىسى 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) بۇ مىساللار، اللّٰه تائالا يۇقىرىدا مۇناپىقلارنى ئوت ياققان كىشىگە ۋە قاتتىق قاراڭغۇلۇق، گۈلدۈرماملىق ۋە چاقماق چېقىپ يېغىۋاتقان قاتتىق يامغۇردا قالغان، چاقماق سوقۇۋېتىپ ئۆلۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ، بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالغان كىشىگە ئوخشىتىپ كەلتۈرگەن مىساللار بىلەن قۇرئاندا كەلتۈرگەن چىۋىن ۋە ئۆمۈچۈكنىڭ مىساللىرىدۇر.

چىقارغانلىق ۋە پاشىنىڭ مىسالىغا ئىشەنمەسلىك ئازغۇنلۇقىغا ئازغۇنلۇق قوشۇلۇپ، تېخىمۇ ئېزىپ كېتىدۇ. مانا بۇ، الله تائالانىڭ مىسال ئارقىلىق ئۇلارنى ئازدۇرۇۋەتكەنلىكىدۇر.

﴿**ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى تەستىقلىغانلىقتىن) ھىدايەت قىلىدۇ**﴾ يەنى الله تائالا مىسال بىلەن مۆمىن كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ. (مۇناپىقلارنىڭ ئەكسىچە) مۆمىنلەر الله تائالانىڭ مىساللىرىنىڭ ناھايىتى ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئىشەنگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ھىدايىتىگە (پاشىنىڭ مىسالىغا ئىشىنىش) ھىدايىتى قوشۇلۇپ، ئىقرار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار تېخىمۇ ھىدايەت تېپىپ كېتىدۇ. مانا بۇ، الله مىسال ئارقىلىق ئۇلارنى ھىدايەت قىلغانلىقىدۇر.

﴿**شۇ ئارقىلىق پەقەت پاسىقلارنىلا ئازدۇرىدۇ**﴾ ئايەتتىكى "پاسىق" دېگەن سۆز كاپىرلار ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى الله تائالاغا ئاسىي بولغان كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن الله تائالا ئۇ پاسىقلارنى تۆۋەندە كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلىگەنلىكى ئۈچۈن، كاپىرلارنىڭ پاسىقلىرى ئەشەددىيدۇر. الله تائالا ئۇلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿**پاسىقلار الله ۋەدە ئالغاندىن كېيىن بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ، الله تائالا ئۇلاشقا بۇيرۇغان شەيئىنى ئۈزۈپ قويىدۇ (يەنى سىلە ـ رەھىم قىلمايدۇ)، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ؛ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر**﴾ بۇ سۈپەتلەر الله رەئد سۈرىسىدە كەلتۈرگەن سۈپەتكە ئوخشاش كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى بۇلارنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. الله رەئد سۈرىسىدە مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ھەقنى كۆرمەيدىغان دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ (الله تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ. ئۇلار الله تائالانىڭ ئەھدىگە (يەنى الله تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ. ئۇلار الله تائالانىڭ (خىش ـ ئەقرىبالارغا) سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ، الله دىن قورقىدۇ، قاتتىق ھېساب ئېلىنىشىدىن قورقىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (يەتكەن كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغانلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلغانلار، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلكتىن (الله يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغانلار ۋە ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار (يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلار) ـ ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ. ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەربىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ. (پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) «سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!» دەيدۇ الله غا بەرگەن ۋەدىسنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، الله تائالانىڭ سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە (ئۇلارنىڭ) ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ﴾[1].

ئايەتلەردىكى پاسىقلار بۇزغان ۋەدە ـ الله كىتابلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق كىشىلەرگە

(1) رەئد سۈرىسى 19 ـ ئايەتتىن 25 ـ ئايەتكىچە.

قىلغان نەسىھەتنى، ئۇلارنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇغان بۇيرۇقنى ۋە يامان ئىشلاردىن توسقان چەكلىمىسى قاتارلىقلارنى كۆرستىدۇ. كاپىرلارنىڭ ۋەدىنى بۇزغانلىقى بولسا، الله تائالانىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ۋە بۇيرۇغان ياخشى ئىشلارنى قىلماي، توسقان يامان ئىشلاردىن يانمىغانلىقىدۇر. بۇ ئايەت كىتاب بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ كاپىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىققان مۇناپىقلار توغرىسىدا كەلگەن دېگەن كۆز قاراشلارمۇ بار. بۇلار بۇزغان ۋەدە بولسا، ئۇلارنىڭ تەۋراتنىڭ ئىچىدە كەلگەن ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىش، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندا، ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن ئىبارەت الله ئۇلاردىن ئالغان ۋەدىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ۋەدىنى بۇزغانلىقى بولسا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەرلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن تانغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلسە، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى كىشىلەردىن يوشۇرۇپ قالماي ئۇقتۇرىدىغانلىقى ھەققىدە الله غا ۋەدە بېرىپ بولۇپ ۋەدىسىدە تۇرماي (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى) كىشىلەردىن يوشۇرغانلىقىدۇر. شۇڭا الله تائالا قۇرئاندا كىتاب بېرىلگەنلەر ئازغىنا دۇنيانى دەپ الله غا بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى، ـ دەپ خەۋەر قىلدى.

بۇ ئايەت كاپىرلار، مۇشرىكلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ـ دېگەن كۆز قاراشلارمۇ بار. الله نىڭ ئۆزىنىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىشى توغرىسىدا ئۇلاردىن ئالغان ۋەدىسى، الله نىڭ ئۆزىنىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ بېرىدىغان پاكىتلارنى ئۇلارغا بايان قىلىپ بەرگەنلىكىدۇر. الله تائالانىڭ ئۇلاردىن بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىش ۋە توسقان ئىشلاردىن يېنىش توغرىسىدا ئالغان ۋەدىسى، پەيغەمبەرلەردىن باشقا بىر كىشى كەلتۈرەلمەيدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىلەردىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ ۋەدىگە ئەمەل قىلماي ئۇنى بۇزغانلىقى، پاكىتلار ئارقىلىق راستلىقى ئىسپاتلانغان نەرسىگە ئىشەنمىگەنلىكى (يەنى الله تائالاغا ئىشەنمىگەنلىكى) ۋە پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنى يالغانغا چىقارغانلىقى، (الله تائالا چۈشۈرگەن) كىتابلارغا ئىشەنمىگەنلىكىدۇر. يەنە بىر ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇقاتىل ئىبنى ھەييانىدىنمۇ يۇقىرىدا دېيىلگەنگە ئوخشاش رىۋايەت قىلىنىدى. ئىمام زەمەخشەرىمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىغا قوشۇلدى.

﴿الله ئۇلاشقا بۇيرۇغان شەيئىنى ئۈزۈپ قويىدۇ (يەنى سىلە ـ رەھىم قىلمايدۇ)﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئىمام قەتادە دېگەندەك، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدىكى سىلە ـ رەھىمدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر (ئىسلام)دىن يۈز ئۆرۈسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟﴾[1] بۇ مەنىنى ئىبنى جەرىرمۇ كۈچلەندۈردى.

بۇ ئايەتلەر ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئارىسىدىكى سىلە ـ رەھىمنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، ئۇنىڭدىن باشقا الله سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇغان، بارلىق نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ الله بۇيرۇغان ئىشنى قىلمىغانلىقى ئۇلارنىڭ سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگەنلىكىدۇر دېگەن كۆز قاراشمۇ بار.

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 22 ـ ئايەت.

زىيان تارتقۇچىلار

اللە تائالانىڭ: ﴿**ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇقاتىل ئىبنى ھەييان مۇنداق دەيدۇ: بۇ (زىيان) ئاخىرەتتە تارتىدىغان زىياندۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە (ئۇلارنىڭ) ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ﴾[1].

ئىمام زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللە تائالا مۇسۇلمان ئەمەس بىر ئادەمنى (قۇرئاندا) زىيان تارتتى دەپ بايان قىلسا، ئۇ كاپىر بولدى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇسۇلماننى زىيان تارتتى دەپ بايان قىلسا، ئۇ گۇناھ قىلدى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: زىيان تارتقۇچىلار ـ تىجارەتچى تىجارىتىدىن زىيان تارتىپ، دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغانغا ئوخشاش، ئۆزلىرىنىڭ اللە تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش سەۋەبى بىلەن اللە تائالانىڭ رەھمىتىدىن بېرىلىدىغان نېسىۋىسىدىن قۇرۇق قالغان كىشىلەردۇر. شۇنىڭدەك، مۇناپىق ۋە كاپىرلارمۇ اللە تائالانىڭ (رەھمىتىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان قىيامەت كۈنى اللە تائالا ئۆز بەندىلىرىگە ئاتا قىلىدىغان) رەھمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىش بىلەن زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

****

كَيْفَ تَكْفُرُونَ بِٱللَّهِ وَكُنتُمْ أَمْوَٰتًا فَأَحْيَٰكُمْ ۖ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْ ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٢٨﴾

اللە نى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، اللە سىلەرگە جان بەردى (يەنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئابىمەنى ئىدىڭلار)، كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) اللە جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن اللە تائالانىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتۇرۇلىسىلەر﴿28﴾.

اللە ئۆزىنىڭ بارلىقىغا ۋە قۇدرەتلىك زات ئىكەنلىكىگە، بەندىلەرنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە خالىغانچە ئىش ئېلىپ بارىدىغانلىقىغا پاكىت كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللە نى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى**﴾ يەنى اللە تائالانىڭ بارلىقىغا قانداق تانىسىلەر ۋە ئۇنىڭغا قانداقمۇ شېرىك كەلتۈرىسىلەر؟

﴿**جانسىز ئىدىڭلار، اللە سىلەرگە جان بەردى (يەنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئابىمەنى ئىدىڭلار)**﴾ يەنى سىلەر ئەسلىدە يوق ئىدىڭلار، اللە سىلەرنى بار قىلدى. اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار (اللە نىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ﴾[2]، ﴿ئىنسان (ئانىنىڭ قورسىقىدا)

(1) رەئد سۈرىسى 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تۇر سۈرىسى 35 ـــ 36 ـ ئايەتلەر.

بىر مۇددەتنى ئۆتكۈزدى، ئۇ (ئەرزىمىگەنلىكتىن) تىلغا ئېلىنىدىغان نەرسە بولمىدى﴾[1] بۇ ئايەتلەردىن باشقا بۇ توغرۇلۇق نازىل قىلىنغان ئايەتلەر بەك كۆپتۇر.

الله تائالانىڭ: ﴿**جانسىز ئىدىڭلار، الله سىلەرگە جان بەردى (يەنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئابىمەنى ئىدىڭلار)**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى جۇرەيج ئاتادىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەرنى الله ياراتقۇچە سىلەر دادىلىرىڭلارنىڭ پۇشتىلىرىدا جانسىز ئىدىڭلار. الله سىلەرنى ھەقىقىي ئۆلتۈرىدۇ. قىيامەت كۈنى كەلگەندە بولسا، سىلەرنى قەبرىدىن قايتا تىرىلدۈرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرۈپ، ئىككى قېتىم تىرىلدۈردۈڭ﴾[2].

الله تائالانىڭ قۇدرەتلىك زات ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتلىرىنى بايان قىلىش

الله تائالا يۇقىرىدا ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنى ياراتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تەنلىرىدە نېئمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىل ـ پاكىتلارنى بايان قىلىپ ئۆتكەن بولسا، تۆۋەندە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئاسمان ـ زېمىننى يارىتىشتىن ئىبارەت يەنە بىر پاكىتنى كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

* * * * * * *

هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ لَكُم مَّا فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا ثُمَّ ٱسْتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ فَسَوَّىٰهُنَّ سَبْعَ سَمَٰوَٰتٍ ۚ وَهُوَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿٢٩﴾

الله يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر (نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى. الله ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴿29﴾.

الله ئۆزى ياراتقان ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟﴾[3].

يارىتىشنىڭ باشلىنىشى

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىلىي مەزمۇنىنى الله تائالا تۆۋەندىكى ئايەتتە سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(سەن ئۇلارغا) «سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان الله نى ئىنكار قىلامسىلەر ۋە ئۇنىڭغا شېرىكلەر كەلتۈرەمسىلەر؟ ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر» دېگىن. ئۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن تاغلارنى ياراتتى، زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى، (زېمىننى يارىتىش بىلەن

(1) ئىنسان سۈرىسى1 ـ ئايەت.
(2) غافىر سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) مۈلك سۈرىسى 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاھالىسىنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشنى كەم - زىيادىسىز) باراۋەر تۆت كۈندە (تاماملىدى)، (زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (بۇ جاۋابتۇر) ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: «ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار)» دېدى. ئىككىلىسى «ئىختىيارىي كەلدۇق» دېدى. الله يەتتە ئاسماننى ئىككى كۈندە ياراتتى. ھەر ئاسماننىڭ ئىشىنى ئۆزىگە بىلدۈردى (يەنى ھەر ئاسماننىڭ ئېھتىياجلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى). ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ۋە قوغدىدۇق، بۇ ئەنە شۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى الله نىڭ تەقدىرىدۇر﴾[1].

بۇ ئايەتتە الله تائالانىڭ ئاۋۋال زېمىننى، ئاندىن يەتتە قات ئاسماننى ياراتقانلىقى ئېنىق دەلىل - ئىسپات بىلەن كۆرسىتىلگەن. بىنانىڭ ئۇلىنى پۇختىلاپ بولۇپ، ئاندىن ئېمىنى قوپۇرۇش بىناكارلىقتىكى ئەقەللىي ساۋاتتۇر (شۇڭا الله تائالا ئالدىدا زېمىننى، ئاندىن ئاسماننى ياراتقان). الله خالىسا، بۇ ھەقتە كېيىنكى بابلاردا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

زېمىننىڭ ئاسماندىن بۇرۇن يارىتىلغانلىقى

﴿الله يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر (نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله زېمىننى ئاسماندىن بۇرۇن ياراتتى. زېمىننى يارىتىپ بولغاندا، ئۇنىڭدىن تۈتۈن ئۆرلەپ كەتتى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى﴾[2].

﴿ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى﴾ يەنى ئاسماننى بىرىنى - بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ يەتتە قات قىلدى. زېمىنىمۇ بىرىنى بىرىنىڭ ئاستىدا قىلىپ يەتتە قات قىلدى.

يۇقىرىدا كەلگەن ئايەتلەر زېمىننىڭ ئاسماندىن بۇرۇن يارىتىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

زېمىننىڭ ئاسمانلار يارىتىلىپ بولغاندىن كېيىن كېڭەيتىلگەنلىكى

ئىبنى ئابباس زېمىننىڭ كېڭەيتىلگەنلىكى توغرىسىدا سورالغان چاغدا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «زېمىن ئاسماندىن بۇرۇن يارىتىلدى. ئاسمان يارىتىلىپ بولغاندىن كېيىن زېمىن كېڭەيتىلدى. بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى تەپسىرشۇناس ئالىملارمۇ يۇقىرىقىدەك دېدى. نازىئات سۈرىسىدىكى: ﴿شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ئەھلى زېمىننىڭ تۇرۇشىغا لايىق قىلىپ) يايدى. زېمىندىن بۇلاقلارنى ئاقتۇردى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردى تاغلارنى (زېمىندا) مۇقىم قىلدى﴾[3] دېگەن ئايەتتە بۇ توغرىسىدىكى مەزمۇن تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن. زېمىننىڭ كېڭەيگەنلىكى ئالىملار دېگەنگە ئوخشاش زېمىننىڭ تېگىدىكى سۇلار زېمىننىڭ ئۈستىگە چىقىرىلىپ ھەر خىل

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 9 - ئايەتتىن 12 - ئايەتكىچە.
(2) فۇسسىلەت سۈرىسى 11 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) نازىئات سۈرىسى 30 - ئايەتتىن 32 ئايەتكىچە.

شەكىل ۋە رەڭلەردىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشى ۋە ھەر خىل يۇلتۇزلارنىڭ زېمىن ئەتراپىدا ئايلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر.

****

وَإِذۡ قَالَ رَبُّكَ لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٞ فِي ٱلۡأَرۡضِ خَلِيفَةٗۖ قَالُوٓاْ أَتَجۡعَلُ فِيهَا مَن يُفۡسِدُ فِيهَا
وَيَسۡفِكُ ٱلدِّمَآءَ وَنَحۡنُ نُسَبِّحُ بِحَمۡدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَۖ قَالَ إِنِّيٓ أَعۡلَمُ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ٣٠

ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇن باسار) يارىتىمەن» دېدى. پەرىشتىلەر: «يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز» دېدى. ﷲ : «مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» دېدى﴿30﴾.

ﷲ تائالانىڭ پەرىشتىلەرگە ئادەم ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنى زېمىندا ئورۇن باسار قىلىدىغانلىقىنى دېگەنلىكى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ جاۋابى

بۇ ھەقتە ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: ﷲ تائالا (ئىنسانلارنى) يارىتىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ كېيىنى يۇقىرى مەرتىۋىدىكى كىشىلەرگە (يەنى پەرىشتىلەرگە) دېگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇن باسار) يارىتىمەن» دېدى**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە "مەن زېمىندا ئەسىرلەپ بىرسى بىرسىگە ئورۇن باسار بولۇپ تۇرىدىغان كىشىلەرنى يارىتىمەن" دېگەن سۆزىنى ساڭا ئەگەشكەن كىشىلەرگە قىسسە قىلىپ سۆزلەپ بەرگىن. ﷲ تائالا ئىنسانلارنى زېمىندا ئورۇن باسار قىلىپ ياراتقانلىقىنى كۆپلىگەن ئايەتلەردە بايان قىلىپ كەلدى. تۆۋەندىكى ئايەتلەر شۇ ئايەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ﷲ سىلەرنى (ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلدى﴾[1]، ﴿سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟﴾[2]، ﴿ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە سىلەرگە زېمىندا ئورۇنباسار بولىدىغان پەرىشتىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەتتۇق﴾[3]، ﴿ئۇلاردىن كېيىن، (يامان) ئەۋلادلار تەۋراتقا ۋارىسلىق قىلدى﴾[4] بۇ ئايەتلەردە سۆزلىنىپ ئۆتكەن "ئورۇن باسار بولغۇچى" پەقەت ئادەم ئەلەيھىسسالامغىلا قارىتىلمىغان.

ئەگەر بۇ ئايەتلەردە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىلا كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، پەرىشتىلەرنىڭ: ﴿**«يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟»**﴾ دەپ سوئال قويۇشى

(1) ئەنئام سۈرىسى165 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نەمل سۈرىسى 62 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) زۇخرۇف سۈرىسى 60 ـ ئايەت.
(4) ئەئراف سۈرىسى169 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئورۇنلۇق بولمايتتى. پەرىشتىلەر (بۇ سوئالدىن) ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پۇشتىدىن كېلىدىغانلارنىڭ ئىچىدىن بۇ بۇزغۇنچىلىقنى قىلىدىغان كىشىلەرنى كۆزدە تۇتقان. پەرىشتىلەر بۇنى ئۆزلىرىگە خاس بىلىم ئارقىلىق ياكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىدىكى ئىنسانلىق تەبىئىتى بىلەن كەمچىلىك ئۆتكۈزۈپ سالىدىغانلىقنى چۈشىنىش ئارقىلىق تونۇپ يەتتى. ئۇلار نىڭ ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىنى چۈشىنىپ يېتىشى (الله تائالانىڭ) پەرىشتىلەرگە ئىنسان (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام) نى (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن ياراتقانلىقىدىن خەۋەر بەرگەنلىكى ياكى ئورۇن باسارنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەر ئارىسىدا بولغان يامان، ناھەق ئىشلارنى ئايرىپ، ئۇلارنى گۇناھلاردىن توسىدۇ دەپ چۈشەنگەنلىكىدىندۇر.

الله پەرىشتىلەرگە زېمىندا ئىنساننى يارىتىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا ئۇلار: ﴿«**يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟**»﴾ دەپ سورىدى. پەرىشتىلەرنىڭ سورىغان بۇ سوئالى بەزى تەپسىرشۇناس ئالىملار گۇمان قىلغاندەك، الله تائالاغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ياكى ئادەم باللىرىغا ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن ئەمەس. چۈنكى، الله پەرىشتىلەرنى ئۆزىدىن رۇخسەتسىز ھېچقانداق سوئال سورىمايدۇ دەپ سۈپەتلىگەن تۇرسا (ئۇلار قانداقمۇ الله غا نارازىلىق يۈزىسىدىن ياكى ئىنسانلارغا ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن شۇ سۆزنى قىلسۇن)؟!

بەلكى ئۇلارنىڭ بۇ سوئالى قەتادە دېگەندەك: ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە زېمىندا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارىدىغان، ناھەق قان تۆكىدىغان كىشىلەر تۇرسا، ئۇلارنى يارىتىشتىكى ھېكمىتىڭ نېمە؟ ئۇلارنى يارىتىشتىكى مەقسىتىڭ ئۆزەڭگە ئىبادەت قىلدۇرۇش بولسا، بىز سېنى پاك ۋە ئۇلۇغ دەپ مەدھىيىلەيمىز. بىزدە ئۇلاردىن سادىر بولىدىغان كەمچىلىك سادىر بولمايدۇ، ـ دەپ (الله تائالانىڭ ئىنسانلارنى يارىتىشتا) قانداق ھېكمىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىش ئۈچۈن سورالغان سوئالدۇر.

الله تائالا ئۇلارنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿«**مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن**»﴾ يەنى بۇ ئىنسانلارنى يارىتىشتىكى پايدىنىڭ سىلەر چۈشەنمەستىن دەۋاتقان زىيانلاردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى مەن بىلىمەن. مەن ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىمەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە (پەيغەمبەرلەرگە) چىن قەلبىدىن ئىشەنگەنلەر، شېھىتلار، ياخشى كىشىلەر، دائىم (الله تائالاغا) ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار، الله تائالادىن قورقۇپ (ئەمەل ـ ئىبادەت بىلەن الله تائالاغا) يېقىنلاشقۇچىلار، الله تائالادىن قورقىدىغان ئالىملار، الله تائالانى ياخشى كۆرىدىغان ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىدىغانلار بولىدۇ.

ھەدىستە مۇنداق كەلدى: «پەرىشتىلەر بەندىلەرنىڭ قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى ئېلىپ الله تائالانىڭ دەرگاھىغا ئۆرلىگەن چاغدا، الله بىلىسمۇ (بەندىلەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى) پەرىشتىلەردىن: "سىلەر بەندىلىرىمنى قانداق ھالەتتە قويۇپ چىقتىڭلار؟" دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر: بىز ئۇلارنىڭ قېشىغا چۈشكەن چېغىمىزدا ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن، بىز ئۇلارنى قويۇپ يېنىپ چىققىنىمىزدىمۇ ئۇلار ناماز ئوقۇپ قالدى، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ».

ئۇنداق جاۋاب بېرىشىدىكى سەۋەب شۇكى، پەرىشتىلەر كېچە ـ كۈندۈز نۆۋەت بىلەن بىزنىڭ قېشىمىزغا چۈشۈپ تۇرىدۇ. پەرىشتىلەر بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىدا ئۆزئارا نۆۋەت ئالماشتۇرۇپ، كۈندۈزلۈك نۆۋەتچىلەر بامدات نامىزىدىن تاكى ئەسىر نامىزىغىچە تۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئەسىر نامىزىدا چۈشكەن كېچىلىك نۆۋەتچىلەر بەندىلەرنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كېچىدە قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەر كۈندۈزدىن بۇرۇن،

كۈندۈزنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى كېچىدىن بۇرۇن الله تەرەپكە كۆتۈرۈلۈپ بولىدۇ» (يەنى كېچىدە قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەر بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتىدا، كۈندۈزدە قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ئەسىر نامىزىدا كۆتۈرۈلىدۇ). ئىمام رازى الله تائالانىڭ: ﴿«مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن»﴾ دېگەن جاۋابىغا قارىتا باشقىچە كۆز قاراشلارنىمۇ كەلتۈردى، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئىنسانلارنى يارىتىشتا مېنىڭ كۆپلىگەن ھېكمىتىم بار. ئەھۋال سىلەر دېگەندەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھېكمەتنى سىلەر بىلمەيسىلەر.

2 ـ الله تائالانىڭ: ﴿«مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن»﴾ دېگەن ئايىتى: "سىلەر ئاراڭلاردا ئىبلىس ئىسىملىك شەيتاننىڭ بارلىقىنى بىلمەيسىلەر" دېيىش ئارقىلىق پەرىشتىلەرنىڭ: ﴿«ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز»﴾ دېگەن سۆزىگە بەرگەن جاۋابىدۇر.

3 ـ پەرىشتىلەرنىڭ: ﴿«يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟»﴾ دېگەن سۆزى الله تائالادىن ئۇلارنى زېمىندا ئىنسانلارنىڭ ئورنىدا ئورۇن باسار قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىدۇر. الله ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿«مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن»﴾ يەنى سىلەرنىڭ ئاسماندا قالغانلىقىڭلار، ئۆزەڭلار ئۈچۈن لايىق ۋە مۇناسىپ ئىكەنلىكىڭلارنى بىلمەيسىلەر.

خەلىپە تىكلەشنىڭ ۋاجىبلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى مەسىلىلەر

ئىمام قۇرتۇبى ۋە باشقا مۇجتەھىد ئالىملار يۇقىرىقى ئايەت بىلەن كىشىلەرنىڭ تالاش ـ تارتىش قىلىپ قالغان ئىشلاردا ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بىر تەرەپ قىلىش، ناھەق بوزەك قىلىنغان كىشىگە بوزەك قىلغۇچىدىن ئۆچىنى ئېلىپ بېرىش، الله تائالانىڭ ھۆكۈملىرىنى يۈرگۈزۈش ۋە يامان ئىشلاردىن توساش ئۈچۈن بىر خەلىپە تىكلەشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە دەلىل كەلتۈردى. بۇ ۋاجىبنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ[1]. خەلىپە تىكلەشنىڭ يوللىرى ھەر خىل بولىدۇ. قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىس شېرىپتە خەلىپە بولۇشقا لايىق ئىكەنلىكى ئوچۇق ئىسپاتلانغان كىشى خەلىپە قىلىپ سايلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەبۇبەكرى سىددىقنىڭ خەلىپە بولۇشىغا ئوخشاش. بەزى ئالىملار ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پاكىت ئارقىلىق خەلىپە بولغان، ـ دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.

خەلىپە سايلام ئۆتكۈزۈش ياكى بېشارەت ئارقىلىق بولىدۇ. بىر تۈركۈم ئالىملار ئەبۇبەكرىنىڭ خەلىپىلىكىنى بېشارەت ئارقىلىق بولغان دەپ قارايدۇ ياكى ئىلگىرى تەيىنلەنگەن خەلىپە بىر كىشىنى ئورنىغا خەلىپە تىكلەپ قويۇش ئارقىلىق بولىدۇ. مەسىلەن: ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەلىپىلىككە تىكلەپ قويغىنىغا ئوخشاش. ياكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىلغىنىدەك بىر نەچچە ياخشى كىشىلەردىن قۇرۇلۇپ چىققان بىر گۇرۇپ ئادەملەرنىڭ مەسلىھەت قىلىشىپ تاللاپ چىقىشى ئارقىلىق بولىدۇ. ياكى دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ بىر شەخسكە بەيئەت[2] قىلىشقا بىردەكلىككە كېلىشى ئارقىلىق بولىدۇ. ياكى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا بەيئەت بېرىشى ئارقىلىق بولىدۇ.

---

(1) ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىنى يۈرگۈزۈش ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇش مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقسىز ئورۇنلانمايدىغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا باشلىقنى تىكلەش ۋاجىبتۇر.
(2) خەلىپىلىككە شەرتى توشقان ئادەملەرگە بويسۇنۇش دېگەننى كۆرسىتىدۇ.

خەلىپە بولىدىغان كىشىدە ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك شەرتلەر: 1 ـ ئەر كىشى بولۇشى لازىم. 2 ـ ھۆر ئادەم بولۇشى لازىم، قۇل خەلىپە بولالمايدۇ. 3 ـ بالاغەتكە يەتكەن كىشى بولۇشى لازىم، 4 ـ ئەقىللىق بولۇشى لازىم. 5 ـ مۇسۇلمان بولۇشى لازىم. 6 ـ ئادىل بولۇشى لازىم. 7ـ شەرىئەت ئەھكاملىرىدا ئىجتىھاد قىلالايدىغان بولۇشى لازىم. 8 ـ ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئالدىن كۆرەلەيدىغان بولۇشى لازىم. 9 ـ بەدەن قۇرۇلۇشى ساق ـ سالامەت بولۇشى لازىم. 10 ـ ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى، جىھاد قىلىشنى بىلىدىغان بولۇشى لازىم. 11 ـ قۇرەيشلىك[1] بولۇشى لازىم.

خەلىپە بولىدىغان ئادەمنىڭ ھاشىم جەمەتىدىن بولۇشى ياكى پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن خالىي بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. «ئەگەر خەلىپە پاسىق بولسا، خەلىپىلىكتىن چۈشۈپ كېتەمدۇ ياكى ئورنىدا تۇرىۋېرەمدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە ئۆلىمالارنىڭ ئوخشىمىغان كۆز قاراشلىرى بار. لېكىن كۈچلۈك كۆز قاراش شۇكى؛ پاسىق كىشى خەلىپىلىكتىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدۇر: «ئۇنىڭدا الله تەرىپىدىن بولغان دەلىل ـ ئىسپات ئارقىلىق ئوچۇق كاپىرلىقنى كۆرسەڭلار (خەلىپىلىكتىن چۈشۈپ كەتسە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن كۇپۇرلۇق كۆرۈلمەي پاسىقلىق كۆرۈلسە، خەلىپىلىكتىن چۈشۈپ كېتىشى شەرت ئەمەس)» .

بىر دۆلەتتە بىردىن ئارتۇق خەلىپە تىكلەشكە بولمايدۇ. بۇنىڭ ئىسپاتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدۇر: «سىلەرنىڭ بىرلىك ھالىتىڭلاردا بىر پۈتۈن ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلۇپ بولغاندا ئاراڭلاردىن بىرسى چىقىپ سىلەرنى بۆلمەكچى بولسا، ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىڭلار؟» بۇ، كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

ئىمامۇلھەرەمەين دېگەن ئالىم ئەبۇئىسھاقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەھەرلىرىنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق بولغان بىر دۆلەتتە بىردىن ئارتۇق خەلىپە بولسا بولىدۇ» .

* * * * * * *

وَعَلَّمَ ءَادَمَ ٱلْأَسْمَآءَ كُلَّهَا ثُمَّ عَرَضَهُمْ عَلَى ٱلْمَلَٰٓئِكَةِ فَقَالَ أَنۢبِـُٔونِى بِأَسْمَآءِ هَٰٓؤُلَآءِ إِن كُنتُمْ
صَٰدِقِينَ ﴿٣١﴾ قَالُوا۟ سُبْحَٰنَكَ لَا عِلْمَ لَنَآ إِلَّا مَا عَلَّمْتَنَآ ۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْعَلِيمُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٣٢﴾ قَالَ يَٰٓـَٔادَمُ
أَنۢبِئْهُم بِأَسْمَآئِهِمْ ۖ فَلَمَّآ أَنۢبَأَهُم بِأَسْمَآئِهِمْ قَالَ أَلَمْ أَقُل لَّكُمْ إِنِّىٓ أَعْلَمُ غَيْبَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَأَعْلَمُ
مَا تُبْدُونَ وَمَا كُنتُمْ تَكْتُمُونَ ﴿٣٣﴾

الله پۈتۈن شەيئىلەرنىڭناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ: «(خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار» دېدى﴿31﴾. پەرىشتىلەر: «سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن» دېدى﴿32﴾. الله : «ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى

(1) بۇ، ئۆز ۋاقتىغا ياكى ئەرەب دۇنياسىغا قويۇلغان شەرت بولۇشى مۇمكىن. ئەرەب مىللىتىدىن باشقا مىللەتنىڭ خەلىپە تىكلىشى ئۈچۈن خەلىپىنىڭ قۇرەيشتىن بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ ـ ت.

ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، اللّٰه : «مەن سىلەرگە، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم» دېدى﴿33﴾.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرىشتىلەردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكى

ئادەم ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەر بىلەلمىگەن نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بىلىشتەك خۇسۇسىيەتكە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، اللّٰه ئۇنىڭ پەرىشتىلەردىن ئارتۇقچىلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللّٰه پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى**﴾ زەھھاك ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: اللّٰه ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرگەن ئىسىملار؛ ئىنسانلار، مال ـ چارۋىلار، ئاسمان ـ زېمىن، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ئات، ئېشەك قاتارلىق كىشىلەر بىلىدىغان بارلىق ئىسىملاردۇر.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ۋە ئىبنى جەرىر ئاسىم ئىبنى كۇلەيبتىن سەئىد ئىبنى مەئبەدنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: اللّٰه تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا قازايى ـ قەدەرنىڭ ئىسمىنىمۇ ئۆگەتتىمۇ؟ ـ دەپ سوئال سورىغانلىقىنى، ئىبنى ئابباسنىڭ: ھەئە، چوڭ ـ كىچىك ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆگەتتى، ـ دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

توغرىسى، ئىبنى ئابباس دېگەندەك، اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى، ھەتتا مىجەز ـ خاراكتېرى، سۈپەتلىرىدىن تارتىپ ئۆگەتتى. تۆۋەندە بۇنىڭغا ئائىت ھەدىس بار.

ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى ھەممە مۆمىن بىر يەرگە جەم بولۇپ: پەرۋەردىگارىمىزدىن بىزگە شاپائەت قىلىشنى سورىساق بولاتتى، ـ دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: سەن ئادەملەرنىڭ بوۋىسى، اللّٰه تائالا سېنى ئۆز قولى بىلەن ياراتتى[1]. ساڭا پەرىشتىلەرنى سەجدە قىلدۇردى. ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بىلدۈردى. شۇڭا سەن پەرۋەردىگارىمىزدىن بىزگە شاپائەت سورىساڭ. بىزنى ھازىرقى ئورنىمىزدىن چىقىرىپ قويسا (يەنى راھەت بىر ئورۇنغا كىرگۈزسە)، ـ دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: مەن ئۇنداق قىلىشقا لايىق ئەمەسمەن (يەنى مەن شاپائەت سورالمايمەن) دەپ جاۋاب بېرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ اللّٰه تائالانىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈپ سالغان كەمچىلىكىنى (ئۇلارغا) سۆزلەپ بېرىپ، (شۇنىڭ ئۈچۈن) اللّٰه تائالادىن خىجىل بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمچىلىكى بولسا، يېمە دەپ توسقان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ سالغانلىقىدۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالام: سىلەر نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، ئۇ اللّٰه تائالانىڭ زېمىن يۈزىدىكى كىشىلەرگە ئەۋەتكەن دەسلەپكى پەيغەمبىرى، ـ دەيدۇ. ئاندىن ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: مەن بۇنداق قىلىشقا لايىق ئەمەسمەن، دەپ ئۆزىنىڭ سوراشقا تېگىشلىك بولمىغان بىر سوئالنى اللّٰه تائالادىن سوراپ قويغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن اللّٰه دىن خىجىل بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: سىلەر مېھرىبان سۈپەتلىك اللّٰه تائالانىڭ دوستى بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ـ دەيدۇ. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلارغا:

(1) بۇ سۆزدىن اللّٰه تائالانىڭ بىزگە ئوخشاش بارماقلىق قولى بار دېگەنلىك چىقمايدۇ، ئەگەر شۇنداق چۈشىنىپ قېلىنسا بولمايدۇ، اللّٰه تائالانىڭ قولى ئۆزىگە خاس ۋە ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان قولدۇر.

مەن بۇنداق قىلىشقا لايىق ئەمەسمەن، سىلەر الله بىلەن بىۋاسىتە سۆزلەشكەن، تەۋرات بېرىلگەن بەندە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: مەن بۇنداق قىلىشقا لايىق ئەمەسمەن، ـ دەپ جاۋاب بېرىپ، ئۆزىنىڭ گۇناھسىز بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ ۋە (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ الله تائالادىن) خىجىل بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، الله تائالانىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى، الله تائالانىڭ سۆزى[1] ۋە روھى بولغان ئىسانىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ـ دەيدۇ. ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇ ئۇلارغا: مەن بۇنداق قىلىشقا لايىق ئەمەسمەن، سىلەر ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىپ كەتكەن الله تائالانىڭ بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ـ دەيدۇ. ئۇلار مېنىڭ يېنىمغا كېلىدۇ. مەن پەرۋەردىگارىمدىن شاپائەت قىلىشنى تىلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا بارىمەن، (الله تائالا) ماڭا شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىدۇ. مەن پەرۋەردىگارىمنى كۆرگەن هامان سەجدە قىلىمەن. الله مېنى ئۆزى خالىغان ۋاقىتقىچە سەجدىدە قويۇپ قويىدۇ. ئاندىن ماڭا: (ئى مۇھەممەد) بېشىڭنى كۆتۈر. سورىغان نەرسەڭگە ئېرىشىسەن، شاپائەت قىلىشنى سورىساڭ، شاپائەت قىلىنىسەن (يەنى ئۇلارغا قىلغان شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇ)، ـ دەيدۇ. ئاندىن مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، الله ماڭا ئۆگىتىپ قويغان ھەمدۇسانالار بىلەن ئۇنىڭغا ھەمدە ئوقۇيمەن. ئاندىن ئۇنىڭدىن شاپائەت سورايمەن. ماڭا مەلۇم مىقداردىكى (كىشىلەرنى جەننەتكە ئەكىرىشكە) چەك توختىتىپ بېرىلىدۇ. مەن ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن. ئاندىن مەن قايتىدىن الله تائالانىڭ ئالدىغا بارىمەن. مەن پەرۋەردىگارىمنى كۆرگەن هامان يەنە يۇقىرىقىغا ئوخشاش سەجدە قىلىمەن. ئاندىن شاپائەت سورايمەن. ماڭا مەلۇم مىقداردىكى (كىشىلەرنى جەننەتكە ئەكىرىشكە) چەك توختىتىپ بېرىلىدۇ. مەن ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن. بۇ ئىش ئۈچ ـ تۆت قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئاخىرى دوزاختا قۇرئان تۇتۇپ قالغان كىشى (قۇرئاندا: دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ دەپ يېزىلىپ كەتكەن كىشى) قېلىپ قالىدۇ».

بۇ ھەدىسنى بۇ يەردە كەلتۈرۈشتىكى سەۋەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ :(ئى ئادەم!) سەن ئادەملەرنىڭ بوۋىسى، الله سېنى ئۆز قولى بىلەن ياراتتى. الله پەرىشتىلەرنى ساڭا سەجدە قىلدۇردى. ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ساڭا بىلدۈردى» دېگەن سۆزىدۇر. بۇ ھەدىس الله تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھەممە مەخلۇقاتلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىلدۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ**﴾ يەنى ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى پەرىشتىلەرگە دەپ بەردى.

﴿**بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار» دېدى**﴾ يەنى سىلەر: زېمىندا خەلىپىنى بىزدىن باشقا بىرسىدىن قىلساڭ، ئۇ زېمىندا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارىدۇ، ناھەق قان تۆكىدۇ. ئەگەر خەلىپىنى بىزنىڭ ئىچىمىزدىن قىلساڭ، بىز ساڭا مەدھىيە ئوقۇپ ۋە سېنى ھەممە كەمچىلىكتىن پاك دەپ تونۇيمىز ھەم سېنىڭ بۇيرۇغان ئىشلىرىڭغا بويسۇنىمىز دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، سىلەرگە كۆرسەتكەن نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ماڭا دەپ بېرىڭلار، سىلەر كۆز ئالدىڭلاردا تۇرغان بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بىلەلمىسەڭلار، ھازىر كۆز ئالدىڭلاردا يوق، بۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان نەرسىلەرنى تېخىمۇ بىلەلمەيسىلەر، ـ دېگەنلىكتۇر.

(1) بۇ سۆزدىن الله نىڭ ئۇنىڭغا "ۋۇجۇدقا" كەل دېگەن سۆزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن پەرىشتىلەر مۇنداق دېدى: ﴿**«سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن» دېدى**﴾ بۇ، پەرىشتىلەرنىڭ ھەممە بىلىم الله تەرىپىدىن بولىدىغانلىقى ۋە ھېچقانداق كىشىنىڭ الله بىلدۈرگەن نەرسىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى بىلمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى الله تائالانىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلغانلىقىدۇر.

شۇڭا ئۇلار: ﴿**«سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن» دېدى**﴾ يەنى سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ياراتقان ۋە قىلغان ئىشلىرىڭدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن. خالىغان كىشىگە بىلىم ئۆگىتىسەن ۋە خالىغان كىشىنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىسەن. ئۇنىڭ ھېكمىتىنى پەقەت سەنلا بىلىسەن، سەن ناھايىتى ئادىل سەن.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلىم بىلەن پەرىشتىلەردىن ئارتۇق قىلىنغانلىقى

﴿**«ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، الله : «مەن سىلەرگە، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم» دېدى**﴾ زەيد ئىبنى ئەسلەم بۇ ئايەت ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئادەم ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەرگە ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى سۆزلەپ بېرىپ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا: سەن جىبرىئىل، مىكائىلغا: سەن مىكائىل، ئىسرافىلغا: سەن ئىسرافىل، ـ دېدى. ھەتتا قاغىچىلىك نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىمۇ ساناپ بەردى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام الله بىلدۈرگەن نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ساناپ بېرىپ، پەرىشتىلەردىن ئۈستۈن كەلگەن چاغدا، الله پەرىشتىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**«مەن سىلەرگە، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم»**﴾ يەنى مەن سىلەرگە مېنىڭ يوشۇرۇن ئىشلارنى بىلىدىغانلىقىمنى دېمىگەنمىدىم.

زەھھاك الله تائالانىڭ: ﴿**«ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم»**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن يوشۇرۇن ئىشنىمۇ خۇددى ئاشكارا ئىشنى بىلگەندەك بىلىمەن. يەنى ئىبلىس (شەيتاننىڭ ئەڭ چوڭى) نىڭ كۆڭلىگە يوشۇرغان چوڭچىلىق ۋە مەغرۇرلۇقىنىمۇ بىلىمەن، ـ دېگەنلىكتۇر.

ئەبۇجەئفەر رازى رەبىيئ ئىبنى ئەنەسنىڭ يۇقىرىقى ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (پەرىشتىلەر) بۇزبمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ناھەق قان تۆكىدىغان كىشىنى خەلىپە قىلامسەن؟ ـ دېگەن سۆزنى ئاشكارا ئېيتقان بولسىمۇ، كۆڭلىدە بىز پەرۋەردىگارىمىز ياراتقان ھەرقانداق مەخلۇقاتتىن بىلىملىك ۋە ھۆرمەتلىكتۇرمىز، ـ دېگەن سۆزنى يوشۇرۇشقان ئىدى. ئاندىن پەرىشتىلەر الله تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىدىن بىلىمدە ۋە ھۆرمەتتە ئارتۇق قىلغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

****

وَإِذۡ قُلۡنَا لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ ٱسۡجُدُواْ لِأٓدَمَ فَسَجَدُوٓاْ إِلَّآ إِبۡلِيسَ أَبَىٰ وَٱسۡتَكۡبَرَ وَكَانَ مِنَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٣٤﴾

ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى﴿34﴾.

الله تائالا نىڭ پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلىگەنلىكى

بۇ الله تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا كۆرسەتكەن كاتتا مەرھەمىتىدۇر. الله تائالانىڭ پەرىشتىلەرنى ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىرىغا (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارغا) قىلىنغان چوڭ بىر ئىنئامدۇر. بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ھەدىسلەر بار.

تۆۋەندىكى ھەدىسلەر (يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرگە ئوخشاش) مۇشۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالام الله دىن «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىزنى ۋە ئۆزىنى جەننەتتىن چىقارغان ئادەمنى كۆرسەتكىن» دەپ سورىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام بىر يەرگە كەلگەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئادەمگە: «سەن الله ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، ساڭا روھىدىن پۈۋلەپ جان كىرگۈزگەن ۋە پەرىشتىلىرىنى ساڭا سەجدە قىلدۇرغان ئادەمسەن» دېدى.

ئىبلىس گەرچە پەرىشتە بولمىسىمۇ، پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى

ئىبلىس (شەيتان) گەرچە پەرىشتىلەرنىڭ نەسلىدىن بولمىسىمۇ، ئىش ـ ھەرىكەتتە پەرىشتىلەرگە ئوخشايدىغانلىقى ئۈچۈن ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغان پەرىشتىلەر قاتارىغا كىرىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇمۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدى. بۇيرۇققا بويسۇنماي سەجدە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەندى. الله خالىسا، الله تائالانىڭ: ﴿ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقتى﴾[1] دېگەن ئايىتىگە كەلگەندە يەنىمۇ تەپسىلىيرەك توختىلىپ ئۆتىمىز.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبلىس گۇناھ قىلىشتىن بۇرۇن پەرىشتىلەردىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئازازۇل ئىدى. ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ تىرىشچان ۋە بىلىملىكى ئىدى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ چوڭچىلىق قىلىشىغا سەۋەبچى بولدى. زېمىندىكى جىن دەپ ئاتىلىدىغان كەنتتىن ئىدى.

(1) كەھف سۈرىسى 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بويسۇنۇشنىڭ الله غا، سەجدىنىڭ ئادەمگە بولغانلىقى

قەتادە الله تائالانىڭ: ﴿**ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق**﴾ دېگەن ئايىتى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردە بويسۇنۇش الله تائالاغا، سەجدە قىلىش ئادەمگە ئىدى. الله پەرىشتىلەرنى ئادەمگە سەجدە قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئادەمنى ھۆرمەتلىدى. بەزى ئالىملار بۇ سەجدە ھەققىدە: "پەرىشتىلەر ئادەمگە پەقەت سالام قىلىش ۋە ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن سەجدە قىلغان" دەيدۇ.

ھۆرمەتلەش ئۈچۈن قىلىنغان سەجدە، الله : ﴿ئاتا ـ ئانىسىنى تەختىدە (يېنىدا) ئولتۇرغۇزدى، ئۇلار (شاھلارغا تازىم قىلىش ئادىتى بويىچە) يۇسۇفكە سەجدە قىلىشتى. ئۇ: «ئى ئاتا! مانا بۇ، بۇرۇن (كىچىك ۋاقتىمدا) كۆرگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرىدۇر﴾[1] دېگىنىدەك، بىزدىن ئىلگىرى ياشىغان ئۈممەتلەرنىڭ ئىچىدە يول قويۇلغان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە كەلگەندە بۇ ئىش بىكار قىلىندى.

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن شامغا بارغاندا شاملىقلارنىڭ پوپلىرىغا ۋە ئالىملىرىغا سەجدە قىلىدىغانلىقىنى كۆردۈم. ئاندىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن سەجدە قىلىشقا ئەڭ لايىقتۇرسەن (بىز ساڭا سەجدە قىلمايلىمۇ؟)، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئەگەر مەن بىر كىشىنى يەنە بىر كىشىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بولسام، ئەرنىڭ ئايالدا ھەققى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئايال كىشىنى ئۆزىنىڭ ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان بولاتتىم» دېدى.

ئىبلىسنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلىشى

قەتادە الله تائالانىڭ: ﴿**ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ دۈشمىنى ئىبلىس، الله تائالانىڭ ئادەمگە بەرگەن مەرھەمىتىگە ھەسەت قىلىپ: "مەن ئوتتىن يارىتىلغان، ئۇ لايدىن يارىتىلغان تۇرسا" دېدى. گۇناھلارنىڭ بېشى تەكەببۇرلۇق قىلىش بىلەن بولدى. الله تائالانىڭ دۈشمىنى (ئىبلىس) تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى. ئىبنى كەسىر ھەدىسلەردە مۇنداق دېيىلگەن دەيدۇ: «دىلىدا زەررىچىلىك مىقداردا تەكەببۇرلۇق بار كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ئىبلىستا الله تائالانىڭ دەرگاھىدىن قوغلىنىشقا تېگىشلىك تەكەببۇرلۇق ۋە كۇپۇرلۇق تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالانىڭ دەرگاھىدىن قوغلاندى قىلىندى.»

****

وَقُلْنَا يَٰٓـَٔادَمُ ٱسْكُنْ أَنتَ وَزَوْجُكَ ٱلْجَنَّةَ وَكُلَا مِنْهَا رَغَدًا حَيْثُ شِئْتُمَا وَلَا تَقْرَبَا هَٰذِهِ ٱلشَّجَرَةَ فَتَكُونَا مِنَ

(1) يۇسۇف سۈرىسى 100 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٣٥﴾ فَأَزَلَّهُمَا ٱلشَّيۡطَٰنُ عَنۡهَا فَأَخۡرَجَهُمَا مِمَّا كَانَا فِيهِۖ وَقُلۡنَا ٱهۡبِطُواْ بَعۡضُكُمۡ لِبَعۡضٍ عَدُوّٞۖ وَلَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُسۡتَقَرّٞ وَمَتَٰعٌ إِلَىٰ حِينٖ ﴿٣٦﴾

بىز (ئادەمگە): «ئى ئادەم! سەن خوتۇنۇڭ (يەنى ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرۇڭلار! جەننەتتىكى نەرسىلەردىن خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ ـ ئىچىڭلار، بۇ دەرەخقە يېقىنلاشماڭلار (يەنى مېۋىسىدىن يېمەڭلار)، بولمىسا (ئۆزەڭلارغا) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر» دېدۇق﴿35﴾. شەيتان ئۇ ئىككىسىنى تېيىلدۇردى (يەنى مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈپ خاتالاشتۇردى)، تۇرۇۋاتقان جەننەتتىن چىقاردى. (ئادەمگە، ھەۋۋاغا، ئىبلىسقا) «بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئۆچەكەشكەن ھالدا (جەننەتتىن يەر يۈزىگە) چۈشۈڭلار، يەر يۈزىدە ۋاقىتلىق (ئەجىلىڭلار توشقۇچە) يەرلىشىڭلار ۋە (نېئمەتلەردىن) بەھرىمەن بولۇڭلار» دېدۇق﴿36﴾.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر قېتىم ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقى

الله پەرىشتىلەرنى ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئادەمگە جەننەتنىڭ خالىغان مېۋىلىرىدىن تويغىچە يېيىشكە، خالىغان يېرىدە تۇرۇشقا يول قويغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ھاپىز ئەبۇبەكرى ئىبنى مەردەۋى، ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ”مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سىلى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر دەپ قاراملا؟“ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى: «ھەئە، ئادەم ئاتىمىز بولسا الله ئۇنىڭغا يۈز تۇرانە سۆز قىلغان پەيغەمبەردۇر. الله ئۇنىڭغا سۆزلەپ مۇنداق دېدى: ﴿**سەن خوتۇنۇڭ (يەنى ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرۇڭلار!**﴾»

ھەۋۋا ئانىنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتكە كىرىشتىن بۇرۇن يارىتىلغانلىقى

ئايەتنىڭ مەزمۇنى ھەۋۋا ئانىنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتكە كىرىشتىن بۇرۇن يارىتىلغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا ئىبلىسقا كايىپ بولۇپ ئادەمگە يۈزلەندى ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆگەتتى. ئاندىن مۇنداق دېدى: ﴿**«ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، الله : «مەن سىلەرگە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم»**﴾.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىي ۋە مۇسۇلمان ئالىملاردىن بىزگە يەتكەن خەۋەرگە قارىغاندا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى مۈگدەك تۇتقان پەيتتە، الله ئۇنىڭ سول تەرىپىدىكى قوۋۇرغىسىدىن بىرنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى گۆش بىلەن تولدۇرۇپ قويدى. الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئېلىنغان قوۋۇرغىدىن ھەۋۋا ئانىنى يارىتىپ بولغۇچە ئادەم ئەلەيھىسسالام ئويغانمىدى. ئاندىن الله ھاۋا ئانىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىسى ـ ئۈلپەت ئېلىشى ئۈچۈن چىرايلىق بىر ئايال قىلدى. ئاندىن ئادەم ئۇيقىسىدىن ئويغانغاندا، ھەۋۋا ئانىنى كۆرۈپ: مېنىڭ گۆشۈم، قېنىم ۋە ئايالىم، ـ دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇنسى ـ ئۈلپەتتە بولدى. ﷲ (ھەۋۋا ئانىنى) ئادەم ئەلەيھىسسالامغا جۈپلەپ قويغاندا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ﴿«ئى ئادەم! سەن خوتۇنۇڭ (يەنى ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرۇڭلار! جەننەتتىكى نەرسىلەردىن خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ ـ ئىچىڭلار، بۇ دەرەخقە يېقىنلاشماڭلار (يەنى مېۋىسىدىن يېمەڭلار)، بولمىسا (ئۆزەڭلارغا) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر»﴾.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنى سىناش

ﷲ تائالانىڭ: ﴿خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ ـ ئىچىڭلار، بۇ دەرەخقە يېقىنلاشماڭلار (يەنى مېۋىسىدىن يېمەڭلار)﴾ دېگەن ئايىتى ئادەمنى سىناش ئۈچۈندۇر. بۇ دەرەخنىڭ قانداق دەرەخ ئىكەنلىكىدە ئالىملار ئىختىلاپلىشىپ قالدى. بەزىلەر بۇ دەرەخنى ئۈزۈم دەرىخى دېدى. بەزىلەر بۇغداي دېدى. ۋە بەزىلەر خورما ياكى ئەنجۈر دەرىخى ۋەياكى قانداق كىشى ئۇنىڭدىن يەپ قالسا چوڭ تاھارەتنى[1] كەلتۈرىدىغان دەرەخ، ـ دېدى. ئۇ، مېۋىلىرىنى پەرىشتىلەر يەيدىغان دەرەخ دېگەنلەرمۇ بار.

ئىمام ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۆزلەرنىڭ ئەڭ توغرىسى شۇكى، ﷲ تائالا ئادەم ۋە ئايالىنى جەننەتنىڭ دەرەخلىرىدىن مەلۇم بىرىنىڭ مېۋىسىنى يېيىشتىن توستى. لېكىن، ئۇلار ئۇنىڭدىن يېدى. بىزدە ئۇ دەرەخنىڭ قايسى دەرەخ ئىكەنلىكىدە يېتەرلىك مەلۇمات يوق، چۈنكى، ﷲ قۇرئاندا ياكى ھەدىستە ئۇ دەرەخنىڭ قايسى دەرەخ ئىكەنلىكىگە ئېنىق دەلىل كۆرسەتمىدى. ئۇ دەرەخ بۇغداي ياكى ئۈزۈم دەرىخى ياكى ئەنجۈر دەرىخى ۋەياكى باشقا دەرەخلەردىن بىرى دەرەخ بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ قايسى دەرەخ ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۇنچىلىك مۇھىممۇ ئەمەس. بۇ پىكىرنى ئىمام رازى ۋە باشقىلارمۇ توغرا دەپ قارىدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بويىنىڭ ئېگىز ئىكەنلىكى

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئۇبەي ئىبنى كەئبدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، ﷲ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئېگىز ئۆسكەن خورما دەرىخىگە ئوخشاش، بېشىدا چېچى ناھايىتى جىق، ئېگىز بىر كىشى قىلىپ ياراتتى. چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى تېتىشى ھامان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىسىدىن كىيىملىرى چۈشۈپ كېتىپ، ئەۋرەت جايى ئەڭ بالدۇر ئېچىلىپ قالدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرگەن ھامان جەننەتنىڭ ئىچىدە ئىشتىنىنىڭ بېغىنى چىگىتىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ چېچىنى بىر دەرەخ ئىلىۋالدى. ئۇ چېچىنى دەرەختىن تارتتى. ﷲ تائالا: ئى ئادەم! مەندىن قاچما، ـ دەپ چاقىردى. ئۇ رەھمان تائالانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: ئى پەرۋەردىگارىم! قاچقىنىم يوق، لېكىن ھايا قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق قىلىۋاتىمەن، دەپ جاۋاب بەردى.

(1) جەننەتتىكى شۇ دەرەختىن باشقا دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىنى يېسە، ھەزىم بولۇپ تۈگەيدۇ، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى كەلتۈرمەيدۇ.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتە كۆندۈزى ئازراق تۇرغانلىقى

ھاكىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەسىر نامىزى بىلەن كۈن ئولتۇرۇش ئارىلىقىدىكى مۇددەت ئىچىدە ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتتە تۇرغان. ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئادەم ئەلەيھىسسالام مەككە بىلەن تائىپنىڭ ئارىلىقىدىكى "دەھنا" دېگەن جايغا چۈشۈرۈلدى.

ھەسەنبەسرى مۇنداق دەيدۇ: ئادەم ئەلەيھىسسالام ھىندىستانغا، ھەۋۋا ئانىمىز جىددىگە، ئىبلىس بەسرەدىكى بەدەس تىمسانغا ۋە يىلان ئىسپاھان دېگەن يەرگە چۈشۈرۈلدى.

ئىمام مۇسلىم ۋە نەسەئى ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « دۇنيادىكى كۈنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى جۈمە كۈنىدۇر. چۈنكى ئادەم ئۇ كۈندە يارىتىلدى، ئۇ كۈندە جەننەتكە كىردى ۋە ئۇ كۈندە جەننەتتىن چىقىرىلدى.»

شەك ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن جاۋاب

كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ دېگىنىدەك، ئادەم ئەلەيھىسسالام چىقىرىۋېتىلگەن جەننەت ئاسماندا بولىدىغان بولسا، ئىبلىس قانداق بولۇپ جەننەتكە كىرەلەيدۇ؟

بىرىنچى جاۋاب: بۇ سوئالنى جەننەت ئاسماندا ئەمەس، بەلكى زېمىندا دېگەن كىشىلەرمۇ دەلىل قىلدى. ئىبلىسنىڭ جەننەتكە قانداق كىرگەنلىكى توغرىسىدا قويۇلغان سوئالغا ئالىملار كۆپلىگەن جاۋابلارنى بەردى. ئۇ جاۋابلارنىڭ بەزىلىرىدە: ئىبلىس جەننەتكە ھۆرمەت بىلەن كىرىشتىن توسالغان، ئەمما ئوغرىلىقچە ۋە خار ھالەتتە (يەنى كۆتۈۋېلىنمىسىمۇ) كىرىشتىن توسالمىغان، ـ دېيىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئالىملار يۇقىرىقى كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. تەۋراتتىمۇ شۇ مەزمۇن بايان قىلىنغان: ئىبلىس جەننەتكە يىلاننىڭ ئاغزى ئارقىلىق كىرگەن.

بىر تۈركۈم ئالىملار يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئىبلىس ئادەم بىلەن ھەۋۋاغا جەننەتنىڭ ئىشىكىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ۋەسۋەسە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئىككىسى ئاسماندا بولسىمۇ، ئىبلىس زېمىندا تۇرۇپ ئۇ ئىككىسىنى ۋەسۋەسە قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

* * * * * * *

فَتَلَقَّىٰٓ ءَادَمُ مِن رَّبِّهِۦ كَلِمَٰتٍ فَتَابَ عَلَيْهِ ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٣٧﴾

ئادەم پەرۋەردىگارىدىن بىر قانچە سۆز تەلىم ئالدى (يەنى گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى)، الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. الله ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر. (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿37﴾.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان تەۋبىسى ۋە دۇئاسى

الله تائالانىڭ: ﴿**ئادەم پەرۋەردىگارىدىن بىر قانچە سۆز تەلىم ئالدى**﴾ دېگەن ئايىتىدىن الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» دېدى﴾[1] دېگەن ئايىتى كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇئالىيە، رەبىيئ ئىبنى ئەنەس، ھەسەن، قەتادە، مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزى، خالىد ئىبنى مەئدان، ئاتا خۇراسانىي ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىندى.

سۇددى بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: «ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ياراتمىغانمىدىڭ؟ ـ دېگەندە، الله تەرىپىدىن: "شۇنداق" دەپ جاۋاب بېرىلدۇ. ئادەم يەنە: سەن ماڭا ئۆزەڭنىڭ روھىدىن پۈۋدەپ جان كىرگۈزمىدىڭمۇ؟ ـ دەيدۇ. ئۇنىڭغا يەنە: "شۇنداق" دەپ جاۋاب بېرىلدۇ. مەن چۈشكۈرگەندە الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن، ـ دېدىڭ. رەھمىتىڭ ئاچچىقىڭدىن بۇرۇن بولدىمۇ؟ ـ دېدى. ئۇنىڭغا يەنە: "شۇنداق" دەپ جاۋاب بېرىلدى. سەن ماڭا بۇ ئىشنى (يەنى دەرەختىن يەپ قېلىشمنى) يازمىدىڭمۇ؟ ـ دېدى. ئۇنىڭغا يەنە: "شۇنداق" دەپ جاۋاب بېرىلدى. ئەگەر مەن خاتا قىلغان ئىشىمغا تەۋبە قىلسام، سەن مېنى جەننەتكە قايتۇرامسەن؟ ـ دېدى. ئۇنىڭغا يەنە: "شۇنداق" دەپ جاۋاب بېرىلدى.»

﴿**الله ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى تەۋبە قىلغۇچىلار) الله نىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟﴾[2]، ﴿كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن الله دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ الله نىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ﴾[3]، ﴿كىمكى (گۇناھلىرىغا) تەۋبە قىلىدىكەن ۋە ئەمەلىنى تۈزەيدىكەن، ئۇ الله غا يۈزلەنگەن بولىدۇ (يەنى الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ)﴾[4] بۇ ئايەتلەر ۋە بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئايەتلەر الله تائالانىڭ گۇناھلارنى كەچۈرگۈچى ۋە تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغۇچى زات ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ، الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتىدۇر. الله دىن باشقا گۇناھلارنى كەچۈرگۈچى ۋە رەھمەت قىلغۇچى زات يوقتۇر.

الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى، ئايالىنى ۋە ئىبلىسنى جەننەتتىن (يەرگە) چۈشۈرگەندە، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان نەرسىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

* * * * * * *

(1) ئەئراف سۈرىسى23 ـ ئايەت.
(2) تەۋبە سۈرىسى 104 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) نىسا سۈرىسى 110 ـ ئايەت.
(4) فۇرقان سۈرىسى 71 ـ ئايەت.

قُلْنَا ٱهْبِطُوا۟ مِنْهَا جَمِيعًا ۖ فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّى هُدًى فَمَن تَبِعَ هُدَاىَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٣٨﴾ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ وَكَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَآ أُو۟لَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِ ۖ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٣٩﴾

(ئۇلارغا) «ھەممىڭلار بۇ يەردىن چۈشۈڭلار، سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر يول كۆرسەتكۈچى (يەنى پەيغەمبەر) كېلىدۇ، يولۇمغا ئەگەشكەنلەرگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ» دېدۇق﴿38﴾. كاپىرلار ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ﴿39﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿«سىلەر ھەممىڭلار جەننەتتىن بەزىڭلار بەزىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار، ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلسە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقى بولمايدۇ﴾[1] ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: دۇنيادا ئېزىپ كەتمەيدۇ ھەم ئاخىرەتتە بەختسىز بولمايدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز»﴾[2] شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**كاپىرلار ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ**﴾.

****

يَٰبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ٱذْكُرُوا۟ نِعْمَتِىَ ٱلَّتِىٓ أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ وَأَوْفُوا۟ بِعَهْدِىٓ أُوفِ بِعَهْدِكُمْ وَإِيَّٰىَ فَٱرْهَبُونِ ﴿٤٠﴾
وَءَامِنُوا۟ بِمَآ أَنزَلْتُ مُصَدِّقًا لِّمَا مَعَكُمْ وَلَا تَكُونُوٓا۟ أَوَّلَ كَافِرٍۭ بِهِۦ ۖ وَلَا تَشْتَرُوا۟ بِـَٔايَٰتِى ثَمَنًا قَلِيلًا وَإِيَّٰىَ فَٱتَّقُونِ ﴿٤١﴾

ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىمنى ياد ئېتىڭلار، ماڭا بەرگەن (ئىمان ئېيتىش ۋە تائەت ـ ئىبادەت قىلىش ھەققىدىكى) ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان (ساۋاب بېرىش ھەققىدىكى) ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، مەندىنلا قورقۇڭلار﴿40﴾. مەن نازىل قىلغان تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، قۇرئاننى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار، ئايەتلىرىمنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەڭلار، ماڭىلا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴿41﴾.

ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئىسلامغا كىرىشكە رىغبەتلەندۈرۈش

الله ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئىسلامغا كىرىشكە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ بۇيرۇق ئۇلارغا ئۇلارنىڭ بوۋىسى (الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى) يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى ئەسلىتىش ئۈچۈن

(1) تاھا سۈرىسى 123 ـ ئايەت.
(2) تاھا سۈرىسى 124 ـ ئايەت.

بولدى. مەنىسى ئى الله غا بويسۇنغۇچى ياخشى بەندىنىڭ بالىلىرى! سىلەر ھەقىقەتكە ئەگىشىشتە داداڭلاردەك بولۇڭلار.

"ئىسرائىل" دېگەن سۆزنىڭ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ لەقىمى ئىكەنلىكى

ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان ھەدىسنىڭ پاكىتىغا ئاساسلانغاندا ئىسرائىل دېگەن يەئقۇب ئەلەيھىسسالامدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: بىر تۈركۈم يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: «سىلەر ئىسرائىلنىڭ يەئقۇب ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله ، بۇنىڭغا گۇۋاھ بولغىن!» دېدى.

ئىمام تەبەرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ئىسرائىل دېگەن سۆز الله تائالانىڭ بەندىسى دېگەن سۆزگە ئوخشاش (يەنى ئىسرائىل دېگەننىڭ مەنىسى، الله تائالانىڭ بەندىسى دېگەن بولىدۇ)».

الله تائالانىڭ يەھۇدىيلارغا بەرگەن نېئمەتلىرى

مۇجاھىد الله تائالانىڭ: ﴿ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىمنى ياد ئېتىڭلار﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ يەھۇدىيلارغا بەرگەن (تىلغا ئېلىنغان ۋە تىلغا ئېلىنمىغان) نېئمىتى بولسا، الله تائالانىڭ ئۇلارغا تاشتىن بۇلاق چىقىرىپ بېرىشى، ۋە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۇنىنى چۈشۈرۈپ بەرگەنلىكى ۋە ئۇلارنى پىرئەۋن جەمەتىنىڭ قۇل قىلىشىدىن قۇتقۇزغانلىقىدۇر.

ئەبۇئالىيە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ ئۇلارغا بەرگەن نېئمىتى بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەر چىقارغانلىقى ۋە ئۇلارغا كىتابلار چۈشۈرگەنلىكىدۇر. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا: ﴿«ئى قەۋمىم! الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ياد قىلىڭلار، الله ئۆز ۋاقتىدا ئىچىڭلاردا (سىلەرنى توغرا دىنغا يېتەكلەيدىغان) نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. سىلەردىن پادىشاھلار قىلدى (يەنى ئۆزەڭلارنى ئۆزەڭلارغا خوجا قىلدى). سىلەرگە جاھان ئەھلىدىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن (دەريانى يېرىپ ئۆتتۈرۈسىدىن يول ئېچىپ بېرىش، بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بېرىش، ئاسماندىن يېمەكلىك چۈشۈرۈپ بېرىش قاتارلىق) نېئمەتلەرنى بەردى﴾[1] دېگەن ئايىتى بىلەن ئوخشاشتۇر.»

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق الله تائالانىڭ: **﴿ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىمنى ياد ئېتىڭلار﴾** دېگەن ئايىتى توغرىسىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا سىلەرنىڭ بوۋىلىرىڭلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن قۇتۇلدۇرغاندا، ئۇلارغا بەرگەن نېئمىتىنى ئەسلەڭلار.

---

(1) مائىدە سۈرىسى 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەھۇدىيلارنىڭ بەرگەن ئەھدىسىنى ئەسلىتىش

﴿ماڭا بەرگەن (ئىمان ئېيتىش ۋە تائەت ـ ئىبادەت قىلىش ھەققىدىكى) ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان (ساۋاب بېرىش ھەققىدىكى) ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن﴾ يەنى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سىلەرگە پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندە، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە سىلەردىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق. ئەگەر سىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشسەڭلار، سىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلغان گۇناھىڭلار ئۈچۈن، بوينۇڭلارغا سېلىنغان كىشەنلەرنى ئېلىپ تاشلايمىز شۇ ئارقىلىق سىلەرگە بەرگەن ۋەدەمنى ئورۇنلايمەن.

ھەسەنبەسرى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ﴿شۈبھىسىزكى، الله ئىسرائىل ئەۋلادىدىن مەھكەم ئەھدە ئالدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن (يەنى ئون ئىككى ئايماقنىڭ ھەربىرىسىدىن بىردىن) ئون ئىككى باشلىقنى (كېپىللىك ئۈچۈن جەببارلارغا يەنى ئەمالىقىلەرگە) ئەۋەتتۇق ھەمدە الله : «مەن سىلەرگە ياردەم بېرىمەن، (ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! الله بىلەن قەسەمكى) ئەگەر سىلەر نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتىسەڭلار، زاكات بەرسەڭلار، پەيغەمبەرلىرىمگە ئىمان ئېيتساڭلار ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرسەڭلار، الله غا قەرزىي ھەسەنە بەرسەڭلار (يەنى الله نىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىڭلارنى سەرپ قىلساڭلار)، ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمەن، سىلەرنى ئەلۋەتتە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن. شۇنىڭدىن (يەنى مەھكەم ئەھدىدىن) كېيىن سىلەردىن كىمكى (ئەمر قىلغان نەرسىلىرىمنى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ» دېدى﴾[1].

بەزى ئالىملار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ تەۋراتتا ئۇلاردىن ئالغان ئەھدىسى بولسا، الله قىسقا مۇددەت ئىچىدە، ئىسمائىلنىڭ نەسلىدىن ھەممە كىشىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغان كاتتا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىدۇ. ئۇ كاتتا پەيغەمبەر بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. كىم ئۇنىڭغا ئەگەشسە، الله ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭغا قوش ئەجىر بېرىدۇ.

ئىمام رازى كىتابىدا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت نۇرغۇنلىغان خۇش خەۋەرلەرنى بايان قىلدى.

ئەبۇئالىيە الله تائالانىڭ: ﴿ماڭا بەرگەن (ئىمان ئېيتىش ۋە تائەت ـ ئىبادەت قىلىش ھەققىدىكى) ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ بەندىلەرگە قىلغان ئەھدىسى ئىسلام دىنىدۇر ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشتۇر.

زەھھاك الله تائالانىڭ: ﴿ماڭا بەرگەن (ئىمان ئېيتىش ۋە تائەت ـ ئىبادەت قىلىش ھەققىدىكى) ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (شۇنداق قىلساڭلار) مەن سىلەردىن رازى بولىمەن ۋە سىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن. سۇددى، زەھھاك، ئەبۇئالىيە ۋە رەبىئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش بايان قىلدى.

(1) مائىدە سۈرىسى 12 ـ ئايەت.

ئەبۇئالىيە، سۇددى، رەبىيئ ئىبنى ئەنەس ۋە قەتادە قاتارلىقلار **الله** تائالانىڭ: ﴿**مەندىنلا قورقۇڭلار**﴾ دېگەن ئايىتى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: مەندىن قورققۇچىلاردىن بولۇڭلار. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: سىلەر بىلىدىغان (سىلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىڭلارنىڭ سۈرەتنى ئۆزگەرتىۋېتىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا) ئازابلارنىڭ سىلەرگە كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇڭلار.

يۇقىرىدا ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، بۇ يەردە قورقۇتۇشقا باشلىشى قۇرئاننىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىپ **الله** تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش، قۇرئاندا توسالغان ئىشلاردىن يېنىپ، نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە بۇيرۇغان بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭدا كەلگەن خەۋەرلەرگە ئىشىنىپ قالارمىكىن دېگەنلىك ئۈچۈندۇر. **الله** تائالا خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

﴿**مەن نازىل قىلغان تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار**﴾ يەنى ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن چىققان ساۋاتسىز پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان، خۇش بېشارەت بېرىدىغان، ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدىغان ۋە توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، **الله** تەرىپىدىن كەلگەن، ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەن تەۋرات ۋە ئىنجىللارنى تەستىقلىغۇچى قۇرئانغا ئىشىنىڭلار.

ئەبۇئالىيە يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: **الله** ئېيتتىكى، ئى كىتاب بېرىلگەن كىشىلەر (يەھۇدىي ۋە ناسارالار)! سىلەرگە بېرىلگەن (تەۋرات ۋە ئىنجىل) نى تەستىق قىلغۇچى بولۇپ چۈشۈرۈلگەن قۇرئانغا ئىشىنىڭلار. چۈنكى، يەھۇدىي ۋە ناسارالار قولىرىدىكى تەۋرات ۋە ئىنجىلدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى يېزىلغانلىقىنى بىلىدۇ. مۇجاھىد، رەبىيئ ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە ئەبۇئالىيەگە ئوخشاش بايان قىلدى.

﴿**قۇرئاننى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: سىلەر (يەنى كىتاب بېرىلگەن كىشىلەر) پەيغەمبەر مۇھەممەدنى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار، سىلەر ئۇ توغرۇلۇق باشقىلار بىلمىگەننى بىلىسىلەر.

ئەبۇئالىيە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر (يەنى كىتاب بېرىلگەن كىشىلەر) ئۇنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بولۇپ، كىتاب بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرىنچى بولۇپ كاپىر بولماڭلار. كىتاب بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرىنچى بولۇپ دېيىشنىڭ سەۋەبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بۇلاردىن بۇرۇن نۇرغۇنلىغان قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. مەدىنىدە ياشايدىغان يەھۇدىيلار ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ (كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ) ئىچىدىن بىرىنچى بولۇپ قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىشكە چاقىرىلغان كىشىلەردۇر. ئۇلار قۇرئانغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىن بىرىنچى بولۇپ ئىشەنمىگەنلەر ھېسابلىنىدۇ. كۆپلىگەن ئالىملار بۇ كۆز قاراشنى توغرا دەپ قارايدۇ.

﴿**ئايەتلىرىمنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەڭلار**﴾ يەنى سىلەر مېنىڭ ئايەتلىرىمگە ۋە مەن ئەۋەتكەن ئەلچىگە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىشىنىشنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ لەززەتلىرىگە تېگىشىۋەتمەڭلار، چۈنكى، دۇنيا دېگەن ئاخىرەتتە ياخشى كىشىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتلارغا قارىغاندا ناھايىتى ئاز ۋە تۈگەپ كېتىدىغان نەرسىدۇر.

﴿**ماڭىلا تەقۋادارلىق قىلىڭلار**﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە تەلەق ئىبنى

ھەببىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: تەڤۋالىق دېگەنلىك ﷲ تەرىپىدىن بېرىلگەن ھىدايەتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ﷲ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ۋە ﷲ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلىنىشتۇر. ئۇلار ھەقنى يوشۇرۇپ باتىلنى ئاشكارا قىلىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قارشىلىشىشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنى دوزاخ ئازابلىرى بىلەن قورقۇتىدۇ.

****

وَلَا تَلْبِسُوا۟ ٱلْحَقَّ بِٱلْبَٰطِلِ وَتَكْتُمُوا۟ ٱلْحَقَّ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٤٢﴾ وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱرْكَعُوا۟ مَعَ ٱلرَّٰكِعِينَ ﴿٤٣﴾

ھەقنى باتىلغا (يەنى ﷲ نازىل قىلغان ھەقىقەتنى ئۆزەڭلار ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىگە) ئارىلاشتۇرماڭلار، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار﴿42﴾. نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار﴿43﴾.

ھەق بىلەن باتىلنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ۋە ئۇنى يوشۇرۇشتىن توسۇش

ﷲ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ ھەق بىلەن باتىلنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ۋە ھەقنى يوشۇرۇپ باتىلنى ئاشكارىلىماقچى بولغان نىيىتىدىن توسۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ھەقنى باتىلغا (يەنى ﷲ نازىل قىلغان ھەقىقەتنى ئۆزەڭلار ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىگە) ئارىلاشتۇرماڭلار، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار﴾** ﷲ ئۇلارنى ئىككى ئىشتىن تەڭلا توستى ۋە ھەقنى ئوچۇق ـ ئاشكارىلاشقا بۇيرۇدى.

زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر ھەق بىلەن باتىلنى، راست بىلەن يالغاننى ئارىلاشتۇرىۋەتمەڭلار.

قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر (مۇسۇلمانلار) يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنى بىلەن ئىسلام دىنىنى ئارىلاشتۇرىۋەتمەڭلار.

﴿ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار﴾ يەنى سىلەر ئىسلام دىنىنىڭ ﷲ تائالانىڭ دىنى ئىكەنلىكىنى، ھازىرقى يەھۇدىيلىق ۋە خرىستىئانلىقنىڭ ﷲ تەرىپىدىن چۈشكەن دىن بولماي، ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالغان دىن ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر. ھەسەنبەسرىمۇ بۇ ھەقتە قەتادەگە ئوخشاش بايان قىلدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر مەن ئەۋەتمەكچى بولغان پەيغەمبەر ۋە ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان دىنىنى بىلىسىلەر. سىلەر بىلىمىڭلارنى يوشۇرماڭلار، سىلەر ئۇنى قوللىرىڭلاردىكى كىتابلىرىڭلاردا يېزىلغان جايلىرىدىن تاپىسىلەر.

ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: **﴿ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى:

سىلەر (يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار) ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ ناھەقنى تېخىمۇ كۆپەيتىش ئۈچۈن ئۇنى ئازراق ھەق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى توغرا يولدىن ئاداشتۇرۇپ، دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان يولغا باشلاپ قويۇشتىن چىقىدىغان زىياننى بىلىسىلەر.

﴿نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار﴾.

مۇقاتىل: الله تائالانىڭ: **﴿نامازنى ئادا قىلىڭلار﴾** دېگەن سۆزى كىتاب بېرىلگەن كىشىلەرگە قارىتىپ دېيىلگەن، ـ دېدى. يەنى الله ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇدى. **﴿زاكاتنى بېرىڭلار﴾** الله ئۇلارنى زاكاتلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىشكە بۇيرۇدى. **﴿رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار﴾** الله ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىدىن رۇكۇ قىلغان كىشىلەر بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىشقا بۇيرۇدى. يەنى: سىلەر ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇڭلار، مۆمىنلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئىشلىرىدا بىللە بولۇڭلار، خۇسۇسەن، نامازلاردا بىللە بولۇڭلار!ـ دېدى. بۇ ئايەتنى كۆپلىگەن ئالىملار نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ.

****

﴿ أَتَأْمُرُونَ ٱلنَّاسَ بِٱلْبِرِّ وَتَنسَوْنَ أَنفُسَكُمْ وَأَنتُمْ تَتْلُونَ ٱلْكِتَٰبَ ۚ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿٤٤﴾

كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات) نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر﴿44﴾.

ياخشى ئىشنى ئۆزى قىلماي باشقىلارنى بۇيرۇشنى ئەيىبلەش

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ئى كىتاب بېرىلگەن كىشىلەر! سىلەرنىڭ باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇپ قالغىنىڭلار قانداقمۇ سىلەرگە لايىق كېلىدۇ؟ باشقىلارنى قىلىشقا بۇيرۇغان ئىشلارغا ئۆزەڭلار ئەمەل قىلمايسىلەر. سىلەر بۇ ھالىتىڭلار بىلەن كىتاب ئوقۇيسىلەر. ئۇنىڭ ئىچىدىكى الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا سەل قاراپ خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشىگە بولىدىغان ئازابلارنى بىلىسىلەر.

﴿چۈشەنمەمسىلەر؟﴾ يەنى سىلەر ئۆزەڭلەرگە قىلغان ئىشلارنى ئويلاپ باقمامسىلەر؟ ئەگەر سىلەر دىللىرىڭلارنىڭ غەپلەتتە ئىكەنلىكىدىن سەگەكلەشسەڭلار كوپۇرلۇقتىن كۆزۈڭلار ئېچىلاتتى[1]. ئابدۇرازاق بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە قەتادىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىسرائىل ئەۋلادلىرى كىشىلەرنى الله غا بويسۇنۇش ۋە تەقۋادارلىق قىلىشقا، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇپ ئۆزلىرى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان ئىدى. (قىلغان شۇ ئىشى ئۈچۈن) الله ئۇلارنى ئەيىبلىدى.

سۇددى ۋە ئىبنى جۇرەيج بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: كىتاب بېرىلگەن

(1) بۇ كوپۇرلۇق كۆزنىڭ كۆرەلمىگەنلىكى ئەمەس، بەلكى دىلنىڭ ھەقىقەتنى كۆرەلمەسلىكىدۇر.

كىشىلەر ۋە مۇناپىقلار باشقىلارنى روزا تۇتۇشقا ۋە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇيتتى. باشقىلارنى قىلىشقا بۇيرۇغان ئىشنى ئۆزلىرى قىلمايتتى. (شۇنىڭ ئۈچۈن) الله ئۇلارنى ئەيىبلىدى. ياخشىلىققا بۇيرۇغان كىشى شۇ ياخشىلىقنى قىلىشقا باشقىلاردىن بەكرەك ئالدىرىشى لازىم.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «﴿**ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر**﴾ يەنى سىلەر ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇپ قالىسىلەر. ﴿**ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات) نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر؟**﴾ يەنى سىلەر كىشىلەرنى تەۋراتنىڭ ئىچىدىكى ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىشتىن توسۇيسىلەر، لېكىن ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇيسىلەر، يەنى تەۋراتنىڭ ئىچىدىكى مەن خەۋەر بەرگەن پەيغەمبەرگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت سىلەردىن ئالغان ئەھدىگە تانىسىلەر، مېنىڭ ۋەدەمنى بۇزىسىلەر ۋە مېنىڭ كىتابىمدىن ئۆگەنگەن نەرسىدىن تېنىۋالىسىلەر.

الله تائالانىڭ بۇ ئايەتلىرىنىڭ مەنىسى، يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ئۆزلىرى ئۇنى قىلمىغانلىقى ئۈچۈن الله ئۇلارنى ئەيىبلىگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان خاتا ئىشىغا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. الله ئۇلارنى ھەرگىزمۇ ياخشىلىقنى ئۆزلىرى قىلماي ئۇنىڭغا باشقىلارنى بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈنلا ئەيىبلىگەن ئەمەس. چۈنكى، ياخشىلىققا بۇيرۇش ھەر بىر ئالىمنىڭ مەجبۇرىيىتى. لېكىن ياخشىلىققا بۇيرۇغان ئالىمنىڭ شۇ ياخشىلىقنى ئۆزىنىڭ قىلىشى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر.

الله تائالا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامدىن ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە قىلىش مەنئىي قىلغان نەرسىنى ئۆزەممۇ قىلىشنى خالىمايمەن، مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنىلا خالايمەن، مەن پەقەت الله نىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) اللهغا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن﴾[1].

ھەرقانداق ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە ئۇنى قىلىش ۋاجىبتۇر. سەلەپ ۋە خەلەپ ئالىملىرىنىڭ توغرا دەپ قارىغان سۆزىگە ئاساسلانغاندا، بىر ياخشى ئىشنى قىلمىغانلىقتىن يەنە بىرسى (گەدەندىن) ساقىت بولۇپ كەتمەيدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇۋائىلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۇسامىنىڭ ئارقىسىدا مىنگىشىۋالغانىدىم. (بىر كىشى) ئۇسامىگە: ئوسمانغا گەپ قىلمامسەن؟ - دېدى. ئۇ: سىلەر مېنى ئۇنىڭغا گەپ قىلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ مەن پەقەت ئۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ سۆز ئېچىشنى خالىمايمەن. ئۇندىن باشقا ھەرقانداق گەپ - سۆزنى قىلىشىمەن. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھېچكىمگە (ھەتتائەلى باشلىق بولسىمۇ): سەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى سەن، - دېمەيدىغان بولدۇم، - دېدى. دېدى. كىشىلەر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قايسى سۆزنى ئاڭلىغانىدىڭ؟ - دەپ سورىدى. ئۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، - دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچەي باغرى چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ چىقىپ كەتكەن ئۈچەي - باغرى ئەتراپىدا (ئېشەك تۈگمەن تېشى ئەتراپىدا چۆرگىلىگەندەك) چۆرگىلەيدۇ. ئاندىن دوزاختىكى كىشىلەر كېلىپ ئۇنىڭغا: ئى پالانى ساڭا نېمە بولدى؟ سەن بىزنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسايتتىڭغۇ؟ - دەپ

(1) ھۇد سۈرىسى 88 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سورايدۇ. ئۇ: مەن سىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ ئۆزەم قىلمايتتىم ۋە يامانلىقتىن توسۇپ ئۆزەم قىلاتتىم، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ».

ئىبراھىم نەخەئى مۇنداق دەيدۇ: مەن قۇرئاندىكى ئۈچ ئايەتنىڭ سەۋەبى بىلەن قىسسە سۆزلەپ بېرىشنى يامان كۆرىمەن. ئۇلار: ﴿**كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات) نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر**﴾، ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟) سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار **الله** نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر)﴾[1]، ﴿سىلەرگە قىلىش مەنئى قىلغان نەرسىنى ئۆزەممۇ قىلىشنى خالىمايمەن، مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنىلا خالايمەن، مەن پەقەت **الله** نىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) **الله** غا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن﴾[2] دېگەن ئايەتلەردۇر.

* * * * * * *

وَٱسۡتَعِينُواْ بِٱلصَّبۡرِ وَٱلصَّلَوٰةِۚ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلَّا عَلَى ٱلۡخَٰشِعِينَ ﴿٤٥﴾ ٱلَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلَٰقُواْ رَبِّهِمۡ وَأَنَّهُمۡ إِلَيۡهِ رَٰجِعُونَ ﴿٤٦﴾

سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (**الله** دىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز **الله** دىن قورققۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن **الله** غا بويسۇنغۇچىلار) دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر﴿45﴾. **الله** دىن قورققۇچىلار پەرۋەردىگارىغا چوقۇم مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ۋە **الله** نىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ﴿46﴾.

سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق الله تائالادىن ياردەم تىلەش

الله تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ياردەم تىلەشكە بۇيرۇيدۇ.

مۇقاتىل ئىبنى ھەييان بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئاخىرەتنى تەلەپ قىلىشتا، پەرز ئىبادەتلەرنى قىلىشتا دۇچ كەلگەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار دېگەنلىك بولۇپ، بۇ يەردىكى "سەۋر" روزا تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ. مۇجاھىدمۇ: سەۋر قىلىش روزا تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ، ـ دېدى.

ھەدىستە دېيىلگىنىدەك قۇرتۇبى ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: شۇڭا رامىزان ئېيى سەۋر قىلىش ئېيى دەپ ئاتالدى.

(1) سەف سۈرىسى 2 ــ 3 ـ ئايەتلەر.
(2) ھۇد سۈرىسى 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سەۋر قىلىشتىن گۇناھلاردىن ئۆزىنى تارتىش مەقسەت قىلىنىدۇ، شۇڭا سەۋر ئەمەل-ئىبادەتلەر بىلەن بىر يەردە كەلتۈرۈلدى. ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئالىيسى ناماز ئوقۇشتۇر (يەنى سەۋر قىلىش بىلەن ناماز ئوقۇش بىر يەردە كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن گۇناھلاردىن ئۆزىنى تارتىش مەقسەت قىلىنىدۇ).

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەۋر قىلىش ئىككى خىل مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بىرىنچىسى، قىيىنچىلىق يەتكەندە سەۋر قىلىش. ئىككىنچىسى، **الله** تائالانىڭ توسقان ئىشلىرىدىن يانغاندا كېلىدىغان جاپا-مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىش، بۇ ساۋابى ئەڭ چوڭ سەۋردۇر. ھەسەنبەسرى بۇ توغرىدا ئۆمەرگە ئوخشاش بايان قىلدى.

بەزى ئالىملار: ناماز ھەرقانداق ئىشتا تەۋرەنمەي تۇرۇش ئۈچۈن كاتتا ياردەمچىدۇر، - دېدى. **الله** تائالا تۆۋەندىكى ئايەتلەردە نامازنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلغىن، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، الله نى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر، الله قىلىۋاتقان (ھەممە) ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾**.

الله تائالانىڭ: **﴿ئۇ ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر﴾** دېگەن ئايىتىدىكى "ئۇ" دېگەن ئالماشتىن ناماز مەقسەت قىلىنغان بولۇشى ياكى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن ۋەسىيەت مەقسەت قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭدىن قايسى بىرسى مەقسەت قىلىنسۇن، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق دېگەنلىك بولىدۇ: شەك-شۈبھىسىزكى، ناماز ياكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋەسىيەت **الله** تائالانىڭ چۈشۈرگەن كىتابىغا ھەقىقىي ئىشەنگەنلەردىن باشقىسىغا ھەقىقەتەن ئېغىر كېلىدۇ.

﴿الله دىن قورققۇچىلار پەرۋەردىگارىغا چوقۇم مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا﴾ يەنى ئۇلار (**الله** چۈشۈرگەن كىتابقا ئىشەنگەنلەر) قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ **الله** تەرىپىگە قايتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

﴿ۋە الله نىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ **الله** تائالانىڭ خاھىشىغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. **الله** ئۇ ئىشلاردا ئۆزىنىڭ ئادىللىقى بىلەن خالىغىنىچە ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن **الله** تەرىپىگە قايتىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە قاراپ ياخشى ئەمەل قىلغان بولسا مۇكاپات، يامان ئەمەل قىلغان بولسا جازا بېرىلىدىغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشەنگەچكە، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراپ يامان ئىشلاردىن ئاسانلا قول ئۈزدى.

* * * * * * *

يَـٰبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ٱذْكُرُوا۟ نِعْمَتِىَ ٱلَّتِىٓ أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ وَأَنِّى فَضَّلْتُكُمْ عَلَى ٱلْعَـٰلَمِينَ ﴿٤٧﴾

ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىمنى ۋە سىلەرنى (بىر زامانلاردا) تامام جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ياد ئېتىڭلار﴿47﴾.

ئىسرائىل ئەۋلادىنى باشقا ئۈممەتلەردىن ئارتۇق قىلغانلىقىنى (ئۇلارغا) ئەسلىتىش

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۇلارنىڭ ئاتا بوۋىلىرىغا بەرگەن نېئمەتلەرنى ئەسلىتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەر ئەۋەتىش ۋە ئۇلارغا كىتابلارنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆز زامانىسىدىكى كىشىلەردىن ئارتۇق قىلغانىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەينى زاماندا مۇشۇنداق شەرەپكە لايىق ئىكەنلىكىنى) بىلىپ تۇرۇپ (ئۆز زامانىدىكى) جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلدۇق﴾[1]، ﴿ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ياد قىلىڭلار، الله ئۆز ۋاقتىدا ئىچىڭلاردا (سىلەرنى توغرا دىنغا يېتەكلەيدىغان) نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. سىلەردىن پادىشاھلار قىلدى (يەنى ئۆزەڭلارنى ئۆزەڭلارغا خوجا قىلدى). سىلەرگە جاھان ئەھلىدىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن (دەريانى يېرىپ ئۆتتۈرسىدىن يول ئېچىپ بېرىش، بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بېرىش، ئاسماندىن يېمەكلىك چۈشۈرۈپ بېرىش قاتارلىق) نېئمەتلەرنى بەردى﴾[2].

ئەبۇجەئفەر رازى الله تائالانىڭ: **﴿نېئمىتىمنى ۋە سىلەرنى (بىر زامانلاردا) تامام جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ياد ئېتىڭلار﴾** دېگەن ئايىتى ھەققىدە ئەبۇئالىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەينى زاماندا ئىسرائىل ئەۋلادىغا پادىشاھلىق، پەيغەمبەرلىك ۋە مۇقەددەس كىتابلارنى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى شۇ زامانىنىڭ ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكى

شەك - شۈبھىسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ھۆرمەتلىكتۇر. چۈنكى، الله تائالا بۇ ئۈممەتكە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، الله تائالاغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. ئەگەر ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار) ئىمان ئېيتسا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئىشەنسە)، ئۇلار ئۈچۈن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۆمىنلەرمۇ بار، ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر﴾[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر 70 مىللەت بىلەن ئۇچرىشىسىلەر، سىلەر ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە الله تائالانىڭ ئالدىدا ئەڭ ھۆرمەتلىكىدۇرسىلەر». بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان

(1) دۇخان سۈرىسى 32 ـ ئايەت.
(2) مائىدە سۈرىسى 20 ـ ئايەت.
(3) ئال ئىمران سۈرىسى 110 ـ ئايەت.

ھەدىسلەر بار. اللە تائالا خالىسا ئۇ ھەدىسلەرنى كېيىنكى بابلاردا سۆزلەپ ئۆتىمىز.

****

وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا لَّا تَجۡزِي نَفۡسٌ عَن نَّفۡسٖ شَيۡـٔٗا وَلَا يُقۡبَلُ مِنۡهَا شَفَٰعَةٞ وَلَا يُؤۡخَذُ مِنۡهَا عَدۡلٞ وَلَا هُمۡ يُنصَرُونَ ﴿٤٨﴾

كىشى كىشىگە ئەسقاتمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىدىن فىدىيە ئېلىنمايدىغان، ئۇلار (يەنى كاپىرلار ۋە گۇناھكار بەندىلەر) ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان كۈندىن قورقۇڭلار﴿48﴾.

اللە تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۆزىنىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئارقىسىدىنلا قىيامەت كۈنى ئۇلارغا بولىدىغان ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ھەقتە اللە تائالانىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرى بار.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھېچبىر گۇناھكار ئادەم بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ﴾[1]، ﴿ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ﴾[2]، ﴿ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلارغا (بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاش، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن چەكلىنىش بىلەن) تەقۋادارلىق قىلىڭلار، شۇنداق بىر كۈندىن قورقۇڭلاركى، (ئۇ كۈندە) ئاتا بالىسىغا ئەسقاتمايدۇ، بالىمۇ ئاتىسىغا ئەسقاتمايدۇ﴾[3]

كاپىرلاردىن فىدىيە، شاپائەت قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدىغانلىقى

﴿ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان﴾ يەنى كاپىرلاردىن شاپائەت قوبۇل قىلىنمايدۇ دېگەنلىكتۇر. اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ (يەنى ئۇلارنى اللە نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ، ئۇلارغا پۈتۈن ئەھلى زېمىن شاپائەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ)﴾[4] اللە دوزاختىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار يوق ۋە يېقىن دوستىمۇ يوق﴾[5].

﴿ھېچ كىشىدىن فىدىيە ئېلىنمايدىغان﴾ يەنى ئۇنىڭغا (كاپىرلارنىڭ) فىدىيەسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، كاپىر بولۇپ (تەۋبە قىلماستىن) كۇفرى بىلەن

(1) فاتىر سۈرىسى 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەبەسە سۈرىسى 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) لوقمان سۈرىسى 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) مۇددەسسىر سۈرىسى 48 ـ ئايەت.
(5) شۇئەرا سۈرىسى 100 ـــ 101 ـ ئايەتلەر.

ئۆلگەنلەرنىڭ ھېچبىرىدىن يەر يۈزىگە بىر كېلىدىغان ئالتۇن فىدىيە بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴾[1]، ﴿يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەر، يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كېلىدىغان نەرسىلەر كاپىرلارنىڭ بولۇپ، ئۇلار قىيامەت كۈنى (**الله**) نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى فىدىيە قىلىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ (بۇ فىدىيسى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلار قىيىنغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[2]، ﴿ئۇ ھەرقانداق فىدىيە بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلار قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك بولىدىغانلاردۇر﴾[3]، ﴿بۈگۈن سىلەردىن ۋە كاپىرلاردىن فىدىيە ئېلىنمايدۇ، جايىڭلار دوزاختۇر، دوزاخ سىلەرگە ئەڭ لايىقتۇر، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[4].

الله تائالا، ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەرگە ۋە پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئەگەشمەي قىيامەت كۈنى **الله** تائالانىڭ ئالدىغا شۇ ھالىتىدە كەلسە، ئۇلارغا ھەر قانچە يېقىن كىشىنىڭ يېقىنچىلىقىمۇ ۋە ئابرۇيلۇق كىشىنىڭ قىلغان شاپائىتىمۇ پايدا قىلمايدىغانلىقىنى، زېمىن توشقىچە ئالتۇن فىدىيە بەرسىمۇ ئۇلاردىن قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! سودا - سېتىق، دوستلۇق ۋە (**الله** نىڭ ئىزنىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال - مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار﴾[5].

﴿ئۇلار (يەنى كاپىرلار ۋە گۇناھكار بەندىلەر) ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان كۈندىن قورقۇڭلار﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بولامدۇ ياكى باشقىلاردىن بولامدۇ ھەرقانداق يۈز - ئابرۇيلۇق كىشىمۇ ئۇلارغا ياردەم بېرىپ (ئۇلارنى) **الله** تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنىڭدىن (يەنى ئىنساندىن) (ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ھېچ كۈچ ۋە ياردەمچى يوقتۇر﴾[6] يەنى **الله** كاپىردىن فىدىيە ۋە شاپائەت قوبۇل قىلمايدۇ. ھېچقانداق كىشى **الله** تائالانىڭ ئازابىدىن بىرەرسىنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇشىدىن ساقلىيالمايدۇ.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھېچ نەرسە پاناھ بولالمايدىغان﴾[7]، ﴿شۇ كۈندە ھەر ئەھەدى (**الله** غا ئاسىيلىق قىلغانلارنى) **الله** جازالىغاندەك جازالىمايدۇ. ھەمدە ھېچ ئەھەدى **الله** باغلىغاندەك باغلىمايدۇ﴾[8]، ﴿ئۇلارغا: «نېمىشقا (دۇنيادىكى ھالىتىڭلارغا ئوخشاش) بىر - بىرىڭلارغا ياردەم قىلمايسىلەر؟» (دېيىلىدۇ) بەلكى ئۇلار بۈگۈن بويسۇنغۇچىلاردۇر﴾[9]، ﴿(ئۇلارغا ئازاب كەلگەندە) ئۇلارنىڭ خۇداغا يېقىن قىلىدۇ دەپ **الله** دىن باشقا تۇتقان مەبۇدلىرى ئۇلارغا نېمىشقا ياردەم قىلمىدى؟﴾[10].

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 91 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مائىدە سۈرىسى 36 - ئايەت.
(3) ئەنئام سۈرىسى70 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ھەدىد سۈرىسى 15 - ئايەت.
(5) بەقەرە سۈرىسى 254 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) تارىق سۈرىسى 10 - ئايەت.
(7) مۆمىنۇن سۈرىسى 83 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(8) فەجر سۈرىسى 25 - 26 - ئايەتلەر.
(9) سافات سۈرىسى 25 - 26 - ئايەتلەر.
(10) ئەھقاف سۈرىسى 28 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿**ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان كۈندىن قورقۇڭلار**﴾ يەنى شۇ كۈنى (قىيامەت كۈنىدە) ئۇلارغا شاپائەت قىلغۇچى بولمىغىنىدەك ۋە ئۇلاردىن فىدىيە قوبۇل قىلىنمىغاندەك، ئۇلارغا ھېچقانداق ياردەم بېرىلمەيدۇ. قىيامەت كۈنىدە بىر-بىرىنىڭ يېقىنچىلىقى، شاپائەت قىلىش ۋە بىر - بىرىگە ياردەملىشىش (اللە تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش) قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە (ئۇ كۈندە) ھۆكۈم قىلىش ئۇنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ۋە ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ ياردىمى ھېچقانداق پايدا بەرمەيدىغان ناھايىتى قەھرىلىك ۋە ئادىل زاتقا (اللە تائالاغا) مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇ، بىر يامانلىققا بىر يامانلىقنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ. بىر ياخشىلىققا نەچچە ھەسسىلەپ مۇكاپات بېرىدۇ.

* * * * * * *

وَإِذْ نَجَّيْنَٰكُم مِّنْ ءَالِ فِرْعَوْنَ يَسُومُونَكُمْ سُوٓءَ ٱلْعَذَابِ يُذَبِّحُونَ أَبْنَآءَكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَآءَكُمْ ۚ وَفِى ذَٰلِكُم بَلَآءٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَظِيمٌ ﴿٤٩﴾ وَإِذْ فَرَقْنَا بِكُمُ ٱلْبَحْرَ فَأَنجَيْنَٰكُمْ وَأَغْرَقْنَآ ءَالَ فِرْعَوْنَ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ ﴿٥٠﴾

ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى قاتتىق قىيىنىغان، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، قىزلىرىڭلارنى (ئىشقا سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇرغان پىرئەۋن گۇرۇھىدىن سىلەرنى قۇتقۇزدۇق. بۇ، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ (ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەمنى ئاجرىتىدىغان) چوڭ سىنىقى ئىدى﴿49﴾. ئۆز ۋاقتىدا دېڭىزنى يېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزدۇق (يەنى دېڭىزنىڭ سۈيىنى ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ، قۇرۇق يول ھاسىل قىلىپ، شۇ يەردىن سىلەرنى سالامەت ئۆتكۈزدۇق) ۋە پىرئەۋن گۇرۇھىنى كۆز ئالدىڭلاردا غەرق قىلدۇق﴿50﴾.

ئىسرائىل ئەۋلادىنى پىرئەۋندىن قۇتۇلدۇرغانلىقى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى سۇغا غەرق قىلغانلىقى

اللە تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمەتلىرىمنى ئەسلەڭلار! مەن سىلەرنى ئۇلاردىن (يەنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن) قۇتقۇزدۇم. ئۇلار سىلەرگە قاتتىق ئازابنى تېتىتتى.

پىرئەۋن بىر كۈنى قورقۇنچلۇق چۈش كۆرىدۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئازابلاشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ چۈشىدە بەيتۇل مۇقەددەستىن بىر ئوت چىقىپ، ئۇ ئوتنىڭ (مىسىردىكى) ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن باشقا مىسىرلىقلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرگەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئۇ چۈشىنىڭ تەبىرى پىرئەۋن پادىشاھلىقىنىڭ گۇمران بولۇپ كېتىشى ئىسرائىل ئەۋلادىلىق بىر كىشىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بەزى رىۋايەتلەردە مۇنداق دەپمۇ كەلگەن:

ئۇنىڭ يېنىدا داۋاملىق بىللە بولىدىغان يېقىنلىرى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئىچىدىن بىر كىشىنىڭ ئۆزلىرىگە چوڭ دۆلەت ۋە كاتتا سەلتەنەت قۇرۇپ بېرىشىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ پىرئەۋن (اللە ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن) ئىسرائىل ئەۋلادىدىن تۇغۇلغان قىز بالىلارنى ئۆلتۈرمەي، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تۇغۇلغان ھەرقانداق ئوغۇل بالىنى ئۆلتۈرۈشكە ۋە ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى

ئەڭ جاپالىق ۋە ئەڭ پەس ئىشلارغا سېلىشقا بۇيرۇيدۇ.

خۇددى قەيسەر دېگەن ئىسىم شام بىلەن رۇمنىڭ ھەرقانداق كاپىر پادىشاھلىرىغا، كىسرا دېگەن ئىسىم پارسنىڭ پادىشاھلىرىغا، تۇببە دېگەن ئىسىم يەمەنلىكلەرنىڭ كاپىر پادىشاھلىرىغا، نەجاشى دېگەن ئىسىم ھەبەشىستاننىڭ (ئېفىئوپىيە) پادىشاھلىرىغا قويۇلغان ئىسىمدەك، پىرئەۋن دېگەن ئىسىممۇ مىسىرنىڭ كاپىر پادىشاھىغا بېرىلگەن خاس ئاتالغۇدۇر.

ئىبنى جەرىر الله تائالانىڭ: ﴿**بۇ، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ (ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەمنى ئاجرىتىدىغان) چوڭ سىنىقى ئىدى**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەرنىڭ ئاتا - بوۋاڭلارنى پىرئەۋننىڭ ئادەملىرىنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزغانلىقىمىز سىلەرگە بولغان چوڭ نېئمەتتۇر.

الله تائالانىڭ: ﴿**ئۆز ۋاقتىدا دېڭىزنى يېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزدۇق (يەنى دېڭىزنىڭ سۈيىنى ئۇتتۇرىدىن بۆلۈپ، قۇرۇق يول ھاسىل قىلىپ، شۇ يەردىن سىلەرنى سالامەت ئۆتكۈزدۇق) ۋە پىرئەۋن گۇرۇھىنى كۆز ئالدىڭلاردا غەرق قىلدۇق**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: بىز سىلەرنى پىرئەۋننىڭ ئادەملىرىدىن قۇتۇلدۇردۇق، سىلەر مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن (مىسىردىن) چىقىپ بولغاندىن كېيىن، پىرئەۋن سىلەرنى ئىزدەپ (كەينىڭلاردىن) چىقتى. بىز سىلەرگە دېڭىزنى يېرىپ يول ئېچىپ بەردۇق (يەنى دېڭىزنىڭ سۈيىنى توختىتىپ، (دېڭىزنىڭ ئىچىدىن) سىلەر ماڭىدىغان يول قىلىپ بەردۇق). بىز سىلەرنى ئۇلاردىن قۇتقۇزدۇق. سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىڭ تەسكىن تېپىشى ۋە دۈشمەنلىرىڭلارغا قاتتىق ئاھانەت قىلىش ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا ياكى سىلەر ئۇلارغا قاراپ تۇرغان چېغىڭلاردا سۇغا غەرق قىلدۇق.

ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇش

الله ئىسرائىل ئەۋلادىنى پىرئەۋندىن قۇتۇلدۇرغان كۈنى ئاشۇرا كۈنى ئىدى. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەن يەھۇدىيلارنىڭ ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ (ئۇلاردىن) سىلەر روزا تۇتۇۋاتقان كۈن قايسى كۈن؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار: بۇ ياخشى كۈن، الله ئىسرائىل ئەۋلادىنى دۈشمەندىن قۇتقۇزغان كۈن، بۇ كۈندە مۇسا ئەلەيھىسسالام روزا تۇتقان، - دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن مۇسانىڭ قىلغان ئىشىنى قىلىشقا سىلەردىن بەكرەك ھەقلىقمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كۈنى روزا تۇتتى ۋە باشقىلارنىمۇ ئۇ كۈندە روزا تۇتۇشقا بۇيرۇدى. 162

بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

****

وَإِذْ وَٰعَدْنَا مُوسَىٰٓ أَرْبَعِينَ لَيْلَةً ثُمَّ ٱتَّخَذْتُمُ ٱلْعِجْلَ مِنۢ بَعْدِهِۦ وَأَنتُمْ ظَٰلِمُونَ ﴿٥١﴾ ثُمَّ عَفَوْنَا عَنكُم مِّنۢ بَعْدِ
ذَٰلِكَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٥٢﴾ وَإِذْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْفُرْقَانَ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ ﴿٥٣﴾

ئۆز ۋاقتىدا مۇساغا 40 كېچە (كۈتكەندىن كېيىن تەۋراتنى نازىل قىلىشنى) ۋەدە قىلدۇق. ئۇ سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆزەڭلارغا زۇلۇم قىلىپ، موزايىنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار﴿51﴾. شۇنىڭدىن كېيىن، شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەرنى ئەپۇ قىلدۇق﴿52﴾. ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى ھىدايەت تاپسۇن دەپ، مۇساغا ھەقنى باتىلدىن ئايرىغۇچى كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بەردۇق﴿53﴾.

ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ موزايغا چوقۇنغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ۋەدە قىلىشقان 40 كۈن توشۇپ مۇسا ئەلەيھىسسالام (تەۋراتنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن) ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ۋەدە قىلىشقان يەرگە كەتكەندىن كېيىن، سىلەرنىڭ موزايغا ئىبادەت قىلىشتەك گۇناھىڭلارنى كەچۈرۈۋېتىشتىن ئىبارەت مېنىڭ سىلەرگە قىلغان نىمىتىمنى ئەسلەڭلار، سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن توغرا بىلەن خاتانى ئايرىيدىغان كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بەرگەن ۋاقتىمىزدىكى رەھمىتىمنى ئەسلەڭلار.

ئۇلارنىڭ موزايغا ئىبادەت قىلىش خاتالىقى ئۇلار دېڭىزدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن سادىر بولغان.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز (قۇلزۇم) دېڭىزىدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلار بۇتلىرىغا چوقۇنۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: «ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن» دېدى. مۇسا: «سىلەر ھەقىقەتەن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېدى﴾[1]، ﴿شۈبھىسىزكى، بىز (نۇھنىڭ قەۋمى ئاد، سەمۇد ۋە لۇتنىڭ قەۋمى قاتارلىق) ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەر (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) نىڭ دىللىرىغا (ھەقىقەتنى كۆرىدىغان) نۇر بېرىپ، ئۇلارغا ھىدايەت ۋە رەھمەت قىلدۇق، ئۇلار ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ، مۇساغا كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بەردۇق﴾[2].

****

وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِۦ يَٰقَوْمِ إِنَّكُمْ ظَلَمْتُمْ أَنفُسَكُم بِٱتِّخَاذِكُمُ ٱلْعِجْلَ فَتُوبُوٓا۟ إِلَىٰ بَارِئِكُمْ فَٱقْتُلُوٓا۟ أَنفُسَكُمْ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ عِندَ بَارِئِكُمْ فَتَابَ عَلَيْكُمْ ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٥٤﴾

ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! سىلەر موزايىنى مەبۇد قىلىپ، ھەقىقەتەن ئۆزەڭلارغا زۇلۇم قىلدىڭلار، ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، موزايغا چوقۇنمىغانلار چوقۇنغانلارنى ئۆلتۈرسۇن» دېدى. مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. الله تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. الله تەۋبىنى ھەقىقەتەن بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿54﴾.

(1) ئەئراف سۈرىسى138 - ئايەت.
(2) قەسەس سۈرىسى 43 - ئايەت.

ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ تەۋبىسىنىڭ بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈش بولغانلىقى

(ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تەۋبە قىلىش) الله تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا ئۇلارنىڭ موزايغا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزۈپ سالغان گۇناھىدىن پاكلىنىشى ئۈچۈن بەرگەن تەۋبە قىلىش ئۇسۇلىدۇر. بۇ ئايەت ھەققىدە ھەسەنبەسرى مۇنداق دەيدۇ: ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ دىللىرىغا موزايغا ئىبادەت قىلىش كەچكەن ۋاقتىدا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يۇقىرىدىكى سۆزنى قىلغان (شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۇناھلىرىنى تونۇپ يەتكەن)، الله تائالا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى تونىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (موزايغا چوقۇنغانلىقلىرىغا) پۇشايمان قىلغان ۋە راست ئازغانلىقلىرىنى چۈشەنگەن چاغدا: «ئەگەر پەرۋەردىگارىمىز بىزگە رەھىم قىلمىسا ۋە مەغپىرەت قىلمىسا، بىز ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» دېدى﴾[1].

ئەبۇئالىيە، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە رەبىئ ئىبنى ئەنەسلەر الله تائالانىڭ: ﴿**مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى سىلەر ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار.

ئىبنى كەسىر مۇنداق دېدى: «الله تائالانىڭ: ﴿**ياراتقۇچىڭلارغا**﴾ دېگەن ئايىتى ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: سىلەر سىلەرنى ياراتقان زاتقا تەۋبە قىلىڭلار. چۈنكى، ئۇ زاتتىن باشقا بىر نەرسىگىمۇ ئىبادەت قىلدىڭلار دېگەنلىكتۇر.

نەسەئى، ئىبنى جەرىر، ئىبنى ئەبۇھاتەم قاتارلىقلار يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ تەۋبىسى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر كىشى (ئاتىسى بولامدۇ ياكى بالىسى بولامدۇ) ئۆزىنىڭ ئالدىغا يولۇققان كىشىنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق بولىدۇ. ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىشى نەزەرگە ئېلىنمايدۇ. شۇلار مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالامدىن يوشۇرۇن قىلغان. لېكىن، الله بىلىپ تۇرغان گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ئىقرار قىلدى. ئۇلار الله (ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە) بۇيرۇغان ئىشنى قىلدى. چۈنكى، الله ئۆلتۈرگۈچىنىڭ ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ گۇناھىنى كەچۈردى.

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈممىتىگە مۇنداق دېدى: ﴿**ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، موزايغا چوقۇنمىغانلار چوقۇنغانلارنى ئۆلتۈرسۇن» دېدى. مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. الله تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. الله تەۋبىنى ھەقىقەتەن بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قەۋمىنى الله تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. موزايغا ئىبادەت قىلغانلارنى ئۆلتۈرۈشقا، موزايغا ئىبادەت قىلمىغانلارنى ئۆرە تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئاندىن ئۇلار (موزايغا ئىبادەت قىلمىغانلار) قوللىرىغا چوڭ ـ چوڭ پىچاقلارنى ئېلىشتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قاتتىق بىر قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتتى. ئاندىن بىرسى يەنە بىرسىنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلاردىن قاراڭغۇلۇق كۆتۈرۈلگەندە ئاللىقاچان يەتمىش مىڭ كىشى ئۆلۈپ تۈگىگەن ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن

(1) ئەئراف سۈرىسى 149 ـ ئايەت.

ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ۋە ساق قالغانلارنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىندى.

****

وَإِذْ قُلْتُمْ يَٰمُوسَىٰ لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّىٰ نَرَى ٱللَّهَ جَهْرَةً فَأَخَذَتْكُمُ ٱلصَّٰعِقَةُ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ ﴿٥٥﴾ ثُمَّ بَعَثْنَٰكُم مِّنۢ بَعْدِ مَوْتِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٥٦﴾

ئۆز ۋاقتىدا : «ئى مۇسا! اللّٰه نى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار ـ دە، (سىلەرگە نازىل بولغان ئازابنى) كۆرۈپ تۇرغىنىڭلاردا سىلەرنى چاقماق سوقتى﴿55﴾. ئاندىن كېيىن، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن، دەپ ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردۇق﴿56﴾.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلىرىنىڭ اللّٰه تائالانى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقى، اللّٰه تائالانىڭ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قايتا تىرىلدۈرگەنلىكى

ئىبنى جەرىر اللّٰه تائالانىڭ يۇقىرىدىكى ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ، اللّٰه مۇنداق دەيدۇ: سىلەر مېنى ئوچۇق ـ ئاشكارا كۆرۈشنى، يەنى سىلەرگە ۋە باشقىلارغا ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى تەلەپ قىلغان ۋاقتىڭلاردا (سىلەرنى چاقماق سوقۇپ ئۆلتۈردى) چاقماق سوقۇپ (ئۆلتۈرگەندىن) كېيىن سىلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشتىن ئىبارەت سىلەرگە بولغان نېئمىتىمنى ئەسلەڭلار.

ئىبنى ئابباس اللّٰه تائالانىڭ: ﴿**«ئى مۇسا! اللّٰه نى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار ـ دە،**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: اللّٰه نى ئاشكارا كۆرمىگىچە ئىشەنمەيمىز.

ئۇرۋە ئىبنى رۇۋەيم اللّٰه تائالانىڭ: ﴿**(سىلەرگە نازىل بولغان ئازابنى) كۆرۈپ تۇرغىنىڭلاردا سىلەرنى چاقماق سوقتى**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ بەزىسىنى چاقماق سوقۇۋەتتى. بەزىسى قاراپ تۇردى. ئاندىن يەنە چاقماق سوقۇپ (ئۆلۈپ كەتكەنلەر) تىرىلدۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قاراپ تۇرغانلارنى چاقماق سوقتى.

سۇددى اللّٰه تائالانىڭ يۇقىرىقى ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلدى. ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام يىغلاپ تۇرۇپ اللّٰه تائالاغا مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى: ئى پەرۋەردىگارىم! سەن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ياخشىلىرىنى يوقىتىۋەتتىڭ، مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغىنىمدا نېمە دەيمەن؟

ئارقىدىن يەنە مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىم! خالىغان بولساڭ، ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئارىمىزدىكى ئەخمەقلەرنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟﴾[1] اللّٰه مۇسائەلەيھىسسالامغا يوقىتىۋېتىلگەن 70 مىڭ كىشىنىڭ موزايغا ئىبادەت قىلغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ۋەھيي قىلدى. ئاندىن اللّٰه ئۇلارنى تىرىلدۈردى. ئۇلار بىرسىنىڭ ئارقىسىدىن بىرسى تىرىلىپ قوپتى.

(1) ئەئراف سۈرىسى155 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنىڭ قانداق تىرىلگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردى. بۇ ﷲ تائالانىڭ: ﴿**ئاندىن كېيىن، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن، دەپ ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردۇق**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىدۇر.

رەبىئ ئىبنى ئەنەس مۇنداق دېدى: ئۇلارنىڭ ئۆلگەنلىكى ئۇلار ئۇچۇن بېرىلگەن بىر جازا بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قالغان ئۆمرىنى ياشىشى ئۈچۈن ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرۈلدى. قەتادە بۇ ھەقتە رەبىئگە ئوخشاش دېدى.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالام تەۋرات يېزىلغان تاختاينى ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ يېنىدىن ئېلىپ قايتىپ كەلگەندە، ئۇلارنى موزايغا ئىبادەت قىلىۋاتقان ھالەتتە كۆردى. ئاندىن ئۇلارنى ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئۇلار شۇنداق قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ﷲ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن ئۇلارغا مۇنداق دېدى: بۇ تاختايلارغا ﷲ تائالانىڭ كىتابى (تەۋرات) يېزىلغاندۇر. بۇ كىتابتا سىلەر قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىشلار ۋە قىلماسلىققا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى باردۇر. ئۇلار: (مۇساغا) سېنىڭ بۇ سۆزۈڭنى كىم قوبۇل قىلىدۇ؟ بىز ﷲ نى ئوچۇق-ئاشكارا كۆرمىگىچە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز (سېنىڭ سۆزۈڭنى قوبۇل قىلمايمىز)،- دېدى. (مۇسا) ئۇلارغا مۇنداق دېدى: بۇ ماڭا بېرىلگەن كىتاب، سىلەر بۇنى قوبۇل قىلىڭلار. (ئۇلار) ئۇنىڭغا: ئى مۇسا! نېمە ئۈچۈن ﷲ ساڭا سۆزلىگەندەك بىزگىمۇ سۆزلىمەيدۇ»،- دېدى. (ئابدۇراھمان بۇ سۆزىگە ئىسپات قىلىش ئۈچۈن) ﷲ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنى ئوقۇدى: ﴿**ئى مۇسا! ﷲ نى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز**﴾.

ئابدۇراھمان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﷲ تەرەپتىن ئۇلارغا غەزەپ كەلدى. تەۋبىدىن كېيىن ئۇلارنى بىر چاقماقنىڭ سوقۇشىدىن ئىبارەت ئازاب كەلدى، ئۇلارنى چاقماق سوقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلدى. ئاندىن ﷲ ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈردى. ئۇ بۇ سۆزىگە ئىسپات كەلتۈرۈپ، ﷲ تائالانىڭ بۇ ئايىتىنى ئوقۇدى: ﴿**ئاندىن كېيىن، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن، دەپ ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردۇق**﴾.

ئاندىن مۇسا ئۇلارغا: ﷲ تائالانىڭ كىتابىغا ئەگىشىڭلار،- دېدى. ئۇلار: ياق،- دەپ جاۋاب بەردى. مۇسا (ئۇلارغا): سىلەرگە نېمە بولدى؟- دەپ سورىدى. ئۇلار: بىز ئۆلتۈرۈلۈپ ئاندىن تىرىلدۈرۈلدۇق،- دەپ جاۋاب بەردى. مۇسا (قايتىدىن) ﷲ تائالانىڭ كىتابىغا ئەگىشىڭلار (يەنى قوبۇل قىلىڭلار)،- دېدى. ئۇلار: ياق،- دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ﷲ تائالا پەرىشتىلەرنى تاغنى قومۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاشلاشقا ئەۋەتتى. بۇ كەلتۈرۈلگەن سۆزنىڭ مەزمۇنى: ئۇلار تىرىلدۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن (مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئەگىشىشكە) چاقىرىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇلارنىڭ قاچان چاقىرىلغانلىقى توغرىسىدا ماۋەردى مۇنداق ئىككى خىل كۆز قاراشنى سۆزلەپ بەردى: بىرىنچىسى، ئۇلار (ئۆلۈش ۋە تىرىلىشنى) ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، (مۇساغا) ئىشىنىشكە مەجبۇر بولغانغا قەدەر، ئۇلاردىن (مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئىشىنىش) كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن (يەنى ئۇلار شۇ ۋاقىت ئىچىدىلا ئىشىنىشكە چاقىرىلمىغان). ئىككىنچىسى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەقىل ھوشى جايىدا (ئۆلمىگەن) كىشى ئەمەل - ئىبادەتسىز قالمىسۇن دەپ ئۇلار (شۇ دىنغا ئىشىنىشكە) چاقىرىلغان ھالىتىدە قالدى. (شۇ ۋاقىتنىڭ ئىچىدە مۇسانىڭ دىنىغا ئىشىنىش كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن).

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «توغرىسى ئىككىنچىسىدۇر. چۈنكى، ئىسرائىل ئەۋلادلىرى (ھاياتىدا) نۇرغۇنلىغان ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ ئىشلارنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى. ئۇلار شۇ ئىشلارنى كۆرگەن ۋاقتىدىمۇ (دىنغا ئەگىشىش) كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەنىدى.

* * * * * * *

وَظَلَّلْنَا عَلَيْكُمُ ٱلْغَمَامَ وَأَنزَلْنَا عَلَيْكُمُ ٱلْمَنَّ وَٱلسَّلْوَىٰ ۖ كُلُوا۟ مِن طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقْنَٰكُمْ ۖ وَمَا ظَلَمُونَا وَلَٰكِن كَانُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ﴿٥٧﴾

سىلەرگە بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، سىلەرگە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق. (بىز سىلەرگە) «رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك، شېرىن نەرسىلەردىن يەپ ـ ئىچىڭلار» (دېدۇق). ئۇلار (نېئمەتلىرىمىزگە ناشۈكۈرلۇق قىلىش بىلەن) بىزگە ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرىگىلا زۇلۇم قىلدى﴿57﴾.

ئىسرائىل ئەۋلادىغا بۇلۇت بىلەن سايە قىلىپ بەرگەنلىكى ۋە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەرگەنلىكى

يۇقىرىدا الله تائالا ئۇلارغا كەلگەن ئازابتىن توسۇپ قالغانلىقىنى بايان قىلىپ بولۇپ، (بۇ يەردە) ئۇلارغا تولۇق بەرگەن نېئمەتلەرنى ئەسلىتىشكە باشلاپ مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەرگە بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق**﴾ يەنى ئۇلار تەي دېگەن يەردە قۇياش ئاپتىپىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاق بۇلۇت بىلەن سايىلاندى.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ھەسەن ۋە قەتادە قاتارلىقلار مۇنداق دېدى: بۇ ئىش بەدرىيە دېگەن يەردە يۈز بەرگەن بولۇپ، الله ئۇلارغا كۈننىڭ ھارارىتىدىن ساقلاش ئۈچۈن بۇلۇتنى سايە قىلىپ بەردى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ﴿**سىلەرگە تەرەنجىبىننى چۈشۈرۈپ بەردۇق**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: تەرەنجىبىن (ئۇلارغا) دەرەخنىڭ ئۈستىگە چۈشەتتى. ئۇلار ئەتىگەندە چىقىپ ئۇنىڭدىن خالىغىنىچە يەيتتى. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىق تەرەنجىبىن ئۇلارنىڭ مەھەللىلىرىگە تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ كۈن چىققۇچە قار ياغقاندەك چۈشەتتى. ئۇلار (نىڭ ھەر بىرى) ئۇنىڭدىن شۇ كۈندە يەتكۈدەك ئالاتتى. ئۇنىڭدىن جىق ئېلىپ قالسا، بۇزۇلۇپ قېلىپ ھېچ نەرسە قالمايتتى. ئالتىنچى كۈنگە كەلگەندە، بىراقلا ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى كۈنگە يەتكۈدەك ئېلىۋالاتتى. چۈنكى، يەتتىنچى كۈنى (ئۇلارنىڭ) دەم ئېلىش كۈنى بولۇپ، ئۇ كۈنى ھېچ كىم ئۆزىنى قامداش، تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمايدىغان بىر كۈن ئىدى. بۆدۈنىمۇ ھەر كۈنى تەرەنجىبىنگە ئوخشاش ئۆزلىرىگە يەتكۈدەك بوغۇزلىناتتى، ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولۇپ قالسا، بۇزۇلۇپ قېلىپ ھېچ نەرسە قالمايتتى. ئالتىنچى كۈنگە كەلگەندە، بىراقلا ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى كۈنگە يەتكۈدەك بوغۇزلىۋالاتتى،

چۈنكى، يەتتىنچى كۈنى ئۇلارنىڭ دەم ئېلىش كۈنى ئىدى. ﴿(ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) «سىلەر بىز رىزىقلاندۇرغان لەززەتلىك نەرسىلەردىن يەڭلار». (ئۇلار بۇ ئۇلۇغ نېئمەتلەرگە نانكورلۇق قىلىش بىلەن) بىزگە زىيان سالغىنى يوق، (ئۆزلىرىنى الله تائالانىڭ ئازابىغا دۇچار قىلىشلىرى بىلەن) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم سالدى﴾[1] بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىدىن يېيىشكە ۋە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئۇلار (الله تائالانىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئوچۇق پاكىتلارنى، ئاشكارا مۆجىزىلەرنى ۋە ئادەتتىن تاشقىرى بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ (الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا) قارشىلىق قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا كاپىر بولۇپ ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى.

باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ساھابىلىرىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئارتۇق ئىكەنلىكى

ساھابىلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە قىلغان سەپەرلىرىدە ۋە جەڭ مەيدانلىرىدا تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىپ تەۋرەنمەي تۇرغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىن باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ساھابىلىرىغا قارىغاندا ئارتۇقچىلىقى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، كۈننىڭ قاتتىق قىززىپ كەتكەن ۋاقتىدا بولغان تەبۇك ئۇرۇشىدىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق قولاي تۇرۇقلۇق (باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ساھابىلىرى سورىغاندەك) ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلاردىن بىرنىمۇ تەلەپ قىلمىدى، لېكىن ئۇلارنى ئاچلىق بەك قىيناۋاتقاندا ئۆزلىرىدە قالغان ئازغىنا ئوزۇقلۇقنى يىغىپ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شۇنى بەرىكەتلىك قىلىپ بېرىشنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالاغا دۇئا قىلدى. ئاندىن ئۇلارنى (ھەر بىرى) ئۆزلىرىنىڭ قاچىلىرىنى ئېلىۋېلىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭدەك سۇغا ئېھتىياجى چۈشكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله دىن سورىدى. ئاندىن بىر بۇلۇت كېلىپ ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى. سۇدىن ھەممىسى قانغۇچە ئىچتى. تۆگىلىرىنىمۇ سۇغاردى ۋە قاچىلىرىنىمۇ توشقۇزۇپ سۇ ئېلىۋالدى. ئاندىن بۇلۇتقا قارىۋىدى، بۇلۇتنىڭ ئۇلار تۇرۇۋاتقان يەردىن باشقا بىر يەرگە يامغۇر ياغدۇرمىغانلىقىنى كۆردى. مانا بۇ، ھەممە ئىشنىڭ الله تائالانىڭ تەقدىرىگە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنىڭ چوڭ دەلىلىدۇر.

****

وَإِذْ قُلْنَا ٱدْخُلُواْ هَٰذِهِ ٱلْقَرْيَةَ فَكُلُواْ مِنْهَا حَيْثُ شِئْتُمْ رَغَدًا وَٱدْخُلُواْ ٱلْبَابَ سُجَّدًا وَقُولُواْ حِطَّةٌ
نَّغْفِرْ لَكُمْ خَطَٰيَٰكُمْ وَسَنَزِيدُ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٥٨﴾ فَبَدَّلَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ قَوْلًا غَيْرَ ٱلَّذِى قِيلَ لَهُمْ
فَأَنزَلْنَا عَلَى ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ رِجْزًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ بِمَا كَانُواْ يَفْسُقُونَ ﴿٥٩﴾

ئۆز ۋاقتىدا (مۇسا ئارقىلىق ئەجدادلىرىڭلارغا): «بۇ شەھەرگە (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسكە) كىرىڭلار، ئۇ يەردە خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ ـ ئىچىڭلار، (بەيتۇلمۇقەددەس) دەرۋازىسىدىن (شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار، (پەرۋەردىگارىمىز) گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن دەڭلار،

(1) ئەئراف سۈرىسى 160 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، ياخشىلارغا تېخىمۇ ئارتۇق ساۋاب بېرىمىز» دېدۇق﴿58﴾. زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۆزلىرىگە سۆزلەنگەن سۆزنى باشقا سۆزگە ئۆزگەرتىۋەتتى، زۇلۇم قىلغۇچىلار يولدىن چىققانلىقلىرى (يەنى الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب چۈشۈردۇق﴿59﴾.

الله تائالا بەيتۇلمۇقەددەسنى يەھۇدىيلارغا فەتھى قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ الله تائالاغا شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى

ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھلىقىدا مىسىردىن كەلگەندە بەيتۇلمۇقەددەسكە كىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدى. ئۇلار ئۇرۇش قىلىشتىن قورقۇپ، كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشقىلى ئۇنىمىدى. الله ئۇلارنى ئېزىقتۇرۇش ئارقىلىق جازالىدى. كىرىشكە بۇيرۇلغان زېمىننى بەيتۇلمۇقەددەس ئەمەس، بەلكى ئەرىھا دېگەنلەرمۇ بار. بۇ سۆز ئىبنى ئابباس ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىندى. بۇ ۋەقەلىك (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى ياكى ئەرىھا دېگەن يەرنى ئېچىشى) ئۇلارنىڭ 40 يىل ئېزىقىپ يۈرۈپ كېيىن يۈشە ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە چىققاندىن كېيىن بولغان. الله تائالا ئۇلارغا شەھەرنى جۈمە كۈنى كەچ ۋاقتى بىلەن فەتھى قىلىپ بەردى. شەھەرنى ئېلىۋالسۇن دەپ شۇ كۈنى كۈننى بىر ئاز توختىتىپ بەردى. ئۇلار شەھەرنى قولغا ئالغان ۋاقىتتا (يەنى شەھەرنى ئېلىش ئۈچۈن بولۇنغان بۇ ئۇرۇشتا) الله تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان نۇسرىتىگە، ئۇلارغا شەھەرلەرنى قولغا قايتۇرۇپ بەرگەن، ئۇلارنى ئېزىپ يۈرۈشتىن ۋە گۇمراھلىقتىن قۇتقۇزغانلىقىغا الله تائالاغا شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن (شەھەرنىڭ ئىشىكىدىن) كەمتەرلىك بىلەن سەجدە قىلغان ھالدا كىرىشكە بۇيرۇلسا، ئۇلار بۇ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلدى (يەنى بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ غادىيىپ كىردى).

الله تائالانىڭ: ﴿(پەرۋەردىگارىمىز) گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن دەڭلار﴾ دېگەن ئايىتى توغرىسىدا ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «گۇناھىڭلارغا مەغپىرەت تىلەڭلار». بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ھەسەن ۋە قەتادە قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: «(ئۇلار مۇنداق دەيدۇ) بىزنىڭ كەمچىلىكلىرىمىزنى كەچۈرگىن.»

﴿گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، ياخشىلارغا تېخىمۇ ئارتۇق ساۋاب بېرىمىز﴾ يەنى سىلەر بىز بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلساڭلار، بىز سىلەرنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھىڭلارنى، كەمچىلىكلىرىڭلارنى كەچۈرۈپ، ياخشىلىقلارنى نەچچە ھەسسە كۆپەيتىپ بېرىمىز.

الله تائالا نەسر سۈرىسىدە دېگەندەك، شەھەر فەتھى بولغاندا، ئۇلار الله تائالاغا سۆز ۋە ھەرىكىتى بىلەن بويسۇنۇشقا، گۇناھلىرىنى تونۇپ، ئۇنى كەچۈرۈشنى سوراشقا ۋە الله تائالانىڭ ئۇلارغا بەرگەن نېئمىتىگە شۈكرى ئېيتىشقا، الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ياخشى بولىدىغان ئىشقا ئۈندەشكە بۇيرۇلدى. الله نەسر سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە الله نىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. الله ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر﴾[1].

(1) نەسر سۈرىسى 1 ـ ئايەتتىن 3 ئايەتكىچە.

﴿زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۆزلىرىگە سۆزلەنگەن سۆزنى باشقا سۆزگە ئۆزگەرتىۋەتتى﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىمام بۇخارى ئەبۇھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىسرائىل ئەۋلادىغا سىلەر ئىشىكتىن (الله تائالانىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىگە) شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن سەجدە قىلغان ھالدا، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن دەڭلار! ـ دەپ بۇيرۇلسا، ئۇلار (ئىشىكتىن) ساغرىسىنى يەرگە سۈركەپ كەينىچىلاپ كىرىپ، دېيىشكە بۇيرۇلغان سۆزنىمۇ ئالماشتۇرۇپ: ”ئارپىنىڭ دېنى“ دېدى. ئۇلار الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن الله ئۇزىنىڭ ئازابىنى ئۇلارغا چۈشۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿زۇلۇم قىلغۇچىلار يولدىن چىققانلىقلىرى (يەنى الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب چۈشۈردۇق﴾**.

زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇرئاندىكى بارلىق ”رجز“ دېگەن سۆز ئازاب دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ». ئىبنى ئەبۇھاتەم سەئىد ئىبنى مالىك ۋە ئۇسامە ئىبنى سابىت قاتارلىقلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ: «تائۇن[1] دېگەن ”رجز“ بولۇپ، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرگە بېرىلگەن بىر تۈرلۈك ئازابتۇر».

* * * * * * *

﴿ وَإِذِ ٱسْتَسْقَىٰ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِۦ فَقُلْنَا ٱضْرِب بِّعَصَاكَ ٱلْحَجَرَ ۖ فَٱنفَجَرَتْ مِنْهُ ٱثْنَتَا عَشْرَةَ عَيْنًا ۖ قَدْ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٍ مَّشْرَبَهُمْ ۖ كُلُوا۟ وَٱشْرَبُوا۟ مِن رِّزْقِ ٱللَّهِ وَلَا تَعْثَوْا۟ فِى ٱلْأَرْضِ مُفْسِدِينَ ﴿٦٠﴾

ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمى ئۈچۈن سۇ تەلەپ قىلغان ئىدى، بىز ئۇنىڭغا: «ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن» دېدۇق. تاشتىن 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ھەممە ئادەم (يەنى قەبىلە) ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى، (ئۇلارغا) «الله بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» (دېدۇق)﴿60﴾.

ئون ئىككى بۇلاقنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى

ئىبنى ئابباس تاشتىن بۇلاقنىڭ ئېتىلىپ چىققانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر دانە تۆت بۇرجەكلىك تاش بار ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام تاشنى ئۇرۇشقا بۇيرۇلدى. ئاندىن ئۇنى ھاسىسى بىلەن بىرنى ئۇردى. ئاندىن ئۇنىڭ ھەر بىر تەرىپىدە ئۈچتىن بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى. سۇ ئىچىش ئۈچۈن ھەر بىر قەبىلىگە بىردىن بۇلاقنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلار

(1) تائۇن ـ ماخاۋ كېسىلى.

بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكەلگەن ۋاقتىدا، شۇ بۇلاقنى ئۆزلىرى يۆتكىلىپ بارغان ئورۇندىمۇ تاپتى».

* * * * * * *

وَإِذْ قُلْتُمْ يَٰمُوسَىٰ لَن نَّصْبِرَ عَلَىٰ طَعَامٍ وَٰحِدٍ فَٱدْعُ لَنَا رَبَّكَ يُخْرِجْ لَنَا مِمَّا تُنۢبِتُ ٱلْأَرْضُ مِنۢ بَقْلِهَا وَقِثَّآئِهَا وَفُومِهَا وَعَدَسِهَا وَبَصَلِهَا ۖ قَالَ أَتَسْتَبْدِلُونَ ٱلَّذِى هُوَ أَدْنَىٰ بِٱلَّذِى هُوَ خَيْرٌ ۚ ٱهْبِطُوا۟ مِصْرًا فَإِنَّ لَكُم مَّا سَأَلْتُمْ ۗ ...

ئۆز ۋاقتىدا (سىنا چۆلىدە تەرەنجىبىن ۋە بۆدۈنە بىلەنلا ئوزۇقلىنىۋاتقىنىڭلاردا) سىلەر: «ئى مۇسا! بىز بىر خىل يېمەكلىككە چىداپ تۇرالمايمىز، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن، بىزگە زېمىننىڭ كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن» دېدىڭلار، مۇسا: «سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشەمسىلەر؟ (يەنى پىياز، سامساق، كۆكتاتنى تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىدىن ئارتۇق كۆرەمسىلەر؟) بىرەر شەھەرگە كىرىڭلار، (شۇ يەردە) تىلىگىنىڭلار بار» دېدى...

ئۇلارنىڭ تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنىڭ ئورنىغا ئاددىي بىر تاماق سورىغانلىقى

ھەسەنبەسرى مۇنداق دېدى: ئۇلار تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى ئاددىي كۆرۈپ، داۋاملىق ئۇنى يەۋېرىشكە چىداپ تۇرالمىدى. ئۇلار بۇرۇن تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىياز قاتارلىق كۆكتاتلارنى يەيدىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار بۇرۇنقى تۇرمۇشنى سېغىنىپ مۇنداق دېدى: **﴿بىز بىر خىل يېمەكلىككە چىداپ تۇرالمايمىز، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن، بىزگە زېمىننىڭ كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن»﴾**.

﴿مۇسا: «سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشەمسىلەر؟ دېدى﴾ يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەرەنجىبىن ۋە بۆدۈنىدەك مېزىلىك نەرسىلەر بىلەن ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپ تۇرۇپ، ئورنىغا ئاددىي يېمەكلىكلەرنى سورىغانلىقى ئۈچۈن كايىدى ۋە مالامەت قىلدى.

﴿بىرەر شەھەرگە كىرىڭلار﴾ يەنى سىلەر قايسى شەھەر بولسۇن، بىر شەھەرگە كىرىڭلار. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس ۋە باشقا تەپسىرشۇناس ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا سىلەر سورىغان نەرسىلەر تاپقىلى بولمايدىغان قىممەت نەرسە ئەمەس، بۇ ھەممە شەھەرلەردە بار، قايسى شەھەرگە كىرسەڭلار، ئۇنى تاپالايسىلەر، ئۇ ئۆزى ئاددىي، ھەممە شەھەردە كۆپ تېپىلىدىغان نەرسىلەر بولغاچقا، ئۇ نەرسىلەرنى الله دىن ئالاھىدە سوراشقا ئەرزىمەيدۇ.

شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى: **﴿«سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشەمسىلەر؟ (يەنى پىياز، سامساق، كۆكتاتنى تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىدىن ئارتۇق كۆرەمسىلەر؟) بىرەر شەھەرگە كىرىڭلار، (شۇ يەردە) تىلىگىنىڭلار بار» دېدى﴾**.

* * * * * * *

... وَضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ ٱلذِّلَّةُ وَٱلْمَسْكَنَةُ وَبَآءُو بِغَضَبٍ مِّنَ ٱللَّهِ ۗ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ كَانُوا۟ يَكْفُرُونَ بِـَٔايَـٰتِ ٱللَّهِ وَيَقْتُلُونَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ بِغَيْرِ ٱلْحَقِّ ۗ ذَٰلِكَ بِمَا عَصَوا۟ وَّكَانُوا۟ يَعْتَدُونَ ﴿٦١﴾

ئۇلار خارلىقتا، موھتاجلىقتا قالدى. الله نىڭ غەزىپىگە تېگىشلىك بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن بولدى. بۇ اللهغا ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقلىرى تۈپەيلىدىن بولدى﴿61﴾.

يەھۇدىيلارغا خارلىق بىلەن موھتاجلىقنىڭ پۈتۈلۈپ كېتىشى

﴿**ئۇلار خارلىقتا، موھتاجلىقتا قالدى**﴾ يەنى ئۇلارغا خارلىق ۋە موھتاجلىق يۈزلەندى. يەنى ئۇلار (پۈتۈن ھاياتىدا) خارلىق بىلەن، ناھايىتى پەسكەشچىلىك ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇچرىغانلا كىشىلەر ئۇلارنى خارلاپ ئېزىدۇ.

ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار الله تەرىپىدىن خار قىلىنغان خەلقلەردۇر؛ بۇ خارلىقتىن ئۇلارنى ھېچ كىم قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. (الله تائالا) ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ قول ئاستىدا ياشايدىغان قىلدى. شۇڭا ئۇلار (تارىختا) مۇسۇلمانلار ۋە مەجۇسىلارغا تۆلەم تۆلەپ ياشىدى.

﴿**الله نىڭ غەزىپىگە تېگىشلىك بولدى**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار الله تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدى». الله يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ ئۇلارنىڭ الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن بولدى**﴾ يەنى بىزنىڭ ئۇلارنى خارلىق ۋە موھتاجلىق بىلەن جازالىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ھەق دىنغا ئەگىشىشتىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتقانلىقى، الله تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن تانغانلىقى پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىلەرنى كەمسىتكەنلىكى ئۈچۈندۇر. الله تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن تېنىۋېلىش ۋە پەيغەمبەرلىرىنى ئورۇنسىز ئۆلتۈرۈشتىن چوڭ گۇناھ يوقتۇر.

كىبىرنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىبىر دېگەن ھەقىقەتنى كەمسىتىش، كىشىلەرنى ھاقارەتلەشتۇر»، ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى تۆۋەندىكى كىشىلەر قاتتىق ئازابلىنىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار بىرەر پەيغەمبەر ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن ياكى بىرەر پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرگەن كىشى. ئازغۇنلۇققا باشلايدىغان كىشى ۋە سەنئەتچىلەردۇر». الله نىڭ ئۇلارنى جازالىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ئۇلارنىڭ الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلىقى ۋە ھەقىقەتتىن چەتنىگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

****

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَٱلَّذِينَ هَادُوا۟ وَٱلنَّصَـٰرَىٰ وَٱلصَّـٰبِـِٔينَ مَنْ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ وَعَمِلَ

صَٰلِحًا فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٦٢﴾

شۈبھىسىزكى، مۆمىنلەر، يەھۇدىيلار، ناسارالار (ئارىسىدىن) ۋە پەرىشتىلەرگە، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار ئارىسىدىن اللّٰه غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىدا ئۆز ئەجرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ يوقتۇر﴿62﴾.

ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلىش نىجاتلىقنىڭ يولى ئىكەنلىكى

يۇقىرىدا اللّٰه ئۆزىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلغان، توسقان ئىشلارنى قىلغان، گۇناھ ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى ۋە ئۇلارغا چۈشكەن ئازابلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ يەردە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىنىڭ ئىچىدىن ياخشىلىق قىلغان ۋە اللّٰه تائالاغا بويسۇنغان كىشىلەرگە بولىدىغان مۇكاپاتنى تەكىتلەشكە باشلىدى. ياخشىلارنى مۇكاپاتلاش قىيامەت كۈنىگىچە داۋاملىشىدۇ. كىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشسە، ئۇ كىشى مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇ كەلگۈسىدىكى ئاقىۋەتتىن قورقۇپ قالمايدۇ. ئۆتكەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلمايدۇ. اللّٰه بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿راستلا اللّٰه نىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە اللّٰه نىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر﴾[1] اللّٰه مۆمىنلەر سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارغا مۇنداق دەيدىغانلىقىنى بۇ ئايەتتە كەلتۈردى: ﴿شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز اللّٰه دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار﴾[2]

مۆمىننىڭ سۈپىتى

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللّٰه تائالانىڭ: **﴿شۈبھىسىزكى، مۆمىنلەر، يەھۇدىيلار، ناسارالار (ئارىسىدىن) ۋە پەرىشتىلەرگە، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار ئارىسىدىن اللّٰه غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن...﴾** دېگەن ئايىتى ئۇنىڭ: **﴿كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر﴾** دېگەن ئايىتىدىن كېيىن چۈشكەن، ئۇنداقتا بۇنىڭ مەنىسى مۇنداق دېگەنلىك بولىدۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، قانداقلا بىر كىشى، مەيلى يەھۇدىي ياكى خرىستىئان بولسۇن، قىلغان ئىبادەتلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىننىڭ يوللىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ ئىبادەتلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن ھەممە كىشى ئۆز زامانىسىدا پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەن

(1) يۇنۇس سۈرىسى 62 ـ ئايەت.
(2) فۇسسىلەت سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

كىشىگە ئەگەشسە توغرا بولىدۇ، دېگەن نۇقتىدىن توغرا بولىۋېرەتتى. مەسىلەن، يەھۇدىيلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆز زامانىدا تەۋراتنىڭ ھۆكمىگە بويسۇناتتى.

يەھۇدىي دېگەن ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ يەھۇدىي دەپ ئاتىلىپ قېلىشى، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە كۆيۈنگەنلىكى ياكى ئۇلار قىلغان گۇناھلىرىغا بىز تەۋبە قىلدۇق، - دەپ تەۋبىنى جاكارلىغانلىقى ۋەياكى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ بالىسى يەھۇدىيغا نىسبەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈندۇر. ئەبۇئەمر ئىبنى ئەلا ئۇلارنىڭ يەھۇدىي دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ئۇلارنىڭ يەھۇدىي دەپ ئاتىلىپ قېلىشى، ئۇلار تەۋراتنى ئوقۇغاندا ئىككى يېنىغا ئىغاڭلاپ ئوقۇيتتى، شۇڭا شۇنداق دەپ ئاتىلىپ قالغان.

خىرىستىئان دېگەن ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى

الله ئىسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋە بويسۇنۇش ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا ۋاجىپ بولدى. ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىلەر خىرىستىئان دەپ ئاتالدى. ئۇلارنىڭ شۇنداق دەپ ئاتىلىشى، ئۆز ئارا بىر - بىرىگە ياردەم قىلىشقانلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇلار "ياردەمچىلەر" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ھەقتە **الله** ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿«(**الله** نىڭ دەۋىتىنى تەبلىغ قىلىشتا) **الله** غا كىملەر ياردەمچىلىرىم بولىدۇ؟» دېدى، ھەۋارىيۇنلار: «بىز **الله** نىڭ ياردەمچىلىرىمىز» دېدى﴾[1] ئۇلار "ناسىرە" ئىسىملىك بىر يەرگە چۈشكەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق ئاتىلىپ قالدى دېگەن كۆز قاراشتىكىلەرمۇ بار. **الله** تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىغا، يەنى پۈتۈن ئىنسانلارغا ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئىسلام دىنىغا ئىشىنىش، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش، توسقان نەرسىدىن يېنىش پۈتكۈل ئىنسانلارغا ۋاجىب بولدى. شۇنداق قىلغان كىشىلەر مۆمىن (ئىشەنگۈچىلەر) دەپ ئاتالدى. ئۇلارنىڭ مۆمىن دەپ ئاتىلىشى، ئۇلارنىڭ ھەممە پەيغەمبەرلەرگە ۋە كېيىن بولىدىغان ھەممە غەيىب ئىشلارغا شەكسىز ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

سابىئىلارنىڭ كىملىكى توغرىسىدا

ئالىملار ئارىسىدا سابىئىلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا كۆپ ئىختىلاپى پىكىرلەر بار. بەزىلەر: بۇلار ئاتەشپەرەس، يەھۇدىي ۋە خىرىستىئاننىڭ ئارىلىقىدىكى ھېچقانداق بىر دىنى يوق مىللەت، - دېسە، بەزىلەر: ئۇلار ئەھلى كىتابلارنىڭ ئىچىدىكى زەبۇرنى ئوقۇيدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر، - دەيدۇ. يەنە بەزىلەر، ئۇلار پەرىشتىلەرگە چوقۇنىدىغان كىشىلەردۇر، - دەيدۇ. بەزىلەر: ئۇلار يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدىغان كىشىلەردۇر، - دەيدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ ئىچىدە توغرا دەپ قارالغان سۆز مۇجاھىد ۋە ئۇنىڭ

---

(1) سەف سۈرىسى 14 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەگەشكۈچىلىرى ۋە ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھ قاتارلىقلارنىڭ سۆزلىرى بولۇپ، ئۇلار: سابىئىلار يەھۇدىيلار، خىرىستىئانلار، ئاتەشپەرەسلەر ۋە مۇشرىكلارنىڭ دىنىدا ئەمەس ۋە ئۇلار ئەگىشىدىغان مۇئەييەن بىر دىن يوق، ئەسلى تەبىئىتى بىلەن قېلىپ قالغان كىشىلەردۇر. شۇڭا مۇشرىكلار ئىسلام دىنىغا كىرگەن كىشىنى سابىئى يەنى شۇ ۋاقىتتىكى يەر يۈزىدىكى ھەممە دىندىن چىقىپ كەتكۈچى دېگەن سۆز بىلەن ئەيىبلەيتتى. بەزىلەر ئۇلارنى پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقى يېتىپ بارمىغان كىشىلەر، ـ دەپمۇ ئاتايدۇ.

****

وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَكُمۡ وَرَفَعۡنَا فَوۡقَكُمُ ٱلطُّورَ خُذُواْ مَآ ءَاتَيۡنَٰكُم بِقُوَّةٖ وَٱذۡكُرُواْ مَا فِيهِ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ﴿٦٣﴾ ثُمَّ تَوَلَّيۡتُم مِّنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَۖ فَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ وَرَحۡمَتُهُۥ لَكُنتُم مِّنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿٦٤﴾

ئۆز ۋاقتىدا، بىز سىلەردىن چىن ۋەدە ئالغان ۋە تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلارغا تىكلەپ قويغان، سىلەرگە: «(دۇنيادا ھالاك بولۇشتىن، ئاخىرەتتە ئازابقا قېلىشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن بىز بەرگەن كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار (يەنى تەۋراتقا ئەمەل قىلىڭلار)، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارنى ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار» (دېگەن ئىدۇق) ﴿63﴾. شۇنىڭدىن كېيىن (بەرگەن ۋەدەڭلاردىن) يۈز ئۆرۈدۈڭلار، سىلەرگە اللہ نىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولاتتىڭلار ﴿64﴾.

اللہ تائالانىڭ يەھۇدىيلارنىڭ بېشىغا تۇر تېغىنى تىكلەپ تۇرۇپ ئۇلاردىن چىن ۋەدە ئالغانلىقى، لېكىن ئۇلارنىڭ ۋەدىسىدىن يېنىۋالغانلىقى

اللہ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۇلاردىن اللہ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەي ئىشىنىشكە ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئەگىشىشكە ئالغان ۋەدىسىنى ئەسلەتتى. ئۇلار بەرگەن ۋەدىسىنى ئېتىراپ قىلسۇن ۋە ۋەدىسىنى ئېسىدە ساقلاپ بويسۇنسۇن دەپ ئۇلاردىن ۋەدە ئالغان چاغدا تۇر تېغىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا (تۇر) تاغنى قومۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سايىۋەندەك تىكلىدۇق، ئۇلار تاغنى ئۈستىلىرىگە چۈشۈپ كېتىدۇ دەپ ئويلىدى. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) «تەقۋادارلار قاتارىدا بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئۆزەڭلارغا بېرىلگەن كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) مەھكەم تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىڭلار»﴾[1].

﴿سىلەرگە: «(دۇنيادا ھالاك بولۇشتىن، ئاخىرەتتە ئازابقا قېلىشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن بىز بەرگەن كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار (يەنى تەۋراتقا ئەمەل قىلىڭلار دېگەن ئىدۇق)﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: سىلەر تەۋراتنى تۇتۇڭلار، مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ ئىچىدىكى بايان قىلىنغان نەرسىلەرگە ئەمەل قىلىڭلار.

(1) ئەئراف سۈرىسى 171 ـ ئايەت.

﴿ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارنى ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار» (دېگەن ئىدۇق)﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇئالىيە ۋە رەبىئ قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: سىلەر تەۋراتنىڭ ئىچىدىكى ئەھكاملارنى ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭلار.

﴿شۇنىڭدىن كېيىن (بەرگەن ۋەدەڭلاردىن) يۈز ئۆرۈدۈڭلار، سىلەرگە الله نىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى﴾ يەنى سىلەر مۇشۇنداق چىڭ ئېلىنغان ۋەدىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار. (الله تائالا) سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلمىسا ۋە سىلەرگە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتمىسە ئىدى، سىلەر **﴿چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولاتتىڭلار﴾** يەنى سىلەر شۇ ۋەدىنى بۇزغانلىقىڭلار ئۈچۈن، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولاتتىڭلار.

* * * * * * *

وَلَقَدْ عَلِمْتُمُ ٱلَّذِينَ ٱعْتَدَوْا۟ مِنكُمْ فِى ٱلسَّبْتِ فَقُلْنَا لَهُمْ كُونُوا۟ قِرَدَةً خَـٰسِـِٔينَ ﴿٦٥﴾ فَجَعَلْنَـٰهَا نَكَـٰلًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهَا وَمَا خَلْفَهَا وَمَوْعِظَةً لِّلْمُتَّقِينَ ﴿٦٦﴾

ئاراڭلاردىكى شەنبە كۈنى (بېلىق تۇتماسلىق) توغرىسىدىكى شەرىئەت چەكلىمىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى (قانداق قىلغانلىقىمىزنى)، ئەلۋەتتە بىلىسىلەر، بىز ئۇلارغا: «خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېدۇق﴿65﴾. ئۇنى (يەنى ئۇلارغا بېرىلگەن بۇ جازانى) زامانداشلىرى ۋە كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت، تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت قىلدۇق﴿66﴾.

شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمىتىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى مايمۇن ۋە چوشقىلارنىڭ سۈرىتىگە ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى يەھۇدىي گۇرۇھىدىكىلەر! سىلەر الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلغان، شەنبە كۈنىدە يول قويۇلغان ئىشلارنى قىلىپ، ئۇ كۈننى ئۇلۇغلاڭلار، دەپ ئېلىنغان ۋەدىگە خىلاپلىق قىلغان كەنتتىكى كىشىلەرگە چۈشكەن جازانى بىلىسىلەر (الله تائالا ئۇلارنى شەنبە كۈنى بېلىق تۇتۇشتىن چەكلەپ، ئۇ كۈننى ئۇلۇغلاشقا بۇيرۇغان، ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن شەنبە كۈنى بېلىقنى كۆپەيتىپ بەرگەن). ئۇلار ھىيلە ئىشلىتىپ شەنبە كۈنىدىن بۇرۇن قارماق ۋە تورلارنى سېلىپ قويۇپ، (شەنبە كۈنىدىكى) بېلىقلارنى قارماق ۋە تورلىرىغا چۈشۈرۈۋالاتتى. شەنبە كۈننى ئۆتكۈزۈپ، يەكشەنبە كۈنلىرى تور ۋە قارماقلىرىنى يىغىپ بېلىقلارنى تۇتاتتى. بۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى كۆرۈنۈشتە توغرىدەك ۋە لېكىن ھەقىقەتتە خاتا بولغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا ئۇلارنى ئىنسانغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەمما ئىنسان ئەمەس ھايۋان، مايمۇننىڭ سۈرىتىگە ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ قىسسە (الله تائالا خالىسا) ئەئراف سۈرىسىنىڭ بۇ ئايىتىدە تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) دىن دېڭىز (يەنى قۇلزۇم دېڭىزى) بويىدىكى (ئەيلە) شەھىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغىن. (ئۇنىڭ ئاھالىسى بېلىق تۇتۇش چەكلەنگەن كۈن) شەنبىدە الله نىڭ چەكلىمىسىدىن چىقاتتى. چۈنكى، شەنبە كۈنى بېلىقلار سۇ ئۈستىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلەتتى. شەنبىدىن غەيرىي كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلمەيتتى. پاسىق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن

ئۇلارنى مۇشۇنداق سىنايمىز﴾[1].

﴿خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار﴾ ئەۋفىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا ئۇلارنى مايمۇن ۋە چوشقىلارنىڭ سۈرىتىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ ياشلىرى مايمۇن، قېرىلىرى چوشقا بولۇپ كەتتى.

ھازىرقى زاماندىكى مايمۇن، چوشقىلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا سۈرىتى ئۆزگەرتىلگەن مايمۇن ۋە چوشقىلارنىڭ نەسلىدىن ئەمەسلىكى

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمىتىگە تاجاۋۇز قىلغانلارنىڭ ھەممىسى مايمۇننىڭ سۈرىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، كېيىن ھەممىسى ھالاك قىلىنىپ نەسلى قۇرۇتۇلدى.

زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلارنىڭ الله تائالاغا قىلغان ئاسىيلىقى بىلەن الله تائالا ئۇلارنى مايمۇننىڭ سۈرىتىگە ئۆزگەرتىۋەتتى. مايمۇنغا ئۆزگىرىپ كەتكەنلەر يېمەي - ئىچمەي ۋە نەسىللەنمەي ئۈچ كۈنلا ياشىيالىدى. (ھازىرقى زاماندىكى) مايمۇنلار، چوشقىلار ۋە باشقا مەخلۇقاتلارنى الله تائالا ئالتە كۈندە ياراتقان. الله خالىغاننى قىلىدۇ. خالىغان كىشىنى خالىغان نەرسىگە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ﴿ئۇنى (يەنى ئۇلارغا بېرىلگەن بۇ جازانى) زامانداشلىرى ۋە كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت قىلدۇق﴾ يەنى ئۇلار شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمىتىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا بەرگەن جازايىمىز ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدا شۇ ئەتراپتا ياشىغان كىشىلەرگە ئىبرەت بەردۇق.

الله تائالا بىر كىشىگە جازا بېرىش ئارقىلىق يەنە بىر كىشىگە ئىبرەت بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن جازالىدى، شەك - شۈبھىسىزكى، الله دىن قورقىدىغانلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدۇ﴾[2]، ﴿(ئى مەككە ئاھالىسى!) بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەتراپىڭلاردىكى شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنى (كۇفرىدىن) يانسۇن دەپ ئايەتلەرنى تەكرار بايان قىلدۇق﴾[3].

﴿تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت قىلدۇق﴾ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا بەرگەن جازايىمىزنى الله دىن قورقىدىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدا خاتالىشىپ كېتىپ ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارغا ئوخشاش ئازابقا كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا (يەنى الله تائالادىن قورققۇچىلارغا) ۋەز - نەسىھەت قىلدۇق.

ئىمام ئەبۇئابدۇللاھ ئىبنى بەتتەھ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر يەھۇدىيلار قىلغان گۇناھلارنى قىلماڭلار، ئەگەر (ئۇنداق قىلساڭلار) ئاددىي بىر ھىيلە بىلەن الله تائالانىڭ ھارام قىلغان ئىشلىرىنى ھالال ساناپ قالىسىلەر».

(1) ئەئراف سۈرىسى163 - ئايەت.
(2) نازىئات سۈرىسى 25 ــــ 26 - ئايەتلەر.
(3) ئەھقاف سۈرىسى 27 - ئايەت.

****

وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِۦٓ إِنَّ ٱللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَن تَذْبَحُوا۟ بَقَرَةً ۖ قَالُوٓا۟ أَتَتَّخِذُنَا هُزُوًا ۖ قَالَ أَعُوذُ بِٱللَّهِ أَنْ أَكُونَ مِنَ ٱلْجَٰهِلِينَ ﴿٦٧﴾

ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «الله ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇلار: «بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟» دېدى. مۇسا: «جاھىللاردىن (يەنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن) بولۇپ قېلىشتىن الله غا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېدى﴿67﴾.

ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە كالىنىڭ قىسسىسى

ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! كالىنىڭ ئىشىدا، يەنى كالىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ كىملىكىنى ئاشكارىلاشتا، الله تائالانىڭ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنى تىرىلدۈرۈشى، (ئۇ كىشى تىرىلىپ قوپۇپ) ئۆلتۈرگەن كىشىنى كۆرسىتىپ بېرىشىدىن ئىبارەت مۆجىزىلىك ئىشنى[1]، يەنى الله تائالانىڭ ئادەتتە مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا كۆرسەتكەنلىكىنى ئەسلەڭلار.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئۇبەيدە سالمانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىسرائىل ئەۋلادىدا بالىسى يوق ئەمما مال ـ مۈلكى ناھايىتى كۆپ بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر تۇغقىنىنىڭ بالىسى مىراسخور ئىدى. ئۇ بالا ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ كېچىسى ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى (كۆتۈرۈپ ئېلىپ بېرىپ) بىر كىشىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا تاشلاپ قويىدۇ، بالا ئەتىسىگىنى ئۇ كىشىنى ئاۋۇ ئادەم ئۆلتۈردى دەپ ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىدۇ، ھەتتا ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇشۇش ئۈچۈن قوللىرىغا قورال ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەقىللىكرەك بىر كىشى: سىلەر نېمە ئۈچۈن جېدەل ـ ماجرا قىلىسىلەر؟ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام بار، شۇنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، ـ دەيدۇ. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، بولغان ئىشنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ﴿**«الله ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇلار: «بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟» دېدى. مۇسا: «جاھىللاردىن (يەنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن) بولۇپ قېلىشتىن الله غا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېدى**﴾. ئۇبەيدە سالمانى مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن قارشىلاشماي، ئاددىي بىر كالا بوغۇزلىغان بولسىلا بولاتتى، لېكىن ئۇلار ئىشنى قىيىنلاشتۇردى. الله تائالا ئۇلارغىمۇ ئىشنى تەسلەشتۈرۈپ ناھايىتى ئاز تېپىلىدىغان مۇئەييەن بىر كالىنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇدى. ئۇلار كالىنى شۇ كالىدىن باشقا بىرمۇ كالىسى يوق بىر كىشىنىڭ يېنىدىن تاپتى. ئۇ كىشى ئۇلارغا: مەن بۇ كالىنى تېرىسىغا لىق كەلگۈدەك ئالتۇن بەرمىگۈچە ساتمەيمەن، ـ دېدى. ئۇلار كالىنى تېرىسىغا لىق كەلگۈدەك ئالتۇنغا سېتىۋالدى. ئاندىن ئۇلار كالىنى بوغۇزلاپ، ئۆلۈكنى كالىنىڭ پارچىسى بىلەن ئۇردى. ئاندىن ئۆلۈك تىرىلىپ قوپتى. ئۇلار ئۇنىڭدىن سېنى كىم ئۆلتۈردى؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ: مېنى بۇ ئۆلتۈردى دەپ، تۇغقىنىنىڭ بالىسىنى كۆرسەتتى. ئاندىن ئۇ قايتا ئۆلدى. تۇغقىنىنىڭ ئوغلىغا

(1) يەنى كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇپ تىرىلدۈرگەن بولۇپ، بۇ ئادەتتە مۇمكىن بولمايدۇ دەپ قارىلىدىغان ئىشلاردۇر.

ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ھېچقانداق نەرسە بېرىلمىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ مۈلكىدىن مىراس ئالالمايدىغان بولدى.

****

قَالُواْ ٱدْعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا هِيَۚ قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ لَّا فَارِضٌ وَلَا بِكْرٌ عَوَانُۢ بَيْنَ ذَٰلِكَۖ
فَٱفْعَلُواْ مَا تُؤْمَرُونَ ﴿٦٨﴾ قَالُواْ ٱدْعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا لَوْنُهَاۚ قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ
صَفْرَآءُ فَاقِعٌ لَّوْنُهَا تَسُرُّ ٱلنَّٰظِرِينَ ﴿٦٩﴾ قَالُواْ ٱدْعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا هِيَ إِنَّ ٱلْبَقَرَ تَشَٰبَهَ عَلَيْنَا
وَإِنَّآ إِن شَآءَ ٱللَّهُ لَمُهْتَدُونَ ﴿٧٠﴾ قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ لَّا ذَلُولٌ تُثِيرُ ٱلْأَرْضَ وَلَا تَسْقِى ٱلْحَرْثَ مُسَلَّمَةٌ
لَّا شِيَةَ فِيهَاۚ قَالُواْ ٱلْـَٰٔنَ جِئْتَ بِٱلْحَقِّۚ فَذَبَحُوهَا وَمَا كَادُواْ يَفْعَلُونَ ﴿٧١﴾

ئۇلار: «بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە قانداق كالا ئىكەنلىكىنى بايان قىلسۇن» دېدى. مۇسا: «الله ئۇنى قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ياش بولسۇن دەپ ئېيتتى، سىلەر بۇيرۇلغاننى قىلىڭلار» دېدى﴿68﴾. ئۇلار: «بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە ئۇنىڭ رەڭگىنى بايان قىلسۇن» دېدى. مۇسا ئېيتتىكى، «الله ھەقىقەتەن ئۇنىڭ رەڭگى قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان ساپسېرىق بولسۇن دېدى»﴿69﴾. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىن، ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىزگە بايان قىلسۇن، (يەنى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلگەن كالىمۇ ياكى سەمرىتىش ئۈچۈن بېقىلغان كالىمۇ؟) بۇ بىزگە مۈجمەل بولۇپ قالدى (بۇ ئېنىق بولىدىغان بولسا) خۇدا خالىسا (ئۇنى) بىز چوقۇم تاپىمىز» دېدى﴿70﴾. مۇسا: «الله ئۇنىڭ يەر ھەيدەپ، ئېكىن سۇغىرىپ كۆندۈرۈلگەن بولماسلىقىنى، بېجىرىم ئالىسى يوق (يەنى رەڭگىدە سېرىقلىقتىن باشقا رەڭ يوق) بولۇشىنى ئېيتتى» دېدى. ئۇلار: «ئەمدى تولۇق بايان قىلدىڭ» دېدى. ئۇلار كالىنى (تېپىپ كېلىپ) بوغۇزلىدى، (ئۇلار سوئال سوراۋەرگەنلىكتىن) بۇنى ئورۇنلىيالمىغىلى تاس قالدى﴿71﴾.

سوئالنى كۆپ سوراپ، ئىشلىرىنى قىيىنلاشتۇرىۋالغانلىقى ئۈچۈن الله تائالانىڭمۇ ئۇلارغا ئىشنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويغانلىقى

الله تائالا ئىسرائىل ئەۋلادى پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كۆپ سوئال سوراپ ئىشنى ئۆزلىرىگە تەسلەشتۈرۈۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭمۇ ئۇلارغا ئىشنى تەسلەشتۈرۈپ قويغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئۇبەيدە ۋە باشقىلار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارغا قانداق كالا بولسىلا بولاتتى ۋە لېكىن ئۇلار ئىشنى قىيىنلاشتۇردى. الله تائالا ئۇلارغىمۇ ئىشنى قىيىنلاشتۇردى. ئۇلار: ﴿**«بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە قانداق كالا ئىكەنلىكىنى بايان قىلسۇن» دېدى**﴾ يەنى ئۇ قانداق ۋە قانداق سۈپەتلىك كالا؟ ـ دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام يەنە: ﴿**«الله ئۇنى قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس بولسۇن دەپ ئېيتتى، سىلەر بۇيرۇلغاننى قىلىڭلار» دېدى**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇئالىيە، سۇددى، مۇجاھىد، ئىكرىمە، ئەتىيە ئەۋفىي، ئەتاخۇراسانى، ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھ، زەھھاك، ھەسەن، قەتادە ۋە ئىبنى

ئاباس قاتارلىقلار بىردەك مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇ كالا بەك چوڭ ۋە قېرى ئەمەس، بۇقا يېنىغا بارمىغان دەرىجىدە بەك كىچىك موزايمۇ ئەمەس.

﴿ئوتتۇرا ياش بولسۇن﴾ زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ چوڭ كالا بىلەن موزاينىڭ ئارىلىقىدىكى (كالىدۇر)، كالىلارنىڭ ئىچىدە بۇ ياشتىكى كالىلار ئەڭ كۈچلۈك ۋە چىرايلىق كېلىدۇ.

﴿ساپسېرىق بولسۇن﴾ ئەۋفي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى رەڭگى بەك سېرىق بولۇپ، سېرىقلىقتىن ئاققا ئۆزگىرىپ قالغىلى ئازلا قالغان.

﴿قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سۇددى، ئەبۇئالىيە، قەتادە ۋە رەبىئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇنىڭ رەڭگى ئۇنىڭغا قارىغان كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ ھەقتە ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ تېرىسىگە قارىساڭ، كۈننىڭ نۇرىدا مەخمەلدەك پارقىراپ، ھەقىقەتەن كۆزنى قاماشتۇرىدۇ.

﴿(يەنى دېھقانچىلىققا ئىشلىتىلگەن كالىمۇ ياكى سەمرىتىش ئۈچۈن بېقىلغان كالىمۇ؟) بۇ بىزگە مۇجمەل بولۇپ قالدى﴾ يەنى كالىلارنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولغاچقا ئېنىق بولماي قالدى، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى بىزگە دەپ بەرسەڭ، ﴿(بۇ ئېنىق بولىدىغان بولسا) خۇدا خالىسا (ئۇنى) بىز چوقۇم تاپىمىز»﴾ سەن بىزگە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۇچۇق بايان قىلىپ بەرسەڭ، ئەلۋەتتە ئۇنى تاپاتتۇق.

﴿مۇسا: «اللّٰه ئۇنىڭ يەر ھەيدەپ، ئېكىن سۇغىرىپ كۆندۈرۈلگەن بولماسلىقىنى﴾ يەنى دېھقانچىلىق ئۈچۈن كۆندۈرۈلگەنمۇ ئەمەس، يەرنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن سۇ تارتىشقا تەييارلانغانمۇ ئەمەس، بەلكى ناھايىتى چىرايلىق كالا بولۇشىنى، ﴿بېجىرىم، ئالىسى يوق بولۇشىنى ئېيتتى» دېدى﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئابدۇرازاق مەئمەر قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئەيىبى يوق. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئالىسى يوق ياكى ھېچقانداق ئالامىتى يوق. ئەتا خۇراسانىي مۇنداق دەيدۇ: پۇت ـ قوللىرى ۋە ھەممە ئەزالىرى ساق ـ سالامەت، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئالامەت يوق.

﴿ئۇلار كالىنى (تېپىپ كېلىپ) بوغۇزلىدى، (ئۇلار سوئال سوراۋەرگەنلىكتىن) بۇنى ئورۇنلىيالمىغىلى تاس قالدى﴾ زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار كالىنى بوغۇزلىيالمىغىلى تاسلا قالدى. ئۇلارنىڭ ئەسلى مەقسىتى بوغۇزلاش ئەمەس ئىدى. ئۇلار: كالىنىڭ قانداق كالا ئىكەنلىكى ۋە قانداق سۈپىتى بار؟ ـ دەپ تولا سوئال سوراش ئارقىلىق ئۇنى بوغۇزلاشتىن باش تارتماقچى ئىدى. اللّٰه تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۇ قىلمىشىنى سۆكتى.

ئۇبەيدە، مۇجاھىد، ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھ، ئەبۇئالىيە ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم قاتارلىقلار: ئۇلارنىڭ كالىنى جىق پۇلغا سېتىۋالغانلىقى توغرىسىدا ئىختىلاپ بار، ـ دېدى.

* * * * * * *

وَإِذْ قَتَلْتُمْ نَفْسًا فَادَّٰرَءْتُمْ فِيهَا ۖ وَاللَّهُ مُخْرِجٌ مَّا كُنتُمْ تَكْتُمُونَ ﴿٧٢﴾ فَقُلْنَا اضْرِبُوهُ بِبَعْضِهَا ۚ كَذَٰلِكَ يُحْيِي اللَّهُ
الْمَوْتَىٰ وَيُرِيكُمْ آيَاتِهِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ ﴿٧٣﴾

ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە (قاتىلنىڭ كىملىكى) توغرىسىدا دە ـ تالاش قىلىشقان ئىدىڭلار. سىلەر يوشۇرماقچى بولغان نەرسىنى (يەنى قاتىلنىڭ ئىشىنى) **الله** ئاشكارىلىغۇچىدۇر﴿72﴾. (سىلەرگە مۇسا ئارقىلىق) دېدۇقكى، كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار (ئۇ تىرىلىپ قاتىلنى ئېيتىپ بېرىدۇ)، **الله** ئۆلۈكلەرنى شۇنداق (يەنى كۆز ئالدىڭلاردا بۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەندەك) تىرىلدۈرىدۇ، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە كۆرسىتىدۇ﴿73﴾.

ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنى تىرىلدۈرۈش ۋە قاتىلنى تېپىش توغرىسىدا

﴿(قاتىلنىڭ كىملىكى) توغرىسىدا دە ـ تالاش قىلىشقان ئىدىڭلار﴾ ئىمام بۇخارى ۋە مۇجاھىد قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: قاتىلنىڭ كىملىكى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدىڭلار. ئەتا، خۇراساني ۋە زەھھاك قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ كىملىكىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ قالدىڭلار.

ئىبنى جۇرەيج ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە: "سىلەر ئۆلتۈردۈڭلار" دەپ دۆڭگىشىپ قالدى. **﴿سىلەر يوشۇرماقچى بولغان نەرسىنى (يەنى قاتىلنىڭ ئىشىنى) الله ئاشكارىلىغۇچىدۇر﴾**.

﴿(سىلەرگە مۇسا ئارقىلىق) دېدۇقكى، كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار (ئۇ تىرىلىپ قاتىلنى ئېيتىپ بېرىدۇ)﴾ يەنى كالىنىڭ قانداق يېرىدىن بولسۇن، بىر پارچىسى بولسا، مۆجىزە خاراكتېرلىك ئىش (يەنى ئۆلۈكنىڭ تىرىلىشى) يۈز بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ پالانى يېرىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۇرۇڭلار دەپ، مۇئەييەن بىر ئەزاسىنىڭ پارچىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش، بىزگە دىن ياكى دۇنيالىقىمىزدا پايدىسى بولىدىغان بولسا چوقۇم ئۇنى بىزگە كۆرسىتىپ بەرگەن بولاتتى، لېكىن **الله** تائالا ئۇنى ئوچۇق بايان قىلماي، مۇجمەللا بايان قىلدى. بىزمۇ ئۇنى ھەرقانداق ئەزاسى بىلەن ئۇرسا بولىدۇ دەپ مۇجمەللا تونۇيمىز.

﴿الله ئۆلۈكلەرنى شۇنداق (يەنى كۆز ئالدىڭلاردا بۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەندەك) تىرىلدۈرىدۇ﴾ يەنى ئۇلار ئۆلۈكنى ئۇردى، ئۇ تىرىلىپ قوپتى. **الله** تائالا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا تىرىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدىغان قۇدرىتىنىڭ بارلىقىغا ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردى. ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەنلىكىنى ئۇلارغا (قىيامەت كۈنى) قايتا تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ھۆججەت قىلدى ۋە (ئۇلارنىڭ) ئوتتۇرىسىدىكى ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان جېدەلنى ئايرىغۇچى قىلدى. **الله** تائالا بۇ سۈرىدە ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشنى بەش ئورۇندا كەلتۈردى.

❖ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى ئۆلتۈرۈپ قايتا تىرىلدۈرۈش ۋەقەسىدە.

❖ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قىسسەدە.

❖ ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن قېچىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ قىسسىسىدە.

❖ خارابى بىر كەنتتىن ئۆتكەن كىشىنىڭ قىسسىسىدە.

❖ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە تۆت دانە قۇشنىڭ قىسسىسىدە.

الله تائالا خالىسا، كېيىنكى ئۈچ قىسسە بۇنىڭدىن كېيىن بايان قىلىنىدۇ. الله تائالا زېمىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنى قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقى (يەنى زېمىندىكى ئوت - چۆپنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى قايتىدىن بىخلىتىپ كۆكەرتىشى) بىلەن ئىنسانىنىڭ جىسىملىرى پارچىلىنىپ چىرىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنى قايتا تىرىلدۈرۈشتەك ھەقىقەت ئۈستىدە ئاگاھلاندۇردى. بۇ ھەقىقەتنىڭ پاكىتى الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدۇر: ﴿ئۆلۈك (يەنى قۇرغاق) زېمىننى (يامغۇر بىلەن) تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۇلار يەيدىغان ئاشلىقنى ئۆستۈرگەنلىكىمىز ئۇلارغا (الله نىڭ قۇدرىتى كاملەسىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتتۇر. بىز زېمىندا نۇرغۇنلىغان خورما باغلىرىنى، ئۈزۈم باغلىرىنى بەرپا قىلدۇق، شۇ زېمىندا بۇلاقلارنى ئېقىتتۇق. ئۇلار ئۇنىڭ (يەنى باغلارنىڭ) مېۋىسىنى يېسۇن، (بۇ مېۋىلەرنى) ئۇلارنىڭ قوللىرى ياراتقان ئەمەس، ئۇلار (الله نىڭ نېئمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟﴾[1].

****

ثُمَّ قَسَتۡ قُلُوبُكُم مِّنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ فَهِيَ كَٱلۡحِجَارَةِ أَوۡ أَشَدُّ قَسۡوَةٗۚ وَإِنَّ مِنَ ٱلۡحِجَارَةِ لَمَا يَتَفَجَّرُ مِنۡهُ ٱلۡأَنۡهَٰرُۚ وَإِنَّ مِنۡهَا لَمَا يَشَّقَّقُ فَيَخۡرُجُ مِنۡهُ ٱلۡمَآءُۚ وَإِنَّ مِنۡهَا لَمَا يَهۡبِطُ مِنۡ خَشۡيَةِ ٱللَّهِۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعۡمَلُونَ ﴿٧٤﴾

(ئى يەھۇدىيلەر جامائەسى!) شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى شانلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن) دىلىڭلار قېتىپ كەتتى، تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ قاتتىق قېتىپ كەتتى. تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن (سۇ ئېتىلىپ چىقىپ) ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار، يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇ بار؛ الله دىن قورقۇپ، (تاغ چوققىلىرىدىن) دومىلاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار (دېمەك تاش يۇمشايدۇ، سىلەرنىڭ دىلىڭلار بولسا يۇمشىمايدۇ ۋە تەسىرلەنمەيدۇ)، الله قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر﴿74﴾.

يەھۇدىيلارنىڭ دىللىرىنىڭ قاتتىقلىشىپ كەتكەنلىكى

ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ دىللىرى الله تائالانىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەرنى ۋە الله تائالانىڭ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا ئۇلارغا كايىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى يەھۇدىيلەر جامائەسى!) شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى شانلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن) دىلىڭلار قېتىپ كەتتى﴾** يەنى دىلىڭلار مەڭگۈ يۇمشىمايدىغان تاشتەك بولۇپ كەتتى.

شۇڭا الله تائالا مۆمىنلەرنىڭ ئەھۋالىنىمۇ شۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش بولۇپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى الله نىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان

(1) ياسىن سۈرىسى 33 - ئايەتتىن 35 - ئايەتكىچە.

ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىپدىغان ۋاقىت يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دەك بولمىسۇن، (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى) زاماننىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾[1].

ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆلتۈرۈلگەن كىشى كالىنىڭ پارچىلىرى بىلەن ئۇرۇلغاندا، ئۇ تىرىلىپ قوپتى. ئۇنىڭدىن: سېنى كىم ئۆلتۈردى؟ ـ دەپ سورىغاندا، ئۇ: مېنى قېرىندىشىمنىڭ بالىلىرى ئۆلتۈردى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن الله تائالا ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى. الله تائالا ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ بالىلىرى: الله بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنى ئۆلتۈرمىدۇق، ـ دەپ ھەقىقەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن تېنىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**(ئى يەھۇدىيلەر جامائەسى!) شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى شانلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن) دىلىڭلار قېتىپ كەتتى**﴾ يەنى (ئۆلتۈرۈلگەن) كىشىنىڭ قېرىندىشىنىڭ بالىلىرىنىڭ دىللىرى مەڭگۈ يۇمشىمايدىغان ﴿**تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ قاتتىق قېتىپ كەتتى**﴾.

ئىسرائىل ئەۋلادى الله تائالانىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەرنى ۋە ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەنلىكتىن ئىبارەت مۆجىزىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ (زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ) دىللىرى يۇمشىمايدىغان دەرىجىدە تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ قاتتىق قېتىپ كەتتى. چۈنكى، تاشلارنىڭ ئارىسىدا سۇ ئېتىلىپ چىقىپ ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغان تاشلارمۇ بار. ئاقمىسىمۇ يېرىلىپ سۇ چىقىپ تۇرىدىغانلىرى بار ۋە الله تائالادىن قورقۇپ تاغلارنىڭ ئۈستىدىن دومىلاپ چۈشىدىغان تاشلارمۇ بار.

﴿**تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن (سۇ ئېتىلىپ چىقىپ) ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار، يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇ بار؛ الله دىن قورقۇپ، (تاغ چوققىلىرىدىن) دومىلاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار (دېمەك تاش يۇمشايدۇ، سىلەرنىڭ دىلىڭلار بولسا يۇمشىمايدۇ ۋە تەسىرلەنمەيدۇ)، الله قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر**﴾ مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى تاشلارنىڭ ئىچىدە (سىلەر چاقىرىلغان ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتا) سىلەرنىڭ دىلىڭلاردىن يۇمشاقراق تاشلار بار.

جانسىزلاردىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئىقتىدارنىڭ بارلىقى

بەزى ئالىملار تاشنىڭ قورقۇشى ھەقىقەت ئەمەس دەپ گۇمان قىلىدۇ. يەنى جانسىز نەرسىلەردە قورقۇش ۋە قورقماسلىق تۇيغۇسى يوق دېمەكچى.

ئىمام رازى، قۇرتۇبى ۋە ئۇلاردىن باشقا ئالىملار بولسا: ئۇنداق گۇمان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق دېدى. چۈنكى، الله تائالا جانسىزلاردىمۇ سېزىش، ھېس قىلىش، بىلىش ئىقتىدارىنى يارىتىدۇ. قۇرئاندا جانسىزلاردىمۇ شۇ ئىقتىدارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر بار، ـ دېدى.

تۆۋەندىكى ئايەتلەر شۇ ئايەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر: ﴿شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى (يەنى پەرزلەرنى ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىنى) ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى،

(1) ھەدىد سۈرىسى 16 ـ ئايەت.

ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى) دىن قورقتى﴾[1]، ﴿يەتتە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار الله نى پاك دەپ بىلىدۇ﴾[2]، ﴿ئوت ـ چۆپلەر، دەل ـ دەرەخلەر سەجدە قىلىدۇ (يەنى الله نىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ)﴾[3]، ﴿ئۇلار الله ياراتقان شەيئىلەرنىڭ سايىلىرىنىڭ بويسۇنغان ھالدا الله غا سەجدە قىلىش يۈزىسىدىن ئوڭ ـ سولغا مايىل بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟﴾[4]، ﴿ئىككىلىسى «ئىختىيارىي كەلدۇق» دېدى﴾[5]، ﴿ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ الله دىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ﴾[6]، ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېرىلىرىگە: «نېمىشقا بىزنىڭ زىيىنىمىزغا گۇۋاھلىق بەردىڭلار؟» دەيدۇ، تېرىلىرى: «ھەر نەرسىنى سۆزلەتكەن الله بىزنى سۆزلەتتى﴾[7].

ئىمام بۇخارىنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بىزنى ياخشى كۆرىدىغان ھەم بىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان تاغدۇر» توغرا ۋە ئىشەنچلىك خەۋەردە، خورما دەرىخىنىڭ كۆتىكىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشتىياق باغلاپ، ئۇنىڭدىن ئاۋاز چىققانلىقى بايان قىلىنىپ كەلدى.

ئىمام مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەككىدە مەن پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن ماڭا سالام قىلىدىغان بىر تاش بار ئىدى، مەن ئۇ تاشنى ھازىرمۇ تونۇيمەن». ھەرەمدىكى قارا تاش "ھەجەرىلئەسۋەد" توغرىسىدا مۇنداق ھەدىس بار: «ئۇ قارا تاش ئۆزىنى چىن ئىخلاس بىلەن سۆيگەن كىشىگە قىيامەت كۈنى گۇۋاھلىق بېرىدۇ»[8].

****

﴿أَفَتَطْمَعُونَ أَن يُؤْمِنُوا لَكُمْ وَقَدْ كَانَ فَرِيقٌ مِّنْهُمْ يَسْمَعُونَ كَلَامَ اللَّهِ ثُمَّ يُحَرِّفُونَهُ مِن بَعْدِ
مَا عَقَلُوهُ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿٧٥﴾ وَإِذَا لَقُوا الَّذِينَ آمَنُوا قَالُوا آمَنَّا وَإِذَا خَلَا بَعْضُهُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ
قَالُوا أَتُحَدِّثُونَهُم بِمَا فَتَحَ اللَّهُ عَلَيْكُمْ لِيُحَاجُّوكُم بِهِ عِندَ رَبِّكُمْ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿٧٦﴾ أَوَلَا يَعْلَمُونَ
أَنَّ اللَّهَ يَعْلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعْلِنُونَ ﴿٧٧﴾

(ئى مۆمىنلەر جامائەسى! دەۋىتىڭلار ئارقىلىق) يەھۇدىيلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم الله نىڭ كالامىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ (قەستەن) ئۆزگەرتىۋەتتى﴿75﴾. ئۇلار مۆمىنلەر بىلەن ئۇچراشقانلىرىدا: «ئىمان ئېيتتۇق» دەيتتى. بىر

(1) ئەھزاب سۈرىسى 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىسرا سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) رەھمان سۈرىسى 6 ـ ئايەت.
(4) نەھل سۈرىسى 48 ـ ئايەت.
(5) فۇسسىلەت سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) ھەشر سۈرىسى 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(7) فۇسسىلەت سۈرىسى 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(8) بۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن جانسىزلارنىڭمۇ بىر نەرسىگە گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى ۋە بىر نەرسە سېزەلەيدىغانلىقىنى ياكى سەجدە قىلىدىغانلىقىنى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش سېزىش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن الله تائالانىڭ جانسىزلاردىمۇ شۇنداق ئىقتىدارنى يارىتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ـ بىرى بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقانلىرىدا: «پەرۋەردىگارىڭلار قېشىدا مۆمىنلەر سىلەرگە قارشى پاكىت كۆرسەتسۇن دەپ الله سىلەرگە بىلدۈرگەن ۋەھيىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىنى) ئۇلارغا سۆزلەپ بېرەمسىلەر؟ (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر!» دەيتتى﴿76﴾. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىنى اللە نىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقمامدۇ؟﴿77﴾.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈلگەنلىكى

﴿(ئى مۆمىنلەر جامائەسى! دەۋىتىڭلار ئارقىلىق) يەھۇدىيلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟﴾ يەنى ئى مۆمىنلەر! سىلەر (الله تائالانىڭ بارلىقىنى) بىلدۈرىدىغان ئاشكارا پاكىتلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ دىللىرى قېتىپ كەتكەن يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىكى توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن بىر تۈركۈم يەھۇدىيلارنىڭ سىلەرگە بويسۇنۇشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟

﴿**ھالبۇكى ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم الله نىڭ كالامىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ (قەستەن) ئۆزگەرتىۋەتتى**﴾ يەنى ئۇلار (الله تائالانىڭ سۆزىنى) ناھايىتى ئېنىق چۈشىنىپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىشتەك خاتالىقىنى بىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ئىماننى قوبۇل قىلىشقا يۇمشىمايدىغان دەرىجىدە) قاتتىق قىلدۇق، ئۇلار (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ﴾[1].

﴿**ھالبۇكى ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم الله نىڭ كالامىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ (قەستەن) ئۆزگەرتىۋەتتى**﴾ قەتادە الله تائالانىڭ بۇ ئايىتى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار الله تائالانىڭ ئايىتىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ياخشى چۈشىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزگەرتىۋەتتى. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ ئايىتىنى ئۆزگەرتىپ، يوشۇرغانلار بولسا يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرىدۇر.

ئىبنى ۋەھب، ئىبنى زەيدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا ئۇلارغا چۈشۈرۈپ بەرگەن تەۋراتنى ئۇلار ئۆزگەرتىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلىپ، ھەقىقەتنى ئاستىن ئۈستىن قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەق ئۈستىدىكى ئادەم ئۇلارغا پارا ئېلىپ كەلسە، ئۇلار ئۇنىڭغا، الله تائالانىڭ كىتابى (تەۋراتتىكى) توغرا ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم قىلاتتى. خاتا ئىش ئۈستىدىكى بىر ئادەم ئۇلارغا پارا ئېلىپ كەلسە، ئۇلار شۇ كىتابنىڭ (تەۋراتنىڭ) ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم چىقىراتتى. ھەق ئۈستىدە بولمىغان بىر ئادەم ئۇلارغا پارا ياكى ھېچقانداق بىر نەرسە ئېلىپ كەلمىسە، ئۇلار ئۇنىڭغا تەۋراتتا نېمە بولسا، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم چىقىراتتى (دېمەك ھەرقانداق ئادەم پارا بەرسە، ئۇلار تەۋراتنىڭ ھۆكۈملىرىنى شۇ ئادەمنىڭ پايدىسىغا ئۆزگەرتىپ بېرەتتى). شۇڭا الله ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات) نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر﴾[2].

(1) مائىدە سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 44 ـ ئايەت.

يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرمىگەنلىكى

﴿ئۇلار مۆمىنلەر بىلەن ئۇچراشقانلىرىدا: «ئىمان ئېيتتۇق» دەيتتى. بىر ـ بىرى بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقانلىرىدا: «پەرۋەردىگارىڭلار قېشىدا مۆمىنلەر سىلەرگە قارشى پاكىت كۆرسەتسۇن دەپ الله سىلەرگە بىلدۈرگەن ۋەھيىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىنى) ئۇلارغا سۆزلەپ بېرەمسىلەر؟ (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر!» دەيتتى﴾.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (ئۇلار مۆمىنلەرگە) شەكسىزكى، سىلەرنىڭ قېرىندىشىڭلار مۇھەممەد الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى. لېكىن ئۇ سىلەرگىلا خاس پەيغەمبەردۇر، ـ دەيدۇ. ئۇلار ئۆز ئارا يالغۇز جايدا تېپىشقاندا: سىلەر بۇ توغرۇلۇق ئەرەبلەرگە سۆزلەپ بەرمەڭلار. چۈنكى، سىلەر بۇرۇن ئۇ پەيغەمبەر بىلەن كاپىرلارغا قارشى ئۆزەڭلارغا ياردەم تىلەيتتىڭلار، ئۇ پەيغەمبەر ئۇلاردىن بولۇپ قالدى، ـ دېيىشىدۇ. (الله تائالا يەھۇدىيلارغا) سىلەر ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تونۇيسىلەر، ئۇنىڭغا ئەگىشىش توغرۇلۇق (الله تائالانىڭ) سىلەردىن ۋەدە ئالغانلىقىنى بىلىسىلەر دېگەنلىكىنى، (يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز ئارا) ئۇ بىز كۈتكەن ۋە كىتابلىرىمىزدا بايان قىلىنغان ھەق پەيغەمبەر، لېكىن سىلەر ئۇنىڭدىن تېنىۋېلىڭلار ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلماڭلار دېيىشكەنلىكىنى بايان قىلىپ، يۇقىرىدىكى ئايەتنى نازىل قىلدى.

ھەسەنبەسرى مۇنداق دەيدۇ: ئۇ يەھۇدىيلار مۆمىنلەرگە يولۇقسا: بىز ئىمان ئېيتتۇق دەيتتى. ئۆزلىرى ئۆز ئارا بىر جايغا كەلسە: مۆمىنلەر سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا پاكىت قىلىۋالماسلىقى ئۈچۈن، كىتابىڭلار تەۋراتتا الله سىلەرگە بىلدۈرگەن (يەنى يەھۇدىيلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن) نەرسىنى مۇھەممەدنىڭ ساھابىلىرىغا ئېيتىپ بەرمەڭلار، ـ دەيتتى.

﴿يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىنى الله نىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقمامدۇ؟﴾ ئەبۇئالىيە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى يەھۇدىيلار ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدىن ئېنىق ئۇقۇپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنى يالغانغا چىقارغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلىكىنى الله تائالادىن يوشۇرغانلىقىنى الله بىلىدۇ.

﴿ۋە ئاشكارا ئىشلىرىنى﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇئالىيە، رەبىئ ۋە قەتادە قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: يەنى الله تائالا ئۇلارنىڭ ساھابىلارغا بىز ئىمان ئېيتتۇق دەپ ئاشكارىلىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ.

* * * * * * *

وَمِنْهُمْ أُمِّيُّونَ لَا يَعْلَمُونَ ٱلْكِتَٰبَ إِلَّآ أَمَانِىَّ وَإِنْ هُمْ إِلَّا يَظُنُّونَ ﴿٧٨﴾ فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ يَكْتُبُونَ
ٱلْكِتَٰبَ بِأَيْدِيهِمْ ثُمَّ يَقُولُونَ هَٰذَا مِنْ عِندِ ٱللَّهِ لِيَشْتَرُوا۟ بِهِۦ ثَمَنًا قَلِيلًا ۖ فَوَيْلٌ لَّهُم مِّمَّا كَتَبَتْ
أَيْدِيهِمْ وَوَيْلٌ لَّهُم مِّمَّا يَكْسِبُونَ ﴿٧٩﴾

ئۇلارنىڭ ساۋاتسىزلىرى كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) ئۇقمايدۇ، (ئەھبارلىرى ئويدۇرۇپ چىققان) ئويدۇرمىلارنىلا بىلىدۇ، گۇمان بىلەنلا ئىش قىلىدۇ﴿78﴾. كىتابنى ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىپ ئۇنى ئاز پۇلغا سېتىش (يەنى دۇنيانىڭ ئازغىنا مەنپەئىتى) ئۈچۈن، بۇ اللە تەرىپىدىن نازىل بولغان دېگۈچىلەرگە ۋاي! قولى بىلەن يازغانلىرى (يەنى تەۋراتنى ئۆزگەرتكەنلىكلىرى) ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي! (بۇنىڭ بىلەن ئېرىشكەن (هارام) نەرسىلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي!﴿79﴾

«ئەلئۇممى» (ساۋاتسىز) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى

﴿**ئۇلارنىڭ ساۋاتسىزلىرى**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ساۋاتسىز كىشىلەر ئەھلى كىتابلاردۇر. ئەبۇئالىيە، رەبىئ، قەتادە، ئىبراھىم نەخەئى ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار خەت يېزىشنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىز كىشىلەردۇر، بۇ مەنىنى تۆۋەندىكى ئايەت ئوچۇق ئىپادىلەيدۇ: ﴿**كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) ئۇقمايدۇ**﴾ ئۇلار كىتابنىڭ ئىچىدە نېمە يېزىلغانلىقىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەت يېزىشنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ساۋاتسىز دەپ سۈپەتلەندى.

اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەت يازالمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىلگىرى سەن كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيتتىڭ، خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيتتىڭ، (مۇبادا سەن كىتاب ئوقۇغان، خەت يازىدىغان بولساڭ) ئۇ چاغدا ھەققە قارشى تۇرغۇچىلار چوقۇم گۇمانلىناتتى﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن بىز خەت يازالمايدىغان ۋە ھېساب ئۇقمايدىغان ساۋاتسىز مىللەتتۇرمىز. بىر ئاي دېگەن مۇنداق، مۇنداق (يەنى 29 ياكى 30 كۈن) بولىدۇ». يەنى بىز ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ۋاقىتلىرىنى بەلگىلەشتە يېزىشقا ۋە ھېسابقا موھتاج بولمايمىز. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە ئۇممىلەرگە (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى﴾[2].

﴿**(ئەھبارلىرى ئويدۇرۇپ چىققان) ئويدۇرمىلارنىلا بىلىدۇ**﴾ زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار پەقەت (ئالىملىرىنىڭ) ئېغىزلىرىدىن چىققان يالغانلىرىنىلا بىلىدۇ.

ئۇلار پەقەت ئالىملىرىنىڭ ئويدۇرمىسىنىلا بىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بېرىدۇ دېگەن كۆز قاراشمۇ بار.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالا ساۋاتسىز دەپ سۈپەتلىگەن كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار اللە تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈپ بەرگەن) كىتابتىن (يەنى تەۋراتتىن) ھېچ نېمىنى چۈشەنمەيدۇ. لېكىن ئۇلار يالغاننى ۋە بوھتاننى توقۇيدۇ.

---

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 48 ـ ئايەت.
(2) جۇمۇئە سۈرىسى 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿**گۇمان بىلەنلا ئىش قىلىدۇ**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇئالىيە، رەبىئ ۋە قەتادە قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار الله تائالادىن ئورۇنسىز گۇمانلىنىدۇ. مۇجاھىد يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار پەقەت يالغانىنىلا ئېيتىدۇ.

الله تائالانىڭ ئايىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن يەھۇدىيلارنىڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغانلىقى

﴿**كىتابنى ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىپ ئۇنى ئاز پۇلغا سېتىش (يەنى دۇنيانىڭ ئازغىنا مەنپەئىتى) ئۈچۈن، بۇ الله تەرىپىدىن نازىل بولغان دېگۈچىلەرگە ۋاي!**﴾ بۇلار يەھۇدىيلارنىڭ باشقا بىر تۈرى بولۇپ، الله تائالاغا يالغان ئېيتىش، بوھتان توقۇش، كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ھارامدىن ھەقسىز يېۋېلىش بىلەن كىشىلەرنى ئازغۇنلۇققا چاقىرىدىغانلاردۇر. زۆھرى مۇنداق دەيدۇ: ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ماڭا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى: ئى مۇسۇلمانلار جامائەسى! سىلەر قانداقسىگە ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلاردىن) سوئال سورايسىلەر؟

① ئۇلار الله تائالانىڭ خەۋەرلىرىنى يەنى الله نىڭ ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىگە چۈشۈرگەن كىتابنى يېڭىباشتىن توقۇغان تۇرسا، سىلەر غەپلەتكە پېتىپ ئۇنى ئوقۇمسىلەر؟

② ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار) الله تائالانىڭ كىتابىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆزگەرتىپ يېزىپ ئازغىنا پۇلغا سېتىش ئۈچۈن "بۇ الله تەرىپىدىن چۈشتى" دېگەنلىكىنى الله تائالا سىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن تۇرسا، الله تەرىپىدىن سىلەرگە بېرىلگەن بۇ بىلىم (قۇرئان ۋە ھەدىس) سىلەرنىڭ يەھۇدىيلاردىن سوئال سورىشىڭلاردىن بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ سىلەرگە چۈشكەن ھەق دىن (ئىسلام دىنى) توغرۇلۇق سىلەردىن سوئال سورىغانلىقىنى كۆرمىدۇق.

﴿**قولى بىلەن يازغانلىرى (يەنى تەۋراتنى ئۆزگەرتكەنلىكلىرى) ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي! (بۇنىڭ بىلەن ئېرىشكەن (ھارام) نەرسىلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي!**﴾ زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى يالغان بىلەن بوھتاننى ئۆز قوللىرى بىلەن يازغانلىقى ۋە ھارامنى يېگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بولسۇن!

****

وَقَالُوا۟ لَن تَمَسَّنَا ٱلنَّارُ إِلَّآ أَيَّامًا مَّعْدُودَةً ۚ قُلْ أَتَّخَذْتُمْ عِندَ ٱللَّهِ عَهْدًا فَلَن يُخْلِفَ ٱللَّهُ عَهْدَهُۥٓ ۖ
أَمْ تَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿٨٠﴾

ئۇلار: «بىزنى دوزاخ ئوتى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۈرىدۇ» دەيدۇ. (ئۇلارغا) «سىلەرگە الله شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەنمۇ، (ۋەدە بەرگەن بولسا) الله ۋەدىسىگە ھەرگىزمۇ خىلاپلىق قىلمايدۇ ياكى ئۆزەڭلار بىلمەيدىغاننى الله نامىدىن دەۋاتامسىلەر؟» دېگىن﴿80﴾.

يەھۇدىيلارنىڭ دوزاختا بىر نەچچە كۈنلا تۇرىمىز دەپ خام خىيال قىلىدىغانلىقى

اللە تائالا يەھۇدىيلارنىڭ بىز دوزاختا بىر نەچچە كۈنلا تۇرۇپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلىمىز دەپ دەۋا قىلغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. ئاندىن ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەرگە اللە شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەنمۇ**﴾ يەنى بىر نەچچە كۈن دوزاختا تۇرغۇزۇپ ئاندىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ۋەدە بەردىمۇ؟ ئەگەر (**اللە** تائالا سىلەرگە ۋەدە بەرگەن بولسا) **اللە** ھەرگىز ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ ۋە لېكىن (**اللە** تائالا ئۇنداق قىلىشقا) ۋەدە بەرمىدى.

﴿**ئۇلار: «بىزنى دوزاخ ئوتى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۈرىدۇ» دەيدۇ**﴾ ئەۋفىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەھۇدىيلار، بىز دوزاختا 40 كۈنلا تۇرىمىز، ـ دەيدۇ. باشقىلار: ئۇ 40 كۈن ئۇلارنىڭ موزايغا ئىبادەت قىلغان ۋاقتىنىڭ مۇددىتىدۇر دەپ قوشۇپ قويىدى.

ھافىز ئەبۇبەكرى ئىبنى مەردەۋەي ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: خەيبەر فەتھى قىلىنغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا زەھەرلەنگەن بىر قوي ھەدىيە قىلىندى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بۇ يەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ يېنىمغا يىغىپ ئېلىپ كېلىڭلار». (يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ توپلانغاندىن كېيىن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: «سىلەرنىڭ داداڭلار كىم؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: پالانى دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «يالغان ئېيتتىڭلار، سىلەرنىڭ داداڭلار پالانى» دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: راست تاپتىڭ، ـ دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەردىن بىر نەرسە سورىسام، سىلەر ماڭا راست گەپ قىلامسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: ھەئە، ئى مۇھەممەد! يالغان سۆزلىسەك، بىزنىڭ دادىمىزنىڭ كىملىكىنى بىلىپ قالغاندەك بىلىپ قالىدىكەنسەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: «كىم دوزاخقا كىرىدىغان كىشىلەردىن بولىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: بىز دوزاختا ئاز تۇرىمىز، ئاندىن سىلەر بىزنىڭ كەينىمىزدىن دوزاخقا كىرىسىلەر، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «(**اللە** تائالا) سىلەرنى خار قىلسۇن. **اللە** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز سىلەرنىڭ كەينىڭلاردىن دوزاخقا ھەرگىز كىرمەيمىز. (يەنى بىز دوزاخقا ھەرگىز كىرمەيمىز)» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: «مەن بىر نەرسىنى سورىسام، سىلەر ماڭا راست گەپ قىلامسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: ھەئە، ئى مۇھەممەد! ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: «بۇ قوينىڭ گۆشىگە زەھەر سالدىڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭلار؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: سەن (مەن پەيغەمبەر دېگەن سۆزۈڭدە) يالغانچى (يەنى يالغان پەيغەمبەر) بولساڭ بىز سەندىن قۇتۇلايلى. ئەگەر راست پەيغەمبەر بولساڭ، ئۇ ساڭا ھېچقانداق زىيان قىلالمايدۇ دەپ ئويلاپ شۇنداق قىلدۇق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بۇخارى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

****

بَلَىٰ مَن كَسَبَ سَيِّئَةً وَأَحَٰطَتۡ بِهِۦ خَطِيٓـَٔتُهُۥ فَأُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا

خَـٰلِدُونَ ﴿٨١﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ أُو۟لَـٰٓئِكَ أَصْحَـٰبُ ٱلْجَنَّةِ ۖ هُمْ فِيهَا
خَـٰلِدُونَ ﴿٨٢﴾

ئۇنداق ئەمەس (سىلەرنى دوزاخ ئوتى كۆيدۈرىدۇ)، گۇناھ قىلغان ۋە گۇناھقا چۆمۈپ كەتكەنلەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ﴿81﴾. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئەھلى جەننەتتۇر. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ﴿82﴾.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ئى يەھۇدىيلار! ئىش سىلەر ئويلىغاندەك ۋە كۆتكەندەك ئەمەس. ئىشنىڭ ھەقىقىتى شۇكى، كىم خاتا ئىش قىلىپ، ئۇنىڭ خاتالىقلىرى ئۇنى چىرمىۋالغان بولسا، يەنى قىيامەت كۈنىدە ھېچقانداق ياخشىلىقى يوق بولۇپ، بەلكى ئۇنىڭ قىلغان ھەممە ئىشلىرى يامان ئىش بولسا، ئۇ دوزاخقا كىرىدىغانلارنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ.

﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار﴾ يەنى **الله** تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشىنىپ، دىنىنىڭ يوليورۇقلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(**الله** ۋەدە قىلغان ساۋاب) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن **الله** دىن باشقا (**الله** نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ. ئەر ـ ئاياللاردىن مۆمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ)﴾[1].

﴿ۋە گۇناھقا چۆمۈپ كەتكەنلەر﴾ ئەبۇھۇرەيرە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇۋائىل، ئاتا ۋە ھەسەن قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇ گۇناھكارنى (ئۇنىڭ **الله** تائالاغا كەلتۈرگەن) شېرىكى قورشىۋالدى.

ئەئمەش بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇ رەزىيندىن رەبىيئ ئىبنى خۇسەيمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ قىلغان خاتالىقىغا تەۋبە قىلىشتىن بۇرۇن، خاتالىق بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەنىنى سۇددى ئەبۇ رەزىيندىن يۇقىرىقىدەك بايان قىلدى. ئەبۇئالىيە، مۇجاھىد، ھەسەن، قەتادە ۋە رەبىيئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ چوڭ گۇناھلىرى قورشىۋالغان كىشىدۇر.

كىچىك گۇناھلار كۆپەيسە، ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق بىر ھەدىسنى بايان قىلىدۇ: «سىلەر كىچىك گۇناھلاردىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى كىچىك گۇناھلار بىر

(1) نىسا سۈرىسى 123 ــــ 124 ـ ئايەتلەر.

كىشىدە سادىر بولۇپ كۆپىيىۋەرسە، ئۇنى ھالاك قىلىپ قويىدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى بىر مىسالنى كەلتۈرۈپ بەردى: «(كىچىك گۇناھلار) بىپايان بىر دالىغا كېلىپ چۈشكەن كىشىلەرنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ تاماق تەييارلايدىغان ۋاقتى كېلىدۇ، بىرسى بىر تەرەپكە كېتىپ بىر تال ئوتۇن ئېلىپ كېلىدۇ، يەنە بىرسىمۇ باشقا تەرەپكە كېتىپ ئوتۇندىن بىر تال ئېلىپ كېلىدۇ. ئاخىرىدا، ئۇلار ئوت يېقىپ بىر نەرسە پىشۇرۇپ يېگۈدەك ئوتۇن دۆۋىلەيدۇ (يىغىدۇ)»[1].

﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئەھلى جەننەتتۇر. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ﴾ مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ئۇلار سىلەر كاپىر بولغان نەرسىگە ئىمان كەلتۈرگەن، سىلەر ئەمەل قىلمىغان نەرسىگە ئەمەل قىلغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئۇچۇن مەڭگۈ ياشايدىغان جەننەت بار. (الله تائالا) ياخشىلىققا بېرىلىدىغان مۇكاپاتنىڭ ۋە يامانلىققا بېرىلىدىغان جازانىڭ مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

* * * * * * *

وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَٰقَ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ لَا تَعْبُدُونَ إِلَّا ٱللَّهَ وَبِٱلْوَٰلِدَيْنِ إِحْسَانًا وَذِى ٱلْقُرْبَىٰ وَٱلْيَتَٰمَىٰ
وَٱلْمَسَٰكِينِ وَقُولُوا۟ لِلنَّاسِ حُسْنًا وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ ثُمَّ تَوَلَّيْتُمْ إِلَّا
قَلِيلًا مِّنكُمْ وَأَنتُم مُّعْرِضُونَ ﴿٨٣﴾

ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن الله دىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا ـ ئانىغا، خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، ناماز ئۆتەشكە، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالدۇق. ئاراڭلاردىكى ئازغىنا كىشىدىن باشقىڭلار ئەھدىدىن يېنىۋالدىڭلار، سىلەر ھەمىشە (ئەھدىڭلاردىن) يېنىۋالىسىلەر﴿83﴾.

ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بەرگەن ۋەدىسى

الله تائالا بارلىق ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئۆزلىرىگە بۇيرۇلغان ئىشلارنى ۋە ئۇ ئىشلار ھەققىدە ئېلىنغان ۋەدىنى بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. تائالا ئۇلارنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇدى. (الله تائالابۇ ئىبادەتكە) بارلىق ئىنسانلارنى بۇيرۇدى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ياراتتى.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى

(1) بۇ ھەدىستە دېمەكچى بولغان مەقسەت، ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن تېرىپ كەلگەن ئوتۇننى بىر يەرگە توپلاپ يېمەكلىك پىشۇرۇپ يېگىلى بولغاندەك، بىر كىشىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەردە قىلغان گۇناھى بىر يەرگە جەملىنىپ، ئۇنى ھالاك قىلىدۇ.

قىلدۇق﴾[1]، ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[2].

الله تائالاغا ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىش، الله تائالانىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ ئەڭ چوڭى ھېسابلىنىدۇ. ئاندىن قالسا، مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىدە ھەققى بار كىشىلەردىن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئاتا ـ ئانىدۇر. شۇڭا الله تائالا ئۆزىنىڭ ھەققى بىلەن (يەنى ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىش بىلەن) ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىنى بىر يەردە كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: ﴿(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر﴾[3].

﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن. پەرۋەردىگارىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار (يەنى ئاتا ـ ئاناڭلارنى قاخشاتقۇچى بولمىساڭلار، الله سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلارنى كەچۈرىدۇ). الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلىپ تۇرغۇچىلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى ـ سەبىلگە (خەيرى ـ ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل ـ مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن﴾[4].

ھەدىستە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! قايسى ئەمەل ئەڭ ياخشى؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن قالسىچۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن قالسىچۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى.

﴿**يېتىملەرگە**﴾ يېتىملەر دېگەن ئاتىسى يوق نارەسىدە باللاردۇر. ﴿**مىسكىنلەرگە**﴾ مىسكىنلەر دېگەن ئۆزىنىڭ باللىرىغا بەرگىلى بىر نەرسىسى يوق كىشىلەر.

﴿**كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا**﴾ يەنى سىلەر كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىڭلار دېگەنلىكتۇر. كىشىلەرگە چىرايلىق سۆز قىلىشنىڭ ئىچىگە ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشمۇ كىرىدۇ.

ھەسەنبەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «چىرايلىق سۆز دېگەن ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش، كەمتەر بولۇش، (كىشىنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرۈش) كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىش ۋە الله تائالا رازى بولىدىغان بارلىق ياخشى ئەخلاقلاردۇر».

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 25 ـ ئايەت.
(2) نەھل سۈرىسى 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) لوقمان سۈرىسى 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئىسرا سۈرىسى 23 ـ ئايەتتىن 26 ـ ئايەتكىچە.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سەن كىچىككىنە ياخشىلىقنىمۇ ئاددىي كۆرمە (يەنى كىشىلەرگە كىچىككىنە ياخشىلىق بولسىمۇ، يەتكۈزۈپ تۇرغىن)، ئەگەر ھېچقانداق ياخشىلىق تاپالمىساڭ، مۇسۇلمان بۇرادەرلىرىڭ بىلەن خۇشخۇي چىراي كۆرۈشكىن».

بۇ يەردە الله تائالا ئۇلارنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇپ بولغاندىن كېيىن سۆز ئارقىلىق ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاندىن ناماز ۋە زاكاتنى ئادا قىلىشقا، ئىبادەتنى پەقەت الله تائالاغىلا قىلىشقا ۋە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا تەرغىب قىلغان بۇيرۇقنى كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ناماز ئۆتەشكە، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالدۇق**﴾ الله تائالا ئۇلارنىڭ بۇيرۇلغان ئەمەللەرنى قىلماي، ئۇنى قويۇپ قويغانلىقىنى ۋە ئاز ساندىكىلەردىن باشقىسىنىڭ ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىنى يەھۇدىيلارغا بۇيرۇلغان ئىشنىڭ ئۆزىگىلا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا - ئاناڭلارغا، خىش - ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، يانىدىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا) مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل - چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله مۇتەكەببىر ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ﴾[1]. الله تائالاغا شۈكرى بۇ ئۈممەت باشقىلار قىلالمىغان ئىشلارنى (يەنى الله بۇيرۇغان ئىشلارنى) قىلدى.

****

وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَٰقَكُمْ لَا تَسْفِكُونَ دِمَآءَكُمْ وَلَا تُخْرِجُونَ أَنفُسَكُم مِّن دِيَٰرِكُمْ ثُمَّ أَقْرَرْتُمْ وَأَنتُمْ
تَشْهَدُونَ ﴿٨٤﴾ ثُمَّ أَنتُمْ هَٰٓؤُلَآءِ تَقْتُلُونَ أَنفُسَكُمْ وَتُخْرِجُونَ فَرِيقًا مِّنكُم مِّن دِيَٰرِهِمْ تَظَٰهَرُونَ
عَلَيْهِم بِٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ وَإِن يَأْتُوكُمْ أُسَٰرَىٰ تُفَٰدُوهُمْ وَهُوَ مُحَرَّمٌ عَلَيْكُمْ إِخْرَاجُهُمْ
أَفَتُؤْمِنُونَ بِبَعْضِ ٱلْكِتَٰبِ وَتَكْفُرُونَ بِبَعْضٍ فَمَا جَزَآءُ مَن يَفْعَلُ ذَٰلِكَ مِنكُمْ إِلَّا خِزْيٌ
فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَيَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ يُرَدُّونَ إِلَىٰٓ أَشَدِّ ٱلْعَذَابِ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٨٥﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ
ٱلَّذِينَ ٱشْتَرَوُا۟ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا بِٱلْءَاخِرَةِ فَلَا يُخَفَّفُ عَنْهُمُ ٱلْعَذَابُ وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ ﴿٨٦﴾

ئۆز ۋاقتىدا بىر - بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىككە، بىر - بىرىڭلارنى يۇرتلىرىڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماسلىققا سىلەردىن چىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق. كېيىن بۇنى (يەنى ئەھدىنى) ئېتىراپ قىلغان ئىدىڭلار، بۇنىڭغا ئۆزەڭلار گۇۋاھسىلەر﴿84﴾. كېيىن سىلەر (ئەھدىنى بۇزۇپ) بىر - بىرىڭلارنى ئۆلتۈردۈڭلار، ئىچىڭلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقاردىڭلار، گۇناھ ۋە دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن، ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدىكىلەرگە ياردەم بەردىڭلار، ئۇلار ئەسىر چۈشۈپ كەلسە فىدىيە بېرىپ قۇتقۇزۇۋالىسىلەر، ھالبۇكى، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش سىلەرگە ھارام قىلىنغان ئىدى (يەنى بىر - بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىشنى راۋا كۆرىسىلەرۇ، ئۇلارنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قولىدا بولۇپ قېلىشىنى راۋا كۆرمەيسىلەر). سىلەر كىتابنىڭ (يەنى

(1) نىسا سۈرىسى 36 - ئايەت.

تەۋراتنىڭ) بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ، بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى پەقەت هاياتىي دۇنيادا خارلىققا قېلىش، قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتۇر. الله قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر﴿85﴾. ئەنە شۇلار ئاخىرەتنى بېرىپ، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى سېتىۋالغان كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا ياردەممۇ قىلىنمايدۇ﴿86﴾.

ۋەدىنامىنىڭ مەزمۇنلىرى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنى بۇزغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ دەۋرىدە مەدىنىدە ياشاۋاتقان يەھۇدىيلارنىڭ ئەۋس بىلەن خەزرەجدىن ئىبارەت ئىككى كاپىر قەبىلىسىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن قىلىشقان ئۆزئارا سوقۇشلىرىنى ئەيىبلەپ بايان قىلىدۇ. ئەۋس بىلەن خەزرەج قەبىلىلىرى ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن بۇتقا چوقۇناتتى، ئۇلار ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ئەنسارىلار دەپ ئاتالدى. مەدىنىدە تۇرۇشلۇق ئۈچ يەھۇدىي قەبىلىسى بار ئىدى. قەينۇقا ۋە نەزىر جەمەتىدىكى يەھۇدىيلار، خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئىدى. قۇرەيز جەمەتىدىكى يەھۇدىيلار بولسا، ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئىدى (بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ ئارىسىدا دائىم دېگۈدەك ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى). ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش پارتىلىسا، هەر بىر (يەھۇدىي) جەمەتى ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداش قەبىلىسى تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلاتتى. ئۇرۇشتا يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرەتتى (يەنى ئەۋس قەبىلىسىگە ياردەمگە كەلگەن يەھۇدىيلار خەزرەج قەبىسلىنىڭ ئادەملىرىنى ۋە ئۇلارغا ياردەمگە كەلگەن يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرەتتى. خەزرەج قەبىلىسگە ياردەمگە كەلگەن يەھۇدىيلارمۇ قارشى تەرەپنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرەتتى). يەھۇدىيلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشلىرى، ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى مال ـ مۈلۈك ۋە باشقا بارلىق بىساتلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشى، ئۇلارنىڭ كىتابىنىڭ يەنى تەۋراتنىڭ ئايىتىگە ئاساسلانغاندا ئۇلارغا هارام ئىدى. ئاندىن ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يېڭىلگەن تەرەپنىڭ ئەسىرلىرىنى تەۋراتنىڭ هۆكمىگە ئەمەل قىلىپ قويۇۋېتەتتى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿سىلەر كىتابىنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ، بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟﴾**

﴿ئۆز ۋاقتىدا بىر ـ بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىككە، بىر ـ بىرىڭلارنى يۇرتلىرىڭلاردىن هەيدەپ چىقارماسلىققا سىلەردىن چىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق﴾ يەنى بەزىڭلار ـ بەزىڭلارنى ئۆلتۈرمىسۇن، ئۇنى ئۆيىدىن چىقارمىسۇن، هەم چىقىرىشقىمۇ ياردەملەشمىسۇن. چۈنكى، بىر دىندىكى كىشىلەرنىڭ هەممىسى خۇددى بىر كىشىگە ئوخشايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مېهرىبان بولۇشلىرىنىڭ، رەھىم ـ شەپقەت قىلىشلىرىنىڭ، ئالاقە باغلاشلىرىنىڭ مىسالى بىر ئادەمنىڭ جىسمىغا ئوخشاشتۇر. ئادەم جىسمىنىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىپ قالسا، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن پۈتۈن جىسمى قىززىپ كېتىدۇ».

﴿كېيىن بۇنى (يەنى ئەھدىنى) ئېتىراپ قىلغان ئىدىڭلار، بۇنىڭغا ئۆزەڭلار گۇۋاهسىلەر﴾ ئاندىن سىلەر ئۇ ۋەدىنى بىلىدىغانلىقىڭلارنى ۋە ئۇنىڭ توغرىلىقىنى ئىقرار قىلدىڭلار. سىلەر (سىلەر قىلغان ئىقرارىڭلارغا ئەمەل قىلىشقا) گۇۋاهلىق بەردىڭلار.

﴿كېيىن سىلەر (ئەھدىنى بۇزۇپ) بىر ـ بىرىڭلارنى ئۆلتۈردۈڭلار، ئىچىڭلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى

يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقاردىڭلار﴾ مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ياسىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **الله** تائالا بۇ ئايەت بىلەن ئۇلارغا قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى بىلدۈرۈپ تۇردى. **الله** تائالا ئۇلارغا تەۋراتتا ئۆزئارا قان تۆكۈشنى ھارام قىلدى. ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ ئادەملىرى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا فىدىيە بېرىشنى پەرز قىلدى. ئۇلار ئىككى گۇرۇھ ئىدى. قەينۇقا جەمەتى خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئىدى. نەزىر ۋە قۇرەيزە جەمەتى ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئىدى. ئەۋس قەبىلىسى بىلەن خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش بولۇپ قالسا، قەينۇقا جەمەتى خەزرەج قەبىلىسى بىلەن، نەزىر ۋە قۇرەيزە جەمەتلىرى ئەۋس قەبىلىسى بىلەن ئۇرۇشقا چىقىپ، ھەر بىر گۇرۇھ بىردىن قەبىلىنىڭ سېپىدە تۇرۇپ ئۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا تەۋرات بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نېمىنىڭ پەرز، نېمىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، ئۇرۇشۇپ (ئۆز ئارا) قان تۆكۈشەتتى. ئەۋس بىلەن خەزرەج ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن، بۇتقا ئىبادەت قىلىدىغان مۇشرىكلار ئىدى. بۇلار جەننەت، دوزاخ، قەبرىدىن تىرىلىپ قوپۇش، قىيامەت، كىتاب ۋە ھالال ـ ھارام دېگەنلەرنى بىلمەيتتى. ئۇرۇش ئاخىرلاشسا، تەۋراتنىڭ ھۆكمىگە ئەمەل قىلىپ قارشى تەرەپنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئادەملىرىدىن فىدىيە ئالاتتى. قەينۇقا جەمەتى ئەۋس قەبىلىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئەسىرلەر ئۈچۈن فىدىيە بېرەتتى. نەزىر جەمەتى بىلەن قۇرەيز جەمەتى خەزرەج قەبىلىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئەسىرلەر ئۈچۈن فىدىيە تۆلەيتتى. ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ قانلىرىنى تەلەپ قىلىشاتتى. مۇشرىكلارغا ياردەم بېرىش يولىدا ئۆلگەنلەر ئۆلۈپ كېتىۋېرەتتى.

الله تائالا ئۇلارغا بۇ ئىشلار توغرۇلۇق خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەر كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ، بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟**﴾ يەنى سىلەر تەۋراتنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ فىدىيە بېرىسىلەر، لېكىن ئۇرۇشتا ئۇلارنى ئۆلتۈرىسىلەر، ئەسلى تەۋراتنىڭ ھۆكمىدە قېرىندىشىنى ئۆلتۈرمەسلىك، ئۇنى ئۆيىدىن چىقىرىۋەتمەسلىك، ئازغىنا دۇنيانى كۆزلەپ، بۇتقا ئىبادەت قىلىپ، **الله** تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن مۇشرىكنىڭ تەرىپىدە تۇرۇپ، قېرىندىشىنىڭ قارشىسىغا ياردەم بەرمەسلىك دېگەن ھۆكۈم بار ئەمەسمىدى؟

ئۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى شۇكى، يەھۇدىيلار تەۋراتتىكى ھۆكۈملەرنىڭ توغرىلىقىنى بىلىپ ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەۋراتنىڭ ئىچىدىكى ھۆكۈملەرنى توغرا ۋە ئۆز ئورنىغا يۈرگۈزگەنلىكىگە ۋە ئۇنى توغرا ساقلاپ كەلگەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى خەۋەر بېرىپ كەتكەن، يەنى ئۇنىڭ قاچان ھىجرەت قىلىشى، قەيەردىن چىقىشى، قاچان پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى قاتارلىقلارنى يوشۇرۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىغىمۇ ئىشىنىشكە بولمايدۇ (يەنى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۈپەتلىرىنى ۋە ئىشلىرىنى يوشۇرۇپ: ئۇلار تەۋراتتا يوق دېسىمۇ، ئۇلارغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ). يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق خەۋەرلەرنى (ئۆزئارا) يوشۇرۇشىدۇ.

شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى پەقەت ھاياتىي دۇنيادا خارلىققا قېلىش**﴾ ئۇلارنىڭ **الله** تائالانىڭ قانۇنىغا ۋە بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشى سەۋەبى بىلەن ﴿**قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتۇر**﴾ ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى **الله** تائالانىڭ كىتابىغا (يەنى تەۋراتقا) خىلاپلىق قىلغانلىقىغا جازا بېرىش ئۈچۈندۇر ﴿**الله قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر**﴾.

﴿ئەنە شۇلار ئاخىرەتنى بېرىپ، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى سېتىۋالغان كىشىلەردۇر﴾ يەنى ئۇلار ئاخىرەتكە دۇنيانى تېگىشەتتى. ﴿شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا ياردەممۇ قىلىنمايدۇ﴾ يەنى ئازاب ئۇلاردىن بىردەممۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ. ئۇلارغا بولۇۋاتقان مەڭگۈلۈك ئازابتىن ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغان ۋە ئۇلارنى ساقلاپ قالىدىغان ھېچ بىر ياردەمچى يوقتۇر.

****

وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ وَقَفَّيۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِۦ بِٱلرُّسُلِۖ وَءَاتَيۡنَا عِيسَى ٱبۡنَ مَرۡيَمَ ٱلۡبَيِّنَٰتِ وَأَيَّدۡنَٰهُ بِرُوحِ ٱلۡقُدُسِۗ أَفَكُلَّمَا جَآءَكُمۡ رَسُولُۢ بِمَا لَا تَهۡوَىٰٓ أَنفُسُكُمُ ٱسۡتَكۡبَرۡتُمۡ فَفَرِيقٗا كَذَّبۡتُمۡ وَفَرِيقٗا تَقۡتُلُونَ ﴿٨٧﴾

شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋرات) بەردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارقىمۇ ئارقا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتتۇق، مەريەم ئوغلى ئىساغا مۆجىزىلەر بەردۇق، ھەمدە ئۇنى روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل) بىلەن يۆلىدۇق. ھەر قاچان بىرەر پەيغەمبەر كۆڭلۈڭلارغا ياقمايدىغان بىر نەرسە ئېلىپ كەلسە، تەكەببۇرلۇق قىلىۋېرەمسىلەر؟ بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدىڭلار، يەنە بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈردۈڭلار﴿87﴾.

يەھۇدىيلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلىپ، پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى

الله تائالا يەھۇدىيلارنى ھەقىقەتتىن باش تارتقۇچى، پەيغەمبەرلەر بىلەن قارشىلاشقۇچى، پەيغەمبەرلەرگە چوڭچىلىق قىلغۇچى ۋە ئۆز خاھىشىغا ئەگەشكۈچى دېگەن سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىدى. ئاندىن الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنى بەرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۇنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى، بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ۋە ئۆز خاھىشى بويىچە بۇرمىلىغانلىقىنى، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۆزىنىڭ شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار، (الله نىڭ ھۆكمىگە) بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا (تەۋرات بىلەن) ھۆكۈم قىلىدۇ، (يەھۇدىيلارنىڭ) زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرىمۇ (ئۆزگەرتىشتىن) ساقلاشقا بۇيرۇلغان كىتابۇللا (يەنى تەۋرات) بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇلار تەۋراتنى (ئۆزگەرتىشتىن ساقلاشقا) نازارەتچى ئىدى﴾[1].

﴿ئۇنىڭدىن كېيىن ئارقىمۇ ئارقا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتتۇق﴾ الله تائالا ئىسرائىل ئەۋلادى قەۋمىدىن كېلىدىغان پەيغەمبەرنى ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن بەزى ھۆكۈملەر تەۋراتنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا الله تائالا ئۇنىڭغا ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بەزى مۆجىزىلەرنى بەردى.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: « الله تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ راستلىقىنى

(1) مائىدە سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش، لايدىن ئۇچار قۇشلارنىڭ شەكلىنى ياساپ، ئۇنىڭغا اللّٰه تائالانىڭ رۇخستى بىلەن جان كىرگۈزۈپ ئۇچۇرۇش، كېسەللەرنى ساقايتىش، غەيب ئىشلاردىن خەۋەر بېرىش ۋە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت مۆجىزىلەرنى بەردى. ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن ھۆكۈملىرىنىڭ بەزىلىرى تەۋراتقا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىسرائىل ئەۋلادى قەبىلىسىنىڭ ئۇنى يالغانغا چىقىرىشى، ھەسەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىشى تېخىمۇ ئاشتى.»

اللّٰه تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە ھارام قىلىنغان بەزى نەرسىلەرنى ھالال قىلىش ئۈچۈن (كەلدىم). مەن سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن دەلىل ئېلىپ كەلدىم﴾[1] ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ پەيغەمبەرلەرگە بولغان مۇئامىلىسى بەك قوپال ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر گۇرۇھ كىشىلەر پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى دەپ ئاتىدى، يەنە بىر گۇرۇھ كىشىلەر ئۇلارنى ئۆلتۈردى. ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشى، پەيغەمبەرلەر ئۇلارنىڭ خاھىشىغا ۋە كۆز قارىشىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان (ھەق دىنىنى) ئېلىپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇلارنى تەۋراتنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىشقا ئۈندىگەنلىكى ئۈچۈندۇر. بۇ ئىشلار ئۇلارغا ئېغىر كېلىپ پەيغەمبەرلەرنى يالغانچىغا چىقاردى ۋە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿ھەر قاچان بىرەر پەيغەمبەر كۆڭلۈڭلارغا ياقمايدىغان بىر نەرسە ئېلىپ كەلسە، تەكەببۇرلۇق قىلىۋېرەمسىلەر؟ بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدىڭلار، يەنە بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈردۈڭلار﴾**.

يەھۇدىيلارنىڭ ھەر دائىم پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈشكە ئورۇنۇپ كەلگەنلىكى

﴿بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدىڭلار، يەنە بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈردۈڭلار﴾ زەمەخشەرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتنىڭ جۈملە قۇرۇلمىسىدىن پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش يەھۇدىيلارنىڭ بىردىن بىر سۈپىتى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار بۇرۇنمۇ ئۆلتۈرگەن، ھازىرمۇ ئۆلتۈرىدۇ. ھەتتا، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زەھەر بېرىش ۋە سېھىر قىلىش ئارقىلىق ئۆلتۈرۈشكە ئورۇنۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەكراتتىكى چېغىدا مۇنداق دەيدۇ: «خەيبەردە يېگەن قوي گۆشىدىكى زەھەرنىڭ تەسىرى ھەر يىلى تۇتىدۇ، بۇ قېتىم جان تومۇرۇمنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان ۋاقتى بولدى.»

****

وَقَالُواْ قُلُوبُنَا غُلۡفُۢۚ بَل لَّعَنَهُمُ ٱللَّهُ بِكُفۡرِهِمۡ فَقَلِيلٗا مَّا يُؤۡمِنُونَ ﴿٨٨﴾

ئۇلار: «دىللىرىمىز پەردىلەنگەن» دېدى. ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبلىك اللّٰه ئۇلارغا لەنەت قىلدى، ئۇلاردىن ئىمان ئېيتىدىغانلار ناھايىتى ئاز﴿88﴾.

﴿ئۇلار: «دىللىرىمىز پەردىلەنگەن» دېدى﴾ مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى قاپنىڭ ئىچىدە دېگەنلىك بولىدۇ. مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ دىللىرىنىڭ ئۈستىدە يېپىپ تۇرىدىغان نەرسە بار. ئىكرىمە: ئۇنىڭ ئۈستىدە پېچەت بار دەيدۇ، ئەبۇئالىيە: بىر نەرسە چۈشەنمەيدۇ، ـ دەيدۇ.

ئىبنى ئابباس ۋە ئەتا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ دىللىرىمىز ھەممە بىلىم بىلەن تولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز سېنىڭ بىلىمىڭگە موھتاج ئەمەس.

﴿**ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبلىك الله ئۇلارغا لەنەت قىلدى**﴾ يەنى الله تائالا ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىدىن قوغلاندى قىلدى ۋە ھەممە ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلدى.

﴿**ئۇلاردىن ئىمان ئېيتىدىغانلار ناھايىتى ئاز**﴾ قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئازغىنە كىشىلەر ئىمان كەلتۈردى.

الله تائالانىڭ: ﴿**ئۇلار: «دىللىرىمىز پەردىلەنگەن» دېدى**﴾ دېگەن بۇ ئايىتىنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ: ﴿ئۇلار (پەيغەمبەرگە): «بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن﴾[1] شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبلىك الله ئۇلارغا لەنەت قىلدى، ئۇلاردىن ئىمان ئېيتىدىغانلار ناھايىتى ئاز**﴾ يەنى ئىش سىلەر دەۋا قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى دىلىڭلار الله تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ قۇلۇپلىنىپ كەتكەن. يەنى دىللىرىڭلار ھەقىقەتنى تونۇمايدۇ.

﴿**ئۇلار: «دىللىرىمىز پەردىلەنگەن» دېدى. ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبلىك الله ئۇلارغا لەنەت قىلدى، ئۇلاردىن ئىمان ئېيتىدىغانلار ناھايىتى ئاز**﴾ ئالىملار بۇ ئايەت ھەققىدە ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى بايان قىلدى. بەزىلىرى: ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاز بىر قىسمى ئىمان كەلتۈرىدۇ، ـ دەيدۇ. بەزىلىرى: ئۇلارنىڭ ئىمانى بەك ئاز دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دەيدۇ. يەنى ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن قىيامەتنىڭ مۇكاپاتى ۋە جازا ئىشلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ. لېكىن بۇ ئىمان ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىمان كەلتۈرمىدى، ـ دەيدۇ. بەزى ئالىملار: ئۇلار ھېچقانداق نەرسىگە ئىمان كەلتۈرمىگەن، ـ دەيدۇ. يەنى ئۇلار ئازغىنە ئىمان كەلتۈردى دېگەنلىك ھەممىگە كاپىر بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. خۇددى ئەرەبلەرنىڭ: مۇشۇ مۇشۇكنىڭ ئوخشىشىنى ناھايىتى ئاز كۆردۈم دېگەن سۆزى، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى ھەرگىز كۆرمىدىم دېگەن مەنىنى بىلدۈرگىنىگە ئوخشاش.

****

وَلَمَّا جَآءَهُمْ كِتَٰبٌ مِّنْ عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٌ لِّمَا مَعَهُمْ وَكَانُوا۟ مِن قَبْلُ يَسْتَفْتِحُونَ عَلَى ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟
فَلَمَّا جَآءَهُم مَّا عَرَفُوا۟ كَفَرُوا۟ بِهِۦ ۚ فَلَعْنَةُ ٱللَّهِ عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٨٩﴾

ئۇلارغا الله تەرىپىدىن ئۇلاردىكى كىتاب (تەۋرات) نى تەستىقلايدىغان كىتاب (قۇرئان) نازىل

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولغان چاغدا (ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى) ، ئىلگىرى ئۇلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋاستە قىلىپ) كاپىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم كېلىشىنى تىلەيتتى، ئۇلار بىلىدىغان (يەنى تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان) پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى. الله كاپىرلارغا (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇگەنچىسىنى ئىنكار قىلغان يەھۇدىيلارغا) لەنەت قىلدى﴿89﴾.

يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشىنى كۈتىشى ۋە ئۇ پەيغەمبەر بولۇپ كەلسە، ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلىكى

﴿ئۇلارغا الله تەرىپىدىن ئۇلاردىكى كىتاب (تەۋرات) نى تەستىقلايدىغان كىتاب (قۇرئان) نازىل بولغان چاغدا﴾ يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن قۇرئان يەھۇدىيلارنىڭ كىتابى بولغان تەۋراتنىڭ ھۆكۈمنى تەستىق قىلغۇچىدۇر.

﴿ئىلگىرى ئۇلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋاستە قىلىپ) كاپىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم كېلىشىنى تىلەيتتى﴾ يەنى يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن بۇرۇن مۇشرىكلاردىن بولغان دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشقان چاغدا، ئاخىر زاماندا: بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىلىدۇ، بىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە سىلەرنى ئاد ۋە ئىرەم خەلقىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرىمىز، ـ دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىپ ياردەم قىلىشىنى كۈتەتتى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن بۇرۇن، يەھۇدىيلار ئەۋس بىلەن خەزرەج قەبىلىسىگە قارشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياردەم كۈتەتتى. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتماي، ئەكسىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا ئىلگىرى دېگەن سۆزلىرىدىن تېنىۋالدى.

ئۇلارغا مۇئاز ئىبنى جەبەل ۋە بەنۇسەلىمىنىڭ تۇغقىنى بەشر ئىبنى بەرائى ئىبنى مەئرۇر مۇنداق دەيدۇ: ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! سىلەر الله دىن قورقۇڭلار ۋە ئىسلامغا كىرىڭلار، سىلەر بىز مۇشرىك چېغىمىزدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشى بىلەن بىزگە قارشى ياردەم كۈتەتتىڭلار، ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشىدىن بىزگە خەۋەر بېرەتتىڭلار ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرەتتىڭلار. بەنۇنەزىرنىڭ تۇغقىنى سالام ئىبنى مۇشكىم دېگەن يەھۇدىي: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىز بىلىدىغان نەرسىنى ئېلىپ كەلمىدى. بىز سىلەرگە نېمە دېگەنتۇق؟ ـ دېدى. الله ئۇنىڭ بۇ سۆزى ھەققىدە تۆۋەندىكى ئايەتنى چۈشۈردى: **﴿ئۇلارغا الله تەرىپىدىن ئۇلاردىكى كىتاب (تەۋرات) نى تەستىقلايدىغان كىتاب (قۇرئان) نازىل بولغان چاغدا (ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى)﴾**.

ئەبۇئالىيە مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار ئەرەب مۇشرىكلىرىگە قارشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشى بىلەن ياردەم سوراپ مۇنداق دېدى: ئى الله! بىزنىڭ كىتابلىرىمىزدا سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان پەيغەمبەرنى ئەۋەتكىن، بىز (ئۇنىڭ بىلەن بىللە) مۇشرىكلارنى ئازابلاپ ئۆلتۈرەيلى. الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىتىدىن ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئەرەبلەرگە ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرمىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار بىلىدىغان (يەنى تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان) پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى. الله كاپىرلارغا (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇغۇلۇشىنى ئىنكار قىلغان يەھۇدىيلارغا) لەنەت قىلدى**﴾.

****

بِئْسَمَا ٱشْتَرَوْا۟ بِهِۦٓ أَنفُسَهُمْ أَن يَكْفُرُوا۟ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ بَغْيًا أَن يُنَزِّلَ ٱللَّهُ مِن فَضْلِهِۦ عَلَىٰ مَن
يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ ۖ فَبَآءُو بِغَضَبٍ عَلَىٰ غَضَبٍ ۚ وَلِلْكَـٰفِرِينَ عَذَابٌ مُّهِينٌ ﴿٩٠﴾

يەھۇدىيلارنىڭ الله نازىل قىلغان قۇرئاننى ئىنكار قىلىشى الله نىڭ ئۆز پەزلىنى (يەنى پەيغەمبەرلىكنى) خالىغان بەندىسىگە چۈشۈرگەنلىكىگە ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىندۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى (يەنى ئىمانىنى) كۇفرىغا سېتىشى ئەجەپ يامان ئىشتۇر. ئۇلار ئۈستى - ئۈستىگە غەزەپكە تېگىشلىك بولدى. كاپىرلار خارلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿90﴾.

﴿**ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى (يەنى ئىمانىنى) كۇفرىغا سېتىشى ئەجەپ يامان ئىشتۇر**﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى يەھۇدىيلار ھەققە ناھەقنى ئالماشتۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى بايان قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇنى يوشۇردى.

سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن نەرسىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى ئىنكار قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خاھىشى بويىچە ئۆزگەرتىۋالغانلىقى ئەجەپ يامان ئىشتۇر. ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە، (ئۇلارنىڭ) الله تائالانىڭ ئۆز پەزلىنى بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىگە چۈشۈرگەنلىكىگە ھەسەت قىلىپ يامان كۆرۈشىدۇر.

﴿**ئۇلار ئۈستى - ئۈستىگە غەزەپكە تېگىشلىك بولدى. كاپىرلار خارلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارغا غەزەپنىڭ ئۈستىگە غەزەپ تېگىشلىك بولدى. يەنى ئۇلار تەۋراتنىڭ ئىچىدىكى ھۆكۈملەرنى بىكار قىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن الله تائالا ئۇلارغا بىر قېتىم غەزەپ قىلدى، ئۇلارغا ئەۋەتكەن پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم غەزەپ قىلدى.

ئەبۇئالىيە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئىنجىل بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا ئۇلارغا بىر قېتىم غەزەپ قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم غەزەپ قىلدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىكرىمە ۋە قەتادە قاتارلىقلاردىنمۇ يۇقىرىقىدەك رىۋايەت قىلىندى.

﴿**كاپىرلار خارلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ كاپىر بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ھەسەت بىلەن بويۇنتاۋلىق قىلىشتۇر. ئۇلار تەكەببۇرلۇقى سەۋەبىدىن ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ خار قىلغۇچى ئازاب بىلەن ئازابلىنىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، مېنىڭ

ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ»﴾[1] يەنى ئۇلار دوزاختا ناھايىتى خارلانغان ھالەتتە كىرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەمر ئىبنى شۇئەيبنىڭ چوڭ ئاتىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىلارنىڭ سۈرىتى زەررىگە ئوخشاش كىچىك ھالەتتىكى ئادەملەرنىڭ شەكلىدە تۇرغۇزۇلىدۇ. ھەرقانداق كىچىك نەرسىمۇ ئۇلاردىن چوڭ كۆرۈنىدۇ. ئۇلار جەھەننەمدىكى بەۋلەس ئىسىملىك دوزاختا كىرىدۇ. ئۇلارنى ئەنيارنىڭ ئوتلىرى قورشايدۇ. ئۇلار دوزاختىكى كىشىلەردىن ئاققان قان ـ يىرىڭ بىلەن سۇغۇرىلىدۇ.

****

وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ ءَامِنُواْ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُواْ نُؤْمِنُ بِمَآ أُنزِلَ عَلَيْنَا وَيَكْفُرُونَ بِمَا وَرَآءَهُۥ وَهُوَ ٱلْحَقُّ مُصَدِّقًا لِّمَا مَعَهُمْ ۗ قُلْ فَلِمَ تَقْتُلُونَ أَنۢبِيَآءَ ٱللَّهِ مِن قَبْلُ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٩١﴾ ۞ وَلَقَدْ جَآءَكُم مُّوسَىٰ بِٱلْبَيِّنَٰتِ ثُمَّ ٱتَّخَذْتُمُ ٱلْعِجْلَ مِنۢ بَعْدِهِۦ وَأَنتُمْ ظَٰلِمُونَ ﴿٩٢﴾

ئۇلارغا: «اللّٰه نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ئۆزىمىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى تەۋراتقا) ئىمان كەلتۈرىمىز» دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئىشەنمەيدۇ، ھالبۇكى، ئۇ (يەنى قۇرئان) ھەقتۇر، ئۇلارنىڭ قولىدىكى كىتابنى تەستىق قىلغۇچىدۇر. (ئۇلارغا) «سىلەر (تەۋراتقا) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن اللّٰه نىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈردۈڭلار؟» دېگىن﴿91﴾. مۇسا سىلەرگە ھەقىقەتەن ئېنىق مۆجىزىلەرنى كەلتۈردى، مۇسا (تۇر تېغىغا كەتكەن) دىن كېيىن، ئۆزەڭلارغا زۇلۇم قىلىپ موزاينى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار﴿92﴾.

يەھۇدىيلارنىڭ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇپ ئىماننى دەۋا قىلغانلىقى

﴿**ئۇلارغا: «اللّٰه نازىل قىلغان كىتابقا(يەنى قۇرئانغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار» دېيىلسە**﴾ يەنى يەھۇدىي، ئەھلى كىتاب ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن نەرسىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئۇنىڭغا ئىشىنىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار دېيىلسە، ﴿**ئۇلار: «ئۆزىمىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى تەۋراتقا) ئىمان كەلتۈرىمىز» دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئىشەنمەيدۇ، ھالبۇكى، ئۇ (يەنى قۇرئان) ھەقتۇر، ئۇلارنىڭ قولىدىكى كىتابنى تەستىق قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى: بىز تەۋرات بىلەن ئىنجىلغا ئىمان كەلتۈرسەكلا بولىدى، باشقىسىغا ئىمان كەلتۈرمەيمىز، ـ دەيدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن نەرسىنىڭ توغرىلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ: بىزگە چۈشكەن نەرسىدىن باشقىسىغا ئىمان كەلتۈرمەيمىز، ـ دەيدۇ.

﴿**(ئۇلارغا) «سىلەر (تەۋراتقا) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن اللّٰه نىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈردۈڭلار؟» دېگىن**﴾ يەنى سىلەر بىزگە چۈشكەن نەرسىگىلا ئىمان كەلتۈرىمىز دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، سىلەر پەيغەمبەرلىكىنى بىلىدىغان، سىلەرنىڭ

(1) غافىر سۈرىسى 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قولۇڭلاردىكى تەۋراتنى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىنىڭ تېخى ئەمەلدىن قالمىغانلىقىنى تەستىقلاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھۆكۈملەر بىلەن ھۆكۈم قىلغان پەيغەمبەرلەرنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرىسىلەر؟ سىلەر ئۇلارنى تەرسالىق، چوڭچىلىق ۋە ھەددىدىن ئېشىش يۈزىسىدىن ئۆلتۈردۈڭلار. سىلەر ئۆز خاھىشىڭلار، كۆز قارىشىڭلار ۋە ئارزۇيۇڭلاردىن باشقىسىغا ئەگەشمەيسىلەر. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿ھەر قاچان بىرەر پەيغەمبەر كۆڭلۈڭلارغا ياقمايدىغان بىر نەرسە ئېلىپ كەلسە، تەكەببۇرلۇق قىلىۋېرەمسىلەر؟ بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدىڭلار، يەنە بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈردۈڭلار﴾**.

﴿(ئۇلارغا) «سىلەر (تەۋراتقا) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈردۈڭلار؟» دېگىن﴾ سۈددى بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: **الله** تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىدى.

﴿مۇسا سىلەرگە ھەقىقەتەن ئېنىق مۆجىزىلەرنى كەلتۈردى﴾ يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە، **الله** تائالادىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچقانداق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ئوچۇق ئالامەتلەرنى ۋە كەسكىن پاكىتلارنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ پاكىتلار سۇ، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان ئايەتلىرى، ھاسا، قول، دېڭىزنىڭ يېرىلىشى، بۇلۇت بىلەن سايە چۈشۈرۈپ بېرىش، تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى (ئوزۇقلۇق قىلىپ) بېرىش، تاشتىن سۇ چىقىرىپ بېرىش قاتارلىق مۆجىزىلەر ۋە بۇلاردىن باشقا يەھۇدىيلارنىڭ كۆز ئالدىدا بولغان نۇرغۇنلىغان ئىشلاردۇر[1].

﴿مۇسا (تۇر تېغىغا كەتكەن) دىن كېيىن، ئۆزەڭلارغا زۇلۇم قىلىپ موزايىنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار﴾ يەنى سىلەر ئەينى زاماندا مۇسا **الله** بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن تۇر تېغىغا كەتكەندىن كېيىن، **الله** تائالادىن يۈز ئۆرۈپ موزايغا ئىبادەت قىلدىڭلار.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇسانىڭ قەۋمى مۇسادىن كېيىن (يەنى مۇسا پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلىش ئۈچۈن تۇر تېغىغا كەتكەندىن كېيىن)، زىننەت بۇيۇملىرىدىن موزايدەك ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر جانسىز موزاي ياسىدى﴾[2].

﴿ئۆزەڭلارغا زۇلۇم قىلىپ موزايىنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار﴾ يەنى **الله** تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ، موزايغا ئىبادەت قىلغانلىقىڭلار ئۆزەڭلار ئۆزەڭلارغا زۇلۇم قىلغانلىقىڭلاردۇر. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (موزايغا چوقۇنغانلىقلىرىغا) پۇشايمان قىلغان ۋە راست ئازغانلىقلىرىنى چۈشەنگەن چاغدا: «ئەگەر پەرۋەردىگارىمىز بىزگە رەھىم قىلمىسا ۋە مەغپىرەت قىلمىسا، بىز ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» دېدى﴾[3].

****

وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَكُمۡ وَرَفَعۡنَا فَوۡقَكُمُ ٱلطُّورَ خُذُواْ مَآ ءَاتَيۡنَٰكُم بِقُوَّةٖ وَٱسۡمَعُواْۖ

(1) بۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇنىڭدىن ئىلگىرى تەپسىلىي سۆزلىنىپ ئۆتۈلدى. بەزىلىرى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئورۇنلىرىدا بايان قىلىنىدۇ.
(2) ئەئراف سۈرىسى 148 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەئراف سۈرىسى 149 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قَالُوا۟ سَمِعْنَا وَعَصَيْنَا وَأُشْرِبُوا۟ فِى قُلُوبِهِمُ ٱلْعِجْلَ بِكُفْرِهِمْ ۚ قُلْ بِئْسَمَا
يَأْمُرُكُم بِهِۦٓ إِيمَـٰنُكُمْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٩٣﴾

ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەردىن (تەۋراتقا ئەمەل قىلىشقا) چىن ۋەدە ئالغان ئىدۇق، سىلەرگە: «مەن نازىل قىلغان كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار (بولمىسا ئۈستۈڭلارغا تاغنى تاشلايمىز)» دەپ تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلارغا تىكلىدۇق ۋە (تەۋراتقا) قۇلاق سېلىڭلار (دېدۇق). ئۇلار: «سۆزۈڭگە قۇلاق سالدۇق ئەمرىڭگە ئاسىيلىق قىلدۇق» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ كۇفرى تۈپەيلىدىن دىللىرىغا موزاينىڭ مۇھەببىتى سىڭىپ كەتتى. ئۇلارغا: «ئەگەر سىلەر مۆمىن بولساڭلار، ئىمانىڭلار سىلەرنى ئەجەب يامان ئىشقا بۇيرۇيدىكىنا؟ (سىلەر مۆمىن ئەمەس، چۈنكى، ئىمان موزايغا چوقۇنۇشقا بۇيرۇمايدۇ)» دېگىن﴿93﴾.

الله تائالا يەھۇدىيلارنىڭ ئۈستىگە تۇر تېغىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ۋەدە ئالغانلىقى ئاندىن ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقى

الله تائالا ئۇلارنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقلىرىنى، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى، ھەتتا ۋەدىنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۇر تېغىنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايەتتە مۇنداق دەپ كەلدى: ﴿**ئۇلار: «سۆزۈڭگە قۇلاق سالدۇق، ئەمرىڭگە ئاسىيلىق قىلدۇق» دېيىشتى**﴾ بۇ مەزمۇنغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر يۇقىرىدا شەرھىيلەندى.

﴿**ئۇلارنىڭ كۇفرى تۈپەيلىدىن دىللىرىغا موزاينىڭ مۇھەببىتى سىڭىپ كەتتى**﴾ ئابدۇرازاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: موزاينى ياخشى كۆرۈش ئۇلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كەتتى.

﴿**ئۇلارغا: «ئەگەر سىلەر مۆمىن بولساڭلار، ئىمانىڭلار سىلەرنى ئەجەب يامان ئىشقا بۇيرۇيدىكىنا؟ (سىلەر مۆمىن ئەمەس، چۈنكى ئىمان موزايغا چوقۇنۇشقا بۇيرۇمايدۇ)» دېگىن**﴾ يەنى سىلەرنىڭ تارىختىن بۇيان الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىشىڭلار، (الله نىڭ) پەيغەمبەرلىرىگە قارشى تۇرۇشۇڭلار ۋە پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمىغانلىقىڭلار بەكمۇ يامان ئىشتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمىغانلىقىڭلار سىلەر ئۆتكۈزگەن ئەڭ چوڭ خاتالىقتۇر. چۈنكى، سىلەر پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ۋە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى، ئەڭ كاتتىسى بولغان پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرمىدىڭلار. ۋەدىسىدىن يېنىۋالغان، الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى بۇزغان ۋە الله تائالانى قويۇپ موزايغا ئىبادەت قىلغان تۇرۇپ، قانداقمۇ ئىماننى دەۋا قىلىسىلەر؟!

****

قُلْ إِن كَانَتْ لَكُمُ ٱلدَّارُ ٱلْءَاخِرَةُ عِندَ ٱللَّهِ خَالِصَةً مِّن دُونِ ٱلنَّاسِ فَتَمَنَّوُا۟ ٱلْمَوْتَ إِن كُنتُمْ
صَـٰدِقِينَ ﴿٩٤﴾ وَلَن يَتَمَنَّوْهُ أَبَدًۢا بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٩٥﴾ وَلَتَجِدَنَّهُمْ أَحْرَصَ

ٱلنَّاسِ عَلَىٰ حَيَوٰةٍ وَمِنَ ٱلَّذِينَ أَشۡرَكُواْۚ يَوَدُّ أَحَدُهُمۡ لَوۡ يُعَمَّرُ أَلۡفَ سَنَةٖ وَمَا هُوَ بِمُزَحۡزِحِهِۦ مِنَ ٱلۡعَذَابِ أَن يُعَمَّرَۗ وَٱللَّهُ بَصِيرُۢ بِمَا يَعۡمَلُونَ ﴿٩٦﴾

ئۇلارغا: «ئەگەر ئاخىرەت يۇرتى (يەنى جەننەت) **الله** نىڭ قېشىدا (سىلەر گۇمان قىلغاندەك) باشقىلارغا ئەمەس، يالغۇز سىلەرگىلا خاس بولسا، (سىلەرنى جەننەتكە ئۇلاشتۇرىدىغان) ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار! (جەننەت بىزگىلا خاس دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار» دېگىن﴿94﴾. ئۇلار قىلغان يامان ئەمەللىرى سەۋەبلىك، ئۆلۈمنى ھەرگىزمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ. **الله** زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر﴿95﴾. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنى ھاياتقا ھەممە كىشىدىن، ھەتتا مۇشرىكلاردىنمۇ ھېرىس كۆرىسەن؛ ھەر بىرى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. **الله** ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿96﴾.

يەھۇدىيلارنى لەنەت بىلەن دۇئا قىلىشىشقا چاقىرىش

﴿ئۇلارغا: «ئەگەر ئاخىرەت يۇرتى (يەنى جەننەت) الله تائالانىڭ قېشىدا (سىلەر گۇمان قىلغاندەك) باشقىلارغا ئەمەس، يالغۇز سىلەرگىلا خاس بولسا، (سىلەرنى جەننەتكە ئۇلاشتۇرىدىغان) ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار! (جەننەت بىزگىلا خاس دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار» دېگىن﴾ مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «**الله** تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا (سىلەرنىڭ) قايسىڭلار (يەنى يەھۇدىيلار) ياكى سىلەردىن قايسىڭلار يالغانچى بولسا، شۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە دۇئا قىلىڭلار، ـ دەيدۇ».

﴿ئۇلار قىلغان يامان ئەمەللىرى سەۋەبلىك، ئۆلۈمنى ھەرگىزمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ. الله زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر﴾ يەنى يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن دۇئا قىلىشىشقا ئۇنىمىدى (ئۇلارنىڭ ئۇنۇتماسلىقى) سېنىڭ ھەققىي پەيغەمبەرلىكىڭنى بىلىپ تۇرۇپ، سېنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئۆلۈمنى تىلەڭلەر دېگەن كۈنىدە ئۆلۈمنى تىلەپ دۇئا قىلغان بولسا، يەر يۈزىدە بىرمۇ يەھۇدىي تىرىك قالماي ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى.

﴿ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار! (جەننەت بىزگىلا خاس دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار» دېگىن﴾ ئابدۇررازاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر يەھۇدىيلار ئۆلۈمنى تىلىگەن بولسا ھەممىسى ئۆلۈپ كېتەتتى. ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى يەتتى: «ئەگەر يەھۇدىيلار ئۆلۈمنى تىلىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كېتىپ، چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ دوزاختىكى ئورۇنلىرىنى كۆرگەن بولاتتى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن لەنەت ئوقۇشقىلى چىققان بولسا، يەھۇدىيلار (ئۆيلىرىگە) قايتقاندا بالا ـ چاقىلىرىنى ۋە مال ـ مۈلۈكىنى تاپالمىغان بولاتتى».

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى «ئى يەھۇدىيلار! ئەگەر سىلەر باشقىلارنى ئەمەس، پەقەت ئۆزەڭلارنىلا **الله** نىڭ دوستلىرى دەپ دەۋا قىلىدىغان بولساڭلار،

(ئاخىرەتنىڭ راھىتىگە تېزرەك يېتىش ئۈچۈن) ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار، ئەگەر (بۇ دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار. ئۇلار قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، ئۆلۈمنى ھەرگىز ئارزۇ قىلمايدۇ، الله زالىملارنى بىلگۈچىدۇر. (ئى مۇھەممەد!) «سىلەر قاچىدىغان ئۆلۈم چوقۇم سىلەرگە يولۇقىدۇ، ئاندىن سىلەر غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى (الله) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، الله سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ» دېگىن﴾[1] ئۇلار ئۆزلىرىنى الله تائالانىڭ بالىلىرى ۋە الله تائالانىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرى دەپ گۇمان قىلىپ، جەننەتكە يەھۇدىي ياكى خرىستىئان بولغان كىشىدىن باشقىسى ھەرگىزمۇ كىرەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ياكى مۇسۇلمانلاردىن قايسى تەرەپ يالغانچى بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە دۇئا قىلىشىشقا چاقىرىلدى، ئۇلار لەنەت تىلەشتىن ۋە دۇئا قىلىشىشتىن قورققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر كىشى ئۆزلىرىنىڭ ناھەق يولدا ئىكەنلىكىنى بىلدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغان (بىز الله تائالانىڭ بالىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرى دېگەن) دەۋاسىدا ئىشەنچىسى بولغان بولسا، لەنەت تىلەشكە ئەلۋەتتە جۈرئەت قىلغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلالمىغانلىقىدىن يالغانچىلىقى بىلىنىپ قالدى. (يەھۇدىيلار لەنەت تىلەشكە چاقىرىلغاندەك) نەجران قەبىلىسىدىن كەلگەن خرىستىئانلارنىڭ ئەلچىلىرى كەسكىن پاكىتلارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا قانائەت قىلماي قارشىلىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىمۇ لەنەت تىلىشىشكە چاقىردى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن ئىسا توغرۇلۇق ھەقىقىي مەلۇماتقا ئىگە بولغىنىڭدىن كېيىن، كىملەركى سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، سەن ئۇلارغا: «كېلىڭلار، ئوغۇللىرىمىزنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى، ئۆزلىرىمىزنى ۋە ئۆزلىرىڭلارنى يىغىپ: الله نىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن، دەپ الله غا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلايلى» دېگىن﴾[2] خرىستىئانلار لەنەت تىلەشكە چاقىرىلغانلىقىنى كۆرۈپ، بەزىسى بەزىسىگە: الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر بۇ پەيغەمبەر بىلەن لەنەت تىلەشكىلى چىقساڭلار، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن بىرسىمۇ تىرىك قالمايدۇ، ـ دېيىشتى. ئاندىن ئۇلار سۈلھى تۈزۈشنى تاللاپ (ھەر يىلى مەلۇم مىقداردا) تۆلەم تۆلەشكە قوشۇلدى. ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنى ئۇلارغا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتتى. تۆلەم تۆلەشكە قوشۇلغانلىقى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا باش ئەگكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

يەھۇدىيلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە بەكمۇ ھېرىسمەن ئىكەنلىكى

يەھۇدىيلار (ئۆلگەندىن كېيىن) دوزاختا قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكتىن ئاخىرەتكە كېچىكىپ بېرىش ئارزۇسىدا ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا كاپىردىن بەك ھېرىسمەندۇر. چۈنكى ”دۇنيا مۆمىنلەرنىڭ تۈرمىسى، كاپىرلارنىڭ جەننىتىدۇر[3]“.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿شۈبھىسىزكى، ئۇلارنى ھاياتقا ھەممە كىشىدىن، ھەتتا مۇشرىكلاردىنمۇ ھېرىس كۆرىسەن؛ ھەر بىرى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ

(1) جۇمۇئە سۈرىسى 6 ـ ئايەتتىن 8 ئايەتكىچە.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 61 ـ ئايەت.
(3) دېمەكچى بولغىنى: مۆمىنلەرنىڭ جەننەتتىكى بەخت ـ سائادىتىنىڭ ئالدىدا دۇنيا تۈرمىگە ئوخشايدۇ، ئەمما كاپىرلارنىڭ دوزاختىكى ئازابى ئالدىدا دۇنيا جەننەتكە ئوخشايدۇ.

مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئۆمۈر بويى خاتالىق ئۆتكۈزۈشنى ياخشى كۆرىدۇ.

﴿ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ﴾ مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش بىلەنلا ئازابتىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ. مۇشرىكلارمۇ ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنى ئارزۇ قىلمىغاچقا، ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. يەھۇدىيلارمۇ ئاخىرەتتە بولىدىغان ئازابنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇزۇن ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار ئۇزۇن ياشاشقا كاپىرلاردىنمۇ ھېرىسمەن كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرسى 1000 يىل ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلار قانچە ئۇزۇن ياشىسىمۇ، خۇددى شەيتان كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن كۆرگەن ئۆمرى ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كېلەلمىگىنىگە ئوخشاش، ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ.

﴿الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ يەنى (الله) بەندىلىرى قىلىۋاتقان ياخشى ياكى يامان ئىش بولسۇن، ھەممىنى بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچى، ھەر بىر كىشىگە ئۇنىڭ قىلغان ئىشى بويىچە مۇكاپات بەرگۈچى (ياكى جازاغا تارتقۇچى) دۇر.

****

قُلْ مَن كَانَ عَدُوًّا لِّجِبْرِيلَ فَإِنَّهُۥ نَزَّلَهُۥ عَلَىٰ قَلْبِكَ بِإِذْنِ ٱللَّهِ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ وَهُدًى وَبُشْرَىٰ لِلْمُؤْمِنِينَ ﴿٩٧﴾

ئېيتقىنكى، «جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم (الله غا دۈشمەندۇر)، چۈنكى، ئۇ (يەنى جىبرىئىل) الله نىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكىنى (يەنى ساماۋى كىتابلارنى) تەستىق قىلغۇچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، مۆمىنلەرگە بېشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلدى﴿97﴾. كىمكى الله نى، الله نىڭ پەرىشتىلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، جىبرىئىلنى، مىكائىلنى دۈشمەن تۇتىدىكەن (الله نى دۈشمەن تۇتقان بولىدۇ)، شۈبھىسىزكى، الله كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ»﴿98﴾.

يەھۇدىيلارنىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئۆچمەنلىكى

ئىمام ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر تەبەرى: قۇرئاننى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملارنىڭ ھەممىسى بۇ ئايەتنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان يەھۇدىيلار ھەققىدە چۈشكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن، ـ دەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار جىبرىئىلنى ئۆزلىرىنىڭ دۈشمىنى، مىكائىلنى ئۆزلىرىنىڭ دوستى دەپ گۇمان قىلىشىدۇ.

﴿ئېيتقىنكى، «جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم (الله غا دۈشمەندۇر)﴾ ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىكرىمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: "جىبر، مىك، ئىسراف" دېگەن سۆزلەر بەندە دېگەن مەنىنى، "ئىل" دېگەن سۆز الله دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (يەنى جىبرىئىل، مىكائىل، ئىسرافىل دېگەن "الله تائالانىڭ بەندىلىرى" دېگەنلىك بولىدۇ).

206

ئىمام بۇخارى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى سالام دېگەن كىشى كۆزلۈك يىغىم ئىشلىرى بىلەن بىر يەردە ئىدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (مەككىدىن مەدىنىگە) كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: مەن سەندىن پەيغەمبەردىن باشقىسى بىلمەيدىغان ئۈچ مەسىلە سورايمەن. قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ئالامىتى نېمە؟ جەننەتكە كىرگەن كىشىلەرنىڭ تۇنجى يەيدىغان تامىقى نېمە؟ تۇغۇلغان بالا نېمە ئۈچۈن ئاتىسىغا ياكى ئانىسىغا ئوخشايدۇ؟- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن سورىغان نەرسىلەرنى بايىلا جىبرىئىل ماڭا خەۋەر قىلغان» دېدى. ئۇ: جىبرىئىل (خەۋەر قىلدىمۇ)؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ: (جىبرىئىل) پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ دۈشمىنى، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام): ﴿**ئېيتقىنكى، «جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم (اللە غا دۈشمەندۇر)، چۈنكى، ئۇ (يەنى جىبرىئىل) اللە نىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكىنى (يەنى ساماۋى كىتابلارنى) تەستىق قىلغۇچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، مۆمىنلەرگە بېشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلدى**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ (ئۇنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشكە باشلىدى): «قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى شۇكى، بىر ئوت پەيدا بولۇپ كىشىلەرنى شەرق تەرەپتىن سۈرۈپ ئېلىپ بېرىپ غەربكە توپلايدۇ. جەننەتكە كىرگەن كىشىلەرنىڭ تۇنجى بولۇپ يەيدىغان تامىقى لەھەڭنىڭ جىگىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان بىر پارچە گۆش بولىدۇ. ئەر كىشىنىڭ ئىسپېرمىسى ئايال كىشىنىڭ ئىسپېرمىسىنى بېسىپ كەتسە بالا ئاتىسىغا ئوخشايدۇ. ئايال كىشىنىڭ ئىسپېرمىسى ئەر كىشىنىڭ ئىسپېرمىسىنى بېسىپ كەتسە، بالا ئانىسىغا ئوخشايدۇ» دېدى. ئۇ: ئەشھەدۇ ئەنلائىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەننەكە رەسۇلۇللاھ[1] دەپ ئىمان ئېيتىپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! يەھۇدىيلار (كىشىلەرگە بەك) بوھتان چاپلايدىغان مىللەت، سەن ئۇلاردىن مېنىڭ ئەھۋالىمنى سوراشتىن بۇرۇن، ئۇلار مېنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكىمنى ئاڭلىسا، ماڭا بوھتان چاپلايدۇ (يەنى ئۇلار مېنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى بىلىشتىن بۇرۇن، سەن ئۇلاردىن مېنىڭ ئەھۋالىمنى سوراپ باق)، - دېدى. يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: «ئابدۇللاھ ئىبنى سالام قانداق ئادەم؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: (ئۇ) بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ئەڭ ياخشى كىشى ۋە ئەڭ ياخشى كىشىنىڭ ئوغلى، بىزنىڭ كاتتىمىز ۋە كاتتىمىزنىڭ ئوغلى، - دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: «ئۇ ئىسلامغا كىرسە، سىلەر ئۇنىڭغا قانداق قارايسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «(ئۇنىڭ ئىسلامغا كىرىپ قېلىشىدىن) اللە ئۇنى ساقلىسۇن» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئابدۇللاھ ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ: ئەشھەدۇ ئەنلائىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدۇر رەسۇلۇللاھ، - دەپ جاكارلىغان ئىدى. ئۇلار (بىردەكلا): ئۇ بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ئەڭ يامان كىشى ۋە ئەڭ يامان كىشىنىڭ ئوغلى، - دەپ ئۇنى سۆكۈشكە باشلىدى. ئاندىن (ئابدۇللاھ): ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەن مۇشۇ ئىشتىن قورقاتتىم، - دېدى.

پەرىشتىلەرنىمۇ پەيغەمبەرلەرنى ئايرىغاندەك ئايرىغانلىقى

﴿**ئېيتقىنكى، «جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم (اللە غا دۈشمەندۇر)، چۈنكى، ئۇ (يەنى جىبرىئىل) اللە نىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكىنى (يەنى ساماۋى كىتابلارنى) تەستىق قىلغۇچى،**

(1) تەرجىمىسى: بىرلا اللە تىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ئىلاھ يوق ۋە سەن جەزمەن اللە نىڭ پەيغەمبىرىدۇرسەن.

توغرا يول كۆرسەتكۈچى، مۆمىنلەرگە بېشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلدى﴾ يەنى كىمكى جىبرىئىلنى دۈشمەن تۇتماقچى بولسا، جىبرىئىلنىڭ الله تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن سېنىڭ دىلىڭغا ھېكمەتلىك نۇرنى (يەنى قۇرئان كەرىمنى) ئېلىپ چۈشكەن ئىشەنچلىك پەرىشتە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويسۇن. ئۇ الله تائالانىڭ پەرىشتىلىرى ئىچىدىكى بىر ئەلچى پەرىشتە، بىر ئەلچىگە دۈشمەنلىك قىلسا، پۈتۈن ئەلچىگە دۈشمەنلىك قىلغان (يەنى ئەگەر بىر پەرىشتىنى ئۆزىگە دۈشمەن تۇتسا، پۈتۈن پەرىشتىلەرنى دۈشمەن تۇتقان) ھېسابلىنىدۇ. خۇددى بىر كىشى بىر پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرسە، ئۇنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشى توغرا كەلگەندەك، بىر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلسا، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ (يەنى بىر كىشى ھەممە پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرلا پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرمىگەن بولسا، ئۇ كاپىر ھېسابلىنىدۇ).

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، الله نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، الله بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى (الله غا ئىشىنىپ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز دېيىش بىلەن) ئاجرىتىۋەتمەكچى بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر...﴾[1] يەنى ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان كەلتۈرۈپ بەزىسىگە ئىمان كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئۇلارغا ھەقىقىي كاپىر نامى بىلەن ھۆكۈم قىلىندى. شۇنىڭدەك بىر كىشى جىبرىئىلنى ئۆزىگە دۈشمەن تۇتسا، ئۇ الله تائالانى دۈشمەن تۇتقان بولىدۇ. چۈنكى، جىبرىئىل ھەرقانداق نەرسىنى ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، الله تائالانىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئېلىپ چۈشىدۇ.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز (دۇنياغا) پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرى بىلەن چۈشىمىز﴾[2]، ﴿شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى﴾[3].

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىم ماڭا دوست بولغان كىشى بىلەن دۈشمەنلەشسە، ئۇ شەكسىز ماڭا جەڭ ئېلان قىلغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە دۈشمەن تۇتقان كىشىگە غەزەپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئېيتقىنكى، «جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم (الله غا دۈشمەندۇر)، چۈنكى، ئۇ (يەنى جىبرىئىل) الله نىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكىنى (يەنى ساماۋى كىتابلارنى) تەستىق قىلغۇچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، مۆمىنلەرگە بېشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلدى﴾»**.

﴿كىمكى الله نى، الله نىڭ پەرىشتىلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، جىبرىئىلنى، مىكائىلنى دۈشمەن تۇتىدىكەن (الله نى دۈشمەن تۇتقان بولىدۇ)، شۈبھىسىزكى، الله كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ»﴾ يەنى الله تائالانىڭ ئەلچىلىرى پەيغەمبەر ۋە (بۇيرۇق ئېلىپ) چۈشىدىغان پەرىشتىلەردىن ئىبارەتتۇر. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (ئەرزىمەس بۇتلارنى الله غا شېرىك قىلىۋېلىپ) الله نى تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلىمىدى، شۈبھىسىزكى، الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[4].

---

(1) نىسا سۈرىسى 150 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مەريەم سۈرىسى 64 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) شۇئەرا سۈرىسى 192 ـ ئايەتتىن 194 ـ ئايەتكىچە.
(4) ھەج سۈرىسى 74 ـ ئايەت.

ﷲ تائالا جىبرىئىل بىلەن مىكائىل ئەلەيھىسسالامنى بىر يەردە كەلتۈردى. چۈنكى، يەھۇدىيلار جىبرىئىلنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى، مىكائىلنى ئۆزلىرىنىڭ دوستى دەپ گۇمان قىلاتتى. ﷲ تائالا ئۇلارغا: «كىم ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرسىنى ئۆزىگە دۈشمەن تۇتىدىكەن، يەنە بىرسى ۋە ﷲ تائالانىمۇ ئۆزىگە دۈشمەن تۇتقان بولىدۇ» دەپ ئېنىق بايان قىلدى. بۇ بىرىنچى سەۋەب بولۇپ، ئىككىنچى سەۋەبى مىكائىلمۇ بەزى ۋاقىتتا پەيغەمبەرلەرگە (ۋەھيي ئېلىپ) چۈشەتتى ۋە لېكىن خۇددى ئىسرائىل قىيامەت كۈنى قەبرىدىن قوپۇش ئۈچۈن سۇر چېلىشقا مەسئۇل بولغاندەك، ۋەھيى ئېلىپ چۈشۈش كۆپىنچە ۋاقىتتا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىدىغان ۋەزىپىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىسى ئورنىدىن تۇرغاندا بۇ دۇئانى ئوقۇيدىغانلىقى ھەققىدە ھەدىس بايان قىلىنىدى:

«ئى جىبرىئىل، مىكائىل ۋە ئىسرافىللارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئاسمان ـ زېمىنلارنىڭ ياراتقۇچىسى، غەيبنى ۋە ھازىرنى بىلگۈچى بولغان ﷲ ! سەن بەندىلەرنىڭ ئىختىلاپلىشىپ قالغان نەرسىلىرىدە ھۆكۈم قىلغۇچىدۇرسەن. مېنى ئۆز رۇخسىتىڭ بىلەن ئىختىلاپلاردىن توغرا يولغا باشلىغىن، سەن خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايسەن» .

****

وَلَقَدْ أَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ءَايَٰتٍۭ بَيِّنَٰتٍ ۖ وَمَا يَكْفُرُ بِهَآ إِلَّا ٱلْفَٰسِقُونَ ﴿٩٩﴾ أَوَكُلَّمَا عَٰهَدُوا۟ عَهْدًا
نَّبَذَهُۥ فَرِيقٌ مِّنْهُم ۚ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿١٠٠﴾ وَلَمَّا جَآءَهُمْ رَسُولٌ مِّنْ عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٌ
لِّمَا مَعَهُمْ نَبَذَ فَرِيقٌ مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ كِتَٰبَ ٱللَّهِ وَرَآءَ ظُهُورِهِمْ كَأَنَّهُمْ لَا يَعْلَمُونَ
﴿١٠١﴾ وَٱتَّبَعُوا۟ مَا تَتْلُوا۟ ٱلشَّيَٰطِينُ عَلَىٰ مُلْكِ سُلَيْمَٰنَ ۖ وَمَا كَفَرَ سُلَيْمَٰنُ وَلَٰكِنَّ ٱلشَّيَٰطِينَ
كَفَرُوا۟ يُعَلِّمُونَ ٱلنَّاسَ ٱلسِّحْرَ وَمَآ أُنزِلَ عَلَى ٱلْمَلَكَيْنِ بِبَابِلَ هَٰرُوتَ وَمَٰرُوتَ ۚ وَمَا يُعَلِّمَانِ
مِنْ أَحَدٍ حَتَّىٰ يَقُولَآ إِنَّمَا نَحْنُ فِتْنَةٌ فَلَا تَكْفُرْ ۖ فَيَتَعَلَّمُونَ مِنْهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِۦ بَيْنَ ٱلْمَرْءِ
وَزَوْجِهِۦ ۚ وَمَا هُم بِضَآرِّينَ بِهِۦ مِنْ أَحَدٍ إِلَّا بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۚ وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمْ وَلَا يَنفَعُهُمْ ۚ
وَلَقَدْ عَلِمُوا۟ لَمَنِ ٱشْتَرَىٰهُ مَا لَهُۥ فِى ٱلْءَاخِرَةِ مِنْ خَلَٰقٍ ۚ وَلَبِئْسَ مَا شَرَوْا۟ بِهِۦٓ أَنفُسَهُمْ ۚ
لَوْ كَانُوا۟ يَعْلَمُونَ ﴿١٠٢﴾ وَلَوْ أَنَّهُمْ ءَامَنُوا۟ وَٱتَّقَوْا۟ لَمَثُوبَةٌ مِّنْ عِندِ ٱللَّهِ خَيْرٌ ۖ لَّوْ كَانُوا۟
يَعْلَمُونَ ﴿١٠٣﴾

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ساڭا بىز روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق، ئۇلارنى پەقەت توغرا يولدىن چىققانلارلا ئىنكار قىلىدۇ﴿99﴾. ھەر قاچان ئۇلار بىرەر ئەھدە تۈزۈشسە، بىر تۈركۈمى ئۇنى بۇزىدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ) تولىسى (تەۋراتقا) ئىمان ئېيتمايدۇ﴿100﴾. ئۇلارغا ﷲ تەرىپىدىن قولىلىرىدىكى كىتابنى تەستىقلايدىغان بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە، (ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك دەلىللىرىنى) بىلمەيدىغاندەك، ﷲ نىڭ كىتابىنى (يەنى تەۋراتنى) ئارقىسىغا چۆرۈۋېتىدۇ (يەنى تەۋراتنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلمايدۇ)﴿101﴾. ئۇلار سۇلەيماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ (سېھىرگەرلىككە ئائىد) سۆزلىرىگە ئەگەشتى. سۇلەيمان (سېھىرگەر بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگىنىش بىلەن) كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى، ئۇلار بابىلدىكى ھارۇت ـ مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان سېھىرنى ئۆگىنەتتى. (بۇ

ئىككى پەرىشتە) بىز كىشىلەرنى سىنايمىز، كاپىر بولمىغىن، دېمىگىچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى. ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ئەر - خوتۇننى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى (يەنى سېھىرگەرلىكنى) ئۆگىنەتتى. ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) الله نىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى. يەھۇدىيلار (تەۋراتنى تاشلاپ) سېھىرنى سېتىۋالغۇچىغا ئاخىرەتتە (الله نىڭ رەھمىتىدىن ۋە جەننەتتىدىن) ھېچ نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇلار جانلىرىنىڭ بەدىلىگە سېتىۋالغان نەرسىسىنىڭ (يەنى ئۆزلىرى ئۈچۈن سېھىر ئۆگىنىشنى تاللىشىنىڭ) ئەجەبمۇ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى﴿102﴾. ئەگەر ئۇلار ئىمان كەلتۈرسە (سېھىرنى تاشلاپ) الله دىن قورقسا، (ئۇلار ئۈچۈن) الله نىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى، كاشكى ئۇلار بۇنى بىلسە ئىدى﴿103﴾.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئالامەتلىرى

﴿شەك - شۈبھىسىزكى، ساڭا بىز روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق﴾ ئىمام ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! بىز ساڭا سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى بايان قىلىدىغان ئوچۇق ئالامەتلەرنى نازىل قىلدۇق.

ئالامەتلەر الله تائالانىڭ كىتابى (يەنى قۇرئان كەرىم) ئۆز ئىچىگە ئالغان يەھۇدىيلارنىڭ مەخپىي بىلىملىرى، مەخپىي خەۋەرلىرى، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئىچىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ خەۋەرلىرى شۇلاردىن ئىبارەت: ئۇلارنىڭ كاتتىباشلىرى ۋە ئالىملىرىدىن باشقىسى بىلمەيدىغان، ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا بار بولغان چوڭ - چوڭ خەۋەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ بۇرۇنقىلىرى ۋە كېيىنكىلىرى يەڭگۈشلىۋەتكەن تەۋراتنىڭ ھۆكۈملىرىدۇر.

الله تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن كىتابىدا ھەممە ئىشلارنى ئۇنىڭغان بىلدۈردى. بۇنىڭدا (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۇشۇ كاتتا كىتابتا) دىلىدا ئازراق ئىنساپ بار ۋە ھەسەت ئۇنى ھالاكەتكە چاقىرمىغان كىشىنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئوچۇق پاكىتلار بار. چۈنكى (ھېچقانداق بىر ئىنساندىن بىر نەرسە ئۆگەنمىگەن) بىر ساۋاتسىز كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن روشەن ئالامەتلەرنى ئېلىپ كەلسە، ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى ھېچقانداق شەك قىلمايلا ئۇنىڭ چوقۇم الله تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

﴿شەك - شۈبھىسىزكى، ساڭا بىز روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق﴾ زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ (الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ): سەن ئۇنى (قۇرئاننى) ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىسەن. ئۇلارغا ئەتىگىنى ۋە كەچلىرىدە ۋە ئۇنىڭ ئارىلىقلىرىدا خەۋەر بېرىسەن. سەن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كىتاب ئوقۇپ باقمىغان بىر ساۋاتسىزدۇرسەن، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ كىتابىدىكى نەرسىنى توغرا ئۇسۇلدا بىلدۈرىسەن، ئەگەر ئۇلار بۇنىڭ ھەممىسىنى بىلسە، بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالاتتى ۋە سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە دالالەت قىلىدىغان ئوچۇق پاكىتلارنى كۆرۈۋالالايتتى.

ۋەدىلەرگە خىلاپلىق قىلىشنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ بىردىن بىر ئادىتى ئىكەنلىكى

مالىك ئىبنى سەيف مۇنداق دەيدۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندە، (اللە تائالا) ئۇلاردىن ئالغان ۋەدىنى ۋە ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئۇلارغا ئەسلەتتى. ئۇلار: اللە تائالا بىزگە مۇھەممەد توغرۇلۇق ھېچقانداق ۋەدە بەرمىدى ۋە بىزدىنمۇ ھېچقانداق ۋەدە ئالمىدى، ـ دەيدۇ. ئاندىن اللە تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**ھەر قاچان ئۇلار بىرەر ئەھدە تۈزۈشسە، بىر تۈركۈمى ئۇنى بۇزىدۇ**﴾.

﴿**بەلكى ئۇلارنىڭ (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ) تولىسى (تەۋراتقا) ئىمان ئېيتمايدۇ**﴾ ھەسەنبەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار يەر يۈزىدە قىلىشقانلىكى ئەھدىنى بۇزدى. بۈگۈن ئەھدە قىلسا، ئەتىسى بۇزۇش ئۇلارنىڭ ئادىتىدۇر.

يەھۇدىيلارنىڭ اللە تائالانىڭ كىتابىنى تاشلىۋېتىپ، سېھىرگە يۈزلەنگەنلىكى

﴿**ئۇلارغا اللە تەرىپىدىن قوللىرىدىكى كىتابنى تەستىقلايدىغان بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە**﴾ سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندە، يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا تەۋرات بىلەن قارشى تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن جېدەللەشتى. قۇرئان بىلەن تەۋرات بىر يەردىن چىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەۋراتنى تاشلاپ، ئاسىپنىڭ كىتابىنى، ھارۇت ۋە مارۇتنىڭ سېھرىنى (قولىغا) ئالدى. (بۇلار) قۇرئان بىلەن بىر يەردىن چىقمىدى.

﴿**(ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك دەلىللىرىنى) بىلمەيدىغاندەك، اللە نىڭ كىتابىنى (يەنى تەۋراتنى) ئارقىسىغا چۆرۈۋېتىدۇ (يەنى تەۋراتنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلمايدۇ)**﴾ قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار بىلىملىك كىشىلەر ئىدى، ئۇلار بىلگەنلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنى يوشۇردى.

سېھىرنىڭ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىن بۇرۇن بار ئىكەنلىكى

﴿**ئۇلار سۇلەيماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ (سېھىرگەرلىكگە ئائىد) سۆزلىرىگە ئەگەشتى**﴾ سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: شەيتانلار سۆز تىڭشاش ئۈچۈن ئاسمانغا ئۆرلەپ چىقىپ ، ئاسماننىڭ ئولتۇرغىلى بولىدىغان يەرلىرىدە ئولتۇرۇپ زېمىندا بولماقچى بولغان بىر كىشىنىڭ ئۆلۈمى ياكى بىر غەيىب ئىشنى ۋەياكى پەرىشتىلەرنىڭ باشقا ئىشلار ھەققىدە قىلىۋاتقان پاراڭلىرىنى ئاڭلايدۇ. ئاندىن ئۇلار داخانلارنىڭ يېنىغا كېلىپ (شۇ ئىشلاردىن) خەۋەر بېرىدۇ. ئاندىن داخان، پالچىلار (شۇ ئىشلارنى) كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىدۇ. كىشىلەر (ئۇ ئىشلارنى) داخانلار دېگەندىكىدەك چىقىپ قالغانلىقىنى بىلىدۇ. پالچىلار شەيتانلارغا ئىشىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار پالچىلارنى يالغانچى قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلار ھەر بىر سۆزگە 70 يالغان سۆزنى قوشۇپ يەتكۈزىدۇ. كىشىلەر بۇ سۆز توغرىسىدا (شەيتانلارنىڭ غەيىب ئىشلاردىن خەۋەر بېرىشى بىلەن) كىتاب يېزىشقا باشلايدۇ. ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئىچىدە جىن غەيىبنى بىلىدىكەن دېگەن سۆز تاراپ كېتىدۇ. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدۇ. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام (شەيتان ھەققىدە) يېزىلغان

كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ بىر ساندۇققا سېلىپ، ئۆزى ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقنىڭ تېگىگە كۆمۈپ قويىدۇ. شەيتانلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسى ئۇ يەرگە يېقىن بېرىپ قالسا، (دەرھاللا) كۆيۈپ كېتىدۇ. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام: مەن بىر كىشىنىڭ شەيتانلار غەيبنى بىلىدۇ دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالسام، ئۇنىڭ گەدىنىگە ئۇرىمەن، ـ دەيتتى. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ ئىشنى بىلىدىغان ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەپ، ئۇلارنىڭ ئورۇنلىرىغا باشقىلار يېتىشىپ چىققاندا، شەيتان بىر كىشىنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ بىر تۈركۈم ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ: مەن سىلەرنى تۈگىمەيدىغان بىر بايلىق يېنىغا باشلاپ بارايمۇ؟ ـ دېدى. ئۇلار (ئۇنىڭغا): شۇنداق قىلغىن، ـ دېدى. شەيتان (ئۇلارغا): بىر ئورۇندۇقنىڭ تېگىنى كولايسىلەر، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ ئۇلار بىلەن بىللە بېرىپ، ئورۇننى ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويۇپ ئۆزى بىر چەتتە قاراپ تۇردى. ئۇلار ئۇنىڭغا: يېقىن كەلگىن، ـ دېدى. ئۇ: ياق، ـ دەپ ئۇنىمىدى. لېكىن ئۇ: مەن ھازىر سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىكى ئادەم، سىلەر (ئۇ بايلىقنى) تاپالمىساڭلار، مېنى ئۆلتۈرىۋېتىڭلار، ـ دېدى. ئاندىن ئۇلار كۆرسىتىپ بەرگەن ئورۇننى كولاپ كىتابلارنى تاپتى. شەيتان ئۇلارغا: سۇلەيمان ئىنسان، شەيتان ۋە ئۇچار ـ قۇشلارنى بۇ سېھىر بىلەن ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان، ـ دەپ قويۇپ غايىب بولدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا: سۇلەيمان سېھىرگەر ئىكەن، ـ دېگەن سۆز تاراپ كەتتى. ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئۇ كىتابلارنى يانلىرىدا ساقلىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندە، ئۇلار ئۇ كىتاب بىلەن (ئىچىدىكى نەرسىنى دەلىل قىلىپ) جېدەللەشتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سۇلەيمان (سېھىرگەر بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگىنىش بىلەن) كاپىر بولغىنى يوق**﴾.

ھارۇت ۋە مارۇتنىڭ قىسسىسى ۋە ئىككى پەرىشتە

﴿**لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى، ئۇلار بابىلدىكى[1] ھارۇت ـ مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان سېھىرنى ئۆگىتەتتى. (بۇ ئىككى پەرىشتە) بىز كىشىلەرنى سىنايمىز، كاپىر بولمىغىن، دېمىگىچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى. ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى (يەنى سېھىرگەرلىكنى) ئۆگىنەتتى**﴾ ئالىملار بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان ئىككى پەرىشتىنىڭ قايسى پەرىشتە ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدى. يەھۇدىيلار بۇ ئىككى پەرىشتىنى جىبرىئىل بىلەن مىكائىل دەپ گۇمان قىلىشاتتى. ئالىملار بۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، ئۇ ئىككى پەرىشتىنىڭ جىبرىئىل بىلەن مىكائىل ئەمەسلىكىنى پاكىت بىلەن ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئايەتنىڭ مەنىسىنى ھەر خىل يوسۇندا ئىزاھلىدى. بۇ ئىزاھاتلارنىڭ ئىچىدىن توغرا دەپ قارالغانلىرىمۇ، ئايەتنىڭ مەنىسىدىن بەك يىراقلىشىپ كەتتى دەپ قارالغانلارمۇ بولدى. كۆپلىگەن سەلەپ ئالىملىرى: ئۇلار ئاسماندىن زېمىنغا چۈشكەن ئىككى پەرىشتە، ـ دېگەن كۆز قاراشتا بىرلىككە كەلدى. بۇ ئىككى پەرىشتە چۈشۈپ (ئايەتتە) دېيىلگەندەك ئىشلارنى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن پەرىشتىلەر گۇناھدىن خالىي، ئۇلار ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمەيدۇ دېگەن سۆزنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ـ دېگەن سوئالغا جاۋاب شۇكى، ئىبلىس دېگەن شەيتانمۇ ئەسلىدە پەرىشتە ئىدى. الله تائالا (ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماي پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدىن) شەيتان بولۇشىنى بۇرۇن يېزىۋەتكەندەك، ئۇ ئىككى پەرىشتىنىڭ ئىشىنىمۇ الله تائالا بۇرۇن يېزىۋەتكەن. ئۇ ئىككى پەرىشتە "پەرىشتىلەرنىڭ

(1) بابىل ـ ئىراقتىكى قەدىمىي بىر شەھەر.

ھەممىسى گۇناھتىن يىراق ھېچقانداق خاتالىق ئۆتكۈزمەيدۇ" دېگەن ھۆكۈمنىڭ سىرتىدا بولغاچقا، يەنە كېلىپ ئۇ ئىككى پەرىشتىنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئىبلىس شەيتاننىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن يەڭگىل، ئۇ ئىككى پەرىشتىنىڭ قىلغان ئىشلىرى بىلەن "پەرىشتىلەر خاتالىقتىن يىراق" دېگەن سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىددىيەت يوق.

سېھىر ئۆگىنىشنىڭ كۇپۇرلۇق ئىكەنلىكى

﴿(بۇ ئىككى پەرىشتە) بىز كىشلەرنى سىنايمىز، كاپىر بولمىغىن، دېمىگىچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى﴾ ئەبۇجەئفەر رازى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ ئىككى پەرىشتىنىڭ قېشىغا سېھىرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر ئادەم كەلسە، ئۇ ئىككى پەرىشتە ئۇنى ناھايىتى قاتتىق توسۇپ، ئۇنىڭغا: بىز (اللە تائالا تەرىپىدىن كىشلەرنى) سىناش ئۈچۈن چۈشۈرۈلدۇق، (شۇڭا) سەن (بۇنى ئۆگىنىش ئارقىلىق) كاپىر بولۇپ كەتمە، ـ دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىككى پەرىشتە ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى، كۇپۇر بىلەن ئىماننى ئېنىق بىلگەچكە، سېھىرنى ئۆگىنىش شەكسىز كۇپۇرنىڭ قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۇ (يەنى سېھىرنى ئۆگەنمەكچى بولۇپ كەلگەن كىشى) ئۇ ئىككىسىنىڭ نەسىھىتىگە ئۇنىمىسا، ئۇنى پالانى بىر يەرگە بارغىن، ـ دەپ بۇيرۇيتتى. ئۇلار بۇيرۇغان يەرگە بارغاندا، شەيتاننى ئۇز كۆزى بىلەن كۆرەتتى. شەيتان ئۇنىڭغا سېھىرنى ئۆگىتەتتى. ئۇ سېھىرنى ئۆگەنگەندە، ئۇنىڭدىن بىر خىل نۇر چىقىپ كېتەتتى. ئۇ نۇرنىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ (سېھىر ئۆگەنگەنلىكىگە) ھەسرەتلىنىپ: ۋاي ئىست! مەن نېمە ئىش قىلدىم؟ ـ دەپ پۇشايمان قىلىپ كېتەتتى.

ھەسەنبەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالا كىشىلەرنى سىنايدىغان بۇ خىل سىناقنى كىشىلەرگە ئۆگىتىش ئۈچۈن (ئاسماندىن ئىككى پەرىشتە بىلەن) سېھىرنى چۈشۈردى. اللە تائالا ئۇلاردىن: بىز (اللە تائالا تەرىپىدىن) ئىنسانلارنى سىناش ئۈچۈن چۈشۈرۈلدۇق سەن سېھىرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق كاپىر بولۇپ كەتمە، ـ دەپ (نەسىھەت) قىلمىغۇچە بىر كىشىگە سېھىرنى ئۆگەتمەسلىككە ۋەدە ئالدى.

سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئىككى پەرىشتىنىڭ يېنىغا سېھىر ئۆگىنىش ئۈچۈن بىرەر ئادەم كەلسە، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ: سەن (بۇنى ئۆگىنىش ئارقىلىق) كاپىر بولۇپ كەتمە، بىز (اللە تائالا تەرىپىدىن كىشىلەرنى) سىناش ئۈچۈن چۈشۈرۈلدۇق، ـ دەيدۇ. ئۇ ئادەم ئۇلارنىڭ نەسىھىتىگە ئۇنىمىسا، ئۇنىڭغا: ئاۋۇ كۆلگە بېرىپ سىيگىن، ـ دەيدۇ. ئۇ كۆلگە بېرىپ سىيسە، ئۇنىڭدىن (سىيگەن كىشىدىن) بىر نۇر چىقىپ ئاسمانغا ئۆرلەپ كېتىدۇ، چىقىپ كەتكەن نۇر ئۇنىڭ ئىمانى ئىدى. ئوتتۇنىدەك بىر قارا نەرسە كېلىپ ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا ۋە كىرەلگىدەك يەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئۇ قارا نەرسە اللە تائالانىڭ غەزىپى ئىدى. كېيىن ئۇ ئادەم ئىككى پەرىشتىگە بولغان ئىشنى خەۋەر قىلسا، ئۇنىڭغا سېھىرنى ئۆگىتىپ قويىدۇ.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(بۇ ئىككى پەرىشتە) بىز كىشلەرنى سىنايمىز، كاپىر

بولمىغىن، دېمىگىچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى﴾ سۇنەيد ئىبنى جۇرەيجنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سېھىرگە پەقەت كاپىرلا جۈرئەت قىلالايدۇ.

بۇ ئايەت سېھىرنى ئۆگەنگەن كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى پالچى ياكى سېھىرگەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنسە، الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان نەرسىگە (يەنى ئىسلام دىنىغا ۋە قۇرئانغا) كاپىر بولغان بولىدۇ».

سېھىرنىڭ ئىچىدە ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان سېھىرنىڭ بار ئىكەنلىكى

﴿ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى (يەنى سېھىرگەرلىكنى) ئۆگىنەتتى﴾ يەنى كىشىلەر ھارۇت بىلەن مارۇتنىڭ سېھىر بىلىملىرىدىن ۋە گۇناھ ھېسابلىنىدىغان نەرسىدىن يەنى ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇنداق كۈچلۈك مۇھەببەت بولسىمۇ ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتەلەيدىغان سېھىرنى ئۆگىنىدۇ. ئەر ـ خوتۇنلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىش (ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك) شەيتانلارنىڭ ئىشىدۇر.

ئىمام مۇسلىم جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىبلىس تەختىنى سۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرۇپ، ئاندىن كىشىلەر ئارىسىغا لەشكەرلىرىنى تارقىتىدۇ. لەشكەرلەرنىڭ ئىچىدىن قايسىسى ئەڭ چوڭ بۇزغۇنچىلىق قىلغان بولسا، ئۇ شەيتانغا ئەڭ يېقىن ھېسابلىنىدۇ. (ئۇ لەشكەرلەردىن) بىرى كېلىپ ئىبلىسقا: مەن پالانچىنى مۇنداق ـ مۇنداق دېمىگۈچە (يەنى شېرىك سۆزلەرنى قىلمىغۇچە) ئۇنى قويۇۋەتمىدىم دېسە، ئىبلىس (ئۇنىڭغا): ياق (يەنى ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى كىچىك ساناپ)، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن ھېچقانداق ئىش قىلالماپسەن، ـ دەيدۇ. لەشكەرلەرنىڭ ئىچىدىن بىرى كېلىپ (ئۇنىڭغا): مەن (پالانى) بىلەن ئايالىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتمىگۈچە قويۇۋەتمىدىم، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن (ئىبلىس) ئۇنى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن قىلىپ: سەن كارامەت ياراملىق بىرىسەن، ـ دەيدۇ».

ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىشنىڭ ئۇسۇلى بىرىنىڭ ئەخلاقىنى ياكى چىرايىنى سېھىر ئارقىلىق يەنە بىرىگە سەت كۆرسىتىش، ئارىدا ھەسەت قوزغاش، يامان كۆرۈش ھېسسىياتى پەيدا قىلىش ياكى شۇلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان (ئەر ـ خوتۇننىڭ ئايرىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان) ئىشلاردىن ئىبارەتتۇر.

الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى

﴿ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) الله نىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى﴾ سۇفيان سەۋرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن زىيان

يەتكۈزىدۇ. ھەسەنبەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار پەقەت **الله** تائالا خالىغان كىشىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، **الله** تائالا بىر كىشىگە ئۇلارنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىنى خالىمىسا، (ئۇلارنى زىيان يەتكۈزۈشكە) قادىر قىلىپ قويمايدۇ. ئۇلار **الله** تائالانىڭ رۇخسىتىسىز بىر كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى﴾ يەنى ئۇلار دىنىدا ئۇلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ سېھىرنىڭ ئېلىپ كەلگەن زىيىنى پايدىسىدىن كۆپتۇر.

﴿يەھۇدىيلار (تەۋراتنى تاشلاپ) سېھىرنى سېتىۋالغۇچىغا ئاخىرەتتە (الله نىڭ رەھمىتىدىن ۋە جەننىتىدىن) ھېچ نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى﴾ يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ ئورنىغا سېھىرنى تاللىۋالغان يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ شۇئىشلىرىنى قىلغان (يەنى سېھىرنى ئۆگەنگەن) كىشىلەر ئۈچۈن ئاخىرەتتە ھېچقانداق نېسىۋە يوقلۇقىنى بىلىدۇ.

﴿ئۇلار جانلىرىنىڭ بەدىلىگە سېتىۋالغان نەرسىسىنىڭ (يەنى ئۆزلىرى ئۈچۈن سېھىر ئۆگىنىشنى تاللىشىنىڭ) ئەجەبمۇ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى﴾ يەنى ئۇلارنىڭ (الله تائالاغا) ئىمان كەلتۈرۈش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ ئورنىغا سېھىرنى تاللىشى بەكمۇ يامان ئىشتۇر.

﴿ئەگەر ئۇلار ئىمان كەلتۈرسە (سېھىرنى تاشلاپ) الله دىن قورقسا، (ئۇلار ئۈچۈن) الله نىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى، كاشكى ئۇلار بۇنى بىلسە ئىدى﴾ يەنى ئۇلار **الله** تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ھارام ئىشلاردىن ساقلانسا **الله** تائالانىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان ساۋابى ئۇلارنىڭ ياخشىلىقنى ئۇمىد قىلىپ ئۆزى تاللىۋالغان نەرسىسىدىن ياخشىدۇر. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىلىملىك كىشىلەر: «ۋاي سىلەرگە! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلغان كىشىگە **الله** نىڭ ساۋابى ياخشىدۇر. ئۇ ساۋاب پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغىلا بېرىلىدۇ» دېدى﴾[1].

****

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَقُولُواْ رَٰعِنَا وَقُولُواْ ٱنظُرۡنَا وَٱسۡمَعُواْۗ وَلِلۡكَٰفِرِينَ
عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿١٠٤﴾ مَّا يَوَدُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ وَلَا ٱلۡمُشۡرِكِينَ أَن يُنَزَّلَ
عَلَيۡكُم مِّنۡ خَيۡرٖ مِّن رَّبِّكُمۡۚ وَٱللَّهُ يَخۡتَصُّ بِرَحۡمَتِهِۦ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ
ٱلۡعَظِيمِ ﴿١٠٥﴾

ئى مۆمىنلەر! (پەيغەمبەرگە) رائىنا دەپ خىتاب قىلماي، ئۇنزۇرنا دەپ خىتاب قىلىڭلار، (سۆزىگە) قۇلاق سېلىڭلار، كاپىرلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿104﴾. ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان كاپىرلار پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە بىرەر ياخشىلىقنىڭ چۈشۈشىنى ياقتۇرمايدۇ، **الله** ئۆزىنىڭ خالىغان بەندىسىگە پەيغەمبەرلىكنى خاس قىلىدۇ، **الله** چوڭ پەزىل ئىگىسىدۇر﴿105﴾.

(1) قەسەس سۈرىسى 80 ـ ئايەت.

سۆز قىلغاندا ئەدەبلىك بولۇش

الله تائالا مۆمىنلەرنى گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەردە كاپىرلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن توستى. چۈنكى، يەھۇدىيلار بىر سۆز قىلماقچى بولسا، ئۇ سۆزنىڭ ئاڭلىنىشتا مەنىسى توغرا، لېكىن يوشۇرۇن (يامان) مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئىككى بىسلىق سۆزلەرنى تاللايتتى. مەسىلەن ئۇلار: بىزگە قۇلاق سال، ـ دېمەكچى بولسا "رائىنا" دېگەن سۆزنى دەيتتى. بۇ سۆز يەھۇدىيلارنىڭ تىلىدا بىر ـ بىرىنى تىللىغاندائىشلىتىلىدىغان سۆزدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلارمۇ بار، ئۇلار: «بىز (سۆزۈڭنى) ئاڭلىدۇق، (ئەمرىڭگە) بويسۇنمىدۇق، بىزگە قۇلاق سال، بىز ساڭا قۇلاق سالمايمىز» دەيدۇ، دىنغا تەنە قىلىش يۈزىسىدىن، رائىنا دېگەن سۆزنى تىللىرىنى ئەگرى قىلىپ ئېيتىدۇ. ئەگەر ئۇلار (يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ ئورنىغا) ئاڭلىدۇق ۋە بويسۇندۇق، قۇلاق سال، ئۇنىزۇرنا دېسە، ئۇلار ئۈچۈن (الله نىڭ دەرگاھىدا) تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ توغرا بولاتتى، لېكىن كۇفرى سەۋەبلىك الله ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى. ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴾[1].

شۇنىڭدەك ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «ئۇلار سالام قىلغاندا: "ئەسسامە ئەلەيكۇم" يەنى سىلەرگە ئۆلۈم بولسۇن، ـ دەيتتى. شۇڭا بىز ئۇنىڭغا: "ۋەئەلەيكۇم" يەنى سىلەرگىمۇ شۇنداق بولسۇن دېگەن سۆز بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا بۇيرۇلدۇق، ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان بەتدۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ. بىزنىڭ ئۇلارغا قارشى قىلغان دۇئايىمىز ئىجابەت بولىدۇ».

الله تائالا مۆمىنلەرنى سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە كاپىرلارغا ئوخشاپ قىلىشتىن توسۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئى مۆمىنلەر! (پەيغەمبەرگە) رائىنا دەپ خىتاب قىلماي، ئۇنىزۇرنا دەپ خىتاب قىلىڭلار، (سۆزىگە) قۇلاق سېلىڭلار، كاپىرلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾**.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئۆمەررەزىيەللاھۇئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالاغا ھېچقانداق شېرىك كەلتۈرۈلمەي ئىبادەت قىلىنىشى ئۈچۈن (قىيامەت بولۇشنىڭ ئالدىدا[2]) قىلىچ بىلەن ئەۋەتىلدىم. مېنىڭ رىزقىم نەيزەمنىڭ سايىسى ئاستىدا قىلىندى. خارلىق ۋە پەسلىك مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلغان كىشىگە بولىدۇ. بىر كىشى باشقا بىر مىللەتكە ئوخشىۋالسا، ئۇ ئۇلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ». بۇ ھەدىستە مۆمىنلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە، ئىش ـ پائالىيەتلىرىدە، كىيىم ـ كېچەك ۋە بايراملىرىدا، ئىبادەتلىرىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلام دىنىدا چەكلەنمىگەن ھەرقانداق ئىشلاردا كاپىرلارغا ئوخشىۋېلىشتىن قاتتىق توسالغانلىقىغا ئېنىق دەلىل ـ پاكىت بار.

(1) نىسا سۈرىسى 46 ـ ئايەت.
(2) بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا پەيغەمبەرلەرگە نىسبەتەن قىيامەت كۈنىگە ئەڭ يېقىن زاماندا پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەچكە، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرىدىن قىيامەت كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقنى "قىيامەت بولۇشنىڭ ئالدىدا" دەپ ئىپادىلىگەن.

216

كاپىرلارنىڭ ۋە ئەھلى كىتابلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى قاتتىق يامان كۆرىدىغانلىقى

﴿ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان كاپىرلار پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە بىرەر ياخشىلىقنىڭ چۈشۈشىنى ياقتۇرمايدۇ﴾ الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەتنى ئۈزۈۋېتىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنى ئۇلارغا ئوخشىۋېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، مۇشرىك ۋە ئەھلى كىتاب كاپىرلىرىنىڭ (مۇسۇلمانلارغا بولغان) قاتتىق ئۆچمەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

الله مۆمىنلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل بولغان شەرىئەتنى بەلگىلەپ بېرىشتەك نېئمەتنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئۆزىنىڭ خالىغان بەندىسىگە پەيغەمبەرلىكنى خاس قىلىدۇ، الله چوڭ پەزىل ئىگىسىدۇر﴾.

****

﴿ مَا نَنسَخْ مِنْ ءَايَةٍ أَوْ نُنسِهَا نَأْتِ بِخَيْرٍ مِّنْهَآ أَوْ مِثْلِهَآ ۗ أَلَمْ تَعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿١٠٦﴾ أَلَمْ تَعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ لَهُۥ مُلْكُ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۗ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِن وَلِىٍّ وَلَا نَصِيرٍ ﴿١٠٧﴾

قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق، (ئورنىغا) ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز. الله نىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟﴿106﴾ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ سىلەرگە الله دىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە مەدەتكار يوقتۇر﴿107﴾.

نەسخ ۋە ئۇنىڭ مەنىسى

نەسخ دېگەن سۆز بىر ئايەتنىڭ ئوقۇلۇشىنىڭ شۇ پېتى قېلىپ، ئۇنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ياكى ھۆكمى شۇ پېتى قېلىپ، ئوقۇلۇشىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: «نەسخ دېگەن ھالالنى ھارامغا، ھارامنى ھالالغا، يول قويۇلغان نەرسىنى توسالغان نەرسىگە، توسالغان نەرسىنى يول قويۇلغان نەرسىگە ئۆزگەرتىشنى بىلدۈرىدۇ. نەسخ قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى بىر نەرسىگە بۇيرۇيدىغان ياكى ئۇنىڭدىن توسىدىغان ئايەتلەردىلا بولىدۇ. ئەمما قۇرئاندىكى تارىخىي رىۋايەتلەردە ۋە خەۋەرلەردە نەسخ بولمايدۇ».

﴿قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق﴾ ئابدۇررازاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا خالىغان نەرسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنتۇلدۇرىدۇ ۋە خالىغان نەرسىنىڭ (ھۆكمىنى) يەڭگىللەيدۇ.

﴿(ئورنىغا) ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز﴾ يەنى ئىبادەت قىلىشقا لايىق بولغانلارنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ھۆكۈملەرنى كەلتۈرىمىز.

سۈددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، بىز بىكار قىلىۋەتكەن ياكى ئەمەلدىن قالدۇرغان ھۆكۈمنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى ياكى ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرىمىز دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ دۇرۇسلىقى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ "ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس" دېگەن دەۋاسىغا رەددىيە

﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ سىلەرگە الله دىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە مەدەتكار يوقتۇر﴾ الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلارنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ ھاكىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلار ئۈستىدە ئۆزى خالىغان بويىچە ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى يارىتىش ۋە خالىغان نەرسىگە بۇيرۇشنىڭ ئۆزىگە خاس ئىكەنلىكىنى بەندىلىرىگە بىلدۈردى. ئۇلارنى ئۆزى خالىغان ھالەت بويىچە ياراتتى. خالىغان كىشىنى بەختلىك قىلىدۇ ۋە خالىغان كىشىنى بەختسىز قىلىدۇ. خالىغان كىشىنى ساغلام ۋە خالىغان كىشىنى كېسەلچان قىلىدۇ. خالىغان كىشىنى (قىلغان ئىشلىرىدا) غەلىبە قازاندۇرىدۇ ۋە خالىغان كىشىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ. شۇنىڭدەك بەندىلەرنىڭ ئىچىدە ئۆزى خالىغان نەرسىسى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. خالىغان نەرسىنى ھالال ۋە خالىغان نەرسىنى ھارام قىلىدۇ. خالىغان نەرسىگە يول قويۇپ، خالىغان نەرسىنى چەكلەيدۇ. ئۇ ئۆزى خالىغان نەرسىسى بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ قىلغان ھۆكمىگە ھېچكىم قارشى تۇرالمايدۇ. ئۇ نېمە ئىش قىلسا، ئۇنىڭدىن سوراق سورالمايدۇ. سوراق سورىلىدىغىنى بەندىلەردۇر. ئۇ ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بەندىلەرنىڭ پەيغەمبەرگە بولغان بويسۇنۇشىنى سىنايدۇ. ئۇ كىشىلەرنى پايدىلىق ئىشلارغا بۇيرۇپ، زىيانلىق ئىشلاردىن توسىدۇ.

"بويسۇنۇش"، ئۇنىڭ بۇيرۇغان ئىشلىرىنى قىلىش، پەيغەمبەرلەر يەتكۈزگەن نەرسىلەرگە ئىشىنىش، توسقان ئىشلاردىن يېنىشتۇر. (يۇقىرىدىكى) ھەقىقەت يەھۇدىيلارنىڭ قىلغان كۇپۇرلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمنىڭ ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئەمەس دەيدىغان دەۋاسىدا كەلتۈرگەن شەك ـ شۈبھىلىرىگە بېرىلگەن ئوچۇق رەددىيەدۇر. (ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمنىڭ ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قىلغان دەۋاسىدا) بەزىلىرى بىلىمسىزلىك ۋە كۇپۇرلۇق يۈزىسىدىن ئەقىلگە تايىنىپ گۇمان قىلىدۇ. ياكى بەزىلىرى توقۇپ چىققان ئۇچۇرغا تايىنىدۇ.

ئىمام ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، ئى مۇھەممەد! ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئىگىدارچىلىقى مېنىڭدىلا ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ مەن ئاسمان ـ زېمىندا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردە خالىغىنىمچە ھۆكۈم قىلىمەن. ئۇ ئىككىسىدە ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر ئۈستىدە خالىغىنىمنى بۇيرۇيمەن ۋە خالىغىنىمدىن توسۇيمەن. مەن بەندىلىرىمنىڭ ئۈستىدە يۈرگۈزىۋاتقان ھۆكۈملەردىن خالىغان ۋاقىتتا خالىغىنىمنى ئۆزگەرتىپ خالىغىنىمنى ئۆز پېتى قويۇپ قويىمەن. ئاسمان ـ زېمىندا خالىغان نەرسىنى بېكىتىمەن دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

ئەبۇجەئفەر يەنە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت تەۋراتنىڭ (بەزى) ھۆكۈملىرىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقى ئىنكار قىلغان، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (الله تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن دىنلار تەۋراتنىڭ بەزى ھۆكۈملىرىنى ئۆزگەرتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار) نىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان يەھۇدىيلارنى يالغانچىغا چىقاردى. ئاندىن الله تائالا يەھۇدىيلارغا ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئىگىدارچىلىقىنىڭ

218

ئۆزگە خاس ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. پۈتۈن كىشىلەر ئۆزىنىڭ قول ئاستىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ الله تائالاغا مۇتلەق بويسۇنۇشى لازىملىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇلارنى خالىغان نەرسىگە بۇيرۇيدىغانلىقىنى ۋە خالىغان نەرسىدىن توسىدىغانلىقىنى، خالىغان نەرسىنى ئۆزگەرتىپ، خالىغان نەرسىنى قويۇپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يەھۇدىيلارنى ھۆكۈمنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى توغرىسىدا ئىزدىنىشكە ئۈندىگەن نەرسە ئۇلارنىڭ (الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە) بولغان كۆپۈرلىقى ۋە ئۇلارغا قارشى تۇرۇش ئادىتىدۇر. ئەقىل بىلەن ئويلىساقمۇ، الله تائالانىڭ ھۆكۈملىرىدە ئەمەلدىن قېلىش بولىدىغانلىقى مۇمكىندۇر. چۈنكى، الله تائالا خالىغان ئىشنى قىلالىغاندەك، خالىغان نەرسە ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرالايدۇ.

نەسخنىڭ بولۇشى بۇرۇنقى شەرىئەتتىمۇ بولۇپ ئۆتكەن. مەسىلەن، الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزلىرىنى ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ئېلىپ بېرىشنى (بىر تۇغقاننىڭ توي قىلىشىنى) ھالال قىلغان، كېيىن ئۇنى چەكلەپ ھارام قىلدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىدىن چۈشكەندىن كېيىن ھەممە ھايۋانلارنى يېيىشنى ھالال قىلغان، كېيىن ئۇنىڭ بەزىسىنى چەكلىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ باللىرىغا ئاچا ـ سىڭىلنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىغا ئېلىشنى دۇرۇس قىلغان، كېيىن ئۇنى تەۋراتتا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى (كىتابلار) ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتتە (يەنى مۇسا، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلارنىڭ شەرىئىتىدە) ھارام قىلىپ چەكلىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بالىسىنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇلغان ئىدى. ئۇنى ئورۇنلاشتىن بۇرۇن ئۇ بۇيرۇقنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئىچىدىن مۇزايىغا ئىبادەت قىلمىغانلارنى موزايىغا ئىبادەت قىلغانلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان، كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلۈپ تۈگەپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇ بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇردى. يەھۇدىيلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ ۋە بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ بۇ ئىسپاتلارغا بەرگەن ئاغزاكى جاۋابى بۇ ھۆكۈمنىڭ ھەقىقەتنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ.

بۇنىڭ يەنە بىر مىسالى، يەھۇدىيلارنىڭ كىتابلىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشىنىڭ خۇش ـ بېشارىتى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. "بۇرۇنقى شەرىئەتلەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگىچىلا ئەمەل قىلىنىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ شەرتلەرنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقى نەسخ دەپ ئاتالمايدۇ" دېسەكمۇ ياكى: "ئۇ شەرىئەتلەرگە ئەمەل قىلىنىۋېرىدۇ" دېسەكمۇ ياكى: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋېرىدۇ" دېسەكمۇ، قانداقلىكى بولمىسۇن، يەھۇدىيلارنىڭ كىتابىدىكى بۇيرۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى ۋە بىر ئىشنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە ئۇيغۇن كېلىشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ ئاخىرقى كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمنى ئېلىپ كەلدى.

الله تائالا بۇ يەردە ھۆكۈمنىڭ ئەمەلدىن قېلىشىنىڭ دۇرۇسلىقىنى بايان قىلىپ ۋە يەھۇدىيلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله نىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟﴾**، **﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟﴾** خۇددى ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئىگىدارچىلىقى الله تائالاغا مەنسۇپ بولغىنىدەك، ھۆكۈم قىلىشمۇ الله تائالاغا مەنسۇپتۇر. ئۇ خالىغان

نەرسىسى بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا الله نىڭ ئىلكىدىدۇر﴾[1] مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ ھۆكۈملىرىدە نەسىخنىڭ بولىدىغانلىقىدا بىرلىككە كەلدى. چۈنكى، بۇنىڭدىمۇ الله تائالانىڭ بىر ھېكمىتى بار.

****

أَمْ تُرِيدُونَ أَن تَسْـَٔلُواْ رَسُولَكُمْ كَمَا سُئِلَ مُوسَىٰ مِن قَبْلُ ۗ وَمَن يَتَبَدَّلِ ٱلْكُفْرَ بِٱلْإِيمَٰنِ فَقَدْ ضَلَّ سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ ﴿١٠٨﴾

ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئىلگىرى مۇسادىن سوئال سورىغاندەك، سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلاردىن سوئال سورىماقچى بولامسىلەر؟ كىمكى ئىماننى كۇفرىغا تېگىشسە، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ﴿108﴾.

كۆپ سوئال سوراشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تېخى بولمىغان ئىشلار توغرىسىدا كۆپ سوئال سوراشتىن توستى. الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن) سورىماڭلار﴾[2] يەنى بىر ئىش بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەريانىنى سورىساڭلار بولىدۇ. بىر ئىش بولۇشتىن بۇرۇن ئۇ توغرىسىدا سوئال سورىماڭلار، ئۇنى سورىغانلىقىڭلارنىڭ سەۋەبى بىلەن بەزى ئىشلار (ئەسلى ھارام بولمىسىمۇ) ھارام بولۇپ چەكلىنىپ قېلىنىشى مۇمكىن.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «(بىر كىشى) مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە ھارام قىلىنمىغان بىر نەرسە توغرۇلۇق سوئال سورىسا ۋە ئۇنىڭ سوئالى سەۋەبىدىن (ئۇ نەرسە) ھارام قىلىنىپ كەتكەن بولسا، (سوئال سورىغۇچى) كىشىنىڭ گۇناھى ئەڭ ئېغىر بولىدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن يامان ئىش قىلىپ تۇرغان كىشىنى كۆرگەن كىشى ھەققىدە سورالدى. بۇ چاغدا ئايالنىڭ ئېرى سۆزلەپ قالسا، چوڭ ئىشنى سۆزلىۋېتەتتى (يەنى ئەگەر سۆزلەپ قالسا، ئاچچىقىدا خاتالىشىپ كېتىشى مۇمكىن). ئەگەر گەپ قىلماي شۈك تۇرسا، مۇشۇنداق (ئېغىر) ئىشقا شۈك تۇرغان بولىدۇ. (بۇ كىشىنىڭ قانداق قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورالغان ئىدى)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سوئالنى ياقتۇرماي ئەيىب كۆردى. ئاندىن الله تائالا بىر - بىرىگە لەنەت قىلىشىش ھۆكۈمىنى نازىل قىلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە مۇغىيرە ئىبنى شۇئبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت

(1) ئەئراف سۈرىسى54 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مائىدە سۈرىسى 101 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنداقمىش ـ مۇنداقمىش دېگەن سۆزلەردىن، مال ـ مۈلۈكنى ئورۇنسىز يەرلەرگە ئىشلىتىش ۋە تولا سوئال سوراشتىن توسقان ئىدى».

ئىمام مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىلەرنى قويۇپ بەرسەم، سىلەرمۇ مېنى قويۇپ بېرىڭلار (يەنى مەن سىلەرنى توسمىغان ياكى بۇيرۇمىغان ئىش بولسا، سىلەر ئۇ ھەقتە سۆز ئاچماڭلار). سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەر تولا سوئال سورىغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشمىگەنلىكى سەۋەبى بىلەن ھالاك بولۇپ كەتتى. مەن سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇسام ئۇنى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە قىلىڭلار. بىر ئىشتىن توسسام، ئۇنى قىلىشتىن ساقلىنىڭلار».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: «الله تائالا (سىلەرگە) ھەجنى پەرز قىلدى» دەپ يەتكۈزگەندە، (ساھابىلارنىڭ ئىچىدىن) بىر كىشى قوپۇپ: «ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! ھەر يىلى ھەج قىلامدىمىز؟» دەپ سورايدۇ (ئۇ ئۈچ قېتىم سورىغان بولۇشى مۇمكىن). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (جاۋاب بەرمەي) ئۈچىلا قېتىمدا جىم تۇرۇۋالىدۇ. ئاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «ياق، ئەگەر: ھەئە دېسەم، چوقۇم ۋاجىب بولۇپ قالاتتى، ئەگەر ۋاجىب بولۇپ قالسا، سىلەر (ئۇنى ھەر يىلى) قىلالماي قالىسىلەر، شۇڭا مەن سىلەرنى قويۇپ بەرسەم، سىلەرمۇ مېنى قويۇپ بېرىڭلار» دېدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسە توغرۇلۇق سوئال سوراشتىن توسالغان ئىدۇق. سەھرادىن بىرەر كىشى كېلىپ سوئال سورىسا بىز ئۇنىڭغا قىزىقىش بىلەن قۇلاق سالاتتۇق.

﴿ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئىلگىرى مۇسادىن سوئال سورىغاندەك، سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلاردىن سوئال سورىماقچى بولامسىلەر؟﴾ بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى مۆمىنلەرنى ۋە ئۇلاردىن باشقىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە كىشىگە پەيغەمبەردۇر. الله تائالا مۆمىنلەردىن باشقىلارنىڭمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوئال سورايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) سەندىن ئۇلارىغا ئاسماندىن بىر كىتاب چۈشۈرۈشنى سورايدۇ، ئۇلار مۇسادىن بۇنىڭدىنمۇ چوڭراقىنى سوراپ: «بىزگە الله نى ئاپئاشكارا كۆرسەتكىن» دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ زۇلمى سەۋەبلىك ئۇلارنى چاقماق سوقتى (يەنى ئاسماندىن بىر ئوت كېلىپ ئۇلارنى ھالاك قىلدى)﴾[1].

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: رافىئە ئىبنى ھۇرەيمىلە ياكى ۋەھب ئىبنى زەيد (دېگەن يەھۇدىي) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى مۇھەممەد! بىزگە ئاسماندىن (بىز ئوقۇيدىغان) كىتابتىن بىرنى چۈشۈرۈپ بەرسەڭ، بىزگە ئۆستەڭلەرنى پەيدا قىلىپ بەرسەڭ، ساڭا ئىشىنەتتۇق ۋە ساڭا ئەگىشەتتۇق، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئىلگىرى مۇسادىن سوئال سورىغاندەك، سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلاردىن سوئال سورىماقچى بولامسىلەر؟ كىمكى ئىماننى كۇفرىغا تېگىشسە، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ﴾** بۇ ئايەتتىن مەقسەت ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن قارشىلىشىش ئۈچۈن سوئال سورىغاندەك، بىر كىشىنىڭ

(1) نىسا سۈرىسى 153 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يول كۆرسىتىش (يەنى بۇ ئىشنى مۇنداق قىلساق دېگەنگە ئوخشاش) ۋە ئىشنى ئېغىرلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن بىر نەرسە سورىشىنى ئەيىبلەشتۇر.

﴿**كىمكى ئىماننى كۇفرىغا تېگىشسە**﴾ يەنى ئىمانغا كۇپۇرنى ئالماشتۇرغان كىشى ﴿**ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇ توغرا يولدىن ئازغۇنلۇققا قاراپ ماڭدى. پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىپ ئۇلارغا ئەگىشىشتىن ۋە ئۇلارغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ، ئۇلار بىلەن قارشىلىشىش ۋە ئۇلارنى يالغانچى قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى يوق سوئاللارنى پەيغەمبەرلەردىن كۇپۇرلۇق قىلىپ ۋە ئىشنى قىيىنلاشتۇرۇپ سورىغان كىشىلەرنىڭ ھالىمۇ يۇقىرىدىكى (ئىمانغا كۇپۇرنى ئالماشتۇرغان) كىشىنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ. يەنى ئۇلارمۇ توغرا يولدىن ئازغۇنلۇق يولىغا قاراپ ماڭدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ بەرگەن نېئمىتىگە كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئۆز قەۋمىنى (ئازدۇرۇش بىلەن) ھالاكەت مەۋقەسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (ھالاكەت مەۋقەسى) جەھەننەمدۇركى، ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[1] ئەبۇئالىيە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئاسانلىقنى مۇشەققەتلىككە ئالماشتۇردى».

****

وَدَّ كَثِيرٌ مِّنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ لَوْ يَرُدُّونَكُم مِّنۢ بَعْدِ إِيمَٰنِكُمْ كُفَّارًا حَسَدًا مِّنْ عِندِ
أَنفُسِهِم مِّنۢ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلْحَقُّ ۖ فَٱعْفُوا۟ وَٱصْفَحُوا۟ حَتَّىٰ يَأْتِىَ ٱللَّهُ بِأَمْرِهِۦٓ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ
شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿١٠٩﴾ وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ ۚ وَمَا تُقَدِّمُوا۟ لِأَنفُسِكُم مِّنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِندَ ٱللَّهِ ۗ
إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿١١٠﴾

ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (يەنى دىنىڭلارنىڭ ھەقلىقى) ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. الله نىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر (يەنى الله سىلەرگە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلغۇچە) ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار ۋە كەچۈرۈڭلار. الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴿109﴾. نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئىشلىگەن ھەرقانداق ياخشى ئەمەل بولسا، الله نىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ساۋابىنى تاپىسىلەر، الله ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿110﴾.

ئەھلى كىتابنىڭ يولىدا مېڭىشتىن توسۇش توغرىسىدا

الله تائالا مۆمىنلەرنى ئەھلى كىتاب كاپىرلىرىنىڭ يولىغا ئەگىشىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ. ئەھلى كىتابنىڭ ئۇلارغا كەلگەن پەيغەمبىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، كۆڭلىدە ۋە ئەمەلىيىتىدە ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك ۋە ھەسەت ساقلايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. مۆمىن بەندىلىرىگە الله تائالانىڭ ياردىمى كېلىپ (مەككە) ئازات بولغۇچە ئۇلارنى كەچۈرۈشكە ۋە سەۋرچان بولۇشقا بۇيرۇدى. مۆمىنلەرنى

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 28 ـ 29 ـ ئايەتلەر.

ناماز ئوقۇشقا ۋە زاكات بېرىشكە بۇيرۇپ، بۇ بۇيرۇقلارنى (ئۆز ۋاقتىدا) ئادا قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئابدۇللاھ كەئب ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كەئب ئىبنى ئەشرەف دېگەن يەھۇدىي شائىر ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى (شېئىر ئارقىلىق) سۆكەتتى. الله تائالا ئۇنىڭ ھەققىدە بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (يەنى دىنىڭلارنىڭ ھەقلىقى) ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. الله نىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر (يەنى الله سىلەرگە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلغۇچە) ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار ۋە كەچۈرۈڭلار﴾**.

زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ساۋاتسىز پەيغەمبەر يەھۇدىيلارغا ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان ئالامەتلەردىن خەۋەر بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇلار ئىشەنگەندەك ئىشىنىدۇ. لېكىن ئۇلار كۆپۈرلۇق ۋە ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭدىن تانىدۇ.

﴿ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (يەنى دىنىڭلارنىڭ ھەقلىقى) ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن﴾ يەنى ئۇلارغا ھەقىقەتنى ئۇنىڭدىن كىچىككىنە بىر يېرىنىمۇ چۈشىنىكسىز قويماي، ھەممىسىنى ئوچۇق روشەنلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ھەسەت ئۇلارنى تېنىۋېلىشقا ئۈندىدى. (شۇڭا الله تائالا) ئۇلارنى ئەيىبلىدى ۋە قاتتىق مالالەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزلىرىگە ۋە بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە چۈشكەن كىتابلارغا ئىشەنگەنلىكى ۋە ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، مۆمىنلەرگە الله تائالانىڭ كاتتا ساۋابى ۋە ياردىمى بارلىقىنى جاكارلىدى.

﴿ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (يەنى دىنىڭلارنىڭ ھەقلىقى) ئاشكارا بولغاندىن كېيىن﴾ ئەبۇئالىيە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تەۋرات ۋە ئىنجىلدىن خەۋەر تېپىپ تورۇقلۇقمۇ، پەيغەمبەرنىڭ باشقا مىللەتتىن چىقىپ قالغانلىقىغا ھەسەت قىلىپ ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى.

كۆپ ساندىكى ئالىملار: الله تائالانىڭ: ﴿مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار﴾[1]، ﴿سىلەر ئەھلى كىتابتىن الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى الله نىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى الله نىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغاننىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، الله (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى) غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار﴾[2] دېگەن ئايىتى ئارقىلىق: **﴿الله نىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر (يەنى الله سىلەرگە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلغۇچە) ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار ۋە كەچۈرۈڭلار﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ كەتتى، ـ دېدى (يەنى ئاخىرقى ھۆكۈم كاپىرلارنى كەچۈرۈۋېتىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئۇچراتقان يەردە ئۆلتۈرۈشتۇر). بۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئەبۇئالىيە، رەبىيئ ئىبنى ئەنەس، قەتادە ۋە سۇددى قاتارلىق ئالىملارنىڭ پىكرىدۇر.

(1) تەۋبە سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تەۋبە سۈرىسى 29 ـ ئايەت.

ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش

﴿**نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئىشلىگەن ھەرقانداق ياخشى ئەمەل بولسا، الله نىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ساۋابىنى تاپىسىلەر**﴾ يەنى الله تائالا ئۇلارنى (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە الله تائالانىڭ ياردىمىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن) ناماز ئوقۇش ۋە زاكات بېرىش قاتارلىق (قىيامەت كۈنى ئۇلارغا ئەسقاتىدىغان) ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

الله تائالا ئەمەل ـ ئىبادەت قىلمىغان كىشىلەرنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ ئۆزرىلىرى پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلار لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ﴾[1].

﴿**الله ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى الله تائالا ياخشىلىق بولسۇن ياكى يامانلىق بولسۇن، بىر كىشىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىدىن بىخەۋەر ئەمەس. ئۇ ھەرقانداق كىشىنىڭ قىلغان ئىشىغا جازا ۋە مۇكاپات بەرگۈچىدۇر.

****

وَقَالُواْ لَن يَدۡخُلَ ٱلۡجَنَّةَ إِلَّا مَن كَانَ هُودًا أَوۡ نَصَٰرَىٰۗ تِلۡكَ أَمَانِيُّهُمۡۗ قُلۡ هَاتُواْ
بُرۡهَٰنَكُمۡ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ١١١ بَلَىٰۚ مَنۡ أَسۡلَمَ وَجۡهَهُۥ لِلَّهِ وَهُوَ مُحۡسِنٞ فَلَهُۥٓ
أَجۡرُهُۥ عِندَ رَبِّهِۦ وَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ١١٢ وَقَالَتِ ٱلۡيَهُودُ لَيۡسَتِ ٱلنَّصَٰرَىٰ عَلَىٰ شَيۡءٖ
وَقَالَتِ ٱلنَّصَٰرَىٰ لَيۡسَتِ ٱلۡيَهُودُ عَلَىٰ شَيۡءٖ وَهُمۡ يَتۡلُونَ ٱلۡكِتَٰبَۗ كَذَٰلِكَ قَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَعۡلَمُونَ مِثۡلَ
قَوۡلِهِمۡۚ فَٱللَّهُ يَحۡكُمُ بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُواْ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ١١٣

ئۇلار: «يەھۇدىي ياكى ناسارا بولمىغان ئادەم (يەنى يەھۇدىيلار يەھۇدىي بولمىغان ئادەم، ناسارالار ناسارا بولمىغان ئادەم) ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېيىشتى. بۇ، ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇسىدۇر. «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار» دېگىن﴿111﴾. ئۇنداق ئەمەس، كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى الله غا تاپشۇرىدىكەن (يەنى الله نىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلىنى خالىس الله ئۈچۈن قىلىدىكەن)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋابتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ﴿112﴾. يەھۇدىيلار: «ناسارالارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق (يەنى ئۇلار توغرا دىندا ئەمەس)» دېدى. ناسارالارمۇ: «يەھۇدىيلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق (يەنى ئۇلار توغرا دىندا ئەمەس)» دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار كىتابنى (يەنى يەھۇدىيلار تەۋراتنى، ناسارالار ئىنجىلنى) ئوقۇيدۇ، بىلمەسىز ئادەملەر (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرى) مۇ ئۇلار دېگەندەك دېدى، الله قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ﴿113﴾.

(1) غافىر سۈرىسى 52 ـ ئايەت.

ئەھلى كىتابنىڭ قىلغان ئارزۇلىرى

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ ئورۇنسىز ئارزۇلارغا ئالدىنىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار جەننەتكە ئۆزىنىڭ دىنىدىكى كىشىدىن باشقىسىنىڭ كىرەلمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى دەۋاسىدا ئالدىنىپ كەتكەن.

اللّٰه تائالا ئۇلارنىڭ: بىز اللّٰه تائالانىڭ بالىلىرى، ـ دەپ دەۋا قىلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز اللّٰه نىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز (يەنى ئاتا ـ بالىدەك يېقىنمىز) ۋە (بىز اللّٰه نىڭ دىنىدا بولغاچقا) دوستلىرىدۇرمىز﴾[1] اللّٰه تائالا: ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ئازابلىنىدۇ، ـ دەپ ئېيان قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىلغان دەۋاسىنى يالغانغا چىقاردى. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرى دېگىنىدەك اللّٰه تائالانىڭ بالىلىرى ۋە يېقىنلىرى بولىدىغان بولسا، قىلغان گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ئازابلانمىغان بولاتتى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۈلگەندەك، ئۇلار قىلغان يامان ئىشلىرىمىز ئۈچۈن دوزاختا بىر نەچچە كۈنلا تۇرۇپ ئاندىن جەننەتكە كىرىمىز دەپ دەۋا قىلدى. اللّٰه تائالا ئۇلارغا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا رەددىيە قايتۇردى.

شۇنىڭدەك، بۇ يەردىمۇ ئۇلارنىڭ (جەننەتكە يەھۇدىي ياكى خرىستىئان دىنىدىكىدىن باشقىلار كىرەلمەيدۇ دەپ قىلغان) ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپاتسىز دەۋاسى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ، ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇسىدۇر**﴾ ئەبۇئالىيە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ اللّٰه تائالا توغرىسىدىكى قىلغان ئورۇنسىز ئارزۇلىرىدۇر.

ئاندىن اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿«**ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار» دېگىن**﴾ ئەبۇئالىيە، مۇجاھىد، سۇددى ۋە رەبىئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى سىلەر قىلغان دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، پاكىتىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار.

﴿**ئۇنداق ئەمەس، كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى اللّٰه غا تاپشۇرىدىكەن (يەنى اللّٰه نىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلىنى خالىس اللّٰه ئۈچۈن قىلىدىكەن)**﴾ يەنى اللّٰه تائالاغا ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك قىلماي ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلغان كىشى.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار سەن بىلەن (دىن بارىسىدا) مۇنازىرىلەشسە: «ماڭا ئەگەشكەنلەر بىلەن بىرلىكتە، مەن ئۆزەمنى اللّٰه غا تاپشۇردۇم (يەنى اللّٰه نىڭ ئەمرىلىرىگەبويسۇنغۇچىمىز)» دېگىن﴾[2].

﴿**ئۇنداق ئەمەس، كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى اللّٰه غا تاپشۇرىدىكەن**﴾ سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: دىنىنى خالىس قىلغان كىشى.

﴿**ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋابتىن بەھرىمەن بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇ خالىس قىلغان ئەمەلىدە ياكى دىنىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشتى. ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ مەقبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئىككى

---

(1) مائىدە سۈرىسى 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شەرت لازىم بولىدۇ. بىرىنچىسى، ئەمەل ـ ئىبادەت الله تائالا ئۈچۈن خالىس بولغان بولۇشى لازىم. ئىككىنچىسى، ئەمەل ـ ئىبادەت شەرىئەتنىڭ قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەمەل قىلىنغان ئىبادەت الله تائالاغا خالىس بولۇپ، ئەمما شەرىئەتنىڭ قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن بولمىسا، قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى بىزنىڭ دىنىمىزدا يوق ئىشنى قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ئىشى مەقبۇل ئەمەس».

راھىبلار ۋە ئۇلارغا ئوخشاشلارنىڭ قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئىبادەتلىرىنى الله تائالا ئۈچۈن خالىس قىلىدۇ دەپ پەرز قىلساقمۇ، ئۇلار قىلغان ئىبادەتلىرىدە، پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشمىگۈچە (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئىبادىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتنىڭ قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن كەلمىگۈچە) ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرى مەقبۇل بولمايدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز،)يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)﴾[1]، ﴿كاپىرلارنىڭ (ياخشى ئەمەل دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرى باياۋاندىكى سەرابقا ئوخشايدۇ، تەشنا ئادەم ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلسە، ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ (يەنى سۇ كۆرمەيدۇ)﴾[2]، ﴿بۇ كۈندە نۇرغۇن ئادەملەر خار بولغۇچىدۇر. ئۇلار دۇنيادا گۇناھ قىلغۇچىلاردۇر، (ئاخىرەتتە) جاپا تارتقۇچىلاردۇر. ئۇلار ھارارىتى قاتتىق دوزاخقا كىرىدۇ. (سۇلىرى) قايناپ تۇرغان بۇلاقتىن سۇغىرىلىدۇ﴾[3].

كۆرۈنۈشتە ئەمەل ـ ئىبادەت شەرىئەتنىڭ قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن بولسىمۇ، لېكىن ئىبادەت قىلغۇچى قىلغان ئىبادىتىدە ئىخلاس قىلمىغان بولسا، بۇ ئىبادەتمۇ ئوخشاشلا قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ ئىبادەتلەر رىياخورلارنىڭ ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئىبادىتىگە ئوخشايدۇ (ئۇلار كۆرۈنۈشتە ئىبادەت قىلغاندەك قىلسىمۇ، ئىخلاس بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قىلغان ئىبادىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ).

الله تائالا بۇلار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار الله نى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، الله ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ. ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا، خۇش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ)، (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ). الله نى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ﴾[4]، ﴿شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ. نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ. ئۇلار قولقا بەرمەيدۇ﴾[5] ئەمەل ـ ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلىش توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن»﴾[6]، ﴿ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن

---

(1) فۇرقان سۈرىسى 23 ـ ئايەت.
(2) نۇر سۈرىسى39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) غاشىيە سۈرىسى 2 ـ ئايەتتىن 5 ـ ئايەتكىچە.
(4) نىسا سۈرىسى 142 ـ ئايەت.
(5) مائۇن سۈرىسى 4 ـ ئايەتتىن 7 ـ ئايەتكىچە.
(6) كەھف سۈرىسى 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىدا ئۆز ئەجرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ يوقتۇر﴿[1] يەنى الله تائالا ئۇلارنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىگە ساۋاب بېرىدىغانلىقىغا كېپىل بولدى. ئۇلارنى قورقۇلىدىغان ئىشلاردىن خاتىرجەم قىلدى.

﴾ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچ قورقۇنچ بولمايدۇ﴿ كەلگۈسىدە ئۇلارغا قورقۇنچ يوق. **﴾ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچ غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ﴿** ئۆتكەن ئىشلارغا ئۆكۈنمەيدۇ. سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارغا ئاخىرەتتە قورقۇنچ يوق ۋە ئۇلار ئۆلۈمدىن غەم قىلمايدۇ.

يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ كۇپۇرلۇق ۋە جاھىللىقىدىن ئۆزئارا ئىختىلاپلىشىپ قېلىشى

﴾يەھۇدىيلار: «ناسارالارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق (يەنى ئۇلار توغرا دىندا ئەمەس)» دېدى. ناسارالارمۇ: «يەھۇدىيلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق (يەنى ئۇلار توغرا دىندا ئەمەس)» دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار كىتابنى (يەنى يەھۇدىيلار تەۋراتنى، ناسارالار ئىنجىلنى) ئوقۇيدۇ﴿ الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپلىشىپ قېلىشىنى، بىر ـ بىرىگە بولغان ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكلىرىنى بايان قىلىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: نەجران قەبىلىسىنىڭ خرىستىئانلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەندە، يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرىمۇ يېتىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئىككى تەرەپ بولۇپ ئىختىلاپلىشىشقا باشلىدى. رافىئە ئىبنى ھۈرەيملە دېگەن يەھۇدىي (خرىستىئانلارغا): سىلەر توغرا دىندا ئەمەس دەپ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن ئىنجىلنى ئىنكار قىلدى. نەجران قەبىلىسىدىن كەلگەن خرىستىئانلارنىڭ ئىچىدىن بىرى يەھۇدىيلارغا سىلەر توغرا دىندا ئەمەس دەپ موسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن تەۋراتنى ئىنكار قىلدى. ئاندىن الله تائالا بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئايەتنى چۈشۈردى: **﴾يەھۇدىيلار: «ناسارالارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق (يەنى ئۇلار توغرا دىندا ئەمەس)» دېدى. ناسارالارمۇ: «يەھۇدىيلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق (يەنى ئۇلار توغرا دىندا ئەمەس)» دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار كىتابنى (يەنى يەھۇدىيلار تەۋراتنى، ناسارالار ئىنجىلنى) ئوقۇيدۇ﴿** يەنى ھەر ئىككى تەرەپ پەيغەمبەرلىكنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدا ھەققىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئوقۇيدۇ. يەنى يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلدى. الله تائالا ئۆز ۋاقتىدا موسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن كىتابتا (تەۋراتتا) ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىككە ئىشىنىش توغرۇلۇق ئۇلاردىن ۋەدە ئېلىۋالغان ئىدى (خرىستىئانلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلدى). الله تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن كىتاب (ئىنجىل) تا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىككە ئىشىنىش توغرۇلۇق ئۇلاردىن ۋەدە ئالغان ئىدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى ئېلىپ كەلگەن كىتابتىكى ھەقىقەتتىن تېنىۋېلىشتى.

﴾بىلىمسىز ئادەملەر (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرى) مۇ ئۇلار دېگەندەك دېدى﴿ ئالىملار بۇ ئايەتتىن قايسى كىشىلەرنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقى توغرىسىدا ئىختىلاپلىشىپ قالدى. رەبىئ ئىبنى ئەنەس ۋە

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 62 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قەتاد قاتارلىقلارمۇ: بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى خرىستىئانلاردۇر، يەنى خرىستىئانلارمۇ يەھۇدىيلارغا ئوخشاشلا سۆزنى قىلىدۇ، دېگەن كۆز قاراشقا كەلدى.

ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دەيدۇ: ئەتادىن: بۇ ئايەتتە كىملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دەپ سورىدىم، ئۇ: بۇ ئايەتتىن يەھۇدىي، خرىستىئان ۋە تەۋرات بىلەن ئىنجىل چۈشۈشتىن بۇرۇن ياشىغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

سۇددى: بۇئايەتتىن ئەرەبلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ئەرەبلەر: مۇھەممەد (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) توغرا دىندا ئەمەس دەيدۇ، ـ دېدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر: بۇ ئايەت ھەممە كىشىگە ئومۇمىيدۇر. بۇ ئايەتنى يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگەن كىشىلەرنىڭ بىرىگە قارىتىۋېلىشنىڭ ھېچقانداق پاكىتى يوقتۇر، ـ دەيدۇ.

﴿الله قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ﴾ يەنى الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇلارنى توپلاپ، زەررىچىلىكمۇ زۇلۇم قىلمايدىغان ناھايىتى ئادىل ھۆكمى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىنلەر، يەھۇدىيلار، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار، ناسارالار، مەجۇسىيلەر (يەنى ئاتەشپەرەسلەر) ۋە مۇشرىكلار ئۈچۈن قىيامەت كۈنى الله ھەقىقەتەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ (يەنى الله تائالا مۆمىنلەر بىلەن مەزكۇر بەش پىرقە ئارىسىدا توغرا ھۆكۈم چىقىرىپ، مۆمىنلەرنى جەننەتكە، كۇففارلارنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ)، الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1]، ﴿ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىمىز بىزنى (قىيامەت كۈنى) يىغىدۇ. ئاندىن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھەقلىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، الله ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر، (خالايىقنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر»﴾[2].

* * * * * * *

وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن مَّنَعَ مَسَٰجِدَ ٱللَّهِ أَن يُذْكَرَ فِيهَا ٱسْمُهُۥ وَسَعَىٰ فِى خَرَابِهَآ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ مَا كَانَ لَهُمْ أَن يَدْخُلُوهَآ إِلَّا خَآئِفِينَ ۚ لَهُمْ فِى ٱلدُّنْيَا خِزْىٌ وَلَهُمْ فِى ٱلْءَاخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿١١٤﴾

الله نىڭ مەسچىتلىرىدە الله نىڭ نامىنىڭ ياد قىلىنىشىنى توسقان ۋە ئۇلارنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغانلاردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ مەسچىتلەرگە ئۇلارنىڭ پەقەت قورققان ھالدىلا كىرىشى لايىق ئىدى، ئۇلار دۇنيادا رەسۋا بولىدۇ. ئاخىرەتتە چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) دۇچار بولىدۇ﴿114﴾.

مەسچىتلەردىن توسقان ۋە ئۇنى بۇزۇۋېتىشكە ئۇرۇنغان كىشىنىڭ گۇناھى

بۇ ئايەتتىكى مەسچىتلەردىن توسقان ۋە ئۇنى ۋەيران قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئۇرۇنغان كىشىلەردىن قۇرەيش مۇشرىكلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(1) ھەج سۈرىسى 17 ـ ئايەت.
(2) سەبەئ سۈرىسى 26 ـ ئايەت.

﴿اللە نىڭ مەسچىتلىرىدە اللە نىڭ نامىنىڭ ياد قىلىنىشىنى توسقان ۋە ئۇلارنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغانلاردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟﴾ ئىبنى جەرىر ئىبنى زەيدنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇنىڭدىن ھۇدەيبىيە كۈنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىگە كىرىشتىن توسقان مۇشرىكلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (مەككىگە كىرەلمىگەچكە مەككىگە كىرىپ بوغۇزلاش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن) قۇربانلىقلارنى "تۇۋا" دېگەن يەردە بوغۇزلاشقا (مەجبۇر بولۇپ شۇ يەردە) بوغۇزلىدى. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) قايتىشتىن بۇرۇن مۇشرىكلارغا: «بۇ اللە تائالانىڭ ئۆيىدىن (يەنى ھەرەمدىن) ھېچقانداق كىشى توسالمايدۇ. بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئاتىسىنى ياكى قېرىندىشىنى ئۆلتۈرگەن كىشىگە يولۇقسىمۇ ئۇنى توسمايدۇ» دەيدۇ. ئاندىن ئۇلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا): بىز دادىلىرىمىزنى بەدرى كۈنى (ئۇرۇشتا) ئۆلتۈرگەن كىشىلەرنى (ھەرەمگە) كىرگۈزمەيمىز، ـ دەيدۇ.

﴿اللە نىڭ مەسچىتلىرىدە اللە نىڭ نامىنىڭ ياد قىلىنىشىنى توسقان ۋە ئۇلارنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغانلاردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟﴾ ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: چۈنكى، ئۇلار ھەرامغا ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن كېلىپ، اللە تائالانى زىكىر قىلىش ئارقىلىق ئۇنى گۈللەندۈرمەكچى بولغان ئادەمنى ھەرەمگە كىرگىلى قويمايتتى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرەيشلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىچىدە (كەبىنىڭ قېشىدا) ناماز ئوقۇشتىن توستى. ئاندىن اللە تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿اللە نىڭ مەسچىتلىرىدە اللە نىڭ نامىنىڭ ياد قىلىنىشىنى توسقان ۋە ئۇلارنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغانلاردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟﴾** اللە تائالا يۇقىرىدا يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ قىلمىشلىرىنى سۆككەن ئىدى. بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى مەككىدىن قوغلاپ چىقارغان ۋە ئۇلارنى ھەرەم مەسچىتىدە ناماز ئوقۇشتىن توسۇپ، ئۇنىڭغا بۇتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان مۇشرىكلارنى ئەيىبلەشكە باشلىدى.

اللە تائالا ئۇلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (باشقىلارنىڭ) مەسچىتى ھەرامغا كىرىشىنى توسۇۋاتسا، اللە ئۇلارغا نېمىشقا ئازاب قىلمىسۇن؟ ئۇلار مەسچىتى ھەرامنىڭ ئىگىلىرى ئەمەس، مەسچىتى ھەرامنىڭ ئىگىلىرى تەقۋادارلاردىن باشقىلار ئەمەستۇر، لېكىن (بۇنى) ئۇلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴾[1]، ﴿مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىنى ئىقرار قىلىپ تۇرۇقلۇق (يەنى كاپىرلىق بىلەن اللە نىڭ مەسچىتلىرىنى ئاۋات قىلىش بىر ـ بىرى بىلەن سىغىشالمايدۇ)، (ئۇلارنىڭ) اللە نىڭ مەسچىتلىرىنى ئاۋات قىلىشى توغرا ئەمەس، ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. اللە نىڭ مەسچىتلىرىنى پەقەت اللە غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئۆتىگەن، زاكات بەرگەن، اللە دىن باشقىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ (يەنى مەسچىتنى رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش، مەسچىتتە داۋاملىق ناماز ئۆتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ)، ئەنە شۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ﴾[2]، ﴿ئۇلار كاپىر بولدى، سىلەر مەسچىتى ھەرامدىن ۋە تۇتۇپ تۇرۇلغان قۇربانلىقنىڭ ئۆز جايىغا يېتىشىدىن توستى، (مەككىدە) سىلەر بىلمەيدىغان ئەر ـ ئايال مۆمىنلەر بولۇپ، سىلەر بىلمەستىن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش بىلەن گۇناھقا گىرىپتار بولۇشۇڭلارنىڭ خەۋپى

(1) ئەنفال سۈرىسى 34 ـ ئايەت.
(2) تەۋبە سۈرىسى 17 ـ 18 ـ ئايەتلەر.

بولمسا ئىدى (ئەلۋەتتە الله مەككىگە كىرىشىڭلارغا رۇخسەت قىلاتتى ۋە سىلەرنى كاپىرلارغا مۇسەللەت قىلاتتى)، الله خالىغان ئادەمنى رەھمىتى (دائىرىسىگە) كىرگۈزۈش ئۈچۈن (سىلەرنى مەككىنى پەتھى قىلىشتىن توستى)، ئەگەر ئۇلار ئايرىلسا (يەنى مۆمىنلەر كاپىرلاردىن ئايرىلسا)، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئازابلايتتۇق﴾[1].

﴿الله نىڭ مەسچىتلىرىنى پەقەت الله غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئۆتىگەن، زاكات بەرگەن، الله دىن باشقىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ (يەنى مەسچىتنى رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش، مەسچىتتە داۋاملىق ناماز ئۆتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ)﴾ يەنى مەسچىتلەرنى ئاۋاتلاشتۇرىدىغان، الله تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمانى بار كىشىلەر مەسچىتلەردىن قوغلاندى قىلىنىپ، ئۇنىڭغا كىرىشتىن توسۇلۇپ يۈرگەندىنمۇ ئارتۇق مەسچىتلەرنى ۋەيران قىلىۋېتىش بارمۇ؟! مەسچىتلەرنى ئاۋاتلاشتۇرۇش دېگەنلىك ئۇنى نەقىشلەپ، سىرلاپ يېڭىلاش ئەمەس، بەلكى شۇ مەسچىتتە الله تائالانى زىكىر قىلىش، الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاش ۋە مەسچىتلەرنى شېرىك، بىدئەت ۋە خۇراپاتلىقلاردىن تازىلاشتۇر.

ئىسلامنىڭ غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا ئالدىن خۇش بېشارەت بېرىلگەنلىكى

﴿مەسجىدلەرگە ئۇلارنىڭ پەقەت قورققان ھالدىلا كىرىشى لايىق ئىدى﴾ يەنى سىلەر (ھەرەمنىڭ) باشقۇرۇشىنى قولۇڭلارغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ كاپىرلار ھەرەمگە كىرمەكچى بولسا، سىلەر ئۇلارغا ئارقىلىق ۋە سىلەرگە تۆلەشكە تېگىشلىك بولغان تۆلەمنى تۆلەپ كىرىدۇ.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى كاپىرلارنىڭ قولىدىن ئېلىپ بىر يىلدىن كېيىن، يەنى ھىجرىيەنىڭ 9 ـ يىلى مىنا تېغىدا: «سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار! بۇ يىلدىن كېيىن مۇشرىكلارنىڭ ھەج قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. كەبىنىڭ ئەتراپىنى يالىڭاچ ھالەتتە تاۋاپ قىلىشقا بولمايدۇ. بىر كىشى بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىم بولسا، ئۇنىڭ ۋاقتى توشقىچىلا ئەمەل قىلىنىدۇ» دەپ جاكارلاشقا بۇيرۇدى.

بۇ جاكارلاش الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىگە ئاساسەن بولدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! مۇشرىكلار (الله نى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر، مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا (يەنى ھەرەمگە) يېقىنلاشمىسۇن (يەنى ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن)﴾[2] يەنى الله تائالا ئۇلارنىڭ يېقىن مۇددەت ئىچىدە ھەرەم مەسچىتى ۋە باشقا مەسچىتلەرنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. مۇشرىكلارنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا خار قىلىپ بېرىدۇ. مۇشرىكلاردىن بىرى ھەرەم مەسچىتىگە كىرمەكچى بولسا، ”ئەگەر مۇسۇلمان بولمىسام، مۇسۇلمانلار مېنى تۇتۇپ جازالاش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن“ دېگەن خىيال بىلەن مەسچىتكە قورققان ھالەتتە كىرىدۇ. بۇ، الله تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ يېقىن مۇددەت ئىچىدە غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا بەرگەن خۇش خەۋىرىدۇر. الله تائالا بۇ ۋەدىسىنى ئورۇنلاپ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، ھەرەم مەسچىتىگە مۇشرىكلارنىڭ كىرىشىنى توستى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلام دىنىدىن باشقا دىننىڭ قىلىپ قالماسلىقىغا ۋە ئەرەب ئارىلىدىن يەھۇدىيلار بىلەن

(1) فەتھ سۈرىسى 25 ـ ئايەت.
(2) تەۋبە سۈرىسى 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

خرىستىئانلارنى كۆچۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇدى. الله تائالاغا شۈكرى! بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرەم مەسچىتى ئەتراپىنىڭ ھۆرمىتى، پۈتۈن ئىنسانلارغا خۇش بېشارەتچى ۋە (دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر چىققان ئورۇننى پاكىزلاش ئۈچۈندۇر. بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيادا كۆرگەن رەسۋاچىلىقىدۇر. چۈنكى، ھەرقانداق جازا قىلغان ئىشىغا قاراپ بېرىلىدۇ. ئۇلار مۆمىنلەرنى ھەرەم مەسچىتىگە كىرىشتىن توسقان ئىدى، كېيىن ئۇلار ئۆزلىرى مەسچىتكە كىرىشتىن توسالدى. ئۇلار مۆمىنلەرنى مەككىدىن قوغلاپ چىقارغان ئىدى، كېيىن ئۆزلىرى مەككىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

﴿ئاخىرەتتە چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) دۇچار بولىدۇ﴾ يەنى ئۇلار كەبىنىڭ ھۆرمىتىنى تۆككەنلىكى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا بۇتلارنى تىكلەپ ھاجىتىنى الله تائالادىن باشقىسىدىن تىلىگەنلىكى ۋە ئۇنى يالىڭاچ تاۋاپ قىلىغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بار. ھەدىستە دۇنيانىڭ رەسۋاچىلىقىدىن ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن پاناھ تىلەش توغرىسىدا مەزمۇنلار بار.

ئىمام ئەھمەد بۇسرائىبنى ئەرتانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى پەرۋەردىگارىم! ھەممە ئىشتا بىزنىڭ كېيىنلىكىمىزنى ياخشىلاپ بەرگىن بىزنى دۇنيانىڭ رەسۋاچىلىقى ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلىغىن»[1] دەپ دۇئا قىلاتتى.

****

وَلِلَّهِ ٱلْمَشْرِقُ وَٱلْمَغْرِبُ ۚ فَأَيْنَمَا تُوَلُّوا۟ فَثَمَّ وَجْهُ ٱللَّهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿١١٥﴾

مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ (يەنى پۈتۈن يەر يۈزى) الله نىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلەرمۇ، ئۇ الله نىڭ تەرىپى (يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى) دۇر. الله (نىڭ مەغپىرىتى) ھەقىقەتەن كەڭدۇر، (الله) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴿115﴾.

نامازدا قىبلە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈش

الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا مەككىدىن چىقىرىۋېتىلگەنلىكى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەسچىتىدىن ۋە ناماز ئوقۇيدىغان يەرلىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تەسەللى بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى چېغىدا كەبە ئالدىدا تۇرۇپمۇ (پەلەستىندىكى) بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇيتتى. مەدىنىگە بارغاندىن كېيىنمۇ 16 ياكى 17 ئايغىچە بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇدى. ئاندىن الله تائالا ئۇنى كەبە تەرەپكە قاراپ ئوقۇشقا بۇيرۇدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ (يەنى پۈتۈن يەر يۈزى) الله نىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلەرمۇ، ئۇ الله نىڭ تەرىپى (يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى) دۇر. الله (نىڭ مەغپىرىتى) ھەقىقەتەن كەڭدۇر﴾**.

(1) «ئاللاھۇممە ئەھسىن ئاقىبەتەنا فىلئۇمۇرى كۇللىھا، ۋەئەجىرنا مىنخىزيىددۇنيا ۋە ئازابىلئاخىرە».

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرئاندا بىرىنچى بولۇپ ئەمەلدىن قالغان ھۆكۈم قىبلە توغرىسىدىكى ھۆكۈمدۇر. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب (يەنى قىبلىنىڭ ئۆزگىرىشى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە بارغاندا، مەدىنە ئاھالىلىرىنىڭ ئىچىدە يەھۇدىيلارمۇ بار ئىدى. ﷲ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ (ناماز ئوقۇشقا) بۇيرۇدى. (بۇنىڭ بىلەن) يەھۇدىيلار بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. (چۈنكى، بەيتۇلمۇقەددەس يەھۇدىيلارنىڭمۇ قىبلىسى ئىدى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە قاراپ بىر نەچچە ئاي (ناماز ئوقۇدى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسى (كەبىنى) ياخشى كۆرەتتى (شۇنىڭ ئۈچۈن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ﷲ تائالاغا دۇئا قىلىپ ئاسمانغا قارايتتى، ئاندىن ﷲ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿بىز سېنىڭ (كەبە قىبلەڭ بولۇشنى تىلەپ) قايتا - قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۆمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار، (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار﴾[1].

قىبلىنىڭ كەبە تەرەپكە ئۆزگەرتىلگەنلىكىدىن شەكلەنگەن يەھۇدىيلار: مۇسۇلمانلارنى ئىلگىرىكى قىبلىدىن نېمە يۈز ئۆرۈتكەندۇ؟ - دەيدۇ. ئاندىن ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ (يەنى پۈتۈن يەر يۈزى) ﷲ نىڭدۇر﴾**.

﴿قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلەرمۇ، ئۇ ﷲ نىڭ تەرىپى (يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى) دۇر. ﷲ (نىڭ مەغپىرىتى) ھەقىقەتەن كەڭدۇر، (ﷲ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾ ئىكرىمە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلەر، مەيلى شەرق ياكى غەرب بولسۇن، (شۇ تەرەپتە) ﷲ تائالانىڭ قىبلىسى بار.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: قەيەردە بولۇڭلار سىلەرنىڭ يۈزلىنىدىغان قىبلەڭلەر كەبىدۇر.

ﷲ تائالا بۇ ئايەتنى كەبە تەرەپكە يۈزلىنىشنى پەرز قىلىشتىن بۇرۇن چۈشۈرگەن دېگەن كۆز قاراشمۇ بار.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: بەزى ئالىملار: بۇ ئايەت سەپەر ئۈستىدە كېتىۋاتقان ياكى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ۋەياكى قورقۇنچلۇق ھالەتتە نەپلە ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشى مەيلى شەرققە ياكى غەرب تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇسا، رۇخسەت قىلىنىدۇ دەپ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) چۈشكەن، - دەيدۇ.

ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئۇلىغى قايسى تەرەپكە قاراپ مېڭىۋاتقان بولسا، شۇ تەرەپكە قاراپ نەپلە ناماز ئوقۇيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى دەپ بەرگەن ئىدى.

(1) بەقەرە سۈرىسى 144 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام بۇخارى نافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئۆمەردىن: قورقۇنچ قايسى ھالەتكە يەتكەندە قورقۇنچ نامىزى ئوقۇلىدۇ؟ - دەپ سورالسا، ئۇ نامازنى سۈپەتلەپ بېرەتتى. ئاندىن: ئەگەر قورقۇنچ بۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە، قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈلگەن ياكى كەلتۈرمىگەن، مېڭىۋېتىپ ياكى ئۇلاغلىق ناماز ئوقۇۋاسىلار بولىدۇ، - دەيتتى. نافىئ: بۇنى مەن ئىبنى ئۆمەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانلىقىغا گۇمان قىلمايمەن، - دېدى.

بۇ ئايەت ھەققىدە يەنە: قاراڭغۇ كېچىسى ياكى بۇلۇتلۇق كۈنى ۋەياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن قىبلىنى پەرەز قىلالماي باشقا تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزىنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى توغرىسىدا چۈشكەن دېگەن كۆز قاراشلارمۇ بار.

مەدىنىدىكى كىشىلەرنىڭ قىبلىسىنىڭ شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىلىقىدا بولىدىغانلىقى

ھافىز ئەبۇبەكرى ئىبنى مەردەۋەي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەدىنە، شام ۋە ئىراقلىقلارنىڭ قىبلىسى شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىلىقىدىدۇر (يەنى ئۇلارنىڭ قىبلىسى جەنۇبتىدۇر)». تىرمىزى بىلەن ئىبنى ماجە بۇ مەنىنى كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: «شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىلىقى قىبلىدۇر».

﴿الله (نىڭ مەغپىرىتى) ھەقىقەتەن كەڭدۇر، (الله) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾ ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: **الله** تائالانىڭ سېخىيلىقى ۋە مەرھەمىتى ھەممە بەندىگە كەڭرىدۇر.

﴿بىلگۈچىدۇر﴾ يەنى **الله** تائالا بەندىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچى. **الله** تائالانىڭ بىلىشىدىن ھېچ بىر نەرسە مۇستەسنا ئەمەس.

****

وَقَالُوا۟ ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ وَلَدًا ۗ سُبْحَـٰنَهُۥ ۖ بَل لَّهُۥ مَا فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ كُلٌّ لَّهُۥ قَـٰنِتُونَ ﴿١١٦﴾ بَدِيعُ
ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ وَإِذَا قَضَىٰٓ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿١١٧﴾

ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار، مۇشرىكلار): «**الله** نىڭ بالىسى بار» دەيدۇ. **الله** (ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغان نەرسىسىدىن) پاكتۇر، ئۇنداق ئەمەس، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى **الله** نىڭدۇر، ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر﴿116﴾. **الله** ئاسمانلار ۋە زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر. بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا («ۋۇجۇتقا كەل») دەيدۇ - دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ﴿117﴾.

"الله تائالانىڭ بالىسى بار" دېگۈچىلەرگە بېرىلگەن رەددىيە

بۇ ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەر پەرىشتىلەرنى الله تائالانىڭ قىزلىرى دەپ قارىغان خرىستىئان، يەھۇدىي ۋە ئەرەب مۇشرىكلىرىگە رەددىيە بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

الله تائالا ئۇلارنىڭ "الله نىڭ بالىسى بار" دەپ قىلغان دەۋاسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله (ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغان نەرسىسىدىن) پاكتۇر**﴾ يەنى الله تائالا (ئۇلارنىڭ قىلغان سۆزلىرىدىن) پاكتۇر.

﴿**ئۇنداق ئەمەس، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭدۇر، ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر**﴾ يەنى سىلەر بوھتان قىلىپ، تۇقۇپ چىققاندەك ئەمەس. بەلكى ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىگىدارچىلىق الله تائالاغا خاستۇر. مەخلۇقاتلىرى ئۇستىدە ئۆزى خالىغاننى قىلغۇچىدۇر. الله تائالا ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى، رىزىق بەرگۈچىسى، ئۇلارنىڭ (ئىشلىرىنى، ئۆمرىنى، رىزقىنى) ئۆلچىگۈچى، (بارلىق نەرسىلەردىن پايدىلانسۇن دەپ ئۇ نەرسىلەرنى) ئۇلارغا كۆندۈرۈپ بەرگۈچى، ئۇلارنى ماگدۇرغۇچى، (ئىنسان، پەرىشتە ۋە جىنلارنىڭ) ھەممىسى الله نىڭ بەندىسى ۋە قۇلى تۇرسا، قانداق قىلىپ پەرىشتىلەر الله تائالانىڭ بالىسى بولۇپ قالسۇن؟ (الله تائالا بارلىق ئەيىب نوقسانلاردىن پاكتۇر.) بالا دېگەن ئىككى ئوخشاش نەرسىنىڭ ئارىلىقىدىن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. الله تائالا كاتتىلىقىدا ۋە چوڭلۇقىدا ھېچقانداق بىر ئوخشىشى ياكى بىر شېرىكى ۋەياكى ئايال ھەمراھى بولمىسا، قانداق بولۇپ ئۇنىڭ بالىسى بولسۇن؟

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئاسمانلارنى ۋە يەرنى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر، الله نىڭ خوتۇنى يوق تۇرسا، قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟ ھەممە نەرسىنى الله ياراتقان، ھەممە نەرسىنى الله ئوبدان بىلگۈچىدۇر﴾[1]، ﴿ئۇلار: «الله نىڭ بالىسى بار» دېيىشتى. سىلەر شەك ـ شۈبھىسىز قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار. بۇ سۆزنىڭ (يامانلىقىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلى، يەر يېرىلىپ كەتكىلى، تاغلار گۇمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله نىڭ بالىسى بار دەپ دەۋا قىلدى. بالىسى بولۇش الله غا لايىق ئەمەستۇر. ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا الله غا بەندە بولۇپ بويسۇنمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ئۇلارنى تولۇق ئىگەللىدى ۋە سانىنى مۇكەممەل بىلدى. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله نىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ﴾[2]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ـ الله بىردۇر. ھەممە الله غا موھتاجدۇر. الله بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ﴾[3].

ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسى مېنى يالغانچى قىلدى، ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىڭ (ھەققى) يوق ئىدى. ئۇ مېنى تىللىدى، مېنى تىللاشقا ھەققى يوق ئىدى. ئۇنىڭ مېنى يالغانچى قىلغىنى مېنىڭ ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) بۇرۇنقىغا ئوخشاش

(1) ئەنئام سۈرىسى101 ـ ئايەت.
(2) مەريەم سۈرىسى 88 ـ ئايەتتىن 95 ـ ئايەتكىچە.
(3) ئىخلاس سۈرىسى 1 ـ ئايەتتىن 4 ـ ئايەتكىچە.

تىرىلدۈرۈشۈمگە قۇدرىتىمنىڭ يېتىدىغانلىقىغا گۇمان قىلغانلىقىدۇر. ئۇنىڭ مېنى تىللىغىنى ئۇنىڭ: ”الله تائالانىڭ بالىسى بار“ دېگەن سۆزىدۇر. مەن ئۆزەمگە ئاياللىق بولۇشتىن ياكى باللىق بولۇشتىن پاكتۇرمەن».

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزىگە يەتكەن ئەزىيەتكە الله تائالادىنمۇ سەبىرلىكرەك بىر زات يوق. الله تائالا ئۇلارغا رىزىق بېرىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم ۋە تېنىنى سالامەت قىلسىمۇ، ئۇلار الله تائالانىڭ بالىسى بار دەپ (دەۋا قىلدى)».

بارلىق مەۋجۇداتنىڭ الله تائالاغا بويسۇنىدىغانلىقى

﴿**ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر**﴾ كۆپلىگەن ئالىملار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭغا بېرىلگەن تەبىرلەر مەنا جەھەتتىن بىرى ـ بىرىگە يېقىن كېلىدۇ. مۇجاھىدنىڭ: بارلىق مەۋجۇدات ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچى، دېگەن سۆزى بۇ تەبىرلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بويسۇنۇش ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرى دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر، ئىنسانلار ۋە جىنلار) ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي يوسۇندا الله غا بويسۇنىدۇ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا (يەنى داۋاملىق تۈردە) ئۇلارنىڭ سايىلىرىمۇ بويسۇنىدۇ﴾[1].

ئايەتتىكى «بەدىئ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى

﴿**الله ئاسمانلار ۋە زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى الله تائالا ئاسمان ـ زېمىننى بۇنىڭدىن ئىلگىرى تەگدىشى بولمىغان ھالەتتە ياراتقۇچىدۇر. (بەدىئ) نىڭ مەنىسى بىر نەرسىنى يوقتىن پەيدا قىلغۇچى دېگەن بولىدۇ.

ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا بالىسى بولۇشتىن پاكتۇر. ئۇ ئاسمان ـ زېمىندىكى نەرسىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئاسمان ـ زېمىندىكى ھەممە نەرسە الله تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ ۋە الله تائالاغا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ. الله تائالا ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر. بۇ، الله تائالانىڭ ئاسمان ـ زېمىننى يوق يەردىن ياراتقانلىقىغا ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن بىردىن ـ بىر گۇۋاھچى بولىدىغان كىشىنىڭ (خرىستىئانلار الله تائالانىڭ بالىسى دەپ قارىغان) ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى بەندىلىرىگە بىلدۈرۈپ قويۇش ۋە ئاسمان ـ زېمىننى يوقتىن بار قىلغان زاتنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئاتىسىز ياراتقانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشتۇر.

﴿**بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا («ۋۇجۇتقا كەل») دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ**﴾ الله تائالا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ناھايىتى قۇدرەتلىك زات ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ بىر

---

(1) رەئد سۈرىسى 15 ـ ئايەت.

نەرسىنى (تەقدىردە) پۈتۈپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىنى خالىسا، ئۇنىڭغا بىر قېتىملا: "بول" دەيدۇ ـ دە، ئۇ ئاللاھنىڭ خاھىشى بويىچە شۇ هامانلا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ﴾[1]، ﴿بىز بىرەر شەيئىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەكچى بولساق، ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇتقا كەل» دەيمىز ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ﴾[2]، ﴿(بىرەر شەيئىنى ياراتماقچى بولساق) بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر، (ئۇ) كۆزنى يۇمۇپ ئاچقاننىڭ ئارىلىقىدا (ئورۇنلىنىدۇ)﴾[3] الله تائالا بول دېگەن سۆزى بىلەن ئىسانى ياراتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ الله تائالا خالىغاندەك بولغانلىقىنى كۆرسەتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، الله نىڭ نەزىرىدە ئىسانىڭ مىسالى (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى الله (ئاتا ـ ئانىسىز) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇتقا كەل» دېدى ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كەلدى (ئىسانىڭ ئىشى ئادەمنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس)﴾[4].

* * * * * * *

وَقَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ لَوْلَا يُكَلِّمُنَا ٱللَّهُ أَوْ تَأْتِينَآ ءَايَةٌ ۗ كَذَٰلِكَ قَالَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِم مِّثْلَ قَوْلِهِمْ ۘ تَشَٰبَهَتْ قُلُوبُهُمْ ۗ قَدْ بَيَّنَّا ٱلْءَايَٰتِ لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ ﴿١١٨﴾

بىلمەيدىغانلار (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى): «الله نېمە ئۈچۈن بىز بىلەن سۆزلەشمەيدۇ ؟ ياكى نېمە ئۈچۈن بىزگە (راست پەيغەمبەرلىكنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە) بىرەر مۆجىزە كەلمەيدۇ؟» دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە) شۇنداق سۆزنى قىلغان ئىدى؛ ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ. ئايەتلىرىمىزنى جەزمەن ئىشىنىدىغان (يەنى ھەقىقەت ئىزدەيدىغان) قەۋم ئۈچۈن ھەقىقەتەن بايان قىلدۇق﴿118﴾.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: رافىئە ئىبنى ھۇرەيمىلە دېگەن يەھۇدىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى مۇھەممەد! ئەگەر سەن الله تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر بولساڭ، الله تائالاغا دېگىن، ئۇ، بىز ئاڭلىغۇدەك قىلىپ سۆزلەپ بەرسۇن، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿بىلمەيدىغانلار (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى): «الله نېمە ئۈچۈن بىز بىلەن سۆزلەشمەيدۇ؟ ياكى نېمە ئۈچۈن بىزگە (راست پەيغەمبەرلىكنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە) بىرەر مۆجىزە كەلمەيدۇ؟» دەيدۇ﴾** ئەبۇئالىيە، رەبىيئ ئىبنى ئەنەس، قەتادە ۋە سۇددى قاتارلىقلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ سۆزنى دېگەنلەر) مۇشرىك ئەرەبلەر ئىدى.

﴿ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە) شۇنداق سۆزنى قىلغان ئىدى﴾ بۇ ئايەتتە كۆزدە

---

(1) ياسىن سۈرىسى 82 ـ ئايەت.
(2) نەھل سۈرىسى 40 ـ ئايەت.
(3) قەمەر سۈرىسى 50 ـ ئايەت.
(4) ئال ئىمران سۈرىسى 59 ـ ئايەت.

تۇتۇلغانلار يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلاردۇر. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ سۆزنى) ئەرەب مۇشرىكلىرى دېدى دېگەن كىشىلەرنىڭ سۆزىنى تۆۋەندىكى ئايەتلەر كۈچلەندۈرىدۇ:

﴿ئۇلارغا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) بىرەر مۆجىزە كەلگەن چاغدا، (ئۇلار) بىزگە پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزە بېرىلمىگىچە (ئۇنىڭغا) ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، ـ دەيدۇ. الله پەيغەمبەرلىكۋەزىپىسىنى قەيەرگەئورۇنتىشنى (يەنى كىمنىڭئۇنىڭئەھلى بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ، (بۇ) گۇناھكارلار ئۆزلىرى ئىشلەتكەن ھىيلە ـ مىكىرلەر تۈپەيلىدىن الله نىڭ دەرگاھىدا خورلۇققا ۋە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[1]، ﴿ئۇلار ئېيتتى: «تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز ياكى سېنىڭ خورمىلىق، تاللىق ۋە ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بىر بېغىڭ بولسۇن. ياكى سەن ئېيتقاندەك ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە ـ پارچە قىلىپ چۈشۈرگىن ياكى (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھچى قىلىپ الله نى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرگىن. ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولسۇن ياكى سەن (شوتا بىلەن) ئاسمانغا چىققىن، تاكى (الله تەرىپىدىن سېنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان) بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگىچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز». (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله پاكتۇر، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن (الله نىڭ ئىزنى بولمىسا، ھېچ ئادەم بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ)»﴾[2]، ﴿بىزگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار)يەنى مۇشرىكلار): «نېمىشقا بىزگە پەرىشتىلەر چۈشۈرۈلمەيدۇ ياكى(بىز نېمىشقا) پەرۋەردىگارىمىزنى كۆرمەيمىز» دېيىشتى﴾[3]، ﴿بەلكى ئۇلاردىن ھەر كىشى ئۆزىگە ئوچۇق سەھىپىلەر بېرىلىشىنى خالايدۇ (يەنى ئۇلار الله نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان كىتابىدەك كىتاب نازىل قىلىنىشىنى تەمە قىلىدۇ)﴾[4].

بۇ ئايەتلەردىن باشقا ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ كاپىرلىقىنى بىلدۈرىدىغان نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر بار. (يەنى بۇ ئايەتلەر بۇ تۈردىكى ئايەتتە ئەرەب كاپىرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگەن كىشىلەرنىڭ سۆزىنى كۈچلەندۈردۇ) ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن) قارشىلىششى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر (پەيغەمبەرلەردىن) سورىغاندەك ئۆزلىرىنىڭ ھاجىتى يوق نەرسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىشىغا تۈرتكە بولغان نەرسە ئۇلارنىڭ كۇپۇرلۇقى ۋە جاھىللىقىدۇر.

الله تائالا ئىلگىرىكىلەرنىڭ سوئال سورىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) سەندىن ئۆزلىرىگە ئاسماندىن بىر كىتاب چۈشۈرۈشنى سورايدۇ، ئۇلار مۇسادىن بۇنىڭدىنمۇ چوڭراقىنى سوراپ: «بىزگە الله نى ئاپئاشكارا كۆرسەتكىن» دېگەن ئىدى﴾[5]، ﴿ئۆز ۋاقتىدا: «ئى مۇسا! الله نى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار ـ دە، (سىلەرگە نازىل بولغان ئازابنى) كۆرۈپ تۇرغىنىڭلار ھالدا سىلەرنى چاقماق سوقتى﴾[6].

---

(1) ئەنئام سۈرىسى124 ـ ئايەت.
(2) ئىسرا سۈرىسى 90 ـ ئايەتتىن 93 ـ ئايەتكىچە.
(3) فۇرقان سۈرىسى 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) مۇددەسسىر سۈرىسى 52 ـ ئايەت.
(5) نىسا سۈرىسى 153 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) بەقەرە سۈرىسى 55 ـ ئايەت.

﴿ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ﴾ يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ دىللىرى كۇپۇرلۇق ۋە قارشىلىشىشتا بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا ئوخشاپ كەتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلاردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرمۇ شۇنداق ئىدى، ئۇلارغا ھەر پەيغەمبەر كەلسىلا ئۇلار (ئۇنى): «بىر سېھرىگەر ياكى بىر مەجنۇن» دېدى. ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشنى) بىر ـ بىرىگە تەۋسىيە قىلىشقانمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئۇنداق تەۋسىيە قىلىشقان ئەمەس) ئۇلار ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمدۇر﴾[1].

﴿ئايەتلىرىمىزنى جەزمەن ئىشىنىدىغان (يەنى ھەقىقەت ئىزدەيدىغان) قەۋم ئۈچۈن ھەقىقەتەن بايان قىلدۇق﴾ يەنى پەيغەمبەرگە ئىشەنگەن، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن، الله تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن دىنىنى چۈشەنگەن كىشىگە قايتا بىر سوئال سوراشقا ئېھتىياجى چۈشۈپ قالمىغۇدەك دەرىجىدە (پەيغەمبەرلەرنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان) پاكىتلارنى بايان قىلدۇق.

ئەمما الله تائالا دىل ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن ۋە كۆزلىرىنى پەردىلىۋەتكەن (ئۇلاردا ھەقنى بىلىدىغان دىل، ھەقنى كۆرىدىغان كۆز ۋە ھەقنى ئاڭلايدىغان قۇلاق يوق) كىشىلەر توغرىسىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾[2].

****

إِنَّآ أَرۡسَلۡنَٰكَ بِٱلۡحَقِّ بَشِيرٗا وَنَذِيرٗاۖ وَلَا تُسۡـَٔلُ عَنۡ أَصۡحَٰبِ ٱلۡجَحِيمِ ﴿١١٩﴾

بىز سېنى ھەقىقەتەن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارنى دوزاخ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ھەق (دىن) بىلەن ئەۋەتتۇق. سەن ئەھلى دوزاخ (يەنى كاپىرلاردىن ئىمان ئېيتمىغانلار) توغرىسىدا جاۋابكار ئەمەسسەن﴿119﴾.

﴿سەن ئەھلى دوزاخ (يەنى كاپىرلاردىن ئىمان ئېيتمىغانلار) توغرىسىدا جاۋابكار ئەمەسسەن﴾ يەنى بىز ساڭا ئىمان كەلتۈرمىگەن كىشىنىڭ ھېسابىنى سەندىن سورىمايمىز.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ھېساب ئېلىشتۇر﴾[3]، ﴿سەن (ئۇلارغا) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت (ئۇلارغا) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىسەن. سەن ئۇلارغا مۇسەللەت (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى) ئەمەسسەن﴾[4]، ﴿بىز ئۇلارنىڭ (يەنى قۇرەيش كۇففارلىرىنىڭ) ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى ئوبدان بىلىمىز، سەن ئۇلارنى (ئىسلامغا) زورلىغۇچى ئەمەسسەن، مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمدىن قورقىدىغانلارغا (قۇرئان بىلەن) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن﴾[5].

(1) زارىيات سۈرىسى 52 ــــ 53 ـ ئايەتلەر.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 96 ــــ 97 ـ ئايەتلەر.
(3) رەئد سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) غاشىيە سۈرىسى 21 ــــ 22 ـ ئايەتلەر.
(5) قاف سۈرىسى 45 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرى

ئىمام ئەھمەد ئاتائىبنى يەسارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاسقا ئۇچراپ، ئۇنىڭغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىدىن خەۋەر بەرسەڭ، ـ دېدىم. ئۇ: ماقۇل، **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ تەۋراتتا قۇرئاندا كەلگەن سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنگەن، ـ دەيدۇ (ئۇنىڭ تەۋراتتا كەلگەن سۈپەتلىرى): «ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە بىلىمسىزلەرنى (ئىسلام دىنى ئارقىلىق دوزاختىن) ساقلىغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. سەن مېنىڭ بەندەم ۋە پەيغەمبىرىم. سېنى تەۋەككۈل قىلغۇچى دەپ ئاتىدىم.» «ئۇ بازارلاردا قوپاللىق، ئەدەبسىزلىك ۋە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلمايدۇ، يامانلىققا يامانلىق قىلمايدۇ، بەلكى (يامانلىق قىلغۇچىنى) كەچۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن **الله** تائالا ئېزىپ كەتكەن مىللەتنى ئۇ (پەيغەمبەر) ئارقىلىق توغرا يولغا باشلاپ، ئۇلار: "**الله** دىن باشقا ئىبادەتكە لايىق زات يوق" دېمىگۈچە ئۇ (پەيغەمبەر) نىڭ جېنىنى ھەرگىز ئالمايدۇ. ئاندىن **الله** تائالا ئۇنىڭ بىلەن قارىغۇ كۆزلەرنى، گاس قۇلاقلارنى ۋە ئېتىلىپ قالغان دىللارنى ئاچىدۇ»[1].

* * * * * * *

وَلَن تَرۡضَىٰ عَنكَ ٱلۡيَهُودُ وَلَا ٱلنَّصَٰرَىٰ حَتَّىٰ تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمۡۗ قُلۡ إِنَّ هُدَى ٱللَّهِ هُوَ ٱلۡهُدَىٰۗ وَلَئِنِ ٱتَّبَعۡتَ أَهۡوَآءَهُم بَعۡدَ ٱلَّذِي جَآءَكَ مِنَ ٱلۡعِلۡمِ مَا لَكَ مِنَ ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٍ ﴿١٢٠﴾ ٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ يَتۡلُونَهُۥ حَقَّ تِلَاوَتِهِۦٓ أُوْلَٰٓئِكَ يُؤۡمِنُونَ بِهِۦۗ وَمَن يَكۡفُرۡ بِهِۦ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ﴿١٢١﴾

سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «توغرا يول پەقەت **الله** نىڭ يولىدۇر». ساڭا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن (يەنى پاكىتلىق ھەقىقەت ساڭا ئاشكارا بولغاندىن كېيىن)، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشسەڭ، (سېنى **الله** نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق دوستمۇ بولمايدۇ، مەدەتكارمۇ بولمايدۇ﴿120﴾. بىز ئاتا قىلغان كىتابنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بار، ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. كىملەركى كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴿121﴾.

﴿سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ﴾ ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ (**الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ): ئى مۇھەممەد! يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىئانلار ھەرگىزمۇ سەندىن رازى بولمايدۇ. سەن ئۇلارنى رازى قىلىدىغان، ئۇلارغا ياقىدىغان نەرسىنى ئىزدەشنى قويۇپ، **الله** تائالا ساڭا ئەۋەتكەن ھەقىقەتكە ئۇلارنى چاقىرىش ئارقىلىق **الله** تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگىن.

---

(1) بۇ يەردىكى كۆرمەيدىغان كۆز ۋە ئاڭلىمايدىغان قۇلاق بىر نەرسىنى كۆرۈش ۋە ئاڭلاش سېزىمى يوقۇلۇپ كەتكەن قۇلاق ۋە كۆزلەر بولماستىن، كۆرۈنۈشتە ساق ـ سالامەت بولسىمۇ، ھەقىقەتنى كۆرمەيدىغان ۋە ئاڭلىمايدىغان كۆز ۋە قۇلاقلاردۇر.

﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «توغرا يول پەقەت اللە نىڭ يولىدۇر»﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! (ئۇلارغا) مەن ئېلىپ كەلگەن اللە تائالانىڭ توغرا يولى ھەممە تەرەپتىن مۇكەممەل ۋە ھەممە ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توغرا يولدۇر، ـ دېگىن.

قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: (بۇ ئايەت) اللە تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا ئازغۇنلۇقنىكى كىشىلەر بىلەن (ھەقىقەتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن) مۇنازىرىلەشكەندە، ئۇلارغا دەلىل قىلىپ كۆرسەتسۇن دەپ ئۆگىتىپ قويغان پاكىتىدۇر.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى يەتتى: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ھەقىقەت ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر دائىم غەلىبىلىك ھالەتتە بولىدۇ. اللە تائالانىڭ بۇيرۇقى كەلمىگۈچە ئۇلار بىلەن قارشىلاشقان كىشى (ئۇلارغا) زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

﴿ساڭا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن (يەنى پاكىتلىق ھەقىقەت ساڭا ئاشكارا بولغاندىن كېيىن)، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشىدىغان بولساڭ، (سېنى اللە نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق دوستمۇ بولمايدۇ، مەدەتكارمۇ بولمايدۇ﴾ بۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئۈممەتلىرىنىڭ قۇرئان ھەدىسنى چۈشىنىپ بولغاندىن كېيىن، يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ يوللىرىغا ئەگىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

"ھەقىقىي رەۋىشتە ئوقۇش" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى

﴿بىز ئاتا قىلغان كىتابنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بار﴾ ئابدۇرازاق قەتادەنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردۇر. بۇ ھەم ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ سۆزىدۇر. ئىبنى جەرىر بۇ سۆزنى توغرا دەپ قارىدى.

سەئىد قەتادەنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدۇر.

ئەبۇئالىيە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مېنىڭ جېنىم (ئۇنىڭ) ئىلكىدە بولغان زات اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ كىتابنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئوقۇش ئۇنىڭ ھالال قىلغان نەرسىلىرىنى ھالال ساناش ۋە ھارام قىلغان نەرسىسىنى ھارام ساناشتۇر. ئۇنى اللە تائالا چۈشۈرۈپ بەرگەندەك ئوقۇش، سۆزلەرنى ئورۇنلىرىدىن ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرەر سۆزنى ئۆز مەنىسىدىن باشقا مەنىگە يۆتكىۋەتمەسلىكتىن ئىبارەتتۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇ بۇ ئايەت ھەققىدە شۇنداق دېگەن.

ئۆمەر ئىبنى خاتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار رەھمەت ئايىتى ئوقۇلسا اللە تائالادىن رەھمەتنى سورىدى. ئازاب ئايىتى ئوقۇلسا ئۇنىڭدىن پاناھ تىلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھمەت ئايىتى ئوقۇلسا، اللە تائالادىن رەھمەت تىلەيدىغانلىقى؛ ئازاب ئايىتى ئوقۇلسا، اللە دىن پاناھ تىلەيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىندى.

﴿ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ﴾ يەنى ئەھلى كىتابتىن پەيغەمبىرىگە چۈشكەن كىتابنى شۇ پېتى

تۇتقان (ئەھلى كىتابتىن ئۆزىنىڭ كىتابىغا ئەمەل قىلغان) كىشى مەن ساڭا ئەۋەتكەن نەرسىگە (يەنى قۇرئان كەرىمگە) ئىمان كەلتۈردى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلار تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇلارغا نازىل قىلىنغان باشقا كىتابلارغا ئەمەل قىلسا ئىدى، ئۇلار چوقۇم ئۈستىلىرىدىن ۋە ئاياغلىرى ئاستىدىن يەر ئىدى (يەنى ئۇلارغا ئاسمان ـ زېمىندىن كەڭ رىزىق بېرىلەتتى)﴾[1]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)! سىلەر تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) تولۇق ئەمەل قىلمىغىچە﴾[2] يەنى سىلەر ئۇنىڭغا لايىق ئەمەل قىلساڭلار، ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئىمان كەلتۈرسەڭلەر، (ئۇنىڭ ئىچىدىكى) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشى، ئۇنىڭ سۈپەتلىرى، ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋە ياردەم بېرىشكە ئائىت بۇيرۇقلارغا ۋە خەۋەرلەرگە ئىشەنسەڭلەر (سىلەر كەلتۈرگەن ئىمان ۋە ئىشەنچىڭلار) سىلەرنى ھەقىقەتكە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىققا ئەگىشىشكە باشلايدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ﴾[3]، ﴿«قۇرئانغا ئىشىنىڭلار ياكى ئىشەنمەڭلار (مەيلى، چۈنكى، ئىشىنىشىڭلار ئۇنىڭغا كامالەت، ئىشەنمەسلىكىڭلار ئۇنىڭغا نوقسان ئېلىپ كەلمەيدۇ)» دېگىن. شۈبھىسىزكى، قۇرئان نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا (تەسىرلىنىپ) دەرھال سەجدىگە بارىدۇ. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز پاكتۇر، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ» دەيدۇ﴾[4]، ﴿قۇرئاندىن ئىلگىرى بىز كىتاب (يەنى ئىنجىل، تەۋرات) نازىل قىلغانلار (يەنى ناسارا ۋە يەھۇدىيلارنىڭ مۆمىنلىرى) قۇرئانغا ئىشىنىدۇ. ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار: «بىز قۇرئانغا ئىشەندۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر. بىز ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇسۇلمان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان سەۋر ـ تاقىتى ئۈچۈن ئۇلارغا قوش ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇلار ياخشىلىق ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىدۇ﴾[5]، ﴿كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا) ۋە ئۇممىلەرگە (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرىغا): «مۇسۇلمان بولدۇڭلارمۇ؟» دېگىن، ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان بولسا، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (ساڭا ھېچ زىيىنى يوق)، سېنىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتىڭ بار، اللە بەندىلىرىنى (يەنى ھەممە ئەھۋالىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[6].

﴿كىملەركى كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾ اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(كۇففار) جامائەلىرىدىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر﴾[7].

(1) مائىدە سۈرىسى 66 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مائىدە سۈرىسى 68 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەئراف سۈرىسى157 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئىسرا سۈرىسى 107 ــ 108 ـ ئايەتلەر.
(5) قەسەس سۈرىسى 52 ـ ئايەتتىن 54 ـ ئايەتكىچە.
(6) ئال ئىمران سۈرىسى 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(7) ھۇد سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئۇممەتتىن بىرى (مەيلى ئۇ يەھۇدىي بولسۇن ياكى خرىستىئان بولسۇن) مەن توغرۇلۇق ئاڭلاپ، ماڭا ئىمان كەلتۈرمىسە، ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ».

****

يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتِيَ ٱلَّتِيٓ أَنۡعَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ وَأَنِّي فَضَّلۡتُكُمۡ عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٢٢﴾ وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا لَّا تَجۡزِي نَفۡسٌ عَن نَّفۡسٖ شَيۡـٔٗا وَلَا يُقۡبَلُ مِنۡهَا عَدۡلٞ وَلَا تَنفَعُهَا شَفَٰعَةٞ وَلَا هُمۡ يُنصَرُونَ ﴿١٢٣﴾

ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىمنى ۋە سىلەرنى (بىر زامانلاردا) ھەممە جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ياد ئېتىڭلار﴿122﴾. بىراۋغا بىراۋ قىلچىلىك ياردەم قىلالمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ فىدىيىسى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى پايدا قىلمايدىغان، ئۇلارغا (يەنى كاپىرلار ۋە گۇناھكارلارغا) ياردەم قىلىنمايدىغان كۈندىن قورقۇڭلار﴿123﴾.

بۇ ئايەتتىكى مەزمۇنلار يۇقىرىدىمۇ سۆزلىنىپ ئۆتكەن. بۇ ئايەتنىڭ بۇ يەردە يەنە تەكرارلىنىشى يەھۇدىيلارنى ئۆز كىتابلىرىدىن سۈپەتلىرى، ئىسمى، ئىشلىرى ۋە ئۇممەتلىرى توغرىسىدا ئوقۇغان ساۋاتسىز پەيغەمبەرگە ئەگىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئاندىن الله تائالا ئۇلارنى بۇ ھەقىقەتنى ۋە ئۇلارغا بەرگەن نېئمەتلىرىنى يوشۇرۇشتىن قورقۇتتى. ئۇلارنى الله تائالا ئاتا قىلغان دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نېئمەتلىرىنى ئەسلەشكە ۋە ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن چىققانلىقىغا ھەسەت قىلماسلىققا بۇيرۇدى.

****

۞ وَإِذِ ٱبۡتَلَىٰٓ إِبۡرَٰهِـۧمَ رَبُّهُۥ بِكَلِمَٰتٖ فَأَتَمَّهُنَّۖ قَالَ إِنِّي جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَامٗاۖ قَالَ وَمِن ذُرِّيَّتِيۖ قَالَ لَا يَنَالُ عَهۡدِي ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٢٤﴾

ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى. الله (ئۇنىڭغا): «سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشۋا قىلىمەن» دېدى، ئىبراھىم: «مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ پېشۋا قىلساڭ» دېدى. الله : «مېنىڭ (پېشۋا قىلىش) ئەھدەمگە زالىملار (يەنى كاپىرلار) ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى﴿124﴾.

الله تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى زىكىر قىلغانلىقى ۋە ئۇنى كىشىلەرگە ئىمام قىلغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى چۈنكى، ئۇ الله

تائالانىڭ بۇيرۇغان ئىشلىرىنى قىلغان ۋە توسقان ئىشلىرىدىن يانغان ئىدى. (ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا) **الله** تائالانى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسىدە ئۇنى كىشىلەرگە ئۈلگە قىلىش ئۈچۈن، **الله** تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا يول باشلامچى قىلغانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! ئاشۇ مۇشرىكلار (ھەقىقەتەن) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتىدىن بولمىسىمۇ، ئەسلىدە ئۇنىڭ مىللىتىدىكىلەر ئۆزلىرىنى نىسبەت بېرىدىغان مۇشرىك ۋە ئەھلى كىتابلارغا **الله** تائالانىڭ ئۇنى بىر ئىشلارغا بۇيرۇپ ۋە يەنە بىر ئىشلاردىن قايتۇرۇش ئارقىلىق سىنىغانلىقىنى ئەسلەتكىن. ئەمەلىيەتتە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتىدىكى كىشىلەر سەن ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەردۇر.

﴿**ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى**﴾ يەنى ئۇ (**الله** تائالا بۇيرۇغان ئىش بولسۇن ياكى توسقان ئىش بولسۇن) ھەممىسىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبراھىم ھەقىقەتەن (ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگۈچى) پېشۋا، **الله** غا ئىتائەتمەن (باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىدى. ئۇ **الله** غا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەس ئىدى. ئىبراھىم **الله** نىڭ نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى ئىدى. **الله** ئۇنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلىدى. ئۇنىڭغا دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلدۇق، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ. ئاندىن ساڭا: «باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى (يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكىن، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[1]، ﴿(ئى مۇھەممەد! بۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا يەنى توغرا دىنغا، باتىل دىنلاردىن توغرا دىنغا بۇرالغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا باشلىدى، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى»﴾[2]، ﴿ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس ۋە لېكىن توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى، **الله** غا بويسۇنغۇچى ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى. ئىبراھىمغا ئەڭ يېقىن بولغانلار، شۈبھىسىزكى، (ئىبراھىمنىڭ زامانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنىڭغا (يەنى ئۇنىڭ يولىغا) ئەگەشكەنلەردۇر، بۇ پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)دۇر، (بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى بولغان) مۆمىنلەردۇر. **الله** مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر﴾[3]، ﴿ئىبراھىم ۋاپادار كىشى ئىدى، بىر گۇناھكار ئادەم يەنە بىراۋنىڭ گۇناھىنى كۆتەرمەيدۇ (يەنى بىراۋ باشقا بىراۋنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن جازاغا تارتىلمايدۇ)﴾[4] يەنى ئۇ، ئۆزىگە بۇيرۇلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلدى.

الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى سىنىغان ئىشلار

ئالىملار **الله** تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى سىنىغان ئىشلىرىنى بېكىتىشتە ئىختىلاپلىشىپ قالدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن بۇ ھەقتە بىر قانچە خىل كۆز قاراش رىۋايەت قىلىندى.

(1) نەھل سۈرىسى 120 ـ ئايەتتىن 123 ـ ئايەتكىچە.
(2) ئەنئام سۈرىسى161 ـ ئايەت.
(3) ئال ئىمران سۈرىسى 67 ــــ 68 ـ ئايەتلەر.
(4) نەجم سۈرىسى 37 ــــ 38 ـ ئايەتلەر.

ئابدۇرازاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا ئۇنى ھەجنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن سىنىغان ئىدى. ئەبۇئىسھاقمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلدى.

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى﴾ ئابدۇرازاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا ئۇنى بېشىغا قىلىنىدىغان بەش خىل پاكىزلىق ۋە بەدىنىگە قىلىنىدىغان بەش خىل پاكىزلىق بىلەن سىنىدى.

بېشىغا قىلىنىدىغان پاكىزلىق بولسا: بۇرۇتنى قىرقىش، ئېغىزنى چايقاش، بۇرۇننى چايقاش، مسۋاك ئىشلىتىش ۋە چاچنى ئايرىشتۇر. بەدىنىگە قىلىنىدىغان پاكىزلىق بولسا: تىرناقلارنى ئېلىش، ئەۋرەتنىڭ ئەتراپىنى تازلاش، خەتنە قىلىش، قولتۇقنى تازىلاش ۋە چوڭ ـ كىچىك تەرەتلەرنى سۇ بىلەن يۇيۇش قاتارلىقلاردۇر.

ئىبنى ئەبۇھاتەم مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يۇقىرىدىكى سۆزى يەنە سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، مۇجاھىد، شەئبى، نەخەئى، ئەبۇسالىھ ۋە ئەبۇجەلد قاتارلىقلاردىنمۇ رىۋايەت قىلىندى.

ھەدىستە مۇشۇمەنىگە يېقىن بىر سۆز بار بولۇپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تۆۋەندىكى ئون تۈرلۈك ئىش (ھەممە كىشىنىڭ) تەبىئىتىدە بار بولۇپ، ئۇلار: بۇرۇتنى قىرقىش، ساقال قويۇش، مسۋاك ئىشلىتىش، بۇرۇننى چايقاش، تىرناقلارنى ئېلىش، بارماق بوغۇملىرىنى يۇيۇش، قولتۇقنى تازىلاش، ئەۋرەتنىڭ ئەتراپىنى تازىلاش، چوڭ ـ كىچىك تەرىتىنى تازىلاش قاتارلىقلاردۇر.» ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئونىنچىسىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بەلكىم "ئېغىزنى چايقاش" بولۇشى مۇمكىن، ـ دېدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى سىنىغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە: ئۇ ئۆز قەۋمىدىن ئايرىلىپ چىقىشقا بۇيرۇلغاندا، ئۇنىڭ ئۇلاردىن الله ئۈچۈن ئايرىلغانلىقى، نەمرۇد دېگەن كاپىر الله تائالانى ئىنكار قىلغاندا، ئۇنىڭ بىلەن (الله تائالا ئۈچۈن) خەتەرگە قارىماي مۇنازىرىلەشكەنلىكى، ئۇ كاپىر ئۇنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن ئوتقا تاشلىغاندا، الله تائالانىڭ يولىدا ئۇنىڭغا سەۋرى قىلغانلىقى، الله ئۇنى ئۆز قەۋمىدىن ئايرىلىپ چىقىشقا بۇيرۇغاندا، الله تائالا ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى تاشلاپ چىققانلىقى، الله تائالا ئۇنى پەرىشتىلەرنى مېھمان قىلىشقا بۇيرۇغاندا، ئۇنىڭغا ئۆزى ۋە مېلىنى ئايىمىغانلىقى، بالىسىنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇغاندا، ئۇنى بەجا كەلتۈرمەكچى بولغانلىقى قاتارلىق ئىشلاردۇر. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى الله تائالانىڭ رىزالىقى ئۈچۈن قىلغان ئىدى. الله تائالا ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿«(پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىگە) ئىتائەت قىلغىن» دېدى. ئۇ: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم»﴾[1].

زالىملارنىڭ يەنى كاپىرلارنىڭ الله تائالانىڭ ئەھدىسىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى

﴿ئىبراھىم: «مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ پېشۋا قىلساڭ» دېدى. الله: «مېنىڭ (پېشۋا قىلىش)

(1) بەقەرە سۈرىسى 131 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەھدەمگە زالىملار (يەنى كاپىرلار) ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى﴾ يەنى الله ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرگە يول باشلامچى قىلىدىغانلىقىنى، الله تائالادىن بالىلىرىنىڭ ئىچىدىنمۇ يول باشلامچىلارنى چىقىرىپ بېرىشىنى سورىدى. الله ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇنىڭغا: بالىلىرىڭ ئىچىدە زالىملار (يەنى كاپىرلار) بولىدۇ. ئۇلار الله تائالانىڭ ئەھدىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلار كىشىلەر ئەگىشىدىغان يول باشلامچى بولالمايدۇ، ـ دېدى.

الله نىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى ئۇنىڭ: "مېنىڭ بالىلىرىمنىڭ ئىچىدىنمۇ يول باشلامچىلارنى قىلساڭ" دېگەن تىلىكىنى ئىجابەت قىلىنغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر: ﴿(ئۇنىڭدىن كېيىن) پەيغەمبەرلىكنى، كىتابنى (يەنى ساماۋى كىتابلارنى) ئۇنىڭ ئەۋلادىغا خاس قىلدۇق﴾[1] الله ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ھەممە پەيغەمبەرنى ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ ئىچىدىن ئەۋەتتى ۋە ھەممە كىتابنى ئۇلارغا (ئەۋلادىغا) چۈشۈردى.

ئەمما الله تائالانىڭ: **﴿«مېنىڭ (پېشۋا قىلىش) ئەھدەمگە زالىملار (يەنى كاپىرلار) ئېرىشەلمەيدۇ»﴾** دېگەن ئايىتى ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىچىدىنمۇ زالىم (يەنى كاپىر) بولىدۇ. ئۇلار الله تائالانىڭ ئەھدىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. گەرچە ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولسىمۇ، (ئۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن بىرسىگىمۇ ئىگە قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ياخشى كىشى بولسا، ئۇنىڭ تىلىگەن نەرسىسى ئىجابەت قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدۇ. دېگەنلەردىن خەۋەر بېرىدۇ.

ئىبنى خۇۋەيزمىنداد مۇنداق دەيدۇ: زالىم ئادەم مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى، ھاكىم، مۇپتى، گۇۋاھچى ۋەياكى ھەدىس رىۋايەت قىلىدىغان راۋىي بولۇشقا لايىق ئەمەس.

* * * * * * *

وَإِذۡ جَعَلۡنَا ٱلۡبَيۡتَ مَثَابَةً لِّلنَّاسِ وَأَمۡنًا وَٱتَّخِذُواْ مِن مَّقَامِ إِبۡرَٰهِـۧمَ مُصَلًّىۖ ...

ئۆز ۋاقتىدا بىز كەبىنى كىشىلەر ئۇچۇن جەم بولىدىغان جاي ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردۇق. (كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق)...

الله تائالانىڭ ئۆيى يەنى كەبىنىڭ ئارتۇقچىلىقى

﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز كەبىنى كىشىلەر ئۇچۇن جەم بولىدىغان جاي ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردۇق﴾ ئەۋفىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر كەبىگە نەچچە قېتىم كەلسىمۇ، ئۇنىڭغا قانماي يەنە كېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئەبۇجەئفەر رازى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە رەبىئ ئىبنى ئەنەستىن رىۋايەت قىلىپ، ئەبۇئالىيەنىڭ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۇنى دۈشمەندىن، ئۇنىڭدا قورال تۇتۇشتىن خاتىرجەم قىلدۇق ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنمۇ مەككىلىكلەر ئەسىر ئېلىنماي خاتىرجەم ياشايتتى. لېكىن، مەككىنىڭ سىرتىدىكى

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كىشىلەر بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراپ تۇراتتى.

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى: الله تائالا كەبىنىڭ ھۆرمىتىنى زىيادە قىلىپ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەر يىلى كەلسىمۇ، ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي يەنە قايتا كېلىشكە ئىشتىياق باغلاپ كېتىدىغان ئورۇن قىلغانلىقىنى زىكىر قىلدى. الله تائالانىڭ كەبىنى شۇنداق ھۆرمەتلىك قىلىشى دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقىدىندۇر.

الله ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان دۇئاسىنى بۇ يەردە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن) دەپ سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن بىزنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىسەن، ئاسمان ـ زېمىندىكى ھېچ نەرسە اللهغا مەخپىي ئەمەس. جىمى ھەمدۇسانا ياشانغىنىمدا ماڭا ئىسمائىل بىلەن ئىسھاقنى بەرگەن اللهغا خاستۇر! پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن دۇئانى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (يەنى دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر). پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن﴾[1].

الله كەبىنى: بىر ئادەم كەئبە ئىچىدە جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ئىچىگە كىرىۋالسا، كىرىۋالغۇچىغا خاتىرجەملىك بېرىلىدۇ ـ، دەپ سۈپەتلىدى. كەبىنىڭ بۇ ھۆرمىتى ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى الله تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىندۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا بەيتۇللاھنىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بەردۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن﴾[2]، ﴿ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاھقا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ﴾[3].

الله بۇ ئايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرغان يەرنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇش بىلەن بىللە ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى زىيادە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿(كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق)﴾**.

ماقامى ئىبراھىم توغرىسىدا

﴿(كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق)﴾ سۇفيان سەۋرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: تاش الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرغان ئورنىدۇر. الله تائالا ئۇنى

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 37 ـ ئايەتتىن 40 ـ ئايەتكىچە.
(2) ھەج سۈرىسى 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئال ئىمران سۈرىسى 96 ـ 97 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھۆرمەتلىك قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇ تاشتا تۇراتتى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا (كەبىنىڭ تېمىغا قويىدىغان) تاشلارنى سۇنۇپ بېرەتتى.

ماقامى ئىبراھىم كەبىنىڭ تېمىنى سالغاندا پۇتىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان تاش ئەمەس، بەلكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بالىسى ئىسمائىلنى يوقلاپ كەلگەندە، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇنىڭ بېشىنى يۇيۇش ئۈچۈن پۇتىغا قويۇپ بەرگەن تاش دېگەنلەرمۇ بار. ئەگەر ئۇ تاش بېشىنى يۇغاندا قويۇپ بەرگەن تاش بولسا ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئىزى (ھازىرقى تاشتىكىدەك بولماي) باشقىچە بولاتتى.

سۇددى: بۇ ئورۇن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بېشىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ پۇتىنىڭ تېگىگە قويۇپ بەرگەن تاش، ـ دەيدۇ. ئىمام قۇرتۇبى بۇ رىۋايەتنى ئاجىز دەپ قارىدى. باشقىلار بۇنداق قارىمىدى. بۇ ھەقتە باشقا ئالىملارمۇ ئىمام سۇددىغا ئوخشاش قارايدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەج پائالىيەتلىرىدىن سۆزلەپ بېرىۋېتىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (كەبىنى) تاۋاپ قىلىۋاتقاندا، ئۆمەر: بۇ بىزنىڭ بوۋىمىز (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ) دەسسەپ تۇرغان ئورنىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) ئۇنىڭغا: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر: ئۇنىڭ يېنىنى ناماز ئوقۇيدىغان يەر قىلمايلىمۇ؟ ـ دېدى. ئاندىن الله بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**(كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق)**﴾.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خاتتاب مۇنداق دەيدۇ: مەن پەرۋەردىگارىم بىلەن ئۈچ ئىشتا بىر يەردىن چىقىپ قالدىم. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرغان ئورۇننى ناماز ئوقۇيدىغان قىلساق، ـ دېگەن ئىدىم: ﴿**(كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق)**﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سېنىڭ ئۆيۈڭگە ياخشى ئادەممۇ، يامان ئادەممۇ كىرىدىكەن. مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنى (يەنى ئاياللىرىڭنى) يۈزىنى يېپىشقا بۇيرۇساڭ، ـ دېگەن ئىدىم. ئاندىن الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى يۈزىنى يېپىشقا بۇيرۇيدىغان ئايەتنى چۈشۈردى. مەن يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ئاياللىرىنىڭ ئۇنىڭغا كايىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ: سىلەر قىلغان ئىشىڭلاردىن يېنىڭلار. بولمىسا الله پەيغەمبىرىگە (سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا) سىلەردىن ياخشى ئاياللارنى يەڭگۈشلەپ بېرىدۇ، ـ دېسەم، ئۇ ماڭا: ئى ئۆمەر! سەن پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىغا نەسىھەت قىلمىساڭمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاياللىرىغا نەسىھەت قىلالامدۇ؟ ـ[1] دېدى. ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا، سىلەردىن ياخشى، (الله نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچى، (الله غا ۋە پەيغەمبەرگە) ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، گۇناھلاردىن تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا بېرىشى مۇمكىن﴾[2].

(1) ئۆمەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇلارغا گەپ قىلىشى بىرىنچىدىن: ئۇ ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ قىزى ھەفسەمۇ بار ئىدى. ئىككىنچىدىن: بۇ ئىش الله ئۇلارنى يات كىشىدىن يۈزىنى يېپىشقا بۇيرۇغان ئايەت چۈشۈشتىن بۇرۇن بولغان. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئالدىمىزدا يەنە ئۇچرىتىمىز.
(2) تەھرىم سۈرىسى 5 ـ ئايەت.

ئىبنى جەرىر جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجرىلئەسۋەد (قارا تاش) نى سۆيدى. ئاندىن (يەتتە قېتىملىق تاۋاپنىڭ) ئۈچ قېتىمىدا سوكولداپ ماڭدى. قالغان تۆت قېتىمىدا ئاستا ماڭدى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرغان ئورۇنغا بېرىپ بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿**(كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق)**﴾ ئاندىن ئۇ ئورۇننى كەبە بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىلىقىغا ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى.

ئىمام بۇخارى ئەمرى ئىبنى دىنارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى ئۆمەرنىڭ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ كەبىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ بولۇپ، (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرغان) ئورۇننىڭ كەينىدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرغان ئورۇننىڭ، كەبىنى سېلىش ئۈچۈن (ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ) ئىشلەتكەن تاشنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. كەبىنىڭ تېمى) ئېگىزلەپ كېتىۋېدى، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۇ تاشنى ئېلىپ كېلىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇتىغا قويۇپ بەردى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تاشلارنى سۇنۇپ بېرەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاشلارنى ئۆز قولى بىلەن قوياتتى. بىر تەرەپنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، يەنە بىر تەرەپكە ئۆتەتتى، تاشنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە يۆتكەيتتى. شۇنداق قىلىپ كەبىنىڭ تېمىنى قوپاردى. الله تائالا خالىسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىنى سالغانلىقى ھەققىدىكى قىسسىسىنى ئالدىمىزدا ئۇچرىتىمىز. تاشتا ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئىزى ئوچۇق ئىدى. ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى ئەرەبلەرمۇ ئۇ ئىزنى تونۇيتتى، مۇسۇلمانلارمۇ بۇنى كۆردى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: مەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرغان تاشتا ئۇنىڭ پۇتىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرگەن ئىدىم، كېيىن كىشىلەر قوللىرى بىلەن كۆپ سىلىغانلىقتىن يوقاپ كەتتى.

ئەسلى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرغان تاش كەبىنىڭ تېمىغا چاپلاپ دېگۈدەك يېقىن قويۇلغان ئىدى. تاشنىڭ ئورنى كەبىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە (ھاجىلار سۆيىدىغان تاشنىڭ يېنىدا) مەخسۇس بىر ئورۇندا ئىدى[1]. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنى سېلىپ بولۇپ، تاشنى شۇ يەردە قويۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن ياكى كەبە شۇ يەرگە كەلگەندە پۈتكەن بولۇشى مۇمكىن. كەبىنى تاۋاپ قىلىپ بولۇپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرغان تاشنىڭ قېشىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغانلىقىغا قارىغاندا، كەبە شۇ تاشنىڭ ئورنىغا كەلگەندە پۈتكەن بولۇشى ئەقىلگە ئۇيغۇن. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب تاشنى كەبىنىڭ تېمىنىڭ يېنىدىن ئازراق كەينىگە سۈرۈپ قويغان ئىدى. بۇنىڭغا ساھابىلاردىن بىرىمۇ قارشى چىقمىدى.

ئابدۇرازاق مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ماقامى ئىبراھىمنى بىرىنچى بولۇپ ھازىرقى ئورنىغا يۆتكىگەن كىشىدۇر.

ئەبۇبەكرى ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھۈسەين بەيھەقى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق

(1) ھازىر بۇ ئورۇن تۈزلىنىپ، تاش ئەينەكنىڭ ئىچىگە ئېلىپ قويۇلغان.

دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ: (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرغان) تاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇبەكرىنىڭ زامانىسىدا كەبىگە چاپلىشىپ دېگۈدەك يېقىن تۇراتتى. ئۇنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەينىگە (يەنى ھازىرقى ئورۇنغا) يۆتكەپ قويدى.

****

وَإِذۡ جَعَلۡنَا ٱلۡبَيۡتَ مَثَابَةً لِّلنَّاسِ وَأَمۡنًا وَٱتَّخِذُواْ مِن مَّقَامِ إِبۡرَٰهِـۧمَ مُصَلًّىۖ وَعَهِدۡنَآ إِلَىٰٓ إِبۡرَٰهِـۧمَ وَإِسۡمَٰعِيلَ أَن
طَهِّرَا بَيۡتِيَ لِلطَّآئِفِينَ وَٱلۡعَٰكِفِينَ وَٱلرُّكَّعِ ٱلسُّجُودِ ﴿١٢٥﴾ وَإِذۡ قَالَ إِبۡرَٰهِـۧمُ رَبِّ ٱجۡعَلۡ هَٰذَا بَلَدًا ءَامِنًا وَٱرۡزُقۡ
أَهۡلَهُۥ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ مَنۡ ءَامَنَ مِنۡهُم بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۖ قَالَ وَمَن كَفَرَ فَأُمَتِّعُهُۥ قَلِيلًا ثُمَّ أَضۡطَرُّهُۥٓ إِلَىٰ عَذَابِ ٱلنَّارِۖ وَبِئۡسَ
ٱلۡمَصِيرُ ﴿١٢٦﴾ وَإِذۡ يَرۡفَعُ إِبۡرَٰهِـۧمُ ٱلۡقَوَاعِدَ مِنَ ٱلۡبَيۡتِ وَإِسۡمَٰعِيلُ رَبَّنَا تَقَبَّلۡ مِنَّآۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ
﴿١٢٧﴾ رَبَّنَا وَٱجۡعَلۡنَا مُسۡلِمَيۡنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَآ أُمَّةً مُّسۡلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبۡ عَلَيۡنَآۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلتَّوَّابُ
ٱلرَّحِيمُ ﴿١٢٨﴾

ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا ئۆيۈمنى (يەنى كەبەمنى) تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق﴿125﴾. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم! بۇ يەرنى (يەنى مەككىنى) تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن اللّٰه غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن» دېدى. اللّٰه : «كاپىر بولغان ئادەمنىمۇ (رىزىقتىن) ئازغىنا مۇددەت (يەنى ھاياتلىقىدا) بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) دوزاخقا ھەيدەيمەن» دېدى. (بۇ) نېمىدېگەن يامان ئاقىۋەت!﴿126﴾. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن﴿127﴾. ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى، سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن﴿128﴾.

كەبىنى پاك تۇتۇشقا بۇيرۇش

﴿ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا ئۆيۈمنى (يەنى كەبەمنى) تاۋاپ قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق﴾ ھەسەن بەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: اللّٰه تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى كەبىنى پاسكىنا ۋە نىجىس نەرسىلەردىن پاك تۇتۇشقا، كەبىگە ئۇ نەرسىلەردىن يۇقۇپ قالماسلىققا بۇيرۇدى.

﴿تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق﴾ مۇجاھىد ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: پاكلاش بولسا بۇتلاردىن، پاسكىنا نەرسىلەردىن ۋە يالغان سۆزلەردىن تازىلاشتىن ئىبارەتتۇر.

﴿**تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئىتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار**﴾ نۇرغۇنلىغان ئالىملار ﴿**تاۋاپ قىلغۇچىلار**﴾ دېگەن سۆزگە: ياقا ـ يۇرتلاردىن كەلگەنلەر دەپ مەنە بەردى. ﴿**ئىتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار**﴾ دېگەن سۆزگە مەككىدىكى يەرلىك كىشىلەر دەپ مەنا بەردى.

مەسچىتلەرنى پاكىز تۇتۇشنىڭ لازىملىقى بۇ ئايەتتىن ۋە **الله** تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله** نىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشى بۇيرۇلغان مەسجىدلەردە (مۆمىنلەر) ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ﴾[1].

ھەدىسلەرنىڭ ئىچىدىمۇ مەسچىتلەرنى پاك تۇتۇش توغرۇلۇق نۇرغۇن ھەدىسلەر بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەسچىتلەر ئۆزىگە مۇناسىپ ئىشلار (ئىبادەت) ئۈچۈن سېلىنىدۇ».

مەككىنىڭ ھۆرمىتىنى تۆكۈشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى

﴿**ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم! بۇ يەرنى (يەنى مەككىنى) تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن» دېدى**﴾ ئىمام ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىدە (يەنى مەككىدە) (بىر نەرسە ئۆلتۈرۈش ياكى دەرەخلەرنى سۇندۇرۇشتەك ئىشلارنى) ھارام قىلىپ (كىشىلەرگە) ئۇنى خاتىرجەم ئورۇن قىلدى. مەن مەدىنىدە ئىككى قارا تاشلىق زېمىنىنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرلەرنى ھارام قىلدىم. (بۇ ئارىلىقتا) ئوۋ ئوۋلانمايدۇ، دەرەخلەر سۇندۇرۇلمايدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام **الله** تائالانىڭ مەككىنى ئاسمان ۋە زېمىننى يارىتىشتىن بۇرۇن (ئۇنىڭدا ئوۋ ئوۋلاش ۋە دەرەخلەرنى يۇلۇپ تاشلاشتەك ئىشلار بىلەن مەككىنىڭ ھۆرمىتىنى تۆكۈشنى) ھارام قىلغانلىقىنى (بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ھەدىسلەردە) بىلدۈردى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىنى پەتھى قىلغان (يەنى ئازات قىلغان) كۈنى مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن **الله** تائالا بۇ شەھەرنى (يەنى مەككىنى) ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان كۈنى مەككىنىڭ ھۆرمىتىنى تۆكۈشنى ھارام قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى تۆكۈش تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ھارام قىلىندى. مەندىن بۇرۇن ھېچقانداق كىشىگە مەككىدە ئۇرۇشۇش ھالال قىلىنمىدى. ماڭا كۈندۈزدە بىر سائەتلا ئۇرۇش قىلىش ھالال قىلىنىپ بېرىلدى. ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى تۆكۈشنى ھارام قىلىشى بىلەن، ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىش تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ھارام بولدى. ئۇنىڭ تىكەنلىرى كېسىلمەيدۇ، ھايۋانلىرى ئۈركىتىلمەيدۇ، ئۇنىڭدا چۈشۈپ قالغان نەرسىنى (كىشىلەرگە ئېلان قىلىپ ئۇنى) ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان كىشىدىن باشقا بىر كىشى ئالمايدۇ، ئۇنىڭ يېشىل ئوت ـ چۆپلىرى يۇلۇنمايدۇ». ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى **الله** تائالانىڭ پەيغەمبىرى! (بىزگە) ئىزخىر دېگەن دەرەخنى كېسىشكە رۇخسەت قىلساڭ، ئۇنى تۆمۈرچىلىك ۋە زەرگەرلىك ھۈنەرلىرىمىزدە بىر نەرسىنى قىزىتىشقا ۋە ئۆيلىرىمىزنىڭ ئۈستىنى يېپىشقا ئىشلىتىمىز، ـ دېگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىزخىر دېگەن دەرەخنى كېسىشكە رۇخسەت

---

(1) نۇر سۈرىسى36 ـ ئايەت.

قىلدى.

ئەمر ئىبنى سەئىد مەككىگە ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولغاندا، ئەبۇشۇرەيھ ئەدەۋىنىڭ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: ھۆرمەتلىك باشلىقىمىز! مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنىنىڭ ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىگەن سۆزىنى ئىككى قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان، دىلىمدا ياد ئالغان ۋە ئىككى كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرغان ئىدىم. شۇلارنى ساڭا سۆزلەپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلساڭ. ئەمر ئىبنى سەئىد ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى، ئۇ سۆزنى باشلاپ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتتى. ئاندىن مۇنداق دېدى: «مەككىنىڭ ھۆرمىتىنى تۆكمەسلىكنى ئادەملەر ئەمەس، بەلكى الله تائالا ھارام قىلغان. الله تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئادەمنىڭ ئۇنىڭدا قان تۆكۈشى (يەنى ئۇرۇش قىلىشى) ۋە ئۇنىڭ دەرەخلىرىنى كېسىشى ھالال ئەمەس. ئەگەر بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭدا قىلغان ئۇرۇشىنى كۆرۈپ، ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئىكەن دەپ قارىسا، ئۇنىڭغا پەقەت پەيغەمبىرىگىلا الله ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىشنى رۇخسەت قىلدى، سىلەرگە رۇخسەت قىلمىدى دەڭلار. الله ماڭا (ئۇنىڭدا) كۈندۈزدە بىر سائەتلا ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت بەردى. شۈبھىسىزكى، بۈگۈن ئۇنىڭ ھاراملىقى يەنە ئەسلىگە قايتتى. بۇ يەردە بار كىشىلەر يوق كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ قويسۇن».

ئەبۇشۇرەيھتىن: (سەن بۇ سۆزلەرنى ئەمرى ئىبنى سەئىدكە سۆزلەپ بەرسەڭ) ئۇ ساڭا نېمە دېدى؟ - دەپ سورالغاندا، ئۇ: ئەمرى ئىبنى سەئىد ماڭا: ئى ئەبۇشۇرەيھ! مەن بۇنى سەندىن ياخشىراق بىلىمەن، ھەرام ئاسىيغا، بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ۋەياكى ھەرقانداق بىرەر بۇزغۇنچىلىقنى قىلىپ قېچىپ كىرىۋالغان كىشىگە پاناھلىق بەرمەيدۇ، - دەپ جاۋاب بەرگەن.

الله تائالا ئاسمان - زېمىننى ياراتقان كۈنى مەككىنىڭ ھۆرمىتىنى تۆكۈشنى ھارام قىلدى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ھەدىسلەر بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنى ھارام قىلدى دېگەن ھەدىسلەرنىڭ ئارىلىقىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق. چۈنكى، مەككىنىڭ ھۆرمىتىنى تۆكۈش (الله تائالانىڭ دەرگاھىدا) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنى سېلىشتىن بۇرۇن ھارام قىلىنغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ مەككىنىڭ ھۆرمىتىنى تۆكۈشنى ھارام قىلغان ھۆكمىنى كىشىلەرگە يەتكۈزدى. بۇ خۇددى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ لېيىغا مىلىنىپ ياتقان چېغىدا (يەنى ئۇ يارىتىلىشتىن بۇرۇن)، ئۇنىڭ نەسلىدىن بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام الله تائالادىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى تىلەپ: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن﴾ دېگىنىگە ئوخشاش بىر ئىش بولۇپ، الله تائالا دەرگاھىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىدىغانلىقىنى يېزىۋەتكىنىگە ئاساسەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى.

ئۇ ھەدىسنىڭ داۋامىدا مۇنداق دەپ كەلدى: ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىزگە پەيغەمبەرلىكىڭنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە سۆزلەپ بەرسەڭ، - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ماڭا پەيغەمبەرلىك كېلىشىنىڭ باشلىنىشى) بوۋام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسانىڭ خۇش بېشارەت بېرىشى، ئانامنىڭ ئۆزىدىن خۇددى شامنىڭ

قەسرلەرنى يورىتىۋەتكىدەك بىر نۇرنىڭ چىققانلىقىنى كۆرۈشىدۇر» دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ الله دىن مەككىگە خاتىرجەملىك ۋە رىزىق ئاتا قىلىشىنى تىلەپ قىلغان دۇئاسى

الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**«پەرۋەردىگارىم! بۇ يەرنى (يەنى مەككىنى) تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن**﴾ يەنى ئۇنىڭدا ياشىغان كىشىلەر ھېچقانداق قورقۇنچ ھېس قىلمايدۇ. الله مەككىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تىلىگەندەك ئۆز تەقدىرىدە ۋە شەرئىتىدە خاتىرجەم ئورۇن قىلدى. الله تائالا ئۇنى خاتىرجەم ئورۇن قىلغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بەيتۇللاھقا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ﴾[1]، ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۆرمەمدۇكى، بىز ھەرەمنى ئامان (جاي) قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئەسىر ئېلىنىۋاتىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ، ئۇلار باتىلغا ئىشىنىپ، الله نىڭ نېئمىتىنى ئىنكار قىلامدۇ؟﴾[2] ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىشنىڭ چەكلەنگەنلىكى ھەققىدىكى ھەدىسلەر يۇقىرىدا سۆزلىنىپ ئۆتتى.

ئىمام مۇسلىم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "بىرەر كىشىنىڭ مەككىدە قورال كۆتۈرۈشى دۇرۇس ئەمەس" دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم».

﴿**ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم! بۇ يەرنى (يەنى مەككىنى) تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن» دېدى**﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كاپىرلارنى چىقىرىۋېتىپ، مېۋىلەرنى مۆمىنلەرگىلا خاس قىلغان ئىدى. الله بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**الله : «كاپىر بولغان ئادەمنىمۇ (رىزىقتىن) ئازغىنا مۇددەت (يەنى ھاياتلىقىدا) بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) دوزاخقا ھەيدەيمەن» دېدى. (بۇ) نېمىدېگەن يامان**﴾ يەنى كاپىرلارغىمۇ مۆمىنلەرگە رىزىق بەرگەندەك رىزىق بېرىمەن. مەن كىشىلەرنى يارىتىپ قويۇپ (ئۇلار كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارغا رىزىق بەرمەمدىمەن؟ ئۇلارنى مەن (رىزىقتىن) ئازغىنا مۇددەت بەھرىمەن قىلىمەن. ئاندىن ئۇلارنى دوزاخنىڭ ئازابىغا ھەيدەيمەن. ئۇ نېمىدېگەن يامان ئاقىۋەت! ئاندىن ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿**بۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنىدىن بېرىمىز. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنى (ھېچ ئادەمدىن) مەنئى قىلىنمايدۇ**﴾ يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە باشقا ئالىملاردىنمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بايان قىلغىنىغا ئوخشاش رىۋايەتلەر كەلدى.

الله كاپىرلارنىمۇ دۇنيادا رىزىقتىن ئازغىنا مۇددەت بەھرىمەن قىلىپ، ئاندىن ئاخىرەتتە ئازابلايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «الله غا يالغاننى چاپلايدىغانلار ھەقىقەتەن (دوزاخ ئازابىدىن) قۇتۇلالمايدۇ». ئۇلار بۇ دۇنيادىن (ئازغىنا ۋاقىتلا) بەھرىمەن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئاندىن كاپىر بولغانلىقلىرى

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 97 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى 67 ـ ئايەت.

سەۋەبىدىن ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴾[1]، ﴿كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئۇنىڭ كۇفرى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن، ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئۇلارغا (دۇنيادىكى) قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىمىز، الله ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلارنى (دۇنيادىن) ئازغىنا (مۇددەت) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق ئازابنى (تېتىشقا) مەجبۇرلايمىز﴾[2]، ﴿ئىنسانلار (كۇففارلارنىڭ باياشات تۇرمۇشىنى كۆرۈپ كۇفرىغا قىزىقىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ) ھەممىسى (كۇفرىدا) بىر ئۇممەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا ئىدى، مەرھەمەتلىك الله نى ئىنكار قىلغان كىشلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا چىقىدىغان شوتىلىرىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ۋە تەختلىرىنىمۇ كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق، ئۇلار تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. (يۇقىرىقىلارنىڭ بەزىسىنى) ئالتۇندىن قىلىپ بېرەتتۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئاخىرەت (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭدىكى نازۇ ـ نېئمەتلەر) تەقۋادارلارغا خاستۇر﴾[3].

﴿ئاندىن كېيىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) دوزاخقا ھەيدەيمەن» دېدى. (بۇ) نېمىدېگەن يامان ئاقىۋەت!﴾ يەنى الله ئۇلارغا مۆھلەت بېرىپ كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى قىلغان گۇناھىغا قارىتا قاتتىق تۇتىدۇ. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا مەن مۆھلەت بەردىم (ئۇلار بۇ مۆھلەتكە مەغرۇر بولۇپ كەتتى)، ئاندىن (يەنى ئۇلارغا ئۇزاق مۇددەت مۆھلەت بەرگىنىمدىن كېيىن) ئۇلارنى جازالىدىم، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر (يەنى ئاخىر ھەممىسى ماڭا كېلىدۇ)﴾[4].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق كەلدى: «ھېچ كىشى (ئاڭلىغان) ئەزىيەتكە الله دىن بەكرەك سەۋر قىلغۇچى ئەمەس. الله ئۇلارغا رىزىق بېرىپ، تەنلىرىنى ساق ـ سالامەت قىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇلار (الله تائالانىڭ بالىسى بار دەپ) الله تائالاغا بوھتان چاپلايدۇ. (الله بۇنىڭغا سەۋرى قىلىدۇ)».

ئىمام بۇخارىنىڭ ھەدىسىدە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «الله زالىمنى قىلغان جىنايىتى ئۈچۈن ئالدىراپ تۇتمايدۇ. الله ئۇنى تۇتقان چاغدا، ئۇ الله تائالانىڭ جازاسىدىن ھەرگىزمۇ قۇتۇلالمايدۇ. ئاندىن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، الله نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ئولىمۇ قاتتىقتۇر﴾[5]».

ئىبراھىمنىڭ كەبىنى سېلىشى ۋە شۇ ئىشنىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولۇشىنى تىلىگەنلىكى

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ

(1) يۇنۇس سۈرىسى 69 ـ 70 ـ ئايەتلەر.
(2) لوقمان سۈرىسى 23 ـ 24 ـ ئايەتلەر.
(3) زۇخرۇف سۈرىسى 33 ـ ئايەتتىن 35 ـ ئايەتكىچە.
(4) ھەج سۈرىسى 48 ـ ئايەت.
(5) ھۇد سۈرىسى 102 ـ ئايەت.

(خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى، سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭگە ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلنىڭ: **﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن﴾** دېگەچ كەبىنىڭ تېمىنى قوپۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگىن. يەنى ئۇلار ناھايىتى ياخشى ئىشلارنى قىلىۋېتىپ، الله تائالادىن شۇ ئىشلارنىڭ قوبۇل بولۇشىنى تىلەيدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ۋۇھەيب ئىبنى ۋەردىنىڭ **﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ يىغلاپ تۇرۇپ: ئى رەھمان تائالانىڭ دوستى (يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام)! سەن رەھمان تائالانىڭ ئۆيىنىڭ تېمىنى (بۇ ئىش) الله تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولماي قالارمۇ؟ ـ دەپ قورقۇپ تۇرۇپ قوپۇرۇپسەن، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

الله ھەقىقىي مۆمىنلەرنىڭ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۇ ئىشلار الله دەرگاھىدا قوبۇل بولماي قالامدىكىن دەپ قورقىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەدىقە بېرىدىغان ئەمما پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر﴾[1] يەنى ئۇلار الله ئۆزلىرىگە بەرگەن مال ـ مۈلۈكلەردىن سەدىقە، بالا ـ چاقىلىرىغا نەپىقە ۋە سوغات ـ ھەدىيەلەرنى بېرىدۇ. ھەمدە ئۇ بەرگەن نەرسىلەر الله تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولماي قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيدۇ.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئاياللار ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتۇشنى تۇنجى بولۇپ ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ھاجەردىن ئۆلگە ئالدى. ھاجەر ئۆزىنىڭ سارەگە بولغان كۈندەشلىكىنى ياكى ئۆچمەنلىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئايرىم بىر ئورۇننى تۇتۇپ ئولتۇردى. ئاندىن ئىبراھىم ھاجەرنى ۋە ئېمىۋاتقان ئوغلى ئىسمائىلنى مەككىگە ئېلىپ كېلىپ، ھەرەم مەسچىتىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى (زەمزەم قۇدۇقىنىڭ يېنىدا) چوڭ بىر دەرەخنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ كۈنلەردە مەككىدە نە ئادەمزات، نە ئىچكۈدەك سۇ يوق ئىدى. ئۇ، ئۇلارنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئازراق خورما بىلەن بىر تۇلۇم سۇنى قويۇپ قويدى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېڭىۋېدى، ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ھاجەر ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ: ئى ئىبراھىم! بىزنى ھېچقانداق نەرسە يوق، ئادەمسىز سەھراغا تاشلاپ قويۇپ نەگە بارىسەن؟ ـ دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئىبراھىم ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. ئاندىن ھاجەر: سېنى الله مۇشۇنداق قىلىشقا (يەنى بىزنى بۇ يەردە تاشلاپ قويۇشقا) بۇيرۇدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئىبراھىم: ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ھاجەر: ئۇنداق بولسا الله بىزنى ساقلىغۇچىدۇر، ـ دەپ بالىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سەپەرگە يول ئالدى. ئىبراھىم ئايالى ۋە بالىسى كۆرۈنمەيدىغان سەنىييە دېگەن يەرگە بارغاندا، يۈزىنى كەبە تەرەپكە قىلىپ، قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ بۇ دۇئانى ئوقۇدى: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم

(1) مۆمىنۇن سۈرىسى 60 ـ ئايەت.

ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن﴾[1].

ھاجەر ئىسمائىلنى ئېمىتتى. ئۆزى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قويۇپ قويغان سۇنى ئىچتى. تۇلۇمدىكى سۇ تۈگىگەندە، ئۇ ۋە ئوغلى ئىسمائىل ئۇسسۇزلۇقتىن تولغانغىلى باشلىدى. ھاجەر ئوغلىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈشنى خالىماي، ئۇنىڭ قېشىدىن باشقا جايغا قاراپ ماڭدى. سەفا تېغى شۇ يەردىكى تاغلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يېقىنى ئىدى. ئۇ شۇ تاغقا چىقتى. ئاندىن بىرەر ئادەم كۆرۈنەرمىكىن دەپ ۋادىغا قاراشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ بىرمۇ ئادەم كۆرمىدى. ئاندىن سەفا تېغىدىن چۈشۈپ جىلغىغا كەلدى ـ دە، كىيىمىنىڭ بىر تەرىپىنى كۆتۈرۈپ جىلغىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتتى. ئاندىن مەرۋە تېغىغا كېلىپ تاغنىڭ ئۈستىدە تۇردى ۋە بىرەر ئادەم كۆرۈنەرمىكىن دەپ قارىدى. ھېچ بىر ئادەمنى كۆرمىدى. ئۇ بۇ ئىشنى يەتتە قېتىم تەكرارلىدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شۇڭا كىشىلەر (ھەج ۋە ئۆمرە قىلغاندا) ئىككى تاغنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىدىغان بولۇپ قالدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. «ھاجەر مەرۋە تېغىغا يېقىنلاشقاندا بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئۇ جىم تۇرۇپ (ئاۋازغا) قۇلاق سالغان ئىدى، ئۇ ئاۋازنى يەنە ئاڭلىدى. ئۇ بىرەر ياردەمچى بولغان بولسا، شۇنى ئاڭلىدىممۇ دەپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، زەمزەمنىڭ يېنىدا تاپىنى بىلەن ياكى قانىتى بىلەن سۇ ئىزدەۋاتقان بىر پەرىشتىنى كۆردى، سۇمۇ چىقتى. ھاجەر (سۇنىڭ ئەتراپىنى توپا بىلەن) توسۇشقا باشلىدى. ئۇ توختا دەپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھاجەر سۇنى قاچىسىغا ئۇسۇشقا باشلىدى. سۇنى بىر تەرەپتىن ئۇسۇپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئېتىلىپ چىقىپ تۇراتتى».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله ئىسمائىلنىڭ ئانىسىغا رەھمەت قىلسۇن، ئۇ زەمزەمنى (ئۆز ھالىغا) قويۇپ قويغان بولسا ياكى ئۇ سۇدىن ئۇسمىغان بولسا، زەمزەم جەزمەن (ئېرىقتەك) ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاق بولاتتى» ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ھاجەر سۇدىن ئىچتى ۋە بالىسىنىمۇ ئېمىتتى. ئاندىن پەرىشتە ئۇنىڭغا: سىز ھالاك بولۇپ كېتىشتىن قورقماڭ. بۇ يەردە الله تائالانىڭ بىر ئۆيى بار (كەبىنى دېمەكچى)، ئۇنى بۇ بالا ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى سالىدۇ. الله تائالا ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلغان (ياخشى) كىشىلەرنى ھالاك قىلمايدۇ، ـ دېدى. كەبە زېمىندىن دۆڭگە ئوخشاش كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. كەلكۈن كېلىپ قالسا، سۇ ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول يېنىدىن ئېقىپ كېتەتتى. (كۈنلەر) شۇنداق ئۆتتى. جۇرھۇم قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ياكى جۇرھۇم قەبىلىسىدىن بىر ئائىلىلىك كىدائى يولىدىن كېلىۋېتىپ ئۇلارنىڭ قېشىدىن ئۆتتى ۋە مەككىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە چۈشتى. ئۇلار بىر نەرسىگە ئىنتىلىپ توختىماي چۆرگىلەۋاتقان بىر قۇشنى كۆرۈپ: شەكسىز ئۇ قۇش سۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتىدۇ. بىز بۇ ۋادىدا سۇ يوقمىكىن دېگەن ئىدۇق، ـ دېدى. ئاندىن ئۇلار بىر ياكى ئىككى كىشىنى ئەۋەتتى. ئۇلار سۇنى كۆردى. ئاندىن قايتىپ كېلىپ سۇ بارلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېلىشتى. ئىسمائىلنىڭ ئانىسى سۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا: بىز سېنىڭ قېشىڭغا چۈشۈپ، بۇ يەردە يەرلىشىپ قالساق، رۇخسەت قىلامسەن؟ ـ دېدى. ئۇ: ماقۇل، لېكىن سۇدا سىلەرنىڭ ھېچقانداق ھەققىڭلار يوق، ـ دېدى. ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىسمائىلنىڭ ئانىسى بۇ ئىشقا (يەنى

---

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 37 ـ ئايەت.

ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراقلىشىپ قېلىشىغا) تاسادىپىي يولۇقۇپ قالدى. ئۇمۇ كىشىلەر بىلەن بىللە ياشاشنى ياخشى كۆرەتتى» دېدى. ئاندىن ئۇلار (جۇرھۇمدىكى) ئائىلىدىكىلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى يانلىرىغا ئېلىپ كېلىۋالدى. مەككىدە ئۇلاردىن بىر نەچچە ئائىلىكلەر بولدى. ئىسمائىلمۇ ناھايىتى ياخشى ۋە چىرايلىق ئادەم بولۇپ چوڭ بولدى. ئۇلاردىن ئەرەب تىلىنى ئۆگەندى. ئۇ بالاغەتكە يەتكەندە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر قىزنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ قويدى. ئىسمائىلنىڭ ئانىسىمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىسمائىل ئۆيلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن كەلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىسمائىلنى تاپالماي، ئايالىدىن سورىدى. ئايالى ئۇنىڭ تىرىكچىلىك ئۈچۈن بىر نەرسە ئىزدەپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى. ئايالى ئۇنىڭغا: بىز قىيىنچىلىق ۋە جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ياشاۋاتىمىز دەپ تۇرمۇشلىرىدىن شىكايەت قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئېرىڭىز كەلسە، سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ ۋە ئۇنىڭغا دەپ قويۇڭ ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىنى يەڭگۈشلىۋەتسۇن، ـ دېدى. ئىسمائىل كېلىپ بىر نەرسىنى سەزگەندەك قىلىپ ئايالىدىن: بىر كىشى كەلدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئايالى: ھەئە، مۇنداق ـ مۇنداق سۈپەتلىك بىر قېرى كېلىپ، سېنىڭ ئەھۋالىڭنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا سېنىڭ ئەھۋالىڭنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: مەن ئۇنىڭغا بىزنىڭ قىيىنچىلىقتا ياشاۋاتقانلىقىمىزنى ئېيتتىم، ـ دېدى. ئىسمائىل: ئۇ ساڭا بىرەر ۋەسىيەت قىلىپ كەتتىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ: ھەئە، ئۇ ساڭا سالام دەپ قويۇشۇمنى ۋە ئىشىكىڭنىڭ بوسۇغىسىنى يەڭگۈشلىۋېتىشىڭنى دەپ قويۇشۇمنى بۇيرۇدى، ـ دېدى. ئىسمائىل: ئۇ مېنىڭ دادام بولىدۇ. مېنى سەندىن ئايرىلىپ كېتىشىمگە بۇيرۇپتۇ. ئەمدى سەن ئۆيۈڭگە قايتقىن، ـ دەپ ئۇنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن باشقا بىر قىز بىلەن ئۆيلەندى.

بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتا بارغاندا، ئىسمائىلنى يەنە تاپالمىدى. ئۇ ئايالىنىڭ يېنىغا كىرىپ ئىسمائىل توغرۇلۇق سورىدى. ئۇ: بىزگە بىر نەرسە ئىزدەپ چىقىپ كەتتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئىبراھىم: سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار قانداق؟ ـ دەپ تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ: بىز ياخشى ۋە باياشات تۇرمۇشتا ياشاۋاتىمىز، ـ دەپ جاۋاب بېرىپ اللّٰه تائالاغا شۈكرى ئېيتتى. ئىبراھىم: سىلەر تامىقىڭلارغا نېمە يەيسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ: گۆش، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ: نېمە ئىچىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ: سۇ، دەپ جاۋاب بەردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئى اللّٰه ئۇلارغا، (ئۇلارنىڭ) گۆش ۋە سۇلىرىغا بەرىكەت بەرسەڭ» دەپ دۇئا قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ دانلىرى (يەنى بۇغداي، قوناق دېگەنلەرگە ئوخشاش دانلار) يوقتى. ئەگەر ئۇ بولغان بولسا، ئۇنىڭغىمۇ دۇئا قىلغان بولاتتى.» ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: گۆش بىلەن سۇ مەككىنىڭ سىرتىدىمۇ ھەممە كىشىلەرنىڭ يېمەكلىكى بولمىغان بولسا، مەككىنىڭ سىرتىدىكى بىرمۇ كىشىگە سىڭمىگەن بولاتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ئېرىڭىز كەلسە، ئۇنىڭغا سالام دەپ قويۇڭ. ئۇ ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىنى ياخشى ساقلىسۇن. ئىسمائىل كېلىپ ئۇنىڭدىن: بىر كىشى كەلدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ: ھەئە، ناھايىتى كېلىشكەن بىر پېشقەدەم ئادەم كېلىپ سېنىڭ ئەھۋالىڭنى سورىدى. مەن سېنىڭ ئەھۋالىڭنى دەپ بەردىم. ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: بەك ياخشى ياشاۋاتىمىز، ـ دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ ساڭا سالام ئېيتتى ۋە ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىنى چىڭ ساقلىشىڭنى بۇيرۇدى، ـ دېدى. ئىسمائىل: ئۇ مېنىڭ دادام، بوسۇغا دېگىنى سەن بولىسەن، ئۇ مېنىڭ سېنى چىڭ ساقلىشىمنى بۇيرۇپتۇ، ـ

دېدى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن قايتا كەلدى. ئىسمائىل زەمزەمگە يېقىن بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئوقياسىنى ئۇچلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئىبراھىمنى كۆرۈپ ئورنىدىن قوپتى. ئۇ ئىككىسى باشقا ئاتا ـ بالىلار قانداق كۆرۈشكەن بولسا، شۇنداق كۆرۈشتى (يەنى ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل ئاتا ـ بالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ھۆرمەت ۋە سالام بىلەن كۆرۈشتى). ئاندىن ئىبراھىم: ئى ئىسمائىل! **الله** مېنى بىر ئىشقا بۇيرۇدى، ـ دېدى. ئۇ ئۇنىڭغا: پەرۋەردىگارىڭ بۇيرۇغان ئىشنى قىلغىن، ـ دېدى. ئۇ: سەن ماڭا ياردەم بېرەمسەن؟ ـ دېدى. ئۇ: بولىدۇ، ـ دېدى. ئىبراھىم: **الله** مېنى بۇ يەرگە بىر ئۆينى (كەبىنى) سېلىشىمنى بۇيرۇدى، ـ دەپ شۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئېگىز دۆڭنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككەيلەن كەبىنىڭ ئۇلىنى سالدى. ئىسمائىل تاش ئەكىلىپ بەردى. ئىبراھىم كەبىنى سالدى. كەبىنىڭ تېمى بەك ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىدى. ئىسمائىل ھېلىقى تاشنى ئېلىپ كېلىپ ئىبراھىمنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىغا قويۇپ بەردى. ئۇ ئىككىسى: **﴿«پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن﴾** دېگەچ (ئىبراھىم تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ) كەبىنى سالدى. ئىسمائىل ئۇنىڭغا تاشنى سۇنۇپ بەردى.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئىككىسى: **﴿«پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن﴾** دېگەچ (كەبىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ) كەبىنى سېلىشقا باشلىدى.

قۇرەيشنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن ئۇزۇن زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن كەبىنى يېڭىلاپ سالغانلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 35 ياشقا كىرگەن يىلى، قۇرەيشلەر كەبىنى قايتىدىن سېلىشقا كىرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلارغا ياردەملىشىپ تاشلارنى توشۇپ بەردى. مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى يەسار ”مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى“ دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 35 ياشقا كىرگەندە، قۇرەيشلىكلەر كەبىنى قايتا يېڭىلاپ سېلىش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلدى. ئۇلار كەبىنى بۇزۇۋېتىشتىن قورقاتتى. كەبە شۇ ۋاقىتتا ئادەم بويىدىن ئېگىزرەك (بولۇپ تاشلاردىن قوپۇرۇلغان) ئىدى. ئۇلار ئۇنى تېخىمۇ ئېگىزلىتىپ، تورۇسىنى يېپىشنى ئويلاشقان ئىدى. چۈنكى بىر تۈركۈم كىشىلەر كەبىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇدۇقنىڭ ئىچىگە قويۇپ قويۇلغان (كەبىنىڭ) بايلىقنى ئوغۇرلاپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بايلىق خۇزائە قەبىلىسىدىكى مەلىھ ئىبنى ئەمرىنىڭ بالىلىرىنىڭ قۇلى دۇۋەيكىنىڭ قېشىدىن تېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قولى قولى كېسىلدى. كىشىلەر ئۇنى باشقىلار ئوغرىلاپ دۇۋەيكىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغان دەپ گۇمان قىلىشتى. دېڭىز دولقۇنى رۇم تىجارەتچىلىرىنىڭ بىر كېمىسىنى جىددىدىكى قىرغاققا ئېلىپ كېلىپ ئۇرغان ئىدى. كېمە پاچاقلىنىپ كەتتى. قۇرەيشلەر ئۇنىڭ ياغاچلىرىنى ئېلىپ كەبىنى يېپىشقا تەييارلاندى. (شۇ ۋاقىتتا) مەككىدە ياغاچچىلىقنى بىلىدىغان مىسىرلىق بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ئۇلارغا كەبىنى يېپىشتا (كۆڭۈلدىكىدەك بەزى) ماتېرىياللارنى تەييارلاپ بەردى. ھەر كۈنى كەبىگە سوۋغا قىلىنغان نەرسە تاشلىنىدىغان قۇدۇقنىڭ ئىچىدىن بىر يىلان چىقىپ كەبىنىڭ تېمىغا چاپلىشىۋېلىپ، كۈشۈلداپ تۇراتتى. كىشىلەر بۇ يىلاندىن قورقتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قېشىغا بىرەرسى يېقىنلاشقان ھامان كۈشۈلداپ چىقىش

ئۇچۇن ئاغزىنى ئاچاتتى. بىر كۈنى الله ئۇنىڭغا بىر قۇشنى ئەۋەتتى. ئۇ قۇش ئۇنى چاڭگاللاپ ئېلىپ كەتتى. ئاندىن قۇرەيشلىكلەر: بىز الله تائالانىڭ بىزنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىمىزغا رازى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، بىزدە ھۈنەرۋەن ۋە ياغاچ بار، الله بىزنى يىلاننىڭ ۋەھىمىسىدىن خالاس قىلدى، ـ دېيىشتى. ئۇلار كەبىنى بۇزۇۋېتىپ ئۇنى باشقىدىن سېلىش ئۈچۈن بىرلىككە كېلىپ يىغىلدى. ئەبۇۋەھب ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئائىز ئىبنى ئابدى ئىبنى ئىمران ئىبنى مەخزۇم دېگەن كىشى كەبىنىڭ تېشىدىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋېدى، ئۇ تاش ئۇنىڭ قولىدىن چاچراپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى ئورنىغا بېرىپ توختىدى. ئاندىن ئەبۇۋەھب مۇنداق دېدى: ئى قۇرەيش جامائەسى! كەبىنى سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ماللار ھالالدىن بولسۇن، ئۇنى سېلىش ئۈچۈن پاھىشىدىن، جازانىدىن كەلگەن ۋە بىر كىشىدىن ئورۇنسىز ئېلىۋېلىنغان ھارام مال ـ مۈلۈك ئارىلىشىپ قالمىسۇن. ئاندىن قۇرەيشلىكلەر كەبىنىڭ تېمىنى ياساشنى بۆلۈشۈۋالدى. كەبىنىڭ ئىشىك تەرىپى ئابدۇمەناف ۋە زۆھرىنىڭ باللىرىغا، قارا تاش بىلەن رۇكنىليامانىنىڭ ئارىلىقى مەخزۇمنىڭ باللىرى ۋە ئۇلارغا قېتىلغان قۇرەيش قەبىلىلىرىگە، كەبىنىڭ ئارقا تەرىپى جەمھى ۋە سەھمىنىڭ باللىرىغا، (ھازىرقى كۈندە ھەتىم دەپ ئاتىلىدىغان ئادەمنىڭ بويىدىن سەل پاكارراق تام قوپۇرۇلۇپ قويۇلغان ماقامى ئىبراھىم تەرەپتىكى) يەر ئابدۇددار ئىبنى قۇسەي، ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززا ئىبنى قۇسەي ۋە ئەدى ئىبنى كەئب ئىبنى لۇئەيلەرنىڭ باللىرىغا تەگدى. كىشىلەر ئۇنى بۇزۇشتىن قورقتى. ئاندىن ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە: مەن سىلەرگە ئۇنى بۇزۇشنى باشلاپ بېرەي، ـ دەپ قولىغا سۇمبىنى ئېلىپ: ئى الله ، قورقۇتمىغىن! ئى الله ! بىز بۇ ئىشىمىزدىن ياخشى ئىش قىلىشىمىزنى خالايمىز دېگەچ چېقىشقا باشلىدى. ئۇ قارا تاشنىڭ ئارىلىقى بىلەن رۇكنۇليامانىينىڭ ئارىلىقىدىن بىر تەرەپنى چاقتى. كىشىلەر شۇ كېچىنى كۈتۈپ ئۆتكۈزدى. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ساقلاپ باقايلى، ئەگەر بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسا، بىز ئۇنى چاقماي، ھەتتا چاققان يەرنىمۇ ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇپ ئەسلىدىكىدەك قىلىپ قويىمىز. ئەگەر بىرەر ئىش يۈز بەرمىسە، الله تائالا بىزنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىمىزغا رازى بولۇپتۇ، ـ دەيمىز. ئەتىسى ۋەلىد ئىشىغا ئەتىگەندىلا كىرىشىپ، ئۇنى چېقىشقا باشلىدى. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە چاقتى. چېقىش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قويغان تامنىڭ ئۇلىغا بارغاندا، بىر ـ بىرىگە چىشتەك گىرەلىشىپ كەتكەن يېشىل بىر تاشقا يەتتى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۆزنى رىۋايەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرى تاشتىن بىرنى قومۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىغا تۆمۈر قوزۇقتىن بىرنى قاقىدۇ. ئۇ تاشنى شۇنداق مىدىرلىتىشى ھامان مەككىنىڭ ھەممە يېرىدىن بىر خىل ئاۋاز چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قويغان تامنىڭ ئۇلىنى قومۇرۇشتىن توختاپ قالىدۇ.

قارا تاشنى ئورنىغا قويۇشقا ئالاقىدار تالاش ـ تارتىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادىل ھۆكۈم قىلىشى

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: قۇرەيش قەبىلىلىرى كەبىنى سېلىش ئۈچۈن تاشلارنى توپلىدى. ھەر ـ بىر قەبىلە ئايرىم ـ ئايرىم يەرگە توپلىدى. ئاندىن كەبىنى سېلىشنى باشلاپ، (كەبە پۈتۈپ) ھەجەرلئەسۋەدنىڭ ئورنىغا كەلگەندە، قارا تاشنى ئورنىغا قويۇشتا ھەممىسى: بىز ئورنىغا

قويمىز، ـ دەپ تالاشتى. ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى بىر يەردىن چىقماي ئۇرۇش چىقىشقا تاس قالدى. ئاندىن ئابدۇددارنىڭ باللىرى قان بىلەن تولدۇرۇلغان قاچىدىن بىرنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆزلىرى ۋە ئەدى ئىبنى كەئب ئىبنى لۇئەينىڭ باللىرى قوللىرىنى قاچىدىكى قانغا تىقىپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىشكە قەسەم ئىچىشتى. ئۇلار بۇنى قانغا قوللارنى تىقىش ياكى قانغا قوللارنى يالىتىش دەپ ئاتايتتى. قۇرەيشلىكلەر ئارىسىدىكى بۇ تالاش ـ تارتىش تۆت ـ بەش كۈن داۋام قىلدى. ئۇلار مەسلىھەت قىلىشىش ئۈچۈن قايتا ھەرەم مەسچىتىگە يىغىلىشتى. بەزى كىشىلەرنىڭ رىۋايىتىدە، شۇ يىلى ئەبۇئۇمەييە ئىبنى مۇغىرە ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى مەخزۇم دېگەن كىشى قۇرەيشلىكلەرنىڭ ئىچىدىكى ياشتا ئەڭ چوڭى دېيىلىدۇ. ئۇ كىشى: ئى قۇرەيش جامائەسى! سىلەر ئۆزئارا تالىشىپ قالغان ئىشىڭلار ئۈچۈن بۇ مەسچىتنىڭ ئىشىكىدىن بىرىنچى بولۇپ كىرگەن كىشىنى ئاراڭلارنى ئايرىيدىغان كىشى قىلىپ تەيىنلەڭلەر، ـ دەيدۇ. ئۇلار بۇ پىكىرگە قوشۇلىدۇ. ئىشىكتىن بىرىنچى بولۇپ كىرگەن كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئۇلار ئۇنى كۆرۈپ، بۇ ئىشەنچلىك ئادەم، بىز بۇنىڭ يول كۆرسىتىشىگە رازى بولىمىز، بۇ مۇھەممەد دېيىشىپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغاندا، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئېيتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماڭا كىيىمدىن بىرنى بېرىڭلار» دەيدۇ. ئۇنىڭغا بىر كىيىم بېرىلىدۇ. ئۇ قارا تاشنى ئۆز قولى بىلەن ئېلىپ كىيىمنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. ئاندىن: ھەر بىر قەبىلە كىيىمنىڭ بىر تەرىپىدىن تۇتۇپ، ھەممىڭلار بىراقلا كۆتۈرۈڭلار، ـ دەيدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىشىدۇ. ئۇلار تاشنى قويىلىدىغان يەرگىچە ئاپارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆز قولى بىلەن قويىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىنى پۈتكۈزدى. قۇرەيشلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن ئىشەنچلىك كىشى دەپ ئاتايتتى. ئۇلار كەبىنى ئۆزلىرى خالىغان ھالەتتە پۈتتۈرۈپ ئىشلىرىنى تامام لاپ بولدى. زۇبەير ئىبنى ئابدۇمۇتەللىب دېگەن كىشى قۇرەيشلەرنى قورقۇتۇپ، كەبىنى چاقتۇرمىغان يىلان توغرىسىدا شېئىر ئوقۇپ مۇنداق دەيدۇ:

قىلدى مېنى كۆپ ھەيران قارچۇغىنىڭ كېلىشى،
ئۇدۇل شۇڭغۇپ چۈشۈپلا يىلانغا چاڭ سېلىشى.
قورقىتاردى ئۇ يىلان ھەر يان ئۇرۇپ ئۆزىنى،
تەھدىت ئىدى يىلاننىڭ ھەر بىر كۇشكۇش قىلىشى.
تۇرغىنىدا ئۇ يىلان كەبە تېمى ئۈستىدە،
مۇمكىن بولماس ھېچكىمنىڭ ئاڭا يېقىن بولۇشى.
ئېلىپ كەتكەچ قارچۇغا ئۇ ۋەھىمە يوقالدى،
ئاسان بولدى بىزلەرگە كەبىنىڭ بۇ قۇرۇلۇشى.
باردۇر بىزدە، قۇرۇلۇشقا كېرەك بولغان ماتېرىيال،
بىزنى يىغىپ جەم قىلدى، قۇرۇلۇشنىڭ بۇ زور ئىشى.
سەھەر تۇرۇپ قوپاردۇق ئۇلۇغ كەبە ئۇلىنى،
ماھىر تامچى ئۈستىنىڭ كىيىمسىزتى ئۈچىسى.
ئۇلۇغلۇنە قەۋمنى كۆپ ماختىدى پادىشاھ،
مۇمكىن ئەمەس ئۇلارنىڭ ئەمدى ئىشتىن توختىشى.

لۇئەلەرنىڭ ئەۋلادى بۇ ئىش ئۈچۈن جەم بولدى،
ھەيران قىلار كىشىنى ئۇلارنىڭ تېز ئىشلىشى.
شاھىمىزغا بۇ ئېسىل سوغاتنى بىز راستلىدۇق،
ئۈمىدىدۇر ھەر كىمنىڭ رەببىدىن ئەجىر سورىشى.
ئاتا قىلدى رەببىمىز، بىزگە ئىززەت - شۆھرەتنى،
نىشانىدۇر ھەركىمنىڭ رەببىدىن ساۋاب ئېلىشى.

ئىبنى زۇبەيرنىڭ كەبىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىغاندەك سېلىشى

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: كەبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا 18 گەز ئىدى. ئۇ مىسىردا توقۇلغان ئاق رەڭلىك يوپۇق بىلەن يېپىلاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەججاج ئىبنى يۈسۈف بىرىنچى قېتىم ئۇنى يۇڭدىن توقۇلغان يىپەك يوپۇق بىلەن ياپتى.

كەبە تاكى ھىجرىيەنىڭ 60 - يىللىرى، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير زامانىسىنىڭ باشلىرىدا، يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنى قۇرشاۋغا ئېلىۋېلىپ، مەككە كۆيۈپ كەتكەنگە قەدەر قۇرەيشنىڭ سالغىنى بويىچە تۇرغان ئىدى (ئابدۇللاھنى قۇرشاۋغا ئالغاندا ئاتقان ئوقلار كەبىگە چۈشۈپ كېتىپ كەبە كۆيۈپ كەتكەن ئىدى). كەبە كۆيۈپ كەتكەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئۇنى بۇزۇۋېتىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قويغان تامنىڭ ئۇلىدىن باشلاپ قايتا سالدى. كەبىنىڭ ئىچىگە ھازىرقى كەبە بىلەن ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە سوقۇپ قويغان تامنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرنىمۇ كىرگۈزدى، ئۇنىڭغا يەر بىلەن تەڭ قىلىپ شەرق تەرەپتە بىر ئىشىك، غەرب تەرەپتە بىر ئىشىك قويدى. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىنى مۇشۇنداق سېلىش ھەققىدىكى سۆزىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئۇ تاكى ھەججاج تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر باشلىق بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە كەبە شۇ بويىچە تۇردى. (ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن) ھەججاج ئۇنى ئابدۇمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە سالدى.

ئىمام مۇسلىم ئۆزىنىڭ كىتابىدا ئەتانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كەبە يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ زامانىسىدا (شاملىقلار ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغاندا) كۆيۈپ كەتكەن ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير تاكى كىشىلەر ھەجگە كەلگەنگە قەدەر ئۇنى ياسىماي قويۇپ قويدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ شاملىقلارغا قارشى ئۆچمەنلىكىنى قوزغاش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانىدى. كىشىلەر ھەجگە كېلىشكە باشلىدى. ئۇ كىشىلەرگە: ئى خالايىق! سىلەر ماڭا كەبە توغرىسىدا بىر مەسلىھەت كۆرسىتىڭلار. مەن ئۇنى بۇزۇۋېتىپ قايتىدىن سالامدىمەن ياكى تاملىرىنىڭ دەز كەتكەن يەرلىرىنى تۈزىمەدىمەن؟ - دېدى. ئىبنى ئابباس: سەن ئۇنىڭ دەز كەتكەن يېرىنى تۈزىسەڭمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندە بار كەبىنى ۋە تاشلارنى قويۇپ قويغىن، - دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير: ئەگەر بىر كىشىنىڭ ئۆيى كۆيۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشى ئۇنى يېڭىلىمىغۇچە رازى بولمايدۇ. سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئۆيى كۆيۈپ كەتسىچۇ؟ مەن ئۈچ كۈنگىچە پەرۋەردىگارىمدىن ئۇ ئىشنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيمەن. ئاندىن بىر ئىشنى قارار قىلىمەن، - دېدى. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن

كېيىن، ئۇ كەبىنى بۇزۇش قارارىغا كەلدى. ھەممەيلەن ئۆزىنىڭ تۇنجى بۇزغۇچى بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ باش تارتتى. بىر كىشى چىقىپ كەبىدىن بىر دانە تاشنى ئېلىۋەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ھېچنېمە بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئارقىمۇ ئارقىدىن ئۇنى بۇزۇشقا باشلىدى ۋە ئۇلىغىچە بۇزۇپ بولدى. ئابدۇللاھ كەبىنىڭ تاملىرىنى قوپۇرۇپ بولغۇچە كەبىنى يوشۇرۇپ تۇرسۇن دەپ كەبىنىڭ ئەتراپىغا تاۋۇرۇكلەرنى بېكىتىپ لاتا تارتىپ قويدى. ئىبنى زۇبەير: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «كىشىلەرنىڭ كۇپۇرلۇقتىن ئاجرىغانلىقىغا (مۇسۇلمان بولغانلىقىغا) ئۇزاق ۋاقىت بولغان بولسا، مېنىڭ يېنىمدا كەبىنى سالغۇدەك مال ـ مۈلۈك بولغان بولسا، كەبە قېشىدىكى پاكار تامدىن كەبىگە بەش گەز قوشۇپ قوياتتىم. ئۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ كىرىشى ئۈچۈن بىر ئىشىك، چىقىشى ئۈچۈن بىر ئىشىك قىلغان بولاتتىم». مەن ئۇنىڭغا ئىشلىتىدىغان پۇلنى تاپالايمەن. كىشىلەردىنمۇ قورقمايمەن.

ئەتا مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ كەبىنىڭ يېنىدىكى يەردىن بەش گەزنى كەبىگە قوشۇۋەتتى. قوشۇۋەتكەن بەش گەز يەرنىڭ ئۇلىنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئېچىپ، بۇ ئۇلنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالغان ئۇل ئىكەنلىكىنى كىشىلەرنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، تامنى شۇ ئۇلنىڭ ئۈستىگە سالدى. كەبىنىڭ ئېگىزلىكى ئەسلىدە 18 گەز ئىدى، ئۇنى پاكار كۆردى. ئاندىن ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئېگىزلىكىگە ئون گەز قوشۇپ، ئۇنىڭغا كىرىدىغان بىر ئىشىك ۋە چىقىدىغان بىر ئىشىك قويدى. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئۆلتۈرۈلگەندە، ھەججاج (كەبىنىڭ تاملىرىنى يەنە ئابدۇللاھ سالغان بويىچە قويۇپ قويىمىزمۇ ياكى ئەسلىدىكىدەك قىلىمىزمۇ دېگەن مەسىلىدە) ئابدۇلمەلىككە خەت يازدى ۋە ئۇنىڭغا ئابدۇللاھنىڭ كەبىنىڭ قۇرۇلۇشىنى مەككىدىكى ئادىل كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا، شۇلارنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ ئاندىن سالغانلىقىنى بىلدۈردى. ئابدۇلمەلىك ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە: بىز ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئېلىپ بارغان بۇزغۇنچىلىقلىرىغا قوشۇلىدىغانلاردىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا قوشۇپ قويغىنىنى شۇ پېتى قالدۇرغىن. كەبىنىڭ يېنىدىكى يەردىن قوشۇپ قويغىنىنى ئۆز ئەسلىگە قايتۇرغىن، ئۇنىڭ ئاچقان ئىشىكىنى ئېتىۋەتكىن، ـ دېدى. ھەججاج كەبىنىڭ يېنىنى بۇزۇپ، ئۇنى بۇرۇنقى ھالىتىگە ئەكەلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى تۇتۇپ كەبىنى چوڭايتىپ سالغان، چۈنكى، ئۇ شۇنداق سېلىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئاڭلىغان ئىدى. لېكىن كىشىلەر ئىسلامغا يېڭىدىن كىرگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ كۇپۇرلۇقتىن ئاجرىغان ۋاقتى ئۇزۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن بەزى كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا ئۇنى كېڭەيتىپ سېلىشنىڭ ياقماسلىقىدىن قورقۇپ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇن) كېڭەيتىپ سالمىغان ئىدى. ئىبنى زۇبەيرنىڭ سۈننەتنى تۇتقانلىقىنى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان چۈشەنمەي قالدى.

ئىمام مۇسلىم بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيدەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھارىس ئىبنى ئابدۇللاھ ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ باشلىقلىق دەۋرىدە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئابدۇلمەلىك ئۇنىڭغا: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئاڭلىدىم دېگەن ھەدىسنى ئۇنىڭدىن ئاڭلىمىغانمىكىن دەيمەن، ـ دېدى. ھارىس: ئۇ ئاڭلىغان، ھەتتا مەنمۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئۇ ھەدىسنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېدى. ئابدۇلمەلىك سەن ئائىشەنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانتىڭ؟ ـ دېدى. ھارىس: ئائىشە بىزگە مۇنداق دېگەن ئىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «سېنىڭ ئادەملىرىڭ كەبىنى سېلىشنى قىسقارتىۋەتتى. ئەگەر ئۇلار كۇپۇرلۇقتىن

يېڭىلا ئاجرىغان ۋاقتى بولمىغىنىدا، مەن ئۇلار سالماي قويۇپ قويغان يەرنى كەبىگە قوشۇۋېتەتتىم. ئەگەر مەندىن كېيىنكى ئادەملەر كەبىنى قايتىدىن سېلىپ قالسا، ئۇلار سالماي قويۇپ قويغان يەرنى مەن ساڭا كۆرسىتىپ قوياي، بۇ يەرگە كەلگىن» دېدى ـ دە، يەتتە گەز يەرنى كۆرسىتىپ قويدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئۇنىڭغا (يەر بىلەن تەڭ) شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن ئىككى ئىشىكنى بېكىتەتتىم» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئائىشە! نېمە ئۈچۈن ئادەملىرىڭنىڭ كەبىنىڭ ئىشىكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلەمسەن؟» دېگەندە، مەن: ياق، ـ دەپ جاۋاب بەردىم دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆزلىرىمىز خالىغان كىشىنى كىرگۈزىمىز دەپ چوڭچىلىق قىلىپ (ئۇنىڭ ئىشىكىنى) كۆتۈرۈپ قويدى. ئەگەر بىر كىشى ئۇنىڭغا ئۆزى كىرمەكچى بولسا، ئۈستىگە چىققۇچە ئۇلار ئۇنىڭغا گەپ قىلمايتتى. ئۇ كىرىشكە ئاز قالغاندا ئۇنى بىر ئىتتىرەتتى ـ دە، ئۇ يىقىلىپ كېتەتتى» دېدى.

ئابدۇلمەلىك ھارىستىن: سەن مۇشۇ سۆزنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئاڭلىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ: ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ھارىس مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ھاسىسى بىلەن (يەرنى) بىر سائەتچە چوقۇپ تۇردى. ئاندىن: ئۇنى (ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ سالغىنى بويىچە) قويۇپ قويغان بولسام بوپتىكەنتۇق، ـ دېدى.

قىيامەت كۈنى يېقىنلاشقاندا، ھەبەشىيلىكنىڭ كەبىنى بۇزۇۋېتىدىغانلىقى

ھەدىس كىتابلىرىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كەبىنى ھەبەشلىك كىچىك، ئىنچىكە پاچاقلىق بىرسى بۇزىدۇ».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئۇنى قاراتەنلىك، ئىچ مايماق دەپ ئويلايمەن. ئۇ كەبىنىڭ تاشلىرىنى بىردىن ـ بىردىن ئېلىپ سۇغۇرۇۋېتىدۇ».

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ـ دەيدۇ: «كەبىنى ھەبەشىيلىك ئىنچىكە پاچاقلىق بىرسى بۇزىدۇ. ئۇنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى ئېلىپ، يوپۇقلىرىدىن ئاجرىتىپ قويىدۇ. ئۇ ئادەم ماڭا خۇددى تاقىر باش، پۇتى ئەگرىدەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ كەبىنى سۇمبە بىلەن ئۇرىدۇ».

بۇ ئىش يەجۇجە ـ مەجۇجىلەر چىقىپ بولغاندىن كېيىن بولىدۇ. بۇنىڭ ئۇلاردىن كېيىن بولۇشى توغرىسىدا ئىمام بۇخارى ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كەبىدە يەجۇج ـ مەجۇجلار چىقىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ھەج ۋە ئۆمرە قىلىنىدۇ (يەنى بۇ مەخلۇقلار چىقىپ بولغاندىن كېيىن، بىر مۇددەتكىچە كەبە سالامەت تۇرىدىغان بولۇپ، كىشىلەر ھەجگە ۋە ئۆمرىگە بارىدۇ. بۇنىڭدىن بىر مۇددەت ئۆتكەندە، يۇقىرىدا دېيىلگەن ھېلىقى كىشى كەبىنى يىقىتىۋېتىدۇ)».

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

الله تائالا ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىلغان دۇئاسىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى، سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن**﴾ ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار بۇ دۇئالىرىدا: بىزنى سېنىڭ بۇيرۇقىڭغا بويسۇنىدىغان، ساڭا قىلىدىغان ئەمەل ـ ئىبادەتتە باشقا بىرسىنى ساڭا شېرىك كەلتۈرمەيدىغان قىلغىن، ـ دەپ تىلەيدۇ. الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان بۇ دۇئاسىنىڭ الله تائالادىن بەك قورقىدىغان مۆمىن بەندىلەرنىڭ قىلغان دۇئاسىغا ئوخشايدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى ئايىتىدە بايان قىلىدۇ: ﴿ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلاتلىرىمىزنى ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىقتا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن» دەيدۇ﴾[1] بىر كىشىنىڭ الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەي، ئۆز نەسلىدىن الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىدىغان بىر پەرزەنتنىڭ چىقىشىنى ياخشى كۆرۈشى، ئۇ كىشىنىڭ الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا تولۇق مۇھەببىتى بارلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

شۇڭا الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿«**سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشۋا قىلىمەن**»﴾ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام الله تائالاغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿«**مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ پېشۋا قىلساڭ**» **دېدى. الله : « مېنىڭ (پېشۋا قىلىش) ئەھدەمگە زالىملار (يەنى كاپىرلار) ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى**﴾ بۇ ئۇنىڭ ماۋۇ سۆزىگە ئوخشايدۇ: ﴿مېنى ۋە مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق قىلغىن﴾[2].

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئادەم بالىسى ئۆلسە (يەنى بىر كىشى ئۆلسە)، ئۇ قىلغان ئۈچ ئىشتىن باشقا بارلىق ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى (يەنى ساۋابلىرى) ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. (ساۋابى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئۈچ ئىش بولسا) توختىماي داۋاملىشىدىغان سەدىقە (يول ياساپ قويغانغا ياكى مەسچىت ياكى مەكتەپ سېلىپ قويغانغا ئوخشاش) ياكى پايدىلىق بىلىم (يەنى بىر ئالىم شاگىرت چىقارغان بولسا، ئۇنىڭ شاگىرتى باشقىلارغا بىلىم ئۆگەتكەن ياكى كىتابلار يېزىپ قالدۇرغان بولسا) ۋەياكى ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى بالا تەربىيىلەپ قويۇش قاتارلىقلاردۇر.

ھەج قائىدىلىرى توغرىسىدا

الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن**﴾ سەئىد ئىبنى مەنسۇر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئىتاب ئىبنى بەشىر بىزگە خۇسەيفتىن مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

---

(1) فۇرقان سۈرىسى 74 ـ ئايەت.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام اللە تائالادىن: ﴿بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن﴾ دەپ تىلىدى. ئۇنىڭ يېنىغا جىبرىئىل كېلىپ، ئۇنى كەبىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا كەبىنىڭ ئۇلىنى سالغۇزدى. ئۇ كەبىنىڭ باشقا يەرلىرىنى (يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن بويىچە) قوپۇرۇپ پۈتتۈردى. كېيىن جىبرىئىل ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ سەفا تېغىغا ئېلىپ كېلىپ: بۇ اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا بەلگىلەنگەن يەرلەردىندۇر، ـ دېدى. ئۇنى مەرۋە تېغىغا ئېلىپ كېلىپ: بۇ اللە تائالا ئىبادەت قىلىشقا بەلگىلىگەن يەردىندۇر، ـ دېدى. ئاندىن يەنە ئۇنى مىنا تېغىغا ئېلىپ چىقتى. ئەقەبە (ھازىر شەيتانغا تاش ئاتىدىغان يەر) دېگەن يەرگە كەلگەندە، شەيتان بىر دەرەخنىڭ يېنىدا تۇراتتى. جىبرىئىل ئۇنىڭغا: تەكبىر ئېيتىپ (شەيتانغا) تاش ئاتقىن، ـ دېدى. ئىبراھىم: "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ شەيتانغا تاش ئاتتى. شەيتان ئوتتۇردىكى تاش ئاتىدىغان يەرگە كېلىپ تۇردى. جىبرىئىل بىلەن ئىبراھىم ئۇنىڭ قېشىدىن ئۆتكەندە، جىبرىئىل ئۇنىڭغا: تەكبىر ئېيتىپ شەيتانغا تاش ئاتقىن، ـ دېدى. ئۇ: "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ شەيتانغا تاش ئاتتى. شەيتان دېگەن نىجىس ئۇ يەردىن كەتتى. ئۇ نىجىس ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىگە بىر نەرسە كىرگۈزمەكچى بولغان ئىدى، كىرگۈزەلمىدى. ئاندىن ئۇ ئىبراھىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ مۇزدەلىفەگە ئېلىپ كېلىپ: بۇ، اللە تائالا ئىبادەت قىلىشقا بەلگىلىگەن يەرلەردىندۇر، ـ دېدى. ئاندىن يەنە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئەرەفات تېغىغا ئېلىپ چىقىپ: باياتتىن بېرى كۆرسەتكەنلىرىمنى بىلدىڭمۇ؟ ـ دەپ ئۈچ قېتىم سورىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇ رىۋايەتنى باشقىلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلدى.

****

رَبَّنَا وَٱبۡعَثۡ فِيهِمۡ رَسُولٗا مِّنۡهُمۡ يَتۡلُواْ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَيُزَكِّيهِمۡۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ١٢٩

پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى﴿129﴾.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش ھەققىدە قىلغان دۇئاسى

بۇ ئايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ اللە تائالاغا دۇئا قىلىپ ئۆز نەسلىدىن ھەرام ئەھلىگە بىر پەيغەمبەر بېرىشىنى تىلىگەنلىكى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئىجابەت قىلىنغان) بۇ دۇئاسى اللە تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنسى ـ جىن، ئەرەب ۋە باشقىلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشتەك ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئۇدۇل كەلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى تۇنجى بولۇپ تىلغا ئالغان ۋە ئۇنىڭدىن بىشارەت بەرگەن كىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بولۇپ، شۇندىن ئېتىبارەن ئۇ بەنى ئىسرائىل قەۋمى كىشىلىرى ئارىسىدا ناھايىتى

مەشھۇر بولۇپ كەلگەن. ھەتتە ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا نۇتۇق سۆزلەپ: ﴿«ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن اللّٰه ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن» دېدى﴾[1].

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىم بوۋام ئىبراھىمنىڭ دۇئاسى ۋە مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسانىڭ بېشارەت بېرىشى بىلەن باشلانغان.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئانام ئۆزىدىن بىر نۇرنىڭ چىقىپ، شامنىڭ قەسىرلىرىنى يورۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆردى» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى بۇ سۆزنى ئۇنىڭغا قورساق كۆتەرگەن چېغىدا شۇنداق چۈش كۆرگەنلىكىنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇ سۆز تاراپ كەتكەن دەپ قارالدى. بۇ يەردە نۇرنىڭ چىققانلىقىغا باشقا يەرنى ئەمەس، شامنى كەلتۈرۈشى ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ شام زېمىنىغا ئورۇنلىشىدىغانلىقىغا بولغان بىر ئىشارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن شام ئاخىرقى زاماندا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قايتىش ئورنى بولۇپ قالىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام (شام زېمىنىدىكى) دەمەشقنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاق مۇنارغا چۈشىدۇ.

شۇڭا ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ھەقىقەت ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر غەلىبىلىك ھالەتتە بولىدۇ. اللّٰه تائالانىڭ بۇيرۇقى كەلمىگۈچە ئۇلارنى ياردەمسىز قويغان ۋە ئۇلار بىلەن قارشىلاشقان كىشى ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. (اللّٰه تائالانىڭ بۇيرۇقى كەلمىگۈچە) ئۇلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىمايدۇ». بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە: ئۇلار شامدا، ـ دېيىلىدۇ.

«كىتاب ۋە ھېكمەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى

﴿**كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان**﴾ ھەسەن، قەتادە، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان، ئەبۇمالىك ۋە ئۇلاردىن باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى ئۆگەتتى. دىنىنىڭ مەزمۇنلىرىنى (ئۆگەتتى) دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېگۈچىلەرمۇ بار. بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىتلىق يوق.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ﴿**ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى اللّٰه تائالاغا بويسۇنۇشنى ئۆگىتىدىغان پەيغەمبەرنى ئەۋەتكىن.

﴿**ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى**﴾ يەنى ئۇ ھېچ نەرسە ئاجىز قىلالمايدىغان، غەلىبە قازانغۇچى، ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچى، ئىش ۋە سۆزلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، بىلىمى، ھېكمىتى ۋە ئادىللىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممە نەرسىلەرنى ئۆز ئورنىغا قويغۇچىدۇر.

* * * * * *

(1) سەپ سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

وَمَن يَرۡغَبُ عَن مِّلَّةِ إِبۡرَٰهِـۧمَ إِلَّا مَن سَفِهَ نَفۡسَهُۥۚ وَلَقَدِ ٱصۡطَفَيۡنَٰهُ فِي ٱلدُّنۡيَاۖ وَإِنَّهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ لَمِنَ
ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٣٠﴾ إِذۡ قَالَ لَهُۥ رَبُّهُۥٓ أَسۡلِمۡۖ قَالَ أَسۡلَمۡتُ لِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٣١﴾ وَوَصَّىٰ بِهَآ إِبۡرَٰهِـۧمُ بَنِيهِ
وَيَعۡقُوبُ يَٰبَنِيَّ إِنَّ ٱللَّهَ ٱصۡطَفَىٰ لَكُمُ ٱلدِّينَ فَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنتُم مُّسۡلِمُونَ ﴿١٣٢﴾

ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بۇ دۇنيادا (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدۇق﴿130﴾. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: «(پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىگە) ئىتائەت قىلغىن» دېدى﴿131﴾. ئۇ: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم» دېدى. ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئوغۇللىرىم! اللە سىلەرگە مۇشۇ دىننى (يەنى ئىسلام دىنىنى) تاللىدى، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار (يەنى ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار، تاكى ئىمان بىلەن كېتىڭلار)» دېدى﴿132﴾.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن ئەخمەقلەردىن باشقىسىنىڭ يۈز ئۆرۈمەيدىغانلىقى

اللە تائالا بۇ ئايەتتە ھەق دىنغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ يول باشلامچىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا خىلاپلىق قىلىپ، اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنى پەيدا قىلغان كاپىرلارغا رەددىيە بەردى. ئىبراھىم پەرۋەردىگارىنى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسىنى باشقا شېرىك ئەقىدىلەردىن تازىلىدى. ئۇ بىر نەرسە تىلىمەكچى بولسا، اللە تائالادىنلا تىلىدى. ئۇنىڭغا باشقا بىر نەرسىنى شېرىك قىلمىدى. ئۇ اللە تائالاغا قەتئىي شېرىك كەلتۈرمىدى، اللە تائالادىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن ئادا ـ جۇدا بولدى. ئۇ اللە تائالانى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ھەممە ئادەملىرى بىلەن قارشىلىشىپ، ھەتتا ئۆز ئاتىسىدىنمۇ ئادا ـ جۇدا بولدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ﴿«ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلاردىن ئادا ـ جۇدامەن. مەن ھەقىقەتەن باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن»﴾[1]، ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە ئېيتتى: «سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلاردىن مەن راستلا ئادا ـ جۇدامەن. پەقەت مېنى ياراتقان اللە مېنى (توغرا يولغا) باشلايدۇ»﴾[2]، ﴿ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ اللە نىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولدى. ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى كۆڭلى يۇمشاق)، (يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) چىداملىق ئىدى﴾[3]، ﴿ئىبراھىم ھەقىقەتەن (ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگۈچى) پېشۋا، اللە غا ئىتائەتمەن (باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىدى. ئۇ اللە غا

(1) ئەنئام سۈرىسى78 ــــ 79 ـ ئايەتلەر.
(2) زۇخرۇف سۈرىسى 26 ـ 27 ـ ئايەتلەر.
(3) نەھل سۈرىسى 120 ـ ئايەتتىن 122 ـ ئايەتكىچە.

شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەس ئىدى. ئىبراھىم اللہ نىڭ نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى ئىدى. اللہ ئۇنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلىدى. ئۇنىڭغا دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلدۇق، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ﴾[1].

اللہ تائالا بۇ كىشىلەر ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟**﴾ يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭغان يولىدىن گاللۋاڭ، ئەخمەقلىقى ۋە ھەقىقەتنى تاشلاپ ئازغۇنلۇققا مېڭىشى بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كىشى يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۇ ئەخمەق كىچىك چېغىدىن باشلاپ اللہ تائالا ئۆزىگە دوست تۇتۇپ، دۇنيادا توغرا يولغا باشلاپ ۋە ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن تاللىغان كىشىنىڭ يولىغا خىلاپلىق قىلدى. ئۇ كىشى ئاخىرەتتە بەختلىك كىشىلەردىندۇر. مۇشۇنداق كىشىنىڭ يولىنى ۋە ئۇنىڭ دىنىنى تاشلاپ، ئازغۇنلۇق يوللىرىغا ئەگىشىشتىن ئارتۇق ئەخمەقلىق ياكى ئۆزىگە ئۇنىڭدىمۇ چوڭ زۇلۇم قىلىش بارمۇ؟

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر﴾[2]. ئەبۇئالىيە ۋە قەتادە قاتارلىقلار بۇ ئايەت يەھۇدىيلار توغرىسىدا چۈشتى، ـ دەيدۇ. ئۇلار اللہ تائالا تەرىپىدىن چۈشمىگەن يولدىن بىرنى پەيدا قىلدى. ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ۋە تۇتقان يولىغا خىلاپ ئىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ كۆز قارىشىنى اللہ تائالا ماۋۇ ئايىتى ئارقىلىق كۈچلەندۈرىدۇ: ﴿ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس ۋە لېكىن توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى، اللہ غا بويسۇنغۇچى ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى. ئىبراھىمغا ئەڭ يېقىن بولغانلار، شۈبھىسىزكى، (ئىبراھىمنىڭ زامانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنىڭغا (يەنى ئۇنىڭ يولىغا) ئەگەشكەنلەردۇر، بۇ پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)دۇر، (بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى بولغان) مۆمىنلەردۇر. اللہ مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر﴾[3]، ﴿**ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: «(پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىگە) ئىتائەت قىلغىن» دېدى. ئۇ: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم» دېدى**﴾ يەنى اللہ تائالا ئۇنى ئۆزىگە ئىخلاس قىلىشقا، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇدى. ئۇمۇ (يەنى ئىبراھىممۇ) ئۇنىڭغا ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي يوسۇندا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

﴿**ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ**﴾ يەنى ئۇ (بالىۋاقىلىرىغا) اللہ تائالاغا بويسۇنىدىغا ۋەسىيەت قىلدى. بەزى ئالىملار: بۇ ۋەسىيەتنىڭ (بالىلىرىغا قىلغان ۋەسىيەتنىڭ) ئىچىگە نەۋرىسى يەئقۇبمۇ كىرىدۇ. ئىسھاقنىڭ ئوغلى يەئقۇب ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئايالى سارە ھايات ۋاقتىدا تۇغۇلۇپ بولغان. ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى اللہ تائالا ئۇ ئىككىسىگە (يەنى ئىبراھىم بىلەن سارەگە) خۇش خەۋەر بەرگەن، ـ دەيدۇ. اللہ تائالا ئۇلارغا خۇش خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۇنىڭغا (يەنى سارەگە) ئىسھاق (ئاتلىق بالىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن ۋە ئىسھاقتىن كېيىن كېلىدىغان يەئقۇب (ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق﴾[4]، ﴿ئىبراھىمغا ئىسھاقنى، يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق (يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خۇدالىق ئۈچۈن قەۋمىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ياخشى

(1) لوقمان سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 67 ـ 68 ـ ئايەتلەر.
(3) ھۇد سۈرىسى 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئەنكەبۇت سۈرىسى 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەرزەنت ئىسھاقنى بەردۇق ۋە ئىسھاقنىڭ ئوغلى بولغان نەۋرىسى يەئقۇبنى بەردۇق)، (ئۇنىڭدىن كېيىن) پەيغەمبەرلىكنى، كىتابنى (يەنى ساماۋى كىتابلارنى) ئۇنىڭ ئەۋلادىغا خاس قىلدۇق﴾[1]، ﴿**بىز ئۇنىڭغا (يەنى ئىبراھىمغا) ئىسھاقنى بەردۇق، (ئۇ پەرۋەردىگارىدىن سورىمىسىمۇ) يەئقۇبنى ئوشۇق بەردۇق (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى نەۋرە قىلىپ ياكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىۋىدىن زىيادە قىلىپ بەردۇق)**﴾ بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى يەئقۇبنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا تۇغۇلغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ بۇرۇنقى كىتابلاردا خەۋەر قىلىنغاندەك پەلەستىندىكى ئەقسا مەسچىتنى سالدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى، مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! (زېمىندا) بىرىنچى بولۇپ سېلىنغان مەسچىت قايسى؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەرەم مەسچىتى» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭدىن قالسچۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەلەستىندىكى ئەقسا مەسچىتى» دەپ جاۋاب بەردى. مەن: ئۇ ئىككى مەسچىتنىڭ سېلىنىش ئارىلىقىدا قانچىلىك ۋاقىت بار؟ ـ دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «40 يىل» دەپ جاۋاب بەردى.

الله تائالانى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسىدە تاكى ئۆلگۈچە چىڭ تۇرۇشنىڭ لازىملىقى

﴿**«ئى ئوغۇللىرىم! الله سىلەرگە مۇشۇ دىننى (يەنى ئىسلام دىنىنى) تاللىدى، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار (يەنى ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار، تاكى ئىمان بىلەن كېتىڭلار)» دېدى**﴾ يەنى ھايات ۋاقتىڭلاردا ياخشى ئىش قىلىڭلار. الله تائالانىڭ سىلەرنىڭ ياخشىلىق ئۈستىدە ئۆلۈپ كېتىشىڭلارنى نېسىپ قىلىشى ئۈچۈن، ياخشىلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇڭلار. چۈنكى، ئىنسان كۆپىنچە ۋاقىتتا قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ (يەنى ياخشىلىق قىلىۋاتقان بولسا ياخشىلىقنىڭ، يامانلىق قىلىۋاتقان بولسا يامانلىقنىڭ) ئۈستىدە ئۆلىدۇ. نىمە ئەمەل بىلەن ئۆلسە، شۇ ئەمەل بويىچە قەبرىدىن تۇرغۇزۇلىدۇ. الله تائالا ياخشىلىق قىلىشنى ئارزۇ قىلغان كىشىگە (ئۇنى قىلىشقا) ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ ۋە ياخشىلىقنى نىيەت قىلغان كىشىنى شۇ نىيىتىدە مۇستەھكەم قىلىدۇ. بۇ سۆز تۆۋەندىكى ھەدىسنىڭ مەنىسىگە قارشى كېلىپ قالمايدۇ.

ھەدىستە مۇنداق كەلدى: «بىر كىشى جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن جەننەتنىڭ ئارىلىقى بىر غۇلاچ ياكى بىر گەز (يەنى ئۇ ئۆلگىلى ئازراق ۋاقىت) قالىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا (ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدىلا پېشانىسىگە) پۈتۈلگىنى ئېلگىرى كېلىپ، دوزاخقا كىرىدىغانلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ قالىدۇ ـ دە، دوزاخقا كىرىپ كېتىدۇ. يەنە بىر كىشى دوزاخقا كىرىدىغانلارنىڭ ئىشلىرىنى (يەنى گۇناھ ئىشلارنى) قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن دوزاخنىڭ ئارىلىقى بىر غۇلاچ ياكى بىر گەز (يەنى ئۇ ئۆلگىلى ئازراق ۋاقىت) قالىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا (ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدىلا پېشانىسىگە) پۈتۈلگىنى ئېلگىرى كېلىپ، جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ، جەننەتكە كىرىپ كېتىدۇ».

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يۇقىرىدىكى سۆزنىڭ بۇ ھەدىسكە قارشى كەلمەسلىكىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ ھەدىس بەزى رىۋايەتلەردە مۇنداق دەپ كەلدى: «بىرىنچى خىل ئادەم كىشىلەرگە كۆرۈنۈشتە جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى قىلغاندەك، ئىككىنچى خىل ئادەم (كىشىلەرگە كۆرۈنۈشتە) دوزاخقا كىرىدىغانلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلغاندەك كۆرۈنىدۇ».

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(پۇل ـ مېلىنى الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز. بېخىللىق قىلىپ (الله نىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز﴾[1].

****

أَمْ كُنتُمْ شُهَدَآءَ إِذْ حَضَرَ يَعْقُوبَ ٱلْمَوْتُ إِذْ قَالَ لِبَنِيهِ مَا تَعْبُدُونَ مِنۢ بَعْدِى قَالُوا۟ نَعْبُدُ إِلَٰهَكَ
وَإِلَٰهَ ءَابَآئِكَ إِبْرَٰهِـۧمَ وَإِسْمَٰعِيلَ وَإِسْحَٰقَ إِلَٰهًا وَٰحِدًا وَنَحْنُ لَهُۥ مُسْلِمُونَ ﴿١٣٣﴾ تِلْكَ أُمَّةٌ قَدْ
خَلَتْ ۖ لَهَا مَا كَسَبَتْ وَلَكُم مَّا كَسَبْتُمْ ۖ وَلَا تُسْـَٔلُونَ عَمَّا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٣٤﴾

يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتىدا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر الله غا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى﴿133﴾. ئۇلار ئۆتكەن بىر ئۈممەتتۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى (نىڭ ساۋابى) ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر. سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلار (نىڭمۇ ساۋابى) ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا سىلەر جاۋابكار ئەمەس﴿134﴾.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا بالىلىرىدىن ئالغان ئەھدىسى

الله تائالا ئىسمائىل ئەۋلادىدىن بولغان ئەرەب مۇشرىكلىرىغا ئىبراھىمنىڭ نەۋرىسى يەئقۇبنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىدىن بولغان بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە قىلغان ۋەسىيىتىنى ھۆججەت قىلىپ كەلتۈردى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام جان ئۈزۈش ئالدىدا بالىلىرىنى الله غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، ئىبادەتنى خالىس ئۇنىڭغىلا قىلىشقا بۇيرىغان ھالدا: ﴿**يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتىدا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر الله غا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى**﴾ يەنى ئىبادەتكە شۇلا لايىق، ئۇنىڭغا باشقا بىرسىنى شېرىك قىلمايمىز.

﴿**بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى**﴾ يەنى بىز ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇرمىز. الله تائالا بارلىق كىشىنىڭ ئۆزىگە بويسۇنىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھالبۇكى، ئاسمانلاردىكىلەر ۋە

(1) لەيل سۈرىسى 5 ـ ئايەتتىن 10 ـ ئايەتكىچە.

زېمىندىكىلەر ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە الله غا بويسۇنغان تۇرسا. ئۇلار (قىيامەت كۈنى) الله تەرىپىگە قايتۇرۇلىدۇ﴾[1].

پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇتقان يولى ۋە قانۇن ئەھكاملىرى باشقا ـ باشقا بولغىنى بىلەن ئىسلام ھەممىسىنىڭ ئورتاق دىنىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[2].

بۇ ھەقتە ئايەت ۋە ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىز پەيغەمبەرلەر جامائەسى بىر ئاتىنىڭ باللىرى، (ئېلىپ كەلگەن قانۇن ـ ئەھكاملىرىمىز باشقا ـ باشقا بولسىمۇ) دىنىمىز بىردۇر» دېگەن.

﴿ئۇلار ئۆتكەن بىر ئۈممەتتۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى (نىڭ ساۋابى) ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر. سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلار (نىڭمۇ ساۋابى) ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر﴾ يەنى سىلەرگە پايدىسى بولىدىغان ياخشى ئىشلارنى ئۆزەڭلەر قىلمىساڭلار، ئىلگىرى ئۆتۈپ كەتكەن پەيغەمبەر ۋە ياخشى كىشىلەردىن بولغان دادىلىرىڭلارغا ئۆزەڭلەرنى نىسبەت بەرگىنىڭلار سىلەرگە ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلار ئۆزەڭلەر ئۈچۈندۇر.

﴿ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا سىلەر جاۋابكار ئەمەس﴾ شۇڭا ھەدىستە مۇنداق كەلدى: «بىر كىشىنى قىلغان ئەمەلى كېچىكتۈرگەن بولسا (يەنى ئۆزىگە تېگىشلىك ياخشى ئىشلارنى قىلمىغان بولسا)، ئۇنى ئۇنىڭ نەسەبى (يەنى ئۇنىڭ ئۇلۇغ كىشىنىڭ ياكى چوڭ ئەمەل تۇتقان ئادەملەرنىڭ ۋەياكى يۈز ـ ئابرۇيلۇق كىشىنىڭ بالىسى بولۇشى ئۇنى) ياخشى ئادەملەر قاتارىغا كىرگۈزەلمەيدۇ»[3].

****

وَقَالُواْ كُونُواْ هُودًا أَوۡ نَصَٰرَىٰ تَهۡتَدُواْۗ قُلۡ بَلۡ مِلَّةَ إِبۡرَٰهِـۧمَ حَنِيفٗاۖ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿١٣٥﴾

ئۇلار: «يەھۇدىي ياكى ناسارا بولۇڭلار، توغرا يول تاپىسىلەر» دەيدۇ. «ئۇنداق ئەمەس، بىز ئىبراھىمنىڭ ئىسلامغا ئۇيغۇن دىنىغا ئەگىشىمىز، ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دېگىن﴿135﴾.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئاببابس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى سورىيا ئەئۋەر دېگەن يەھۇدىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ھازىر بىز مېڭىۋاتقان يول توغرىدۇر. سەن بىزگە ئەگەشكىن توغرا يولنى تاپىسەن، ـ دېدى. خرىستىئانلارمۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) شۇنداق دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿ئۇلار: «يەھۇدىي ياكى ناسارا بولۇڭلار، توغرا يول تاپىسىلەر» دەيدۇ. «ئۇنداق**

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 83 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنبىيا سۈرىسى 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىر كىشى بىز پالانچىنىڭ باللىرى، پوكۇنچى ئىشانىمنىڭ نەۋرىلىرى دەپ نەسەبلىرىنىڭ كاتتىلىقىغا ئىشىنىپ الله تائالا ئالدىدا ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى لايىقىدا ۋە ئۆز جايىدا قىلمىغان بولسا، ئۇ الله تائالانىڭ ئالدىدا تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ. ت

ئەمەس، بىز ئىبراھىمنىڭ ئىسلامغا ئۇيغۇن دىنىغا ئەگىشىمىز﴿ يەنى بىز سىلەر چاقىرغان يەھۇدىي ياكى خرىستىئان دىنىغا ئەگىشىشنى خالىمايمىز. بىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا بولغان دىنىغا ئەگىشىمىز، ـ دېگىن.

* * * * * * *

قُولُوٓاْ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيۡنَا وَمَآ أُنزِلَ إِلَىٰٓ إِبۡرَٰهِـۧمَ وَإِسۡمَٰعِيلَ وَإِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ وَٱلۡأَسۡبَاطِ وَمَآ أُوتِيَ مُوسَىٰ وَعِيسَىٰ وَمَآ أُوتِيَ ٱلنَّبِيُّونَ مِن رَّبِّهِمۡ لَا نُفَرِّقُ بَيۡنَ أَحَدٖ مِّنۡهُمۡ وَنَحۡنُ لَهُۥ مُسۡلِمُونَ ١٣٦

ئېيتىڭلاركى، «الله غا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز الله غا بويسۇنغۇچىلارمىز»﴾136﴿.

مۇسۇلمانلارنىڭ بىر پەيغەمبەر بىلەن يەنە بىر پەيغەمبەرنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىۋەتمەي، الله تائالا چۈشۈرگەن نەرسىنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىدىغانلىقى

الله تائالا ئۆزىنىڭ مۆمىن بەندىلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۇلارغا چۈشۈرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىشكە، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرگەن نەرسىگە ئومۇمىي قىلىپ ئىشىنىشكە باشلىدى. الله تائالا بىر نەچچە پەيغەمبەرنىڭ ئىسمىنى بايان قىلدى. قالغانلارنى ئىسمىسىز كەلتۈردى. مۆمىنلەرنى ئۇلارنىڭ ئارىلىقىنى پەرقلەندۈرمەي، ھەممىسىگە بىراقلا ئىشىنىشكە ۋە ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىشىنىپ بەزىسىگە ئىشەنمەيدىغانلاردىن بولۇپ قالماسلىققا بۇيرۇدى. الله تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىلىقىنى پەرقلەندۈرۈپ ئىشىنىدىغانلار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى (الله غا ئىشىنىپ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز دېيىش بىلەن) ئايرىۋەتمەكچى بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر ـ ئۇنىڭ (يەنى ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ) ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلار. ئەنە شۇلار (ئىماننى دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ) راستىنلا كاپىرلاردۇر﴾[1].

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەھلى كىتابلار (يەنى يەھۇدىيلار) تەۋراتنى مۇسۇلمانلارغا ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن ئوقۇپ بېرىپ، مەنىسىنى ئەرەب تىلى بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (مۇسۇلمانلارغا) مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئەھلى كىتابلارغا ئىشىنىپمۇ كەتمەڭلار، ئۇلارنى يالغانچىغىمۇ چىقارماڭلار. بىز الله تائالاغا ۋە الله تائالادىن بىزگە چۈشۈرۈلگەن نەرسىگە ئىشەندۇق دەڭلار».

(1) نىسا سۈرىسى 150 ـــــ 151 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپىنچە ۋاقىتتا بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنىڭ بىرىنچى رەكئەتىگە ﴿«**الله غا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە**﴾ ئىككىنچى رەكئەتىگە ﴿الله غائىمان ئېيتتۇق، گۇۋاھ بولغىنكى، بىز(پەيغەمبەرلىكىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز﴾[1] دېگەن ئايەتلەرنى بىلەن ئوقۇيتتى.

سۇلەيمان ئىبنى ھەبىب بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: بىز تەۋرات بىلەن ئىنجىلنىڭ (الله تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن) كىتاب ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە، لېكىن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىققا بۇيرۇلدۇق.

* * * * * * *

فَإِنْ ءَامَنُواْ بِمِثْلِ مَآ ءَامَنتُم بِهِۦ فَقَدِ ٱهْتَدَواْ ۖ وَّإِن تَوَلَّوْاْ فَإِنَّمَا هُمْ فِى شِقَاقٍ ۖ فَسَيَكْفِيكَهُمُ ٱللَّهُ ۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿١٣٧﴾ صِبْغَةَ ٱللَّهِ ۖ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ ٱللَّهِ صِبْغَةً ۖ وَنَحْنُ لَهُۥ عَٰبِدُونَ ﴿١٣٨﴾

ئەگەر ئۇلار (يەنى ئەھلى كىتاب) سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتسا، ئەلۋەتتە، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، (سەن بىلەن) ئاداۋەتتە بولغان بولىدۇ، ئۇلارغا قارشى الله ساڭا كۇپايىدۇر. الله (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ھىيلە ـ مىكرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿137﴾. الله نىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار، الله نىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟ بىز الله غا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز﴿138﴾.

يەنى ئەھلى كىتاب ۋە ئۇلاردىن باشقا كاپىرلارمۇ سىلەر ئىشەنگەندەك الله تائالانىڭ ھەممە كىتابلىرىغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە (ئۇلارنىڭ ئارىلىقىنى پەرقلەندۈرمەي) ئىشەنسە، ئۇلار شەكسىز توغرا يولنى تاپقان بولاتتى. ﴿**ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، (سەن بىلەن) ئاداۋەتتە بولغان بولىدۇ، ئۇلارغا قارشى الله ساڭا كۇپايىدۇر**﴾ يەنى ئۇلارغا (ھەقىقەتكە ئەگىشىشكە) پاكىت كۆرسىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەقىقەتتىن گۇمراھلىققا يۈزلەنسە، الله تائالا يېقىندا ئۇلارغا قارشى ساڭا ياردەم بېرىدۇ ﴿**الله (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ھىيلە ـ مىكرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾.

ئىبنى ئەبۇھاتەم زىياد ئىبنى يۇنۇسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: نافىئ ئىبنى ئەبۇنەئىم ماڭا: ئوسمان ئىبنى ئاففاننىڭ قۇرئانى (يىرتىلىپ كەتكەن ۋاراقلىرىنىڭ تۈزىتىلىشى ئۈچۈن) مۇسۇلمان باشلىقلىرىنىڭ بەزىلىرىگە ئەۋەتىپ بېرىلدى، ـ دېدى. مەن ئۇنىڭغا: مەن كىشىلەرنىڭ: ئوسمان ئۆلتۈرۈلگەندە قۇرئان ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئىكەن، ئۇنىڭ قېنى الله تائالانىڭ: ﴿**ئۇلارغا قارشى الله ساڭا كۇپايىدۇر. الله (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ھىيلە ـ مىكرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ دېگەن ئايىتىگە تېمىپ كېتىپتۇ دېيىشكەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ـ دېدىم. نافىئ: ھەئە، مەن بۇ ئايەتتە قان بارلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ـ دېدى.

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇ الله تائالانىڭ دىنى دېگەنلىك بولىدۇ.» باشقىلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش دەيدۇ.

****

قُلْ أَتُحَآجُّونَنَا فِي ٱللَّهِ وَهُوَ رَبُّنَا وَرَبُّكُمْ وَلَنَآ أَعْمَٰلُنَا وَلَكُمْ أَعْمَٰلُكُمْ وَنَحْنُ لَهُۥ مُخْلِصُونَ
﴿١٣٩﴾ أَمْ تَقُولُونَ إِنَّ إِبْرَٰهِـۧمَ وَإِسْمَٰعِيلَ وَإِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَ وَٱلْأَسْبَاطَ كَانُوا۟ هُودًا أَوْ
نَصَٰرَىٰ ۗ قُلْ ءَأَنتُمْ أَعْلَمُ أَمِ ٱللَّهُ ۗ وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن كَتَمَ شَهَٰدَةً عِندَهُۥ مِنَ ٱللَّهِ ۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ
عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿١٤٠﴾ تِلْكَ أُمَّةٌ قَدْ خَلَتْ ۖ لَهَا مَا كَسَبَتْ وَلَكُم مَّا كَسَبْتُمْ ۖ وَلَا تُسْـَٔلُونَ عَمَّا كَانُوا۟
يَعْمَلُونَ ﴿١٤١﴾

«بىز بىلەن الله توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ ھەم بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز، ھەم سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر. بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، بىز الله غا سادىقمىز» دېگىن﴿139﴾. ياكى: «ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى يەھۇدىي ئىدى ياكى ناسارا ئىدى» دەمسىلەر؟ ئېيتقىنكى، «(ئۇلارنىڭ قايسى دىندا ئىكەنلىكىنى) سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر؟ ياكى الله ئوبدان بىلەمدۇ؟ قولىدا الله نازىل قىلغان دەلىل ـ ئىسپات تۇرۇپ ئۇنى يوشۇرغان ئادەمدىن زالىم كىم بار؟ الله سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر»﴿140﴾. ئۇلار ئۆتكەن بىر ئۇممەتتۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر. سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا سىلەر جاۋابكار ئەمەس﴿141﴾.

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلارنىڭ تالاش ـ تارتىش قىلىشىنى توسۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿«بىز بىلەن الله توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ ھەم بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز، ھەم سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر﴾** يەنى سىلەر الله تائالانى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسىدە، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىش، بويسۇنۇش، بۇيرۇغان ئىشلىرىنى قىلىش، چەكلىگەن ئىشلىرىدىن يېنىشتا بىز بىلەن جېدەللىشەمسىلەر؟! ئۇ بىز ۋە سىلەرگە خالىغىنىنى قىلالايدىغان، ھېچنېمە شېرىك كەلتۈرۈلمەي ئىبادەت قىلىشقىلا لايىق بولغان زاتتۇر.

﴿بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر﴾ يەنى بىز سىلەر چوقۇنىۋاتقان ياكى ئىبادەت قىلىۋاتقان نەرسىدىن ئادا ـ جۇدادۇرمىز. سىلەرمۇ بىزدىن ئادا ـ جۇدادۇرسىلەر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلار سېنى يالغانچى قىلىشتا چىڭ تۇرسا: «مېنىڭ ئەمەلىم ئۆزەم ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، مېنىڭ ئەمەلىمدىن سىلەر ئادا ـ جۇدا سىلەر، سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن مەنمۇ ئادا ـ جۇدامەن (يەنى بىراۋ يەنە بىر بىراۋنىڭ قىلغان گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس)» دېگىن﴾[1]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار سەن بىلەن (دىن بارىسىدا) مۇنازىرىلەشسە: «ماڭا ئەگەشكەنلەر بىلەن بىرلىكتە، مەن ئۆزەمنى

(1) يۇنۇس سۈرىسى 41 ـ ئايەت.

اللە غا تاپشۇردۇم (يەنى اللە نىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنغۇچىمىز)» دېگىن. كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا) ۋە ئۇممىلەرگە (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرىغا): «مۇسۇلمان بولدۇڭلارمۇ؟» دېگىن، ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان بولسا، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (ساڭا ھېچ زىيىنى يوق)، سېنىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتىڭ بار، اللە بەندىلىرىنى (يەنى ھەممە ئەھۋالىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. اللە نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلار، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرىدىغانلار، كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئادالەتكە بۇيرۇيدىغانلار (يەنى اللە غا دەۋەت قىلغۇچىلار) نى ئۆلتۈرىدىغانلارغا چوقۇم قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن﴾[1].

اللە تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبراھىمنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشتى، ئىبراھىم ئېيتتىكى، «مېنى اللە ھىدايەت قىلغان تۇرسا، مەن بىلەن اللە (نىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە بىرلىكى) توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ مەن سىلەرنىڭ اللە غا شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن قورقمايمەن، پەقەت پەرۋەردىگارىمنىڭلا خالىغان نەرسىسى بولىدۇ، پەرۋەردىگارىمنىڭ بىلىمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، (مەبۇدلىرىڭلارنىڭ ماڭا ھېچ بىر زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى) ئويلىمامسىلەر!﴾[2]، ﴿پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، اللە نىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىقى ئۇنى ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئېلىپ كەلگەن ئادەم (يەنى نەمرۇد) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەينى زاماندا ئىبراھىم (اللە نىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىپ): «مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېدى. ئۇ: «مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن» دېدى (نەمرۇد ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ بىرىنى ئۆلتۈردى، بىرىنى قويۇپ بەردى). ئىبراھىم (نەمرۇدنىڭ بۇنداق ھاماقەتلىكىنى كۆرۈپ): «اللە ھەقىقەتەن كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، (خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغان بولساڭ) سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن» دېدى. (بۇنداق پاكىت ئالدىدا) كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى. اللە زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[3].

﴿بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، بىز اللە غا سادىقمىز» دېگىن﴾ يەنى سىلەر بىزدىن ئادا ـ جۇدا بولغاندەك، بىزمۇ سىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىمىز. بىز ئۇنىڭغا ئىبادەت ۋە بويسۇنۇشتا ئىخلاس قىلىمىز. ئاندىن اللە تائالا يەھۇدىي ياكى خرىستىئانلارنىڭ: ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەر ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى بىزنىڭ دىنىمىزدا، ـ دەپ قىلغان دەۋاسىنى ئىنكار قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئېيتقىنكى، «(ئۇلارنىڭ قايسى دىندا ئىكەنلىكىنى) سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر؟ ياكى اللە ئوبدان بىلەمدۇ؟﴾** يەنى اللە تائالا بىلگۈچىدۇر. اللە تائالا ئۇلارنىڭ (ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ) يەھۇدىي ياكى خرىستىئان دىنىدا ئەمەسلىكىنى بايان قىلدى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس ۋە لېكىن توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى، اللە غا بويسۇنغۇچى ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى. ئىبراھىمغا ئەڭ يېقىن بولغانلار، شۈبھىسىزكى، (ئىبراھىمنىڭ زامانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنىڭغا

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 20 ــ 21 ـ ئايەتلەر.
(2) ئەنئام سۈرىسى80 ـ ئايەت.
(3) بەقەرە سۈرىسى 258 ـ ئايەت.

(يەنى ئۇنىڭ يولىغا) ئەگەشكەنلەردۇر، بۇ پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) دۇر، (بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى بولغان) مۆمىنلەردۇر. ﷲ مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر﴿[1].

﴿قولىدا ﷲ نازىل قىلغان دەلىل ـ ئىسپات تۇرۇپ ئۇنى يوشۇرغان ئادەمدىن زالىم كىم بار؟﴾ ھەسەنبەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ﷲ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە چۈشۈرۈپ بەرگەن كىتابىدا: (كىشىلەر ئىشىنىشكە لايىق) دىن ئىسلام دىنى، مۇھەممەد ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبىرى، ئىبراھىم ـ ئىسمائىل، ئىسھاق ـ يەئقۇب ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنىدىن ئادا ـ جۇدا، ـ دەپ ئوقۇيدۇ. شۇنىڭ راستلىقىغا ﷲ تائالاغا گۇۋاھلىق بېرىپ كۆڭۈللىرىدە ئىقرار بولىدۇ. ئاندىن ئۇ توغرىسىدا ﷲ تائالاغا بەرگەن گۇۋاھلىقنى يوشۇرىدۇ.

﴿ﷲ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر﴾ بۇ قاتتىق تەھدىتتۇر. يەنى ﷲ تائالا سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. شۇنىڭغا قاراپ يېقىندا سىلەرگە جازا بەرگۈچىدۇر.

﴿ئۇلار ئۆتكەن بىر ئۈممەتتۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر. سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر﴾ يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى ئۇلارغا، سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلار ئۆزەڭلارغا بولىدۇ. ﴿ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا سىلەر جاۋابكار ئەمەس﴾ يەنى سىلەر ئۇلارغا ئەگەشمەي تۇرۇپ سىلەرنىڭ ئۇلارغا نىسبەت بېرىلگىنىڭلار سىلەرگە كۇپايە ئەمەس. سىلەر ئۇلارغا ئوخشاش ﷲ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنمىغۇچە، ئۇنىڭ بىشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشمىگىچە، ئۆزەڭلەرنى ئۇلارغا نىسبەت بەرگىنىڭلار بىلەنلا ئالدىنىپ كەتمەڭلار. چۈنكى، بىر پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتماسلىق بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتمىغانغا باراۋەر بولىدۇ. خۇسۇسەن، پۈتۈن ئىنسى ـ جىنلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ كاتتىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرقىسى بولغان پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمىغان كىشى كاپىر ھېسابلىنىدۇ (ھەممە پەيغەمبەرلەرگە ﷲ تائالانىڭ سالامى بولسۇن) ـ ئامىن!

****

۞ سَيَقُولُ ٱلسُّفَهَآءُ مِنَ ٱلنَّاسِ مَا وَلَّىٰهُمْ عَن قِبْلَتِهِمُ ٱلَّتِى كَانُواْ عَلَيْهَاۚ قُل لِّلَّهِ ٱلْمَشْرِقُ وَٱلْمَغْرِبُۚ يَهْدِى مَن
يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿١٤٢﴾ وَكَذَٰلِكَ جَعَلْنَٰكُمْ أُمَّةً وَسَطًا لِّتَكُونُواْ شُهَدَآءَ عَلَى ٱلنَّاسِ وَيَكُونَ
ٱلرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيدًاۗ وَمَا جَعَلْنَا ٱلْقِبْلَةَ ٱلَّتِى كُنتَ عَلَيْهَآ إِلَّا لِنَعْلَمَ مَن يَتَّبِعُ ٱلرَّسُولَ مِمَّن يَنقَلِبُ
عَلَىٰ عَقِبَيْهِۚ وَإِن كَانَتْ لَكَبِيرَةً إِلَّا عَلَى ٱلَّذِينَ هَدَى ٱللَّهُۗ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُضِيعَ إِيمَٰنَكُمْۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِٱلنَّاسِ
لَرَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿١٤٣﴾

بەزى ئەخمەق كىشىلەر: «ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەرنى) قاراپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن (يەنى بەيتۇلمۇقەددەستىن) نېمە يۈز ئۆرۈگۈزگەندۇ؟» دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەشرىق ۋە مەغرىب (يەنى ھەممە تەرەپ) ﷲ نىڭدۇر، ﷲ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ» ﴿142﴾. شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك)

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 67 ـــــ 68 ـ ئايەتلەر.

كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق. سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان تەرەپنى، (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى) قىبلە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن (يەنى مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەردىن) ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى. الله ھىدايەت قىلغانلاردىن باشقىلارغا بۇ (يەنى قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى) ھەقىقەتەن ئېغىردۇر. الله سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. الله كىشىلەرگە ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴿143﴾.

قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى

ئىمام بۇخارى بەرائىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەلەستىندىكى ئەقسا مەسچىتى تەرەپكە قاراپ ئون ئالتە ياكى ئون يەتتە ئاي ناماز ئوقۇدى. قىبلىسىنىڭ كەبە تەرەپ بولۇپ قېلىشىنى ياقتۇراتتى. ئۇنىڭ كەبە تەرەپكە قاراپ ئوقۇغان بىرىنچى نامىزى ئەسىر نامىزى بولدى. شۇ نامازنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر تۈركۈم كىشىلەر بىرگە ئوقۇدى. ئۇ كىشىلەردىن بىرسى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىدىن) چىقىپ (باشقا) بىر مەسچىتتە ناماز ئوقۇپ رۇكۇدا تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «الله تائالا بىلەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەككە تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇدۇم» دېدى. ئۇلار نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپلا كەبە تەرەپكە قاراپ بۇرۇلدى. قىبلىنىڭ كەبە تەرەپكە بۇرۇلۇشىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار توغرۇلۇق نېمە دېيىشىمىزنى بىلەلمەي (ئۇلارنىڭ ئوقۇغان نامىزى ناماز بولدىمۇ ياكى ناماز بولمىدىمۇ دەپ) تۇرۇۋاتاتتۇق، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿الله سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. الله كىشىلەرگە ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴾**.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بەرائىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەلەستىندىكى ئەقسا مەسچىتى تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇيتتى. ئاسمانغا تولا قاراپ الله تائالانىڭ بۇيرۇقىنى كۈتەتتى. ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿بىز سېنىڭ (كەبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا ـ قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن﴾** مۇسۇلمانلاردىن بىرى: كەبىگە يۈزلىنىشتىن بۇرۇن بىزنىڭ ئىچىمىزدىن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ۋە بىزنىڭ پەلەستىندىكى ئەقسا مەسچىتىگە قاراپ ئوقۇغان نامازىمىزنىڭ قانداق بولغىنىنى ئۇققان بولساق، ـ دېۋىدى. الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿الله سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ﴾**.

بىر تۈركۈم ئەخمەق كىشىلەر يەنى ئەھلى كىتابلار: مۇسۇلمانلارنى بىر ئوبدان يۈز كەلتۈرۈپ ناماز ئوقۇۋاتقان قىبلىسىدىن (يەنى پەلەستىندىكى ئەقسا مەسچىتىدىن) نېمە ئۆزگەرتىۋەتكەندۇ؟ ـ دېيىشتى. ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿بەزى ئەخمەق كىشىلەر: «ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەرنى) قاراپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن (يەنى بەيتۇلمۇقەددەستىن) نېمە يۈز ئۆرۈگۈزگەندۇ؟» دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەشرىق ۋە مەغرىب (يەنى ھەممە تەرەپ) الله**

نىگدۇر، الله خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ»﴾.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندا، الله تائالا ئۇنى بەيتۇلمۇقەددەسكە (يەنى پەلەستىندىكى ئەقسا مەسچىتىگە) قاراپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇدى. (بۇنىڭ بىلەن) يەھۇدىيلار خۇش بولۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر نەچچە ئاي (يەنى 16 ياكى 17 ئاي ئەتراپىدا) ئۇنىڭغا قاراپ ناماز ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسى (كەبە) نى ياخشى كۆرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالاغا دۇئا قىلىپ ئاسمانغا قارايتتى. ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**(نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن**﴾ يەھۇدىيلار بۇنىڭدىن شەكلىنىپ: مۇسۇلمانلارنى بۇرۇن قاراپ ناماز ئوقۇۋاتقان قىبلىسىدىن نېمە ئۆزگەرتكەندۇ؟ ـ دېدى. ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەشرىق ۋە مەغرىب (يەنى ھەممە تەرەپ) الله نىگدۇر، الله خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ»**﴾.

بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بار. بۇلارنىڭ مەزمۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيتۇلمۇقەددەستىكى چوڭ بىر تاشقا قاراپ (ناماز ئوقۇشقا) بۇيرۇلغان. ئۇ مەككىدىكى چاغدا ئىككى رۇكنىنىڭ (يەنى قارا تاش بىلەن رۇكنۇل يامانىنىڭ) ئارىلىقىدا ناماز ئوقۇيتتى. ئۇ يەردە بەيتۇلمۇقەددەستىكى تاشقا قاراپ تۇرسىمۇ، كەبە ئۇنىڭ ئالدىغا توغرا كېلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن، بىرلا ۋاقىتتا ھەم كەبىگە ھەم بەيتۇلمۇقەددەستىكى تاشقا قاراش تەس كەلدى (ئىككىسى باشقا ـ باشقا يەردە بولغاچقا، مەككىدىكى چاغدىكىدەك بىرلا ۋاقىتتا ئىككىسىگە تەڭ قاراپ ناماز ئوقۇش مۇمكىن ئەمەس بولۇپ قالدى). ئاندىن الله تائالا ئۇنى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇدى.

ئىمام بۇخارى بەرا ئىبنى ئازىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قىبلىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇۋاتقان بىر تۈركۈم ئەنسارلارغا يېتىپ بېرىۋىدى، ئۇلار (نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ) كەبە تەرەپكە يۈزلەندى.

يەنە ئىمام بۇخارى مۇسلىم ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر قۇبا مەسچىتىدە بامدات نامىزىنى ئوقۇۋاتاتتى، بىرى كېلىپ: بۈگۈن كېچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي چۈشۈپ، (نامازدا) كەبىگە يۈز كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى،ـ دېدى. ئۇلار شام (يەنى بەيتۇلمۇقەددەس) تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى، (شۇنىڭ بىلەن) كەبە تەرەپكە يۈزلەندى.

بۇ ھەدىستە، بىر ھۆكۈمنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقى توغرىسىدا بىر ئايەت چۈشكەن بولسا، بۇ كىشىلەرگە يەتكەنگە قەدەر بۇ ئەمەلنىڭ قوبۇل بولىدىغانلىقىغا پاكىت بار. چۈنكى، ئۇلار قىبلە تەرەپكە ئۆزگىرىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلغان ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنى باشقىدىن ئوقۇشقا بۇيرۇلمىدى. بۇ ئىش (يەنى قىبلىنىڭ كەبە تەرەپكە ئۆزگىرىشى) بولىۋىدى، بەزى مۇناپىقلار ۋە يەھۇدىينىڭ كاپىرلىرى شەكلىنىپ ۋە توغرا يولدىن ئېزىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەرنى) قاراپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن (يەنى بەيتۇلمۇقەددەستىن) نېمە يۈز ئۆرۈگۈزگەندۇ؟**﴾ يەنى ئۇلارغا نېمە بولدى؟ گاھى بۇ ياققا گاھى ئۇ ياققا قارايدىكەن،ـ دېيىشتى.

ئاندىن الله تائالا ئۇلارغا جاۋابەن بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەشرىق ۋە مەغرىب (يەنى ھەممە تەرەپ) الله نىڭدۇر﴾ يەنى ھۆكۈم قىلىش ۋە بۇيرۇقنىڭ ھەممىسى الله تائالاغا خاس.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ (يەنى پۈتۈن يەر يۈزى) الله نىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ، ئۇ الله نىڭ تەرىپى (يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى) دۇر﴾[1]، ﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى الله غا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش﴾[2] بۇ ئايەتلەردىن مەقسەت الله تائالانىڭ بۇيرۇغان بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش، الله تائالا بىزنى قەيەرگە يۈزلەندۈرسە، شۇ يەرگە يۈزلىنىش دېگەنلىكتۇر. يەنى ئۇنىڭغا بويسۇنۇش، ئۇنىڭ قىل دېگەن ئىشنى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. الله تائالا بىزنى بىر كۈندە بىر نەچچە قېتىم بىر نەچچە تەرەپكە يۈزلەندۈرسىمۇ، بىز ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بويسۇنىمىز. الله تائالا بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىگە ناھايىتى چوڭ مەرھەمەت قىلدى. چۈنكى، الله تائالا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسىگە يۈزلەندۈردى. ئۇلارنىڭ يۈزلىنىشىنى زېمىن يۈزىدىكى الله تائالانىڭ ئۆيلىرىنىڭ (مەسچىتلەرنىڭ) ئەڭ ئۇلۇغى بولغان، الله تائالانىڭ ئۆيى دېيىلگەن كەبە تەرەپكە قىلدى. ئۇ كەبىنىڭ ئۇنداق ئۇلۇغ بولۇپ كېتىشى ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالغانلىقىدىندۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەشرىق ۋە مەغرىب (يەنى ھەممە تەرەپ) الله نىڭدۇر، الله خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ»﴾.

ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى كىتابلار توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەھلى كىتابلار ھېچقانداق نەرسىگە، الله تائالا ئۇلارنى باشلىماي پەقەت بىزنىلا باشلاپ قويغان جۈمە كۈنىگە، قىبلىگە ۋە بىزنىڭ ئىمامنىڭ ئارقىسىدىن ئامىن دېگىنىمىزگە ھەسەت قىلغاندەك ھەسەت قىلمايدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقى

﴿شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق﴾ يەنى بىز سىلەرنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسىگە يۈزلەندۈردۇق، سىلەرنى پۈتۈن ئۈممەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى قىلىپ قىيامەت كۈنى ئۇلارغا گۇۋاھچى بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئۇ قىبلىنى سىلەرگە تاللىدۇق. چۈنكى، پۈتۈن ئۈممەتلەر سىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ئۈممەتنى ئەڭ ياخشى ئۈممەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەڭ تولۇق بولغان شەرىئەتنى، ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ روشەن يولنى ئاتا قىلدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله (دىنغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 115 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 177 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تاللىدى (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى). سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى). (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەھكەم ئۇچلاڭلار)، الله سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. قۇرئاندىمۇ شۇنداق ئاتىدى. (الله) پەيغەمبەرنى سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەرنى كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا (تاللىدى)، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، الله غا يېپىشىڭلار، الله سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، الله نېمىدېگەن ياخشى ئىگە! نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار!﴾[1].

ئىمام ئەھمەد ئەبۇسەئىدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى نۇھ ئەلەيھىسسالام چاقىرىلىپ، ئۇنىڭدىن: سەن (ئۈممىتىڭگە ئېلىپ كەلگەن دىننى) يەتكۈزدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىلىدۇ. ئۇ: ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈممەتلىرى چاقىرىلىپ، ئۇلاردىن: نۇھ سىلەرگە (دىننى) يەتكۈزدىمۇ؟ ـ دەپ سورىلىدۇ. ئۇلار: بىزگە ھېچقانداق ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە (دىننى يەتكۈزگىلى) بىر كىشى كەلمىدى، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن: (سېنىڭ سەن ئېلىپ كەلگەن دىننى يەتكۈزگەنلىكىڭگە) كىم گۇۋاھ؟ ـ دەپ سورىلىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام: مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى گۇۋاھ، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بۇ، الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنىڭ مەزمۇنىدۇر: ﴿**بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق**﴾ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ياخشى**﴾ دېگەن ئادىل دېگەنلىك بولىدۇ. ئاندىن سىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى) چاقىرىلىپ نۇھنىڭ (دىننى) يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىسىلەر. ئاندىن مەن سىلەرگە گۇۋاھلىق بېرىمەن».

ئىمام ئەھمەد يەنە ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى بىر پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك كىشى كېلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈممەتلىرى چاقىرىلىپ، ئۇلاردىن: بۇ سىلەرگە (ئېلىپ كەلگەن دىننى) يەتكۈزدىمۇ؟ ـ دەپ سورىلىدۇ. ئۇلار: ياق، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەيغەمبەردىن: سەن ئۈممىتىڭگە يەتكۈزگەنمۇ؟ ـ دەپ سورىلىدۇ. ئۇ: ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن: (سېنىڭ يەتكۈزگەنلىكىڭگە) كىم گۇۋاھ؟ ـ دەپ سورىلىدۇ. ئۇ: مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى گۇۋاھ، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى چاقىرىلىپ، ئۇلاردىن: بۇ ئۆزىنىڭ ئۈممىتىگە (دىننى) يەتكۈزگەنمۇ؟ ـ دەپ سورىلىدۇ. ئۇلار: ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن (ئۇلاردىن): سىلەر ئۇنى قانداق بىلدىڭلار؟ ـ دەپ سورىلىدۇ. ئۇلار: بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز كېلىپ، بىزگە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ (ئۆزلىرىنىڭ ئۈممەتلىرىگە دىننى) يەتكۈزگەنلىكىنى بايان قىلدى، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ».

مانا بۇ، الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنىڭ مەزمۇنىدۇر: ﴿**شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق**﴾.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇئەسۋەدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن مەدىنىگە كەلسەم، ھاۋاسى ماڭا يېقىپ قالدى. مەدىنىدە بىر خىل كېسەل تاراپ كىشىلەر كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىشكە باشلىدى.

(1) ھەج سۈرىسى 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، يېنىمىزدىن بىر جىنازا ئۆتتى. كىشىلەر جىنازىنىڭ ئىگىسىنىڭ (يەنى جىنازىدا ياتقان كىشىنىڭ) ياخشى گېپىنى قىلىشتى. ئۆمەر: ۋاجىب بولدى، ۋاجىب بولدى، ـ دېدى. ئاندىن (يېنىمىزدىن) يەنە بىر جىنازا ئۆتتى. كىشىلەر مېيىتنىڭ يامان گېپىنى قىلىشتى. ئۆمەر: ۋاجىب بولدى، ـ دېدى. مەن: ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! نېمە ۋاجىب بولدى؟ ـ دېدىم. ئۆمەر: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەن گەپنى، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەرقانداق بىر مۇسۇلمانغا تۆت كىشى ياخشىلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇنى الله تائالا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دېگەن ئىدى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئۈچ كىشى گۇۋاھلىق بەرسىچۇ؟ ـ دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈچ كىشى بولسىمۇ بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن بىز: ئىككى كىشى بولسىچۇ؟ ـ دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككى كىشى بولسىمۇ بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن (ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ) بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر كىشى (گۇۋاھلىق بەرسە قانداق بولىدىغانلىقى) توغرىسىدا سورىمىدۇق.

قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنىڭ ھېكمىتى

﴿سەن يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان تەرەپنى، (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى) قىبلە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن (يەنى مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەردىن) ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى. الله ھىدايەت قىلغانلاردىن باشقىلارغا بۇ (يەنى قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى) ھەقىقەتەن ئېغىردۇر﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! بىز سېنى ئاۋۋال بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراشقا بۇيرۇدۇق. ئاندىن ئۇنىڭدىن سېنى كەبىگە يۈزلەندۈرۈشىمىز ساڭا ئەگەشكەن، ساڭا بويسۇنغان ۋە سەن (كەبىگە) يۈزلەنگەنده سەن بىلەن بىللە يۈزلەنگەن كىشىلەردىن ئۆزىنىڭ دىنىدىن يېنىۋالغان (كىشىلەرنى) پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. بەيتۇلمۇقەددەستىن كەبە تەرەپكە قاراش كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە چوڭ ئىش بولسىمۇ، لېكىن الله تائالا دىللىرىنى توغرا يولغا باشلىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ شەك يوق ھەق دىن ئىكەنلىكىگە، الله تائالانىڭ خالىغىنىنى قىلىدىغانلىقىغا ۋە خالىغانغا ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ بەندىلىرىنى خالىغان نەرسىگە بۇيرۇيدىغانلىقىغا ۋە خالىغان نەرسىنىڭ (ھۆكۈمىنى) ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقىغا ۋە شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ چوڭ بىر ھېكمىتى بارلىقىغا ئىشەنگەن كىشىلەرگە چوڭ ئىش ئەمەس. دىللىرىدا (ئىشەنچە بولماي) كېسەل بار (يەنى ئىمان يوق) كىشىلەر ئۇنداق ئەمەس. يېڭى بىر ئىش (يەنى دىنىدا يېڭى كەلگەن ياكى ھۆكۈم ئۆزگىرىپ يېڭى بىر ھۆكۈم بىلەن كەلگەن ئىش) مۆمىنلەرگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشەنچ پەيدا قىلغاندەك دىللىرىدا كېسەل بار كىشىلەردە شەك ـ شۈبھى پەيدا قىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(قۇرئاندىن) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ ئارىسىدا (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «بۇ (يەنى سۈرە) قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى» دەيدىغانلار بار، مۆمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (ھەر سۈرىدە يېڭى دەلىل ـ ئىسپاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن) بۇ (يەنى سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى، ئۇلار (سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىدىن) خۇشال بولىدۇ. دىللىرىدا كېسەل بارلار

(يەنى مۇناپىقلار) غا كېلىدىغان بولساق، بۇ (سۈرە) ئۇلارنىڭ كۇفرىغا كۇفرى قوشتى (يەنى ئۇلار مۇناپىقلىقتا تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى، تېخىمۇ گۇمراھلاشتى)، ئۇلار كاپىر پېتى ئۆلدى﴾[1]، ﴿بىز مۆمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى تېخىمۇ ئاشىدۇ)﴾[2] شۇڭا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىشەنچىسى ئاشقان ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشتە چىڭ تۇرغان، الله تائالا (كەبىگە يۈزلىنىشكە) بۇيرۇغاندا شەكلەنمەي يۈزلەنگەن كىشىلەر ساھابىلەر بولدى. بەزىلەر: ئىككى قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇغانلار مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنچى بولۇپ ئىسلامغا كىرگەنلەر، ـ دېدى.

ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر قۇبا مەسچىتىدە بامدات نامىزىنى ئوقۇۋاتاتتى. بىر كىشى كېلىپ: الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىبلە ھەققىدىكى ئايەتنى نازىل قىلىپ، كەبىگە يۈز كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. سىلەر ئۇنىڭغا يۈزلىنىڭلار، ـ دېدى. ئۇلار كەبىگە يۈزلەندى.

تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: ئۇلار رۇكۇدا ئىدى. رۇكۇدا تۇرۇپ كەبە تەرەپكە بۇرۇلدى، ـ دېدى. بۇ، ساھابىلار ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە تولۇق بويسۇنىدىغانلىقىنى ۋە الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا شەكسىز باش ئېگىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

﴿الله سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ﴾ يەنى قىبلە كەبە تەرەپكە ئۆزگىرىشتىن بۇرۇن بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنىڭ ساۋابىنى الله تائالا بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

ئەبۇئىسھاق سەبىئ بەرانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. بەزىلەر: ئۇلارنىڭ ساۋابى قانداق بولىدىغاندۇ؟ ـ دېيىشتى. ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿الله سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. الله كىشىلەرگە ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴾**.

ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرگە چۈشكەن ۋە بالىسى يۈتۈپ كەتكەن بىر ئايالنى كۆردى. ئۇ ئايال بالىسىنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئەسىرگە چۈشكەن كىچىك بالىلار ئارىسىدىن ئاخىرى ئۆز بالىسىنى تاپتى ـ دە، ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ئېمىتمەكچى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئۇ ئايال ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇ بالىسنى ئوتقا تاشلارمۇ؟» ساھابىلار: ياق، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

(1) تەۋبە سۈرىسى 124 ـــ 125 ـ ئايەتلەر.
(2) ئىسرا سۈرىسى 82 ـ ئايەت.

الله تائالا بەندىلىرىگە بۇ ئايال بالىسىغا مېھرىبان بولغاندىن بەكرەك مېھرىباندۇر» .

* * * * * * *

قَدۡ نَرَىٰ تَقَلُّبَ وَجۡهِكَ فِي ٱلسَّمَآءِۖ فَلَنُوَلِّيَنَّكَ قِبۡلَةٗ تَرۡضَىٰهَاۚ فَوَلِّ وَجۡهَكَ شَطۡرَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِۚ وَحَيۡثُ مَا كُنتُمۡ فَوَلُّواْ وُجُوهَكُمۡ شَطۡرَهُۥۗ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ لَيَعۡلَمُونَ أَنَّهُ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّهِمۡۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا يَعۡمَلُونَ ﴿١٤٤﴾

بىز سېنىڭ (كەبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا-قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۆمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار. ھەقىقەتەن كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) بۇنىڭ (يەنى قىبلىنىڭ كەبىگە ئۆزگەرتىلىشىنىڭ) پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن غاپىل ئەمەس ﴿144﴾.

قۇرئاندا تۇنجى بولۇپ ئۆزگەرگەن ھۆكۈم قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ھەققىدىكى ھۆكۈمدۇر

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرئاندا تۇنجى بولۇپ ئۆزگەرگەن ھۆكۈم قىبلە ھەققىدىكى ھۆكۈمدۇر. شۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندا، مەدىنىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يەھۇدىيلار ئىدى. شۇڭا الله تائالا ئۇنى بەيتۇلمۇقەددەسكە يۈز كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى، (بۇنىڭ بىلەن) يەھۇدىيلار خوش بولۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ئون نەچچە ئاي يۈز كەلتۈردى. لېكىن ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسى بولغان كەبىنى ياخشى كۆرگەچكە الله تائالاغا دۇئا قىلىپ ئاسمانغا قارايتتى. ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**بىز سېنىڭ (كەبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا - قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۆمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار**﴾.

يەھۇدىيلار بۇنىڭدىن شەكلىنىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆئمىنلەرنى) قاراپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن (يەنى بەيتۇلمۇقەددەستىن) نېمە يۈز ئۆرۈگۈزگەندۇ؟﴾[1] الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ الله نىڭ تەرىپى (يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى)دۇر.﴾[2]، ﴿سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان تەرەپنى، (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى) قىبلە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرگە

(1) بەقەرە سۈرىسى 142 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 115 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن (يەنى مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەردىن) ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى﴾.[1]

قىبلە كەبىنىڭ ئۆزىمۇ ياكى ئۇنىڭ بىر تەرىپىمۇ؟

﴿(ئى مۆمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار﴾ ھاكىم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى يۈزۈڭلارنى ئۇنىڭ تەرىپىگە قىلىڭلار.

﴿(نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن﴾ يەنى **الله** تائالا كەبە تەرەپكە زېمىننىڭ شەرق، غەرب، شىمال ۋە جەنۇب بولۇپ ھەممە تەرىپىدىن يۈز كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. بۇنىڭدىن سەپەرگە چىقىپ ئۇلاغ ياكى قاتناش ۋاستىسىدا نەپلە ناماز ئوقۇماقچى بولغان، ئۇرۇشقا قاتناشقان ياكى ناتونۇش بىر جايدا قىبلىنى بىلەلمىگەن كىشى مەلۇم بىر تەرەپنى قىبلە دەپ پەرەز قىلىپ ناماز ئوقۇسا (ئەگەر ئۇنىڭ پەرىزى خاتا بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ) نامىزى دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى، **الله** تائالا بىر ئىنسانىنى ئۇنىڭ قۇدرىتى يەتمىگەن ئىشقا بۇيرۇمايدۇ.

قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىدىغانلىقىنى يەھۇدىيلارنىڭ بىلىدىغانلىقى

﴿پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ﴾ يەنى سىلەرنىڭ بەيتۇلمۇقەددەستىن بۇرۇلۇپ (كەبىگە) يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنى ئىنكار قىلغان يەھۇدىيلار **الله** تائالانىڭ سىلەرنى (كەبىگە) يۈزلەندۈرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن كىتابلىرىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىنىڭ سۈپەتلىرىنى، **الله** تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس قىلغان ۋە ئىلتىپات قىلغان (ھەممە تەرەپتىن تولۇق بولغان) شەرىئەتنى ئوقۇيدۇ. لېكىن ئەھلى كىتاب (يەھۇدىيلار ياكى خرىستىئانلار) بۇ ھەقىقەتنى ھەسەت، كۇپۇرلۇق ۋە جاھىللىق قىلىپ يوشۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن **الله** تائالا ئۇلارنى بۇ سۆزى بىلەن ئاگاھلاندۇردى: **﴿الله سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر﴾**.

****

وَلَئِنْ أَتَيْتَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ بِكُلِّ ءَايَةٍ مَّا تَبِعُوا۟ قِبْلَتَكَ ۚ وَمَآ أَنتَ بِتَابِعٍ قِبْلَتَهُمْ ۚ وَمَا بَعْضُهُم
بِتَابِعٍ قِبْلَةَ بَعْضٍ ۚ وَلَئِنِ ٱتَّبَعْتَ أَهْوَآءَهُم مِّنۢ بَعْدِ مَا جَآءَكَ مِنَ ٱلْعِلْمِ ۙ إِنَّكَ إِذًا لَّمِنَ
ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٤٥﴾

كىتاب بېرىلگەنلەرگە بارچە دەلىلنى كەلتۈرسەڭمۇ، ئۇلار سېنىڭ قىبلەڭگە بويسۇنمايدۇ، سەنمۇ ئۇلارنىڭ قىبلىسىگە بويسۇنمايسەن؛ ئۇلار (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ھەم ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنىڭ قىبلىسىگە

(1) بەقەرە سۈرىسى 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بويسۇنمايدۇ. ساڭا ئىلىم (يەنى ۋەھى) كەلگەندىن كېيىن، مۇبادا ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇنساڭ، ئۇ چاغدا سەن چوقۇم زۇلۇم قىلغانلاردىن بولىسەن﴿145﴾.

يەھۇدىيلارنىڭ جاھىللىق قىلىشى ۋە تېنىۋېلىشى

الله تائالا بۇ ئايەتتە يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا كەلگەن ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا كۈپۈرلۈق ۋە جاھىللىق قىلغانلىقىنى، قارشىلاشقانلىقىنى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ توغرىلىقىغا بارلىق پاكىت ـ ئىسپاتلارنى كۆرسەتسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشمەي، ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ماڭىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾[1].

﴿كىتاب بېرىلگەنلەرگە بارچە دەلىلنى كەلتۈرسەڭمۇ، ئۇلار سېنىڭ قىبلەڭگە بويسۇنمايدۇ. سەنمۇ ئۇلارنىڭ قىبلىسىگە بويسۇنمايسەن﴾ يەنى الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى بۇيرىغان ئىشقا چىن دىلى بىلەن ئەگىشىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ خاھىشىدا ۋە كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرغاندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ الله تائالانىڭ رازىلىقىغا ئەگىشىشتە چىڭ تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ خاھىشىغا ھەرگىز ئەگەشمەيدۇ. ئۇنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇشى، ئۇ، يەھۇدىيلارنىڭ قىبلىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى الله تائالا ئۇنىڭغا شۇنى بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈندۇر، ئاندىن الله تائالا ئالىملارنى ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ خاھىشىغا ئەگىشىشتىن ئاگاھلاندۇردى. چۈنكى (ئالىم ھەقىقەتكە قارشىلىق قىلسا)، ئۇنىڭغا قارشى پاكىت ـ ئىسپات كەلتۈرۈش (ئاساندۇر). شۇڭا الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: **﴿ساڭا ئىلىم (يەنى ۋەھى) كەلگەندىن كېيىن، مۇبادا ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇنساڭ، ئۇ چاغدا سەن چوقۇم زۇلۇم قىلغانلاردىن بولىسەن﴾** بۇ ئايەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

****

ٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ يَعۡرِفُونَهُۥ كَمَا يَعۡرِفُونَ أَبۡنَآءَهُمۡۖ وَإِنَّ فَرِيقٗا مِّنۡهُمۡ لَيَكۡتُمُونَ ٱلۡحَقَّ وَهُمۡ يَعۡلَمُونَ ﴿١٤٦﴾ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّكَۖ فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡمُمۡتَرِينَ ﴿١٤٧﴾

بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار) ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ﴿146﴾. ھەقىقەت الله تەرىپىدىن كەلگەندۇر، ھەرگىز شەك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولمىغىن﴿147﴾.

(1) يۇنۇس سۈرىسى 96 ـــ 97 ـ ئايەتلەر.

يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىلىدىغانلىقى ۋە ھەقىقەتنى يوشۇرغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئەھلى كىتاب ئالىملىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقى ۋە (ئۇلارنىڭ) ئۇنى خۇددى ئۆز بالىسىنى تونۇغاندەك تونۇيدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. ئەرەبلەر بىر كىشىنىڭ بىر نەرسىنى بىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولسا، "ئۆزىنىڭ بالىسىنى بىلگەندەك بىلىدۇ" دېيىشەتتى. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك بىر بالا بىلەن تۇرغان بىر كىشىگە مۇنداق دېدى: «بۇ سېنىڭ بالاڭمۇ؟» ئۇ: ھەئە، ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا): «ھەقىقەتەن بالا ساڭا يامانلىق قىلمايدۇ، سەنمۇ ئۇنىڭغا يامانلىق قىلمايسەن» دېدى.

ئىمام قۇرتۇبى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى سالام (ئىمان ئېيتقان يەھۇدىي) غا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزەڭنىڭ بالاڭنى تونۇغاندەك تونۇمسەن؟ ئۇ: «ھەئە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق تونۇيمەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاسماندىن زېمىندىكى ئىشەنچلىك مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى تونۇدۇم. لېكىن مەن بالامنىڭ ئانىسىدىن قانداق[1] تۇغۇلغانلىقىنى بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

﴿ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ﴾ ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقەتنى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى) ئوچۇق بىلىپ تۇرۇپ، كىشىلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى يوشۇرغانلىقىنى بايان قىلدى. الله تائالا مۆمىنلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىندا شەك يوق، ھەق دىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ھەقىقەت الله تەرىپىدىن كەلگەندۇر، ھەرگىز شەك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولمىغىن﴾**.

* * * * * * *

وَلِكُلٍّ وِجْهَةٌ هُوَ مُوَلِّيهَا ۖ فَاسْتَبِقُوا الْخَيْرَاتِ ۚ أَيْنَ مَا تَكُونُوا يَأْتِ بِكُمُ اللَّهُ جَمِيعًا ۚ إِنَّ اللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ﴿١٤٨﴾

ھەر (ئۈممەت)نىڭ يۈز كەلتۈرىدىغان تەرىپى (يەنى قىبلىسى) بار، (ئى مۆمىنلەر!) ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار، قەيەردە بولماڭلار، (قىيامەت كۈنى) الله ھەممىڭلارنى (ھېساب ئۈچۈن) يىغىدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴿148﴾.

(1) ئايالىم ماڭا خىيانەت قىلىپ قالدىمۇ بۇنى بىلمەيمەن دېمەكچى.

ھەر بىر ئۇممەتكە قىبلىنىڭ بىر بولغانلىقى

﴿**ھەر (ئۇممەت) نىڭ يۈز كەلتۈرىدىغان تەرىپى (يەنى قىبلىسى) بار**﴾ ئەۋفىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **اللە** تائالا ئاسماندىن چۈشۈرگەن دىنغا ئىشەنگەن ھەر بىر قەۋمنىڭ ئۆزلىرى رازى بولىدىغان بىردىن قىبلىسى بار، **اللە** تائالانىڭ رازى بولىدىغان قىبلىسى مۆمىنلەر يۈز كەلتۈرگەن تەرەپتۇر.

ئەبۇئالىيە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلانىڭ يۈز كەلتۈرىدىغان تەرىپى (يەنى قىبلىسى) ۋە خرىستىئانلارنىڭمۇ يۈز كەلتۈرىدىغان تەرىپى (يەنى قىبلىسى) بار. ئى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئۇممىتى! **اللە** تائالا سىلەرنى ئۆز دەرگاھىدا قىبلە دەپ قارالغان قىبلىگە بۇيرۇدى. ئەبۇئالىيەنىڭ بۇ سۆزىگە ئوخشاش سۆز كۆپلىگەن ئالىملاردىنمۇ رىۋايەت قىلىندى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئۇممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر **اللە** خالىسا، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۇممەت قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى). لېكىن **اللە** سىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر بارىسىدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۇممەت قىلىپ ئايرىدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار **اللە** نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر﴾[1].

﴿**قەيەردە بولماڭلار، (قىيامەت كۈنى) اللە ھەممىڭلارنى (ھېساب ئۈچۈن) يىغىدۇ، اللە ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر**﴾ يەنى ئۇ سۆڭەك ۋە جەسەتلىرىڭلار پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتسىمۇ سىلەرنى زېمىندىن يىغىۋېلىشقا قادىردۇر.

****

وَمِنْ حَيْثُ خَرَجْتَ فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ ۖ وَإِنَّهُۥ لَلْحَقُّ مِن رَّبِّكَ ۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا
تَعْمَلُونَ ﴿١٤٩﴾ وَمِنْ حَيْثُ خَرَجْتَ فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ ۚ وَحَيْثُ مَا كُنتُمْ فَوَلُّوا۟ وُجُوهَكُمْ
شَطْرَهُۥ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَيْكُمْ حُجَّةٌ إِلَّا ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ مِنْهُمْ فَلَا تَخْشَوْهُمْ وَٱخْشَوْنِى وَلِأُتِمَّ نِعْمَتِى
عَلَيْكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ ﴿١٥٠﴾

(قەيەردىن سەپەرگە چىقمىغىن، نامىزىڭدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام (يەنى كەبە) تەرەپكە قىلغىن؛ بۇ، ھەقىقەتەن، پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر، **اللە** سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر﴾149﴿. كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلار) گە سىلەرگە قارشى دەلىل ـ ئىسپات بولماسلىقى ئۈچۈن، (ئى مۇھەممەد! سەپەر قىلىشقا) قەيەردىن چىقمىغىن، (نامىزىڭدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۆمىنلەر!) سىلەرمۇ قەيەردە بولماڭلار، (نامىزىڭلاردا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار. پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلارلا (قىبلىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى سىلەرگە قارشى دەلىل قىلىۋالىدۇ)، ئۇلار (يەنى زالىملار) دىن قورقماڭلار، (مېنىڭ ئەمرىمنى تۇتۇش

(1) مائىدە سۈرىسى 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىلەن) مەندىن قورقۇڭلار. (قىبلىنى ئۆزگەرتىشكە ئەمر قىلىشىم) سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزۈشۈم ئۈچۈن ۋە توغرا يولدا بولۇشۇڭلار ئۈچۈندۇر﴿150﴾.

قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەققىدىكى سۆزنىڭ ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىشىنىڭ سەۋەبى

بۇ، الله تائالانىڭ زېمىننىڭ ھەممە تەرىپىدىن ھەرەممەسچىتىگە يۈزكەلتۈرۈشكە قىلغان ئۈچىنچى قېتىملىق بۇيرۇقى بولۇپ، بۇلار بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي باغلىنىشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا كۆپ قېتىم تەكرارلىغان. الله تائالا بىرىنچى قېتىمدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز سېنىڭ (كەبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا ـ قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۆمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار. ھەقىقەتەن كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) بۇنىڭ (يەنى قىبلىنىڭ كەبىگە ئۆزگەرتىلىشىنىڭ) پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، چوقۇم بىلىدۇ، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن غاپىل ئەمەس﴾[1] الله تائالا بۇ ئورۇندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلەپلىرىنى ئىجابەت قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئىككىنچى قېتىم قىبلىگە يۈزكەلتۈرۈشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**(قەيەردىن سەپەرگە چىقمىغىن، نامىزىڭدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام (يەنى كەبە) تەرەپكە قىلغىن؛ بۇ، ھەقىقەتەن، پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر، الله سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر**﴾ الله تائالا بۇ ئورۇندا ئۇنىڭ (يەنى قىبلىنىڭ كەبە بولۇشىنىڭ) الله تائالا تەرىپىدىن كەلگەن بىر ھەقىقەت بولۇپ، بۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ھەم بۇنىڭ الله تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

ئۈچىنچى بۇيرۇقتا الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ قىبلىلىرىگە يۈز كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، «بىزنىڭ دىنىمىزغا ئىشەنمەيدۇ، قىبلىمىزغا يۈز كەلتۈرىدۇ» دەپ پاكىت كەلتۈرۈپ قارشىلاشقان كىشىلەرنىڭ كەلتۈرگەن پاكىتىنى بەربات قىلىش ئۈچۈندۇر. يەھۇدىيلار ئۆز كىتابلىرى ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پات ئارىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسى بولغان كەبىگە يۈزكەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭدەك (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارشىسىغا كەلتۈرگەن پاكىت ـ ئىسپاتلىرى بەرباد بولغاندەك) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنىڭ قىبلىسىدىن ئەڭ ھۆرمەتلىك بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسىگە يۈزكەلتۈرگەن ئىدى. ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ مۇھەممەد: «مەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا دەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىبلىسىگە قاراپ ناماز ئوقۇمايدۇ» دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارشىسىغا كەلتۈرگەن پاكىت ـ ئىسپاتلىرى بەرباد بولدى. ئۇ مۇشرىكلار كەبىنى ئۇلۇغلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا يۈزكەلتۈرگەنلىكى ئۇلارنى ھەيران قالدۇردى.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 144 ـ ئايەت.

قىبلىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ھېكمىتى

﴿كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلار) گە سىلەرگە قارشى دەلىل - ئىسپات بولماسلىقى ئۈچۈن﴾ يەنى ئەھلى كىتاب كەبىگە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ بۇ ئۈممەتنىڭ بىر سۈپىتى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئۆزلىرىنىڭ بۇ سۈپىتىنى يوقىتىپ قويغان بولسا، ئەھلى كىتاب مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىسىغا پاكىت كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا الله ئەھلى كىتابنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە يۈز كەلتۈرۈشتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش قىلىشىنى (مۇسۇلمانلارغا قارشى) پاكىت سۈپىتىدە كەلتۈرمەسلىكى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنى كەبىگە يۈز كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.

﴿پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلارلا (قىبلىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى سىلەرگە قارشى دەلىل قىلىۋالىدۇ)﴾ يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ بەزىسى ئورۇنسىز پاكىتلارنى كەلتۈرۈپ: بۇ كىشى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) ئۆزىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە يۈز كەلتۈرگەنلىكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا بولغان بولسا، مۇھەممەد ئۇنىڭدىن يانمايتتى، - دەيدۇ. بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب شۇ: الله تائالا ئۇنىڭغا بىرىنچى قېتىم ھېكمەت ئۈچۈن بەيتۇلمۇقەددەسكە يۈز كەلتۈرۈشنى تاللىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشتا پەرۋەردىگارىغا بويسۇندى. ئاندىن ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسى بولغان كەبىگە يۈز كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئۇ يەنە الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى. ئۇ ھەرقانداق ئەھۋالدا الله تائالاغا بويسۇنغۇچىدۇر. ئۇ الله تائالانىڭ بۇيرۇقىدىن قىلچىمۇ باش تارتقىنى يوق. ئۇنىڭ ئۈممىتىمۇ ھەم شۇنداق.

﴿ئۇلار (يەنى زالىملار) دىن قورقماڭلار، (مېنىڭ ئەمرىمنى تۇتۇش بىلەن) مەندىن قورقۇڭلار﴾ يەنى سىلەر زالىملارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ) كەلتۈرگەن گۇمانلىرىدىن قورقۇپ قالماڭلار سىلەر مەندىنلا قورقۇڭلار، چۈنكى، الله تائالا ئۇلارنىڭمۇ قورقۇشىغا لايىق زاتتۇر.

﴿(قىبلىنى ئۆزگەرتىشكە ئەمر قىلىشىم) سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزۈشۈم ئۈچۈن﴾ يەنى (قىبلىنى كەبىگە ئۆزگەرتىشىم) شۇ ئارقىلىق سىلەرگە بەلگىلىگەن شەرىئەتنىڭ ھەممە تەرەپتىن تولۇقلىنىشى ۋە سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىمنىڭ پۈتۈنلىشىشى ئۈچۈندۇر.

﴿ۋە توغرا يولدا بولۇشۇڭلار ئۈچۈندۇر﴾ يەنى سىلەرنى باشقا ئۈممەتلەرنى باشلىمىغان نەرسىگە (كەبىگە) سىلەرنى باشلاپ، ئۇنىڭغا خاس قىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۈممەت بارلىق ئۈممەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

* * * * * * *

كَمَآ أَرۡسَلۡنَا فِيكُمۡ رَسُولٗا مِّنكُمۡ يَتۡلُواْ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتِنَا وَيُزَكِّيكُمۡ وَيُعَلِّمُكُمُ
ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَيُعَلِّمُكُم مَّا لَمۡ تَكُونُواْ تَعۡلَمُونَ ﴿١٥١﴾ فَٱذۡكُرُونِيٓ أَذۡكُرۡكُمۡ وَٱشۡكُرُواْ لِي وَلَا
تَكۡفُرُونِ ﴿١٥٢﴾

شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك) ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھدىن) پاك

قىلىدىغان، سىلەرگە كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى دىنىي ئەھكاملارنى) ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴿151﴾. مېنى (تائەت ـ ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار﴿152﴾.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشىنىڭ الله تائالاغا شۈكرى ئېيتىشنى ۋاجىب قىلىدىغان كاتتا بىر نېئمەت ئىكەنلىكى

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىگە الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئوچۇق قىلىپ چۈشەندۈرىدىغان، ئۇلارنى ناچار ئەخلاق، يامان نىيەت ۋە ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زامانىنىڭ قىلىقلىرىدىن پاكىزلايدىغان، ئازغۇنلۇقلاردىن توغرا يولغا باشلايدىغان، قۇرئان ـ ھەدىسنى ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار بىلمىگەن نۇرغۇن نەرسىنى بىلدۈرىدىغان پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق (ئۇلارغا) بەرگەن نېئمەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ. مۆمىنلەر ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن نادان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ھىدايەتنىڭ شاراپىتى بىلەن ئەۋلىيا ۋە ئالىملىق ھالىتىگە يەتتى. ئاندىن ئۇلار ئەڭ بىلىملىك، ئەڭ ياخشى، ئەڭ سەمىمىي ۋە ئەڭ راستچىل كىشىلەردىن بولدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله مۆمىنلەرگە الله نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى﴾[1] الله تائالا بۇ نېئمەتنىڭ (پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئارقىلىق بېرىلگەن نېئمەتنىڭ) قەدرىنى بىلمىگەن كىشىگە كايىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ بەرگەن نېئمىتىگە كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئۆز قەۋمىنى (ئازدۇرۇش بىلەن) ھالاكەت مەۋقەسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾[2] ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: (بۇ يەردىكى) "الله تائالانىڭ نېئمىتى" دېگەن سۆزدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

شۇڭا الله تائالا مۆمىنلەرنى بۇ نېئمەتنى تونۇپ يېتىشكە ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالاغا شۈكرى ئېيتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿مېنى (تائەت ـ ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار﴾** ھەسەنبەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سىلەر مېنى مەن سىلەرگە پەرز قىلغان نەرسىنى بىجا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئەسلەڭلەر. مەنمۇ سىلەرنى سىلەرگە ۋەدە قىلغان نەرسىلەرنى بېرىش ئارقىلىق ئەسلەيمەن دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

ھەدىسى قۇدسىدا الله تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىندى: «كىمكى مېنى كۆڭلىدە ياد ئەتسە، مەنمۇ ئۇنى كۆڭلۈمدە ياد ئېتىمەن. مېنى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئىچىدە

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 164 ـ ئايەت.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 28 ـ ئايەت.

تۇرۇپ زىكىر قىلسا، مەن ئۇنى ئۇلاردىن ياخشىراق كىشىلەرنىڭ ئىچىدە زىكرى قىلىمەن».

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «**الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەمنىڭ بالىسى! سەن مېنى كۆڭلۈڭدە ياد ئەتسەڭ، مەنمۇ سېنى كۆڭلۈمدە ياد ئېتىمەن. سەن مېنى كىشىلەرنىڭ ئىچىدە زىكرى قىلساڭ مەنمۇ سېنى بىر تۈركۈم پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدە ياكى ئۇنىڭدىن ياخشىراق كىشىلەرنىڭ (پەرىشتىلەرنىڭ) ئىچىدە زىكىر قىلىمەن. سەن ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشساڭ، مەن ساڭا بىر گەز يېقىنلىشىمەن. سەن ماڭا بىر گەز يېقىنلاشساڭ، مەن ساڭا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، سەن مېنىڭ (يېنىمغا) ماڭغان ھالەتتە كەلسەڭ، مەن سېنىڭ (يېنىڭغا) يۈگۈرگەن ھالەتتە بارىمەن[1]».

﴿**ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار**﴾ يەنى **الله** تائالا بەندىلەرنى ئۆزىگە شۈكرى ئېيتىشقا بۇيرۇدى. ئۆزىگە شۈكرى ئېيتقان (كىشىگە) تېخىمۇ ياخشىلىق قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار: «نېئمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر (كۇفرانى نېئمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ» دەپ جاكارلىدى﴾[2].

ئىمام ئەھمەد ئەبۇرىجا ئەتارىدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن يىپەك ئارىلاش يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن كىيىم كىيىپ يېنىمىزغا چىقتى. بىز بۇرۇن ئۇنىڭ بۇنداق كىيىم كىيگەنلىكىنى كۆرمىگەنىدۇق. ئۇ بىزگە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «**الله** تائالا بىر كىشىگە نېئمەت ئاتا قىلسا، شۇ نېئمىتىنىڭ ئەسىرىنى بەندىسىدە كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ» دېدى.

****

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱسْتَعِينُوا۟ بِٱلصَّبْرِ وَٱلصَّلَوٰةِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلصَّـٰبِرِينَ ﴿١٥٣﴾ وَلَا تَقُولُوا۟ لِمَن يُقْتَلُ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ أَمْوَٰتٌۢ ۚ بَلْ أَحْيَآءٌ وَلَـٰكِن لَّا تَشْعُرُونَ ﴿١٥٤﴾

ئى مۆمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. **الله** ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴿153﴾. **الله** نىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى (يەنى شېھىتلەرنى) ئۆلۈك دېمەڭلار، بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر، لېكىن سىلەر بۇنى سەزمەيسىلەر﴿154﴾.

سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا (بەرگەن نېئمەتلىرىگە) شۈكرى ئېيتىشقا بۇيرۇپ بولغاندىن كېيىن سەۋرنى بايان قىلىپ، سەۋر ۋە ناماز بىلەن ياردەم تىلەشكە بۇيرۇدى. چۈنكى، بەندە نېئمەتنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ، ئۇنىڭغا شۈكرى قىلىدۇ ياكى جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ، ئۇنىڭغا سەۋرى قىلىدۇ. پەيغەمبەر

(1) بۇ ھەدىستىن ھەرگىزمۇ: "**الله** تائالا بىزگە ئوخشاش يۈگۈرەيدىكەن" دېگەن چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالسا بولمايدۇ، چۈنكى، **الله** تائالانىڭ ھەممە ھەرىكەتلىرى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بولىدۇ.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىننىڭ ئىشى كىشىنى تولىمۇ ئەجەبلەندۈرىدۇ، الله تائالا ئۇنىڭغا قانداق بىر ئىش بىلەن ھۆكۈم قىلسا، ئۇ، مۆمىن ئۈچۈن ياخشىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا خۇشاللىق كەلسە، شۈكرى ئېيتىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئۇنىڭغا بىر يامانلىق يېتىپ قالسا سەۋر قىلىدۇ، (سەۋرى قىلغانلىقى) ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر».

الله تائالا كەلگەن مۇسىبەتلەرنى كۆتۈرۈشكە ئەڭ ياخشى ياردەمچى بولىدىغان نەرسىنىڭ سەۋر بىلەن ناماز ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ: **﴿سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (الله دىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز الله دىن قورققۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن الله غا بويسۇنغۇچىلار) دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر﴾** دېگەن ئايىتىدە بايان قىلدى. سەۋر بىر نەچچە خىل بولىدۇ.

بىرىنچىسى، ھارام ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلماسلىق يولىدا كەلگەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىشتۇر[1].

ئىككىنچى، ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىشنىڭ يولىدا چەككەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىش. بۇ سەۋرنىڭ ساۋابى يۇقىرى بولىدۇ.

ئۈچىنچىسى، كەلگەن بالايى ـ قازالارغا سەۋر قىلىش بولۇپ، بۇ خۇددى كەمچىلىكلەردىن مەغپىرەت تىلىگەنگە ئوخشاش ۋاجىبتۇر.

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەسلەم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: سەۋر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى، الله تائالا ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنىڭ (ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ) يولىدا مۇشكۈللۈككە دۇچ كەلسىمۇ، سەۋر قىلىش. ئىككىنچىسى، الله تائالا يامان كۆرىدىغان نەرسە (يەنى يامان ئىشلار)نى تاشلاش يولىدا چەككەن جاپا ـ مۇشەققەتلەردە «ئۇ يامان ئىشلارنى قىلىشقا كۆڭۈل تارتسىمۇ» سەۋر قىلىش. ئەگەر بىر كىشى مۇشۇنداق قىلالىسا ـ الله تائالا خالىسا ـ ئۇ سەۋرى قىلغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن بولالايدۇ.

شېھىتلارنىڭ ھايات ئىكەنلىكى

﴿الله نىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى (يەنى شېھىتلەرنى) ئۆلۈك دېمەڭلار، بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر﴾ يەنى الله تائالا: شېھىتلەر ئۆلگەندىن كېيىن، قىيامەتكىچە بولغان ئارىلىقتا (الله تائالا تەرىپىدىن) رىزىق بېرىلىپ تىرىك ياشايدۇ، ـ دەپ خەۋەر بەردى.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، شېھىتلارنىڭ جانلىرى جەننەتنىڭ ئىچىدە خالىغان يەرگە ئۇچۇپ يۈرىدىغان يېشىل قۇشنىڭ پوكىنىدا بولىدۇ. ئۇ قۇش ئەرشنىڭ ئاستىدىكى (ئېسىپ قويۇلغان) پانۇس چىراغلارغا كېلىپ قونىدۇ. سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارغا نەزەر تاشلاپ: سىلەر قانداق نەرسە تەلەپ قىلىسىلەر؟ ـ دەپ سورايدۇ. ئۇلار: ئى پەرۋەردىگارىمىز! سەن سېنىڭ مەخلۇقاتلىرىڭنىڭ ئىچىدىن ھېچكىمگە بەرمىگەن نەرسىنى بىزگە بەرگەن تۇرساڭ، (يەنە) نېمە تەلەپ قىلارمىز؟ ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. (الله تائالا) بۇ سوئالنى ئۇلارغا قايتا

(1) مەسىلەن بىر كىشى تاماكا چېكىشكە ياكى ھاراق ئىچىشكە ئادەتلىنىپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەتلىنىپ قالغان ئىشنى تاشلاش ئۈچۈن چەككەن قىيىنچىلىقلارغا قىلغان سەۋرنى كۆرسىتىدۇ.

قويىدۇ. ئۇلار (اللہ تائالادىن) بىر نەرسە سورىمىغۇچە اللہ تائالانىڭ ئۆزلىرىنى قويۇپ بەرمەيدىغانلىقىغا كۆزلىرى يېتىدۇ ۋە (شېھىتلىقنىڭ ساۋابىنىڭ كاتتىلىقىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن اللہ تائالادىن): بىزنى دۇنياغا قايتۇرساڭ، بىز سېنىڭ يولۇڭدا (كاپىرلار بىلەن) ئۇرۇش قىلىپ قايتا ئۆلتۈرۈلسەك، ـ دەپ سورايدۇ. اللہ تائالا (ئۇلارغا): مەن ئۇلارنىڭ (يەنى شېھىتلارنىڭ) دۇنياغا قايتماسلىقىنى پۈتۈۋەتكەن ئىدىم، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ».

ئىمام ئەھمەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىننىڭ روھى قىيامەت كۈنى اللہ تائالا تەرىپىدىن ئۆز جىسمىغا قايتۇرۇلغىچە، جەننەت دەرەخلىرىگە قونۇپ يۈرىدىغان بىر قۇشنىڭ سۈرىتىدە بولىدۇ[1]».

****

وَلَنَبْلُوَنَّكُم بِشَيْءٍ مِّنَ ٱلْخَوْفِ وَٱلْجُوعِ وَنَقْصٍ مِّنَ ٱلْأَمْوَٰلِ وَٱلْأَنفُسِ وَٱلثَّمَرَٰتِ ۗ وَبَشِّرِ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿١٥٥﴾
ٱلَّذِينَ إِذَآ أَصَٰبَتْهُم مُّصِيبَةٌ قَالُوٓا۟ إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيْهِ رَٰجِعُونَ ﴿١٥٦﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ عَلَيْهِمْ صَلَوَٰتٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَرَحْمَةٌ ۖ
وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُهْتَدُونَ ﴿١٥٧﴾

بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان ـ زەخمەتلەرگە) سەۋرقىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن﴿155﴾. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە اللہ نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى اللہ نىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم اللہ نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ﴿156﴾. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر﴿157﴾.

مۆمىن سىناققا دۇچ كېلىپ سەۋر قىلىش ئارقىلىق ساۋابقا ئېرىشىدۇ

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ بەندىلىرىنى سىنايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (اللہ نىڭ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا قەدەر﴾[2].

اللہ تائالا بىر قېتىم خۇشاللىق يەتكۈزۈش، بىر قېتىم قورقۇنچ ۋە ئاچارچىلىق ئارقىلىق قىيىنچىلىق يەتكۈزۈش بىلەن سىنايدۇ، اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللہ ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاچلىقنىڭ ۋە قورقۇنچنىڭ ئەلەمىنى تېتىتتى﴾[3].

(1) بۇ ھەدىس پۈتۈن مۆمىنلەرنىڭ روھىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
(2) مۇھەممەد سۈرىسى 31 ـ ئايەت.
(3) نەھل سۈرىسى 112 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿**بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا**﴾ يەنى ئۇنىڭ بەزىسىنى يوقىتىۋېتىش بىلەن ﴿**جانلىرىڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا**﴾ يېقىنلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ﴿**زىرائەتلىرىڭلارغا**﴾ يەنى باغلارنىڭ ۋە زىرائەتلەرنىڭ كىرىمىنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن سىنايدۇ.

﴿**(بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان ـ زەخمەتلەرگە) سەۋرقىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن**﴾ ئاندىن **الله** تائالا ئۆزىنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن سەۋرى قىلغۇچىلارنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن مۇسىبەتتىن ئۆزلىرىنىڭ ﴿«**بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى الله نىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز**»﴾ دېگەن سۆزلىرى بىلەن تەسەللى تاپتى ۋە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ **الله** تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى، **الله** تائالانىڭ بەندىلىرىگە خالىغىنىنى ئىرادە قىلىدىغانلىقىنى، قىيامەت كۈنى **الله** تائالانىڭ ئالدىدا زەررە چاغلىق نەرسىنىڭمۇ بىكار كەتمەيدىغانلىقىنى بىلدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ **الله** تائالانىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىنى ۋە قىيامەت كۈنى **الله** تائالانىڭ تەرىپىگە قايتىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىدىندۇر.

شۇڭا **الله** تائالا ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر**﴾ يەنى بۇ **الله** تائالادىن ئۇلارغا بولغان رەھمەت ۋە مەدھىيەدۇر. سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇلار ئازابتىن خاتىرجەم بولغۇچىلاردۇر ﴿**ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر**﴾.

مۇسىبەت يەتكەندە "بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز" دېيىشنىڭ پەزىلىتى

مۇسىبەت كەلگەندە ﴿بىز ئەلۋەتتە **الله** نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى **الله** نىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم **الله** نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾[1] دېيىشنىڭ ساۋابى توغرۇلۇق نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر كەلدى.

بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئىچىدە ئىمام ئەھمەدنىڭ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسمۇ بار. بىر كۈنى ئەبۇسەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېلىپ (ماڭا): مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن بىرسىگە مۇسىبەت يەتكەندە: ﴿**بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى الله نىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز**﴾ دەپ بولۇپ ئارقىدىن: "ئى **الله** ! ماڭا كەلگەن مۇسىبەت ئۈچۈن ئەجىر ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن" دەپ تىلىسە، تىلىگىنى بېرىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەپ دېدى.

ئۇممۇسەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن يولدىشىمدىن شۇ دۇئانى ياد ئېلىۋالدىم. يولدىشىم ۋاپات بولغاندا مەن: ﴿**بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى الله نىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز**﴾ دەپ، ئاندىن يۇقىرىدىكى دۇئانى ئوقۇدۇم. ئاندىن: ماڭا ئەبۇسەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ياخشى بىرسىنى بەرگىن، ـ دەپ دۇئا قىلدىم. مەن كۆڭلۈمدە

(1) يەنى "ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن" دېيىش.

ماڭا نەدىمۇ ئەبۇسەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ياخشىسى بولسۇن دېدىم. ئىددىتىم توشقان كۈنلەردە تېرە ئاشلاۋاتاتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيۈمگە كىرىشكە ئىزنى سورىدى. مەن قولۇمدىكى تېرە ئاشلايدىغان دورىنى يۇيۇۋېتىپ ئۇنىڭغا كىرىشكە رۇخسەت بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرگەندە، ئۇنىڭغا ئىچىگە قۇرۇق ئوت ـ چۆپ تىقىپ تىكىلگەن تېرە كۆرپىنى سېلىپ بەردىم. ئۇ ئۇنىڭدا ئولتۇرۇپ، ماڭا توي قىلىش تەلىۋىنى قويدى. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا: "ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! مەندە سىلىنىڭ تەلەپلىرىگە ياق دەيدىغان ھېچ بىر سەۋەب يوق. لېكىن مەن كۈندەشلىكى ناھايىتى يامان ئايال، سىلى مەندىن (ياقتۇرمايدىغان) ئىشتىن بىرنى كۆرۈپ، قېلىپ **الله** تائالانىڭ مېنى ئۇنىڭ بىلەن ئازابلىشىدىن قورقىمەن. (يەنە كېلىپ) مەن قېرىپ قالدىم ۋە بالىلىرىممۇ كۆپ" دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىزنىڭ قاتتىق كۈندەشلىكىڭىزنى **الله** تائالا سىزدىن يوقىتىۋېتىدۇ. سىزگە يەتكەن قېرىلىق ماڭىمۇ يەتتى. ئەمما سىز بالىلىرىم كۆپ دېسىڭىز، سىزنىڭ بالىلىرىڭىز مېنىڭ بالىلىرىم» دېدى.

ئۇممۇسەلەمە يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆزەمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياتلىق بولدۇم. **الله** نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ماڭا يولداش قىلىپ بېرىشى، مېنىڭ بۇرۇنقى يولدىشىم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بەرگەن نېئمەتتۇر.

****

﴿ إِنَّ ٱلصَّفَا وَٱلْمَرْوَةَ مِن شَعَآئِرِ ٱللَّهِ ۖ فَمَنْ حَجَّ ٱلْبَيْتَ أَوِ ٱعْتَمَرَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِ أَن يَطَّوَّفَ بِهِمَا ۚ وَمَن تَطَوَّعَ خَيْرًا فَإِنَّ ٱللَّهَ شَاكِرٌ عَلِيمٌ ﴿١٥٨﴾

سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن **الله** نىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ باك يوق. كىمكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرەر ياخشىلىق قىلىدىكەن (**الله** ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ)، **الله** ئەلۋەتتە شۈكۈرنىڭ مۇكاپاتىنى بەرگۈچىدۇر، **الله** ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴿158﴾.

"سەفا ۋە مەرۋە تېغىنىڭ ئارىلىقىدا تاۋاپ قىلسا گۇناھ يوق" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى

ئىمام ئەھمەد ئۇرۋەدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (ئۇ ئۇرۋەگە) مۇنداق دەيدۇ: ئى سىڭلىمنىڭ ئوغلى! سەن **الله** تائالانىڭ: ﴿**سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن الله نىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ باك يوق**﴾ دېگەن سۆزى توغرىسىدا: **الله** تائالا بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئىككى تاغنى (يەنى سەفا ۋە مەۋىنى) تاۋاپ قىلمىغان كىشىگە ھېچقانداق گۇناھ يوق دېدىڭمۇ؟ بۇ سۆزۈڭ پەقەتلا ياخشى بولماپتۇ. ئەگەر ئۇ ئىش سەن دېگەندەك بولىدىغان بولسا: «ئۇ ئىككىسىنى تاۋاپ قىلمىسىمۇ ھېچ باك يوق» دەپ كېلەتتى. ئەنسارىلار مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن مۇشەللەل دېگەن يەردە بۇتقا تەلبىيە ئېيتاتتى. ئۇ بۇتقا تەلبىيە ئېيتقان كىشى سەفا ۋە مەرۋىنى تاۋاپ قىلىشنى گۇناھ ھېسابلايتتى. (ئۇلار ئىسلامغا كىرگەندىن

كېيىن) بۇ توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇن سەفا ۋە مەرۋىنى تاۋاپ قىلىشنى گۇناھ ھېسابلايتتۇق» دېگەندە، ﷲ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن ﷲ نىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ باك يوق﴾**.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئىككىسىنى تاۋاپ قىلىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا قويغان. ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۇ ئىككىسىنى تاۋاپ قىلماسلىقى دۇرۇس ئەمەس.

يەنە بىر رىۋايەتتە زۆھرى مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇ سۆزنى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى ھارىس ئىبنى ھىشامغا سۆزلەپ بەردىم. ئەبۇبەكرى ماڭا مۇنداق دېدى: بۇ مەن ئاڭلاپ باقمىغان ئىش ئىكەن. مەن كۆپلىگەن بىلىملىك كىشىلەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: ئائىشە يۇقىرىدا زىكىر قىلغان ئەنسارىلاردىن باشقا كىشىلەر: بىزنىڭ بۇ ئىككى تاشنىڭ (سەفا ۋە مەرۋىنىڭ) ئارىلىقىدا تاۋاپ قىلىشىمىز ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زامانىنىڭ ئىشلىرىدىن، ـ دەيدۇ. يەنە بىر بۆلۈك ئەنسارىلار: بىز كەبىنى تاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇلدۇق، سەفا ۋە مەرۋىنىڭ ئارىلىقىنى تاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇلمىدۇق، ـ دېدى. ئاندىن ﷲ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن ﷲ نىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر﴾**.

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئابدۇراھمان مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت يۇقىرىدا: «سەفا ۋە مەرۋىنىڭ ئارىلىقىنى تاۋاپ قىلىش ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زاماننىڭ ئىشلىرى» دېگەن كىشىلەر ھەققىدە چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن.

شەئبى مۇنداق دەيدۇ: ئىساق دېگەن بۇت سەفا تېغىدا، نائىلە دېگەن بۇت مەرۋە تېغىدا ئىدى. (ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن) ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلگەن كىشىلەر ئۇ ئىككى بۇتنى سىلايتتى. ئاندىن ئۇلار ئىسلام كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا تاۋاپ قىلىشنى گۇناھ ھېسابلىدى. شۇنىڭ بىلەن ﷲ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.

سەفا ۋە مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئىمام مۇسلىم جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنى تاۋاپ قىلىپ بولۇپ، قارا تاش (ھەجەرىلئەسۋەد)نىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى سىلىدى ياكى سۆيدى. ئاندىن سەفانىڭ ئىشىكىدىن: **﴿ئىننەس سەفا ۋەلمەرۋەتە مىن شائائىرىللاھ﴾** دېگەچ چىقىپ سەفا ـ مەرۋىگە كەلدى، ئاندىن: «ﷲ تائالا باشلىغان يەردىن باشلايمەن» (يەنى ﷲ تائالا سەفا تېغىنى بالدۇر كەلتۈردى، مەنمۇ سەئيى قىلىشنى سەفا تېغىدىن باشلايمەن) دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: سىلەر ﷲ تائالا باشلىغان يەر بىلەن سەئيى قىلىشقا باشلاڭلار.

ئىمام ئەھمەد ھەبىبە بىنتى ئەبۇتەجرانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا: يۈگۈرۈڭلار! ﷲ تائالا سىلەرگە يۈگۈرۈشنى يازدى

دېگەچ (ئېھرامى ئىككى تىزىغا يۆگىشىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە) قاتتىق يىغلىغان ۋە مەرۋىنىڭ ئارىلىقىنى تاۋاپ قىلغانلىقىنى كۆردۈم.

ئالىملار بۇ ھەدىس بىلەن سەفا ـ مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشنىڭ ھەجنىڭ بىر پەرزى ئىكەنلىكىگە دەلىل كەلتۈردى. ئۇنى پەرز ئەمەس، ۋاجىب دېگەنلەرمۇ بار. (ۋاجىب بولغاندا) ئۇنى قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن قىلمىسا، قان قىلىش بىلەن تولۇقلىۋالغىلى بولىدۇ (يەنى ئۇنىڭغا بىر قوينى قان قىلىش ۋاجىب بولىدۇ). سەفا ـ مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش مۇستەھەب دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. بۇنىڭ ئىچىدىن توغرا دەپ قارالغانلار: ئۇ پەرز ياكى ۋاجىبتۇر دېگەن كۆز قاراشتۇر. چۈنكى، **الله** تائالا، سەفا ـ مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشنى ھەجنىڭ ئەھكاملىرىدىن (يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا يولغا قويۇلغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىن) دەپ بايان قىلدى. بۇنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسىدە سۆزلىنىپ ئۆتتى. (ھەدىستە كەلگەندەك بۇنىڭ كېلىپ چىقىشى) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام (ھاجەر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنى) بىرمۇ ئىنسان يوق يەر ـ مەككىدە قالدۇرۇپ قويۇپ كەتكەن چاغدا، ئۇ ئىككىسىنىڭ سۈيى ۋە ئوزۇقلۇقى تۈگەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھاجەر بالىسىغا سۇ ئىزدەپ سەفا ۋە مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا يۈگۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوزۇقلۇقى تۈگىگەن ئىدى. ھاجەر ئانىمىز بالىسىدىن ئەنسىرەپ (يەنى ئۇنىڭ ئاچلىقتىن ياكى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ) **الله** تائالادىن ياردەم تىلەشكە باشلىدى. ئۇ سەفا ـ مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدىكى دۆڭ يەردە **الله** تائالاغا يېلىنغان، ئۇنىڭدىن قورققان ۋە ئۇنى ياد ئەتكەن ھالەتتە، **الله** تائالا ئۇنىڭ غېمىنى كۆتۈرىۋەتكىچە ۋە ئۇنىڭغا ئۇسسۇزلۇقنى باسىدىغان ۋە كېسەللەرگە شىپا بولىدىغان زەمزەم بۇلىقىنى چىقىرىپ بەرگۈچە سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا (ئۇياققا ـ بۇياققا) يۈگۈرۈپ يۈردى. (شۇڭا) ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا يۈگۈرگەن ھەربىر كىشى (**الله** تائالانىڭ ئالدىدا) ئۆزىنىڭ ئاجىز ۋە خار بەندە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قەلبىنى توغرا يولغا باشلاشقا، ئۇنىڭ ھالىنى ياخشىلاشقا ۋە گۇناھىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىدا **الله** تائالاغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئەسلىشى، ئۆزىنىڭ كەمچىلىك ۋە ئەيىبلىرىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن **الله** تائالاغا يېلىنىشى، **الله** تائالادىن توغرا يولغا باشلىشىنى، تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشىنى ۋە ھاجەرگە ئىنئام قىلىنغاندەك ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنىمۇ كەچۈرۈشىنى ۋە توغرا يولغا باشلىشىنى تىلىشى لازىم.

﴿كىمكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرەر ياخشىلىق قىلىدىكەن (**الله** ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ)﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە بىر نەچچە خىل كۆز قاراشلار بار. بۇ كۆز قاراشلار: سەفا ۋە مەرۋىنىڭ ئارىلىقىنى تاۋاپ قىلغان كىشى، ئۆزىنىڭ قىلغان تاۋىپىدا ۋاجىب بولغان مىقداردىن ئاشۇرىۋېتىپ سەككىز، توققۇز ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مېڭىۋەتسە ياكى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا نەپلە ھەج ياكى نەپلە ئۆمرىنىڭ تاۋاپىنى قىلسا ياكى باشقا نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلسا دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىمام رازى بايان قىلدى. ئۈچىنچى خىل (باشقا نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلسا دېگەن) كۆز قاراش ھەسەنبەسرىدىن بايان قىلىندى.

﴿**الله** ئەلۋەتتە شۈكۈرنىڭ مۇكاپاتىنى بەرگۈچىدۇر، **الله** ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾ يەنى (ئاز ئەمەل ـ ئىبادەتكە) كۆپ ساۋاب بەرگۈچى، ساۋابنىڭ مىقدارىنى بىلگۈچى، ئاندىن بىر كىشى لايىق بولغان ساۋابنى كېمەيتىۋەتمىگۈچىدۇر. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله** ھەقىقەتەن

زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، ﷲ ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ﴾[1].

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡتُمُونَ مَآ أَنزَلۡنَا مِنَ ٱلۡبَيِّنَٰتِ وَٱلۡهُدَىٰ مِنۢ بَعۡدِ مَا بَيَّنَّٰهُ لِلنَّاسِ فِي ٱلۡكِتَٰبِ أُوْلَٰٓئِكَ
يَلۡعَنُهُمُ ٱللَّهُ وَيَلۡعَنُهُمُ ٱللَّٰعِنُونَ ﴿١٥٩﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ وَأَصۡلَحُواْ وَبَيَّنُواْ فَأُوْلَٰٓئِكَ أَتُوبُ عَلَيۡهِمۡ
وَأَنَا ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٦٠﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَمَاتُواْ وَهُمۡ كُفَّارٌ أُوْلَٰٓئِكَ عَلَيۡهِمۡ لَعۡنَةُ ٱللَّهِ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ
وَٱلنَّاسِ أَجۡمَعِينَ ﴿١٦١﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَا لَا يُخَفَّفُ عَنۡهُمُ ٱلۡعَذَابُ وَلَا هُمۡ يُنظَرُونَ ﴿١٦٢﴾

بۇ كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا ﷲ لەنەت قىلىدۇ (يەنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)؛ لەنەت قىلغۇچىلار (يەنى پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەر) مۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ﴿159﴾. پەقەت تەۋبە قىلغانلار، (ئەمەلىنى) تۈزەتكەنلەر، (يەھۇدىيلارنىڭ تەۋرات ئەھكاملىرىدىن يوشۇرغانلىرىنى) بايان قىلغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن، مەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇرمەن. ناھايىتى مېھرىباندۇرمەن﴿160﴾. شۈبھىسىزكى، كاپىر بولۇپ، كاپىر پېتى ئۆلگەنلەر بار، ئەنە شۇلار چوقۇم ﷲ نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ﴿161﴾. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب كېچىكتۈرۈلمەيدۇ﴿162﴾.

دىنغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى يوشۇرغانلارغا دائىم لەنەت ئوقۇلىدىغانلىقى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەرلىرىگە كىتاب چۈشۈرۈش ئارقىلىق بەندىلىرىگە بايان قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرئېلىپ كەلگەن توغرا ھەقىقەتلەرنى ئۇقتۇرىدىغان ئوچۇق پاكىتلارنى ۋە دىللارغا شىپالىق بولغان توغرا يوللارنى يوشۇرغان كىشىنى قاتتىق قورقۇتتى. ئەبۇئالىيە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى يوشۇرغان ئەھلى كىتاب توغرىسىدا چۈشكەن. ئاندىن ھەممە نەرسە، ھەتتا سۇدىكى بېلىق ۋە ھاۋادىكى ئۇچار قۇشمۇ ئالىم كىشىنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى سورىغاندەك، ئەھلى كىتابلارغا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن ھەممە نەرسە) لەنەت ئوقۇيدۇ، ـ دەپ خەۋەر بەردى. ئۇ ئەھلى كىتابلار ئالىملارغا ئوخشىمايدۇ. (ھەممە نەرسە ئالىملارنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى سورىسا) ئەھلى كىتابلارغا ﷲ تائالا ۋە باشقا ھەممە نەرسىلەر (يەنى پەرىشتىلەر، مۆمىنلەر ۋە باشقا كىشىلەر) لەنەت ئوقۇيدۇ.

ھەدىستە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقىلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر كىشى ئۆزىدىن سورالغان نەرسە ھەققىدە بىلىپ تۇرۇپ (ئۇنى)

(1) نىسا سۈرىسى 40 ـ ئايەت

يوشۇرسا، قىيامەت كۈنى (ئۇنىڭ ئېغىزىغا) ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ» .

ھەدىستە ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەگەر اللە تائالانىڭ كىتابى (قۇرئان) دىكى: ﴿**بۇ كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا اللە لەنەت قىلىدۇ (يەنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)**﴾ دېگەن ئايىتى بولمىغان بولسا، مەن بىر كىشىگە بىر نەرسە سۆزلەپ بەرمىگەن بولاتتىم» .

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: زېمىندا قۇرغاقچىلىق يۈز بەرسە، ھايۋانلار: بۇ ئادەم باللىرىنىڭ گۇناھكارلىرىنىڭ سەۋەبىدىن بولدى. اللە تائالا ئادەم باللىرىنىڭ گۇناھكارلىرىغا لەنەت قىلسۇن، ـ دەيدۇ.

﴿**لەنەت قىلغۇچىلار (يەنى پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەر) مۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇئالىيە، رەبىئ ئىبنى ئەنەس ۋە قەتادە قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: بىلىدىغان نەرسىلەرنى يوشۇرغان كىشىلەرگە پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەر لەنەت قىلىدۇ. (ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ كېيىن) ئۇنىڭغا تەۋبە قىلغان كىشى بۇنىڭ سىرتىدا.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەقەت تەۋبە قىلغانلار، (ئەمەلىنى) تۈزەتكەنلەر، (يەھۇدىيلارنىڭ تەۋرات ئەھكاملىرىدىن يوشۇرغانلىرىنى) بايان قىلغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا**﴾ يەنى بۇرۇنقى ئىشلىرىدىن يېنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرى ۋە ئەھۋالىنى ياخشىلىسا ۋە بۇرۇن يوشۇرغان نەرسىنى كېيىن كىشىلەرگە بايان قىلسا، ﴿**ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن، مەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇرمەن. ناھايىتى مېھرىباندۇرمەن**﴾ بۇ ئايەت كۇپۇرلۇققا ياكى بىدئەتكە چاقىرغان كىشى اللە تائالاغا تەۋبە قىلسا، اللە تائالانىڭ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا پاكىتتۇر.

اللە تائالا (كاپىر بولۇپ) كۇپۇرلىقىدا تاكى ئۆلگىچە چىڭ تۇرغان كىشىگە اللە تائالانىڭ پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ھەممە كىشىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىگىچە لەنىتى بولىدىغانلىقىدىن، ئۇلارغا قىلىنىدىغان ئازاب ئازراقمۇ يەڭگىللىتىلمەيدىغان ۋە ئۇلاردىن بىر سائەتمۇ ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان دوزاخنىڭ ئوتى بارلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، كاپىر بولۇپ، كاپىر پېتى ئۆلگەنلەر بار، ئەنە شۇلار چوقۇم اللە نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ**﴾ اللە تائالا بىزنى بۇنىڭدىن ساقلىسۇن ـ ئامىن!!!

كاپىرلارغا لەنەت ئېيتىشنىڭ دۇرۇسلۇقى

ئالىملارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كاپىرلارغا لەنەت ئېيتىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئالىملار دۇئايىقۇنۇت ۋە باشقا دۇئالار بىلەن كاپىرلارغا لەنەت ئوقۇيتتى. بەزى بىر قىسىم ئالىملارنىڭ مۇئەييەن بىر كاپىرغا (مەسىلەن، پالانى كاپىرغا لەنەت بولسۇن دېپ) لەنەت ئېيتىشى دۇرۇس بولمايدۇ دېگەن كۆز قارىشى بار (ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىغا بۇ پاكىتنى كەلتۈردى). چۈنكى، بىز اللە تائالانىڭ شۇ كاپىرنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتىنى قانداق

قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز (يەنى ئۇ ھازىر كاپىر بولغانلىقى بىلەن كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن).

بىر قىسىم ئالىملار: مۇئەييەن بىر كاپىرغا لەنەت ئېيتسا بولىدۇ، ـ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا مەست پېتى كەلتۈرۈلۈپ، ھەد جازاسى بېرىلگەن ئادەمنىڭ قىسسىسىدە بىر ئادەم: الله بۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن! بۇ ئادەم ئالدىمىزغا مەست پېتى كەلتۈرۈلۈۋېرىمدۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بۇنىڭغا لەنەت ئېيتمىغىن. چۈنكى الله نى ۋە پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىدۇ» دېدى. مانا بۇنىڭدىن الله نى ۋە پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرمەيدىغان مۇئەييەن كاپىرلارغا لەنەت ئېيتسا بولىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

****

وَإِلَٰهُكُمْ إِلَٰهٌ وَاحِدٌ ۖ لَّا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ الرَّحْمَٰنُ الرَّحِيمُ ﴿١٦٣﴾

سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر؛ ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿163﴾.

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىبادەت قىلىنىشقا يالغۇز ئۆزىنىڭلا لايىق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھېچ شېرىكى يوق ئىكەنلىكىنى، ھەممە كىشىنىڭ ئۆزىگە (الله تائالاغا) موھتاج ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ ناھايىتى مېھرى ـ شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ھەدىستە شۇھرە ئىبنى ھەۋشەب ئەسما بىنتى يەزىد ئىبنى سەكەندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالانىڭ ئەڭ كاتتا ئىسمى: ﴿**ۋە ئىلاھۇكۇم ئىلاھۇن ۋاھىد لا ئىلاھە ئىللا ھۇۋەررەھمانۇر رەھىم**﴾ ۋە ﴿ئەلىف، لام، مىم، ئەللاھۇ لائىلاھە ئىللا ھۇۋەل ھەييۇل قەييۇم﴾[1] دېگەن ئىككى ئايەتتە كەلگەن ئىسىملىرىدۇر. ئاندىن الله تائالا ئۆزىنىڭلا ئىبادەتكە لايىق ئىكەنلىكىگە ئاسمان ـ زېمىننى ۋە ئۇنىڭ بىرلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان مەخلۇقاتلارنى ياراتقانلىقى بىلەن پاكىت كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَالْفُلْكِ الَّتِي تَجْرِي فِي الْبَحْرِ بِمَا يَنفَعُ النَّاسَ
وَمَا أَنزَلَ اللَّهُ مِنَ السَّمَاءِ مِن مَّاءٍ فَأَحْيَا بِهِ الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَبَثَّ فِيهَا مِن كُلِّ دَابَّةٍ وَتَصْرِيفِ الرِّيَاحِ
وَالسَّحَابِ الْمُسَخَّرِ بَيْنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ ﴿١٦٤﴾

ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، الله بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 1 ــــ 2 ـ ئايەتلەر.

ئۇچۇن، ئەلۋەتتە (**الله** نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر﴿164﴾.

الله تائالانىڭ بىرلىكىنى ئوقتۇرىدىغان پاكىتلار

﴿**ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا**﴾ يەنى ئاسمان ئۆزىنىڭ ئېگىزلىكى، چىرايلىقلىقى، بوشلۇقى، كەڭلىكى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەرىكەتچان ۋە تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشى، بۇ زېمىندىكى قاتتىق يەرلەر، ئويمانلىقلار، تاغلار، چۆللەر، جىلغىلار، يايلاقلار، دېڭىزلار ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى (كىشىلەر) مەنپەئەتلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ بولۇشىدا ﴿**چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (الله نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر**﴾.

﴿**كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە**﴾ يەنى بىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرىنىڭ ئازراقمۇ كېچىكمەي قالماي، سىستېمىلىق ھالەتتە كېلىپ بولۇشىدا ﴿**چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (الله نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر**﴾. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ﴾[1] كېچە ـ كۈندۈزنىڭ گاھى ئۇزىراپ گاھى قىسقىرايدىغانلىقى ھەققىدە **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله** كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ (شۇنىڭ بىلەن كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى جايلار، پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ)﴾[2].

﴿**كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە**﴾ يەنى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كېمىنىڭ دېڭىزنىڭ بۇ تەرىپىدىن ئۇ تەرىپىگە بىر نەرسە يۆتكىشى ئۈچۈن دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىدە، ﴿**الله بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا**﴾ **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۆلۈك (يەنى قۇرغاق) زېمىننى (يامغۇر بىلەن) تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۇلار يەيدىغان ئاشلىقنى ئۆستۈرگەنلىكىمىز ئۇلارغا (**الله** نىڭ قۇدرىتى كامىلەسىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتتۇر. بىز زېمىندا نۇرغۇنلىغان خورما باغلىرىنى، ئۈزۈم باغلىرىنى بەرپا قىلدۇق، شۇ زېمىندا بۇلاقلارنى ئېقىتتۇق. ئۇلار ئۇنىڭ (يەنى باغلارنىڭ) مېۋىسىنى يېسۇن، (بۇ مېۋىلەرنى) ئۇلارنىڭ قوللىرى ياراتقان ئەمەس، ئۇلار (**الله** نىڭ نېئمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟ **الله** (پۈتۈن ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر (يەنى ئاجايىپ مەخلۇقاتلار) نىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار﴾[3].

﴿**يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ شەكىللىرى، رەڭلىرى، (ئىنسانلارغا كېلىدىغان) مەنپەئەتلىرى، چوڭلۇقى ۋە كىچىكلىكى، بىرىنىڭ يەنە بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىدا، **الله** تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرغۇچى ۋە ئۇلارغا رىزىق بېرىپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىدە، **الله** تائالاغا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچبىر نەرسە يوشۇرۇن بولمايدىغانلىقىدا ﴿**چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن،**

---

(1) ياسىن سۈرىسى 40 ـ ئايەت.
(2) فاتىر سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ياسىن سۈرىسى 33 ـ ئايەتتىن 36 ـ ئايەتكىچە.

ئەلۋەتتە (الله نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى الله (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان، الله ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابقا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزغا) يېزىلغاندۇر﴾[1].

﴿شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا﴾ يەنى شامالنىڭ بىر قېتىم رەھمەت، بىر قېتىم ئازاب، بىر قېتىم بۇلۇتنىڭ ئالدىدا (يامغۇر ياغدىغاننىڭ) بېشارەتچىسى بولۇپ كېلىدىغانلىقىدا، ئۇنىڭ ھەر قېتىم (بۇلۇتنى) ھەيدەيدىغانلىقىدا، بىر قېتىم بىر يەرگە توپلايدىغانلىقىدا، بىر قېتىم ئۇنى تارقىتىدىغانلىقىدا ئاندىن بىر قېتىم شىمال تەرەپتىن، يەنە بىر قېتىم جەنۇب تەرەپتىن كېلىدىغانلىقىدا، **﴿زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا﴾** يەنى بۇلۇتلارنىڭ ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئارىلىقىدا، ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىدا **﴿چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (الله نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر﴾** يەنى يۇقىرىدىن باشلاپ بۇ يەرگە كەلگۈچە سۆزلەنگەن بارلىق نەرسىلەردە الله تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان پولاتتەك مۇستەھكەم دەلىل ـ ئىسپاتلار باردۇر.

الله تائالا (ئاسمان ۋە زېمىنلارنىڭ يارىتىلىشى ۋە كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشىنىڭ الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىگە ئۇچۇق دەلىل ئىكەنلىكى توغرىسىدا) مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ الله نى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾[2].

****

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَتَّخِذُ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَندَادًا يُحِبُّونَهُمْ كَحُبِّ ٱللَّهِ ۖ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَشَدُّ حُبًّا لِّلَّهِ ۗ وَلَوْ يَرَى
ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓا۟ إِذْ يَرَوْنَ ٱلْعَذَابَ أَنَّ ٱلْقُوَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًا وَأَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعَذَابِ ﴿١٦٥﴾ إِذْ تَبَرَّأَ ٱلَّذِينَ ٱتُّبِعُوا۟ مِنَ
ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوا۟ وَرَأَوُا۟ ٱلْعَذَابَ وَتَقَطَّعَتْ بِهِمُ ٱلْأَسْبَابُ ﴿١٦٦﴾ وَقَالَ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوا۟ لَوْ أَنَّ لَنَا كَرَّةً فَنَتَبَرَّأَ
مِنْهُمْ كَمَا تَبَرَّءُوا۟ مِنَّا ۗ كَذَٰلِكَ يُرِيهِمُ ٱللَّهُ أَعْمَٰلَهُمْ حَسَرَٰتٍ عَلَيْهِمْ ۖ وَمَا هُم بِخَٰرِجِينَ مِنَ ٱلنَّارِ ﴿١٦٧﴾

بەزى ئادەملەر الله دىن غەيرىيلەرنى (يەنى بۇتلارنى) الله غا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى (مۆمىنلەرنىڭ) الله نى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۆمىنلەر الله نى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر، زالىملار (قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە تەييارلانغان) ئازابنى كۆرگەن چاغدا، پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ الله غا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە الله نىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى (دۇنيادا الله غا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىگە ھەددىدىن زىيادە پۇشايمان قىلاتتى)﴿165﴾. ئەينى ۋاقىتتا ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئازابنى كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى (يەنى دۇنيادىكى دوستلۇقى) ئۈزۈلىدۇ﴿166﴾.

(1) ھۇد سۈرىسى 6 ـ ئايەت.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 190 ــــ 191ـ ئايەتلەر.

ئەگەشكۈچىلەر: «كاشكى بىزلەرگە (دۇنياغا) قايتىشقا بولسا ئىدى، ئۇلار بىزدىن ئادا ـ جۇدا بولغاندەك بىزمۇ ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولاتتۇق» دەيدۇ. الله ئۇلارغا (يامان) ئىشلىرىنىڭ ھەسرەت بولغانلىقىنى مۇشۇنداق كۆرسىتىدۇ، ئۇلار دوزاختىن چىقمايدۇ﴿167﴾.

مۇشرىكلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى ئەھۋاللىرى ۋە قىيامەت كۈنى ئەگەشتۈرگۈچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە مەئبۇدلىرىنى شېرىكى يوق بىرلا الله تائالانى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدىغان، الله تائالاغا قىلىنىدىغان ئىبادەتكە مەئبۇدلىرىنى قوشۇپ قىلىدىغان مۇشرىكلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىدۇ. ھەدىسلەردە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن) ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! قايسى گۇناھ ئەڭ چوڭ؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ: سېنى ياراتقان الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

﴿مۆمىنلەر الله نى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر﴾ مۆمىنلەر الله تائالانى بەك ياخشى كۆرگەنلىكى، الله تائالانى ھەقىقىي تونىغانلىقى، الله تائالانى بار ۋە بىر دەپ بىلگەنلىكى ئۈچۈن، الله تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ. بەلكى ئۇنى بىر دەپ تونۇپ ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلىدۇ، ھەممە ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ئېسىلىدۇ.

ئاندىن الله تائالا ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان مۇشرىكلارغا تەھدىت سېلىپ مۇنداق دەيدۇ. ﴿**زالىملار (قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە تەييارلانغان) ئازابنى كۆرگەن چاغدا، پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ الله غا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە الله نىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى (دۇنيادا الله غا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىگە ھەددىدىن زىيادە پۇشايمان قىلاتتى)**﴾ ئۇلار تېتىيدىغان نەرسىنى، يەنى ئۆزلىرىنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكى ۋە كۇپۇرلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن قىيامەت كۈنىدە ئۆزلىرىگە بولىدىغان قورقۇنچلۇق قاتتىق ئازابنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلىقىدىن چوقۇم ياناتتى.

الله تائالا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى چوقۇنغان بۇتلىرىدىن تانىدىغانلىقى ۋە كەينىگە كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭغانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەينى ۋاقىتتا ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئازابنى كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار دۇنيادا ئىبادەت قىلدۇق دەپ گۇمان قىلغان پەرىشتىلەر ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىدۇ. پەرىشتىلەر مۇنداق دەيدۇ: ﴿(پەرۋەردىگارىمىز!) ئۇلاردىن يىراقلىشىپ ساڭا يېقىنلاشتۇق، ئۇلار بىزگە ئىبادەت قىلمايتتى (پەقەت نەپسى خاھىشلىرىغا ئىبادەت قىلاتتى)﴾[1] دېيىشىدۇ، ﴿سەن پاكتۇرسەن، بىزنىڭ دوستىمىز ئۇلار ئەمەس، سەن. (ئۇلار بىزگە چوقۇنمايتتى) بەلكى جىنغا چوقۇناتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى جىنغا ئىمان كەلتۈرەتتى﴾[2] جىنمۇ ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىدۇ.

(1) قەسەس سۈرىسى 63 ـ ئايەت.
(2) سەبەئ سۈرىسى 41 ـ ئايەت.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى (يەنى پەرىشتىلەر، جىنلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەت قىلىنغان نەرسىلەر) كاپىرلارنىڭ (ئۇلارغا) قىلغان ئىبادەتلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كەتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر﴾[1]، ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئىززەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن (يەنى بۇتلىرىنىڭ شاپائىتى بىلەن الله نىڭ ئالدىدا ئىززەتلىك بولۇشلىرى ئۈچۈن)، الله نى قويۇپ ئىلاھلار (يەنى بۇتلار) غا چوقۇندى ئىش ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك ئەمەس (يەنى بۇتلىرى ئۇلارنىڭ الله ئالدىدا ئىززەت تېپىشلىرىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ)، ئۇلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ) چوقۇنۇشىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ﴾[2].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىدىكىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ دۇنيادا (بۇتلارغا چوقۇنۇش مەقسىتىدە يىغىلىشقانلىرىڭلار) ئاراڭلاردىكى دوستلۇقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، الله نى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار، ئاندىن قىيامەت كۈنى بەزىڭلار بەزىڭلارنى ئىنكار قىلىسىلەر، بەزىڭلار بەزىڭلارغا لەنەت ئوقۇيسىلەر (يەنى قىيامەت كۈنى مەزكۇر دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ، ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ، ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ، چۈنكى، ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى دوستلۇقى الله ئۈچۈن بولغان ئەمەس)، سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاخ بولىدۇ، سىلەرنى (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ﴾[3]. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر زالىملارنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا توختىتىپ قويۇلغان چاغدا، بەزىسى بەزىسى بىلەن جېدەللىشىۋاتقاندا كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرەتتىڭ)، بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: «ئەگەر سىلەر بولمىساڭلار بىز چوقۇم ئىمان ئېيتاتتۇق» دەيدۇ. چوڭچىلىق قىلغانلار بوزەك قىلىنغانلارغا: «سىلەرگە ھىدايەت كەلگەندىن كېيىن بىز سىلەرنى ئۇنىڭدىن توستۇقمۇ؟ ھەرگىز توسمىدۇق، سىلەر ئۆزەڭلار گۇناھ قىلغۇچى بولدۇڭلار» دەيدۇ. بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، (سىلەرنىڭ بىزگە) كېچە ـ كۈندۈز قىلغان ھىيلە ـ مىكرىڭلار (بىزنى ئىماندىن توستى)، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىزنى الله نى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتۇڭلار» دەيدۇ. ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلار (ھەر ئىككى گۇرۇھ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرىغا) ئىچىدە پۇشايمان قىلىدۇ، كاپىرلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلارنى سالىمىز. ئۇلارغا پەقەت قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ﴾[4]، ﴿ئىش پۈتكەندە (يەنى ھېساب تۈگەپ، جەننەتلىكلەر بىلەن دوزىخىلار ئايرىلىپ بولغاندا)، شەيتان: «الله ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش، ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشتىن ئىبارەت) راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى، (ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى). مەن سىلەرگە (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ساۋاب، جازا دېگەنلەر يوق، دەپ يالغان) ۋەدە قىلغان ئىدىم، (ۋەدەمگە) خىلاپلىق قىلدىم، سىلەرگە مېنىڭ (كۇفرىغا، گۇناھقا زورلىغۇدەك) ھۆكۈمرانلىقىم بولغىنى يوق، مەن سىلەرنى پەقەت (گۇمراھلىققا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر (دەۋىتىمنى) قوبۇل قىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزەڭلارنى ئەيىبلەڭلار، مەن سىلەرگە ياردەم بېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن، سىلەرمۇ ماڭا ياردەم بېرىپ مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر، مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى الله غا (ئىبادەتتە) شېرىك

(1) ئەھقاف سۈرىسى 5 ـ ئايەت.
(2) مەريەم سۈرىسى 81 ـــ 82 ـ ئايەت.
(3) ئەنكەبۇت سۈرىسى 25 ـ ئايەت.
(4) سەبەئ سۈرىسى 31 ـ ئايەتتىن 33 ـ ئايەتكىچە.

قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن، شۈبھىسىزكى، زالىملار چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دەيدۇ﴾[1].

﴿**ئەينى ۋاقىتتا ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئازابنى كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى (يەنى دۇنيادىكى دوستلۇقى) ئۈزۈلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار **الله** تائالانىڭ ئازابىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ (ئازابتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى بولغان) ھىيلە ۋە كۆرسەتكەن باھانىلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى. ئۇلار دوزاختىن قۇتۇلىدىغان يەرنى تاپالمىدى. ئەتا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: دوستلۇق ئۈزۈلۈپ كەتتى.

﴿**ئەگەشكۈچىلەر: «كاشكى بىزلەرگە (دۇنياغا) قايتىشقا بولسا ئىدى، ئۇلار بىزدىن ئادا ـ جۇدا بولغاندەك بىزمۇ ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولاتتۇق» دەيدۇ**﴾ يەنى (ئەگەشكەن كىشىلەر) بىزگە دۇنياغا قايتا قايتىش بولىدىغان بولسا، بىزمۇ ئۇلاردىن ۋە ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشتىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ ئۇلارغا قاراپمۇ قويمايتتۇق. بەلكى بىز ئىبادەتنى پەقەت **الله** تائالاغىلا قىلاتتۇق دەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ سۆزىدە يالغان ئېيتقۇچىدۇر. ئەگەر ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلسا، ئۇلار توسالغان نەرسىگە (يەنى **الله** تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشكە) يەنە قايتىدۇ.

﴿**الله ئۇلارغا (يامان) ئىشلىرىنىڭ ھەسرەت بولغانلىقىنى مۇشۇنداق كۆرسىتىدۇ**﴾ يەنى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. **الله** تائالا بۇ ھەقتە (يەنى كاپىرلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا) مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز،)يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)﴾[2]، ﴿پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى بورانلىق كۈندە شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن بىر دۆۋە كۈلگە ئوخشايدۇ﴾[3]، ﴿كاپىرلارنىڭ (ياخشى ئەمەل دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرى باياۋاندىكى سەرابقا ئوخشايدۇ، تەشنا ئادەم ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلسە ھېچ نەرسە كۆرەلمەيدۇ (يەنى سۇ كۆرمەيدۇ)، ئۇ **الله** نىڭ ئۆز (ئەمەلىنىڭ) يېنىدا (كۆزىتىپ تۇرغۇچى) ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. **الله** ئۇنىڭ قىلمىشىغا تېگىشلىك جازا بېرىدۇ، **الله** تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴾[4].

ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار دوزاختىن چىقمايدۇ**﴾.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ كُلُواْ مِمَّا فِي ٱلۡأَرۡضِ حَلَٰلٗا طَيِّبٗا وَلَا تَتَّبِعُواْ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيۡطَٰنِۚ إِنَّهُۥ لَكُمۡ عَدُوّٞ مُّبِينٌ ﴿١٦٨﴾
إِنَّمَا يَأۡمُرُكُم بِٱلسُّوٓءِ وَٱلۡفَحۡشَآءِ وَأَن تَقُولُواْ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ﴿١٦٩﴾

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 22 ـ ئايەت
(2) فۇرقان سۈرىسى 23 ـ ئايەت.
(3) ئىبراھىم سۈرىسى 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) نۇر سۈرىسى39 ـ ئايەت.

ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال - پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى، شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر﴿168﴾. شەيتان سىلەرنى ھەقىقەتەن يامانلىقلارغا، قەبىھ گۇناھلارغا ۋە اللہ نامىدىن، يالغاندىن (اللہ سىلەرگە ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دەپ، ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال دەپ)، سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ﴿169﴾.

ھالال نەرسىنى يېيىشكە بۇيرۇش ۋە شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگىشىشتىن توسۇش توغرىسىدا

اللہ تائالا يۇقىرىدا ئۆزىدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق بىر زاتنىڭ يوقلۇقىنى، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئاسمان - زېمىن ۋە باشقا مەخلۇقاتلارنى ياراتقانلىقىنى بايان قىلىپ، بۇ يەردە پۈتۈن مەخلۇقاتلارغا رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشقا باشلىدى. اللہ تائالا زېمىندىكى نەرسىلەردىن ئۆزى تەرىپىدىن ھالال قىلىنغان، بەدەن ۋە ئەقىلگە زىيان قىلمايدىغان، كۆڭۈلدە شەك كەلتۈرمەيدىغان پاك نەرسىلەردىن يېيىشنى بۇيرۇغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زاماندا ئۆزىگە ئەگەشكەن كىشىلەرگە (خاتانى) چىرايلىق كۆرسىتىپ، بىر نەچچە خىل ھايۋانلاردىن پايدىلىنىشنى ھارام قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئازدۇرىۋەتكەن شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگىشىشتىن توسىدۇ. شەيتاننىڭ كىشىلەرگە ھالال نەرسىنى ھارام قىلغانلىقى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ «اللہ تائالا: مەن بەندىلىرىمگە بەرگەن ھەممە مال - مۈلك ئۇلارغا ھالالدۇر، مەن بەندىلىرىمنى توغرا دىندا قىلىپ ياراتتىم، ئاندىن ئۇلارنىڭ يېنىغا شەيتان كېلىپ، ئۇلارنى دىنىدىن ئازدۇرۇۋېتىپ، ئۇلارغا مەن ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىنى ھارام قىلدى» دەيدۇ.

﴿**چۈنكى، شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر**﴾ بۇ ئۇنىڭدىن (يەنى شەيتاندىن) ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. اللہ تائالا شەيتاندىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ﴾[1]، ﴿مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئىبلىس زالىملار ئۈچۈن نېمىدېگەن يامان بەدەل! (يەنى اللہ غا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا شەيتانغا چوقۇنۇش نېمىدېگەن يامان!)﴾[2].

﴿**شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى، شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر**﴾ قەتادە ۋە سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: اللہ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ھەرقانداق گۇناھ ئىش شەيتاننىڭ يوللىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئىبنى ھەمىد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئاچچىقىدا قەسەم ئىچسە ياكى نەزىر قىلسا (يەنى پالانى ئىش مۇنداق بولسا، مەن مۇنداق قىلىمەن دېسە)، بۇمۇ شەيتاننىڭ يوللىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ كەففارىتى قەسەمنىڭ كەففارىتىگە ئوخشاش بولىدۇ.

(1) فاتىر سۈرىسى 6 - ئايەت.
(2) كەھف سۈرىسى 50 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿شەيتان سىلەرنى ھەقىقەتەن يامانلىقلارغا، قەبىھ گۇناھلارغا ۋە الله نامىدىن، يالغاندىن (الله سىلەرگە ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دەپ، ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال دەپ)، سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ﴾ يەنى (سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلار بولغان) شەيتان سىلەرنى يامان ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ يامانراقى زىناغا ئوخشاش گۇناھ ئىشلاردۇر. بۇنىڭدىنمۇ ئەڭ يامىنى بىلمەي تۇرۇپ الله تائالانىڭ نامىدا ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال دېيىشتۇر. بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ھەرقانداق كاپىر ۋە ئىسلامدا بولمىغان ئىشلارنى پەيدا قىلىدىغان بىدئەتخورلار كىرىدۇ.

****

وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱتَّبِعُواْ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُواْ بَلْ نَتَّبِعُ مَآ أَلْفَيْنَا عَلَيْهِ ءَابَآءَنَآ ۗ أَوَلَوْ كَانَ ءَابَآؤُهُمْ لَا
يَعْقِلُونَ شَيْـًٔا وَلَا يَهْتَدُونَ ﴿١٧٠﴾ وَمَثَلُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ كَمَثَلِ ٱلَّذِى يَنْعِقُ بِمَا لَا يَسْمَعُ إِلَّا دُعَآءً
وَنِدَآءً ۚ صُمٌّۢ بُكْمٌ عُمْىٌ فَهُمْ لَا يَعْقِلُونَ ﴿١٧١﴾

ھەرقاچان ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا): «الله نازىل قىلغان نەرسىگە (يەنى الله پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان ۋەھىيگە، قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ياق، ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان دىنغا ئەگىشىمىز» دېيىشىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟﴿170﴾. كاپىرلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچى خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇشنى ۋە نىدانىلا ئاڭلايدىغان چاھارپايلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ (كاپىرلار ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاستۇر، (ھەقنى سۆزلەشتىن) گاچىدۇر، (ھەقنى كۆرۈشتىن) كوردۇر، ئۇلار (ۋەز - نەسىھەتنى) چۈشەنمەيدۇ﴿171﴾.

ئاتا - بوۋىسىنىڭ يوللىرىغا ئەگەشكۈچى مۇشرىكلار توغرىسىدا

بۇ ئايەتتە الله تائالا تەرىپىدىن مۇشرىكلاردىن بولغان كاپىرلارغا: سىلەر الله تائالا پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان نەرسىگە ئەگىشىڭلار، ئازغۇنلۇق ۋە جاھىللىقنى تاشلاڭلار دېيىلسە، - ئۇلار جاۋابەن: (ئەزەلدىن تارتىپ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كەلگەن بۇتقا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت) ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ يوللىرىغا ئەگىشىمىز، - دەيدۇ.

الله تائالا ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋابىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئاتا - بوۋىلىرى﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئەگەشكەن ئاتا - بوۋىلىرى **﴿ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟﴾** يەنى ئۇلار بىر نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولنى تاپمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟

ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن چاقىرىلغان، ئەمما: بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىز قىلىپ كەلگەن يولغا ئەگىشىمىز، - دەپ جاۋاب بەرگەن يەھۇدىيلار ھەققىدە چۈشكەن.

مۇشرىكلارنىڭ هايۋانغا ئوخشاش ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿**كاپىرلارنى هىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچى خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇشىنى ۋە نىدانىلا ئاڭلايدىغان چاهارپايلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار توغرا يولدىن چەتنەپ كېتىشتە، ئازغۇنلۇقتا ۋە نادانلىقتا يايلاقتا ئوتلاۋاتقان، ئىگىسى هەيدەپ ماڭماقچى بولۇپ توۋلىسا، پەقەت ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشتىن باشقا هېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان هايۋانلارغا ئوخشايدۇ. بۇ سۆز نۇرغۇنلىغان ئالىملاردىن رىۋايەت قىلىندى. الله تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار (ئوغۇلنى ياخشى كۆرۈپ، قىزنى يامان كۆرۈش، خوتۇنى ئوغۇل تۇغسا خۇشال بولۇپ، قىز تۇغسا ئاچچىقى كېلىش، ئار ـ نۇمۇستىن ۋە كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ، قىزلارنى تىرىك كۆمۈشكە ئوخشاش) يامان سۈپەتلەرگە ئىگە﴾[1].

﴿**(كاپىرلار هەقنى ئاڭلاشتىن) گاستۇر، (هەقنى سۆزلەشتىن) گاچىدۇر، (هەقنى كۆرۈشتىن) كوردۇر**﴾ يەنى ئۇلار هەقنى ئاڭلاشتىن گاس، ئۇنى سۆزلەشتىن گاچا، ئۇنىڭ يوللىرىنى كۆرۈشتىن كوردۇر. ﴿**ئۇلار (ۋەز ـ نەسىهەتنى) چۈشەنمەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار هېچ بىر نەرسىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ.

****

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُلُواْ مِن طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقۡنَٰكُمۡ وَٱشۡكُرُواْ لِلَّهِ إِن كُنتُمۡ إِيَّاهُ تَعۡبُدُونَ ﴿١٧٢﴾
إِنَّمَا حَرَّمَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡمَيۡتَةَ وَٱلدَّمَ وَلَحۡمَ ٱلۡخِنزِيرِ وَمَآ أُهِلَّ بِهِۦ لِغَيۡرِ ٱللَّهِۖ فَمَنِ ٱضۡطُرَّ غَيۡرَ بَاغٖ وَلَا
عَادٖ فَلَآ إِثۡمَ عَلَيۡهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿١٧٣﴾

ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان هالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر الله غىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، الله غا (يەنى الله نىڭ هەددى ـ هېسابسىز نېئمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار﴿172﴾. الله سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، الله دىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان هايۋاننى يېيىشنى هارام قىلدى. كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجىسىزلىقتىن (يۇقىرىقى هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) هاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا هېچ گۇناه بولمايدۇ. هەقىقەتەن الله ناهايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناهايىتى مېهرىباندۇر﴿173﴾.

پاكىزە، هالال نەرسىلەرنى يېيىشكە بۇيرۇش ۋە هارام قىلىنغان نەرسىلەرنى بايان قىلىش

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرنى رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنىڭ پاكىزلىرىنى (يەنى هالاللىرىنى) يېيىشكە، ئەگەر ئۇلار الله تائالانىڭ هەقىقىي بەندىسى بولسا، ئۇنىڭ هالال قىلىپ بەرگەن شۇ نەرسىلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۈكرى ئېيتىشقا بۇيرۇدى. هارام نەرسىدىن يېسە دۇئا ۋە

(1) نەهل سۈرىسى 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىبادەتنىڭ مەقبۇل بولمىغىنىدەك، ھالال نەرسىدىن يېسە دۇئا ۋە ئىبادەتنىڭ مەقبۇل بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى خالايىق! الله تائالا شەكسىز پاكتۇر. الله تائالا پەقەت پاك نەرسىنىلا قوبۇل قىلىدۇ. الله تائالا مۆمىنلەرنى پەيغەمبەرلىرىنى بۇيرۇغان نەرسىگە بۇيرۇدى».

الله تائالا پەيغەمبىرىنى بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن﴾[1] الله تائالا مۆمىنلەرنى بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر الله غىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، الله غا (يەنى الله نىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز نېئمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار﴾**.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇزۇن سەپەر قىلغان، چاچلىرى چۇۋۇق، ئۈستى ـ بېشىنى توپا باسقان ھالەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا سوزۇپ: ئى پەرۋەردىگارىم! ئى پەرۋەردىگارىم! ـ دەپ، چۆل ـ باياۋاندا يۈرگەن بىر كىشىنىڭ ھالىنى بايان قىلىپ: «ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى ۋە كىيىم ـ كېچىكى ھارامدىن كەلگەن ۋە ھارامدىن ئوزۇقلانغان تۇرسا، ئۇنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت بولسۇن؟!» دەيدۇ.

الله تائالا ئۇلارغا رىزىق ئاتا قىلغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى ئۇنىڭ پاكىزىدىن يېيىشكە بۇيرۇغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن. ئۇلارغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئېگىز يەردىن يىقىلىپ ئۆلگەن، باشقا ھايۋانلار تەرىپىدىن ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانلار (يەنى بوغۇزلانماستىن يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر بىلەن ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلار) دىن باشقا بىرنەرسىنى ھارام قىلمىغانلىقىنى بايان قىلدى. الله تائالا دېڭىز ھايۋانلىرىدىن ئۆزلىكىدىن ئۆلۈپ قالغانلىرىنىڭمۇ ھالاللىقى توغرىسىدا ئالاھىدە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن سىلەرگە دېڭىز ھايۋانلىرى، دېڭىزدىن چىقىدىغان يېمەكلىكلەر ھالال قىلىندى﴾[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «دېڭىزنىڭ سۈيى پاكىز، ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلىرى ھالالدۇر».

ئىمام شافىئىي، ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە دارۇقۇتنى قاتارلىقلار ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىزگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ئىككى خىل ھايۋان ۋە ئىككى خىل قان ھالال قىلىندى. ئىككى خىل ھايۋان بېلىق بىلەن چېكەتكە؛ ئىككى خىل قان بولسا، جىگەر بىلەن تالدۇر. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر الله تائالا خالىسا، ئالدىمىزدا كېلىدۇ.

ئىمام شافىئىي ۋە باشقىلارنىڭ قارىشىچە: ئۆلۈكنىڭ سۈتى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تۇخۇمى ۋە سۈتىنىڭ قايماقلىرى نىجىستۇر، ـ دېگەن مەشھۇر رىۋايەت بار. ساھابىلارنىڭ ئوتتۇرەس كاپىرلارنىڭ قايمىقىدىن يېگەنلىكى شافىئىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ: "ئۆلۈكنىڭ سۈتىنىڭ قايمىقى نىجىس" دېگەن سۆزىگە زىت كېلىدۇ.

ئىبنى ماجە سالمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر

(1) مۆمىنۇن سۈرىسى 51 ـ ئايەت.
(2) مائىدە سۈرىسى 96 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەلەيھىسسالام سېرىق ماي، قايماق ۋە ياۋا ئېشەكنىڭ ھۆكمى ھەققىدە سورالغاندا: «ھالال دېگەن اللە تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىدا (يەنى قۇرئاندا) ھالال قىلغان نەرسە، ھارام دېگەن اللە تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىدا ھارام قىلغان نەرسە، اللە تائالا ھالالمۇ قىلمىغان، ھارامىمۇ قىلمىغان نەرسە اللە تائالا كەچۈرۈۋەتكەن نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن پايدىلانسا، ھېچقانداق گۇناھ يوق)» دەپ جاۋاب بەردى[1].

شۇنىڭدەك اللە تائالا مۇسۇلمانلارغا چوشقىنىڭ گۆشىنى ۋە يېغىنى مەيلى ئۇ بوغۇزلانسۇن ياكى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان بولسۇن، ھارام قىلدى. يەنى اللە تائالانىڭ نامى بىلەن ئەمەس، بۇتنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنىڭ نامى بىلەن بوغۇزلانغان نەرسىنىڭ گۆشىنى ھارام قىلدى.

ئىمام قۇرتۇبى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن غەيرى ئەرەب (كاپىرلىرى) ئۆزىنىڭ بايراملىرىغا ئاتاپ بوغۇزلىغان نەرسىنىڭ (گۆشىدىن) مۇسۇلمانلارغا ھەدىيە قىلىپ بەرسە (ئۇنى قانداق قىلىش توغرىسىدا) سورالغاندا، ئۇنىڭ: «سىلەر كاپىرلارنىڭ شۇ كۈن ئۈچۈن ئاتاپ بوغۇزلىغان نەرسىنىڭ (گۆشىدىن) يېمەڭلار، ئۇلارنىڭ مېۋىلىرىدىن (يەنى ئۇلارنىڭ سىلەرگە ھەدىيە قىلغان مېۋىلىرىنى) يەڭلار» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئۈزۈلۈپ قىلۇقى تۈگەپ قىينىلىپ قالغان كىشى ئۈچۈن ھارام نەرسىنى يېيىشنىڭ دۇرۇسلىقى

اللە تائالا ھالال يېمەكلىك تېپىلماي (تائام يېمىسە ئۆلۈپ كېتىدىغان دەرىجىدە) زۆرۈر ۋە ئېھتىياجى چۈشۈپ قالغان ۋاقىتتا، اللە تائالا تەرىپىدىن ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى يېيىشنى دۇرۇس قىلىپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجىسىزلىقتىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە**﴾ يەنى جېنىنى ساقلاپ قالغۇدەك، قورسىقىنى بەك تويغۇزىۋەتمىگۈدەك يېسە، ﴿**ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ**﴾ يەنى ئۇنى يېگەنلىكى ئۈچۈن ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

مۇجاھىد بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بۇلاڭچىلىق قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرىغا قارشى چىقىش ياكى بىر گۇناھ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن چىقىپ ھارام نەرسىنى يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا، ئۇنى يېيىش دۇرۇس بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھالەتلەردە دۇرۇس بولىدۇ.

﴿**ھەقىقەتەن اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ ئۆزىنىڭ ھالال تائامى يوق، قىينىلىپ قالغان ئادەمنىڭ ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان بىلەن باشقا بىرسىنىڭ يېيىشكە بولىدىغان، ئەمما ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىنغان نەرسىدىن بىرىنى تاللىشىغا توغرا كېلىپ قالسا، ئۇ كىشى قايسىسىنى تاللىسا دۇرۇس بولىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئەھۋالدا ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى يېيىشى دۇرۇس ئەمەس، بەلكى ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا باشقىلارنىڭ يېيىشكە بولىدىغان نەرسىلىرىدىن يېيىش كېرەك.

ئىبنى ماجە بۇ ھەقتە ئۇبباد ئىبنى شۇرەھبىلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر

(1) يەنى ھۆكمى سورالغان نەرسىلەرنى اللە تائالا قۇرئاندا ھالال ياكى ھارام قاتارىدا كەلتۈرمىدى. شۇڭا ئۇ اللە تائالا ئىشلەتسەڭلار بولىدۇ دەپ يول قويغان نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.

يىلى بىزگە ئاچارچىلىق يەتتى، مەن مەدىنىگە كېلىپ بىر باغقا كىردىم، ئاندىن بىر باشاقنى ئېلىپ ئۇنى ئۇۋاپ يېدىم ۋە خالتامغىمۇ ئالدىم، كېيىن باغۋەن كېلىپ مېنى ئۇرۇپ كىيىمىمنى ئېلىۋالدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «ئۇ ئاچ تۇرسا، ئۇنىڭغا تائام بەرمىدىڭ ۋە ئىلىمسىز تۇرسا، ئىلىم ئۆگىتىپ قويمىدىڭ» دېدى. ئاندىن ئۇ ئادەمگە مېنىڭ كىيىمىمنى قايتۇرۇپ بېرىپ، قورسىقىمنى تويغۇزۇشقا بۇيرۇدى.

بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرنىڭ ئىچىدە ئەمرى ئىبنى شۇئەيبنىڭ مۇنۇ ھەدىسىمۇ بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دەرەختىكى مېۋىنى يېسە قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا سورالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھاجاتمەن كىشىدىن بىرسى مېۋىدىن قاچىغا قاچىلىماستىن (يەنى ئۇنىڭدىن بىر نەرسىگە قاچىلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتمەستىن) ئۇلتۇرۇپ، يېسە ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ يوق» دەپ جاۋاب بەردى.

﴿**ھەقىقەتەن الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ھارامدىن يېگەن نەرسىنى كەچۈرۈۋەتكۈچى، ھاجەت بولۇپ قالغان كىشىگە ھارامنى ھالال قىلىپ بېرىش بىلەن رەھىم قىلغۇچى دېگەنلىك بولىدۇ. مەسرۇقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى ھالال بىر نەرسە يوق ئەھۋالدا ھارامنى يەپ ـ ئىچىشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىپ، ئۇنى يېمەي ـ ئىچمەي (ئاچلىقتىن) ئۆلگەن بولسا، دوزاخقا كىرىدۇ[1].

*****

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡتُمُونَ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلۡكِتَٰبِ وَيَشۡتَرُونَ بِهِۦ ثَمَنٗا قَلِيلًا أُوْلَٰٓئِكَ مَا يَأۡكُلُونَ فِي
بُطُونِهِمۡ إِلَّا ٱلنَّارَ وَلَا يُكَلِّمُهُمُ ٱللَّهُ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَلَا يُزَكِّيهِمۡ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ ١٧٤
أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشۡتَرَوُاْ ٱلضَّلَٰلَةَ بِٱلۡهُدَىٰ وَٱلۡعَذَابَ بِٱلۡمَغۡفِرَةِۚ فَمَآ أَصۡبَرَهُمۡ عَلَى ٱلنَّارِ ١٧٥
ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ نَزَّلَ ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّۗ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ ٱخۡتَلَفُواْ فِي ٱلۡكِتَٰبِ لَفِي شِقَاقِۭ بَعِيدٖ ١٧٦

الله كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) نازىل قىلغان نەرسىلەرنى يوشۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئازغىنا پۇلغا ساتىدىغانلارنىڭ قارنىغا يېگىنى پەقەت ئوتتۇر (چۈنكى، ئۇلارنىڭ يېگەن شۇ ھارام مېلى ئۇلارنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ)، قىيامەت كۈنى الله ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿174﴾. ئەنە شۇلار ھىدايەتنى گۇمراھلىققا، مەغپىرەتنى ئازابقا، (يەنى جەننەتنى دوزاخقا) تېگىشتى، ئۇلار دوزاخ ئازابىغا نېمىدېگەن چىداملىق!﴿175﴾. بۇ (قاتتىق ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، الله ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى (تەۋراتنى) نازىل قىلدى (ئۇلار تەۋراتتىكى نەرسىلەرنى يوشۇردى ۋە ئۆزگەرتىۋەتتى)، كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلغۇچىلار چوڭقۇر نىزادىدۇر﴿176﴾.

(1) چۈنكى الله تائالا، موھتاج بولۇپ قالغاندا ھارام قىلىنغان نەرسىنى يەپ بولسىمۇ جاننى ساقلاپ قېلىشقا بۇيرىغان. ئۇ كىشى الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن دوزاخقا مەھكۇم بولىدۇ.

يەھۇدىيلارنىڭ الله تائالا چۈشۈرگەن نەرسىنى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەنلىكى

﴿الله كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) نازىل قىلغان نەرسىلەرنى يوشۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئازغىنا پۇلغا ساتىدىغانلارنىڭ قارنىغا يېگىنى پەقەت ئوتتۇر (چۈنكى، ئۇلارنىڭ يېگەن شۇ هارام مېلى ئۇلارنى دوزاختا ئېلىپ بارىدۇ)﴾ يەنى يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدىغان سۈپەتلىرىنى يوشۇرىدۇ. چۈنكى، ئەگەر يەھۇدىيلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى) ئاشكارىلاپ قويسا، كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى تاشلاپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىشىدىن، ئۆزلىرىنىڭ باشقىلار ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاجىزلاپ قېلىشى، شۇنداقلا ئەرەبلەرنىڭ ئۇلارنى چوڭ بىلىپ، ئۇلارغا بېرىدىغان سوۋغاتلىرىدىن مەھرۇم قېلىشىدىن قورقىشىدۇ، شۇڭا ھەر نەرسىنى يوشۇرۇشقا ئورۇنىدۇ. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن كىچىككىنە پايدىغا ئۆزلىرىنى ساتتى. ئۇلار شۇ كىچىككىنە پايدىغا توغرا يولنى، ھەقىقەتكە ئەگىشىشنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇ الله تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە ئىشىنىشنى تېگەشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتتى. ئۇلارنىڭ دۇنيادا تارتىدىغان زىيىنى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، (ئىشلار ئۇلارنىڭ ئويلىغانلىرىدەك بولماي) الله تائالا ناھايىتى ئوچۇق ۋە كەسكىن پاكىت ـ ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق بەندىلىرىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي، راست پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. يەھۇدىيلار خاۋاتىرلىنىپ تۇرغان كىشىلەر پەيغەمبەرگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەھۇدىيلارغا قارشى ئۇرۇشىدىغان كۈچلۈك ياردەمچىلەرگەن ئايلاندى. يەھۇدىيلارنىڭ ئاخىرەتتە تارتىدىغان زىيىنى بولسا، ئۇلار الله تائالانىڭ غەزىپىگە ھەسسىلەپ ئۇچرىدى. الله تائالا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ كىتابىدا بىر نەچچە يەردە ئەيىبلىگەن بولۇپ، بۇ ئايەتمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن: **﴿الله كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) نازىل قىلغان نەرسىلەرنى يوشۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئازغىنا پۇلغا ساتىدىغانلارنىڭ قارنىغا يېگىنى پەقەت ئوتتۇر (چۈنكى، ئۇلارنىڭ يېگەن شۇ هارام مېلى ئۇلارنى دوزاختا ئېلىپ بارىدۇ)﴾** يەنى ئۇلار ھەقىقەتنى يوشۇرغانلىقنىڭ جازاسى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى قورساقلىرىغا لاۋۇلداپ تۇرىدىغان ئوتنى يەيدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاختا) كىرىدۇ﴾[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىدا تاماق يېگەن ياكى بىر نەرسە ئىچكەن كىشىنىڭ قورسىقىدا جەھەننەم ئوتى گۈركىرەپ كۆيىدۇ».

﴿قىيامەت كۈنى الله ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ چۈنكى يەھۇدىيلار بىلىپ تۇرۇپ ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ، (الله تائالانىڭ) غەزىپىگە ھەقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا ئۇلارغا غەزەپلىنىدۇ. ئۇلارغا ياخشى نەزەر بىلەن قارىمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى خورلىغۇچى ئازابلار بىلەن ئازابلايدۇ.

ئاندىن الله تائالا ئۇلار توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەنە شۇلار ھىدايەتنى گۇمراھلىققا تېگىشتى﴾**

---

(1) نىسا سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدا كەلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى، ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشىنى ۋە ئۇنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدىن قالغان بېشارەتلىرىنى، ئۇنىڭغا ئىشىنىش ۋە ئەگىشىشتىن ئىبارەت توغرا يولنى، ئۇنى يالغانچىغا چىقىرىش، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتماسلىق ۋە ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدىكى (ئۇنىڭ) سۈپەتلىرىنى يوشۇرۇشقا ئوخشاش ئازغۇنلۇقلارغا تېگىشتى.

﴿مەغپىرەتنى ئازابقا، (يەنى جەننەتنى دوزاخقا) تېگىشتى﴾ يەنى ئۇلار يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق (الله تائالانىڭ) مەغپىرىتىنى ئازابقا تېگىشتى. ﴿ئۇلار دوزاخ ئازابىغا نېمىدېگەن چىداملىق﴾ الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ ناھايىتى چىدىغۇسىز قىيىن ـ قىستاق ۋە ئازابلارنىڭ ئىچىدە تۇرغانلىقىنى كۆرگەن كىشىنىڭ: ئۇلار ئۇنىڭغا قانداق چىدىغاندۇ؟ ـ دەپ ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە قورقۇنچلۇق ئازاب بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. الله تائالا بىزنى بۇنداق ئازابتىن ساقلىسۇن ـ ئامىن!

﴿بۇ (قاتتىق ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، الله ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى (تەۋراتنى) نازىل قىلدى (ئۇلار تەۋراتتىكى نەرسىلەرنى يوشۇردى ۋە ئۆزگەرتىۋەتتى)﴾ يەنى ئۇلار شۇ قاتتىق ئازابقا ھەقلىق بولدى. چۈنكى، الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلىرىگە كىتابلارنى ھەقىقەتنى بەرپا قىلىش ۋە ناھەقنى يوقىتىش ئۈچۈن نازىل قىلدى. ئۇ يەھۇدىيلار الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى كەمسىتتى. ئۇلارنىڭ كىتابى ئۇلارنى بۇ ھەقتىكى ئىلمنى يوشۇرماي ئۇنى كەڭ يېيىشقا بۇيرۇسىمۇ، ئۇنىڭغا (يەنى كىتابىغا) خىلاپلىق قىلىپ ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان بۇ پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۇلارنى الله تائالا تەرىپىگە چاقىردى. ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توستى. ۋەھالەنكى ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەي، قارشىلىشىپ ئۇنىڭدىن تاندى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى يوشۇردى ھەمدە الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە چۈشۈرگەن ئايەتلىرىنى كەمسىتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار شۇ قورقۇنچلۇق قاتتىق ئازابقا ھەقلىق بولدى.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ (قاتتىق ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، الله ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى (تەۋراتنى) نازىل قىلدى (ئۇلار تەۋراتتىكى نەرسىلەرنى يوشۇردى ۋە ئۆزگەرتىۋەتتى)، كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلغۇچىلار چوڭقۇر نىزادىدۇر﴾.

* * * * * * *

﴿ لَّيْسَ ٱلْبِرَّ أَن تُوَلُّوا۟ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ ٱلْمَشْرِقِ وَٱلْمَغْرِبِ وَلَٰكِنَّ ٱلْبِرَّ مَنْ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ
وَٱلْمَلَٰٓئِكَةِ وَٱلْكِتَٰبِ وَٱلنَّبِيِّۦنَ وَءَاتَى ٱلْمَالَ عَلَىٰ حُبِّهِۦ ذَوِى ٱلْقُرْبَىٰ وَٱلْيَتَٰمَىٰ وَٱلْمَسَٰكِينَ
وَٱبْنَ ٱلسَّبِيلِ وَٱلسَّآئِلِينَ وَفِى ٱلرِّقَابِ وَأَقَامَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَى ٱلزَّكَوٰةَ وَٱلْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ
إِذَا عَٰهَدُوا۟ وَٱلصَّٰبِرِينَ فِى ٱلْبَأْسَآءِ وَٱلضَّرَّآءِ وَحِينَ ٱلْبَأْسِ ۗ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ صَدَقُوا۟ ۖ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ
ٱلْمُتَّقُونَ ﴿١٧٧﴾

سىلەرنىڭ كۆڭ چىقىشقان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللهغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، الله نى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا

ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىققا ئېرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (الله نىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر﴿177﴾.

بارلىق ياخشىلىقلار توغرىسىدا

بۇ ئايەت نۇرغۇنلىغان پاساھەتلىك سۆزلەرنى، ئومۇمىيۈزلۈك قائىدىلەرنى ۋە توغرا ئەقىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، الله تائالا مۆمىنلەرنى بىرىنچى قېتىم بەيتۇل مۇقەددەسكە يۈز كەلتۈرۈشنى بۇيرۇغان بولسا، كېيىن ئۇلارنىڭ (بەيتۇل مۇقەددەستىن) كەبىگە يۈز كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغان چاغدا، بىر تۈركۈم ئەھلى كىتاب ۋە بەزى مۇسۇلمانلارغا ئېغىر تۇيۇلدى. ئاندىن الله تائالا ئۇنداق قىلىشنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىپ (بۇ ئايەتنى) نازىل قىلدى. ئۇ ھېكمەت بولسا، الله تائالاغا بويسۇنۇش، ئۇنىڭ قىل دېگەن ئىشلىرىنى قىلىش، ئۇ قەيەرگە يۈز كەلتۈر دېگەن بولسا، شۇ يەرگە يۈز كەلتۈرۈش ۋە ئۇ يول قويغان نەرسىگە ئەگىشىشتۇر. مۇشۇنداق قىلىش ياخشىلىق، تەقۋادارلىق ۋە كامىل ئىمان ھېسابلىنىدۇ. كۈن چىقىش ياكى كۈن پېتىش تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈش الله تائالانىڭ بۇيرۇقى ۋە ئۇنىڭ يول قويۇپ بېرىشى بىلەن بولمىسا، ئۇ ياخشىلىق ۋە الله تائالاغا بويسۇنغانلىق ھېسابلانمايدۇ.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله غا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، الله غا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر﴾[1] ئەبۇئالىيە مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار كۈن پېتىش تەرەپكە، خرىستىئانلار كۈن چىقىش تەرەپكە يۈز كەلتۈرەتتى. ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.

﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ﴾ يەنى ئىمان سۆزىنىڭ ھەقىقىتى بولسا، ئەمەل قىلىشتۇر. **﴿بەلكى الله غا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش﴾**.

ئىمام سەۋرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. چۈنكى، بۇ ئايەتتىكى ئىشلار بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشى ھەممە تەرەپتىن ئىسلامنىڭ ئىچىگە كىرگەن ۋە پۈتۈن ياخشىلىقنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق زات بولمىغان بىر الله تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە الله تائالا بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدا ئەلچى بولغان پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش، **﴿كىتابقا (يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا)﴾** بۇ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە چۈشكەن كىتابلاردىن باشلاپ ئەڭ ئاخىرقىسىغىچە يەنى پۈتۈن ياخشىلىق جۇغلانغان دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، نازىل قىلىنىشى بىلەن تەڭ باشقا كىتابلارنىڭ ھۆكمىنى بىكار قىلىدىغان ۋە ئۆزىدىن بۇرۇنقى بارلىق كىتابلارنى تەستىق قىلىدىغان، كىتابلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى قۇرئان كەرىمگىچە بولغان كىتابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

---

(1) ھەج سۈرىسى 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿الله نى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش﴾ يەنى مالنى ياخشى كۆرۈپ ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىپ تۇرۇپ (كىشىلەرگە) بەرگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ مۇنداق رىۋايەت قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ: «تېنى سالامەت، ئۆزى مۇھتاج، باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان، يوقسۇزلۇقتىن قورقۇپ تۇرىۋاتقان چاغدا بېرىلگەن سەدىقە ئەڭ ياخشى سەدىقىدۇر.»

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ (ئۇلار ئېيتىدۇ) «سىلەرگە بىز الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۇر تەلەپ قىلمايمىز﴾[1]، ﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر﴾[2]، ﴿ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارىلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى) دىن ئەلا بىلىدۇ﴾[3].

﴿الله نى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا﴾ يەنى ئەر كىشىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى سەدىقە بېرىلىشكە لاياقەتلىك كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ سەدىقىگە ئەڭ لاياقەتلىك كىشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھەدىستە مۇنداق رىۋايەت قىلىندى: «(باشقا) مىسكىنلەرگە بېرىلگەن سەدىقە بىر سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا بېرىلگەن سەدىقە ئىككى سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ بىرى سەدىقە، يەنە بىرى تۇغقاندارچىلىق مېھرىنى يەتكۈزگەنلىك ئۈچۈندۇر. ئۇلار ساڭا سېنىڭ ياخشىلىقىڭغا ۋە سېنىڭ بىر نەرسە بېرىشىڭگە ئەڭ لاياقەتلىك كىشىلەردۇر». الله تائالا ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنى بۇنىڭدىن باشقا كۆپ جايلاردا بۇيرۇپ كەلدى.

﴿يېتىملەرگە﴾ يەنى ئۇلار بالاغەتكە يېتىشتىن ۋە بىرەر ئىشنى قىلالىغۇدەك بولۇشتىن بۇرۇن ئاتىلىرى ئۆلۈپ كەتكەن، بىرەر تىرىكچىلىك يولى يوق، ئاجىز ۋە كىچىك بالىلاردۇر. ئابدۇرازاق ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(بىر بالا) بالاغەتكە يېتىپ بولغاندىن كېيىن يېتىم ھېسابلانمايدۇ».

﴿مىسكىنلەرگە﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە يېتەرلىك تائام، كىيىم ـ كېچەك ۋە تۇرار جاي (يەنى ئۆي) تاپالمايدىغان كىشىلەردۇر. بۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھاجىتىگە يېتەرلىك بىر نەرسە بېرىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مىسكىن دېگەن: بىر تال ياكى ئىككى تال خورما، بىر چىشلەم ياكى ئىككى چىشلەم نان بىلەن قايتىدىغان (يەنى بىر تال ياكى ئىككى تال خورما بەرسە، ياكى بىر چىشلەم

---

(1) ئىنسان سۈرىسى8 — 9 ـ ئايەتلەر.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 92 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ھەشر سۈرىسى 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ياكى ئىككى چىشلەم نان بەرسە، شۇنى ئېلىپ قايتىپ كېتىدىغان)، كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئايلىنىپ يۈرىدىغان كىشى ئەمەس. بەلكى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن بىر نەرسە تاپالمايدىغان، (كىشىلەر ئۇنىڭ ئاشۇ هالدا ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدىغان كىشىدۇر[1]».

﴿**ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)**﴾ ئىبنى سەبىل مال ـ مۈلكى تۈگەپ قالغان مۇساپىر بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يۇرتىغا كېتىۋالغۇدەك بىر نەرسە بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەك ياخشى (مەسىلەن، ئىلىم ئېلىش ياكى جىهادقا بېرىشقا ئوخشاش) ئىشلارنى، دەپ سەپەر قىلماقچى بولغان كىشىگىمۇ بېرىپ ـ كېلىشكە يېتەرلىك ئىقتىساد بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىگە مېهمان بولۇپ كەلگەن كىشىمۇ كىرىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلهە بۇ هەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(مال ـ مۈلكى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىر دېگەن مۇسۇلمانلارنىڭ (ئۆيلىرىگە) مېهمان بولۇپ چۈشكەن كىشىدۇر». مېهماننىڭمۇ بۇلارنىڭ قاتارىغا كىرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار نۇرغۇنلىغان ئالىملاردىن رىۋايەت قىلىندى.

﴿**سائىللارغا**﴾ يەنى بىر نەرسە سورىغۇچىلارغىمۇ زاكات ۋە سەدىقە بېرىلىدۇ.

﴿**ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىققا ئېرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش**﴾ يەنى خوجايىنىغا مەلۇم مىقداردا پۇل تۆلەپ، ئۆزىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن پۈتۈشكەن كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

﴿**نامازنى ئوقۇش**﴾ يەنى نامازنى ئۇنىڭ رۇكۇ، سەجدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پەرز، ۋاجىبلىرىنى ئىسلام دىنىدا كۆرسىتىلگەن بويىچە قىلىپ ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىپ، ﴿**زاكات بېرىش**﴾ مالنىڭ زاكىتىنى بېرىش دېگەنلىك بولىدۇ.

﴿**ئەهدىگە ۋاپا قىلىش**﴾ **الله** تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار **الله** نىڭ ئەهدىگە (يەنى **الله** تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ﴾[2] بۇ مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى، ئەمما مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرى بۇنىڭ ئەكسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ». يەنە بىر هەدىستە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ئەهدى قىلسا ۋاپا قىلمايدۇ، مۇنازىرىلەشسە (يالغاننى سۆزلەش ئارقىلىق) هەقتىن چەتنەپ كېتىدۇ».

﴿**يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (الله نىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش**﴾ يەنى پېقىر ۋە كېسەل بولۇپ قالغان ۋاقتىدا، ئۇرۇش قىلغان ۋە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىدا سەۋر قىلغۇچىلار.

﴿**ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر**﴾ يەنى يۇقىرىدىن باشلاپ بۇ يەرگە كەلگۈچە بولغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ

(1) يەنى ئۇ شۇنداق يوقسۇل بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ يوقسۇللۇقىنى كىشىلەرگە بىلدۈرمەي ئېپىپتى بىلەن ياشىغان كىشى بولغاچقا، (ئۇ) سەدىقە قىلىنىشقا ئەڭ لاياقەتلىكتۇر.
(2) رەئد سۈرىسى 20 ـ ئايەت.

ئىمانلىرىدا ھەقىقىي راستچىل كىشىلەردۇر. چۈنكى، بۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىللىرىدىكى ئىمانلىرىنى ھاياتىدا ئۆزلىرىنىڭ سۆز ۋە ئەمەلىيەتلىرى بىلەن ئىپادىلىدى.

﴿ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر﴾ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، ئۆزلىرىنىڭ ئىمانلىرىدا راستچىل بولغان كىشىلەر الله تائالادىن ھەقىقىي قورقىدىغان كىشىلەردۇر. چۈنكى، ئۇلار ھارام ئىشلاردىن ساقلىنىپ ياخشى ئىشلارنى قىلدى.

****

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ كُتِبَ عَلَيْكُمُ ٱلْقِصَاصُ فِى ٱلْقَتْلَى ۖ ٱلْحُرُّ بِٱلْحُرِّ وَٱلْعَبْدُ بِٱلْعَبْدِ وَٱلْأُنثَىٰ بِٱلْأُنثَىٰ ۚ فَمَنْ عُفِىَ لَهُۥ مِنْ أَخِيهِ شَىْءٌ فَٱتِّبَاعٌۢ بِٱلْمَعْرُوفِ وَأَدَآءٌ إِلَيْهِ بِإِحْسَـٰنٍ ۗ ذَٰلِكَ تَخْفِيفٌ مِّن رَّبِّكُمْ وَرَحْمَةٌ ۗ فَمَنِ ٱعْتَدَىٰ بَعْدَ ذَٰلِكَ فَلَهُۥ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿١٧٨﴾ وَلَكُمْ فِى ٱلْقِصَاصِ حَيَوٰةٌ يَـٰٓأُو۟لِى ٱلْأَلْبَـٰبِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴿١٧٩﴾

ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ. قاتىل ئۈچۈن (دىنىي قېرىندىشى تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ، جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم. بۇ (ھۆكۈم) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر. شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى دىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن)، چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن (يەنى قاتىلنى ئۆلتۈرگەن) ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿178﴾. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار (يەنى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ). (ناھەق قان تۆكۈشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس يولغا قويۇلدى)﴿179﴾.

ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلدىن قىساس ئېلىشقا بۇيرۇش ۋە قىساسنىڭ پايدىلىرىنى بايان قىلىش

الله تائالا بۇ ئايەتتە: ئى مۆمىنلەر! الله تائالانىڭ سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەرگە (قىساس ئېلىشتا) توختىتىپ بەرگەن قانۇنىدىن چەتنەپ كېتىپ، الله تائالانىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋەتكىنىدەك، سىلەرنىڭمۇ (الله تائالانىڭ سىلەرگە توختىتىپ) بەرگەن قانۇنىدىن چەتنەپ كەتمەي، ئازاد كىشىگە ئازاد كىشى بىلەن، قۇلغا قۇل بىلەن ۋە ئايال كىشىگە ئايال كىشى بىلەن قىساس ئېلىپ، (ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىدىن) قىساس ئالغان چېغىڭلاردا ئادىللىق قىلىشىڭلار پەرز قىلىندى، ـ دەيدۇ. بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى بولسا، ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرىكى زاماندا قۇرەيزە قەبىلىسى بىلەن نەزىر قەبىلىسىنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش بولاتتى. نەزىر قەبىلىسى

ئۇرۇشتا قۇرەيزە قەبىلىسىدىن غالىب كېلەتتى. نەزىر قەبىلىسىدىن بىرسى قۇرەيزە قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، نەزىر قەبىلىسىدىكى كىشى ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەيتتى (يەنى قىساس ئېلىنمايتتى). بەلكى (قۇرەيزە قەبىلىسىدىن ئۆلگەن كىشى ئۈچۈن) يۈز ۋەسەق[1] خورما تۆلەيتتى. ئەگەر قۇرەيزە قەبىلىسىدىن بىرى نەزىر قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇ قۇرەيزە قەبىلىسىدىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلەتتى. ئەگەر تۆلەم تۆلىمەكچى بولسا، ئىككى يۈز ۋەسەق يەنى ئىككى ھەسسە تۆلەيتتى.

ئاندىن الله تائالا قىساس ئالغاندا ئادىللىق قىلىشقا، كۈيۈرلۇق ۋە زوراۋانلىق يۈزىسىدىن الله تائالانىڭ ئۆزلىرىگە چۈشۈرگەن ھۆكۈملىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارىدىغان كىشىلەرنىڭ يولىغا ئەگەشمەسلىككە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ**﴾ الله تائالانىڭ: ﴿**ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ ھۆكمىنى: «جانغا ـ جان» دېگەن ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرغان (يەنى ئەر كىشىدىن ئايال، قۇل ياكى ھۆر كىشى ئۈچۈن قىساس ئېلىنىدۇ).

كۆپچىلىك ئالىملار: مۇسۇلمان كىشى كاپىر ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، ـ دېگەن كۆز قاراشتا بىرلىككە كەلدى. ئىمام بۇخارى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمان كاپىرنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ». ئەمما ئەبۇھەنىيفە: «الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) غا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ)﴾[2] دېگەن ئايىتى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇڭا مۇسۇلمان كاپىر ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ» دېگەن قاراشقا كەلدى.

تۆت مەزھەب ئىمامى ۋە كۆپچىلىك ئالىملار: «بىر نەچچە ئادەم بىرلىشىپ بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ بىر كىشى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ» دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (يەمەندە) يەتتە كىشى بىرلىشىپ بىر كىچىك بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ بولۇپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئۇنى (ئۆلتۈرۈشكە) سانئالىقلارنىڭ ھەممىسى قاتناشقان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسگە ئۆلۈم جازاسى بېرەتتىم». (ئۆمەرنىڭ چىقارغا ھۆكمىگە) ئۇنىڭ زامانىسىدا ساھابىلاردىن ھېچ قايسىسى قارشى چىقمىدى. بۇ خۇددى ھەممە كىشى بىرلىككە كەلگەن بىر ھۆكۈمدەك بولدى.

ئىمام ئەھمەدتىن: كۆپ كىشى بىر كىشى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، بىر كىشى ئۈچۈن بىرلا كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ـ دېگەن سۆز رىۋايەت قىلىندى. بۇ سۆز مۇئاز، ئىبنى زۇبەير، ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان، ئىبنى سىرىين ۋە ھەبىب ئىبنى ئەبۇسابىت قاتارلىقلاردىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان.

﴿**قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ،**

(1) ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، ھەر بىر ۋەسەق تەخمىنەن 150 كىلو گىرام كېلىدۇ.
(2) مائىدە سۈرىسى 45 ـ ئايەت.

جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم﴾ بۇ ئايەتتىكى كەچۈرۈم قىلىنسا دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى، قەستەن ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىدە (قەستەن ئۆلتۈرگۈچى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ئىگىلىرىگە) دىيەت بەرسە، (ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ئىگىلىرىنىڭ) ئۇنى قوبۇل قىلىشى دېگەن بولىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ ئاشۇنداق بولىدىغانلىقى نۇرغۇنلىغان ئالىملاردىنمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

﴿قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە﴾ زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن قىساس ئېلىشقا ھەقلىق تۇرۇقلۇق دىيەت ئېلىش ئارقىلىق كەچۈرگەن بولسا، (ئاندىن) بۇ كەچۈرگەنلىك بولىدۇ.

﴿ئۇ، جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم﴾ يەنى دىيەتنى قوبۇل قىلسا، ئۇنى (ئالماقچى بولغان كىشى) چىرايلىقچە ئېلىشى لازىم. **﴿(جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم﴾** يەنى ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى (دىيەتنى ئالماقچى بولغان ئادەملەرگە) زىيان يەتكۈزمەستىن چىرايلىقچە بېرىشى لازىم.

﴿بۇ (ھۆكۈم) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر﴾ يەنى الله تائالا سىلەرگە سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە توختىتىپ بەرگەن ئىشلاردىن يەڭگىللىتىش ۋە سىلەرگە رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن قەستەن بولغان ئۆلتۈرۈشتىنمۇ دىيەت ئېلىشنى يولغا قويۇپ بەردى.

سەئىد ئىبنى مەنسۇر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش پەرز قىلىنىپ، دىيەت ئېلىش يولغا قويۇلمىغان ئىدى. ئاندىن الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئۈچۈن مۇنداق دېدى: **﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ. قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە﴾** بۇ يەردىكى كەچۈرۈش قەستەن بولغان قاتىللىقتىن دىيەتنى قوبۇل قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

﴿ئۇ، جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم. بۇ (ھۆكۈم) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر﴾ قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە رەھىم قىلىپ، ئۇلاردىن ئىلگىرى ھېچ بىر كىشىگە ھالال قىلىنمىغان دىيەتنى ھالال قىلىپ بەردى. يەھۇدىيلاردا قىساس ئېلىش بولسىمۇ، دىيەت ئېلىش يوق ئىدى. خرىستىئانلار كەچۈرۈۋېتىشكىلا بۇيرۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، قىساس ئېلىش ياكى دىيەتنى قوبۇل قىلىش، بىر ئەزانى زەخىملەندۈرگەن بولسا، تۆلەم تۆلەش يولغا قويۇلدى. بۇ سۆز باشقىلاردىنمۇ

(ئوخشاش) رىۋايەت قىلىندى.

﴿شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى دىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن)، چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن (يەنى قاتىلنى ئۆلتۈرگەن) ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى دىيەتنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قاتىلنى ئۆلتۈرىۋەتسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق ئازاب بار. بۇ سۆز نۇرغۇنلىغان ئالىملاردىن رىۋايەت قىلىندى.

قىساسنىڭ پايدىسى ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتى

﴿سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار (يەنى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ)﴾ يەنى قىساسنىڭ يولغا قويۇلۇشىدا باشقا جانلارنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت چوڭ ھېكمەت بار. چۈنكى، ئادەم ئۆلتۈرمەكچى بولغان كىشى ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ.

شۇڭلاشقا قىساستا باشقىلارنىڭ ھاياتى ساقلىنىپ قالىدۇ. ئەبۇئالىيە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا قىساسنى (باشقىلارنىڭ) ھايات قېلىشىنىڭ بىر يولى قىلدى. بۇنداق بولۇشى كىشىلەر بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلىغاندا، كېيىن ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلىپ يامان نىيىتىدىن يانىدۇ. باشقىلاردىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر رىۋايەت قىلىندى.

﴿ئى ئەقىل ئىگىلىرى! (ناھەق قان تۆكۈشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس يولغا قويۇلدى)﴾ يەنى ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساسنىڭ يول قويۇلۇشى سىلەرنىڭ (ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت) الله تائالا ھارام قىلغان ئىشلارغا چۈشۈپ قېلىشىڭلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

****

كُتِبَ عَلَيْكُمْ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمُ ٱلْمَوْتُ إِن تَرَكَ خَيْرًا ٱلْوَصِيَّةُ لِلْوَٰلِدَيْنِ وَٱلْأَقْرَبِينَ بِٱلْمَعْرُوفِ ۖ
حَقًّا عَلَى ٱلْمُتَّقِينَ ﴿١٨٠﴾ فَمَنۢ بَدَّلَهُۥ بَعْدَ مَا سَمِعَهُۥ فَإِنَّمَآ إِثْمُهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ يُبَدِّلُونَهُۥٓ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿١٨١﴾ فَمَنْ
خَافَ مِن مُّوصٍ جَنَفًا أَوْ إِثْمًا فَأَصْلَحَ بَيْنَهُمْ فَلَآ إِثْمَ عَلَيْهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٨٢﴾

ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ۋە خىش-ئەقرىبالىرىغا ئادىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى سۈپىتىدە پەرز قىلىندى﴿180﴾. ۋەسىيەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كىمكى ئۇنى ئۆزگەرتىدىكەن، ئۇنىڭ گۇناھى ئۆزگەرتكەنلەرگە يۈكلىنىدۇ. الله ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿181﴾. كىمكى ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ سەۋەنلىكى ياكى قەستەن ناتوغرا قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ (يەنى ۋەسىيەت قىلغۇچىلار بىلەن ۋەسىيەت قىلىنغۇچىلارنىڭ) ئارىسىنى تۈزەپ قويسا، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿182﴾.

ئاتا ـ ئانىغا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ۋەسىيەت قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى ئاندىن ئۇنى مىراسخورلارنىڭ ھەققىدىكى ئايەت بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى

بۇ ئايەت ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا قالدۇرغان مال ـ مۈلكى توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلىشقا بۇيرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋەسىيەت قىلىش مىراسقا بۇيرۇيدىغان ئايەت چۈشۈشتىن بۇرۇن ۋاجىب ئىدى. كېيىن مىراسنىڭ ئايىتى چۈشكەندە، بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مىراس ئايىتىدە ئۆلچەپ قويۇلغان مىراسلارنى ئۇنىڭغا لايىق بولغان كىشىلەرنىڭ ۋەسىيەتسىز ئالىدىغانلىقى الله تائالا تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بىر پەرزگە ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا ھەدىستە ئەمرى ئىبنى خارىجىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبلىغ قىلىۋېتىپ: «شۈبھىسىزكى، الله تائالا ھەممە ھەق ئىگىسىگە تېگىشلىك ھەققىنى بەردى. مىراس ئالىدىغان كىشى ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىش يوق. (يەنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىنمىسىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ مىراستىكى ھەققىنى ئالىدۇ)» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

ئىمام ئەھمەد مۇھەممەد ئىبنى سىرىيىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئابباس بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇپ: **﴿ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە خىش ـ ئەقرىبالىرىغا ئادىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى سۈپىتىدە پەرز قىلىندى﴾** دېگەن ئايەتكە كەلگەندە: بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ـ دېدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى سەئىد ئىبنى مەنسۇر ۋە ھاكىم ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىشتى.

﴿ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە خىش ـ ئەقرىبالىرىغا ئادىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى سۈپىتىدە پەرز قىلىندى﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنى الله تائالانىڭ: ﴿ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ (يەنى تەرەكە) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ھەر ئادەم (الله نىڭ ئادىل شەرىئىتىدە) بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئالىملارنىڭ بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنى يۇقىرىدىكى ئايەت ئۆزگەرتىۋەتتى، ـ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى.

مىراس تەگمەيدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى

مىراس تەگمەيدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىر ھەسسىسىنى ۋەسىيەت قىلىش مۇستەھەبتۇر. ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيەت قىلىش توغرىسىدا

(1) نىسا سۈرىسى 7ـ ئايەت.

مۇنداق دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر نەرسىنى ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇراي دەپ ئويلىغان مۇسۇلماننىڭ ئۇنى يېزىپ يېنىدا قويۇپ قويماستىن ئىككى كېچىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش ھەققى يوق».

ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇ سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ۋاقىتتىن باشلاپ، بىر كېچىنى ئۆتكۈزسەم (مېنىڭ شۇ كېچىدىكى) ۋەسىيىتىم يېزىلىپ تۇراتتى.

ۋەسىيەتنىڭ نورمال بولۇشى توغرىسىدا

ھەدىس كىتابلىرىدا مۇنداق دېيىلدى: سەئدى (دېگەن ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن): ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ مېلىم كۆپ، ماڭا بىر قىزىمدىن باشقىسى مىراسخور بولمايدۇ. (ئۇنىڭ بىرلا قىزى بار ئىدى)، مەن مېلىمنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىنى (باشقىلارغا) ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇپ قويايمۇ؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دېدى. ئۇ: يېرىمىنىچۇ؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دېدى. ئۇ: ئۈچتىن بىرىنىچۇ؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈچتىن بىرى بولسۇن، ئۈچتىن بىرىمۇ جىق تۇر، بالىلىرىڭنى كىشىلەردىن بىر نەرسە سورايدىغان پېقىر ھالەتتە قويۇپ كەتكۈچە، باي ھالەتتە قويۇپ كەتكىنىڭ ياخشى» دېدى.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كاشكى كىشىلەر (ۋەسىيەت قىلىدىغان مال - مۈلكىنى) ئۈچتىن بىرىنى ۋەسىيەت قىلىشتىن تۆتتىن بىرىنى ۋەسىيەت قىلىشقا چۈشۈرگەن بولسىكەن! چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ ھەسسىسىنىڭ بىرىنىمۇ جىق دېگەن.

﴿ۋەسىيەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كىمكى ئۇنى ئۆزگەرتىدىكەن، ئۇنىڭ گۇناھى ئۆزگەرتكەنلەرگە يۈكلىنىدۇ. الله ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ يەنى ۋەسىيەتنى ئۆزگەرتىپ ئۇنىڭغا بىر نەرسە قوشۇپ قويسا ياكى ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى كېمەيتىۋەتسە ياكى ئۇنى يوشۇرسا، **﴿ئۇنىڭ گۇناھى ئۆزگەرتكەنلەرگە يۈكلىنىدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە ئەجرى بولىۋېرىدۇ. گۇناھى ۋەسىيەتنىڭ مىقدارىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن كىشىلەرگە بولىدۇ.

﴿الله ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ يەنى الله تائالا ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ نېمىنى ۋەسىيەت قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنى باشقىلارنىڭ ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

﴿كىمكى ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ سەۋەنلىكى ياكى قەستەن ناتوغرا قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ (يەنى ۋەسىيەت قىلغۇچىلار بىلەن ۋەسىيەت قىلىنغۇچىلارنىڭ) ئارىسىنى تۈزەپ قويسا، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ ئىبنى ئابباس، ئەبۇئالىيە، مۇجاھىد، زەھھاك، رەبىيئ ئىبنى ئەنەس ۋە سۇددى قاتارلىقلارمۇ: الله تائالانىڭ ئايىتىدىكى **﴿سەۋەنلىكى﴾** دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى خاتالىق دېگەن بولىدۇ،- دەيدۇ. بۇ، ۋەسىيەت قىلىش جەريانىدا بولۇپ قالغان ھەممە خاتالىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (ئايەتنىڭ مەنىسى) يەنى ۋەسىيەت قىلغۇچى قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن ئۆز مىراسخورلىرىدىن بىرىنى ئۇنتۇپ قالغان ياكى بىرىگە

مىراسنى جىق بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىشتەك خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇنى تۈزىتىش ۋە ئىسلام دىنىدا بەلگىلىگەن ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇ ۋەسىيەتنامىنى ئۆزگەرتكەن كىشىگە (ۋەسىيەتنامىنى ئۆزگەرتكەنلىكى ئۈچۈن) گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ خاتانى تۈزىتىش ئۈچۈن ئۆزگەرتكەن بولىدۇ.

ۋەسىيەت قىلغاندا ئادىللىق قىلىشنىڭ پەزىلىتى

ئابدۇرازاق ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، بىر كىشى 70 يىل ياخشى كىشىلەر قىلىدىغان (ياخشى) ئەمەلنى قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ ۋەسىيىتىدە زۇلۇم قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۆمرى يامان ئىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ ـ دە، دوزاخقا كىرىدۇ. بىر كىشى 70 يىل يامان كىشىلەر قىلىدىغان ئىشنى قىلىدۇ. ئاندىن ۋەسىيىتىدە ئادىللىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرى ياخشى ئىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ». ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئەگەر خالىساڭلار (الله تائالانىڭ) ﴿ئەنە شۇلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر﴾[1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇڭلار! ـ دېدى.

****

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ
(١٨٣) أَيَّامٗا مَّعۡدُودَٰتٖۚ فَمَن كَانَ مِنكُم مَّرِيضًا أَوۡ عَلَىٰ سَفَرٖ فَعِدَّةٞ مِّنۡ أَيَّامٍ أُخَرَۚ وَعَلَى ٱلَّذِينَ
يُطِيقُونَهُۥ فِدۡيَةٞ طَعَامُ مِسۡكِينٖۖ فَمَن تَطَوَّعَ خَيۡرٗا فَهُوَ خَيۡرٞ لَّهُۥۚ وَأَن تَصُومُواْ خَيۡرٞ لَّكُمۡۖ إِن كُنتُمۡ
تَعۡلَمُونَ (١٨٤)

ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى﴿183﴾. (بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر، سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (روزا تۇتمىغان بولسا)، تۇتمىغان كۈنلەرنى (يەنى قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم. كىمكى فىدىيىنى (بەلگىلەنگەن مىقداردىن) ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر بىلسەڭلار روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (ئېغىز ئوچۇق يۈرۈشتىن ۋە فىدىيە بېرىشتىن) ياخشىدۇر﴿184﴾.

روزا تۇتۇشقا بۇيرۇش

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرنىڭ نىيەتلىرى ۋە دىللىرىنى يامان خىسلەت ۋە ناچار ئەخلاقلاردىن

(1) بەقەرە سۈرىسى 229 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تازىلاش يۈزىسىدىن ئۇلارنى روزا تۇتۇشقا يەنى تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن باشلاپ كۈن ئولتۇرۇپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا بىر نەرسە يېيىش، ئىچىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىشقا بۇيرۇدى ۋە روزىنى مۆمىنلەرگە پەرز قىلغاندەك، ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرگە پەرز قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مۆمىنلەرگە ئۈلگە ئىكەنلىكىنى ۋە مۆمىنلەرنىڭ بۇ پەرزنى تولۇق ئادا قىلىشتا ئىلگىرىكىلەردىن بەكرەك تىرىشىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلدى. الله تائالا بۇ ئۈممەتنىڭ پەرزلەرنى ئىلگىرىكىلەردىن ياخشىراق ئادا قىلىشى ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر الله خالىسا، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى). لېكىن الله سىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر بارىسىدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۈممەت قىلىپ ئايرىدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار﴾[1].

﴿ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى﴾ چۈنكى، روزا نىيەت ۋە دىللارنى پاكلاپ شەيتاننىڭ (ئادەمگە بولغان) ۋەسۋەسىسىنى ئازايتىدۇ.

روزا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى ئازايتىدىغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئى ياشلار جامائەسى! سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن توي قىلىشقا قادىر بولالايدىغانلار توي قىلسۇن، توي قىلىشقا قادىر بولالمىغانلار روزا تۇتسۇن، روزا ئۇنىڭ شەھۋىتىنى كەسكۈچىدۇر». ئاندىن الله تائالا روزىنىڭ مىقدارىنى ۋە كىشىلەرگە ئېغىر كېلىپ ئۇنى ئادا قىلالماي قالمىسۇن دەپ ئۇنى ساناقلىق كۈنلەرلا پەرز قىلغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى روزا تۇتۇلىدىغان كۈن ئىدى، كېيىن رامىزان ئېيىنىڭ روزىسى پەرز قىلىندى. مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنىدە خالىغان كىشى روزا تۇتىدىغان ۋە خالىغان كىشى تۇتمايدىغان بولدى.

﴿روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم﴾ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: روزا تۇتۇشقا بۇيرۇلغان ۋاقىتنىڭ باشلىرىدا خالىغان كىشى روزا تۇتاتتى. خالىغان كىشى روزا تۇتماي ھەر بىر روزا تۇتمىغان كۈنى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە تائام بەرسە بولاتتى. شۇنىڭدەك ئىمام بۇخارى سەلىمە ئىبنى ئەكۋەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالانىڭ: ﴿روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم﴾ دېگەن ئايىتى نازىل بولغاندا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەت نازىل بولۇپ بۇنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغىچە خالىغان كىشى روزا تۇتماي (بىر كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىنگە تائام بەرسە بولاتتى. ئۇبەيدۇللاھ نافىئدىن ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

﴿كىمكى فىدىيىنى (بەلگىلەنگەن مىقداردىن) ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر

---

(1) مائىدە سۈرىسى 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىلسەڭلار روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (ئېغىز ئوچۇق يۈرۈشتىن ۋە فىدىيە بېرىشتىن) ياخشىدۇر﴾ يەنى ئالىملار: بۇ ئايەتتىن كېيىنكى **﴿سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن﴾** دېگەن ئايەت چۈشۈپ، ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋەتكىچە، خالىغان كىشى روزا تۇتاتتى ۋە خالىغان كىشى روزا تۇتماي ھەر بىر كۈنلۈكى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە يېمەك بېرەتتى، - دېدى.

ئاجىز ۋە ياشانغان كىشىلەرنىڭ روزا تۇتماي ئۇنىڭ ئورنىغا فىدىيە بەرسە بولىدىغانلىقى

﴿روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم﴾ ئىمام بۇخارى بۇ ئايەت ھەققىدە ئەتادىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىدى. بەلكى بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى روزا تۇتاي دېسە تۇتالايدىغان ۋە لېكىن قىينىلىپ قالىدىغان قېرى ئەر - ئاياللارغا خاس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار روزا تۇتمىغان ھەر بىر كۈن ئۈچۈن بىر مىسكىنگە تائام بېرىدۇ.

شۇنىڭدەك باشقىلارمۇ سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يۇقىرىقىدەك دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئىبنى ئابباس ۋە باشقا سەلەپ ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشىچە، اللّٰه تائالانىڭ: **﴿سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن﴾** دېگەن ئايىتى بىلەن ھەممە كىشىنىڭ روزا تۇتۇشى پەرز قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ ھۆكمى تەن سالامەتلىكى ياخشى، مۇساپىر ئەمەس كىشى ئۈچۈن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى (يەنى تەن سالامەتلىكى ياخشى، مۇساپىر ئەمەس كىشى چوقۇم روزا تۇتىدۇ).

ئەمما روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمايدىغان قېرى كىشىلەر روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ. قازاسىنى قىلىشقا مۇمكىن بولمىسا قازاسىنىمۇ قىلمايدۇ، بەلكى ئۇ ھەر بىر كۈن ئۈچۈن بىر مىسكىنگە تائام بېرىدۇ (يەنى بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى قېرى كىشىلەر ئۈچۈن كۈچكە ئىگە). ئىمام بۇخارىمۇ بۇ سۆزنى تاللاپ مۇنداق دېدى: قېرىپ قالغان كىشى روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىسا، روزا تۇتماي مىسكىنگە تائام بېرىدۇ. چۈنكى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قېرىغاندىن كېيىن بىر يىل ياكى ئىككى يىل رامىزان ئېيىنىڭ ھەر بىر كۈنى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە نان ۋە گۆش بېرىپ روزا تۇتمىغان ئىدى. قېرى كىشىلەرگە ئوخشاش، قورساق كۆتەرگەن ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارمۇ (ئەگەر روزا تۇتسا) ئۆزلىرىگە ياكى بالىلىرىغا بىرەر زىيان يېتىپ قېلىشىدىن قورقسا، (روزا تۇتماي) قازاسىنى قىلىدۇ. (ھەر بىر كۈن ئۈچۈن بىر مىسكىنگە) تائام بەرسە بولىدۇ دېگەن كۆز قاراشلارمۇ ۋە ھەر بىر كۈنگە بىر مىسكىنگە تائام بېرىش بىلەن بىرگە قازاسىنى قىلىدۇ دېگەن كۆز قاراشلارمۇ بار.

****

شَهْرُ رَمَضَانَ ٱلَّذِىٓ أُنزِلَ فِيهِ ٱلْقُرْءَانُ هُدًى لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَٰتٍ مِّنَ ٱلْهُدَىٰ وَٱلْفُرْقَانِ ۚ فَمَن
شَهِدَ مِنكُمُ ٱلشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ ۖ وَمَن كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ ۗ يُرِيدُ ٱللَّهُ

بِكُمُ ٱلۡيُسۡرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمُ ٱلۡعُسۡرَ وَلِتُكۡمِلُواْ ٱلۡعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُواْ ٱللَّهَ عَلَىٰ مَا هَدَىٰكُمۡ
وَلَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ﴿١٨٥﴾

رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ﷲ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغرىغانلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ﷲ نى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ﴿185﴾.

رامىزان ئېيىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇ ئايدا قۇرئاننىڭ چۈشكەنلىكى

ﷲ تائالا ئايلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ مۇبارەك بولغان، قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى ئۈچۈن تاللانغان رامىزان ئېيىنى ماختايدۇ. رامىزان ئېيىنىڭ پەيغەمبەرلەرگە ﷲ تائالانىڭ كىتابلىرى چۈشكەن ئاي ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھەدىس بار.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئەسقەئىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىپىلىرى رامىزاننىڭ 1 ـ كېچىسى نازىل قىلىندى. تەۋرات رامىزاننىڭ 6 ـ كۈنى نازىل قىلىندى، ئىنجىل رامىزاننىڭ 13 ـ كۈنى، قۇرئان كەرىم رامىزان ئېيىنىڭ 24 ـ كۈنى نازىل قىلىندى».

قۇرئاننىڭ پەزىلىتى

﴿قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر﴾ مانا بۇ، قۇرئانغا ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ دىلىنى توغرا يولغا باشلىغۇچى قىلىپ نازىل قىلىنغان قۇرئان ئۈچۈن مەدھىيەدۇر.

﴿روشەن ئايەتلەردۇر﴾ يەنى قۇرئاندىكى دەلىل پاكىتلارنى چۈشىنەلەيدىغان ۋە ئويلىيالايدىغان كىشى ئۈچۈن شۇ قۇرئان ئېلىپ كەلگەن يولنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ۋە ھەق بىلەن ناھەقنىڭ، ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىغان ھالدا چۈشۈرۈلگەندۇر.

رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇشنىڭ پەرزلىكى

﴿سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن﴾ يەنى بۇ ئايەت رامىزان ئېيى كىرگەندە، سەپەر قىلمىغان، تەن سالامەتلىكى ياخشى كىشىگە روزا تۇتۇشنى پەرز قىلدى. يۇقىرىدا

بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، بۇ ئايەت مۇساپىر ئەمەس، تېنى ساغلام كىشىنىڭ روزا تۇتماي، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەر بىر كۈنى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە تائام بەرسە بولىدۇ دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋەتتى.

رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش پەرز بولغاندىن كېيىن، ﷲ تائالا كېسەل كىشىلەر ۋە مۇساپىرلار ئۈچۈن رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش شەرتى بىلەن تۇتمىسا بولىدىغانلىقىنى رۇخسەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن**﴾ يەنى بىر كىشى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن روزا تۇتسا، ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدىغان ياكى ئۇنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋال بولسا ياكى سەپەر ئۈستىدە بولسا، بۇ كىشى روزا تۇتمىسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ئۇ روزا تۇتمىسا، روزا تۇتمىغان كۈنلەرنىڭ ئورنىغا باشقا كۈنلىرى قازاسىنى تۇتىدۇ.

﴿**ﷲ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ**﴾ يەنى كېسەل ۋە سەپەردىكى ۋاقىتلاردا روزا تۇتماسلىقنىڭ سىلەرگە رۇخسەت قىلىنىشى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇش ۋە رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىندۇر.

سەپەر ئۈستىدىكى روزىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن رامىزان ئېيىدا چىققانلىقى، كەدىد دېگەن بۇلاقنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭمۇ روزا تۇتمىغانلىقى ۋە باشقىلارنىمۇ روزا تۇتماسلىققا بۇيرۇغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ يەردىكى بۇيرۇق روزا تۇتماسلىققا بېرىلگەن كەسكىن بۇيرۇق ئەمەس. بەلكى روزا تۇتۇش ياكى تۇتماسلىق ساھابىلارنىڭ ئىختىيارلىقىغا بېرىلگەن بۇيرۇقتۇر. ئۇنىڭ روزا تۇتماسلىققا كەسكىن ئەمەسلىكىنىڭ دەلىلى شۇكى، ساھابىلار رامىزان ئايلىرىدا (جىھاد قىلىش ياكى باشقا ئىشلار ئۈچۈن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە سەپەرگە چىقاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە روزا تۇتىدىغانلارمۇ، روزا تۇتمايدىغانلارمۇ بولاتتى. روزا تۇتقانلار تۇتمىغانلارنى، تۇتمىغانلار تۇتقانلارنى ئەيىبلىمەيتتى. ئەگەر بېرىلگەن بۇيرۇق كەسكىن بولۇپ، روزا تۇتماسلىق پەرز بولىدىغان بولسا، (بۇ يەردە) روزا تۇتۇش ئەيىبلىك ھېسابلانغان بولاتتى. بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ سەپەر ئۈستىدە روزا تۇتقان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپەر ئۈستىدە روزا تۇتقانلىقى توغرىسىدا ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇدەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز رامىزان ئېيىنىڭ قاتتىق ئىسسىق (ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىن قولىمىزنى بېشىمىزنىڭ ئۈستىگە سايىۋەن قىلىۋالاتتۇق) كۈنلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە سەپەرگە چىقتۇق. ئارىمىزدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە دېگەن ساھابىدىن باشقا روزا تۇتقان كىشى يوق ئىدى.

بەزىلەر ﷲ تائالانىڭ سەپەردە روزا تۇتماسلىققا بەرگەن رۇخسىتىگە ۋە بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسكە ئاساسلىنىپ: سەپەردە روزا تۇتماسلىق ياخشى، ــ دېدى. بۇ توغرىسىدىكى ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سەپەردە روزا تۇتۇشنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى توغرىسىدا سورالغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «روزا تۇتمىغان كىشى ياخشى قىلدى، روزا تۇتقان كىشىگە ھېچ گۇنا

يوق» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى.

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «اللە تائالا سىلەرگە سەپەردە روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت بەردى. سىلەر اللە تائالانىڭ رۇخسىتىنى قوبۇل قىلىڭلار». بىر تۈركۈم ئالىملار ئۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوخشاش دېگەن كۆز قاراشقا كەلدى. ئۇلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى ئۆزلىرىگە ئاساس قىلىدۇ: ھەمزە ئىبنى ئەمر ئەسلەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەن روزىنى بەك جىق تۇتىدىغان ئادەم، سەپەردىمۇ روزا تۇتامدىمەن؟ ـ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «خالىساڭ روزا تۇتقىن، خالىساڭ تۇتمىغىن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بەزىلەر: روزا تۇتسا، قىيىنىلىپ قالسا روزا تۇتماسلىق ياخشى، ـ دېدى. بۇلارنىڭ پاكىتى جابىرنىڭ مۇنۇ ھەدىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە سايىۋەن قىلىۋالغان بىر كىشىنى كۆرۈپ: «بۇ قانداق كىشى؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلار: روزا تۇتقان كىشى، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەپەردە روزا تۇتۇش ياخشى ئەمەس» دېگەن. ئەگەر بىر كىشى (روزا تۇتماسلىقنى رۇخسەت قىلىپ كەلگەن) سۈننەتتىن (يەنى ھەدىستىن) يۈز ئۆرۈپ روزا تۇتماسلىق مەكرۇھ دەپ قارىسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا روزا تۇتۇشى ھارام بولىدۇ. (چۈنكى، ئۇ روزا تۇتماسلىققا بۇيرۇغان ھەدىستىن يۈز ئۆرىدى).

رامىزاننىڭ قازاسىنى تۇتقاندا ئارقا ـ ئارقىدىن تۇتۇشى ۋاجىب ئەمەس، خالىسا بىر كۈن تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتمىسىمۇ، خالىسا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ تۇتسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ پاكىتى رامىزان ئېيىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ تۇتۇشنىڭ ۋاجىب بولۇشى روزىنى شۇ ئاينىڭ ئىچىدە ئادا قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى ئۈچۈندۇر. ئەمما قازاسىنى تۇتماقچى بولغان ئادەم پەقەت تۇتالماي قالغان كۈنلەرنىڭ قازاسىنى تۇتسىلا بولىدۇ.

شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن﴾[1] (يۇقىرىدىكى كۆزقاراش ئىمام شافىئىينىڭ مەزھىبىدىكىلەرگە ئائىتتۇر).

ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىيفەنىڭ مەزھىبىدە رامىزاننىڭ قازاسىنى تۇتقاندىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن تۇتۇش لازىم. ئۇنىڭ پاكىتى شۇكى، رامىزاننىڭ روزىسىنى تۇتۇش ئارقا ـ ئارقىدىن بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ قازاسىنى تۇتۇشمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بولۇشى لازىمىيەنە بۇنىڭدىن باشقا پاكىت ـ ئىسپاتلارمۇ بار.

تەسلەشتۈرمەي ئاسانلاشتۇرۇش توغرىسىدا

﴿اللە سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾ ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى مالىكتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاسانلاشتۇرۇڭلار، تەسلەشتۈرمەڭلار! خاتىرجەم قىلىڭلار، قاچۇرماڭلار!»

(1) بەقەرە سۈرىسى 184 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز بىلەن ئەبۇمۇسانى يەمەنگە ئەۋەتكەن چاغدا ئۇ ئىككىسگە مۇنداق دېدى: «سىلەر خۇش ـ بېشارەت بىرىڭلار، قاچۇرماڭلار. ئاسانلاشتۇرۇڭلار، تەسلەشتۈرمەڭلار. بىر ـ بىرىڭلارغا بويسۇنۇڭلار، ئىختىلاپلاشماڭلار».

﴿الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغرىڭلار ئوچۇق يۇرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا الله نى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ﴾ يەنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى كۆزلەپ كېسەل، مۇساپىرلار ۋە باشقا ئۆزرىلىك كىشىلەر ئۈچۈن روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلدى ۋە رامىزان ئېيىدا كەم قالغان روزىنى تولۇقلاش ئۈچۈن (روزىنىڭ) قازاسىنى تۇتۇشقا بۇيرۇدى.

ئىبادەتنىڭ ئاخىرىدا الله تائالانى زىكرى قىلىش توغرىسىدا

﴿سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا الله نى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ﴾ يەنى سىلەر ئىبادەتىڭلارنى قىلىپ بولغاندا الله تائالانى زىكىر قىلىڭلار.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، الله نى بولسا ئاتا ـ بوۋاڭلارنى (پەخىرلىنىپ) ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد ئېتىڭلار﴾[1]، ﴿ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، الله نىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن الله نى كۆپ ياد ئېتىڭلار﴾[2]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن كېچىدە ۋە سەجدىدىن كېيىن (يەنى پەرز نامازلارنىڭ ئارقىسىدا) تەسبىھ ئېيتقىن﴾[3].

شۇنىڭ ئۈچۈن پەرز نامازلارنىڭ ئارقىسىدىن "سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر" دېيىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ھەققىدە ھەدىس بار.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئۇنىڭ: "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتىشىدىن بىلەتتۇق. شۇڭا كۆپلىگەن ئالىملار **﴿(ئاغرىڭلار ئوچۇق يۇرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا الله نى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ﴾** دېگەن ئايەتكە ئاساسلىنىپ، روزا ھېيت نامىزىدا "الله ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتىشنى يولغا قويىدى.

﴿(الله نىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ﴾ يەنى سىلەر الله تائالانىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلىش، چەكلىگەن نەرسىلەردىن يېنىش ۋە ئۇنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە

(1) بەقەرە سۈرىسى 200 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) جۇمۇئە سۈرىسى 10 ـ ئايەت.
(3) قاف سۈرىسى 39 ــ 40 ـ ئايەتلەر.

قىلىش بىلەن الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنساڭلار، (الله تائالاغا) شۈكرى ئېيتقانلارنىڭ قاتارىدىن بولالايسىلەر.

****

﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ ۖ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ ۖ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ ﴿١٨٦﴾﴾

مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن)﴿186﴾.

الله تائالانىڭ بەندىسىنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلايدىغانلىقى

ئىمام ئەھمەد ئەبۇمۇسا ئەشئەرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بىر جەڭدە ئىدۇق، بىز دۆڭگە چىققاندا ياكى ساي ـ جىلغىلارغا چۈشكەندە، "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ ئاۋازلىرىمىزنى كۆتەردۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە يېقىن كېلىپ مۇنداق دېدى: «ئى خالايىق! (ئازراق) كۆچەڭلار، سىلەر گاس ۋە يوق (بىر زاتنى) چاقىرىۋاتمايسىلەر، سىلەر ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچى (زاتنى) چاقىرىۋاتىسىلەر، سىلەر چاقىرىۋاتقان زات سىلەرگە ئاستىڭلاردىكى ئۇلاغلارنىڭ گەدىنىدىنمۇ يېقىن. ئى ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس! مەن ساڭا جەننەتنىڭ بايلىقلىرىدىن بولغان بىر سۆزنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ ئۇ سۆز: "لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ"[1] دۇر».

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مەن بەندەمنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىغا قارىتا بولىمەن، ئۇ ماڭا دۇئا قىلسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللەدۇرمەن».

قىلغان دۇئانىڭ قوبۇل بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بىكار بولۇپ كەتمەيدىغانلىقى

ئىمام ئەھمەد ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر مۇسۇلمان گۇناھ بولمايدىغان ۋەياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانىنىڭ ئارىلىقىنى ئۈزۈش ئۈچۈن بولمىغان بىر دۇئانى قىلسا، الله تائالا ئۇنىڭغا ئۇ دۇئانىڭ سەۋەبى بىلەن ئۈچ ئىشتىن بىرىنى بېرىدۇ ياكى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تىلىگىنىنى تېز بېرىدۇ، ياكى ئۇنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتكە ساقلاپ قويىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن دۇئا تىلىگىنىگە باراۋەر كېلىدىغان باشقا بىر يامانلىقنى قايتۇرىدۇ». ساھابىلار: ئۇنداق بولسا،

---

(1) ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچبىر ـ كۈچ قۇۋۋەت ئىگىسى يوقتۇر.

بىز دۇئانى كۆپ قىلايلى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دۇئا قانچىلىك كۆپ بولسىمۇ، الله تائالا ئۇنى ئىجابەت قىلىدۇ» دېدى.

ئىمام مالىك ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەردىن بىرىڭلار: مەن دۇئا قىلدىم. ئەمما ئىجابەت قىلىنمىدى، ـ دەپ ئالدىراقسانلىق قىلمىسىلا، ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ».

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بەندە گۇناھ بولىدىغان ئىش ئۈچۈن ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئارىلىقىنى بۇزۇش ئۈچۈن دۇئا قىلمىغانلا بولسا ۋە ئالدىراپ كەتمىسە، (ئۇنىڭ قىلغان دۇئاسى) ئىجابەت قىلىنىپ تۇرىدۇ». ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئالدىرىغانلىق قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئالدىرىغانلىق دېگەن، دۇئا قىلدىم، دۇئايىمنىڭ ئىجابەت قىلىنغانلىقىنى كۆرمىدىم، ـ دەپ ھېرىپ قېلىپ، دۇئا قىلىشنى تاشلىۋېتىشتۇر» دېدى.

قىلغان دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدىغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى

ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك كىشى بار، ئۇلارنىڭ دۇئالىرى قۇرۇق قايتۇرۇلمايدۇ؛ ئادىل پادىشاھنىڭ دۇئاسى، روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئىپتار قىلغان ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسى، زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسى. الله تائالا زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسىنى قىيامەت كۈنى بۇلۇتنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا ئاسمانلارنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئىززىتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، شەكسىز مەن ساڭا بىر مۇددەتتىن كېيىن بولسىمۇ ياردەم قىلىمەن».

****

أُحِلَّ لَكُمْ لَيْلَةَ ٱلصِّيَامِ ٱلرَّفَثُ إِلَىٰ نِسَآئِكُمْ ۚ هُنَّ لِبَاسٌ لَّكُمْ وَأَنتُمْ لِبَاسٌ لَّهُنَّ ۗ عَلِمَ ٱللَّهُ أَنَّكُمْ كُنتُمْ تَخْتَانُونَ أَنفُسَكُمْ فَتَابَ عَلَيْكُمْ وَعَفَا عَنكُمْ ۖ فَٱلْـَٰٔنَ بَٰشِرُوهُنَّ وَٱبْتَغُوا۟ مَا كَتَبَ ٱللَّهُ لَكُمْ ۚ وَكُلُوا۟ وَٱشْرَبُوا۟ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَكُمُ ٱلْخَيْطُ ٱلْأَبْيَضُ مِنَ ٱلْخَيْطِ ٱلْأَسْوَدِ مِنَ ٱلْفَجْرِ ۖ ثُمَّ أَتِمُّوا۟ ٱلصِّيَامَ إِلَى ٱلَّيْلِ ۚ وَلَا تُبَٰشِرُوهُنَّ وَأَنتُمْ عَٰكِفُونَ فِى ٱلْمَسَٰجِدِ ۗ تِلْكَ حُدُودُ ٱللَّهِ فَلَا تَقْرَبُوهَا ۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ ءَايَٰتِهِۦ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ ﴿١٨٧﴾

روزا كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى، ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر (يەنى ئۇلار سىلەرگە ئارىلىشىپ ياشايدۇ ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىدۇ)، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر (يەنى سىلەرمۇ ئۇلارغا ئارىلىشىپ ياشايسىلەر ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىسىلەر). الله ئۆزەڭلارنىڭ ئۆزەڭلارنى ئالدىغانلىقىڭلارنى (يەنى روزا كېچىسىدە يېقىنچىلىق قىلغىنىڭلارنى) بىلدى. الله تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى، سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. ئەمدى ئۇلارغا (يەنى

ئاياللىرىڭلارغا) يېقىنچىلىق قىلىڭلار، الله سىلەرگە تەقدىر قىلغان نەرسىنى (يەنى پەرزەنتنى) تەلەپ قىلىڭلار، تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار، سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (كۈندۈز بولسۇن، كېچە بولسۇن)، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، ئەنە شۇلار الله بەلگىلىگەن چېگرىلاردۇر (يەنى مەنئى قىلغان ئىشلاردۇر)، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار. كىشىلەرنىڭ (هارام قىلىنغان ئىشلاردىن) ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، الله ئايەتلىرىنى ئۇلارغا مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ﴿187﴾.

رامىزان ئېيىنىڭ كېچىلىرىدە يەپ ـ ئىچىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە بولىدىغانلىقى

مانا بۇ الله تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان رۇخستى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى قىيىنچىلىقنى كۆتۈرىۋېتىشىدۇر. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ بىرى ئىپتار قىلسا، ئۇنىڭغا يېيىش، ئىچىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ناماز خۇپتەنگىچە ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن قاچان ئۇخلىسا شۇ چاغقىچە هالال قىلىناتتى، قاچان ئۇخلىسا ياكى خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولسىلا، ئۇنىڭغا بىر نەرسە يېيىش، ئىچىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئەتىسى ئىپتارغىچە هارام بولاتتى. ئۇلار بۇنىڭدىن ناهايىتى چوڭ قىيىنچىلىق هېس قىلىشتى. الله تائالا ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن رامىزان كېچىلىرىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلدى.

ئەبۇ ئىسھاق بەرائىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى روزا تۇتقان بولسا، ئاندىن ئۇ ئىپتار قىلىشتىن بۇرۇن ئۇخلاپ قالسا، ئۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ۋاقىتقىچە (يەنى ئەتىسى ئىپتار ۋاقتى كېلىپ بولغىچە) تائام يېمەيتتى. قەيس ئىبنى سەرمە دېگەن ئەنسارى روزا تۇتقان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە تېرىلغۇ يېرىدە ئەمگەك قىلىۋاتاتتى، ئىپتار ۋاقتى كەلگەندە، ئايالىنىڭ قېشىغا كېلىپ (ئۇنىڭدىن): سېنىڭ قېشىڭدا تائام بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ: ياق، لېكىن مەن (ئۆيگە) بېرىپ ئېلىپ كېلەي، ـ دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ ئۇخلاپ قالدى. ئايالى كېلىپ ئۇنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ: ۋاي ئېست! ئۇخلاپ قاپسەنغۇ؟ ـ دېدى. (ئەتىسى) كۈن چۈش ۋاقتى بولغاندا ئۇ (ئاچلىقتىن) هوشسىزلىنىپ كەتتى. خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى: **﴿روزا كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە هالال قىلىندى، ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر (يەنى ئۇلار سىلەرگە ئارىلىشىپ ياشايدۇ ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىدۇ)، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر (يەنى سىلەرمۇ ئۇلارغا ئارىلىشىپ ياشايسىلەر ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىسىلەر). الله ئۆزەڭلارنىڭ ئۆزەڭلارنى ئالدىغانلىقىڭلارنى (يەنى روزا كېچىسىدە يېقىنچىلىق قىلغىنىڭلارنى) بىلدى. الله تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى، سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. ئەمدى ئۇلارغا (يەنى ئاياللىرىڭلارغا) يېقىنچىلىق قىلىڭلار، الله سىلەرگە تەقدىر قىلغان نەرسىنى (يەنى پەرزەنتنى) تەلەپ قىلىڭلار، تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار﴾** ئۇلار بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولغانلىقىدىن ناهايىتى خۇشال بولۇشتى.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئىسھاقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن بەرانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: رامىزان ئېيىنىڭ روزىسى پەرز بولۇپ چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق

قىلىشى چەكلەنگەنىدى. ئەمما ئەرلەر (جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق) ئۆزلىرىگە خىيانەت قىلىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿الله ئۆزەڭلارنىڭ ئۆزەڭلارنى ئالدىغانلىقىڭلارنى (يەنى روزا كېچىسىدە يېقىنچىلىق قىلغىنىڭلارنى) بىلدى. الله تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى، سىلەرنى ئەپۇ قىلدى﴾**.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسۇلمانلار رامىزان ئايلىرىدا خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولسا، ئۇلارغا ئاياللار بىلەن بىرگە بولۇش ۋە تائام يېيىش (ئەتىسى ئىپتار ۋاقتى كېلىپ بولغىچە) هارام قىلىناتتى. ئاندىن بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار رامىزان ئېيىدا خۇپتەندىن كېيىن، ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلىپ، تائاملاردىن يېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆمەر ئىبنى خەتتابمۇ بار ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشلىرىنى شىكايەت قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿الله ئۆزەڭلارنىڭ ئۆزەڭلارنى ئالدىغانلىقىڭلارنى (يەنى روزا كېچىسىدە يېقىنچىلىق قىلغىنىڭلارنى) بىلدى. الله تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى، سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. ئەمدى ئۇلارغا (يەنى ئاياللىرىڭلارغا) يېقىنچىلىق قىلىڭلار﴾** ئەۋفىيمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن شۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلدى.

﴿الله سىلەرگە تەقدىر قىلغان نەرسىنى (يەنى پەرزەنتنى) تەلەپ قىلىڭلار﴾ ساهابىلار ۋە نۇرغۇنلىغان ئالىملار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا سىلەرگە تەقدىر قىلغان بالىنى تەلەپ قىلىڭلار. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر الله تائالا سىلەرگە يول قويغان رۇخسەتنى تەلەپ قىلىڭلار. سەئىد قاتادىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر الله تائالا سىلەرگە هالال قىلىپ بەرگەن نەرسىنى تەلەپ قىلىڭلار.

سوھۇرلۇقنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى

﴿تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار﴾ يەنى الله تائالا بۇ ئايەتتە روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئەگەر خالىسا، رامىزان كېچىلىرى، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى تۈگەپ تاڭ سۈزۈلگىچە بولغان ئارىلىقتا يەپ ـ ئىچىش ۋە بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئايەتتە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

قۇرئان بۇنى ئاق يىپ قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا قەدەر دەپ بايان قىلدى. ئاندىن بۇنىڭ چۈشىنىكسىز بولغان يېرىنى **﴿تاكى تاڭنىڭ﴾** دېگەن سۆزى بىلەن چۈشەندۈردى.

ئىمام بۇخارى سەھل ئىبنى سەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **﴿ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار﴾** دېگەن ئايەت چۈشۈپ **﴿تاكى تاڭنىڭ﴾** دېگەن ئايەت چۈشكىچە كىشىلەر روزا تۇتماقچى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ئىككى پۇتىغا ئاق يىپ بىلەن قارا يىپنى باغلاپ قويۇپ، ئۇ ئىككىسىنى پەرق ئېتەلىگۈدەك يورۇق بولغۇچە تائام يەيتتى. ئاندىن الله تائالا **﴿تاكى تاڭنىڭ﴾** دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى. ئاندىن ئۇلار ئاق يىپ بىلەن قارا يىپ دېگەن سۆزدىن كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى بىلدى.

ئىمام بۇخارى شەئبىيدىن ئەدىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەدىي (يەنى ئۆزىنى دېمەكچى) ئاق يىپ بىلەن قارا يىپنى ئېلىپ يېنىدا قويۇپ قويىدى. ئۇ بىر كۈنى ئۇ ئىككى يىپقا قارىدى. ئىككى يىپنى بىرسى بىرسىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولمىدى. ئۇ ئىككى يىپ ئايرىلغۇچە يەي دېسە كۈن چىقىپ قالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتىسىگەندىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ياستۇقۇمنىڭ يېنىغا يىپ قويۇپ قويغانتىم، مەن يىپنىڭ رەڭگىنى پەرقلەندۈرەلمىدىم، قانداق قىلىمەن؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئاق يىپ بىلەن قارا يىپ ياستۇقۇڭنىڭ يېنىدا بولغان بولسا، ئۇنداقتا سېنىڭ ياستۇقۇڭ نېمىدېگەن كەڭ» دېدى.

ئىمام بۇخارى ئەدىي ئىبنى هاتەمدىن يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئاق يىپنىڭ قارا يىپتىن ئايرىلىشى دېگەن نېمە؟ ئۇ ئىككىسى ھەقىقىي يىپمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سەن ئۇ ئىككىسىنى ھەقىقىي ئىككى تال يىپ دەپ چۈشەنگەن بولساڭ، شەكسىز سېنىڭ گەدىنىڭ كەڭكەن[1]. ئۇ ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇ ئىككىسى ئىككى دانە يىپ ئەمەس)، بەلكى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن كۈندۈزنىڭ ئاقلىقىدۇر» دېدى.

سوھۇرلۇقنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئۇنىڭ ۋاقتى

الله تائالانىڭ تاڭ ئاتقۇچىلىك يەپ ـ ئىچىشكە يول قويغانلىقى سوھۇرلۇق يېيىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتىدۇر. چۈنكى، سوھۇرلۇق يېيىش الله تائالا رۇخسەت قىلىپ بەرگەن ئىشلاردىن بولۇپ، الله تائالانىڭ رۇخستىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ياخشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (كىشىلەرنى) سوھۇرلۇق يېيىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «سىلەر سوھۇرلۇق يەڭلار، سوھۇرلۇقتا بەرىكەت بار».

ئىمام مۇسلىم ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەكسىزكى، بىزنىڭ روزىمىز بىلەن ئەھلى كىتابنىڭ روزىسىنىڭ ئايرىلىقىدىكى پەرق سوھۇرلۇق يېيىشتۇر»[2].

ئىمام ئەھمەد ئەبۇسەئىدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سوھۇرلۇق يېيىش بەرىكەتتۇر، سىلەر بىر يۇتۇم سۇ بىلەن بولسىمۇ سوھۇرلۇق قىلىڭلار، سوھۇرلۇق يېگۈچىلەرگە الله تائالا رەھمەت قىلىدۇ ۋە پەرىشتىلەر ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى تىلەيدۇ».

بۇنىڭدىن باشقا، سوھۇرلۇق يېگەنلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇش ئۈچۈن بىر يۇتۇم سۇ بىلەن بولسىمۇ سوھۇرلۇق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بار (بۇنىڭدىن سوھۇرلۇق يېيىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز). سوھۇرلۇقنى تاڭ سۈزۈلگىلى باشلىغان ۋاقىتقىچە

(1) يەنى ياستۇقۇڭ ئۇپۇق سىغىدىغان دەرىجىدە كەڭكەن دېمەكچى.
(2) بىز سوھۇرلۇق يەپ روزا تۇتىمىز، ئۇلار سوھۇرلۇق يېمەي روزا تۇتىدۇ.

كېچىكتۈرۈپ يېيىش مۇستەھەبتۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى مالىكتىن زەيد ئىبنى سابىتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە سوھۇرلۇق يەپ بولۇپ ئاندىن ناماز بامداتنى ئوقۇدۇق. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: مەن زەيدتىن: نامازنىڭ ئەزىنى بىلەن سوھۇرلۇقنىڭ ئارىلىقىدا قانچىلىك ۋاقىت بار ئىدى؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ: ئەللىك ئايەت ئوقۇغۇچىلىك ۋاقىت بار ئىدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. نۇرغۇنلىغان ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭمۇ سوھۇرلۇقنى تاڭ ئېتىشقا يېقىن يېسە بولىدۇ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىلالنىڭ ئەزىنى سىلەرنى سوھۇرلۇق يېيىشتىن چەكلەپ قويمىسۇن. چۈنكى، ئۇ تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ئەزان ئېيتىدۇ. سىلەر ئىبنى ئۇممۇمەكتۇمنىڭ ئەزان ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغۇچە يەپ ـ ئىچىڭلار، ئۇ تاڭ سۈزۈلمىگىچە ئەزان ئېيتمايدۇ».

ئىمام ئەھمەد قەيس ئىبنى تەلقىنىڭ ئاتىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تاڭ سۈزۈلۈش دېگەن، ئاسماننىڭ ئەتراپىدىكى ئۇزۇنىغا سوزۇلغان (ئاقلىق) ئەمەس، بەلكى (ئۇ) توغرىسىغا كەتكەن ئاقلىقتۇر.» ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دەپ كەلدى: سىلەر يەپ ـ ئىچىڭلار، سىلەرنى ئېگىز (يەنى ئۇزۇنىسىغا) كەتكەن ئاقلىق چەكلەپ قويمىسۇن. سىلەرگە قىزىللىق توغرا قىلىنغۇچە (يەنى توغرىسىغا كەتكەن ئاقلىقنى كۆرگىچە) يەپ ـ ئىچىڭلار.

جۇنۇبلۇق ھالىتىدە تاڭ ئاتقۇزۇپ قالغان كىشىنىڭ روزا تۇتۇشىنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى

الله تائالانىڭ روزا تۇتماقچى بولغان كىشى ئۈچۈن يەپ ـ ئىچىشنى ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تاڭ يورىغىچە رۇخسەت قىلغانلىقى، جۇنۇپ ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزغان كىشىنىڭ يۇيۇنۇپ روزىسىنى تۇتۇۋەرسە، دۇرۇس بولىدىغانلىقىنىڭ پاكىتىدۇر. بۇ تۆت مەزھەبنىڭ ئىماملىرى ۋە سەلەپ ـ خەلەپلەردىن بولغان كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە ۋە ئۇممۇسەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېھتىلامدىن ئەمەس، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن جۇنۇبلۇق ھالىتىدە تاڭ ئاتقۇزاتتى. ئاندىن يۇيۇنۇپ روزىسىنى تۇتۇۋېرەتتى. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قىلغان رىۋايىتىدە مۇنداق دەپ كەلدى: ئاندىن روزا تۇتاتتى، قازاسىنى قىلمايتتى.

ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن): ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن جۇنۇبلۇق ھالەتتە نامازنىڭ (يەنى بامدات نامىزىنىڭ) ۋاقتى كىرىپ قالىدۇ، مەن روزا تۇتامدىمەن؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭمۇ جۇنۇبلۇق ھالىتىمدە ناماز (يەنى بامدات نامىزى) نىڭ ۋاقتى كىرىپ قالىدۇ،

مەنمۇ روزا تۇتىمەنغۇ؟» دېدى. ئاندىن ئۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن بىزگە ئۇخشىمايسەن، الله تائالا سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھىڭنى كەچۈرىۋەتكەن تۇرسا؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن الله تائالادىن سىلەردىن بەكرەك قورقىدىغان بولۇشىمنى بەك ئارزۇ قىلىمەن ۋە تەقۋادارلىق قىلىشنى سىلەردىن ياخشىراق بىلىمەن» دېدى.

كۈننىڭ كىرىپ كېتىشى بىلەن، روزىنىڭ تۈگەپ ئىپتارنىڭ باشلىنىدىغانلىقى

﴿ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار﴾ بۇ ئايەت شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بويىچە كۈننىڭ كىرىپ كېتىشى بىلەن ئىپتار قىلىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر كېچە بۇتەرەپتىن ئالدىنى قىلىپ كەلسە، كۈندۈز بۇ تەرەپتىن كەينىنى قىلىپ كەتسە، روزا تۇتقان كىشى چوقۇم ئىپتار قىلىشى كېرەك».

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەر ئىپتار قىلىشقا ئالدىرىغان بولسىلا، ئۇلار ياخشىلىق يولىدا بولغان بولىدۇ».

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا مۇنداق دېدى: شەكسىزكى، بەندىلىرىمنىڭ ئىچىدىن ماڭا ياخشى كۆرۈلىدىغىنى ئىپتار قىلىشقا ئالدىرىغىنىدۇر»[1].

روزىنى ئۇلاپ تۇتۇشنىڭ چەكلەنگەنلىكى

سوھۇرلۇق ۋە ئىپتار قىلىش ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئارىلىقدا ئىپتار ۋە سوھۇرلۇق قىلماي ئىككى كۈننى ئۇلاپلا روزا تۇتۇشتىن چەكلىگەن نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بار.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر روزىنى ئۇلاپ تۇتماڭلار». ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئۇلاپ تۇتىدىكەنسەنغۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن (بۇ جەھەتتە) سىلەرگە ئوخشىمايمەن، مەن كېچىسى ياتسام، ماڭا (مېنىڭ) پەرۋەردىگارىم تائام ۋە سۇ بېرىدۇ» دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلار شۇنىڭدىن كېيىنمۇ روزىنى ئۇلاپ تۇتۇشتىن يانمىدى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن بىللە ئىككى كېچە ـ كۈندۈز روزىنى ئۇلاپ تۇتتى، ئاندىن ئۇلار يېڭى ئاينى كۆردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئاينىڭ چىقىشى كېچىككەن بولسا (ئۇلاپ

(1) بۇنىڭدىن: ئىپتارغا ئالدىرىساق ياخشى ئىكەن، كۈن كىرىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئىپتار قىلسا بولغۇدەك دېگەن چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالسا بولمايدۇ، ئىپتارغا ئالدىراش دېگەن كۈن كىرىپ بولسىمۇ، ئىپتارنى يولتۇز كۆرۈنۈش ياكى باشقا غەرەزلەر ئۈچۈن ئارقىغا كېچىكتۈرمەي، كۈن ھەققىي كىرىپ كەتكەن ھامانلا ئىپتار قىلىش دېگەن بولىدۇ.

روزا تۇتۇشنى) ئاۋۇتاتتىم» دېدى[1].

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا روزىنى ئۇلاپ تۇتقاندا بېرىلگەن) يېمەك - ئىچمەك مەنىۋى جەھەتتىكى يېمەك ئىچمەك بولۇپ، ئەگەر ئۇ يېمەك - ئىچمەك ھەقىقىي بولىدىغان بولسا، روزىنى ئۇلاپ تۇتقان بولمايدۇ. ئەگەر بىر كىشى روزىنى ئۇلاشنى ياخشى كۆرسە، كۈن كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئىپتار قىلماي سوھۇر ۋاقتىغىچە بىرەر نەرسە يېمىسە بولىدۇ (رۇزىنى ئۇلىماقچى بولغان كىشى بۈگۈننىڭ سوھۇرىدىن باشلاپ ئەتىنىڭ سوھۇرىغىچە ئۇلىسۇن).

ئەبۇئەسەد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر روزىنى ئۇلاپ تۇتماڭلار، كىمكى روزىنى ئۇلاشنى خالىسا، سوھۇر ۋاقتىغىچە ئۇلىسۇن». ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئۇلايدىكەنسەنغۇ؟- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن (بۇ جەھەتتە) سىلەرگە ئوخشىمايمەن، مەن كېچىدە ياتسام ،ماڭا تائام ۋە سۇ بېرىدىغان (زات) بار» دېدى.

ئېتىكاپنىڭ ھۆكۈملىرى

﴿سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (كۈندۈز بولسۇن، كېچە بولسۇن)، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت رامىزاندا بولسۇن ياكى رامىزاندىن باشقا چاغدا بولسۇن، مەسچىتتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كىشى ھەققىدە كەلگەن بولۇپ، الله تائالا ئۇنىڭغا كېچىدە ياكى كۈندۈزدە بولسۇن، ئېتىكاپنى تۈگەتمەي بولغىچە ئايالىغا يېقىنلىشىشنى ھارام قىلدى.

زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: ئىلگىرى ئېتىكاپ قىلغان كىشى خالىسا مەسچىتتىن چىقىپ ئايالىغا يېقىن كېلەتتى، ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (كۈندۈز بولسۇن، كېچە بولسۇن)، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار﴾** يەنى سىلەر ئۇلارغا مەسچىتتە ياكى مەسچىتتىن باشقا يەردە ئېتىكاپ قىلىپ تۇرغان ۋاقتىڭلاردا يېقىنلاشماڭلار.

مۇجاھىد ۋە قەتادە قاتارلىقلار مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بۇرۇن مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلىۋاتقان كىشىلەر (مۇشۇ ئايەت چۈشكەنگە قەدەر) خالىسا سىرتقا چىقىپ ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلاتتى.

پۈتۈن ئالىملار ئېتىكاپ قىلغان كىشىنىڭ (مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلىپ تۇرغان ۋاقتىدا) ئايالىغا يېقىنلىشىشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا بىرلىككە كەلدى. ئەگەر ئۇ ھاجەت قىلىشقا ئوخشاش ياكى يېيىش - ئىچىشكە ئوخشاش زۆرۈرىيەت ئۈچۈن ئۆيگە بارسا، ئۆيىدە شۇ ھاجىتىنى تۈگىتىپ بولىدىغان ۋاقىتتىن ئارتۇق تۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس. ئايالىنى سۆيىدىغان ۋە قۇچاقلايدىغان ئىشلارنىمۇ قىلماسلىقى كېرەك، ئۇ ئېتىكاپ قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلمايدۇ. كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى يولدا كېتىۋېتىپ سورىسا بولىدۇ، ئەمما كېسەل يوقلىغىلى بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرسە بولمايدۇ. روزا تۇتۇشنى بايان قىلىپ

(1) يەنى ئاي چىقىپ قالمىغان بولسا، يەنە ئىككى كۈن قوشۇپ، ئۇلارنىڭ روزىنى ئۇلاپ تۇتۇشقا قادىر ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ قويماقچى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى روزىنى ئۇلاپ تۇتۇشتىن توسۇپ، روزىنى ئۇلاپ تۇتۇشنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلاردىن ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قادىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بولغاندىن كېيىن ﷲ تائالانىڭ ئېتىكاپنى كەلتۈرۈشى، بەندىلىرىنى روزا تۇتقاندا ياكى رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ۋە ئۇنى ئەسكەرتىش ئۈچۈندۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغىچە رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرغانلىقى، ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئېتىكاپتا ئولتۇرغانلىقى بايان قىلىندى. ھەدىس كىتابلىرىدا مۇنداق بايان قىلىندۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتتە ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى. (ئۇنىڭ ئايالى) ھۇيەيىنىنىڭ قىزى سەفىيە ئۇنى يوقلاپ كەلدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرەر سائەت سۆزلەشتى، ئاندىن ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى، ئۇ چاغدا كېچە بولۇپ قالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن تۇردى، ئۇنىڭ ئۆيى مەدىنىنىڭ بىر چېتىدىكى ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ قورۇسىدا ئىدى، يولدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەنسارىلاردىن ئىككى كىشى ئۇچرىدى، ئۇ ئىككى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ ئالدىراپ ماڭدى، يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالى بىلەن بىللە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ھايا قىلىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى، ـ دەپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىگە: «ئالدىرىماڭلار! بۇ ھۇيەيىنىنىڭ قىزى سەفىيە (يەنى بۇ مېنىڭ ئايالىم)» دېدى. ئاندىن ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرىگە دېگەن سۆزىدىن ھەيران قېلىپ: "سۇبھانەللاھ" دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۈبھىسىزكى، شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ قان تومۇرلىرىدا ئاقىدۇ، مەن شەيتاننىڭ سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارغا يامان گۇمان سېلىپ قويىشىدىن قورقىمەن» دېدى.

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە ئۇ ئىككىسىنى بىرەر يامان گۇمانغا چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ ئويلاپ، تۆھمەت بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئورۇندا (ئۆزىنىڭ) ئۇنىڭدىن پاك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى خالىدى. ئۇ ئىككىسى بىرەر ئىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن گۇمان قىلىشتىن قورقىدىغان كىشىلەر ئىدى.

(ئېتىكاپ قىلىۋاتقاندا) ئايال كىشىنى سۆيۈش ۋەياكى قۇچاقلاش ياكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشلەرنىڭ ھەممىسى دۇرۇس ئەمەس. ئەمما بىرەر نەرسىنى سۇنۇپ بېرىش ياكى ئېلىش دۇرۇس بولىدۇ.

بۇھەقتەئائىشەرەزىيەللاھۇئەنھانىڭمۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بېشىنى ماڭا يېقىن قىلىپ بېرەتتى. مەن ھەيزلىك ھالىتىدە تۇرۇپ چېچىنى تاراپ قوياتتىم، ئۇ ئۆيگە ئۆزىنىڭ ھاجىتى ئۈچۈنلا كىرەتتى. ئائىشە مۇنداق دېدى: (بۇ، ئائىشەنىڭ ئېتىكاپ قىلىۋاتقان ۋاقتى بولۇشى مۇمكىن) بىرەر ئۆيدە كېسەل بولسا، مەن شۇ ئۆيىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى سورايتتىم.

﴿**ئەنە شۇلار ﷲ بەلگىلىگەن چېگرىلاردۇر**﴾ يەنى بىز بايان قىلغان ۋە پەرز قىلغان روزا ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى، ئۇنىڭدا قىلىشقا يول قويغان ۋە چەكلىگەن نەرسە، روزا تۇتقاندا قاچان تائام يەپ، قاچان توختاش ۋە ئۇنىڭ ئېچىدىكى رۇخسەتلەر ﷲ تائالانىڭ يول قويۇپ بەرگەن ۋە ئۆزى بايان قىلغان ھۆكۈملىرىدۇر، سىلەر ئۇنىڭدىن ھالقىپ كەتمەڭلار.

﴿**كىشىلەرنىڭ (ھارام قىلىنغان ئىشلاردىن) ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، ﷲ ئايەتلىرىنى ئۇلارغا**

مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ﴾ يەنى ئىنسانلارنىڭ قانداق يول تېپىشى ۋە قانداق بويسۇنۇشنى بىلىشى ئۈچۈن خۇددى روزا ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلغاندەك، باشقا (ئىبادەتلەرنىڭ ياكى پەرزلەرنىڭ) ھۆكۈملىرىنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق بايان قىلىدۇ.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، **اللّٰه** بەندىسىگە روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى، **اللّٰه** شەك - شۈبھىسىز سىلەرگە مەرھەمەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

****

﴿وَلَا تَأْكُلُوٓا۟ أَمْوَٰلَكُم بَيْنَكُم بِٱلْبَٰطِلِ وَتُدْلُوا۟ بِهَآ إِلَى ٱلْحُكَّامِ لِتَأْكُلُوا۟ فَرِيقًا مِّنْ أَمْوَٰلِ ٱلنَّاسِ بِٱلْإِثْمِ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿١٨٨﴾

بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار﴿188﴾.

پارىخورلۇقنىڭ ھاراملىقى

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت بىراۋنىڭ مېلىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋېلىپ، ئەسلى مال ئىگىسىگە ھۆججەت يېزىپ بەرمىگەن، ئۆزىنىڭ يولسىزلىق قىلغانلىقىنى ۋە ھارام مال يېگەن كىشىنىڭ گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، دەۋالىشىش ئۈچۈن ھاكىملارنىڭ ئالدىغا بارغان كىشى توغرىسىدا چۈشكەن.

شۇنىڭدەك مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىكرىمە، ھەسەن، قەتادە، سۇددى، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم قاتارلىقلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەن ئۆزەڭنىڭ زۇلۇم قىلغانلىقىڭنى بىلىپ تۇرۇپ دەۋالاشمىغىن!

قازىنىڭ ھۆكمىنىڭ ھالالنى ھارام ۋە ھارامنى ھالال قىلالمايدىغانلىقى

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىلىپ قويۇڭلاركى، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئادەم، مېنىڭ قېشىمغا دەۋاگەر كېلىدۇ، سىلەرنىڭ بەزىڭلار بەزىڭلاردىن ھۆججەت كەلتۈرۈشكە ئۈستىراق بولۇشۇڭلار مۇمكىن، مەن (كەلتۈرۈلگەن ھۆججەتكە قاراپ) ھۆكۈم قىلىمەن. مەن بىر كىشىگە بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى بۇيرۇپ بەرسەم، ئۇنى ئالسۇن ياكى قويۇپ قويسۇن، ئۇ جەزمەن ئوتنىڭ بىر پارچىسىدۇر».

بۇ ئايەت ۋە ھەدىس ھاكىمنىڭ ھۆكمىنىڭ بىر نەرسىنى ئەسلىدىكى ھۆكمىدىن

---

(1) ھەدىد سۈرىسى 9 - ئايەت.

ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بىر ئىش ئەسلىدە هارام بولسا ئۇنى هالال قىلالمايدۇ، هالال بولسا ئۇنى هارام قىلالمايدۇ. هاكىم بىر نەرسىنىڭ سىرتىغا قاراپ هۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇلغاندۇر. ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ چىقارغان هۆكمى نەرسىنىڭ ئەسلىدىكى هۆكمىگە ئۇيغۇن كەلسە ياخشى، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا (يەنى ئۇ نەرسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ هالال دەپ هۆكۈم قىلغان، ئۇ نەرسە ئەمەلىيەتتە هارام بولسا)، هاكىم ئۇنىڭ توغرىسىنى تېپىشنى نىيەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ساۋاب بولىدۇ. (ئۇ نەرسىنى ساختا قىلىپ هارامنى هالال كۆرسەتكەن) هىيلىگەر گۇناهكار بولىدۇ.

﴿بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناهەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن هاكىملارغا پارا بەرمەڭلار﴾ يەنى سىلەر دەۋا قىلىۋاتقان سۆزلىرىڭلاردا مۇبالىغە قىلىۋاتقان نەرسىنىڭ ناهەقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ دەۋالىشامسىلەر؟ قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! بىلىپ قويغىن، شەكسىزكى، قازىنىڭ هۆكمى ساڭا هارامنى هالال قىلىپ بەرمەيدۇ، ناهەقنى هەق قىلىپ بەرمەيدۇ. قازىمۇ ئۆزى كۆرگەن پاكىتقا ۋە گۇۋاهچىلارنىڭ بەرگەن گۇۋاهلىقىغا قاراپ هۆكۈم چىقىرىدۇ. ئۇمۇ خاتالىشىدىغان هەم توغرا ئىش قىلىدىغان ئادەمدۇر. بىلىپ قويۇڭلاركى، بىر كىشىگە ناهەق هۆكۈم قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ دەۋا ئىشىنى الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇ ئىككىسىنى بىر يەرگە ئېلىپ كېلىپ، زۇلۇم قىلىنغۇچىغا بۇ دۇنيادا زۇلۇم قىلغۇچى ئىرىشكەن نەرسىدىن ياخشىراق نەرسىنى يەنى (ساۋابىنى) بېرىش ئارقىلىق تاماملايدۇ.

****

﴿ يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلْأَهِلَّةِ ۖ قُلْ هِىَ مَوَٰقِيتُ لِلنَّاسِ وَٱلْحَجِّ ۗ وَلَيْسَ ٱلْبِرُّ بِأَن تَأْتُوا۟ ٱلْبُيُوتَ مِن ظُهُورِهَا وَلَٰكِنَّ ٱلْبِرَّ مَنِ ٱتَّقَىٰ ۗ وَأْتُوا۟ ٱلْبُيُوتَ مِنْ أَبْوَٰبِهَا ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿١٨٩﴾

(ئى مۇهەممەد!) سەندىن يېڭى چىققان ئاي (يەنى ئاينىڭ كىچىك چىقىپ چوڭىيىدىغانلىقى، ئاندىن كىچىكلەيدىغانلىقى) توغرۇلۇق سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئۇ كىشىلەرنىڭ (تىرىكچىلىك، سودا - سېتىق، مۇئامىلە، روزا تۇتۇش، ئېغىز ئېچىش قاتارلىق) ئىشلارنىڭ ۋە هەجنىڭ ۋاقىتلىرىنى هېسابلىشى ئۈچۈندۇر». (جاهىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىڭلاردەك ئېهرامدىكى چېغىڭلاردا) ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن (تۆشۈك ئېچىپ) كىرىش ياخشىلىققا ياتمايدۇ. (الله نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپ ئىش قىلىشتىن) قورققان ئادەم ياخشى ئەمەل (ئىگىسى) دۇر. (ئېهرامدىكى چېغىڭلاردا ئادەتتىكىدەك) ئۆيلەرنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن الله غا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴿189﴾.

يېڭى چىققان ئاي هەققىدىكى سوئال

ئەۋفي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن يېڭى چىققان ئاي توغرىسىدا سوراشتى، ئاندىن بۇ ئايەت چۈشتى: **﴿(ئى مۇهەممەد!) سەندىن يېڭى چىققان ئاي (يەنى ئاينىڭ كىچىك چىقىپ چوڭىيىدىغانلىقى، ئاندىن كىچىكلەيدىغانلىقى) توغرۇلۇق سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئۇ كىشىلەرنىڭ (تىرىكچىلىك، سودا -**

سېتىق، مۇئامىلە، روزا تۇتۇش، ئېغىز ئېچىش قاتارلىق) ئىشلارنىڭ ۋە ھەجنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېسابلىشى ئۈچۈندۇر» ﴾ يەنى ئۇلار ئاي ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ گەردىنىدىكى قەرزلىرىنى بېرىش ۋاقتىنى، ئاياللىرىنىڭ ئىددىتىنى ۋە ھەجلىرىنىڭ ۋاقتىنى بىلىدۇ.

ئابدۇرازاق ئىبنى ئۆمەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **الله** تائالا يېڭى چىققان ئاينى كىشىلەرنىڭ زىرائەت تېرىيدىغان، تىجارەت قىلىدىغان، ئاياللىرىنىڭ ئىددىتىنى بىلىدىغان ۋە ھەجلىرىنىڭ ۋاقىتلىرىنى بىلىپ ھېسابلىۋالىدىغان قىلىپ بەردى. شۇڭا سىلەر ئاينىڭ بېشىدا ئۇنى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار ۋە ئۇنى كۆرۈپ رامىزاننى تۈگىتىڭلار (روزا تۇتۇشنى توختىتىپ، ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ رامىزاننى ئاياغلاشتۇرۇڭلار). ئەگەر ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ قالسا، سىلەر ئوتتۇز كۈننى تولۇق توشقۇزۇڭلار.

ياخشىلىقنىڭ تەقۋالىق بىلەن بولىدىغانلىقى

﴿**(جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىڭلاردەك ئېھرامدىكى چېغىڭلاردا) ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن (تۆشۈك ئېچىپ) كىرىش ياخشىلىققا ياتمايدۇ. (الله نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپ ئىش قىلىشتىن) قورققان ئادەم ياخشى ئەمەل (ئىگىسى) دۇر. (ئېھرامدىكى چېغىڭلاردا ئادەتتىكىدەك) ئۆيلەرنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن الله غا تەقۋادارلىق قىلىڭلار**﴾ ئىمام بۇخارى بەرائنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زاماندا (ھەج قىلىش ئۈچۈن) ئېھرام باغلىسا، ئۆيلىرىگە ئارقا تەرەپتىن كىرەتتى، ئاندىن **الله** تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.

شۇنىڭدەك، ئەبۇداۋۇد تەيالىسي بەرائنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەنسارىلار سەپەردىن كەلسە، (ئۆيگە) ئىشىكتىن كىرمەيتتى. ئاندىن بۇ ئايەت چۈشتى. ھەسەنبەسرى مۇنداق دەيدۇ: ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى كىشىلەر سەپەر قىلماقچى بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ، (سەپەر قىلالماي) ئۆيگە قايتىپ كىرمەكچى بولسا، ئىشىكتىن كىرمەي، ئارقا تەرىپىدىن ئاتلاپ كىرەتتى. ئاندىن **الله** تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.

﴿**بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن الله غا تەقۋادارلىق قىلىڭلار**﴾ يەنى **الله** تائالادىن قورقۇڭلار. **الله** تائالا سىلەرگە بۇيرۇغان ئىشنى قىلىڭلار ۋە سىلەرنى توسقان ئىشتىن يېنىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، يېقىن كەلگۈسىدە (قىيامەت كۈنىدە) **الله** تائالانىڭ ئالدىدا تۇرغان ۋاقتىڭلاردا، ئۇ سىلەرنى تولۇق مۇكاپاتلايدۇ.

****

وَقَٰتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ يُقَٰتِلُونَكُمۡ وَلَا تَعۡتَدُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُعۡتَدِينَ ﴿١٩٠﴾ وَٱقۡتُلُوهُمۡ
حَيۡثُ ثَقِفۡتُمُوهُمۡ وَأَخۡرِجُوهُم مِّنۡ حَيۡثُ أَخۡرَجُوكُمۡۚ وَٱلۡفِتۡنَةُ أَشَدُّ مِنَ ٱلۡقَتۡلِۚ وَلَا تُقَٰتِلُوهُمۡ عِندَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ حَتَّىٰ
يُقَٰتِلُوكُمۡ فِيهِۖ فَإِن قَٰتَلُوكُمۡ فَٱقۡتُلُوهُمۡۗ كَذَٰلِكَ جَزَآءُ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٩١﴾ فَإِنِ ٱنتَهَوۡاْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١٩٢﴾ وَقَٰتِلُوهُمۡ
حَتَّىٰ لَا تَكُونَ فِتۡنَةٞ وَيَكُونَ ٱلدِّينُ لِلَّهِۖ فَإِنِ ٱنتَهَوۡاْ فَلَا عُدۡوَٰنَ إِلَّا عَلَى ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٩٣﴾

سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى اﷲ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى اﷲ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴿190﴾. ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) (ئۇلار ھەرەمدە بولسۇن، باشقا يەردە بولسۇن، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا بولسۇن) ئۇچراتقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن (يەنى مەككىدىن) چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرمۇ ئۇلارنى يۇرتىدىن چىقىرىۋېتىڭلار، زىيانكەشلىك قىلىش ئۇرۇشتىنمۇ ياماندۇر. تاكى ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچمىغىچە مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار، ئەگەر ئۇلار (مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا) ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار. كاپىرلارنىڭ جازاسى شۇنداق بولىدۇ﴿191﴾. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا (سىلەرمۇ ئۇرۇشتىن قول يىغىڭلار)، اﷲ (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿192﴾. تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە اﷲ نىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ﴿193﴾.

ئۇرۇش ئاچقانغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋە ئۇنى كۆرگەن يەردە ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا

﴿سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى اﷲ يولىدا جىھاد قىلىڭلار﴾ ئەبۇجەئفەر رازى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە رەبىئ ئىبنى ئەنەستىن ئەبۇئالىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئۇرۇش توغرىسىدا مەدىنىدە چۈشكەن تۇنجى ئايەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى تەۋبە سۈرىسى چۈشۈپ بولغىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش قىلغان كىشى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇرۇش قىلمىغان كىشى بىلەن ئۇرۇشمايتتى.

ئابدۇراھمان ئىبنى زىد ئىبنى ئەسلەممۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە يۇقىرىقىغا ئوخشاش كۆز قاراشنى قوللاپ: بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى اﷲ تائالانىڭ: ﴿مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار﴾[1] دېگەن ئايىتى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ـ دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويىدى.

بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى دېگەن سۆزنى ئېنىقلاپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، اﷲ تائالانىڭ: **﴿سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى﴾** دېگەن ئايىتى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان دۈشمەنلەرنى (يەنى كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈشكە) رىغبەتلەندۈرۈشتۇر. يەنى ئۇلار خۇددى سىلەرنى ئۆلتۈرگەندەك، سىلەرمۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار دېگەنلىكتۇر.

اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار﴾[2].

﴿ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) (ئۇلار ھەرەمدە بولسۇن، باشقا يەردە بولسۇن، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا بولسۇن) ئۇچراتقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن (يەنى مەككىدىن) چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرمۇ ئۇلارنى يۇرتىدىن چىقىرىۋېتىڭلار﴾ يەنى ئۇلارنىڭ مەقستى سىلەرنى

(1) تەۋبە سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تەۋبە سۈرىسى 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆلتۈرۈش ۋە يۇرتلىرىدىن چىقىرىش بولغىنىدەك، (قىساس ئېلىش ئۈچۈن) سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلارمۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىش بولسۇن.

ئۇرۇشتا جەسەتلەرنىڭ ئەزالىرىنى كېسىش ۋە غەنىمەتلەرگە خىيانەت قىلىشتەك ئىشلارنى توسۇش

﴿تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴾ يەنى الله تائالانىڭ يولىدا ئۇرۇشۇڭلار، ئۇنىڭدا جىھاد بەلگىلىمىلىرىدىن ھالقىپ كەتمەڭلار. ھەسەنبەسرى دېگەندەك ھالقىپ كېتىش دېگەن (كىشىلەرنىڭ جەسەتلىرىنىڭ) ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى كېسىۋېتىش، (ئۇرۇشتا ئالغان ئولجىلارغا) خىيانەت قىلىش، جەڭ قىلىشقا پىكىر قوشمىغان ۋە جەڭگە قاتناشمىغان ئاياللارنى، كىچىك بالىلارنى ۋە قېرى كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش، راھىبلارنى ۋە ئىبادەتخانىدىن چىقماي ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش، دەرەخلەرنى كېسىش ۋە كۆيدۈرۈش، ھايۋانلارنى ئورۇنسىز ئۆلتۈرۈش قاتارلىق قىلمىشلاردۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان ۋە باشقىلارمۇ ھەسەنبەسرى دېگەنگە ئوخشاش بايان قىلدى. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم بۇرەيدەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر الله تائالانىڭ يولىدا جەڭ قىلىڭلار، الله تائالاغا كاپىر بولغان كىشى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار، جىھاد قىلىڭلار، (ئولجىلارغا) خىيانەت قىلماڭلار، ئەھدىنى بۇزماڭلار، جەسەتلەرنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى كېسىۋەتمەڭلار، كىچىك بالىلارنى ۋە ئىبادەتخانىدا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرمەڭلار».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ مەلۇم بىرىدە بىر ئايالنىڭ جەسىدى ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللار ۋە كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرۈش قىلمىشنى ئەيىبلىدى. (يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن) كىشىلەرنى ئۆلتۈرمەسلىك توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ ئۇرۇش قوزغىغاندىن يامان ئىكەنلىكى

ئۇرۇش قىلىش كىشىلەرنى ۋە جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، (كاپىرلارنىڭ) الله تائالادىن تېنىشى، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشى ۋە ئۇنىڭ (دىنىنى كىشىلەرگە تارقىتىشتىن) توسۇشى ئۇرۇش قىلغاندىنمۇ ياماندۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿زىيانكەشلىك قىلىش ئۇرۇشتىنمۇ ياماندۇر﴾**.

ئەبۇمالىك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئى كاپىرلار! سىلەردىكى بۇ دىنسىزلىق ئۇرۇش قىلغاندىنمۇ ياماندۇر.

ئەبۇئالىيە، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىكرىمە، ھەسەن، قەتادە، زەھھاك ۋە رەبىئ ئىبنى

ئەنەس قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: (الله تائالاغا) شېرىك كەلتۈرۈش ئۇرۇش قىلغاندىن يامانراق.

ھەرەمدە ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھاراملىقى ۋە تاجاۋۇزچىدىن قوغدىنىشنىڭ دۇرۇسلۇقى

﴿تاكى ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچمىغىچە مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار﴾
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «شەكسىزكى، الله تائالا ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقان كۈنى بۇ شەھەر (يەنى مەككە) نىڭ ھۆرمىتىنى قىلماسلىقنى ھارام قىلىۋەتكەن (يەنى بىر نەرسە ئۆلتۈرۈش، ئۇرۇش قىلىش، دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلاش ھارام قىلىنغان). الله تائالانىڭ ھۆكمى بويىچە مەككىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماسلىق تا قىيامەتكىچە ھارام قىلىندى. ماڭا كۈندۈزدە بىر سائەت ھالال قىلىندى (يەنى الله تائالا ماڭا مەككىدە ئۇرۇش قىلىشنى بىر سائەتلا ھالال قىلىپ بەردى). شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ، بۇ سائەتتىن باشلاپ الله تائالانىڭ ھارام قىلىشى بىلەن قىيامەت كۈنىگىچە ھارامدۇر. ئۇنىڭ دەرىخى كېسىلمەيدۇ، يېشىل ئوت ـ چۆپلىرى يۇلۇنمايدۇ. ئەگەر بىر كىشى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سوقۇشۇش رۇخسەت قىلىندىغۇ؟ ـ دېسە، (ئۇنىڭغا) شەكسىز الله تائالا پەيغەمبىرىگە رۇخسەت قىلغان، لېكىن سىلەرگە رۇخسەت قىلمىدى دەڭلار».

بۇ يەردە، مەككە فەتھى قىلىنغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن قىسقىغىنە ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، شۇ كۈنى كاپىرلاردىن بىر نەچچە كىشىلا خەدىمە دېگەن يەردە ئۆلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆزىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋالغانلار (يەنى ئۆيگە كىرىۋالغان) سالامەت قالىدۇ. ھەرەمگە ياكى ئەبۇسۇفياننىڭ قورۇسىغا كىرىۋالغانلارمۇ سالامەت قالىدۇ» دېگەن سۆزى بىلەن ئۇلارغا خاتىرجەملىك بەردى.

﴿تاكى ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچمىغىچە مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار، ئەگەر ئۇلار (مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا) ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار. كاپىرلارنىڭ جازاسى شۇنداق بولىدۇ﴾ يەنى سىلەر ھەرەم مەسچىتىدە كاپىرلار سىلەرگە ئۇرۇش ئاچمىغىچە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماڭلار، (ئەگەر ئۇلار ئاۋۋال ئۇرۇش ئاچسا) ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش ۋە سىلەرگە يامانلىق قىلماقچى بولغان كىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەققىڭلار بار. قۇرەيشنىڭ كاپىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سەقىفلىكلەر ۋە ھەبەشلەردىن بولغان دوستلىرى ھۇدەيبىيە يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇشۇش ئۈچۈن يىغىلغاندا، ساھابىلەرنىڭ (ھۇدەيبىيە كۈنى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەرەخ ئاستىدا كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەھدە بەرگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولماقچى بولغان ئۇرۇشنى توسۇپ قېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن توستى ھەمدە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىڭلاردىن كېيىن، مەككىنىڭ ئىچىدە (يەنى ھۇدەيبىيىدە) سىلەرنى ئۇلارغا قول سېلىشىڭلاردىن توستى. (مەككىدە) سىلەر بىلمەيدىغان ئەر ـ ئايال مۆمىنلەر بولۇپ، سىلەر بىلمەستىن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش بىلەن گۇناھقا گىرىپتار بولۇشۇڭلارنىڭ خەۋپى بولمىسا ئىدى (ئەلۋەتتە الله مەككىگە

كىرىشكىلارغا رۇخسەت قىلاتتى ۋە سىلەرنى كاپىرلارغا مۇسەللەت قىلاتتى)، **الله** خالىغان ئادەمنى رەھمىتى (دائىرىسىگە) كىرگۈزۈش ئۈچۈن (سىلەرنى مەككىنى پەتھى قىلىشتىن توستى)، ئەگەر ئۇلار ئايرىلسا (يەنى مۆمىنلەر كاپىرلاردىن ئايرىلسا)، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئازابلايتتۇق﴾[1].

﴿ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا (سىلەرمۇ ئۇرۇشتىن قول يىغىڭلار)، الله (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ يەنى ئۇلار ھەرقەدە ئۇرۇش قىلىشنى تاشلاپ ئىسلامغا قايتىپ تەۋبە قىلسا، گەرچە بۇرۇن ھەرقەدە مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، **الله** تائالا ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ. چۈنكى، **الله** تائالا چىن دىلى بىلەن تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ.

الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ دۇنيانى قاپلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى

الله تائالا كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئەبۇئالىيە، مۇجاھىد، ھەسەن، قەتادە، رەبىئ، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان، سۇددى ۋە زەيد ئىبنى ئەسلەم قاتارلىقلار بۇ ئايەتتىكى "زىيانكەشلىك" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر كاپىرلار بىلەن يەر - يۈزىدە شېرىك ئەمەللىرى تامامەن يوقالغۇچىلىك ئۇرۇشۇڭلار.

﴿ۋە الله نىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾ يەنى سىلەر **الله** تائالانىڭ دىنىنىڭ بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن بولۇشى ئۈچۈن كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم بۇ ھەقتە ئەبۇمۇسا ئەشئەرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: باتۇرلۇق يۈزىسىدىن ئۇرۇش قىلغان ياكى قەبىلىسىنى قوغدايمەن دەپ ئۇرۇش قىلغان ۋەياكى رىيا يۈزىسىدىن ئۇرۇش قىلغان كىشىلەرنىڭ قايسىسى **الله** تائالانىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلغان ھېسابلىنىدۇ؟- دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**الله** تائالانىڭ "لائىلاھە ئىللەللاھ" دېگەن سۆزىنىڭ ئۈستۈنلىككە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان كىشى **الله** تائالانىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلغان ھېسابلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەن، كىشىلەر "لائىلاھە ئىللەللاھ" دېگەن سۆزنى دېگۈچىلىك ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ئەگەر ئۇلار "لائىلاھە ئىللەللاھ" نى دېسە، ئۇلار مەندىن ئۆزلىرىنىڭ قانلىرىنى ۋەماللىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. (يەنى ئۇلار شۇ سۆزنى دېسە، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە مال- مۈلكىنى ئېلىشقا بولمايدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ جانلىرىدىن قىساس ئېلىش ۋە ماللىرىدىن زاكات ئېلىشقا ئوخشاش ئىسلام دىنىدا ئېلىشقا تېگىشلىك ھەق بولغان بولسا، بۇ ھەقلەر ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار تاشقى كۆرۈنۈشتە ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولۇپ، ئىچكى جەھەتتە كۇپۇرلۇق ھالىتىدە قالغان بولسا، ئۇنىڭ ھېسابىنى **الله** تائالا ئالىدۇ)».

---

(1) فەتھ سۈرىسى 24 ـــ 25 ـ ئايەتلەر.

﴿ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ﴾
يەنى ئۇلار **الله** تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ۋە مۆمىنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن يانغان بولسا سىلەرمۇ يېنىڭلار، شۇنىڭدىن كېيىن كىم ئۇرۇش باشلىغان بولسا زالىم ھېسابلىنىدۇ، زالىملاردىن باشقا كىشىلەر ئۆلتۈرۈلمەيدۇ (يەنى ئۇلار **الله** تائالاغا كەلتۈرۈۋاتقان شېرىكىدىن ۋە مۆمىنلەر بىلەن قىلىۋاتقان ئۇرۇشىدىن يانغان ئىكەن، ئۇلار زالىم ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇلار جازالانمايدۇ).

الله تائالا ئۇرۇش ئاچقان كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشۇش توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار﴾[1]، ﴿بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)﴾[2]، ﴿ئەگەر (ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)﴾[3].

ئىكرىمە ۋە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: زالىم دېگەن ”لائىلاھە ئىللەللاھ“ دېگەن سۆزنى دېگىلى ئۇنىمىغان كىشىدۇر.

﴿تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە الله نىڭ دىنى يولىغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾
ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە نافىئدىن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى زۇبەيرنىڭ زامانىسىدا پىتنە بولۇۋاتاتتى، شۇ ۋاقىتتا ئىبنى ئۆمەرنىڭ قېشىغا ئىككى كىشى كېلىپ مۇنداق دېدى: كىشىلەر پىتنىگە قالدى، سەن ئۆمەرنىڭ ئوغلى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھى ئىدىڭ، سېنىڭ ئۇرۇشقا چىقىشىڭغا نېمە توسالغۇ بولدى؟ ـ دەپ سوراشتى. ئاندىن ئىبنى ئۆمەر: ماڭا **الله** نىڭ مۇسۇلمان بۇرادىرىمنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى ھارام قىلغان ھۆكمى توسالغۇ بولدى، ـ دېدى. ئۇ ئىككىسى: **الله** تائالا: **﴿تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە الله نىڭ دىنى يولىغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾** دېمىدىمۇ؟ ـ دېدى. ئىبنى ئۆمەر: يەر يۈزىدىكى شېرىكنى تۈگىتىش ۋە **الله** تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن بىز (بۇرۇن) ئۇرۇشقان. سىلەر ھازىر شېرىكنىڭ تارقىلىشى، **الله** تائالانىڭ دىنىنىڭ ئۈستۈن بولماسلىقى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشنى خالايسىلەر، ـ دېدى[4].

ئوسمان ئىبنى سالىھ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئىبنى ئۆمەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن: ئى ئىبنى ئۆمەر! سېنىڭ بىر يىل ھەج، يەنە بىر يىل ئۆمرە قىلىشىڭنىڭ ۋە **الله** تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ جىھاد قىلماسلىقىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ: ئى دىنىي قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ئىسلام دىنى بەش نەرسىنىڭ ئۈستىگە قورۇلغان، (ئۇ بولسىمۇ) **الله** تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش، رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش، زاكاتنى ئادا قىلىش ۋە ھەج قىلىش، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ:

(1) بەقەرە سۈرىسى 194 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) شۇرا سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) نەھل سۈرىسى 126 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا خەلىپىلىك تالىشىپ ئۇرۇش چىققان بولۇپ، شۇڭا ئىبنى ئۆمەر ئۇلارغا يۇقىرىقىدەك جاۋاب بەرگەن ئىدى.

ئى ئىبنى ئۆمەر! سەن الله تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىدا كەلتۈرگەن: ﴿ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى الله نىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزىنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾[1]، ﴿**تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە الله نىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار**﴾ دېگەن بۇ ئايەتلىرىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟- دېدى. ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېدى: بىز ئۇرۇشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا، ئىسلام دىنىنىڭ كۈچى ئاجىز، بىر كىشى ئۆزىنىڭ دىنى سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلىدىغان ياكى قاتتىق ئازابلىنىدىغان مەزگىللەردە، ئىسلام كۈچىيىپ شېرىك ئەقىدە تۈگىگىچە قىلغان ئىدۇق. ئۇ كىشى ئۇنىڭدىن: ئەلى بىلەن ئوسمان توغرىسىدا قانداق قارايسەن؟- دەپ سورىدى. ئىبنى ئۆمەر: ئوسماننى الله تائالا كەچۈرۈۋەتتى، سىلەر ئۇنى كەچۈرۈشنى خالىمامسىلەر؟ ئەلى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋە كۈيئوغلى، ئەنە ئاۋۇ ئۆي ئۇنىڭ ئۆيى،- دەپ جاۋاب بەردى.

* * * * * * *

﴿ٱلشَّهۡرُ ٱلۡحَرَامُ بِٱلشَّهۡرِ ٱلۡحَرَامِ وَٱلۡحُرُمَٰتُ قِصَاصٞۚ فَمَنِ ٱعۡتَدَىٰ عَلَيۡكُمۡ فَٱعۡتَدُواْ عَلَيۡهِ بِمِثۡلِ مَا ٱعۡتَدَىٰ عَلَيۡكُمۡۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلۡمُتَّقِينَ ١٩٤﴾

(ئۇرۇش) ھارام قىلىنغان ئاي (ئۇرۇش) ھارام قىلىنغان ئايغا تەڭدۇر (يەنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا دۈشمىنىڭلار سىلەرگە چېقىلسا، شۇ ئايلاردا سىلەرمۇ ئۇلارغا چېقىلساڭلار بولىدۇ). ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى تەڭ باراۋەر (يەنى ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى باشقىلار دەپسەندە قىلسا، ئىنتىقام ئېلىش يۈزىسىدىن، سىلەرمۇ ئۇلارنى دەپسەندە قىلساڭلار ھېچ يامىنى يوق). بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار؛ اللهغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى الله تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر﴿194﴾.

ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلاردا دۈشمەن ئۇرۇشنى باشلىمىسا، ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھاراملىقى

ئىبنى ئابباس، زەھھاك، سۇددى، قەتادە، مۇقسىم، رەبىئ ئىبنى ئەنەس، ئەتا ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيىنىڭ ئالتىنچى يىلى ئۆمرىگە ئېھرام باغلاپ مەككىگە ماڭغان ئىدى، كاپىرلار ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغان مۇسۇلمانلارنى (ئۇرۇش ھارام قىلىنغان زۇلقەئىدە ئېيىدا) مەككىگە كىرىشتىن توستى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن كېلىدىغان يىلى مەككىگە كىرىش ئۈچۈن كېلىشىم تۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە كېلىدىغان يىلى مەككىگە كىردى. الله تائالا ئۇنىڭغا كاپىرلاردىن قىساس ئېلىپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: ﴿**(ئۇرۇش) ھارام قىلىنغان ئاي (ئۇرۇش) قىلىنغان ئايغا تەڭدۇر (يەنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا**

(1) ھۇجۇرات سۈرىسى 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دۈشمىنىڭلار سىلەرگە چېقىلسا، شۇ ئايلاردا سىلەرمۇ ئۇلارغا چېقىلساڭلار بولىدۇ). ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى تەڭ باراۋەر (يەنى ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى باشقىلار دەپسەندە قىلسا، ئىنتىقام ئېلىش يۈزىسىدىن، سىلەرمۇ ئۇلارنى دەپسەندە قىلساڭلار ھېچ يامىنى يوق)﴿.

ئىمام ئەھمەد جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايدا كاپىرلار تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىمىسا، ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ھۇجۇم باشلىمايتتى. ئۇرۇش قىلىنۋاتقان بولسا، ئۇرۇش چەكلەنگەن ئاي كىرسە ئۇ ئاي چىقىپ كەتكۈچىلىك ئۇرۇش قىلمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۆدەيبىيەدە چېدىر تىكىپ تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسماننى بىر پارچە خەت بىلەن مۇشرىكلارغا ئەۋەتكەن ئىدى. بىر مىڭ تۆت يۈز ساھابە دەرەخنىڭ ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىشقا بەيئەت قىلدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوسماننىڭ ئۆلتۈرۈلمىگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلگەندە ئۇرۇشۇشتىن توختاپ كېلىشىم قىلماقچى بولدى. ئاندىن كېلىدىغان يىلى ھەرەمگە كىرىشكە كېلىشىم قىلدى. شۇنىڭدەك، ھۇنەين كۈنى ھاۋازىن قەبىلىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يېڭىلگەنلىرى تائىپتىكى سېپىلغا كىرىۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىپقا ئاتلىنىپ، ئۇ سېپىلنى قورشاۋغا ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېپىلغا مەنجانىق بىلەن ھۇجۇم قىلىنۋاتقان كۈنلەردە، زۇلقەئىدە ئېيى كىرىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قورشاۋنى 40 كۈنگىچە داۋاملاشتۇردى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم بۇ ھەقتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ قورشاۋدا كۆپلىگەن ساھابە ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىپنى ئىشغال قىلىشتىن ياندى. ئاندىن جەئىرانە دېگەن يەردىن ئۆمرىگە ئېھرام باغلاپ مەككىگە قايتىپ، ھۇنەيندە ئالغان ئولجىلارنى ئۇرۇشقا قاتناشقان ساھابىلارغا بۆلۈپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قېتىمقى ئۆمرە ھەججىمۇ ھىجرىيەنىڭ 8 ـ يىلى بولغان ئىدى.

﴿بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار﴾ يەنى الله تائالا مۇشرىكلارغىمۇ ئادىللىق قىلىشقا بۇيرۇدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر (ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)﴾[1].

﴿الله غا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى الله تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر﴾ يەنى الله تائالا مۇسۇلمانلارنى ئۆزىدىن قورقۇشقا، بويسۇنۇشقا ۋە تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇنداق قىلغان كىشىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

****

وَأَنفِقُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَا تُلۡقُواْ بِأَيۡدِيكُمۡ إِلَى ٱلتَّهۡلُكَةِ وَأَحۡسِنُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿١٩٥﴾

الله نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان

(1) نەھل سۈرىسى 126 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ﷲ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴿195﴾.

ﷲ نىڭ يولىدا مال ـ مۈلكىنى سەرپ قىلىشقا بۇيرۇش

﴿ﷲ نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار﴾ ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ھۇزەيفەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت مال ـ مۈلۈكنى ﷲ تائالا يولىدا سەرپ قىلىش توغرىسىدا چۈشكەن، باشقا ئالىملاردىنمۇ مۇشۇ رىۋايەت بايان قىلىندى.

لەيس ئىبنى سەئىد يەزىد ئىبنى ئەبۇھەبىبتىن ئەسلەم ئەبۇئىمراننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇستانتىنىيەدە[1] مۇھاجىرلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى دۈشمەننىڭ سېپىگە ئۆزىنى ئېتىپ بۆسۈپ كىردى. ئەبۇئەييۇب ئەنسارى دېگەن ساھابە بىز بىلەن بىللە ئىدى. بەزى كىشىلەر دۈشمەننىڭ سېپىگە ئۆزىنى ئاتقان كىشى ئۆزىنى ھالاكەتكە ئاتتى دېيىشتى. ئەبۇئەييۇب ئەنسارى مۇنداق دېدى: بىز بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئوبدان بىلىمىز، بۇ ئايەت بىز توغرىلىق چۈشكەن. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇپ نۇرغۇنلىغان جەڭلەرگە قاتنىشىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلدۇق. ئاندىن ئىسلام كېڭىيىپ غەلىبە قىلغاندا، بىز ئەنسارىلار بىر يەرگە يىغىلىپ: ﷲ تائالا بىزگە پەيغەمبىرىنىڭ ساھابىلىرىدىن قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغان كىشىلەردىن قىلىش ئارقىلىق مەرھەمەت قىلدى. ئىسلاممۇ كېڭىيىپ ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان كىشىلەرمۇ كۆپەيدى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاياللىرىمىز، بالىلىرىمىز ۋە مال ـ مۈلكىمىزدىن ئۈستۈن كۆردۇق. ئۇرۇشمۇ توختىدى، ئەمدى بىز بالا ـ چاقىلىرىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن شۇغۇللانساق، تىجارەت قىلىپ ماللىرىمىزنى كۆپەيتسەك ـ، دېيىشتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ھەققىمىزدە: **﴿ﷲ نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار﴾** دېگەن ئايەت چۈشتى. يەنى بۇ ئايەتتىكى: "ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: سىلەر ﷲ تائالانىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىشنى تاشلاپ، بالا ـ چاقىلىرىڭلار ۋە ماللىرىڭلار بىلەن بولۇپ كەتمەڭلار[2] دېگەنلىكتۇر.

ئەبۇداۋۇدنىڭ ئەسلەم ئەبۇئىمراندىن قىلغان رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: بىز قۇستانتىنىيەدە ئىدۇق، مىسىردىن كەلگەن كىشىلەرگە ئۇقبە ئىبنى ئامىر، شاملىقلارغا فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد دېگەن كىشى مەسئۇل ئىدى. شەھەر تەرەپتىن رۇمنىڭ چوڭ بىر قوشۇنى چىقىپ، سەپ تۈزۈپ تۇردى، بىزمۇ ئۇلارغا قارشى سەپ تۈزۈپ تۇردۇق. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى ئۇلارنىڭ ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپ يېنىپ چىقتى، كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ تووۋلاپ: سۇبھانەللاھ! ئۇ ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىدى، ـ دېيىشىپ كەتتى. ئەنسارىلاردىن بولغان ئەبۇئەييۇب: ئى خالايىق! سىلەر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى باشقا بىر مەنىدە چۈشىنىدىكەنسىلەر، بۇ ئايەت بىز ئەنسارىلار توغرىسىدا چۈشكەن. ﷲ تائالا ئۆزىنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىپ، ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىغان كىشىلەر كۆپ بولغاندا بىز ئەنسارىلار ئۆزئارا ماللىرىمىز تەرەپكە يۈزلىنىپ، (ئۇرۇش قىلماي دەپ ئۇنىڭدا تارتقان زىيانلىرىمىزنى) تولۇقلىۋالساق، ـ دېيىشتۇق، ئاندىن

(1) ھازىرقى ئىستانبۇل.
(2) ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار، دۈشمەن يۇرتۇڭلارنى بېسىۋېلىپ، سىلەرنى مال ـ مۈلكىڭلارغا ھەتتا بالا ـ چاقىلىرىڭلارغىمۇ ئىگە قىلمايدۇ. ھەقىقىي ھالاكەت دېگەن شۇ.

ﷲ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى، ـ دېدى.

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئىيياش ئەبۇئىسھاق سەبىئىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى بەرا ئىبنى ئازىپتىن: ئەگەر مەن دۈشمەنگە يالغۇز ئېتىلىپ كىرسەم، ئۇلار مېنى ئۆلتۈرىۋەتسە، مەن ئۆزەمنى ھالاكەتكە ئاتقان بولامدىمەن؟ ـ دەپ سورىدى. بەرا: ياق، چۈنكى، ﷲ تائالا پەيغەمبىرىگە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ﷲ نىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن (يەنى ئۆزەڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان. مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە). سەن پەقەت ئۆزەڭگىلا جاۋابكارسەن﴾[1] ئەمما: **﴿ﷲ نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار﴾** دېگەن ئايەت ﷲ تائالانىڭ يولىدا مال ـ مۈلكنى سەرپ قىلىش توغرىسىدا چۈشكەن دەپ جاۋاب بەردى.

ئايەتنىڭ قىسقىچە مەنىسى، ﷲ تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا ياخشى ئىشلار ئۈچۈن پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلىشقا، مۇسۇلمانلار كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا، ئۇلارنىڭ كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە پۇل ـ مېلىنى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتەك ياخشى ئورۇنلارغا سەرپ قىلمىغان كىشىنىڭ ھالاكەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا ﷲ تائالاغا بويسۇنۇشنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىسى بولغان ئېھسانغا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: **﴿ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ﷲ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾**.

****

وَأَتِمُّوا۟ ٱلْحَجَّ وَٱلْعُمْرَةَ لِلَّهِ ۚ فَإِنْ أُحْصِرْتُمْ فَمَا ٱسْتَيْسَرَ مِنَ ٱلْهَدْىِ ۖ وَلَا تَحْلِقُوا۟ رُءُوسَكُمْ حَتَّىٰ يَبْلُغَ ٱلْهَدْىُ مَحِلَّهُۥ ۚ فَمَن كَانَ مِنكُم مَّرِيضًا أَوْ بِهِۦٓ أَذًى مِّن رَّأْسِهِۦ فَفِدْيَةٌ مِّن صِيَامٍ أَوْ صَدَقَةٍ أَوْ نُسُكٍ ۚ فَإِذَآ أَمِنتُمْ فَمَن تَمَتَّعَ بِٱلْعُمْرَةِ إِلَى ٱلْحَجِّ فَمَا ٱسْتَيْسَرَ مِنَ ٱلْهَدْىِ ۚ فَمَن لَّمْ يَجِدْ فَصِيَامُ ثَلَٰثَةِ أَيَّامٍ فِى ٱلْحَجِّ وَسَبْعَةٍ إِذَا رَجَعْتُمْ ۗ تِلْكَ عَشَرَةٌ كَامِلَةٌ ۗ ذَٰلِكَ لِمَن لَّمْ يَكُنْ أَهْلُهُۥ حَاضِرِى ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿١٩٦﴾

ھەج بىلەن ئۆمرەنى ﷲ ئۈچۈن تولۇق ئورۇنلاڭلار، ئەگەر (دۈشمەن ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن) ھەجنى ياكى ئۆمرەنى ئادا قىلىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار، ئۇ ھالدا نېمە ئوڭاي بولسا (يەنى تۆگە، كالا، قويدىن نېمىنى تاپالىساڭلار)، شۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار، قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال جايىغا (يەنى بەلگىلەنگەن جايغا) يەتمىگىچە بېشىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى كېسەل (يەنى چېچىنى چۈشۈرسە زىيان قىلىدىغان كېسەل) ياكى بېشىدا ئىللەت (يەنى باش ئاغرىقى، پىتقا ئوخشاشلار) بولۇپ (بېشىنى چۈشۈرمىسە)، فىدىيە قىلىش يۈزىسىدىن (ئۈچ كۈن) روزا تۇتسۇن ياكى (ئالتە مىسكىنگە ئۈچ سا) سەدىقە بەرسۇن ياكى (بىرەر مال) قۇربانلىق قىلسۇن، ئەمىنلىكتە بولغان چېغىڭلاردا (ئاراڭلاردىن) ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىشتىن بەھرىمەن بولغان ئادەم (يەنى ھەجدىن بۇرۇن ئۆمرە قىلىپ تاماملىغان ئادەم) نېمە ئوڭاي بولسا، شۇنى قۇربانلىق قىلسۇن، (پۇلى يوقلۇقتىن ياكى قۇربانلىق مال يوقلۇقىدىن قۇربانلىق مال) تاپالمىغان ئادەم ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن، (ھەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى ئون كۈن بولىدۇ. مانا بۇ (يەنى ئۆمرە

---

(1) نىسا سۈرىسى 84 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلغان ئادەمگە قۇربانلىق قىلىش لازىملىقى ياكى روزا تۇتۇش ھەققىدىكى ھۆكۈم) مەسجىدى ھەرام دائىرىسىدە (يەنى ھەرەمدە) ئولتۇرۇشلۇق بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. الله غا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴿196﴾.

ھەج بىلەن ئۆمرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش توغرىسىدا

الله تائالا يۇقىرىدا روزا تۇتۇش ۋە الله تائالانىڭ يولىدا كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى بايان قىلىشقا باشلاپ، ھەج بىلەن ئۆمرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ ئايەتنىڭ باش ـ ئايىغى ھەج بىلەن ئۆمرىنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا الله تائالا ئۇ ئىككىسىنى تولۇق ئادا قىلىشقا بۇيرۇپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ﴿**ئەگەر (دۈشمەن ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن) ھەجنى ياكى ئۆمرەنى ئادا قىلىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار**﴾ يەنى بەيتۇللاھقا يېتىپ بېرىشتىن ۋە ھەج بىلەن ئۆمرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تولۇقلاشتىن چەكلەنسەڭلار...

شۇڭا پۈتۈن ئالىملار: ھەج ۋە ئۆمرە قىلىشنى باشلىغان كىشى ئۇ ئىككىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئاخىرىغىچە، تولۇق ئادا قىلىشى ۋاجىب، ـ دېگەن سۆزدە بىرلىككە كەلدى. مەكھۇل: ئۇ ئىككىسىنى تولۇقلاش دېگەندە ئېھرام باغلاشقا كۆرسىتىپ بېرىلگەن ئورۇنلاردىن ھەج بىلەن ئۆمرىگە بىرلا ۋاقىتتا ئېھرام باغلاش كۆزدە تۇتۇلغان، ـ دېدى.

ئابدۇراززاق مۇئەممەردىن زۆھرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر الله تائالانىڭ: ﴿**ھەج بىلەن ئۆمرەنى الله ئۈچۈن تولۇق ئورۇنلاڭلار**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇ ئىككىسىنى تولۇقلاش دېگەن، ھەر بىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم قىلىش (يەنى ھەجنى ھەجنىڭ ئايلىرىدا، ئۆمرىنى ھەجنىڭ ئايلىرىدىن باشقا ئايلاردا قىلىش) دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، الله تائالا ﴿**ھەج ۋاقتى مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر)**﴾ دېدى، ـ دېگەن.

﴿**ھەج بىلەن ئۆمرەنى الله ئۈچۈن تولۇق ئورۇنلاڭلار**﴾ سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ھەج بىلەن ئۆمرىنى ئادا قىلىڭلار. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە زىراردىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئايەتتىكى ھەج دېگەنلىك ئەرەفات دېگەنلىك، ئۆمرە دېگەن تاۋاپ دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەئمەش ئىبراھىمدىن ئەلقەمەنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بۇ ئايەتنى ئابدۇللاھنىڭ: ھەج بىلەن ئۆمرەنى كەبىگىچە ئورۇنلاڭلار دەپ ئوقۇغان قىرائەتىگە ئاساسەن، ئۆمرە قىلغاندا بەيتۇللاھدىن باشقا يەرگە ئۆتۈپ كەتمەسلىك (يەنى ئۆمرە دېگەن بەيتۇللاھنىڭ ئىچىدىلا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مىنا ۋە ئەرەفاتلارغا چىقىپ كەتمەسلىك) كېرەك دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. باشقىلاردىنمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە بۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتلەر بايان قىلىندى.

ھەجگە ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان كىشىنىڭ يولدا توسۇلۇپ قالغاندا قىلىدىغان ئىشلىرى

﴿ئەگەر (دۈشمەن ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن) ھەجنى ياكى ئۆمرەنى ئادا قىلىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار، ئۇ ھالدا نېمە ئوڭاي بولسا (يەنى تۆگە، كالا، قويدىن نېمىنى تاپالىساڭلار)، شۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار﴾ ئالىملار: بۇ ئايەت ھىجرىيىنىڭ 6 ـ يىلى، يەنى ھۇدەيبىيە يىلى مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەرەمگە كىرىشتىن توسقان ۋاقىتتا چۈشكەن، ـ دېدى. الله تائالا ھۇدەيبىيە يىلى مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەرەمگە كىرىشتىن توسۇپ قالغان چاغدا، فەتھ سۈرىسىنىڭ ھەممىسىنى نازىل قىلدى.

الله تائالا ئۇلارغا ئۆزلىرى بىلەن بىللە قۇربانلىق ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن 70 تۆگىنى بوغۇزلاشقا، چاچلىرىنى چۈشۈرتۈشكە ۋە ئېھراملىرىدىن چىقىشقا رۇخسەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى چاچلىرىنى چۈشۈرتۈپ ئېھرامدىن چىقىشقا بۇيرۇدى. ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى چىقىپ چېچىنى چۈشۈرىۋەتمىگۈچە، بۇ ھۆكۈمنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۈتۈپ، بۇيرۇلغان ئىشلارنى (يەنى چېچىنى چۈشۈرتۈپ، ئېھرامدىن چىقىشنى) قىلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چېچىنى چۈشۈرىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەممىسى چېچىنى چۈشۈردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چاچلىرىنى چۈشۈرىۋەتمەي قىسقارتقانلارمۇ بولدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله چېچىنى چۈشۈرىۋەتكەنلەرگە رەھمەت قىلسۇن!» دېدى. ئۇلار: ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! چېچىنى قىسقارتقانلارغىچۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچىنچى قېتىمدا: «چېچىنى قىسقارتقانلارغىمۇ رەھمەت قىلسۇن!» دېدى. ئاخىرىدا، ئېلىپ كېلىنگەن قۇربانلىق قىلىش ئىشلا قالغانىدى. ھەر يەتتە كىشى بىرلىشىپ بىردىن تۆگە بوغۇزلىدى. ئۇلارنىڭ سانى 1400 كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ (ھۇدەيبىيەدىكى) چۈشكەن يېرى ھەرەمگە تەۋە يەرنىڭ سىرتىدا ئىدى. بەزىلەر: ھەرەم تەرەپتە ئىدى، ـ دەپمۇ بايان قىلدى. دۈشمەننىڭ يولنى توسۇۋېلىشى، ئېھرام باغلىغان كىشىنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشى، ئۇنىڭ يولدىن ئېزىقىپ كېتىشى، ئۇنىڭ پۇل ـ ماللىرىنىڭ يوقاپ كېتىشى ياكى ئايال كىشى بولسا، ئۇنىڭغا مەھرەم بولۇپ ماڭغان كىشىنىڭ يولدا ئايرىلىپ قېلىشىدەك ئىشلار ھەجگە ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان كىشىنىڭ ئالدىنى توسۇپ قويىدۇ.

ئىمام ئەھمەد بۇ ھەقتە ھەججاج ئىبنى ئەمرى ئەنسارىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر كىشىنىڭ بىر يېرى سۇنۇپ كەتسە ياكى قايرىلىپ كەتسە، ئۇ كىشى ئېھرامدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ، ئۇ باشقىدىن ھەج قىلىشى كېرەك» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ھەججاج ئىبنى ئەمرى: مەن بۇنى ئىبنى ئابباس بىلەن ئەبۇ ھۇرەيرەگە دەپ بەرگەن ئىدىم. ئۇلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەندەك جاۋاب بەردى، ـ دېدى.

ئەبۇداۋۇد بىلەن ئىبنى ماجەنىڭ رىۋايىتىدە: «بىر كىشىنىڭ بىر يېرى قايرىلىپ كەتسە ياكى سۇنۇپ كەتسە ۋەياكى ئۇ كېسەل بولۇپ قالسا» دەپ بايان قىلدى. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىبنى زۇبەير، ئەلقەمە، سەئىد ئىبنى مۇسەييىب، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، مۇجاھىد، نەخەئىي، ئەتا، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان قاتارلىقلار مۇنداق دېدى: ئېھرام باغلىغان كىشى دۈشمەننىڭ يولنى توسۇۋېلىشى، كېسەل بولۇپ قېلىش ياكى بىر يېرى سۇنۇپ كېتىشى سەۋەبىدىن (ھەج ياكى ئۆمرە يولىدىن) توسۇلۇپ قالىدۇ. سەۋرى: توسۇپ قېلىش دېگەن، يولدا توسۇلۇپ قېلىش سەۋەبچى بولىدىغان ھەرقانداق

ئەزىيەت بەرگۈچى نەرسىدىن ئىبارەتتۇر، ـ دېدى.

بۇ ھەقتە (يەنى يولدا توسۇلۇپ قېلىشقا سەۋەبچى بولالايدىغان نەرسىنىڭ كېسەل ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئەزىيەت بېرىدىغان نەرسە ئىكەنلىكى توغرىسىدا) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىبابە بىنت زۇبەير ئىبنى ئابدۇمۇتەللىب دېگەن ئايالنىڭ قېشىغا كىرگەن ئىدى. ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ھەج قىلىشنى خالايمەن، (لېكىن) مەن كېسەلچان، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: «ھەج قىلىڭ ۋە كېسەل مېنى ھەج قىلىش ئىمكانىيىتىدىن ئايرىغۇچە ھەج قىلىمەن ۋە شۇ چاغدىلا ئېھرامدىن چىقىمەن دەپ شەرت قىلىڭ» دېدى.

ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇشۇ ھەدىسكە ئوخشاش يەنە بىر ھەدىس رىۋايەت قىلدى. بۇ ھەدىسلەرگە ئاساسلانغاندا، ھەجگە شەرت قويۇشقا بولىدۇ.

﴿ئەگەر (دۈشمەن ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن) ھەجنى ياكى ئۆمرەنى ئادا قىلىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار، ئۇ ھالدا نېمە ئوڭاي بولسا (يەنى تۆگە، كالا، قويدىن نېمىنى تاپالىساڭلار)، شۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار﴾ ئىمام مالىك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى (قۇربانلىق ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنىدىغان چارۋا ـ مال) قويدۇر.

ئىبنى ئابباس قۇربانلىق ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنىدىغان چارۋا ـ ماللار تۆگە، كالا، ئۆچكە ۋە قوي قاتارلىقلارنىڭ ئەركەك ـ چىشىلىرىدىن بولىدۇ، ـ دېدى. ئابدۇرازاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەر كىم قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە قۇربانلىق قىلىدۇ. ئەۋفي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر ئۇ باي بولسا تۆگە، تۇرمۇش ئەھۋالى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك بولسا كالا، ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەنرەك بولسا قوي بوغۇزلايدۇ.

ھىشام ئىبنى ئۇرۋە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇربانلىق قىلىنىدىغان چارۋا ـ مال ئەرزان بىلەن قىممەتنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ. يولدا سەپەردىن توسۇلۇپ قالغاندا قوي ئۆلتۈرسىمۇ بولىدۇ، دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، توسۇلۇپ قالغاندا نېمىنى قۇربانلىق قىلىش قولاي بولسا، شۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنىدىغان چارۋا ـ ماللار ئىبنى ئابباس دېگەندەك تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم قويدىن بىرنى قۇربانلىق قىلغان، ـ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى.

﴿قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال جايىغا (يەنى بەلگىلەنگەن جايغا) يەتمىگىچە بېشىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار﴾ بۇ ئايەت يۇقىرىدىكى: **﴿ھەج بىلەن ئۆمرەنى اللە ئۈچۈن تولۇق ئورۇنلاڭلار﴾** دېگەن ئايەت بىلەن باغلىنىشلىقتۇر. بۇنىڭ مەنىسى ھەرەمگە خاتىرجەم يېتىپ بارغىلى بولىدىغان ھالەتتە چېچىنى چۈشۈرۈش (ھەرەمگە بېرىپ قۇربانلىق قىلمىغىچە) دۇرۇس ئەمەس.

﴿قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال جايىغا (يەنى بەلگىلەنگەن جايغا) يەتمىگىچە بېشىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار﴾ ئەگەر ئۇ ھەج بىلەن ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان كىشى بولسا، ھەج بىلەن ئۆمرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەج پائالىيەتلىرى تاماملىنىدۇ. ئەگەر ھەجگە ياكى ئۆمرىگە ئېھرام

باغلىغان بولسا، يەنى ھەجىنىڭ ئايلىرىدىن ئاۋۋال ئۆمرىگە ئېھرام باغلاپ، ئۆمرىدىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىپ، ھەجىنىڭ ۋاقتىغىچە ھەرەمدە تۇرۇپ، (ھەجنىڭ ۋاقتى كەلگەندە ھەرەمدىن ئېھرام باغلاپ) ھەج پائالىيەتلىرىنى تۈگەتسە، ئۇ قىلماقچى بولغان ھەج ياكى ئۆمرىسىنى تاماملىغان بولىدۇ.

ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆمرىگە باغلىغان ئېھراملىرىدىن چىقىدۇ. سەن ئېھرامىڭدىن چىقمايسەن؟ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن چېچىمنى قاتۇرۇپ[1] قويىدۇم، قۇربانلىق قىلماقچى بولغان مېلىمنىڭ بوينىغا قۇربانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر نەرسە ئېسىپ قويىدۇم. ئېھرامدىن ئۇنى قۇربانلىق قىلمىغىچە چىقمايمەن (يەنى ئېھرامدىن ھەجنى قىلىپ بولۇپ چىقىمەن)» دېدى.

ئېھرامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ چېچىنى چۈشۈرۈۋەتكەن كىشىگە فىدىيەنىڭ ۋاجىب بولىدىغانلىقى

﴿سىلەردىن كىمكى كېسەل (يەنى چېچىنى چۈشۈرسە زىيان قىلىدىغان كېسەل) ياكى بېشىدا ئىللەت (يەنى باش ئاغرىقى، پىتقا ئوخشاشلار) بولۇپ (بېشىنى چۈشۈرمىسە)، فىدىيە قىلىش يۈزىسىدىن (ئۈچ كۈن) روزا تۇتسۇن ياكى (ئالتە مىسكىنگە ئۈچ سا) سەدىقە بەرسۇن ياكى (بىرەر مال) قۇربانلىق قىلسۇن﴾
ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا ئابدۇراھمان ئىبنى ئىسفەھانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەئقەلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: مەن كۇفەنىڭ مەسچىتىدە كەئب ئىبنى ئەجەرنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن فىدىيە ئۈچۈن قانچە كۈن روزا تۇتۇلىدىغانلىقىنى سورىدىم. كەئب ئىبنى ئەجەر: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا پىتلەر مېنىڭ يۈزۈمگە چۈشكەن ھالەتتە ئېلىپ بېرىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيىنچىلىق ساڭا بۇ دەرىجىدە يەتكەنلىكىنى ئويلىمىغان ئىدىم، فىدىيە ئۈچۈن بىر قوي تاپالامسەن؟» دېدى. مەن: ياق، - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر فىدىيە بەرگىلى بىر قوي تاپالمىساڭ، ئۈچ كۈن روزا تۇتقىن ياكى ئالتە مىسكىنگە (ھەر بىر مىسكىن ئۈچۈن يېرىم سا[2] دىن) تائام بېرىپ چېچىڭنى چۈشۈرتكىن» دېدى. كەئب ئىبنى ئەجەر: بۇ ئايەت مەن توغرىسىدا چۈشتى. لېكىن ئۇ سىلەرگىمۇ ئورتاقتۇر، - دېدى.

ئىمام ئەھمەد كەئب ئىبنى ئەجەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قېشىمغا كەلدى، ئۇ چاغدا پىتلار يۈزلىرىمگە يامراپ كەتكەن ھالەتتە ئۇچاققا ئوت قالاۋاتاتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ساڭا بېشىڭدىكى جانىۋارلار ئەزىيەت يەتكۈزىۋاتامدۇ؟» دېدى. مەن: ھەئە، - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چېچىڭنى چۈشۈرۈۋېتىپ ئۈچ كۈن روزا تۇتقىن ياكى ئالتە مىسكىنگە تائام بەرگىن ۋەياكى بىر نەرسە بوغۇزلىغىن» دېدى.

قۇرئان مۇشۇ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن كىشىنىڭ فىدىيە بېرىشى ئارقىلىق چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە رۇخسەت قىلغانلىقىنى بايان قىلغاندا: **﴿فىدىيە قىلىش يۈزىسىدىن (ئۈچ كۈن) روزا تۇتسۇن ياكى (ئالتە مىسكىنگە ئۈچ سا) سەدىقە بەرسۇن ياكى (بىرەر مال) قۇربانلىق قىلسۇن﴾** دەپ ئاسان يەردىن باشلىدى.

(1) شۇ زامانلاردا چاچنىڭ پىتلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، چاچ قاتتۇرغۇچى بىر خىل ماددا ئىشلىتىلەتتى.
(2) بۇ بىر ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر سا تەخمىنەن 3.8 كىلو گىرامغا تەڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كەئب ئىبنى ئەجەرنى شۇ ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇغاندا، ئۇنى ياخشىراقىنى قىلىشقا بۇيرۇپ: «بىر قوي بوغۇزلىغىن ياكى ئالتە مىسكىنگە تائام بەرگىن ۋەياكى ئۈچ كۈن روزا تۇتقىن» دېدى.

ھەجدىن بەھرىمەن بولۇشنىڭ بايانى

﴿ئەمنىيەتتە بولغان چېغىڭلاردا (ئاراڭلاردىن) ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىشتىن بەھرىمەن بولغان ئادەم (يەنى ھەجدىن بۇرۇن ئۆمرە قىلىپ تاماملىغان ئادەم) نېمە ئوڭاي بولسا، شۇنى قۇربانلىق قىلسۇن﴾ يەنى سىلەر ھەج قىلىشقا قادىر بولساڭلار ۋە ئۆمرىنى قىلىپ بولۇپ، ھەج ۋاقتىغىچە بەھرىمەن بولماقچى بولساڭلار (يەنى ھەجنىڭ ئايلىرىدا ئاۋۋال ئۆمرىگە ئېھرام باغلاپ ئۆمرىنى قىلىپ بولۇپ، ھەج ۋاقتىغىچە ئېھرام ۋاقتىدا چەكلەنگەن جىنسىي مۇناسىۋەت، ساقال ـ بۇرۇتلارنى تەكشىلەشتىن ئىبارەت ئىشلاردىن بەھرىمەن بولۇپ ھەج كەلگەندە، مەككىنىڭ ئىچىدە ئېھرام باغلاپ ھەج قىلساڭلار)، قۇربانلىق ئۈچۈن بوغۇزلاشقا ئەرزىيدىغان چارۋا ـماللارنىڭ ئىچىدىن قۇدرىتىڭلار يەتكىنىدىن بىرنى بوغۇزلاڭلار. ئۇ چارۋا ـ ماللارنىڭ ئەڭ ئاددىيسى قويدۇر، كالا بوغۇزلىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىغا ئاتاپ كالا بوغۇزلىغان ئىدى.

ئەۋزائىي ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاياللىرىنىڭ نامىدىن كالا بوغۇزلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ھەج ئايلىرىدا ئۆمرىگە ئېھرام باغلاپ، ئۆمرىدىن كېيىن ھەجگىچە ئېھرام ۋاقتىدا چەكلەنگەن نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولغان ئىدى.

بۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەردە ھەج ئايلىرىدا ئۆمرىگە ئېھرام باغلاپ ئۇنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەج ۋاقتىغىچە ئېھرامدا چەكلەنگەن نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولۇشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە پاكىت بار.

بەھرىمەن بولغان كىشىنىڭ قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن چارۋا ـ مال تاپالمىسا، ئون كۈن روزا تۇتىدىغانلىقى

﴿(پۇلى يوقلۇقتىن ياكى قۇربانلىق مال يوقلۇقىدىن قۇربانلىق مال) تاپالمىغان ئادەم ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن، (ھەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى ئون كۈن بولىدۇ﴾ يەنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن مال ياكى پۇلىنىڭ يوقلۇقى سەۋەبىدىن قۇربانلىق قىلالمىغان كىشى، ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن.

ئەۋفي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇربانلىق قىلالمىغان كىشى ئەرەفات كۈنى ئۈچ كۈنلۈك روزىسى تولۇقلاپ بولۇشنى نىيەت قىلغان ھالدا (ئەرەفات كۈنلىرىدىن بۇرۇن) روزا تۇتۇشنى باشلىسۇن، (ھەجدىن كېيىن) ۋەتىنىگە قايتقاندا يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن. شۇنىڭدەك، ئەبۇئىسھاق ۋەبەردىن ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەتتىنچى، سەككىزىنچى ۋە ئەرەفات كۈنى روزا تۇتىدۇ. جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد ئاتىسىدىن ئەلىنىڭ: شۇ كۈنلەردە روزا تۇتىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ھېيت كۈنى كېلىشتىن ئىلگىرى ئۈچ كۈنلۈك روزىنىڭ ھەممىسىنى ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى تۇتمىسا، ئۇنى ھېيت كۈنلىرى تۇتسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭغا ئائىشە ۋە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمنىڭ: ھېيت كۈنلىرى روزا تۇتۇش قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن مال تاپالمىغان كىشىلەرگە رۇخسەت قىلىندى دېگەن سۆزلىرى دەلىل بولۇپ، بۇنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

سۇفيان جەئفەر ئىبنى مۇھەممەدنىڭ ئاتىسىدىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەج جەريانىدا تۇتالمىغان روزىنى ھېيت كۈنلىرى تۇتسا بولىدۇ.

اللّٰه تائالانىڭ: **﴿ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ (ھېيتتىن كېيىنكى كۈنلەرنىمۇ) ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۆلىمالار شۇنداق دەپ قارىغان. ئىمام مۇسلىم قۇتەيبە ھەزەلدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھېيت كۈنلىرى يەپ ـ ئىچىش كۈنلىرىدۇر»[1].

﴿(ھەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى ئون كۈن بولىدۇ﴾
بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىككى خىل كۆز قاراش بار. بىرى: (سىلەر ھەج پائالىيەتلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپ) ياتاقلىرىڭلارغا قايتساڭلار (يەتتە كۈن روزا تۇتۇڭلار). يەنە بىرى: سىلەر (ھەجنى قىلىپ بولۇپ) يۇرتۇڭلارغا قايتساڭلار (يەتتە كۈن روزا تۇتۇڭلار).

ئابدۇرازاق سالىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **﴿(ھەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئۆمەرنىڭ: ئۆزىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنىڭ يۇرتىغا قايتقاندا (يەتتە كۈن روزا تۇتىدۇ) دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. باشقا ئالىملاردىنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتلەر بايان قىلىندى.

ئىمام بۇخارى سالىم ئىبنى ئابدۇللاھتىن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى) ۋىدالىشىش ھەجىدە ئۆمرىگە ئېھرام باغلاپ، ئۆمرىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەجگىچە بولغان ئارىلىقتا (ئېھرام باغلىغان ۋاقىتتا چەكلەنگەن نەرسىلەر بىلەن) بەھرىمەن بولدى. ئۆزى بىلەن بىللە زۇلھۇلەيفە دېگەن يەردىن قۇربانلىق ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن مالنى بوغۇزلىدى. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قېتىمقى ھەجدە ئۆمرە بىلەن ھەجنىڭ ئارىلىقىدا بەھرىمەن بولۇشىنىڭ جەريانى مۇنداق): پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ھەج قىلىشنى) باشلاپ ئۆمرىگە ئېھرام باغلىدى. ئۆمرىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەجگىچە بولغان ئارىلىقتا ئېھرامدىن چىقىپ، ئېھرام باغلىغاندا چەكلەنگەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش، چاچ ـ ساقاللارنى ياساش ۋە تىرناقلىرىنى ئېلىشتەك ئىشلاردىن بەھرىمەن بولدى. ئاندىن (ھەجنىڭ ۋاقتى كەلگەندە) ھەجگە قايتا ئېھرام باغلىدى. باشقىلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئۆمرە بىلەن ھەج ئارىلىقىدا (ئېھرام باغلىغاندا چەكلەنگەن ئىشلاردىن) بەھرىمەن بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرى بىلەن بىللە قۇربانلىق مالنى ھەيدەپ كەلگەن كىشىلەرمۇ ۋە ھەيدەپ كەلمىگەنلەرمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كەلگەندە كىشىلەرگە مۇنداق دېدى: «ئاراڭلاردا قۇربانلىق مالنى بىللە ئېلىپ كەلگەنلەر

(1) بۇ ھەدىس ھېيت كۈنلىرى روزا تۇتۇشقا بولمايدىغانلىقىنىڭ پاكىتىدۇر. لېكىن بۇ ھەدىس يۇقىرىدىكى ھەدىسكە زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى يۇقىرىدىكى ھەدىس پەقەت ھەجدىن كېيىن قۇربانلىق قىلمايدىغانلارغا خاس قىلىنغان.

بولسا، ئۆمرىنى قىلىپ بولۇپ، ھەجىنى قىلىپ بولغىچە ئېھرامدىن چىقمىسۇن. قۇربانلىق مالنى بىللە ئېلىپ كەلمىگەنلەر بولسا، كەبە ۋە سەفا ـ مەرۋىنى تاۋاپ قىلىپ چېچىنى قىرقىپ (بۇ چاغدا چېچىنى چۈشۈرۈش ياخشى ئەمەس)، ئېھرامدىن چىقسۇن. (ھەجنىڭ ۋاقتى كەلگەندە) ھەجگە ئېھرام باغلىسۇن، ئۆمرىنى قىلىپ بولۇپ ئاندىن ھەجگە ئېھرام باغلىغان كىشى قۇربانلىق قىلىشى كېرەك. ئۇ مەككىدە قۇربانلىق تاپالىغان بولسا، قۇربانلىق قىلىدۇ. قۇربانلىق قىلىدىغان مال ياكى پۇلنىڭ يوقلۇقى سەۋەبى بىلەن قۇربانلىق مالنى تاپالمىغان كىشى ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن، ئۆيىگە قايتقان ۋاقتىدا يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن».

﴿ئۇنىڭ ھەممىسى ئون كۈن بولىدۇ﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن مەنىنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىياتىدا ئىلگىرى ئۆتۈپ كەتكەن مەنىنى كۈچلەندۈرۈش ئىپادىسى بار. مەسىلەن مۇنداق دەيتتى: مەن كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم، قولۇم بىلەن خەت يازدىم[1].

قۇرئاندا بۇنىڭدىن باشقىمۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مەزمۇننى كۈچلەندۈرىدىغان ئايەتلەر بار. تۆۋەندىكى ئايەتلەر شۇلارنىڭ قاتارىدىن: ﴿مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن﴾[2]، ﴿خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيتتىڭ﴾[3]، ﴿مۇساغا (بىزگە مۇناجات قىلىشقا) ئوتتۇز كېچىنى ۋەدە قىلدۇق. ئۇنىڭغا يەنە ئون كېچىنى قوشتۇق، شۇنىڭ بىلەن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ۋەدە قىلغان ۋاقتى 40 كېچە بولدى﴾[4]. يەنى يۇقىرىدىكى ئايەتلەر بىرىنچىسىدە ئۇچار قۇشنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىككى قانىتىنى قوشۇپ بايان قىلدى. ئىككىنچى ئايەتتە خەت قولدا يېزىلىسمۇ، ئۇنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن قولنى قوشۇپ قويدى. ئاخىرقى ئايەتتە 30 كۈنگە 10 كۈننى قوشسا، 40 كۈن بولىدىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، ئاخىرىدا: ﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ ۋەدە قىلغان ۋاقتى 40 كېچە بولدى**﴾ دەپ قوشۇپ قويدى. بۇ ئايەتتە: ﴿**ئۇنىڭ ھەممىسى ئون كۈن بولىدۇ**﴾ دەپ كەلدى. بۇ ئايەت روزىنى ئون كۈن تولۇق تۇتۇشقا بۇيرۇپ كەلگەن دېگەن كۆزقاراشمۇ بار.

مەككىلىك كىشىلەرنىڭ ئۆمرە بىلەن ھەجنىڭ ئارىلىقىدا بەھرىمەن بولالمايدىغانلىقى

﴿**مانا بۇ (يەنى ئۆمرە قىلغان ئادەمگە قۇربانلىق قىلىش لازىملىقى ياكى روزا تۇتۇش ھەققىدىكى ھۆكۈم) مەسجىدى ھەرام دائىرىسىدە (يەنى ھەرەمدە) ئولتۇرۇشلۇق بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر**﴾ يەنى ئۇلار ھەرەملىك كىشىلەردۇر. ئۇلار (ئۆمرىنى قىلىپ بولۇپ، ھەجگىچە بولغان

(1) يەنى كۆرۈش، ئاڭلاش، يېزىشلار كۆز، قۇلاق ۋە قول بىلەن بولسىمۇ، مەنىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن كۆرۈشكە كۆزنى، ئاڭلاشقا قۇلىقنى، يېزىشقا قولنى قوشۇپ قويدى. شۇنىڭدەك ئايەتتىمۇ ئۈچ كۈن بىلەن يەتتە كۈن قوشۇلغاندا ئون كۈن بولسىمۇ، ئايەتنىڭ ئاخىرىدا ﴿**ئۇنىڭ ھەممىسى ئون كۈن بولىدۇ**﴾ دەپ تەكىتلىنىپ كەلدى.

(2) ئەنئام سۈرىسى38 ـ ئايەت.

(3) ئەنكەبۇت سۈرىسى 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) ئەئراف سۈرىسى142ـ ئايەت.

ئارىلىقتا ئېھرام باغلىغان ۋاقىتتىكى چەكلەنگەن نەرسىلەردىن) بەھرىمەن بولغۇچى ھېسابلانمايدۇ (شۇڭا ئۇلارغا قۇربانلىق قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ).

بۇ ھەقتە ئابدۇرازاق تاۋۇسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەھرىمەن بولۇش ھەرەملىك كىشىلەر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى باشقا يۇرتتىن كەلگەن كىشىلەر ئۈچۈندۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىنمۇ تاۋۇسنىڭ رىۋايىتىدەك رىۋايەت بايان قىلىندى. ﴿اللە غا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾ يەنى سىلەرنى بۇيرۇغان ئىشلاردا تەقۋا بولۇڭلار! ﴿بىلىڭلاركى، اللە نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾ يەنى اللە تائالانىڭ ئازابى ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان ۋە چەكلىگەن ئىشلىرىنى قىلغانلار ئۈچۈندۇر.

* * * * * * *

ٱلۡحَجُّ أَشۡهُرٞ مَّعۡلُومَٰتٞۚ فَمَن فَرَضَ فِيهِنَّ ٱلۡحَجَّ فَلَا رَفَثَ وَلَا فُسُوقَ وَلَا جِدَالَ فِي ٱلۡحَجِّۗ وَمَا تَفۡعَلُواْ مِنۡ خَيۡرٖ يَعۡلَمۡهُ ٱللَّهُۗ وَتَزَوَّدُواْ فَإِنَّ خَيۡرَ ٱلزَّادِ ٱلتَّقۡوَىٰۚ وَٱتَّقُونِ يَٰٓأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ ﴿١٩٧﴾

ھەج ۋاقتى مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، اللە ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن) زاد ـ راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد ـ راھىلە تەقۋادارلىقتۇر. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ماڭا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴿197﴾.

ھەجگە ئېھرام باغلاشنىڭ ۋاقتى

﴿**ھەج ۋاقتى مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر)**﴾ يەنى ھەجگە ئېھرام باغلاش ھەجنىڭ ئايلىرىدىن باشقا ئايلاردا دۇرۇس بولمايدۇ. بۇ سۆز ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، جابىر، ئەتا، تاۋۇس ۋە مۇجاھىد قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنغان. بۇنىڭ پاكىتى اللە تائالانىڭ ھەجنىڭ ۋاقتىنى بىر يىلنىڭ ئىچىدىكى بىر نەچچە ئايلاردا قىلغانلىقىدۇر. ۋاقتىنى بەلگىلەپ بەرگەنلىكى خۇددى نامازنىمۇ ۋاقتىدىن بۇرۇن ئوقۇسا دۇرۇس بولمىغاندەك، شۇ ئايلاردىن بۇرۇن ھەج قىلسا، دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىمام شافىئىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللە تائالانىڭ: ﴿**ھەج ۋاقتى مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر)**﴾ دېگەن ئايىتىگە ئاساسەن بىر كىشىنىڭ ھەجگە ھەج ئايلىرىدىن باشقا ئايدا ئېھرام باغلىشى دۇرۇس ئەمەس. ئىبنى خۇزەيمەمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ

شۇنداق دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىبنى مەردەۋەيھى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر كىشىنىڭ ھەج ئايلىرىدىن باشقا ئايلاردا (ھەجگە) ئېھرام باغلىشى دۇرۇس ئەمەس» دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ھەج ئايلىرى

﴿ھەج ۋاقتى مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر﴾ ئىمام بۇخارى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەجنىڭ ئايلىرى شەۋۋال، زۇلقەئدە ۋە زۇلھەججىنىڭ (ئاۋۋالقى) ئونىدۇر. بۇ ھەدىسنى ئىبنى جەرىرمۇ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلدى.

ھەجنىڭ ئايلىرىنىڭ شەۋۋال، زۇلقەئدە ۋە زۇلھەججىنىڭ ئاۋۋالقى ئونى ئىكەنلىكى ئۆمەر، ئەلى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئەتا، تاۋۇس، مۇجاھىد، ئىبراھىم نەخەئىي، شەئبىي، ھەسەن، ئىبنى سىرىين، مەكھۇل، قەتادە، زەھھاك، ئىبنى مۇزاھىم، رەبىئ ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە مۇقاتىل ئىبنى ھاييان قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنغان.

﴿بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەم﴾ بۇ ئايەت ھەج قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئېھرام باغلىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ۋە ھەججى ئېھرام بىلەن تاماملاشنىڭ ۋاجىبلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشى ھەجگە ياكى ئۆمرەگە ئېھرام باغلىسا...». ئەتا: (بۇ ئايەتتىكى) پەرز دېگەن ئېھرام باغلاش دېگەنلىكتۇر، ـ دەيدۇ. ئىبراھىم، زەھھاك ۋە باشقىلىرىدىنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت بايان قىلىندى.

ھەج مەزگىلىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

﴿بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى﴾ يەنى ھەجگە ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان كىشى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن يىراق بولسۇن. شۇنىڭدەك ئايال كىشىنى قۇچاقلاش، سۆيۈش، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى سىلاشتەك ھەۋەسنى قوزغايدىغان ئىشلارنى قىلىش ۋە ئاياللارنىڭ ئالدىدا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى قىلىشمۇ چەكلەنگەن. ئىبنى جەرىر نافىئدىن ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئايەتتىكى **﴿رەفەسە﴾** دېگەن سۆز ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلىش (يەنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش) ۋە ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەت توغرۇلۇق سۆز قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تاۋۇس مۇنداق دەيدۇ: يۇقىرىدىكى سۆزنىڭ مەنىسى، بىر كىشى ئايالىغا: سەن ئېھرامدىن

چىقساڭ، سەن بىلەن بىر يەردە بولسام دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشى دېگەنلىكتۇر. نۇرغۇنلىغان ئالىملار دىنمۇ ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ياكى ئاياللارغا ئالاقىدار سۆزلەرنى قىلىش دېگەنگە ئوخشاش رىۋايەتلەر قىلىندى. ئۇنداقتا ئايەتنىڭ مەنىسى: ھەجگە ئېھرام باغلىغان كىشىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ياكى ئايالى بىلەن شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئېغىز سۆز قىلىشىغا بولمايدۇ دېگەنلىكتۇر.

ھەجدە الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلماسلىق

﴿**گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ**﴾ بۇ ئايەتتىكى «فۇسۇق» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇقسىم ۋە باشقىلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يۇقىرىدىكى ﴿**ۋەلافۇسۇقە**﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى **الله** تائالا چەكلىگەن ئىشلار دېگەن بولىدۇ. ئەتا، مۇجاھىد، تاۋۇس، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇھەممەد ئىبنى كەئب، ھەسەن، قەتادە، ئىبراھىم نەخەئىي، زۆھرى، مەكھۇل، ئىبنى ئەببان، ئىبنى رەبىيئ ئىبنى ئەنەس، ئەتا ئىبنى يەسار، ئەتاخۇراسانىي، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان قاتارلىقلارمۇ بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش بايان قىلدى.

ئىبنى ۋەھب يۇنۇستىن نافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئۆمەر: (ئايەتتىكى) ﴿**ۋەلافۇسۇقە**﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى، ھەرەمدە **الله** تائالانىڭ چەكلىگەن ئىشلىرىنى قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى. بەزى ئالىملار بۇ سۆزنى باشقا مەنىلەردىمۇ چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن توغرىسى **الله** تائالانىڭ چەكلىگەن ئىشلىرى دېگەن مەنىدۇر[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى (ھەجگە ئېھرام باغلاپ) جىنسىي مۇناسىۋەت ياكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قىلماي، **الله** تائالاغا ئاسىيلىق قىلماي ھەج قىلسا، ئۇ كىشى گۇناھىدىن ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈنىگە ئوخشاش پاكلىنىدۇ».

ھەج مەزگىلىدە جېدەل ـ ماجرا قىلماسلىق

﴿**ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ**﴾ ئىبنى جەرىر بۇ سۆزنىڭ جېدەل دېگەن مەنىسى ھەققىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەن ھەمراھىڭ بىلەن ئۇ ئاچچىقلاپ قالغۇچىلىك تاكاللاشما!

مۇقسىم ۋە زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئالىملاردىن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مەنىدە رىۋايەت قىلىندى.

---

(1) ئۇنداقتا ئايەتنىڭ مەنىسى ھەجگە ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان كىشىنىڭ **الله** تائالا چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا بولمايدۇ دېگەنلىكتۇر.

ھەجدە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ھەج سەپىرىدە ئوزۇقلۇق ئېلىۋېلىش توغرىسىدا

﴿**سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، اللّٰه ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى اللّٰه تائالا يۇقىرىدا بەندىلەرنى يامان سۆز ۋە يامان ھەرىكەتلەردىن چەكلىگەن بولسا، (بۇ يەردە) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئۇ ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ۋە قىيامەت كۈنى شۇ ئىش ئۈچۈن ئۇلارغا تولۇق مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

﴿**(ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن) زاد ـ راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد ـ راھىلە تەقۋادارلىقتۇر**﴾ ئىمام بۇخارى ۋە ئەبۇداۋۇد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەمەنلىكلەر بىز اللّٰه تائالاغا تەۋەككۈل قىلغۇچىلار دەپ ئوزۇقلۇق ئالماي ھەجگە كېلەتتى، ئاندىن اللّٰه تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**(ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن) زاد ـ راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد ـ راھىلە تەقۋادارلىقتۇر**﴾.

ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى مەردەۋەيھى ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر ھەجگە ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغاندا، ئۆزىيېنىدىكى ئوزۇقلۇقنى تاشلىۋېتىپ باشقىدىن ئوزۇقلۇق ئالاتتى. ئاندىن اللّٰه تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**(ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن) زاد ـ راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد ـ راھىلە تەقۋادارلىقتۇر**﴾ يەنى ئۇلار ئوزۇقلۇقلارنى تاشلىۋېتىشتىن چەكلىنىپ ئۇن، تالقان ۋە نان ئېلىۋېلىشقا بۇيرۇلدى[1].

ئاخىرەت سەپىرىنىڭ ئوزۇقلۇقى

﴿**(ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن) زاد ـ راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد ـ راھىلە تەقۋادارلىقتۇر**﴾ يەنى اللّٰه تائالا ئۇلارنى دۇنيانىڭ سەپىرى ئۈچۈن ئوزۇقلۇق ئېلىشقا بۇيرۇش بىلەن بىرگە، ئاخىرەت ئۈچۈنمۇ ئوزۇقلۇق ئېلىۋېلىشقا ئۈندىدى. ئاخىرەتنىڭ ئوزۇقلۇقى بولسا، تەقۋادارلىق قىلىشتۇر.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر﴾[2] يەنى اللّٰه تائالا كىيىدىغان كىيىمنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق (اللّٰه تائالادىن) قورقۇش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن ئىبارەت روھى كىيىمنىڭ ئەۋزەللىكىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىدىن ياخشى ۋە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى زىكىر قىلدى.

﴿**ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ماڭا تەقۋادارلىق قىلىڭلار**﴾ يەنى ئى ئەقىل ئىگىلىرى! بۇيرۇقۇمغا بويسۇنماي خىلاپلىق قىلغان كىشىلەرگە بولىدىغان جازا ۋە ئازابىمدىن قورقۇڭلار!

****

(1) بۇ ئوزۇقلۇقلارنى ئېلىۋېلىشقا بۇيرۇغانلىقىدىن بۇ نەرسىلەرنى ھازىرمۇ ئېلىۋېلىشنىڭ لازىملىقى چىقمايدۇ. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا ھەممە يەردىن ئوزۇقلۇق تاپقىلى بولمايتتى. ھازىر پەقەت پۇل ئېلىۋالسا بولىدۇ.
(2) ئەئراف سۈرىسى 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

لَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ جُنَاحٌ أَن تَبۡتَغُواْ فَضۡلٗا مِّن رَّبِّكُمۡۚ فَإِذَآ أَفَضۡتُم مِّنۡ عَرَفَٰتٖ
فَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ عِندَ ٱلۡمَشۡعَرِ ٱلۡحَرَامِۖ وَٱذۡكُرُوهُ كَمَا هَدَىٰكُمۡ وَإِن كُنتُم مِّن
قَبۡلِهِۦ لَمِنَ ٱلضَّآلِّينَ ١٩٨

پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرامدا (يەنى مۇزدەلىفەدە) **الله** نى ياد ئېتىڭلار، **الله** سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياد ئېتىڭلار، ئىلگىرى سىلەر ھەقىقەتەن گۇمراھ ئىدىڭلار (يەنى **الله** سىلەرنى ھىدايەت قىلىشتىن ئىلگىرى گۇمراھلار قاتارىدا ئىدىڭلار)﴿198﴾.

ھەجدە تىجارەت قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىسلام كېلىشتىن ئاۋۋالقى زاماندا (ھەرەمدە) ئۇكاز، مەجەنەھ ۋە زۇلمەجاز دېگەن يەرلەر بازار ئىدى. لېكىن مۇسۇلمانلار ھەج ۋاقتىلىرىدا تىجارەت قىلىشنى گۇناھ دەپ قارايتتى. ئاندىن بۇ ئايەت چۈشتى: **﴿پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾**.

ئەبۇداۋۇد ۋە باشقىلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر ھەج ۋاقىتلىرىدا: "بۇ **الله** تائالانى زىكىر قىلىدىغان كۈنلەر" دەپ سودا ـ سېتىق قىلمايتتى. ئاندىن **الله** تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾**.

ئىبنى جەرىر ئەبۇئۇمەييەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئۆمەردىن ھەج قىلغاچ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان بىر كىشىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا سورالغاندا ئۇنىڭ: **﴿پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇئۇمامە تەيمىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى ئۆمەردىن: بىز كىراكەشلەرنىڭ كىرا قىلغاچ قىلغان ھەججىمىز ھەج بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ بىزدىن: سىلەر كەبىنى تاۋاپ قىلمامسىلەر؟ ئەرەفاتقا كەلمەمسىلەر؟ (شەيتانغا) تاش ئاتمامسىلەر؟ چېچىڭلارنى چۈشۈرمەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. بىز: ھەممىسىنى قىلىمىز، ـ دەپ جاۋاب بەردۇق. ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر كىشى كېلىپ، سەن ھازىر مەندىن سورىغان سوئالنى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن) سورىغان ئىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: **﴿پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى ئېلىپ چۈشكىچە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى. (بۇ ئايەت چۈشكەندىن كېيىن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنى چاقىرىپ: «سىلەر ھەج قىلغۇچى ھېسابلىنىسىلەر» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىبنى جەرىر ئەبۇسالىھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن: ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! سىلەر ھەج ۋاقتىدا تىجارەت قىلامتىڭلار؟ ـ دەپ سورىدىم ئۆمەر: ئۇلارنىڭ كىرىمى پەقەت ھەج مەۋسۇمىدە ئەمەسمىدى؟ ـ دەپ جاۋاب بەردى (يەنى ئۇلار ھەج ۋاقتىدا تىجارەت قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇشلىرىنى ياخشىلىۋالاتتى).

ئەرەفاتتا تۇرۇش

﴿ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرامدا (يەنى مۇزدەلىفەدە) اللہ نى ياد ئېتىڭلار﴾ ئەرەفات ھەج پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئورۇنلاردىن بىرى بولۇپ، ئەرەفاتتا تۇرۇش ئاساسلىق ھەج پائالىيىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىز، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئابدۇرراھمان ئىبنى يەئمەر دەيلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ قېتىم: «ھەج دېگەن ئەرەفاتتا تۇرۇشتۇر، بىر كىشى ھېيت كۈنىنىڭ تېڭى ئېتىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتتا ئەرەفاتتا تۇرسا، ئۇ كىشى ھەج قىلغان بولىدۇ. مىنادا تۇرىدىغان ۋاقىت ئۈچ كۈن بولۇپ، بىر كىشى ئىككى كۈن تۇرۇپ ئالدىراپ كىرىپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق گۇناھ يوق. بىر كىشى (قايتىپ كېتىشنى) كېچىكتۈرۈپ (ئۈچ كۈن تولۇق تۇرۇۋېتىپ قايتىپ كەتسە) ئۇنىڭغىمۇ ھېچ گۇناھ يوق» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. (ئەرەفاتتا) تۇرىدىغان ۋاقىت ئەرەفات كۈنى (يەنى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنى) قۇياش چۈشتىن قايرىلغاندىن باشلاپ ئەتىسى تاڭ يورۇغىچە بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنىنىڭ تېڭى يورۇشتىن بۇرۇن ئەرەفاتتا تۇرالىغان بولسا، ئۇ كىشى (ھەج) قىلغان بولىدۇ». ئەگەر ئۇ كېچىسى تۇرغان بولسا، مەسىلەن 9 ـ كۈنى ناماز شامدىن كېيىن تۇرغان بولسا، ئۇنىڭغا مۇئەييەن بىر ۋاقىت تورۇش ۋاجىب بولمايدۇ. ئەمما 9 ـ كۈنى قۇياش ئېگىلگەندىن كېيىن (كۈندۈز ۋاقتىدا) تۇرغان بولسا، ئۇنىڭغا كۈن كىرىپ كەتكىچىلىك تۇرۇش ۋاجىب بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قىلغان ھەجدە (ئەرەفاتتا) پېشىننى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كۈن كىرىپ كەتكىچە تۇرۇپ: «سىلەر مەندىن ئۆزەڭلارنىڭ ھەج ئىشلىرىنى بىلىۋېلىڭلار» دېگەندى.

ئۇرۋە ئىبنى مۇزرىس ئىبنى هارىسە ئىبنى لاملتاينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا (بامدات نامىزى بولۇشى مومكىن) چىقاي دەپ تۇرغاندا، مەن مۇزدەلىفەگە يەنى ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن: ئى اللہ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! مەن تەييئى دېگەن تاغدىن كەلدىم. سەپىرىمدە مىنگەن ئۇلىغىمنى هاردۇرىۋەتتىم، ئۆزەممۇ بەك ھېرىپ كەتتىم. اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، يولدا ئالدىمغا ئۇچرىغانلا تاغدا تۇرۇپ كەلدىم، مېنىڭ قىلغان ھەججىم ھەج بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىزنىڭ بۇ نامىزىمىزغا (بامدات بولۇشى مۇمكىن) قاتناشقان ۋە بىز بۇ يەردىن قوزغىلىپ بولغۇچە بىز بىلەن بىللە تۇرغان، بۇنىڭدىن (يەنى مۇزدەلىفەگە كېلىشتىن) بۇرۇن ئەرەفاتتا (كېچىسى بولسۇن ياكى كۈندۈزى بولسۇن) تۇرغان كىشىنىڭ قىلغان ھەججى تولۇق بولىدى. ئۇ كىرىنى تازىلىسۇن (يەنى ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن چاچلىرىنى ۋە تىرناقلىرىنى ئالسۇن)» دەپ جاۋاب بەردى.

ئابدۇررازاق ئەرەفاتنىڭ ”ئەرەفات“ دەپ ئاتالغانلىقى توغرىسىدا ئىبنى جۇرەيج ۋە ئىبنى مۇسەييىبتىن

ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللە تائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى (ھەجنىڭ ئىشلىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەج قىلىپ ئەرەفاتقا كەلگەندە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا: (ئەرەفاتنى) تونۇدۇڭمۇ؟ ـ دېدى. چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەرەفاتقا بۇنىڭدىن بۇرۇن بىر قېتىم كەلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەر ئەرەفات (يەنى تونۇشلۇق جاي) دەپ ئاتىلىپ قالدى. ئەرەفات مەشئەرىلھەرام[1]، مەشئەرىلئەقسا[2] ۋە ئىلال[3] دېگەن ئىسىملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. ئەرەفاتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاغ رەھمەت تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئەرەفات ۋە مۇزدەلىفەدىن قايتىشنىڭ ۋاقتى

ئىبنى ھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇن، ئەرەفاتتا تۇرغان كىشىلەر قۇياش خۇددى كىشىلەرنىڭ بېشىدىكى سەللىلىرىگە ئوخشاش تاغنىڭ چوققىلىرىغا كەلگەندە، قايتىپ چۇشەتتى. ئىسلام كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەفاتتىن قايتىپ چۈشۈشنى قۇياش كىرىپ كەتكىچە ئارقىغا كېچىكتۈردى.

ئىبنى مەردەۋەيھنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەفاتتىن چۈشۈشنى قۇياش كىرىپ كەتكىچە ئارقىغا كېچىكتۈردى. ئاندىن مۇزدەلىفەدە تۇردى. (ئۇ يەردە) بامدات نامىزىنى (تاڭ قاراڭغۇسىدا) ئوقۇدى. (كېيىن) تاڭ ئوبدان سوزۇلۇپ ھەممە نەرسىلەر ئېنىق كۆرۈنگىدەك بولغان، بامدات نامىزىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى كەلگەندە مۇزدەلىفەدىن قايتتى.

ئىمام مۇسلىم جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەفاتتا كۈن كىرىپ كېتىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن پەيدا بولىدىغان ئاقلىق ئازراق يوقالغۇچە تۇردى، (ئاندىن) ئۇسامىنى قەسۋا دېگەن تۆگىسىنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈپ، نوقتىسىنى تۆگىنىڭ بېشى ئۆزەڭگىگە تېگىپ قالغۇدەك دەرىجىدە تارتىپ چۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭ قولى بىلەن كىشىلەرگە ئىشارەت قىلىپ: «ئى خالايىق، ئاستا ـ ئاستا!» دەيتتى. ئۇ مۇزدەلىفەگە كەلگۈچە ھەر ـ بىر دۆڭگە كەلسە، تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئازراق قويۇپ بېرەتتى. مۇزدەلىفەگە كېلىپ نامازشام بىلەن خۇپتەننى بىر ئەزان ۋە ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇدى ۋە ئۇ ئىككى نامازنىڭ ئارىلىقىدا نەپلە ناماز ئوقۇمىدى. ئاندىن يېنىچە ياتقان پېتى تاڭ ئاتقۇزدى. تاڭ يورىغاندا بامدات نامىزىنى بىر ئەزان ۋە بىر تەكبىر بىلەن ئوقۇدى. ئاندىن يەنە قەسۋا دېگەن تۆگىسىگە مىنىپ (مۇزدەلىفەدىكى) بىر تاغقا كېلىپ، قىبلە تەرەپكە قاراپ اللە تائالاغا دۇئا قىلدى ۋە «اللە ھۇ ئەكبەر ۋە لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دەپ اللە تائالانى زىكىر قىلدى. ئاندىن (شۇ تاغدا) تاڭ خېلى ئاقارغۇچە تۇرۇپ، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئۇ يەردىن قايتىپ چۈشتى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق بايان قىلىندى: ئۇسامە ئىبنى زەيتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئەرەفات ۋە مۇزدەلىفەدىن) قايتىپ چۈشكەندە، قانداق ماڭىدىغانلىقى ھەققىدە

---

(1) ئىبادەت قىلىش يولىغا قويۇلغان، ھۆرمىتى تۆكۈلۈشى چەكلەنگەن جاي.
(2) ئىبادەت قىلىش يولىغا قويۇلغان يىراقتىكى جاي.
(3) ئەرەفاتتىكى بىر تاغنىڭ نامى.

سورالغان ئىدى، ئۇسامە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نورمال ماڭاتتى، ئەگەر (كىشىلەر) شالاڭ يەرنى تاپسا تېزراق ماڭاتتى دەپ جاۋاب بەردى.

مەشئەرىلھەرام توغرىسىدا

ئابدۇرازاق سالىمدىن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇزدەلىفەنىڭ ھەممىسى مەشئەرىلھەرام ھېسابلىنىدۇ.

ھاشىم ھەججاجدىن نافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئۆمەردىن **اللە** تائالانىڭ: **﴿ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرامدا (يەنى مۇزدەلىفەدە) اللە نى ياد ئېتىڭلار﴾** دېگەن ئايىتىدىكى مەشئەرىلھەرام توغرىسىدا سورالغاندا، ئىبنى ئۆمەر: ئۇ (مۇزدەلىفەدىكى) تاغ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىكرىمە، مۇجاھىد، سۇددى، رەبىئ ئىبنى ئەنەس، ھەسەن ۋە قەتادە قاتارلىقلارنىڭ: مەشئەرىلھەرام مۇزدەلىفەدىكى ئىككى تاغنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر ئورۇن دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى.

ئىمام ئەھمەد جۇبەير ئىبنى مەتئەمدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەرەفاتنىڭ ھەممىسى تۇرىدىغان ئورۇن، سىلەر (ئەرەفاتتىكى) "ئۇرۇنە" دېگەن يەردىن يىراق بولۇڭلار (چۈنكى، ئۇ ئەرەفاتنىڭ تەۋەلىكىگە كىرمەيدۇ). مۇزدەلىفەنىڭ ھەممىسى تۇرىدىغان ئورۇن، سىلەر (مۇزدەلىفەدىكى) مۇھەسسىر دېگەن ئورۇندىن يىراق بولۇڭلار، (چۈنكى، ئۇ مۇزدەلىفەنىڭ تەۋەلىكىگە كىرمەيدۇ). مەككە يوللىرىنىڭ ھەممىسى مال بوغۇزلايدىغان يەر (يەنى مەككىنىڭ قايسى يېرىدە مال بوغۇزلىسا بولىۋېرىدۇ)».

﴿اللە سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياد ئېتىڭلار﴾ اللە تائالا بۇ ئايەتتە ھەج پائالىيەتلىرىنى خۇددى بۇرۇن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرگىنىدەك بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن نېئمىتىنى ئەسلىتىمەكتە. شۇڭا **اللە** تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئىلگىرى سىلەر ھەقىقەتەن گۇمراھ ئىدىڭلار (يەنى اللە سىلەرنى ھىدايەت قىلىشتىن ئىلگىرى گۇمراھلار قاتارىدا ئىدىڭلار؟)﴾**.

* * * * * * *

ثُمَّ أَفِيضُواْ مِنْ حَيْثُ أَفَاضَ ٱلنَّاسُ وَٱسْتَغْفِرُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ١٩٩

ئاندىن كېيىن، سىلەر (ئەرەفاتتىن) كىشىلەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار، **اللە** دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار. **اللە** ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿199﴾.

ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇن ئەرەفاتتا تۇرمىغان كىشىلەرنىڭ ئەرەفاتقا چىقىشقا بۇيرۇلغانلىقى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئەرەفاتتا تۇرغان كىشىنىڭ ﷲ تائالانى زىكىر قىلىش ئۈچۈن مۇزدەلىفەگە قايتىشىنى ۋە ئۇنىڭ ئەرەفاتتا قۇرەيشتىن باشقا (ئەرەفاتتا تۇرغان) ھەممە كىشىلەر بىلەن بىللە بولۇشىنى بۇيرۇدى. قۇرەيشلىكلەر: بىز ھەرەملىك كىشىلەر دەپ، ھەرەمنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەي، ھەرەم چېگرىسىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا بېرىپ تۇراتتى[1].

ئىمام بۇخارى بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرەيش ۋە ئۇلارنىڭ دىنىدىكىلەر مۇزدەلىفەدە تۇراتتى. چۈنكى، مۇزدەلىفە ھەرەمنىڭ تەۋەلىكى ھېسابلىناتتى. ئۇلار ئۇنى ھۇمسى دەپ ئاتايتتى. قۇرەيشتىن باشقا ئەرەبلەر ئەرەفاتتا تۇراتتى. ئىسلام كەلگەندىن كېيىن، ﷲ تائالا پەيغەمبىرىنى ئەرەفاتقا كېلىپ تۇرۇش ۋە شۇ يەردىن قايتىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاندىن كېيىن، سىلەر (ئەرەفاتتىن) كىشىلەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار**﴾.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، ئەتا، قەتادە، سۇددى ۋە باشقىلارمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش بايان قىلدى.

ئىمام ئەھمەد جۇبەير ئىبنى مەتئەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مېنىڭ تۆگەم يوقاپ كەتكەن ئىدى. مەن ئۇنى ئىزدەش ئۈچۈن ئەرەفاتقا بارسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇ يەردە) تۇرغان ئىكەن. مەن: ئەرەفات ھۇمسىدىن (يەنى مۇزدەلىفەدىن) ھېسابلىنامدىغانمىدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن تۇرىدىغاندۇ؟ ـ دەپ ئويلاپ قالدىم (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرەفاتتا تۇرۇشى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن، پەيغەمبىرىمىزنى كۆرگەن كىشىمۇ شۇ چاغدا تېخى كاپىر ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرەفاتتا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قۇرەيشلەر ئەرەفاتتا تۇرماي مۇزدەلىفەدە تۇرىدىغان تۇرسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە تۇرماي، ئەجەب بۇ يەردە تۇرۇپ قاپتىغۇ؟ ـ دەپ ھەيران بولغانىدى).

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ يەردىكى قايتىش ئەرەفاتتىن قايتىپ چۈشۈش بولماي، شەيتانغا تاش ئېتىش ئۈچۈن مۇزدەلىفەدىن مىناغا چۈشۈشنى كۆرسىتىدۇ.

گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىنى تىلەش ۋە شۇنىڭغا ئائىت بىر قىسىم دۇئالار

﴿**ﷲ دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار. ﷲ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ يەنى ﷲ تائالا كۆپىنچە ۋاقىتتا ئىبادەتلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنى زىكىر قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن كېيىن ﷲ تائالادىن گۇناھىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى تىلەپ «ئەستەغفىرۇللاھەلئەزىم» نى ئۈچ قېتىم ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن

(1) بۇ يەردە دېيىلگەن چېگرا ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ چېگراسى بولماستىن، بەلكى ھەرەم ئەتراپىدىكى مەھەللىنىڭ چېگراسىنى كۆرسىتىدۇ.

كېيىن «سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ، ئالLاھۇ ئەكبەر» نى 33 قېتىمدىن دېيىشكە بۇيرۇدى.

ئىبنى مەردەۋەيھ الله تائالادىن گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى تىلەيدىغان دۇئالار توغرىسىدا ئىمام بۇخارىنىڭ شادداد ئىبنى ئەۋستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان ھەدىسىنى كەلتۈرىدۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ): «(الله تائالادىن) گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىنى تىلەيدىغان دۇئالارنىڭ ئەۋزىلى مۇنۇدۇر: "ئى الله سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭ، مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ساڭا بەرگەن ئەھدەمدە ۋە ۋەدەمدە تۇرىمەن (بۇ الله تائالا بىزنى ئاتىمىزنىڭ پۇشتىدىن چىقىرىپ ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىشقا ئېلىۋالغان ئەھدىدۇر). مەن سەندىن يامان قىلمىشلىرىمدىن پاناھ تىلەيمەن، سەن ماڭا كۆپ نېئمەتلەرنى بەردىڭ، مەن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويدۇم، گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن، چۈنكى، گۇناھلارنى پەقەت سەنلا كەچۈرەلەيسەن"[1]. بىر كىشى بۇ دۇئانى كېچىسى ئوقۇپ، شۇ كېچىسى ئۆلۈپ قالسا، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇنى بىر كىشى كۈندۈزى ئوقۇپ، شۇ كۈنى ئۆلۈپ قالسا، ئۇ كىشىمۇ جەننەتكە كىرىدۇ».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن ئەبۇبەكرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا نامىزىمدا ئوقۇيدىغان بىر دۇئانى ئۆگىتىپ قويغىن! ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «"ئى الله ! مەن ئۆزەمگە كۆپ زۇلۇم قىلدىم، گۇناھلارنى سەندىن باشقا كەچۈرۈم قىلغۇچى يوقتۇر. مېنى كەچۈرگىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، چۈنكى، سەن كەچۈرگۈچى ۋە رەھىم قىلغۇچىدۇرسەن"[2] دېگىن» دېدى.

****

فَإِذَا قَضَيْتُم مَّنَٰسِكَكُمْ فَٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ كَذِكْرِكُمْ ءَابَآءَكُمْ أَوْ أَشَدَّ ذِكْرًا ۗ فَمِنَ
ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِى ٱلدُّنْيَا وَمَا لَهُۥ فِى ٱلْءَاخِرَةِ مِنْ خَلَٰقٍ ﴿٢٠٠﴾ وَمِنْهُم مَّن
يَقُولُ رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِى ٱلدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِى ٱلْءَاخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ ﴿٢٠١﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ
لَهُمْ نَصِيبٌ مِّمَّا كَسَبُوا۟ ۚ وَٱللَّهُ سَرِيعُ ٱلْحِسَابِ ﴿٢٠٢﴾

سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، الله نى بولسا ئاتا ـ بوۋاڭلارنى (پەخىرلىنىپ) ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد ئېتىڭلار، بەزى كىشىلەر: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە (نېسىۋىمىزنى) بۇ دۇنيادىلا بەرگىن» دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچ نېسىۋە يوقتۇر﴿200﴾. بەزى كىشىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ﴿201﴾. ئەنە شۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مول مېۋىسىنى كۆرىدۇ. الله نىڭ ھېساب ئېلىشى تېزدۇر (يەنى شۇنچە

(1) ئاللاھۇممە ئەنتە رەببى، لائىلاھە ئىللا ئەنتە خەلەقتەنى، ۋەئەنا ئەبدۇكە، ۋە ئەنا ئەلا ئەھدىكە ۋە ۋەئدىكە، مەستەتەئتۇ، ئەئۇزۇبىكە مىن شەررى ما سەنەئتۇ، ئەبۇئۇ لەكە، بىنىئمەتىكە ئەلەييە ،ۋەئەبۇئۇ بىزەنبى، فەغفىرلى فەئىننەھۇ لايەغفىرۇززۇنۇبە ئىللا ئەنتە.

(2) ئاللاھۇممە ئىننى زەلەمتۇ نەفسى زۇلمەن كەسىرا، ۋەلا يەغفىرۇززۇنۇبە ئىللا ئەنتە، فەغفىرلى مەغفىرەتەن مىن ئىندىكە ۋەرھەمنى ئىننەكە ئەنتەلغەفۇرۇر رەھىم.

كۆپ خالايىقتىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھېساب ئېلىپ بولىدۇ)﴾(202).

كۆپ زىكرى قىلىش ۋە ھەج قىلىپ بولغاندىن كېيىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەش توغرىسىدا

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە ھەجنىڭ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن كۆپ زىكرى قىلىشقا بۇيرۇدى. ﴿**اللہ نى بولسا ئاتا ـ بوۋاڭلارنى (پەخىرلىنىپ) ياد ئەتكەندەك ياد ئېتىڭلار**﴾ سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرىكى كىشىلەر ھەجدە (ئەرەفاتتا) تۇرۇپ: ئاتىلىرىمىز تائام بېرەتتى، ئېغىرچىلىقنى ئۆزى كۆتۈرەتتى (يەنى خاتا ئادەم ئۆلتۈرۈپ قالساق، دىيەت تۆلەيتتى) دەپ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتىلىرى قىلغان ئىشلاردىن باشقىنى زىكرى قىلمايتتى. ئاندىن اللہ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**اللہ نى بولسا ئاتا ـ بوۋاڭلارنى (پەخىرلىنىپ) ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد ئېتىڭلار**﴾ بۇنىڭدىن مەقسەت اللہ تائالانى كۆپ زىكرى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتۇر.

اللہ تائالا ئۆزىگە كۆپ زىكرى قىلىشنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، بەندىلەرنى ئۆزىگە دۇئا قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا دۇئا ئىجابەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. اللہ تائالا ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىدىن يۈز ئۆرۈپ، دۇنيالىقنى تىلىگەن كىشىنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بەزى كىشىلەر: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە (نېسىۋىمىزنى) بۇ دۇنيادىلا بەرگىن» دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچ نېسىۋە يوقتۇر**﴾ بۇ يەردىكى ئەيىبلەش شۇ خىلدىكى كىشىلەرگە ئوخشىشىپ قېلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سەئىد ئىبنى جۇبەير ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەھرالىقلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئەرەفاتقا كېلىپ: ئى اللہ ! (بۇ يىلنى) يامغۇر كۆپ ياغىدىغان، مولچىلىق ۋە چىرايلىق (بالا) تۇغۇلىدىغان يىل قىلىپ بەرگىن! ـ دېگەندەك تىلەكلەرنى قىلىشتى. ئەمما ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىدىن بىرنىمۇ تىلىمىدى.

اللہ تائالا ئۇلار ھەققىدە بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. ﴿**بەزى كىشىلەر: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە (نېسىۋىمىزنى) بۇ دۇنيادىلا بەرگىن» دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچ نېسىۋە يوقتۇر**﴾ ئۇلارنىڭ كەينىدىن مۆمىنلەر كېلىپ مۇنداق دەيتتى: ﴿**بەزى كىشىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ**﴾.

ئاندىن اللہ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**ئەنە شۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مول مېۋىسىنى كۆرىدۇ. اللہ نىڭ ھېساب ئېلىشى تېزدۇر (يەنى شۇنچە كۆپ خالايىقتىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھېساب ئېلىپ بولىدۇ)**﴾ اللہ تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكنى تىلىگەن كىشىنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بەزى كىشىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»[1] دەيدۇ**﴾ بۇ دۇئا دۇنيانىڭ ئىچىدىكى ھەممە ياخشىلىقنى

(1) رەببەنا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋەفىلئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋەقىنا ئازابەننار.

كۆزلىگەن ۋە ھەممە يامانلىقتىن پاناھ تىلىگەن دۇئادۇر. چۈنكى، دۇنيادىكى ياخشىلىق دېگەن تېنى ساغلام بولۇش، كاتتا ئۆيى، ياخشى ئايالى، كۆپ مال ـ مۈلكى، پايدىلىق بىلىمى، ياخشى ئەملى، راھەت قاتناش قورالى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنىڭ بولۇشىنى تىلەشتىن ئىبارەت دۇنيادا ھەممە كىشى ئېرىششكە قىزىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمما ئاخىرەتتىكى ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ئالىيسى جەننەتكە كىرىش، ئۇنىڭدىن قالسا قىيامەت مەيدانىدىكى ئەڭ چوڭ قورقۇنچتىن خاتىرجەم بولۇش، ھېسابى ئاسان بولۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئاخىرەتنىڭ بارلىق ياخشى ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دوزاختىن قۇتۇلۇش دېگەندە، ھارام ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى قىلماسلىق ئارقىلىق دۇنيادا دوزاختىن قوتۇلۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

قاسىم ئىبنى ئابدۇراھمان مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشىگە شۈكرى قىلىدىغان دىل، زىكىر قىلىدىغان تىل ۋە سەۋرى قىلىدىغان تەن بېرىلسە، شەكسىزكى، ئۇ كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقى بېرىلگەن ۋە دوزاخنىڭ ئازابىدىن ساقلانغان كىشى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ دۇئانى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيتتى.

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام (كېسەل سەۋەبى بىلەن ئورۇقلاپ) باشقىچە بولۇپ قالغان بىر مۇسۇلمان كىشىنى يوقلاپ، ئۇنىڭغا: «سەن الله تائالاغا قانداق دۇئا قىلاتتىڭ؟ ياكى سەن (الله تائالادىن) بىرەر نەرسىنى سورامتىڭ؟» دېگەن ئىدى. ئۇ كىشى: ھەئە، مەن (الله تائالادىن) ئى الله ! مېنى ئاخىرەتتە ئازابلىماقچى بولغان ئازابىڭ بىلەن مۇشۇ دۇنيادا ئازابلىساڭ دەپ سورايتتىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «سۇبھانەللاھ! سەن ئازابقا چىدىيالمايسەن ياكى سەن ئۇنى كۆتۈرەلمەيسەن: "پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن" دېگەن بۇ دۇئانى ئوقۇمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ كىشىنىڭ كېسىلى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئاللاھ تائالاغا قىلغان دۇئاسى بىلەن ساقىيىپ كەتتى.

ھاكىم سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىغا كېلىپ: مەن ھەرەمگە بارىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەردىن ھەق ئېلىپ خىزمىتىنى قىلماقچى بولدۇم، ئۇلارنىڭ مېنى ھەج قىلىشىمغا رۇخسەت قىلىش شەرتى بىلەن ئەسلى كېلىشكەن باھادىن ئازراق چۈشۈپ بېرىپ ھەج قىلدىم. بۇ ھەججىم دۇرۇس بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئىبنى ئابباس: سەن الله تائالانىڭ: ﴿**ئەنە شۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مول مېۋىسىنى كۆرىدۇ. الله نىڭ ھېساب ئېلىشى تېزدۇر (يەنى شۇنچە كۆپ خالايىقتىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھېساب ئېلىپ بولىدۇ)**﴾ دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنغان كىشىلەردىن ئىكەنسەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

* * * * * * *

368

﴿وَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ فِيٓ أَيَّامٖ مَّعۡدُودَٰتٖۚ فَمَن تَعَجَّلَ فِي يَوۡمَيۡنِ فَلَآ إِثۡمَ عَلَيۡهِ وَمَن تَأَخَّرَ فَلَآ إِثۡمَ عَلَيۡهِۖ لِمَنِ ٱتَّقَىٰۗ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّكُمۡ إِلَيۡهِ تُحۡشَرُونَ ٢٠٣﴾

ساناقلىق كۈنلەردە (يەنى تەشرىق كۈنلىرىدە) الله نى ياد ئېتىڭلار (يەنى نامازلىرىڭلارنىڭ ئاخىرىدا تەكبىر ئېيتىڭلار)، (مىنادىن) ئالدىراپ ئىككى كۈندە قايتقان ئادەمگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، تەخىر قىلىپ قايتقان ئادەمگىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. (يۇقىرىقى ئەھكاملار) تەقۋادارلىق قىلىپ (ھەجنى تولۇق ئادا قىلماقچى بولغان) ئادەم ئۈچۈندۇر. الله دىن قورقۇڭلار؛ بىلىڭلاركى، سىلەر ھېساب ئۈچۈن الله نىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر﴿203﴾.

ھېيت كۈنلىرىدە الله تائالانى زىكىر قىلىش توغرىسىدا

﴿ساناقلىق كۈنلەردە (يەنى تەشرىق كۈنلىرىدە) الله نى ياد ئېتىڭلار (يەنى نامازلىرىڭلارنىڭ ئاخىرىدا تەكبىر ئېيتىڭلار)﴾ ئىكرىمە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: (بۇ ئايەتتىكى زىكرى قىلىشتىن) ھېيت كۈنلىرى پەرز نامازلاردىن كېيىن الله ئەكبەر، الله ئەكبەر، الله ئەكبەر دەپ تەكبىر ئېيتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئۇقبە ئىبنى ئامىردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەرەفات كۈنى، ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىمى بولۇپ، يەپ ـ ئىچىدىغان كۈنلەردۇر».

ئىمام ئەھمەد نەبشە ھەزەلىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھېيت كۈنلىرى يەپ ـ ئىچىدىغان ۋە الله تائالانى زىكرى قىلىدىغان كۈنلەردۇر». ئىبنى جەرىر ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزەيفەنى مىنادا ئايلىنىپ يۈرۈپ: «بۇ كۈنلەردە (يەنى ھېيت كۈنلىرىدە) روزا تۇتماڭلار! چۈنكى، بۇ يەپ ـ ئىچىدىغان ۋە الله تائالانى زىكرى قىلىدىغان كۈنلەردۇر» دەپ جاكارلىغىلى ئەۋەتتى[1].

ھېيت كۈنلىرى توغرىسىدا

مۇقسىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھېيت كۈنلىرى تۆت كۈندۇر. يەنى مال بوغۇزلايدىغان (بىرىنچى) كۈنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈن.

ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى زۇبەير، ئەبۇمۇسا، ئەتا، مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇمالىك، ئىبراھىم نەخەئىي، يەھيا ئىبنى ئەبۇكەسىر، ھەسەن، قەتادە، سۇددى، زۆھرى، رەبىئ ئىبنى ئەنەس ۋە باشقىلار ھېيت كۈنلىرى توغرىسىدا ئىبنى ئابباس دېگەندەك بايان قىلدى. الله تائالا ھېيت كۈنلىرىنىڭ تۆت كۈن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: **﴿(مىنادىن) ئالدىراپ ئىككى**

(1) بۇ كۈنلەردىكى زىكرى قىلىش بولسا، قۇربان ھېيت كۈنىدىكى بەش ۋاقىت نامازدىن كېيىن، ھەجدىكى كىشىلەرنىڭ شەيتانغا تاش ئاتقان ۋاقتىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتلاردىكى تەكبىر ۋە زىكىرلاردۇر.

كۈندە قايتقان ئادەمگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، تەخىر قىلىپ قايتقان ئادەمگىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ يەنى بۇ ئايەت مال بوغۇزلايدىغان (بىرىنچى) كۈننىڭ ئارقىسىدىن يەنە ئۈچ كۈن بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

الله تائالا ھاجىلارنىڭ ھەج پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەرتەرەپكە تارىلىپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: **﴿(يۇقىرىقى ئەھكاملار) تەقۋادارلىق قىلىپ (ھەجنى تولۇق ئادا قىلماقچى بولغان) ئادەم ئۈچۈندۇر. الله دىن قورقۇڭلار؛ بىلىڭلاركى، سىلەر ھېساب ئۈچۈن الله نىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله سىلەرنى زېمىندا (نەسىللەندۈرۈش يولى بىلەن) ياراتتى، (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) ئۇنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر﴾[1].

* * * * * * *

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُعۡجِبُكَ قَوۡلُهُۥ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَيُشۡهِدُ ٱللَّهَ عَلَىٰ مَا فِي قَلۡبِهِۦ وَهُوَ أَلَدُّ ٱلۡخِصَامِ
﴿٢٠٤﴾ وَإِذَا تَوَلَّىٰ سَعَىٰ فِي ٱلۡأَرۡضِ لِيُفۡسِدَ فِيهَا وَيُهۡلِكَ ٱلۡحَرۡثَ وَٱلنَّسۡلَۚ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلۡفَسَادَ ﴿٢٠٥﴾
وَإِذَا قِيلَ لَهُ ٱتَّقِ ٱللَّهَ أَخَذَتۡهُ ٱلۡعِزَّةُ بِٱلۡإِثۡمِۚ فَحَسۡبُهُۥ جَهَنَّمُۖ وَلَبِئۡسَ ٱلۡمِهَادُ ﴿٢٠٦﴾ وَمِنَ ٱلنَّاسِ
مَن يَشۡرِي نَفۡسَهُ ٱبۡتِغَآءَ مَرۡضَاتِ ٱللَّهِۚ وَٱللَّهُ رَءُوفُۢ بِٱلۡعِبَادِ ﴿٢٠٧﴾

(ئى مۇھەممەد!) كىشىلەر ئارىسىدا شۇنداق ئادەم باركى، ئۇنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكى توغرىسىدىكى سۆزى سېنى قىزىقتۇرىدۇ (لېكىن ئۇ يالغانچى مۇناپىقتۇر)، ئۇ دىلىدىكى نەرسىگە (يەنى دىلى باشقا تىلى باشقا ئەمەسلىكىگە) الله نى گۇۋاھ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ (ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكۈچىلەرگە) ئەشەددىي دۈشمەندۇر (كۆرۈنۈشتە ئۇششېرىن سۆزى ئارقىلىق دىندار قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ)﴿204﴾. ئۇ (ھۇزۇرۇڭدىن) قايتقاندىن كېيىن، زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ۋە زىرائەتلەرنى، ھايۋاناتلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ (ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئەمەلدە ئىنسانلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈندۇر، چۈنكى، زىرائەتلەرسىز ۋە ھايۋاناتلارسىز ئىنسانلارنىڭ ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس). الله بۇزۇقچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ﴿205﴾. ئۇنىڭغا (ۋەز نەسىھەت قىلىنىپ يامان سۆز ـ ھەرىكەتلىرىڭدىن قايتىپ) الله دىن قورققىن دېيىلسە، غۇرۇرى ئۇنىڭغا گۇناھ يۆكلەيدۇ (يەنى ھەقتىن تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتىپ، پىتنە ـ پاساتتا تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ)، ئۇنىڭغا جەھەننەم يېتەرلىكتۇر، جەھەننەم ناھايىتى يامان جايدۇر﴿206﴾. بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار الله نىڭ رەزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ (قىلغان ئەمەلى بىلەن پەقەت الله نىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ). الله بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر﴿207﴾.

مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا

سۇددى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت ئەخنەس ئىبنى شۇرەيق سەقەفى ھەققىدە چۈشتى. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىسلامنى تىلىنىڭ ئۇچىدىلا ئاشكارا قىلىپ، دىلىدا ئۆزىنىڭ مۇناپىقلىقىنى ساقلاپ قالغانىدى.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت خۇبەيب ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە رەجىئ دېگەن يەردە

(1) مۆمىنۇن سۈرىسى 79 ـ ئايەت.

ئۆلتۈرۈلگەن ھەمراھلىرىغا تىل تەككۈزگەن ۋە ئۇلارنى ئەيىبلىگەن بىر تۈركۈم مۇناپىقلار توغرىسىدا چۈشتى. اللە تائالا مۇناپىقلارنى سۆكۈپ يۇقىرىدىكى ئايەتنى، خۇبەيب ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ماختاپ تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى. ﴿**بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار اللە نىڭ رەزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ (قىلغان ئەمەلى بىلەن پەقەت اللە نىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ)**﴾ بۇ ئايەتلەر بارلىق مۇناپىقلار ۋە بارلىق مۆمىن كىشىلەر ئۈچۈن چۈشكەن دېگەن بايانلارمۇ بار. قەتادە، مۇجاھىد ۋە رەبىئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلار شۇنداق دېگۈچىلەردۇر.

ئىبنى جەرىر قۇرەزىدىن نەۋفىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ (نەۋفى تەۋرات ۋە ئىنجىللارنى ئوقۇيدىغان كىشى ئىدى): مەن اللە تائالانىڭ كىتابىدىن (بۇ كىتاب تەۋرات ياكى ئىنجىل بولۇشى مۇمكىن) بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدە دىنىنى دۇنيالىقى ئۈچۈن ھىيلە سۈپىتىدە قوللىنىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ تىللىرى ھەسەلدىن تاتلىق، دىللىرى زەھەردىن ئاچچىق، كىيىملىرى قوينىڭ تېرىلىرىدىن (يەنى ئېسىل سۈپەتلىك)، دىللىرى تۆلكىنىڭكىدەك (يەنى قۇۋ، مەككار) ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلار ھەققىدە: «(ئۇلار گۇناھلار بىلەن) ماڭا قوپاللىق ۋە چوڭلۇق قىلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئېغىر ـ بېسىق كىشىنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويىدىغان بىر پىتنىنى (ئۇلارغا) ئەۋەتىشنى قەسەم قىلدىم» دېگەنلىكىنى ئوقۇدۇم.

قۇرەزى: مەن ئۇ كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى ئويدان ئويلاپ باقسام، قۇرئاندا مۇناپىقلار دەپ قارىلىدىغان كىشىلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى اللە تائالانىڭ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) كىشىلەر ئارىسىدا شۇنداق ئادەم باركى، ئۇنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكى توغرىسىدىكى سۆزى سېنى قىزىقتۇرىدۇ (لېكىن ئۇ يالغانچى مۇناپىقتۇر)، ئۇ دىلىدىكى نەرسىگە (يەنى دىلى باشقا تىلى باشقا ئەمەسلىكىگە) اللە نى گۇۋاھ قىلىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىدە ئۇچراتتىم، ـ دەيدۇ. قۇرەزىنىڭ بۇ سۆزى توغرا ۋە مۇۋاپىق سۆزدۇر.

﴿**ئۇ دىلىدىكى نەرسىگە (يەنى دىلى باشقا تىلى باشقا ئەمەسلىكىگە) اللە نى گۇۋاھ قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇ مۇناپىق ئىسلامنى ئىنسانلارغا ئاشكارا قىلىدۇ. قەلبىدىكى كۇپۇرلۇق ۋە مۇناپىقلىقنى اللە تائالاغا ئاشكارا قىلىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (خىيانەتلىرىنى) ئىنسانلاردىن (خىجىل بولۇپ) يوشۇرىدۇ، اللە دىن (خىجىل بولۇپ) يوشۇرمايدۇ﴾[1] يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇ مۇناپىق ئىنسانلارغا ئىسلامنى ئاشكارىلىغان ۋاقتىدا، قەسەم ئىچىپ قەلبى بىلەن تىلىنىڭ بىردەك ئىكەنلىكىگە اللە تائالانى گۇۋاھچى قىلىدۇ دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. بۇ توغرا دەپ قارالغان كۆز قاراش بولۇپ، ئىبنى جەرىرمۇ بۇنى قوللىغان.

﴿**ئۇ (ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكۈچىلەرگە) ئەشەددىي دۈشمەندۇر (كۆرۈنۈشتە ئۇ شېرىن سۆزى ئار قىلىق دىندار قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ)**﴾ يەنى مۇناپىقلار دەۋالاشقاندا يالغان ئېيتىدۇ، ھەقىقەتنى بۇرمىلايدۇ ۋە ئېغىزىنى بۇزىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا ۋەدىنى بۇزىدۇ، دەۋالاشسا ئېغىزىنى بۇزىدۇ».

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، اللە تائالا ئەڭ يامان كۆرىدىغان كىشى قاتتىق دۈشمەنلىشىدىغان كىشىدۇر».

(1) نىسا سۈرىسى 108 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ئۇ (ھۇزۇرۇڭدىن) قايتقاندىن كېيىن، زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ۋە زىرائەتلەرنى، ھايۋاناتلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ (ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئەمەلدە ئىنسانلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈندۇر، چۈنكى، زىرائەتلەرسىز ۋە ھايۋاناتلارسىز ئىنسانلارنىڭ ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس). الله بۇزۇقچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ﴾ يەنى مۇناپىقنىڭ سۆزى، ۋە قىلىقى سەتتۇر. يۇقىرىدىكى ئايەتتە بايان قىلىنغىنى مۇناپىقنىڭ سۆزى، بۇ ئايەتتىكىسى ئۇنىڭ قىلىقى بولۇپ، سۆزى يالغان، ئەقىدىسى بۇزۇق، قىلىقلىرى سەتتۇر، مۇناپىقنىڭ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، زىرائەت ۋە مېۋىلەرنى بۇزۇش ۋە ھايۋانلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتىۋېتىشتىن باشقا مەقسىتى يوقتۇر.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىنسا، الله تائالا يامغۇرنى ياغدۇرمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن زىرائەت ۋە مېۋىلەر قۇرۇپ، ھايۋانلارنىڭ نەسلى تۈگەپ كېتىدۇ. **﴿الله بۇزۇقچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ﴾** يەنى الله تائالا بۇ سۈپەتلىك (مۇناپىقلىقنىڭ سۈپىتى تېپىلىپ قالغان) كىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

مۇناپىقنىڭ نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى

﴿ئۇنىڭغا (ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىپ يامان سۆز ـ ھەرىكەتلىرىڭدىن قايتىپ) الله دىن قورققىن دېيىلسە، غۇرۇرى ئۇنىڭغا گۇناھ يۈكلەيدۇ (يەنى ھەقتىن تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتىپ، پىتنە ـ پاساتتا تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ)﴾ مۇناپىقلارغا نەسىھەت قىلىنىپ، ئۇنىڭغا: الله تائالادىن قورققىن، (يامان) سۆز ۋە قىلىقلىرىڭدىن يېنىپ ھەقىقەتكە قايتقىن دېيىلسە، ئۇ ئۇنىمىدى. ۋۇجۇدىنى گۇناھ چىرمىۋالغانلىقتىن تەكەببۇرلۇق قىلدى ۋە ئاچچىقلاندى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كاپىرلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلارنىڭ چېھرىلىرىدە (قوشۇمىسى تۈرۈلگەنلىكتىن) ئىنكار قىلغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بەرگۈچىلەرگە ھۇجۇم قىلغىلى تاس قىلغانلىقىنى كۆرىسەن، ئېيتقىنكى، «سىلەرگە مەن بۇنىڭدىنمۇ يامانراقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ دوزاختۇر. الله ئۇنى كاپىرلارغا ۋەدە قىلدى، ئۇلار قايتىپ بارىدىغان جاي نېمىدېگەن يامان!»﴾[1] شۇڭا الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇنىڭغا جەھەننەم يېتەرلىكتۇر، جەھەننەم ناھايىتى يامان جايدۇر﴾** يەنى جەھەننەم ئۇنى جازالاشقا يېتەرلىكتۇر.

الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ھەممىدىن ئارتۇق بىلىشنىڭ ھەقىقىي مۆمىنىنىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكى

الله تائالا مۇناپىقلارنىڭ يامان سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ يەردە (بۇ يەردە) مۆمىنلەرنىڭ ياخشى سۈپەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار الله نىڭ رەزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ (قىلغان ئەمەلى بىلەن پەقەت الله نىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ). الله بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر﴾**.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇما، ئەنەس رەزىيەللاھۇئەنھۇ، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، ئەبۇئوسمان

---

(1) ھەج سۈرىسى 72 ـ ئايەت.

نەھدى، ئىكرىمە ۋە باشقا بىر تۈركۈم كىشىلەر مۇنداق دەيدۇ: (بۇ ئايەت) سۇھەيب ئىبنى سىنان رۇمىي دېگەن كىشى توغرىسىدا چۈشتى، بۇ ئايەتنىڭ ئۇ توغرىلىق چۈشۈشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ مەككىدە ئىسلامغا كىرىپ (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلماقچى بولغاندا، قۇرەيشنىڭ كاپىرلىرى ئۇنىڭ ھىجرەت قىلىشىنى توسۇپ: ئەگەر مال ـ مۈلكىنى بىزگە تاشلاپ بېرىپ ھىجرەت قىلىشنى خالىسا شۇنداق قىلسۇن، ـ دېدى. سۇھەيب ئىبنى سىنان مال ـ مۈلكىنى ئۇلارغا بېرىپ قۇتۇلدى. شۇنىڭ بىلەن **الله** تائالا ئۇ توغرىسىدا يۇقىرىقى ئايەتنى چۈشۈردى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە بىر تۈركۈم كىشى ھەررەنىڭ بىر يېرىدە ئۇنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىپ: تىجارىتىڭ پايدا قىلدى (يەنى كاپىرلارنىڭ: ئۇ مال ـ مۈلۈكنى بىزگە بەرسە ھىجرەت قىلالايدۇ، بولمىسا ھىجرەت قىلالمايدۇ دېگەن شەرتىگە قوشۇلۇپ، ھىجرەتنى تاللىغىنىڭ ساڭا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پايدىسىنى ئېلىپ كەلدى) دېدى. ئۇ: **الله** سىلەرنىمۇ تىجارىتىڭلاردا زىيانغا ئۇچراتمىسۇن، ـ دېدى ۋە ئۇلارنىڭ: تىجارىتىڭ پايدىلىق بولدى، ـ دېيىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا **الله** تائالانىڭ بۇ ئايەتنى ئۇنىڭ ھەققىدە چۈشۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا: «ئى سۇھەيب! تىجارىتىڭ پايدىلىق بولدى» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى **الله** تائالانىڭ يولىدا (ئىسلام دىنىنى كۆللەندۈرۈش ئۈچۈن) جىھاد قىلغان ھەممە مۇجاھىدنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، **الله** مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار **الله** نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (**الله** نىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە **الله** دىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى **الله** دىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر﴾[1].

ھىشام ئىبنى ئامىر ئۇرۇشتا (كاپىرلارنىڭ) ئارىسىغا بۆسۈپ كىرىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى بەزى كىشىلەر ياقتۇرمىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقىلار ھىشام ئىبنى ئامىرنىڭ دۈشمەن ئارىسىغا ئېتىلىپ كىرگەن ئىشىنى ياقتۇرمىغان كىشىلەرگە رەددىيە بېرىپ: **﴿بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار الله نىڭ رەزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ (قىلغان ئەمەلى بىلەن پەقەت الله نىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ). الله بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

****

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱدۡخُلُواْ فِي ٱلسِّلۡمِ كَآفَّةٗ وَلَا تَتَّبِعُواْ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيۡطَٰنِۚ إِنَّهُۥ
لَكُمۡ عَدُوّٞ مُّبِينٞ ﴿٢٠٨﴾ فَإِن زَلَلۡتُم مِّنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَتۡكُمُ ٱلۡبَيِّنَٰتُ فَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ
حَكِيمٌ ﴿٢٠٩﴾

ئى مۆمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار)، شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋەئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار. شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر﴿208﴾. سىلەرگە

(1) تەۋبە سۈرىسى 111 ـ ئايەت.

(ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى كۆرسىتىدىغان) روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن (توغرا يولدىن) تېيىپ كەتسەڭلار، بىلىڭلاركى، (سىلەر جازالىنىسىلەر، چۈنكى،) ﷲ غالىبتۇر (يەنى سىلەردىن ئىنتىقام ئېلىشتىن ئاجىز ئەمەستۇر)، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿209﴾.

ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندا ھەممە ھۆكۈملىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنگەن بەندىلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ ھەممە ھۆكۈملىرىنى قوبۇل قىلىشقا، ئۇنىڭ بۇيرۇغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئەمەل قىلىشقا ۋە توسقان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدىن يېنىشقا بۇيرۇدى.

﴿ئى مۆمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار)﴾ ئىبنى ئابباس ئەۋفىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد، تاۋۇس، زەھھاك، ئىكرىمە، قەتادە، سۇددى، ئىبنى زەيد قاتارلىقلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ئىسلامغا كىرىڭلار دېگەنلىك بولىدۇ.

﴿پۈتۈنلەي﴾ بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، ئەبۇئالىيە ئىكرىمە، قەتادە، رەبىئ ئىبنى ئەنەس، سۇددى، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان ۋە زەھھاك قاتارلىقلار: يەنى ھەممىسىگە، تولۇق دېگەنلىكتۇر، ـ دەيدۇ.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى سىلەر پۈتۈن ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىڭلار، بولۇپمۇ ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردىن) ئىسلامغا كىرگەنلەر شۇنداق قىلىشى لازىم.

ئىبنى ئەبۇھاتەم: «بۇ ئايەتتە ئەھلى كىتابتىن ئىسلامغا كىرگەنلەر كۆزدە تۇتۇلغان> دېگەن كۆز قاراش ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئى ئەھلى كىتابتىن ئىسلامغا كىرگەنلەر! ئىسلام دىنىنىڭ ھەممە ھۆكۈملىرىگە كىرىڭلار! ـ دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ﷲ تائالاغا ئىشىنىش ئارقىلىق ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىنمۇ، ئۆزلىرىگە چۈشۈرۈلگەن بەزى ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلاتتى.

﴿ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار)﴾ يەنى ئى ئەھلى كىتابلار! تەۋراتقا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئەمما (ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىشتا) مۇھەممەد دىنىنىڭ دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن كىچىككىنە بىر نەرسىنىمۇ ئايرىپ قويماڭلار.

﴿شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار﴾ يەنى سىلەر ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىڭلار ۋە شەيتان سىلەرنى بۇيرۇغان نەرسىدىن ساقلىنىڭلار. ﷲ تائالا شەيتاننىڭ كىشىلەرنى يامان ئىشلارغا

بۇيرۇيدىغانلىقى توغرىسدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەيتان سىلەرنى ھەقىقەتەن يامانلىقلارغا، قەبىھ گۇناھلارغا ۋە اللە نامىدىن، يالغاندىن (اللە سىلەرگە ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دەپ، ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال دەپ)، سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ﴾[1]، ﴿شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ﴾[2] شۇڭا اللە تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر﴾**.

﴿سىلەرگە (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى كۆرسىتىدىغان) روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن (توغرا يولدىن) تېيىپ كەتسەڭلار، بىلىڭلاركى، (سىلەر جازالىنىسىلەر)﴾ يەنى كىمكى ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىگە پاكىتلار تۇرغۇزۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەق دىن (ئىسلام دىنى) دىن يۈز ئۆرىسە، چوقۇم جازالىنىدۇ. **﴿(چۈنكى،) اللە غالىبتۇر (يەنى سىلەردىن ئىنتىقام ئېلىشتىن ئاجىز ئەمەستۇر)﴾** يەنى بىلىپ قويۇڭلاركى، اللە تائالا ئىنتىقام ئېلىشتىن ئاجىز كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئىنتىقامىدىن ھېچ بىر كىشى قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھېچكىم غالىب كېلەلمەيدۇ. **﴿ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر.

****

هَلۡ يَنظُرُونَ إِلَّآ أَن يَأۡتِيَهُمُ ٱللَّهُ فِي ظُلَلٖ مِّنَ ٱلۡغَمَامِ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ وَقُضِيَ ٱلۡأَمۡرُۚ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرۡجَعُ ٱلۡأُمُورُ ٢١٠

ئۇلار (يەنى ئىسلامغا كىرىشنى تەرك ئەتكەنلەر) پەقەت اللە نىڭ (قىيامەت كۈنى خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن) بۇلۇت پارچىلىرى ئىچىدە كېلىشىنى، پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى ۋە (خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، بىر گۇرۇھ جەننەتتى، بىر گۇرۇھ دوزىخى بولۇپ ئايرىلىش بىلەن خالايىقنىڭ) ئىشىنىڭ پۈتۈشىنى كۈتەمدۇ؟ (بەندىلەرنىڭ) ھەممە ئىشى اللە غا قايتۇرۇلىدۇ﴿210﴾.

ئىمان ئېيتىشنى كېچىكتۈرمەسلىككە رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

اللە تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنمىگەن كاپىرلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار (يەنى ئىسلامغا كىرىشنى تەرك ئەتكەنلەر) پەقەت اللە نىڭ (قىيامەت كۈنى خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن) بۇلۇت پارچىلىرى ئىچىدە كېلىشىنى، پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى ۋە (خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، بىر گۇرۇھ جەننەتتى، بىر گۇرۇھ دوزىخى بولۇپ ئايرىلىش بىلەن خالايىقنىڭ) ئىشىنىڭ پۈتۈشىنى كۈتەمدۇ؟﴾** ئاندىن ھەربىر كىشىنى ئۇنىڭ قىلغان ئەمەلىگە قاراپ (ياخشى ئەمەل قىلغان بولسا) مۇكاپاتلايدۇ، (ئەگەر گۇناھ ئىشلارنى قىلغان بولسا) جازالايدۇ (يەنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ). شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿(بەندىلەرنىڭ) ھەممە ئىشى اللە غا قايتۇرۇلىدۇ﴾**.

(1) بەقەرە سۈرىسى 169- ئايەت.
(2) فاتىر سۈرىسى 6 - ئايەت.

ﷲ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى غاپىللار!) بۇنىڭدىن ئىلگىرى، زېمىن ئارقىمۇ ئارقا تەۋرىتىلگەن چاغدا، پەرۋەردىگارىڭ كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ كەلگەن چاغدا، (گۇناھكارلارنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن) جەھەننەم كەلتۈرۈلگەن چاغدا، شۇ كۈندە ئىنسان (يەنى كاپىر) (دۇنيادىكى قىلمىشلىرىنى) ئەسلەيدۇ، (بۇ چاغدا) ئەسلىگەنىنىڭ ئۇنىڭغا نېمە پايدىسى بولسۇن﴾[1]، ﴿ئۇلار پەقەت (ئۆلۈم) پەرىشتىلىرىنىڭ ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ (قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشىدىن ئىبارەت) بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ. «(سىلەر ئۆزەڭلارغا كېلىدىغان ئىشلارنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە كۈتىمىز» دېگىن﴾[2].

﴿ئۇلار (يەنى ئىسلامغا كىرىشنى تەرك ئەتكەنلەر) پەقەت ﷲ نىڭ (قىيامەت كۈنى خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن) بۇلۇت پارچىلىرى ئىچىدە كېلىشىنى، پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى ۋە (خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، بىر گۇرۇھ جەننەتى، بىر گۇرۇھ دوزىخى بولۇپ ئايرىلىش بىلەن خالايىقنىڭ) ئىشىنىڭ پۈتۈشىنى كۈتەمدۇ؟ (بەندىلەرنىڭ) ھەممە ئىشى ﷲ غا قايتۇرۇلىدۇ﴾ ئەبۇجەئفەر رازى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە رەبىئ ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئەبۇئالىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: پەرىشتىلەر نۇردىن ئاق بۇلۇتنىڭ پارچىلىرى ئۈستىدە كېلىدۇ، ﷲ ئۆزى خالىغان نەرسىدە (ۋە خالىغان يوسۇندا) كېلىدۇ.

* * * * * * *

سَلْ بَنِيٓ إِسْرَٰٓءِيلَ كَمْ ءَاتَيْنَٰهُم مِّنْ ءَايَةٍۭ بَيِّنَةٍۗ وَمَن يُبَدِّلْ نِعْمَةَ ٱللَّهِ مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَتْهُ فَإِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿٢١١﴾ زُيِّنَ لِلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا وَيَسْخَرُونَ مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ۘ وَٱلَّذِينَ ٱتَّقَوْا۟ فَوْقَهُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۗ وَٱللَّهُ يَرْزُقُ مَن يَشَآءُ بِغَيْرِ حِسَابٍ ﴿٢١٢﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئىسرائىل ئەۋلادىدىن سورىغىنكى، بىز ئۇلارغا نەقەدەر كۆپ روشەن دەلىللەرنى ئاتا قىلدۇق. كىمكى ﷲ نىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنى (كۇفرىلىق قىلىپ) ئۆزگەرتىۋەتسە (ﷲ ئۇنىڭغا ئازاب قىلىدۇ)، ﷲ نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر﴿211﴾. كاپىرلارغا دۇنيا تىرىكچىلىكى چىرايلىق كۆرسىتىلدى (يەنى ئۇلار دۇنيانىڭ شەھۋەتلىرىگە، نېئمەتلىرىگە مەپتۇن بولىدۇ)، مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ، ھالبۇكى قىيامەت كۈنى تەقۋادارلار ئۇلاردىن (دەرىجە جەھەتتە) ئۈستۈن تۇرىدۇ؛ ﷲ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ﴿212﴾.

ﷲ تائالانىڭ نېئمىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىشنىڭ جازاسى

ﷲ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام قولىنى قويىنىغا تىقىپ چىقارسا ئاق بولۇپ چىقىشى، ھاسىسىنىڭ يىلانغا ئايلىنىشى، ھاسا بىلەن دېڭىزنى يېرىشى، تاشتىن سۇ چىقىرىشى،

(1) ئەنئام سۈرىسى 158 ـ ئايەت.
(2) فەجر سۈرىسى 21 ـ ئايەتتىن 23 ئايەتكىچە.

قاتتىق ئىسسىقتا ئۇلارغا بۇلۇتنى سايە قىلىپ بېرىشى ۋە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بېرىشكە ئوخشاش **الله** تائالانىڭ بىرلىك، بارلىقىنى ۋە يۇقىرىدىكى مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن كىشىنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان نۇرغۇنلىغان پاكىتلارنى بىر نەچچە قېتىم كۆرۈپ تۇرۇپ، **الله** تائالاغا ئىشىنىشنىڭ ئورنىغا كاپىر بولغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كىمكى الله نىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنى (كۇفرىلىق قىلىپ) ئۆزگەرتىۋەتسە (الله ئۇنىڭغا ئازاب قىلىدۇ)، الله نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر**﴾.

شۇنىڭدەك، **الله** تائالا قۇرەيش كاپىرلىرىدىنمۇ خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**الله** نىڭ بەرگەن نېئمىتىگە كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئۆز قەۋمىنى (ئازدۇرۇش بىلەن) ھالاكەت مەۋقەسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (ھالاكەت مەۋقەسى) جەھەننەمدۇركى، ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[1]

الله تائالا ئاندىن دۇنيانىڭ نازۇ ـ نېئمەتلىرىگە رازى بولغان، ماللارنى توپلاپ، ئۇ ماللىرىنىڭ زاكاتلىرىنى بېرىشكە كۆرسىتىپ بەرگەن سەككىز تۈرلۈك كىشىگە بەرمىگەن، ئېرىشكەن پۇل ـ ماللاردىن (**الله** نىڭ رازىلىقىنى ئىزلەپ، **الله** تائالانىڭ يولىدا) ياخشى ئورۇنلارغا سەرپ قىلغان مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلغان كاپىرلار ئۇچۇن دۇنيانى چىرايلىق قىلىپ بەرگەنلىكىدىن، شۇ (مۆمىنلەر يۇقىرىقىدەك ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈن) قىيامەت كۈنى بەختلىك ئورۇن ۋە تولۇق نەتىجە بىلەن غەلىبە قازىنىپ، مەھشەرگاھتا كاپىرلاردىن ئۈستۈن تۇرۇپ، ئەڭ كاتتا دەرىجىلەرگە ئېرىشىدىغانلىقىدىن، كاپىرلارنىڭ دوزاخنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

شۇڭا **الله** تائالا بەندىلىرى ئۈستىدە خالىغاننى قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ**﴾ يەنى **الله** بەندىلىرىنىڭ ئىچىدە خالىغان كىشىلەرگە رىزىق، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە سان ـ ساناقسىز، نۇرغۇنلىغان ياخشى نېئمەتلەرنى بېرىدۇ.

بۇ ھەقتە ھەدىس قۇددىسىدا مۇنداق دەپ كەلدى. «**الله** مۇنداق دېدى: ئى ئادەم بالىسى! سەن (كىشىلەرگە) بەرگىن، مەن ساڭا بېرىمەن».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (يەنە بىر ھەدىستە) مۇنداق دەيدۇ: «ئى بىلال! سەن (كىشىلەرگە) بەرگىن، سەن ئەرشنىڭ ئىگىسىنىڭ (يەنى **الله** نىڭ) كېمەيتىۋېتىشىدىن قورقمىغىن». **الله** بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(**الله** نىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى **الله** تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر»﴾.[2]

ئىمام بۇخارىنىڭ ھەدىس كىتابىدا مۇنداق دەپ كەلدى: «شۈبھىسىزكى، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىككى پەرىشتە ئاسماندىن چۈشىدۇ. ئاندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى: ئى **الله** ! (كىشىلەرگە) سەدىقە قىلغان كىشىگە مال ـ مۈلكىنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ بەرگىن، ـ دەيدۇ. يەنە بىرى: ئى **الله** ! (كىشىلەرگە مال ـ مۈلكىنى سەدىقە قىلماي) بېخىللىق قىلغان كىشىنىڭ (مال ـ مۈلكىنى) تۈزىتىۋەتكىن، ـ دەيدۇ».

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 28 ـــ 29 ـ ئايەتلەر.
(2) سەبەئ سۈرىسى 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دەپ كەلدى: «ئادەم بالىسى مېنىڭ مېلىم، مېنىڭ مېلىم، ـ دەيدۇ. (ئى ئادەم بالىسى!) سېنىڭ مېلىڭدىن يەپ تۈگەتكىنىڭ، كىيىپ كونىراتقىنىڭ، سەدىقە قىلىپ الله تائالانىڭ ھېسابىغا ئۆتكۈزىۋەتكىنىڭلا ساڭا ھېسابتۇر. قالغىنى باشقا كىشىلەر ئۈچۈندۇر».

ئىمام ئەھمەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دۇنيا دېگەن ئۆيى يوق كىشىنىڭ ئۆيى، مال ـ مۈلكى يوق كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىدۇر. دۇنيانى ئەقلى يوق كىشى توپلايدۇ».

****

كَانَ ٱلنَّاسُ أُمَّةً وَٰحِدَةً فَبَعَثَ ٱللَّهُ ٱلنَّبِيِّـۧنَ مُبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ وَأَنزَلَ مَعَهُمُ ٱلْكِتَٰبَ بِٱلْحَقِّ لِيَحْكُمَ بَيْنَ ٱلنَّاسِ فِيمَا ٱخْتَلَفُوا۟ فِيهِ ۚ وَمَا ٱخْتَلَفَ فِيهِ إِلَّا ٱلَّذِينَ أُوتُوهُ مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَتْهُمُ ٱلْبَيِّنَٰتُ بَغْيًۢا بَيْنَهُمْ ۖ فَهَدَى ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لِمَا ٱخْتَلَفُوا۟ فِيهِ مِنَ ٱلْحَقِّ بِإِذْنِهِۦ ۗ وَٱللَّهُ يَهْدِى مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٢١٣﴾

ئىنسانلار (دەسلەپتە) بىر ئۈممەت (يەنى ھەق دىندا) ئىدى (كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ، بەزىسى ئىمان ئېيتماي ئىختىلاپ قىلىشتى)، الله (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كۇففارلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى؛ (الله) كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھەق كىتابنى نازىل قىلدى، پەقەت كىتاب بېرىلگەن كىشىلەرلا ئۆزلىرىگە روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۆز ئارا ھەسەت قىلىشىپ (يەنى كاپىرلار مۆمىنلەرگە ھەسەت قىلىپ)، كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى. الله ئۆز ئىرادىسى بويىچە مۆمىنلەرنى ئۇلار (يەنى گۇمراھلار) ئىختىلاپ قىلىشقان ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلدى. الله خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ﴿213﴾.

بىلىدىغان نەرسە ئۈستىدە ئىختىلاپلىشىشنىڭ ئازغۇنلۇقنىڭ پاكىتى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىقىدا ئون ئەسىر ئۆتكەن ئىدى. (بۇ ئەسىردە ياشىغان كىشىلەرنىڭ) ھەممىسى ھەق شەرىئەتتە (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرمۇ كاپىر يوق) ئىدى. ئاندىن ئۇلار شېرىك ئەقىدىسى پەيدا قىلىپ كاپىر ـ مۇسۇلمان دەپ بۆلۈنۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن الله پەيغەمبەرلەرنى بېشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى.

﴿**ئىنسانلار (دەسلەپتە) بىر ئۈممەت (يەنى ھەق دىندا) ئىدى**﴾ ئابدۇرازاق مۇئەممەردىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى توغرا يولدا ئىدى، ﴿**الله (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كۇففارلارنى دوزاختىن)**

ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى﴾ (بۆلۈنۈش پەيدا بولغاندىن كېيىن) بىرىنچى بولۇپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىدى.

﴿اللّٰه ئۆز ئىرادىسى بويىچە مۆمىنلەرنى ئۇلار (يەنى گۇمراھلار) ئىختىلاپ قىلىشقان ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلدى﴾ ئابدۇرازاق ئەبۇ ھۇرەيرەدىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز (دۇنياغا) ئەڭ ئاخىرىدا كەلدۇق. قىيامەت كۈنى ئەڭ ئالدىدا كېلىمىز. جەننەتكىمۇ باشقىلاردىن بۇرۇن كىرىمىز. لېكىن بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرگە، بىزدىن بۇرۇن كىتاب بېرىلدى. بىزگە كىتاب ئۇلاردىن كېيىن بېرىلدى. اللّٰه ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئۇلار ئىختىلاپلىشىپ قالغان ھەقىقەتكە بىزنى باشلىدى. ئۇلار بۇ كۈندە (يەنى جۈمە كۈندە) ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان ئىدى. اللّٰه بىزگە جۈمە كۈنىنى بەردى. مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەر ئۇ كۈندە بىزگە ئەگەشكۈچىدۇر. ئۇ كۈننىڭ ئەتىسى (يەنى شەنبە) كۈنى يەھۇدىيلار ئۈچۈن، ئۆگۈنى (يەكشەنبە) خىرىستىئانلار ئۈچۈندۇر».

ئىبنى ۋەھب ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەمدىن يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇلار جۈمە كۈندە ئىختىلاپلىشىپ قالدى. يەھۇدىيلار شەنبە كۈنىنى ئالدى. خىرىستىئانلار يەكشەنبە كۈنىنى ئالدى. اللّٰه مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە جۈمە كۈنىنى بەردى. ئۇلار قىبلە ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدى. خىرىستىئانلار كۈن چىقىش تەرەپكە، يەھۇدىيلار بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە يۈزلەندى. اللّٰه مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى ھەقىقىي قىبلە بولغان كەئبىگە يۈزلىنىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار ناماز ئوقۇشتا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن (نامازدا) رۇكۇ قىلسا سەجدە قىلمايدىغان، سەجدە قىلسا رۇكۇ قىلمايدىغان، نامازنىڭ ئىچىدە گەپ قىلىدىغان ۋە ماڭىدىغانلار بار. اللّٰه مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە توغرا بولغان ناماز ئوقۇشنى بىلدۈردى. ئۇلار روزا تۇتۇشتا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېرىم كۈن روزا تۇتىدىغانلار ۋە بەزى تائاملارنى (يېمەسلىك بىلەن) روزا تۇتىدىغانلار بار (يەنى مۇئەييەن بىر تاماقنى يېمىگەنلىك ئۇلار ئۈچۈن روزا تۇتقانلىق ھېسابلىنىدۇ). اللّٰه مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى اللّٰه تائالانىڭ دەرگاھىدا توغرا بولغان روزىنى تۇتۇشقا بۇيرۇدى. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرىلىق ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. يەھۇدىيلار: ئۇ يەھۇدىي ئىدى دېسە، خىرىستىئانلار: ئۇ خىرىستىئان ئىدى دېدى. اللّٰه ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى مۇسۇلمان قىلغانلىقىنى بايان قىلدى. ئاندىن اللّٰه مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە ئۇنىڭ توغرىسىنى بىلدۈردى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئۇنى توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى مۇسۇلمان دەپ بىلدى). ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا ئىختىلاپلىشىپ قالدى. يەھۇدىيلار ئۇنى يالغانچىغا چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئانىسى (يەنى ھەزرىتى مەريەم) توغرىسىدا چوڭ بوھتانلارنى توقۇدى. خىرىستىئانلار ئىسانى ئىلاھ ۋە اللّٰه نىڭ بالىسى دەۋالدى. ئۇ اللّٰه نىڭ سۆزى ۋە روھ پۈۋلىشى بىلەن بولغان ئىدى (يەنى اللّٰه ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ روھىدىن پۈۋلىگەن ۋە «بولغىن»، يەنى «يارىتىلغىن» دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئۇنى ئاتىسىز ياراتقان ئىدى). ئاندىن اللّٰه مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە شۇ ھەقىقەتنى بىلدۈردى (يەنى مۇسۇلمانلار ئىسانى يەھۇدىيلاردەك يالغانچىمۇ قىلمىدى، خىرىستىئانلاردەك ئىلاھمۇ قىلىۋالمىدى. اللّٰه ئۇنى قانداق ياراتقان بولسا شۇنداق دەپ ئېتىقاد قىلدى).

﴿اللّٰه ئۆز ئىرادىسى بويىچە﴾ ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: **اللّٰه**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى ۋە ئۆزى باشلاپ قويماقچى بولغان يولنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، بەندىلىرىنىڭ ئىچىدىن ﴿**اللّٰه خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ**﴾.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى نامازغا تۇرغاندا (بۇ دۇئانى) ئوقۇيتتى: «جىبرىئىل، مىكائىل ۋە ئىسرافىلنىڭ پەرۋەردىگارى، ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقۇچى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى، بەندىلىرى ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان نەرسىگە ھۆكۈم قىلغۇچى پەرۋەردىگارىم! ئىختىلاپلىشىپ قالغان نەرسىدە مېنى ھەقىقەتكە باشلىغايسەن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇرسەن»[1].

تۆۋەندىكىسىمۇ سەلەپلەر ئوقۇغان دۇئادۇر: ئى پەرۋەردىگارىم! بىزگە ھەقىقەتنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى، خاتا ئىشلارنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنى نېسىپ قىلغىن. ئۇ ئىككىسىنى ئايرىيالمايدىغان قىلىپ قويمىغىن، ئۇنداقتا بىز ئېزىپ كېتىمىز. بىزنى تەقۋادارلارغا ئۈلگە قىلغىن[2].

****

أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُوا۟ ٱلْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُم مَّثَلُ ٱلَّذِينَ خَلَوْا۟ مِن قَبْلِكُم ۖ مَّسَّتْهُمُ ٱلْبَأْسَآءُ وَٱلضَّرَّآءُ وَزُلْزِلُوا۟ حَتَّىٰ يَقُولَ ٱلرَّسُولُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مَعَهُۥ مَتَىٰ نَصْرُ ٱللَّهِ ۗ أَلَآ إِنَّ نَصْرَ ٱللَّهِ قَرِيبٌ ﴿٢١٤﴾

سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەر: «اللّٰه نىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، اللّٰه نىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر﴿214﴾.

اللّٰه نىڭ ياردىمى ۋە جەننەتنىڭ قاتتىق سىناقلاردىن كېيىن بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟**﴾ يەنى سىلەر سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەر سىنالغاندەك سىنىلىشتىن بۇرۇن (جەننەتكە كىرىمىز دەپ گۇمان قىلامسىلەر؟) اللّٰه مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى**﴾ بۇلار ھەر خىل كېسەل، ئاغرىق ۋە مۇسىبەت قاتارلىقلاردۇر.

(1) ئاللاھۇممە رەببە جىبرىئىلە ۋە مىكائىلە ۋە ئىسرافىلە فاتىرىسسەماۋات ۋەلئەرز ئالىمەلغەيبى ۋەششەھادە ئەنتە تەھكۇمۇ بەينە ئىبادىكە فىماكانۇ فىيھى يەختەلىفۇن. ئىھدىنى لىماختۇلىفە فىيھى مىنەلھەققى بىئىزنىكە ئىننەكە تەھدى مەن تەشائۇ ئىلا سىراتىم مۇستەقىم.

(2) ئاللاھۇممە ئەرىنال ھەققە ھەققەن، ۋەرزۇقنا ئىتتىبائەھ ۋە ئەرىنال باتىلە باتىلەن ۋەرزۇقنا ئىجتىنابەھ ۋەلاتەجئەلھۇ مۇلتەبىسەن ئەلەينا فەنەزىللە ۋەجئەلنا لىلمۇتتەقىنە ئىماما.

﴿سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆمىن) لەر ئېغىر چىلىقلارغا﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئەبۇئالىيە، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، مەررە ھامدانى، ھەسەن، قەتادە، زەھھاك، رەبىئ، سۇددى ۋە مۇقاتىل ئىبنى ھەييان قاتارلىقلار: ئۇ ئېغىرچىلىق پېقىرلىقتۇر، ـ دېدى.

﴿كۈلپەتلەرگە﴾ ئىبنى ئابباس بۇ كەلىمىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇ كۈلپەتلەر كېسەلگە مۇبتىلا بولۇشتۇر.

﴿ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى﴾ يەنى دۈشمەنلەردىن قورقۇپ قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈش ئارقىلىق سىنالغان ئىدى. ھەدىستە خەبباب ئىبنى ئەرت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، بىز: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىزگە (الله تىن) ياردەم تىلەپ دۇئا قىلمامسەن؟ ـ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەردىن بىرىنىڭ بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەرىنى قويۇپ تاپىنىغىچە ھەرىدىسىمۇ، ئۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ دىنىدىن قايتۇرالمايتتى. ئۇنىڭ گۆشى بىلەن سۆڭىكىنىڭ ئارىلىقىنى تۆمۈر تاغاقلار بىلەن تارىسىمۇ، ئۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ دىنىدىن قايتۇرالمايتتى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، الله ئىسلام دىنىنى چوقۇم ئۈستۈنلىككە ئېرىشتۈرىدۇ. ھەتتا سەنئادىن ھەزرەمەۋتكىچە ئۇلاغلىق ماڭغان كىشىلەر ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بولىدۇ. پەقەت قويلىرىنى بۆرە يەپ كېتىشىدىنلا قورقىدۇ. لېكىن سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر» دەپ، بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿ئەلىف، لام، مىم ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، الله (ئىمانىدا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىمانىدا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ﴾[1].

بۇ سىناقنىڭ ئېغىرى ساھابىلارغا خەندەك ئۇرۇشىدا بولدى. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، الله ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار، بۇ يەردە مۆمىنلەر سىنالغان ۋە (بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىنگەندەك) قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلار: «الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزلەرگە قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلىپتىكەن» دېيىشەتتى﴾[2].

رۇم پادىشاھلىرىدىن ھىرەقل (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئەبۇسۇفيان بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدە) ئەبۇسۇفياندىن: سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلدىڭلارمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندا ئۇ: ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ھىرەقل: ئۇرۇش (نەتىجىسى) قانداق بولدى؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇسۇفيان: بەزى ۋاقىتتا ئۇ بىزنى يېڭىدۇ. بەزى ۋاقىتتا بىز ئۇنى يېڭىمىز، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ھىرەقل: پەيغەمبەرلەر شۇنداق سىنىلىدۇ. ئاندىن ئاخىرقى غەلىبە ئۇلارغا بولىدۇ، ـ دېدى.

﴿سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن

---

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 1 ـ ئايەتتىن 3 ـ ئايەتكىچە.
(2) ئەھزاب سۈرىسى 10 ـ ئايەتتىن 12 ـ ئايەتكىچە.

ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەر: «الله نىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېگەن ئىدى﴾. يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشىنى، ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالغان ئەھۋالدا الله تائالادىن يېقىن ئارىدا بىر چىقىش يولى بېرىشىنى تىلەيدۇ.

﴿بىلىڭلاركى، الله نىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر﴾ الله بۇ ھەقتە (يەنى بىر قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىق بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا) مۇنداق دېدى: ﴿ئەلۋەتتە ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار، ئەلۋەتتە ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار﴾[1].

تارتقان قىيىنچىلىققا قارىتا ياردەم كەلگەنلىكى ئۈچۈن الله مۇنداق دېدى: **﴿بىلىڭلاركى، الله نىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر﴾**.

****

يَسْـَٔلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَۖ قُلْ مَآ أَنفَقْتُم مِّنْ خَيْرٍ فَلِلْوَٰلِدَيْنِ وَٱلْأَقْرَبِينَ وَٱلْيَتَٰمَىٰ وَٱلْمَسَٰكِينِ وَٱبْنِ
ٱلسَّبِيلِۗ وَمَا تَفْعَلُوا۟ مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ ٱللَّهَ بِهِۦ عَلِيمٌ ﴿٢١٥﴾

(ئى مۇھەممەد!) سەندىن (ماللىرىنى) قانداق سەرپ قىلىشا بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «مال - مۈلكىڭلاردىن نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئۇنى ئاتا - ئاناڭلارغا، خىش - ئەقرىبالىرىڭلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە ئىبنى سەبىللەرگە سەرپ قىلساڭلار بولىدۇ. ياخشىلىقتىن نېمىنى قىلماڭلار، الله ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ»﴿215﴾.

سەدىقە بېرىلىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا

مۇقاتىل ئىبنى ھەييان: بۇ ئايەت نەپلە سەدىقە توغرىسىدا چۈشكەن، - دېدى. ئىبنى ئاباس ۋە مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار سەندىن قانداق سەدىقە قىلىشنى سورايدۇ؟ الله ئۇلارغا شۇنى بايان قىلىپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن (ماللىرىنى) قانداق سەرپ قىلىشا بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «مال - مۈلكىڭلاردىن نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئۇنى ئاتا - ئاناڭلارغا، خىش - ئەقرىبالىرىڭلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە ئىبنى سەبىللەرگە سەرپ قىلساڭلار بولىدۇ﴾** يەنى سىلەر ئۇ مال - مۈلۈكنى مۇشۇ ئايەتتە دېيىلگەن كىشىلەرگە بېرىڭلار.

بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «(سەن سەدىقە قىلماقچى بولساڭ) ئاناڭغا، ئاتاڭغا، ئاچا - سىڭىللىرىڭغا ۋە ئاكا - ئۇكىلىرىڭغا، ئاندىن ئۇلاردىن يىراق تۇغقانلىرىڭغا ۋە ئاندىن ئۇلاردىنمۇ يىراقراقلىرىغا قىلغىن». مايمۇنە ئىبنى مېھران بۇ ئايەتنى ئوقۇپ مۇنداق دېدى: بۇ (يەنى ئايەتتە كەلگەن ئورۇنلار) سەدىقە قىلىنىدىغان ئورۇنلار. (الله) بۇ ئايەتتە (مال - مۈلۈكنى سەدىقە قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئىچىدە) داپ - دۇمباقلارنى، سۇنايلارنى، ياغاچقا ئويۇلغان سۈرەتلەرنى ۋە تامغا تارتىلغان پەردىلەرنى تىلغا ئالمىدى. (يەنى بۇ ئورۇنلارغا سەرپ قىلغان پۇل سەدىقە ھېسابلانمايدۇ).

(1) ئىنشىراھ سۈرىسى 5 ــ 6 - ئايەتلەر.

﴿ياخشىلىقتىن نېمىنى قىلماڭلار، اﷲ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾ يەنى سىلەر قانداقلىكى بىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، اﷲ ئۇنى چوقۇم بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. يىقىن كەلگۈسىدە سىلەرنى تولۇق مۇكاپاتلىغۇچىدۇر. اﷲ تائالا ھەرگىزمۇ بەندىسىگە زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ.

* * * * * * *

كُتِبَ عَلَيْكُمُ ٱلْقِتَالُ وَهُوَ كُرْهٌ لَّكُمْ ۖ وَعَسَىٰٓ أَن تَكْرَهُوا۟ شَيْـًٔا وَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ ۖ وَعَسَىٰٓ أَن تُحِبُّوا۟ شَيْـًٔا وَهُوَ شَرٌّ لَّكُمْ ۗ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ ﴿٢١٦﴾

سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى. ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) اﷲ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر (شۇنىڭ ئۈچۈن) اﷲ بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار﴿216﴾.

جىھاد قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى توغرىسىدا

اﷲ تائالا دۈشمەنلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى توسۇش ئۈچۈن جىھاد قىلىشنى پەرز قىلدى. زۆھرى مۇنداق دەيدۇ: جىھاد قىلىش جىھادقا چىققان كىشى بولسۇن ياكى ئۆيىدە قالغان كىشى بولسۇن، ھەممە كىشىگە پەرزدۇر. ئەگەر (جىھادقا چىقماي ئۆيىدە) قالغان كىشىدىن (ماددىي ياكى باشقا جەھەتتە) ياردەم سورالغاندا ياردەم قىلىشى ياكى جىھادقا چىقىشى تەلەپ قىلىنغاندا جىھادقا چىقىشى لازىم. مۇسۇلمانلارنىڭ (ئۇنىڭ جىھادقا چىقىشىغا) ئېھتىياجى بولمىسا، ئۇ (ئۆيىدە) ئولتۇرسىمۇ بولىدۇ.

شۇڭا ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «بىر كىشى جىھاد قىلماي ۋە جىھاد قىلىشنى نىيەت قىلماي ئۆلگەن بولسا، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتتا ئۆلگەندەك بولىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (مەككىنى) پەتھى قىلغان كۈنى مۇنداق دېدى: «(مەككە) پەتھى بولغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلىش يوق[1]. لېكىن (قالغىنى) جىھاد قىلىش ۋە (ئۇنىڭغا) نىيەت قىلىشتۇر. ئەگەر سىلەر (جىھادقا) چاقىرىلساڭلار (جىھادقا) چىقىڭلار».

﴿سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى. ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر﴾ يەنى قاتتىق ۋە مۇشەققەتلىكتۇر. جىھاد دېگەن شۇنداق بولىدۇ، يەنى جىھاد دېگەندە، يا ئۆلتۈرۈلىدۇ ياكى ئۇزاق يوللارنى بېسىپ بېرىپ، دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ جاراھەتلىنىدۇ...

﴿سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر﴾ يەنى ئۇرۇشتىن كېيىن دۈشمەنىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قازانغاندا، ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىگە،

(1) بۇ يەردە ھىجرەت قىلىش يوق دېگەنلىك، مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ ئىبادەتلىرىنى ھەقىقىي ئىسلام كۆرسەتمىسى بويىچە ئېلىپ بارالمىسا، ئىبادىتىنى تولۇق قىلىشقا تۇسالغۇ بولمايدىغان جايغا ھىجرەت قىلىش كېرەك.

مال ـ مۈلكىگە ۋە خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغىلى بولىدۇ.

﴿سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر﴾ بۇ ئايەت ھەممە جەھەتتە ئومۇمىيدۇر. ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن ھېچقانداق ياخشىلىق ۋە پايدا يوق بىر نەرسىنى ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن، ئۇرۇشقا چىقماي (ئۆيدە) ئولتۇرۇشمۇ بۇ ئىشلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، بۇنىڭدىن (يەنى ئۇرۇشقا چىقماي ئۆيدە ئولتۇرغاندىن) كېلىدىغان ئاقىۋەت يۇرتقا دۈشمەننىڭ ئىگە بولۇۋېلىشى ۋە (ئۇنىڭغا) ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدۇر.

﴿(سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر (شۇنىڭ ئۈچۈن) الله بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار﴾ يەنى الله ئىشلارنىڭ كېيىنلىكىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىلەرگە پايدا قىلىدىغان نەرسىنى سىلەردىن ياخشىراق بىلگۈچىدۇر. (شۇنداق بولغان ئىكەن) سىلەر توغرا يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، بۇيرۇقىغا بويسۇنۇڭلار.

* * * * * * *

يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلشَّهْرِ ٱلْحَرَامِ قِتَالٍ فِيهِ ۖ قُلْ قِتَالٌ فِيهِ كَبِيرٌ ۖ وَصَدٌّ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَكُفْرٌۢ
بِهِۦ وَٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ وَإِخْرَاجُ أَهْلِهِۦ مِنْهُ أَكْبَرُ عِندَ ٱللَّهِ ۚ وَٱلْفِتْنَةُ أَكْبَرُ مِنَ ٱلْقَتْلِ ۗ وَلَا
يَزَالُونَ يُقَٰتِلُونَكُمْ حَتَّىٰ يَرُدُّوكُمْ عَن دِينِكُمْ إِنِ ٱسْتَطَٰعُوا۟ ۚ وَمَن يَرْتَدِدْ مِنكُمْ عَن دِينِهِۦ
فَيَمُتْ وَهُوَ كَافِرٌ فَأُو۟لَٰٓئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَٰلُهُمْ فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْءَاخِرَةِ ۖ وَأُو۟لَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ
ٱلنَّارِ ۖ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢١٧﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَٱلَّذِينَ هَاجَرُوا۟ وَجَٰهَدُوا۟ فِى سَبِيلِ
ٱللَّهِ أُو۟لَٰٓئِكَ يَرْجُونَ رَحْمَتَ ٱللَّهِ ۚ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٢١٨﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن: «ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر؛ الله نىڭ يولىدىن توسۇش، الله غا كۇفرىلىق قىلىش، مەسجىدى ھەرامدا (ئىبادەت قىلىشتىن) توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرامدىن ئاھالىنى ھەيدەپ چىقىرىش الله نىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر، پىتنە (يەنى مۆمىنلەرگە زىيانداشلىق قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر. ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا، سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴿217﴾. شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار، ھىجرەت قىلغانلار ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار ئەنە شۇنداق كىشىلەر الله نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿218﴾.

خورمىزارلىقتا ئەۋەتىلگەن بىر قوشۇننىڭ ۋە ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايدا ئۇرۇشۇشنىڭ ھۆكمى

ئىبنى ئەبۇھاتەم جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر قوشۇننى ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنىڭ باشچىلىقىدا يولغا سالدى. ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىشقا چىدىماي يىغلاپ سالغان ئىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشنى قوشۇنغا باشلىق قىلدى. ئۇنىڭغا خەتتىن بىرنى يېزىپ بېرىپ، مەلۇم بىر يەرگە بارمىغۇچە خەتنى ئوقۇماسلىقتا بۇيرۇپ: «(سەن خەتنى ئېچىپ كۆرگەندىن كېيىن) ھەمراھلىرىڭدىن بىر كىشىنىمۇ ئۆزەڭ بىلەن بىللە مېڭىشقا مەجبۇرلىمىغىن» دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن خەتنى ئوقۇپ: «ئىننا لىللاھ ۋەئىننا ئىلەيھى راجىئۇن» دېدى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ **اللہ** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ھەمراھلىرىغا ئەھۋالنى ئېيتتى ۋە ئۇلارغا خەتنى ئوقۇپ بەردى. (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) ئىككى كىشى ئارقىسىغا قايتىپ، قالغانلار قېلىپ قالدى. ئۇ ئىككىسى يولدا ئىبنى ھەزرەمى دېگەن (كاپىرغا) يولۇقۇپ قېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇلار شۇ كۈننىڭ (يەنى ھېلىقى كاپىر ئۆلتۈرگەن كۈننىڭ ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن) رەجەب ياكى ئۇرۇش چەكلەنمىگەن جۇمادىيە ئېيى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇ ئىشتىن كېيىن مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا: سىلەر ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايدا ئۇرۇش قىلدىڭلار، ـ دېدى. ئاندىن **اللہ** بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن: «ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر﴾**.

(بۇ قىسسە يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىندى) تارىخچى ئابدۇلمەلىك ئىبنى ھىشام زىياد ئىبنى ئابدۇللاھ بۇكائىدىن مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى يەسار مەدەنىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ئىبنى رىئاب ئەسەدى دېگەن كىشىنى بىرىنچى قېتىملىق بەدرى ئۇرۇشىدىن كېيىنلا كەلگەن رەجەب ئېيىدا پەقەت مۇھاجىرلاردىنلا تەركىب تاپقان سەككىز كىشىلىك بىر قوشۇنغا باشلىق قىلىپ بىر يەرگە ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت بېرىپ، خەتنى ئىككى كۈن يول مېڭىپ بولمىغۇچە ئوقۇماسلىقنى تاپىلايدۇ. ئۇ (ئىككى كۈن مېڭىپ بولغاندىن كېيىن) خەتنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئۆزىنى بۇيرۇغان ئىشقا مېڭىشنى ۋە ھەمراھلىرىدىن بىر كىشىنىمۇ مەجبۇرلىماسلىقنى بۇيرۇغانلىقىنى بىلىدۇ. مۇھاجىرلاردىن تەركىب تاپقان كىشىلەر ئابدۇشەمس ئىبنى مانافنىڭ جەمەتىدىن ئەبۇھۇزەيفە ئىبنى ئۇتبە ۋە بۇ جەمەتنىڭ ئىتتىپاقدىشىدىن (بۇ قوشۇننىڭ باشلىقى) ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش، ئەسەد ئىبنى خۇزەيمەنىڭ جەمەتىدىن ئۇكاش ئىبنى مۇھسىن، نەۋفەل ئىبنى ئابدۇمەنافنىڭ جەمەتىدىن ئۇتبە ئىبنى غەزۋان ئىبنى جابىر، زۆھرى ئىبنى كىلابنىڭ جەمەتىدىن سەئىد ئىبنى ۋاققاس، ئەدىي جەمەتىدىن ئامىر ئىبنى رەبىئە، تەمىم جەمەتىدىن ۋاقىد ئىبنى ئابدۇللاھ، سەئىد ئىبنى لەيسنىڭ جەمەتىدىن خالىد ئىبنى بەكرى ۋە ھارىس ئىبنى پەھرىنىڭ جەمەتىدىن سۇھەيل ئىبنى بەيزا قاتارلىقلار ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ئىككى كۈن مېڭىپ بولغاندىن كېيىن خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى. خەتتە: «سەن بۇ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەككە بىلەن تائىپنىڭ ئارىلىقىدىكى خورمىزارلىقتا بېرىپ، ئۇ يەردە

قۇرەيشنى كۆزىتىپ، بىزگە ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزگىن» دەپ يېزىلغان ئىكەن. ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش خەتنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقىپ، ﷲ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ھەمراھلىرىغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى خورمىزارلىقتا بېرىپ، ئۇ يەردە قۇرەيشلەرنى كۆزىتىشىمنى ۋە ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈشىمنى بۇيرۇدى. مېنى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن بىر كىشىنىمۇ مەن بىلەن بىللە مېڭىشقا مەجبۇرلاشتىن توستى. شېھىت بولۇشنى خالايدىغانلار مەن بىلەن ماڭسۇن، خالىمايدىغانلار بولسا قايتىپ كەتسۇن، ئەمما مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇغىنىغا ماڭىمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋە ھەمراھلىرى مەنزىلگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلاردىن ھېچكىم ئايرىلىپ قالمىدى.

ئۇلار ھىجازغا كېتىۋېتىپ، بۇھران دېگەن يەرنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى مەئدىن دېگەن يەرگە كەلگەندە، سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس بىلەن ئۇتبە ئىبنى غەزۋان ئىككىسى نۆۋەتلىشىپ مىنىپ كەلگەن تۆگىسىنى يۈتتۈرۈپ قويۇپ، ئۇنى ئىزدەش ئۈچۈن قوشۇندىن ئايرىلىپ قالدى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ۋە قالغان ھەمراھلىرى (يولىغا) مېڭىۋەردى. (ئۇلار كېلىپ) خورمىزارلىقتا چۈشتى. ئۇلارنىڭ قېشىدىن قۇرۇق ئۈزۈم، كۆنجۈت ۋە قۇرەيشنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ ماڭغان بىر كارۋان ئۆتتى. كارۋاندا قۇرەيشلىكلەردىن ئەمرى ئىبنى ھەزرەمى، ئوسمان ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغىيرە، ئۇنىڭ قېرىندىشى نەۋفەل ئىبنى ئابدۇللاھ ۋە ھىشام ئىبنى مۇغىيرەنىڭ ئازاد گەردىسى ھەكەم ئىبنى كىسانلار بار ئىدى. قۇرەيشلەر قوشۇننى كۆرۈپ ئۇلاردىن قورقتى. قۇرەيشلەر ئۇلارغا يېقىن بىر يەرگە كېلىپ چۈشكەنىدى. ئاندىن ئۇكاش ئىبنى مۇھسىن (دېگەن ساھابى) ئۇلارنىڭ يېنىغىراق باردى. ئۇ چېچىنى چۈشۈرىۋەتكەن ئىدى. قۇرەيشلىكلەر ئۇنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولغان ھالدا: (ئۇلار) ئۆمرە قىلغۇچىلار ئىكەن، ئۇلاردىن قورقۇپ كەتمىسەكمۇ بولغىدەك، ـ دېيىشتى.

بۇ، رەجەب ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئىدى. ساھابىلار ئۆز ـ ئارا مەسلىھەتلىشىپ: ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇلارنى بۇ كېچە قويۇۋەتسەك، ئۇلار ھەرەمگە كىرىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى ئۆلتۈرسەك، ئۇلارنى ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايدا ئۆلتۈرگەن بولۇپ قالىمىز دەپ ئىككىلىنىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشتىن قورقتى. ئاندىن ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، قۇرەيشلىكلەرنىڭ ئىچىدىن تۇتۇۋالغىنىنى ئۆلتۈرۈپ، مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىشقا بىرلىككە كەلدى. ۋاقىد ئىبنى ئابدۇللاھ تەمىمى (دېگەن ساھابە) ئەمرى ئىبنى ھەزرەمى (دېگەن كاپىرنى) ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئوسمان ئىبنى ئابدۇللاھ ۋە ھەكەم ئىبنى كىسان (دېگەن ئىككى كاپىر) نى ئەسىرگە ئالدى. نەۋفەل ئىبنى ئابدۇللاھ دېگەن (كاپىرنى) قاچۇرۇپ قويۇپ تۇتالمىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كارۋاننى ۋە ئەسىرگە چۈشكەن ئىككى كىشىنى ئېلىپ مەدىنىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. ئىبنى ئىسھاق ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشنىڭ ئائىلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ھەمراھلىرىغا: بىز ئولجا ئالغان نەرسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىمىز، ـ دېدى. بۇ، ﷲ ئولجا ئالغان نەرسىلەرنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) بۆلۈپ بېرىش پەرز قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ئىش ئىدى. ئابدۇللاھ ئالغان ئولجىنىڭ بەشتىن بىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئايرىپ قېلىپ، قالغىنىنى ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرنى ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇمىغان ئىدىم»

دەپ، كارۋان ۋە ئىككى ئەسىرنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلماي توختىتىپ قويۇپ، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ئولجىلاردىن ھېچنېمىنى ئالغىلى ئۇنىمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پوزىتسىيەسى ئۇلارنى باشقا ساھابىلارنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە قويدى (يەنى ساھابىلار ئۇلارغا مالامەت قىلغىلى تۇردى). ئۇلار ئۆزلىرىنى ھالاك بولدۇق دەپ گۇمان قىلدى. بىر تەرەپتىن ساھابىلار ئۇلارنى قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ئەيىبلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن قۇرەيشلەر: مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئۇرۇش چەكلەنگەن ئاينىڭ ھۆرمىتىنى قىلماي ئۇ ئايدا قان تۆكتى. ماللارنى بۇلىدى ۋە كىشىلەرنى ئەسىر ئالدى، ـ دېگىلى تۇردى. مەككىدىكى مۇسۇلمانلار ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى: ئۇلار (يەنى ساھابىلار قۇرەيشلىك كاپىرلاردىن) ئېلىنىۋالغان ئولجىنى شەئبان ئېيىدا (يەنى ئۇرۇش چەكلەنمىگەن ئايدا) ئالدى. يەھۇدىيلار بۇ ئىش بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يانتاياق بولماقچى بولۇپ مۇنداق پال ئالدى: ئەمرى ئىبنى ھەزرەمى دېگەن كاپىرنى ۋاقىد ئىبنى ئابدۇللاھ ئۆلتۈرىۋەتتى. ئەمرى دېگەن ”ئۇرۇش ئاۋاتلاشتى“، ھەزرەمي دېگەن ”ئۇرۇش ھازىرلاندى“، ۋاقىد (ئىبنى ئابدۇللاھ) دېگەن ”ئۇرۇش قىزىپ كەتتى“ دېگەن بولىدۇ. **الله** ئۇلارغا شۇنى پۈتىۋېتىپىكەن، ـ دېدى (يەنى بۇ شۇملۇق ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىدىن كېلىپ چىققان، شۇڭا بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتىڭ يوق دېيىشتى).

كىشىلەر ئارىسىدا گەپ ـ سۆز ناھايىتى كۆپىيىپ كەتكەندە، **الله** تائالا پەيغەمبىرىگە بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن: «ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر؛ الله نىڭ يولىدىن توسۇش، الله غا كۇفرىلىق قىلىش، مەسجىدى ھەرامدا (ئىبادەت قىلىشتىن) توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرامدىن ئاھالىنى ھەيدەپ چىقىرىش الله نىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر، پىتنە (يەنى مۆمىنلەرگە زىيانداشلىق قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر﴾** يەنى ئەگەر سىلەر ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايدا ئۆلتۈرگەن بولساڭلارمۇ، ئۇلارنىڭ **الله** تائالاغا كاپىر بولۇشى، ئۇنىڭ يولىدىن ۋە ھەرەم مەسجىدىدىن توسقانلىقى، سىلەر ھەرەملىك تۇرۇپ سىلەرنى ھەرەمدىن چىقىرىۋەتكەنلىكى **﴿الله نىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر﴾** يەنى سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئۆلتۈرىۋەتكىنىڭلاردىن ئېغىر گۇناھتۇر.

﴿پىتنە (يەنى مۆمىنلەرگە زىيانداشلىق قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر﴾ يەنى ئۇلار بىر كىشى ئىسلامغا كىرىپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئۇنى دىنىدىن كۇپۇرغا قايتۇرۇش ئۈچۈن (ئۇنى) ئازابلايدۇ. بۇ، **الله** تائالانىڭ دەرگاھىدا ئادەم ئۆلتۈرگەندىنمۇ ئېغىر گۇناھتۇر.

﴿ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ﴾ يەنى ئۇلار (**الله** تائالاغا) تەۋبە قىلماستىن ۋە (قىلىۋاتقان) ئەسكىلىكىدىن توختاپ قالماستىن، ئۆزلىرىنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: **الله** بۇ ھەقتە ئايەت نازىل قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى ئاخىرلاشتۇرغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كارۋان ۋە ئىككى ئەسىرنىڭ ئىشلىرىنى قولىغا ئالدى. قۇرەيشلىكلەر ئوسمان ئىبنى ئابدۇللاھ ۋە ھەكەم ئىبنى كىسانلارغا فىدىيە بېرىپ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەلچى ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىزنىڭ (يوقالغان تۆگىسىنى ئىزدەپ كەتكەن) ھەمراھىمىز سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس ۋە ئۇتبە ئىبنى غەزۋان قايتىپ كەلمىگىچە، بىز ئۇ ئىككىسىنى (سىلەردىن فىدىيە ئېلىپ) قايتۇرۇپ بەرمەيمىز. بىز سىلەرنىڭ ئۇ ئىككىسىگە زىيانكەشلىك قىلىشىڭلاردىن قورقىمىز. ئەگەر

سىلەر ئۇ ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلار، بىزمۇ سىلەرنىڭ (بۇ) ئىككى ئادىمىڭلارنى ئۆلتۈرىمىز» دېدى. كېيىن سەئىد بىلەن ئۇتبەمۇ قايتىپ كەلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن فىدىيە ئېلىپ، ئۇ ئىككىسىنى قايتۇرۇپ بەردى. ھەكەم ئىبنى كىسان ئىسلامغا كىرىپ ياخشى مۇسۇلمان بولۇپ، (مەئۇنەھ قۇدۇقى) دەپ ئاتىلىدىغان يەردە شېھىت بولۇپ كەتكۈچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇردى. ئەمما ئوسمان ئىبنى ئابدۇللاھ مەككىگە كېتىپ ئۇ يەردە كاپىر ھالەتتە ئۆلدى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: ئايەت چۈشكەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئۈستىدىكى غەم - ئەندىشە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇلار ئەجىر ئۈمىد قىلىپ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) مۇنداق دېدى: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز بۇ جەڭنىڭ جىھاد قىلغانلارنىڭ ئەجرى بېرىلىدىغان بىر جەڭ بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلساق بولامدۇ؟» دەپ سورىدى. ئاندىن الله بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار، ھىجرەت قىلغانلار ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار ئەنە شۇنداق كىشىلەر الله نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ يەنى الله ئۇلارنى ئۇنىڭدىنمۇ كاتتىسىنى (يەنى الله نىڭ رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىدىغان قىلىپ قويدى.

****

﴿يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلْخَمْرِ وَٱلْمَيْسِرِ ۖ قُلْ فِيهِمَآ إِثْمٌ كَبِيرٌ وَمَنَٰفِعُ لِلنَّاسِ وَإِثْمُهُمَآ أَكْبَرُ مِن نَّفْعِهِمَا ۗ وَيَسْـَٔلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ قُلِ ٱلْعَفْوَ ۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلْـَٔايَٰتِ لَعَلَّكُمْ تَتَفَكَّرُونَ ﴿٢١٩﴾ فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْـَٔاخِرَةِ ۗ وَيَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلْيَتَٰمَىٰ ۖ قُلْ إِصْلَاحٌ لَّهُمْ خَيْرٌ ۖ وَإِن تُخَالِطُوهُمْ فَإِخْوَٰنُكُمْ ۚ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ ٱلْمُفْسِدَ مِنَ ٱلْمُصْلِحِ ۚ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ لَأَعْنَتَكُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٢٠﴾

(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» دېگىن، ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ، «(ئېھتىياجدىن) ئارتۇقىنى (سەدىقە قىلىڭلار)» دېگىن. (دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى) تەپەككۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن الله ئۆز ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ﴿219﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، «(تەربىيىلەش، ماللىرىنى ئۆستۈرۈپ) ئۇلارنى تۈزەش ياخشىدۇر، ئۇلار بىلەن (ئۇلارغا پايدىلىق بولغان رەۋىشتە) ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، ئۇ چاغدا (يەنى ئۇلارغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىڭلار)، ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. الله (يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى) بۇزغۇچى ۋە تۈزگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر الله خالىسا، سىلەرنى (قىيىن ئىشقا تەكلىپ قىلىش بىلەن) چوقۇم جاپاغا سالاتتى». الله ھەقىقەتەن غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿220﴾.

ھاراقنىڭ تەدرىجىي ھالدا ھارام قىلىنغانلىقى

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ مەيسەرەدىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ: ئى الله ! ھاراقنى بىزگە ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلىپ بەرسەڭ، -

دەپ دۇئا قىلىشى اللە نىڭ ھاراقنى ھارام قىلىش ھەققىدە ئايەت نازىل قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر. ﴿**(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» دېگىن**﴾.

ئۆمەر چاقىرتىلىپ (بۇ ئايەت) ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىلدى. ئاندىن ئۇ: ئى اللە ! ھاراقنىڭ (ھۆكمىنى) بىزگە تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىپ بەرسەڭ! ـ دېگەن سۆزنى تەكرارلىدى. ئاندىن بۇ ئايەت چۈشتى: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەس بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار﴾[1] ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى نامازغا تۇرغاندا: مەس كىشى نامازغا يېقىنلاشمىسۇن! ـ دەپ ئېلان قىلدى. ئاندىن ئۆمەر چاقىرتىلىپ (بۇ ئايەت) ئوقۇپ بېرىلدى. ئۇ: ئى اللە ! ھاراقنىڭ (ھۆكمىنى) بىزگە ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلىپ بەرسەڭ، ـ دېگەن سۆزنى يەنە تەكرارلىدى.

ئاندىن اللە تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە اللە نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟﴾[2].

ئاندىن ئۆمەر چاقىرتىلىپ ئۇنىڭغا (بۇ ئايەت) ئوقۇپ بېرىلىپ: ﴿**سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟**﴾ دېگەن يەرگە يەتكەندە ئۆمەر: ياندۇق، ياندۇق! ـ دەپ كەتتى. ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ (ۋەقەلىكنى) يۇقىرىقىغا ئوخشاش رىۋايەت قىلدى. بۇ توغرىدىكى ھەدىسلەرنى (اللە خالىسا) ئالدىمىزدا يەنە ئۇچرىتىمىز.

﴿**(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ**﴾ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئېيتقاندەك، ئەقىلنى كەتكۈزىدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ھاراق ھېسابلىنىدۇ. ﴿**«بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىمۇ بار**﴾ يەنى ھاراق بىلەن قىمار دىنىي جەھەتتىن گۇناھتۇر. ئەمما ئۇلاردا بەدەنگە ئازراق پايدا قىلىش، تاماقنى سىڭدۈرۈش، ھاجەتنى راۋانلاشتۇرۇش، بەزى كىشىلەرنىڭ نېرۋىسىنى ئۆتكۈر قىلىش، ئۇنىڭدىن لەززەتلىنىش، ئۇنىڭغا ئالاقىدار تىجارەتتىن تاپقان پۇلدىن پايدىلىنىش، قىمار ئويناپ ئۇتىۋالغان پۇلنى ئۆزى ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا سەرپ قىلىپ بېرىشتەك ماددىي پايدىلاردۇر. لېكىن بۇ ئازغىنا ماددىي پايدىلار ئۇنىڭ دىنغا ۋە ئەقىلگە كەلتۈرىدىغان زىيانغا سېلىشتۇرغاندا، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

﴿**لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» دېگىن**﴾ شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت ھاراقنىڭ قەتئىي ھارام قىلىنىشى ئۈچۈن ئاساس بولدى. بۇ ئايەت (ھاراقنى پۈتۈنلەي ھارام قىلىشتا) ئوچۇق ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (بۇ ئايەت ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىلگەندە): ئى اللە ! ھاراقنىڭ (ھۆكمىنى) بىزگە ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگىن! ـ دېدى. (ئاندىن) ئۇنىڭ ھاراملىقىغا مائىدە سۈرىسىدىكى بۇ ئوچۇق ئايەت چۈشتى: ﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار

(1) نىسا سۈرىسى 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مائىدە سۈرىسى 90 ــــ 91 ـ ئايەتلەر.

(يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار﴾[1].

ئىبنى ئۆمەر، شەئبىي، مۇجاهىد، قەتادە، رەبىئ ئىبنى ئەنەس، ئابدۇراهمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم قاتارلىقلار: ﴿**ئى مۇھەممەد!) سەندىن هاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ بار**﴾ دېگەن بۇ ئايەت هاراقنى (هارام قىلىش توغرىسىدا) چۈشكەن تۇنجى ئايەت بولۇپ، ئاندىن نىسا سۈرىسىدىكى: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەس بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە، نامازغا يېقىنلاشماڭلار﴾[2] دېگەن ئايەت چۈشتى. ئاندىن مائىدە سۈرىسىدىكى ئايەت چۈشۈپ، هاراقنى قەتئىي يوسۇندا هارام قىلىۋەتتى، ـ دېيىشتى.

مال ـ مۈلۈكنىڭ ئارتۇقىنى سەدىقە قىلىش توغرىسىدا

﴿**ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ، «(ئېهتىياجدىن) ئارتۇقىنى (سەدىقە قىلىڭلار)» دېگىن**﴾ ھەكەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇقسىمدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بالا ـ چاقىلىرىڭلارنىڭ ئېهتىياجىدىن ئاشقان نەرسىنى سەدىقە قىلىڭلار.

ئىبنى ئۆمەر، مۇجاهىد، ئەتا، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇھەممەد ئىبنى كەئب، ھەسەن، قەتادە، قاسىم، سالىم، ئەتا خۇراسانىي، رەبىئ ئىبنى ئەنەس ۋە باشقىلارمۇ (بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە) ئىبنى ئابباسنىڭ يۇقىرىقى سۆزىگە ئوخشاش بايان قىلدى.

ئىبنى جەرىر ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ قېشىمدا بىر دىنار بار، (كىمگە) سەدىقە قىلىمەن؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى ئۆزەڭگە سەرپ قىل» دېدى. ئۇ: مېنىڭ يېنىمدا يەنە بىرى بار، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى ئاياللىڭغا سەرپ قىل» دېدى. ئۇ: مېنىڭ يېنىمدا يەنە بىر دىنار بار، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى بالىلىرىڭغا سەرپ قىل» دېدى. ئۇ: مېنىڭ يېنىمدا يەنە بىر دىنار بار، ـ دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئۇنى قەيەرگە سەرپ قىلىشنى ياخشى بىلىسەن» دېدى.

ئىمام مۇسلىم جابىر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شۈبهىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىگە: «سەدىقىنى ئۆزەڭدىن باشلاپ (ئالدى بىلەن ئۆزەڭگە) سەرپ قىلغىن، ئۆزەڭدىن ئاشسا بالا ـ چاقىلىرىڭغا، ئەگەر بالا ـ چاقىلىرىڭدىن ئاشسا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭغا، ئەگەر ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭدىن ئاشسا، ئەتراپىڭدىكى كىشىلەرگە سەدىقە قىلغىن» دېدى.

ھەدىستە يەنە مۇنداق دەپ كەلدى: «ئى ئادەم بالىسى! ميلىڭنىڭ ئېشىپ قالغىنىنى سەدىقە بەرگىنىڭ سەن ئۈچۈن جەزمەن ياخشىدۇر. ئېشىپ قالغىنىنى (سەدىقە بەرمەي) تۇتۇپ تۇرغىنىڭ سەن

(1) مائىدە سۈرىسى 90 ـ ئايەت.
(2) نىسا سۈرىسى 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۈچۈن ياماندۇر. ئىشسىز قالمايدىغانغا مالامەت قىلىنمايسەن»[1].

﴿(دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى) تەپەككۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن الله ئۆز ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ﴾ يەنى سىلەرگە بۇ ھۆكۈملەرنى بايان قىلغاندەك سىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى ئويلىشىڭلار ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا ئايەتلىرىدىكى ھۆكۈملەرنىمۇ بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ **﴿(دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى) تەپەككۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى دۇنيانىڭ تۈگەپ كېتىدىغانلىقى ۋە مەڭگۈ يوقالماي تۇرىدىغان ئاخىرەتنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئويلىنىشىڭلار ئۈچۈن.

يېتىملارنىڭ ماللىرىنى تۈزەش توغرىسىدا

﴿ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، «(تەربىيىلەش، ماللىرىنى ئۆستۈرۈپ) ئۇلارنى تۈزەش ياخشىدۇر، ئۇلار بىلەن (ئۇلارغا پايدىلىق بولغان رەۋىشتە) ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، ئۇ چاغدا (يەنى ئۇلارغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىڭلار)، ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. الله (يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى) بۇزغۇچى ۋە تۈزگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر الله خالىسا، سىلەرنى (قىيىن ئىشقا تەكلىپ قىلىش بىلەن) چوقۇم جاپاغا سالاتتى»﴾.

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار﴾[2]، ﴿زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ﴾[3] دېگەن ئايەتلەر چۈشكەندە، ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا يېتىم باللار بار كىشىلەر ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىدىن ئايرىۋەتتى. ئۇلار يېتىم باللارغا يېمەكلىكنى نورمالدىن جىقراق ئايرىپ ساقلاپ قوياتتى. يېتىملەر شۇ يېمەكلىكلەرنى يەيتتى، يەپ بولالمىغىنى (ئېچىپ) بۇزۇلۇپ قالاتتى. بۇ ئىش ئۇلارغا ئېغىر كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، الله بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، «(تەربىيىلەش، ماللىرىنى ئۆستۈرۈپ) ئۇلارنى تۈزەش ياخشىدۇر، ئۇلار بىلەن (ئۇلارغا پايدىلىق بولغان رەۋىشتە) ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، ئۇ چاغدا (يەنى ئۇلارغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىڭلار)، ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. الله (يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى) بۇزغۇچى ۋە تۈزگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر الله خالىسا، سىلەرنى (قىيىن ئىشقا تەكلىپ قىلىش بىلەن) چوقۇم جاپاغا سالاتتى»﴾**.

(1) يەنى سېنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىڭ سەن سەدىقە قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالسا ياكى سەندىكى مال ـ مۈلۈك سېنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىڭ ئۈچۈن ئېشىپ قالماي ياكى كەملەپ قالماي يەتسە، ئۇنداقتا سەدىقە قىلمىساڭمۇ ئەيىبلىك ھېسابلانمايسەن.
(2) ئەنئام سۈرىسى152 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) نىسا سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

ئاندىن ئۇلار يېتىملارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىگە قوشۇۋەتتى.

ئەبۇداۋۇد، نەسەئى ۋە هاكىم قاتارلىقلارمۇ يۇقىرىدا ئىبنى ئابباس دېگەنگە ئوخشاش بايان قىلدى. بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن ئالىملارمۇ ئوخشاش بايان قىلدى.

ۋەكىئە ئىبنى جەرراھ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مېنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىمگە يېتىم ھەققىدىن مىسقالچىلىك بولسىمۇ، ئارىلىشىپ قېلىشىنى ھەقىقەتەن يامان كۆرىمەن.

﴿(تەربىيىلەش، ماللىرىنى ئۆستۈرۈپ) ئۇلارنى تۈزەش ياخشىدۇر﴾ يەنى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈڭلار. **﴿ئۇلار بىلەن (ئۇلارغا پايدىلىق بولغان رەۋىشتە) ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، ئۇ چاغدا (يەنى ئۇلارغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىڭلار)، ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىندىشىڭلاردۇر﴾** يەنى ئەگەر سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىڭلارنى ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىگە ئارىلاشتۇرساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوق. چۈنكى، ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىندىشىڭلاردۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله (يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى) بۇزغۇچى ۋە تۈزگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾** يەنى **الله** ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ يېتىمنىڭ ئىشىنى بۇزۇش ياكى تۈزەش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

﴿ئەگەر الله خالىسا، سىلەرنى (قىيىن ئىشقا تەكلىپ قىلىش بىلەن) چوقۇم جاپاغا سالاتتى﴾ يەنى ئەگەر **الله** خالىسا، ئەلۋەتتە (ئىشنى) سىلەرگە قىيىنلاشتۇرۇپ بېرەتتى. لېكىن ئۇ سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. سىلەرگە (ئۇ يېتىملارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى) ئۇلارغا پايدىلىق ئۇسۇلدا (يەنى ئۇلارغا زۇلۇم قىلماستىن) ئۆزەڭلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىڭلارغا قوشۇشقا رۇخسەت بەردى.

الله تائالا بۇ توغرىدا (يەنى ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى ئۇلارغا پايدىلىق ئۇسۇلدا قوشۇش توغرىسىدا) مۇنداق دېدى: ﴿يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار﴾[1].

****

وَلَا تَنكِحُوا۟ ٱلْمُشْرِكَٰتِ حَتَّىٰ يُؤْمِنَّ ۚ وَلَأَمَةٌ مُّؤْمِنَةٌ خَيْرٌ مِّن مُّشْرِكَةٍ وَلَوْ أَعْجَبَتْكُمْ ۗ وَلَا تُنكِحُوا۟
ٱلْمُشْرِكِينَ حَتَّىٰ يُؤْمِنُوا۟ ۚ وَلَعَبْدٌ مُّؤْمِنٌ خَيْرٌ مِّن مُّشْرِكٍ وَلَوْ أَعْجَبَكُمْ ۗ أُو۟لَٰٓئِكَ يَدْعُونَ إِلَى ٱلنَّارِ ۖ وَٱللَّهُ
يَدْعُوٓا۟ إِلَى ٱلْجَنَّةِ وَٱلْمَغْفِرَةِ بِإِذْنِهِۦ ۖ وَيُبَيِّنُ ءَايَٰتِهِۦ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٢٢١﴾

(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار. (ھۆر) مۇشرىك ئايال (ھۆسن ـ جامالى ۋە مېلى بىلەن) سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن دېدەك، ئەلۋەتتە،

(1) ئەنئام سۈرىسى 152 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغىچە مۆمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار، (ھۆر) مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ مۆمىن قۇل ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. ئەنە شۇلار (يەنى مۇشرىك ئەر ۋە ئاياللار سىلەرنى) دوزاخقا چاقىرىدۇ، الله ئۆز ئىرادىسى بويىچە (سىلەرنى) جەننەتكە، مەغپىرەتكە چاقىرىدۇ، كىشىلەر پەند - نەسىھەت ئالسۇن دەپ الله ئۇلارغا ئۆز ئايەتلىرىنى بايان قىلىدۇ﴾221﴿.

مۇشرىكلار بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ ھاراملىقى

الله مۆمىنلەرنىڭ بۇتقا ياكى ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنىدىغان مۇشرىك ئاياللارنى نىكاھىغا ئېلىشنى ھارام قىلدى. لېكىن يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئاياللارنى ئېلىشقا بولىدۇ[1]. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا - يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار)، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر﴾[2].

﴿(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا يەھۇدىي ياكى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاياللارنى بۇ ھارامدىن ئىستىسنا قىلدى. مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، مەكھۇل، ھەسەن، زەھھاك، زەيد ئىبنى ئەسلەم، رەبىئ ئىبنى ئەنەس ۋە باشقىلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش بايان قىلدى.

ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر بارلىق ئالىملارنىڭ يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئاياللارنى ئېلىشنىڭ دۇرۇسلىقى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دېدى: ئۆمەر ئۇنى (شۇ ئاياللار بىلەن توي قىلىشنى) يامان كۆردى. چۈنكى ئۇ مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ مۇسۇلمان ئاياللارنى ئېلىشتىن يۈز ئۆرۈپ قېلىشى ياكى بۇنىڭدىن باشقا تەرەپلىرىنى ئويلىغانىدى.

ئەبۇكۇرەيب شەقىقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھۇزەيفە دېگەن ساھابە بىر يەھۇدىي ئايال بىلەن توي قىلدى، ئۆمەر ئۇنىڭغا: ئۇ ئايالنىڭ خېتىنى بەرگىن! - دەپ خەت يازدى. ھۇزەيفە: سەن ئۇنى ماڭا ھارام دەپ گۇمان قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن شۇنداق دېدىڭمۇ؟ - دەپ جاۋاب خەت يازدى. ئۆمەر: مەن ئۇنى ھارام دەپ گۇمان قىلمايمەن، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يولدىن چىقىپ كەتكەن ئەسكى ئاياللارنى ئېلىپ قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن، - دەپ جاۋاب بەردى.

ئىبنى جەرىر زەيد ئىبنى ۋەھبىدىن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسۇلمان ئەر خرىستىئان ئايال بىلەن توي قىلسا بولىدۇ (لېكىن توي قىلمىسا تېخىمۇ ياخشى). لېكىن مۇسۇلمان ئاياللار خرىستىئان ئەرلەر بىلەن توي قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

(1) گەرچە بۇ ئاياللار ھەقىقىي مۆمىن ئاياللار بولمىسىمۇ، الله تەرىپىدىن چۈشكەن بىر كىتابقا ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن الله ئۇلارنى ئېلىشقا رۇخسەت قىلدى.
(2) مائىدە سۈرىسى 5 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئۆمەر يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئاياللارنى ئېلىشنى يامان كۆرەتتى. ئۇ (الله نىڭ): ﴿(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار﴾ دېگەن ئايىتىگە باشقىچە مەنە بەردى. ئىمام بۇخارى ئىبنى ئۆمەرنىڭ: مەن خرىستىئان ئايالنىڭ "پەرۋەردىگارىم ئىسا دېگىنىدىنمۇ چوڭراق (الله تائالاغا كەلتۈرۈلگەن) شېرىك سۆزىنى بىلمەيمەن، - دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ھەدىستە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تويي قىلىشتا ئايالنىڭ بايلىقى، نەسەبى، چىرايى ۋە دىنىدىن ئىبارەت تۆت خىسلىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سەن دىندارغا ئېرىشكىن[1]، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، زىيان تارتىپ قالىسەن».

ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دۇنيا مەنپەئەتتۇر. دۇنيا مەنپەئەتلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەقۋا ئايالدۇر».

﴿مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغىچە مۆمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار﴾ يەنى سىلەر مۆمىن ئاياللارنى مۇشرىك ئەرلەرگە نىكاھلاپ بەرمەڭلار. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ھۆر) مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن قۇل ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر﴾** يەنى مۆمىن گەرچە باشقىلارنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان قۇل بولسىمۇ، باشلىق بولغان كاپىردىن ياخشىدۇر.

﴿ئەنە شۇلار (يەنى مۇشرىك ئەر ۋە ئاياللار سىلەرنى) دوزاخقا چاقىرىدۇ﴾ يەنى ئۇلار بىلەن بىرگە (يەنى مۇسۇلمانلار كاپىرلار بىلەن تويي قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرگە) ياشاش ۋە ئارىلىشىپ ئۆتۈش مۇسۇلمانلارنى دۇنيانى ياخشى كۆرۈشكە ۋە ئۇنى ئاخىرەتتىن ئۈستۈن كۆرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى بەك ياماندۇر.

﴿الله ئۆزئىرادىسى بويىچە (سىلەرنى) جەننەتكە، مەغپىرەتكە چاقىرىدۇ﴾ يەنى ئۆزىنىڭ يول قويۇپ بەرگەن نەرسىسى، بۇيرۇقى ۋە چەكلىگەن نەرسىسى بىلەن بىرگە چاقىرىدۇ. **﴿كىشىلەر پەند - نەسىھەت ئالسۇن دەپ الله ئۇلارغا ئۆز ئايەتلىرىنى بايان قىلىدۇ﴾**.

****

وَيَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلْمَحِيضِ ۖ قُلْ هُوَ أَذًى فَٱعْتَزِلُوا۟ ٱلنِّسَآءَ فِى ٱلْمَحِيضِ ۖ وَلَا تَقْرَبُوهُنَّ حَتَّىٰ يَطْهُرْنَ ۖ
فَإِذَا تَطَهَّرْنَ فَأْتُوهُنَّ مِنْ حَيْثُ أَمَرَكُمُ ٱللَّهُ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلتَّوَّٰبِينَ وَيُحِبُّ ٱلْمُتَطَهِّرِينَ ﴿٢٢٢﴾ نِسَآؤُكُمْ
حَرْثٌ لَّكُمْ فَأْتُوا۟ حَرْثَكُمْ أَنَّىٰ شِئْتُمْ ۖ وَقَدِّمُوا۟ لِأَنفُسِكُمْ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّكُم مُّلَٰقُوهُ ۗ وَبَشِّرِ
ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٢٢٣﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ھەيز زىيانلىقتۇر

---

(1) يەنى سەن تويي قىلماقچى بولساڭ، تويي قىلماقچى بولغان ئايالنىڭ تۆت نەرسىسىگە، يەنى مال - مۈلكىگە، نەسەبىگە، چىرايىغا ۋە دىنىغا قارىغىن، ئەگەر ئۇ ئايالدا باشقا ئۈچ تەرىپى تېپىلماي پەقەت، دىنىلا تېپىلسا، سەن ئۇنى ئېلىۋەرگىن.

(يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللاردىن نېرى تۇرۇڭلار، (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، پاك بولغاندا، ئۇلارغا الله بۇيرۇغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار». الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴿222﴾. ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار، ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئالدىنئالا ياخشى ئەمەل تەييارلاڭلار، (گۇناھتىن چەكلىنىش بىلەن) الله دىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى سىلەر الله غا مۇلاقات بولۇسىلەر، مۆمىنلەرگە (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن﴿223﴾.

ئاياللارغا ھەيزدار مەزگىلىدە يېقىنچىلىق قىلماسلىق توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەھۇدىيلار ھەيزدار ئاياللىرى بىلەن (بىر يەردە ئولتۇرۇپ) تاماق يېمەيتتى ۋە ئۆيلىرىدە بىرگە ئولتۇرمايتتى. ساھابىلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ توغرۇلۇق) سورىدى. ئاندىن الله بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿(ئى **مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى، « ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار**﴾.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەر جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن باشقىسىنىڭ ھەممىسىنى قىلىڭلار» بۇ سۆزدىن خەۋەر تاپقان يەھۇدىيلار مۇنداق دېدى: مۇھەممەد ھەممە ئىشتا بىزنىڭ قارشىمىزنى قىلىدۇ.

ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير ۋە ئۇبادە ئىبنى بەشىر (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ): ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! يەھۇدىيلار: مۇھەممەد ھەممە ئىشتا بىزنىڭ زىتىمىزغا ئىش قىلىدۇ، ـ دەپتۇ بىز ئۇلارغا تېخىمۇ قارشىلىق قىلىپ، ھەيزدار ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيلىمۇ؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. ھەتتا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇ ئىككىسىگە غەزەپ قىلدى دەپ ئويلىدۇق، ئۇ ئىككىسى چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيە سۈپىتىدە سۈت كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنىڭ كەينىدىن (ئۇلارنى چاقىرىپ كېلىشى ئۈچۈن) بىرىنى ئەۋەتتى. (ئۇلار قايتىپ كىردى) ئۇ ئىككىسىگە ھېلىقى سۈتنى ئىچكۈردى. ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرىگە غەزەپ قىلمىغانلىقىنى بىلدى.

﴿**ھەيز مەزگىلىدە ئاياللاردىن نېرى تۇرۇڭلار**﴾ بۇ ئايەتتىن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش كۆزدە تۇتۇلغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەر جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن باشقىنىڭ ھەممىسىنى قىلىڭلار» دېگەن سۆزىدىن مەلۇم بولۇپ، كۆپىنچە ئالىملار بۇ ھەدىستىن: ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي، ئۇنى قۇچاقلىسا بولىدۇ، ـ دېگەن كۆز قاراشقا كەلدى.

ئەبۇداۋۇد ئىكرىمەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئاياللىرىنىڭ ئىچىدىن) ھەيز كۆرۈپ قالغان ئايالغا يېقىنچىلىق قىلىشنى خالىسا، ئۇنىڭ ئىپپەتلىك جايىنى كىيىمى بىلەن يېپىپ قوياتتى»[1].

ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: مەسرۇق دېگەن بىر كىشى ئاتايىتەن ئۇلاغقا مىنىپ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كېلىپ: پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىغا الله نىڭ سالامى بولسۇن! ـ دەپ سالام بەردى، ئائىشە: سەن ئەبۇ ئائىشەمۇ؟ خوش كېلىپسەن، قارشى ئالىمەن، ـ دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت بېرىلدى، ئۇ كىرىپ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: مەن سىزدىن بىر نەرسىنى سوراي دەيمەن، لېكىن ھايا قىلىۋاتىمەن، ـ دېدى. ئائىشە: مەن سېنىڭ ئاناڭ، سەن مېنىڭ بالام[2]، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ: ھەيزدار ئايالنىڭ نېمىلىرى ئېرىگە ھالال؟ ـ دەپ سورىدى. ئائىشە: ئىپپەتلىك جايىدىن باشقا ھەممە يېرى ھالال، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ھەيزدار ئايال بىلەن بىللە يېتىش ۋە بىر نەرسە يېيىش ئىختىلاپسىز ھالالدۇر. ئائىشە مۇنداق دېدى: مەن ھەيز كۆرۈۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئۆزىنىڭ بېشىنى يۇيۇپ قويۇشۇمغا بۇيرۇيتتى. يەنە مەن ھەيز كۆرۈۋاتقان مەزگىلىمدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇيتتى.

يەنە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ھەيزدار ھالەتتە غاجىغان سۆڭەكنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرسەم، ئۇنى مەن غاجىلىغان يەردىن غاجاپ يەيتتى. مەن بىر نەرسە ئىچىپ بولۇپ، قاچىنى ئۇنىڭغا بەرسەم، مەن ئىچكەن يېرىدىن ئىچەتتى.

ھەدىستە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن) مەيمۇنە بىنتى ھارىس ھىلالىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەيزدار ئايالنى قۇچاقلىماقچى بولسا، ئۇنى ئىشتىنىنى كىيىۋېلىشقا بۇيرۇيتتى.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئابدۇللاھ ئىبنى سەئىد ئەنسارىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى سەئىد) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ماڭا ھەيزدار ئايالىمنىڭ نېمىسى ھالال؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىپپەتلىك يېرىدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى ھالال» دەپ جاۋاب بەردى.

الله تائالانىڭ: ﴿(ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار﴾ دېگەن ئايىتى ئۇنىڭ: ﴿ھەيز مەزگىلىدە ئاياللاردىن نېرى تۇرۇڭلار﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنى ئايال كىشى ھەيزدار بولسا، ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ.

﴿پاك بولغاندا، ئۇلارغا الله بۇيرۇغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار﴾ بۇ ئايەت ئايال كىشى يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن بىر يەردە بولۇشقا بولىدۇ دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئالىملار: ئايال كىشىنىڭ ھەيزى توختاپ بولۇپ يۇيۇنمىغىچە ياكى سۇ زىيان قىلىدىغان ئۆزرىلىك ئايال بولسا، تەيەممۇم قىلمىغۇچە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ھالال ئەمەس، ـ دېگەن قاراشتا بىرلىككە كەلدى. ئىبنى

(1) يەنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي سىلاش، قۇچاقلاشقا ئوخشاش باشقا ئىشلارنى قىلاتتى.
(2) چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ شۇنداق بولۇشىنى قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن. شۇڭا ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىش دۇرۇس ئەمەس.

ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «﴿**پاك بولغۇچە**﴾ قاندىن (پاكىزە بولۇش)، ﴿**پاك بولغاندا**﴾ يەنى سۇ بىلەن (پاكىز بولۇش) دېگەنلىكتۇر. باشقىلاردىنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر رىۋايەت قىلىندى.

ئارقا تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

﴿**ئۇلارغا اللہ بۇيرۇغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس ۋە مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئارقا مەقەت يولى تەرەپكە كەلمەڭلار! بۇ ئايەتتە ئارقىسىغا كېلىشنىڭ ھاراملىقىغا دەلىل - پاكىت بار.

ئەبۇرەزىن، ئىكرىمە ۋە زەھھاك قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى (ئاياللار) ھەيزدار ئەمەس، پاكىزە ۋاقتىدىمۇ ئارقا تەرەپتىن كېلىش ھارامدۇر.

شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**اللہ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ**﴾ يەنى گۇناھلاردىن، ﴿(**ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ**﴾ يەنى ھەيزدار ئاياللارغا ياكى ئارقىسىغا كېلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش (يەنى ھەيزدار ۋاقىتتىكى ياكى ئارقىسىغا كەلگەن ۋاقتىدىكى ئۇلاردىكى پاسكىنا نەرسىلەردىن ئۆزلىرىنى پاكىزە ساقلىغان كىشىلەرنى) كۆرسىتىدۇ.

(ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر) دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى

﴿**ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر**﴾ ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئېكىنزارلىق دېگەن بالا بولىدىغان يەر.

﴿**ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار**﴾ يەنى ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىن كېلەمسىلەر ياكى كەينى تەرىپىدىن كېلەمسىلەر، ئۆزەڭلار خالىغان بويىچە كېلىڭلار. (لېكىن نىشان) ئېيپەتلىك جايى بولسۇن.

ئىمام بۇخارى ئىبنى مۇنكەدىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن جابىرنىڭ: يەھۇدىيلار (ئەر كىشى) ئايالىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كەلسە، بالا ئالغاي بولۇپ قالىدۇ دەيتتى. ئاندىن ﴿**ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار**﴾ دېگەن ئايەت چۈشتى، - دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

ئىبنى ئەبۇھاتەم مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىرغا: يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارغا: بىر كىشى ئايال كىشىگە ئارقا تەرىپىدىن كەلسە، بالا ئالغاي بولۇپ قالىدۇ دېگەن ئىدى. ئاندىن اللہ تائالا: ﴿**ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى، - دېدى.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئايالىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن بولامدۇ ياكى

كەينى تەرىپىدىن بولامدۇ، ئالدى تەرىپىنى نىشان قىلسىلا بولىۋېرىدۇ» دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار**﴾ دېگەن ئايەت بىر تۈركۈم ئەنسارىلار توغرىسىدا چۈشكەن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن (شۇ ئىش توغرۇلۇق) سورىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نىشان ئالدى تەرەپلا بولسا، سىلەر (ئاياللىرىڭلارغا) قايسى تەرەپتىن كەلسەڭلار بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇراھمان ئىبنى سابىتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ھەفسەنىڭ قېشىغا كىرىپ: مەن سىزدىن بىر نەرسىنى سورىماقچى ئىدىم، لېكىن سوراشتىن خىجىل بولىمەن، ـ دېدىم. ئۇ: ئى بۇرادىرىمنىڭ ئوغلى! خىجىل بولمىغىن، ـ دېدى. مەن: ئايال كىشىلەرنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كەلسە قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. ھەفسە: ماڭىمۇ ئۇممە سەلىمە مۇنداق دەپ بەرگەن؛ ئەنسارىلار ئاياللىرىنىڭ پەقەت ئالدى تەرىپىدىنلا كېلەتتى، چۈنكى يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى ئايالىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كەلسە، ئۇنىڭ بالىسى ئالغاي بولۇپ قالىدۇ، ـ دەيتتى. ئاندىن مۇھاجىرلار مەدىنىدە ئەنسارىلىق ئاياللارنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كەلگەندە، بىر ئايال ئېرىگە بويسۇنماي ئۇنىڭغا: سەن بۇ ئىشنى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىمىغۇچە قىلمايسەن، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ ئايال مېنىڭ يېنىمغا كىرىپ بولغان ئىشنى دەپ بەردى. مەن (ئۇ ئايالغا): پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگۈچە كۈتۈپ ئولتۇرۇڭ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەندە، ھېلىقى ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن (شۇ ئىشنى) سوراشتىن خىجىل بولۇپ، سورىيالماي چىقىپ كەتتى. مەن (بۇ ھەقتە) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ماڭا): «ئەنسارىلىق ئايالنى چاقىرتىڭ» دېدى. ئۇ ئايالنى چاقىرىپ كىردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ﴿**ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەردى دېگەن ئىدى، ـ دېدى.

نەسەئى كەئب ئىبنى ئەلقەمەدىن ئەبۇنەزرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇئەزىز ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئازاد گەردىسى نافىئغا: سېنىڭ ئۈستۈڭدە گەپ ـ سۆز جىق بولۇپ كەتتى. سەن (كىشىلەرگە) ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئاياللارغا ئارقا تەرىپىدىن كەلسە بولىدۇ دەپ پەتىۋا بەرگەنلىكىنى ئېيتىپسەن، ـ دېگەندە، نافىئ مۇنداق دېدى: ئۇلار مېنىڭ ئۈستۈمدىن يالغان ئېيتىپتۇ. لېكىن مەن ساڭا ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى سۆزلەپ بېرەي. بىر كۈنى، مەن ئىبنى ئۆمەرنىڭ قېشىدا ئىدىم. ئۇ قۇرئان ئوقۇۋېتىپ الله تائالانىڭ: ﴿**ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار**﴾ دېگەن ئايىتىگە كەلگەندە: ئى نافىئ! بۇ ئايەت ھەققىدە بولغان ئىشنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن: ياق، ـ دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ: بىز قۇرەيشلىكلەر ئاياللارغا ئارقا تەرىپىدىن كېلەتتۇق، مەدىنىگە (ھىجرەت قىلىپ) كەلگەندە، ئەنسارىلىق ئاياللارنى ئېلىپ ئۇلارغىمۇ (بۇرۇنقى ئادىتىمىز بويىچە) ئارقا تەرىپىدىن كەلمەكچى بولدۇق. ئۇلار بۇ ئىشنى قاتتىق يامان كۆرىدىكەن. ئەنسارىلارنىڭ ئاياللىرى (بۇ ئىشنى) يەھۇدىيلاردىن ئاڭلىغان ئىكەن. (يەھۇدىيلار ئاياللارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلىشنى يامان كۆرەتتى ۋە ئۇنداق كەلسە، بالا ئالغاي بولۇپ قالىدۇ دەيتتى). شۇڭا ئۇلارغا ئارقا تەرەپتىن ئەمەس، ئالدى تەرىپىدىن كېلىدىكەن. ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان**

جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار﴾.

ئىمام ئەھمەد خۇزەيمە ئىبنى سابىت خەتەمدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «**الله** ھەقىقەتنى (دېيىشتىن) ھايا قىلمايدۇ» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ: «سىلەر ئاياللىرىڭلارنىڭ ئارقا مەقەت يولى تەرىپىگە كەلمەڭلار» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

تىرمىزى ۋە نەسەئى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «**الله** ئەر كىشىنىڭ ياكى ئايال كىشىنىڭ ئارقىسىغا (مەقەت يولى تەرىپىگە) كەلگەن كىشىلەرگە قارىمايدۇ».

ئەبۇمۇھەممەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇراھمان دارىمىي ئۆز كىتابىدا سەئىد ئىبنى ياسار ئەبۇھەببابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى ئۆمەرگە ئاياللارنىڭ ئارقىسىغا كېلىشكە قانداق قارايسەن؟ ــ دېدىم. ئۇ: مۇسۇلمانمۇ بۇ ئىشنى قىلامدۇ؟ ــ دېدى.

ئەبۇبەكرى ئىبنى زىياد نىيسابۇرى ئىسمائىل ئىبنى ھەسەندىن ئىسمائىل ئىبنى روھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن مالىك ئىبنى ئەنەستىن ئاياللارنىڭ ئارقىسىغا كېلىشى توغرىسىدا قانداق قارايسەن؟ ــ دەپ سورىدىم. ئۇ: سىلەر ئەرەب ئەمەسمۇ (يەنى ئەرەب تىلىنى ياخشى بىلىدىغان كىشىلەر ئەمەسمۇ)؟ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ”ئېكىنزارلىق“ نىڭ ئۇرۇق سالىدىغان يەر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسىلەر، ئۇ جايدىن ئۆتۈپ كەتمەڭلار دېگەنلىكتۇر، ــ دېدى. مەن: ئى مالىك ئىبنى ئەنەس! (كىشىلەردىن) سېنى ئاياللارنىڭ ئارقىسىغا كەلسە بولىدۇ دەپتۇ دەپ ئاڭلىدىمغۇ؟ ــ دېدىم. ئۇ: كىشىلەر مېنىڭ ئۈستۈمدىن يالغان ئېيتىپتۇ، ــ دېدى.

بۇ، سەلەپ ئالىملىرىدىن سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، ئەبۇسەلىمە، ئىكرىمە، تاۋۇس، ئەتا، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، مۇجاھىد ئىبنى جەبەر، ھەسەن ۋە باشقىلارنىڭمۇ كۆز قارىشىدۇر. ئۇلار ئاياللارنىڭ ئارقىغا كەلگەن كىشىلەرنى ناھايىتى قاتتىق ئەيىبلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئايالىنىڭ ئارقىسىغا كەلگەن كىشىنى كاپىر بولىدۇ دېگەنلەرمۇ بار. ئۇ (يەنى ئۇنداق قىلغان كىشىلەر كاپىر بولىدۇ دېيىش) كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

﴿ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئالدىنئالا ياخشى ئەمەل تەييارلاڭلار﴾ يەنى **الله** سىلەرنى ھارام ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇش بىلەن بىللە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: **﴿گۇناھتىن چەكلىنىش بىلەن) الله دىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى سىلەر الله غا مۇلاقات بولۇسىلەر﴾** يەنى **الله** سىلەرنىڭ ھەممە ئىشىڭلاردىن ھېساب ئالىدۇ. **﴿مۆمىنلەرگە (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن﴾** يەنى **الله** بۇيرۇغان ئىشنى قىلغان، توسقان ئىشنى قىلمىغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلغان.

ئىبنى جەرىر ئەتانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: **﴿ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئالدىنئالا ياخشى ئەمەل تەييارلاڭلار﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەكچى بولساڭلار ”بىسمىللاھ“ دەڭلار دېگەنلىك بولىدۇ دەپ چۈشىنىمەن، ــ دېدى.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئايالىغا كېلىشنى خالىغاندا: ”ئى **الله**!

شەيتاننى بىزدىن ۋە بىزگە بەرمەكچى بولغان پەرزەنتتىن يىراق قىلغىن![1]“ دېگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا بالا بولۇپ قالسا، شەيتان ئۇ بالىغا ھەرگىزمۇ زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ» .

****

وَلَا تَجْعَلُوا۟ ٱللَّهَ عُرْضَةً لِّأَيْمَٰنِكُمْ أَن تَبَرُّوا۟ وَتَتَّقُوا۟ وَتُصْلِحُوا۟ بَيْنَ ٱلنَّاسِ ۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٢٤﴾ لَّا يُؤَاخِذُكُمُ ٱللَّهُ بِٱللَّغْوِ فِىٓ أَيْمَٰنِكُمْ وَلَٰكِن يُؤَاخِذُكُم بِمَا كَسَبَتْ قُلُوبُكُمْ ۗ وَٱللَّهُ غَفُورٌ حَلِيمٌ ﴿٢٢٥﴾

ياخشىلىق قىلماسلىققا، تەقۋادار بولماسلىققا ۋە كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرمەسلىككە قەسەم قىلىش شەكلى بىلەن (ئۇلارنى قىلىشقا) الله نى توسالغۇ قىلماڭلار (يەنى الله بىلەن قەسەم قىلىشنى ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى قىلماڭلار)، الله (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿224﴾. مەقسەتسىز ئىچكەن قەسىمىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ، قەستەن ئىچكەن قەسىمىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرنى جازاغا تارتىدۇ. الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴿225﴾.

ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىق ئۈچۈن قەسەم ئىچمەسلىك توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئارىلىقىدىكى مۇناسىۋەتنى چىڭىتىشتىن ئىبارەت ياخشى ئىشلارنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلمايمەن دەپ قەسەم ئىچكەن بولساڭلار، سىلەر الله بىلەن قىلغان (شۇ) قەسەملىرىڭلارنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى توسىدىغان ۋاستە قىلىۋالماڭلار (يەنى سىلەر بۇ قەسىمىڭلارنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ كەففارىتىنى بېرىڭلار ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىۋېرىڭلار).

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش - ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، الله نىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟﴾[2] يەنى ئىچكەن قەسىمىدىن (ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان) كەففارەتنى بېرىپ قەسەمدىن يانماي، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشى گۇناھتۇر.

ئىمام بۇخارى بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز (دۇنياغا ھەممىنىڭ) ئارقىدا كەلدۇق، قىيامەت كۈنى (ھەممىسىنىڭ) ئالدىدا بولىمىز. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ ئۆز بالا - چاقىلىرى توغرىسىدا (مەن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلمايمەن ياكى ئۇنداق ئىشنى قىلىپ بەرمەيمەن دەپ) ئىچكەن قەسىمىدىن الله بېرىشنى پەرز قىلغان كەففارەتنى بېرىپ (قەسىمىدىن) يانماي، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشى الله نىڭ دەرگاھىدا چوڭ گۇناھتۇر».

﴿ياخشىلىق قىلماسلىققا، تەقۋادار بولماسلىققا ۋە كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرمەسلىككە قەسەم قىلىش

---

(1) بىسمىللاھ، ئاللاھۇممە جەننىبناششەيتانە ۋە جەننىبىششەيتانە مارەزەقتەنا.
(2) نۇر سۈرىسى 22 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شەكلى بىلەن (ئۇلارنى قىلىشقا) الله نى توسالغۇ قىلماڭلار (يەنى الله بىلەن قەسەم قىلىشنى ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى قىلماڭلار)﴾ ئەلى ئىبنى تەلهە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر قەسىمىڭلارنى ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىققا سەۋەبچى قىلىۋالماڭلار، لېكىن قەسىمىڭلار ئۈچۈن كەففارەت بېرىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار.

مەسرۇق، شەئبىي، ئىبراھىم نەخەئىي، مۇجاھىد، تاۋۇس، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەتا، ئىكرىمە، مەكھۇل، زۆھرى، ھەسەن، قەتادە، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان، رەبىيئ ئىبنى ئەنەس، زەھھاك، ئەتا خۇراسانىي ۋە سۇددى قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئىبنى ئابباس دېگەندەك بايان قىلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ئەبۇمۇسا ئەشئەرىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى بۇ ئالىملارنىڭ سۆزلىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر الله خالىسا، مەن بىر ئىشقا قەسەم ئىچىپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئىشنى ياخشىراق كۆرسەم، ياخشى كۆرگەن ئىشنى قىلىمەن ۋە قەسەمدىن (ئۇنىڭ كەففارىتىنى بېرىش ئارقىلىق) يېنىۋالىمەن».

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشى بىر ئىشقا قەسەم ئىچكەن بولسا، ئاندىن ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىر ئىشنى كۆرگەن بولسا، قىلغان قەسىمگە كەففارەت بېرىۋېتىپ، شۇ ياخشى ئىشنى قىلسۇن».

مەقسەتسىز قىلىنغان قەسەم توغرىسىدا

﴿**مەقسەتسىز ئىچكەن قەسىمىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ**﴾ يەنى سىلەرنىڭ مەقسەتسىز قىلغان قەسىمىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشى ئىچكەن قەسىمدە: لات ۋە ئۇززا دېگەن بۇتلار بىلەن قەسەم قىلدىم دېسە، ئۇ دەرھال: "لائىلاھە ئىللەللاھۇ" دېسۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى يېڭىدىن مۇسۇلمان بولۇپ تىللىرىنى تېخى شۇ بۇتلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىشتىن يىغالمىغان كىشىلەر مەقسەتسىز ھالدا (شۇ بۇتلارنىڭ نامى بىلەن) قەسەم ئىچىپ سالغان بولسا، دەرھال ئىمان كەلىمىسى "لائىلاھە ئىللەللاھۇ" نى دېيىشكە بۇيرۇدى[1]. الله تائالا (مەقسەتسىز ئىچكەن قەسەم ئۈچۈن ئازابلىمايدىغانلىقى توغرىسىدا) مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قەستەن ئىچكەن قەسىمىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرنى جازاغا تارتىدۇ**﴾ يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لېكىن سىلەرنى قەستەن قىلغان قەسىمىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ﴾[2].

ئەبۇداۋۇد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

(1) شۇنىڭدەك زامانىمىزدا بەزى كىشىلەر: چىراق تۇرۇپتۇ، نان دەسسەپ بېرەي دېگەندەك ياكى بىرەر ئادەمنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ، قىلغان سۆزنى ئىسپاتلىماقچى بولغان ئىشلارمۇ مۇشۇنىڭغا يېقىنلىشىپ قالىدىغان شەكلىك ئىشلاردۇر. شۇڭا ئۇنىڭدىن ساقلىنىشى كېرەك. چۈنكى قەسەم الله تائالادىن باشقىنىڭ نامى بىلەن قىلىنسا شېرىكتۇر.
(2) مائىدە سۈرىسى 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رىۋايەت قىلىدۇ: «مەقسەتسىز قىلىنغان قەسەم دېگەن بىر كىشىنىڭ ئۆي ئىچىدە قىلىدىغان: **اللە** نىڭ نامى بىلەن قەسەم (ئۇ ئىش) ئۇنداق ئەمەس، **اللە** نامى بىلەن قەسەم (ئۇ ئىش) شۇنداق بولغۇسى دېگەنگە ئوخشاش سۆزىدۇر».

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەقسەتسىز قىلىنغان قەسەم دېگەن ئاچچىقلانغاندا ئىچكەن ۋە **اللە** ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىنى ھارام قىلغان قەسەمدۇر. بۇ قەسەم ئۈچۈن (مەقسەتسىز قىلىنغان قەسەمگە) كەففارەت كەتمەيدۇ. سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ھەقتە ئىبنى ئاببىاسقا ئوخشاش بايان قىلدى.

ئەبۇداۋۇد "ئاچچىقلىنىپ تۇرۇپ قەسەم ئىچىش" دېگەن بابتا، سەئىد ئىبنى مۇسەييىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەنسارىلاردىن بولغان بىر ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئارىلىقىدا بۆلۈشىدىغان مىراسى بار ئىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن (شۇ مىراسنى) ئۈلۈشىشنى تەلەپ قىلدى. يەنە بىرى: ئەگەر سەن مەندىن (مىراسنى) ئۈلۈشىشنى قايتا سورىساڭ، مېنىڭ ھەممە مال ـ مۈلكۈم كەئبىنىڭ ئىشكى ئۈچۈن بولۇپ كەتسۇن، ـ دەپ قەسەم ئىچتى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆمەرنىڭ: كەئبە سېنىڭ مال ـ مۈلكۈڭدىن بىهاجەتتۇر. سەن قەسىمىڭدىن كەففارەت بېرىپ يانغىن ۋە قېرىندىشىڭغا گەپ قىلغىن، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئارىلىقىنى ئۈزۈۋېتىش ئۈچۈن قەسەم قىلىش ۋە ئىگىدارچىلىقىدا بولمىغان نەرسىنى نەزىر[1] قىلىش يوق» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

﴿قەستەن ئىچكەن قەسىمىڭلار ئۈچۈن **اللە** سىلەرنى جازاغا تارتىدۇ﴾[2] ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما، مۇجاھىد ۋە باشقىلار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: قەسەم ئىچكۈچىنىڭ بىر نەرسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، شۇ نەرسە بىلەن قەسەم ئىچىشىدۇر. مۇجاھىد ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى **اللە** تائالانىڭ: **﴿لېكىن سىلەرنى قەستەن قىلغان قەسىمىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاشتۇر، ـ دېدى.

﴿اللە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴾ يەنى بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگۈچىدۇر ۋە ئازابلاشقا ئالدىرىمىغۇچىدۇر.

* * * * * * *

﴿لِّلَّذِينَ يُؤْلُونَ مِن نِّسَآئِهِمْ تَرَبُّصُ أَرْبَعَةِ أَشْهُرٍ فَإِن فَآءُو فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٢٢٦﴾ وَإِنْ عَزَمُوا۟ ٱلطَّلَٰقَ فَإِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٢٧﴾﴾

ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن كىشىلەر تۆت ئاي كۈتىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار (بۇ مۇددەت ئىچىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا) قايتسا، (ئاياللىرىغا يامانلىق قىلغان

(1) نەزىر دېگەن: بۇ ئىشىم مۇنداق بولسا، مەن مۇنداق ئىش قىلىمەن. مەسىلەن: مەن كېسىلىمدىن ساقايسام، بىر مەسچىت سېلىپ بېرىمەن دېگەنگە ئوخشاش ئىشلاردىن ئىبارەتتۇر.
(2) مائىدە سۈرىسى 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

گۇناھىنى) اللە ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. اللە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿226﴾. ئەگەر ئۇلار تالاق قىلىش نىيىتىگە كەلسە، اللە ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿227﴾.

ئاياللىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىق ئۈچۈن قەسەم ئىچىشنىڭ ھۆكمى

بىر كىشى: ئايالىم بىلەن بىر مۇددەت جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن دەپ قەسەم ئىچسە، بۇ مۇددەت تۆت ئايدىن ئاز بولۇشى ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزاقراق بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ (تۆت ئايدىن) ئاز بولسا، ئۇ كىشى شۇ مۇددەت ئۆتۈپ كەتكۈچە (جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي) كۈتۈپ تۇرۇپ، (شۇ مۇددەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن) ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە بولىدۇ. ئايالى شۇ مۇددەت ئىچىدە ئېرىدىن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلماي سەۋر قىلىشى لازىم.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى بىلەن بىر ئاي جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن قەسەم ئىچتى، ئاندىن 29 كۈن بولغاندا ئاياللىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ: «بىر ئاي دېگەن (بەزى ۋاقىتتا) 29 كۈن بولىدۇ» دېدى. ئىمام بۇخارى بىلەن مۇسلىم (يەنە) ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن شۇنىڭ ئوخشىشىنى رىۋايەت قىلدى.

ئەمما مۇددەت تۆت ئايدىن ئارتۇق بولسا، تۆت ئاي مۇددەت توشقاندىن كېيىن ئايالى ئېرىدىن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى، بولمىسا تالاق قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. (ئەر ئايالىنىڭ تالىقىنى بەرمىسە) ئايالىنىڭ ئازابلانماسلىقى ئۈچۈن ھاكىم ئەرنى (ئۇنىڭ تالىقىنى بېرىشكە) مەجبۇرلايدۇ. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن كىشىلەر**﴾ يەنى ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن قەسەم ئىچكەنلەر. بۇ ئايەتتىكى قەسەم دېيەكلەرگە ئەمەس، (توي قىلىپ) ئالغان ئاياللارغا خاس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

﴿**تۆت ئاي كۈتىدۇ**﴾ يەنى ئەر قەسەم ئىچكەن ۋاقىتتىن باشلاپ تۆت ئاي كۈتىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن قەسىمىدىن چىقىشى (يەنى ئۇنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى) ياكى (ئۇنى) تالاق قىلىۋېتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر ئۇلار (بۇ مۇددەت ئىچىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا) قايتسا**﴾ يەنى ئىلگىرىكى ھالىتىگە قايتسا يەنى (ئايالى بىلەن) جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، ﴿**(ئاياللىرىغا يامانلىق قىلغان گۇناھىنى) اللە ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. اللە ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ يەنى قەسەم ئىچكەن سەۋەبى بىلەن (ئاياللارنىڭ) تېگىشلىك ھەققىنى ئادا قىلماي (ئەردىن) ئۆتۈلۈپ قالغان كەمچىلىكنى كەچۈرگۈچىدۇر.

﴿**ئەگەر ئۇلار تالاق قىلىش نىيىتىگە كەلسە**﴾ بۇ ئايەت تۆت ئاينىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنلا ئايالىنىڭ ئۆزلىكىدىن تالاق بولۇپ كەتمەيغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ[1].

(1) ھەنەفىي مەزھىبىدە تۆت ئاي ئۆتۈپ كېتىش بىلەنلا ئەر كىشى تالاق قىلمىسىمۇ، ئايال كىشى ئۆزلىكىدىن تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

ئىمام مالىك بۇ ھەقتە نافىئدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن قەسەم ئىچكەن بولسا، تۆت ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ (ئۇنىڭ ئايالى) تالاق بولمايدۇ. (تۆت ئاي ئۆتكەندىن كېيىن) ئۇ توختىتىلىپ قويۇپ، (ئۇنىڭدىن) (ئايالىنى) تالاق قىلىۋېتىشى ياكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئىبنى جەرىر سۇھەيل ئىبنى ئەبۇسالىھتىن ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن قەسەم ئىچكەن كىشى توغرىسىدا 12 ساھابىدىن سورىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى: تۆت ئاي ئۆتۈپ كەتمىگىچە ئۇنىڭغا ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ. ئاندىن (يەنى تۆت ئاي ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن) ئۇنىڭدىن ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ياكى تالاق قىلىۋېتىش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ قايتسا (يەنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە) ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ قايتماسلىقنى خالىسا، ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىدۇ، ـ دېدى.

بۇ ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى، ئەبۇدەردا، ئائىشە، ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىقلاردىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، مۇجاھىد، تاۋۇس، مۇھەممەد ئىبنى كەئب ۋە قاسىم قاتارلىقلارمۇ بۇ ھەقتە يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش بايان قىلدى.

* * * * * * *

وَٱلۡمُطَلَّقَٰتُ يَتَرَبَّصۡنَ بِأَنفُسِهِنَّ ثَلَٰثَةَ قُرُوٓءٖۚ وَلَا يَحِلُّ لَهُنَّ أَن يَكۡتُمۡنَ مَا خَلَقَ ٱللَّهُ فِيٓ أَرۡحَامِهِنَّ إِن كُنَّ يُؤۡمِنَّ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۚ وَبُعُولَتُهُنَّ أَحَقُّ بِرَدِّهِنَّ فِي ذَٰلِكَ إِنۡ أَرَادُوٓاْ إِصۡلَٰحٗاۚ وَلَهُنَّ مِثۡلُ ٱلَّذِي عَلَيۡهِنَّ بِٱلۡمَعۡرُوفِۚ وَلِلرِّجَالِ عَلَيۡهِنَّ دَرَجَةٞۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٢٨﴾

تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇلار الله غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، بەچچىدانلىرىدىكى الله ياراتقان نەرسىنى (يەنى بالىنى ياكى ھەيزنى) يوشۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەگەر ئەپلىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە (باشقىلارغا قارىغاندا) ئەڭ ھەقلىقتۇر. ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك). (ئاياللارغا مەھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە. الله غالىپتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿228﴾.

تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددىتى توغرىسىدا

الله ھەيز كۆرىدىغان ئاياللارنىڭ ئىچىدىن ئېرى بىلەن بىر يەردە بولۇپ بولغاندىن كېيىن، تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئاياللارنى ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە كۈتۈشكە بۇيرۇدى. (ئۈچ ھەيز ئۆتۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن) خالىسا ئەرگە تەگسە بولىدۇ.

ھەيز ۋە پاكىزلىنىشتا ئاياللارنىڭ سۆزىنىڭ قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى

﴿بەچچىدانلىرىدىكى الله ياراتقان نەرسىنى (يەنى بالىنى ياكى ھەيزنى) يوشۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس﴾ يەنى ھامىلدارلىقنى ياكى ھەيزنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىبنى ئۆمەر، مۇجاھىد، شەئبىي، ھەكەم ئىبنى ئۇتەيبە، رەبىئ ئىبنى ئەنەس، زەھھاك ۋە باشقىلاردىن بايان قىلدى.

﴿ئەگەر ئۇلار الله غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن﴾ بۇ ئاياللار ئۇچۇن بولغان ئاگاھلاندۇرۇشتۇر بۇ ئايەت (ئۇلار ھامىلدارمۇ ياكى ھەيز مۇددىتى تۈگىدىمۇ ياكى تۈگىمىدىمۇ دېگەن مەسىلىلەردە) ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىشلار توغرۇلۇق خەۋەر بېرىش ئۇلارغىلا تەئەللۇقتۇر. باشقىلارنىڭ بۇ ئىشلارنى ئېنىق بىلىشى ناتايىن. ئۇلار ئىددىتىنى بالدۇر توشقۇزۇۋېتىشنى مەقسەت قىلىپ ياكى (ئىددەت ھەققىگە ئوخشاش) ئۇنىڭدىن كېلىدىغان بەزى پايدىلارنى ئويلاپ، ئۇنى كەينىگە سوزۇش نىيىتىدە يالغان سۆزلىمەي، ھەقنى سۆزلەشكە بۇيرۇلدى.

ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلمىغان كىشىنىڭ ئۇ ئايالى بىلەن يارىشىۋېلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكى

﴿ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەگەر ئەپلىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە (باشقىلارغا قارىغاندا) ئەڭ ھەقلىقتۇر﴾ يەنى ئۇ (ئۈچ تالاق قىلىنمىغان) ئايال ئۆزىنىڭ ئىددىتى ئىچىدىلا بولسا ۋە ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا قايتىشتىكى مەقستى (ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى) ياخشىلاش ياكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولسا، ئۇنىڭ ئۇ ئايالغا يېنىشى ھەقلىقتۇر. ئەمما ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالغا ئېرىنىڭ يېنىشى دۇرۇس ئەمەس.

ئەر ـ ئايالنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى توغرىسىدا

﴿ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك)﴾ يەنى ئاياللارنىڭ ئەرلەر ئۈستىدە ھەققى بولغىنىدەك، ئەرلەرنىڭمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ھەققى بار. (شۇڭا) ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشى لازىم.

ئىمام مۇسلىم بۇ ھەقتە جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە سۆزلىگەن خۇتبىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئاياللار توغرىسىدا الله تائالادىن قورقۇڭلار، سىلەر ئۇلارنى الله نىڭ ئامانىتى ئورنىدا ئەمرىڭلارغا ئالدىڭلار (يەنى ئۇلارنى الله نىڭ ئاياللىرى ئېلىشنى دۇرۇس قىلىپ بەرگەن سۆزى بىلەن ئۆزەڭلارغا ھالال قىلدىڭلار)، سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىڭلار ئۇلار تۆشەكلىرىڭلارغا سىلەر يامان كۆرىدىغان كىشىلەرنى يولاتماسلىقتۇر (يەنى ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆيلىرىڭلارغا سىلەر يامان كۆرىدىغان يامان كىشى، مەيلى ئۇ كىشى ئايال بولسۇن ياكى

ئەر بولسۇن باشلىمسۇن)، ئەگەر ئۇلار شۇ ئىشنى قىلىپ سالسا، سىلەر ئۇلارنى قاتتىق ئۇرماي، بوشراق ئۇرۇڭلار. ئۇلارنىڭ (سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەردىكى) ھەققى ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكنى ئۆز لايىقىدا (ئاشۇرۇۋەتمەي، قىسىپمۇ قويماي) تەييارلاپ بېرىشتۇر...».

بەھزى ئىبنى ھەكىم مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيىدە قۇرەيشىدىن ئۇنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ ئاياللىرىمىزنىڭ بىزدىكى ھەققى نېمە؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى) سەن تائام يېسەڭ، ئۇنىڭغىمۇ تائام بەرگىن، سەن كىيىم كىيسەڭ، ئۇنىڭغىمۇ كىيىم كىيگۈزگىن، سەن (ئۇنىڭ) يۈزىگە ئۇرمىغىن، سەت تىل بىلەن تىللىمىغىن (ياكى سەت گەپ قىلمىغىن)، سەن (ئۇنى) ئۆيدىن باشقا يەردە تاشلاپ قويمىغىن» دەپ جاۋاب بەردى.

ۋەكى ئىكرىمەدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئايالىمنىڭ مەن ئۈچۈن چىرايلىق ياسىنىشىنى ياخشى كۆرگىنىمدەك، مەنمۇ ئايالىم ئۈچۈن چىرايلىق ياسىنىشىمنى ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى، الله: ﴿**ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك)**﴾ دەيدۇ.

ئەرلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى توغرىسىدا

﴿**ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇقتا ئىگە**﴾ يەنى ئەرلەر يارىتىلىش، ئەدەب ـ ئەخلاق، (جەمئىيەتتىكى) ئورنى (ئاياللارنى باشقۇرۇش)، خوتۇن ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى خىراجەت بىلەن تەمىنلەش ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە پايدىسى تېگىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق ئارتۇقچىلىققا ئىگە. الله تائالا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ الله نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىدىندۇر)﴾[1].

﴿**الله غالىپتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى ئۇنىڭغا ئاسىي بولغان، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان كىشىدىن ئىنتىقام ئېلىشقا كۈچى يەتكۈچىدۇر. ئۆزى قىلغان ۋە ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

****

ٱلطَّلَٰقُ مَرَّتَانِۖ فَإِمۡسَاكُۢ بِمَعۡرُوفٍ أَوۡ تَسۡرِيحُۢ بِإِحۡسَٰنٖۗ وَلَا يَحِلُّ لَكُمۡ أَن تَأۡخُذُواْ مِمَّآ ءَاتَيۡتُمُوهُنَّ شَيۡـًٔا
إِلَّآ أَن يَخَافَآ أَلَّا يُقِيمَا حُدُودَ ٱللَّهِۖ فَإِنۡ خِفۡتُمۡ أَلَّا يُقِيمَا حُدُودَ ٱللَّهِ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡهِمَا فِيمَا ٱفۡتَدَتۡ بِهِۦۗ تِلۡكَ حُدُودُ
ٱللَّهِ فَلَا تَعۡتَدُوهَاۚ وَمَن يَتَعَدَّ حُدُودَ ٱللَّهِ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ٢٢٩ فَإِن طَلَّقَهَا فَلَا تَحِلُّ لَهُۥ مِنۢ بَعۡدُ حَتَّىٰ تَنكِحَ

(1) نىسا سۈرىسى 34ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

زَوۡجًا غَيۡرَهُۥۗ فَإِن طَلَّقَهَا فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡهِمَآ أَن يَتَرَاجَعَآ إِن ظَنَّآ أَن يُقِيمَا حُدُودَ ٱللَّهِۗ وَتِلۡكَ حُدُودُ ٱللَّهِ يُبَيِّنُهَا لِقَوۡمٖ يَعۡلَمُونَ ﴿٢٣٠﴾

(قايتا يارىششقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇنىنى) چىرايلىقچە تۇتۇش ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم. الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى (يەنى ياخشى ئۆتەلمەسلىك، الله بەلگىلىگەن ئەر ـ خوتۇنلۇق ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى) بولمىسىلا، ئۆزەڭلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا (مەھرى ئۈچۈن) بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇلار (يەنى ئەر ـ ئايال) نىڭ الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، خوتۇنىنىڭ (تالاق خېتىنى ئېلىش مەقسىتىدە) مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە (يەنى ئەر ـ خوتۇنغا) گۇناھ بولمايدۇ. ئەنە شۇلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار، الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر﴿229﴾. ئەگەر (ئۇ) ئۇنى (يەنى خوتۇنىنى) (ئۈچ قېتىم) تالاق قىلسا، (خوتۇن) باشقا ئەرگە تەگمىگىچە ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ، كېيىنكى ئەر ئۇنى تالاق قىلغاندىن كېيىن (ئىددىتىنى توشقۇزۇپ)، بۇرۇنقى ئەر بىلەن قايتا ياراشسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالايدىغانلىقىنى (يەنى قايتا ياراشقاندىن كېيىن ياخشى ئۆتەلەيدىغانلىقىنى) تەسەۋۋۇر قىلسا، بۇ الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇركى، الله ئۇنى بىلىدىغان (يەنى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە پەمى يېتىدىغان) قەۋم ئۈچۈن بايان قىلىدۇ﴿230﴾.

تالاقنىڭ ئۈچكە قىسقارتىلغانلىقى ۋە قايتا يانغىلى بولىدىغان ۋە يانغىلى بولمايدىغان تالاقنىڭ بايانى

بۇ ئايەت ئىسلام دىنىنىڭ باشلىرىدىكى بىر كىشى ئايالىنى يۈز قېتىم تالاق قىلسىمۇ، ئۇ ئايال ئىددەتنىڭ ئىچىدىلا بولسا، ئۇ كىشى ئۇنىڭغا يېنىۋالالايدىغان ئادەتنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇنداق بولغاندا ئاياللارغا زىيان بولىدىغانلىقى ئۈچۈن الله (ئۇلارنىڭ تالاقلىرىنى) ئۈچكە قىسقارتتى. الله بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق تالاقتا يېنىشىشقا يول قويدى ۋە ئۈچىنچى قېتىملىق تالاقتا پەقەت يانغىلى بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿(قايتا يارىششقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر﴾**.

ئەبۇداۋۇد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: **﴿تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇلار الله غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، بەچچىدانلىرىدىكى الله ياراتقان نەرسىنى (يەنى بالىنى ياكى ھەيزنى) يوشۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئايالىنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلىۋەتسىمۇ، ئۇنىڭغا يېنىش ھەققى بار ئىدى. ئاندىن الله ئۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ مۇنداق دېدى: **﴿(قايتا يارىششقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر﴾**.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئۇرۋەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئايالىغا: مەن سېنى ھەرگىزمۇ قويۇپ بەرمەيمەن ۋە سەن بىلەن ھەرگىزمۇ بىر يەردە بولمايمەن، ـ دېدى. ئايالى: ئۇ

قانداق ئىش؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ: سىنى تالاق قىلمەن، ئىددىتىڭ تۈگەي دەپ قالغاندا، سەن بىلەن يېنىشمەن. ئاندىن يەنە تالاق قىلمەن يەنى ئىددىتىڭ تۈگەي دەپ قالغاندا، سەن بىلەن يېنىشمەن، بۇ ئىشنى توختىماي قىلمەن، ـ دېدى (ئۇ چاغدا تالاقنىڭ چەكلىمىسى يوق بولۇپ، بىر كىشى ئايالىنى يۈز قېتىم، ھەتتا مىڭ قېتىم تالاق قىلىپ يېنىشالايتتى). شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇ ئىشنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن الله: ﴿**(قايتا يارىشىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئىبنى جەرىرمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە يۇقىرىدا سۆزلەنگەنگە ئوخشاش بايان قىلدى.

﴿**ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇنىنى) چىرايلىقچە تۇتۇش ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم**﴾ يەنى سەن ئايالىڭنى بىر تالاق ياكى ئىككى تالاق قىلساڭ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىددىتىنىڭ ئىچىدىلا بولىدىغان بولسا، مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش نىيىتى بىلەن (ئۇنىڭ بىلەن) يارىشىۋېلىش ياكى ئۇنى قويۇپ بېرىش سېنىڭ ئىختىيارلىقىڭدىدۇر.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئايالىنى ئىككى تالاق قىلسا، ئۈچىنچى تالاقتا الله تائالادىن قورقسۇن. (يەنى) ئۇ، ئۇنى چىرايلىقچە ساقلاپ ياخشى ياشىسۇن. ياكى ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولسا، چىرايلىقچە تالىقىنى بېرىپ، ئۇنىڭ ھەققىدىن كىچىككىنىمۇ بىر نەرسىنى تۇتۇپ قالمىسۇن.

بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرىۋېلىشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقى

﴿**الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى (يەنى ياخشى ئۆتەلمەسلىك، الله بەلگىلىگەن ئەر ـ خوتۇنلۇق ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى) بولمىسىلا، ئۆزەڭلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا (مەھرى ئۈچۈن) بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ**﴾ يەنى سىلەرنىڭ ئۇلارغا بەرگەن تويلۇقنىڭ ھەممىسىنى ياكى بەزىسىنى ئۇلاردىن قايتۇرۇپ ئېلىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلىتىشىڭلار ھالال ئەمەس.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر سىلەر ئۇلار (يەنى ئەر ـ ئايال) نىڭ الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، خوتۇنىنىڭ (تالاق خېتىنى ئېلىش مەقسىتىدە) مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە (يەنى ئەر ـ خوتۇنغا) گۇناھ بولمايدۇ**﴾ يەنى ئۇ (ئايال) ئۆز رازىلىقى بىلەن تويلۇقتىن بىر نەرسە بەرگەن بولسا، ئۇنى ئالسا بولىدۇ.

بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ئايرىلىپ كېتىش ۋە تويلىقنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا

ئەر ـ خوتۇن يامانلىشىپ قېلىپ ئايال (ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى) ئەرنىڭ ھوقۇقلىرىنى ئادا قىلالمايدىغان، ئۇنىڭ ئېرى بىلەن بىر ئۆيدە ياشاش مۇمكىنچىلىكى قالمىغان دەرىجىدە ئېرىنى يامان كۆرۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئەرنىڭ تويلۇقنى قايتۇرۇپ بەرسە، ئۇنىڭغا ھېچقانداق گۇناھ

بولمايدۇ. ئەرگىمۇ توپىلۇقنى قايتۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئايال كىشى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى (يەنى ياخشى ئۆتەلمەسلىك، الله بەلگىلىگەن ئەر - خوتۇنلۇق ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى) بولمىسىلا، ئۆزەڭلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا (مەھرى ئۈچۈن) بەرگەن مال - مۈلۈكتىن ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ**﴾.

ئەمما ئايال كىشىنىڭ ھېچقانداق سەۋەبسىز (يەنى ئۇ ئەر كىشى بىلەن ئايرىلىپ كېتىشكە ھېچقانداق سەۋەب يوق تۇرۇپ) ئۇنىڭغا توپىلۇقنى قايتۇرۇپ بېرىپ يولدىشىدىن تالىقىنى سورىسا، (بۇ) توغرا ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «قايسى بىر ئايال ئېرىدىن سەۋەبسىز تالىقىنى سورىسا، ئۇ ئايالغا جەننەتنىڭ پۇرىقى ھارامدۇر».

ئىبنى جەرىر: بۇ ئايەت سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شىماس ۋە ئۇنىڭ ئايالى ھەبىبە بىنتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل توغرىسىدا چۈشكەن، - دېدى.

ئىمام مالىك ھەبىبە بىنتى سەھل ئەنسارىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەبىبە بىنتى سەھل سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شىماسنىڭ ئايالى ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بىر كۈنى) بامدات نامىزىغا چىققاندا، ھەبىبە بىنتى سەھلنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ كىم؟» دېدى. ئۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ھەبىبە بىنتى سەھل، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نېمە بولدىڭىز؟» دېدى. ئۇ: مېنىڭ سابىت ئىبنى قەيس بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇشىمنىڭ مۇمكىنچىلىكى قالمىدى، - دېدى. شۇ ئارىدا سابىت ئىبنى قەيس يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەبىبە بىنتى سەھل قىلىشقا تېگىشلىك گەپنىڭ ھەممىنى قىلدى» دېدى. ئاندىن ھەبىبە: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن توپىلۇقىنىڭ ھەممىسى قېشىمدا بار، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ھەبىبەنىڭ ئېرىگە): «ئۇنىڭدىن توپىلۇقنى قايتۇرۇۋالغىن» دېدى. ئۇ توپىلۇقنى قايتۇرۇۋالدى. ھەبىبە ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا كەتتى (يەنى ئۇ ئىككىسى ئاجرىشىپ كەتتى).

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شىماسنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇنى دىنىي ياكى ئەخلاقىي جەھەتتىن ئەيىبلىمەيمەن، لېكىن ئىسلامدا كۇپۇرلۇقنى يامان كۆرىمەن، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ (توپىلۇقىڭىز ئۈچۈن بەرگەن خورمىلۇق) بېغىنى قايتۇرۇپ بېرەمسىز؟» دېدى. ئۇ: ماقۇل، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شىماسقا: «باغنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ خېتىنى بەرگىن» دېدى.

توپىلۇقنى قايتۇرۇپ بېرىپ خېتىنى ئالغان ئايالنىڭ ئىددىتى

تىرمىزى رەبىيئى بىنتى مۇئەۋۋىز ئىبنى ئەفرانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ (رەبىيئ دېگەن ئايال) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا (ئېرىگە توپىلۇقنى قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇنىڭ ئورنىغا) خېتىنى ئالغان ئىدى. ئاندىن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەيز كۆرۈش

بىلەنلا ئىددەتتىن چىقىشقا بۇيرۇدى (ئەمما تۆت مەزھەب ئىماملىرىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە، ئۇ ئايال ئىددىتىدىن ئۈچ ھەيز كۆرۈش بىلەن چىقىدۇ).

اللہ نىڭ بەلگىلىملىرىدىن چىقىپ كېتىشنىڭ زۇلۇم ئىكەنلىكى

﴿**ئەنە شۇلار اللہ نىڭ بەلگىلىملىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار اللہ نىڭ بەلگىلىملىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر**﴾ يەنى سىلەرگە يول قويۇپ بېرىلگەن بۇ ئىشلار **اللہ** نىڭ بەلگىلىملىرىدۇر. سىلەر (بۇ بەلگىلىملەرگە) خىلاپلىق قىلماڭلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «**اللہ** (نۇرغۇنلىغان) بەلگىلىملەرنى بەلگىلەپ بەردى، سىلەر ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار. **اللہ** (نۇرغۇنلىغان) پەرزلەرنى بېكىتتى، ئۇنىڭغا سەل قارىماڭلار. ئۇ (نۇرغۇنلىغان) ئىشلارنى ھارام قىلدى، ئۇنى قىلىپ قالماڭلار. **اللہ** ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى سىلەرگە رەھمەت قىلغانلىقتىن (نۇرغۇنلىغان) نەرسىلەرنىڭ (ھۆكمىنى) بايان قىلمىدى (يەنى ئۇ نەرسىلەرنى ھالال ياكى ھارام دېمىدى). سىلەر ئۇ نەرسىلەر توغرىسىدا سوئال سورىماڭلار».

بىراقلا ئۈچ تالاق قىلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

يۇقىرىدىكى ﴿**(قايتا يارىشىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر**﴾ دېگەن ئايەت بىر سۆز بىلەن ئۈچ تالاق قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى نەسەئى رىۋايەت قىلغان مەھمۇد ئىبنى لەبىدنىڭ ھەدىسىدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر كىشىنىڭ ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر يەتكەندە ئاچچىقلانغان ھالەتتە قوپۇپ: «مەن ئىچىڭلاردا تۇرساممۇ، **اللہ** نىڭ كىتابى بىلەن ئوينىشامسىلەر (يەنى مەن ھايات تۇرسام، سىلەر **اللہ** نىڭ كىتابى قۇرئاننى ئويۇنچۇقنىڭ ئورنىدا كۆرەمسىلەر)؟» دېدى. بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى **اللہ** نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇنى (ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلغان كىشىنى) ئۆلتۈرۈۋېتەيمۇ؟ - دېدى...

ئۈچىنچى تالاقتىن كېيىن ئايالى بىلەن يارىشىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرىسىدا

﴿**ئەگەر (ئۇ) ئۇنى (يەنى خوتۇنىنى) (ئۈچ قېتىم) تالاق قىلسا، (خوتۇن) باشقا ئەرگە تەگمىگىچە ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ**﴾ يەنى بىر كىشى ئايالىنى بىرىنچى قېتىم ۋە ئىككىنچى قېتىم تالاق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى قېتىم تالاق قىلغان بولسا، ئۇ ئايال ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ھارام بولۇپ كېتىدۇ. ﴿**باشقا ئەرگە تەگمىگىچە**﴾ يەنى ئۇ باشقا بىر ئەر ئۇنى ھەقىقي نىكاھلاپ ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگىچە، بۇرۇنقى ئېرىگە ھالال بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنى بىر كىشى نىكاھلاپ ئالماي، قۇل ئورنىدا سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنە بۇرۇنقى ئېرىگە ھالال بولمايدۇ[1].

(1) يەنى مەن يامان كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن، ئىسلامدا تەلەپ قىلىنغان بويىچە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلالمايمەن.

شۇنىڭدەك ئۇ (ئايال) ھەقىقىي نىكاھ بىلەن (بىر كىشىگە) تەگكەن بولسا، ئۇ كىشى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيلا ئايرىلىپ كەتكەن بولسا ئۇ (ئايال) يەنە بۇرۇنقى ئېرىگە ھالال بولمايدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: بىر ئايالنى ئېلىپ ئاندىن ئۇنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ (ئايال) باشقا بىر كىشى بىلەن توي قىلىپ، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئېرىگە ھالال بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ ئىككىنچى ئېرى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگىچە، بۇرۇنقى ئېرىگە ھالال بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ۋە ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق. (ئۇنىڭ يېنىغا) قۇرەيز قەبىلىسىدىن رۇفائىنىڭ ئايالى كىرىپ مۇنداق دېدى: مېنى رۇفائى بىراقلا ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن ئىدى. ئاندىن مېنى ئابدۇراھمان ئىبنى زۇبەير نىكاھىغا ئالدى. ئەمما ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسى كىيىمنىڭ پېشىگە ئوخشاش ئىكەن دەپ، كىيىمنىڭ بىر پېشىنى تۇتتى[1]. (بۇ ۋاقىتتا) خالىد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاسقا رۇخسەت بېرىلمەي ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى. خالىد ئىبنى سەئىد: ئى ئەبۇبەكرى! بۇ (خوتۇننى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشتىن توسمامسەن؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ (ھېلىقى ئايالغا): «سىز (بۇرۇنقى ئېرىڭىز) رۇفائى بىلەن يارىشىشنى خالايدىغاندەك تۇرىسىز. سىز (كېيىنكى ئېرىڭىزنىڭ) ھەسىلىنى، (كېيىنكى ئېرىڭىزمۇ) سىزنىڭ ھەسىلىڭىزنى تېتىمىغۇچە (يەنى ئارىلىقىڭلاردا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتۈلمىگىچە)، سىزنىڭ بۇرۇنقى ئېرىڭىز بىلەن يارىشىۋېلىشىڭىز دۇرۇس بولمايدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم قاتارلىقلارمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش رىۋايەت قىلدى.

باشقا بىر كىشىنىڭ ئايالىغا يول چىقىرىپ بېرىش ئۈچۈن (ئۇنى) ۋاقىتلىق ئالغان ياكى ئايالىغا يول تېپىش ئۈچۈن ئۇنى باشقا بىر كىشىگە ئېلىپ بەرگەن كىشىگە لەنەت بولىدىغانلىقى

ئەسلىدە بىر ئەر كىشى بىر ئايال بىلەن توي قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن قىزىقىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ بىللە ياشاشنى نىيەت قىلىشى لازىم. ئەگەر توي قىلغاندا نىيىتى بۇرۇنقى ئېرىگە يول چىقىرىپ بېرىش بولسا، مانا بۇ ھەدىسلەردە ئەيىبلەنگەن ۋە لەنەت ئوقۇلغان كىشىدۇر. ئەگەر نىكاھ قىلغاندا ئۆزىنىڭ ئۇ ئايالنى بۇرۇنقى ئېرىگە يول چىقىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئالىدىغانلىقىنى ئوچۇق دېسە، كۆپىنچە ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىچە ئۇ نىكاھ ئىناۋەتلىك بولمايدۇ.

(1) بىر كىشى بىر ئايالنى پۈتۈنلەي سېتىۋالغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇ ئايالنىڭ خوجايىنى ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ ئايال بىلەن نىكاھسىز جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى دۇرۇس بولىدۇ. بۇ ھازىرقى زاماندا مەۋجۇد ئەمەس، ئەمما بىر كىشى بىر ئايالنى پۈتۈنلەي سېتىۋالماي، ئۇنىڭ بىر ئايلىقى ياكى ئىككى ئايلىقىنى ۋە ياكى بىرەر يىللىقىنى سېتىۋالغان بولسا، ئۇ ئۇنىڭ قۇلى ھېسابلانمايدۇ. ھەم ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئايال بىلەن نىكاھسىز جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىمۇ بولمايدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (كىشىلەرنىڭ بەدىنىگە) بىر نەرسە چەككۈچىگە ۋە (بەدىنىگە) بىر نەرسە چەكتۈرگۈچىگە، چاچ ئۇلىغۇچىغا ۋە ئۇلاتقۇچىغا، (كىشىلەرنىڭ ئاياللىرىنى ۋاقىتلىق نىكاھلاپ) يول چىقىرىپ بەرگۈچىگە ۋە (ئاياللىرىنى باشقىلارغا نىكاھلاپ بېرىپ) يول تاپقۇچىغا، جازانە ئالغۇچىغا ۋە جازانە بەرگۈچىگە لەنەت ئېيتتى.

ھاكىم نافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئىبنى ئۆمەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن: بىر ئادەم ئېرى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن ئايالنى ئۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي ئۆي تۇتۇش ئۈچۈن بولماستىن، بۇرۇنقى ئېرىگە يول چىقىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان بولسا، (كېيىنكى ئالغان كىشىدىن ئايرىلىپ بولغاندىن كېيىن) بۇرۇنقى ئېرىگە ھالال بولامدۇ؟ - دەپ سورىدى. ئىبنى ئۆمەر: ئۇ بۇنىڭغا ئوخشاش نىكاھ بىلەن ئالسا، (ئۇ ئايال بۇرۇنقى ئېرىگە) ھالال بولمايدۇ، بىز بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا زىنا دەپ سانايتتۇق، - دېدى.

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبۇشەيبە، جۇزجانىي، ھەربىل كېرمانى ۋە ئەبۇبەكرى، ئەسرەم قاتارلىقلار قۇبەيس ئىبنى جابىردىن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مېنىڭ يېنىمغا (كىشىنىڭ ئايالىغا) يول چىقىرىپ بەرگۈچى ۋە يول چىقارغۇچى كېلىپ قالسا، ئۇ ئىككىسىنى چالما - كېسەك قىلىمەن (يەنى ئۇ ئىككىسىگە زىنانىڭ جازاسىنى بېرىمەن)، - دېدى.

ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئېرىگە قانداق چاغدا ھالال بولىدىغانلىقى

﴿**كېيىنكى ئەر ئۇنى تالاق قىلغاندىن كېيىن**﴾ يەنى (ئۇنى ھەقىقىي نىكاھ بىلەن ئالغان) ئىككىنچى ئېرى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلىۋەتسە، ﴿(**ئىددىتىنى توشقۇزۇپ)، بۇرۇنقى ئەر بىلەن قايتا ياراشسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ**﴾ يەنى ئايال بىلەن بۇرۇنقى ئېرى ﴿**ئەگەر ئۇلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالايدىغانلىقىنى (يەنى قايتا ياراشقاندىن كېيىن ياخشى ئۆتەلەيدىغانلىقىنى) تەسەۋۋۇر قىلسا**﴾ يەنى (ئۇ ئىككىسى) ياخشىلىقچە ياشىسا. مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر (ئۇ ئىككىسى) ئۆزلىرىنىڭ نىكاھىنى ھەقىقىي نىكاھ دەپ ئويلىسا دېگەنلىك بولىدۇ. ﴿**بۇ الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇركى**﴾ يەنى الله نىڭ شەرىئەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىدۇر. ﴿**الله ئۇنى بىلىدىغان (يەنى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە پەمى يېتىدىغان) قەۋم ئۈچۈن بايان قىلىدۇ**﴾ يەنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

* * * * * * *

وَإِذَا طَلَّقْتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَبَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَأَمْسِكُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ أَوْ سَرِّحُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ ۚ وَلَا تُمْسِكُوهُنَّ ضِرَارًا
لِّتَعْتَدُوا۟ ۚ وَمَن يَفْعَلْ ذَٰلِكَ فَقَدْ ظَلَمَ نَفْسَهُۥ ۚ وَلَا تَتَّخِذُوٓا۟ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ هُزُوًا ۚ وَٱذْكُرُوا۟ نِعْمَتَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ وَمَآ
أَنزَلَ عَلَيْكُم مِّنَ ٱلْكِتَٰبِ وَٱلْحِكْمَةِ يَعِظُكُم بِهِۦ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿٢٣١﴾

سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغان بولسا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يارىشىپ، (ئۇلارنى نىكاھىڭلاردا) تۇتۇڭلار ياكى ئۇلارنى ياخشىلىق بىلەن قويۇۋېتىڭلار، زۇلۇم قىلىش مەقسىتىدە زىيان يەتكۈزۈپ ئۇلارنى تۇتۇۋالماڭلار. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى كىمكى چىرايلىقچە ئۆي تۇتۇش نىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىددىتىنى ئۇزارتىپ زۇلۇم قىلىش نىيىتىدە خوتۇنى بىلەن يارىشىدىكەن)، ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. **الله** نىڭ ئايەتلىرىنى كۈلكە قىلىۋالماڭلار (يەنى **الله** نىڭ ئەھكاملىرىنى خىلاپلىق قىلىش يولى بىلەن مەسخىرە قىلماڭلار)، **الله** نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ۋە سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان كىتابنى، ھېكمەتنى (يەنى كىتابىدىكى ئەھكاملارنى) ياد ئېتىڭلار، **الله** غا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، **الله** ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴿231﴾.

تالاق قىلىنغان ئايالغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا

الله ئەرلەردىن بىرى ئايالىنى (ئۇنىڭ بىلەن يارىشالايدىغان) تالاق قىلسا، ئايالى ئىددىتىدىن چىقىپ بولغىچە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇدى. يەنى ئىددىتى توشۇشتىن ئىلگىرى يېنىشىۋالماقچى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىۋالغانلىقىغا گۇۋاھچى ئېلىپ كېلىشى ۋە ھەقىقىي ياشاشنى نىيەت قىلىشى لازىم. ئەگەر يېنىشمايدىغان بولسا، ئىددەتتىن چىقىپ بولغىچە ئۇنى ئۆيىدە ساقلاپ، (ئىددىتىدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن) تىللاشماي، ئۇرۇشماي چىرايلىقچە قويۇپ بېرىشى لازىم[1].

﴿**زۇلۇم قىلىش مەقسىتىدە زىيان يەتكۈزۈپ ئۇلارنى تۇتۇۋالماڭلار**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد مەسرۇق، ھەسەن، قەتادە، زەھھاك، رەبىئ، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: بىر كىشى ئايالىنى تالاق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىددىتى تۈگەي دەپ قالغاندا، زىيان يەتكۈزۈش مەقستى بىلەن (ئۇ ئايالنى باشقا بىرسىگە كېتىپ قالمىسۇن دەپ) ئۇنى يەنە نىكاھىغا ئېلىپ، ئىددەت ۋاقتىنى تېخىمۇ ئۇزارتىش ئۈچۈن ئۇنى يەنە تالاق قىلاتتى (يەنى بۇ ئىشنى قايتا ـ قايتا قىلاتتى). ئاندىن **الله** ئۇلارنى بۇ ئىشتىن توستى ۋە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**بەلكى ئىددىتىنى ئۇزارتىپ زۇلۇم قىلىش نىيىتىدە خوتۇنى بىلەن يارىشىدىكەن)، ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان بولىدۇ**﴾ يەنى **الله** تائالانىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە ـ ئۆزى زۇلۇم قىلغان بولىدۇ.

﴿**الله نىڭ ئايەتلىرىنى كۈلكە قىلىۋالماڭلار (يەنى الله نىڭ ئەھكاملىرىنى خىلاپلىق قىلىش يولى بىلەن مەسخىرە قىلماڭلار)**﴾ ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇمۇسانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەشئەرىلىك كىشىلەرگە ئاچچىقلاندى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئەشئەرىلىكلەرگە ئاچچىقلاندىڭمۇ؟ ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەزىڭلار: ئايالىمنى تالاق قىلدىم، ـ دەپ كۆپ ئۆتمەيلا: يېنىشتىم، ـ دەيدۇ. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تالىقى ئەمەس، ئۇلارنى ھەيز كۆرۈشىدىن ئىلگىرى تالاق قىلىڭلار»[2] دېدى.

---

(1) يەنى ئۇ جىنسىي مۇناسىۋەتتە ئاجىز ئىكەن دېمەكچى.

(2) ئەسلى ئىسلامنىڭ ھۆكمى بويىچە ئۈچ تالاق قىلىنمىغان ئايال كىشى ئىددىتىنى ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇتىدۇ ۋە ئۇ ئايال ئىددىتىدىن چىقىپ بولغىچە ئېرى يېنىۋالماقچى بولسا، يېنىش نىيىتى بىلەن چاقچاق قىلغانغا ئوخشاش يات ئاياللارغا

مەسرۇق مۇنداق دېدى: بۇ ئايەتتىن ئايالىنى ناھۇۋاپىق ۋاقىتتا تالاق قىلىدىغان ۋە ئۇنى تالاق قىلىپ يېنىۋېلىش ئارقىلىق ئىددىتىنى ئۇزارتىپ، ئايالىغا زىيان يەتكۈزىدىغان كىشى كۆزدە تۇتۇلغان.

﴿اللہ نىڭ ئايەتلىرىنى كۈلكە قىلىۋالماڭلار (يەنى اللہ نىڭ ئەھكاملىرىنى خىلاپلىق قىلىش يولى بىلەن مەسخىرە قىلماڭلار)﴾ ھەسەن، قەتادە، ئەتا خۇراسانىي، رەبىئ ۋە مۇقاتىل ئىبنى ھەييان قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە ئايالىنى تالاق قىلىپ ياكى قۇل ئازاد قىلىپ ۋەياكى ئۆيلىنىپ بولۇپ: ئويىنىشىپ قويدۇم، ـ دەيدىغان كىشى كۆزدە تۇتۇلغان. اللہ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق بۇ ئىشلارنىڭ (گەرچە چاقچاق قىلغان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە) ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆز بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

﴿اللہ نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ۋە سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان كىتابنى، ھېكمەتنى (يەنى كىتابىدىكى ئەھكاملارنى) ياد ئېتىڭلار﴾ يەنى اللہ نىڭ سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى توغرا يول ۋە ئوچۇق پاكىتلار بىلەن ئەۋەتىپ بېرىشتەك نېئمىتىنى ئەسلەڭلار.

﴿سىلەرگە ۋەز نەسىھەت قىلىش﴾ يەنى سىلەرنى بۇيرۇيدۇ، توسايدۇ ۋە سىلەرنىڭ چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن (سىلەرنى) ئاگاھلاندۇرىدۇ. سىلەر قىلغان ۋە سىلەر قىلمىغان نەرسىلەردە **﴿اللہ غا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾**.

﴿بىلىڭلاركى، اللہ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾ يەنى سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ـ ئاشكارا قىلغان ئىشلىرىڭلاردىن كىچىككىنە بىر نەرسىمۇ ئۇنىڭغا يوشۇرۇن بولمايدۇ. بۇ ئىشلارغا ئاساسەن سىلەرگە جازا ياكى مۇكاپات بېرىدۇ.

* * * * * * *

وَإِذَا طَلَّقْتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَبَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَلَا تَعْضُلُوهُنَّ أَن يَنكِحْنَ أَزْوَٰجَهُنَّ إِذَا تَرَٰضَوْا۟ بَيْنَهُم بِٱلْمَعْرُوفِ ۗ
ذَٰلِكَ يُوعَظُ بِهِۦ مَن كَانَ مِنكُمْ يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ ۗ ذَٰلِكُمْ أَزْكَىٰ لَكُمْ وَأَطْهَرُ ۗ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا
تَعْلَمُونَ ﴿٢٣٢﴾

ئەگەر سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان ۋە قائىدە بويىچە (تەگمەكچى بولغان) ئېرى بىلەن پۈتۈشكەن بولسا، ئۇلارنى نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار. بۇنىڭ بىلەن، ئىچىڭلاردىن اللہ غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە نەسىھەت قىلىنىدۇ، بۇ (يەنى ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىش، اللہ نىڭ ئەمرلىرىنى تۇتۇش)، سىلەر ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىقتۇر ۋە ئەڭ پاكتۇر، (شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن سىلەرگە نېمىلەر ئەڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) اللہ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر﴿232﴾.

قىلىنمايدىغان ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلسا، بۇرۇنقى نىكاھلىق ھالىتىگە يېنىپ قالىدۇ. ئىددەتنى ئېرىنىڭ ئۆيىدە ئۆتۈشنىڭ ھېكمەتلىرىدىن بىرى، مۇشۇ جەرياندا ئامال بار يېنىشىۋېلىشنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ئىددەتتىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرىش دەپ كەلدى.

بۇرۇنقى ئېرى بىلەن قايتا يارىشىۋالماقچى بولغان ئايالنى توسماسلىق توغرىسىدا

ئەلى ئىبنى تەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت بىر ياكى ئىككى تالاقنىڭ ئىددىتىنى توشقۇزغاندىن كېيىن، ئېرى بىلەن يارىشىۋېلىشنى خالايدىغان ھەم ئېرىمۇ يېنىشۋېلىشنى ئۈمىد قىلىپ تۇرغان ئەھۋالدا، ئۇ ئايالغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۇ ئايالنى يارىشىشتىن توسقانلىقى توغرىسىدا چۈشكەن. ﷲ ئايالغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان كىشىلەرنى ئۇ ئايالنىڭ ئۆز ئېرى بىلەن يارىشىشىدىن توسۇشتىن چەكلىدى. ئەۋفىيمۇ ھەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يۇقىرىدىكىدەك دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. باشقىلارمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلدى.

ئايالغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بىر كىشى بولمىسا، نىكاھنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقى

بۇ ئايەت ئايال كىشىنىڭ ئۆزىنى ئەرگە بېرەلمەيدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. ئۇنى ئەرگە بېرىش ئۈچۈن چوقۇم ئۇنىڭغا ئىگە (ۋەلىي) بولىدىغان بىر كىشى بولۇشى لازىم. ھەدىستە بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ كەلدى: «خوتۇن كىشى، خوتۇن كىشىنى ئەرگە بەرمىسۇن. خوتۇن كىشى، ئۆزىنى ئۆزى ئەرگە بەرمىسۇن. شۈبھىسىزكى، ئۆزىنى ئۆزى ئەرگە بېرىدىغان خوتۇن، بۇزۇق خوتۇندۇر». يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «ئايالغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئەقىللىق بىر كىشى ۋە ئىككى ئادىل گۇۋاھچى بولمىسا، قىلغان نىكاھ نىكاھ ھېسابلانمايدۇ».

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى

بۇ ئايەت مەئقەل ئىبنى يەسار مەزىنى ۋە ئۇنىڭ ھەمشىرىسى توغرىسىدا نازىل بولغان دەپ رىۋايەت قىلىندى. ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: مەئقەل ئىبنى يەسارنىڭ ھەمشىرىسىنى ئېرى تالاق قىلىۋېتىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئىددىتى تۈگىگىچە يارىشىۋالماي، كېيىن ياراشماقچى بولىدۇ. بۇنىڭغا مەئقەل قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن: ﴿**ئەگەر سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان ۋە قائىدە بويىچە (تەگمەكچى بولغان) ئېرى بىلەن پۈتۈشكەن بولسا، ئۇلارنى نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار**﴾ دېگەن بۇ ئايەت چۈشتى.

باشقا ھەدىس ئالىملىرىمۇ بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلدى. ئىمام تىرمىزى بۇ ھەدىسنى مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: مەئقەل ئىبنى يەسار ئۆزىنىڭ ھەمشىرىسىنى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا) بىر مۇسۇلمانغا نىكاھلاپ بەردى. ئۇ ئايال ئۇ (كىشىنىڭ) قېشىدا مەلۇم بىر مۇددەت تۇردى. ئاندىن ئۇ كىشى ئايالنى تالاق قىلىۋېتىپ، ئىددىتى تۈگىگىچە ئۇنىڭ بىلەن يېنىشمىدى. كېيىن ئۇلار ئۆزئارا يارىشىپ قالماقچى بولدى. ئۇ كىشى (قايتا) يارىشىش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئايالنىڭ قېرىندىشى ئۇنىڭغا: ئى ئەخمەق! مەن سېنى ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنى ساڭا نىكاھلاپ بەرسەم، سەن ئۇنى تالاق قىلىۋەتتىڭ، ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ مەڭگۈ سەن بىلەن يېنىشمايدۇ، ـ دېدى. ﷲ ئۇنىڭ ئۇ ئايالغا بولغان ھاجىتىنى ۋە ئۇ (ئايالنىڭ)

ئۆزىنىڭ ئېرىگە بولغان ھاجىتىنى بىلدى.

شۇنىڭ بىلەن: ﴿**ئەگەر سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان ۋە قائىدە بويىچە (تەگمەكچى بولغان) ئېرى بىلەن پۈتۈشكەن بولسا، ئۇلارنى نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار. بۇنىڭ بىلەن، ئىچىڭلاردىن الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە نەسىھەت قىلىنىدۇ، بۇ (يەنى ۋەز - نەسىھەت ئېلىش، الله نىڭ ئەمرىلىرىنى تۇتۇش)، سىلەر ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىقتۇر ۋە ئەڭ پاكتۇر، (شەرىئەتتە ھۆكۈملىرىدىن سىلەرگە نېمىلەر ئەڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. مەئقەل بۇ ئايەتنى ئاڭلاپ: مەن پەرۋەردىگارىمغا بويسۇندۇم، - دېدى ۋە ھېلىقى ئادەمنى چاقىرىپ: مەن ساڭا (ھەمشىرەمنى) بېرىمەن ۋە سېنى ھۆرمەتلەيمەن، - دېدى. ئىبنى مەردەۋەينىڭ رىۋايىتىدە مەئقەل: مەن ئىچكەن قەسىمىمگە كەففارەت بېرىمەن، - دېدى.

﴿**بۇنىڭ بىلەن، ئىچىڭلاردىن الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە نەسىھەت قىلىنىدۇ، بۇ (يەنى ۋەز - نەسىھەت ئېلىش، الله نىڭ ئەمرىلىرىنى تۇتۇش)**﴾ يەنى (ئى ئاياللارغا ئىگىدارچىلىق قىلغان كىشىلەر!) ئاياللار ئەرلىرى بىلەن ئۆزئارا پۈتۈشۈپ، ئۇلار بىلەن ياراشماقچى بولسا، ئۇلارنىڭ يېنىششىغا سىلەرنىڭ قوشۇلماسلىقىڭلاردىن سىلەرنى توسقانلىقىمىزغا (سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى) مۆمىنلەر بويسۇنىدۇ.

﴿**بۇنىڭ بىلەن، ئىچىڭلاردىن الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە نەسىھەت قىلىنىدۇ، بۇ (يەنى ۋەز - نەسىھەت ئېلىش، الله نىڭ ئەمرىلىرىنى تۇتۇش)**﴾ يەنى الله نىڭ شەرىئىتىگە ئىشىنىدۇ. الله نىڭ تەھدىتىدىن ۋە ئۇنىڭ ئاخىرەتتە بولىدىغان ئازابىدىن قورقىدۇ.

﴿**سىلەر ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىقتۇر ۋە ئەڭ پاكتۇر**﴾ يەنى جاھىللىقىڭلارنى تاشلاپ، ئاياللارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرىگە توي قىلىپ بېرىشىڭلار سىلەرگە ئەڭ پايدىلىق ۋە دىللىرىڭلارنى پاكىزلاش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر.

﴿**الله بىلىدۇ**﴾ يەنى الله ئۆزى بۇيرۇيدىغان ۋە توسقان نەرسىدىكى پايدىلارنى بىلگۈچىدۇر. ﴿**سىلەر بىلمەيسىلەر**﴾ سىلەر قىلىشقا تېگىشلىك قىلىنغان نەرسىدىكى ياخشىلىقنى بىلمەيسىلەر.

* * * * * * *

۞ وَٱلْوَٰلِدَٰتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَـٰدَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ ۖ لِمَنْ أَرَادَ أَن يُتِمَّ ٱلرَّضَاعَةَ ۚ وَعَلَى ٱلْمَوْلُودِ لَهُۥ رِزْقُهُنَّ وَكِسْوَتُهُنَّ بِٱلْمَعْرُوفِ ۚ لَا تُكَلَّفُ نَفْسٌ إِلَّا وُسْعَهَا ۚ لَا تُضَآرَّ وَٰلِدَةٌۢ بِوَلَدِهَا وَلَا مَوْلُودٌ لَّهُۥ بِوَلَدِهِۦ ۚ وَعَلَى ٱلْوَارِثِ مِثْلُ ذَٰلِكَ ۗ فَإِنْ أَرَادَا فِصَالًا عَن تَرَاضٍ مِّنْهُمَا وَتَشَاوُرٍ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِمَا ۗ وَإِنْ أَرَدتُّمْ أَن تَسْتَرْضِعُوٓا۟ أَوْلَـٰدَكُمْ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ إِذَا سَلَّمْتُم مَّآ ءَاتَيْتُم بِٱلْمَعْرُوفِ ۗ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٢٣٣﴾

ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم. ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان

تارتقۇزماسلىق، ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم. (ئەگەر ئاتا ئۆلۈپ كەتسە) ئۇنىڭ ۋارىسى ئاتىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى (يەنى ئانا بولغۇچىغا نەپىقە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنى) ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەگەر ئاتا ـ ئانا كېڭىشىپ (بالىنى ئىككى يىل توشماستىنلا) ئايرىۋەتمەكچى بولسا ئۇلارغا ھېچ بىر گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر بالىلىرىڭلارنى ئىنىكئانىلارغا ئېمىتمەكچى بولساڭلار، قائىدە بويىچە ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرسەڭلارلا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. **الله** دىن (يەنى **الله** نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، **الله** سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿233﴾.

بالىنىڭ ئېمىدىغان مۇددىتىدىن باشقا چاغدا ئېمىلداش بولمايدىغانلىقى

بۇ، **الله** تائالانىڭ ئانىلارنى ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىنى ئىككى يىل تولۇق ئېمىتىشكە بۇيرۇغانلىقىدۇر. ئىككى يىلدىن كېيىن ئەمگەن (سۈتىنىڭ) ھېچقانداق تەسىرى يوقتۇر. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم**﴾ ئەگەر بىر بالا ئىككى ياشقا كىرمەي تۇرۇپ (بىر ئايالنى) ئەمگەن بولسا، ئۇ ئايال ئۇ بالىنىڭ ئىنىكئانىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر بالا ئىككى ياشتىن ئاشقاندا (بىر ئايالنى) ئەمگەن بولسا، ئۇ ئايال ئۇ بالىنىڭ ئىنىكئانىسى ھېسابلانمايدۇ.

تىرمىزى بۇ ھەقتە ئۇممە سەلىمەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئېمىلداشلىق پەقەت ئەمچەكتىن ئايرىۋېتىشتىن ئىلگىرىكى ئىككى يىل ئىچىدە ئەمچەكتىكى تومۇرلاردىن ئېتىلىپ چىققان سۈتتىن بولىدۇ. مۇشۇ ھەدىسكە ئاساسەن كۆپ ساندىكى ساھابىلار ۋە باشقا ئالىملار: ئىنىكئانا ھېسابلىنىپ قېلىش پەقەت بالىنىڭ ئېمىتىشكە تېگىشلىك بولغان ئىككى يىل ئىچىدىكى مۇددەتتە بولىدۇ. بالا ئىككى ياشتىن ئاشقاندا ئەمگەن بولسا، بالا بىلەن ئۇنى ئېمىتكەن ئانا ئوتتۇرىسىدا ئىنىكئانىلىق ۋە ئىنىكبالىلىق مۇناسىۋىتى بولمايدۇ دېگەن كۆز قاراشتا.

بالىنى ئېمىتىش مۇددىتىنىڭ ئىككى يىل بولىدىغانلىقى يەنى ئىككى ياشقىچە ئېمىتىدىغانلىقى ھەققىدە ئىمام ئەھمەد بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىبراھىم 22 ئايلىق بولغاندا، چاچراپ كەتكەن ئىدى (يەنى ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئېمىدىغان مۇددىتى ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى. (قالغان مۇددىتىدە ئېمىشى ئۈچۈن) ئۇنىڭ جەننەتتە بىر ئانىسى بار» دېدى.

دارۇقۇتنى ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئېمىلداشلىق پەقەت ئىككى يىلنىڭ ئىچىدىكى ئېمىتىشتە بولىدۇ.

چوڭ بالىلارنى ئېمىتىش توغرىسىدا

ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: (ئىككى ياشتىن ئاشقان) بالىنى ئېمىتىسمۇ ئېمىلداش

بولىدۇ دەپ قارايدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى. بۇ ھەم ئەتا ئىبنى رەباھ ۋە لەيسى ئىبنى سەئىدنىڭمۇ كۆز قارىشىدۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر ئايالنىڭ قېشىغا كىرىپ ـ چىقمىسا بولمايدىغان (خىزمەتچىسىگە ئوخشاش) بىرئەر كىشى بولسا، ئۇئايالغائۇنى ئېمىتىۋېتىشنى بۇيرۇيتتى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا ئېمىلداشلىق چۈشۈشى بىلەن، ئۇ كىشى ئۇنىڭ بالىسىدەك بولىدۇ (ئۇ كىشىنى ئېمىتكەندە، ئۇنىڭ ئالدىدا كۆكسىنى ئېچىپ ئېمىتمەي سۈتىنى بىر نەرسىگە سېغىپ بەرسە بولىدۇ).

ئائىشە بۇنىڭغا ئەبۇھۇزەيفەنىڭ ئازاد گەردىسى سالىمنىڭ ھەدىسىنى پاكىت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇزەيفەنىڭ ئايالىنى سالىمنى ئېمىتىشكە بۇيرۇغان (سالىم بۇ چاغدا چوڭ ئادەم ئىدى). شۇ ئېمىتىش بىلەن سالىم ھۇزەيفەنىڭ ئايالىنىڭ قېشىغا كىرىپ چىقالايدىغان بولغان ئىدى[1].

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرى ئائىشەنىڭ بۇ كۆز قارىشىغا قوشۇلمايتتى. ئۇلار سالىمنىڭ بۇ ئىشىنى شۇنىڭغا خاس ئىش دەپ قارايتتى. بۇ ھەم كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر[2].

بالا ئېمىتكەننىڭ ئەجرىنى بېرىش توغرىسىدا

﴿ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك﴾ ئاتا ئۆزىنىڭ قۇدرىتى يېتىشچە (بەكمۇ ئىسراپ قىلماستىن ياكى بەكمۇ بېخىللىق قىلماستىن) باللارنىڭ ئانىلىرىنىڭ چىقىملىرىنى قىلىپ بېرىشى ۋە ئۇلارغا كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بېرىشى لازىم. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿باي ئادەم (ئايالىنى ۋە بالىسىنى) ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار قىلىنغان ئادەم اللہ نىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن (يەنى ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا خىراجەت قىلسۇن). اللہ ئىنسانىنى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىدۇ (يەنى پېقىر ئادەمنى بايىنى تەكلىپ قىلغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ)، اللہ قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىقنى بېرىدۇ (يەنى پېقىرلىقتىن كېيىن بايلىقنى بېرىدۇ)﴾[3].

زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى ئايالىنىڭ خېتىنى (باللىق بولۇپ بولغاندىن كېيىن) بەرگەن بولسا ۋە ئايالى بالىنى ئېمىتكەن بولسا، ئۇ كىشىگە ئۇ (ئايال) نىڭ نورمال چىقىمىنى ۋە كىيىم ـ كېچىكىنى قىلىپ بېرىشى ۋاجىبتۇر.

---

(1) سالىم ئەسلىدە ئەبۇھۇزەيفىنىڭ بېقىۋالغان بالىسى ئىدى. كېيىن بېقىۋالغان بالىسىنىڭ يات ئادەمدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئايەت چۈشكەندە، ئۇنىڭ ھۇزەيفىنىڭ ئايالى بىلەن (يەنى بېقىۋالغان ئانىسى بىلەن) بىر يەردە يالغۇز قېلىشى ياكى بىرەر يەرگە بىللە بېرىشى چەكلىنىدۇ. لېكىن يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلاردا ئۇنىڭغا مۇھتاج بولغاچقا، ھۇزەيفەنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا (بۇ ئىش توغرۇلۇق) بارىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنى سالىمنى ئەمگۈزۈۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سالىم ئۇنىڭ ئېمىتكەن بالىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەمگەن بالىنىڭ ئېمىتكەن ئايال ۋە ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرى بىلەن توي قىلىشى ھارامدۇر. يەنى ئۇ بۇ جەھەتتە ئۇ ئايالنىڭ باللىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ.

(2) يەنى يۇقىرىدا دېگەندەك ئېمىلداشلىق ئىككى ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن چۈشمەيدۇ. ئەمما سالىمنىڭ ئىشى ئۇ كىشىگە خاس ئىشتۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن بىر ئادەم ئۆز ئايالىنىڭ ياكى باشقا بىر ئايالنىڭ سۈتىنى ئىچىپ سالغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا نىكاھلىنىشنى ھارام قىلىدىغان ئېمىلداشلىق بولمايدۇ ت.

(3) تالاق سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

زىيان يەتكۈزمەسلىك توغرىسىدا

﴿**ئاتىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق**﴾ يەنى ئانا بالىنى تەربىيلەش جەريانىدا (ئاتىغا زىيان يەتسۇن دەپ) بالىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۇ ئاتىغا زىيان يەتكۈزمىسۇن. ئۇ (ئايال) بالىنى قايتۇرۇپ بەرگەندىمۇ كۆپىنچە ھاللاردا سۈت ئەممىسە بولمايدىغان مۇددەتتىن بۇرۇن قايتۇرۇپ بەرسە بولمايدۇ. ئېمىدىغان مۇددەتتىن كېيىن (ئەگەر خالىسا) ئۇ ئايال بالىنى ئاتىسىغا قايتۇرۇپ بەرسە بولىدۇ. ئەگەر بالىنى ئاتىسىغا قايتۇرۇپ بەرسە، ئۇنى تەربىيلەش ۋە ئۇنى بېقىش جەريانىدا قىيىنچىلىق تارتىپ قالىدىغان بولسا، (ئايالنىڭ) بالىنى قايتۇرۇپ بېرىشى دۇرۇس ئەمەس. ئەرنىڭمۇ ئايال كىشىنى قىيناش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن (بالىنى) تارتىۋېلىشى دۇرۇس ئەمەس.

﴿**ئانىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم**﴾ يەنى ئايالنى قىيناش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بالىنى تارتىۋېلىش (ئايالغا زىيان يەتكۈزۈش) دۇرۇس ئەمەس. بۇ سۆز مۇجاھىد، قەتادە، زەھھاك، زۆھرى، سۇددى، ئىبنى زەيد ۋە باشقىلاردىن رىۋايەت قىلىندى.

﴿**(ئەگەر ئاتا ئۆلۈپ كەتسە) ئۇنىڭ ۋارىسى ئاتىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى (يەنى ئانا بولغۇچىغا نەپىقە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنى) ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك**﴾ مۇجاھىد، شەئبىي ۋە زەھھاك قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بالىنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاتىنىڭ مىراسخورى ئانىنىڭ (ئاتا تەرىپىدىن قىلىپ بېرىشكە تېگىشلىك بولغان) بارلىق چىقىمنى ئۈستىگە ئېلىپ، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى تەييارلاپ بېرىشى ۋە ئۇنىڭغا زىيان كەلتۈرمەسلىكى لازىمدۇر. ئىبنى جەرىر: بالىنى ئىككى ياشقا كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئېمىتىش ئۇنىڭ بەدىنىگە ياكى ئەقلىگە زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن، ـ دېدى.

سۇفيان سەۋرى ئەلقەمەنىڭ بىر ئايالنىڭ ئىككى ياشقا كىرىپ بولغاندىن كېيىنمۇ بالىسىنى ئېمىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ (ئۇنىڭغا): ئۇنى ئېمىتمەڭ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

بالىنى ئەر ـ ئايال ئىككىسى رازى بولۇشقاندىن كېيىن ئېمىتىشتىن ئايرىۋېتىش توغرىسىدا

﴿**ئەگەر ئاتا ـ ئانا كېڭىشىپ (بالىنى ئىككى يىل توشماستىنلا) ئايرىۋەتمەكچى بولسا، ئۇلارغا ھېچ بىر گۇناھ بولمايدۇ**﴾ يەنى ئاتا ـ ئانا بالىنى ئىككى ياشتىن بۇرۇن ئەمچەكتىن ئايرىۋېتىشنى بالا ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارىسا ۋە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بالىنى ئەمچەكتىن ئايرىۋەتسە، (ئۇلارغا) ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر ئىككىسى بىر مەسلىھەتكە كەلمەي، بىرسىنىڭ ئايرىۋەتكۈسى كېلىپ ياكى بىرسى يەنە بىرسىگە مەسلىھەت سالماي ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىپ (بالىنى) ئايرىۋېتىشى دۇرۇس ئەمەس.

الله بەندىسىگە رەھىم قىلىپ، بالىنى تەربىيىلەشنى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىدى ۋە ئۇلارغا ئۆزلىرى ۋە بالىلىرى ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى بىلدۈردى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن (بالىلىرىڭلارنى) ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ (ئېمىتىش) ھەققىنى بېرىڭلار، ھەققانىي ئاساستا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار، ئەگەر پىكىردە كېلىشەلمىسەڭلار، ئۇنى (يەنى بالىنى) باشقا بىر ئايال ئېمىتسۇن﴾[1] يەنى ئاتا ـ ئانا ئاجرىشىپ كېتىپ، بالا ئېمىتىش ئەجرىنى ئېلىش شەرتى بىلەن ئانىسىدا قالغان بولسا، كېيىنچە بىر تەرەپنىڭ ئۆزرىسى تۈپەيلىدىن (ئانىغا بالىنى ئېمىتكەن مۇددەتنىڭ ئەجرى چىرايلىقچە بېرىلىپ) بالىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇلۇپ، بالا باشقا بىر ئايالغا ئېمىتىش ئۈچۈن بېرىلگەن بولسا، بالىنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە قايتۇرۇپ بېرىش سەۋەبىدىن ئۇ ئاتا ـ ئانىغا ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ.

﴿الله دىن (يەنى الله نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) قورقۇڭلار﴾ يەنى سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنىڭ ھەممىسىدە، **﴿بىلىڭلاركى، الله سىلەرنىڭ ئەمەللىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى ئۇنىڭغا (الله تائالاغا) سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلاردىن ۋە سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلاردىن كىچىككىنە نەرسىمۇ مەخپىي ئەمەس.

* * * * * * *

وَٱلَّذِينَ يُتَوَفَّوْنَ مِنكُمْ وَيَذَرُونَ أَزْوَٰجًا يَتَرَبَّصْنَ بِأَنفُسِهِنَّ أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَعَشْرًا ۖ فَإِذَا بَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ فِيمَا فَعَلْنَ فِىٓ أَنفُسِهِنَّ بِٱلْمَعْرُوفِ ۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ ﴿٢٣٤﴾

ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم، ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۆزلىرى توغرۇلۇق قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، سىلەرگە (يەنى شۇ ئاياللارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارغا) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. الله سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴿234﴾.

ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئايالنىڭ ئىددىتى

الله تائالا بۇ ئايەتتە، ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئاياللارنى مەيلى ئۇلار ئەرلىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن، ئۇلارنى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرۇدى. ئېرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشىدىكى سەۋەب، بۇ ئايەت ئۇلارنى ئايرىماي ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ۋە تۆۋەندىكى ھەدىسنىڭ كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

ئىمام ئەھمەد ۋە باشقا ھەدىس رىۋايەت قىلىدىغان ئالىملاردىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: ئىبنى مەسئۇدتىن بىر ئايالنى ئالغان، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي ۋە ئۇنىڭغا بېرىدىغان تويلۇقنى (مۇنچىلىك بېرەي دەپ) توختاتماي ئۆلۈپ كەتكەن بىر كىشى توغرىسىدا نەچچە قېتىم سوئال سورالدى. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاخىرىدا): مەن بۇ ئىشتا ئۆزەمنىڭ كۆز قارىشىمنى

(1) تالاق سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دەيمەن. ئەگەر ئۇ توغرا بولۇپ قالسا، بۇ الله نىڭ ئۇتۇق ئاتا قىلىشى بىلەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ خاتا بولۇپ قالسا، مېنىڭ كەمچىلىكىمدىن ۋە شەيتاننىڭ ئازدۇرۇۋېتىشىدىن بولىدۇ. الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملا خاتالىقتىن پاكتۇر دەپ بولۇپ، ئۇنىڭغا تويلۇق تولۇق بېرىلىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: كەم ـ زىيادە قىلماستىن (چىرايى ۋە باشقا تەرەپتە)، ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئايالغا بېرىلىدىغان تويلۇق بېرىلىدۇ. ئۇ ئايال (ئۆلۈمنىڭ) ئىددىتىنى تۇتۇشى لازىم ھەم ئۇنىڭغا مىراس بېرىلىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن مەئقەل ئىبنى يەسار قوپۇپ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاشىقنىڭ قىزى بەرۋەئە ھەققىدە سەن ھۆكۈم قىلغانغا ئوخشاش ھۆكۈم قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېدى. ئىبنى مەسئۇد بۇنى ئاڭلاپ (ئۆزىنىڭ چىقارغان ھۆكمىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمى بىلەن ئۇدۇل چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن) ناھايىتى بەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

يەنە بىر رىۋايەتتە، ئەشجەئ قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم كىشى: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاشىقنىڭ قىزى بەرۋەئەگە مۇشۇنداق ھۆكۈم قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمىز، ـ دېدى.

ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئېغىر ئاياق ئايال بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ، ئۇ (مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ياكى يەتتە ـ سەككىز ئايدىن كېيىن تۇغسۇن) بالىنى تۇغقاندىن كېيىن ئىددەتتىن چىقىدۇ. بارلىق ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتىنىڭ ئۆلارنىڭ بالىنى توغۇپ بولۇشى بىلەنلا تۈگەيدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى ئايەت ـ ھەدىسلەر كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

﴿ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى (مەيلى قويۇۋېتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن) بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ﴾[1]

ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: سەبىئە ئەسلەمىي دېگەن ئايال ئېغىر ئاياق چاغدا، ئۇنىڭ ئېرى سەئىد ئىبنى خەۋلە ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ (ئېرى) ئۆلۈپ كېتىپ ئۇزۇنغا قالمايلا تۇغدى (يەنە بىر رىۋايەتتە بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا تۇغدى). ئۇ نىفاسى تۈگەپ (ئۇنىڭدىن) پاكىزلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئەلچى بولۇپ كەلگەن كىشىلەرنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈن ياسانغىلى تۇردى. ئۇنىڭ قېشىغا ئەبۇسانابىل ئىبنى بەئكەك دېگەن كىشى كىرىپ: سىز نېمە دەپ ياسىنىسىز، سىز تۇرمۇش قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغاندەك تۇرىسىز؟ الله بىلەن قەسەمكى، سىزگە تۆت ئاي ئون كۈن توشمىغىچە بىرسى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشىڭىز توغرا بولمايدۇ، ـ دېدى.

سەبىئە مۇنداق دېدى: شۇ كۈنى كەچتە مەن كىيىملىرىمنى كىيىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردىم ۋە ئۇنىڭدىن بۇ ئىش توغرىسىدا سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مېنىڭ بالىنى تۇغقان چېغىمدىلا ئىددىتىمدىن چىققانلىقىمنى بىلدۈردى ۋە خالىغان ۋاقتىتا (مەيلى كىم بىلەن بولسۇن) توي قىلىشىمغا رۇخسەت بەردى.

ئىددەت تۇتۇشنىڭ ھېكمىتى

سەئىد ئىبنى مۇسەييىب، ئەبۇئالىيە ۋە باشقىلار: ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئاياللارنىڭ ئىددىتى تۆت ئاي

(1) تالاق سۈرىسى 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئون كۈن بولۇشىنىڭ ھېكمىتى ئۇنىڭ قورسىقىدا بالا بولۇپ قىلىشىنىڭ ئېھتىمالى بولغانلىقىدىندۇر. ئەگەر ئۇ تۆت ئاي ئون كۈن كۈتسە، بالىنىڭ بار - يوقلۇقى ئاشكار بولىدۇ، - دېدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ يارىتىلىشى ئانىسىنىڭ قورسىقىدا 40 كۈن ئابىي مەنىي ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئاندىن شۇنچىلىك ۋاقىتتا (يەنى 40 كۈن ئىچىدە) لەختە قانغا ئايلىنىدۇ. ئاندىن يەنە شۇنچىلىك ۋاقىتتا (40 كۈن ئىچىدە) بىر پارچە گۆشكە ئايلىنىدۇ. ئاندىن بىر پەرىشتە ئەۋەتىلىپ، ئۇنىڭغا جان پۈۋلىنىدۇ».

بۇ ھەدىستىكى ئۈچ «40 كۈن» نى ھېسابلىساق تۆت ئاي بولىدۇ. بەزى ئايلار 30 كۈندىن كەم (ئاز) بولغانلىقى ۋە (بالىدىكى) ھەرىكەت ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، تۆت ئايدىن كېيىن ئېھتىيات تۈپەيلىدىن ئون كۈن قوشۇپ قويۇلىدۇ.

خوجايىنىدىن قورساق كۆتۈرگەن دېدەكنىڭ خوجايىنى ئۆلۈپ قالغاندا تۇتىدىغان ئىددىتى

يۇقىرىدىكى مەسىلىلەردە (بەزى) ئالىملار: خوجايىنىدىن بالا تۇغقان دېدەكنىڭ ئىددىتى (ئەگەر خوجايىنى ئۆلۈپ قالسا) يۇقىرىدا دېيىلگەن ھۆر ئايالنىڭ ئىددىتىگە ئوخشاش بولىدۇ دېگەن كۆز قاراشتا بىرلىككە كەلدى. ئىمام ئەھمەد ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىنى قۇۋۋەتلەپ ئەمرى ئىبنى ئاسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە خاتا نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەڭلار! خوجايىنىدىن بالا تۇغقان دېدەكنىڭ خوجايىنى ئۆلۈپ قالسا، ئۇنىڭ ئىددىتى تۆت ئاي ئون كۈندۇر، - دېدى.

ئىددەت ئىچىدە قارىلىق تۇتۇشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى

﴿ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۆزلىرى توغرۇلۇق قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، سىلەرگە (يەنى شۇ ئاياللارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارغا) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. الله سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەلىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾ بۇ ئايەت ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئايالنىڭ ئىددىتىدىن چىقىپ بولغىچە (ئېرى ئۈچۈن) قارىلىق تۇتۇشنىڭ لازىملىقىنى ئوقتۇرىدۇ. بۇ ھەقتىكى ھەدىستە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن ئۇممۇ ھەبىبە ۋە زەينەب بىنتى جەھشىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «الله تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئايال كىشىنىڭ ئېرىدىن باشقا (ئۆلۈپ قالغان) كىشى ئۈچۈن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارىلىق تۇتۇشى ھالال ئەمەس. ئەمما ئېرىگە تۆت ئاي ئون كۈن قارىلىق تۇتىدۇ».

يەنە بىر ھەدىستە ئۇممۇ سەلىمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، بىر ئايال: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قىزىمنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. قىزىمنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالدى، بىز ئۇنىڭ (كۆزىگە) سۈرمە تارتساق بولامدۇ؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سوئالغا ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم «ياق» دەپ جاۋاب بېرىپ: «شەك

ـ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ قارلىق ۋاقتى تۆت ئاي ئون كۈن بولىدۇ، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن سىلەر (قارلىق ئۈچۈن) بىر يىل (ئۆيدە) تۇراتتىڭلار» دېدى.

ئۇممۇ سەلىمەنىڭ قىزى زەينەب بۇرۇنقى قارلىق ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئايال ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ قازناققا كىرىپ ئولتۇراتتى. بىر يىل بولمىغىچە خۇشبۇي نەرسىنى تۇتۇپ سالمايتتى (يەنى ئىشلەتمەيتتى). بىر يىلدىن كېيىن (قازناقتىن) چىقاتتى. ئۇنىڭغا قۇش مايىقى بېرىلەتتى، ئۇ ئۇنى ئاتاتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئېشەكتەك ياكى قويدەك چوڭلۇقتا بىر قۇش كەلتۈرۈلەتتى. ئۇ ئۇنىڭ (ئۇستىخانلىرىنى) سۇندۇراتتى ياكى كېسەتتى. ئۇ قۇش ئۆلۈپ قالاتتى.

قارلىق تۇتۇش دېگەن ئەتىرگە ئوخشاش خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلەتمەسلىك، چىرايلىق كىيىنمەسلىك ۋە ئالتۇن جابدۇقلارغا ئوخشاش زىبۇزىننەتلىرىنى ئىشلەتمەسلىكتىن ئىبارەتتۇر. قارلىق تۇتۇش ئېرى ئۆلۈپ قالغان، بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك قىز، چوڭ ئايال، ئازاد، قۇل، كاپىر ياكى مۇسۇلمان قاتارلىق ھەممە ئاياللار ئۈچۈن ۋاجىبتۇر (ئېرى ئۆلۈپ قېلىپ قارلىق تۇتمىغان ياكى قارلىق تۇتسىمۇ، چىرايلىق كىيىنىپ ياسىنىشنى تاشلىمىغان ئاياللار قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ).

﴿ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، سىلەرگە (يەنى شۇ ئاياللارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارغا) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ زەھھاك ۋە رەبىيئ ئىبنى ئەنەس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇلارنىڭ ئىددىتى تۈگەپ بولسا، ئاياللارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارغا گۇناھ بولمايدۇ.

﴿ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۆزلىرى توغرۇلۇق قائىدە بويىچە ئىش قىلسا﴾ ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: تالاق قىلىنغان ياكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئايالنىڭ (ئىددەتتىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن) ئەرگە تېگىش ئۈچۈن چىرايلىق كىيىنىشى ۋە ئۆزىگە ئەلچى بولۇپ كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشۈشى گۇناھ ئەمەس. بۇ قائىدە، باشقىلاردىنمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ.

﴿ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۆزلىرى توغرۇلۇق قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، سىلەرگە (يەنى شۇ ئاياللارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارغا) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. الله سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾ ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىدنىڭ: يەنى ھالال نىكاھ قىلسا دېگەنلىكتۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ھەسەن، زۆھرى ۋە سۇددىيلاردىنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلىندى.

****

وَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ فِيمَا عَرَّضْتُم بِهِۦ مِنْ خِطْبَةِ ٱلنِّسَآءِ أَوْ أَكْنَنتُمْ فِىٓ أَنفُسِكُمْ ۚ عَلِمَ ٱللَّهُ أَنَّكُمْ
سَتَذْكُرُونَهُنَّ وَلَٰكِن لَّا تُوَاعِدُوهُنَّ سِرًّا إِلَّآ أَن تَقُولُوا۟ قَوْلًا مَّعْرُوفًا ۚ وَلَا تَعْزِمُوا۟ عُقْدَةَ
ٱلنِّكَاحِ حَتَّىٰ يَبْلُغَ ٱلْكِتَٰبُ أَجَلَهُۥ ۚ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ مَا فِىٓ أَنفُسِكُمْ فَٱحْذَرُوهُ ۚ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ
ٱللَّهَ غَفُورٌ حَلِيمٌ ﴿٢٣٥﴾

ئىددىتى توشمىغان ئاياللارغا ئۇلارنى ئالىدىغانلىقىڭلارنى بۇرىتىپ ئۆتسەڭلار ياكى بۇنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇن تۇتساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۇلارغا ئېغىز ئاچىدىغانلىقىڭلار اللهغا مەلۇمدۇر،

لېكىن ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن ۋەدىلىشىپ قويماڭلار، پەقەت (ئاشكارا ئېيتىلسا كىشى خىجىل بولمايدىغان) مۇۋاپىق سۆزنى قىلساڭلار بولىدۇ، ئىددىتى توشمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا بەل باغلىماڭلار، بىلىڭلاركى، الله دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن (يەنى الله نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ جازالىنىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (الله دىن قورقۇپ گۇناھتىن چەكلەنگەنلەرگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴿235﴾.

ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالغا ئەلچى ئەۋەتىشنىڭ ھۆكمى

﴿ئىددىتى توشمىغان ئاياللارغا ئۇلارنى ئالىدىغانلىقىڭلارنى بۇرىتىپ ئۆتسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ يەنى سىلەر ئەرلىرى ئۆلۈپ كېتىپ (ئۇلار ئۈچۈن) ئىددەت تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئاياللارغا ئۆزەڭلارنىڭ ئۇلارنى ئالىدىغانلىقىڭلارنى ئوچۇق دېمەي پۇرىتىپ قويساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوق.

﴿ئىددىتى توشمىغان ئاياللارغا ئۇلارنى ئالىدىغانلىقىڭلارنى بۇرىتىپ ئۆتسەڭلار ياكى بۇنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇن تۇتساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ سەۋرى، شۆئبە، جەرىر ۋە باشقىلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پۇرىتىپ قويۇش دېگەن، مەن ئۆيلىنىشنى خالايمەن ياكى مۇنداق، مۇنداق سۈپەتلىك ئايالنى ياخشى كۆرىمەن دەپ، گۈزەل سۆز ئارقىلىق پۇرىتىشنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە: مەن الله نىڭ ماڭا ياخشى ئايالدىن بىرنى بېرىشىنى خالايتتىم، ـ دېسە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش سۆز قىلسا بولىدۇ. ئەمما نىيىتىنى ئاشكارا بىلدۈرسە بولمايدۇ. ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پۇرىتىش دېگەن، مەن ئۆيلىنىشنى خالايمەن، مەن ئاياللارغا ھاجەتمەن بولۇپ قالدىم. (الله نىڭ) ماڭا ياخشى ئايالدىن بىرنى بېرىشىنى خالايمەن، ـ دېيىشتۇر. مۇجاھىد، تاۋۇس، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىبراھىم نەخەئىي، شەئبىي، ھەسەن، قەتادە، زۆھرى، يەزىد ئىبنى قەسىد، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان ۋە قاسىم ئىبنى مۇھەممەد قاتارلىقلارمۇ (پۇرىتىش توغرىسىدا) ئىبنى ئابباس دېگەنگە ئوخشاش پىكىردە بولدى.

سەلەپ ئالىملىرىمۇ: ئۆلۈپ قالغان ئەرلىرى ئۈچۈن ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئاياللارغا ئۆزىنىڭ ئالىدىغانلىقىنى ئوچۇق دېمەي پۇراتسا بولىدۇ، ـ دېدى.

شۇنىڭدەك، ئۈچ تالاق قىلىنىپ ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئاياللارغىمۇ ئۆزىنىڭ نىيىتىنى يوشۇرۇن ئىپادىلەپ قويسا بولىدۇ. ئەمىر ئىبنى ھەفسە ئايالى فاتىمە بىنتى قەيسنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۇممۇ مەكتۇمنىڭ ئۆيىدە ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرۇدى ۋە ئىددىتى توشقاندا ئۆزىگە خەۋەر بېرىشنى تاپىلىدى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مەلۇم ئىشتىن شەپە بېرىپ قويدى). فاتىمە ئىددەتتىن چىققاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازاد گەردىسى ئۇسامە ئىبنى زەيد ئەلچى كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىمەنى

ئۇسامەگە ياتلىق قىلىپ قويدى.[1]

ئەمما بىر ياكى ئىككى تالاق قىلىنىپ ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالغا ئۆزىنىڭ ئېرىدىن باشقا بىر كىشىنىڭ ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقىنى ئوچۇق دېيىشى ياكى پۈرىتىپ قويۇشى دورۇس ئەمەس (چۈنكى، ئۇ ئىددەتتىن چىقىپ بولغۇچە بۇرۇنقى ئېرىنىڭ ئىلكىدە ھېسابلىنىدۇ).

﴿**ياكى بۇنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇن تۇتساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ**﴾ يەنى سىلەر ئۇلارنى ئالماقچى بولغانلىقىڭلارنى كۆڭلۈڭلاردە يوشۇرساڭلار، گۇناھ بولمايدۇ. **الله** بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرۇن تۇتقانلىرىنى ۋە (ئېغىزلىرىدا) دېگەنلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[2]، ﴿مەن سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارىلىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىمەن﴾[3].

﴿**ئۇلارغا ئېغىز ئاچىدىغانلىقىڭلار الله غا مەلۇمدۇر**﴾ يەنى كۆڭۈللىرىڭلاردا ئەسلەيسىلەر، كۆڭۈللىرىڭلاردا ئەسلىگەن گۇناھ سىلەردىن كەچۈرۈم قىلىندى.

﴿**لېكىن ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن ۋەدىلىشىپ قويماڭلار**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەن ئۇنىڭغا (ئۇ ئىددىتىدىن چىقىشتىن بۇرۇن): مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم ياكى مەندىن باشقا بىرسىگە تەگمەسلىككە ماڭا ۋەدە بېرىڭ، ـ دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلما.

سەئىد ئىبنى جۇبەير، شەئبىي، ئىكرىمە، ئەبۇزۇھا، زەھھاك ۋە زۆھرى قاتارلىقلارمۇ يۇقىرىقى كۆز قاراشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ ھەقتە مۇجاھىد ۋە سەۋرى مۇنداق دېدى: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، ئۇ ئايالدىن ئۆزىدىن باشقىسىغا تەگمەسلىك ئۈچۈن ۋەدە ئېلىۋېلىش دېگەنلىكتۇر.

﴿**پەقەت (ئاشكارا ئېيتىلسا كىشى خىجىل بولمايدىغان) مۇۋاپىق سۆزنى قىلساڭلار بولىدۇ**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇما، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، سۇددى، سەۋرى ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتىن يۇقىرىدا سۆزلەنگەن پۈرىتىپ قويۇشنىڭ دۇرۇسلىقى مەقسەت قىلىنىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى سىرىين: مەن ئۇبەيدەدىن: ﴿**پەقەت (ئاشكارا ئېيتىلسا كىشى خىجىل بولمايدىغان) مۇۋاپىق سۆزنى قىلساڭلار بولىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورىسام، ئۇ: «بىر كىشى ئۇ ئايالغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان كىشىگە: ئۇنى مېنىڭ خەۋەرىمسىز بېرىۋەتمەڭ دېيىشىدىن ئىبارەت» دەپ جاۋاب بەردى.

﴿**ئىددىتى توشمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا بەل باغلىماڭلار**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، شەئبىي، قەتادە، رەبىيئ ئىبنى ئەنەس، ئەبۇمالىك، زەيد ئىبنى ئەسلەمە، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان، زۆھرى، ئەتا خۇراسانىي، سۇددى، سەۋرى ۋە زەھھاك قاتارلىقلار

---

(1) ئەمما نېيىتىدىن شەپە بېرىپ قويماي، ئۆزىنىڭ ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقىنى ئوچۇق ئىپادىلەپ: مېنىڭ سىزنى ئالغۇم بار، سىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم، ئىددىتىڭىز قاچان توگەيدۇ ياكى ماڭا تېگەمسىز؟ دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشقا بولمايدۇ.

(2) قەسەس سۈرىسى 69 ـ ئايەت.

(3) مۇمتەھىنە سۈرىسى 1ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئىددەتنى تۈگەپ بولغۇچە نىكاھ قىلماڭلار. بارلىق ئالىملار: ئىددەتنى تۈگىمەي تۇرۇپ قىلىنغان نىكاھ دۇرۇس بولمايدۇ، دېگەن پىكىردە بىرلىككە كەلدى.

﴿بىلىڭلاركى، اﷲ دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن (يەنى اﷲ نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ جازالىنىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار﴾ (اﷲ) ئۇلارنى، ئاياللار توغرىسىدا يامان ئىشلارنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ كۆڭلىدە يامان خىياللارنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ياخشى ئىشلارنى ئويلاشقا بۇيرۇدى. ئاندىن ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرمەي مۇنداق دېدى: **﴿بىلىڭلاركى، اﷲ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (اﷲ دىن قورقۇپ گۇناھتىن چەكلەنگەنلەرگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴾**.

****

لَّا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ إِن طَلَّقۡتُمُ ٱلنِّسَآءَ مَا لَمۡ تَمَسُّوهُنَّ أَوۡ تَفۡرِضُواْ لَهُنَّ فَرِيضَةٗۚ وَمَتِّعُوهُنَّ عَلَى ٱلۡمُوسِعِ قَدَرُهُۥ وَعَلَى
ٱلۡمُقۡتِرِ قَدَرُهُۥ مَتَٰعَۢا بِٱلۡمَعۡرُوفِۖ حَقًّا عَلَى ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٢٣٦﴾

ئەگەر سىلەر ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماي ياكى مەھرى تەيىنلەنمەي تۇرۇپ ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار (يەنى نىكاھىڭلارغا ئالغان ئايال بىلەن بىر يەردە بولمىغان ياكى مەھرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن شارائىتتا) ئۇنى قويۇۋەتسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا مۇتئە (يەنى بەلگىلىك مىقداردا پۇل ـ مال) بېرىشىڭلار كېرەك، ئۇلارغا نەرسە بېرىڭلار، باي ئۆز ھالىغا يارىشا، كەمبەغەل ئۆز ھالىغا يارىشا قائىدە بويىچە بەرسۇن، (بۇ) ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر﴿236﴾.

جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ تالاق قىلىش توغرىسىدا

اﷲ تائالا ئەرنىڭ ئايالنى ئېلىپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن تالاق قىلىۋېتىشىگە رۇخسەت قىلدى. شۇنداقلا، ئۇنى تالاق قىلىپ دىلىغا ئەزىيەت بېرىدىغان ئىش بولۇپ قالسىمۇ، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ۋە (ئەرگە تەگكەن چاغدا تويلۇقسىز تەگكەن بولسا) تويلۇقنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن بۇرۇن تالاق قىلسىمۇ بولىدۇ.

تالاق قىلىپ بولۇپ بىر نەرسە بېرىش توغرىسىدا

شۇڭا اﷲ (ئەر كىشىنى) ئۆزىنىڭ قۇدرىتىگە يارىشا باي بولسا بايلىقىغا، نامرات بولسا نامراتلىقىغا يارىشا (جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ۋە تويلۇقنى بېكىتىشتىن بۇرۇن تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئايالنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن ئۇنىڭغا) بىر نەرسە بېرىشكە بۇيرۇدى.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى سەھل ئىبنى سەئىد ۋە ئەبۇئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇرەھبىلنىڭ قىزى ئۇمەيمە بىلەن توي قىلدى. ئاندىن ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرۇۋاتقان ئۆيگە كىرگۈزۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

قولىنى ئۇ ئايال تەرەپكە سوزدى، ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنى سۈنغانلىقىنى يامان كۆرگەندەك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇئۇسەيدنى ئۇنى تەييارلاپ يولغا سېلىپ قويۇشقا ۋە ئۇنىڭغا كۆك كۆڭلەكتىن ئىككىنى بېرىشكە بۇيرۇدى.

****

وَإِن طَلَّقْتُمُوهُنَّ مِن قَبْلِ أَن تَمَسُّوهُنَّ وَقَدْ فَرَضْتُمْ لَهُنَّ فَرِيضَةً فَنِصْفُ مَا فَرَضْتُمْ إِلَّآ أَن يَعْفُونَ أَوْ يَعْفُوَا۟ ٱلَّذِى بِيَدِهِۦ عُقْدَةُ ٱلنِّكَاحِ ۚ وَأَن تَعْفُوٓا۟ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَىٰ ۚ وَلَا تَنسَوُا۟ ٱلْفَضْلَ بَيْنَكُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٢٣٧﴾

ئەگەر سىلەر ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى ۋە مەھرى تەيىنلىنىپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلساڭلار، تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىڭلار، ئەمما ئاياللار ئۆتۈنسە (يەنى مەھرىدىن ۋاز كېچىپ پۈتۈنلەي ئالمىسا) ياكى نىكاھنىڭ تۈگۈنى ئۆز ئىلكىدە بولغان ئەرلەر ئۆتۈنسە (يەنى تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ ھەممىسىنى بەرسە) شۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىم. سىلەر ئۆتۈنسەڭلار (ئۆتۈنگەن ئادەم) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئۆز ئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار. اللّٰه ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿237﴾.

جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلمەي تۇرۇپ تالاق قىلىنغان ئايالغا تويلۇقنىڭ يېرىمىنىڭ بېرىلىدىغانلىقى

جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلمەي تۇرۇپ تالاق قىلىنماقچى بولغان ئايالغا (مۇنچىلىك تويلۇق بېرىلىدۇ دەپ بېكىتىلىپ بولغان بولسا ئۇنىڭغا) ئاتالغان تويلۇقنىڭ يېرىمىنى بېرىش ۋاجىب بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە بېرىش ۋاجىب بولمايدۇ. ئەگەر باشقا نەرسە بېرىش ۋاجىب بولغان بولسا، ئۇ بايان قىلىنغان بولاتتى. تويلۇقنى بېكىتىپ توينى قىلىپ بولۇپ، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ تالاق قىلغان بولسا، تويلۇقنىڭ يېرىمىنى ئايالغا بېرىش ئالىملار ھېچقانداق ئىختىلاپسىز ھالدا بىرلىككە كەلگەن بىر مەسىلىدۇر.

﴿ئەمما ئاياللار ئۆتۈنسە (يەنى مەھرىدىن ۋاز كېچىپ پۈتۈنلەي ئالمىسا) شۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىم﴾ يەنى ئاياللار ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان تويلۇقنى ئۆتۈنۈپ بەرسە، ئەر كىشىگە ئۇنى بېرىش ۋاجىب ئەمەستۇر.

سۇددى بۇ ئايەت ھەققىدە ئەبۇسالىھتىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ئۇ ئايال ئۆزىگە تېگىشلىكنى ئۆتۈنۈپ بەرسە، ئەر كىشىگە ئۇنى بېرىش ۋاجىب ئەمەستۇر. ئىمام ئەبۇمۇھەممەد ئىبنى ئەبۇھاتەم، شۇرەيھ، سەئىد ئىبنى مۇسەييىب، ئىكرىمە، مۇجاھىد، شەئبىي، ھەسەن، نافىئ، قەتادە، جابىر ئىبنى زەيد، ئەتا خۇراسانىي، زەھھاك، زۆھرى، مۇقاتىل ئىبنى ھاييان، ئىبنى سىرىين، رەبىيئ ئىبنى ئەنەس ۋە سۇددى قاتارلىقلارنىڭمۇ (بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا) ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش پىكىردە ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىندى.

﴿ياكى نىكاھنىڭ تۈگۈنى ئۆز ئىلكىدە بولغان ئەرلەر ئۆتۈنسە (يەنى تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ ھەممىسىنى بەرسە) شۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىم﴾ ئەبۇھاتەم ئەمرى ئىبنى شۇئەيبىنىڭ چوڭ ئاتىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: نىكاھنىڭ تۈگۈنىگە ئىگە كىشى ئەردۇر.

ئىبنى مەردەۋەيمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش (يەنى ئايەتتىكى نىكاھنىڭ تۈگۈنى ئۇنىڭ قولىدا دېگەن) سۆزنى رىۋايەت قىلدى. ئىبنى جەرىرمۇ بۇ قاراشنى توغرا دەپ قۇۋۋەتلىدى. چۈنكى، نىكاھنىڭ تۈگۈنىنى چىگىتىش ياكى ئۇنى بۇزۇش ئەرنىڭ قولىدىدۇر. يەنە كېلىپ بىر ئايالغا ئىگىدارچىلىق قىلغان كىشىنىڭ شۇ ئايالنىڭ مال ـ مۈلكىدىن بىر نەرسىنى باشقىلارغا ئۆزى خالىغانچە بېرىشى دۇرۇس ئەمەس. شۇنىڭغا ئوخشاش (ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى باشقىلارغا بېرىشى دۇرۇس بولمىغاندەك) ئۇنىڭ تويلۇقىنىمۇ باشقىلارغا بېرىش ھەققى يوق (يەنى بۇ ئايەتتىكى نىكاھنىڭ تۈگۈنى قولىدا دېگەن كىشىدىن ئايالغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان كىشى ئەمەس. بەلكى شۇ ئايالنىڭ ئېرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ).

﴿سىلەر ئۆتۈنسەڭلار (ئۆتۈنگەن ئادەم) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر﴾ ئىبنى جەرىر بەزى ئالىملارنىڭ: (بۇ ئايەت) ئەر ـ ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئايال كىشى ئۆزىگە تېگىشلىكنى ئۆتۈنۈپ بېرىپ ئەردىن بىر نەرسە ئالمىسا ياكى ئەر كىشى ئۆزىگە تېگىشلىكنى كەچۈرۈۋېتىپ، ئايالغا ھەممىسىنى بېرىۋەتسە، ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئۆتۈنۈپ بېرىۋەتسۇن، شۇ تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر.

شەئبىي ۋە باشقىلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە يۇقىرىدا ئىبنى ئابباس دېگەنگە ئوخشاش بايان قىلدى. **﴿ئۆز ئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار﴾** سەئىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ياخشىلىق قىلىشنى ئۇنۇتماڭلار.

﴿الله ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ يەنى **الله** تائالاغا سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلار ۋە ئەھۋالىڭلاردىن ھېچقانداق نەرسە يوشۇرۇن بولمايدۇ. ھەر بىر كىشىگە (ئۇنىڭ قىلغان) ئەمەلىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

****

حَـٰفِظُواْ عَلَى ٱلصَّلَوَٰتِ وَٱلصَّلَوٰةِ ٱلْوُسْطَىٰ وَقُومُواْ لِلَّهِ قَـٰنِتِينَ ﴿٢٣٨﴾ فَإِنْ خِفْتُمْ فَرِجَالًا أَوْ رُكْبَانًا
فَإِذَآ أَمِنتُمْ فَٱذْكُرُواْ ٱللَّهَ كَمَا عَلَّمَكُم مَّا لَمْ تَكُونُواْ تَعْلَمُونَ ﴿٢٣٩﴾

(بەش) نامازنى بولۇپمۇ نامازدىگەرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار)، **الله** نىڭ ھوزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار﴿238﴾. قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا، پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ (ناماز ئوقۇڭلار) ئامانلىق تاپقىنىڭلاردا **الله** نىڭ سىلەرگە ئۆگەتكىنى بويىچە **الله** نى ياد ئېتىڭلار (يەنى قورقۇنچ تۈگىگەندە، **الله** نامازنى قانداق ئۆتەشكە ئەمر قىلغان بولسا، تولۇق ئەركانلىرى بىلەن شۇنداق ئۆتەڭلار)﴿239﴾.

الله بەش ۋاقىت نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ ۋاقتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مۇكەممەل ئورۇنلاشقا بۇيرۇيدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: قايسى ئەمەل ياخشى؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن كېيىنچۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله يولىدا قىلىنغان جىھاد» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن كېيىنچۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا بۇلارنى دەپ بەردى، ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك سورىغان بولسام، كۆپرەك جاۋاب بەرگەن بولاتتى.

ئوتتۇرا نامازنىڭ قايسى ناماز ئىكەنلىكى توغرىسىدا

الله بۇ نامازلارنىڭ ئىچىدىن ئوتتۇرا نامازنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ئۇ دىگەر نامىزىدۇر. ئوتتۇرا نامازنىڭ دىگەر ناماز ئىكەنلىكى ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ ئورتاق كۆز قارىشى بولۇپ، تۆۋەندىكى ھەدىسلەر بۇنىڭ پاكىتى بولالايدۇ. ئىمام ئەھمەد ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەندەك ئۇرۇشىدا: «كاپىرلار بىزنى ئوتتۇرىدىكى نامازدىن (يەنى دىگەر نامىزىنى ئوقۇشتىن) توسۇپ قويدى. الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە ئۆيلىرىنى ئوتقا توشقۇزىۋەتسۇن» دېدى. ئاندىن كېيىن ئۇنى ناماز شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىلىقىدا ئوقۇدى. بۇ ھەدىسنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نۇرغۇنلىغان ھەدىس ئالىملىرى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد سەمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوتتۇرا ناماز دىگەر نامىزىدۇر» دېدى. ئوتتۇرا نامازنىڭ دىگەر نامىزى ئىكەنلىكىگە بۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ھەدىسلەر بار. تۆۋەندىكى ھەدىسلەرمۇ بۇ ھەقىقەتنى تەكىتلەيدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دىگەر نامىزىنى قازا قىلغان كىشى خۇددى ئۆزىنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ۋە مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىگە ئوخشايدۇ». يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھاۋا تۇتۇق كۈندە نامازغا ئالدىراڭلار! چۈنكى، بىر كىشى دىگەر نامىزىنى قازا قىلىۋەتسە، جەزمەن ئۇنىڭ قىلغان ئەمەل ـ ئىبادىتى بىكار بولۇپ كېتىدۇ».

نامازدا تۇرۇپ گەپ قىلىشتىن توسۇش توغرىسىدا

﴿**الله نىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار**﴾ يەنى الله نىڭ ئالدىدا قورققان ۋە (ئۆزەڭلەرنى) ناھايىتى تۆۋەن تۇتقان ھالەتتە تۇرۇڭلار. گەپ قىلىش نامازدا شۈك تۇرۇش بىلەن قارمۇ قارشى بولغانلىقى ئۈچۈن نامازدا گەپ قىلماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ بەرگەن سالىمىغا: «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب بەرمىگەنىدى. نامازدىن كېيىن ئۆزرە ئېيتىپ: «نامازدا تۇرغاندا ناماز بىلەنلا بولۇش لازىم» دېدى.

ئىمام مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە، مۇئاۋىيە ئىبنى ھەكەمنىڭ نامازدا تۇرۇپ سۆزلىگەنلىكى ۋە پەيغەمبەر

ئەلەيھسسالامنىڭ: «ناماز ئوقۇغاندا بىر ئىېغىزمۇ گەپ قىلىشقا بولمايدۇ. ناماز پەقەت تەسبىھ، تەكبىر ۋە الله نى زىكرى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل زەيد ئىبنى ئەرقەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ زامانىسىدا بىر كىشى نامازدا تۇرۇپ (ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن) يېنىدىكى كىشىلەرگە گەپ قىلاتتى شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايەت چۈشتى: ﴿**الله نىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار**﴾ ئاندىن بىز (نامازدا گەپ قىلماي) شۈك تۇرۇشقا بۇيرۇلدۇق.

قورقۇنچلۇق ھالەتتە نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا، پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ (ناماز ئوقۇڭلار) ئامانلىق تاپقىنىڭلاردا الله نىڭ سىلەرگە ئۆگەتكىنى بويىچە الله نى ياد ئېتىڭلار (يەنى قورقۇنچ تۈگىگەندە، الله نامازنى قانداق ئۆتەشكە ئەمر قىلغان بولسا، تولۇق ئەركانلىرى بىلەن شۇنداق ئۆتەڭلار)**﴾ جانابى الله (يۇقىرىدا) نامازغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ئۆز يولىدا ئوقۇشقا بۇيرۇدى. (بۇ يەردە) ئۇرۇش بولۇۋاتقان ۋە جەڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ۋاقىتتىمۇ نامازنى ئوقۇشقا بۇيرۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا، پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ (ناماز ئوقۇڭلار)**﴾ يەنى سىلەر يول يۈرۈۋاتقان ھالەتتە ياكى ئۇلاغقا مىنگەن ھالەتتە بولامدۇ مەيلى قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈڭلار ياكى يۈز كەلتۈرمەڭلار، قانداق بىر ھالەتتە بولسۇن، ناماز ئوقۇڭلار.

ئىمام مالىك بۇ ھەقتە نافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئۆمەردىن قورقۇنچلۇق ھالەتتە نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا سوئال سورالغاندا، ئۇ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى سۆپەتلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: ئەگەر قورقۇنچ بەك قاتتىق بولسا، (مەسىلەن: ئۇرۇش قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان مۇجاھىدلار نامازغا تۇرۇپ قالغان، دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىشى ناھايىتى ئېھتىمالغا يېقىن ھالەتتە بولسا) يۈزلىرىڭلارنى قىبلە تەرەپكە بولامدۇ ياكى قىبلىدىن باشقا بىر تەرەپكە بولامدۇ (يەنى قايسى تەرەپكە يۈزلەنگەن بولسا، شۇ تەرەپكە قاراپ)، يەردە مېڭىپ تۇرغان ياكى ئۇلاغقا مىنگەن ھالەتتە بولسۇن، شۇ ھالەتتە ناماز ئوقۇڭلار. نافىئ: مەن ئىبنى ئۆمەر بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن (ئاڭلاپ) ئاندىن سۆزلىدىمىكىن دەيمەن، ـ دېدى.

ئىمام مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله نامازنى (سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلارنىڭ تىلى ئارقىلىق) سەپەرگە چىقمىغاندا تۆت رەكئەت، سەپەرگە چىققاندا ئىككى رەكئەت ۋە قورقۇنچلۇق ھالەتتە بىر رەكئەت ئوقۇشنى پەرز قىلدى. ھەسەنبەسرى، قەتادە، زەھھاك ۋە باشقىلارمۇ بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش بايان قىلدى.

ئىمام بۇخارى ئەۋزائىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر ئۇرۇش داۋاملىشىپ، شەھەرنى ئېلىشقا ئاز قالغاندا، ناماز ئوقۇشقا پۇرسەت بولمىغان بولسا، ھەر بىر كىشى ئىشارەت قىلىپ ئۆز ئالدىغا نامازنى ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئىشارەت قىلىشقا قادىر بولالمىسا، ئۇرۇش ئاخىرلاشقىچە نامازنى كېچىكتۈرىدۇ. ياكى ئۇلار خاتىرجەملىككە ئېرىشكەندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئۇلار (ئىككى رەكئەت ئوقۇشقا) قادىر بولالمىسا، نامازنى (بىر رۇكۇ) ۋە ئىككى سەجدە بىلەن بىر رەكئەت قىلىپ ئوقۇيدۇ.

ئەگەر ئۇلار بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا، (نامازنىڭ ئورنىغا) تەكبىر ئېيتىشى كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇلار نامازنى خاتىرجەملىكتە ئېرىشكۈچىلىك كېچىكتۈرىدۇ. مەكھۇلمۇ بۇ ھەقتە ئەۋزائىي دېگەنگە ئوخشاش بايان قىلدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك مۇنداق دېدى: تاڭ يورۇغاندا توستەر دېگەن شەھەرنىڭ سېپىلىنى پەتھى قىلىشقا قاتناشقان ئىدىم. ئورۇش ناھايىتى قاتتىق بولۇپ كېتىپ، ناماز ئوقۇشقا قادىر بولالمىدۇق ۋە كۈن ئۆرلىگەندىن كېيىن ئوقۇدۇق. ناماز ئوقۇغاندا، ئەبۇمۇسا بىز بىلەن بىللە ئىدى. ئاندىن بىز (سېپىلنى) ئالدۇق. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۇ نامازنىڭ ئورنىغا كەلگەن پۈتۈن دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر مېنى خۇش قىلالمايدۇ، ـ دېدى.

خاتىرجەم ھالەتتە نامازنى تولۇق ئوقۇش توغرىسىدا

﴿ئامانلىق تاپقىنىڭلاردا الله نىڭ سىلەرگە ئۆگەتكىنى بويىچە الله نى ياد ئېتىڭلار (يەنى قورقۇنچ تۈگىگەندە، الله نامازنى قانداق ئۆتەشكە ئەمر قىلغان بولسا، تولۇق ئەركانلىرى بىلەن شۇنداق ئۆتەڭلار)﴾ يەنى سىلەر نامازنى قانداق ئوقۇشقا بۇيرۇلغان بولساڭلار شۇنداق ئوقۇپ، ئۇنىڭ رۇكۇ، سەجدىلىرى، قىيامدا تۇرۇش ۋە ئولتۇرۇشلارنى خۇشۇ بىلەن تولۇق ئادا قىلىڭلار!

﴿الله نىڭ سىلەرگە ئۆگەتكىنى بويىچە﴾ سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدا قىلىدىغان ئىشلارنى ئۆگەتكەنلىكى ۋە سىلەرنى ئۇنىڭغا باشلىغانلىقى ئۈچۈن، (الله نىڭ) سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىگە شۈكرى قىلىڭلار ۋە زىكرى ئېيتىڭلار!

يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەزمۇنى الله تائالانىڭ: ﴿خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا نامازنى (پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن) مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشايدۇ. الله خالىسا، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر ئالدىمىزدا بايان قىلىنىدۇ.

****

وَٱلَّذِينَ يُتَوَفَّوْنَ مِنكُمْ وَيَذَرُونَ أَزْوَٰجًا وَصِيَّةً لِّأَزْوَٰجِهِم مَّتَٰعًا إِلَى ٱلْحَوْلِ غَيْرَ إِخْرَاجٍ فَإِنْ خَرَجْنَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ فِى مَا فَعَلْنَ فِىٓ أَنفُسِهِنَّ مِن مَّعْرُوفٍ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٤٠﴾ وَلِلْمُطَلَّقَٰتِ مَتَٰعٌۢ بِٱلْمَعْرُوفِ حَقًّا عَلَى ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٢٤١﴾ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمْ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ ﴿٢٤٢﴾

سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئايالى قېلىپ قالىدىغانلار ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنىڭ) بىر يىلغىچە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلىنىشىنى، ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلماسلىقىنى ۋەسىيەت قىلسۇن. ئەگەر (ئاياللىرى) ئۆزلىرى چىقىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى توغرىسىدا قىلغان

(1) نىسا سۈرىسى 103ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قائىدىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن سىلەرگە (يەنى مېيىتنىڭ ئىگىلىرىگە) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿240﴾. تالاق قىلىنغان ئاياللارغا قائىدە بويىچە نەپىقە بېرىش لازىم. (ئۇ) تەقۋادارلارنىڭ ئۈستىگە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتتۇر﴿241﴾. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن الله (ئۆز ئەھكاملىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئايەتلىرىنى سىلەرگە مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ﴿242﴾.

بۇ ئايەتنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا

كۆپ ساندىكى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنى يۇقىرىدىكى: ﴿ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم﴾[1] دېگەن ئايىتى ئەمەلدىن قالدۇردى.

ئىمام بۇخارى ئىبنى زۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئۇسمان ئىبنى ئاففانغا **﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئايالى قېلىپ قالىدىغانلار ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنىڭ) بىر يىلغىچە يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلىنىشىنى، ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلماسلىقىنى ۋەسىيەت قىلسۇن﴾** دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىنى باشقا بىر ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرغان تۇرسا، ئۇنى نېمىشقا (قۇرئانغا) يازىسەن ياكى ئۇنى نېمىشقا قۇرئاندىن ئېلىۋەتمەي، (قۇرئاندا) قويۇپ قويىسەن، - دېدىم. ئۇسمان: ئى دوستۇمنىڭ ئوغلى! مەن قۇرئاننىڭ ئىچىدىن ھەرقانداق بىر نەرسىنى ئۆز ئورنىدىن ئۆزگەرتىۋەتمەيمەن[2]، - دېدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: **﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئايالى قېلىپ قالىدىغانلار ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنىڭ) بىر يىلغىچە يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلىنىشىنى، ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلماسلىقىنى ۋەسىيەت قىلسۇن﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە) ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئايال كىشى ئۈچۈن بىر يىلغىچە كېتىدىغان چىقىم ۋە ئۆي بېرىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالانىڭ: ﴿ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم﴾[3] دېگەن مىراس ئايىتى ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇ ئايالغا ئەرنىڭ مال - مۈلكىنىڭ تۆتتىن بىرى ياكى سەككىزدىن بىرىنى بېرىشكە بۇيرۇدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھەدىن ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئايالنىڭ ئېرى ئۆلۈپ قالغان بولسا، (ئۇ ئايال) بىر يىلغىچە ئەرنىڭ ئۆيىدە ئىددەت تۇتاتتى. ئۇنىڭغا ئەرنىڭ مال - مۈلكىدىن چىقىم قىلىنىپ بېرىلەتتى. ئاندىن الله تائالا: ﴿ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم﴾[4] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

قورساق كۆتەرمىگەن (ئېرى ئۆلۈپ قالغان) ئايالنىڭ ئىددىتى شۇنداق بولدى. (ئەمما) ئېرى

(1) بەقەرە سۈرىسى 134 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بۇ ئىش ھەزرىتى ئۇسمان قۇرئاننى كۆپەيتىپ باشقا شەھەرلەرگە تارقاتقان ۋاقىتتا بولغان.
(3) بەقەرە سۈرىسى 234 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) بەقەرە سۈرىسى 234 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆلۈپ قالغان ۋە قورساق كۆتەرگەن ئايالنىڭ ئىددىتى ئۇ بالىنى قاچان تۇغسا، شۇ چاغدا تۈگەيدۇ. (ئەمما الله نىڭ): ﴿ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولمىسا، بۇ چاغدا ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى تېگىدۇ، ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولسا، بۇ چاغدا ئاياللىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراستىن سەككىزدىن بىرى تېگىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتى ئايال كىشىنىڭ مىراسىنى بايان قىلىپ بەردى.

ئىمام بۇخارى: ﴿**سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئايالى قېلىپ قالىدىغانلار ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنىڭ) بىر يىلغىچە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلىنىشىنى، ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلماسلىقىنى ۋەسىيەت قىلسۇن**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنسى ھەققىدە مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئايەتتە كەلگەن بۇ ئىددەت (ئېرى ئۆلۈپ قالغان) ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۆيدىكىلىرىنىڭ يېنىدا تۇتۇشقا ۋاجىب بولغان ئىددىتىدۇر.

شۇنىڭ بىلەن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئايالى قېلىپ قالىدىغانلار ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنىڭ) بىر يىلغىچە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلىنىشىنى، ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلماسلىقىنى ۋەسىيەت قىلسۇن. ئەگەر (ئاياللىرى) ئۆزلىرى چىقىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى توغرىسىدا قىلغان قائىدىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن سىلەرگە (يەنى مېيىتنىڭ ئىگىلىرىگە) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ**﴾ يەنى الله ئۇ ئايالغا بىر يىلنىڭ (تۆت ئاي ئون كۈندىن باشقىسىنى ۋاجىب قىلماي) نەپىلە قىلىپ بەردى. ئەگەر ئۇ ئايال خالىسا، بىر يىل ئىددەت تۇتىدۇ. ياكى خالىسا (ۋاجىب بولغان تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەتنى تۇتۇپ بولۇپ قالغىنىنى تۇتماي) ئىددەتتىن چىقىدۇ.

مانا بۇ، الله تائالانىڭ: ﴿**ئەگەر (ئاياللىرى) ئۆزلىرى چىقىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى توغرىسىدا قىلغان قائىدىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن سىلەرگە (يەنى مېيىتنىڭ ئىگىلىرىگە) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر.

ئەتا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت ئايالنىڭ ئۆز ئۆيدىكىلىرىنىڭ يېنىدىلا ئىددەت تۇتۇشنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇڭا ئۇ قەيەردە خالىسا، شۇ يەردە ئىددەت تۇتسا بولىدۇ. مانا بۇ الله تائالانىڭ: ﴿**ئەگەر (ئاياللىرى) ئۆزلىرى چىقىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى توغرىسىدا قىلغان قائىدىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن سىلەرگە (يەنى مېيىتنىڭ ئىگىلىرىگە) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر.

ئەتا الله تائالانىڭ: ﴿**قىلغان قائىدىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن سىلەرگە (يەنى مېيىتنىڭ ئىگىلىرىگە) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىگە ئاساسلىنىپ: ئەگەر ئۇ خالىسا، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا ئىددىتىنى تۇتۇۋېتىپ، خالىسا (قالغان نەپىلە) ئىددەتتىن چىقىپ كەتسىمۇ بولىدۇ. ئەتا مۇنداق دەيدۇ: ئاندىن مىراس ئايىتى چۈشۈپ، ئىددەت تۇتقان ئايال ئۈچۈن ئۆي تۇتۇپ بېرىدىغان ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئۇ ئۆزى خالىغان يەردە ئىددىتىنى تۇتىدۇ. (لېكىن) ئۇنىڭغا ئۆي تۇتۇپ بېرىش شەرت ئەمەس.

ئەتا ۋە باشقىلارنىڭ: بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى مىراس ئايىتىنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ـ دېگەن سۆزىدىن: تۆت ئاي ئون كۈندىن ئارتۇق تۇتىدىغان ئىددەتنى ئەرنىڭ ئۆيىدە

(1) نىسا سۈرىسى 12ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تۇتۇشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ـ دېگەن مەنە مەقسەت قىلىنغان بولسا، بۇ توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار: ئۇ ئايال تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتقاندىمۇ ئۆلۈپ قالغان ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئۇنىڭغا ئۆي تەييارلاپ بېرىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، دېگەننى مەقسەت قىلغان بولسا، بۇ مەسىلىدە ئالىملارنىڭ ئىختىلاپى بار. ئايالغا ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنىڭ ئۆيىدىن ھۇجرا تۇتۇپ بېرىش ۋاجىب بولىدۇ دەپ قارايدىغان ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ سۆزىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىمام مالىكنىڭ زەينەب بىنتى كەئبە ئىبنى ئۇجرىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىنى پاكىت قىلدى.

زەينەب مۇنداق دېدى: ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ سىڭلىسى (مالىك ئىبنى ساناننىڭ قىزى) فەرىئە ئېرىنىڭ قېچىپ كەتكەن قۇللىرىنى ئىزدەپ چىقىپ، ئۇلارنى قەدۇم دېگەن يەرنىڭ بىر تەرىپىدە تېپىۋالغاندا، ئۇ قۇللارنىڭ ئېرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى، (ئاندىن) ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن خۇدرى قەبىلىسىدىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېتىشنى سورىغانلىقىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىپ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن خۇدرى قەبىلىسىدىكى ئاتا ـ ئانامنىڭ قېشىغا قايتىپ كېتىشنى سورىدىم. (چۈنكى) ئېرىم مېنى ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولمىغان بىر ئۆيدە ھېچقانداق خىراجەتسىز قويۇپ كەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلىۋىمگە قوشۇلدى. ئاندىن مەن قايتىپ چىقىپ ئۆيۈمدە تۇراتتىم. مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاقىرتتى. مەن ئۇنىڭ قېشىغا كىردىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «نېمە دېدىڭىز؟» دېدى. مەن ئېرىم توغرۇلۇق گەپنى قايتا سۆزلەپ بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىز ئۆيىڭىزدە (يەنى ئېرىڭىزنىڭ ئۆيىدە) كىتاب ۋاقتىغا يەتكۈچە (يەنى ئىددىتىڭىز چىققۇچە) تۇرۇڭ» دېدى. مەن شۇنىڭ بىلەن ئۆيدە تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتتۇم.

ئوسمان ئىبنى ئاففان ئۆز دەۋرىدە شۇ ئىشنى سورىغىلى ماڭا (ئادەم) ئەۋەتىپتۇ، مەن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېنى ئېرىمنىڭ ئۆيىدە ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرۇغانلىقىنى دەپ بەردىم. ئوسمان شۇ بويىچە باشقىلارغا ھۆكۈم قىلدى[1]، ـ دېدى.

تالاق قىلىنغان ئايال ئۈچۈن تويلۇقتىن سىرت بىر نەرسە بېرىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى

﴿تالاق قىلىنغان ئاياللارغا قائىدە بويىچە نەپىقە بېرىش لازىم. (ئۇ) تەقۋادارلارنىڭ ئۈستىگە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتتۇر﴾ ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم: ﴿(بۇ) ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۈستىگە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتتۇر﴾[2] دېگەن ئايەتنى چۈشكەندە، بىر كىشى: ئەگەر خالىسام ياخشىلىق قىلىمەن، خالىمىسام ياخشىلىق قىلمايمەن، ـ دېدى. ئاندىن الله : **﴿تالاق قىلىنغان ئاياللارغا قائىدە بويىچە نەپىقە بېرىش لازىم. (ئۇ) تەقۋادارلارنىڭ ئۈستىگە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتتۇر﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى، ـ دېدى. تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ تويلۇقى مەيلى مۇئەييەن مىقداردا بېكىتىلگەن ياكى بېكىتىلمىگەن بولسۇن، ياكى

(1) يەنى بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللارنى ئېرىنىڭ ئۆيىدە ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرۇدى. بۇنىڭدىن ئۇلارغا ئېرىنىڭ ھېسابىغا بىر ئۆي تەييارلاپ بېرىشنىڭ لازىملىقى بىلىنىدۇ.
(2) بەقەرە سۈرىسى 230 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن تالاق قىلىنغىنى بولسۇن، تالاق قىلىنغان ھەممە ئاياللارغا بىر نەرسە بېرىش ۋاجىب،ـ دېگەن ئالىملار بۇ ئايەتنى ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا دەلىل قىلىپ كەلتۈردى.

بۇ سۆزگە سەلەپ ئالىملاردىن سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلارمۇ قوشۇلدى. ئىبنى جەرىر بۇ سۆزنى توغرا دەپ قارىدى. ئەمما اللّٰه نىڭ: ﴿ئەگەر سىلەر ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماي ياكى مەھرى تەيىنلەنمەي تۇرۇپ ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار (يەنى نىكاھىڭلارغا ئالغان ئايال بىلەن بىر يەردە بولمىغان ياكى مەھرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن شارائىتتا) ئۇنى قويۇۋەتسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا مۇتئە (يەنى بەلگىلىك مىقداردا پۇل- مال) بېرىشىڭلار كېرەك، ئۇلارغا نەرسە بېرىڭلار، باي ئۆز ھالىغا يارىشا، كەمبەغەلمۇ ئۆز ھالىغا يارىشا قائىدە بويىچە بەرسۇن، (بۇ) ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر﴾[1] دېگەن ئايىتى بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەت ھېسابلىنىدۇ.

﴿سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن اللّٰه (ئۆز ئەھكاملىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئايەتلىرىنى سىلەرگە مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ﴾ يەنى سىلەرنى بۇيرۇغان ۋە توسقان ئىشلاردىكى ھالال ـ ھارام، پەرز ۋە بەلگىلىمىلەرنى (بىلىشكە) ئېھتىياجىڭلار چۈشكەندە، ئۇنى چۈشىنىكسىز تاشلاپ قويماي، سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلىپ بەردى.

* * * * * * *

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ خَرَجُوا۟ مِن دِيَـٰرِهِمْ وَهُمْ أُلُوفٌ حَذَرَ ٱلْمَوْتِ فَقَالَ لَهُمُ ٱللَّهُ مُوتُوا۟
ثُمَّ أَحْيَـٰهُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى ٱلنَّاسِ وَلَـٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَشْكُرُونَ ﴿٢٤٣﴾
وَقَـٰتِلُوا۟ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٤٤﴾ مَّن ذَا ٱلَّذِى يُقْرِضُ ٱللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا
فَيُضَـٰعِفَهُۥ لَهُۥٓ أَضْعَافًا كَثِيرَةً ۚ وَٱللَّهُ يَقْبِضُ وَيَبْصُۜطُ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٢٤٥﴾

ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ اللّٰه ئۇلارنى «ئۆلۈڭلار» دېدى (ئۇلار ئۆلدى). ئاندىن كېيىن اللّٰه ئۇلارنى تىرىلدۈردى، اللّٰه ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (اللّٰه نىڭ نېئمىتىگە) شۈكۈر قىلمايدۇ﴿243﴾. اللّٰه نىڭ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، اللّٰه ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى، ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿244﴾. كىمكى اللّٰه غا قەرزىي ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى اللّٰه نىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، اللّٰه ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ. اللّٰه (سىناش ئۈچۈن، بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، (بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) كەڭ قىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) اللّٰه نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴿245﴾.

(1) بەقەرە سۈرىسى 236 ـ ئايەت.

ئۆلۈكلەرنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار داۋەردان دەپ ئاتىلىدىغان كەنتلىك كىشىلەر ئىدى. ئەلى ئىبنى ئاسىم: ئۇلار ۋاسىت دېگەن يەردىن بىر پەرسەخ[1] يىراقلىقتىكى داۋەردان كەنتىنىڭ كىشىلىرى ئىدى، ـ دېدى.

﴿**ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟**﴾ ۋەكىئ ئىبنى جاررام بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار 4000 كىشى بولۇپ، تائۇن كېسىلىدىن قېچىپ: بىز ئۆلۈم يوق بىر زېمىنغا كېتىمىز، ـ دەپ چىققان كىشىلەردۇر. ئۇلار مەلۇم بىر يەرگە كەلگەندە: ﴿**الله ئۇلارنى «ئۆلۈڭلار» دېدى)**﴾ ئۇلار ئۆلدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ قېشىدىن بىر پەيغەمبەر ئۆتۈپ، پەرۋەردىگارىغا ئۇلارنى تىرىلدۈرۈپ بېرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىۋېدى. الله ئۇلارنى تىرىلدۈرۈپ بەردى. مانا بۇ، الله تائالانىڭ: ﴿**ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر.

سەلەپ ئالىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇنداق دەپ قارىدى: ئۇ كىشىلەر ئىسرائىل ئەۋلادى دەۋرىدىكى شەھەرلىك كىشىلەر ئىدى. ئۇلار يۇرتىنىڭ ھاۋاسى بىلەن كېلىشەلمىدى، ئۇلارغا ۋابا كېسىلى تەگدى. ئاندىن ئۇلار ئۆلۈمدىن قېچىپ ناھايىتى كەڭ بىر جىلغىغا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن جىلغا ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە ئادەمگە تولۇپ كەتتى. ئاندىن الله ئۇلارغا جىلغىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن بىر پەرىشتە، تۆۋەن تەرىپىدىن بىر پەرىشتە ئەۋەتتى. ئاندىن ئۇ ئىككى پەرىشتە بىر ئاۋاز چىقىرىۋېدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئادەم ئۆلگەندەكلا ئۆلۈپ كەتتى.

ئاندىن ئۇلار ماللارنى سولايدىغان ئېغىللارغا جۇغلاندى. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاملار ۋە قەبرىلەر قوپۇرۇلدى. ئۇلار چىرىپ تېتىلىپ كەتتى. بىر زامان ئۆتكەندىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن ھەزقىل دېگەن پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ، الله تائالادىن ئۇلارنى كۆز ئالدىدا تىرىلدۈرۈپ بېرىشنى سورىدى. الله ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى: ئى چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەر! الله سىلەرنى بىر يەرگە يىغىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ـ دېيىشكە ئەمر قىلدى. ھەر بىر بەندىنىڭ سۆڭىكى ئۆزىنىڭ پارچىلىرى بىلەن جەملەندى. ئاندىن ئۇنى: ئى سۆڭەكلەر! الله سىلەرنىڭ گۆش، پەي ۋە تېرىلىرىڭلارنى قوندۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ، ـ دەپ چاقىرىشقا ئەمر قىلدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇ پەيغەمبەرنىڭ كۆز ئالدىدا ھازىر بولدى. ئاندىن: ئى جانلار! الله سىلەرنى ھەر بىر جان ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ياشاپ كەلگەن بەدىنىگە قايتىشنى بۇيرۇيدۇ، ـ دەپ چاقىرىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار (ئەتراپقا) قارىغان پېتى تىرىلىپ قوپتى. شۈبھىسىزكى، الله ئۇلارنى ئۇزۇن ئۇيقۇسىدىن كېيىن تىرىلدۈردى. ئۇلار: بىز سېنى ھەممە كەمچىلىكتىن پاك دەپ بىلىمىز، سەندىن باشقا ئىبادەتكە لايىق بىر زات يوقتۇر، ـ دېدى. ئۇلارنىڭ تىرىلىشى قىيامەت كۈنى بەندىلەرنىڭ جىسمى بىلەن تىرىلىدىغانلىقىغا ئوچۇق پاكىتتۇر.

﴿**الله ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر**﴾ يەنى ئۇلارغا چوڭ ئالامەتلەرنى ۋە كەسكىن

(1) بىر پەرسەخ تەخمىنەن 4827 مېتىرغا تەڭ.

پاكىتلارنى كۆرسىتىمىز. ﴿ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (**الله** نىڭ نېئمىتىگە) شۈكۈر قىلمايدۇ﴾ يەنى ئۇلار **الله** نىڭ ئۇلارغا بەرگەن دۇنيا ۋە ئاخىرەت نېئمەتلىرى ئۈچۈن شۈكرى قىلمايدۇ.

بۇ قىسسە (**الله**) تەقدىر قىلىۋەتكەن قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىغا ۋە ئاخىرى **الله** تائالانىڭ دەرگاھىدىن باشقا قايتىدىغان يەرنىڭ يوقلۇقىغا ئوچۇق پاكىتتۇر. چۈنكى، ئۇلار ۋابادىن قېچىپ ھاياتىمىزنى ساقلاپ قالىمىز دەپ چىققان كىشىلەر ئىدى. ئۇلارغا مەقسەت قىلىپ چىققان ئىشنىڭ ئەكسىچە، ئۆلۈم بىرلا ۋاقىتتا ناھايىتى تېز يېتىپ كەلدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ۋەقەلىكى بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھەدىسىدىن بىرنى رىۋايەت قىلدى. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر شامغا ماڭدى. ئۇ سەرەغ دەيدىغان يەرگە كەلگەندە ئۇنىڭغا (مۇسۇلمان) ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يولۇقۇپ، شامدا ۋابا كېسىلىنىڭ تارقالغانلىقىنى ئېيتتى. ئۆمەر شامغا كىرىش ياكى كىرمەسلىك توغرىسىدا ئۇلارغا مەسلىھەت سالدى. ئۇلار كىرسەك بولامدۇ ياكى كىرمىسەك بولامدۇ؟ ـ دەپ بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف بىر ئىش بىلەن بىر يەرگە كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆمەرنىڭ قېشىغا كەلدى. (ئۇ بولغان ئىشتىن خەۋەر تېپىپ) مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ توغرۇلۇق: «ئەگەر ۋابا بىر يەردە بولسا، سىلەر ئۇ يەردە بولساڭلار، ئۇنىڭدىن قېچىپ چىقىپ كەتمەڭلار، ئەگەر بىر يەردە بارلىقىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇ يەرگە كىرمەڭلەر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېدى. ئاندىن ئۆمەر **الله** تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ (ئارقىسىغا) قايتىپ كەتتى.

جىھادتىن قېچىشنىڭ ئەجەلگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**الله** نىڭ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، **الله** ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى، ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ يەنى خۇددى **الله** ئەزەلدىنلا پۈتۈۋەتكەن ئىشتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمىغاندەك، جىھادتىن قېچىش ۋە ئۇنىڭغا قاتناشماسلىق (بىر كىشىنىڭ) ئۆلىدىغان ۋاقتىنى يېقىنلاشتۇرالمايدۇ ھەم يىراقلاشتۇرالمايدۇ. بەلكى (ئۇنىڭ ئەسلىدە) پۈتۈلۈپ كەتكەن ئەجىلى ۋە يەيدىغان رىزقىدىن ھېچ نەرسە كېمىيىپ كەتمەيدۇ ۋە زىيادە بولۇپ قالمايدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(بۇ يەنە **الله** نىڭ) ئۇرۇشقا چىقىشنى خالىمىغان (مۇناپىقلارنى ئايرىشى ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئۆيلىرىدە) ئولتۇرۇپ قېرىنداشلىرىغا: «ئەگەر ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) بىزگە بويسۇنغان بولسا (يەنى نەسىھىتىمىزنى ئاڭلاپ ئۇرۇشتىن قايتقان بولسا)، ئۆلتۈرۈلمەيتتى» دېدى. (ئى مۇھەممەد! بۇ مۇناپىقلارغا) ئېيتقىنكى، «(ئەگەر ئۇرۇشقا چىقماسلىق ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىدىغان بولسا) ئۆلۈمنى ئۆزەڭلاردىن دەپئى قىلىپ بېقىڭلار، ئەگەر (دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار»﴾[1]، ﴿ئۇلار (ئۆلۈمدىن قورقۇپ): «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نېمە ئۈچۈن جىھادنى پەرز قىلدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى ئۇزاققا قالماي كېلىدىغان ئەجەلگىچە تەخىر قىلمىدىڭ؟ (يەنى ئەجىلىمىز يەتكۈچە تەخىر قىلساڭ، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلمىسەك بولماسمىدى؟)» دېدى. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «دۇنيانىڭ مەنپەئىتى ئازدۇر (يەنى دۇنيانىڭ نېئمىتى پانىيدۇر)، (**الله** دىن) قورققان (ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتقانلار) ئۈچۈن ئاخىرەت

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 168 ـ ئايەت.

ياخشىدۇر، سىلەرگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلىنمايدۇ(يەنى قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)». قەيەردە بولماڭلار (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ﴾[1].

مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى ۋە ئۇلارنىڭ يول باشلىغۇچىسى، ئىسلامنىڭ قوغدىغۇچىسى، الله تائالانىڭ دۈشمەنلىرىگە يالىڭاچلانغان قىلىچى دەپ نام ئالغان خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات تېپىش ئالدىدا: «مەن پالانى، پوكۇنى يەردە (ئۇرۇشقا) قاتناشتىم. مېنىڭ بەدىنىمدە ئوقيا تەگمىگەن، (پىچاق ياكى نەيزە) سانجىلمىغان ۋە (قىلىچ) ئۇرۇلمىغان بىرەر ئەزا يوق. ئەمدى مەن ئېشەك ئۆلگەندەك يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم. قورقۇنچاقلارنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇغا بارمىدى» دەيدۇ. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قوماندانلىق قىلىپ ئېلىپ بارغان شۇنچە كۆپ جىھادتا ئۆلمەي، ئۆز ئەجىلى بىلەن تۆشەكتە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ شۇنداق دېگەنىدى.

خۇشاللىق بىلەن الله نىڭ يولىدا مال - مۈلكىنى سەرپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ ساۋابى توغرىسىدا

﴿كىمكى الله غا قەرزىي ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى الله نىڭ يولىدا پۇل - مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ﴾ يەنى الله بەندىلىرىنى ئۆزىنىڭ يولىدا مال - مۈلكىنى سەرپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. (كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغاندا، الله تائالانىڭ بىرىنچى ئاسمانغا چۈشىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن) ھەدىستە الله تائالانىڭ: «مال-مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋەتمەي ۋە بېخىللىق قىلىش بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلماستىن خۇشاللىق بىلەن كىم قەرز بېرىدۇ؟» دەيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. الله بۇ ئايەتنى قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە يەردە تەكرارلاپ كەلدى.

﴿الله ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ﴾ الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ يولىدا پۇل - مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ[2]. الله خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. الله نىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر (الله مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر)﴾[3].

﴿الله (سىناش ئۈچۈن، بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، (بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) كەڭ قىلىدۇ﴾ يەنى، سىلەر (الله نىڭ يولىدا) مال - مۈلكۈڭلارنى سەرپ قىلىڭلار، سىلەر ماللىرىڭلارنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىن قورقماڭلار، الله رىزىق بەرگۈچى زاتتۇر. ئۇ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ، خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ. بۇنداق بولۇشىدا الله نىڭ بىر كاتتا ھېكمىتى بار. **﴿(قىيامەت كۈنى) الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾**.

(1) نىسا سۈرىسى 77 ــــ 78 - ئايەتلەر.
(2) بۇ الله ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان پۇل - مالنىڭ ساۋابىنىڭ ھەسسىلەپ كۆپ بولىدىغانلىقىغا مىسال بولالايدۇ.
(3) بەقەرە سۈرىسى 261 - ئايەت.

****

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلْمَلَإِ مِنۢ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ مِنۢ بَعْدِ مُوسَىٰٓ إِذْ قَالُوا۟ لِنَبِىٍّ لَّهُمُ ٱبْعَثْ لَنَا مَلِكًا نُّقَٰتِلْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ۖ قَالَ هَلْ عَسَيْتُمْ إِن كُتِبَ عَلَيْكُمُ ٱلْقِتَالُ أَلَّا تُقَٰتِلُوا۟ ۖ قَالُوا۟ وَمَا لَنَآ أَلَّا نُقَٰتِلَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَقَدْ أُخْرِجْنَا مِن دِيَٰرِنَا وَأَبْنَآئِنَا ۖ فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيْهِمُ ٱلْقِتَالُ تَوَلَّوْا۟ إِلَّا قَلِيلًا مِّنْهُمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢٤٦﴾

ساڭا مۇسا (ۋاپاتى) دىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بىر جامائەنىڭ خەۋىرى يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە: «بىزگە پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن، (ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەرگە قارشى) الله نىڭ يولىدا جىهاد قىلايلى» دېيىشتى. پەيغەمبەر: «سىلەرگە جىهاد پەرز قىلىنسا جىهاد قىلماي قالارسىلەرمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق قانداقمۇ الله نىڭ يولىدا جىهاد قىلمايلى؟» دېدى. ئۇلارغا جىهاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسى جىهادتىن باش تارتتى. الله زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر﴿246﴾.

يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھلىقنى ۋە ئۇرۇش قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقى توغرىسىدا

ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھ ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: ئىسرائىل ئەۋلادلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بىر زامانغىچە توغرا يولدا ماڭغان ئىدى. ئاندىن ئۇلار بەزى يامان ئىشلارنى قىلدى. بەزىلىرى بۇتقا چوقۇندى، ئۇلار بۇ ئىشلارنى قىلغۇچە، ئۇلارغا ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان، يامانلىقتىن توسىدىغان ۋە ئۇلارنى تەۋراتنىڭ يولىغا باشلايدىغان پەيغەمبەرلەر كېلىپ تۇراتتى. ئۇلار شۇ يامان ئىشلارنى قىلغاندىن كېيىن، الله تائالا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ھۆكۈمران قىلىپ قويدى. ئۇلار يەھۇدىيلاردىن نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇنلىرىنى ئەسىرگە ئالدى، بىر نەچچە شەھەرلىرىنى تارتىۋالدى. ئۇلارنى (يەھۇدىيلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى يەھۇدىيلاردىن) بىر كىشىمۇ يېڭەلمىدى.

ئۇنداق بولۇشى يەھۇدىيلارنىڭ قېشىدا تەۋرات ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىن تارتىپ كېيىنكىلەرگە مىراس قىلىنىپ كەلگەن بىر ساندۇق بار ئىدى. ئۇلار ئازغۇنلۇققا چۆكۈپ كەتتى. ئاندىن بىر دۈشمەن پادىشاھ بىر ئۇرۇشتا ئۇ ساندۇقنى ۋە تەۋراتنى ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن تارتىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت تەۋراتنى يادقا بىلىدىغان ئازغىنا كىشىلەرلا قالدى. ئۇلارنىڭ نەسلىدىن پەيغەمبەرلىك توختاپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر چىقىدىغان لاۋى نەسلىدىن (ئۆلتۈرۈلگەن ئېرىدىن) قورساق كۆتۈرگەن بىرلا ئايال قالدى. ئاندىن يەھۇدىيلار: الله بۇ ئايالدىن پەيغەمبەر بولىدىغان بالىدىن بىرنى بېرىپ قالارمىكىن، ـ دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۇ ئايالنى بىر ئۆيدە ساقلىدى. ئۇ ئايال الله تائالانىڭ ئۆزىگە بىر ئوغۇل بېرىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى. الله ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل بەردى. ئاندىن ئۇ ئايال ئۇنىڭغا شەمۇيىل دەپ ئىسىم قويدى. بۇ ئىسىمنىڭ مەنىسى: "الله مېنىڭ دۇئايىمنى ئىجابەت قىلدى" دېگەنلىك بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى شەمئۇن دەپمۇ ئاتىدى. ئۇ ئوغۇل ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ چوڭ بولدى. ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر بولىدىغان ياشقا يەتكەندە، الله ئۇنىڭغا ۋەھيي قىلىپ، كىشىلەرنى "الله بىر" دەپ بىلىش ئەقىدىسىگە چاقىرىشقا بۇيرۇدى. ئۇ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى

(شۇ ئەقىدىگە) چاقىردى. يەھۇدىيلار ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان بىر پادىشاھنى تۇرغۇزۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پادىشاھمۇ يوقالغان ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر يەھۇدىيلارغا: الله سىلەرگە بىر پادىشاھنى تۇرغۇزۇپ بەرسە، ئۇنىڭ بىلەن (دۈشمەنگە قارشى) ئۇرۇش قىلماي قالارسىلەرمىكىن، ـ دېدى. ﴿ئۇلار: «يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق قانداقمۇ الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلمايلى؟» دېدى﴾ يەنى بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزنى تارتىۋالدى ۋە بالا ـ چاقىلىرىمىزنى ئەسىرگە ئالدى، ـ دېدى.

﴿ئۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسى جىھادتىن باش تارتتى. الله زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىدى. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى جىھاد قىلىشتىن باش تارتتى، الله ئۇلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

مۇجاھىد: ئۇ شەمئۇيىل ئەلەيھىسسالامدۇر، ـ دېدى.

****

وَقَالَ لَهُمْ نَبِيُّهُمْ إِنَّ ٱللَّهَ قَدْ بَعَثَ لَكُمْ طَالُوتَ مَلِكًاۚ قَالُوٓاْ أَنَّىٰ يَكُونُ لَهُ ٱلْمُلْكُ عَلَيْنَا وَنَحْنُ أَحَقُّ بِٱلْمُلْكِ مِنْهُ وَلَمْ يُؤْتَ سَعَةً مِّنَ ٱلْمَالِۚ قَالَ إِنَّ ٱللَّهَ ٱصْطَفَىٰهُ عَلَيْكُمْ وَزَادَهُۥ بَسْطَةً فِى ٱلْعِلْمِ وَٱلْجِسْمِۖ وَٱللَّهُ يُؤْتِى مُلْكَهُۥ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٤٧﴾

پەيغەمبىرى ئۇلارغا: «الله ھەقىقەتەن سىلەرگە تالۇتنى پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتتى» دېدى. ئۇلار (پەيغەمبىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ): «ئۇ قانداقمۇ بىزگە پادىشاھ بولىدۇ. (ئارىمىزدا پادىشاھ ئەۋلاتلىرى بولغانلىقتىن) پادىشاھلىققا بىز ئۇنىڭدىن ھەقلىقمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى كۆپ بولمىغان تۇرسا» دېدى. پەيغەمبەر: «الله ھەقىقەتەن سىلەرگە (پادىشاھ قىلىشقا) ئۇنى ئىختىيار قىلدى، ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە ۋە بەدىنىنى قابىل قىلدى، الله سەلتەنەتنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ. الله (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (ئۇنىڭغا كىمنىڭ لايىق بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ» دېدى﴿247﴾.

يەنى يەھۇدىيلار پەيغەمبىرىدىن ئۆزلىرىگە بىر پادىشاھ تىكلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ (پەيغەمبەر) ئۇلارغا تالۇتنى (پادىشاھ قىلىپ) تىكلەپ بەردى. تالۇت ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر كىشى بولۇپ، پادىشاھ جەمەتىدىن ئەمەس ئىدى. ئەسلى پادىشاھ يەھۇزا جەمەتىدىن بولاتتى. شۇڭا ئۇلار پەيغەمبىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار (پەيغەمبىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ): «ئۇ قانداقمۇ بىزگە پادىشاھ بولىدۇ. (ئارىمىزدا پادىشاھ ئەۋلاتلىرى بولغانلىقتىن) پادىشاھلىققا بىز ئۇنىڭدىن ھەقلىقمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى كۆپ بولمىغان تۇرسا»﴾ يەنى پادىشاھنىڭ مال ـ مۈلكى يوق، بىر كەمبەغەل تۇرسا، بەزى ئالىملار ئۇنى (كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە سۇ توشۇيدىغان) سۇچى ئىدى، ـ دېدى.

ۋە بەزىلەر: ئۇ (تېرە ئاشلايدىغان) كىشى ئىدى، ـ دېدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىققانلىقى ۋە ئۇنىڭ سۆزىگە كىرمىگەنلىكىدۇر. ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى لازىم ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿«الله ھەقىقەتەن سىلەرگە (پادىشاھ قىلىشقا) ئۇنى ئىختىيار قىلدى﴾ يەنى (الله) تالۇتنى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق سىلەرگە تاللىدى.

الله ئۇنى سىلەردىن ياخشىراق بىلگۈچىدۇر. مەن پادىشاھنى ئۆز خاھىشىم بويىچە تۇرغۇزمىدىم. بەلكى سىلەر مەندىن بىر پادىشاھنى تەلەپ قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، الله مېنى ئۇنى پادىشاھ قىلىشقا بۇيرۇدى.

﴿**ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە ۋە بەدىنىنى قاۋۇل قىلدى**﴾ يەنى شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ سىلەردىن بىلىملىك، قەددى ـ قامەتلىك، ئۇرۇشتا سىلەردىن چىداملىق ۋە ئۇرۇش تاكتىكىسىغا سىلەردىنمۇ پىششىق بىرىدۇر. بۇ ئايەتتىن پادىشاھ بولماقچى بولغان كىشىنىڭ بىلىملىك، قەددى ـ قامەتلىك، ئىرادىلىك ۋە كۈچلۈك بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكى چىقىدۇ.

﴿**الله سەلتەنەتنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ**﴾ يەنى الله تائالا خالىغاننى قىلىدىغان، بىلىملىك، (ھەممە ئىشنى) ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى ۋە ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا مېھرى ـ شەپقەتلىك زات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىلغان ئىشىدىن سوراق قىلىنمايدۇ.

﴿**الله (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (ئۇنىڭغا كىمنىڭ لايىق بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ» دېدى**﴾ يەنى ئۇنىڭ مەرھەمىتى كەڭرى زاتتۇر. ئۇ خالىغان كىشىنى ئۆزىنىڭ رەھمىتىگە خاس قىلىدۇ. پادىشاھلىققا لايىق كىشىنى ۋە لايىق ئەمەس كىشىنى بىلىدۇ.

* * * * * * *

وَقَالَ لَهُمْ نَبِيُّهُمْ إِنَّ ءَايَةَ مُلْكِهِۦٓ أَن يَأْتِيَكُمُ ٱلتَّابُوتُ فِيهِ سَكِينَةٌ مِّن رَّبِّكُمْ وَبَقِيَّةٌ مِّمَّا تَرَكَ ءَالُ مُوسَىٰ وَءَالُ هَـٰرُونَ تَحْمِلُهُ ٱلْمَلَـٰٓئِكَةُ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَـَٔايَةً لَّكُمْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٢٤٨﴾

ئۇلارغا پەيغەمبىرى ئېيتتىكى، «ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، سىلەرگە بىر ساندۇق كېلىدۇ، ئۇنىڭدا رەببىڭلار سىلەرنى تەسكىن تاپقۇزىدىغان نەرسە ۋە مۇسانىڭ، ھارۇننىڭ تەۋەلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر (يەنى مۇسانىڭ ھاسىسى، كىيىمى ۋە تەۋرات يېزىلغان بەزى تاختىلار) قاچىلانغان بولىدۇ، ئۇنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئەگەر (الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان) بولساڭلار، بۇنىڭدا (يەنى تابۇتنىڭ نازىل بولۇشىدا الله نىڭ تالۇتنى سىلەرگە پادىشاھلىققا تاللىغانلىقىغا) ئەلۋەتتە سىلەر ئۈچۈن (روشەن) ئالامەت بار» ﴿248﴾.

يەھۇدىيلارغا پەيغەمبىرى مۇنداق دېدى: تالۇتنىڭ سىلەرگە پادىشاھ بولۇشىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالامىتى شۇكى، الله تائالا سىلەردىن تارتىۋېلىنغان ساندۇقنى قايتا كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. ﴿**ئۇلارغا پەيغەمبىرى ئېيتتىكى، «ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، سىلەرگە بىر ساندۇق كېلىدۇ، ئۇنىڭدا رەببىڭلار سىلەرنى تەسكىن تاپقۇزىدىغان نەرسە قاچىلانغان بولىدۇ**﴾ يەنى (ئۇنىڭدا) كاتتىلىق ۋە رەھمەت باردۇر.

﴿**ۋە مۇسانىڭ، ھارۇننىڭ تەۋەلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر (يەنى مۇسانىڭ ھاسىسى، كىيىمى ۋە تەۋرات يېزىلغان بەزى تاختىلار) قاچىلانغان بولىدۇ**﴾ ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ساندۇقتا مۇسانىڭ ھاسىسى ۋە (تەۋرات) تاختىلىرىنىڭ پارچىلىرى بار ئىدى.

قەتادە سۇددى، رەبىئ ئىبنى ئەنەس، ۋە ئىكرىمە قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش بايان قىلدى (لېكىن ئۇلار: ئۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە تەۋراتمۇ، بار ئىدى دەپ قوشۇپ قويدى).

ئابدۇررازاق مۇنداق دەيدۇ: مەن سەۋرىدىن الله تائالانىڭ: ﴿ۋە مۇسانىڭ، ھارۇننىڭ تەۋەلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر (يەنى مۇسانىڭ ھاسىسى، كىيىمى ۋە تەۋرات يېزىلغان بەزى تاختىلار) قاچىلانغان بولىدۇ﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورىدىم. سەۋرى: بەزى ئالىملار: ئۇنىڭ ئىچىدە مەلۇم مىقداردا تەرەنجىبىن ۋە (تەۋرات) تاختىسىنىڭ پارچىلىرى بار ئىدى دېسە؛ يەنە بەزىلىرى: ئۇنىڭ ئىچىدە ھاسا بىلەن ئىككى دانە كەش بار ئىدى دەيدۇ، ـ دېدى.

﴿ئۇنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ كېلىدۇ﴾ ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەرىشتىلەر ساندۇقنى ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىدا كۆتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا تالۇتنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاندىن يەھۇدىيلار شەمئۇيىلنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەندى ۋە تالۇتقا بويسۇندى.

﴿ئەگەر (الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان) بولساڭلار، بۇنىڭدا (يەنى تابۇتنىڭ نازىل بولۇشىدا الله نىڭ تالۇتنى سىلەرگە پادىشاھلىققا تاللىغانلىقىغا) ئەلۋەتتە سىلەر ئۈچۈن (روشەن) ئالامەت بار﴾ يەنى ئەگەر (الله تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان) بولساڭلار، سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلىكىمدە ۋە سىلەرنى تالۇتقا بويسۇنۇشقا بۇيرۇغان سۆزلىرىمدە مېنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىمگە ئالامەتلەر بار.

****

فَلَمَّا فَصَلَ طَالُوتُ بِٱلۡجُنُودِ قَالَ إِنَّ ٱللَّهَ مُبۡتَلِيكُم بِنَهَرٖ فَمَن شَرِبَ مِنۡهُ فَلَيۡسَ مِنِّي وَمَن لَّمۡ يَطۡعَمۡهُ فَإِنَّهُۥ مِنِّيٓ إِلَّا مَنِ ٱغۡتَرَفَ غُرۡفَةَۢ بِيَدِهِۦۚ فَشَرِبُواْ مِنۡهُ إِلَّا قَلِيلٗا مِّنۡهُمۡۚ فَلَمَّا جَاوَزَهُۥ هُوَ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ قَالُواْ لَا طَاقَةَ لَنَا ٱلۡيَوۡمَ بِجَالُوتَ وَجُنُودِهِۦۚ قَالَ ٱلَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلَٰقُواْ ٱللَّهِ كَم مِّن فِئَةٖ قَلِيلَةٍ غَلَبَتۡ فِئَةٗ كَثِيرَةَۢ بِإِذۡنِ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ مَعَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿٢٤٩﴾

تالۇت ئەسكەرلىرى بىلەن (بەيتۇلمۇقەددەستىن) ئايرىلغان چاغدا: «الله سىلەرنى بىر دەريا بىلەن سىنايدۇ، كىمكى ئۇنىڭدىن ئىچىدىكەن، ئۇ ماڭا تەۋە ئەمەس، كىمكى دەريا سۈيىنى تېتىمايدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا تەۋەدۇر، ئۇنىڭدىن (ئۇسسۇزلۇقنى بىرئاز بېسىش ئۈچۈن) ئىچكەن ئادەم (بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان بولمايدۇ)» دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئازغىنا كىشىدىن باشقا ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئىچتى. تالۇت ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر دەريادىن ئۆتكەن چاغدا (دۈشمەننىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ قورقۇنچقا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى): «بۈگۈن بىز جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تاقەت كەلتۈرەلمەيمىز» دېدى. (تالۇتنىڭ تەۋەلىرىدىن) الله غا مۇلاقات بولۇشقا ئېتىقاد قىلىدىغانلار: «الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ» دېدى. الله چىداملىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر﴿249﴾.

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ پادىشاھى تالۇتنىڭ ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن چىققانلىقى

ۋە ئەسكەرلەردىن كىملەرنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىدۇ. سۇددىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا كۆرە، تالۇتنىڭ شۇ كۈنلەردىكى ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 80 مىڭ كىشى ئىدى. تالۇت ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ﴿**الله سىلەرنى بىر دەريا بىلەن سىنايدۇ**﴾.

ئىبنى ئاببباس ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇ دەريا ئىئوردانىيە بىلەن پەلەستىننىڭ ئارىلىقىدىكى دەريادۇر.

﴿**كىمكى ئۇنىڭدىن ئىچىدىكەن، ئۇ ماڭا تەۋە ئەمەس**﴾ يەنى بۇ يولدا ماڭا بۈگۈن ھەمراھ بولمىسۇن. ﴿**كىمكى دەريا سۈيىنى تېتىمايدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا تەۋەدۇر، ئۇنىڭدىن (ئۇسسۇزلۇقنى بىرئاز بېسىش ئۈچۈن) ئىچكەن ئادەم (بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان بولمايدۇ)» دېدى**﴾ يەنى ئۇنىڭغا ھېچقانداق گۇناھ يوق.

﴿**ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئازغىنا كىشىدىن باشقا ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئىچتى**﴾ ئىبنى جۇرەيج بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (ئېغىزنى نەملەش ئۈچۈن) دەريانىڭ سۈيىدىن قولى بىلەن (ئازراق) ئالغانلار ئۇسسۇزلۇققا قاندى. سۇغا ئېغىزنى چۆكۈرۈپ ئىچكەنلەر قانمىدى.

ئىبنى جەرىر بەرا ئىبنى ئازىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز مۇنداق دېيىشتۇق: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈندە 310 نەچچە ئادەم ئىدى. تالۇت بىلەن دەريادىن ئۆتكەنلەرنىڭ سانىمۇ شۇنچىلىك ئىكەن. مۆمىنلەرلا ئۇنىڭ بىلەن دەريادىن ئۆتۈپتىكەن.

﴿**تالۇت ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر دەريادىن ئۆتكەن چاغدا (دۈشمەننىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ قورقۇنچقا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى): «بۈگۈن بىز جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تاقەت كەلتۈرەلمەيمىز» دېدى**﴾ يەنى تالۇت بىلەن دەريادىن ئۆتكەنلەر دۈشمەننىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ (ئۇلار بىلەن سوقۇشۇشقا) ئۆزلىرىنىڭ سانىنى ئاز كۆردى. ئاندىن الله تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەقلىقىنى، ياردىمىنىڭ الله تەرىپىدىن كېلىدىغانلىقىنى، غەلىبىنىڭ ھەرگىزمۇ ئەسكەر سانىنىڭ كۆپلۈكى ۋە (ئۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان) قوراللارنىڭ خىللىقى بىلەن بولمايدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئالىملار ئۇلارنى (دۈشمەنگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىشقا) رىغبەتلەندۈردى. شۇڭا ئۇلار: ﴿**«الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ» دېدى. الله چىدامىلىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر**﴾.

****

وَلَمَّا بَرَزُواْ لِجَالُوتَ وَجُنُودِهِۦ قَالُواْ رَبَّنَآ أَفۡرِغۡ عَلَيۡنَا صَبۡرٗا وَثَبِّتۡ أَقۡدَامَنَا
وَٱنصُرۡنَا عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٢٥٠﴾ فَهَزَمُوهُم بِإِذۡنِ ٱللَّهِ وَقَتَلَ دَاوُۥدُ جَالُوتَ
وَءَاتَىٰهُ ٱللَّهُ ٱلۡمُلۡكَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَعَلَّمَهُۥ مِمَّا يَشَآءُۗ وَلَوۡلَا دَفۡعُ ٱللَّهِ ٱلنَّاسَ بَعۡضَهُم
بِبَعۡضٖ لَّفَسَدَتِ ٱلۡأَرۡضُ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ ذُو فَضۡلٍ عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٢٥١﴾ تِلۡكَ
ءَايَٰتُ ٱللَّهِ نَتۡلُوهَا عَلَيۡكَ بِٱلۡحَقِّۚ وَإِنَّكَ لَمِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿٢٥٢﴾

ئۇلار جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا: «پەرۋەردىگارىمىز! قەلبىمىزنى چىداملىقلىق بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېدى﴿250﴾. مۆمىنلەر الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلدى، داۋۇد جالۇتنى ئۆلتۈردى. الله داۋۇدقا سەلتەنەتنى، ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرلىكنى) بەردى. ئۇنىڭغا خالىغان نەرسىلىرىنى (يەنى پايدىلىق ئىلىملەرنى) بىلدۈردى. الله ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن الله (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴿251﴾. بۇ الله نىڭ ئايەتلىرىدۇركى، ئۇنى بىز ساڭا توغرا رەۋىشتە ئوقۇپ بېرىمىز. (ئى مۇھەممەد!) سەن ئەلۋەتتە (الله نىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن) پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىسەن﴿252﴾.

تالۇتنىڭ ئاز ساندىكى ئىمانى كۈچلۈك ئادەملىرى ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان جالۇتنىڭ كۆپ ئادەملىرى بىلەن يۈزمۇ يۈز ئۇچراشقاندا مۇنداق دېدى: ﴿**پەرۋەردىگارىمىز! قەلبىمىزنى چىداملىقلىق بىلەن تولدۇرغىن**﴾ يەنى سېنىڭ تەرىپىڭدىن بىزگە سەۋر قىلىشنى چۈشۈرگىن، ﴿**قەدەملىرىمىزنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلغىن**﴾ يەنى دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، سەن بىزنى قېچىشتىن ۋە ئاجىز كېلىپ قېلىشىمىزدىن يىراق قىلغىن، ﴿**كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن**﴾ دېدى.

﴿**مۆمىنلەر الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلدى**﴾ ئۇلار الله تائالانىڭ ئۇلارغا ياردەم ئاتا قىلىشى بىلەن (دۈشمەنلىرىنىڭ) ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

﴿**داۋۇد جالۇتنى ئۆلتۈردى**﴾ ئىسرائىللىكلەرنىڭ قىسسىلىرىدە: داۋۇد جالۇتنى قولىدىكى سالغا بىلەن (تاش) ئېتىپ ئۆلتۈردى، دېيىلگەن. تالۇت ئەگەر داۋۇد جالۇتنى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قىزىنى ياتلىق قىلىپ قويىدىغانلىقىنى، مال ـ مۈلكىنىڭ يېرىمىنى بۆلۈپ بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئىشىغا شېرىك قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى. ئاندىن الله تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىكنى بەردى، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا يۆتكەلدى. شۇڭا الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله داۋۇدقا سەلتەنەتنى بەردى**﴾ يەنى تالۇتنىڭ پادىشاھلىقىنى داۋۇدقا بەردى.

﴿**ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرلىكنى) بەردى**﴾ يەنى پەيغەمبەرلىكنى شەمۇئىلدىن كېيىن داۋۇدقا بەردى. ﴿**ئۇنىڭغا خالىغان نەرسىلىرىنى (يەنى پايدىلىق ئىلىملەرنى) بىلدۈردى**﴾ يەنى الله ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە خالىغان بىلىمنى خاس قىلىدۇ.

﴿**الله ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)**﴾ يەنى الله ئىسرائىل ئەۋلادىنى تالۇتنىڭ ئۇرۇشى ۋە داۋۇدنىڭ باتۇرلۇق كۆرسىتىشى بىلەن قوغدىمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەن ھالاك بولاتتى. شۇنىڭغا ئوخشاش، الله بەزى كىشىلەرنى بەزىسى بىلەن قوغدىمايدىغان بولسا، دۇنيا خارابلىققا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر الله ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە الله نىڭ نامى

كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى﴾[1].

﴿لېكىن اللە (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴾ يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسى بىلەن بەزىسىنى قوغدىغانلىقى اللە نىڭ (ئۇلارغا قىلغان) نېئمىتى ۋە رەھمىتىدۇر. ﴿بۇ اللە نىڭ ئايەتلىرىدۇركى، ئۇنى بىز ساڭا توغرا رەۋىشتە ئوقۇپ بېرىمىز. (ئى مۇھەممەد!) سەن ئەلۋەتتە (اللە نىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن) پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىسەن﴾ يەنى بۇ ھەقىقەت ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قولىدىكى كىتابلىرىدا يېزىلغان ۋە ئۇلار ئۇنى ئېنىق بىلىدىغان ھەقىقەتتۇر.

****

﴿ تِلْكَ ٱلرُّسُلُ فَضَّلْنَا بَعْضَهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ ۘ مِّنْهُم مَّن كَلَّمَ ٱللَّهُ ۖ وَرَفَعَ بَعْضَهُمْ دَرَجَـٰتٍ ۚ وَءَاتَيْنَا عِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ ٱلْبَيِّنَـٰتِ وَأَيَّدْنَـٰهُ بِرُوحِ ٱلْقُدُسِ ۗ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَا ٱقْتَتَلَ ٱلَّذِينَ مِنۢ بَعْدِهِم مِّنۢ بَعْدِ مَا جَآءَتْهُمُ ٱلْبَيِّنَـٰتُ وَلَـٰكِنِ ٱخْتَلَفُوا۟ فَمِنْهُم مَّنْ ءَامَنَ وَمِنْهُم مَّن كَفَرَ ۚ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَا ٱقْتَتَلُوا۟ وَلَـٰكِنَّ ٱللَّهَ يَفْعَلُ مَا يُرِيدُ ﴿٢٥٣﴾

ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق؛ اللە ئۇلارنىڭ بەزىسى (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام) بىلەن سۆزلەشتى ۋە بەزىسىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. مەريەم ئوغلى ئىساغا (ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش، گاچىلارنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتىشقا ئوخشاش) روشەن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق. ئۇنى روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) بىلەن كۈچلەندۈردۇق. ئەگەر اللە خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئۈممەتلەر ئۇلارغا روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۆز ئارا ئۇرۇشماس ئىدى، لېكىن ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى، بەزىسى ئىمان ئېيتتى، بەزىسى كاپىر بولدى. ئەگەر اللە خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئۆز ئارا ئۇرۇشماس ئىدى، لېكىن اللە خالىغىنىنى قىلىدۇ﴿253﴾.

بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىدىن ئارتۇق قىلىنغانلىقى

اللە بەزى پەيغەمبەرلەرنى بەزىسىدىن ئارتۇق قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، داۋۇتقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق﴾[2].

﴿ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق؛ اللە ئۇلارنىڭ بەزىسى (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام) بىلەن سۆزلەشتى﴾ يەنى بۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. شۇنىڭدەك ھەدىستە رىۋايەت قىلىنغانغا ئاساسەن ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر.

﴿ۋە بەزىسىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى﴾ مۇھەممەد

(1) ھەج سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىسرا سۈرىسى 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەلەيھىسسالامنىڭ **الله** تائالانىڭ دەرگاھىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ دەرىجىلىرىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرگەنلىكى، **الله** تائالانىڭ ئۆز قۇدرىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن پەلەستىندىكى مەسچىتى ئەقساغا ئېلىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ۋەقەلىك بايان قىلىنغان ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىپ كەلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى بىر يەھۇدىي بىلەن تىللىشىپ قالدى. يەھۇدىي قەسەم ئىچىپ: ياق مۇسانى ئالەملەرگە تاللىغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەن، ـ دېدى. مۇسۇلمان يەھۇدىينىڭ يۈزىگە بىر كاچات سېلىپ: ھەي نىجىس! مۇسا ئەلەيھىسسالامنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىنمۇ ئۈستۈن كۆرەمسەن؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىي مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەر مېنى (باشقا) پەيغەمبەرلەردىن ئارتۇق بىلمەڭلار. كىشىلەر قىيامەت كۈنى ھوشسىزلىنىپ كېتىدۇ. ئاندىن مەن بىرىنچى بولۇپ ھوشۇمغا كەلگەن كىشى بولىمەن ۋە مۇسانى ئەرشنىڭ پۇتىنى چىڭ تۇتۇۋالغان ھالەتتە كۆرىمەن. ئۇ مەندىن بۇرۇن ھوشىغا كەلدىمۇ ياكى ئۇ تۇر تېغىدا ھوشىدىن كەتكەنلىكى ئۈچۈن (مۇكاپات بېرىلىپ)، بۇ قېتىم ھوشىدىن كەتمىدىمۇ بىلمىدىم. مېنى (باشقا) پەيغەمبەرلەردىن ئارتۇق بىلمەڭلار».

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېگەن: «سىلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىنى بىرىدىن ئارتۇق كۆرمەڭلار!» ئەگەر: يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى قانداق بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىمىز؟ ـ دېگەن سوئال تۇغۇلۇپ قالسا، ئۇنىڭ جاۋابى تۆۋەندىكىچە: بۇ يەردە بىر ئادەم يەنە بىر ئادەم بىلەن ئاچچىقلىشىپ قالغاندا، ئۇنى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى باشقا پەيغەمبەرلەردىن) ئارتۇق دەپ بىلىشتىن توسۇش كېرەك. پەيغەمبەرلەرنىڭ پەرقلەندۈرۈلۈشى بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس، بەلكى **الله** نىڭ ئىشىدۇر. بىز ئۇ ھۆكۈمگە بويسۇنۇشىمىز ۋە ئىشىنىشىمىز لازىم.

﴿مەريەم ئوغلى ئىساغا (ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش، گاچىلارنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتىشقا ئوخشاش) روشەن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق﴾ يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ **الله** نىڭ بەندىسى ۋە ئۇلارغا (ئەۋەتىلگەن) پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان كەسكىن دەلىل ـ پاكىتلارنى (ئىساغا) بەردۇق.

﴿ئۇنى روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) بىلەن كۈچلەندۈردۇق﴾ يەنى **الله** ئۇنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن كۈچلەندۈردى. ئاندىن مۇنداق دېدى: **﴿ئەگەر الله خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئۇممەتلەر ئۇلارغا روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۆز ئارا ئۇرۇشماس ئىدى، لېكىن ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى، بەزىسى ئىمان ئېيتتى، بەزىسى كاپىر بولدى. ئەگەر الله خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇشماس ئىدى﴾** يەنى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى **الله** نىڭ پۈتۈۋېتىشى بىلەن بولغان. شۇڭا **الله** مۇنداق دەيدۇ: **﴿لېكىن الله خالىغىنىنى قىلىدۇ﴾**.

****

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَنفِقُواْ مِمَّا رَزَقۡنَٰكُم مِّن قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَ يَوۡمٞ لَّا بَيۡعٞ فِيهِ وَلَا خُلَّةٞ وَلَا شَفَٰعَةٞۗ وَٱلۡكَٰفِرُونَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٢٥٤﴾

ئى مۆمىنلەر! سودا ـ سېتىق، دوستلۇق ۋە (الله نىڭ ئىزنىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار. كۇفرانى نېئمەت قىلغۇچىلار (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر﴿254﴾.

بەندىلەرنىڭ الله ئاتا قىلغان مال ـ مۈلكىنىڭ ساۋابىنى پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا كۆرۈشى ئۈچۈن، الله ئۇلارنى هاياتلىقىدا مال ـ مۈلكىنى ياخشى يوللارغا كېچىكتۈرمەي سەرپ قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئى مۆمىنلەر! سودا ـ سېتىق، دوستلۇق ۋە (الله نىڭ ئىزنىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار﴾** يەنى قىيامەت كۈنىدە بىر كىشى ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر كىشىنى سېتىۋالالمايدۇ. زېمىن توشقۇچە ئالتۇن بېرىپمۇ (ئۆزىنى ئازابتىن) قۇتۇلدۇرالمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر كىشىنىڭ دوستلۇقىمۇ پايدا قىلمايدۇ. مەيلى ئۇ قانداق بىر چوڭ كىشىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىدىن بولسىمۇ، ئۇنىڭ نەسەبى ئۇنىڭغا هېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ﴾[1].

﴿ۋە (الله نىڭ ئىزنىسىز) شاپائەت بولمايدىغان﴾ يەنى ئۇلارغا شاپائەت قىلماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ شاپائىتى پايدا قىلمايدۇ. **﴿كۇفرانى نېئمەت قىلغۇچىلار (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر﴾** يەنى شۇ كۈنى الله تائالاغا كاپىر هالەتتە ئۇچراشقان كىشىدىنمۇ گۇمراھ كىشى يوق.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەتا ئىبنى دىينارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلار كۇفرانى نېئمەت قىلغۇچىلاردۇر. يەنى: زالىملار كاپىر بولغۇچىدۇر، ـ دېمەي: **﴿كۇفرانى نېئمەت قىلغۇچىلار (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر﴾** دېگەن الله تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا بولسۇن[2].

* * * * * * *

ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡحَيُّ ٱلۡقَيُّومُۚ لَا تَأۡخُذُهُۥ سِنَةٞ وَلَا نَوۡمٞۚ لَّهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ مَن ذَا ٱلَّذِي
يَشۡفَعُ عِندَهُۥٓ إِلَّا بِإِذۡنِهِۦۚ يَعۡلَمُ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُمۡۖ وَلَا يُحِيطُونَ بِشَيۡءٖ مِّنۡ عِلۡمِهِۦٓ إِلَّا بِمَا شَآءَۚ
وَسِعَ كُرۡسِيُّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَۖ وَلَا يَـُٔودُهُۥ حِفۡظُهُمَاۚ وَهُوَ ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡعَظِيمُ ﴿٢٥٥﴾

بىر الله دىن باشقا هېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ الله ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە الله نىڭ (مۈلكى) دۇر؛ الله نىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ الله نىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ الله ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار الله نىڭ مەلۇماتىدىن (الله) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن

(1) مۆمىنۇن سۈرىسى 101 ـ ئايەت.
(2) ئەگەر زالىملار كاپىر بولغۇچىدۇر دېيىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا ھەر قانداق كىچىككىنە زۇلۇم قىلغان مۇسۇلمانمۇ كاپىر بولۇپ كېتىدۇ.

(يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، الله نىڭ كۇرسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر﴿255﴾.

ئايەتۇلكۇرسىنىڭ پەزىلىتى

ئايەتۇلكۇرسىنىڭ پەزىلىتى ناھايىتى چوڭدۇر. ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بۇ، الله تائالانىڭ كىتابىدىكى ئەڭ پەزىلەتلىك ئايەت» دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئىمام ئەھمەد ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن: «الله نىڭ كىتابىدا قايسى ئايەت ئەڭ پەزىلەتلىك؟» دەپ سورىدى. مەن: الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ سوئالنى بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىدى. مەن: (ئۇ ئايەت بولسا) ئايەتۇلكۇرسىدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئى ئۇبەي! ساڭا بىلىم يار بولسۇن. مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەقىقەتەن (ئايەتۇلكۇرسىنىڭ) پادىشاھنى (يەنى الله تائالانى) ئەرشىنىڭ يېنىدا ئۇلۇغلاپ تۇرىدىغان بىر تىلى، ئىككى كالپۇكى بار».

ئىمام ئەھمەد ئەبۇئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۆزەمنىڭ خورما ئامبىرىمدا ئىدىم. (ئۇ ئامبارغا) جىن كېلىپ خورمىدىن ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇ (جىندىن) شىكايەت قىلىپ بەردىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «سەن ئۇ جىننى كۆرگەن ۋاقتىڭدا: الله نىڭ ئىسمى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارغىن، ـ دېگەن دۇئانى قىلغىن» دېدى. ئۇ جىن كەلدى. ئۇنىڭغا ھېلىقى دۇئانى ئوقۇپ ئۇنى تۇتۇۋالدىم. ئۇ جىن ماڭا مەن بۇ يەرگە قايتا كەلمەيمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن جىننى قويۇپ بەردىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ ئەسىرىڭ (يەنى تۇتۇۋالغان جىننى دېمەكچى) نېمە قىلدى؟» دېدى. مەن: ئۇنى تۇتۇۋالغان ئىدىم، ئۇ ماڭا ئىككى قېتىم: مەن بۇ يەرگە قايتا كەلمەيمەن دېگەن ئىدى. ئۇنى قويۇپ بەردىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ چوقۇم قايتا كېلىدۇ» دېدى. ئۇ جىن قايتا كەلدى. مەن ئۇنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تۇتۇۋالدىم، ھەر قېتىمدا ئۇ جىن: مەن (بۇ يەرگە) قايتا كەلمەيمەن، ـ دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلسەم: «سېنىڭ ئەسىرىڭ نېمە قىلدى؟» دەپ سورىدى. مەن ئۇنى تۇتۇۋالغان ئىدىم. ئۇ ماڭا: مەن قايتا (بۇ يەرگە) كەلمەيمەن دېدى، ـ دەپ جاۋاب بەردىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ چوقۇم قايتا كېلىدۇ» دېدى. ئاندىن مەن ئۇنى (يەنە) تۇتۇۋالدىم. ئۇ: مېنى قويۇپ بەرگىن، مەن ساڭا بىر نەرسە ئۆگىتىپ قوياي، ئەگەر ئۇنى ئوقۇساڭ، ساڭا ھېچقانداق زىيانلىق نەرسە يېقىن كېلەلمەيدۇ دەپ ئايەتۇلكۇرسىنى ئۆگىتىپ قويدى. ئاندىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ يالغانچى تۇرۇپ بۇ ئىشتا راست سۆزلەپتۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر قىسسىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى رامىزاندا يىغىلغان زاكاتنى ساقلاشقا قويۇپ قويدى. بىر كىشى مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ (مەن ساقلاۋاتقان) ئاشلىقتىن ئۇسۇشقا

باشلىدى. مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ: مەن سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن، ـ دېدىم. ئۇ (ماڭا): مېنى قويۇۋەتكىن، مېنىڭ بالا ـ چاقىلىرىم بار. مېنىڭ ئۇ (ئاشلىققا) قاتتىق ئېھتىياجىم بار، ـ دېدى. مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم. ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (مەندىن): «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! ئاخشام سېنىڭ ئەسىرىڭ نېمە قىلدى؟» دەپ سورىدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ ئەسىر ئۆزىنىڭ قاتتىق موھتاج ئىكەنلىكىدىن ۋە بالا ـ چاقىلىرىنىڭ بارلىقىدىن شىكايەت قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قويۇپ بەردىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەگەك بول! ئۇ ساڭا يالغان سۆزلەپتۇ، ئۇ چوقۇم يەنە قايتا كېلىدۇ» دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن ئۇنىڭ قايتا كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى كۈتۈپ تۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەندەك، ئۇ كېلىپ ئاشلىقتىن ئۇسۇشقا باشلىدى، مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ: سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن، ـ دېدىم. ئۇ مېنى قويۇۋەتكىن، مەن بۇ ئاشلىققا بەكمۇ موھتاج، مېنىڭ بالا ـ چاقىلىرىم بار. مەن ئەمدى قايتا كەلمەيمەن، ـ دېدى. ئىچىم ئاغرىپ ئۇنى قويۇۋەتتىم. ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن يەنە: «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! ئاخشام سېنىڭ ئەسىرىڭ نېمە قىلدى؟» دەپ سورىدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ موھتاج ئىكەنلىكىدىن ۋە بالا ـ چاقىلىرى بارلىقىدىن شىكايەت قىلىپ تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قويۇپ بەردىم، ـ دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەگەك بول! ئۇ ساڭا يالغان سۆزلەپتۇ، ئۇ جەزمەن قايتا كېلىدۇ» دېدى. ، مەن ئۇنى يەنە كۆزىتىپ تۇردۇم (دېگەندەك، ئۇ كېلىپ ئاشلىقتىن ئۇسۇشقا باشلىدى). مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ: بۇنىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم بولدى. مەن سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن، سەن قايتا كەلمەيمەن دەپ يەنە كەلدىڭ، ـ دېدىم. ئاندىن ئۇ ماڭا: مېنى قويۇۋەتكىن، مەن ساڭا (الله ساڭا پايدا يەتكۈزىدىغان) بىر نەچچە سۆز ئۆگىتىپ قوياي، ـ دېدى. مەن (ئۇنىڭغا): ئۇ سۆزلەر قايسى؟ ـ دېدىم. ئۇ: ئاخشىمى تۆشەككە كىرگىنىڭدە: ﴿بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر﴾ دەپ ئايەتۇلكۇرسىنى ئاخىرىغىچە ئوقۇغىن. (سەن ئۇنى ئوقۇساڭ) الله تەرىپىدىن بىر ساقلىغۇچى ساڭا ھەمراھ بولىدۇ ۋە تاڭ ئاتقۇچە ساڭا شەيتان يېقىن كېلەلمەيدۇ، ـ دېدى. مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم. ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاخشام سېنىڭ ئەسىرىڭ نېمە قىلدى؟» دەپ سورىدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ ماڭا بىر نەچچە ئېغىز سۆز ئۆگىتىپ قويدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، الله تائالا ئۇنى ئوقۇغان كىشىگە پايدا يەتكۈزەرمىش. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ سۆزلەر قايسى؟» دەپ سورىدى. مەن: ئۇ ماڭا ئاخشىمى تۆشەككە كىرگەندە ئايەتۇلكۇرسىنى بېشىدىن باشلاپ ئاخىرىغىچە ئوقۇشىمنى تاپىلىدى. شۇنداق قىلسام، الله تەرىپىدىن بىر ساقلىغۇچىنىڭ مەن بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى ۋە تاڭ ئاتقۇچە شەيتاننىڭ ماڭا يېقىنلاشمايدىغانلىقىنى ئېيتتى، ـ دېدىم. بىز ساھابىلار ياخشىلىققا قىزىقىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆگىتىپ قويغان سۆزى ئۈچۈن قويۇپ بەرگەن ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاگاھ بول! ئۇ يالغانچى تۇرۇپ (بۇ ئىشتا) ساڭا راست سۆزلەپتۇ. ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! ئۈچ كېچىدىن بۇيان سەن سۆزلىشىۋاتقان (ھېلىقى) كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟» دېدى. مەن: ياق، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ شەيتاندۇر» دېدى.

ئايەتۇلكۇرسىدىكى الله نىڭ كاتتا ئىسمى توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد يەزىد ئىبنى سەكەننىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «﴿**بىر اللە دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ اللە ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ ۋە ﴿ئەلىف، لام، مىم، اللە دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، اللە (ھەمىشە) تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1] دېگەن ئىككى ئايەتتە اللە نىڭ كاتتا ئىسمى بار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

ئىبنى مەردەۋەي ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىمكى اللە نىڭ بەقەرە، ئال ئىمران ۋە تاھادىن ئىبارەت ئۈچ سۈرىدىكى كاتتا ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىپ دۇئا قىلسا، اللە ئۇ دۇئانى ئىجابەت قىلىدۇ.

ھىشام مۇنداق دېدى: بەقەرە سۈرىسىدىكى ﴿اللَّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ﴾؛ ئال ئىمراندىكى: ﴿الم، اللَّهُ لا إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ﴾، تاھا سۈرىسىدىكى: ﴿وَعَنَتِ الْوُجُوهُ لِلْحَيِّ الْقَيُّومِ﴾ دېگەن ئايەتلەر اللە نىڭ كاتتا ئىسىملىرى بار ئايەتلەردۇر.

ئايەتۇلكۇرسى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئايرىم ـ ئايرىم ئون مەزمۇن توغرىسىدا

1 ـ ﴿**بىر اللە دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر**﴾ بۇ يەردە اللە تائالا ھەممە مەخلۇقاتلارنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا يالغۇز ئۆزىنىڭلا لايىق ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

2 ـ ﴿**اللە ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى ئۆلۈپ قالمايدىغان، مەڭگۈ تىرىك، ئۆزىدىن باشقا مەخلۇقاتلارنى (ئۇلارغا رىزىق بېرىش ۋە ساقلاش بىلەن) ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ھەممە نەرسىلەر ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىقتۇر. ئۇ ئۇلاردىن بىھاجەتتۇر. ئۇلارنىڭ مەۋجۇد بولۇشى ئۇنىڭ بۇيرۇقىسىز بولمايدۇ.

اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە نىڭ ئاسمان ـ زېمىننى ئۆز ئەمرى بىلەن (مۇئەللەق) تۇرغۇزۇشى اللە نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر﴾[2].

3 ـ ﴿**ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ**﴾ يەنى خاتالىق، غەپلەت ۋە ئۆز مەخلۇقاتلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشتەك (اللە تائالاغا لايىق بولمايدىغان) ئىشلار اللە تائالادا يۈز بەرمەيدۇ. ئۇ ھەر بىر جانلىق قىلغان ئىشنى بىلىپ ۋە ھەر بىر ئىشقا گۇۋاھ بولۇپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نەرسە يوشۇرۇن بولمايدۇ. ھەتتا ئۇنىڭدا مۈگدەش ۋە ئۇخلاشمۇ يۈز بەرمەيدۇ.

ئىمام بۇخارى ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ۋەز ئېيتقاندا بۇ تۆت سۆزنى دېدى: «اللە شەكسىز ئۇخلىمايدۇ. ئۇنىڭغا ئۇخلاش لايىق ئەمەس. ئۇ ئۆلچەمنى ياكى رىزىقنى خالىغانچە چۈشۈرىدۇ ۋە خالىغانچە كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭ دەرگاھىغا كۈندۈزنىڭ ئەمەلى كېچە كىرىشتىن بۇرۇن كۆتۈرۈلىدۇ. كېچىنىڭ ئەمەلى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ پەردىسى (بۇنىڭدىن ھازىرقى بىز ئىشلىتىۋاتقان

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 1 ـ 2. ئايەتلەر.
(2) رۇم سۈرىسى 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەردىدەك پەردە تەسەۋۋۇر قىلىنسا بولمايدۇ) نۇر ياكى ئوتتۇر. ئەگەر ئۇ (پەردىنى) ئاچىدىغان بولسا، ئۇنىڭ يۈزىنىڭ نۇرى پۈتۈن مەخلۇقاتلىرىنى كۆيدۈرىۋېتىدۇ».

4 ـ ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە **الله** نىڭ (مۈلكى) دۇر﴾ بۇ پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئۇنىڭ قۇلى، ئۇنىڭ ئىلكىدە ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىشتۇر. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا **الله** غا بەندە بولۇپ بويسۇنمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، **الله** ئۇلارنى تولۇق ئىگەللىدى ۋە سانىنى مۇكەممەل بىلدى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى **الله** نىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ﴾[1].

5 ـ ﴿**الله** نىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ **الله** نىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن﴾ **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت **الله** ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا (ئاندىن) ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقاتىدۇ﴾[2] يەنى **الله** نىڭ كاتتىلىقى ۋە ئۇلۇغلىقىدىن، ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز (**الله** نىڭ دەرگاھىدا) بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە شاپائەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

شاپائەت توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئەرشنىڭ تېگىگە كېلىمەن ـ دە، سەجدە قىلىمەن. **الله** تائالا مېنى ئۆزى خالىغان مۇددەتكىچە سەجدىدە قويۇپ قويىدۇ. ئاندىن (ماڭا): بېشىڭنى كۆتەر، سۆزلىگىن (سۆزۈڭ) ئاڭلىنىدۇ. شاپائەت تىلىگىن، شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ، ـ دەيدۇ. ئاندىن (**الله** تائالا) ماڭا شاپائەت قىلىنغۇچىلارنىڭ سان ئۆلچىمىنى بېكىتىپ بېرىدۇ. مەن ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن...».

6 ـ ﴿**الله ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۇچۇن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ**﴾ بۇ (**الله** تائالا) نىڭ ھەممە نەرسىنى؛ ئۆتۈپ كەتكىنىنى، ھازىرقىسىنى ۋە كېيىنكىسىنى بىلىدىغانلىقىنىڭ پاكىتىدۇر. **الله** بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز (دۇنياغا) پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرى بىلەن چۈشىمىز، بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى، ئارقىمىزدىكى ۋە ئالدى ـ كەينىمىز ئارىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، پەرۋەردىگارىڭ (بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېچ نەرسىنى) ئۇنتۇمايدۇ﴾[3].

7 ـ ﴿**ئۇلار الله نىڭ مەلۇماتىدىن (الله) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ**﴾ يەنى بىر كىشى **الله** تائالانىڭ بىلىمىدىن **الله** ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن نەرسىدىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. بۇنىڭدىن: **الله** تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەردىن (**الله**) بىلدۈرگەندىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى بىلمەيدۇ، ـ دېگەنلىك مەقسەت قىلىنغان بولۇشى

(1) مەريەم سۈرىسى 93 ـ ئايەتتىن 95 ـ ئايەتكىچە.
(2) نەجم سۈرىسى 26 ـ ئايەت.
(3) مەريەم سۈرىسى 64 ـ ئايەت.

مۇمكىن. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىنى ۋە كەينىدىكىنى بىلىدۇ، ئۇلار بولسا ئۇنى بىلمەيدۇ﴾[1].

8 - **﴿الله نىڭ كۇرسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ﴾** ۋەكىئە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى: الله تائالانىڭ كۇرسى ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى قويىدىغان يەردۇر. ھەرقانداق كىشى الله تائالانىڭ ئەرشىنىڭ قانچىلىكلىكىنى ئۆلچىيەلمەيدۇ.

زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر يەتتە قات ئاسمان ۋە يەتتە قات زېمىن يېيىلىپ، ئاندىن بىرسى بىرسىگە ئۇلاشسىمۇ كۇرسىنىڭ ئالدىدا بىپايان چۆلدە تۇرغان بىر تال ھالقىدەك تۇرىدۇ.

9 - **﴿ئاسمان - زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ﴾** يەنى ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىنسانلارنى ۋە نەرسىلەرنى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئاساندۇر. ئۇ ھەر بىر جانلىق قىلىۋاتقان ئىشنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە يوشۇرۇن بولمايدۇ. ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئالدىدا ئاددىي ھەم ئاجىزدۇر ۋە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. الله ھېچنېمىگە ھاجەتمەن ئەمەستۇر. مەدھىيىلەنگۈچىدۇر، خالىغاننى قىلغۇچىدۇر.

الله تائالا قىلغان ئىشىدىن سوراق قىلىنمايدۇ. لېكىن بارلىق مەخلۇقات قىلغان ئىشلىرىدىن سوراق قىلىنىدۇ. الله تائالا ھەممە نەرسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغۇچىدۇر. ھەممە نەرسىدىن ھېساب ئالغۇچىدۇر. ھەممە نەرسىنى كۆزەتكۈچىدۇر. ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈندۇر ۋە كاتتىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق زات يوقتۇر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ياراتقۇچى يوقتۇر.

10 - **﴿ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر﴾** بۇنىڭ مەنىسى الله نىڭ بۇ ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاشتۇر: ﴿الله مەخپىي ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، ھەممىدىن ئۈستۈندۇر﴾[2].

* * * * * * *

لَآ إِكۡرَاهَ فِي ٱلدِّينِۖ قَد تَّبَيَّنَ ٱلرُّشۡدُ مِنَ ٱلۡغَيِّۚ فَمَن يَكۡفُرۡ بِٱلطَّٰغُوتِ وَيُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱسۡتَمۡسَكَ بِٱلۡعُرۡوَةِ ٱلۡوُثۡقَىٰ لَا ٱنفِصَامَ لَهَاۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٥٦﴾

دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت (يەنى الله دىن باشقا بارچە مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ، الله غا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿256﴾.

---

(1) تاھا سۈرىسى 110 ـ ئايەت.
(2) رەئد سۈرىسى 9ـ ئايەت.

دىندا زورلاشنىڭ يوقلۇقى

﴿**دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر**﴾ يەنى سىلەر بىر كىشىنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىماڭلار. شۈبھىسىزكى، بۇ دىنىنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىرى ئوچۇق ۋە ناھايىتى روشەندۇر. ئىسلام دىنى بىر كىشىنى ئۇنىڭغا كىرىشكە زورلاشقا موھتاج ئەمەس. بەلكى **الله** تائالا ئىسلامغا باشلىغان، دىلىنى ۋە كۆزىنىڭ نۇرىنى ئېچىۋەتكەن كىشىلا ئۇنىڭغا ناھايىتى ئوچۇق پاكىت ئارقىلىق كىرىدۇ. **الله** تائالا دىلىنى تەسىرلەنمەس قىلىۋەتكەن، قۇلاق ۋە كۆزلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن كىشىنى ئىسلام دىنىغا مەجبۇرلاپ كىرگۈزۈشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق.

گەرچە بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ھەممە كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ: "بۇ ئايەت بىر تۈركۈم ئەنسارىلار ھەققىدە چۈشكەن" دەپ بايان قىلىنىدۇ.

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئايال (بالىسى تۇرمىغانلىقتىن) ھەسرەت ئىچىدە ياشايتتى. ئۇ ئەگەر بىر بالىسى ياشاپ قالسا، ئۇنى يەھۇدىي دىنىدا قىلىش ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەدە قىلدى. ئۇ باللىق بولغاندىن كېيىن (بالىسىنى) يەھۇدىي قىلدى. نەزىر جەمەتى يەھۇدىيلىرى (مەدىنىدىن) قوغلاپ چىقىرىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەنسارىلارنىڭ باللىرىمۇ بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنسارىلار: بىز باللىرىمىزنى (يەھۇدىيلار بىلەن بىللە كۆچۈپ كېتىشكە) تاشلاپ قويماي ئۇلارنى بىز بىلەن ئېلىپ قالايلى! ـ دېدى. ئاندىن **الله** تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى**﴾.

ئىمام ئەھمەدنىڭ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر كىشىگە: «مۇسۇلمان بولغىن» دېگەن، ئۇ كىشى: مەن (ئىسلامنى) يامان كۆرىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئەگەر (ئىسلامنى) يامان كۆرسەڭمۇ، مۇسۇلمان بولغىن!» دېگەن. بۇ ھەدىستىن ئۇ كىشىنى ئىسلامغا مەجبۇرلاش مەنىسى چىقمايدۇ.

ئېنىقكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىسلامغا كىرىشكە مەجبۇرلىمىدى، بەلكى ئۇنى ئىسلامغا چاقىردى، ـ خالاس. (يەنى ئۇ كىشى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن يامان كۆرسەڭمۇ مۇسۇلمان بولغىن! **الله** سېنىڭ نىيىتىڭنى ياخشىلاپ ئىخلاس ئاتا قىلغاي!» دېگەن).

الله تائالانى بار ۋە بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسىنىڭ ناھايىتى مەھكەم تۇتقا ئىكەنلىكى

﴿**كىمكى تاغۇت (يەنى الله دىن باشقا بارچە مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ، الله غا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى بىر كىشى بۇتلارنى ۋە شەيتان (**الله** تائالانى قويۇپ ئىبادەت قىلىشقا) چاقىرغان نەرسىلەرنى تاشلاپ، **الله** تائالانى بار ۋە بىر دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلسا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق زاتنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بەرسە، ﴿**ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى**

تۇتقان بولىدۇ﴾ يەنى ئۇ ھەقىقەتتە ئۈزۈلمەيدىغان مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ.

﴿**اللە غا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، اللە (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى ھەقىقەتەن ئۇ دىنىدىكى ناھايىتى چىڭ بىر تۇتقىغا ئوخشاش كۈچلۈك بىر ئەڭگۈشتەرنى تۇتتى. شۇڭا اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللە غا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ﴾**.

مۇجاھىد مۇنداق دېدى: (ئايەتتىكى) ناھايىتى مەھكەم تۇتقا دېگەن سۆزدىن ئىمان مەقسەت قىلىنىدۇ. سۇددى: ئۇنىڭدىن ئىسلام مەقسەت قىلىنىدۇ، ـ دېدى.

ئىمام ئەھمەد قەيس ئىبنى ئۇبادىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن مەسچىتتە ئىدىم. يۈزىدىن تەقۋالىقنىڭ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان بىر كىشى (مەسچىتكە) كىرىپ، يەڭگىللىكىنە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. كىشىلەر: بۇ جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرسى بولسا كېرەك، ـ دېيىشتى. ئۇ (مەسچىتتىن) چىقىپ ئۆيىگە ماڭدى. مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە (ئۆيىگە) كىرىپ، پاراڭلاشتىم. ئۇ (مەندىن) قورۇنمىغىدەك بولغاندا (ئۇنىڭغا): سەن مەسچىت تەرەپكە كېلىۋاتقىنىڭدا كىشىلەر سېنىڭ ھەققىڭدە مۇنداق ـ مۇنداق سۆزلەرنى قىلىشتى، ـ دېدىم. ئۇ: سۇبھانەللا! بىر كىشىنىڭ ئۆزى بىلمەيدىغان نەرسە ئۈستىدە سۆزلىشى ياخشى ئەمەس. مەن نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىنى ساڭا سۆزلەپ بېرەي. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا مۇنداق بىر چۈش كۆرگەنىدىم. (چۈشۈمدە) قارىسام، كەڭرى كەتكەن يېپيېشىل بىر بوستانلىقتا تۇرغۇدەكمەن. بوستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ پەلەك بىر تۆمۈر تۈۋرۈك بار بولۇپ، تۈۋرۈكنىڭ ئۇچىدا بىر تۇتقا بار ئىدى. بىردىنلا ماڭا: تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە چىققىن، ـ دېيىلدى. مەن: چىقالمايمەن، ـ دېدىم. ئاندىن مېنىڭ قېشىمغا بىر ياخشى كىشى كەلدى. ئۇ (ياخشى كىشى) خىزمەتكار ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئارقامدىن كىيىمىمنى كۆتۈرۈپ: تۈۋرۈككە چىققىن، ـ دېدى. مەن چىقتىم، ھەتتا تۇتقىنىمۇ تۇتتۇم. ئاندىن ئۇ (ماڭا): تۇتقىنى چىڭ تۇتقىن، ـ دېدى. مەن شۇنىڭ بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم، قارىغۇدەك بولسام، ئۇ تۇتقا مېنىڭ قولۇمدا تۇرىدۇ. ئاندىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇ (چۈشنى) سۆزلەپ بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ بوستان ئىسلامنىڭ بوستانىدۇر، تۈۋرۈك ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكىدۇر، تۇتقا ناھايىتى مەھكەم تۇتقىدۇر (يەنى ئايەتتىكى مەھكەم تۇتقىنى دېمەكچى) سەن ئۆلۈپ كەتكۈچە ئىسلامنىڭ ئۈستىدە بولىسەن» دېدى. قەيس ئىبنى ئاباد: ئۇ (چۈش كۆرگەن كىشى) ئابدۇللاھ ئىبنى سالامدۇر، ـ دېدى.

****

ٱللَّهُ وَلِيُّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ يُخۡرِجُهُم مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِۖ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَوۡلِيَآؤُهُمُ ٱلطَّٰغُوتُ
يُخۡرِجُونَهُم مِّنَ ٱلنُّورِ إِلَى ٱلظُّلُمَٰتِۗ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢٥٧﴾

اللە مۆمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمەتلىرىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ؛ كاپىرلارنىڭ ئىگىسى شەيتاندۇر، ئۇلارنى (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىدىن (گۇمراھلىقنىڭ) قاراڭغۇلۇقىغا چىقىرىدۇ. ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴿257﴾.

ﷲ تائالا (بۇ ئايەتتە) ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن كىشىنى توغرا يولغا باشلايدىغانلىقىدىن، مۆمىن بەندىلىرىنى كۇپۇر ۋە شېرىكنىڭ ئازغۇن يولىدىن تارتىپ چىقىرىپ، ناھايىتى روشەن بولغان ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلەيدىغانلىقىدىن، كاپىرلارنىڭ ئىگىسى شەيتانلار بولۇپ، ئۇلار كاپىرلارغا (ئۇلارنىڭ) نادانلىقلىرى ۋە ئازغۇنلۇقلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ بېرىپ، ھەق يولدىن كۇپۇرلۇققا چىقىرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

﴿ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴾ ھەق دېگەن پەقەت بىرلا بولغانلىقى ئۈچۈن، ﷲ (بۇ ئايەتتە) ئىماننىڭ نۇرى دەپ بىرلىك مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بىلەن، كۇپۇرلۇقنىڭ تۈرلىرى جىق بولغانلىقى ئۈچۈن، (گۇمراھلىقنى) گۇمراھلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرى دەپ كۆپلۈكنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بىلەن ئىپادىلەپ كەلتۈردى. كۇپۇرلۇقنىڭ تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇقتۇر.

ﷲ بۇ ھەقتە (يەنى ھەقنىڭ بىر ئىكەنلىكى، كۇپۇرلۇقنىڭ تۈرلىرىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى توغرىسىدا) مۇنداق دېدى: ﴿بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ﷲ نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (ﷲ نىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ﷲ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ﴾، ﴿جىمى ھەمدۇ سانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان ﷲ غا خاستۇر!﴾[1].

بۇ ئايەت ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەردە ﷲ ھەقنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرلىك شەكلى بىلەن، كۇپۇرلۇقنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆپلۈك شەكلى بىلەن كەلتۈردى.

****

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِى حَآجَّ إِبْرَٰهِـۧمَ فِى رَبِّهِۦٓ أَنْ ءَاتَىٰهُ ٱللَّهُ ٱلْمُلْكَ إِذْ قَالَ إِبْرَٰهِـۧمُ رَبِّىَ ٱلَّذِى يُحْىِۦ وَيُمِيتُ قَالَ أَنَا۠ أُحْىِۦ وَأُمِيتُ ۖ قَالَ إِبْرَٰهِـۧمُ فَإِنَّ ٱللَّهَ يَأْتِى بِٱلشَّمْسِ مِنَ ٱلْمَشْرِقِ فَأْتِ بِهَا مِنَ ٱلْمَغْرِبِ فَبُهِتَ ٱلَّذِى كَفَرَ ۗ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢٥٨﴾

پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، ﷲ نىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىقى ئۇنى ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئېلىپ كەلگەن ئادەم (يەنى نەمرۇد) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەينى زاماندا ئىبراھىم (ﷲ نىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىپ): «مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېدى. ئۇ: «مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن» دېدى (نەمرۇد ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ بىرىنى ئۆلتۈردى، بىرىنى قويۇپ بەردى). ئىبراھىم (نەمرۇدنىڭ بۇنداق ھاماقەتلىكىنى كۆرۈپ): «ﷲ ھەقىقەتەن كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، (خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغان بولساڭ) سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن» دېدى. (بۇنداق پاكىت ئالدىدا) كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى. ﷲ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴿258﴾.

(1) ئەنئام سۈرىسى153- ئايەت.

ﷲ تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كاپىر نەمرۇد بىلەن مۇنازىرىلەشكەنلىكى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى توغرۇلۇق مۇنازىرىلەشكەن كاپىر بابىلنىڭ پادىشاھى نەمرۇد ئىبنى كەنئان ئىبنى كوشى ئىبنى سام ئىبنى نۇھ بولۇپ، ئۇ نەمرۇد ئىبنى فالىخ ئىبنى ئابىر ئىبنى شالىخ ئىبنى ئەرفەخشەز ئىبنى سام ئىبنى نۇھ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بىرىنچىسى، مۇجاھىد ۋە باشقىلارنىڭ سۆزىدۇر. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: كۈن چىقىشتىن تارتىپ كۈن پېتىشقىچە دۇنيانىڭ پادىشاھى بولغان تۆت كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئىككىسى مۆمىن ۋە ئىككىسى كاپىر ئىدى. ئىككى مۆمىن داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندۇر. ئىككى كاپىر بولسا، نەمروز ياكى نەمرۇد بىلەن بوختۇننەسسىردۇر.

﴿پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، ﷲ نىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىقى ئۇنى ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئېلىپ كەلگەن ئادەم (يەنى نەمرۇد) نى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! سەن پەرۋەردىگارىڭ ھەققىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلەشكەن كىشىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (ئۇ كىشىدىن كېيىن) پىرئەۋن ئادەملىرىگە: ﴿ئى كاتتىلار! مەن ئۆزەمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن﴾[1] دېگەنگە ئوخشاش، ئۇمۇ ئۆزىدىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىدىن تاناتتى. ئۇنىڭ بۇ دەرىجىدە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىگە ۋە كۇپۇرلۇق قىلىشىغا ئۇنىڭ تەكەببۇرلىقى ۋە ئۇزۇن مۇددەت پادىشاھ بولۇپ تۇرۇشى سەۋەب بولدى.

بۇ كاپىر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن (ئۇ ئىشىنىشكە چاقىرىۋاتقان) پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىغا پاكىت تەلەپ قىلغاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: **﴿مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ﴾** يەنى سەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بارلىق نەرسىلەرنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىشى ۋە بارلىقتىن يوق بولۇپ كېتىشى بۇ ئىشلارنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىۋاتقان بىر زاتنىڭ بارلىقىغا روشەن بىر پاكىتتۇر. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالمىدى. ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇ نەرسىلەرنى يوق يەردىن پەيدا قىلغۇچىنىڭ بولۇشى زۆرۈردۇر. ئۇ بولسا شېرىكى يوق، تەنھا، (مەن) ئىبادەتنى ئۇنىڭغىلا قىلىشقا دەۋەت قىلغان پەرۋەردىگارىمدۇر.

ئاندىن نەمرۇد مۇنداق دېدى: **﴿مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن﴾** قەتادە، مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ۋە سۇددى قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: ئۆلۈمگە لايىق بولغان ئىككى كىشى نەمرۇدنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى، ئۇ ئۆلتۈرۈلدى. يەنە بىرىنى ئۆلتۈرمەي قويۇپ بېرىپ: مانا بۇ تىرىلدۈرۈش ۋە ئۆلتۈرۈش دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى. بۇ كاپىرنىڭ قىلغان ئىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بولمىسىمۇ، ئۇ بۇ ئىشى بىلەن (بۇ ئورۇندا) ئۆزىنىڭ تېخىمۇ تەكەببۇر ۋە جاھىللىقىنى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈپ ـ تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: **﴿ﷲ ھەقىقەتەن كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ،**

---

(1) ئەنئام سۈرىسى 1ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغان بولساڭ) سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن﴾ يەنى سەن دەۋا قىلغاندەك تىرىلدۈرەلەيدىغان ۋە ئۆلتۈرەلەيدىغان بولساڭ، تىرىلدۈرەلەيدىغان ۋە ئۆلتۈرەلەيدىغان زات پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى يارىتالايدۇ ۋە ئاسمان ـ زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى پىلانىتلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئۆزى خالىغانچە باشقۇرالايدۇ. كۈن ھەر كۈنى شەرق تەرەپتىن چىقىدۇ، ئەگەر سەن دېگەندەك تىرىلدۈرەلەيدىغان ۋە ئۆلتۈرەلەيدىغان ئىلاھ بولساڭ، كۈننى غەرب تەرەپتىن چىقىرىپ باقمامسەن؟ (دېدى). ئۇ (كاپىر) بۇنى قىلالمايدىغانلىقىنى ۋە بۇ ئورۇندا تەكەببۇرلۇق قىلىشقا ئاجىز كەلگەنلىكىنى بىلىپ، يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى.

﴿الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾ يەنى (الله) زالىملارغا پاكىت ۋە ئىسپاتلارنى (ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىغا) سېلىپ بەرمەيدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ پاكىتلىرى پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھەق ئەمەستۇر. ئۇلارغا (الله نىڭ) غەزىپى ۋە قاتتىق ئازابى باردۇر.

سۇددى مۇنداق دېدى: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن نەمرۇدنىڭ ئارىلىقىدا بولغان بۇ مۇنازىرە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتتىن چىققاندىن كېيىن بولغان بولۇپ، ئۇ نەمرۇد بىلەن كۆرۈشۈپ باقمىغان ئىدى. پەقەت شۇ كۈنىلا (ئوتتىن چىققان كۈن) پادىشاھ (نەمرۇد) بىلەن بىر يەرگە كېلىپ يۈزلەشكەن. ئاندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا يۇقىرىقى مۇنازىرە بولغان.

* * * * * * *

أَوْ كَالَّذِي مَرَّ عَلَىٰ قَرْيَةٍ وَهِيَ خَاوِيَةٌ عَلَىٰ عُرُوشِهَا قَالَ أَنَّىٰ يُحْيِي هَٰذِهِ اللَّهُ بَعْدَ مَوْتِهَا ۖ فَأَمَاتَهُ اللَّهُ مِائَةَ عَامٍ ثُمَّ بَعَثَهُ ۖ قَالَ كَمْ لَبِثْتَ ۖ قَالَ لَبِثْتُ يَوْمًا أَوْ بَعْضَ يَوْمٍ ۖ قَالَ بَل لَّبِثْتَ مِائَةَ عَامٍ فَانظُرْ إِلَىٰ طَعَامِكَ وَشَرَابِكَ لَمْ يَتَسَنَّهْ ۖ وَانظُرْ إِلَىٰ حِمَارِكَ وَلِنَجْعَلَكَ آيَةً لِّلنَّاسِ ۖ وَانظُرْ إِلَى الْعِظَامِ كَيْفَ نُنشِزُهَا ثُمَّ نَكْسُوهَا لَحْمًا ۚ فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُ قَالَ أَعْلَمُ أَنَّ اللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ﴿٢٥٩﴾

ياكى سەن تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ ۋەيران بولغان (خارابە) شەھەر (يەنى بەيتۇلمۇقەددەس) دىن ئۆتكەن كىشىنى (يەنى ئۇزەيرنى) كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ (ئەجەبلىنىپ): «الله بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن ئاھالىسىنى قانداق تىرىلدۈرەر؟» دېدى. الله ئۇنى يۈز يىل ئۆلۈك ھالىتىدە تۇرغۇزۇپ ئاندىن (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) تىرىلدۈردى. الله (پەرىشتە ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن: «(بۇ ھالەتتە) قانچىلىك تۇردۇڭ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «بىر كۈن ياكى بىر كۈنگە يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم» دېدى. الله ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس (تولۇق) 100 يىل تۇردۇڭ! يېمەك ئىچمىكىڭگە قارىغىنكى، بۇزۇلمىغان؛ ئېشىكىڭگە قارىغىنكى (ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن). (ساڭا يۇقىرىقىدەك ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى قىلغانلىقىمىز) سېنى بىز كىشىلەرگە (قۇدرىتىمىزنىڭ) دەلىلى قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنكى، ئۇنى قانداق قۇراشتۇرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا گۆش قوندۇرىمىز. (يۇقىرىقى ئىشلار) ئۇنىڭغا ئېنىق بولغان چاغدا (يەنى ئۇ روشەن مۆجىزىلەرنى كۆرگەن چاغدا)، ئۇ: «مەن الله نىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم» دېدى﴿259﴾.

ئۇزەير ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿ياكى سەن تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ ۋەيران بولغان (خارابە) شەھەر (يەنى بەيتۇلمۇقەددەس) دىن ئۆتكەن كىشىنى (يەنى ئۇزەيرنى) كۆرمىدىڭمۇ؟﴾ بۇ ئايەت بىلەن يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنە جەھەتتە باغلىنىشلىقى بار.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ناجىيە ئىبنى كەئىبدىن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ (خاراب شەھەردىن ئۆتكەن كىشى) ئۇزەيردۇر.

ئۇ كىشىنىڭ (ئۇزەير) ئىكەنلىكىنى ئىبنى جەرىرمۇ ناجىيەدىن رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ھەسەن، قەتادە، سۇددى ۋە سۇلەيمان ئىبنى بەرىدە قاتارلىقلارنىڭ: ئۇ كىشى ئۇزەير، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. مۇجاھىد ئىبنى جەبەر: ئۇ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بىر كىشى، ـ دېدى. ئۇ شەھەر بەيتۇلمۇقەددەس بولۇپ، بوختۇننەسرى ئۇنى ۋەيران قىلىپ ۋە پۈتۈن ئاھالىسىنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، (ئۇ) ئۇ يەردىن ئۆتكەن ئىدى.

﴿سەن تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ ۋەيران بولغان (خارابە) شەھەر﴾ ئۇ كىشى بۇنىڭ بىر ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇش بولۇپ كېيىن ۋەيران بولغانلىقىنى كۆرۈپ (ئويلىنىپ تۇرۇپ) مۇنداق دەۋەتتى: **﴿اللّٰه بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن ئاھالىسىنى قانداق تىرىلدۈرەر؟﴾** ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشى (شەھەرنىڭ) ھەددىدىن زىيادە ۋەيران بولغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىشىنىڭ ئېھتىمالدىن بەك يىراقلىقىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

﴿اللّٰه ئۇنى 100 يىل ئۆلۈك ھالىتىدە تۇرغۇزۇپ ئاندىن (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) تىرىلدۈردى﴾ ئۇ شەھەر ئۇزەير ئۆلۈپ يەتمىش يىلدىن كېيىن (بۇرۇنقىدەك) ئاۋات قىلىندى. ئۇنىڭدا ئۆلتۈرۈشلۈق ئائىلىلەرمۇ كۆپىيىپ قالدى. ئىسرائىل ئەۋلادلىرىمۇ ئۇنىڭغا قايتىپ كەلدى. اللّٰه ئۇزەيرنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن (تىرىلدۈرۈپ) ئورنىدىن قوزغىغاندا، (ئۇنىڭغا بەدىنىنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە جان كىرگۈزدى. (ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە) جان كىرگۈزۈلۈپ بولغاندا: **﴿اللّٰه (پەرىشتە ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن: «(بۇ ھالەتتە) قانچىلىك تۇردۇڭ؟» دەپ سورىدى﴾** ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: (اللّٰه) ئەتىگەن ۋاقتىدا ئۇزەيرنىڭ جېنىنى ئالدى. ئۇنى تىرىلدۈرگەندە كۈن قايرىلغان ئىدى. ئۇ كۈننىڭ كىرىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، مەن ئۆلۈپ قالغان كۈننىڭ ئۆزى دەپ گۇمان قىلىپ: **﴿«بىركۈن ياكى بىر كۈنگە يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم» دېدى﴾** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يېنىدا ئۈزۈم، ئەنجۈر ۋە مېۋە سۈيى بار ئىدى. مېۋە سۈيىنىڭمۇ بۇزۇلۇپ كەتمىگەنلىكىنى ۋە مېۋىلەرنىڭمۇ سېسىپ قالمىغانلىقىنى كۆردى.

﴿ئېشىكىڭگە قارىغىنكى (ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن)﴾ يەنى اللّٰه نىڭ ئۇنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا قاراپ تۇرغىن **﴿(ساڭا يۇقىرىقىدەك ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى قىلغانلىقىمىز) سېنى بىز كىشىلەرگە (قۇدرىتىمىزنىڭ) دەلىلى قىلىش ئۈچۈندۇر﴾** يەنى قىيامەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە پاكىت قىلىمىز.

﴿بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنكى، ئۇنى قانداق قۇراشتۇرىمىز﴾ يەنى بىز سۆڭەكلەرنى جەملەيمىز،

ئاندىن ئۆزئارا قۇراشتۇرىمىز. ﴿**ئاندىن ئۇنىڭغا گۆش قوندۇرىمىز**﴾ سۇددى ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ ئېشىكىنىڭ سۆڭەكلىرى (ئۇنىڭ) ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە چېچىلىپ تۇراتتى. ئۇ سۆڭەكلەر ئاقىرىپ كەتكەنلىكتىن پارقىراپ تۇراتتى. ئاندىن **الله** بىر شامالنى ئەۋەتىپ چېچىلىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى بىر يەرگە يىغدى. ئاندىن ھەر بىر سۆڭەكنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا قۇراشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئىسكىلىت (گۆشى يوق) ئېشەككە ئايلاندى. ئاندىن **الله** ئۇنىڭغا گۆش، پەي، تومۇر ۋە تېرە قوندۇردى. **الله** بىر پەرىشتىنى ئەۋەتتى. ئۇ (پەرىشتە) ئېشەكنىڭ بۇرنىغا پۈۋلىدى. **الله** تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا جان كىرىپ ھاڭرىدى.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇزەيرنىڭ كۆز ئالدىدا بولدى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: ﴿**«مەن الله نىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم»**﴾ يەنى: مەن بۇنى بىلگۈچىدۇرمەن. شەكسىزكى، مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، مەن بۇ ئىشنى مېنىڭ زامانىمدىكى كىشىلەردىن ياخشىراق بىلىمەن.

* * * * * * *

وَإِذْ قَالَ إِبْرَٰهِـۧمُ رَبِّ أَرِنِى كَيْفَ تُحْىِ ٱلْمَوْتَىٰ ۖ قَالَ أَوَلَمْ تُؤْمِن ۖ قَالَ بَلَىٰ وَلَـٰكِن لِّيَطْمَئِنَّ قَلْبِى ۖ قَالَ
فَخُذْ أَرْبَعَةً مِّنَ ٱلطَّيْرِ فَصُرْهُنَّ إِلَيْكَ ثُمَّ ٱجْعَلْ عَلَىٰ كُلِّ جَبَلٍ مِّنْهُنَّ جُزْءًا ثُمَّ ٱدْعُهُنَّ يَأْتِينَكَ سَعْيًا ۚ
وَٱعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٦٠﴾

ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن» دېدى. **الله**: «(ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم: «ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قارار تاپسۇن ئۈچۈن (كۆرۈشنى تىلەيمەن)» دېدى. **الله** ئېيتتى: «قۇشتىن تۆتنى ئالغىن، ئۇلارنى ئۆزەڭگە توپلىغىن (يەنى ئۇلارنى پارچىلاپ گۆشلىرى بىلەن پەيلىرىنى ئارىلاشتۇرغىن)، ئاندىن ھەر بىر تاغقا ئۇلاردىن بىر بۆلەكنى قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، سېنىڭ ئالدىڭغا ئۇلار چاپسان كېلىدۇ». بىلگىنكى، **الله** غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿260﴾.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرۋەردىگارىدىن ئۆلۈكنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى سورىغانلىقى

ئالىملار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنى سورىغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان سەۋەبلەرنى بايان قىلدى. ئۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئۇ نەمرۇدقا: ﴿**مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ**﴾ دېگەن ۋاقتىدا بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بۇ ھەقتە ناھايىتى ئىشەنچلىك پاكىتقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ: ﴿**«پەرۋەردىگارىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن» دېدى. الله: «(ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم: «ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قارار تاپسۇن ئۈچۈن (كۆرۈشنى تىلەيمەن)» دېدى**﴾.

ئىمام بۇخارى بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق

دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز ئىبراھىمدىنمۇ بەكرەك شەكلىنىشكە ھەقلىقتۇرمىز. چۈنكى، ئۇ: ﴿«پەرۋەردىگارىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن»﴾ دېدى. اللّٰه : ﴿«(ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟»﴾ دېدى. ئۇ: ﴿«ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قارار تاپسۇن ئۈچۈن (كۆرۈشنى تىلەيمەن)»﴾ دېدى». بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: شۈبھىسىزكى، بىز ناھايىتى ئىشەنچلىك پاكىتنى تەلەپ قىلىشقا ھەقلىقتۇرمىز.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن جاۋاب

﴿اللّٰه ئېيتتى: «قۇشتىن تۆتنى ئالغىن، ئۇلارنى ئۆزەڭگە توپلىغىن (يەنى ئۇلارنى پارچىلاپ گۆشلىرى بىلەن پەيلىرىنى ئارىلاشتۇرغىن)، ئاندىن ھەر بىر تاغقا ئۇلاردىن بىر بۆلۈكىنى قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، سېنىڭ ئالدىڭغا ئۇلار چاپسان كېلىدۇ»﴾ بۇ ئۇچار قۇشنىڭ قايسى قۇش ئىكەنلىكى ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىختىلاپنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقتۇر. ئەگەر ئۇچار قۇشنىڭ قايسى قۇش ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەنگە پايدا بولىدىغان بولسا، اللّٰه ئۇنى ئوچۇق بايان قىلاتتى.

﴿ئۇلارنى ئۆزەڭگە توپلىغىن﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇمالىك، ئەبۇئەسۋەد، ۋەھب ئىبنى مونەببە، ھەسەن، سۇددى ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇ قۇشلارنى پارچىلىغىن.

ئاندىن ئالىملار مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇچار قۇشتىن تۆتنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى پارچىلىدى. تۈكلىرىنى يۇلۇپ، تىتما ـ تىتما قىلىپ بىرىنى بىرىگە ئارىلاشتۇردى. ئاندىن (ئارىلاشتۇرۇلغان ئۇچار قۇشنىڭ گۆشى ۋە سۆڭەكلىرىنى) بىر نەچچىگە بۆلۈپ بىر بۆلۈكىنى بىر تاغقا، يەنە بىر بۆلۈكىنى يەنە بىر تاغقا چاچتى. تۆت تاغقا چاچتى دېگۈچىلەرمۇ، يەتتە تاغقا چاچتى دېگۈچىلەرمۇ بار.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قولىدا ئۇلارنىڭ باشلىرىنى تۇتۇپ تۇردى. ئاندىن اللّٰه ئۇنى تاغقا چاچقان ئۇچار قۇشنىڭ پارچىلىرىنى چاقىرىشقا بۇيرۇدى. ئۇ ئۇلارنى اللّٰه بۇيرۇغاندەك ئۇسۇلدا چاقىردى. ئاندىن ئۇ تۈكلەرنىڭ تۈككە، قاننىڭ قانغا، گۆشنىڭ گۆشكە قوشۇلغانلىقىنى ۋە ھەر بىر ئۇچار قۇشنىڭ پارچىلىرى بىر ـ بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى شەكلىگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تېخىمۇ ياخشى كۆرۈۋېلىشى ئۈچۈن، ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىغا (ئۇچماي) مېڭىپ كەلدى. ھەر بىر قۇش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىكى بېشىنى ئالغىلى (ئۇنىڭ ئالدىغا) كېلىشكە باشلىدى. ئەگەر (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام) ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بېشىدىن باشقا بىر باشنى بەرسە، ئۇ قۇش ئۇنىڭغا ئۇنۇمىدى. ئەگەر ئۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بېشىنى بەرسە، ئۇ اللّٰه تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن جىسمىغا قۇراشتۇرۇلۇپ قالدى.

﴿بىلگىنكى، اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ ئۇنى ھېچقانداق نەرسە يېڭەلمەيدۇ. ئۇ خالىغان ھەرقانداق نەرسە ھېچ بىر توسالغۇسىز بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ناھايىتى قۇدرەتلىكتۇر. ھەممە نەرسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغۇچىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىدا، سۆزلىرىدە ۋە يولغا قويغان ئىشلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

﴿«ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قارار تاپسۇن ئۈچۈن (كۆرۈشنى تىلەيمەن)»﴾ ئابدۇرازاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مېنىڭ قارىشىمچە، قۇرئاندا بۇ ئايەتتىن باشقا الله نىڭ رەھمىتى (بەك) ئۈمىد قىلىنىدىغان ئايەت يوقتۇر.

ئىبنى ئەبۇھاتەم مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئابباس ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاسقا ئۇچراپ قېلىپ: سېنىڭ قارىشىڭچە، قۇرئاننىڭ قايسى ئايىتىدە الله تائالانىڭ رەھمىتى بەك ئۈمىد قىلىنىدۇ؟ ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس: ﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1] دېگەن ئايەت، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئىبنى ئابباس مەن الله تائالانىڭ: **﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن» دېدى. الله : «(ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم: «ئىشەندىم...﴾** دېگەن ئايىتىدە الله تائالانىڭ رەھمىتى بەك ئۈمىدلىكرەكمىكىن دەيمەن. چۈنكى، الله ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ: **﴿ئىشەندىم﴾** دېگەن سۆزىگە رازى بولدى. بۇ ئايەت شەيتاننىڭ كىشىلەرنىڭ دىلىدا پەيدا قىلغان ۋەسۋەسىنى يوقىتىش ئۈچۈندۇر، ـ دېدى.

****

مَّثَلُ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنۢبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِى كُلِّ سُنۢبُلَةٍ مِّا۟ئَةُ حَبَّةٍ ۗ وَٱللَّهُ يُضَٰعِفُ لِمَن يَشَآءُ ۗ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٦١﴾

الله نىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ. الله خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. الله نىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر (الله مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر)﴿261﴾.

الله نىڭ يولىدا سەرپ قىلىنىدىغان پۇل ـ مالغا بېرىلىدىغان ساۋاب توغرىسىدا

بۇ (الله تائالانىڭ) الله يولىدا ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ (ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى) سەرپ قىلغان كىشىگە ساۋابىنى نەچچە ھەسسىلەپ بېرىدىغانلىقى ۋە بىر ياخشىلىق ئۈچۈن 700 ھەسسىگىچە ساۋاب بېرىدىغانلىقىغا كەلتۈرگەن مىسالىدۇر. الله (بۇ مىسالنى كەلتۈرۈپ) مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله نىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ﴾** سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: يەنى الله نىڭ دەرگاھىدا ساۋاب بولىدىغان ئىش ئۈچۈن دېگەنلىك بولىدۇ.

(1) زۇمەر سۈرىسى 53ـ ئايەت.

مەكھۇل مۇنداق دەيدۇ: يەنى (مال ـ مۈلۈكنى) ئات ئېلىپ قويۇش، قورال ۋە باشقا تەييارلىقلارغا ئوخشاش الله تائالانىڭ يولىدىكى جىھادقا لازىملىق نەرسىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىش دېگەنلىك بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەستە تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن، "700 ھەسسە" دەپلا قويغاندىن، مۇشۇنداق مىسال كەلتۈرۈش تېخىمۇ ياخشىراق. (چۈنكى)، بۇ مىسالدا خۇددى ياخشى يەرگە زىرائەت تېرىغان كىشىنىڭ زىرائىتى ئۆسۈپ ئاۋۇپ چىققاندەك، الله ياخشى ئىش قىلغان كىشىگە ھەسسىلەپ ئەجىر بېرىدىغانلىقىغا ئىشارەت بار. تۆۋەندىكى ھەدىسلەر بىر ياخشىلىقنىڭ 700 ھەسسىگىچە ئاۋۇيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلدى.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇمەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى الله نىڭ يولىدا بۇرنىغا (چۇلۇڭ) ئۆتكۈزۈپ قويغان بىر تۆگىنى سەدىقە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا): «ئۇ (ساڭا) قىيامەت كۈنى بۇرنىغا (چۇلۇڭ) ئۆتكۈزۈلگەن 700 تۆگە بولۇپ كېلىدۇ» دېدى. ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا): «بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا قىيامەت كۈنى 700 تۆگە بار» دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھەرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئادەم بالىسىنىڭ روزا تۇتقاندىن باشقا ئەمەل ـ ئىبادىتىنىڭ ساۋابى نەچچە ھەسسىگىچە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. بىر ياخشىلىققا 10 دىن 700 گىچىلىك ساۋاب بېرىلىدۇ. الله خالىغىنى بويىچە كۆپەيتىپ بېرىدۇ. (ئەمما روزا توغرىسىدا) الله مۇنداق دەيدۇ: روزا تۇتقانىنىڭ ساۋابى مەن ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزەم بېرىمەن. ئۇ مېنى دەپ ئۇزۇقلىنىشنى ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەرك ئەتتى. روزا تۇتقان كىشى ئۈچۈن ئىككى خۇشاللىق بار؛ بىر خۇشاللىق ئىپتار قىلغاندا، (يەنە) بىر خۇشاللىق (قىيامەت كۈنى) ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئۇچراشقاندا. شۈبھىسىزكى، روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئاغزىنىڭ پۇرىقى الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ئىپارنىڭ پۇرىقىدىنمۇ خۇشبۇيراق پۇرايدۇ. روزا (دوزاختىن توسۇپ تۇرىدىغان) پەردىدۇر».

﴿**الله خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ**﴾ يەنى ئۇ ھەسسىلەپ بېرىش قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتتىكى ئىخلاسىغا قارىتا بولىدۇ. ﴿**الله نىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر (الله مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر)**﴾ ئۇنىڭ مەرھەمىتى ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن جىقتۇر. ئۇ مەرھەمەتكە ھەقلىق ۋە ھەقسىز كىشىنى بىلگۈچىدۇر.

****

ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ثُمَّ لَا يُتْبِعُونَ مَآ أَنفَقُوا۟ مَنًّا وَلَآ أَذًى لَّهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ
وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٢٦٢﴾ ۞ قَوْلٌ مَّعْرُوفٌ وَمَغْفِرَةٌ خَيْرٌ مِّن صَدَقَةٍ يَتْبَعُهَآ أَذًى
وَٱللَّهُ غَنِىٌّ حَلِيمٌ ﴿٢٦٣﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تُبْطِلُوا۟ صَدَقَٰتِكُم بِٱلْمَنِّ وَٱلْأَذَىٰ كَٱلَّذِى يُنفِقُ مَالَهُۥ رِئَآءَ
ٱلنَّاسِ وَلَا يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ ۖ فَمَثَلُهُۥ كَمَثَلِ صَفْوَانٍ عَلَيْهِ تُرَابٌ فَأَصَابَهُۥ وَابِلٌ فَتَرَكَهُۥ صَلْدًا ۖ
لَّا يَقْدِرُونَ عَلَىٰ شَىْءٍ مِّمَّا كَسَبُوا۟ ۗ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٢٦٤﴾

پۇل ـ مېلىنى الله يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير ـ ساخاۋەتكە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ،

ئۇلارغا (قىيامەت كۈنى) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ﴿262﴾. ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش كېيىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر. الله (بەندىلەرنىڭ سەدىقىسىدىن) بىھاجەتتۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴿263﴾. ئى مۆمىنلەر! پۇل ـ مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق (پۇل ـ مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا ـ چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ. الله كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴿264﴾.

قىلغان سەدىقىسىگە مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن توسۇش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ يولىدا مال ـ مۈلۈكنى سەرپ قىلغان، ئۆزلىرى سەدىقە بەرگەن كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن مىننەت قىلمىغان كىشىلەرنى مەدھىيىلەيدۇ.

﴿**رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرى ياخشىلىق قىلغان كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقنى بىكار قىلىۋېتىدىغان دەرىجىدە ئەزىيەت بەرمەيدۇ. ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ناھايىتى كۆپ مۇكاپات ۋەدە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىغا (مۇكاپات) بېرىش باشقا بىرسىنىڭ قولىدا ئەمەس، بەلكى الله نىڭ قولىدىدۇر.

﴿**ئۇلارغا (قىيامەت كۈنى) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار قىيامەتنىڭ قورقۇنچ ئىشلىرىدىن غەم قىلمايدۇ. ئۇلار بالا ـ چاقىلىرىنى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى دۇنيادا قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەسرەتلەنمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرى دۇنيادا تاشلاپ كەتكەن نەرسىدىن ياخشىراق نەرسىگە ئېرىشتى.

﴿**ياخشى سۆز**﴾ يەنى مۇسۇلمان ئۈچۈن ياخشى سۆز ۋە دۇئا قىلىش؛ ﴿**ۋە كەچۈرۈش**﴾ يەنى سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەت ئارقىلىق بولۇپ قالغان ئۇۋالچىلىقنى كەچۈرۈۋېتىش ﴿**كېيىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر**﴾.

﴿**الله (بەندىلەرنىڭ سەدىقىسىدىن) بىھاجەتتۇر**﴾ يەنى ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن بىھاجەتتۇر. ﴿**ھەلىمدۇر (يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگۈچى ۋە (ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزۈپ سالغان خاتالىقلىرىنى) ئەپۇ قىلغۇچىدۇر.

سەدىقە قىلغاندىن كېيىن مىننەت قىلىشنى توسۇش ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بار. ئىمام مۇسلىم ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى الله سۆزلىمەيدىغان، قارىمايدىغان، پاكلىمايدىغان ۋە قاتتىق ئازاب بولىدىغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى بار. (بۇلار): بەرگەن نەرسىسىگە مىننەت قىلىدىغان، ئىشتىنىنى (تەكەببۇرلۇق يۈزىسىدىن) ئۇزۇن سۆرەپ كىيىدىغان، ساتماقچى بولغان نەرسىسىنى يالغان قەسەم بىلەن (مەسىلەن، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇنى مۇنچە پۇلغا بەرمىدىم دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن) داڭلاپ ياخشى باھاغا ساتىدىغان كىشىلەر».

﴿ئى مۆمىنلەر! بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾ (الله) بۇ ئايەتتە مىننەت ۋە ئەزىيەتنىڭ سەۋەبى بىلەن سەدىقىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقىدىن، ئۇنىڭ ساۋابىنىڭ بېرىلمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

﴿پۇل - مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغانلارغا ئوخشاش﴾ يەنى (كىشىلەرگە) بەرگەن سەدىقىسىدىن الله نىڭ رىزالىقىنى ۋە ئۇنىڭ كۆپ ساۋاب بېرىشىنى ئۈمىد قىلماي، ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ ئۇنى ماختىشىنى ياكى (كىشىلەر مېنى) سېخىي دېسۇن دېگەنگە ئوخشاش بۇ دۇنيالىق مەقسەتلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەدىقە قىلغان كىشى سەدىقىسىنى بىكار قىلىۋەتكەندەك، سىلەرمۇ سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت بېرىش ئارقىلىق بىكار قىلىۋەتمەڭلار.

﴿الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە)﴾ ئاندىن الله تائالا باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەدىقە قىلغان كىشىگە مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇنداق (پۇل - مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا - چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ﴾ يەنى ئۇ قاتتىق يامغۇر ئاشۇ تاشنىڭ ئۈستىدىكى چاڭ توزاڭنى ئازراقمۇ قويماي ئېقىتىۋېتىپ، ئۇ تاشنى پاك - پاكىزە، سىلىق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانغا ئوخشاش، رىيا ئۈچۈن سەدىقە قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەمەل - ئىبادەتلىرىمۇ كىشىلەرگە كۆرۈنۈشتە ئەمەل - ئىبادەتتەك كۆرۈنسىمۇ، الله تائالانىڭ دەرگاھىدا تاشنىڭ مىسالىغا ئوخشاش ھەممىسى يوقىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ. الله كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾.

* * * * * * *

وَمَثَلُ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُمُ ٱبْتِغَآءَ مَرْضَاتِ ٱللَّهِ وَتَثْبِيتًا مِّنْ أَنفُسِهِمْ كَمَثَلِ
جَنَّةٍۭ بِرَبْوَةٍ أَصَابَهَا وَابِلٌ فَـَٔاتَتْ أُكُلَهَا ضِعْفَيْنِ فَإِن لَّمْ يُصِبْهَا وَابِلٌ فَطَلٌّ وَٱللَّهُ بِمَا
تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٢٦٥﴾

ماللىرىنى الله نىڭ رازىلىقىنى تىلەش ۋە نەپسلىرىنى (سەدىقە - ئېھسانغا) ئادەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن سەرپ قىلىدىغانلار ئېگىزلىككە جايلاشقان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولسا مېۋىسى ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدىغان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولمىسا شەبنەم بىلەنمۇ قانىدىغان (يەنى قايسى ھالدا بولسۇن مېۋە بېرىدىغان) بىر باغقا ئوخشايدۇ (دېمەك، بۇنداق

خەيرى ـ ساخاۋەتلىك ئادەم مېلى كۆپ بولسا كۆپكە يارىشا، ئاز بولسا ئازغا يارىشا بېرىدۇ). الله قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿265﴾.

بۇ ئايەتتە كەلتۈرگەن مىسال ماللىرىنى الله نىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ سەدىقە قىلغان كىشىنىڭ مىسالىدۇر. **﴿ۋە نەپسلىرىنى (سەدىقە ـ ئېھسانغا) ئادەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن سەرپ قىلىدىغانلار﴾** يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغان سەدىقىسى ئۈچۈن الله نىڭ ئۇلارغا تولۇق ئەجىر بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىدى. مۆمىن قىلغان ئەمەل ـ ئىبادىتىنىڭ ئەجرىنى الله تائالانىڭ بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆئمىنىنىڭ قىلغان ئەمەل ـ ئىبادىتىنىڭ ئەجرىنى الله تائالانىڭ بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى رامىزانىنىڭ روزىسىنى (ئۇ روزىنىڭ الله تەرىپىدىن بۇيرۇلغانلىقىغا) ئىشەنگەن ۋە (ئۇنىڭ ساۋابىنى الله تائالادىن) ئۈمىد قىلغان ھالەتتە تۇتسا، ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ».

﴿ئېگىزلىككە جايلاشقان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولسا مېۋىسى ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدىغان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولمىسا شەبنەم بىلەنمۇ قانىدىغان (يەنى قايسى ھالدا بولسۇن مېۋە بېرىدىغان) بىر باغقا ئوخشايدۇ﴾ كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىچە، بۇ يەر يۈزىدىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان تۈزلەڭلىكتىكى باغدۇر. ئىبنى ئابباس بىلەن زەھھاك: ئۇنىڭدا ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان باغ، ـ دەپ ئۆستەڭلەرنى قوشۇپ قويىدى.

﴿شەبنەم بىلەنمۇ قانىدىغان﴾ يەنى بۇ باغ ئاشۇ ياخشى تۇپراقتا بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭغا قاتتىق يامغۇر يېغىپ سۇ كەلمىسىمۇ، ئازراق شەبنەمدەك ھۆلمۇ يېتەرلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك مۆمىنىنىڭ ئەمەل ـ ئىبادىتى ھەرگىزمۇ بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. بەلكى الله ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ بېرىدۇ. شۇڭا الله مۇنداق دېدى: **﴿الله قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى ئۇنىڭغا بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن كىچىككىنە بىر نەرسىمۇ يوشۇرۇن بولمايدۇ.

* * * * * * *

أَيَوَدُّ أَحَدُكُمْ أَن تَكُونَ لَهُۥ جَنَّةٌ مِّن نَّخِيلٍ وَأَعْنَابٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ لَهُۥ فِيهَا مِن كُلِّ
ٱلثَّمَرَٰتِ وَأَصَابَهُ ٱلْكِبَرُ وَلَهُۥ ذُرِّيَّةٌ ضُعَفَآءُ فَأَصَابَهَآ إِعْصَارٌ فِيهِ نَارٌ فَٱحْتَرَقَتْ ۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ
لَكُمُ ٱلْءَايَٰتِ لَعَلَّكُمْ تَتَفَكَّرُونَ ﴿٢٦٦﴾

ئاراڭلاردا كىممۇ ياقتۇرسۇنكى، ئۇنىڭ خورمىلىق، ئۈزۈملۈك، ئاستىدىن ئېرىقلار ئېقىپ تۇرىدىغان، مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىللىرى بولغان بىر بېغى بولسۇن، ئۇنىڭ ئۆزى قېرىپ قالغان، بالىلىرى ئۇششاق بولۇپ، (بۇ باغ) ئوت ئېلىپ كەلگەن بىر قارا بوراندا كۆيۈپ كەتسۇن. سىلەرنىڭ ئويلىنىشىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە ئايەتلىرىنى شۇنداق (گۈزەل مىسال بىلەن) بايان قىلىدۇ (يەنى پۇل ـ مېلىنى رىيا ئۈچۈن سەرپ قىلغان ياكى باشقىلارغا رەنجىتىش، مىننەت قىلىش بىلەن سەرپ قىلغان ئادەم ساۋابىنى ئەڭ موھتاج تۇرۇقلۇق يوقىتىپ قويغان بولىدۇ)﴿266﴾.

ياخشى ئىشلارنىڭ ساۋابىنىڭ يامان ئىشلار تۈپەيلىدىن يوقاپ كېتىدىغانلىقى

ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس ۋە ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ساھابىلەردىن: ﴿**ئاراڭلاردا كىممۇ ياقتۇرسۇنكى، ئۇنىڭ خورمىلىق، ئۈزۈملۈك، ئاستىدىن ئېرىقلار ئېقىپ تۇرىدىغان، مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىللىرى بولغان بىر بېغى بولسۇن**﴾ دېگەن بۇ ئايەت كىم ھەققىدە چۈشكەن دەپ قارايسىلەر؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار: **اللە** بىلگۈچىدۇر، - دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر: بىلىمىز ياكى بىلمەيمىز دەڭلار! - دەپ ئاچچىقلىدى. ئاندىن ئىبنى ئابباس: ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! (بۇ ئايەت ھەققىدە) مەن كۆڭلۈمدە مۇنداق ئويلايمەن، - دېدى. ئۆمەر: ئى بۇرادىرىمنىڭ ئوغلى! (كۆڭلۈڭدىكى گەپنى) دېگىن، ئۆزەڭنى ئاددىي كۆرمىگىن، - دېدى. ئىبنى ئابباس: بۇ ئايەت بىر ئەمەلگە مىسال قىلىپ كەلتۈرۈلدى، - دېدى. ئۆمەر: قانداق ئەمەلگە؟ - دەپ سورىدى. ئىبنى ئابباس: **اللە** تائالاغا ئەمەل - ئىبادەت قىلىش بىلەن بولغان، ئاندىن **اللە** ئۇنىڭغا شەيتاننى ئەۋەتسە (ئۇ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپ)، يامان ئىشلارنى قىلغان، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قىلغان ئەمەل - ئىبادەتلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كەتكەن بىر كىشى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىسال، - دېدى.

بۇ ھەدىس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى ۋە ئۇنىڭدا كەلگەن ئاۋۋال ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ئاندىن يامان ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق بۇرۇنقى ياخشى ئىشلىرىنى يامان ئىشلار بىلەن تېگىشىۋەتكەن كىشىنىڭ مىسالىنى ئوچۇق بايان قىلىپ كەلدى. **اللە** تائالاغا سېغىنىپ، بىزنىڭ ئەمەللىرىمىزنىڭ ئۇنداق بولۇپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمىز!

بۇ ھەدىس يەنە ئۆزىنىڭ يامان ئىشى بىلەن بۇرۇنقى ياخشى ئىشىنى بىكار قىلىۋەتكەن، بۇرۇنقى ياخشى ئەمەلىنىڭ ساۋابىغا موھتاج بولغان ئەڭ قىيىن ئەھۋالدا (ئۇنىڭغا) ئېرىشەلمىگەن كىشىنىڭ مىسالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

﴿**ئۇنىڭ ئۆزى قېرىپ قالغان، بالىلىرى ئۇششاق بولۇپ، (بۇ باغ) ئوت ئېلىپ كەلگەن بىر قارا بوراندا كۆيۈپ كەتسۇن**﴾ يەنى بۇ بوران ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ۋە دەرەخلىرىنى قومۇرۇۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ھالى قانداق بولۇپ كېتىدۇ؟

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەۋفىيدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **اللە** ناھايىتى ياخشى مىساللارنى كەلتۈرگۈچىدۇر. **اللە** ياخشى مىسالدىن بىرنى كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاراڭلاردا كىممۇ ياقتۇرسۇنكى، ئۇنىڭ خورمىلىق، ئۈزۈملۈك، ئاستىدىن ئېرىقلار ئېقىپ تۇرىدىغان، مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىللىرى بولغان بىر بېغى بولسۇن**﴾ يەنى ئۇ باغدىن ﴿**ئۇنىڭ ئۆزى قېرىپ قالغان**﴾ دا ئايرىلىپ قالدى. ئۇ قېرىغاندا بالا - چاقىلىرى تېخى (كىچىك) كۈچىگە يەتمىگەن ھالەتتە ئىدى. ئوت ئارىلاش قاتتىق شامال كېلىپ ئۇنىڭ بېغىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇرۇنقىدەك باغ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن پۇت قوللىرىدا ماغدۇر قالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ بىرەرسىنىڭ بۇ باغنى قايتا يېتىشتۈرۈشكە قۇربى يەتمەيتتى. بۇ باغقا مېۋە تىكىپ ئۇنى قايتا يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭدا كۈچ - قۇۋۋەت قالمىغان (ياكى ئۇ ئاۋات قىلالمىغان باغنى ئۇنىڭ بالىسى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىز باسار بولالمايدىغان، ئۇ باغقا ناھايىتى ئېھتىياجلىق) چاغدا ئۇ باغنىڭ مېۋىسى كۆيۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ باغقا سىڭدۈرگەن ئەجرى بىكار بولۇپ كەتكەنگە ئوخشاش، قىيامەت كۈنى كاپىرمۇ **اللە** تەرىپىگە

قايتۇرۇلغاندا، ئۆزىگە ئەسقاتقۇدەك بىرەر ياخشىلىقمۇ تاپالمايدۇ ۋە ئۇ الله تائالانىڭ جەننىتىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقتىدا ئۇنىڭدىنمۇ قۇرۇق قالىدۇ.

شۇنىڭدەك، ھاكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئادا مۇنداق دەيدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئى الله! مەن قېرىغان ۋاقتىمدا ۋە ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ماڭا رىزقىمنى كەڭرى قىلىپ بەرسەڭ!»

﴿سىلەرنىڭ ئويلىنىشىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە ئايەتلىرىنى شۇنداق (گۈزەل مىسال بىلەن) بايان قىلىدۇ (يەنى پۇل ـ مېلىنى رىيا ئۈچۈن سەرپ قىلغان ياكى باشقىلارغا رەنجىتىش، مىننەت قىلىش بىلەن سەرپ قىلغان ئادەم ساۋابىنى ئەڭ موھتاج تۇرۇقلۇق يوقىتىپ قويغان بولىدۇ)﴾ يەنى مىساللارنى چۈشىنىپ، ئۇلاردىن مەقسەت قىلىنغان مەنىلەرنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن الله شۇنداق بايان قىلىپ بەردى. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئىنسانلارغا (قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ﴾[1].

****

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَنفِقُواْ مِن طَيِّبَٰتِ مَا كَسَبۡتُمۡ وَمِمَّآ أَخۡرَجۡنَا لَكُم مِّنَ ٱلۡأَرۡضِۖ وَلَا تَيَمَّمُواْ ٱلۡخَبِيثَ مِنۡهُ تُنفِقُونَ وَلَسۡتُم بِـَٔاخِذِيهِ إِلَّآ أَن تُغۡمِضُواْ فِيهِۚ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ ﴿٢٦٧﴾ ٱلشَّيۡطَٰنُ يَعِدُكُمُ ٱلۡفَقۡرَ وَيَأۡمُرُكُم بِٱلۡفَحۡشَآءِۖ وَٱللَّهُ يَعِدُكُم مَّغۡفِرَةً مِّنۡهُ وَفَضۡلًاۗ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٦٨﴾ يُؤۡتِي ٱلۡحِكۡمَةَ مَن يَشَآءُۚ وَمَن يُؤۡتَ ٱلۡحِكۡمَةَ فَقَدۡ أُوتِيَ خَيۡرًا كَثِيرًاۗ وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّآ أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ ﴿٢٦٩﴾

ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر) نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار؛ ئۆزەڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئىلغاپ سەدىقە قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، الله (بۇنداق سەدىقەڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر﴿267﴾. شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا (يەنى بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ؛ الله سىلەرگە ئۆز مەغپىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ. الله نىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿268﴾. ھېكمەتنى (يەنى ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ؛ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ﴿269﴾.

الله يولىدا پاك ۋە ھالال مالنى ئىشلىتىشكە رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

الله مۆمىن بەندىلىرىنى (الله يولىدا) سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: الله مۆمىنلەرنى (ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن) ماللارنىڭ ۋە (ئۇلارغا زېمىندىن ئۆستۈرۈپ بەرگەن)

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 43 ـ ئايەت.

مېۋە ـ زىرائەتلەرنىڭ ئەڭ پاك، ھالال ۋە ئەڭ ئېسىلىدىن سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇلارنى مالنىڭ ناچىرىدىن سەدىقە قىلىشتىن توسىدۇ. (چۈنكى،) اللہ پاكتۇر، پاكتىن باشقىسنى قوبۇل قىلمايدۇ.

﴿**ئۆزەڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئىلغاپ سەدىقە قىلماڭلار**﴾ يەنى ناچىرىنى بېرىشنى ئويلىماڭلار. ئەگەر ناچىرى سىلەرگە بېرىلگەن بولسا، سىلەر ئۇنى كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ ئالساڭلار ئالىسىلەر، بولمىسا ئالمايسىلەر. اللہ سىلەرنىڭ شۇ ناچار نەرسىلىرىڭلاردىن بىھاجەتتۇر. سىلەر اللہ يولىدا ئۆزەڭلەر ياخشى كۆرمەيدىغان نەرسىنى سەدىقە قىلماڭلار. اللہ تائالانىڭ: ﴿**ئۆزەڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئىلغاپ سەدىقە قىلماڭلار**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: ھالال مالنى قويۇپ ھارام مالدىن سەدىقە قىلماڭلار دېگەنلىك بولىدۇ دېگەن كۆز قاراشلارمۇ بار.

ئىبنى جەرىر بەرا ئىبنى ئازىبنىڭ اللہ تائالانىڭ: ﴿**ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر) نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار؛ ئۆزەڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئىلغاپ سەدىقە قىلماڭلار**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (بۇ ئايەت) ئەنسارىلار ھەققىدە چۈشكەن. ئەنسارىلار خورمىنى يىغىدىغان كۈنلەردە (خورمىلىقتىن) خورمىنى ساپلىرى بىلەن ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىدىكى ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئارغامچىغا ئېسىپ قوياتتى. ئۇنىڭدىن مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرى يەيتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى دۇرۇس بولىدۇ دېگەن گۇمان بىلەن (پىشقىلى بولمايدىغان) پۇچەك خورمىنىمۇ شېخى بىلەن ياخشى خورما بىلەن بىللە ئېسىپ قويماقچى بولغاندا، اللہ بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**ناچارلىرىنى ئىلغاپ سەدىقە قىلماڭلار**﴾.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر سىلەرنىڭ بىر ئادەمدە بىر نەرسەڭلار بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن ناچارراق بىر نەرسىنى ئېلىپ كەلگەن بولسا، سىلەر ئۇنىڭغا رازى بولمايسىلەر ۋە ئۇنى ياخشىسىنىڭ ئورنىغا ئالمايسىلەر. مانا بۇ، اللہ تائالانىڭ: ﴿**ئۆزەڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر. يەنى سىلەر ئۆزەڭلار رازى بولمايدىغان نەرسىنى قانداقمۇ ماڭا راۋا كۆردۈڭلار، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققىم سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ ئېسىلى ئەمەسمۇ؟ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئىبنى ئەبۇھاتەم ۋە ئىبنى جەرىرمۇ رىۋايەت قىلدى. ئىبنى جەرىر اللہ تائالانىڭ: ﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاش دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويىدى.

﴿**اللہ (بۇنداق سەدىقەڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر**﴾ يەنى اللہ سىلەرنى سەدىقە قىلىشقا ۋە ئۇ مالنىڭ ياخشىسىدىن سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇسىمۇ، ئۇ (سىلەرنىڭ سەدىقەڭلەردىن) بىھاجەتتۇر. سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇلۇشۇڭلار پەقەت باي بىلەن پېقىرنىڭ باراۋەر ياشىشى ئۈچۈندۇر.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى اللہ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاشتۇر: ﴿اللہ غا ئۇلارنىڭ

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 92 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

گۈشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، الله غا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر﴾[1] يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممە مەخلۇقاتلىرىدىن بىھاجەتتۇر. ئەمما ئۇنىڭ ھەممە مەخلۇقاتلىرى ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. ئۇنىڭ مەرھەمىتى بەك كەڭرىدۇر. ئۇنىڭ ئىلكىدىكى ياخشىلىق تۈگەپ قالمايدۇ، بىر كىشى ھالال پۇل بىلەن تاپقان مال ـ مۈلكىدىن سەدىقە قىلغان بولسا، ئۇ بىلىپ قويسۇنكى، الله ناھايىتى بايدۇر، كۆپلەپ بەرگۈچىدۇر ۋە ناھايىتى سېخىيدۇر، ئۇنىڭ بەرگەن (كىچىككىنە) سەدىقىسىگە نەچچە ھەسسىلەپ مۇكاپات بەرگۈچىدۇر.

الله تائالا ئۆزىنىڭ سۆزلىرىدە قىلغان ۋە يولغا قويغان ئىشلىرىدا ماختالغۇچىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق زات ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پەرۋەردىگار يوقتۇر.

شەيتاننىڭ سەدىقە قىلغان چاغدا سالىدىغان ۋەسۋەسىلىرى

﴿شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا (يەنى بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ؛ الله سىلەرگە ئۆز مەغپىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ. الله نىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئادەم بالىسىنىڭ دىلىدا شەيتان ئۈچۈن بىر ئورۇن، پەرىشتە ئۈچۈن بىر ئورۇن بار. شەيتان ئۆز ئورنىدا (ئۇنىڭغا) يامانلىقنى ۋەدە قىلىشقا ۋە ھەقنى يالغانغا چىقىرىشقا چاقىرىدۇ. پەرىشتە ئۆز ئورنىدا (ئۇنىڭغا) ياخشىلىقنى ۋەدە قىلىشقا ۋە ھەقنى راستقا چىقىرىشقا چاقىرىدۇ. بۇ چاقىرىققا ئۇچرىغان كىشى، شەكسىز ئۆزىنىڭ الله تائالانىڭ ھەق يولىدا ئىكەنلىكىنى بىلسۇن، الله تائالاغا ھەمدۇ ئېيتسۇن. شەيتاننىڭ چاقىرىقىغا ئۇچرىغان كىشى (الله تائالادىن) شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىسۇن.

ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: **﴿شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا (يەنى بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ؛ الله سىلەرگە ئۆز مەغپىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ. الله تائالانىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾**.

﴿شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ﴾ يەنى شەيتان سىلەرگە قولۇڭلاردىكى ماللارنى چىڭ تۇتقۇزۇش ئۈچۈن سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقۇتىدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن سىلەر ماللىرىڭلارنى الله رازى بولىدىغان ئىشلارغا ئىشلەتمەيسىلەر.

﴿يامان ئىشلارغا (يەنى بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ﴾ يەنى ئۇ سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقۇتۇپ، ماللىرىڭلارنى ياخشى يوللار ئۈچۈن ئىشلىتىشتىن توسۇش بىلەن بىرگە، سىلەرنى گۇناھ بولىدىغان ھارام ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ.

﴿الله سىلەرگە ئۆز مەغپىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ﴾ يەنى شەيتان سىلەرنى يامان ئىشلارغا بۇيرۇغان بولسا، الله سىلەرگە ئۆز مەغپىرىتىنى ۋەدە قىلىدۇ. شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقۇتقان بولسا، الله تائالا سىلەرگە ئۆز مەرھەمىتىنى ۋەدە قىلىدۇ. **﴿الله نىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾**.

---

(1) ھەج سۈرىسى 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھېكمەتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا

﴿ھېكمەتنى (يەنى ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (ھېكمەت دېگەننىڭ مەنىسى) قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى باشقا ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ كەلگەن، ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، مەنىسى ئوچۇق بولغان ۋە مەنىسى ئوچۇق بولمىغان، بۇرۇن چۈشكەن ۋە كېيىن چۈشكەن، ھالالنى، ھارامنى ۋە باشقا ھۆكۈملەرنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەتلەرنى بىلىش دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «ئىككى تۈرلۈك كىشىگە ھەسەت قىلسا بولىدۇ. بىرى الله تائالا پۇل - مال بېرىپ، ئۇنى ياخشى يولغا ئىشلىتىشكە يۈزلەندۈرۈپ قويغان كىشى. يەنە بىرى، الله تائالا ھېكمەت ئاتا قىلىپ، ئۇنى ھېكمەت بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا ۋە ھېكمەتنى باشقىلارغا ئۆگىتىشكە يۈزلەندۈرۈپ قويغان كىشى.»

﴿ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند - نەسىھەت ئالىدۇ﴾ يەنى ۋەز - نەسىھەتتىن سۆزنى چۈشىنەلەيدىغان ئەقىللىق كىشىلەرلا پايدىلىنالايدۇ.

****

وَمَآ أَنفَقْتُم مِّن نَّفَقَةٍ أَوْ نَذَرْتُم مِّن نَّذْرٍ فَإِنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُهُۥ ۗ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ
﴿٢٧٠﴾ إِن تُبْدُوا۟ ٱلصَّدَقَٰتِ فَنِعِمَّا هِىَ ۖ وَإِن تُخْفُوهَا وَتُؤْتُوهَا ٱلْفُقَرَآءَ فَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ ۚ وَيُكَفِّرُ
عَنكُم مِّن سَيِّـَٔاتِكُمْ ۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ ﴿٢٧١﴾

نىيمىنى خەير - ئېھسان قىلماڭلار ياكى (الله نىڭ يولىدا) نىيمىنى ۋەدە قىلماڭلار الله ئۇنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىدۇ. زالىملار (يەنى زاكاتنى مەنئى قىلغۇچىلار ياكى پۇل - مېلىنى گۇناھ ئىشلارغا سەرپ قىلغۇچىلار) غا ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ﴿270﴾. سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار، بۇ ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنى مەخپىي بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار، تېخىمۇ ياخشىدۇر. بۇ، سىلەرنىڭ بەزى گۇناھلىرىڭلارغا كەففارەت بولىدۇ، الله سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴿271﴾.

الله بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ياخشى ئىشلار ئۈچۈن مال - مۈلكىنى سەرپ قىلىدىغان ھەر بىر كىشىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. بۇ بىلىش الله نىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ (مال - مۈلكىنى) سەرپ قىلغان كىشىلەرگە (الله نىڭ) تولۇق مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭغا بويسۇنماي (ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا) خىلاپلىق قىلغان، ئۇنىڭ بەرگەن خەۋىرىگە ئىشەنمىگەن ۋە ئۇنىڭغا باشقا بىر شېرىكنى قوشۇپ ئىبادەت قىلغان كىشىنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿زالىملار (يەنى زاكاتنى مەنئى قىلغۇچىلار ياكى پۇل - مېلىنى گۇناھ ئىشلارغا سەرپ قىلغۇچىلار) غا ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ﴾** يەنى ئۇلارنى قىيامەت كۈنى الله تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان كىشى يوق.

ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن سەدىقە قىلىشنىڭ پەزىلىتى

﴿**سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار، بۇ ياخشىدۇر**﴾ يەنى ئەگەر سەدىقىنى ئاشكارا قىلساڭلار ئۇ ياخشىدۇر.

﴿**ئەگەر ئۇنى مەخپىي بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار، تېخىمۇ ياخشىدۇر**﴾ بۇ ئايەتتە سەدىقىنى مەخپىي قىلىشنىڭ ئۇنى ئاشكارا قىلغانغا قارىغاندا، ياخشى ئىكەنلىكىگە پاكىت بار. چۈنكى، مەخپىي قىلىنغان سەدىقە رىيادىن يىراق بولىدۇ. ئەگەر سەدىقىنى ئاشكارا قىلسا، ئۇنىڭ سەدىقە قىلغانلىقىنى باشقىلار كۆرۈپ، ئۇلارمۇ (ئۇنىڭغا ئەگىشىپ) سەدىقە قىلىدىغان ئىش بولسا، بۇ جەھەتتىن سەدىقىنى ئاشكارا قىلىش ياخشىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «قۇرئاننى ئاشكارا ئوقۇغان كىشى، سەدىقىنى ئاشكارا قىلغان كىشىگە، قۇرئاننى ئىچىدە ئوقۇغان كىشى سەدىقىنى يوشۇرۇن قىلغان كىشىگە ئوخشاشتۇر». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىگە قارىغاندا، ئەسلىدە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى سەدىقىنى يوشۇرۇن قىلىش ياخشى بولىدۇ دېگەنلىكتۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالانىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە يوق. قىيامەت كۈنىدە الله ئۆز سايىسىگە ئالىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئادەم بار: 1 ـ ئادىل (مۇسۇلمان) پادىشاھ. 2 ـ الله نىڭ ئىبادىتىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ياش. 3 ـ قەلبى الله تائالانىڭ مەسچىتىگە باغلانغان كىشى. 4 ـ الله يولىدا دوست بولۇپ، الله ئۈچۈن يىغىلغان ۋە الله ئۈچۈن ئايرىلغان ئىككى كىشى. 5 ـ چىرايلىق ئايال ئۆزىگە چاقىرسا: ”مەن الله دىن قورقىمەن“ دەپ رەت قىلغان كىشى. 6 ـ ئوڭ قولىنىڭ نېمە بەرگەنلىكىنى سول قولى بىلمەي قالغىدەك دەرىجىدە مەخپىي سەدىقە بەرگەن كىشى. 7 ـ يىنھان جايدا الله تائالانى زىكرى قىلىپ ياش تۆككەن كىشى».

﴿**بۇ، سىلەرنىڭ بەزى گۇناھلىرىڭلارغا كەففارەت بولىدۇ**﴾ يەنى سىلەرنىڭ قىلغان سەدىقەڭلەر يوشۇرۇن بولسا، دەرىجەڭلار كۆتۈرۈلۈپ، گۇناھلىرىڭلار كەچۈرۈلۈپ، ياخشىلىققا ئېرىشىسىلەر. ﴿**الله سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر**﴾ يەنى الله يولىدا قىلىنغان سەدىقىدىن ھېچقانداق نەرسە الله تائالادىن يوشۇرۇن بولمايدۇ ۋە (الله) ئۇنىڭغا قارىتا سىلەرگە مۇكاپات بەرگۈچىدۇر.

****

۞ لَّيۡسَ عَلَيۡكَ هُدَىٰهُمۡ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهۡدِي مَن يَشَآءُۗ وَمَا تُنفِقُواْ مِنۡ خَيۡرٖ
فَلِأَنفُسِكُمۡۚ وَمَا تُنفِقُونَ إِلَّا ٱبۡتِغَآءَ وَجۡهِ ٱللَّهِۚ وَمَا تُنفِقُواْ مِنۡ خَيۡرٖ يُوَفَّ إِلَيۡكُمۡ
وَأَنتُمۡ لَا تُظۡلَمُونَ ﴿٢٧٢﴾ لِلۡفُقَرَآءِ ٱلَّذِينَ أُحۡصِرُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ لَا يَسۡتَطِيعُونَ
ضَرۡبٗا فِي ٱلۡأَرۡضِ يَحۡسَبُهُمُ ٱلۡجَاهِلُ أَغۡنِيَآءَ مِنَ ٱلتَّعَفُّفِ تَعۡرِفُهُم بِسِيمَٰهُمۡ
لَا يَسۡـَٔلُونَ ٱلنَّاسَ إِلۡحَافٗاۗ وَمَا تُنفِقُواْ مِنۡ خَيۡرٖ فَإِنَّ ٱللَّهَ بِهِۦ عَلِيمٌ ﴿٢٧٣﴾ ٱلَّذِينَ

يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُم بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ سِرًّا وَعَلَانِيَةً فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلَا
خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٢٧٤﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس (ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشىلەرگە **الله** نىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈشتۇر). لېكىن **الله** خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ. مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، ئۇ ئۆزەڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، سىلەر پەقەت **الله** نىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير ـ ئېھسان قىلىسىلەر (يەنى خەير ـ ئېھسانىڭلار ئۈچۈن **الله** نىڭ رازىلىقىدىن باشقىنى كۆزدە تۇتماڭلار). مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ياخشى ئەمەلىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)﴿272﴾. ئۆزىنى **الله** يولىغا ئاتىغان، (تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەير ـ ئېھسان قىلىنىشى كېرەك. ئەھۋالىنى ئۇقمىغانلار، ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ. مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، **الله** ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر﴿273﴾. ماللىرىنى كېچە ـ كۈندۈز (يەنى ھەممە ۋاقىت)، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەير ـ ئېھسان قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ﴿274﴾.

مۇشرىكلارغا سەدىقە بېرىش توغرىسىدا

ئەبۇئابدۇراھمان نەسەئى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۆمىنلەر مۇشرىكلاردىن بولغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا بىر نەرسە بېرىشنى يامان كۆرەتتى. ئاندىن ئۇلار (بۇ توغرۇلۇق) سورىغاندا ئۇلارغا رۇخسەت قىلىنىپ، بۇ ئايەت چۈشتى: ﴿**ئى مۇھەممەد! ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس (ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشىلەرگە الله نىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈشتۇر). لېكىن الله خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ. مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، ئۇ ئۆزەڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، سىلەر پەقەت الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير ـ ئېھسان قىلىسىلەر (يەنى خەير ـ ئېھسانىڭلار ئۈچۈن الله نىڭ رازىلىقىدىن باشقىنى كۆزدە تۇتماڭلار). مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ياخشى ئەمەلىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)**﴾ **الله** تائالانىڭ: ﴿**مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، ئۇ ئۆزەڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر**﴾ دېگەن بۇ ئايىتىنىڭ مەنىسى: ﴿كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۆزىگىدۇر ۋە يامان ئىش قىلىدىكەن زەرەرىمۇ ئۆزىگىدۇر﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

﴿**مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، ئۇ ئۆزەڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، سىلەر پەقەت الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير ـ ئېھسان قىلىسىلەر (يەنى خەير ـ ئېھسانىڭلار ئۈچۈن الله نىڭ رازىلىقىدىن باشقىنى كۆزدە تۇتماڭلار)**﴾ ھەسەنبەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۆمىنىنىڭ قىلغان سەدىقىسى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، مۆمىن سەدىقە قىلسا، **الله** تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىدۇ.

ئەتا خۇراسانىي مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر سەن سەدىقىنى **الله** تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ بەرسەڭ، سەدىقە ئالغۇچى ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئىش قىلسۇن، ساڭا ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ. يەنى بىر كىشى سەدىقىنى **الله** نىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ قىلغان بولسا، سەدىقە ئالغۇچى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، سەدىقىغە ھەقلىق نامرات كىشى ياكى ھەقلىق بولمىغان باي كىشى بولسۇن، ئۇ سەدىقىنى **الله** تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۇنىڭغا ئەجىر ۋە ساۋاب بېرىلىدۇ.

الله تائالانىڭ: **﴿مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ياخشى ئەمەلىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)﴾** دېگەن ئايىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشى: مەن بۇ كېچە چوقۇم بىر سەدىقە بېرىمەن دېدى ـ دە، ئۆزىنىڭ بەرمەكچى بولغان سەدىقىسىنى (بىلمەستىن) يامان يولدىكى بىر ئايالغا بېرىپ قالدى. كىشىلەر ئۇنى: سەن بۇزۇق ئايالغا سەدىقە قىلدىڭمۇ؟ ـ دەپ ئەيىبلەشتى. ئۇ: ئى **الله** ! مەن بۇزۇق ئايالغا سەدىقە قىلىپ قاپتىمەن. بۇنىڭغىمۇ (ساڭا) ھەمدۇسانالار بولسۇن! مەن بۇ كېچە چوقۇم بىر سەدىقە بېرىمەن، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ بەرمەكچى بولغان سەدىقىسىنى بىر باي كىشىگە بېرىپ قالدى. كىشىلەر ئۇنى: سەن كېچىدە بىر بايغا سەدىقە قىلدىڭمۇ؟ ـ دەپ ئەيىبلەشتى. ئۇ: ئى **الله** ! مەن بىر بايغا سەدىقە قىلىپ قاپتىمەن. بۇنىڭغىمۇ (ساڭا) ھەمدۇ سانالار بولسۇن! مەن بۇ كېچە چوقۇم بىر سەدىقە بېرىمەن، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ بەرمەكچى بولغان سەدىقىسىنى بىر ئوغرىغا بېرىپ سالدى. كىشىلەر ئۇنى يەنە: سەن بىر ئوغرىغا سەدىقە قىلدىڭمۇ؟ ـ دەپ ئەيىبلىگىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ئى **الله** ! سەدىقەمنى بۇزۇق ئايالغا، بايغا ۋە ئوغرىغا بېرىپ قاپتىمەن. بۇنىڭغىمۇ (ساڭا) ھەمدۇسانالار بولسۇن، ـ دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا بىرسى كېلىپ: (ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەن كىشى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ ئىختىلاپى بار. لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭ قېشىغا كەلگىنى پەرىشتە دېگەن سۆز كۆچلۈكرەكتۇر) سېنىڭ بەرگەن سەدىقەڭ قوبۇل بولدى. بەلكىم بۇزۇق ئايال سېنىڭ (ئۇنىڭغا) بەرگەن سەدىقەڭ بىلەن ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان بۇزۇقچىلىقىدىن يېنىشى، باي كىشى ئىبرەت ئېلىپ، ئۇمۇ (**الله** ئۇنىڭغا بەرگەن مال ـ مۈلكىدىن) سەدىقە بېرىشى، ئوغرىمۇ سېنىڭ (ئۇنىڭغا) بەرگەن سەدىقەڭ بىلەن ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئوغرىلىقىدىن يېنىشى مۇمكىن، ـ دېدى» .

سەدىقىگە ھەقلىق كىشىلەر توغرىسىدا

﴿ئۆزىنى الله يولىغا ئاتىغان﴾ يەنى سەدىقە **الله** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن ھىجرەت قىلىپ مەدىنىدە تۇرغان، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايدىغان يولى بولمىغان مۇھاجىرلارغا ھەقلىقتۇر. **﴿(تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەير ـ ئېھسان قىلىنىشى كېرەك﴾** يەنى ئۇلار تىجارەت قىلىپ ياشاش ئۈچۈن سەپەرمۇ قىلالمايدۇ.

﴿ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار، ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان

قىلىدۇ﴾ يەنى مۇھاجىرلارنىڭ ئىشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلمىگەن كىشى ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋە سۆز ـ ھەرىكىتىدىكى سىپايىلىقىغا قاراپ، ئۇلارنى بايمىكىن دەپ گۇمان قىلىدۇ. (ھەقىقىي پېقىرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىر ياكى ئىككى تال خورما، بىر ياكى ئىككى لوقما تائام، بىر ياكى ئىككى چىشلەم نەرسىگە ئېرىشىپ، ئۆيمۇ ئۆي ئايلىنىپ يۈرىدىغان كىشى ھەقىقىي مىسكىن ئەمەس، ھەقىقىي مىسكىن دېگەن ئۆزىگە يېتەرلىك نەرسىنى تاپالمىغان بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزمىگەنلىكتىن ئۇنىڭغا سەدىقە بەرمىگەن ۋە ئىپپەتلىكىدىن كىشىلەردىن بىر نەرسىمۇ سورىمىغان كىشىدۇر».

﴿ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن﴾ يەنى ئەقىللىق كىشىلەر ئۇ پېقىرلارنى ئۇلارنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشتەك سۈپەتلىرى ئارقىلىق تونۇيدۇ. **﴿كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ﴾** يەنى ئۇلار بىر نەرسە سورىغاندا، چىڭ تۇرۇپ چاپلىشىۋالمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى موھتاج بولمىغان نەرسىلەرگە كىشىلەرنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەيدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئانام مېنى بىر نەرسە تىلەپ كېلىشىم ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنىڭ قېشىغا كەلدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى قىزغىن قارشى ئېلىپ مۇنداق دېدى: «بىر كىشى (**الله** دىن) باي بولۇشنى سورىسا، **الله** ئۇنى باي قىلىدۇ. بىر كىشى (**الله** دىن) ئىپپەتلىك بولۇشنى تىلىسە، **الله** ئۇنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ. بىر كىشى كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلەشتىن ساقلىنىشنى تىلىسە، **الله** ئۇنىڭغا تىلىگىنىنى بېرىدۇ. بىر كىشى بىر نەچچە كىلو (ئاشلىق سېتىۋالغىدەك) پۇلى بار تۇرۇپ، كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىسا، شەكسىز (ئۇ بىر نەرسە تىلەشتە كىشىلەرگە) چاپلىشىۋالغان بولىدۇ». شۇنىڭ بىلەن مەن: مېنىڭ سېرىق تۆگەم بىر نەچچە كىلو ئاشلىقتىنمۇ ياخشىراقتۇر دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسە سورىمايلا قايتىپ كەلدىم.

﴿مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، الله ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر﴾ (كىشىلەرنىڭ قىلغان) ياخشىلىقىدىن **الله** تائالاغا ھېچقانداق نەرسە يوشۇرۇن بولمايدۇ. **الله** تائالا (ياخشىلىق قىلغان كىشىلەر) قىيامەت كۈنى مۇكاپاتقا ئەڭ موھتاج بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئۇلارغا تولۇق مۇكاپات بەرگۈچىدۇر.

سەدىقە قىلغان كىشىلەرنى مەدھىيىلەش توغرىسىدا

﴿ماللىرىنى كېچە ـ كۈندۈز (يەنى ھەممە ۋاقىت)، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەير ـ ئېھسان قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ﴾ بۇ، **الله** تائالانىڭ ئۇنىڭ يولىدا ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ كېچە ـ كۈندۈز ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ھالەتتە (ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى) سەدىقە قىلغان كىشىلەرنى ماختىغانلىقىدۇر. بۇنىڭ ئىچىگە ئۆزلىرىنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى خوتۇن ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا سەرپ قىلغان كىشىلەرمۇ كىرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى پەتھى قىلغان يىلى (يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىدالىشىش ھەججىنى قىلغان يىلى) سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاسنىڭ كېسىلىنى كۆرگىلى بارغاندا، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «سەن ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئېغىزىغا بىر نەرسە سېلىپ قويغان كىچىككىنە ياخشى

ئىشىگىدىمۇ الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ قىلساڭ، ئۇنىڭ بىلەن بىر دەرىجە كۆتۈرۈلىسەن»».

ئىمام ئەھمەد ئەبۇمەسئۇد رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىنسان پۇل ـ ماللىرىنى ئۆزىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىغا الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ سەرپ قىلسا، ئۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم سەدىقە ھېسابلىنىدۇ».

﴿خەير ـ ئېھسان قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ﴾ يەنى ئۇلار قىلغان ياخشى ئىشلىرى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاپ تاپىدۇ. ﴿ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ﴾.

****

ٱلَّذِينَ يَأۡكُلُونَ ٱلرِّبَوٰاْ لَا يَقُومُونَ إِلَّا كَمَا يَقُومُ ٱلَّذِي يَتَخَبَّطُهُ ٱلشَّيۡطَٰنُ مِنَ ٱلۡمَسِّۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ قَالُوٓاْ إِنَّمَا ٱلۡبَيۡعُ مِثۡلُ ٱلرِّبَوٰاْۗ وَأَحَلَّ ٱللَّهُ ٱلۡبَيۡعَ وَحَرَّمَ ٱلرِّبَوٰاْۚ فَمَن جَآءَهُۥ مَوۡعِظَةٞ مِّن رَّبِّهِۦ فَٱنتَهَىٰ فَلَهُۥ مَا سَلَفَ وَأَمۡرُهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِۖ وَمَنۡ عَادَ فَأُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ٢٧٥

جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله ھارام قىلغان ئىشنى ھالال بىلىپ: «سودا ـ سېتىق، جازانىگە ئوخشاش (جازانە نېمىشقا ھارام بولىدۇ؟)» دېدى. الله سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى، (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى. كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز ـ نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن (يەنى جازانە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن) يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى الله غا تاپشۇرۇلىدۇ (يەنى الله خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ). قايتا جازانە قىلغانلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ﴿275﴾.

جازانىخورلارنى ئەيىبلەش توغرىسىدا

الله يۇقىرىدا ھاجاتمەنلەرگە ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا كېچە ۋە كۈندۈز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۇل ـ ماللىرىنىڭ زاكات ۋە سەدىقىلىرىنى بەرگەن كىشىلەرنى بايان قىلىپ بولۇپ، ئاندىن جازانىخورلار ۋە كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ھەر خىل ھارام يوللار بىلەن يەۋالغان كىشىلەر توغرىسىدا توختالدى. الله ئۇلارنىڭ قەبرىدىن چىقىپ ھېساب مەيدانىغا كېلىپ بولغىچە ئارىلىقتىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ﴾ يەنى ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن يەرگە قاتتىق يىقىلغان كىشى ياكى جىن چاپلىشىۋالغان كىشى ئورنىدىن قوپقاندەك دەلدەڭشىپ قوپىدۇ. ئۇ ناھايىتى سەت قوپۇشتۇر.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: جازانىخور قىيامەت كۈنى قەبرىسىدىن گېلى سىقىلىپ قالغان مەجنۇندەك قوزغىلىدۇ. بۇ سۆز ئىبنى ئەبۇھاتەم، ئەۋف ئىبن مالىك، سەئىد ئىبنى جۇبەير، سۇددى،

رەبىيئ ئىبنى ئەنەس، قەتادە ۋە موقاتىل ئىبنى ھەييان قاتارلىقلاردىنمۇ رىۋايەت قىلىندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشىدە كۆرگەن نەرسىنى سۆزلەپ بەرگەن ئۇزۇن ھەدىسنىڭ داۋامىدا مۇنداق دېگەن: «ئاندىن بىز بىر ئۆستەڭنىڭ يېنىغا كەلدۇق (سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئۆستەڭ قانغا ئوخشاش قىزىل ئىدى دېدىمىكىن دەپ ئويلايمەن دېدى). ئۆستەڭنىڭ ئىچىدە سۇ ئۈزۈپ تۇرغان بىر كىشى، قىرغىقىدا قېشىغا بىرمۇنچە تاشلارنى توپلىۋالغان بىر كىشى بار ئىدى. (ئۆستەڭنىڭ ئىچىدىكى) سۇ ئۈزۈپ تۇرغان كىشى مەلۇم مۇددەت سۇ ئۈزگەندىن كېيىن، تاش توپلىۋالغان كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ (ئۇنىڭغا) ئېغىزىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئاندىن ئۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا تاشتىن بىرنى تاشلاپ قويىدۇ...». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام بۇخارى: سۇ ئۈزۈپ تۇرغان كىشى جازانىخوردۇر، ـ دېدى.

﴿**بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله ھارام قىلغان ئىشنى ھالال بىلىپ: «سودا ـ سېتىق، جازانىگە ئوخشاش (جازانە نېمىشقا ھارام بولىدۇ؟)» دېدى. الله سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى، (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى**﴾ يەنى ئۇلار الله نىڭ شەرىئىتىدىكى ھۆكۈملىرىدىن يۈز ئۆرىگەنلىكى ئۈچۈن، جازانە يېيىشنى ھالال سانىدى. بۇ ئۇلارنىڭ جازانىنى سودا ـ سېتىققا ئوخشاتقانلىقى ئەمەستۇر. چۈنكى، مۇشرىكلار الله قۇرئاندا يولغا قويغان سودا ـ سېتىقنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇلار جازانىنى سودا ـ سېتىققا ئوخشاتقان بولسا، چوقۇم ئۇلار جازانە سودا ـ سېتىققا ئوخشاش، ـ دەيتتى.

لېكىن ئۇلار: ﴿**«سودا ـ سېتىق، جازانىگە ئوخشاش (جازانە نېمىشقا ھارام بولىدۇ؟)» دېدى**﴾ يەنى سودا ـ سېتىق دېگەن جازانىغا ئوخشاش، نېمىشقا جازانە ھارام قىلىنىپ، سودا ـ سېتىق ھالال قىلىنىدىكەن؟ ـ دېيىشىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ الله يولغا قويغان نەرسىگە ئېتىراز بىلدۈرۈشىدۇر. الله تائالانىڭ: ﴿**الله سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى، (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى**﴾ دېگەن ئايىتى ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ سودا ـ سېتىقنىڭ ھۆكمى بىلەن جازانىنىڭ ھۆكمىنىڭ ئايرىلىقىنى ئايرىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلغان ئېتىرازىغا بېرىلگەن رەددىيەنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇشى مۇمكىن.

الله نىڭ ھۆكمىگە ھېچكىم قارشى چىقالمايدۇ. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر ۋە بىلىملىك زاتتۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشى توغرىسىدا سورالمايدۇ، بەلكى ئىنسانلار سورىلىدۇ. ئۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر. ئۇ بەندىلىرىگە پايدىلىق نەرسىنى يولغا قويۇپ، زىيانلىق نەرسىلەردىن ئۇلارنى توسقۇچىدۇر. ئۇ بەندىلىرىگە ئانا كىچىك بالىسىغا مېھرىبان بولغاندىنمۇ بەكرەك مېھرىباندۇر.

﴿**كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز ـ نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن (يەنى جازانە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن) يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى الله غا تاپشۇرۇلىدۇ (يەنى الله خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ)**﴾ يەنى بىر كىشىگە الله نىڭ جازانىدىن توسقانلىقى يەتكەن ھامان ئۇنىڭدىن يانغان بولسا، ئۇنىڭ ئىلگىرى ئالغىنى ئۆزىگە ھېساب بولىدۇ (يەنى الله خالىسا ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلىپ سالغان جازانىخورلىقنى كەچۈرۈۋېتىدۇ).

476

اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆتكەنكى گۇناھنى اللە ئەپۇ قىلدى﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى مۇنداق دېدى: «ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن ئالغان جازانىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئىككى پۇتۇمنىڭ تېگىگە تاشلىنىپ كېتىدۇ (ھەممىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ). مەن بىرىنچى بولۇپ ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان جازانە ئابباسنىڭ جازانىسىدۇر» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى جاھىلىيەت ۋاقتىدا ئالغان جازانىنى قايتۇرۇشقا بۇيرۇماي، بەلكى (ئۇلارنىڭ ئىلگىرى ئالغان جازانىلىرىنى) كەچۈرۈۋەتتى.

اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: **﴿بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى اللە غا تاپشۇرۇلىدۇ (يەنى اللە خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ)﴾** سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە سۇددى اللە تائالانىڭ: **﴿بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە: جازانىنى ھارام قىلىشتىن بۇرۇن ئالغان جازانىسى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ـ دېدى.

﴿قايتا جازانە قىلغانلار﴾ يەنى اللە تائالانىڭ جازانىدىن توسقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، يەنە جازانىخورلۇق قىلغانلار، چوقۇم اللە تائالانىڭ ئازابىنى (ئۆزىگە) لازىم قىلغاب ۋە ئۆزىگە قارشى پاكىت ھازىرلىغان بولىدۇ.

﴿ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ﴾ ئەبۇداۋۇد جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللە تائالانىڭ: **﴿جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ﴾** دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى زېمىننى ئۇنىڭدىن چىقىدىغان ئاشلىقنىڭ ئۈچتىن ياكى تۆتتىن بىرىگە ئىجارىگە ئېلىپ تېرىشنى تاشلىمىسا[2]، ئۇ اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە جەڭ ئېلان قىلسۇن» دېدى.

زېمىندىن چىققان ئاشلىقنىڭ مەلۇم بىر ئۈلۈشىگە زېمىننى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىش، مېۋە دەرىخنىڭ شېخىدىكى ھۆل مېۋە بىلەن يەردىكى قۇرۇق مېۋىنى تېگىشىش ۋە باشاقلاردىكى (يەنى بۇغداي ياكى قوناققا ئوخشاش) دان بىلەن ساپ ئاشلىقنى تېگىشىش ۋە بۇلارغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسى جازانىخورلۇقنىڭ يولىنى ئېتىش ئۈچۈن ھارام قىلىندى. چۈنكى، بۇ ئىككى ئاشلىق (يەنى بىرسى ھۆل ۋە يەنە بىرسى قۇرۇق بولغانلىقى ئۈچۈن) نىڭ مىقدارىنى تەڭشىگىلى بولمايدۇ. شەرىئەتتە ھەرقانداق ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان ۋاستىنىڭ ئۆزى ھارامدۇر.

جازانىنىڭ ھۆكۈملىرى نۇرغۇنلىغان ئالىملارغا قىيىن كەلدى. (شۇڭا) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە چوڭ دادىنىڭ مىراسى، كالالە دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ۋە جازانە بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ تۈرلىرىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇپ كەتكەن بولسا بوپتىكەن دەپ قالدىم، ـ دېگەنىدى.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم نوئمان ئىبنى بەشىردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن ھالالمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا، ھاراممۇ ئوچۇق ـ ئاشكارىدۇر.

---

(1) مائىدە سۈرىسى 95 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) بۇنى چەكلەشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئېلىنىدىغان ھەق ياكى بېرىدىغان ئىجارىنىڭ مىقدارى ئېنىق بولمىغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا بۇمۇ جازانىنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا (ھالال ۋە ھاراملىقى) ئېنىق بولمىغان نەرسىلەر بار. كىمكى (شۇ ھالال ياكى ھاراملىقى) ئېنىق بولمىغان نەرسىلەردىن ساقلانسا، ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىنى (كەمچىلىكتىن) ۋە ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ. كىمكى شۇ ئىشلارنى قىلىپ سالسا، خۇددى چېگرانىڭ ئەتراپىدا مال بېقىۋاتقان پادىچى چېگرانىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغىلى ئاز قالغاندەك، ئۇمۇ ھارامغا چۈشۈپ قالغىلى ئاز قالىدۇ».

ھەسەن ئىبنى ئەلى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كۆڭلۈڭدە شەك پەيدا قىلغان ئىشنى قىلماي، شەك پەيدا قىلمىغان ئىشنى (قىلغىن)» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ـ دېدى.

ئىمام ئەھمەد سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: (قۇرئاننىڭ ئىچىدە) ئەڭ ئاخىرىدا چۈشكەن ئايەت جازانىنىڭ ئايىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئۇنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشتىن بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتتى. (شۇڭا) سىلەر جازانىخورلۇق ۋە شۈبھىلىك بولغان نەرسىلەردىن يىراق بولۇڭلار! ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى ماجە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جازانىخورلۇقتا 70 خىل گۇناھ بار. ئۇ (گۇناھلار) نىڭ ئەڭ يەڭگىلى بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئانىسى بىلەن زىنا قىلغانىنىڭ گۇناھى بىلەن باراۋەردۇر».

ھارام ئىشلارغا ئېلىپ بارىدىغان ۋاسىتىلارمۇ ھارامدۇر. بۇنىڭ پاكىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: جازانىخورلۇقنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدىكى بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايىتى چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتكە چىقىپ (ئۇنى) ساھابىلارغا ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن ھارام نەرسىنى ئىستېمال قىلىشنىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىشنىمۇ ھارام قىلدى، ـ دېگەن ھەدىس بولۇپ، بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «الله يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن، ئۇلارغا (گۆشىنىڭ) يېغى ھارام قىلىنغان ئىدى. ئۇلار ئۇنى ئېرىتىپ سېتىپ، پۇلىنى يېدى»[1].

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «الله جازانە ئالغۇچىغا، جازانە بەرگۈچىگە، جازانىغا گۇۋاھچى بولغۇچىغا ۋە (پۈتۈشكەندە) ئۇنى يازغان كىشىگە لەنەت قىلسۇن».

****

يَمۡحَقُ ٱللَّهُ ٱلرِّبَوٰاْ وَيُرۡبِي ٱلصَّدَقَٰتِۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ كَفَّارٍ أَثِيمٍ ﴿٢٧٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ
ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُاْ ٱلزَّكَوٰةَ لَهُمۡ أَجۡرُهُمۡ عِندَ رَبِّهِمۡ وَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ
يَحۡزَنُونَ ﴿٢٧٧﴾

الله جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۇچۇرۇۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ. الله ھەر بىر ناشۈكۈر (يەنى جازانىنى ھالال سانىغۇچى) گۇناھكارنى دوست تۇتمايدۇ﴿276﴾. ئىمان ئېيتقان،

(1) يەنى ئۇلار ھارام قىلىنغان ياغنى يېمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن كەلگەن پۇلنى يېگەنلىكى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا الله نىڭ لەنىتىنى تىلىدى.

ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ناماز ئوقۇغان ۋە زاكات بەرگەن كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (چوڭ) ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئۇلاردا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ﴾277﴿.

جازانىخورلۇق بىلەن تاپقان مالدا بەرىكەت بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا جازانىدىن كەلگەن مالنىڭ ھەممىسىنى جازانىخورنىڭ قولىدىن يوقىتىۋېتىش ياكى مېلىنىڭ بەرىكىتىنى يوقىتىۋېتىش بىلەن ئۇنىڭ جازانىدىن كىرگەن ماللىرىدىن پايدىلىنالمايدىغان قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ۋە جازانىخورنى ئۇ مال بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئازابلايدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى گەرچە ھارامنىڭ كۆپلۈكى (ئى ئىنسان!) سېنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، ھارام بىلەن ھالال باراۋەر ئەمەس﴾[1]، ﴿الله نىڭ (ئۇلارنى دۇنيادا مەغلۇب قىلىشى، ئاخىرەتتە جەھەننەمگە ھەيدىشى) كاپىرنى مۆمىندىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر، الله ھەممە كاپىرلارنى ئۈستى ـ ئۈستىگە دۆۋىلەپ توپلىغاندىن كېيىن، دوزاخقا تاشلايدۇ﴾[2]، ﴿سىلەر كىشىلەرنىڭ پۇل ـ مېلى ئىچىدە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بىرەر پۇل ـ مال بەرسەڭلار، الله نىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئۆسمەيدۇ (يەنى كىشىلەر بەرگىنىمدىن جىقراق قايتۇرسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بېرىلگەن سوۋغىنىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ساۋابى بولمايدۇ)﴾[3].

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان: «جازانىدىن كەلگەن مال ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېيىنلىكى ئازدۇر» دېگەن ھەدىسىنىڭ مەنىسى الله تائالانىڭ: **﴿الله جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۇچۇرۇۋېتىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ دېدى[4].

الله تائالانىڭ سەدىقە قىلغان كىشىنىڭ ماللىرىنى كۆپەيتىپ بېرىدىغانلىقى

﴿سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ﴾ ئىمام بۇخارى بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشى ھالال يول بىلەن تاپقان (مېلىدىن) خورما چاغلىق نەرسىنى سەدىقە قىلسا، شەكسىزكى، الله ھالالدىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. الله ئۇ سەدىقىنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىپ، (سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىنىڭ چارۋا ـ ماللىرىنى بېقىپ كۆپەيتكەندەك) ئۇنى ئۆز ئىگىسىگە تاغدەك كۆپەيتىپ بېرىدۇ».

گۇناھكار كاپىرلارنىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا يامان كۆرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا

(1) مائىدە سۈرىسى 100 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنفال سۈرىسى 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) رۇم سۈرىسى 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان جازانىخورلۇقتا ھازىرقى زاماندىكى بانكىغا قويغان ياكى ئالغان پۇلنىڭ ئۆسۈمىمۇ كىرىدۇ.

﴿**الله هەر بىر ناشۈكۈر (يەنى جازانىنى هالال سانىغۇچى) گۇناهكارنى دوست تۇتمايدۇ**﴾ يەنى الله تائالا دىلىدا كۇپۇرلۇق بار، سۆز ۋە ئىش - هەرىكەتلىرى ناچار كاپىرلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ. الله تائالا جازانىخورلارنى نېمىشقا قاتتىق ئازابلايدۇ؟ - دېيىلسە، بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، جازانىخور الله بەرگەن هالال رىزىققا رازى بولماي ۋە ئۇنىڭغا دۇرۇس قىلىپ بەرگەن هالال يولغا قانائەت قىلماي، كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى هەر خىل ناچار يوللار بىلەن ئورۇنسىز يەۋېلىشقا تىرىشىدۇ. الله تائالانىڭ (بەرگەن) نېئمىتىدىن تانىدۇ. هەمدە كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ئورۇنسىز يەۋېلىش بىلەن (ئۇلارغا) زۇلۇم قىلىدۇ.

شۈكۈر قىلغۇچىلارنىڭ مەدھىيىلىنىشى

الله تائالا ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىشەنگەن، بۇيرۇقىغا بويسۇنغان، شۈكۈر قىلغان، ناماز ئوقۇغان، ئۇنىڭ بەندىلىرىگە زاكات بېرىش ئارقىلىق ياخشىلىق قىلغان كىشىلەرنى ماختاپ، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا تەييارلىغان مەرھەمىتى ۋە ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى قىيىن جازا مەيدانىدا خاتىرجەم بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ناماز ئوقۇغان ۋە زاكات بەرگەن كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (چوڭ) ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئۇلاردا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ**﴾.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَذَرُواْ مَا بَقِيَ مِنَ ٱلرِّبَوٰٓاْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٢٧٨﴾ فَإِن لَّمْ تَفْعَلُواْ فَأْذَنُواْ
بِحَرْبٍ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۖ وَإِن تُبْتُمْ فَلَكُمْ رُءُوسُ أَمْوَٰلِكُمْ لَا تَظْلِمُونَ وَلَا تُظْلَمُونَ ﴿٢٧٩﴾
وَإِن كَانَ ذُو عُسْرَةٍ فَنَظِرَةٌ إِلَىٰ مَيْسَرَةٍۚ وَأَن تَصَدَّقُواْ خَيْرٌ لَّكُمْۖ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٢٨٠﴾
وَٱتَّقُواْ يَوْمًا تُرْجَعُونَ فِيهِ إِلَى ٱللَّهِۖ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفْسٍ مَّا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ ﴿٢٨١﴾

ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (هەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، الله (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار﴿278﴾. ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار، بىلىڭلاركى، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ، ئەگەر (جازانە قىلىشتىن) تەۋبە قىلساڭلار، (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار ئۆزەڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزەڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر﴿279﴾. ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ هالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار، ئەگەر (خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۇنىڭغا) سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر﴿280﴾. سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن هەر كىشى قىلغان (ياخشى - يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ)﴿281﴾.

تەقۋادارلىق قىلىشقا ۋە جازانىخورلۇقتىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

اللە ئۆزىنىڭ مۆمىن بەندىلىرىنى تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئازابىغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان نەرسىدىن توسۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، اللە (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار**﴾ يەنى سىلەر قىلغان ئىشىڭلاردا **اللە** تائالادىن قورقۇڭلار ۋە **اللە** تائالانىڭ سىلەرنىڭ ھەر بىر ئىشىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىڭلار!

﴿**(كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار**﴾ يەنى بۇ ئاگاھلاندۇرۇشتىن كېيىن، سىلەر كىشىلەرنىڭ زىممىسىدىكى دەسمايەڭلاردىن باشقا (جازانە ئارقىلىق كەلگەن) زىيادە پۇللارنى ئالماڭلار!

﴿**(ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار**﴾ يەنى ئەگەر **اللە** نىڭ سىلەرگە سودا ـ سېتىقنى ھالال، جازانىخورلۇقنى ھارام قىلىپ بەرگەنلىكىگە ئىشەنگۈچى بولساڭلار، جازانە ئارقىلىق كەلگەن پۇللارنى ئالماڭلار.

زەيد ئىبنى ئەسلەم، ئىبنى جۇرەيج، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان ۋە سۇددى قاتارلىقلار: بۇ ئايەت سەقىف قەبىلىسىدىكى ئەمرى ئىبنى ئۇمەير بىلەن مەخزۇم قەبىلىسىدىكى مۇغىرە جەمەتى توغرىسىدا چۈشكەن، ـ دەيدۇ. ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا جازانىخورلۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئىسلام كېلىپ ئۇلارمۇ مۇسۇلمان بولۇپ بولغاندىن كېيىن، سەقىف قەبىلىسى (قايتىدىن) جازانىخورلۇق قىلىپ مۇغىرە جەمەتىدىن ئۆسۈمنى تەلەپ قىلدى. مۇغىرە جەمەتى مەسلىھەتلىشىپ سەقىف قەبىلىسىگە: ئىسلامدا ئۆسۈمنى بېرىش يوق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. مەككىنىڭ باشلىقى ئىتاب ئىبنى ئۇسەيد بۇ ئىش توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەت يازدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت چۈشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسەيدكە **اللە** تائالانىڭ: ﴿**ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، اللە (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار بىلىڭلاركى، اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنى يېزىپ ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: بىز **اللە** تائالاغا تەۋبە قىلىمىز، (بۇرۇنقى) ئۆسۈمنىڭ قالغانلىرىنى ئالمايمىز، ـ دەپ (قالغان ئۆسۈمنى) ئالمىدى. بۇ ئايەتتە، ئايەت چۈشۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ جازانىخولۇقنى داۋاملاشتۇرغان كىشى ئۈچۈن قاتتىق بىر تەھدىت بارلىقىدىن ئىشارەت بار.

جازانە يېيىشنىڭ اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلغانلىق بولىدىغانلىقى

﴿**ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ**﴾ ئىبنى جۇرەيج بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر **اللە** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن ئاراڭلاردا بىر

جەڭنىڭ بولىدىغانلىقىغا كەسكىن ئىشىنىڭلار. (يەنە) ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: قىيامەت كۈنى جازانەخورغا: جەڭ ئۈچۈن قورالىڭنى ئالغىن دېيىلىدۇ دەپ، بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: **﴿ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار بىلىڭلاركى، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ﴾**.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى جازانىدىن نەپسىنى يىغماي داۋاملىق جازانىخورلۇق قىلسا، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىنىڭ ئۇنى گۇناھىدىن يېنىپ (الله تائالاغا) تەۋبە قىلىشقا بۇيرۇش ھەققى بار. ئەگەر ئۇ (جازانىخورلۇقتىن) ئۆزىنى تارتسا، گۇناھىدىن يېنىپ ياخشى ئىشقا كەلگەن بولىدۇ. جازانىخورلۇقتىن يانمىسا، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ.

﴿ئەگەر (جازانە قىلىشتىن) تەۋبە قىلساڭلار، (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار ئۆزەڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزەڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر﴾ بەلكى سىلەر بۇرۇن بەرگەن دەسمايەڭلارنى ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەي ۋە ئارتۇقمۇ ئالماي قايتۇرىۋالىسىلەر.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەمرى ئىبنى ئەھۋەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە سۆزلىگەن نۇتقىدا مۇنداق دېدى: «ئاگاھ بولۇڭلار! ئىسلام دىنى كېلىشتىن ئىلگىرىكى (ۋاقىتتا قىلىغان) جازانىخورلۇقۇڭلارنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى. سىلەر (دەسمايەڭلاردىن زىيادىسىنى ئېلىش بىلەن) باشقىلارغا زۇلۇم قىلماي ۋە (ئۆزلىرىڭلارمۇ دەسمايەڭلارنى ئالماسلىق بىلەن) زۇلۇمغا ئۇچرىماي، بەرگەن دەسمايەڭلارنى ئالساڭلار بولىدۇ. جازانىخورلۇقنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى. بىرىنچى بولۇپ بىكار قىلىنغان جازانە ئابباس ئىبنى ئابدۇمۇتەللىبنىڭ جازانىسىدۇر».

قىيىنچىلىقى باركىشىگە ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا

الله تائالا (قەرز ئىگىلىرىنى) قىيىنچىلىقى بار كىشىدىن قەرزىنى سۈيلىمەي، (ئۇلار پۇل تېپىپ قايتۇرۇپ بەرگىچە) سەۋرى قىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار﴾** ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرىكى زاماندا كىشىلەر ئۆزلىرىگە قەرزدار كىشىلەرگە (قەرزنىڭ ۋاقتى توشسا): قەرزنى قايتۇرۇپ بېرىسەن. ئەگەر ھازىر قايتۇرۇپ بېرەلمىسەڭ، كېيىن ئۆسۈمى بىلەن بېرىسەن، ـ دەيتتى. سىلەر ئۇنداق دېمەي، قەرزدار پۇل تېپىپ بولغىچە سەۋرى قىلىپ تۇرۇڭلار. ئاندىن الله قەرز ئىگىلىرىنى (قەرزداردىكى) قەرزنى كەچۈرۈۋېتىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا كۆپ ساۋاب بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئەگەر (خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۇنىڭغا) سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر﴾** يەنى قەرز بەرگەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى قەرزداردىن كەچۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ گەدىنىدىن قەرزنى بىكار قىلىۋېتىڭلار.

ئىمام ئەھمەد سۇلەيمان ئىبنى بۇرەيدەدىن ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر قەرز ئىگىسى قىيىنچىلىقى بار بىر قەرزدارغا (ئۇ پۇل تېپىپ بولغىچە ۋاقىت بېرىپ) كۈتۈپ تۇرسا، ئۇنىڭغا (يەنى قەرز ئىگىسىگە) ھەر كۈنى قەرز بەرگەن پۇلنى سەدىقە قىلغانىنىڭ ساۋابى بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. مەن يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

«قەرز ئىگىسى قىيىنچىلىقى بار قەرزدارنىڭ (ئەھۋالى ياخشىلىنىپ بولغىچە) كۈتۈپ تۇرسا، ھەر كۈنى ئۇنىڭغا قەرز بەرگەن پۇلدىن ئىككى ھەسسە جىق پۇلنى سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. مەن: ئى اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! مەن سىزنىڭ قەرز ئىگىسى قىيىنچىلىقى بار بىر قەرزدارغا پۇل تېپىپ بولغىچە (ۋاقىت بېرىپ) كۈتۈپ تۇرسا، ھەر كۈنى ئۇنىڭغا قەرز بەرگەن پۇلنى سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ دېگەنلىكىڭىزنى ۋە يەنە: قەرز ئىگىسى قىيىنچىلىقى بار قەرزدارنىڭ (ئەھۋالى ياخشىلىنىپ بولغىچە) كۈتۈپ تۇرسا، ھەر كۈنى ئۇنىڭغا قەرز بەرگەن پۇلدىن ئىككى ھەسسە جىق پۇلنى سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ دېگەنلىكىڭىزنىمۇ ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قەرزنى بېرىشنىڭ مۇددىتى توشۇشتىن بۇرۇن كۈتكەن بولسا، ھەر كۈنى ئۇنىڭغا قەرز بەرگەن پۇلنى سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ. ئەگەر قەرزنىڭ مۇددىتى توشۇپ قېلىپ (ئاندىن ئۇنى) كۈتكەن بولسا، ھەر كۈنى ئۇنىڭغا قەرز بەرگەن پۇلدىن ئىككى ھەسسە پۇلنى سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ» دېدى.

ئىمام ئەھمەد مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇقەتادەنىڭ بىر كىشىدە ئالىدىغان قەرزى بار ئىدى. ئۇ قەرزدارنىڭ قېشىغا قەرز سوراپ كەلسە، قەرزدار ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. بىر كۈنى ئەبۇقەتادە ھېلىقى قەرزدارنى ئىزدەپ كەلسە، (ئۆيىدىن) بىر كىچىك بالا چىقتى. ئۇ كىچىك بالىدىن قەرزدارنى سورىغان ئىدى. بالا: ئۇ ئۆيىدە بىر نەرسە يەۋاتىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى. قەتادە: ئى پالانى! (بۇ يەرگە) چىق، مەن سېنىڭ ئۆيىدە بارلىقىڭنى بىلىمەن، ـ دەپ چاقىرغان ئىدى. ئۇ كىشى ئۇنىڭ قېشىغا چىقتى. ئەبۇقەتادە: نېمىشقا سەن مەندىن ئۆزەڭنى چەتكە ئېلىپ يۈرىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. قەرزدار: مەن قىيىنچىلىقتا قالدىم، مېنىڭ ھېچقانداق نەرسەم يوق، ـ دېدى. ئەبۇقەتادە: اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن سەن قىيىنچىلىقتا قالدىڭمۇ؟ ـ دېدى. ئۇ: شۇنداق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇقەتادە يىغلاپ تۇرۇپ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر كىشى ئۆزىنىڭ قەرزدارىدىن (قىيىنچىلىقىنى) كۆتۈرۈۋەتسە ياكى ئۇنى كەچۈرىۋەتسە، ئۇ قىيامەت كۈنى ئەرشنىڭ سايىسى ئاستىدا بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېدى.

ھافىز ئەبۇيەئلا مەۋسىلي ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى اﷲ تائالانىڭ ئالدىغا بەندىلىرىدىن بىرى كەلتۈرۈلۈپ (اﷲ ئۇنىڭدىن): سەن دۇنيادا مەن ئۈچۈن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ ـ دەپ سورايدۇ. بەندە: ئى پەرۋەردىگارىم! مەن دۇنيادا سەندىن (بىر نەرسىنى) ئۈمىد قىلغۇدەك زەررە چاغلىق بىر ئىش قىلمىدىم، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ بەندە بۇ جاۋابنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ. ئۈچىنچى قېتىملىق جاۋابىنىڭ ئاخىرىدا: ئى پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن سەن ماڭا مال بەردىڭ، مەن كىشىلەرگە (بىر نەرسە) ساتىدىغان كىشىمەن، مېنىڭ ئادىتىم (كىشىلەردىن) كەچۈرىۋېتىش ئىدى. مەن باي كىشىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرەتتىم. نامرات، قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرنى (ئۇلارنىڭ ھالى ياخشىلىنىپ بولغىچە ئالىدىغان پۇلنى سورىمەي) كۈتەتتىم، ـ دېدى. اﷲ : ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشكە مەن ئەڭ ھەقلىقتۇرمەن. (ئۇ بەندىنى) جەننەتكە كىرگۈزۈۋېتىڭلار! ـ دەيدۇ»

ئاندىن اﷲ بەندىلىرىگە نەسىھەت قىلىپ دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى مال ـ مۈلۈكلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنىڭ يوقىلىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئاخىرەتنىڭ (كۈندىن ـ كۈنگە)

يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى، (ھەممە نەرسىلەرنىڭ) اللە تەرىپىگە قايتىدىغانلىقىنى، مەخلۇقاتلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ھېساب ئالىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ياخشىلىقى ياكى يامانلىقىغا قاراپ، ئۇلارغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقىتىپ مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر اللە نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ، (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ)**﴾.

ئىمام نەسەئى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: ئەڭ ئاخىرىدا چۈشكەن ئايەت اللە نىڭ: ﴿**سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر اللە نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ، (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ)**﴾ دېگەن ئايىتىدۇر. زەھھاك ۋە ئەۋفىيمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

****

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا تَدَايَنتُم بِدَيۡنٍ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗى فَٱكۡتُبُوهُۚ وَلۡيَكۡتُب بَّيۡنَكُمۡ كَاتِبُۢ
بِٱلۡعَدۡلِۚ وَلَا يَأۡبَ كَاتِبٌ أَن يَكۡتُبَ كَمَا عَلَّمَهُ ٱللَّهُۚ فَلۡيَكۡتُبۡ وَلۡيُمۡلِلِ ٱلَّذِي عَلَيۡهِ ٱلۡحَقُّ وَلۡيَتَّقِ
ٱللَّهَ رَبَّهُۥ وَلَا يَبۡخَسۡ مِنۡهُ شَيۡـٔٗاۚ فَإِن كَانَ ٱلَّذِي عَلَيۡهِ ٱلۡحَقُّ سَفِيهًا أَوۡ ضَعِيفًا أَوۡ لَا يَسۡتَطِيعُ أَن يُمِلَّ
هُوَ فَلۡيُمۡلِلۡ وَلِيُّهُۥ بِٱلۡعَدۡلِۚ وَٱسۡتَشۡهِدُواْ شَهِيدَيۡنِ مِن رِّجَالِكُمۡۖ فَإِن لَّمۡ يَكُونَا رَجُلَيۡنِ فَرَجُلٞ
وَٱمۡرَأَتَانِ مِمَّن تَرۡضَوۡنَ مِنَ ٱلشُّهَدَآءِ أَن تَضِلَّ إِحۡدَىٰهُمَا فَتُذَكِّرَ إِحۡدَىٰهُمَا ٱلۡأُخۡرَىٰۚ وَلَا يَأۡبَ
ٱلشُّهَدَآءُ إِذَا مَا دُعُواْۚ وَلَا تَسۡـَٔمُوٓاْ أَن تَكۡتُبُوهُ صَغِيرًا أَوۡ كَبِيرًا إِلَىٰٓ أَجَلِهِۦۚ ذَٰلِكُمۡ أَقۡسَطُ عِندَ ٱللَّهِ
وَأَقۡوَمُ لِلشَّهَٰدَةِ وَأَدۡنَىٰٓ أَلَّا تَرۡتَابُوٓاْ إِلَّآ أَن تَكُونَ تِجَٰرَةً حَاضِرَةٗ تُدِيرُونَهَا بَيۡنَكُمۡ فَلَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ
جُنَاحٌ أَلَّا تَكۡتُبُوهَاۗ وَأَشۡهِدُوٓاْ إِذَا تَبَايَعۡتُمۡۚ وَلَا يُضَآرَّ كَاتِبٞ وَلَا شَهِيدٞۚ وَإِن تَفۡعَلُواْ فَإِنَّهُۥ
فُسُوقُۢ بِكُمۡۗ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۖ وَيُعَلِّمُكُمُ ٱللَّهُۗ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ﴿٢٨٢﴾

ئى مۆمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆز ئارا قەرز بېرىشسەڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار، ئاراڭلاردىكى خەت بىلىدىغان كىشى ئۇنى (كەم ـ زىيادە قىلماي) ئادىللىق بىلەن يازسۇن، خەت بىلىدىغان كىشى (اللە ئۇنىڭغا بىلدۈرگەندەك توغرىلىق بىلەن يېزىشنى) رەت قىلمىسۇن، ئۇ يازسۇن، زىممىسىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بولغان ئادەم (يازىدىغان كىشىگە) ئېيتىپ بەرسۇن (قەرزدار) پەرۋەردىگارى اللە دىن قورقسۇن، قەرز ئالغان نەرسىدىن ھېچنېمىنى كېمەيتىۋەتمىسۇن، ئەگەر قەرز ئالغۇچى ئادەم ئەخمەق (يەنى خۇدبىن، ئەقىلسىز، ئىسراپخور) ياكى ئاجىز (يەنى كىچىك بالا ياكى بەكمۇ قېرى) بولسا ياكى (گەپ قىلالماسلىقى، گاچىلىقى، كېكەچلىكى تۈپەيلىدىن) ئۆزى ئېيتىپ بېرەلمىسە، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئادەم ئادىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرسۇن، سىلەر ئەر كىشىلەردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار؛ ئەگەر ئىككى ئەر كىشى يوق بولسا،

سىلەر (ئادالەتتىگە، دىيانەتتىگە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ. گۇۋاھچىلار (گۇۋاھلىققا) چاقىرىلغان ۋاقىتتا (گۇۋاھ بولۇشتىن) باش تارتمىسۇن. قەرز مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن، ئۇنى قايتۇرۇش ۋاقتى بىلەن قوشۇپ يېزىشتىن ئېرىنمەڭلار. **اللّٰه** نىڭ نەزىرىدە (يەنى ھۆكمىدە)، بۇ ئەڭ ئادىللىق ۋە ئەڭ ئىسپاتلىقتۇر (يەنى گۇۋاھلىقنىڭ ئۇنتۇلماسلىقىنى ئەڭ ئىسپاتلىغۇچىدۇر)، گۇمانلانماسلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر. لېكىن ئاراڭلاردا قىلىشقان قولمۇقول سودىدا ھۆججەت يازمىساڭلارمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۆزئارا سودا قىلىشقان ۋاقىتلاردا گۇۋاھچى تەكلىپ قىلىڭلار، پۈتۈكچىگىمۇ گۇۋاھچىغىمۇ زىيان يەتكۈزۈلمىسۇن؛ ئەگەر زىيان يەتكۈزسەڭلار گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىسىلەر، **اللّٰه** نىڭ (ئەمرىگە ۋە نەھيىسىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار، **اللّٰه** سىلەرگە ئۆگىتىدۇ (يەنى سىلەرگە ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان ئىلىمنى بېرىدۇ)، **اللّٰه** ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴿282﴾.

نېسى ئېلىم-بېرىم ئىشلىرىدا ھۆججەت يېزىش كېرەكلىكى توغرىسىدا

بۇ ئايەت (قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى) ئەڭ ئۇزۇن ئايەتتۇر. ئىبنى جەرىر سەئىد ئىبنى مۇسەييىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت (قۇرئاندىكى) ئەڭ ئاخىرىدا چۈشكەن ئايەتتۇر.

﴿ئى مۆمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆز ئارا قەرز بېرىشسەڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار﴾ يەنى **اللّٰه** مۆمىن بەندىلىرىنى ئۇلار (ئۆز ئارا) نېسى ئېلىم - بېرىم قىلىشقاندا قەرزنىڭ سان مىقدارى ۋە ئۇنىڭ قاچان قايتۇرۇلىدىغانلىقىنىڭ ئېنىق بولۇشى ۋە گۇۋاھچى بولغانلارغىمۇ ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن ھۆججەت يېزىشقا بۇيرۇدى.

اللّٰه بۇ ھەقىقەتكە بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿اللّٰه نىڭ نەزىرىدە (يەنى ھۆكمىدە)، بۇ ئەڭ ئادىللىق ۋە ئەڭ ئىسپاتلىقتۇر (يەنى گۇۋاھلىقنىڭ ئۇنتۇلماسلىقىنى ئەڭ ئىسپاتلىغۇچىدۇر)، گۇمانلانماسلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر﴾**.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ (يەنى مەدىنىدىكى كىشىلەرنىڭ) ئالماقچى بولغان مېۋىنىڭ ئىككى ياكى ئۈچ يىللىق پۇلىنى ئىلگىرى بېرىدىغان ئادىتى بار ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر كىشى مېۋە ئېلىش ئۈچۈن (پۇلنى) ئىلگىرى بەرمەكچى بولسا، مۇددەتنى ۋە مىقدارىنى ئېنىق قىلىپ بەرسۇن»[1] دېدى.

﴿ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار﴾ يەنى ئېلىم - بېرىمنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى ئۆز ئارا يېزىشىڭلار. ئىبنى جەرىر مۇنداق دېدى: كىمكى قەرز ئالسا، ھۆججەت يېزىپ بېرىپ ئالسۇن. كىمكى بىر نەرسە سېتىۋالسا، بىر كىشىنى گۇۋاھچى قىلسۇن. ئەبۇسەئىد، شەئبى،

(1) يەنى مېۋىگە ئوخشاش نەرسىلەردە ئۇنىڭ پىشىدىغان ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن پۇل ئۆتكۈزۈپ قويماقچى بولسا، ئۇ مېۋىنى قاچان تاپشۇرىۋالىدۇ، كىلولاپ بەرسە قانچە كىلو بېرىدۇ،ئۆلچەملەپ بەرسە قايسى ئۆلچەمدە ۋە قانچە ئۆلچەم بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق قىلىپ بولۇپ ئاندىن پۇل بېرىشى لازىم.

رەبىئ ئىبنى ئەنەس، ھەسەن، ئىبنى جۇرەيج، ئىبنى زەيد ۋە باشقىلار: قەرز ئالغاندا يېزىش (ئەسلىدە) ۋاجىب ئىدى. ئاندىن ئۇ ھۆكۈم الله تائالانىڭ: **﴿ئاراڭلاردا بىرىڭلار بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن (يەنى قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى گۆرۈ ئالمىسا، قەرزدار قەرزنى دېيىشكەن ۋاقتىدا قايتۇرسۇن)﴾** دېگەن ئايىتى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ كەتتى، - دېدى.

﴿ئاراڭلاردىكى خەت بىلىدىغان كىشى ئۇنى (كەم - زىيادە قىلماي) ئادىللىق بىلەن يازسۇن﴾ يەنى ئادىللىق ۋە ھەق بىلەن يازسۇن ئۇنى يېزىشتا (ئىككى تەرەپنىڭ) بىرىگە زۇلۇم قىلىنىپ قالمىسۇن، كاتىبلار (قەرز بەرگۈچى ۋە ئالغۇچىلار) پۈتۈشكەن نەرسىنى ئارتۇق ۋە كەم قىلماي يازسۇن.

﴿خەت بىلىدىغان كىشى (الله ئۇنىڭغا بىلدۈرگەندەك توغرىلىق بىلەن يېزىشنى) رەت قىلمىسۇن، ئۇ يازسۇن﴾ يەنى ئەگەر كاتىبلاردىن كىشىلەرگە (ھۆججەت) يېزىپ بېرىش تەلەپ قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ئۆزرىسى بولمايدىغانلا بولسا، ھۆججەت يېزىشتىن باش تارتمىسۇن. ئۇ ئەسلىدە خەت يېزىشنى بىلمەيتتى. الله ئۇنىڭغا خەت يېزىشنى بىلدۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەت يازالمايدىغان كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ، (ئۇلارنىڭ خەتلىرىنى) يېزىپ بەرسۇن.

باشقىلارغا ياردەم بەرسە سەدىقە بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «سېنىڭ بىر نەرسە ياسالمايدىغان كىشىگە ياردەم بەرگىنىڭ ياكى بىلمەيدىغان كىشىنىڭ بىر ئىشىنى قىلىپ بەرگىنىڭ سەدىقە قاتارىدىن بولىدۇ».

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «بىر كىشى بىلىدىغان بىر نەرسىنى (مەن ئۇنى بىلمەيمەن دەپ) يوشۇرسا قىيامەت كۈنى (ئۇنىڭ) ئاغزىغا ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ». مۇجاھىد ۋە ئەتا: خەت يازالايدىغان كىشىنىڭ خەت يازالمايدىغانلارنىڭ ھۆججەتلىرىنى يېزىپ بېرىشى ۋاجىبتۇر، - دېدى.

﴿زىممىسىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بولغان ئادەم (يازدىغان كىشىگە) ئېيتىپ بەرسۇن. (قەرزدار) پەرۋەردىگارى الله دىن قورقسۇن﴾ يەنى قەرزدار كىشى ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى بار قەرزنى (ھۆججەت يازدىغان) كىشىگە ئېيتىپ بەرسۇن ۋە ئۇنىڭدا الله دىن قورقسۇن (يەنى بىر نەرسىنى كەم ئېيتىپ بېرىشتىن الله دىن قورقسۇن).

﴿قەرز ئالغان نەرسىدىن ھېچنېمىنى كېمەيتىۋەتمىسۇن﴾ يەنى ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى يوشۇرمىسۇن. **﴿ئەگەر قەرز ئالغۇچى ئادەم ئەخمەق (يەنى خۇدبىن، ئەقىلسىز، ئىسراپخور) ياكى ئاجىز (يەنى كىچىك بالا ياكى بەكمۇ قېرى) بولسا ياكى (گەپ قىلالماسلىقى، گاچىلىقى، كېكەچلىكى تۈپەيلىدىن) ئۆزى ئېيتىپ بېرەلمىسە، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئادەم ئادىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرسۇن﴾**.

ھۆججەت يېزىش بىلەن بىرگە گۇۋاھچى كەلتۈرۈش توغرىسىدا

﴿سىلەر ئەر كىشىڭلاردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار﴾ يەنى الله تائالا

تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن ھۆججەت يېزىش بىلەن بىللە ئىككى كىشىنى گۇۋاھچى قىلىشقا بۇيرۇدى.

﴿ئەگەر ئىككى ئەر كىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالەتتە، دىيانەتتە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار﴾ يەنى مال ـ مۈلۈككە مۇناسىۋەتلىك گۇۋاھچىلىقتا ئايال كىشىنىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ئەر كىشىدىن تۆۋەنرەك بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككى ئايال كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەر كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىغا باراۋەر بولىدۇ.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە (يەنى ئايال كىشىنىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىكى توغرىسىدا) مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى ئاياللار گۇرۇھى! سەدىقە قىلىڭلار ۋە (الله دىن) گۇناھىڭلارنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى تىلەپ كۆپ دۇئا قىلىڭلار. چۈنكى، مەن دوزاختىكى كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاياللار ئىكەنلىكىنى كۆردۇم».

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەقىللىقراق بىر ئايال: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! نېمىشقا دوزاختا كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىز بولىمىز؟ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر لەنەتنى جىق ئوقۇيسىلەر. ئەرلىرىڭلارنىڭ قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرىدىن تانىسىلەر، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەقىللىق دېگەنلەرنىڭمۇ ئەقلى ۋە دىنى يەنىلا كەمتۈكتۇر» دېدى. ئۇ ئايال: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قانداق قىلىپ (بىزنىڭ) ئەقلىمىز بىلەن دىنىمىز كەم بولىدۇ؟ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئاياللارنىڭ) ئەقلىنىڭ كەملىكى ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا تەڭ بولىدۇ، بۇ ئەقلىنىڭ كەملىكىدۇر. ئاياللارنىڭ دىنىنىڭ كەملىكى ئۇلار (ھەيز سەۋەبى بىلەن) كېچىلەپ (يەنى نەچچە كۈنلەپ) ناماز ئوقۇمايدۇ ۋە رامىزاندا روزا تۇتمايدۇ، مانا بۇ دىنىنىڭ كەملىكىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى.

﴿سىلەر (ئادالەتتە، دىيانەتتە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن﴾ بۇ ئايەت ئادىللىق دېگەن سۈپەتنىڭ گۇۋاھچىلاردا تېپىلىشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىگە پاكىتتۇر. **﴿بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ﴾** شۇنىڭ بىلەن گۇۋاھلىقنى ئۇنتۇپ قالغان ئايال گۇۋاھچى بولغانلىقىنى ئېسىگە ئالىدۇ.

﴿گۇۋاھچىلار (گۇۋاھلىققا) چاقىرىلغان ۋاقىتدا (گۇۋاھ بولۇشتىن) باش تارتمىسۇن﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى الله تائالانىڭ: **﴿خەت بىلىدىغان كىشى (الله ئۇنىڭغا بىلدۈرگەنىدەك توغرىلىق بىلەن يېزىشنى) رەت قىلمىسۇن، ئۇ يازسۇن﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئايەتتىن: (بىر ئىشقا) گۇۋاھلىق بولۇپ بېرىش پەرز كۇپايە دېگەن ھۆكۈم ئېلىنىدى.

﴿گۇۋاھچىلار (گۇۋاھلىققا) چاقىرىلغان ۋاقىتدا (گۇۋاھ بولۇشتىن) باش تارتمىسۇن﴾ يەنى ئەگەر گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ بېرىش ئۈچۈن چاقىرىلمىسا، ئۆزلىكىدىن كېلىش زۆرۈر ئەمەس.

مۇجاھىد، ئەبۇمۇجلىز ۋە باشقىلار: ئەگەر سەن گۇۋاھچى بولۇپ بېرىش ئۈچۈن چاقىرىلساڭ (گۇۋاھچى بولۇش ياكى بولماسلىق) ئىختىيارى سەندە. گۇۋاھچى بولۇپ، كېيىن گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ بېرىشكە چاقىرىلساڭ، بېرىشىڭ لازىمدۇر، ـ دېدى.

﴿قەرز مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن، ئۇنى قايتۇرۇش ۋاقتى بىلەن قوشۇپ يېزىشتىن ئېرىنمەڭلار﴾ بۇ يۇقىرىدىن باشلىنىپ كەلگەن نەسىھەتنىڭ داۋامى بولۇپ، ئېلىم - بېرىم ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ئۇنى يېزىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىگە بولغان بۇيرۇقتۇر. **﴿ئېرىنمەڭلار﴾** يەنى ئۇ ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ئۇنى (قايتۇرىدىغان) ۋاقتىنى يېزىشتىنمۇ ئېرىنمەڭلەر.

﴿الله نىڭ نەزىرىدە (يەنى ھۆكمىدە)، بۇ ئەڭ ئادىللىق ۋە ئەڭ ئىسپاتلىقتۇر (يەنى گۇۋاھلىقنىڭ ئۇنتۇلماسلىقىنى ئەڭ ئىسپاتلىغۇچىدۇر)، گۇمانلانماسلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر، لېكىن ئاراڭلاردا قىلىشقان قولمۇ قول سودىدا ھۆججەت يازمىساڭلارمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ يەنى نېسى بولغان ئېلىم - بېرىمدە ھۆججەت قىلىشقا بۇيرۇش، ئۇنى ئۇنتۇپ قېلىش ئارقىلىق بولىدىغان جېدەل - ماجىرانىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، نېسى ئېلىم - بېرىم يېزىلماي قالغان چاغدا، ئۇنتۇلۇپ قېلىش ئېھتىمالى بەك كۈچلۈك بولۇپ، ئەگەر ئېلىم - بېرىم نېسى بولماي نەق بولسا، ھۆججەت يېزىشمىسىمۇ بولىدۇ.

ئەمما الله سودا - سېتىق قىلغاندا ئۇنىڭغا گۇۋاھچى تەكلىپ قىلىش توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۆزئارا سودا قىلىشقان ۋاقتىڭلاردا گۇۋاھچى تەكلىپ قىلىڭلار﴾** بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى الله تائالانىڭ: **﴿ئاراڭلاردا بىرىڭلار بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن (يەنى قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى گۆرۈ ئالمىسا، قەرزدار قەرزنى دېيىشكەن ۋاقتىدا قايتۇرسۇن)﴾** دېگەن ئايىتى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ياكى (ئۇ ئايەتنىڭ مەنىسى سودا - سېتىق قىلغاندا گۇۋاھچى ئېلىپ كېلىش) ۋاجىب ئەمەس. بەلكى مۇستەھەب دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەنسارىلاردىن بولغان ئەممار ئىبنى خۇزەيمەنىڭ تاغىسىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس سودا - سېتىقتا گۇۋاھچى ئېلىپ كېلىشنىڭ ۋاجىب ئەمەس، مۇستەھەب ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چەت يېزىدىن كەلگەن بىر ئەرەبتىن بىر ئات سېتىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئاتنىڭ پۇلىنى (باشقا يەردە) بېرەي، كەينىمدىن ماڭغىن! - دەپ قويۇپ تېز-راق ماڭدى. ھېلىقى سەھرالىق ئەرەب پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئارقىدىن ماڭدى. كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ئاتنى ئالغانلىقىنى بىلمەستىن سەھرالىقنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئاتنى سودىلىشىشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىسى سەھرالىققا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېتىۋالغان پۇلدىن ئارتۇق پۇل بەرمەكچى بولدى. سەھرالىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىپ: ئەگەر سەن بۇ ئاتنى ئالماقچى بولساڭ، پۇلنى بېرىپ ئالغىن، بولمىسا، مەن بۇنى باشقا بىرسىگە سېتىپ بېرىۋېتىمەن، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەھرالىقنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ: «مەن ئۇنى سەندىن سېتىۋالمىدىممۇ؟» دېدى. سەھرالىق: ياق، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن (ئۇنى) ساڭا ساتمىدىم، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن مەن ئۇنى سەندىن سېتىۋالدىم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سەھرالىقنى ئارىغا ئېلىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇ سەھرالىق ئارىسىدا: «مەن ئالدىم، مەن ساتمىدىم» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر بولدى. ئاندىن سەھرالىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: گۇۋاھچىدىن بىرنى ئېلىپ كەل، - دېدى. (شۇ يەرگە كەلگەن) مۇسۇلمانلار سەھرالىققا: ساڭا ۋاي! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا ھەقتىن باشقىنى سۆزلىمەيدۇ، - دېدى. كېيىن خۇزەيمە كېلىپ، سەھرالىقنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: گۇۋاھچىدىن بىرنى ئېلىپ كەل دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، سەھرالىققا: مەن سېنىڭ بۇ ئاتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ساتقانلىقىڭغا

گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇزەيمەدىن: «نېمىگە ئاساسەن گۇۋاھلىق بېرىسەن» دەپ سورىدى. خۇزەيمە: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سېنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىڭگە ئاساسلىنىپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇزەيمەنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئىككى كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ ئورنىدا قوبۇل قىلدى. (مانا بۇ ھەدىستىن سودا ـ سېتىقتا گۇۋاھچىنىڭ ۋاجىب ئەمەسلىكى چىقىدۇ. ئەگەر ئۇ ۋاجىب بولغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتنى سېتىۋالغاندا گۇۋاھچى چاقىرغان بولاتتى).

﴿**پۈتۈكچىگىمۇ گۇۋاھچىغىمۇ زىيان يەتكۈزۈلمىسۇن**﴾ يەنى ھۆججەت يازغۇچى ئۇنىڭغا دەپ بەرگەن سۆزدىن باشقىنى يېزىش، گۇۋاھچى ئۆزى ئاڭلىغان سۆزدىن باشقىسى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىش ياكى ئۇنىڭ ھەممىسىنى يوشۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىش ئارقىلىق (ساتقۇچىغا ياكى ئالغۇچىغا) زىيان يەتكۈزمىسۇن. بۇ ھەسەن، قەتادە ۋە باشقىلارنىڭ سۆزىدۇر.

﴿**ئەگەر زىيان يەتكۈزسەڭلار، گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىسىلەر**﴾ يەنى ئەگەر سىلەر بۇيرۇلغان ئىشقا بويسۇنماي، خالىغىنىڭلارنى قىلساڭلار ۋە توسۇلغان ئىشتىن يانماي ئۇنى قىلساڭلار، (سىلەر بۇنىڭ بىلەن) الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققان بولىسىلەر. ﴿**الله نىڭ (ئەمرىگە ۋە نەھيىسىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار**﴾ يەنى سىلەر الله تائالادىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇڭلار ۋە ئۇنىڭ توسقان ئىشىدىن يېنىڭلار.

﴿**الله سىلەرگە ئۆگىتىدۇ (يەنى سىلەرگە ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان ئىلىمنى بېرىدۇ)**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر الله دىن قورقساڭلار، الله سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ﴾[1]، ﴿ئى (ئىساغا) ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! الله دىن قورقۇڭلار، الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتىڭلار، الله سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ، سىلەرگە سىلەر (ئاخىرەتتە پىلسىراتتا) ماڭىدىغان نۇرنى پەيدا قىلىدۇ﴾[2].

﴿**الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر**﴾ يەنى ئۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى، ئۇنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى ۋە كېيىنكى ئاقىۋىتىنى بىلگۈچىدۇر. الله تائالاغا بۇ نەرسىلەردىن كىچىككىنە بىر نەرسىمۇ يوشۇرۇن ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

* * * * * * *

﴿وَإِن كُنتُمْ عَلَىٰ سَفَرٍ وَلَمْ تَجِدُوا۟ كَاتِبًا فَرِهَـٰنٌ مَّقْبُوضَةٌ ۖ فَإِنْ أَمِنَ بَعْضُكُم بَعْضًا فَلْيُؤَدِّ ٱلَّذِى ٱؤْتُمِنَ أَمَـٰنَتَهُۥ وَلْيَتَّقِ ٱللَّهَ رَبَّهُۥ ۗ وَلَا تَكْتُمُوا۟ ٱلشَّهَـٰدَةَ ۚ وَمَن يَكْتُمْهَا فَإِنَّهُۥٓ ءَاثِمٌ قَلْبُهُۥ ۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ ﴿٢٨٣﴾

ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ خەت يازالايدىغان ئادەمنى تاپالمىساڭلار، بۇ چاغدا (قەرز

(1) ئەنفال سۈرىسى 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھەدىد سۈرىسى 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

هۆججىتى يېزىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا) گۆرۈ قويىدىغان نەرسىنى تاپشۇرساڭلار بولىدۇ؛ ئاراڭلاردا بىرىڭلار بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن (يەنى قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى گۆرۈ ئالمىسا، قەرزدار قەرزنى دېيىشكەن ۋاقتىدا قايتۇرسۇن)، (قەرزدار ئامانەتكە رىئايە قىلىشتا) پەرۋەردىگارىدىن قورقسۇن. گۇۋاھلىقنى يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دىلى گۇناھكار بولىدۇ. الله قىلمىشىڭلارنى تامامەن بىلگۈچىدۇر﴿283﴾.

گۆرۈگە قويۇشنىڭ بايانى

﴿**ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ**﴾ يەنى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ، شۇ مۇددەت ئىچىدە بىر - بىرىڭلار بىلەن قەرز ئالاقىسى قىلىشساڭلار.

﴿**خەت يازالايدىغان ئادەمنى تاپالمىساڭلار**﴾ ئىبنى ئابباس: ئۇلار ھۆججەت يازغۇچىنى تېپىپ، قەغەز، سىياھ ياكى قەلەمنى تاپالمىغان بولسا، ھۆججەت يازماي ئۇنىڭ ئورنىغا قەرز ئىگىسى (قەرز ئالغان كىشىدىن) گۆرۈ ئۈچۈن بىر نەرسە ئالىدۇ، - دېدى.

ئىبنى ئابباس: ﴿**بۇ چاغدا (قەرز ھۆججىتى يېزىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا) گۆرۈ قويىدىغان نەرسىنى تاپشۇرساڭلار بولىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى گۆرۈنىڭ قولغا بىر نەرسە ئېلىش بىلەن بولىدىغانلىقىغا پاكىت قىلدى. بۇ ھەقتىكى ھەدىستە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندە، ئۇنىڭ ساۋۇتى بالا - چاقىلىرىنىڭ يېمەكلىكى ئۈچۈن ئېلىنغان 30 ۋەسەق[1] ئارپا ئۈچۈن (بىر يەھۇدىيغا) گۆرۈگە قويۇلغان ئىدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: مەدىنىلىك يەھۇدىيلارنىڭ يېنىدا ئىدى، - دېيىلگەن.

﴿**ئاراڭلاردا بىرىڭلار بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن (يەنى قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى گۆرۈ ئالمىسا، قەرزدار قەرزنى دېيىشكەن ۋاقتىدا قايتۇرسۇن)**﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى (ئېلىم - بېرىم ئىشلىرى ۋە سودا - سېتىقتا ھۆججەت يېزىشقا ۋە گۇۋاھچى تۇرغۇزۇشقا بۇيرۇغان) ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شەئبىي (بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى): سىلەر بىر - بىرىڭلارغا ئىشەنچلىك بولساڭلار، ئۇنى يازمىساڭلارمۇ ياكى گۇۋاھچى تۇرغۇزمىساڭلارمۇ ھېچقانداق گۇناھ يوق دېگەنلىك بولىدۇ، - دېدى. 490

﴿**(قەرزدار ئامانەتكە رىئايە قىلىشتا) پەرۋەردىگارىدىن قورقسۇن**﴾ يەنى ئىشەنچلىك دەپ قارالغان كىشى شۇ ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىدا الله تائالادىن قورقسۇن. ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قولغا ئالغان نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرغۇچە (يەنى بىر كىشى بىر نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ياكى باشقا بىر ئىش ئۈچۈن ئىگىدارچىلىقىغا ئالغان بولسا، ئۇنى ئىگىسىگە ساق - سالامەت قايتۇرغۇچە) ساقلاش شۇ كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر».

---

(1) بىر ۋەسەق تەخمىنەن 150 كىلوگىرامغا توغرا كېلىدۇ.

﴿گۇۋاھلىقنى يوشۇرماڭلار﴾ ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار: يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ۋە گۇۋاھلىقنى يوشۇرۇش چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىندۇر، ــ دەيدۇ.

﴿گۇۋاھلىقنى يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دىلى گۇناھكار بولىدۇ. اللە قىلمىشىڭلارنى تامامەن بىلگۈچىدۇر﴾ سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: يەنى ئۇنىڭ دىلى بۇزۇلدى دېگەنلىك بولىدۇ، ــ دېدى.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى اللە تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاشتۇر: ﴿«ئەگەر ئۇنى يوشۇرساق، بىز ئەلۋەتتە گۇناھكارلاردىن بولىمىز» دەپ اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشۇن﴾[1]، ﴿ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزەڭلارنىڭ ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن) ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار، اللە سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر (يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنىڭ نېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ)، نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار (يەنى گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار) ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، مۇنداقتا اللە ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2].

* * * * * * *

لِّلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ وَإِن تُبۡدُواْ مَا فِيٓ أَنفُسِكُمۡ أَوۡ تُخۡفُوهُ يُحَاسِبۡكُم بِهِ ٱللَّهُۖ فَيَغۡفِرُ لِمَن يَشَآءُ وَيُعَذِّبُ مَن يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ﴿٢٨٤﴾

ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەر (ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، تەسەررۇپ قىلىش جەھەتتىن بولسۇن) اللە نىڭ ئىلكىدىدۇر. دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن اللە سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. اللە خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. اللە ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴿284﴾.

بەندىلەرنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان نەرسە ئۈچۈن ھېساب قىلىنىدىغان ياكى قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا

اللە (بۇ ئايەتتە) ئۆزىنىڭ ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئارىسىدىكى ئاشكارا كۆرۈنىدىغان ياكى كۆرۈنمەيدىغان ناھايىتى كىچىك نەرسىلەرنىڭمۇ ئۆزىگە مەخپىي قالماستىن، ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، بەندىلىرىنىڭ قىلغان ۋە دىللىرىدا يوشۇرغان (يامان) ئىشلار ئۈچۈن ئۇلاردىن ھېساب

(1) مائىدە سۈرىسى 106 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نىسا سۈرىسى 135 ـ ئايەت.

ئالدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى (دىلىڭلاردىكىنى مەيلى يوشۇرۇڭلار، مەيلى ئاشكارىلاڭلار، **الله** ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ، **الله** ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. **الله** ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[1]، ﴿چۈنكى، ئۇ سىرنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مەخپىيرەك ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[2] بۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ئايەتلەر بار.

بۇ ئايەت ساھابىلارغا بەك ئېغىر تۇيۇلدى. ساھابىلار **الله** تائالانىڭ چوڭ ۋە كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن ھېساب ئېلىشىدىن قورقتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ بەك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **الله** تائالانىڭ: **﴿ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەر (ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، تەسەررۇپ قىلىش جەھەتتىن بولسۇن) الله نىڭ ئىلكىدىدۇر. دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن الله سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. الله خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. الله ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴾** دېگەن ئايىتى ساھابىلارغا ناھايىتى ئېغىر تۇيۇلدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، جىھاد قىلىش ۋە سەدىقە بېرىشتەك بىز قىلالايدىغان ئىشلارغا بۇيرۇلغان ئىدۇق، (ھازىر) ساڭا بۇ ئايەت چۈشتى، بۇ ئايەتتە (بۇيرۇلغان نەرسىلەرنى) بىز قىلالمايمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر سىلەردىن ئىلگىرىكى يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار دېگەندەك: (سۆزۈڭگە) قۇلاق سالىمىز ۋە (بۇيرۇقۇڭغا) قارشىلىق قىلىمىز، ـ دېيىشنى خالامسىلەر؟ ياق، سۆزۈڭگە قۇلاق سالىمىز ۋە (بۇيرۇقۇڭغا) بويسۇنىمىز، (ئى) پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ (بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى) كەچۈرۈشىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر، ـ دەڭلار!» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە باش ئەگكەن ئىدى. **الله** بۇ ئايەتنىڭ كەينىدىنلا تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى **الله** غا ۋە **الله** نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) «**الله** نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر يانىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ﴾[3] شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇ ئايەتتە دېگەن ئىشلارنى قىلدى.

ئاندىن **الله** يۇقىرىدىكى ئۇلارغا ئېغىر كەلگەن ئايەتتىن ھۆكمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ: ﴿**الله** ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى)

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 29 ـ ئايەت.
(2) تاھا سۈرىسى 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) بەقەرە سۈرىسى 285 ـ ئايەت.

ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسىمۇ) ئۆزىگىدۇر. (ئۇلار) «پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دەيدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئىمام مۇسلىم بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: ساھابىلار ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئەمەل قىلغان ئىدى. الله تائالا: **﴿ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەر (ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، تەسەررۇپ قىلىش جەھەتتىن بولسۇن) الله نىڭ ئىلكىدىدۇر. دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن الله سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ: **﴿الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ، كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسىمۇ) ئۆزىگىدۇر. (ئۇلار) «پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن»﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە **﴿ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)﴾** دېگەن ئايەتكە ۋە: **﴿پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن﴾** دېگەن تىلەككە، الله تائالا: ”ھەئە، ماقۇل“ دېدى.

﴿«بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دەيدۇ﴾ الله تائالا: ”ھەئە، ماقۇل“ دېدى.

ئىمام ئەھمەد مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يېنىغا كىرىپ: ئى ئىبنى ئابباس! مەن ئىبنى ئۆمەرنىڭ يېنىدا ئىدىم. ئىبنى ئۆمەر بىر ئايەتنى ئوقۇپ يىغلاپ كەتتى، ـ دېدىم. ئىبنى ئابباس: ئۇ قايسى ئايەت؟ ـ دەپ سورىدى. مەن: **﴿دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار﴾** دېگەن ئايەت، ـ دەپ جاۋاب بەردىم.

ئىبنى ئابباس: بۇ ئايەت چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ناھايىتى پەرىشان بولۇپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ھالاك بولدۇق، بىزدىن سۆزلىگەن سۆزلىرىمىز ۋە (ئەمەلىيەتتە) قىلغان ئىشلىرىمىز ئۈچۈن ھېساب ئېلىناتتى، ئەمما دىللىرىمىزنىڭ (ئىشلىرى) بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدا ئەمەس، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەر (سۆزۈڭگە) قۇلاق سالىمىز ۋە (بۇيرۇقىڭغا) بويسۇنىمىز دەڭلار» دېدى. ئۇلار: «(سۆزۈڭگە) قۇلاق سالىمىز ۋە (بۇيرۇقۇڭغا)

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 286 ـ ئايەت.

بويسۇنىمىز» دېدى. ئاندىن ئۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنى: ﴿**پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله غا ۋە الله نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار: «الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز(يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر ياندىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ. الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى مۇ) ئۆزىگىدۇر**﴾ دېگەن ئايەت ئەمەلدىن قالدۇردى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى نەرسىلەر ھېساب ئېلىشتىن كەچۈرۈۋېتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن ھېساب ئېلىنىدىغان بولدى.

ھەدىس ئالىملىرى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: «ئۈممىتىم دىلىغا كەچكەن نەرسىنى سۆزلىمىسىلا ياكى ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلمىسىلا، الله مەن ئۈچۈن ئۇنى (ئۇلاردىن) كەچۈرۈۋېتىدۇ».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: «الله پەرىشتىلەرگە: بەندەم بىر يامان ئىشقا نىيەت قىلغان بولسا، ئۇنى يازماڭلار، ئەگەر بەندەم ئۇ يامان ئىشنى قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا بىرلا يامانلىق يېزىڭلار. ئەگەر ئۇ بەندەم بىر ياخشى ئىشنى نىيەت قىلىپ ئۇنى قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭغا بىرلا ياخشىلىق يېزىڭلار. ئەگەر ئۇ ياخشى ئىشنى قىلسا ئۇنى ئون قىلىپ يېزىڭلار، ـ دېدى».

****

ءَامَنَ ٱلرَّسُولُ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مِن رَّبِّهِۦ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَۚ كُلٌّ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَمَلَـٰٓئِكَتِهِۦ وَكُتُبِهِۦ وَرُسُلِهِۦ لَا نُفَرِّقُ
بَيۡنَ أَحَدٍ مِّن رُّسُلِهِۦۚ وَقَالُواْ سَمِعۡنَا وَأَطَعۡنَاۖ غُفۡرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيۡكَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٢٨٥﴾ لَا يُكَلِّفُ
ٱللَّهُ نَفۡسًا إِلَّا وُسۡعَهَاۚ لَهَا مَا كَسَبَتۡ وَعَلَيۡهَا مَا ٱكۡتَسَبَتۡۗ رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذۡنَآ إِن نَّسِينَآ أَوۡ أَخۡطَأۡنَاۚ
رَبَّنَا وَلَا تَحۡمِلۡ عَلَيۡنَآ إِصۡرًا كَمَا حَمَلۡتَهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِنَاۚ رَبَّنَا وَلَا تُحَمِّلۡنَا مَا لَا طَاقَةَ لَنَا
بِهِۦۖ وَٱعۡفُ عَنَّا وَٱغۡفِرۡ لَنَا وَٱرۡحَمۡنَآۚ أَنتَ مَوۡلَىٰنَا فَٱنصُرۡنَا عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَـٰفِرِينَ ﴿٢٨٦﴾

پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله غا ۋە الله نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) «الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر ياندىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ﴿285﴾. الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسىمۇ) ئۆزىگىدۇر. (ئۇلار) «پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز

ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دەيدۇ﴿286﴾.

الله بىزگە بۇ ئىككى ئايەت بىلەن مەنپەئەت قىلسۇن!

بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئايەتنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا ئالاقىدار ھەدىسلەر

ئىمام بۇخارى ئەبۇمەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى، كېچىدە بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئايەتنى ئوقۇسا، ئۇ ئىككى ئايەت (ئۇنىڭغا) يېتەرلىكتۇر».

ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا ئىسرا كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىدىن پەلەستىندىكى بەيتۇلمۇقەددەسكە ئېلىپ بېرىپ، شۇ يەردىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقتى ۋە سىدرەتۇلمۇنتەھا[1]غا يەتكۈزدى. شۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەش ۋاقىت ناماز، بەقەرە سۈرىسىنىڭ بۇ ئىككى ئايىتى ۋە ئۈممىتىنىڭ ئىچىدىن الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلۈپ كەتكەن گۇناھىنىڭ كۆچۈرۈلۈشىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىش بېرىلدى.

فاتىھە سۈرىسىنىڭ پەزىلىتىنى سۆزلىگەندە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: بىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئولتۇراتتۇق. ئۇنىڭ قېشىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بار ئىدى. ئۇشتۇمتۇت يۇقىرى تەرەپتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. جىبرىئىل كۆزىنى ئاسمانغا تىكىپ: «بۇ، ئاسماننىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇن ئېچىلىپ باقمىغان بىر ئىشىكىدۇر» دېدى. ئۇ ئىشىكتىن بىر پەرىشتە چۈشتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرگە بېرىلمىگەن، پەقەت ساڭىلا بېرىلگەن ئىككى نۇر بىلەن خۇش بېشارەت ئالغىن. (ئۇ ئىككى نۇر) فاتىھە سۈرىسى ۋە بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىدۇر، ئۇ ئىككى ئايەتتىن بىر ھەرپ ئوقۇساڭ تىلىگىنىڭگە ئېرىشىسەن» دېدى، ـ دېگەنلىكى بايان قىلىنغان ئىدى.

بۇ ئىككى ئايەتنىڭ مەنىسى

الله (ھەممىسىدىن خەۋەر بېرىپ) مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله غا ۋە الله نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) «الله نىڭ**

(1) سىدرەتۇلمۇنتەھا: ئالتىنچى ئاسماندىكى دەرەخنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ياپرىقى ئالتۇندىن بولۇپ، ئايەتتە: **﴿ئۇ سىدرەتۇلمۇنتەھانى (ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى) قاپلىغان چاغدا (كۆردى)﴾** دەپ بايان قىلىنغان. ئالتىنچى ئاسمان زېمىندىن ئۆرلىگەن يۇقىرىدىن چۈشكەن بارلىق نەرسىلەردىن خالىغىنىنى تۇتۇپ قالىدۇ.

پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ﴿ مۆمىنلەر الله تائالانىڭ بىر، يالغۇز ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭغا ھەممە (مەخلۇقاتلارنىڭ) ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق زاتنىڭ ۋە باشقا پەرۋەردىگارنىڭ يوقلۇقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇلار ھەممە پەيغەمبەرلەرگە، الله تائالانىڭ ئاسماندىن نازىل قىلىنغان كىتابلىرىغا ئىشىنىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىشىنىپ ۋە بەزىسىگە ئىشەنمەي، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەيدۇ. ھەتتا ھەممىسىنىڭ ئېلىپ كەلگەن (شەرىئەتلىرى) قىيامەت كۈنىگىچە داۋاملىشىدىغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرغانىغا قەدەر الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ ئېلىپ كەلگەن ھۆكمى بەزىسىنىڭكىنى ئەمەلدىن قالدۇرمىسىمۇ، (ئاخىرىدا) پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى مۆمىنلەرنىڭ قارىشىدا راستچىل، توغرا يول تاپقۇچى ۋە توغرا يولغا باشلىغۇچى كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ.

﴿ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق» دەيدۇ﴾ يەنى ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىدۇق، ئۇنى چۈشەندۇق ۋە ئۇنىڭ بويىچە ئەمەل ـ ئىبادەت قىلدۇق.

﴿پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز﴾ يەنى ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز سېنىڭ (بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى) كەچۈرۈۋېتىشىڭنى ۋە (بىزگە) رەھىم قىلىشىڭنى سورايمىز.

﴿الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ﴾ يەنى الله تائالا بىر كىشىنى ئۇنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ. بۇ الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا بولغان مېھرىبانلىقى، رەھمىتى ۋە ئۇلارغا قىلغان ياخشىلىقىدۇر. بۇ ئايەت ئۇنىڭ ئالدىدىكى (ساھابىلارنى قورقىتىۋەتكەن): **﴿دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن الله سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋەتتى. ئەگەر الله ھېساب ئالسىمۇ، لېكىن بىر كىشىنىڭ دىلىدىكى ۋەسۋەسىگە ئوخشاش ئۇنى قايتۇرۇشقا قادىر بولالمايدىغان نەرسە ئۈچۈن ئۇنى ئازابلىمايدۇ. دىلىدىكى ۋەسۋەسىگە ئوخشاش دىلدىن چىقىرىۋېتىش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىنى دىلدىن چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇمايدۇ. (دىللاردىكى) بۇزۇق ۋەسۋەسىلەرنى يامان كۆرۈش ئىماننىڭ تەلىۋىدۇر.

﴿كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر. يامانلىقى (نىڭ جازاسىمۇ) ئۆزىگىدۇر﴾ يەنى بۇ (ياخشى ۋە يامان ئىشلار) بۇيرۇلغان ۋە توسۇلغان ئىشلارنىڭ قاتارىغا كىرگەن بولۇشى لازىم. ئاندىن الله بەندىلىرىنى ئۆزىدىن (ھاجەتلىرىنى) تىلەشكە بۇيرۇدى ۋە ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىنى ھەقىقەتەن ئىجابەت قىلىدىغانلىقىغا كېپىل بولدى.

الله ئۇلارنى مۇنداق دەپ تىلەشكە بۇيرۇدى: **﴿«پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن»﴾** يەنى بىز بىر پەرزنى ئۇنتۇپ قېلىپ قىلماي قالساق ياكى ئۇنتۇپ قېلىپ بىر هارام ئىشنى قىلىپ سالساق ۋەياكى بىز بىر ئىشتا ئۇنىڭ توغرا تەرىپىنى بىلمەي خاتا كېتىپ قالساق، بىزنى جازاغا تارتمىغىن.

يۇقىرىدا (ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە)، مۆمىنلەر مۇشۇنداق تىلىگەندە، ﷲ تائالانىڭ: «ھەئە، ماقۇل» دېگەنلىكى بايان قىلىندى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسىدىمۇ مۆمىنلەر شۇنداق تىلىگەندە، ﷲ تائالانىڭ: «شەكسىز شۇنداق قىلدىم» دېگەنلىكى بايان قىلىندى.

﴿**پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)**﴾ يەنى سەن پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاسان ۋە يەڭگىل دىن بىلەن ئەۋەتتىڭ. سەن ئۇنىڭ بىلەن ئەۋەتكەن دىندا بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن. ئىمام مۇسلىمنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان بۇ ئايەت ھەققىدىكى ھەدىسىدە مۆمىنلەر شۇنداق تىلىگەندە، ﷲ تائالانىڭ: «ھەئە، ماقۇل» دېگەنلىكى بايان قىلىندى.

ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە ﷲ تائالانىڭ: «ھەقىقەتەن شۇنداق قىلدىم» دېگەنلىكى بايان قىلىندى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مەن ھەق ۋە يەڭگىل بىر دىن بىلەن ئەۋەتىلدىم».

﴿**پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن. بىزنى كەچۈرگىن**﴾ يەنى ئى ﷲ ! سەن بىلىدىغان، بىزنىڭ قىلىپ سالغان كەمچىلىكىمىزنى كەچۈرگىن. ﴿**بىزگە مەغپىرەت قىلغىن**﴾ بىزنىڭ ئارىلىقىمىز بىلەن باشقا بەندىلىرىڭنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ قالغان خاتالىقتىن بىزنى كەچۈرگىن. ﴿**بىزگە رەھىم قىلغىن**﴾ يەنى ئالدىمىزدا كېلىدىغان ئىشتا، سەن بىزگە ئۇتۇق ئاتا قىلىشىڭ بىلەن يەنە بىر گۇناھ ئىشقا چۈشۈپ قېلىشىمىزدىن بىزنى ساقلىغىن.

شۇڭا ئالىملار مۇنداق دېدى: گۇناھ قىلىپ سالغان كىشى مۇنداق ئۈچ نەرسىگە موھتاج: بىرىنچى، ﷲ تائالانىڭ كەچۈرۈشىگە. ئىككىنچى، ﷲ بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا گۇناھىنى يېپىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رەسۋا قىلماسلىقىغا. ئۈچىنچى، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق گۇناھقا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا (موھتاجدۇر).

باشتىكى ھەدىستە ﷲ تائالانىڭ: «ھەئە، ماقۇل» دېگەنلىكى بايان قىلىنىپ ئۆتتى. يەنە بىر ھەدىستە ﷲ تائالانىڭ: «ھەقىقەتەن شۇنداق قىلدىم» دېگەنلىكى بايان قىلىندى.

﴿**سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن**﴾ سەن بىزنىڭ ئىگىمىز، ياردەمچىمىز، بىز ساڭىلا تەۋەككۈل قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم تەلەپ قىلىمىز، ساڭىلا تايىنىمىز، سەندىن باشقا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىگىسى يوق.

﴿**«كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دەيدۇ**﴾ يەنى دىنىڭغا، بىرلىك ـ بارلىقىڭغا ۋە پەيغەمبىرىڭگە تانغان (ئىمان ئېيتمىغان)، سەندىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلغان ۋە ساڭا شېرىك كەلتۈرگەن كاپىرلارغا قارشى بىزگە ياردەم قىلغىن ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بىزگە

ياخشى ئاقىۋەت ئاتا قىلغىن. ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: **اللە** تائالا: «ھەئە، ماقۇل» دېدى. يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: **اللە** تائالا: «شەكسىز شۇنداق قىلىمەن» دېدى.

ئىبنى جەرىر ئەبۇئىسھاقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ **﴿«كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دەيدۇ﴾** دېگەن ئايەت ئوقۇلسا، ئامىن دەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن، بەقەرە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. بارلىق ھەمدۇسانا **اللە** تائالاغا خاستۇر!

ئال ئىمران سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 200 ئايەت

ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى توغرىسىدا

بۇ سۈرىنى مەدىنىدە چۈشكەن دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىن تاكى 83 ـ گىچە بولغان ئايەتلەر (ھىجرىيەنىڭ 9 ـ يىلى) نەجران قەبىلىسىدىن كەلگەن ئەلچىلەر ھەققىدە چۈشكەن. بىز بۇ سۈرە بىلەن بەقەرە سۈرىسىنىڭ پەزىلەتلىرى سۆزلەنگەن ھەدىسلەرنى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الٓمٓ ﴿١﴾ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلْحَيُّ ٱلْقَيُّومُ ﴿٢﴾ نَزَّلَ عَلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ بِٱلْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ وَأَنزَلَ
ٱلتَّوْرَىٰةَ وَٱلْإِنجِيلَ ﴿٣﴾ مِن قَبْلُ هُدًى لِّلنَّاسِ وَأَنزَلَ ٱلْفُرْقَانَ ۗ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ لَهُمْ عَذَابٌ
شَدِيدٌ ۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ ذُو ٱنتِقَامٍ ﴿٤﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئەلىف، لام، مىم﴿1﴾. اللە دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، اللە (ھەمىشە
تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿2﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئۆزىدىن ئىلگىرىكى
كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) (اللە) ساڭا نازىل قىلدى. ئىلگىرى،
كىشىلەرگە يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى نازىل قىلغان ئىدى﴿3﴾. ھەق
بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى كىتابنى (يەنى بارلىق ساماۋى كىتابلارنى) نازىل قىلدى. شۈبھىسىزكى،
اللە نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، اللە غالىبتۇر،
(يامانلارنى) جازالىغۇچىدۇر﴿4﴾.

﴿ئەلىف، لام، مىم﴾ ئۇزۇپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى ھەققىدە بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق.

﴿بىر **الله** دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، **الله** (ھەمىشە) تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1] ۋە **﴿ئەلىف، لام، مىم، الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله (ھەمىشە) تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾** دېگەن ئىككى ئايەت ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر بىلەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە يۇقىرىدا ئۆتكەن «ئايەتۇلكۇرسىدىكى **الله** تائالانىڭ كاتتا ئىسمى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا توختالغان ئىدۇق.

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) (الله) ساڭا نازىل قىلدى﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! **الله** ساڭا ھېچقانداق شەك يوق قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلدى. قۇرئان كەرىمنى **الله** تائالا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي بىلىمى ئارقىلىق چۈشۈرگەندۇر. پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى (ئۇنىڭغا) گۇۋاھچىدۇر. **الله** گۇۋاھلىق بېرىشكە يېتەرلىكتۇر.

﴿ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى ھەق كىتابنى﴾ يەنى پەيغەمبەرلەرگە ئاسماندىن نازىل قىلىنغان ئىلگىرىكى كىتابلار قۇرئان كەرىمنىڭ خەۋەرلىرىنى بېرىپ، قۇرئاننى تەستىقلاپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن خۇش بېشارەت بېرىپ كەلدى، قۇرئانمۇ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن كىتابلارنى تەستىقلاپ كەلدى. چۈنكى، قۇرئان **الله** تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشى ئۇلۇغ قۇرئاننى ئۇنىڭغا چۈشۈرۈشى، ئىلگىرىكى كىتابلاردا ئالدىن بېرىلگەن خۇش بېشارەتكە تامامەن ئۇيغۇن بولغان ھالدا كەلدى.

﴿كىشىلەرگە يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى نازىل قىلغان ئىدى﴾ يەنى «تەۋرات» مۇسا ئىبنى ئىمران ئەلەيھىسسالامغا، «ئىنجىل» ئىسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلار قۇرئاندىن بۇرۇن (مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا) ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىگە يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ نازىل قىلىنغان ئىدى.

﴿ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى كىتابنى (يەنى بارلىق ساماۋى كىتابلارنى) نازىل قىلدى﴾ يەنى قۇرئان **الله** تائالا ئۇنىڭدا كەلتۈرگەن ھۆججەت، ئوچۇق ئالامەتلەر ۋە كەسكىن پاكىتلار ئارقىلىق توغرا يول بىلەن ئازغۇنلۇق يولىنى، ھەق بىلەن ناھەقنى، ئازغۇنلۇق بىلەن ھىدايەتنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىغۇچى ۋە ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگۈچىدۇر.

﴿شۈبھىسىزكى، الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، الله غالىبتۇر، (يامانلارنى) جازالىغۇچىدۇر﴾ يەنى كاپىرلار **الله** تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن تاندى ۋە ئۇنى ئورۇنسىز ئىنكار قىلدى. قىيامەت كۈنى كاپىرلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. **الله** ھۆكۈمرانلىقى كاتتا زاتتۇر. ئۇنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمىگەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە قارشىلىق قىلغان كىشىدىن ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر.

(1) بەقەرە سۈرىسى 255 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

****

إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَخۡفَىٰ عَلَيۡهِ شَيۡءٞ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَا فِي ٱلسَّمَآءِ ﴿٥﴾ هُوَ ٱلَّذِي يُصَوِّرُكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡحَامِ كَيۡفَ يَشَآءُۚ لَآ
إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٦﴾

شۈبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە الله تائالاغا مەخپىي ئەمەس﴿5﴾. ئۇ سىلەرنى بەچچىدانلاردا (يەنى ئانىلارنىڭ قورسىقىدىكى چېغىڭلاردا) ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. الله تائالا غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿6﴾.

الله ئۆزىنىڭ ئاسمان ۋە زېمىننىڭ غەيبلىرىنى بىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىگە ھېچقانداق نەرسىنىڭ مەخپىي ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇ سىلەرنى بەچچىدانلاردا (يەنى ئانىلارنىڭ قورسىقىدىكى چېغىڭلاردا) ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ﴾** يەنى الله تائالا سىلەرنى ئانىلارنىڭ بالا ياتقۇلىرىدا ئوغۇل ياكى قىز، چىرايلىق ياكى سەت، بەختسىز ياكى بەختلىك قىلىپ، ئۆزى خالىغان بويىچە يارىتىدۇ.

﴿ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ يەنى بارلىق نەرسىلەرنى ياراتقۇچى الله، ئۆزى يالغۇزلا ئىبادەتكە لايىقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. كاتتىلىق، ھېكمەت ۋە ھۆكۈم قىلىش قاتارلىق بارلىق ئىشلار ئۆزىگىلا خاستۇر.

بۇ ئايەت مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش يارىتىلغان بىر بەندە ئىكەنلىكىگە ئوچۇق پاكىتتۇر. چۈنكى، الله ئۇنى بالا ياتقۇدا سۈرەتكە كەلتۈردى. ئۇنى ئۆزى خالىغان بويىچە ياراتتى. ئىسا ئەلەيھىسسالام خىرىستىئانلار (ئۇلارغا الله تائالانىڭ لەنىتى بولسۇن!) گۇمان قىلغاندەك ئىلاھ ئەمەس. ئۇ (ئانىسىنىڭ قورسىقىدا) بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا تەدرىجىي ئۆزگىرىپ چوڭ بولغاندىن كېيىن تۇغۇلغان تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ئىلاھ بولسۇن؟ الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله سىلەرنى ئانىلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققى قىلدۇرۇپ (يەنى ئابىمەنى، ئاندىن لەختە قان، ئاندىن پارچە گۆش باسقۇچلىرىغا بۆلۈپ)، ئۈچ قاراڭغۇلۇق (يەنى بالاھەمراھنىڭ پەردىسى، بەچچىدان ۋە ئانىسىنىڭ قورسىقى) ئىچىدە يارىتىدۇ﴾[1].

****

هُوَ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ مِنۡهُ ءَايَٰتٞ مُّحۡكَمَٰتٌ هُنَّ أُمُّ ٱلۡكِتَٰبِ وَأُخَرُ مُتَشَٰبِهَٰتٞۖ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمۡ
زَيۡغٞ فَيَتَّبِعُونَ مَا تَشَٰبَهَ مِنۡهُ ٱبۡتِغَآءَ ٱلۡفِتۡنَةِ وَٱبۡتِغَآءَ تَأۡوِيلِهِۦۖ وَمَا يَعۡلَمُ تَأۡوِيلَهُۥٓ إِلَّا ٱللَّهُۗ وَٱلرَّٰسِخُونَ فِي ٱلۡعِلۡمِ
يَقُولُونَ ءَامَنَّا بِهِۦ كُلّٞ مِّنۡ عِندِ رَبِّنَاۗ وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّآ أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ ﴿٧﴾ رَبَّنَا لَا تُزِغۡ قُلُوبَنَا بَعۡدَ إِذۡ هَدَيۡتَنَا وَهَبۡ لَنَا
مِن لَّدُنكَ رَحۡمَةًۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡوَهَّابُ ﴿٨﴾ رَبَّنَآ إِنَّكَ جَامِعُ ٱلنَّاسِ لِيَوۡمٖ لَّا رَيۡبَ فِيهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُخۡلِفُ
ٱلۡمِيعَادَ ﴿٩﴾

(1) زۇمەر سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(ئى مۇھەممەد!) ئۇ (الله) ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدى. ئۇنىڭدا مەھكەم (يەنى مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار كىتابنىڭ (يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر. دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ (يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ). بۇنداق ئايەتلەرنىڭ (ھەقىقىي) مەنىسىنى پەقەت الله بىلىدۇ. ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان. (بۇنى) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ﴿7﴾. پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن﴿8﴾. پەرۋەردىگارىمىز! شۈبھىسىزكى، كېلىشى شەكسىز بولغان كۈندە (يەنى ھېساب ئېلىنىدىغان قىيامەت كۈنىدە) كىشىلەرنى توپلىغۇچىسەن، شۈبھىسىزكى، الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ» ﴿9﴾.

مۇھكەم ۋە مۇتەشابىھ ئايەتلەرنىڭ بايانى

الله (بۇ ئايەتتە) قۇرئاننىڭ ئىچىدە چۈشىنىش تەس بولمىغان، مەنىلىرى ئوچۇق (مۇھكەم) ئايەتلەرنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇ ئايەتلەرنىڭ قۇرئاننىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. كۆپ ساندىكى ياكى ئاز ساندىكى كىشىلەرگە مەنىسىنى چۈشىنىش تەس بولىدىغان يەنە بىر تۈرلۈك مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان (مۇتەشابىھ) ئايەتلەر بار. كىمكى مەنىسى ئوچۇق بولغان (مۇھكەم)[1] ئايەتلەرنى مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان (مۇتەشابىھ) ئايەتلەرگە ھۆكۈمران قىلىپ، مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان (مۇتەشابىھ) ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى (مەنىسى ئوچۇق بولغان) مۇھكەم ئايەتلەرگە قاراپ چۈشەنسە، توغرا قىلغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، خاتالىشىپ قالىدۇ.

شۇڭا الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار كىتابنىڭ (يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر**﴾ يەنى مەنىسى ئوچۇق بولغان (مۇھكەم) ئايەتلەر باشقا ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش قىيىن بولغاندا تايىنىدىغان قۇرئاننىڭ ئاساسىدۇر.

﴿**يەنە باشقا مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر**﴾ يەنى مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان ئايەتنىڭ ئۇقتۇرىدىغان مەنىلىرى مەنىسى ئوچۇق بولغان ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. (ئايەت ئۇقتۇرىدىغان) مەقسەت جەھەتتىنلا بولماستىن، (ئايەتتىكى) خام سۆز ۋە ئۇ سۆزلەرنىڭ بىرسى يەنە بىرسى بىلەن باغلىنىش جەھەتتىن باشقا مەنىنىمۇ ئۇقتۇرىدۇ. شۇڭا بۇ ئايەت، مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان (مۇتەشابىھ) يەنى چۈشىنىش تەس بولغان ئايەت دەپ ئاتىلىدۇ. مەنىسى ئوچۇق (مۇھكەم) ئايەتلەر قۇرئاننىڭ باشقا ئايەتلىرىنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھالال، ھارام نەرسىلەرنى، ھۆكۈملەرنى، جىنايى ئىشلارغا ھۆكۈم چىقارغان جازالارنى ۋە پەرز ئىبادەتلەرنى بايان قىلىپ كەلگەن، ئىشىنىشكە ۋە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغان ئايەتلەردۇر.

مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان (مۇتەشابىھ) ئايەتلەر ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ئىلگىرى-كېيىن

---

(1) مۇھكەم: بۇ يەردىكى "مۇھكەم" ۋە "مەھكەم" كەلىمىلىرى ئەسلىدە بىر گەپ بولۇپ، بۇنى مۇھەممەد سالىھ ھاجىم "مەھكەم" دەپ قوللانغان. بىز بۇ يەردە ئەرەب تىلىنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزىغا ئاساسەن "مۇھكەم" دەپ قوللاندۇق.

مىساللار ئۈچۈن كەلگەن، ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە بۇيرۇلغان لېكىن ئەمەل قىلىنمايدىغان ئايەتلەردۇر.

﴿ئۇنىڭدا مەھكەم (يەنى مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر بار﴾ مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى يەسار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: مەنىسى ئوچۇق بولغان بۇ ئايەتلەردە **الله** تائالانىڭ ھۆججەت ـ پاكىتلىرى، بەندىلەرنىڭ خاتالىقلاردىن ساقلىنىشى ۋە ناتوغرا ئىشلار بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەرنى ئەسلىدىكى مەنىسىدىن ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايدۇ. مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئىشىنىپ، ئۇنى (خاتالىشىپ كەتمەيدىغان دەرىجىدە) ئۆزگەرتىپ مەنە ئېيتسا بولىدۇ. **الله** بەندىلىرىنى ھالال ۋە ھارام ئىشلاردا سىنىغاندەك ئۇلارنى مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان ئايەتلەرگە توغرا ياكى خاتا مەنە بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدە سىنىدى.

شۇڭا **الله** مۇنداق دەيدۇ: **﴿دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ (يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ)﴾** يەنى (دىللىرىدا) ئازغۇنلۇق ۋە توغرا يولدىن خاتا يولغا چىقىپ كېتىش ئېھتىمالى بار كىشىلەر، خام سۆزلىرى ئۆزى ئۆزگەرتمەكچى بولغان مەنىگە ئۇيغۇن كېلىش ئېھتىمالى بولغان ۋە ئۆزىنىڭ بۇزۇق مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولىدىغان، مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان (مۇتەشابىھ) ئايەتلەرگە ئېسىلىدۇ. ئەمما مەنىسى ئوچۇق بولغان (مۇھكەم) ئايەتلەردە، ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ يامان نىيەتلىرى ئۈچۈن ئۆزگەرتىشى مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى، مەنىسى ئوچۇق بولغان (مۇھكەم) ئايەتلەر (ئۆزلىرىنىڭ يامان نىيەتلىرى ئۈچۈن) ئۆزگەرتەلمەيدىغان ئايەتلەردۇر. ئەگەر ئۇلار بۇ ئايەتلەرنى ئۆزگەرتسە، بۇ ئايەتلەر ئۇلارنىڭ زىيىنىغا ھۆججەت بولۇپ قالىدۇ.

﴿دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ﴾ خىرىستىئانلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاش يارىتىلغان بىر بەندە ۋە **الله** تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان (**الله** تائالانىڭ): ﴿ئۇ (يەنى ئىسا) (ناسارالار گۇمان قىلغاندەك ئىلاھ ياكى ئىلاھنىڭ ئوغلى ئەمەس) پەقەت پەيغەمبەرلىك نېئمىتىمىزگە ئېرىشكەن بىر بەندىدۇر﴾[1]، ﴿شۈبھىسىزكى، **الله** تائالانىڭ نەزىرىدە ئىسانىڭ مىسالى (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى **الله** (ئاتا ـ ئانىسىز) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇتقا كەل» دېدى ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كەلدى (ئىسانىڭ ئىشى ئادەمنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس)﴾[2] ۋە بۇلاردىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئايەتلىرىنى قويۇپ: قۇرئاندا ئىسا **الله** نىڭ روھى ۋە ئۇنىڭ مەريەمگە تاشلىغان سۆزىدۇر دېيىلدى، ـ دەپ دىللىرىدىكى ئازغۇنلۇقى سەۋەبى بىلەن ئەسلىدە دىنىدا يوق، ئەمما دىنىغا كىرگۈزىۋالغان خاتا ئىشلىرىنى ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەرگە توغرىدەك كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن قۇرئاننى پاكىت قىلىپ كەلتۈرىدۇ.

﴿ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ﴾ يەنى ئۇنى ئۆزى خالىغان مەقسەتكە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 59 ـ ئايەت.

ئەلەيھىسسالام: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇ (الله) ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدى. ئۇنىڭدا مەھكەم (يەنى مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار كىتابنىڭ (يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر. دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ (يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ). بۇنداق ئايەتلەرنىڭ (ھەقىقىي) مەنىسىنى پەقەت الله بىلىدۇ. ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان. (بۇنى) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ»﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ: «ئەگەر قۇرئان ھەققىدە جېدەللەشكەن كىشىلەرنى كۆرسەڭلەر، ئۇلاردىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى ئۇلار الله تائالا بۇ ئايەتتە بايان قىلغان كىشىلەردۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلغان.

مۇتەشابىھ ئايەتلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى پەقەت الله نىڭلا بىلىدىغانلىقى

﴿بۇنداق ئايەتلەرنىڭ (ھەقىقىي) مەنىسىنى پەقەت الله بىلىدۇ﴾ قۇرئانشۇناس ئالىملار بۇ ئايەتنىڭ قايسى يېرىدە توختاش كېرەكلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بەزىلەر: الله تائالانىڭ ئىسمىدا (يەنى ئەللەللاھ دېگەن يەردە) توختايمىز، ـ دېدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: قۇرئاننىڭ مەنىسى تۆت خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى، ھەرقانداق ئادەم چۈشىنەلەيدىغان مەنە. ئىككىنچىسى، ئەرەبلەر ئۆز تىللىرىدا بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىشلەتكەن سۆزلۈكلەرگە ئاساسلىنىپ چۈشىنەلەيدىغان مەنە[1]. ئۈچىنچىسى، ئىلىمدا كامالەتكە يەتكەنلەر چۈشىنەلەيدىغان مەنە. تۆتىنچىسى، پەقەت الله تائالادىن باشقىسى چۈشىنەلمەيدىغان مەنە. بۇ سۆز ئائىشە، ئۇرۋە، ئەبۇشەئسا، ئەبۇنەھىك ۋە باشقىلاردىن رىۋايەت قىلىندى.

بەزىلەر الله تائالانىڭ: **﴿ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ﴾** دېگەن سۆزىدە توختايمىز، ـ دېدى. بۇ قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلىدىغان ۋە دىنىنىڭ ئەسلىنى تەتقىق قىلىدىغان كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ سۆزىدۇر. بۇ ئالىملار: قۇرئاندا مەنىسىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئايەت يوقتۇر، ـ دېدى.

ئىبنى ئەبۇنەجىيھ مۇجاھىدتىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن قۇرئاننى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشىنىدىغان ئىلىمدا توشقانلارنىڭ قاتارىدىندۇرمەن.

ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا: «ئى الله ! ئۇنى دىندا ئالىم قىلساڭ ۋە ئۇنىڭغا (قۇرئاننىڭ) مەنىسىنى بىلدۈرسەڭ» دەپ دۇئا قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىندى[2].

﴿ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان»﴾ يەنى ئۇلار مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان ئايەتلەرگە: ئىمان كەلتۈردۇق، بۇ ئايەتلەرنىڭ

(1) ئەينى زاماندا ئەرەبلەر قۇرئاندىكى بەزى سۆزلۈكلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن بۇرۇنقى شېئىرلار ۋە يەرلىك قەبىلىلەرنىڭ قوللانغان مەنىلىرىگە ئاساسلىناتتى.
(2) بۇ ھەدىسلەردىن قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى بىلەلەيدىغان، ئىلىمدا توشقانلارمۇ بار دېگەن چىقىدۇ.

504

ھەممىسى ھەق. چۈنكى، ھەممىسى الله تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەندۇر. الله تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن نەرسە بىرى ـ بىرىگە قارمۇ قارشى بولمايدۇ، ـ دەيدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر قۇرئان (مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار گۇمان قىلغاندەك) الله دىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى﴾[1].

﴿(بۇنى) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ﴾ يەنى ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ۋە توغرا پىكىرلىك كىشىلەرلا (ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى) توغرا چۈشىنىدۇ ۋە (توغرا) تەپەككۇر قىلالايدۇ.

ئىبنى مۇنزىر نافىئە ئىبنى يەزىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىلىمدا كامالەتكە يەتكەن كىشى دېگەن، الله يولىدا كەمتەر بولغان ۋە الله تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقان، ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىلەرگە خۇشامەت قىلمايدىغان، ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەرنى پەس كۆرمەيدىغان كىشىدۇر.

ئاندىن الله بىلىمدە كامالەتكە يەتكەنلەرنىڭ (ئۆزلىرىنىڭ) پەرۋەردىگارىغا: **﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن﴾** دەپ دۇئا قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئايەتنىڭ مەنىسى: (ئى پەرۋەردىگارىمىز!) سەن بىزنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بىزنى ئازدۇرىۋەتمىگىن، بىزنى دىللىرىدا ئەگرىلىك بار كىشىلەرگە ئوخشاش قۇرئاننىڭ ئېچىدىكى مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان ئايەتلەرگە ئەگىشىدىغان قىلمىغىن. بىزنى تۈز يولۇڭدا ۋە توغرا دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن، ـ دېگەنلىك بولىدۇ.

﴿بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن﴾ يەنى بىزگە سېنىڭ دەرگاھىڭدىن (بىزنىڭ) دىللىرىمىزمەھكەم تۇرىدىغان ۋە ئىمانىمىزنى، ئىشەنچىمىزنى ئاشۇرىدىغان رەھمىتىڭنى بېغىشلىغىن!

﴿شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم ۋە ئىبنى جەرىر ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئى دىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ دىلىمنى سېنىڭ دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن!» دېگەندىن كېيىن: **﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

﴿پەرۋەردىگارىمىز! شۈبھىسىزكى، كېلىشى شەكسىز بولغان كۈندە (يەنى ھېساب ئېلىنىدىغان قىيامەت كۈنىدە) كىشىلەرنى توپلىغۇچىسەن، شۈبھىسىزكى، الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ»﴾ يەنى بىلىمدا كامالەتكە يەتكەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ دۇئالىرىدا: ئى پەرۋەردىگارىمىز! شەكسىزكى، سەن قىيامەت كۈنى مەخلۇقاتلىرىڭنى بىر يەرگە يىغىسەن، ئۇلار ئۆزئارا ئىختىلاپلاشقان نەرسە ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىسەن ۋە ھەر بىر كىشىگە ئۇنىڭ دۇنيادىكى قىلغان ياخشىلىقى ياكى يامانلىقىغا قاراپ (ياخشىلىقىغا) مۇكاپات، (يامانلىقىغا) جازا بېرىسەن، ـ دەيدۇ.

* * * * * * *

(1) نىسا سۈرىسى 82 ـ ئايەت.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لَن تُغْنِىَ عَنْهُمْ أَمْوَٰلُهُمْ وَلَآ أَوْلَٰدُهُم مِّنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔا ۖ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمْ وَقُودُ ٱلنَّارِ ﴿١٠﴾
كَدَأْبِ ءَالِ فِرْعَوْنَ وَٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ ۚ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا فَأَخَذَهُمُ ٱللَّهُ بِذُنُوبِهِمْ ۗ وَٱللَّهُ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿١١﴾

كاپىرلار نىڭ ماللىرى، باللىرى **الله** تائالانىڭ ئازابى ئالدىدا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىگە دال بولالمايدۇ. ئۇلار يەنى (كۇففارلار) دوزاخنىڭ يېقىلغۇسىدۇر﴿10﴾. (بۇ كۇففارلار نىڭ ھالى) پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقاردى، گۇناھى تۈپەيلىدىن **الله** ئۇلارنى جازالىدى، **الله** نىڭ جازاسى قاتتىقتۇر﴿11﴾.

قىيامەت كۈنى مال ـ دۇنيا ۋە بالا ـ چاقىلىرىنىڭ پايدا قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنى كاپىرلارنىڭ دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. قىيامەت كۈنى **الله** تائالانىڭ: ﴿ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ ئۆزرىلىرى پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلار لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە سۈپەتلەنگەن كۈندۇر.

ئۇلارنىڭ دۇنيادا تاپقان مال ـ مۈلكى ۋە بالا ـ چاقىلىرى **الله** تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۇلارغا پايدا يەتكۈزمەيدۇ ۋە ئۇلارنى **الله** تائالانىڭ قاتتىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. **الله** بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ئەۋلادى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، **الله** ئۇلارنى بۇ دۇنيادا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ﴾[2]، ﴿كاپىرلارنىڭ (پۇل ـ مال، ئابرۇي، مەرتىۋە ئىزدەش يۈزىسىدىن) شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالدىمىسۇن. بۇ ئازغىنا بەھرىمەن بولۇشتۇر، كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن يامان تۆشەك!﴾[3].

﴿كاپىرلارنىڭ ماللىرى، باللىرى الله تائالانىڭ ئازابى ئالدىدا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىگە دال بولالمايدۇ. ئۇلار يەنى (كۇففارلار) دوزاخنىڭ يېقىلغۇسىدۇر﴾ يەنى **الله** تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن تانغان ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمىگەن، كىتابىدىكى ھۆكۈملەرگە خىلاپلىق قىلغان ۋە **الله** تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە قىلغان ۋەھيىسىدىن پايدىلانمىغان كاپىرلار دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى بولىدۇ.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿(ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر **الله** نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسىلەر بىلەن دوزاخقا يېقىلغۇ بولىسىلەر﴾[4].

﴿(بۇ كۇففارلار نىڭ ھالى) پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ﴾ زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ئۇ كاپىرلارنىڭ قىلىقلىرى پىرئەۋننىڭ ئادەملىرىنىڭ قىلىقلىرىغا ئوخشايدۇ.

(1) غافىر سۈرىسى 52 ـ ئايەت.
(2) تەۋبە سۈرىسى 55 ـ ئايەت.
(3) ئال ئىمران سۈرىسى 196 ــ 197 ـ ئايەتلەر.
(4) ئەنبىيا سۈرىسى 98 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىكرىمە، مۇجاھىد، ئەبۇمالىك، زەھھاك ۋە باشقىلاردىنمۇ (بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئاببابس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ رىۋايىتىگە) ئوخشاش رىۋايەتلەر قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن: (بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى) پىرئەۋننىڭ ئادەملىرىنىڭ يوللىرىغا، پىرئەۋننىڭ ئادەملىرىنىڭ ئىشلىرىغا ۋە پىرئەۋننىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاش دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېگەنلەرمۇ بار.

بۇ ئايەت بۇ مەنىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، بۇ مەنىلەر بىرى ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئايەتنىڭ ئورتاق مەنىسى: كاپىرلارنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە بالا ـ چاقىلىرى، ئۇلارنى الله تائالانىڭ ئازابىدىن قوتۇلدۇرالمايدۇ ۋە ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا بېرەلمەيدۇ. بەلكى، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئايەتلىرىگە ۋە ئۇنىڭ پاكىتلىرىغا ئىشەنمىگەن پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەر ھالاك بولغاندەك ھالاك قىلىنىپ ئازابلىنىدۇ.

﴿**الله تائالانىڭ جازاسى قاتتىقتۇر**﴾ يەنى الله تائالانىڭ ئازابى ناھايىتى قاتتىقتۇر. بىرمۇ گۇناھكار ئۇ ئازابتىن ساقلىنىپ قالالمايدۇ. بەلكى، الله تائالا ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى ۋە خالىغاننى قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە بويسۇنغۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق زات ھەم ئۇنىڭدىن باشقا پەرۋەردىگار يوقتۇر.

****

قُل لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ سَتُغۡلَبُونَ وَتُحۡشَرُونَ إِلَىٰ جَهَنَّمَۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمِهَادُ ﴿١٢﴾ قَدۡ كَانَ لَكُمۡ ءَايَةٞ فِي
فِئَتَيۡنِ ٱلۡتَقَتَاۖ فِئَةٞ تُقَٰتِلُ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَأُخۡرَىٰ كَافِرَةٞ يَرَوۡنَهُم مِّثۡلَيۡهِمۡ رَأۡيَ ٱلۡعَيۡنِۚ وَٱللَّهُ
يُؤَيِّدُ بِنَصۡرِهِۦ مَن يَشَآءُۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَعِبۡرَةٗ لِّأُوْلِي ٱلۡأَبۡصَٰرِ ﴿١٣﴾

(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر(دۇنيادا) مەغلۇب قىلىنىسىلەر ۋە (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلىنىسىلەر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان تۆشەك»﴿12﴾. (ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! بەدرىدە جەڭ ئۈچۈن) ئۇچراشقان ئىككى گۇرۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار، بىرى الله يولىدا ئۇرۇشۇۋاتقان گۇرۇھتۇر، يەنە بىرى مۇسۇلمانلارنى (سانىنى) ئۆزلىرىدەك ئىككى باراۋەر ئوپئوچۇق كۆرگەن كاپىرلار گۇرۇھىدۇر (يەنى الله كاپىرلارغا قورقۇنچ سېلىش بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشتىن قول يىغدۇرۇش ئۈچۈن، كاپىرلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى جىق كۆرسەتتى). الله خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىپ قوللايدۇ. بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بار﴿13﴾.

يەھۇدىيلارغا ئۇلارنىڭ پات ئارىدا يېڭىلىدىغانلىقى بىلەن تەھدىد سېلىش ۋە بەدرى كۈنىدىن ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندەش توغرىسىدا

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد! كاپىرلارغا: ﴿**سىلەر «دۇنيادا مەغلۇب قىلىنىسىلەر ۋە ئاخىرەتتە جەھەننەمگە توپلىنىسىلەر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان تۆشەك»**﴾ دېگىن». مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى يەسار ئاسىم ئىبنى ئۆمەر ئىبنى قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى كۈنى (كاپىرلار ئۈستىدىن) غەلىبە قىلىپ مەدىنىگە

قايتقاندا، يەھۇدىيلارنى قەينۇقا قەبىلىسىنىڭ بازىرىغا يىغىپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى مۇھەممەد! سەن (جەڭ قىلىشتا) تەجرىبىسىز، ئۇرۇش قىلىشنى بىلمەيدىغان بىر تۈركۈم قۇرەيشلىكلەرنى يېڭىۋىلىپلا بەك كۆرەڭلەپ كەتمە، ئەگەر سەن بىز بىلەن سوقۇشىدىغان بولساڭ، بىزنىڭ كىملىكىمىزنى بىلىپ قالىسەن، سەن تېخى بىزگە ئوخشاش كىشىلەرگە يولۇقۇپ باقمىدىڭ» دېدى.

﴿(ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! بەدرىدە جەڭ ئۈچۈن) ئۇچراشقان ئىككى گۇرۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار﴾ يەنى يۇقىرىدىكى گەپنى قىلغان يەھۇدىيلارغا (ئىككى گۇرۇھنىڭ ئۇرۇش قىلىپ) مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىشىدا الله تائالانىڭ ئۆزىنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىدىغانلىقىغا، پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ۋە ئۆزىنىڭ سۆزىنى (يەنى قۇرئاننى) ئۈستۈن قىلىدىغانلىقىغا ئالامەت باردۇر. ﴿بىرى الله يولىدا ئۇرۇشۇۋاتقان گۇرۇھتۇر﴾ يەنى ئۇلار مۇسۇلمانلاردۇر.

﴿يەنە بىرى مۇسۇلمانلارنى (سانىنى) ئۆزلىرىدەك ئىككى باراۋەر ئوپئوچۇق كۆرگەن كاپىرلار گۇرۇھىدۇر﴾ ئۇلار بەدرى كۈنى مۇسۇلمانلارنى سان جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ سانىدىن ئوپئوچۇق ئىككى ھەسسە ئارتۇق كۆرگەن قۇرەيش كاپىرلىرىدۇر. يەنى الله بۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىشىغا سەۋەب قىلدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: مۇسۇلمانلار گۇرۇھى كاپىرلار گۇرۇھىنى سان جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ سانىدىن ئوپئوچۇق ئىككى ھەسسە ئارتۇق كۆردى. شۇنداق تۇرۇپمۇ الله ئۇلارغا ياردەم قىلدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: بىز مۇشرىكلارنىڭ سانىنى بىزدىن ئارتۇق كۆردۇق، ئىككىنچى قېتىم ئۇلارغا قارىغىنىمىزدا، ئۇلارنى بىزدىن بىر كىشىمۇ ئارتۇق كۆرمىدۇق. بۇ الله تائالانىڭ ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر: ﴿الله بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، (دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلسۇن دەپ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا ئاز كۆرسەتتى ۋە سىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە (سىلەرگە قارشى تەييارلىقتا بولمىسۇن دەپ) ئاز كۆرسەتتى﴾[1] ئەبۇئىسھاق ئەبۇئۇبەيدىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: ھەقىقەتەن مۇشرىكلار بىزنىڭ كۆزلىرىمىزگە ئاز كۆرۈندى. ھەتتا مەن يېنىمدىكى بىر كىشىگە: (ئۇلارنىڭ سانى) يەتمىشچە چىقامدۇ ـ قانداق؟ ـ دېدىم. ئۇ: مەن ئۇلارنى يۈز ئادەمدەك كۆردۈم، ـ دېدى. بىز ئۇلارنىڭ ئادىمىدىن بىرنى ئەسىرگە ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن: سىلەر قانچە كىشى ئىدىڭلار؟ ـ دەپ سورىدۇق. ئۇ: بىز مىڭ كىشى ئىدۇق، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

الله تائالا ئىككى گۇرۇھ بىرى ـ بىرىنى كۆرگەندە، مۇسۇلمانلارنىڭ (الله تائالاغا) تەۋەككۈل قىلىشى، ئۇنىڭغا يۈزلىنىشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ پەرۋەردىگارىدىن ياردەم تىلىشى ئۈچۈن كاپىرلارنى ئۆزلىرىنىڭ سانىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق كۆرسەتتى. مۇشرىكلارنىڭ دىلىنىڭ قورقۇنچ، قالايمىقانچىلىق ۋە ئەنسىزلىك قاپلىشى ئۈچۈن مۆمىنلەرنىڭ سانىنى ئۆزلىرىنىڭ سانىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق كۆرسەتتى. ئاندىن ئۇلار (ئۇرۇش ئۈچۈن) سەپ بولۇپ ئىككى گۇرۇھ ئۇچراشقاندا، بىرى يەنە بىرىگە ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن الله بىر گۇرۇھنى يەنە بىر گۇرۇھنىڭ كۆزىگە ئاز كۆرسەتتى.

﴿ھەممە ئىش الله تائالاغا قايتۇرۇلىدۇ (الله ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ)﴾ يەنى الله تائالانىڭ

(1) ئەنفال سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇنداق قىلىشى ھەق بىلەن ناھەقنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىش، ئىماننى كۇپۇردىن ئۈستۈن قىلىش، مۆمىنلەرنى ئەزىز، كاپىرلارنى خار قىلىش ئۈچۈندۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قوراللىڭلار ئاز ئىدى)﴾[1].

﴿الله خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىپ قوللايدۇ. بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بار﴾ يەنى الله تائالانىڭ ھېكمىتىگە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۆمىن بەندىلىرىگە ياردەم بېرىشىگە، بېكىتتۈۋېتىلگەن تەقدىرىگە باشلايدىغان ئەقلى ۋە چۈشەنچىسى بار بولغان كىشى ئۈچۈن يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئىشتا (شەكسىز) ئىبرەت باردۇر.

* * * * * * *

زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ ٱلشَّهَوَٰتِ مِنَ ٱلنِّسَآءِ وَٱلۡبَنِينَ وَٱلۡقَنَٰطِيرِ ٱلۡمُقَنطَرَةِ مِنَ ٱلذَّهَبِ وَٱلۡفِضَّةِ وَٱلۡخَيۡلِ ٱلۡمُسَوَّمَةِ وَٱلۡأَنۡعَٰمِ وَٱلۡحَرۡثِۗ ذَٰلِكَ مَتَٰعُ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ وَٱللَّهُ عِندَهُۥ حُسۡنُ ٱلۡمَـَٔابِ ﴿١٤﴾ ۞ قُلۡ أَؤُنَبِّئُكُم بِخَيۡرٖ مِّن ذَٰلِكُمۡۚ لِلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ عِندَ رَبِّهِمۡ جَنَّٰتٞ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا وَأَزۡوَٰجٞ مُّطَهَّرَةٞ وَرِضۡوَٰنٞ مِّنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ بَصِيرُۢ بِٱلۡعِبَادِ ﴿١٥﴾

ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۆمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك﴿14﴾. (ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئۇلاردىنمۇ (يەنى دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرى ۋە نېئمەتلىرىدىنمۇ) ياخشى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارى ھۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ، (ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، (جەننەتلەردە) پاك جۈپتىلەر بار، (تەقۋادارلار ئۈچۈن) يەنە الله تائالانىڭ رەزاسى بار». الله بەندىلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿15﴾.

بۇ دۇنيانىڭ بايانى

الله تائالا (بۇ ئايەتتە) ئاياللار ۋە باللاردىن ئىبارەت بۇ دۇنيادا كىشىلەرگە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان، ھوزۇر ئېلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ تۈرلىرىنى بىلدۈردى ۋە بۇنى ئاياللاردىن باشلىدى. چۈنكى، ئۇلاردىن كېلىدىغان پىتنە ناھايىتى چوڭدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەندىن كېيىن ئەلەرگە ئاياللاردىنمۇ بەكرەك زىيان يەتكۈزىدىغان بىر پىتنىنى قويۇپ قويمىدىم». ئەمما ئەرنىڭ ئاياللارنى نىكاھىغا ئېلىشتىكى مەقستى ئۆزىنى گۇناھلاردىن پاك تۇتۇش ۋە بالا تەلەپ قىلىش بولغان بولسا، بۇ (ئىسلام دىنى) تەرغىب قىلغان ۋە تەلەپ قىلغان ياخشى ئىشتۇر.

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 123 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بار بولۇپ، تۆۋەندىكى ھەدىسلەر بۇنىڭ قاتارىدىندۇر: «بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى كۆپ خوتۇنلۇق كىشىدۇر»، «دۇنيا دېگەن مەنپەئەتلىنىدىغان نەرسىدۇر، مەنپەئەتلىنىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ياخشى ئايالدۇر، ياخشى ئايال دېگەن، ئەگەر ئېرى ئايالىغا قارىسا، ئايال ئۇنى خۇرسەن قىلىدۇ. ئەگەر بىر ئىشقا بۇيرۇسا، ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. ئەگەر ئۇ (يەنى ئەر كىشى ئۇنى ئۆيدە قويۇپ بىر يەرگە) كەتسە، ئۇ ئۆزىنى ۋە ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى (خىيانەت قىلماي) ياخشى ساقلايدۇ».

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا ئاياللار ۋە خۇش بۇي نەرسىلەر ياخشى كۆرۈلدى ۋە مېنىڭ شادلىقىم نامازدا قىلىندى». ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتتىن قالسا، ئاياللاردىن باشقا ياخشى كۆرۈلىدىغان نەرسە يوق ئىدى». يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاياللاردىن قالسا، ئاتتىن ياخشى كۆرۈلىدىغان نەرسە يوق ئىدى» دەپمۇ كەلگەن.

بالىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلىش ئىككى خىل مەقسەتتە بولىدۇ: بىرى، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ۋە كىشىلەرگە كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ، ئايەتتە دېيىلگەن مەنە ئىچىگە كىرىدۇ[1]. يەنە بىرى نەسىل قالدۇرۇش ۋە يالغۇز بىر الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىدىغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ، ئىسلام دىنىدا ياخشى كۆرۈلگەن ئىشتۇر.

بۇ ھەقتە مۇنداق ھەدىس بار: «سىلەر (ئېرىنى) بەك ياخشى كۆرىدىغان ۋە كۆپ تۇغىدىغان ئاياللارنى ئېلىڭلار، شۇنداق بولسا، مەن قىيامەت كۈنى باشقا ئۈممەتلەرنىڭ ئالدىدا سىلەرنىڭ كۆپلىكىڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن».

مال ـ مۈلۈككە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشمۇ ئىككى خىل مەقسەتتە بولىدۇ. بىرىنچىسى، پەخىرلىنىش، ئاجىزلارغا تەكەببۇرلۇق قىلىش ۋە پېقىرلارغا زۇلۇم قىلىش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ، ئىسلام دىنىدا ئەيىبلەنگەن. ئىككىنچىسى، ياخشى يوللار ئۈچۈن ئىشلىتىش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياردەم قىلىش ۋە (پېقىر ـ مىسكىنلەرگە) سەدىقە بېرىش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ، ئىسلام دىنىدا ماختالغان ۋە ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر.

ئېتى بولۇشنى ئارزۇ قىلىشنىڭ ئۈچ خىل بولىدىغانلىقى

بىرىنچىسى، ئاتنى بېقىپ الله تائالانىڭ يولىدا (جىھاد قىلىشقا) تەييارلىق قىلىش بولۇپ، ئۇلار قاچان جىھاد قىلماقچى بولۇپ قالسا، ئاتقا مىنىپ جەڭ قىلىدۇ. شۇڭا بۇلارغا (ئاتنى باققىنى ئۈچۈن) ساۋاب بېرىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ئاتنى پەخىرلىنىش ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بېقىش بولۇپ، بۇ ئات ئىگىسىگە گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۈچىنچىسى بولسا، ئاتنى باي بولۇش ۋە ئۇنىڭ نەسلىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن بېقىش بولۇپ، بۇنىڭدا (ئۇ ئادەم) الله تائالانىڭ ئۇ ئاتنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىنى ئادا قىلسا، بۇ (ئات) ئىگىسىنى پېقىر بولۇپ قىلىشتىن توسىدۇ. بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسنى (الله خالىسا) ئالدىمىزدا بايان قىلىمىز.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

---

(1) يەنى الله تائالا بۇ ئايەتتە بايان قىلغان نەرسىلەرنى پايدىسى ۋاقىتلىق نەرسىلەر، جەننەت بولسا مەڭگۈلۈك دەپ بايان قىلىپ، كىشىلەرنى بۇ نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈپ جەننەتكە كىرىشكە رىغبەتلەندۈردى.

رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەرەب نەسىللىك ئاتقا ھەر كۈنى سەھەردە: ئى **الله** ! شەكسىزكى، سەن مېنى ئادەمنىڭ باللىرىغا نېئمەت قىلىپ بەردىڭ. سەن مېنى ئۇنىڭغا (ئۇنىڭ) مال - مۈلكى ۋە خوتۇن، بالا - چاقىلىرىدىن سۆيۈملۈك كۆرسەتكىن! ياكى مېنى ئۇنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلىرىدىن ۋە مال - مۈلكىدىنمۇ (سۆيۈملۈك قىلغىن!) دەپ، ئىككى قېتىم تىلەشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ».

﴿**چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى**﴾ يەنى تۆگىلەر، كالا ۋە قويلار، كۆچەت تىكىش ۋە تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان يەرلەردۇر. ﴿**ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر**﴾ يەنى ئۇ نەرسىلەر شەكسىزكى، بۇ دۇنيانىڭ تۈزۈپ كېتىدىغان چېچەكلىرى ۋە يوقاپ كېتىدىغان زىننەتلىرىدۇر.

﴿**الله تائالانىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر**﴾ يەنى قايتىدىغان ياخشى جاي **الله** تائالانىڭ گۈزەل دەرگاھىدۇر.

الله تائالادىن قورقىدىغان تەقۋادار كىشىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتنىڭ دۇنيانىڭ ھەممە نازۇ - نېئمەتلىرىدىن ياخشى ئىكەنلىكى

﴿**(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئۇلاردىنمۇ (يەنى دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرى ۋە نېئمەتلىرىدىنمۇ) ياخشى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! سەن كىشىلەرگە، مەن سىلەرگە چېچەكلىرى تۈزۈپ كېتىدىغان ۋە نازۇ - نېئمەتلىرى تۈگەپ كېتىدىغان، بۇ دۇنيادا كىشىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىلگەن نەرسىلەردىن ياخشىراق بىر نەرسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ - دېگىن.

ئاندىن **الله** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**تەقۋادارلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارى ھۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ، (ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ**﴾ يەنى كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە بىر كىشىنىڭ خىيالىغا كىرىپ باقمىغان، ھەسەل، سۈت، شاراب، سۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل ئىچىملىكلەرنىڭ ئېرىق - ئۆستەڭلىرى جەننەتنىڭ ئەتراپىدا ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ.

﴿**(جەننەتلەردە) پاك جۈپتىلەر بار**﴾ يەنى جەننەتتىكى ھۆرلەر دۇنيانىڭ ئاياللىرىدا بولىدىغان ھەيز، نىپاس، كىر بولۇش ۋە بەتبۇي بولۇپ قېلىشتەك ئىشلاردىن پاكتۇر.

﴿**(تەقۋادارلار ئۈچۈن) يەنە الله تائالانىڭ رەزاسى بار**﴾ يەنى ئۇلارغا **الله** تائالانىڭ رازىلىقى بېرىلىدۇ. **الله** تائالا ئۇلارغا (ئۇنىڭدىن كېيىن) ھەرگىزمۇ غەزەپلەنمەيدۇ. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلار ئېرىشىدىغان) **الله** تائالانىڭ رازىلىقى (جەننەت نېئمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر﴾[1] يەنى **الله** تائالانىڭ رازىلىقى، **الله** (قىيامەت كۈنى) ئۇلارغا بەرگەن مەڭگۈلۈك نېئمەتتىن كاتتىدۇر.

﴿**الله بەندىلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى **الله** ھەر بىر كىشىگە لايىق بولغان نەرسىنى بېرىدۇ.

(1) تەۋبە سۈرىسى 72 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

****

ٱلَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَآ إِنَّنَآ ءَامَنَّا فَٱغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ ﴿١٦﴾ ٱلصَّٰبِرِينَ وَٱلصَّٰدِقِينَ وَٱلْقَٰنِتِينَ وَٱلْمُنفِقِينَ وَٱلْمُسْتَغْفِرِينَ بِٱلْأَسْحَارِ ﴿١٧﴾

ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار): «پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ﴿16﴾. ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار) سەۋر قىلغۇچىلاردۇر، راستچىللاردۇر، (الله غا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر﴿17﴾.

الله تائالادىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ دۇئالىرى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى

الله تائالا ئۆزىنىڭ كۆپ ساۋابىنى ۋەدە قىلغان تەقۋادار بەندىلىرىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار): «پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق﴾** يەنى ساڭا، سېنىڭ كىتابىڭغا ۋە سېنىڭ پەيغەمبىرىڭگە ئىمان ئېيتتۇق. **﴿بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن﴾ يەنى ساڭا ۋە سەن بىزگە يول قويۇپ بەرگەن نەرسىگە ئىشەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن بىزگە بولغان مەرھەمىتىڭ ۋە رەھمىتىڭ بىلەن بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ۋە كەمچىلىكلىرىمىزنى كەچۈرگىن. ﴿بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ﴾.**

﴿سەۋر قىلغۇچىلاردۇر﴾ يەنى ئۇلار هارام ئىشلارنى تاشلاپ، ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىش يولىدا ئۇچرىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلغۇچىلاردۇر.

﴿راستچىللاردۇر﴾ يەنى ئۆزلىرىنىڭ ئىمانلىرىدا راستچىللاردۇر. **﴿(الله تائالاغا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر﴾** يەنى بويسۇنغۇچىلاردۇر.

﴿(ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ ماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر﴾ يەنى ياخشى يوللارغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا، كېرەكلىك يەرلەرگە ۋە هاجەتمەن كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى سەرپ قىلغۇچىلاردۇر.

﴿سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر﴾ (بۇ ئايەت) سەھەر ۋاقتىدا گۇناهلارنىڭ كەچۈرۈلىشىنى تىلەشنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بالىلىرىغا: **﴿«پەرۋەردىگارىمدىن سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيمەن﴾** دېگەن چاغدا، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مەغپىرەت تىلەشنى سەھەرگىچە كېچىكتۈردى، ـ دېيىلدى.

هەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىندى: «الله تائالا هەر كۈنى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغاندا، بىرىنچى ئاسمانغا چۈشۈپ: بىر نەرسە تىلىگۈچى كىشى بارمۇ؟ مەن ئۇنىڭغا بېرىمەن، دۇئا قىلغۇچى كىشى بارمۇ؟ مەن ئۇنىڭ (دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىمەن، گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلىشىنى تىلەيدىغان كىشى بارمۇ؟ مەن ئۇنىڭ (گۇناھىنى) كەچۈرىمەن، ـ دەيدۇ».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم هەدىستە ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنهانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت

قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىتىر نامىزىنى كېچىنىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىسىدا ۋەياكى ئاخىرىدا ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ۋىتىر نامىزى ھەتتا تاڭ يورىغىچە داۋاملىشاتتى». ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر كېچىدە ناماز ئوقۇيتتى، ئۇ (نافىئىغا): «ئى نافىئ! تاڭ يورىدىمۇ؟» دەيتتى. ئۇ: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرسە، ئۇ (تاكى تاڭ ئاتقۇچىلىك) دۇئا قىلىپ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىنى تىلەيتتى.

****

شَهِدَ ٱللَّهُ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ وَأُو۟لُوا۟ ٱلْعِلْمِ قَآئِمًۢا بِٱلْقِسْطِ ۚ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ
﴿١٨﴾ إِنَّ ٱلدِّينَ عِندَ ٱللَّهِ ٱلْإِسْلَٰمُ ۗ وَمَا ٱخْتَلَفَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ إِلَّا مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَهُمُ
ٱلْعِلْمُ بَغْيًۢا بَيْنَهُمْ ۗ وَمَن يَكْفُرْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ فَإِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلْحِسَابِ ﴿١٩﴾ فَإِنْ حَآجُّوكَ فَقُلْ أَسْلَمْتُ
وَجْهِىَ لِلَّهِ وَمَنِ ٱتَّبَعَنِ ۗ وَقُل لِّلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْأُمِّيِّـۧنَ ءَأَسْلَمْتُمْ ۚ فَإِنْ أَسْلَمُوا۟ فَقَدِ ٱهْتَدَوا۟ ۖ وَّإِن
تَوَلَّوْا۟ فَإِنَّمَا عَلَيْكَ ٱلْبَلَٰغُ ۗ وَٱللَّهُ بَصِيرٌۢ بِٱلْعِبَادِ ﴿٢٠﴾

الله ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿18﴾. ھەقىقەتەن الله نىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر. كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى (يەنى ئىسلامنىڭ ھەقلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى روشەن پاكىتلار ئارقىلىق بىلىپ تۇرۇپ، كۆرەلمەسلىكتىن ئىنكار قىلىشتى)، كىمكى الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن (الله ئۇنى يېقىندا جازالايدۇ) الله تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴿19﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار سەن بىلەن (دىن بارىسىدا) مۇنازىرىلەشسە: «ماڭا ئەگەشكەنلەر بىلەن بىرلىكتە، مەن ئۆزەمنى الله غا تاپشۇردۇم (يەنى الله نىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنغۇچىمىز)» دېگىن. كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا) ۋە ئۇممىلەرگە (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرىغا): «مۇسۇلمان بولدۇڭلارمۇ؟» دېگىن. ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان بولسا، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (ساڭا ھېچ زىيىنى يوق)، سېنىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتىڭ بار، الله بەندىلىرىنى (يەنى ھەممە ئەھۋالىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿20﴾.

الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىگە بېرىلگەن گۇۋاھلىق توغرىسىدا

الله تائالا (بۇ ئايەتتە) ئۆزىدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچبىر زاتنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بەردى، ئۇ گۇۋاھ بېرىشكە يېتەرلىكتۇر. ئۇ گۇۋاھچىلارنىڭ، سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ئەڭ راستچىلى ۋە ئەڭ ئادىلىدۇر.

﴿**ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر**﴾ يەنى ئۇ ھەممە مەخلۇقاتلارنىڭ يالغۇز ئىلاھىدۇر، ھەممە ئۇنىڭ قۇلىدۇر، ئۇنىڭ مەخلۇقاتىدۇر، ئۇنىڭغا موھتاجتۇر، لېكىن الله ئۇلاردىن بىھاجەتتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بەرمىسە گۇناھى ئۆزىگە) لېكىن الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان ئارقىلىق (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھلىق بېرىدۇ﴾[1] ئاندىن الله پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئالىملارنىڭ گۇۋاھلىقلىرىنى ئۆزىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن بىر يەردە كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: **﴿الله ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾** بۇ ئورۇندا ئالىملار ئۈچۈن كاتتا بىر ئالاھىدىلىك بار.

ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي توغرا دىن ئىكەنلىكى

﴿ھەقىقەتەن الله تائالانىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر﴾ يەنى الله تائالا بۇ ئايەتتە (بىر كىشىنىڭ) ئىسلام دىنىدىن باشقا ھەرقانداق دىنىنى قوبۇل قىلسا، بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. (ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە) الله ھەر بىر زاماندا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئەگەشكەنلىك ئىسلامغا ئەگەشكەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىشى بىلەنلا، ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىندىن باشقا (پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن) دىنلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، كىم ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىندىن باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلسا (يەنى باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا)، ئۇ دىن (الله تائالانىڭ دەرگاھىدا) مەقبۇل ئەمەس، الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىنىنى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر﴾**.

الله تائالا ئۆزىنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنىدىغان دىنىنىڭ ئىسلام دىنىلا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: **﴿ھەقىقەتەن الله تائالانىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر﴾** ئاندىن الله تائالا: بۇرۇن كىتاب بېرىلگەن كىشىلەرگە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ۋە كىتابلارنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇچۇق پاكىتلارنى بەرگەندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى﴾** يەنى ئۇلار بىر - بىرىگە ھەسەت قىلىشقانلىقى ۋە ئۆزئارا يامان كۆرۈشكەنلىكى ئۈچۈن ھەق ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ بەزىسىنى يامان كۆرۈشى، بەزىسىنىڭ سۆزلىرى ۋە ئىشلىرى توغرا بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىشقا ئېلىپ باردى.

ئاندىن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿كىمكى الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن (الله ئۇنى يېقىندا جازالايدۇ) الله تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴾** يەنى الله تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىدا چۈشۈرگەن نەرسىنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ جازاسىنى بېرىپ، ئۇنىڭ تانغانلىقىدىن ھېساب ئالىدۇ ۋە كىتابىغا خىلاپلىق قىلغۇچىنى ئازابلايدۇ.

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار سەن بىلەن (دىن بارىسىدا) مۇنازىرەلەشسە﴾ يەنى ئۇلار سەن بىلەن

(1) نىسا سۈرىسى 166 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالانى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسى توغرىسىدا جېدەللەشسە (سەن ئۇلارغا): ﴿**«ماڭا ئەگەشكەنلەر بىلەن بىرلىكتە، مەن ئۆزەمنى الله تائالاغا تاپشۇردۇم (يەنى الله نىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنغۇچىمىز)» دېگىن**﴾ يەنى مەن ئىبادىتىمنى ھېچقانداق شېرىكى، بالىسى ۋە ئايالى يوق، يالغۇز الله غا خالىس قىلىمەن، ـ دېگىن.

﴿**ماڭا ئەگەشكەنلەر بىلەن بىرلىكتە**﴾ يەنى «مېنىڭ دىنىمدىكى كىشىلەرمۇ شۇنداق قىلىدۇ» دېگىن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) الله غا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز﴾[1].

ئىسلام دىنىنىڭ ھەممە كىشىلەرنىڭ دىنى ئىكەنلىكى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتكۈل ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنلىكى

الله تائالا ئۆزىنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردىن ئىبارەت كىتاب بېرىلگەن كىشىلەرنى ۋە مۇشرىكلاردىن ئىبارەت كىتاب بېرىلمىگەن كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ يولىغا، ئۆزىنىڭ دىنىغا ۋە ئۆزىنىڭ ئېلىپ كەلگەن شەرىئىتىگە (كىرىشى ئۈچۈن) چاقىرىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**«ماڭا ئەگەشكەنلەر بىلەن بىرلىكتە، مەن ئۆزەمنى الله تائالاغا تاپشۇردۇم (يەنى الله تائالانىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنغۇچىمىز)» دېگىن. كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا) ۋە ئۈممىلەرگە (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرىغا): «مۇسۇلمان بولدۇڭلارمۇ؟» دېگىن، ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان بولسا، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (ساڭا ھېچ زىيىنى يوق)، سېنىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتىڭ بار**﴾ يەنى الله ئۇلاردىن ھېساب ئالغۇچىدۇر. ئۇلارنىڭ (ئاخىرى) قايتىدىغان ۋە ئورۇنلىشىدىغان جايى الله تائالانىڭ دەرگاھىدۇر. ئۇ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ ۋە خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ. (ئۇنداق قىلىشىدا) الله تائالانىڭ چوڭ ھېكمىتى ۋە كۈچلۈك پاكىتى بار.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله بەندىلىرىنى (يەنى ھەممە ئەھۋالنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى الله كىمنىڭ توغرا يولغا، كىمنىڭ ئازغۇنلۇققا لايىق بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

بۇ ئايەت ۋە بۇ ئايەتنىڭ ئوخشاشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئومۇمىيۈزلۈك پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتىدۇر. ئۇنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئائىت نۇرغۇنلىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر بار.

تۆۋەندىكى ئايەتلەر شۇ ئايەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن﴾[2]، ﴿پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (الله تائالانىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان الله تائالانىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴾[3].

(1) يۇسۇف سۈرىسى 108 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەئراف سۈرىسى158 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) فۇرقان سۈرىسى 1 ـ ئايەت.

ھەدىس ۋە تارىخ كىتابلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، ئەتراپتىكى پادىشاھلارغا مەيلى ئۇلار ئەرەب بولسۇن ياكى باشقا مىللەت بولسۇن، مەيلى ئۇلار كىتاب بېرىلگەن (يەنى يەھۇدىي ياكى خرىستىئان بولسۇن) ياكى كىتاب بېرىلمىگەن باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بولسۇن، ئۇلارنى الله تائالانىڭ دىنىغا چاقىرىپ خەت ئەۋەتتى.

ئابدۇررازاق ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، يەھۇدىي ياكى خرىستىئان بولسۇن، بۇ ئۈممەتتىن بىرى مەن توغرۇلۇق ئاڭلاپ تۇرۇپ، مەن ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەنمەي ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشى دوزاختا كىرىدىغان كىشىلەردىن بولىدۇ».

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «(باشقا) پەيغەمبەرلەر ئۆزىنىڭ مىللىتىگىلا (پەيغەمبەر بولۇپ) ئەۋەتىلەتتى. مەن پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئومۇمىيۈزلۈك (پەيغەمبەر بولۇپ) ئەۋەتىلدىم».

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاق تەنلىك ۋە قارا تەنلىك پۈتكۈل ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم».

****

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكْفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَيَقْتُلُونَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ بِغَيْرِ حَقٍّ وَيَقْتُلُونَ ٱلَّذِينَ يَأْمُرُونَ
بِٱلْقِسْطِ مِنَ ٱلنَّاسِ فَبَشِّرْهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٢١﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ حَبِطَتْ أَعْمَٰلُهُمْ فِى
ٱلدُّنْيَا وَٱلْـَٔاخِرَةِ وَمَا لَهُم مِّن نَّٰصِرِينَ ﴿٢٢﴾

الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلار، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرىدىغانلار، كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئادالەتكە بۇيرۇيدىغانلار (يەنى الله تائالاغا دەۋەت قىلغۇچىلار) نى ئۆلتۈرىدىغانلارغا چوقۇم قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن﴿21﴾. ئەنە شۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەمەللىرى بىكار بولدى، ئۇلارغا ھېچ ياردەم قىلغۇچى يوقتۇر﴿22﴾.

يەھۇدىيلارنىڭ كاپىر بولغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى ۋە ياخشى كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەنلىكى

الله تائالا كىتاب بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەتكۈزگەن الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەرلەرگە تەكەببۇرلۇق قىلىش، قارشىلىق قىلىش، ھەقنى قوبۇل قىلماسلىق، ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن باش تارتىش ۋە ئىشەنمەسلىك ئارقىلىق چوڭ گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئەيىبلەيدۇ. كىتاب بېرىلگەن كىشىلەر يەنە ئۆزلىرىگە الله تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزگەن پەيغەمبەرلەرنى (ئۇلارنىڭ كىتاب بېرىلگەن كىشىلەرنى ھەققە چاقىرغانلىقتىن باشقا) ھېچقانداق يامانلىقى بولمىسىمۇ ئۆلتۈرگەن ئىدى.

﴿پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرىدىغانلار، كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئادالەتكە بۇيرۇيدىغانلار (يەنى الله غا دەۋەت قىلغۇچىلار) نى ئۆلتۈرىدىغانلارغا چوقۇم قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن﴾ يەنى پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش چېكىگە يەتكەن تەكەببۇرلۇقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەكەببۇرلۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «تەكەببۇرلۇق دېگەن ھەقنى قوبۇل قىلماسلىق ۋە باشقىلارنى كەمسىتىشتۇر».

ئۇلار تەكەببۇرلۇق قىلىپ ھەقنى قوبۇل قىلمىدى. كىشىلەرگە تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈردى ياكى كەمسىتتى. شۇڭا الله ئۇلارنىڭ دۇنيادا خار ۋە پەس ھالەتتە ياشايدىغانلىقى ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارغا خارلىغۇچى ئازاب بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلارغا چوقۇم قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئەنە شۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەمەللىرى بىكار بولدى، ئۇلارغا ھېچ ياردەم قىلغۇچى يوقتۇر﴾**.

* * * * * * *

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ نَصِيبًا مِّنَ ٱلْكِتَٰبِ يُدْعَوْنَ إِلَىٰ كِتَٰبِ ٱللَّهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ يَتَوَلَّىٰ فَرِيقٌ مِّنْهُمْ
وَهُم مُّعْرِضُونَ ﴿٢٣﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُوا۟ لَن تَمَسَّنَا ٱلنَّارُ إِلَّآ أَيَّامًا مَّعْدُودَٰتٍ وَغَرَّهُمْ فِى دِينِهِم مَّا كَانُوا۟
يَفْتَرُونَ ﴿٢٤﴾ فَكَيْفَ إِذَا جَمَعْنَٰهُمْ لِيَوْمٍ لَّا رَيْبَ فِيهِ وَوُفِّيَتْ كُلُّ نَفْسٍ مَّا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا
يُظْلَمُونَ ﴿٢٥﴾

كىتابتىن نېسىۋە بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئۆز ئارىسىدا (دە ـ تالاش قىلىشقان ئىشلار توغرىسىدا) الله نىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشقا چاقىرىلسا، ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى بۇنىڭدىن (يەنى الله نىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇلار ھەقتىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر (يەنى ھەقتىن يۈز ئۆرۈش ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن)﴿23﴾. بۇ ئۇلارنىڭ «دوزاخ ئوتى بىزنى ساناقلىق كۈنلەرلا (يەنى موزايغا چوقۇنغان 40 كۈنلۈك ۋاقىتلا) كۆيدۈرىدۇ» دېگەنلىكلىرى ۋە دىنىي جەھەتتە ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئالدىغانلىقى ئۈچۈندۇر﴿24﴾. كېلىشى شەكسىز بولغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇلارنى توپلايمىز، ھەر بىر كىشىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ جازاسى ۋە مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدىغان، ئۇلارغا (ئازابنى زىيادە قىلىۋېتىش ياكى ساۋابنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن) زۇلۇم قىلىنمايدىغان شۇ چاغدا (ئۇلارنىڭ ھالى) قانداق بولىدۇ؟﴿25﴾.

كىتاب بېرىلگەن يەھۇدىي، ناسارالارنىڭ الله تائالانىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەنلىكى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى تەۋرات ۋە ئىنجىلدىن ئىبارەت ئىككى كىتابنى چىڭ تۇتتۇق دەپ گۇمان قىلغان يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلارنى قاتتىق سۆكتى. چۈنكى ئۇلار ئۇ ئىككى كىتابتىكى الله تائالانىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىڭلار» دېگەن بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشقا

چاقىرىلغاندا، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى. بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ ھەققە قارشى چىققانلىقىنى ۋە ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ.

ئاندىن **الله** مۇنداق دەيدۇ: **﴿بۇ ئۇلارنىڭ «دوزاخ ئوتى بىزنى ساناقلىق كۈنلەرلا (يەنى موزايغا چوقۇنغان 40 كۈنلۈك ۋاقىتلا) كۆيدۈرىدۇ» دېگەنلىكلىرى﴾** يەنى شەكسىزكى، ئۇلارنى ھەققە قارشى چىقىشقا ئېلىپ بارغان نەرسىسى ئۇلارنىڭ: (قىيامەت كۈنى) دوزاختا دۇنيانىڭ ھەر مىڭ يىلى ئۈچۈن بىر كۈندىن جەمئىي يەتتە كۈن ئازابلىنىمىز، ــ دەپ **الله** تائالاغا چاپلىغان بوھتانلىرىدۇر. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەنىلەر بەقەرە سۈرىسىنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىندى.

﴿ۋە دىنىي جەھەتتە ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئالدىغانلىقى ئۈچۈندۇر﴾ يەنى ئۇلارنى شۇ خاتا دىنىدا چىڭ تۇرغۇزغان نەرسە، (ئۇلارنىڭ گۇمانىچە) ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن دوزاخ بىزنى بىر نەچچە كۈنلا كۆيدۈرىدۇ دەپ ئۆزلىرىنى گوللىغانلىقىدۇر. ئۇلار بۇنى ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقاردى.

الله بۇ ھەقتە ھېچقانداق پاكىت كەلتۈرمەي، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿كېلىشى شەكسىز بولغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇلارنى توپلىساق (ئۇلارنىڭ ھالى) قانداق بولىدۇ؟﴾** يەنى شەكسىزكى، ئۇلار **الله** تائالاغا بوھتان توقۇدى، پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمىدى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقان ئالىملارنى ئۆلتۈردى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولۇپ كېتەر؟! **الله** ئۇلاردىن ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن سوئال سورىغۇچىدۇر. ئۇلاردىن ھېساب ئالغۇچىدۇر ۋە ئۇلارغا جازا بەرگۈچىدۇر.

﴿كېلىشى شەكسىز بولغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇلارنى توپلىساق (ئۇلارنىڭ ھالى) قانداق بولىدۇ؟﴾ يەنى ئۇنىڭ يۈز بېرىشىدە شەك يوق كۈندە **﴿ھەر بىر كىشىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ جازاسى ۋە مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدۇ، ئۇلارغا (ئازابنى زىيادە قىلىۋېتىش ياكى ساۋابنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن) زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾**.

* * * * * * *

قُلِ ٱللَّهُمَّ مَٰلِكَ ٱلۡمُلۡكِ تُؤۡتِي ٱلۡمُلۡكَ مَن تَشَآءُ وَتَنزِعُ ٱلۡمُلۡكَ مِمَّن تَشَآءُ وَتُعِزُّ مَن تَشَآءُ وَتُذِلُّ مَن
تَشَآءُۖ بِيَدِكَ ٱلۡخَيۡرُۖ إِنَّكَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٢٦﴾ تُولِجُ ٱلَّيۡلَ فِي ٱلنَّهَارِ وَتُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِي ٱلَّيۡلِۖ وَتُخۡرِجُ ٱلۡحَيَّ
مِنَ ٱلۡمَيِّتِ وَتُخۡرِجُ ٱلۡمَيِّتَ مِنَ ٱلۡحَيِّۖ وَتَرۡزُقُ مَن تَشَآءُ بِغَيۡرِ حِسَابٖ ﴿٢٧﴾

ئېيتقىنكى، «پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى **الله** ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق (نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن﴿26﴾. كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن، (شۇنىڭ بىلەن كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ)؛ جانلىقنى (يەنى تىرىك بولغان ئىنساننى، ھايۋاننى) جانسىزدىن (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىدىن) چىقىرىسەن، جانسىزنى (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىنى) جانلىقتىن (يەنى جانلىق بولغان ئىنساندىن، ھايۋاندىن)

چىقىرىسەن؛ ئۆزەڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن»﴿27﴾.

اللە تائالاغا شۈكرى قىلىش توغرىسىدا

اللە تائالا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئېيتقىنكى**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! سەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلىغان، ئۇنىڭغا شۈكرى قىلغان، بارلىق ئىشلىرىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلغان ھالەتتە: ﴿«**پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى اللە ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن**﴾ دېگىن. يەنى سەن بەرگۈچىسەن، سەن توسقۇچىسەن، سېنىڭ خالىغىنىڭ بولىدىغان، خالىمىغىنىڭ بولمايدىغان زاتتۇرسەن.

بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىنى اللە تائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە شۇ نېمەتلەرنى ئەسلىتىدۇ. چۈنكى، اللە تائالا پەيغەمبەرلىكنى بەنى ئىسرائىلدىن ساۋاتسىز، مەككىلىك، قۇرەيشلىك ئەرەب مىللىتىدىن بولغان، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يۆتكىدى، ئۇ بارلىق ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ پەيغەمبىرى، اللە تائالا ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بارلىق گۈزەل سۈپەتلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈردى. اللە تائالا ئۇنىڭغا اللە تائالانى ۋە شەرىئەتنى بىلىش، ئىلگىرى بولغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان غەيبلەرنى بىلىش، ئاخىرەتنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ئېچىپ بېرىش، دىنىنى زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىگە يېيىش ۋە (ئۇ ئېلىپ كەلگەن) شەرىئەتنى باشقا دىن ۋە شەرىئەتلەردىن ئۈستۈن قىلىشتىن ئىبارەت ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەردىن ھېچبىرىگە بەرمىگەن خۇسۇسىيەتلەرنى بەردى. اللە تائالانىڭ رەھمىتى ۋە سالىمى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە، داۋاملىق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن!

﴿**ئېيتقىنكى، «پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى اللە !**﴾ سەن ئۆزەڭنىڭ مەخلۇقاتلىرىڭ ئۈستىدە خالىغىنىڭنى قىلغۇچىدۇرسەن. (شۇڭا) اللە تائالا: ﴿ئۇلار: «بۇ قۇرئان نېمىشقا ئىككى شەھەر (يەنى مەككە بىلەن تائىف ئادەملىرىدىن) بىر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟» دېيىشتى﴾[1] دەپ، اللە تائالانىڭ ئىشلىرىدا ئۆزى خالىغاننى قىلماقچى بولغان كىشىلەرگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدۇ؟﴾[2] يەنى بىز بىزنىڭ مەخلۇقاتلىرىمىزدا ھېچقانداق توسالغۇسىز خالىغىنىمىزنى قىلىمىز. شۇنداق قىلىشىمىزدا بىزنىڭ چوڭ ھېكمىتىمىز ۋە تولۇق پاكىتىمىز بار. شۇنىڭدەك، بىز پەيغەمبەرلىكنى خالىغان كىشىگە بېرىمىز.

اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورنىتىشنى (يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭ ئەھلى بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ﴾[3]، ﴿ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن قانداق ئۈستۈن قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن﴾[4].

﴿**كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن**﴾ يەنى سەن بۇنىڭ

---

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 31 ـ ئايەت.
(2) زۇخرۇف سۈرىسى 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنئام سۈرىسى124 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئىسرا سۈرىسى 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇزۇنلۇقىدىن ئېلىپ ئۇنىڭ قىسقىلىقىغا ئۇلاپ قويىسەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى تەڭلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن ئېلىپ بۇنىڭغا قوشۇپ قويىسەن. ئاندىن (بىرسى قىسقا يەنە بىرسى ئۇزۇن بولۇپ) ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا پەرق پەيدا بولىدۇ. ئاندىن يەنە تەڭلىشىدۇ. بۇ ئەھۋال باھار، ياز، كۈز ۋە قىشتىن ئىبارەت تۆت پەسىلدە مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ.

﴿جانلىقنى (يەنى تىرىك بولغان ئىنساننى، ھايۋاننى) جانسىزدىن (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىيدىن) چىقىرىسەن، جانسىزنى (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىينى) جانلىقتىن (يەنى جانلىق بولغان ئىنساندىن، ھايۋاندىن) چىقىرىسەن﴾ يەنى داننى زىرائەتتىن، زىرائەتنى داندىن، خورمىنى ئۇرۇقىدىن، ئۇرۇقنى خورمىدىن، توخۇنى تۇخۇمدىن، تۇخۇمنى توخۇدىن، مۆمىننى كاپىردىن، كاپىرنى مۆمىندىن چىقارغۇچىدۇرسەن.

﴿ئۆزەڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن﴾ يەنى سەن خالىغان كىشىگە ساناپ بولالمىغىدەك مال-مۈلۈك بېرىسەن، خالىغان كىشىدىن ئۇنى قىسىپ قويىسەن. بۇ سېنىڭ ھېكمىتىڭ، ئىرادەڭ ۋە ئادىللىقىڭ بىلەن بولغاندۇر.

****

لَّا يَتَّخِذِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ٱلۡكَٰفِرِينَ أَوۡلِيَآءَ مِن دُونِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۖ وَمَن يَفۡعَلۡ ذَٰلِكَ فَلَيۡسَ مِنَ ٱللَّهِ فِي شَيۡءٍ إِلَّآ أَن تَتَّقُواْ مِنۡهُمۡ تُقَىٰةٗۗ وَيُحَذِّرُكُمُ ٱللَّهُ نَفۡسَهُۥۗ وَإِلَى ٱللَّهِ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٢٨﴾

مۆمىنلەر مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ **الله** نىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. **الله** سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ، ئاخىر قايتىدىغان جاي **الله** نىڭ دەرگاھىدۇر﴿28﴾.

كاپىرلارنى دوست تۇتۇشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

الله تائالا (بۇ ئايەتتە) ئۆزىنىڭ مۆمىن بەندىلىرىنى كاپىرلار بىلەن دوست بولۇشتىن ۋە مۆمىنلەرنى قويۇپ (كاپىرلارغا) يوشۇرۇن دوستلۇق يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى دوست تۇتۇشتىن توستى. ئاندىن شۇنداق دوست تۇتقان (كىشىنى) قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ الله نىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ﴾** يەنى **الله** تائالا توسقان ئىشنى قىلغان كىشى، شەكسىزكى، **الله** تائالادىن ئادا-جۇدا بولۇپ كېتىدۇ.

الله تائالا مۆمىنلەرنىڭ كاپىرلارنى دوست تۇتماسلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى (يەنى ئىسلامنى، قۇرئاننى) ئىنكار قىلغان تۇرسا، ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر، ئۇلار پەرۋەردىگارىڭلار **الله** غا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقاردى، ئەگەر سىلەر مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلىپ ۋە رازىلىقىمنى تىلەپ چىققان بولساڭلار (ئۇ چاغدا مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار)، سىلەر ئۇلارغا يوشۇرۇن دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر،

مەن سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارىلىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىمەن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا پەيغەمبەرنىڭ خەۋەرلىرىنى يەتكۈزىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ﴾[1]، ﴿ئى مۆمىنلەر!مۆمىنلەرنى (دوست تۇتۇشنى) قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتماڭلار، سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا (يەنى مۇناپىق ئىكەنلىكىڭلارغا) الله نىڭ روشەن پاكىتى بولۇشىنى خالامسىلەر؟﴾[2]، ﴿ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر ـ بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ﴾[3].

الله تائالا مۇھاجىر، ئەنسارى ۋە باشقا ئەرابى مۆمىنلىرىنىڭ ئۆزئارا دوستلۇقىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿كاپىرلار (ياردەمدە ۋە مىراستا) بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر، ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ﴾[4].

﴿ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾ يەنى مۆمىنلەر بەزى دۆلەتلەردە ياكى بەزى ۋاقىتلاردا كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقسا، چىن قەلبىدىن ئەمەس بەلكى تاشقى كۆرۈنۈشتە ئۇلارنى ياخشى كۆرگەندەك قىياپەتتە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلانسا بولىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئەبۇدەردانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز كاپىرلارنىڭ يۈزىگە قاراپ پەقەت ھىجىيىپلا قويىمىز. (لېكىن) دىللىرىمىز ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيدۇ».

ئىمام بۇخارى ھەسەننىڭ: مۆمىنلەر (كاپىرلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن) زۆرۈر تېپىلغاندا بۇ چارىنى قىيامەت كۈنىگىچىلىك قوللانسا بولىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

﴿الله سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ﴾ يەنى الله سىلەرنى الله تائالانىڭ دۈشمەنلىرىنى (يەنى كاپىرلارنى) دوست تۇتقان ۋە الله تائالانىڭ دوستلىرىغا دۈشمەن بولغان كىشىگە بولىدىغان ئازابىدىن قورقۇتىدۇ.

﴿ئاخىر قايتىدىغان جاي الله نىڭ دەرگاھىدۇر﴾ يەنى (ئاخىرى) قايتىدىغان جاي الله تائالانىڭ دەرگاھىدۇر، ئۇ ھەر بىر كىشىگە قىلغان ئىشىغا قارىتا جازا (ياكى) مۇكاپات بەرگۈچىدۇر.

****

قُلْ إِن تُخْفُوا۟ مَا فِى صُدُورِكُمْ أَوْ تُبْدُوهُ يَعْلَمْهُ ٱللَّهُ ۗ وَيَعْلَمُ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ
شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٢٩﴾ يَوْمَ تَجِدُ كُلُّ نَفْسٍ مَّا عَمِلَتْ مِنْ خَيْرٍ مُّحْضَرًا وَمَا عَمِلَتْ مِن سُوٓءٍ تَوَدُّ لَوْ أَنَّ بَيْنَهَا
وَبَيْنَهُۥٓ أَمَدًۢا بَعِيدًا ۗ وَيُحَذِّرُكُمُ ٱللَّهُ نَفْسَهُۥ ۗ وَٱللَّهُ رَءُوفٌۢ بِٱلْعِبَادِ ﴿٣٠﴾

ئېيتقىنكى (دىلىڭلاردىكىنى مەيلى يوشۇرۇڭلار، مەيلى ئاشكارىلاڭلار، الله ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ،

(1) مۇمتەھىنە سۈرىسى 1 ـ ئايەت.
(2) نىسا سۈرىسى 144 ـ ئايەت.
(3) مائىدە سۈرىسى 51 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئەنفال سۈرىسى 73 ـ ئايەت.

ﷲ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. ﷲ ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴿29﴾. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى ياكى يامان ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولىدۇ، (ئۇلار يامان ئىشلىرىنى كۆرمەسلىكنى)، ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا (مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك) ئۇزۇن مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ﷲ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ، ﷲ بەندىلىرىگە مېھرىباندۇر﴿30﴾.

ﷲ تائالانىڭ دىللاردىكى نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقى، قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ ئالدىغا قىلغان ھەممە ئىشلىرىنىڭ كەلتۈرۈلىدىغانلىقى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتلەردە بەندىسىگە ئۆزىنىڭ مەخپىي ۋە ئاشكارا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىغانلىقىنى، بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچ نەرسىنىڭ ئۆزىگە مەخپىي بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ ھەر قاچان، ھەر زامان، ھەر كۈنى ۋە ھەر ۋاقىت ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، مەيلى ئاسمان - زېمىن، دېڭىز ۋە تاغلار بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى زەررە چاغلىق ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنىڭ يوشۇرۇن بولمايدىغانلىقىنى، ئاسمان ۋە زېمىندىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

﴿**ﷲ ھەر نەرسىگە قادىردۇر**﴾ يەنى ئۇنىڭ قۇدرىتى ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە يەتكۈچىدۇر. بۇ ﷲ تائالانىڭ بەندىلەرگە ئۆزىنىڭ توسقان ۋە يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىپ سالماسلىقى ئۈچۈن بەرگەن بىر ئاگاھلاندۇرۇشىدۇر. شەكسىزكى، ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلگۈچىدۇر. ئۇ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىغا قارىتا جازا بېرىشكىمۇ يېتەرلىكتۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشىنى (ئازابلىماي) قالدۇرغان بولسا، ئۇنى ۋاقىتلىق قويۇپ بېرىپ، ئاندىن كېيىن ئۇنى ناھايىتى قاتتىق تۇتىدۇ.

﴿**ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى ياكى يامان ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولىدۇ**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ ئالدىغا ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ۋە يامان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى كەلتۈرۈلىدۇ.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ كۈندە ئىنسانغا (چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) ئىلگىرى - ئاخىرى قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ﴾[1].

ئاندىن ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئىچىدىن ياخشى ئىشنى كۆرسە خۇشال بولىدۇ، ئۇ (ئىشلىرىنىڭ ئىچىدىن) يامان ئىشنى كۆرسە، خاپا بولۇپ ھەسرەت چېكىدۇ. ئۇ خۇددى ﷲ تائالانىڭ ئايىتىدە: ﴿كاپىر ئادەم (ھەمراھى بىلەن قىيامەت كۈنى) دەرگاھىمىزغا كەلگەن چاغدا (ھەمراھىغا): «كاشكى سەن بىلەن مېنىڭ ئارامدا شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىسىدەك ئارىلىق بولسا ئىكەن. (سەن) نېمىدېگەن يامان ھەمراھ! (چۈنكى، سەن مېنىڭ بەختسىزلىكىمگە سەۋەبچى بولدۇڭ)» دەيدۇ﴾[2] دېگىنىدەك، ئۇمۇ دۇنيادا ئۇنىڭ يېقىنى بولۇپ ئۇنى يامانلىققا بۇيرۇغان شەيتاندىن ئادا - جۇدا بولۇپ

(1) قىيامەت سۈرىسى 13 - ئايەت.
(2) زۇخرۇف سۈرىسى 38 - ئايەت.

كېتىشنى ۋە ئۆزى بىلەن قىلغان يامان ئىشىنىڭ ئارىلىقىدا ناھايىتى ئۇزۇن مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

الله تائالا ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ**﴾ **ئاندىن الله تائالا بەندىلىرىنى ئۆزىنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمىسۇن دەپ ئۇلارنى ئۈمىدۋار قىلىپ مۇنداق دېدى:** ﴿**الله بەندىلىرىگە مېھرىباندۇر**﴾.

ھەسەنبەسرى مۇنداق دەيدۇ : الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتۇشىدۇر. باشقىلار مۇنداق دېدى: يەنى الله تائالا ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا رەھمەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ توغرا يولى ۋە توغرا دىنىدا ئازماي مېڭىشىنى ۋە ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىگە ئەگىشىشىنى ياخشى كۆرگۈچىدۇر.

* * * * * * *

قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ ٱللَّهَ فَٱتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ ٱللَّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ ۗ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٣١﴾ قُلْ أَطِيعُوا۟ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ ۖ فَإِن تَوَلَّوْا۟ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٣٢﴾

(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر الله نى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، الله سىلەرنى دوست تۇتىدۇ (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»﴿31﴾. ئېيتقىنكى، «الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» ئەگەر ئۇلار (ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسە، الله كاپىرلارنى (يەنى الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى) دوست تۇتمايدۇ﴿32﴾.

الله تائالانى ياخشى كۆرۈشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتە ئىپادىلىنىدىغانلىقى

بۇ ئايەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئىسلام يولى بىلەن ماڭماي، ئۆزىنىڭ الله تائالانى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان ھەرقانداق كىشىنىڭ (گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدە) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت ۋە دىنغا ئەگەشمىگىچە (قىلغان دەۋاسىدا) يالغانچى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «كىمكى بىزنىڭ ئىشىمىزدا (يەنى بىزنىڭ دىنىمىزدا) يوق بىر ئىشنى قىلسا، ئۇ ئىش قوبۇل قىلىنمايدۇ».

﴿**(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر الله نى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، الله سىلەرنى دوست تۇتىدۇ**﴾ يەنى سىلەر تەلەپ قىلغان، سىلەرنىڭ الله تائالانى ياخشى كۆرۈشۈڭلاردىن ئارتۇق بىر نەرسە سىلەرگە نېسىپ بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، الله تائالانىڭ سىلەرنى ياخشى كۆرۈشىدۇر. الله تائالانىڭ سىلەرنى ياخشى كۆرۈشى، سىلەرنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈشۈڭلاردىن ياخشىدۇر.

ھەسەنبەسرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سەلەپ ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ الله تائالانى شەكسىز ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئويلىغان (پەرەز قىلغان) ئىدى. الله تائالا ئۇلارنى بۇ ئايەت بىلەن سىناپ مۇنداق دېدى: ﴿**(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر الله نى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، الله سىلەرنى دوست تۇتىدۇ**﴾.

﴿**(ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ يەنى سىلەرنىڭ پەيغەمبەرگە ئەگىشىشىڭلار ئارقىلىق (ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن) گۇناھلىرىڭلار كەچۈرۈم بولىدۇ. ئاندىن الله ھەممە كىشىلەرنى بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئېيتقىنكى، «الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» . ئەگەر ئۇلار (ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسە**﴾ يەنى ئۇلار الله نىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلسا، ﴿**الله كاپىرلارنى (يەنى الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى) دوست تۇتمايدۇ**﴾ بۇ ئايەت توغرا يولغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ كۇپۇرلۇق بولىدىغانلىقىغا پاكىتتۇر. بۇ سۈپەت (يەنى الله تائالانىڭ توغرا يولغا خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ سۈپىتى) بىلەن سۈپەتلىنىپ قالغان كىشى، گەرچە كۆڭلىدە الله تائالانى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىدىغانلىقىنى پەرەز (قىلىپ ئۇنى دەۋا) قىلسىمۇ، الله تائالاغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئەگىشىشتىن باشقىسىنى قىلمايدىغان ساۋاتسىز پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ياشاپ قالغان ھەر قانچە كاتتا پەيغەمبەر بولسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشمىگىچە الله تائالا ئۇنى ياخشى كۆرمەيدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئەگىشىدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردا (الله تائالا خالىسا) الله تائالانىڭ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا الله پەيغەمبەرلەردىن چىن ئەھدە ئېلىپ: «سىلەرگە مەن كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئاتا قىلدىم، كېيىن سىلەرگە، سىلەردىكى نەرسىلەرنى (يەنى كىتاب بىلەن ھېكمەتنى) ئېتىراپ قىلغۇچى بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە ئۇنىڭغا، ئەلۋەتتە، ئىمان ئېيتىشىڭلار كېرەك ۋە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك» . . .﴾[1] دېگەن ئايىتىگە كەلگەندە تەپسىلىي توختىلىمىز.

* * * * * * *

﴿إِنَّ ٱللَّهَ ٱصۡطَفَىٰٓ ءَادَمَ وَنُوحٗا وَءَالَ إِبۡرَٰهِيمَ وَءَالَ عِمۡرَٰنَ عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٣٣﴾ ذُرِّيَّةَۢ بَعۡضُهَا مِنۢ بَعۡضٖۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٣٤﴾

الله ھەقىقەتەن ئادەمنى، نۇھنى، ئىبراھىم ئەۋلادىنى، ئىمران ئەۋلادىنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللاپ، (ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ زامانىدىكى) جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلدى﴿33﴾. ئۇ ئەۋلادلار بىر-بىرى بىلەن قانداشتۇر، الله (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (بەندىلەرنىڭ نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿34﴾.

الله تائالانىڭ تاللىشىغا سازاۋەر بولغان كىشىلەر توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ زېمىن يۈزىدىكى ئىنسانلارغا بۇ كىشىلەرنى تاللىغانلىقىدىن خەۋەر

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 81 ـ ئايەت.

بېرىدۇ. الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تاللاپ ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ياراتتى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ روھىدىن پۈۋلىدى، پەرىشتىلىرىنى سەجدە قىلدۇردى ۋە ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بىلدۈردى. ئۇنى جەننەتتىگە كىرگۈزدى. ئاندىن ئۇنى مەلۇم بىر ھېكمەت بىلەن (جەننەتتىن) يەرگە چۈشۈردى.

الله نۇھ ئەلەيھىسسالامنى تاللىدى، كىشىلەر الله تائالانىڭ دىنىدا ھېچقانداق ئاساسى يوق بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ، بۇتلارغا ئىبادەت قىلغاندا، (الله) ئۇنى يەر يۈزىدىكى كىشىلەرگە بىرىنچى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى الله تائالانىڭ دىنىغا كېچە-كۈندۈز ۋە مەخپىي-ئاشكارا ھالدا ئۇزۇن زامانلار چاقىرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چاقىرىقى ئۇلارنى تېخىمۇ قاچۇرىۋېتىپ، ئۇنىڭغا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) ئازغىنا كىشىلەرلا ئەگەشتى، شۇڭا ئۇ ئۇلارغا بەتدۇئا قىلدى. (الله ئۇلاردىن) ئۇنىڭغا ئىنتىقام ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي (توپان بالاسى بېرىپ) سۇغا غەرق قىلىۋەتتى. (توپان بالاسىدىن) نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىلەرلا قۇتۇلۇپ قالدى.

الله تائالا ئىبراھىمنىڭ ئائىلە - تاۋاباتلىرىنى تاللىدى، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋاباتلىرىنىڭ ئىچىدە ئىنسانلارنىڭ سەردارى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ بار.

الله تائالائىمراننىڭئائىلە - تاۋاباتلىرىنى تاللىدى. ئىمران ئىسائەلەيھىسسالامنىڭئانىسى ھەزرىتى مەريەمنىڭ دادىسى بولۇپ، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار (الله خالىسا) ئالدىمىزدا يەنە كېلىدۇ.

* * * * * * *

إِذْ قَالَتِ ٱمْرَأَتُ عِمْرَٰنَ رَبِّ إِنِّى نَذَرْتُ لَكَ مَا فِى بَطْنِى مُحَرَّرًا فَتَقَبَّلْ مِنِّىٓ ۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٣٥﴾ فَلَمَّا
وَضَعَتْهَا قَالَتْ رَبِّ إِنِّى وَضَعْتُهَآ أُنثَىٰ وَٱللَّهُ أَعْلَمُ بِمَا وَضَعَتْ وَلَيْسَ ٱلذَّكَرُ كَٱلْأُنثَىٰ ۖ وَإِنِّى سَمَّيْتُهَا مَرْيَمَ وَإِنِّىٓ
أُعِيذُهَا بِكَ وَذُرِّيَّتَهَا مِنَ ٱلشَّيْطَٰنِ ٱلرَّجِيمِ ﴿٣٦﴾

ئۆز ۋاقتىدا ئىمراننىڭ ئايالى ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى (دۇنيا ئىشلىرىدىن) ئازاد قىلىنغان ھالدا چوقۇم سېنىڭ خىزمىتىڭگە ئاتىدىم، (بۇ نەزرىمنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن»﴿35﴾. ئۇ قىز تۇغقان ۋاقتىدا: «ئى پەرۋەردىگارىم! قىز تۇغدۇم» دېدى، ئۇنىڭ نېمە تۇغقانلىقىنى الله ئوبدان بىلىدۇ. (ئۇ تەلەپ قىلغان) ئوغۇل (ئاتا قىلىنغان) قىزغا ئوخشاش ئەمەس (بەلكى، بۇ قىز ئارتۇقتۇر). (ئىمراننىڭ ئايالى ئېيتتىكى) مەن ئۇنى مەريەم ئاتىدىم، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ساڭا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن»﴿36﴾.

ھەزرىتى مەريەمنىڭ دۇنياغا كېلىشى

فاقۇزنىڭ قىزى ھۆننەھ ئىمراننىڭ ئايالى، ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئانىسىدۇر. مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئانىسى تۇغماس ئايال ئىدى، ئۇ بىر كۈنى بىر قۇشنىڭ بالىسىغا

يەم بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بالىغا ئىشتىياق باغلاپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ الله تائالادىن بىر بالا تىلەپ دۇئا قىلدى، الله ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى، ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشى بىلەن هامىلدار بولدى. ئۇ قورسىقىدىكى بالىنى ئىبادەت ۋە بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئاتاپ مۇنداق دېدى: **﴿«پەرۋەردىگارىم! مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى (دۇنيا ئىشلىرىدىن) ئازاد قىلىنغان هالدا چوقۇم سېنىڭ خىزمىتىڭگە ئاتىدىم، (بۇ نەزرىمنى) قوبۇل قىلغىن، سەن هەقىقەتەن (دۇئايىمنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن»﴾** يەنى الله تائالا مېنىڭ دۇئايىمنى ئاڭلىغۇچىدۇر، مېنىڭ نىيىتىمنى بىلگۈچىدۇر.

ئۇ ئۆزىنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ ئوغۇل ياكى قىز ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى: **﴿ئۇ قىز تۇغقان ۋاقتىدا: «ئى پەرۋەردىگارىم! قىز تۇغدۇم» دېدى، ئۇنىڭ نېمە تۇغقانلىقىنى الله ئوبدان بىلىدۇ﴾** ئىبادەت قىلىش ۋە بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈشتە **﴿(ئۇ تەلەپ قىلغان) ئوغۇل (ئاتا قىلىنغان) قىزغا ئوخشاش ئەمەس (بەلكى، بۇ قىز ئارتۇقتۇر)﴾**.

﴿(ئىمراننىڭ ئايالى ئېيتتىكى) مەن ئۇنى مەريەم ئاتىدىم﴾ بۇ ئايەتتە بالىنىڭ ئىسمىنى بالا تۇغۇلغان كۈنى قويىسمۇ دۇرۇس بولىدىغانلىقىغا پاكىت بار، چۈنكى، بالا تۇغۇلغان كۈنى ئىسمىنى قويۇش ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىدا كۆرسىتىلگەن ئىشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بۇ هەقتە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: «مېنىڭ بىر بالام كېچىدە تۇغۇلدى، ئۇنىڭغا بوۋام ئىبراهىمنىڭ ئىسمىنى قويدۇم».

شۇنىڭدەك، يەنە بىر هەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «ئەنەسنىڭ ئانىسى ئەنەسنىڭ ئىنىسىنى تۇغقاندا، ئۇ ئىنىسىنى كۆتۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنى ئېغىزلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئابدۇللاھ دەپ ئىسىم قويۇپ بەردى». شۇنىڭدەك، باشقىلارنىڭ ئىسمىنىمۇ تۇغۇلغان كۈنىدە قويغانلىقى رىۋايەت قىلىندى.

بالىنىڭ ئىسمىنى تۇغۇلغان كۈنىدە قويماي، يەتتىنچى كۈنى قويىسىمۇ بولىدۇ. بۇ هەقتە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «هەر بىر كىچىك بالا ئۆزىنىڭ ئەقىقىسىگە[1] گۆرۈگە قويۇلغۇچىدۇر، يەتتىنچى كۈنى ئۇنىڭ ئۈچۈن قوي سويۇلىدۇ، ئىسمى قويۇلۇپ، چېچى چۈشۈرۈلىدۇ».

الله تائالا ئايەتتە هەزرىتى مەريەمنىڭ ئانىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلدى: **﴿مەن هەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ساڭا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن»﴾** يەنى ئى الله! ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بالىسى ئىسانى قوغلاندى قىلىنغان شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ساقلىشىڭنى سورايمەن. الله ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. ئابدۇررازاق بۇ هەقتە ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەريەم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى (ئىسا) دىن باشقا يېڭى تۇغۇلغان هەممە بالىنى (تۇغۇلغان ۋاقتىدا) شەيتان سىلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بالا يىغلىغان پېتى چۈشىدۇ». ئاندىن ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ (مەريەم بىلەن ئۇنىڭ بالىسىنى شەيتاننىڭ سىلىمىغانلىقىغا پاكىت كەلتۈرۈپ):

(1) ئەقىيقە دېگەن: قۇدرىتى يەتكەنلەرنىڭ بالا تۇغۇلغاندا شۈكرانىسى ئۈچۈن ئوغۇلغا ئىككى، قىزغا بىر قوي سويىدىغان سۈننەت ئەمەلنىڭ نامىدۇر.

«ئەگەر خالىساڭلار: ﴿مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ساڭا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار» دېدى.

* * * * * * *

فَتَقَبَّلَهَا رَبُّهَا بِقَبُولٍ حَسَنٍ وَأَنۢبَتَهَا نَبَاتًا حَسَنًا وَكَفَّلَهَا زَكَرِيَّا ۖ كُلَّمَا دَخَلَ عَلَيۡهَا زَكَرِيَّا ٱلۡمِحۡرَابَ وَجَدَ عِندَهَا رِزۡقًا ۖ قَالَ يَٰمَرۡيَمُ أَنَّىٰ لَكِ هَٰذَا ۖ قَالَتۡ هُوَ مِنۡ عِندِ ٱللَّهِ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ يَرۡزُقُ مَن يَشَآءُ بِغَيۡرِ حِسَابٍ ﴿٣٧﴾

ئۇنى پەرۋەردىگارى چىرايلىقچە قوبۇل قىلدى، ئۇنى ئوبدان ئۆستۈردى، ئۇنىڭغا زەكەرىيانى كېپىل قىلدى (يەنى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا زەكەرىيانى قويدى). زەكەرىيا ھەر قېتىم (ئۇنىڭ) ئىبادەتگاھىغا ئۇنى كۆرگىلى كىرسە، ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر يېمەكلىك ئۇچرىتاتتى. ئۇ: «ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟» دەيتتى، مەريەم: «بۇ الله تەرىپىدىن كەلدى» دەيتتى. الله ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمگە (جاپا ـ مۇشەققەتسىزلا) ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ﴿37﴾

ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئۇنىڭ الله تائالانىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقى

الله ھەزرىتى مەريەمنى ئانىسىدىن نەزىر ھېسابىدا قوبۇل قىلدى.

﴿ئۇنى ئوبدان ئۆستۈردى﴾ يەنى الله تائالا مەريەمنىڭ شەكلى ۋە كۆرۈنۈشىنى چىرايلىق قىلدى ۋە مەسچىتنىڭ خىزمىتىگە قوبۇل قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىپ، ياخشىلىق، بىلىم ۋە دىن ئۆگەنسۇن دەپ بەندىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ياخشى كىشىلەر بىلەن يېقىن قىلدى.

﴿ئۇنىڭغا زەكەرىيانى كېپىل قىلدى (يەنى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا زەكەرىيانى قويدى)﴾ يەنى الله زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭغا كېپىل قىلدى. ھەزرىتى مەريەمنىڭ زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامدىن پايدىلىق بىلىم ۋە ياخشى ئەمەللەرنى ئۆگىنىپ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن، الله تائالا زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ كېپىلى بولۇشقا تەقدىر قىلدى. چۈنكى (ئىبنى ئىسھاق، ئىبنى جەرىر ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان رىۋايەتكە ئاساسەنلانغاندا)، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى مەريەمنىڭ هاما ئاچىسىنىڭ ئېرىدۇر. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام مەريەمنىڭ بىر تۇغقىنىنىڭ ئېرى ئىدى دېگەنلەرمۇ بار.

بۇ سۆزنى كۈچلەندۈرۈپ ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «يەھيا بىلەن (يەنى زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى بىلەن) ئىسا بىر هاما ئاچىنىڭ باللىرى (يەنى ئىككىسى ئاچا ـ سىڭىلنىڭ باللىرى) ئىدى». ئىبنى ئىسھاق رىۋايەت قىلغان رىۋايەتكە ئاساسەنلانغاندا، ھەزرىتى مەريەم هاما ئاچىسىنىڭ تەربىيىلىشىدە بولغان بولىدۇ.

ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، قىزى ئەممارەنى ئۇنىڭ ھاما ئاچىسى (جەئفەر ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ ئايالى) نىڭ ئىگىدارچىلىقىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ: «ھاما ئاچا دېگەن ئانىنىڭ ئورنىدىدۇر» دېدى.

ئاندىن **الله** تائالا ھەزرىتى مەريەمنى ئۆزىنىڭ ئىبادەتگاھىدا ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿زەكەرىيا ھەر قېتىم (ئۇنىڭ) ئىبادەتگاھىغا ئۇنى كۆرگىلى كىرسە، ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر يېمەكلىك ئۇچرىتاتتى﴾**.

مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇشەئسا، ئىبراھىم نەخەئىي، زەھھاك، قەتادە، رەبىئ ئىبنى ئەنەس، ئەتىيە ئەۋفىي ۋە سۇددى قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى مەريەمنىڭ يېنىدا قىش پەسلىدە ياز پەسلىنىڭ مېۋىسىنى، ياز پەسلىدە قىش پەسلىنىڭ مېۋىسىنى كۆرەتتى.

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قېشىدا شۇلارنى كۆرگەندە: **﴿«ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟» دەيتتى﴾**، **﴿مەريەم: «بۇ الله تەرىپىدىن كەلدى»﴾** دەپ جاۋاب بەردى. **﴿الله ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمگە (جاپا ـ مۇشەققەتسىزلا) ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ﴾**.

* * * * * * *

هُنَالِكَ دَعَا زَكَرِيَّا رَبَّهُۥ قَالَ رَبِّ هَبْ لِي مِن لَّدُنكَ ذُرِّيَّةً طَيِّبَةً إِنَّكَ سَمِيعُ ٱلدُّعَآءِ ﴿٣٨﴾ فَنَادَتْهُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ وَهُوَ قَآئِمٌ يُصَلِّي فِي ٱلْمِحْرَابِ أَنَّ ٱللَّهَ يُبَشِّرُكَ بِيَحْيَىٰ مُصَدِّقًۢا بِكَلِمَةٍ مِّنَ ٱللَّهِ وَسَيِّدًا وَحَصُورًا وَنَبِيًّا مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٣٩﴾ قَالَ رَبِّ أَنَّىٰ يَكُونُ لِي غُلَٰمٌ وَقَدْ بَلَغَنِيَ ٱلْكِبَرُ وَٱمْرَأَتِي عَاقِرٌ قَالَ كَذَٰلِكَ ٱللَّهُ يَفْعَلُ مَا يَشَآءُ ﴿٤٠﴾ قَالَ رَبِّ ٱجْعَل لِّيٓ ءَايَةً قَالَ ءَايَتُكَ أَلَّا تُكَلِّمَ ٱلنَّاسَ ثَلَٰثَةَ أَيَّامٍ إِلَّا رَمْزًا وَٱذْكُر رَّبَّكَ كَثِيرًا وَسَبِّحْ بِٱلْعَشِيِّ وَٱلْإِبْكَٰرِ ﴿٤١﴾

شۇ ۋاقىتتا (يەنى مەريەمنىڭ كارامىتىنى كۆرگەن چاغدا) زەكەرىيا پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن، ھەقىقەتەن دۇئانى ئىشىتكۈچىسەن» دېدى﴿38﴾. ئۇ ئىبادەتگاھىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «ساڭا **الله** نىڭ كەلىمىسى (يەنى ئىسا) نى تەستىق قىلغۇچى، سەييىد، پەرھىزكار ۋە ياخشىلاردىن بولغان يەھيا ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ» دەپ نىدا قىلدى﴿39﴾. ئۇ: «پەرۋەردىگارىم! مەن قېرىپ قالغان تۇرسام، ئايالىم تۇغۇتتىن قالغان تۇرسا، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولسۇن؟» دېدى. پەرىشتىلەر: «**الله** شۇنىڭدەك خالىغىنىنى قىلىدۇ (يەنى قۇدرىتى ئىلاھىيە ھېچ نەرسىدىن ئاجىز ئەمەس» دېدى﴿40﴾. ئۇ: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا (ئايالىمنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىغا) بىر نىشانە ئاتا قىلغىن» دېدى. **الله** : «ساڭا بولىدىغان نىشانە شۇكى، ئۈچ كۈنگىچە كىشىلەرگە سۆز قىلالمايسەن (يەنى زىكرى تەسبىھ ئېيتىشتىن باشقا سۆزگە تىلىڭ كەلمەيدۇ). پەقەت ئىشارەتلا قىلىسەن، (نېئمىتىمگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) پەرۋەردىگارىڭنى كۆپ ياد ئەت، كەچتە، ئەتىگەندە تەسبىھ ئېيت» دېدى﴿41﴾.

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنت تىلەپ دۇئا قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا يەھيا ئەلەيھىسسالام بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەنلىكى

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈت ـ قوللىرى ماغدۇرسىزلانغان، چېچى ئاقارغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالىمۇ ياشىنىپ قالغان ۋە تۇغماس تۇرۇغلۇق، ئۇ اللە تائالانىڭ ھەزرىتى مەريەمگە ياز پەسلىدە قىشنىڭ مېۋىسىنى، قىشتا يازنىڭ مېۋىسىنى بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، بالا ئارزۇ قىلىپ، ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىغا پەس ئاۋازدا بالا تىلەپ دۇئا قىلىپ: ﴿**«ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن، ھەقىقەتەن دۇئانى ئىشىتكۈچىسەن» دېدى**﴾.

﴿**ئۇ ئىبادەتگاھىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «ساڭا اللە نىڭ كەلىمىسى (يەنى ئىسا) نى تەستىق قىلغۇچى، سەييىد، پەرھىزكار ۋە ياخشىلاردىن بولغان يەھيا ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ» دەپ نىدا قىلدى**﴾ يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان ئورنىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئاڭلىغۇدەك قىلىپ سۆزلىدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا خۇش بېشارەت بېرىپ مۇنداق دېدى: «سېنىڭ پۇشتىڭدىن بولىدىغان يەھيا ئىسىملىك بىر بالا بىلەن (خۇش بېشارەت بەردى)».

قەتادە ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇ بالا يەھيا دەپ ئاتالدى. چۈنكى، اللە ئۇنى ئىمانلىق ۋە ياخشىلاردىن قىلدى.

﴿**ساڭا اللە نىڭ كەلىمىسى (يەنى ئىسا) نى تەستىق قىلغۇچى**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەۋفىي ۋە باشقىلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى تەستىقلىغۇچى ئىدى. ھەسەن، قەتادە، ئىكرىمە، مۇجاھىد، ئەبۇشەئسا، سۇددى، رەبىئ ئىبنى ئەنەس ۋە زەھھاك قاتارلىقلار: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، ئۇ ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسانى راستقا چىقارغۇچى دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

﴿**سەييىد**﴾ ئەبۇئالىيە، رەبىئ ئىبنى ئەنەس، قەتادە، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە باشقىلار مۇنداق دېدى: «سەييىد» دېگەن، ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى دېگەن بولىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، سەۋرى ۋە زەھھاك قاتارلىقلارمۇ: «سەييىد» دېگەن، تەقۋادار، ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى دېگەن بولىدۇ، ـ دېدى. سەئىد ئىبنى مۇسەييىب، ئۇنىڭ مەنىسى: ئالىم دېگەن بولىدۇ، ـ دېدى. ئەتىيە: ئۇ ئۆزىنىڭ ئەخلاقىدا ۋە ئۆزىنىڭ دىنىدا ئۇلۇغدۇر، ـ دېدى. ئىكرىمە: ئاچچىغى يامان ئەمەس، ـ دېدى. ئىبنى زەيد: ئۇ ئىززەتلىك كىشىدۇر، ـ دېدى. مۇجاھىد ۋە باشقىلار: ئۇ اللە غا ھۆرمەتلىك كىشىدۇر، ـ دېدى.

﴿**پەرھىزكار**﴾ يەنى ئۇ ئاياللارنىڭ قېشىغا كەلمەيدىغان ئەمەس، بەلكى ھارام زىنا ـ پاھىشىلەردىن ساقلانغۇچىدۇر. بۇ ئۇنىڭ ھالال ئايال ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولۇشىنى چەكلىمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ (ھالال ئايال ئېلىپ ئۇنىڭدىن) بالا كۆرگەنلىكى زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدىكى ﴿**«ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن»**﴾ دەپ قىلغان دۇئاسىدىن مەلۇم بولىدۇ، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، خۇددى بالام ۋە مىراسخورۇم بولىدىغان بىر بالا بەرگىن، ـ دەپ تىلىگەنگە ئوخشاشتۇر.

﴿ۋە ياخشىلاردىن بولغان يەھيا ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ﴾ بۇ يەھيانىڭ تۇغۇلىدىغانلىقىدىن خۇش بېشارەت بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولىدىغانلىقىغا بېرىلگەن ئىككىنچى خۇش بېشارەتتۇر. بۇ ئۇنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقىدىن بېرىلگەن خۇش بېشارەتتىن كاتتىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، **الله** تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا دېگەن بۇ ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿«(ئۇنىڭ پىراقىدىن) قايغۇرمىغىن، ئۇنى ساڭا چوقۇم قايتۇرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز»﴾[1].

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام بۇ خۇش بېشارەتنى ئاڭلاپ، ياشىنىپ قالغاندىن كېيىنمۇ پۇشتىدىن بىر بالا بولىدىغانلىقىغا ھەيران قېلىپ مۇنداق دېدى: **﴿«پەرۋەردىگارىم! مەن قېرىپ قالغان تۇرسام، ئايالىم تۇغۇتتىن قالغان تۇرسا، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولسۇن؟»﴾**، **﴿پەرىشتىلەر: «الله شۇنىڭدەك خالىغىنىنى قىلىدۇ (يەنى قۇدرىتى ئىلاھىيە ھېچ نەرسىدىن ئاجىز ئەمەس» دېدى﴾** يەنى **الله** شۇنىڭدەك ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، ئۇنى ھېچقانداق نەرسە ئاجىز قىلالمايدۇ. **﴿ئۇ: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا (ئايالىمنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىغا) بىر نىشانە ئاتا قىلغىن» دېدى﴾** يەنى مېنىڭ بالام بولىدىغانلىقىغا بىر ئالامەت كۆرسەتكىن.

﴿الله : «ساڭا بولىدىغان نىشانە شۇكى، ئۈچ كۈنگىچە كىشىلەرگە سۆز قىلالمايسەن (يەنى زىكرى تەسبىھ ئېيتىشتىن باشقا سۆزگە تىلىڭ كەلمەيدۇ) پەقەت ئىشارەتلا قىلىسەن﴾ يەنى (ئۇ ئالامەت شۇكى) سەن تىلىڭ سالامەت تۇرۇپمۇ سۆزلىيەلمەيسەن. **الله** تائالا بۇ ھەقتە يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿«سېنىڭ ئالامىتىڭ (شۇكى) ساق تۇرۇپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز كىشىلەرگە سۆز قىلالمايسەن»﴾[2].

ئاندىن ئۇنى مۇشۇ ھالەتتە **الله** تائالاغا زىكرىنى، شۈكرىنى ۋە تەسبىھنى كۆپ ئېيتىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: **﴿پەرۋەردىگارىڭنى كۆپ ياد ئەت، كەچتە، ئەتىگەندە تەسبىھ ئېيت»﴾** بۇنىڭغا ئائىت مەزمۇنلار (**الله** خالىسا) مەريەم سۈرىسىنىڭ تەپسىرىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ.

****

وَإِذْ قَالَتِ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ يَٰمَرْيَمُ إِنَّ ٱللَّهَ ٱصْطَفَىٰكِ وَطَهَّرَكِ وَٱصْطَفَىٰكِ عَلَىٰ نِسَآءِ ٱلْعَٰلَمِينَ
﴿٤٢﴾ يَٰمَرْيَمُ ٱقْنُتِى لِرَبِّكِ وَٱسْجُدِى وَٱرْكَعِى مَعَ ٱلرَّٰكِعِينَ ﴿٤٣﴾ ذَٰلِكَ مِنْ أَنۢبَآءِ ٱلْغَيْبِ نُوحِيهِ
إِلَيْكَ ۚ وَمَا كُنتَ لَدَيْهِمْ إِذْ يُلْقُونَ أَقْلَٰمَهُمْ أَيُّهُمْ يَكْفُلُ مَرْيَمَ وَمَا كُنتَ لَدَيْهِمْ إِذْ
يَخْتَصِمُونَ ﴿٤٤﴾

پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! **الله** ھەقىقەتەن سېنى (پۈتۈن ئاياللار ئىچىدىن تاللىدى، سېنى پاك قىلدى، سېنى پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن ئارتۇق قىلدى﴿42﴾. ئى مەريەم! پەرۋەردىگارىڭغا ئىتائەت قىل، سەجدە قىل ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىل»﴿43﴾. (ئى مۇھەممەد!) بۇ ـ ساڭا ۋەھى قىلىۋاتقىنىمىز ـ غەيب خەۋەرلىرىدىندۇر.

(1) قەسەس سۈرىسى 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مەريەم سۈرىسى 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەريەمنى ئۇلارنىڭ قايسىسى تەربىيىسىگە ئېلىش (مەسىلىسىدە چەك تاشلاش يولىسىدىن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ، (مەريەمنىڭ كىمنىڭ تەربىيىسىدە بولۇشىنى) ئۆزئارا جاڭجال قىلىشقانلىرىدا سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ﴿44﴾.

ھەزرىتى مەريەمنىڭ شۇ دەۋردىكى ئاياللاردىن ئارتۇق قىلىنغانلىقى

الله تائالا (بۇ ئايەتتە) ھەزرىتى مەريەم ئىبادىتىنىڭ كۆپ بولغانلىقى، زاھىدلىقى، ئىززەتلىك، بولمىغۇر ئىشلاردىن خالىي ۋە پاك بولغانلىقى ئۈچۈن، (الله تائالانىڭ ئۇنى) شۇ دەۋردىكى ئاياللاردىن ئارتۇق قىلغانلىقىنى، ئۇنى گۇناھلار ۋە (شەيتاننىڭ) ۋەسۋەسىلىرىدىن پاكىزلىغانلىقىنى ۋە دۇنيادىكى ئاياللاردىن ئارتۇق قىلغانلىقى قاتارلىق ئىشلاردىن مەريەمنى خەۋەردار قىلىشقا پەرىشتىلەرنى بۇيرىغانلىقىنى بايان قىلدى.

ھىشام ئىبنى ئۇرۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «دۇنيادىكى ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىمراننىڭ قىزى مەريەمدۇر، دۇنيادىكى ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچەدۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

ئىبنى جەرىر ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: «ئەرلەردىن خېلى نۇرغۇن كىشىلەر يۇقىرى دەرىجىگە يەتتى[1] ئاياللاردىن پەقەت ئىمراننىڭ قىزى مەريەم بىلەن پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيەلا بۇ يۇقىرى دەرىجىگە يەتتى»[2].

ئىمام بۇخارىينىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دەپ كەلدى: ئەرلەردىن خېلى نۇرغۇن كىشىلەر يۇقىرى دەرىجىگە يەتتى، ئاياللاردىن پەقەت پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە، ئىمراننىڭ قىزى مەريەملا يۇقىرى دەرىجىگە يەتتى، شەكسىزكى، ئائىشەنىڭ باشقا ئاياللاردىن بولغان ئارتۇقچىلىقى شورپىغا چىلانغان ناننىڭ باشقا تاماقلارغا قارىغاندا ئارتۇق بولغانلىقىغا ئوخشاشتۇر».

ئاندىن الله تائالا ھەزرىتى مەريەمدىن بىر بالىنى دادىسىز يارىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كاتتا قۇدرىتىنى ئاشكارا قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن جاپا ـ مۇشەققەتلىك ۋە ئېككى ئالەمدە ئۇنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلىدىغان بىر ئىشنى تەقدىر قىلىشنى ئىرادە قىلغانلىقى ئۈچۈن، پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنى ئەمەل ـ ئىبادەتنى كۆپ قىلىشقا، (الله تائالاغا) بېلىنىشقا، سەجدە ۋە رۇكۇ قىلىشقا ۋە داۋاملىق ئەمەل ـ ئىبادەت بىلەن بولۇشقا بۇيرۇغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئى مەريەم! پەرۋەردىگارىڭغا ئىتائەت قىل، سەجدە قىل ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىل»﴾**.

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئىشلارنى ئوچۇق بىلدۈرۈپ بولغاندىن

(1) يەنى پەيغەمبەرلىك ياكى ئەۋلىيالىق ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا دەرىجىلەرنى دېمەكچى.
(2) يەنى پەيغەمبەرلىكتىن باشقا يۇقىرى دەرىجىگە يەتتى.

كېيىن، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) بۇ ـ ساڭا ۋەھى قىلىۋاتقىنىمىز ـ غەيب خەۋەرلىرىدىندۇر. مەريەمنى ئۇلارنىڭ قايسىسى تەربىيىسىگە ئېلىش (مەسىلىسىدە چەك تاشلاش يۈزىسىدىن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ، (مەريەمنىڭ كىمنىڭ تەربىيىسىدە بولۇشىنى) ئۆزئارا جاڭجال قىلىشقانلىرىدا سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا بولغان ئىشنى ئۆز ئەينى بويىچە قەۋمىڭگە دەپ بەرگىلى ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ. بەلكى، **الله** تائالا ساڭا ئۇلار ساۋاب تېپىشقا قىزىقىپ ئۇلاردىن كىمنىڭ مەريەمگە كېپىل بولۇشنى ئۈستىگە ئېلىشى توغرىسىدا ئۆزئارا چەك تاشلىغان ۋاقتىدا خۇددى سەن باردىكىدەك ۋە ئۇنى كۆرگەندىكىدەك ھالەتتە بايان قىلىپ بىلدۈردى.

ئىبنى جەرىر ئىكرىمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئانىسى ئۇنى بىر پارچە رەختكە ئوراپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىندىشى ھارۇننىڭ ئوغلى كاھىننىڭ بالىلىرىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلار ئۇ كۈنلىرى بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ كەبە تەرەپكە قارىغان ئىشىكلىرىنىڭ يانلىرىنى سىرلاۋاتاتتى. مەريەمنىڭ ئانىسى ئۇلارغا: سىلەر بۇ نەزىرنى ئېلىڭلار، بۇ مېنىڭ قىزىم، مەن ئۇنى ئىبادەت ئۈچۈنلا ئاتىۋەتتىم، ئىبادەتگاھقا ھەيزدار ئايال كىرەلمەيدۇ.[1] مەن بۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەتمەيمەن، ـ دېدى. ئۇلار: بۇ بىزنىڭ ئىمامىمىزنىڭ قىزى، ـ دېدى. ئىمران نامازدا ئۇلارغا ئىمام بولۇپ بېرەتتى. زەكەرىيا (ئۇلارغا): ئۇنى مېنىڭ تەربىيىلىشىمگە بېرىڭلار، ئۇنىڭ ھاماما ئاچىسى مېنىڭ ئايالىم بولىدۇ، ـ دېدى. ئۇلار: بۇنداق قىلىشقا بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ، بۇ بىزنىڭ ئىمامىمىزنىڭ قىزى دەپ تەۋراتنى يازىدىغان قەلەملىرى بىلەن چەك تاشلىدى، چەك زەكەرىياغا چىقىپ، ئۇنىڭغا كېپىل بولۇشنى ئۈستىگە ئالدى.

ئىكرىمە، سۇددى، قەتادە، رەبىئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلار بۇ ۋەقەلىكنى مۇنداق دەپ بايان قىلدى: ئۇلار سۈزۈلىشىپ كېتىۋېتىپ ئۇردۇن (ئىئوردانىيە) دەرياسىنىڭ يېنىغا بېرىپ قالدى. ئۇ يەردە (قەلەملىرىنى سۇغا تاشلاپ قايسىسىنىڭ قەلىمى سۇنىڭ دولقۇنىدا ئېقىپ كەتمەي تۇرسا، ئۇ مەريەمگە كېپىل بولىدۇ دەپ) چەك تاشلىماقچى بولۇپ قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىدى، زەكەرىيانىڭ قەلىمىدىن باشقا قەلەملەرنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى. ئۇنىڭ قەلىمىلا ئېقىپ كەتمەي، سۇدا تىكلا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، زەكەرىيا ياشتا ۋە ھۆرمەتتە ئۇلارنىڭ چوڭى، ئالىمى، ئىمامى ۋە پەيغەمبىرى ئىدى.

* * * * * * *

إِذْ قَالَتِ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ يَٰمَرْيَمُ إِنَّ ٱللَّهَ يُبَشِّرُكِ بِكَلِمَةٍ مِّنْهُ ٱسْمُهُ ٱلْمَسِيحُ عِيسَى ٱبْنُ مَرْيَمَ وَجِيهًا فِى ٱلدُّنْيَا
وَٱلْءَاخِرَةِ وَمِنَ ٱلْمُقَرَّبِينَ ﴿٤٥﴾ وَيُكَلِّمُ ٱلنَّاسَ فِى ٱلْمَهْدِ وَكَهْلًا وَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٤٦﴾ قَالَتْ رَبِّ
أَنَّىٰ يَكُونُ لِى وَلَدٌ وَلَمْ يَمْسَسْنِى بَشَرٌ قَالَ كَذَٰلِكِ ٱللَّهُ يَخْلُقُ مَا يَشَآءُ إِذَا قَضَىٰٓ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُۥ كُن
فَيَكُونُ ﴿٤٧﴾

ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! **الله** ساڭا (ئاتىسىز ۋاستىسىز) **الله** نىڭ بىر

(1) مەن ئىبادەتگاھقا كىرەلىگەن بولسام، بۇنى ئىبادەتگاھنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ شۇ يەردە بېرەتتىم دېمەكچى بولۇشى مۇمكىن.

كەلىمىسى (دىن تۆرەلگەن بىر بوۋاق) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى مەسىھ مەريەم ئوغلى ئىسادۇر، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرۇيلۇق ۋە الله غا يېقىنلاردىن بولىدۇ﴿45﴾. ئۇ بۆشۈكتىمۇ (يەنى بوۋاقلىق چېغىدىمۇ)، ئوتتۇرا ياش بولغاندىمۇ كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزىنى) سۆزلەيدۇ ۋە (تەقۋادارلىقتا كامىل) ياخشى ئادەملەردىن بولىدۇ»﴿46﴾. مەريەم: «پەرۋەردىگارىم ماڭا ئىنسانىنىڭ قولى تەگمىگەن تۇرسا (يەنى ئەرلىك بولمىسام) قانداق بالام بولىدۇ؟» دېدى. پەرىشتە: «الله خالىغىنىنى شۇنداق يارىتىدۇ (يەنى ئاتا ـ ئانا ئارقىلىقمۇ ۋە ئۇنىڭسىزمۇ يارىتىدۇ). بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا: «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ» دېدى﴿47﴾.

ھەزرىتى مەريەمگە ئىسا ئەلەيھىسسالامنى تۇغىدىغانلىقى توغرىسىدا خۇش بېشارەت بېرىلگەنلىكى

پەرىشتىلەر ھەزرىتى مەريەمگە يېقىندا ئابرۇيلۇق كاتتا بىر بالىنىڭ بولىدىغانلىقىدىن خۇش بېشارەت بەردى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿**ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! الله ساڭا (ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز) الله نىڭ بىر كەلىمىسى (دىن تۆرەلگەن بىر بوۋاق) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى**﴾ يەنى ئۇ بالىنىڭ يارىتىلىشى الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا ﴿**ۋۇجۇدقا كەل**﴾ دېگەن سۆزى بىلەن بولىدۇ.

﴿**ئۇنىڭ ئىسمى مەسىھ مەريەم ئوغلى ئىسادۇر**﴾ يەنى ئۇ بۇ دۇنيادا شۇ ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولىدۇ. مۆمىنلەرمۇ ئۇنى شۇ ئىسىم بىلەن تونۇيدۇ، ئۇ مەسىھ (سىلىغۇچى) دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالدى. چۈنكى، ئۇ ھەرقانداق كېسەلنى سىلاپ قويسا، الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۇ كېسەل ساقىيىپ كېتەتتى.

﴿**مەسىھ مەريەم ئوغلى ئىسادۇر**﴾ يەنى ئۇنىڭ دادىسى بولمىغاچقا «مەريەمنىڭ ئوغلى دەپ» ئانىسىغا نىسبەت بېرىلدى. ﴿**ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرۇيلۇق ۋە الله غا يېقىنلاردىن بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇ، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرۇيلۇق بولىدۇ. (ئۇنداق بولۇشى) الله تائالا ئۇنىڭغا شەرىئەتنى بەردى، كىتاب چۈشۈردى ۋە بۇنىڭدىن باشقا كاتتا مۆجىزىلەرنى بەردى. ئاخىرەتتە ئۇ الله تائالا (شاپائەت قىلىشقا) ئىزنى بەرگەن كىشى ئۈچۈن شاپائەت قىلىدۇ. الله ئۇنى باشقا ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش كىشىلەرگە ئۈلگە قىلدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۆشۈكتە سۆزلىگەنلىكى

﴿**ئۇ بۆشۈكتىمۇ (يەنى بوۋاقلىق چېغىدىمۇ)، ئوتتۇرا ياش بولغاندىمۇ كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزىنى) سۆزلەيدۇ**﴾ يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا شېرىكى يوق، بىر الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. بۇ بىر مۆجىزىدۇر، ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولىدىغانلىقىنىڭ بىر ئالامىتىدۇر. ئۇ چوڭ بولۇپ، الله ئۇنى كىشىلەرنى الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىشقا بۇيرۇغاندا، ئۇ كىشىلەرنى (الله تائالاغا) ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىسا ۋە جۇرەيجىنىڭ ھەمراھىدىن باشقا بىر بوۋاق بالا تۇغۇلغان مەزگىلىدە سۆزلىگەن ئەمەس».

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىسا، جۇرەيجىنىڭ زامانىسىدىكى بىر بوۋاق ۋە يەنە بىر بوۋاق (يەنى بۇ ئۈچ بوۋاق) تىن باشقىسى بۆشۈكتە سۆزلىگەن ئەمەس».

﴿ۋە (تەقۋادارلىقتا كامىل) ياخشى ئادەملەردىن بولىدۇ﴾ يەنى ئۆزىنىڭ سۆزى ۋە ئىشىدا توغرا ئىلىملىك ۋە ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلىك كىشىدۇر.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىز يارىتىلغانلىقى

ھەزرىتى مەريەم پەرىشتىلەردىن الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن خۇش بېشارىتىنى ئاڭلىغاندا، (الله تائالاغا) مۇناجەت قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿«پەرۋەردىگارىم ماڭا ئىنسانىنىڭ قولى تەگمىگەن تۇرسا (يەنى ئەرلىك بولمىسام) قانداق بالام بولىدۇ؟»﴾** يەنى مېنىڭ ئېرىم يوق تۇرسا، ئەرگە تېگىدىغان نىيىتىممۇ بولمىسا ياكى مەن يولدىن چىققان يامان ئايال بولمىسام، قانداق بولۇپ مېنىڭ بالام بولىدۇ؟

بۇ سوئالغا الله تەرىپىدىن بىر پەرىشتە مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: **﴿الله خالىغىنىنى شۇنداق يارىتىدۇ (يەنى ئاتا ـ ئانا ئارقىلىقمۇ ۋە ئۇنىڭسىزمۇ يارىتىدۇ)﴾** يەنى الله تائالا ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىكتۇر. ئۇنى ھېچقانداق نەرسە ئاجىز قىلالمايدۇ. ئۇنى تېخىمۇ ئېنىقلاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: **﴿«الله خالىغىنىنى شۇنداق يارىتىدۇ (يەنى ئاتا ـ ئانا ئارقىلىقمۇ ۋە ئۇنىڭسىزمۇ يارىتىدۇ)»﴾** يەنى (الله) خالىغىنىنى يارىتىدۇ. (بۇ يەردە يارىتىدۇ دەپ كەلدى). زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدە بايان قىلىنغانىدەك: «الله شۇنىڭدەك خالىغانىنى قىلىدۇ» دېيىلمىدى. بۇ يەردە «يارىتىدۇ» دەپ كەلتۈرۈلۈشى ئىنكار قىلىدىغانلار ئۈچۈن (الله تائالانىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن ياراتقانلىقىغا) گۇمان قالدۇرماسلىق ئۈچۈندۇر.

(الله) بۇنى ئۆزىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا: «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ»﴾** يەنى الله تائالا بولۇشىنى ئىرادە قىلغان نەرسە ۋۇجۇدقا كېلىشتە كېچىككىنىمۇ كېچىكىپ قالمايدۇ. بەلكى: «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن ھامانلا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿(بىرەر شەيئىنى ياراتماقچى بولساق) بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر، (ئۇ) كۆزنى يۇمۇپ ئاچقانىنىڭ ئارىلىقىدا (ئورۇنلىنىدۇ)﴾[1].

****

وَيُعَلِّمُهُ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَٱلتَّوْرَىٰةَ وَٱلْإِنجِيلَ ﴿٤٨﴾ وَرَسُولًا إِلَىٰ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ أَنِّى قَدْ جِئْتُكُم
بِـَٔايَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ أَنِّىٓ أَخْلُقُ لَكُم مِّنَ ٱلطِّينِ كَهَيْـَٔةِ ٱلطَّيْرِ فَأَنفُخُ فِيهِ فَيَكُونُ طَيْرًۢا بِإِذْنِ ٱللَّهِ

(1) قەمەر سۈرىسى 50 ـ ئايەت.

وَأُبۡرِئُ ٱلۡأَكۡمَهَ وَٱلۡأَبۡرَصَ وَأُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰ بِإِذۡنِ ٱللَّهِۖ وَأُنَبِّئُكُم بِمَا تَأۡكُلُونَ وَمَا تَدَّخِرُونَ فِي
بُيُوتِكُمۡۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لَّكُمۡ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٤٩﴾ وَمُصَدِّقٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيَّ مِنَ ٱلتَّوۡرَىٰةِ
وَلِأُحِلَّ لَكُم بَعۡضَ ٱلَّذِي حُرِّمَ عَلَيۡكُمۡۚ وَجِئۡتُكُم بِـَٔايَةٖ مِّن رَّبِّكُمۡ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿٥٠﴾
إِنَّ ٱللَّهَ رَبِّي وَرَبُّكُمۡ فَٱعۡبُدُوهُۚ هَٰذَا صِرَٰطٞ مُّسۡتَقِيمٞ ﴿٥١﴾

الله ئۇنىڭغا خەتنى، ھېكمەتنى (يەنى سۆز ـ ھەرىكەتتە توغرا بولۇشنى)، تەۋراتنى، ئىنجىلنى ئۆگىتىدۇ﴿48﴾. ئۇنى بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ. (ئۇ دەيدۇ) «شۈبھىسىزكى، سىلەرگە مەن رەببىڭلار تەرىپىدىن بولغان (پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، مەن سىلەرگە لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدەك بىر نەرسە ياسايمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلەيمەن ـ دە، الله نىڭ ئىزنى بىلەن، ئۇ قۇش بولىدۇ. تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتىمەن، الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن، سىلەر يەيدىغان ۋە ئۆيۈڭلاردا ساقلايدىغان يېمەكلىكلەردىن خەۋەر بېرىمەن (يەنى سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەھۋالىڭلارنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن). شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر الله نىڭ مۆجىزىلىرىگە ئىشەنگۈچى بولساڭلار، بۇنىڭدا (يەنى مەن كەلتۈرگەن مۆجىزىلەردە) سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (مېنىڭ راستلىقىمنى كۆرسىتىدىغان روشەن) ئالامەت بار﴿49﴾. مەن ئىلگىرى كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغان ھالدا (كەلدىم)، سىلەرگە ھارام قىلىنغان بەزى نەرسىلەرنى ھالال قىلىش ئۈچۈن (كەلدىم). مەن سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن دەلىل ئېلىپ كەلدىم. الله دىن قورقۇڭلار ۋە (مېنىڭ ئەمرىمگە) ئىتائەت قىلىڭلار﴿50﴾. الله ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر»﴿51﴾.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى، مۆجىزىلىرى ۋە دەۋىتى

الله تائالا (بۇ ئايەتتە) پەرىشتىلەرنىڭ مەريەمگە بالىسى ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن خۇش بېشارەت بەرگەنلىكىنى تولۇقلىغان ئاساستا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله ئۇنىڭغا خەتنى، ھېكمەتنى (يەنى سۆز ـ ھەرىكەتتە توغرا بولۇشنى) ئۆگىتىدۇ**﴾ يەنى خەت يېزىشنى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدۇ. «ھېكمەت» نىڭ مەنىسى ھەققىدە بەقەرە سۈرىسىدە توختالغان ئىدۇق.

﴿**تەۋراتنى، ئىنجىلنى ئۆگىتىدۇ**﴾ يەنى تەۋرات الله تائالانىڭ ئىمراننىڭ ئوغلى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن كىتابىدۇر، ئىنجىل بولسا، الله تائالانىڭ مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن كىتابىدۇر، ئىسا ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى كىتابنىڭ ھەر ئىككىسىنى يادلايتتى.

﴿**ئۇنى بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ**﴾ ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**«شۈبھىسىزكى، سىلەرگە مەن رەببىڭلار تەرىپىدىن بولغان (پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، مەن سىلەرگە لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدەك بىر نەرسە ياسايمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلەيمەن ـ دە، الله نىڭ ئىزنى بىلەن، ئۇ قۇش بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇ ئەنە شۇنداق قىلىدۇ، ئۇ لايدىن ئۇچار قۇشنىڭ ھەيكىلىنى ياسايدۇ، ئاندىن ئۇنى پۈۋلىگەنىدە، ئۇ الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەن كۆز ئالدىدا ئۇچىدۇ، الله بۇنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان بىر مۆجىزە قىلدى.

﴿**تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتىمەن**﴾ يەنى تۇغما كورنى ۋە ئاق كېسەلنى ساقايتىمەن. تۇغما كورنى ساقايتىش بولسا، ناھايىتى چوڭ مۆجىزىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر.

﴿**اللّٰه نىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن**﴾ كۆپ ساندىكى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: اللّٰه تائالا ھەر بىر پەيغەمبەرنى ئۇ پەيغەمبەرنىڭ زامانىسىغا مۇناسىپ كېلىدىغان مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا سېھىرگەرلىك ۋە سېھىرگەرلەرنى چوڭ بىلىش ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئىدى، اللّٰه ئۇنى كۆزلەرنى چاقنىتىدىغان ۋە پۈتۈن سېھىرگەرلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان سېھىر مۆجىزىسى بىلەن ئەۋەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىكى سېھىرگەرلەر ئۇ ئېلىپ كەلگەن سېھىر مۆجىزىسىنىڭ اللّٰه تەرىپىدىن ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىپ، مۇسا ئېلىپ كەلگەن دىنغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ياخشى كىشىلەردىن بولۇپ قالدى. ئەمما ئىسا ئەلەيھىسسالام دوختۇرلار ۋە تەبىئەتشۇناس ئالىملارنىڭ زامانىسىدا پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدى. ئىسا ئۇلارغا (بۇ اللّٰه تەرىپىدىن ئىكەن دەپ ئىقرار قىلىشتىن باشقىغا يول قويمايدىغان) ھۆججەت ـ پاكىتلارنى ئېلىپ كەلدى. دوختۇرنىڭ جانسىز نەرسىگە جان كىرگۈزۈشكە ياكى تۇغما كورنى ۋە ئاق كېسەلنى ساقايتىشقا ۋە ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قۇدرىتى يەتمەيدۇ، شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ناتىق ئەدىبلەر ۋە ناھايىتى ئۇستا شائىرلارنىڭ زامانىسىدا ئەۋەتىلگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىنسانلار بىلەن جىنلار بىرلىشىپ، بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىپمۇ ياكى ئۇنىڭدىكىگە ئوخشاش ئون سۈرىنى ۋەياكى بىر سۈرىنىمۇ كەلتۈرەلمەيدىغان (قۇرئاندىن ئىبارەت) بىر كىتابنى ئېلىپ كەلدى. اللّٰه تائالانىڭ سۆزىگە مەخلۇقلارنىڭ سۆزلىرى ھەرگىزمۇ ئوخشىمىغاچقا، ئۇلار قۇرئان ئايىتىنىڭ ئوخشىشىنى ھەرگىز كەلتۈرەلمەيدۇ.

﴿**سىلەر يەيدىغان ۋە ئۆيۈڭلاردا ساقلايدىغان يېمەكلىكلەردىن خەۋەر بېرىمەن (يەنى سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەھۋالىڭلارنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن)**﴾ يەنى مەن سىلەرگە سىلەرنىڭ ھازىر نېمە يېگەنلىكىڭلارنى ۋە ئەتىسى ئۈچۈن ئۆيدە نېمە ساقلاپ قويغانلىقىڭلارنى دەپ بېرىمەن. ﴿**شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر اللّٰه نىڭ مۆجىزىلىرىگە ئىشەنگۈچى بولساڭلار، بۇنىڭدا (يەنى مەن كەلتۈرگەن مۆجىزىلەردە) سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (مېنىڭ راستلىقىمنى كۆرسىتىدىغان روشەن) ئالامەت بار**﴾ يەنى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە مېنىڭ سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن دىنىدا راستچىل ئىكەنلىكىمگە ئالامەت باردۇر.

﴿**شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر اللّٰه نىڭ مۆجىزىلىرىگە ئىشەنگۈچى بولساڭلار، مەن ئىلگىرى كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغان ھالدا (كەلدىم)**﴾ يەنى تەۋراتنى ئىقرار قىلغان ھالەتتە كەلدىم.

﴿**سىلەرگە ھارام قىلىنغان بەزى نەرسىلەرنى ھالال قىلىش ئۈچۈن (كەلدىم)**﴾ بۇ ئايەتتە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتا كەلگەن بەزى ھۆكۈملەرنىڭ مەنىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەنلىكىگە ۋە يەھۇدىيلار خاتا ھالدا ئۆزئارا تالىشىۋاتقان نەرسىنى (ئۇلارغا) ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكىگە پاكىت بار. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە (يەنە بىر ئايەتتە) مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە ئىختىلاپ قىلىۋاتقان نەرسەڭلارنىڭ (يەنى دىنىي ئىشلارنىڭ) بەزىسىنى بايان قىلىپ بېرىمەن﴾[1].

﴿**مەن سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن دەلىل ئېلىپ كەلدىم**﴾ يەنى مەن سۆزلىرىمدە راستچىل ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرىدىغان پاكىتلارنى ئېلىپ كەلدىم. ﴿**اللّٰه دىن قورقۇڭلار ۋە (مېنىڭ ئەمرىمگە)**

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 63 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىتائەت قىلىڭلار، الله ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار﴾ يەنى مەن ۋە سىلەر الله غا ئىبادەت قىلىشتا، الله تائالاغا يېلىنىشتا باراۋەردۇرمىز، **﴿بۇ توغرا يولدۇر﴾**.

* * * * * * *

فَلَمَّآ أَحَسَّ عِيسَىٰ مِنۡهُمُ ٱلۡكُفۡرَ قَالَ مَنۡ أَنصَارِيٓ إِلَى ٱللَّهِۖ قَالَ ٱلۡحَوَارِيُّونَ نَحۡنُ أَنصَارُ ٱللَّهِ ءَامَنَّا
بِٱللَّهِ وَٱشۡهَدۡ بِأَنَّا مُسۡلِمُونَ ﴿٥٢﴾ رَبَّنَآ ءَامَنَّا بِمَآ أَنزَلۡتَ وَٱتَّبَعۡنَا ٱلرَّسُولَ فَٱكۡتُبۡنَا مَعَ
ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٥٣﴾ وَمَكَرُواْ وَمَكَرَ ٱللَّهُۖ وَٱللَّهُ خَيۡرُ ٱلۡمَٰكِرِينَ ﴿٥٤﴾

ئىسا ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) دىن كۇفرىنى (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى) سەزگەن چاغدا: «الله ئۈچۈن (الله غا دەۋەت قىلىش يولىدا) ماڭا كىملەر ياردەم بېرىدۇ؟» دېدى؟ ھەۋارىلار (يەنى ئۇنىڭ تەۋەلىرىدىن ھەقىقىي مۆمىنلەر) ئېيتتى: «الله ئۈچۈن ساڭا بىز ياردەم بېرىمىز، الله غا ئىمان ئېيتتۇق، گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (پەيغەمبەرلىكىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز﴿52﴾. پەرۋەردىگارىمىز! سەن نازىل قىلغان كىتابقا ئىشەندۇق، پەيغەمبەرگە ئەگەشتۇق، بىزنى (ھىدايىتىڭگە) شاھىت بولغانلار قاتارىدا قىلغىن»﴿53﴾. ئۇلار مىكىر ئىشلەتتى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى)، الله ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلدى (ئىسا ئەلەيھىسسالامنى قۇتقۇزۇپ، ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). الله مىكىر قىلغۇچىلارنىڭ جازاسىنى ئوبدان بەرگۈچىدۇر﴿54﴾.

ھەقىقىي مۆمىنلەرنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرگەنلىكى

﴿ئىسا ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) دىن كۇفرىنى (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى) سەزگەن چاغدا﴾ يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كۇپۇرلۇقتا چىڭ تۇرىدىغان ۋە ئازغۇنلۇقتا يۈرۈۋېرىدىغان نىيىتىنىڭ بارلىقىنى سەزگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: **﴿«الله ئۈچۈن (الله غا دەۋەت قىلىش يولىدا) ماڭا كىملەر ياردەم بېرىدۇ؟»﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى: الله يولىدا ماڭا كىم ئەگىشىدۇ دېگەنلىكتۇر، ـ دەپ چۈشەندۈردى. بۇ ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسى: مېنىڭ الله تەرىپىگە قىلغان چاقىرىقىمغا كىم ئاۋاز قوشىدۇ؟ ـ دېگەنلىكتۇر.

بۇ خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى ھەج ۋاقتىلىرىدا: «پەرۋەرگارىمنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزۈشۈم ئۈچۈن ماڭا كىم ماكان ھازىرلاپ بېرىدۇ؟ ھەقىقەتەن قۇرەيشلىكلەر مېنى پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزۈشۈمدىن توستى» دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرى ئەنسارىلارنى تاپتى. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يۇرتىغا ھىجرەت قىلىپ باردى. ئۇلار ئۇنىڭغا ماكان بېرىپ ياردەم قىلدى ۋە ئۇنى قارا ۋە قىزىللاردىن (يەنى زىيان يەتكۈزمەكچى بولغان) لاردىن قوغدىدى. الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن ۋە ئۇلارنى رازى قىلسۇن.

ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا بەنى ئىسرائىلدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىمان كەلتۈردى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەردى. شۇنداقلا، ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن نۇرغا (يەنى ئىنجىلغا) ئەگەشتى، الله ئۇلار توغرۇلۇق خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ھەۋارىيلار (يەنى ئۇنىڭ تەۋەلىرىدىن ھەقىقىي مۆمىنلەر) ئېيتتى: «الله ئۈچۈن ساڭا بىز ياردەم بېرىمىز، الله غا ئىمان ئېيتتۇق، گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (پەيغەمبەرلىكىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز»**﴾.

﴿**بىزنى (ھىدايىتىڭگە) شاھىت بولغانلار قاتارىدا قىلغىن»**﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىزنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى بىلەن بىللە (قىلغىن) دېگەنلىكتۇر.

يەھۇدىيلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى

الله تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتتە بەنى ئىسرائىلدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن بىرلىشىپ، ئۇنى شۇ زاماننىڭ كاپىر پادىشاھىغا چېقىپ، دارغا ئاسقۇزۇپ ئۆلتۈرىۋەتمەكچى بولىدۇ. ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى كاپىر پادىشاھقا: بۇ يەردە كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغان، ئۇلارنى پادىشاھقا بويسۇنۇشتىن توسىدىغان ۋە دادا بىلەن بالىنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىۋېتىدىغان بىرى بار، ـ دەپ چاقىدۇ.

ئۇلار پادىشاھنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىسا ئەلەيھىسسالامغا يالغانچى ۋە ھارامدىن تۇغۇلغان بالا دەپ بوھتان چاپلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ قيناش ۋە دارغا ئېسىش ئۈچۈن ئادەملىرىنى ئەۋەتىدۇ. پادىشاھنىڭ ئادەملىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغاندا: بىز ئۇنى چوقۇم تۇتۇۋالىمىز، ـ دەپ گۇمان قىلىدۇ. ئەمما الله ئۇنىڭ سۈرىتىنى (ئۇنىڭ) قېشىدىكى بىر كىشىنىڭ شەكلىگە كىرگۈزۈپ قويۇپ، ئۇنى (ئۇلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ) ئۆيىنىڭ تۈڭلۈكىدىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن كەلگەن ئادەملەر ئۆيگە كىرگەندە، قاراڭغۇدا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەكلىگە كىرگۈزۈپ قويۇلغان كىشىنى ئىسا دەپ گۇمان قىلىپ، ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ قيناپ دارغا ئاسىدۇ ۋە ئۇنىڭ بېشىغا بىر تىكەننى قويۇپ قويىدۇ. بۇ الله تائالانىڭ ئۇلارغا ئىشلەتكەن تاكتىكىسىدۇر. الله تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئارقىلىق قۇتۇلدۇردى. ئۇلارنى: بىز شەكسىز مەقسەتلىرىمىزگە يەتتۇق، ـ دەپ گۇمان قىلغان ھالەتتە ئازغۇنلۇق ۋە ھەيرانلىق ئىلكىدە قالدۇردى. الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتۇرۇۋەتتى ۋە ھەقىقەتكە دائىم قارشى تۇرىدىغان خارلىق ئۇلاردىن تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئايرىلمايدىغان قىلىپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار مىكىر ئىشلەتتى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى)، الله ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلدى (ئىسا ئەلەيھىسسالامنى قۇتقۇزۇپ، ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). الله مىكىر قىلغۇچىلارنىڭ جازاسىنى ئوبدان بەرگۈچىدۇر**﴾.

* * * * * * *

إِذۡ قَالَ ٱللَّهُ يَٰعِيسَىٰٓ إِنِّي مُتَوَفِّيكَ وَرَافِعُكَ إِلَيَّ وَمُطَهِّرُكَ مِنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَجَاعِلُ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوكَ
فَوۡقَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِۖ ثُمَّ إِلَيَّ مَرۡجِعُكُمۡ فَأَحۡكُمُ بَيۡنَكُمۡ فِيمَا كُنتُمۡ فِيهِ تَخۡتَلِفُونَ

فَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَأُعَذِّبُهُمۡ عَذَابٗا شَدِيدٗا فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ وَمَا لَهُم مِّن نَّٰصِرِينَ ﴿٥٦﴾ وَأَمَّا
ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَيُوَفِّيهِمۡ أُجُورَهُمۡۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٧﴾ ذَٰلِكَ نَتۡلُوهُ
عَلَيۡكَ مِنَ ٱلۡأٓيَٰتِ وَٱلذِّكۡرِ ٱلۡحَكِيمِ ﴿٥٨﴾

﴿٥٥﴾ at the start of the first line.

ئۆز ۋاقتىدا الله ئېيتتى: «ئى ئىسا! مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن، (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن). سېنى كاپىرلاردىن پاك قىلىمەن (يەنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان يامانلارنىڭ شەررىدىن ساقلايمەن)، ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قىيامەتكىچە كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلىمەن. ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان ئىش (يەنى ئىسانىڭ ئىشى) ئۈستىدە ئاراڭلاردا مەن ھۆكۈم چىقىرىمەن﴿55﴾. كاپىرلارغا بولسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاپ قىلىمەن، ئۇلارغا (ئۇلاردىن الله نىڭ ئازابىنى توسىدىغان) ھېچ مەدەتكار بولمايدۇ»﴿56﴾. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا كەلسەك، الله ئۇلارنىڭ (قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ) ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ. الله زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ (زالىملارنى دوست تۇتمايدىغان زات قانداقمۇ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلسۇن؟)﴿57﴾. (ئى مۇھەممەد!) بۇ بولسا ساڭا بىز ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئايەتلەردۇر ۋە ھېكمەتلىك قۇرئاندۇر﴿58﴾.

ئايەتتىكى «قەبزى روھ قىلىمەن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى

﴿«ئى ئىسا! مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن، (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن)﴾ بۇ ئايەتتىكى "قەبزى روھ قىلىمەن" دېگەن سۆزدىن ئۇخلىتىپ قويىمەن دېگەن مەنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

الله تائالا "قەبزى روھ قىلىمەن" دېگەن سۆزنى نۇرغۇنلىغان ئايەتلەردە ئۇيقۇ مەنىسىدە ئىشلەتتى. تۆۋەندىكىلەر شۇ ئايەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر: ﴿الله سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ﴾[1]، ﴿ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا، الله ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ، ئۆلمىگەنلەرنىڭ جانلىرىنى ئۇخلىغان[2] چاغلىرىدا ئالىدۇ﴾[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇيتتى: «بىزنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تىرىلدۈرگەن الله تائالاغا ھەمدۇ سانالار بولسۇن، قىيامەت كۈنى قايتىدىغان جاي الله تائالانىڭ دەرگاھىدۇر»[4].

الله تائالانىڭ: ﴿يەنە ئۇلارنىڭ كۇفرى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن ۋە مەريەمگە چوڭ بوھتان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). يەنە الله نىڭ رەسۇلى ئىسا ئىبن مەريەمنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ

(1) ئەنئام سۈرىسى60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بۇ ئايەتلەردە «قەبزى روھ» دېگەن سۆزنى ئۇيقۇ مەنىسىدە ئىشلەتتى.
(3) زۇمەر سۈرىسى 42 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) «ئەلھەمدۇلىللا ھىللەزى ئەھيانا بەئدە مائەماتەنا ۋە ئىلەيھىن نۇشۇر».

ئىسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە لېكىن ئۇلارغا شۈبھە سېلىندى، (ئىسانى ئاستۇق دەپ گۇمان قىلىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ قالغان باشقا بىرسىنى ئاستى)، ئىسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى (مەسىلىسى) دە، شۈبھىدىدۇر. ئۇلار بۇ (ئىشنىڭ ھەقىقىتى) نى بىلمەيدۇ، گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، ئۇلار ئىسانى جەزمەن ئۆلتۈرمىدى. بەلكى، **الله** ئۇنى ئۆزتەرىپىگە كۆتۈردى (يەنى ئىسانى **الله** ئۇلارنىڭ شەررىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تىرىك ھالدا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). **الله** غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) ھەرقانداقى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىسانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە **الله** نىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ. ئىسا قىيامەت كۈنى ئۇلار (يەھۇدىيلارنىڭ ئىسانى دارغا ئاستۇق دېگەن دەۋاسىنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ ئىسا **الله** نىڭ ئوغلى دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى) غا گۇۋاھ بولىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتلىرىدىكى: **﴿ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) ھەرقانداقى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىسانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە الله نىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: ئىسا ئەلەيھىسسالام قىيامەت بولۇشتىن بۇرۇن زېمىنغا چۈشۈرۈلىدۇ دېگەنلىكتۇر. بۇ چاغدا ئەھلى كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن (ئۇنىڭغا) ئىمان كەلتۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئەھلى كىتابلارنىڭ (ئۆزلىرىنىڭ دىنىدا قېلىش شەرتى بىلەن) مۇسۇلمانلارغا تۆلەيدىغان تۆلەمنى بىكار قىلىۋېتىپ، ئۇلاردىن ئىسلامدىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

﴿مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ھەسەننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇيقۇ ئۆلۈمدۇر، **الله** ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇيقۇلۇق ھالىتىدە ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكى

﴿سېنى كاپىرلاردىن پاك قىلىمەن (يەنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان يامانلارنىڭ شەررىدىن ساقلايمەن)﴾ يەنى مەن سېنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئارقىلىق ساقلايمەن.

﴿ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قىيامەتكىچە كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلىمەن﴾ بۇ ھەقىقەتەن **الله** دېگەندەك بولدى. يەنى **الله** ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈممەتلىرى گۇرۇھ - گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن **الله** تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئەۋەتكەن ھەقىقەت بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ **الله** تائالانىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە بەندىسىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلەرمۇ، ھەددىدىن ئېشىپ ئۇنى **الله** تائالانىڭ ئوغلى دەپ دەۋا قىلغانلارمۇ بولدى. بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنى ئىلاھ دەپمۇ ئاتاشتى، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر بولسا: ئۇ (**الله** ، مەريەم ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن تەركىب تاپقان ئۈچ) ئىلاھنىڭ ئۈچىنچىسى دەپمۇ قاراشتى. **الله** ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇرئاندا كەلتۈرۈپ، خاتا گۇماندا بولغان ھەر بىر گۇرۇھقا رەددىيە بەردى. كىشىلەرنىڭ بۇ ھالىتى ئۈچيۈز يىل داۋاملاشتى. ئاندىن رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇستانتىن ئىسىملىك بىر پادىشاھى خىرىستىئان دىنىغا كىردى. (ئۇنىڭ خىرىستىئان دىنىغا كىرىشتىكى سەۋەبى شۇكى) ئۇ ئەسلىدە پەيلاسوپ بولۇپ، خىرىستىئان دىنىنى بۇزۇش مەقسىتىدە ھىيلىگەرلىك بىلەن خىرىستىئان

(1) نىسا سۈرىسى 156 ـ ئايەتتىن 159 ـ ئايەتكىچە.

دىنىغا كىرگەن دەپ قارالدى.

ئۇ خرىستىئان دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەي كىرگەن دېگەن كۆز قاراشلارمۇ بار. مەيلى قانداق بولسۇن، ئۇ خرىستىئان بولغاندىن كېيىن، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىننى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇنىڭغا بەزى نەرسىلەرنى قوشتى ۋە بەزى نەرسىلەرنى كېمەيتىۋەتتى. يوق بولغان قانۇنلار يولغا قويۇلدى. ئۇ ئۆز زامانىسىدا چوشقىنىڭ گۆشىنى ھالال قىلىپ بەردى. ئۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن شەرققە قاراپ ئىبادەت قىلدى ۋە ئىسا ئۈچۈن چېركاۋلارنى لايىھەلىدى (يەنى ئۇنىڭ سۈرەتلىرى چېركاۋلارغا قويۇلدى ياكى سىزىلدى). ئۇلار ئۇ پادىشاھنىڭ قىلغان بىر گۇناھى ئۈچۈن روزىلىرىنىڭ مۇددىتىگە ئون كۈن قوشۇپ قويدى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ئۆزگىرىپ، قۇستانتىنىنىڭ دىنىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ پادىشاھ خرىستىئانلار ئۈچۈن ئون ئىككى مىڭدىن ئارتۇق چېركاۋ ۋە ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇن سېلىپ بەردى ۋە ئۆزىنىڭ نامىدا بىر شەھەر بىنا قىلدۇردى. پادىشاھ جەمەتىمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى، ئۇلار بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە يەھۇدىيلارغا بېسىم ئىشلىتىش بىلەن ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇردى. الله تائالا ئۇلارغا يەھۇدىيلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش كاپىر بولسىمۇ، (لېكىن) خرىستىئانلار يەھۇدىيلارغا قارىغاندا ھەققە يېقىنراقتۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە الله تائالانىڭ لەنەتلىرى بولسۇن!

الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەن كىشى الله تائالاغا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە توغرا ئۇسۇلدا ئىشەنگەچكە، بۇلار يەر يۈزىدىكى ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھېسابلاندى. چۈنكى، ئۇلار بارلىق ھەقىقەتكە ئىشىنىشكە چاقىرغان، ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئېسىلى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان، ساۋاتسىز پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشەندى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىننى ئۆزگەرتىۋېتىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ دىنىدا ۋە ئۇنىڭ يولىدا دەپ گۇمان قىلىدىغان ۋە ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە قارىغاندا شۇ پەيغەمبەرگە ئەڭ يېقىن ئۈممەت دەپ سانايدىغان بولدى. (ھەممە پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىنغا) ئۆزگىرىش كىرگەنلىكى ئۈچۈن، الله مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تا قىيامەت كۈنىگىچە ئۆزگەرمەيدىغان ۋە ھەممە دىنىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر ھەق دىن بىلەن ئەۋەتىش ئارقىلىق، ھەممە پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتلەرنىڭ ئۆزگەرتىلىپ كەتمىگەن ھۆكۈملىرىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇردى، شۇنىڭ بىلەن الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا زېمىننىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىنى ئېچىپ بەردى. ئۇلار كۆپ مەملىكەتلەرگە ئىگە بولدى. كۆپ دۆلەتلەر ئۇلارغا بويسۇندى. ئىراننىڭ پادىشاھى كىسرانىڭ پادىشاھلىقىنىمۇ پاچاقلاپ تاشلىدى، رۇمنىڭ پادىشاھى قەيسەرنىمۇ بويسۇندۇردى ۋە ئۇ ئىككى پادىشاھنىڭ بايلىقلىرىنى ئولجا ئالدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەينى ۋاقىتتا پەرۋەردىگارىنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن ئۇلارغا خەۋەر بەرگەندەك، ئۇ بايلىقلار الله تائالانىڭ يولىدا ئىشلىتىلدى.

الله تائالا بۇ ئىشتىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا

ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ﴾[1] شۇڭا ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ھەقىقىي ئىمان كەلتۈرگەن ئىدى. خرىستىئانلاردىن شامنىڭ شەھەرلىرىنى تارتىۋالدى. ئۇلار خرىستىئانلارنى رۇمغا كۆچۈرىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەھىرى قۇستانتىنىغا كۆچۈپ كەتتى. ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار قىيامەت كۈنىگىچە خرىستىئانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۈممىتىگە بۇ ئۈممەتنىڭ ئاخىرى پات ئارىدا قۇستانتىنىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مال ـ دۇنيانىڭ ھەممىسىنى ئولجا ئالىدىغانلىقى ۋە رۇملۇقلارنىڭ ناھايىتى چوڭ قىرغىن قىلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

كاپىرلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن تەھدىت قىلىنىشى

﴿«ئى ئىسا!مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن، (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن). سېنى كاپىرلاردىن پاك قىلىمەن (يەنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان يامانلارنىڭ شەررىدىن ساقلايمەن)، ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قىيامەتكىچە كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلىمەن. ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان ئىش (يەنى ئىسانىڭ ئىشى) ئۈستىدە ئاراڭلاردا مەن ھۆكۈم چىقىرىمەن. كاپىرلارغا بولسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاپ قىلىمەن، ئۇلارغا (ئۇلاردىن الله نىڭ ئازابىنى توسىدىغان) ھېچ مەدەتكار بولمايدۇ»﴾ الله تائالا بۇ ئايەتتە دېگەندەك، يەھۇدىيلاردىن ئىسائەلەيھىسسالامغا كاپىر بولغانلارنى ياكى خرىستىئانلاردىن ئىسائەلەيھىسسالام توغرىسىدا ھەددىدىن ئېشىپ: (ئۇنى) الله ياكى الله تائالانىڭ ئوغلى ۋەياكى ئۈچەيلەندىن تەركىب تاپقان ئىلاھنىڭ ئۈچىنچىسى دېگەنلەرنى دۇنيادا ئۆلتۈرۈش، ئەسىرگە چۈشۈرۈش، ماللارنى ۋە دۆلەتلەرنى ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن يوق قىلىۋېتىش بىلەن ئازابلىدى. ئاخىرەتتە ئۇلارغا بولىدىغان ئازاب تېخىمۇ قاتتىق ۋە قىيىندۇر. ﴿ئۇلارنى **الله** نىڭ ئازابىدىن ساقلىغۇچى بولمايدۇ﴾[2].

﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا كەلسەك، الله ئۇلارنىڭ (قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ) ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ﴾ يەنى دۇنيادا ياردەم بېرىش ۋە غەلىبە ئاتا قىلىش بىلەن، ئاخىرەتتە ئالىي دەرىجىلىك جەننەتلەر بىلەن مۇكاپاتلاشنى ئىشارەت قىلىدۇ. **﴿الله زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ (زالىملارنى دوست تۇتمايدىغان زات قانداقمۇ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلسۇن؟)﴾**.

﴿(ئى مۇھەممەد!) بۇ بولسا ساڭا بىز ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئايەتلەردۇر ۋە ھېكمەتلىك قۇرئاندۇر﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! بىز ساڭا ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن بۇ ئىشلار **الله** تائالا ئۇنى ساڭا ۋەھيي ئارقىلىق خەۋەر قىلغان، لەۋھۇلمەھفۇزدىن ساڭا چۈشۈرگەن ۋە ھېچقانداق شەك بولمىغان نەرسىلەرنىڭ ۋەھيىلىرىدىندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇ ئىسا ئىبنى مەريەمنىڭ قىسسىسىدۇر. ئىسا ئۇلار دە ـ تالاش قىلىۋاتقان ئۆزىنىڭ ئىشىنىڭ (ھەقىقىتى) ئۈستىدە ھەق گەپنى قىلدى. «**الله** نىڭ شەنىگە بالىسى بولۇش لايىق ئەمەس، **الله** (بالىدىن، شېرىكتىن) پاكتۇر، **الله** بىرەر ئىش قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا، ۋۇجۇتقا كەل، دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ﴾[3].

(1) نۇر سۈرىسى55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) رەئد سۈرىسى 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) مەريەم سۈرىسى 34 ـ 35 ـ ئايەتلەر.

****

إِنَّ مَثَلَ عِيسَىٰ عِندَ ٱللَّهِ كَمَثَلِ ءَادَمَۖ خَلَقَهُۥ مِن تُرَابٍ ثُمَّ قَالَ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٥٩﴾ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكَ فَلَا تَكُن
مِّنَ ٱلْمُمْتَرِينَ ﴿٦٠﴾ فَمَنْ حَآجَّكَ فِيهِ مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَكَ مِنَ ٱلْعِلْمِ فَقُلْ تَعَالَوْا۟ نَدْعُ أَبْنَآءَنَا وَأَبْنَآءَكُمْ وَنِسَآءَنَا
وَنِسَآءَكُمْ وَأَنفُسَنَا وَأَنفُسَكُمْ ثُمَّ نَبْتَهِلْ فَنَجْعَل لَّعْنَتَ ٱللَّهِ عَلَى ٱلْكَٰذِبِينَ ﴿٦١﴾ إِنَّ هَٰذَا لَهُوَ
ٱلْقَصَصُ ٱلْحَقُّۚ وَمَا مِنْ إِلَٰهٍ إِلَّا ٱللَّهُۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٦٢﴾ فَإِن تَوَلَّوْا۟ فَإِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌۢ بِٱلْمُفْسِدِينَ ﴿٦٣﴾

شۈبھىسىزكى، ﷲ نىڭ نەزىرىدە ئىسانىڭ مىسالى (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى ﷲ (ئاتا ـ ئانىسىز) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇتقا كەل» دېدى ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كەلدى (ئىسانىڭ ئىشى ئادەمنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس)﴿59﴾. (ئىسا ھەققىدىكى بۇ سۆز) ﷲ تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر، سەن شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن﴿60﴾. سەن ئىسا توغرۇلۇق ھەقىقىي مەلۇماتقا ئىگە بولغىنىڭدىن كېيىن، كىملەركى سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، سەن ئۇلارغا: «كېلىڭلار، ئوغۇللىرىمىزنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى، ئۆزلىرىمىزنى ۋە ئۆزلىرىڭلارنى يىغىپ، ﷲ نىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن، دەپ ﷲ غا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلايلى» دېگىن﴿61﴾. شۈبھىسىزكى، بۇ ئەلۋەتتە راست قىسسىدۇر. بىر ﷲ دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ﷲ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿62﴾. ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە (ئۇلار بۇزغۇنچىلاردۇر)، شۈبھىسىزكى، ﷲ بۇزغۇنچىلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴿63﴾.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشىنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى

﴿**شۈبھىسىزكى، ﷲ نىڭ نەزىرىدە ئىسانىڭ مىسالى**﴾ يەنى ﷲ تائالانىڭ ئىسانى دادىسىز يارىتىشى ﴿**(ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) مىسالىغا ئوخشايدۇ**﴾ شۈبھىسىزكى، ﷲ تائالا ئادەمنى دادىسىز ۋە ئانىسىز ياراتتى. يەنى ﴿**ئادەمنى ﷲ (ئاتا ـ ئانىسىز) تۇپراقتىن ياراتتى**﴾ يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى دادىسىز ۋە ئانىسىز ياراتقان زات ئىسا ئەلەيھىسسالامنى (دادىسىز) يارىتىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئەگەر ئىسا ئەلەيھىسسالام دادىسىز يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ﷲ تائالانىڭ ئوغلى دەپ دەۋا قىلىش دۇرۇس بولسا، ئادەمنىمۇ ﷲ تائالانىڭ ئوغلى دەپ دەۋا قىلىش، ئەلۋەتتە، دۇرۇس بولىدۇ ۋە لېكىن ھەممە دىندا بىردەك: ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ﷲ تائالانىڭ ئوغلى دەپ دەۋا قىلىش توغرا ئەمەس دەپ قارىلىدۇ. ئۇنداق بولغاندا، ئۇ دەۋانى ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە قىلىش تېخىمۇ توغرا ئەمەس. لېكىن ﷲ تائالا قالغان مەخلۇقاتلارنى بىر ئەركەك ۋە بىر چىشىدىن ياراتقىنىغا ئوخشاش، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى دادىسىز ۋە ئانىسىز، ھاۋانى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئانىسىز

ۋە ئىسانى ئاتىدىن دادىسىز يارىتىش بىلەن ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى مەخلۇقاتلىرىغا كۆرسىتىشنى خالىدى. شۇڭا الله تائالا مەريەم سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنى كىشىلەرگە قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ۋە بىز تەرەپتىن بولغان مەرھەمەت قىلدۇق﴾[1].

﴿(ئىسا ھەققىدىكى بۇ سۆز) الله تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر، سەن شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن﴾ يەنى بۇ ئىسا توغرىسىدىكى ئەڭ راست سۆزدۇر بۇنىڭدىن باشقا راست سۆز يوقتۇر.

ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا يالغان ئېيتقۇچىلارغا الله تائالانىڭ لەنىتىنى تىلەپ دۇئا قىلىش توغرىسىدا

الله تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى پاكىتلار ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇ توغرىسىدا ھەقىقەتكە قارشى چىققان كىشى بىلەن الله تائالانىڭ لەنىتىنى تىلەپ دۇئا قىلىشىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿سەن ئىسا توغرۇلۇق ھەقىقىي مەلۇماتقا ئىگە بولغىنىڭدىن كېيىن، كىملەركى سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، سەن ئۇلارغا: «كېلىڭلار، ئوغۇللىرىمىزنى ۋەئوغۇللىرىڭلارنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى، ئۆزلىرىمىزنى ۋە ئۆزلىرىڭلارنى يىغىپ، الله نىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن، دەپ الله غا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلايلى» دېگىن﴾** يەنى بىزدىن ياكى سىلەردىن بولغان يالغانچىلارنىڭ زىيىنىغا (الله غا يالۋۇرۇپ) دۇئا قىلىمىز.

سۈرىنىڭ بېشىدىن باشلاپ بۇ يەرگە كەلگۈچە بولغان ئايەتلەر نەجران قەبىلىسىدىن كەلگەن خرىستىئان ئەلچىلەر توغرىسىدا چۈشكەن. بۇ خرىستىئان ئەلچىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى، ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامدا بالىلىق (يەنى الله نىڭ ئوغلى) ۋە ئىلاھلىق سۈپەت بار دەپ گۇمان قىلاتتى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى يەسار ۋە باشقىلار دېگەندەك، الله تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن بۇ سۈرىنىڭ باش قىسمىنى چۈشۈردى. ئىبنى ئىسھاق ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: نەجران قەبىلىسىدىن بولغان خرىستىئانلارنىڭ ئاتمىش كىشىدىن تەركىب تاپقان ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ كاتتىباشلىرىدىن 14 كىشى بار بولۇپ، ئۇلار قەبىلىنىڭ ھەممە ئىشىغا مەسئۇل ئىدى. بۇلار: ئاقىب (ئىسمى ئابدۇلمەسىھ)، سەييىد (ئىسمى ئەيھەم)، بەكرى ئىبنى ۋائىلنىڭ بىر تۇغقۇنى ئەبۇھارىس ئىبنى ئەلقەمە، ئۇۋەيس ئىبنى ھارىس، زەيد، قەيس، يەزىد، نەبىھ، خۇۋەيلىد، ئەمرى، خالىد، ئابدۇللاھ ۋە يۇھەننەس قاتارلىقلار ئىدى. بۇ ئون تۆت كىشىنىڭ ئىشلىرىغا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ كىشى مەسئۇل ئىدى. ئۇلار: ئاقىب؛ بۇ ئۇلارنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر پىكىرلىك مەسلىھەتچىسى ئىدى. ھەرقانداق ئىش ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولاتتى. سەييىد؛ بۇ ئۇلارنىڭ ئالىمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سەپەر ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئەبۇھارىس ئىبنى ئەلقەمە؛ بۇ ئۇلارنىڭ دىنىي ئالىمى ۋە ئىمامى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەكتەپلىرىگە مەسئۇل ئىدى. بۇ ئەسلىدە بەكرى ئىبنى ۋائىل جەمەتىدىن بولغان ئەرەب بولۇپ، خرىستىئان دىنىغا

(1) مەريەم سۈرىسى 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كىرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن رۇملۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى ئۇنى چوڭ بىلىپ، ناھايىتى ھۆرمەتلىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن چېركاۋلارنى سېلىپ بەردى ۋە مال ـ مۈلۈك بىلەن تەمىنلىدى. ئۇلار ئۇنىڭ خىرىستىئان دىنىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن (ئۇنى) ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلدۇردى. ئۇ بۇرۇنقى كىتابلاردىن ئالغان بىلىمگە ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىنى ۋە ئۇنىڭ سۈپىتىنى بىلەتتى، لېكىن ئۇنىڭ خىرىستىئان دىنىدا ئېرىشكەن يۈز ـ ئابرۇيى ئۇنىڭ ئۇ دىنىدا نادانلارچە قېلىشىغا سەۋەبچى بولدى».

ئىبنى ئىسھاق: مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر ئىبنى زۇبەير ماڭا مۇنداق دەپ سۆزلەپ بەردى، ـ دەيدۇ: «ئەلچىلەر مەدىنىگە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا) كەلدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتتە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇۋاتقان ئىدى. ئەلچىلەرنىڭ ئۈستىدە گۈل چېكىلگەن كىيىملەر بار ئىدى. ئۇلار ھارىس ئىبنى كەئىب جەمەتىنىڭ تۆگىلىرىنى مىنىپ كەلگەن ئىدى». مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر ئىبنى زۇبەير ۋە ساھابىلەردىن ئۇلارنى كۆرگەن كىشىلەر: بىز ئۇلاردىن كېيىن ئۇلارغا ئوخشاش بىر ئەلچىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرمىدۇق، ـ دېگەن ئىدى.

ئۇلارنىڭ نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىدە ناماز ئوقۇماقچى بولدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: «ئۇلارنى مەيلىگە قويۇڭلار» دېدى. ئۇلار شەرققە قاراپ ناماز ئوقۇدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەبۇھارىس ئىبنى ئەلقەمە ۋە ئاقىب ئابدۇلمەسىھ ياكى سەييىد ئەيھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلەشتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئىختىلاپ مەۋجۇد بولسىمۇ، ھەممىسى پادىشاھنىڭ دىنىدىكى خىرىستىئانلاردىن ئىدى. ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىلاھتۇر، ئۇ ﷲ تائالانىڭ ئوغلىدۇر، ئۇ (ئۈچ) ئىلاھنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر، ـ دېدى. ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ بوھتان قىلغان سۆزلىرىدىن پاكتۇر! باشقا خىرىستىئانلارنىڭ سۆزلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. ئۆزلىرىنىڭ: ”ئىسا ئىلاھتۇر“ دېگەن سۆزىگە ئۇنىڭ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەنلىكى، تۇغما كورنى، ئاق كېسەلنى ۋە باشقا كېسەللەرنى ساقايتقانلىقى، غەيب ئىشلاردىن خەۋەر بەرگەنلىكى ۋە لايدىن ئۇچار قۇشلارنىڭ سۈرىتىنى ياساپ، ئۇنىڭغا پۈۋلىشى بىلەن جان كىرگۈزۈپ ئۇچۇرتقانلىقى قاتارلىقلارنى دەلىل قىلىپ كەلتۈردى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ﷲ تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولغاندۇر. ﷲ بۇ ئىشلارنى كىشىلەرگە (ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە) ئالامەت قىلىپ بەردى. خىرىستىئانلار: ”ئىسا ﷲ تائالانىڭ ئوغلى“ دېگەن سۆزىگە ئۇنىڭ كىشىلەرگە تونۇش بولغان بىر دادىسىنىڭ يوقلۇقى، بۆشۈكتە تۇرۇپ سۆزلىگەنلىكى، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئادەم بالىلىرىدىن ھېچكىمنىڭ بۇنداق كىچىك چېغىدا سۆزلەپ باقمىغانلىقى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ. ئۇلار: ”ئۈچ ئىلاھنىڭ ئۈچىنچىسى“ دېگەن سۆزىگە ﷲ تائالانىڭ: «بىز قىلدۇق، بىز بۇيرۇدۇق، بىز ياراتتۇق ۋە بىز ھۆكۈم قىلدۇق» (دەپ كۆپلۈك تەلەپپۇزى بىلەن كەلتۈرگەن) سۆزىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ. ئۇلار: ئەگەر (ﷲ) بىر بولغان بولسا: «مەن قىلدىم، ھۆكۈم قىلدىم، مەن بۇيرۇدۇم ۋە مەن ياراتتىم» دېگەن بولاتتى. (ﷲ تائالانىڭ كۆپلۈك تەلەپپۇزىدا بايان قىلغانلىقى) ئىلاھنىڭ ﷲ ، مەريەم ۋە ئىسا ئۈچىدىن تەركىب تاپقانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر، ـ دېدى. ﷲ تائالا زالىملار ۋە تانغۇچىلارنىڭ قىلغان بوھتان سۆزلىرىدىن پاك ۋە ناھايىتى ئالىي زاتتۇر».

(ﷲ تائالا) ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى توغرىسىدا ئايەتلەر چۈشۈردى. ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﷲ تائالادىن خەۋەر ۋە ئۇنىڭ بىلەن

ئۇلارنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىيدىغان ھۆكۈم كەلدى. ئەگەر ئەلچىلەر بۇ ھۆكۈمنى رەت قىلسا، ئۇلار بىلەن ﷲ تائالانىڭ لەنىتىنى تىلەپ دۇئا قىلىشىشقا بۇيرۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى لەنەت ئېيتىشىشقا چاقىردى. ئاندىن ئۇلار: ئى مۇھەممەد! سەن بىزگە مۆھلەت بەرسەڭ، بىز مەسلىھەتلىشىۋالساق، ئاندىن سەن بىزنى دەۋەت قىلغان ئىشقا قانداق جاۋاب بېرىدىغانلىقىمىزنى ساڭا خەۋەر قىلساق؟ ـ دەپ قايتىشتى. ئۇلار ئاقىبنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشى ئىدى، ئۇلار (ئۇنىڭغا): ئى ئاقىب! سەن بۇ ئىشقا قانداق قارايسەن؟ ـ دېدى. ئاقىب ئۇلارغا: ئى خىرىستىئانلار گۇرۇھى! ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر شەكسىز مۇھەممەدنىڭ ﷲ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلدىڭلار، ئۇ سىلەرگە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋەرلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەردى، بىر مىللەت بىر پەيغەمبەر بىلەن لەنەت ئېيتىشسا، شۇ مىللەتنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى سىلەر ياخشى بىلىسىلەر. ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ بىلەن لەنەت ئېيتىشساڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ تۈپتىن يوقالغىنىڭلاردۇر. ئەگەر سىلەر ئۆز دىنىڭلاردا قېلىپ، ئۆز دەۋايىڭلاردا (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا) دېمەكچى بولغانلىرىڭلارنى دەۋېرىشنى خالىساڭلار، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن خوشلىشىپ، ئۆزەڭلەرنىڭ شەھەرلىرىڭلارغا قايتىپ كېتىڭلار، ـ دېدى. ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد! بىز سەن بىلەن لەنەت ئېيتىشماسلىقنى، سېنى دىنىڭدا قويۇپ قويىشىمىزنى ۋە بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ دىنىدا قېلىشىمىزنى توغرا كۆردۇق. لېكىن بىز مال ـ مۈلكىمىز توغرىسىدا ئىختىلاپلىشىپ قالغاندا، بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم قىلىدىغان، سەن ئۆزەڭ رازى بولىدىغان ساھابىلىرىڭدىن بىرىنى بىز بىلەن بىللە ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن رازىدۇرمىز، ـ دېدى.

ئىمام بۇخارى ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: نەجراننىڭ ئىككى ھەمراھى (ئاقىب بىلەن سەييىد) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن لەنەت ئېيتىشماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىگە: سەن ئۇنداق قىلما (يەنى لەنەت ئېيتىشما)، ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇ پەيغەمبەر بولۇپ قالسا، بىز ئۇنىڭ بىلەن لەنەت ئېيتىشىپ قويساق، بىز ۋە بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز ھەرگىزمۇ نىجات تاپالمايمىز، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: بىز ساڭا بىزدىن سورىغان نەرسەڭنى بېرەيلى، سەن ئىشەنچلىك بىر كىشىنى بىز بىلەن ئەۋەتكىن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جەزمەن سىلەر بىلەن ھەقىقىي ئىشەنچلىك بىر كىشىنى ئەۋەتىمەن» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۇنى كۈتۈشۈپ تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ! ئورنىڭدىن تۇر!» دېدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ مۇشۇ ئۈممەت ئىچىدىكى ئىشەنچلىك كىشى» دېدى.

ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر بىر ئۈممەت ئىچىدە ئىشەنچلىك بىر كىشى بولىدۇ، بۇ ئۈممەتنىڭ ئىشەنچلىك كىشىسى ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى جەرراھتۇر».

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇجەھل (ﷲ ئۇنى ياخشىلىقتىن يىراق قىلسۇن!): ئەگەر مەن مۇھەممەدنىڭ كەبىنىڭ قېشىدا ناماز ئوقۇۋاتقىنىنى كۆرسەم، ئۇنىڭ گەدىنىگە دەسسەيمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇ

شۇنداق قىلغان بولسا، پەرىشتىلەر شەكسىز ئۇنى كۆز ئالدىمىزدىلا تۇتاتتى» دېدى. ئەگەر يەھۇدىيلار ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلغان بولسا، ئۇلار شەكسىز ئۆلگەن ۋە دوزاختىكى ئورۇنلىرىنى كۆرگەن بولاتتى، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن لەنەت ئېيتىشماقچى بولۇپ چىققان كىشىلەر ئۆيلىرىگە قايتسا، مال - مۈلۈك ۋە بالا - چاقىلىرىنى تاپالمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولۇپ كېتىدۇ).

﴿**شۈبھىسىزكى، بۇ ئەلۋەتتە راست قىسسىدۇر**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! بىز ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن ئىشلار بۈيۈك بىر ھەقىقەتتۇر.

﴿**بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە (ئۇلار بۇزغۇنچىلاردۇر)، شۈبھىسىزكى، الله بۇزغۇنچىلارنى بىلىپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى بىر كىشى ھەقتىن يېنىپ ناھەقنى قوبۇل قىلسا، ئۇ ھەقىقىي بۇزغۇنچى بولىدۇ، الله تائالا ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، الله ئۇنىڭغا پات يېقىندا جازا بەرگۈچىدۇر، الله تائالا (ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان) قۇدرەتلىك زاتتۇر. بىز ئۇنى ھەممە ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاك دەپ بىلىمىز ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتىمىز، بىز ئۇنىڭ ئازابىنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن (ئۇنىڭ بىلەن) پاناھ تىلەيمىز.

****

قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ تَعَالَوْا۟ إِلَىٰ كَلِمَةٍ سَوَآءٍۭ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ أَلَّا نَعْبُدَ إِلَّا ٱللَّهَ وَلَا نُشْرِكَ بِهِۦ شَيْـًٔا وَلَا
يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضًا أَرْبَابًا مِّن دُونِ ٱللَّهِ ۚ فَإِن تَوَلَّوْا۟ فَقُولُوا۟ ٱشْهَدُوا۟ بِأَنَّا مُسْلِمُونَ ﴿٦٤﴾

«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت الله غىلا ئىبادەت قىلىش، الله غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، الله نى قويۇپ بىر - بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى» دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): «(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار» ﴿64﴾.

الله تائالانى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسىنىڭ ھەممە ئۈممەتكە ئورتاق ئىكەنلىكى

﴿**«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت الله غىلا ئىبادەت قىلىش، الله غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، الله نى قويۇپ بىر - بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى» دېگىن**﴾ بۇ چاقىرىق يەھۇدىي، خرىستىئان ۋە ئۇلار بىلەن بىر سەپتە بولغان كىشىلەردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابلارغا ئورتاقتۇر. بۇ ھەم پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بارغان بىردەك چاقىرىقىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار»

دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[1]، ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «اللّٰه غا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[2].

﴿اللّٰه نى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى»﴾ ئىبنى جۇرەيج بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: اللّٰه تائالانىڭ دەرگاھىدا گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردا (بەزىمىز ـ بەزىمىزگە بويسۇنۇپ) بىر ـ بىرىمىزنى ئىلاھ قىلىۋالمايلى.

﴿ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): «(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار﴾ يەنى ئۇلار بۇ دەۋەتتىن يۈز ئۆرۈسە، سىلەر ئۇلارنى ئۆزلىرىڭلارنىڭ اللّٰه يول قويۇپ بەرگەن ئىسلام دىنىدا ئىكەنلىكىڭلارغا گۇۋاھچى قىلىپ قويۇڭلار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىرەقلىگە ئەۋەتكەن خېتى مۇنداق يېزىلغان: «ناھايىتى شەپقەتلىك مېھرىبان اللّٰه تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن رۇمنىڭ كاتتىسى ھىرەقلىگە، توغرا يولغا ئەگەشكەن كىشىگە اللّٰه تائالانىڭ سالامى بولسۇن! مەقسەت: مۇسۇلمان بولغىن، سالامەت قالىسەن! مۇسۇلمان بولغىن، اللّٰه سېنىڭ ئەجرىڭنى قوشلاپ بېرىدۇ! ئەگەر يۈز ئۆرۈسەڭ سېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىڭ ئاستىدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ گۇناھىمۇ ساڭا يۈكلىنىدۇ» (دەپ خەتكە بۇ ئايەتنى يازدى) **﴿«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت اللّٰه غىلا ئىبادەت قىلىش، اللّٰه غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، اللّٰه نى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى» دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): «(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار﴾**.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ۋە باشقىلار: بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىن باشلاپ سەكسەن نەچچىنچىگىچە بولغان ئايەتلەر نەجران قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى توغرىسىدا چۈشتى، ـ دەيدۇ. زۆھرى: نەجران قەبىلىسىدىكىلەر بىرىنچى بولۇپ جىزيە تۆلىگەن كىشىلەردۇر، ـ دېدى. جىزيە تۆلەشكە بۇيرۇغان ئايەتنىڭ مەككە فەتھى بولغاندىن كېيىن چۈشكەنلىكىدە ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق. (ئۇنداق بولسا) (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) مەككە پەتھى بولۇشتىن بۇرۇن ھىرەقلىگە يازغان خېتىدە بۇ ئايەتنى يېزىشى بىلەن مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ۋە زۆھرىلار دېگەن سۆزنىڭ ئارىلىقىنى قانداق بىرلەشتۈرۈش كېرەك؟ ئۇنىڭ جاۋابى شۇكى، نەجران قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ كېلىشى ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدىن بۇرۇن بولغان، ئۇلارنىڭ بەرگەن نەرسىسى جىزيە يوسۇنىدا ئەمەس، بەلكى بىر نەرسە بېرىش شەرتى بىلەن لەنەتلىشىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، مۇسالىھە قىلىشقان بولۇپ، ئاندىن جىزيە بېرىشكە بۇيرۇپ چۈشكەن ئايەت شۇ (كېلىشىمگە) ئۇيغۇن نازىل بولغان. بۇ خۇددى (ئالغان ئولجىدىن) بەشتىن بىرىنى ئىسلام دۆلەت خەزىنىسىگە ۋە بەشتىن تۆت قىسمىنى ئولجا ئالغان جەڭچىگە بېرىلىدىغانلىقىغا (بەدرى ئۇرۇشىدىن بۇرۇن كۆزىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بىر قېتىملىق قوشۇندا ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشىنىڭ قىلغىنىدەك) ئوخشايدىغان بولۇپ، ئولجىنى ئۈلەشتۈرۈش ئايىتى بەدرى ئۇرۇشىدا مۇشۇ ئەھۋالغا ئۇيغۇن

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 25 ـ ئايەت.
(2) نەھل سۈرىسى 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

هالدا چۈشكەن. پاكى الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېرەقلگە ئەۋەتكەن خېتىدە يازغان بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى بۇ ئايەت چۈشۈشتىن بۇرۇن يېزىشقا بۇيرۇغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئەھۋال خۇددى قۇرئان ئۆمەرنىڭ بىر نەچچە تۈرلۈك مەسىلە (مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھىجابلىنىشى، بەدرى ئۇرۇشىدىكى ئەسىرگە چۈشكەن كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش، مۇناپىقلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەسلىك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرغان ئورنىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشى قاتارلىق ئىشلار) ھەققىدە ئويلىغانلىرى ۋە ئېيتقانلىرىنىڭ كېيىن قۇرئاندا نازىل بولغان ئايەتلەرگە ئۇيغۇن بولۇپ قالغىنىغا ئوخشايدۇ.

****

يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ لِمَ تُحَآجُّونَ فِيٓ إِبۡرَٰهِيمَ وَمَآ أُنزِلَتِ ٱلتَّوۡرَىٰةُ وَٱلۡإِنجِيلُ إِلَّا مِنۢ بَعۡدِهِۦٓۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿٦٥﴾ هَٰٓأَنتُمۡ هَٰٓؤُلَآءِ حَٰجَجۡتُمۡ فِيمَا لَكُم بِهِۦ عِلۡمٞ فَلِمَ تُحَآجُّونَ فِيمَا لَيۡسَ لَكُم بِهِۦ عِلۡمٞۚ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ وَأَنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٦٦﴾ مَا كَانَ إِبۡرَٰهِيمُ يَهُودِيّٗا وَلَا نَصۡرَانِيّٗا وَلَٰكِن كَانَ حَنِيفٗا مُّسۡلِمٗا وَمَا كَانَ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿٦٧﴾ إِنَّ أَوۡلَى ٱلنَّاسِ بِإِبۡرَٰهِيمَ لَلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُ وَهَٰذَا ٱلنَّبِيُّ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْۗ وَٱللَّهُ وَلِيُّ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٦٨﴾

«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نېمە ئۈچۈن ئىبراھىم توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىسىلەر؟ (ئىبراھىمنى ئۆزەڭلارنىڭ دىنىدا دەپ گۇمان قىلىسىلەر؟) ھالبۇكى، تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئىبراھىمدىن كېيىن نازىل بولدى. (سۆزۈڭلارنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى) چۈشەنمەمسىلەر؟﴿65﴾. (ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) سىلەر شۇنداق كىشىلەر سىلەركى، بىلىدىغان نەرسەڭلار (ئىسا) ئۈستىدە مۇنازىرىلەشتىڭلار، ئەمدى سىلەر بىلمەيدىغان نەرسەڭلار (ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ دىنى) ئۈستىدە نېمىشقا مۇنازىرىلىشىسىلەر؟ (ئىبراھىمنىڭ ئىشىدىكى ھەقىقەتنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر» دەڭلار﴿66﴾. ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس ۋە لېكىن توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى، الله غا بويسۇنغۇچى ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى﴿67﴾. ئىبراھىمغا ئەڭ يېقىن بولغانلار، شۈبھىسىزكى، (ئىبراھىمنىڭ زامانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنىڭغا (يەنى ئۇنىڭ يولىغا) ئەگەشكەنلەردۇر، بۇ پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) دۇر، (بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى بولغان) مۆمىنلەردۇر. الله مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر﴿68﴾.

يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشكەنلىكى

الله تائالا (بۇ ئايەتلەردە) يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا مۇنازىرىلەشكەنلىكىنى ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىدا دەپ دەۋا قىلغانلىقىنى ئەيىبلەيدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى يەسار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

رىۋايەت قىلىدۇ: «نەجران قەبىلىسىنىڭ خىرىستىئانلىرى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا توپلىشىپ دە-تالاش قىلىشىپ قالدى. يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرى: ئىبراھىم يەھۇدىي دىنىدا ئىدى، - دېدى. خىرىستىئانلار: ئىبراھىم خىرىستىئان دىنىدا ئىدى، - دېدى. ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: **﴿ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نېمە ئۈچۈن ئىبراھىم توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىسىلەر؟ (ئىبراھىمنى ئۆزەڭلارنىڭ دىنىدا دەپ گۇمان قىلىسىلەر؟) ھالبۇكى، تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئىبراھىمدىن كېيىن نازىل بولدى﴾** يەنى ئى يەھۇدىيلار! ئىبراھىمنىڭ ياشىغان ۋاقتى الله تائالا تەۋراتنى مۇساغا چۈشۈرۈشتىن بۇرۇن تۇرسا، سىلەر نېمىگە ئاساسەن ئۇنى يەھۇدىي دىنىدا دەپ دەۋا قىلىسىلەر؟ ئى خىرىستىئانلار! خىرىستىئان دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار كېيىن، يەنى يېقىندىلا بولغان تۇرسا، سىلەر قانداق قىلىپ ئۇنى خىرىستىئان دىنىدا دەپ دەۋا قىلىسىلەر؟ **﴿(سۆزۈڭلارنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى) چۈشەنمەمسىلەر؟﴾**.

﴿(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) سىلەر شۇنداق كىشىلەرسىلەركى، بىلىدىغان نەرسەڭلار (ئىسا) ئۈستىدە مۇنازىرىلەشتىڭلار، ئەمدى سىلەر بىلمەيدىغان نەرسەڭلار (ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ دىنى) ئۈستىدە نېمىشقا مۇنازىرىلىشىسىلەر؟﴾ بۇ ئايەت بىر نەرسىنى ياخشى بىلمەي تۇرۇپ (ئۇ توغرىدا) جېدەللەشكەنلەرنى ئەيىبلەيدۇ. چۈنكى، يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا ھېچ نەرسىنى بىلمەي تۇرۇپ مۇنازىرىلەشتى. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىغىچە يول قويۇپ بېرىلگەن، ئۆزلىرىگە ئائىت بىلىملىرى بار دىنلىرى ئۈستىدىكى مەسىلىلەردە مۇنازىرىلەشكەن بولسا، ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولاتتى. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى بىلمەيدىغان نەرسە ئۈستىدە مۇنازىرىلەشتى. شۇڭا الله تائالا ئۇلارنى ئەيىبلىدى ۋە ئۇلارنىڭ بىلمىگەن مەسىلىلەرنى ھەممە ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىدىغان، غەيبنى ۋە ھازىرنى بىلگۈچى زات الله تائالاغا تاپشۇرۇشقا بۇيرۇدى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئىبراھىمنىڭ ئىشىدىكى ھەقىقەتنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر» دەڭلار﴾**.

﴿ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس ۋە لېكىن توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى، الله غا بويسۇنغۇچى ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى﴾ يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكە ئەڭ ھەقلىق كىشىلەر ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىلەردۇر. پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن ئىبارەت ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەن ساھابىلىرى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ئىمان ئېيتىپ ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەردۇر.

سەئىد ئىبنى مەنسۇر ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەكسىزكى، ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلەر ئىچىدىن يېقىن دوستلىرى بولىدۇ. (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) مېنىڭ يېقىن دوستۇم (مېنىڭ) بوۋام ۋە مېنىڭ پەرۋەردىگارىمنىڭ دوستى (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام) دۇر» دەپ، ئاندىن: **﴿ئىبراھىمغا ئەڭ يېقىن بولغانلار، شۈبھىسىزكى، (ئىبراھىمنىڭ زامانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنىڭغا (يەنى ئۇنىڭ يولىغا) ئەگەشكەنلەردۇر، بۇ پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) دۇر، (بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى بولغان) مۆمىنلەردۇر. الله مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

* * * * * * *

وَدَّت طَّآئِفَةٌ مِّنْ أَهْلِ ٱلْكِتَـٰبِ لَوْ يُضِلُّونَكُمْ وَمَا يُضِلُّونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمْ وَمَا يَشْعُرُونَ ﴿٦٩﴾ يَـٰٓأَهْلَ
ٱلْكِتَـٰبِ لِمَ تَكْفُرُونَ بِـَٔايَـٰتِ ٱللَّهِ وَأَنتُمْ تَشْهَدُونَ ﴿٧٠﴾ يَـٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَـٰبِ لِمَ تَلْبِسُونَ ٱلْحَقَّ بِٱلْبَـٰطِلِ
وَتَكْتُمُونَ ٱلْحَقَّ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٧١﴾ وَقَالَت طَّآئِفَةٌ مِّنْ أَهْلِ ٱلْكِتَـٰبِ ءَامِنُوا۟ بِٱلَّذِىٓ أُنزِلَ عَلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟
وَجْهَ ٱلنَّهَارِ وَٱكْفُرُوٓا۟ ءَاخِرَهُۥ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿٧٢﴾ وَلَا تُؤْمِنُوٓا۟ إِلَّا لِمَن تَبِعَ دِينَكُمْ قُلْ إِنَّ ٱلْهُدَىٰ هُدَى ٱللَّهِ
أَن يُؤْتَىٰٓ أَحَدٌ مِّثْلَ مَآ أُوتِيتُمْ أَوْ يُحَآجُّوكُمْ عِندَ رَبِّكُمْ ۗ قُلْ إِنَّ ٱلْفَضْلَ بِيَدِ ٱللَّهِ يُؤْتِيهِ مَن يَشَآءُ ۗ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ
﴿٧٣﴾ يَخْتَصُّ بِرَحْمَتِهِۦ مَن يَشَآءُ ۗ وَٱللَّهُ ذُو ٱلْفَضْلِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٧٤﴾

ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈم كىشىلەر سىلەرنى ئازدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئازدۇرىدۇ (بۇنىڭ ۋابالى ئۇلارغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىش بىلەن ئۆزلىرىگىلا قايتىدۇ). (لېكىن) ئۇلار (بۇنى) تۇيمايدۇ﴿69﴾. ئى ئەھلى كىتاب! **الله** نىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ ھەقلىقىنى) بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ئىنكار قىلىسىلەر؟﴿70﴾ ئى ئەھلى كىتاب! نېمە ئۈچۈن ھەقنى باتىلغا ئارىلاشتۇرىسىلەر ۋە بىلىپ تۇرۇپ ھەقنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سىلەرنىڭ كىتابلىرىڭلاردىكى سۈپىتىنى) يوشۇرىسىلەر؟﴿71﴾ ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈمى: «مۆمىنلەرگە نازىل قىلىنغان ۋەھىگە ئەتىگەندە ئىمان ئېيتىڭلار، كەچقۇرۇنلۇقى يېنىۋېلىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار (ئىماندىن) قايتىشى مۇمكىن. پەقەت سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا ئەگەشكەنلەرگىلا ئىشىنىڭلار» دېدى. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «توغرا يول **الله** نىڭ يولىدۇر». (يەھۇدىيلار بىر - بىرىگە ئېيتىدۇ) بىرەرسىگە سىلەرگە بېرىلگەنگە ئوخشاش ۋەھيى بېرىلىشتىن ياكى ئۇلارنىڭ (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ) (قىيامەت كۈنى) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىشىدىن (يەنى مۇنازىرىلىشىپ سىلەرنى يېڭىپ قويۇشىدىن قورقۇپ) پەقەت دىنىڭلارغا ئەگەشكەن ئادەمگىلا ئىشىنىڭلار (دىنىڭلاردا بولمىغان ھېچ ئادەمنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلماڭلار. ئەگەر سىلەر مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىقرار قىلىپ ئۇنىڭ دىنىغا كىرمىسەڭلار، بۇ قىيامەت كۈنى سىلەرگە قارشى پاكىت بولىدۇ). (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «پەزل - كەرەم (يەنى پەيغەمبەرلىك) **الله** نىڭ ئىلكىدىدۇر. **الله** ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ». **الله** (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (**الله**) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴿72-73﴾. **الله** رەھمىتىنى ئۆزى خالىغان كىشىگە خاس قىلىدۇ، **الله** ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر﴿74﴾.

يەھۇدىيلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان ھەسەتخورلۇقى ۋە سۇيىقەستى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە يەھۇدىيلارنىڭ مۆمىنلەرگە ھەسەت قىلىدىغانلىقىدىن ۋە ئازغۇنلۇقنى خالايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. بۇ ئىشلارنىڭ يامان ئاقىۋىتىنىڭ ئۇلار سەزمىگەن ھالدا ئۆزلىرىگە قايتىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. **الله** تائالا ئۇلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئى ئەھلى كىتاب! الله نىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ ھەقلىقىنى) بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ئىنكار قىلىسىلەر؟﴾** يەنى سىلەر ئۇ ئايەتلەرنىڭ راستلىقىنى ۋە ھەقلىقىنى بىلىسىلەر.

﴿ئى ئەھلى كىتاب! نېمە ئۈچۈن ھەقنى باتىلغا ئارىلاشتۇرىسىلەر ۋە بىلىپ تۇرۇپ ھەقنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سىلەرنىڭ كىتابلىرىڭلاردىكى سۈپىتىنى) يوشۇرىسىلەر؟﴾ يەنى سىلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىتابلىرىڭلاردا ئېنىق يېزىلغان ۋە سىلەر (ئۇنى) بىلىدىغان سۈپەتلىرىنى يوشۇرىسىلەر.

﴿**ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈمى: «مۆمىنلەرگە نازىل قىلىنغان ۋەھيگە ئەتىگەندە ئىمان ئېيتىڭلار، كەچقۇرۇنلۇقى يېنىۋېلىڭلار**﴾ دەيدۇ. بۇ يەھۇدىيلارنىڭ دىنىدا ئاجىز كىشىلەرنى (ئۆزلىرىنىڭ دىنى بولغان ئىسلامدىن قايتۇرۇپ) يەھۇدىي دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن قىلماقچى بولغان سۇيىقەستىدۇر. بۇ سۇيىقەست شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار ئەتىگەندە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە بامدات نامىزىنى ئوقۇشنى، (شۇنىڭ بىلەن نادان كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىدىكى كەمچىلىك ۋە ئەيىبلەر قايتۇرۇپتۇ دېيىشى ئۈچۈن) كەچقۇرۇندا ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا قايتىۋېلىشنى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىدۇ. شۇڭا ئۇلار مۇنداق دېدى: ﴿**(شۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار (ئىماندىن) قايتىشى مۇمكىن**﴾.

ئىبنى ئەبۇنەجىيھ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بامدات نامىزىنى ئوقۇدى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا بىر كەمچىلىكنىڭ بارلىقىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ھىيلىگەرلىك قىلىپ كەچقۇرۇندا كاپىر بولدى.

﴿**پەقەت دىنىڭلارغا ئەگەشكەن ئادەمگىلا ئىشىنىڭلار (دىنىڭلاردا بولمىغان ھېچ ئادەمنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلماڭلار. ئەگەر سىلەر مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىقرار قىلىپ ئۇنىڭ دىنىغا كىرمىسەڭلار، بۇ قىيامەت كۈنى سىلەرگە قارشى پاكىت بولىدۇ)**﴾ يەنى يەھۇدىيلار مۇنداق دېدى: «سىلەر سىرلىرىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ دىنىغا ئەگەشكەنلەرگىلا ئاشكارا قىلىڭلار، قوللىرىمىزدىكى نەرسىنى (يەنى تەۋراتتىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى) مۇسۇلمانلارغا ئاشكارا قىلماڭلار، (ئەگەر سىلەر ئۇنى ئۇلارغا ئاشكارا قىلساڭلار) ئۇلار ئۇ خەۋەرلەرنى ئۇقۇۋېلىپ، (ئۇنىڭ بىلەن) سىلەرگە قارشى پاكىت كەلتۈرىدۇ.

﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «پەزل - كەرەم (يەنى پەيغەمبەرلىك) الله نىڭ ئىلكىدىدۇر**﴾ يەنى ئى يەھۇدىيلار! سىلەر قوللىرىڭلاردا بار بولغان كىتابلىرىڭلاردىكى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن خەۋەر قىلىنغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى يوشۇرساڭلارمۇ، مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى ئۆزىنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن مەنىسى ئوچۇق ئايەتلەر، كەسكىن پاكىتلار ۋە ئوچۇق ھۆججەتلەرگە تولۇق ئىشىنىشكە باشلاشقا الله يېتەرلىكتۇر.

﴿**(يەھۇدىيلار بىر - بىرىگە ئېيتىدۇ) بىرەرسىگە سىلەرگە بېرىلگەنگە ئوخشاش ۋەھيى بېرىلىشتىن ياكى ئۇلارنىڭ (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ) (قىيامەت كۈنى) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىشىدىن (يەنى مۇنازىرىلىشىپ سىلەرنى يېڭىپ قويۇشىدىن قورقۇپ) پەقەت دىنىڭلارغا ئەگەشكەن ئادەمگىلا ئىشىنىڭلار (دىنىڭلاردا بولمىغان ھېچ ئادەمنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلماڭلار**﴾ يەنى يەھۇدىيلار مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئۆزەڭلەرنىڭ كىتابلىرىڭلاردىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇناسىۋەتلىك بىلىمنى مۇسۇلمانلارغا ئاشكارا قىلماڭلار. (ئەگەر ئاشكارا قىلساڭلار) ئۇلار سىلەردىن ئۇنى بىلىۋالىدۇ - دە، سىلەر بىلەن بىلىمدە باراۋەر بولىدۇ. ئۇلار ئۇ خەۋەرلەرگە سىلەردىن بەكرەك ئىشىنىدۇ ياكى ئۇنى سىلەرنىڭ قارشىڭلارغا پاكىت قىلىدۇ، ئاندىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە (سىلەرنىڭ قارشىڭلارغا) پاكىتلار ھازىرلىنىدۇ. ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «پەزل - كەرەم (يەنى پەيغەمبەرلىك) الله نىڭ ئىلكىدىدۇر. الله ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ»**﴾ يەنى ھەممە ئىشلار الله تائالانىڭ خالىغىنىچە بولىدۇ،

ئۇ (خالىغان كىشىگە بىر نەرسە) بېرىدۇ ۋە (خالىغان كىشىگە) بەرمەيدۇ، ئۇ خالىغان كىشىگە ئىمان ۋە بىلىم بېرىدۇ، خالىغان كىشىنى ئازدۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزىنى كۆرمەس قىلىدۇ ۋە دىلىنى پېچەتلىۋېتىدۇ (يەنى مەنىۋى جەھەتتىن كور قىلىدۇ) ئۇنىڭ دىلىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلەپ، كۆزلىرىنى (ھەقىقەتنى كۆرمەسلىكى) ئۈچۈن پەردىلەيدۇ. الله تائالانىڭ (بۇ ئىشلارنى قىلىشىدا) تولۇق پاكىتى ۋە چوڭ ھېكمىتى باردۇر.

﴿**الله (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (الله) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. الله رەھمىتىنى ئۆزى خالىغان كىشىگە خاس قىلىدۇ، الله ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر**﴾ يەنى ئى مۆمىنلەر! الله سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى باشقا پەيغەمبەرلەردىن ھۆرمەتلىك قىلىپ، تۈگەتكۈسىز ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلدى ۋە ھەممە تەرەپتىن مۇكەممەل بولغان دىننى باشلىدى.

****

۞ وَمِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ مَنْ إِن تَأْمَنْهُ بِقِنطَارٍ يُؤَدِّهِۦٓ إِلَيْكَ وَمِنْهُم مَّنْ إِن تَأْمَنْهُ بِدِينَارٍ لَّا يُؤَدِّهِۦٓ إِلَيْكَ إِلَّا مَا دُمْتَ عَلَيْهِ قَآئِمًا ۗ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُوا۟ لَيْسَ عَلَيْنَا فِى ٱلْأُمِّيِّۦنَ سَبِيلٌ وَيَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿٧٥﴾ بَلَىٰ مَنْ أَوْفَىٰ بِعَهْدِهِۦ وَٱتَّقَىٰ فَإِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٧٦﴾

ئەھلى كىتابتىن بەزى كىشىلەر باركى، ئۇنىڭدا كۆپ مال ئامانەت قويساڭمۇ، ساڭا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ؛ ئۇلاردىن يەنە بەزى كىشىلەرمۇ باركى، ئۇنىڭدا بىر دىنار ئامانەت قويساڭمۇ، ئۇنىڭ بېشىدا تۇرمىغىچە (يەنى قايتا ـ قايتا سۈيلىمىگىچە) ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار: «ئۇممىلەرنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ، (يەنى بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ ماللىرى بىزگە ھارام ئەمەس)» دېدى، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ الله نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ﴿75﴾. ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار باشقا دىندىكىلەرگە زۇلۇم قىلسا گۇناھ بولىدۇ). ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ۋە گۇناھتىن ساقلانغانلار (الله دوست تۇتقان كىشىلەردۇر)، چۈنكى، الله تەقۋادارلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴿76﴾.

يەھۇدىيلارنىڭ ئىشەنچسىز ئىكەنلىكى

الله تائالا يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىمۇ خائىنلارنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بېرىپ ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئۇلارغا ئالدىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن (ئۇلارنى) ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بەزى كىشىلەر باركى، ئۇنىڭدا كۆپ مال ئامانەت قويساڭمۇ، ساڭا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ**﴾ ئەگەر ئۇنىڭدىن ئازراق بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

﴿**ئۇلاردىن يەنە بەزى كىشىلەرمۇ باركى، ئۇنىڭدا بىر دىنار ئامانەت قويساڭمۇ، ئۇنىڭ بېشىدا تۇرمىغىچە (يەنى قايتا ـ قايتا سۈيلىمىگىچە) ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ**﴾ يەنى ئەگەر ئۇلار بىر دىنار پۇل ئۈستىدە يۇقىرىقىدەك قىلسا، بىر دىناردىن كۆپ پۇللارنى ساڭا ئەلۋەتتە قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ.

﴿بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار: «ئۇممىلەرنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ، (يەنى بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ ماللىرى بىزگە ھارام ئەمەس)» دېدى﴾ يەنى يەھۇدىيلارنىڭ (باشقىلارنىڭ) ھەققىگە خىيانەت قىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ: بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغان كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى يېۋالساق ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ، شەكسىزكى، **الله** بىزگە ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ھالال قىلىپ بەردى، ـ دەپ پەتىۋا بېرىشىدۇر.

﴿ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ الله نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ﴾ يەنى شەكسىزكى، ئۇلار بۇ سۆزنى ۋە بوھتاننى ئۆزلىرى توقۇپ چىقتى، **الله** تائالا ئۇلارغا كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ئورۇنسىز يېيىشنى ھارام قىلدى، ھەقىقەتەن يەھۇدىيلار بوھتان چاپلىغۇچى كىشىلەردۇر.

ئابدۇرازاق سەئسەئە ئىبنى يەزىدتىن رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: بىز جەڭلەردە مۇسۇلمانلارغا جىزيە تۆلەپ ياشايدىغان ئەھلى كىتابلارنىڭ توخۇ ۋە قويلىرىنى تۇتىۋالىمىز بۇنداق قىلىشىمىز توغرىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇ كىشىگە: سىلەر بۇ ئىشقا قانداق قارايسىلەر؟ ـ دېدى. ئۇ: بىز بۇنداق قىلساق، بىزگە گۇناھ بولمايدۇ، ـ دېدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: سىلەرنىڭ بۇ سۆزۈڭلار ئەھلى كىتابلارنىڭ: **﴿«ئۇممىلەرنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ، (يەنى بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ ماللىرى بىزگە ھارام ئەمەس)»﴾** دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ. ئەگەر (مۇسۇلمانلارغا جىزيە تۆلەپ ياشايدىغان ئەھلى كىتابلار) جىزيە بەرسە، سىلەرگە ئۇلارنىڭ ماللىرىدىن ھېچ نەرسە ئۆزى رازى بولۇپ بەرمىگىچە ھالال بولمايدۇ، ـ دېدى.

﴿ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار باشقا دىندىكىلەرگە زۇلۇم قىلسا گۇناھ بولىدۇ). ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ۋە گۇناھتىن ساقلانغانلار (الله دوست تۇتقان كىشىلەردۇر)﴾ يەنى شۇنداقلا، **الله** تائالا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن ۋاقىتدا ئۇنىڭغا ئىشىنىش توغرۇلۇق ئەھدە ئالغاندەك، سىلەردىنمۇ ئەھدە ئالغان ئىدى. ئى ئەھلى كىتابلار! سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئۆزىنىڭ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغان، (الله دىن) قورققان، **الله** تائالانىڭ چەكلىگەن نەرسىلىرىدىن ساقلانغان ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى ئېلىپ كەلگەن شەرىئىتىگە ئەگەشكەن كىشىنى (الله دوست تۇتىدۇ) **﴿چۈنكى، الله تەقۋادارلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾**.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَشۡتَرُونَ بِعَهۡدِ ٱللَّهِ وَأَيۡمَٰنِهِمۡ ثَمَنٗا قَلِيلًا أُوْلَٰٓئِكَ لَا خَلَٰقَ لَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ وَلَا يُكَلِّمُهُمُ
ٱللَّهُ وَلَا يَنظُرُ إِلَيۡهِمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَلَا يُزَكِّيهِمۡ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٧٧﴾

الله غا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (**الله** نىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ، قىيامەت كۈنى **الله** ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارغا (رەھمەت كۆزى بىلەن) قارىمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴿77﴾.

ئەھدىگە خىلاپلىق قىلغۇچىغا ئاخىرەتتە ھېچقانداق نېسىۋىنىڭ يوق ئىكەنلىكى

الله تائالا (بۇ ئايەتتە) مۇنداق دەيدۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى كىشىلەرگە بايان قىلىپ بېرىشكە ۋە ئۇنىڭ ئىشىنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈشكە ئەھدە بەرگەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئەھدىسىنى ۋە يالغان قەسەملىرىنى ئازغىنا پۇلغا تېگىشكەن كىشىلەر بار.

﴿**ئاخىرەتتە (الله نىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ**﴾ يەنى ئۇ كىشىلەر ئۈچۈن ئاخىرەتتە ھېچقانداق نېسىۋە يوق. ﴿**قىيامەت كۈنى الله ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارغا (رەھمەت كۆزى بىلەن) قارىمايدۇ**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى الله ئۇلارغا مېھرىبانلىق بىلەن سۆزلىمەيدۇ ۋە رەھمەت كۆزى بىلەن قارىمايدۇ.

﴿**ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ**﴾ يەنى الله ئۇلارنى گۇناھلاردىن پاكلىمايدۇ، ئەكسىچە ئۇلارنى دوزاخقا تاشلاشقا بۇيرۇيدۇ، ﴿**ئۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ**﴾. بۇ ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن ھەدىسلەر بار، تۆۋەندە ئۇ ھەدىسلەرنىڭ بەزىلىرىنى بايان قىلىمىز.

بىرىنچى ھەدىس: ئىمام ئەھمەد ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى الله تائالا سۆزلىمەيدىغان، قارىمايدىغان ۋە گۇناھلىرىنى پاكلىمايدىغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى بولۇپ ئۇلارغا قاتتىق ئازاب باردۇر». مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ زىيان تارتقۇچىلار كىملەر؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىدىكى سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار (تەكەببۇرلۇق يۈزىسىدىن) ئىشتاننى ئوشۇقىدىن ئاشۇرۇپ ئۇزۇن كىيگەن كىشى، ئۆزىنىڭ ساتماقچى بولغان مېلىنى يالغان قەسەم بىلەن داڭلىغان كىشى ۋە مىننەتخورلۇق قىلغان كىشىدۇر».

ئىككىنچى ھەدىس: ئىمام ئەھمەد ئەدىي ئىبنى ئۆمەير كىندىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىندىلىك ئىمرۇئۇلقەيس ئىبنى ئابىس دېگەن بىر كىشى ھەزرەمىلىك بىر كىشى بىلەن بىر پارچە زېمىن توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا دەۋالىشىپ قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زېمىننى ھەزرەمىلىك كىشىگە ئىسپات كۆرسىتىش شەرتى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ بەرمەكچى بولدى. لېكىن ئۇ ئىسپات كەلتۈرەلمىدى. ئاندىن قەسەم ئىچىش شەرتى بىلەن ئىمرۇئۇلقەيسكە ھۆكۈم قىلىپ بەرمەكچى بولدى. ھەزرەمىلىك كىشى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر سەن ئۇنىڭغا زېمىننى قەسەم قىلىش شەرتى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ بەرسەڭ، كەبىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، زېمىنىم ئۇنىڭغا كېتىپ قالىدۇ، ـ دېدى[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر كىشى بىرسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن يالغان قەسەم ئىچسە، الله تائالا ئۇ كىشىگە ئاچچىقلانغان ھالەتتە ئۇچرىشىدۇ» دېدى. ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرى بولغان "رىجا" دېگەن كىشى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿**الله غا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (الله نىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى، ـ دېدى. ئاندىن ئىمرۇئۇلقەيس: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! زېمىننى ئۆتۈنۈپ بەرگەن كىشىگە قانداق ھۆكۈم بار؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر

(1) يەنى ئۇ يالغان قەسەم ئىچىپ بولسىمۇ، زېمىنىمنى ئېلىۋالىدۇ دېمەكچى.

ئەلەيھىسسالام: «جەننەت بار» دېدى. ئۇ: سەن ماڭا گۇۋاھ بولغىن بۇ زېمىنىڭھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئۆتنۈپ بەردىم، ـ دېدى.

ئۈچىنچى ھەدىس: ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشى، بىر مۇسۇلماننىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن يالغان قەسەم ئىچسە، **الله** تائالا ئۇنىڭغا ئاچچىقلانغان ھالدا ئۇچرىشىدۇ» ئەشئەس: **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ مەندە يۈز بەرگەن ئىش ئىدى. مەن بىلەن بىر يەھۇدىينىڭ ئارىلىقىدا بىر زېمىن بار ئىدى، ئۇ يەھۇدىي زېمىنىغا خىيانەت قىلدى. مەن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن: «سېنىڭ پاكىتىڭ بارمۇ؟» دەپ سورىدى، مەن: يوق، ـ دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيغا: «قەسەم ئىچكىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ قەسەم ئىچسە، مېنىڭ مال ـ مۈلكۈم (ئۇنىڭغا) كېتىپ قالىدۇ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**الله** تائالا: ﴿**الله غا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (الله نىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى، ـ دېدى».

تۆتىنچى ھەدىس: ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «**الله** تائالا قىيامەت كۈنى سۆزلىمەيدىغان، قارىمايدىغان ۋە (گۇناھلىرىنى) پاكلىمايدىغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى بار بولۇپ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلار: مۇساپىرغا ئۆزىدىكى ئارتۇق سۇنى بەرمىگەن كىشى. ناماز ئەسىردىن كېيىن يالغان قەسەم ئىچىپ بىر نەرسە ساتقان كىشى. خەلىپىگە دۇنيالىق ئۈچۈن بەيئەت قىلغان كىشى (ئەگەر خەلىپە ئۇنىڭغا مال ـ بايلىق بەرسە، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىدىغان، ئەگەر بەرمىسە ۋاپاسىزلىق قىلىدىغان كىشى)».

****

وَإِنَّ مِنۡهُمۡ لَفَرِيقٗا يَلۡوُۥنَ أَلۡسِنَتَهُم بِٱلۡكِتَٰبِ لِتَحۡسَبُوهُ مِنَ ٱلۡكِتَٰبِ وَمَا هُوَ مِنَ ٱلۡكِتَٰبِ
وَيَقُولُونَ هُوَ مِنۡ عِندِ ٱللَّهِ وَمَا هُوَ مِنۡ عِندِ ٱللَّهِ وَيَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَ وَهُمۡ يَعۡلَمُونَ ﴿٧٨﴾

ئۇلاردىن (يەنى يەھۇدىيلاردىن) بىر تۈركۈمى كىتابتا بولمىغان نەرسىلەرنى، سىلەرنىڭ كىتابتا بار ئىكەن دەپ ئويلىشىڭلار ئۈچۈن، تىللىرىنى ئەگرى ـ بۈگرى قىلىپ ئوقۇيدۇ ۋە ئۇنى **الله** تەرىپىدىن نازىل بولغان، ـ دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ **الله** تەرىپىدىن نازىل بولغان ئەمەس، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ **الله** نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ﴿78﴾.

يەھۇدىيلارنىڭ تىللىرىنى ئەگرى ـ بۈگرى قىلىپ، الله تائالانىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى

الله تائالا (بۇ ئايەتتە) يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىن (ئۇلارغا **الله** تائالانىڭ لەنەتلىرى بولسۇن!) بىر تۈركۈملىرى تەۋراتنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ ۋە **الله** تائالانىڭ سۆزلىرىنى ھەقىقىي مەنىسىدىن

بۇرۇۋېتىدۇ دەپ خەۋەر بېرىدۇ. (بۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشى) نادان كىشىلەرنى الله تائالانىڭ كىتابىدا شۇنداق ئۆزگەرتىلىشلەر بار دەپ ئويغا سېلىش ئۈچۈندۇر. ئۇلار بۇ قىلىقنى الله تائالاغا دۆڭگەيدۇ، بۇ (ئۇلارنىڭ) الله تائالاغا قىلغان بىر بوھتاندۇر، ئۇلار ھەم ئۆزلىرىنىڭ بوھتان چاپلىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ الله نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ﴾**.

﴿ئۇلاردىن (يەنى يەھۇدىيلاردىن) بىر تۈركۈمى كىتابتا بولمىغان نەرسىلەرنى، سىلەرنىڭ كىتابتا بار ئىكەن دەپ ئويلىشىڭلار ئۈچۈن، تىللىرىنى ئەگرى - بۈگرى قىلىپ ئوقۇيدۇ﴾ مۇجاھىد، شەئبىي، ھەسەن، قەتادە ۋە رەبىئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلار كىتابنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇدېگەن بولىدۇ، - دېدى. شۇنىڭدەك، ئىمام بۇخارىمۇ ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شەكسىزكى، ئۇلار (الله تائالانىڭ كىتابىنى) ئۆزگەرتىۋېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر نەرسە قوشۇپ قويىدۇ. الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئىچىدىن الله تائالانىڭ كىتابىنىڭ بىر تال سۆزىنى ئۆزگەرتىدىغان ھېچقانداق كىشى يوق. لېكىن يەھۇدىيلار ئۇنى ئۆزگەرتىپ، ئەسلى مەنىسىدە بولمىغان مەنىلەرنى قوشۇپ قويىدۇ.

ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھ مۇنداق دەيدۇ: شەكسىزكى، تەۋرات بىلەن ئىنجىل الله تائالا چۈشۈرگەن پېتى ساقلىنىپ، ئۇ ئىككىسىدىن بىرەر ھەرپمۇ ئۆزگەرتىلىپ كەتمىگەن. لېكىن ئەھلى كىتابلار ئۆزگەرتىش، (ئۇنىڭغا ئەسلى مەنىسىدىن باشقا) مەنە بېرىش ۋە ئۆزلىرى يازغان كىتابلارغا تايىنىش ئارقىلىق ئېزىپ كېتىدۇ.

﴿ئۇنى الله تەرىپىدىن نازىل بولغان دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ الله تەرىپىدىن نازىل بولغان ئەمەس﴾ يەنى الله تائالانىڭ كىتابى ئۆزگەرتىلىشتىن ساقلانغۇچىدۇر.

ئەگەر ۋەھب: الله تائالانىڭ كىتابلىرى سالامەت ساقلانغۇچىدۇر، - دېگەن سۆزىدە ئەھلى كىتابلارنىڭ قوللىرىدىكى كىتابلارنى كۆزدە تۇتسا، ئۇ كىتابلاردا ئۆزگەرتىلىش، ئالماشتۇرۇش، قوشۇپ قويۇش ۋە بەزى يەرلەرنى كېمەيتىۋېتىشنىڭ بولغانلىقىدا شەك يوق. بۇلارنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىشتىمۇ كۆپلىگەن خاتالىقلار، نۇرغۇنلىغان قوشۇش ۋە ئېلىۋېتىشلار بولغان. بۇ تەرجىمە تەۋرات ياكى ئىنجىلنىڭ ئۆزى بولماستىن بەلكى، ئۇنىڭ ئەرەبچە چۈشەندۈرۈلىشىدۇر. ئەھلى كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ياكى ھەممىسىنىڭ چۈشەنچىسى توغرا ئەمەس. ئەمما ۋەھبنىڭ: الله تائالانىڭ كىتابلىرى ساق - سالامەت ساقلانغۇچىدۇر، - دېگەن سۆزىدە الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى كىتابلار كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، ئۇلار ۋەھب ھەقىقەتەن ھېچقانداق ئۆزگەرتىلمەي سالامەت ساقلانغۇچىدۇر.

* * * * * *

مَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُؤْتِيَهُ ٱللَّهُ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحُكْمَ وَٱلنُّبُوَّةَ ثُمَّ يَقُولَ لِلنَّاسِ كُونُوا۟ عِبَادًا لِّى مِن دُونِ
ٱللَّهِ وَلَٰكِن كُونُوا۟ رَبَّٰنِيِّۦنَ بِمَا كُنتُمْ تُعَلِّمُونَ ٱلْكِتَٰبَ وَبِمَا كُنتُمْ تَدْرُسُونَ ﴿٧٩﴾ وَلَا يَأْمُرَكُمْ أَن تَتَّخِذُوا۟
ٱلْمَلَٰٓئِكَةَ وَٱلنَّبِيِّۦنَ أَرْبَابًا ۗ أَيَأْمُرُكُم بِٱلْكُفْرِ بَعْدَ إِذْ أَنتُم مُّسْلِمُونَ ﴿٨٠﴾

الله بىرەر ئىنسانغا كىتابنى، ھېكمەتنى، پەيغەمبەرلىكنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىشىلەرگە: «الله نى قويۇپ ماڭا بەندە بولۇڭلار» دېيىشى لايىق بولمايدۇ (يەنى پەيغەمبەردىن مۇنداق گەپنىڭ

سادىر بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ) ۋەلېكىن (ئۇ): «كىتابنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار، ئوقۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەببانى بولۇڭلار» (دەيدۇ)﴿79﴾. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پەرىشتىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى رەب قىلىۋېلىشقا بۇيرۇشى لايىق بولمايدۇ. مۇسۇلمان بولغىنىڭلاردىن كېيىن پەيغەمبىرىڭلار سىلەرنى كۇفرىغا بۇيرۇمدۇ؟﴿80﴾.

پەيغەمبەرنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە ياكى الله تائالادىن باشقا بىر نەرسىگە ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلمايدىغانلىقى

الله تائالا كىتاب، ھېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىكنى بەرگەن پەيغەمبەرنىڭ كىشىلەرگە: الله بىلەن بىللە ماڭا ئىبادەت قىلىڭلار دېيىشى لايىق ئەمەستۇر. ئۇنداق ئىكەن، پەيغەمبەر ئەمەس، يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنىڭ ئالىملىرىغا ۋە سوپى-ئىشانلارنىڭ ئازغۇن ماشايىخلىرىغا ئوخشاش نادان كىشىلەرنىڭ باشقا كىشىلەرگە ئۇ سۆزنى دېيىشى، ئەلۋەتتە، لايىق ئەمەس. الله تائالا شۇنداق قىلغان يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنى (بۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن) قاتتىق ئەيىبلىدى. پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن ھەقىقىي ئالىملار بۇلارنىڭ سىرتىدىدۇر. چۈنكى، ئالىملار كىشىلەرنى بىر نەرسىگە بۇيرۇسا، الله بۇيرۇغان ۋە پەيغەمبەرىيەتكۈزگەن نەرسىگە بۇيرۇيدۇ. ئالىملار كىشىلەرنى بىرەر نەرسىدىن توسسا، الله ۋەپەيغەمبەرلەر توسقان نەرسىدىن توسىدۇ. پەيغەمبەرلەر (الله تائالانىڭ رەھمىتى ۋە سالىمى ئۇلارغا بولسۇن!) ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى ئۇلۇغ ۋەزىپىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگەن (الله ۋە ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئارىسىدىكى) ئەلچىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلدى، كىشىلەرگە نەسىھەت قىلدى ۋە ئۇلارغا ھەقىقەتنى يەتكۈزدى.

﴿ۋە لېكىن (ئۇ): «كىتابنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار، ئوقۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەببانى بولۇڭلار» (دەيدۇ)﴾ يەنى، (لېكىن) پەيغەمبەر كىشىلەرگە: تەربىيىچى ۋە ئىسلاھچى بولۇڭلار!- دەيدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئەبۇرەزىن ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى، ئېغىر-بېسىق ئالىم بولۇڭلار!- دېگەنلىكتۇر.

زەھھاك الله تائالانىڭ: **﴿«كىتابنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار، ئوقۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەببانى بولۇڭلار» (دەيدۇ)﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: قۇرئاننى ئۆگەنگەن كىشىنىڭ قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى ھۆكۈملەرنى بىلىشى لازىمدۇر. **﴿كىتابنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار، ئوقۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن﴾** يەنى سىلەر قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى يادا ئېلىشقىڭلار بىلەن (رەببانىي بولۇڭلار) دېگەنلىكتۇر.

﴿شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پەرىشتىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى رەب قىلىۋېلىشقا بۇيرۇشى لايىق بولمايدۇ﴾ يەنى پەيغەمبەر سىلەرنى الله دىن باشقا بىرسىگە (مەيلى ئۇ پەيغەمبەر بولسۇن ياكى الله تائالاغا يېقىن پەرىشتە بولسۇن) ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇمايدۇ.

﴿مۇسۇلمان بولغىنىڭلاردىن كېيىن پەيغەمبىرىڭلار سىلەرنى كۇفرىغا بۇيرۇمدۇ؟﴾ يەنى پەيغەمبەر ئۇنداق قىلمايدۇ. چۈنكى، الله دىن باشقا بىرسىگە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان كىشى شەكسىز كۇپۇرلۇققا چاقىرغان بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەرلەر شېرىكى يوق، بىر الله تائالاغىلا ئىمان ئېيتىشقا ۋە ئىبادەتنى ئۇنىڭغىلا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[1]، ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[2]، ﴿سەندىن بۇرۇن بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىزدىن سوراپ باققىنكى، مېھرىبان الله دىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلارنى بەلگىلىدۇقمۇ؟ (پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە الله دىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغىنى بارمۇ؟)﴾[3] الله تائالا پەرىشتىلەردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلاردىن كىمكى: مەن الله دىن باشقا ئىلاھمەن، ـ دەيدىكەن، ئۇنى دوزاخ بىلەن جازالايمىز، زالىملارنى شۇنداق جازالايمىز﴾[4].

****

وَإِذْ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَـٰقَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ لَمَآ ءَاتَيْتُكُم مِّن كِتَـٰبٍ وَحِكْمَةٍ ثُمَّ جَآءَكُمْ رَسُولٌ مُّصَدِّقٌ لِّمَا مَعَكُمْ لَتُؤْمِنُنَّ بِهِۦ وَلَتَنصُرُنَّهُۥ ۚ قَالَ ءَأَقْرَرْتُمْ وَأَخَذْتُمْ عَلَىٰ ذَٰلِكُمْ إِصْرِى ۖ قَالُوٓا۟ أَقْرَرْنَا ۚ قَالَ فَٱشْهَدُوا۟ وَأَنَا۠ مَعَكُم مِّنَ ٱلشَّـٰهِدِينَ ﴿٨١﴾ فَمَن تَوَلَّىٰ بَعْدَ ذَٰلِكَ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَـٰسِقُونَ ﴿٨٢﴾

ئۆز ۋاقتىدا الله پەيغەمبەرلەردىن چىن ئەھدە ئېلىپ: «سىلەرگە مەن كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئاتا قىلدىم، كېيىن سىلەرگە، سىلەردىكى نەرسىلەرنى (يەنى كىتاب بىلەن ھېكمەتنى) ئېتىراپ قىلغۇچى بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە ئۇنىڭغا، ئەلۋەتتە، ئىمان ئېيتىشىڭلار كېرەك ۋە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك» (دېدى). الله : «(بۇ ئەھدىنى) ئىقرار (يەنى ئېتىراپ) قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ (يەنى بۇ ئىش) ئۈچۈن مېنىڭ ئەھدىمنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «ئېتىراپ قىلدۇق» دېدى. الله : «ئۆزەڭلارنىڭ ۋە تەۋەلىرىڭلارنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىغا) گۇۋاھ بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە گۇۋاھ بولغۇچىلاردىندۇرمەن» دېدى﴿81﴾. كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن يۈز ئۆرۈسە (يەنى ئەھدىنى بۇزسا)، ئۇلار الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴿82﴾.

پەيغەمبەرلەردىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىشكە ئەھدە ئېلىنغانلىقى

الله تائالا (بۇ ئايەتتە) ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ئىسا ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان ھەر بىر پەيغەمبەرگە كىتاب ۋە ھېكمەت بەرگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن كېيىن كېلىدىغان پەيغەمبەرگە چوقۇم ئىشىنىش ۋە ياردەم بېرىشكە، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە بىلىم ـ ھېكمىتىنىڭ ئۆزلىرىدىن كېيىن كېلىدىغان پەيغەمبەرگە ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە توسالغۇ بولماسلىقىغا ئەھدە ئالغانلىقىدىن

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 25 ـ ئايەت.
(2) نەھل سۈرىسى 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) زۇخرۇف سۈرىسى 45 ـ ئايەت.
(4) ئەنبىيا سۈرىسى 29 ـ ئايەت.

خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۆز ۋاقتىدا الله پەيغەمبەرلەردىن چىن ئەھدە ئېلىپ: «سىلەرگە مەن كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئاتا قىلدىم، كېيىن سىلەرگە، سىلەردىكى نەرسىلەرنى (يەنى كىتاب بىلەن ھېكمەتنى) ئېتىراپ قىلغۇچى بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە ئۇنىڭغا، ئەلۋەتتە، ئىمان ئېيتىشىڭلار كېرەك ۋە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك» (دېدى). الله : «(بۇ ئەھدىنى) ئىقرار (يەنى ئېتىراپ) قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ (يەنى بۇ ئىش) ئۈچۈن مېنىڭ ئەھدىمنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟» دېدى**﴾ يەنى مەن سىلەرگە كىتاب ۋە ھېكمەت بەرگەن ۋاقتىدا ئەھدە ئالغان ئىدىم.

﴿**كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن يۈز ئۆرۈسە (يەنى ئەھدىنى بۇزسا)**﴾ يەنى ئۇ ئەھدىدىن يۈز ئۆرۈسە ﴿**ئۇلار الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله ھەر بىر پەيغەمبەرنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن چاغدا، ئەگەر ئۇ پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا الله مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتسە، ئۇ پەيغەمبەردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چوقۇم ئىشىنىشكە ۋە ياردەم بېرىشكە ئەھدە ئالدى. شۇنداقلا، ئۇ پەيغەمبەرلەرنى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندە ھاياتتا بولغان) ئۈممەتلىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا ۋە ياردەم بېرىشكە ئەھدە ئېلىشقا بۇيرۇدى.

تاۋۇس، ھەسەنبەسرى ۋە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا پەيغەمبەرلەردىن (ئۇلارنىڭ بىر-بىرلىرىگە ئىشىنىشىنىڭ لازىملىقى توغرىسىدا) ئەھدە ئالدى. بۇ سۆز ئەلى ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ يۇقىرىدا دېگەن سۆزلىرىگە زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. ئۇ قايسى زاماندا پەيغەمبەر بولۇپ كەلسە، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ئەلۋەتتە ۋاجىبتۇر. ئۇ ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالدىدا تۇرغۇچىدۇر، شۇڭا ئۇ، پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئىسرا كېچىسى بەيتۇلمۇقەددەسكە يىغىلغان ۋاقتىدا ئۇلارغا ئىمام بولدى، شۇنىڭدەك ئۇ قىيامەت كۈنى (كىشىلەرگە) شاپائەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ شاپائەت باشقا ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرمۇ پېتىنالمايدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگىلا خاس ئالىي مەرتىۋىدۇر.

****

أَفَغَيْرَ دِينِ ٱللَّهِ يَبْغُونَ وَلَهُۥٓ أَسْلَمَ مَن فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا وَإِلَيْهِ
يُرْجَعُونَ ﴿٨٣﴾ قُلْ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ عَلَيْنَا وَمَآ أُنزِلَ عَلَىٰٓ إِبْرَٰهِيمَ وَإِسْمَٰعِيلَ وَإِسْحَٰقَ
وَيَعْقُوبَ وَٱلْأَسْبَاطِ وَمَآ أُوتِىَ مُوسَىٰ وَعِيسَىٰ وَٱلنَّبِيُّونَ مِن رَّبِّهِمْ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّنْهُمْ
وَنَحْنُ لَهُۥ مُسْلِمُونَ ﴿٨٤﴾ وَمَن يَبْتَغِ غَيْرَ ٱلْإِسْلَٰمِ دِينًا فَلَن يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِى ٱلْءَاخِرَةِ مِنَ
ٱلْخَٰسِرِينَ ﴿٨٥﴾

ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) الله نىڭ دىنىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) باشقا دىننى تىلەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە الله غا بويسۇنغان تۇرسا. ئۇلار (قىيامەت كۈنى) الله تەرىپىگە قايتۇرۇلىدۇ﴿83﴾. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «بىز الله غا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغانغا (يەنى قۇرئانغا)، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھىيگە، مۇساغا بېرىلگەنگە (يەنى تەۋراتقا)، ئىساغا بېرىلگەنگە (يەنى ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەنگە

(يەنى كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز الله غا بويسۇنغۇچىلارمىز» ﴿84﴾. كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر ﴿85﴾.

الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى بىردىن بىر دىن ئىسلام دىنىدۇر

﴿ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) الله نىڭ دىنىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) باشقا دىننى تىلەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە الله غا بويسۇنغان تۇرسا﴾ يەنى (ئاسمان ۋە زېمىندىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى باش ئەگكەن، شېرىكى يوق، بىرلا الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت) الله تائالانىڭ دىنىدىن باشقا بىر دىنغا ئەگەشكەن كىشىنى (الله) ئەيىبلىدى. الله بۇ دىن بىلەن ئۆزىنىڭ كىتابلىرىنى چۈشۈردى ۋە پەيغەمبەرلىرىنى ئەۋەتتى.

الله تائالا ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئۆزىگە بويسۇنىدىغانلىقى ۋە باش ئېگىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر، ئىنسانلار ۋە جىنلار) ئىختىيارى ۋە مەجبۇرىي يوسۇندا الله غا بويسۇنىدۇ﴾[1]، ﴿ئۇلار الله ياراتقان شەيئىلەرنىڭ سايىلىرىنىڭ بويسۇنغان ھالدا الله غا سەجدە قىلىش يۈزىسىدىن ئوڭ ـ سولغا مايىل بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھايۋاناتلار، پەرىشتىلەر الله غا سەجدە قىلىدۇ، ئۇلار (الله غا سەجدە قىلىشتىن) چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتمايدۇ. ئۇلار ئۆز ئۈستىدىكى پەرۋەردىگارىدىن قورقىدۇ، ئۆزلىرىگە بۇيرۇلغاننى قىلىدۇ﴾[2] مۆمىن الله تائالاغا چىن قەلبىدىن ئىختىيارى ھالدا باش ئېگىدۇ. كاپىرمۇ الله تائالاغا ئىختىيارسىز ھالدا باش ئېگىدۇ. چۈنكى، ئۇ كاپىر الله تائالانىڭ قارشىلىق كۆرسەتكىلى بولمايدىغان بۈيۈك كۈچى ئاستىدىدۇر.

ۋەكىئ مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بۇ ئايەت الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى، كۈننى ۋە ئاينى كىم (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) بويسۇندۇردى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «الله » دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئۇلار قانداقمۇ (الله نىڭ ئىبادىتىدىن) باش تارتىدۇ!﴾[3] دېگەن ئايىتىگە ئوخشايدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلارنىڭمۇ ئىختىياسىز ھالدا باش ئېگىشى الله تائالا ئادەم نەسلىدىن ئەھدە ئالغاندا بولغاندۇر».

﴿ئۇلار (قىيامەت كۈنى) الله تەرىپىگە قايتۇرۇلىدۇ﴾ يەنى قىيامەت كۈنى ھەر ئادەمگە (ئۇنىڭ قىلغان ئەمەلىگە قاراپ) جازا ياكى مۇكاپات بېرىلىدۇ.

﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «بىز الله غا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغانغا (يەنى قۇرئانغا)، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيگە، مۇساغا بېرىلگەنگە (يەنى تەۋراتقا)، ئىساغا بېرىلگەنگە (يەنى ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى

(1) رەئد سۈرىسى 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نەھل سۈرىسى 48 ـ ئايەتتىن 50 ـ ئايەتكىچە.
(3) ئەنكەبۇت سۈرىسى 61 ـ ئايەت.

تەرىپىدىن بېرىلگەنگە (يەنى كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز الله غا بويسۇنغۇچىلارمىز»﴾ يەنى مۆمىنلەر الله تائالانىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ھەممە كىتابلىرىغا (ئۇلاردىن بىرىنىمۇ ئايرىپ قويماي) ئىمان ئېيتىدۇ.

﴿كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىنىنى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ﴾ يەنى كىمكى الله تائالا كۆرسىتىپ بەرگەن يولدىن باشقا بىر يولغا ماڭسا، ئۇنىڭ ئەمەل ـ ئىبادىتى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. **﴿ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر﴾** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزدا يوق بىر ئىشنى قىلسا، ئۇ ئىش ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئىمام ئەھمەد ھەسەننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەدىنىدىكى چېغىمىزدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىپ بەرگەن ئىدى: {قىيامەت كۈنى ھەممە ئەمەل ـ ئىبادەتلەر (الله تائالانىڭ ئالدىغا) كېلىدۇ. ناماز كېلىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ناماز، ـ دەيدۇ. الله تائالا: ھەقىقەتەن سەن ياخشىلىقنىڭ ئۈستىدىدۇرسەن، ـ دەيدۇ. سەدىقە كېلىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! مەن سەدىقە، ـ دەيدۇ. الله تائالا: ھەقىقەتەن سەن ياخشىلىقنىڭ ئۈستىدىدۇرسەن، ـ دەيدۇ. روزا كېلىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! مەن روزا، ـ دەيدۇ. الله تائالا: ھەقىقەتەن سەن ياخشىلىقنىڭ ئۈستىدىدۇرسەن، ـ دەيدۇ. ئاندىن باشقا ئەمەل ـ ئىبادەتلەر كېلىدۇ. الله تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە: ھەقىقەتەن سىلەر ياخشىلىقنىڭ ئۈستىدىدۇرسىلەر، ـ دەيدۇ. ئاندىن ئىسلام دىنى: ئى پەرۋەردىگارىم! سەن سالامەت قىلغۇچىدۇرسەن، مەن ئىسلامدۇرمەن، ـ دەيدۇ. الله تائالا: ھەقىقەتەن سەن ياخشىلىقنىڭ ئۈستىدىدۇرسەن، مەن بۈگۈن سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن ئازابلايمەن ۋە (سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن) مۇكاپاتلايمەن، ـ دەيدۇ. چۈنكى، الله تائالا كىتابىدا: **﴿كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىنىنى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر﴾** دېدى».

* * * * * * *

كَيْفَ يَهْدِي ٱللَّهُ قَوْمًا كَفَرُوا۟ بَعْدَ إِيمَٰنِهِمْ وَشَهِدُوٓا۟ أَنَّ ٱلرَّسُولَ حَقٌّ وَجَآءَهُمُ ٱلْبَيِّنَٰتُ ۚ وَٱللَّهُ
لَا يَهْدِي ٱلْقَوْمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٨٦﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ جَزَآؤُهُمْ أَنَّ عَلَيْهِمْ لَعْنَةَ ٱللَّهِ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةِ وَٱلنَّاسِ
أَجْمَعِينَ ﴿٨٧﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَا لَا يُخَفَّفُ عَنْهُمُ ٱلْعَذَابُ وَلَا هُمْ يُنظَرُونَ ﴿٨٨﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُوا۟ مِنۢ بَعْدِ
ذَٰلِكَ وَأَصْلَحُوا۟ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٨٩﴾

ئىمان ئېيتقاندىن، پەيغەمبەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە شاھىت بولغاندىن ۋە ئۇلارغا روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن كاپىر بولغان قەۋمنى الله قانداقمۇ ھىدايەت قىلسۇن! الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴿86﴾. الله نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ۋە ھەممىسىنىڭ لەنىتىگە ئۇچراش ئۇلارغا بېرىلگەن جازادۇر﴿87﴾. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ. كېچىكتۈرۈلمەيدۇ﴿88﴾. پەقەت تەۋبە قىلغانلار ۋە (بۇزۇق ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، الله (مۇنداقلارغا) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مېھرىباندۇر﴿89﴾.

الله تائالانىڭ ئىمان ئېيتىپ بولۇپ كاپىر بولۇۋالغان كىشىلەردىن پەقەت چىن قەلبىدىن تەۋبە قىلغان كىشىنىلا توغرا يولغا باشلايدىغانلىقى

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەنسارىلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى مۇسۇلمان بولغان ئىدى. كېيىن ئۇ ئىسلامدىن كۇپۇرلۇققا يېنىۋالدى. ئۇ كۇپۇرلۇققا يانغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ يېقىن ئادەملىرىگە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ بېقىڭلار، ماڭا تەۋبە قىلىش بارمىكەن؟ ــ دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالانىڭ: ﴿ئىمان ئېيتقاندىن، پەيغەمبەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە شاھىت بولغاندىن ۋە ئۇلارغا روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن كاپىر بولغان قەۋمنى الله قانداقمۇ ھىدايەت قىلسۇن!﴾ دېگەن ئايىتىدىن: ﴿پەقەت تەۋبە قىلغانلار ۋە (بۇزۇق ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، الله (مۇنداقلارغا) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مېھرىباندۇر﴾ دېگەن ئايىتىگىچە چۈشتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا: تەۋبە قىلساڭ بولىدىكەن، ــ دەپ ئادەم ئەۋەتتى، ئۇ تەۋبە قىلىپ قايتا ئىسلامغا كىردى.

﴿ئىمان ئېيتقاندىن، پەيغەمبەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە شاھىت بولغاندىن ۋە ئۇلارغا روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن كاپىر بولغان قەۋمنى الله قانداقمۇ ھىدايەت قىلسۇن!﴾ يەنى پەيغەمبەر ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ راستلىقىغا ھۆججەت ۋە پاكىتلارنى كەلتۈردى ۋە ئۇنى ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار شېرىككە ۋە گۇمراھلىققا قايتتى. بۇلار بۇ گۇمراھلىقتىن كېيىن قانداقمۇ ھىدايەتكە لايىق بولىدۇ؟ شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾.

﴿الله نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ۋە ھەممىسىنىڭ لەنىتىگە ئۇچراش ئۇلارغا بېرىلگەن جازادۇر﴾ يەنى ئۇلارغا الله ۋە ئۇنىڭ بارلىق مەخلۇقاتلىرى لەنەت ئېيتىدۇ. ﴿ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ﴾ يەنى لەنەتلەرنىڭ ئىچىدە ﴿ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، كېچىكتۈرۈلمەيدۇ﴾.

﴿پەقەت تەۋبە قىلغانلار ۋە (بۇزۇق ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، الله (مۇنداقلارغا) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مېھرىباندۇر﴾ يەنى الله تائالا بەندىلىرىگە مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان بەندىسىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

****

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بَعۡدَ إِيمَٰنِهِمۡ ثُمَّ ٱزۡدَادُواْ كُفۡرٗا لَّن تُقۡبَلَ تَوۡبَتُهُمۡ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلضَّآلُّونَ ﴿٩٠﴾
إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَمَاتُواْ وَهُمۡ كُفَّارٞ فَلَن يُقۡبَلَ مِنۡ أَحَدِهِم مِّلۡءُ ٱلۡأَرۡضِ ذَهَبٗا وَلَوِ ٱفۡتَدَىٰ بِهِۦٓۗ
أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ وَمَا لَهُم مِّن نَّٰصِرِينَ ﴿٩١﴾

شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولغانلار، ئاندىن كۇفرىنى ئېشىمۇ ئاشۇرغانلارنىڭ تەۋبىسى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلار گۇمراھلاردۇر﴿90﴾. شۈبھىسىزكى، كاپىر بولۇپ (تەۋبە قىلماستىن) كۇفرى بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ ھېچبىرىدىن يەر يۈزىگە بىر كېلىدىغان ئالتۇن فىدىيە بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، ئۇلارغا (ئۇلارنى الله نىڭ

ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچبىر مەدەتكار بولمايدۇ﴿91﴾.

كاپىرنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا قىلغان تەۋبىسىنىڭ ۋە قىيامەت كۈنىدە بەرگەن فىدىيەسىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى

الله تائالا (بۇ ئايەتتە) ئىمان ئېيتىپ بولۇپ كۇپۇرلۇققا يېنىپ، كۇپرىدا ئۆلگۈچە داۋاملاشقان كىشىگە تەھدىت سالىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا قىلغان تەۋبىسىنىڭ ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا، ئەمدى تەۋبە قىلدىم دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى (يەنى ئۆلۈم ئالدىدا ئىمان ئېيتتىم دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى) قوبۇل قىلىنمايدۇ﴾[1].

﴿شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولغانلار، ئاندىن كۇفرىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانلارنىڭ تەۋبىسى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلار گۇمراھلاردۇر﴾ يەنى ھەق يولدىن ئازغۇنلۇق يولىغا چىقىپ كەتكۈچىدۇر.

ھافىز ئەبۇبەكرى بەززار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىسلامغا كىردى، ئاندىن (ئىسلامدىن) يېنىۋالدى، كېيىن يەنە ئىسلامغا كىردى ۋە يەنە يېنىۋالدى، ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ توغرۇلۇق سوراش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئادەملىرى (ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەردى. ئاندىن بۇ ئايەت چۈشتى: **﴿شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولغانلار، ئاندىن كۇفرىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانلارنىڭ تەۋبىسى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ﴾**.

﴿شۈبھىسىزكى، كاپىر بولۇپ (تەۋبە قىلماستىن) كۇفرى بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ ھېچبىرىدىن يەر يۈزىگە بىر كېلىدىغان ئالتۇن فىدىيە بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، ئۇلارغا (ئۇلارنى الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچبىر مەدەتكار بولمايدۇ﴾ يەنى بىر كىشى كۇپۇرلۇق ھالىتىدە ئۆلگەن بولسا، ئۇ زېمىن توشقۇچە ئالتۇن سەدىقە قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىلغان سەدىقىسى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: مېھماننى ھۆرمەتلەيدىغان، ئەسىرنى قويۇپ بېرىدىغان ۋە (كىشىلەرگە) تائام بېرىدىغان ئابدۇللاھ ئىبنى جەدئان دېگەن (كاپىرنىڭ) قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۇنىڭغا مەنپەئەت قىلامدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، چۈنكى، ئۇ بىرەر كۈنمۇ (يەنى بىرەر قېتىممۇ): ئى پەرۋەردىگارىم! قىيامەت كۈنى مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى كەچۈرگىن، ـ دەپ باقمىدى» دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنىڭدەك، ئۇ زېمىن توشقۇچە ئالتۇن سەدىقە قىلسىمۇ، قوبۇل قىلىنمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھېچ كىشىنىڭ فىدىيىسى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى پايدا قىلمايدىغان، ئۇلارغا (يەنى كاپىرلار ۋە گۇناھكارلارغا) ياردەم قىلىنمايدىغان كۈندىن قورقۇڭلار﴾[2]،

(1) نىسا سۈرىسى 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 123 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ئالدى - ساتتىمۇ، دوستلۇقمۇ بولمايدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)﴾[1]، ﴿يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەر، يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كېلىدىغان نەرسىلەر كاپىرلارنىڭ بولۇپ، ئۇلار قىيامەت كۈنى (الله) نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى فىدىيە قىلىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ (بۇ فىدىيىسى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلار قىيىنغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[2].

شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا بۇ يەردە مۇنداق دېدى: **﴿شۈبھىسىزكى، كاپىر بولۇپ (تەۋبە قىلماستىن) كۇفرى بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ ھېچبىرىدىن يەر يۈزىگە بىر كېلىدىغان ئالتۇن فىدىيە بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ﴾**.

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا جەننەتتىكى كىشىلەردىن بىرىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا: ئى ئادەم بالىسى! سېنىڭ ئورنۇڭ قانداق ئىكەن؟ - دەيدۇ. ئۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ بەك ياخشى ئورۇن ئىكەن، - دەيدۇ. الله تائالا ئۇنىڭغا: سەن مەندىن بىر نەرسە سورىغىن ۋە ئارزۇ قىلغىن، - دەيدۇ. ئۇ شېھىتلىكنىڭ پەزىلىتىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، (الله تائالاغا): سېنىڭ مېنى دۇنياغا قايتۇرۇشىڭنى ۋە سېنىڭ يولۇڭدا ئون قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشىمدىن باشقىنى سورىمايمەن ۋە ئارزۇ قىلمايمەن، - دەيدۇ. الله تائالا دوزاختىكى كىشىلەردىن بىرىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا: ئى ئادەم بالىسى! سېنىڭ ئورنۇڭ قانداق ئىكەن؟ - دەيدۇ. ئۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! (ئۇ) بەك يامان ئورۇن ئىكەن، - دەيدۇ. الله تائالا ئۇنىڭغا: زېمىن توشقۇچە ئالتۇن فىدىيە قىلامسەن؟ - دەيدۇ. ئۇ: ئى پەۋەردىگارىم! شۇنداق قىلاي، - دەيدۇ. الله تائالا ئۇنىڭغا: يالغان ئېيتتىڭ، مەن سەندىن ئۇنىڭدىن ئاز ۋە يەڭگىلرەكىنى سورىسام، سەن (ئۇنى) قىلمىدىڭ، - دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن (ئۇنى) دوزاخقا قايتۇرىدۇ». شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، ئۇلارغا (ئۇلارنى الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچبىر مەدەتكار بولمايدۇ﴾** يەنى ئۇلارنى الله تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان بىرمۇ كىشى يوق.

****

لَن تَنَالُواْ ٱلۡبِرَّ حَتَّىٰ تُنفِقُواْ مِمَّا تُحِبُّونَۚ وَمَا تُنفِقُواْ مِن شَيۡءٖ فَإِنَّ ٱللَّهَ بِهِۦ عَلِيمٞ ﴿٩٢﴾

ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر، (الله نىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، الله ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿92﴾.

ياخشى كۆرگەن مال - مۈلۈكنى سەدىقە قىلىشنىڭ ياخشىلىقنىڭ قاتارىدىن ئىكەنلىكى

ئىمام ئەھمەد ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 31 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مائىدە سۈرىسى 36 - ئايەت.

ئەبۇتەلھە مەدىنىدىكى ئەنسارىلارنىڭ ئىچىدە مال ـ دۇنياسى ئەڭ كۆپ كىشى ئىدى. ئۇ مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ ئىچىدىن بەيرىھا دېگەن بېغىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇ باغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنىڭ ئۇدۇلىدا بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇنىڭ تاتلىق سۇلىرىدىن ئىچەتتى. **﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر﴾** دېگەن ئايەت چۈشكەندە، ئەبۇتەلھە: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! شەكسىزكى، **الله** تائالا: **﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر﴾** دېدى. ھەقىقەتەن مەن مال ـ مۈلۈكلىرىمنىڭ ئىچىدە بەيرىھا دېگەن بېغىمنى بەك ياخشى كۆرىمەن، ئۇ **الله** يولىدا سەدىقە بولسۇن، مەن ئۇنىڭ ساۋابىنى **الله** تائالادىن ئۈمىد قىلىمەن. ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئۇنى **الله** تائالا ساڭا كۆرسەتكەن بويىچە بىر تەرەپ قىلغىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پاھ ـ پاھ، بۇ پايدىلىق مال بولدى، بۇ پايدىلىق مال بولدى (يەنى **الله** تائالانىڭ دەرگاھىدا ساۋابى كۆپ مال بولدى). كۆڭلۈڭنى چۈشەندىم، ئەمما ئۇنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭغا سەدىقە قىلىشىڭنى توغرا كۆرىمەن» دېدى. ئەبۇتەلھە: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! مەن سەن دېگەندەك قىلىمەن، ـ دېدى ۋە بېغىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ۋە تاغىسىنىڭ بالىلىرىغا بۆلۈپ بەردى».

ئىمام مۇسلىم ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! مەن خەيبەردىكى ئالغان نېسىۋەمدىن ياخشىراق بىر مالغا ئېرىشەلمىدىم، سەن ئۇ نېسىۋەمنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىمغا بۇيرۇيسەن؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نەرخىنى تۇتۇپ قېلىپ، (ئۇنىڭ) پايدىسىنى (**الله** تائالانىڭ يولىدا) سەدىقە قىلغىن» دېدى.

* * * * * * *

﴿ كُلُّ ٱلطَّعَامِ كَانَ حِلًّا لِّبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ إِلَّا مَا حَرَّمَ إِسۡرَٰٓءِيلُ عَلَىٰ نَفۡسِهِۦ مِن قَبۡلِ أَن تُنَزَّلَ ٱلتَّوۡرَىٰةُۚ
قُلۡ فَأۡتُواْ بِٱلتَّوۡرَىٰةِ فَٱتۡلُوهَآ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٩٣﴾ فَمَنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ
فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٩٤﴾ قُلۡ صَدَقَ ٱللَّهُۗ فَٱتَّبِعُواْ مِلَّةَ إِبۡرَٰهِيمَ حَنِيفٗا وَمَا كَانَ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿٩٥﴾

تەۋرات نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) ئۆزىگە ھارام قىلغان يېمەكلىكلەر (يەنى تۆگىنىڭ گۆشى ۋە سۈتى) دىن باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھالال ئىدى. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر راستچىل بولساڭلار، تەۋراتنى ئېلىپ كېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار» ﴿93﴾. شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى روشەن دەلىل مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن)، كىمكى **الله** نامىدىن يالغاننى توقۇيدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر ﴿94﴾. ئېيتقىنكى، «**الله** راست ئېيتتى، (ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت) ئىبراھىمنىڭ توغرا دىنىغا ئەگىشىڭلار، ئۇ (يەنى ئىبراھىم) مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» ﴿95﴾.

يەھۇدىيلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان سوئاللىرى

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر

تۇركۇم يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: بىز پەيغەمبەردىن باشقىسى بىلمەيدىغان بىر نەچچە خىل خىسلەتنى سەندىن سورايمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر مەندىن خالىغان نەرسەڭلەرنى سوراڭلار، لېكىن مەن سىلەر بىلىدىغان بىر نەرسىنى سۆزلەپ بەرسەم (يەنى مەن سىلەرنىڭ سوئاللىرىڭىزغا توغرا جاۋاب بەرسەم)، سىلەرنىڭ ماڭا ئەگىشىپ ئىسلامغا كىرىشكە بولغان ئەھدىنى ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ باللىرىدىن ئالغان ۋەدىنى (ماڭا) بېرىڭلار»[1] دېدى. يەھۇدىيلار: شۇنداق قىلايلى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا خالىغىنىڭلارنى سوراڭلار» دېدى. يەھۇدىيلار: سەن بىزگە تۆت خىسلەتتىن، يەنى ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئۆزىگە قايسى يېمەكلىكنى هارام قىلغانلىقىنى، ئەر كىشى بىلەن ئايال كىشىنىڭ ئىسپىرمىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئىسپىرمىدىن ئوغۇل بىلەن قىزنىڭ قانداق يارىتىلىدىغانلىقىنى ۋە بۇ ساۋاتسىز پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) قانداق ئۇيلايدىغانلىقى ۋە پەرىشتىلەردىن قايسىسىنىڭ ئۇنىڭ يېقىنى ئىكەنلىكى توغرۇلۇق خەۋەر بەرگىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەگەر يەھۇدىيلارغا بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسە، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىدىغانلىقىغا ۋەدە ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا: «تەۋراتنى مۇساغا چۈشۈرگەن زات (يەنى الله) نىڭ نامى بىلەن سىلەردىن سورايمەن. سىلەر، ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) قاتتىق كېسەل بولۇپ قېلىپ، كېسىلى ئۇزۇنغىچە ساقايمىغاندا، ئەگەر الله ئۇنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بەرسە، بۇنىڭغا شۈكرى ئېيتىش يۈزىسىدىن ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىچىملىكى تۆگىنىڭ سۈتىنى ۋە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تامىقى تۆگىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ئۆزىگە هارام (قىلىپ نەزىر) قىلغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟» دېدى. يەھۇدىيلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! شۇنداق بولغان، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله ! ئۇلارغا گۇۋاھ بولغىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تەۋراتنى مۇساغا چۈشۈرگەن، ئىبادەتكە يالغۇز ئۆزىلا لايىق بولغان الله نىڭ نامى بىلەن سىلەردىن سورايمەن. سىلەر ئەر كىشىنىڭ ئىسپىرمىسىنىڭ ئاق رەڭدە قويۇق بولىدىغانلىقىنى، ئايال كىشىنىڭ ئىسپىرمىسىنىڭ سۇيۇق سېرىق رەڭدە بولىدىغانلىقىنى، ئۇ ئىككى ئىسپىرمىدىن قايسى بىرى بېسىپ كەتسە، الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەن بالىنىڭ ئىسپىرمىسى ئېشىپ كەتكۈچىگە ئوخشايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئەر كىشىنىڭ ئىسپىرمىسى ئايال كىشىنىڭ ئىسپىرمىسىنى بېسىپ كەتكەندە، ئۇ ئىسپىرمىنىڭ الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئوغۇل بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئايال كىشىنىڭ ئىسپىرمىسى ئەر كىشىنىڭ ئىسپىرمىسىنى بېسىپ كەتسە، ئۇ ئىسپىرمىنىڭ الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەن قىز بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟» دېدى. يەھۇدىيلار: ھەئە، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله ! ئۇلارغا گۇۋاھ بولغىن» دېدى. ئاندىن: «تەۋراتنى مۇساغا چۈشۈرگەن الله نىڭ نامى بىلەن سىلەردىن سورايمەن. ساۋاتسىز بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئىككى كۆزى ئۇخلىسا، ئۇنىڭ دىلىنىڭ ئۇخلىمايدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: ھەئە، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله ! گۇۋاھ بولغىن» دېدى. يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: پەرىشتىلەردىن كىمنىڭ ساڭا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىزگە دەپ بەرگىن! ئاندىن بىز ساڭا ئەگىشىمىز ياكى ئەگەشمەيمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ يېقىنىم جىبرىئىلدۇر، ئۇ الله تائالا ئەۋەتكەن ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ يېقىنىدۇر» دېدى. يەھۇدىيلار: ئۇنداق بولسا، بىز ساڭا ئەگەشمەيمىز، ئەگەر سېنىڭ يېقىنىڭ ئۇنىڭدىن باشقىسى بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، بىز ساڭا ئەگىشەتتۇق، ـ دېدى. شۇ چاغدا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئېيتقىنكى، «جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم (الله غا

(1) يەنى مەن سىلەرنىڭ سوئاللىرىڭلارغا جاۋاب بەرسەم، سىلەر ماڭا ئەگىشىشكە ۋەدە بېرىڭلار.

دۈشمەندۇر)، چۈنكى، ئۇ (يەنى جىبرىئىل) اللە نىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكىنى (يەنى ساماۋى كىتابلارنى) تەستىق قىلغۇچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، مۆمىنلەرگە بېشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلدى﴾[1]».

﴿ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب ئەلەيهىسسالام) ئۆزىگە هارام قىلغان يېمەكلىكلەر (يەنى تۆگىنىڭ گۆشى ۋە سۈتى) دىن باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ هەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىغا هالال ئىدى﴾ يەنى يەئقۇب ئەلەيهىسسالام ئۇنى ئۆزىگە تەۋرات چۈشۈشتىن بۇرۇن هارام قىلدى. بۇ ئايەتنىڭ بۇنىڭ ئالدىدىكى ئايەتلەر بىلەن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك مۇناسىۋىتى بار: ئۇنىڭ بىرى، ئىسرائىل (يەئقۇب ئەلەيهىسسالام) ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنى ئۆزىگە هارام قىلىپ، ئۇ نەرسىلەرنى اللە يولىدا تەرك ئەتتى. قالغان نەرسىلەرنى هارام قىلىش ئۇلارنىڭ شەرىئىتىدە دۇرۇس ئىدى.

بۇ، اللە تائالانىڭ: **﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) هەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر﴾** دېگەن ئايىتىدىن كېيىندۇر. يەئقۇب ئەلەيهىسسالامنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بەرسە، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىش يۈزىسىدىن، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تۆگىنىڭ سۈتى ۋە گۆشىنى ئۆزىگە هارام قىلغانلىقى بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدىمۇ يولغا قويۇلغان. بۇ بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدىكى بەندە اللە تائالانىڭ يولىدا ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە تەشنا بولىدىغان نەرسىسىنى سەدىقە قىلىشتىن ئىبارەت هۆكۈمگە مۇناسىپتۇر.

اللە تائالا بەندىلەرنى (ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىدىن) سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿اللە نى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ﴾[2]، ﴿ئۆزى موهتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ﴾[3].

ئۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئىككىنچىسى، اللە تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە خرىستىئانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئىسا ئەلەيهىسسالام توغرىسىدىكى خاتا ئېتىقادلىرىغا رەددىيە بېرىپ ۋە ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئىسا ئەلەيهىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئانىسى توغرىسىدىكى هەقىقەتنى بايان قىلىپ، ئىسانى ئۆزىنىڭ قۇدرىتى ۋە ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بىلەن قانداق ياراتقانلىقىنى ۋە ئۇنى بەنى ئىسرائىللارنى اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدى. بۇ يەردە يەهۇدىيلارغا (اللە ئۇلارنى ئۆز رەهمىتىدىن يىراق قىلسۇن!) رەددىيە بېرىشكە ۋە ئۇلار ئىنكار قىلغان هۆكۈمنىڭ بەرهەق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى بايان قىلىشقا باشلىدى.

اللە تائالا ئۇلارنىڭ كىتابى تەۋراتتا مۇنداق دېگەن: نۇھ ئەلەيهىسسالام كېمىدىن چۈشكەن ۋاقىتىدا، اللە تائالا ئۇلارغا زېمىندىكى ئۆمىلەيدىغان جانلىقنىڭ هەممىسىنى يېيىشكە رۇخسەت بەردى. ئاندىن ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب) ئۆزىگە تۆگىنىڭ گۆشى بىلەن ئۇنىڭ سۈتىنى هارام قىلدى. ئۇنىڭ باللىرى (بۇ ئىككى نەرسىنى هارام دەپ بىلىشتە) يەئقۇب ئەلەيهىسسالامغا ئەگەشتى. تەۋرات بۇ نەرسىلەرنى ۋە

(1) بەقەرە سۈرىسى 97 ـ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 177 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئىنسان سۈرىسى8 ـ ئايەت.

ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنى هارام قىلىپ كەلدى، الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا قىزلىرىنى ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىغا ئېلىپ بېرىشكە رۇخسەت قىلغان ئىدى. بۇ رۇخسەت بىر زامان ئۆتكەندىن كېيىن هارام قىلىندى. بىر ئايالنى يەنە بىر ئايالدىن ئارتۇق كۆرۈش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە دۇرۇس ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سارەدىن هاجەرنى ئارتۇق كۆرگەن ئىدى. بۇ ئىش تەۋراتتا يەھۇدىيلارغا هارام قىلىندى. شۇنىڭدەك، بىر كىشىنىڭ ئاچا ـ سىڭلىنى (بىرلا ۋاقىتتا) ئېلىشى دۇرۇس ئىدى. بۇنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام قىلغان ئىدى. ئاندىن بۇ ئىش يەھۇدىيلارغا تەۋراتتا هارام قىلىندى. بۇنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ قولىدىكى كىتابى تەۋراتتا بايان قىلىنغاندۇر. بۇ خىل ئىشلار (بىر پەيغەمبەر بىلەن يەنە بىر پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىدە بولغان) ئۆزگىرىشتۇر. شۇنىڭدەك، الله تائالا تەۋراتتا هارام قىلغان بەزى نەرسىلەرنى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا هالال قىلىپ يولغا قويۇپ بەرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئىساغا ئەگەشمەسلىكتە نېمە ھەددى بار؟ ئۇلار ئىسانى يالغانچىغا چىقاردى ۋە ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلدى. شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتكەن توغرا دىن، توغرا يول ۋە بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئىشەنمەسلىككە نېمە ھەددى بار؟

﴿تەۋرات نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) ئۆزىگە هارام قىلغان يېمەكلىكلەر (يەنى تۆگىنىڭ گۆشى ۋە سۈتى) دىن باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىغا هالال ئىدى﴾ يەنى تەۋرات چۈشۈشتىن بۇرۇن ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) ئۆزىگە هارام قىلغان تائامدىن باشقا ھەممە تائاملار بەنى ئىسرائىلغا هالال ئىدى.

﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر راستچىل بولساڭلار، تەۋراتنى ئېلىپ كېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار»﴾ يەنى شەكسىزكى، تەۋرات بىز دېگەن ھەقىقەتنى سۆزلىگۈچىدۇر.

﴿شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى روشەن دەلىل مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن)، كىمكى الله نامىدىن يالغاننى توقۇيدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر﴾ يەنى بىز يۇقىرىدا (بىر پەيغەمبەر بىلەن يەنە بىر پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئارىلىقىدا) ئۆزگىرىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كىم الله تائالاغا يالغاننى چاپلىسا ۋە: الله تائالا يەھۇدىيلارغا شەنبە كۈنلۈكى دەم ئېلىشنى ۋە داۋاملىق تەۋراتنى چىڭ تۇتۇشنى يولغا قويۇپ بەردى، ئۇلارنى ھۆججەت ۋە پاكىتلار بىلەن الله تەرىپىگە چاقىرىدىغان باشقا بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتمىدى، ـ دەپ دەۋا قىلسا، بۇ دەۋانى قىلغۇچىلار زالىملاردۇر.

﴿ئېيتقىنكى، «الله راست ئېيتتى﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! الله تائالا قۇرئاندا خەۋەر بەرگەن ۋە يولغا قويۇپ بەرگەن نەرسىسىدە راستچىلدۇر، ـ دېگىن.

﴿(ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت) ئىبراھىمنىڭ توغرا دىنىغا ئەگىشىڭلار، ئۇ (يەنى ئىبراھىم) مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى»﴾ يەنى سىلەر الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق قۇرئاندا يولغا قويۇپ بەرگەن (ئىسلامدىن ئىبارەت) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگىشىڭلار. (چۈنكى) ئۇ شەك يوق بىر ھەقىقەت. ھېچقانداق پەيغەمبەر ئۇ يولدىن مۇكەممەلرەك ۋە ئوچۇقراق توغرا بىر يولنى ئەكەلمىگەندۇر، ـ دېگىن.

الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگىشىش توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد! بۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا يەنى توغرا دىنغا، باتىل دىنلاردىن توغرا

دىنغا بۇرالغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا باشلىدى، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى»﴾[1]، ﴿ئاندىن ساڭا: «باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى (يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكىن، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[2].

****

إِنَّ أَوَّلَ بَيۡتٖ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِي بِبَكَّةَ مُبَارَكٗا وَهُدٗى لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴿٩٦﴾ فِيهِ ءَايَٰتُۢ بَيِّنَٰتٞ مَّقَامُ إِبۡرَٰهِيمَۖ وَمَن دَخَلَهُۥ كَانَ ءَامِنٗاۗ وَلِلَّهِ عَلَى ٱلنَّاسِ حِجُّ ٱلۡبَيۡتِ مَنِ ٱسۡتَطَاعَ إِلَيۡهِ سَبِيلٗاۚ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ عَنِ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٩٧﴾

ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر﴿96﴾. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ الله ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، الله ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر﴿97﴾.

كەبىنىڭ ئىبادەت ئۈچۈن سېلىنغان تۇنجى ئۆي ئىكەنلىكى

﴿ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا) مەككىدىدۇر﴾ يەنى كەبە تاۋاپ قىلىش، ناماز ئوقۇش ۋە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشقا ئوخشاش بارلىق كىشىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن تۇنجى سېلىنغان ئۆيدۇر. شۇنداقلا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام (خرىستىئان ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىدا ۋە ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ يولىدا دەپ گۇمان قىلىشىدۇ) سالغان ئۆيدۇر. (ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا دەپ گۇمان قىلىدۇ) لېكىن ئۇلار الله تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالغان ۋە كىشىلەرنى ھەج قىلىشقا چاقىرغان بەيتۇللاغا ھەج قىلىش ئۈچۈن بارمايدۇ. (كەبە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تۇنجى سېلىنغان ئۆي بولغاچقا) الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر﴾**.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن): ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! زېمىندا تۇنجى بولۇپ سېلىنغان مەسچىت قايسى؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ: «ھەرەم مەسچىتى» دەپ جاۋاب بەردى. مەن: ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى قايسى؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەقسا مەسچىتى» دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا قانچىلىك ۋاقىت بار؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «40 يىل بار، قەيەردە ناماز ئوقۇشقا توغرا كەلسە، شۇ يەردە ئوقۇغىن، ئۇنىڭ ھەممىسى مەسچىتتۇر» دەپ جاۋاب بەردى.

(1) ئەنئام سۈرىسى161 ـ ئايەت.
(2) نەھل سۈرىسى 123 ـ ئايەت.

كەبىنىڭ مەككە دەپ ئاتىلىشى ۋە مەككىنىڭ ئىسىملىرى

الله تائالانىڭ: ﴿**ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا) مەككىدىدۇر**﴾ دېگەن ئايىتىدىكى ”بەككە“ بولسا، مەشھۇر رىۋايەتكە كۆرە مەككىنىڭ ئىسىملىرىدىن بولۇپ، مەككە بۇرۇن بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. چۈنكى، زالىملارمۇ مەككىدە باشلىرىنى ئېگەتتى. كىشىلەر مەككىدە قىستىلىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان دېگەن كۆز قاراشمۇ بار.

ئالىملار مەككىنىڭ: مەككە (ھالاك قىلغۇچى: چۈنكى، ئۇ زالىملارنى ھالاك قىلىدۇ. قىستاڭچىلىق: چۈنكى، ھەجدە قىستاڭچىلىق بولىدۇ)، بەككە (مەككىنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاش)، بەيتۇلئەتىيق (تۇنجى ئۆي)، بەيتۇلھەرام (ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئۆي)، بەلەدۇلئەمىين (تىنچ شەھەر)، مەئمۇن (خاتىرجەم ئورۇن) ، ئۇممۇرەھمى (رەھمەتنىڭ مەنبەسى)، ئۇممۇلقۇرا (كەنتلەرنىڭ مەركىزى)، سالاھ (ئوڭشىغۇچى)، ئەرش (تەخت) ، قادىس (گۇناھلاردىن پاكىزلىغۇچى)، مۇقەددەسە (پاك ئورۇن)، ئەنناسە (قوغلىغۇچى: چۈنكى، كەبىنىڭ قېشىدا يامانلىق قىلغان كىشى ئۇنىڭدىن ھەيدەپ چىقىرىلاتتى)، ئەلباسە (ۋەيران قىلغۇچى: چۈنكى، كەبىنىڭ يېنىدا گۇناھ ئۆتكۈزگەن كىشىنى كەبە ۋەيران قىلىدۇ)، ھاتىمە (زالىملارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرغۇچى)، نەسساسەھ (قوغلىغۇچى)، ئەررەئىس (باش: چۈنكى، مەككە باشقا كەنتلەرنىڭ بېشى ھېسابلىنىدۇ)، كۇسا (ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىراقتىكى «كۇسا» دېگەن يەردىن كېلىپ مەككىگە يەرلەشكەن تۇنجى كىشىلەر بولغاچقا كۇسا دېگەن نام بىلەن ئاتالدى)، بەلدە (شەھەر: چۈنكى، مەككىنىڭ ئالدىدا باشقا شەھەرلەر شەھەر ھېسابلانمايدۇ)، بۇنيە (بىنا قىلىنغان: بەزىلەر كەبە يەر يۈزىدە بىنا قىلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئۆي بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان دەيدۇ ۋە بەزىلەر ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان دەيدۇ) ۋە ئەل كەئبە (تۆت تەرەپلىك: چۈنكى، كەبە تۆت چاسادۇر) دېگەن ئىسىملار بىلەن ئاتالغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرغان ئورۇن «ماقامى ئىبراھىم» توغرىسىدا

﴿**ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى**﴾ يەنى كەبىدە ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سالغانلىقىنىڭ ئاشكارا ئالامەتلىرى بار. شەكسىزكى، الله تائالا ئۇنى كاتتا ۋە ئۇلۇغ قىلدى. ئاندىن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى**﴾ يەنى بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغىنى، تاش (كەبىنىڭ تېمى) قوپۇرۇلۇپ ئېگىزلەپ كەتكەندە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تامنى تېخىمۇ ئېگىز قوپۇرۇش ئۈچۈن پۇتىنىڭ ئاستىغا قويغان تاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام پەستە تۇرۇپ تاشلارنى سۇنۇپ بەرگەن. ئۇ تاش كەبىنىڭ تېمىغا يېقىن يۆلەپ قويۇلغان ئىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك زامانىدا ھاجىلارنىڭ كەبىنى تاۋاپ قىلىشىغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ۋە (تاۋاپ قىلىۋاتقانلارنىڭ) تاۋاپتىن كېيىن ئۇنىڭ قېشىدا ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىلەرگە دەخلى قىلىپ نامىزىدىن ئازدۇرۇۋەتمەسلىكى ئۈچۈن شەرق تەرەپكە يۆتكەپ قويۇلدى. چۈنكى، الله تائالا ئۇ تاشنىڭ قېشىدا ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿(كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز

ئوقۇغۇلار دېدۇق)﴾[1] يۇقىرىدا بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بايان قىلىندى.

﴿**ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى**﴾ ئەۋفىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇنىڭدا ئاشكارا ئالامەتلەر بار، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرغان ئورنى ئۇ ئالامەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

مۇجاھىد: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ (ئۇ تاشتىكى) ئىزى ئاشكارا ئالامەتتۇر، ـ دېدى. باشقا ئالىملارمۇ شۇ كۆز قاراشقا قوشۇلدى.

ھەرەمنىڭ خاتىرجەم ئورۇن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿**بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ**﴾ يەنى (بىر نەرسىدىن) قورققان كىشى ھەرەمگە كىرسە، ھەممە قورقۇنچتىن خاتىرجەم بولىدۇ، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زامانىدىمۇ شۇنداق ئىدى.

بۇ ھەقتە ھەسەنبەسرى ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زاماندا ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان بىر كىشى بوينىغا يۇڭدىن تۇقۇلغان بىر پارچە رەختنى ئارتىپ ھەرەمگە كىرىۋالسا، ھەرەمنىڭ ئىچىدە ئۇ ئادەمگە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ بالىسى يولۇقسىمۇ، تاكى ئۇ ھەرەمدىن چىققۇچىلىك ئۇنىڭغا چېقىلمايتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۆرمەمدۇكى، بىز ھەرەمنى ئامان (جاي) قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئەسىر ئېلىنىۋاتىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ﴾[2]، ﴿بۇ ئۆي (يەنى بەيتۇ**الله**)نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇنكى، ئۇ ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى﴾[3] ھەرەمنىڭ خاتىرجەم ئورۇن بولغانلىقىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ھەرەم ئىچىدە بىر قىسىم ئىشلارنى قىلىش چەكلەنگەندۇر. مەسىلەن، ئۇنىڭدىكى ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش، ئۇلارنى ئۇۋىلىرىدىن ئۈركۈتۈش، ئۇنىڭ دەرەخلىرىنى كېسىش ۋە ئۇنىڭ ئوت ـ چۆپلىرىنى يۇلۇش قاتارلىقلار.

بۇ ھەقتە ساھابىلاردىن نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىندى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسى شۇ ھەدىسلەرنىڭ قاتارىدىندۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە پەتھى بولغان كۈنى مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بۈگۈندىن باشلاپ ھىجرەت قىلىش توگىدى، لېكىن جىھاد قىلىش ۋە جىھادقا نىيەت قىلىش بار. جىھادقا چاقىرىلساڭلار، چىقىڭلار» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كۈنى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «**الله** تائالا بۇ شەھەرنى (يەنى مەككىنى) ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان كۈنىلا ھۆرمەتلىك قىلغان، بۇ شەھەر **الله** تائالانىڭ ھارام

(1) بەقەرە سۈرىسى 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) قۇرەيش سۈرىسى 3 ــــ 4 ـ ئايەتلەر.

قىلىشى بىلەن تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ھۆرمەتلىك قىلىنغاندۇر. مەندىن بۇرۇن ھېچبىر كىشىگە مەككىدە ئۇرۇش قىلىش ھالال قىلىنمىغان ئىدى. ماڭا كۈندۈزى بىر سائەتلا ئۇرۇش قىلىش ھالال قىلىندى، ئاندىن يەنە مەككە اﷲ تائالانىڭ ھارام قىلىشى بىلەن تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ھارام قىلىندى، ئۇنىڭ تىكىنى ئورۇلمايدۇ، ھايۋانلىرى ئۈركۈتۈلمەيدۇ، ئۇنىڭدا چۈشۈپ قالغان نەرسىنى پەقەت ئۇ نەرسىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى كىشىلەرگە ئېلان قىلىپ، ئۇنى ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان كىشىدىن باشقا بىر كىشى ئالمايدۇ، ئۇنىڭ يېشىل ئوت ـ چۆپلىرى يۇلۇنمايدۇ.» ئابباس: ئى اﷲ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! سەن (بىزگە) ئىزخىر دېگەن دەرەخنى كېسىشىمىزگە رۇخسەت قىلساڭ، ئۇنى تۆمۈرچىلىك ۋە زەرگەرلىك كەسپلىرىمىزدە ئىشقىلغۇ قىلىش ۋە ئۆيلىرىمىزنىڭ ئۈستىنى يېپىش ئۈچۈن ئىشلىتىمىز، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىزخىر دېگەن دەرەخنى كېسىشكە رۇخسەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇشۇرەيھ ئەدەۋىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەمرى ئىبنى سەئىد مەككىگە ئەلچى ئەۋەتىدىغان ۋاقىتىدا مەن ئۇنىڭغا: ئى باشلىق! مەككە پەتھى بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىگەن، ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ ياد ئېلىۋالغان بىر سۆزنى ساڭا سۆزلەپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلساڭ، ـ دېدىم. ئەمرى ماڭا رۇخسەت قىلدى، مەن سۆزۈمنى باشلاپ مۇنداق دېدىم: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال اﷲ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن: «شەكسىزكى، مەككىنى ھۆرمەتلىك قىلغىنى ئىنسانلار ئەمەس، اﷲ دۇر. اﷲ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىنىڭ ئۇنىڭدا قان تۆكۈشى ۋە ئۇنىڭ دەرەخلىرىنى كېسىشى ھالال ئەمەس. ئەگەر بىر كىشى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە ئۇرۇش قىلغان، شۇڭا بۇ يەردە ئۇرۇش قىلىشقا بولىدۇ دەپ قارىسا، ئۇنىڭغا: اﷲ پەقەت پەيغەمبىرىگىلا (ئۇنىڭدا ئۇرۇشۇشنى) رۇخسەت قىلدى، سىلەرگە رۇخسەت قىلمىدى، ـ دەڭلار. اﷲ تائالا ماڭا كۈندۈزى بىر سائەتلا ئۇرۇش قىلىشنى ھالال قىلدى. شەكسىزكى، ئۇنىڭ ھازىرقى ھارامىلىقى (ئۇنىڭ) بۇرۇنقى ھارامىلىقىغا ئوخشاشتۇر. بۇ يەردە ھازىر بولغان كىشى سۆزۈمنى يوق كىشىگە يەتكۈزۈپ قويسۇن» دېدى.

ئەبۇشۇرەيھتىن: سەن بۇ سۆزلەرنى ئەمرىگە سۆزلەپ بەرسەڭ، ئەمرى ساڭا نېمە دېدى؟ ـ دەپ سورالغاندا، ئۇ: ئەمرى ماڭا: «ئى ئەبۇشۇرەيھ! مەن بۇنى سەندىن ياخشىراق بىلىمەن. ھەرەم دېگەن ئاسىيغا، بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ياكى بۇزغۇنچىلىق قىلىپ قېچىپ (بېرىپ ئۇنىڭغا) كىرىۋالغان كىشىگە پاناھلىق بەرمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىمام مۇسلىم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ مەككىدە قورال كۆتۈرۈپ يۈرۈشى ھالال ئەمەس».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەدىيى ئىبنى ھەمرا زۆھرى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە بازىرىدىكى ھەزۋەرە دېگەن يېرىدە تۇرۇپ (مەككىگە): «اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەن، سەن ئەلۋەتتە اﷲ تائالانىڭ زېمىنىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە اﷲ تائالانىڭ زېمىنىدىن اﷲ غا ئەڭ ياخشى كۆرۈنىدىغىنىسەن، ئەگەر مەن سەندىن (قوغلاپ) چىقىرىلمىغان بولسام، ھەرگىز چىقىپ كەتمەيتتىم» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ـ دەيدۇ.

ھەجنىڭ پەرز ئىكەنلىكى توغرىسىدا

﴿قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ الله ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى﴾ بۇ، ھەج قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەتتۇر. ھەج قىلىشنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بار. پۈتۈن مۇسۇلمانلارمۇ ئۇنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلدى. قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق قارىشى بويىچە قارىغاندا، ھەج قىلىشقا قادىر بولغان ھەرقانداق مۇسۇلمانغا ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش پەرز بولىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ۋەز ئېيتىپ: «ئى خالايىق! شۈبھىسىزكى، ھەج قىلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، سىلەر ھەج قىلىڭلار!» دېدى. بىر كىشى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھەر يىلى ھەج قىلامدىزمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇ (كىشى) سوئالىنى ئۈچ قېتىم سورىغۇچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى. ئاندىن: «ئەگەر ھەئە دېسەم، ئەلۋەتتە (ھەج قىلىش ھەر يىلى) پەرز بولۇپ قالاتتى ۋە سىلەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمايتتىڭلار» (سۆزىنى داۋام قىلىپ): «مەن سىلەرگە يول قويغان نەرسىدە سىلەرمۇ ماڭا يول قويۇڭلار.[1] سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەر ئورۇنسىز سوئالنى كۆپ سورىغانلىقى ۋە ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر بىلەن قارشىلاشقانلىقى سەۋەبىدىن ھالاك بولغان ئىدى. مەن سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرىسام، سىلەر ئۇنى ئىمكانىيىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە قىلىڭلار ۋە مەن سىلەرنى بىر ئىشتىن توسسام، ئۇنى قىلماڭلار» دېدى.

ھەجنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى

﴿كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، الله ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ھەجنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان كىشى شەكسىز كاپىر بولىدۇ. الله تائالا ئۇنىڭدىن بىھاجەتتۇر.

ئەبۇبەكرى ئىسمائىل ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ھەج قىلىشقا كۈچى يېتىپ تۇرۇپمۇ ھەج قىلمىسا، ئۇنىڭ يەھۇدىي ياكى خرىستىئان ھالەتتە ئۆلگىنى بىلەن ھېچ پەرقى يوق.

* * * * * * *

قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لِمَ تَكْفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَٱللَّهُ شَهِيدٌ عَلَىٰ مَا تَعْمَلُونَ ﴿٩٨﴾ قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لِمَ
تَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ مَنْ ءَامَنَ تَبْغُونَهَا عِوَجًا وَأَنتُمْ شُهَدَآءُ ۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٩٩﴾

(1) يەنى مەن سىلەرنى مۇنداق قىلىڭلار دەپ بۇيرۇمىسام، سىلەرمۇ ئۇنى قىلامدىزمۇ دەپ سوراپ تۇرۇۋالماڭلار.

ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار) نېمە ئۈچۈن الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ۋاھالەنكى، الله قىلمىشىڭلارغا شاھىتتۇر»﴿98﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار) (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىغا) شاھىت بولۇپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن الله نىڭ يولىنى ئەگرى كۆرسىتىشنى قەستلەپ، مۆمىنلەرنى ئۇنىڭدىن توسىسىلەر؟ الله قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر»﴿99﴾.

ئەھلى كىتابنىڭ كاپىر بولغانلىقى ۋە مۆمىنلەرنى الله تائالانىڭ يولىدىن توسقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا مالامەت قىلىنغانلىقى

ئەھلى كىتابنىڭ كاپىرلىرى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر خوش بىشارەت بەرگەن ئىلىملەر ئارقىلىق ئادەم بالىسىنىڭ كاتتىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى، ئاسمان ـ زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ پەيغەمبىرى، ئەرەب مىللىتىدىن، ھاشىم جەمەتىدىن بولغان، مەككىلىك ساۋاتسىز پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ الله تەرىپىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ھەقىقەتكە تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقى، الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە مۆمىنلەرنى ھەق يولدىن توسقانلىقى ئۈچۈن الله تائالا ئۇلارغا مالامەت قىلىدۇ. الله تائالا ئۆزىنىڭ ئەھلى كىتابنىڭ قوللىرىدىكى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن قالغان كىتابقا خىلاپلىق قىلغان شۇ ئىشلىرىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يالغانچى دەپ، ئۇنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن تېنىشتەك قىلمىشلىرىغا گۇۋاھچى بولىدىغانلىقى بىلەن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردى ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن غاپىل ئەمەسلىكىدىن خەۋەر بەردى. الله تائالا ئۇلارنىڭ شۇ قىلمىشىغا قارىتا: ﴿ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ﴾[1] دېدى. مانا مۇشۇ كۈندە الله ئۇلارنى جازالايدۇ.

****

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِن تُطِيعُوا۟ فَرِيقًا مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَـٰبَ يَرُدُّوكُم بَعْدَ إِيمَـٰنِكُمْ كَـٰفِرِينَ ﴿١٠٠﴾ وَكَيْفَ تَكْفُرُونَ وَأَنتُمْ تُتْلَىٰ عَلَيْكُمْ ءَايَـٰتُ ٱللَّهِ وَفِيكُمْ رَسُولُهُۥ ۗ وَمَن يَعْتَصِم بِٱللَّهِ فَقَدْ هُدِىَ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿١٠١﴾

ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئەھلى كىتابتىن بىر پىرقىغە ئىتائەت قىلساڭلار، مۆمىن بولغىنىڭلاردىن كېيىن، ئۇلار سىلەرنى كاپىر قىلىپ قويىدۇ﴿100﴾. سىلەرگە الله نىڭ ئايەتلىرى ئوقۇلۇۋاتقان (يەنى ۋەھيى ئۈزۈلۈپ قالماي الله نىڭ ئايەتلىرى نازىل بولۇۋاتقان) ۋە ئاراڭلاردا الله نىڭ پەيغەمبىرى (ھايات) تۇرغان تۇرسا، قانداقمۇ كاپىر بولۇسىلەر؟ كىمكى الله غا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىدىكەن، ئۇ توغرا يولغا يېتەكلەنگەن بولىدۇ﴿101﴾.

(1) شۇئەرا سۈرىسى 88 ـ ئايەت.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھلى كىتابقا بويسۇنۇشتىن توسۇلغانلىقى

الله تائالا (بۇ ئايەتتە) مۆمىن بەندىلىرىنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ بېرىشتىن ئىبارەت (ئاتا قىلغان) نېئمىتىگە ھەسەت قىلىدىغان بىر تۈركۈم ئەھلى كىتابلارغا بويسۇنۇشتىن توسىدۇ. الله تائالا ئەھلى كىتابنىڭ مۆمىنلەرگە ھەسەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (يەنى دىنىڭلارنىڭ ھەقلىقى) ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ﴾[1] شۇنىڭدەك، الله تائالا بۇ يەردە مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەگەر ئەھلى كىتابتىن بىر پىرقىغە ئىتائەت قىلساڭلار، مۆمىن بولغىنىڭلاردىن كېيىن، ئۇلار سىلەرنى كاپىر قىلىپ قويىدۇ﴾**.

﴿سىلەرگە الله نىڭ ئايەتلىرى ئوقۇلۇۋاتقان (يەنى ۋەھى ئۈزۈلۈپ قالماي الله نىڭ ئايەتلىرى نازىل بولۇۋاتقان) ۋە ئاراڭلاردا الله نىڭ پەيغەمبىرى (ھايات) تۇرغان تۇرسا، قانداقمۇ كاپىر بولۇسىلەر؟﴾ يەنى شەكسىزكى، كۇپۇرلۇق سىلەردىن يىراقتۇر، (الله) سىلەرنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن، شۈبھىسىزكى، الله تائالانىڭ ئايەتلىرى كېچە ـ كۈندۈزلەپ ئۈزۈلمەي چۈشۈۋاتىدۇ، الله نىڭ پەيغەمبىرى بۇ ئايەتلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدۇ ۋە ئۇنى سىلەرگە يەتكۈزىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿(ئى كۇففارلار!) سىلەر نېمىشقا الله غا ئىمان كەلتۈرمەيسىلەر؟ ھالبۇكى، پەيغەمبەر سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرىدۇ، الله سىلەردىن چىن ئەھدە ئالدى، ئەگەر ئىمان كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلساڭلار (ئىمانغا ئالدىراڭلار)﴾[2].

(بۇ ھەقتە) ھەدىستە مۇنداق رىۋايەت قىلىندى: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن: «سىلەر (ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن) كىمنىڭ ئىمانىغا بەك ھەيران قالىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: پەرىشتىلەرنىڭ ئىمانىغا، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ يېنىدا تۇرسا قانداقمۇ ئىمان ئېيتمىسۇن؟» دېدى. ساھابىلار: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىمانىغا، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ۋەھيي پەيغەمبەرلەرگە چۈشىدىغان تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ ئىمان ئېيتمىسۇن؟» دېدى. ئۇلار: ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ ئىمانىمىزغا، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا تۇرسام، سىلەر قانداقمۇ ئىمان ئېيتمايسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: ئۇنداق بولسا، ئۇلار كىملەر؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار سىلەردىن كېيىن كېلىپ، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرگە چىلىك ئېسىلىپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدىغان كىشىلەردۇر» دېدى.

﴿كىمكى الله غا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىدىكەن، ئۇ توغرا يولغا يېتەكلەنگەن بولىدۇ﴾ يەنى شۇنىڭ بىلەن بىللە، الله تائالاغا ئېسىلىش ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلىش ھىدايەت تېپىشتىكى چوڭ ئاساستۇر، ئازغۇنلۇقتىن يىراق بولۇش ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلىقتۇر، توغرا يولنى تېپىش ۋە مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن كاتتا ۋاستىدۇر.

****

(1) بەقەرە سۈرىسى 109 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھەدىد سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ حَقَّ تُقَاتِهِۦ وَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنتُم مُّسۡلِمُونَ ﴿١٠٢﴾ وَٱعۡتَصِمُواْ بِحَبۡلِ
ٱللَّهِ جَمِيعٗا وَلَا تَفَرَّقُواْۚ وَٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ إِذۡ كُنتُمۡ أَعۡدَآءٗ فَأَلَّفَ بَيۡنَ قُلُوبِكُمۡ فَأَصۡبَحۡتُم
بِنِعۡمَتِهِۦٓ إِخۡوَٰنٗا وَكُنتُمۡ عَلَىٰ شَفَا حُفۡرَةٖ مِّنَ ٱلنَّارِ فَأَنقَذَكُم مِّنۡهَاۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ
لَعَلَّكُمۡ تَهۡتَدُونَ ﴿١٠٣﴾

ئى مۆمىنلەر! **الله** غا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار﴿102﴾. ھەممىڭلار **الله** نىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى **الله** نىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار). **الله** نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، **الله** دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، **الله** نىڭ نېئمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، **الله** سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، **الله** ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ﴿103﴾.

الله تائالاغا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىش دېگەن نېمە؟

﴿الله غا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **الله** غا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىش دېگەن، **الله** تائالاغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭغا ئاسىي بولماسلىقنى، **الله** تائالانى ئۇنتۇپ قالماي ئەسلەپ تۇرۇشنى، **الله** تائالانىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىدىن تانماي شۈكرى ئېيتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: بىر بەندە ئۆزىنىڭ تىلىنى ساقلىمىغۇچە **الله** غا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلالمايدۇ، ـ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى.

﴿پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار﴾ يەنى سىلەر مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەن ئۆلۈشۈڭلار ئۈچۈن، تېنىڭلار ساق ۋاقتىدا ئىسلام دىنىنى ياخشى ساقلاڭلار. چۈنكى، **الله** تائالانىڭ بەندىلەرگە تۇتقان يولى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بەندە قانداق بىر ئەمەلدە ياشىسا، ئۇنى شۇ ئەمەلى بويىچە ئۆلتۈرىدۇ ۋە قانداق ھالەتتە ئۆلگەن بولسا، قەبرىدىن شۇ بويىچە تۇرغۇزىدۇ. بىز **الله** تائالادىن **الله** تائالا ياخشى كۆرمەيدىغان ئەمەلىمىز بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ، شۇ ئەمەل بىلەن قەبرىدىن تۇرغۇزۇلۇپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمىز.

ئىمام ئەھمەد مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر كەبىنى تاۋاپ قىلىۋاتاتتى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا ھاسىغا ئوخشاش بىر نەرسە بار ئىدى. ئۇ ئەلەيھىسسالامنىڭ: **﴿ئى مۆمىنلەر! الله غا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ: «ئەگەر (دوزاختا كىرگەن كىشىلەرنىڭ يەيدىغان تامىقى بولىدىغان، تەمى ناھايىتى ئاچچىق، پۇرىقى ناھايىتى بەتبۇي) زەققۇم دېگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ سۈيىدىن زېمىنغا بىر تامچە تېمىپ كەتسە، ئۇ زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ يېمەكلىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاچچىق قىلىۋەتكەن بولاتتى. ئەگەر بىر تامچىسى شۇ دەرىجىدە ئاچچىق بولسا، تائامى زەققۇم دەرىخىدىن بولغان دوزاختىكى كىشىلەرنىڭ ھالى نېمە بولۇپ كېتەر؟» دېگەنلىكىنى

سۆزلەپ بەردى.

ئىمام ئەھمەد جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار (ئۆلگەندە) الله تائالانى ياخشى گۇمان (يەنى ياخشىلىقنى ئۈمىد) قىلىپ ئۆلسۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: بەندەم مەن توغرۇلۇق قانداق گۇماندا بولسا، مەن شۇ گۇمان بويىچىدۇرمەن»[1].

الله تائالانىڭ ئارغامچىسىغا چىڭ ئېسىلىش ۋە جامائەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق توغرىسىدا

﴿ھەممىڭلار الله نىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار)﴾، **﴿الله نىڭ ئارغامچىسىغا﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: "الله تائالانىڭ ۋەدىسىگە" دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېگەنلەرمۇ بار.

﴿ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار)﴾ يەنى ئۇلارنى جامائەتلەر (يەنى كۆپچىلىك) بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشقا بۇيرۇدى ۋە بۆلگۈنچىلىكتىن توسۇپ، ئىتتىپاقلىششقا بۇيرۇغان نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بار.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەزمەن الله تائالا سىلەردىن ئۈچ نەرسىگە رازى بولىدۇ ۋە ئۈچ نەرسىنىڭ سىلەردە بولۇشىنى يامان كۆرىدۇ. سىلەرنىڭ الله تائالاغا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشىڭلار، ھەممىڭلارنىڭ الله تائالانىڭ ئارغامچىسىغا چىڭ ئېسىلىپ بۆلۈنۈپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە الله تائالا سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا ئىگە قىلغان كىشىگە (يەنى سىلەرنىڭ باشلىقىڭلارغا) سەممىي بولۇشىڭلاردىن ئىبارەتتۇر. سىلەرنىڭ مۇنداقمىش ـ ئۇنداقمىش دېيىشىڭلارنى (يەنى پايدىسى يوق سۆزلەرنى كۆپ قىلىشىڭلار)، تولا سوئال سورىشىڭلار ۋە مال ـ مۈلۈكنى ئورۇنسىز يەرلەرگە ئىشلىتىپ، زايا قىلىشىڭلاردىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى يامان كۆرىدۇ».

﴿الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، الله دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، الله نىڭ نېئمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار﴾ بۇ ئايەت ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسى توغرىسىدا چۈشكەن. ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار بولۇپ، ئۇرۇش كۆپ سادىر بولاتتى ھەم ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتەتتى. الله تائالا ئىسلامنى ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر الله يولىدا دوست بولۇشىدىغان ۋە ياخشى

---

(1) بەندەم: الله گۇناھىمنى كەچۈرىۋېتىدۇ، ـ دەپ گۇمان قىلسا، مەن ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىمەن. تەۋبەمنى قوبۇل قىلىدۇ، ـ دەپ گۇمان قىلسا، تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن.

ئىشلاردا ياردەملىشىدىغان قېرىنداشلارغا ئايلاندى.

﴿الله سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۆمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈردى. الله مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ؛ لېكىن الله (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامىلەسى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1] ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆپۈرلۈكى سەۋەبى بىلەن دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدى، الله ئۇلارنى ئىمانغا باشلاش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ھۆنەين ئۇرۇشىدا ئولجىغا چۈشكەن غەنىمەتلەرنى بۆلۈشىدىغان كۈنى الله تائالانىڭ مۇسۇلمانلارنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ۋە ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلارغا بەرگەن نېئمىتىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ بېرىشى بويىچە ئىسلامغا يېڭىدىن كىرگەن مۇسۇلمانلارغا غەنىمەتلەرنى كۆپرەك بۆلۈپ بەرگەن ئىدى. ئەسلىدە بۇ بىر تەدبىر بولۇپ، بۇ تەدبىرنى مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ ئەنسارىلار چۈشىنەلمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئازراق خاپا بولۇپ قالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئى ئەنسارىلار گۇرۇھى! مەن سىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا سىلەر ئازغۇنلۇقتا ئىدىڭلار، الله تائالا مەن ئارقىلىق سىلەرنى توغرا يولغا باشلىدى. سىلەر چېچىلاڭغۇ ئىدىڭلار، الله مەن ئارقىلىق سىلەرنى بىرلەشتۈردى. سىلەر پېقىر ئىدىڭلار، الله تائالا مەن ئارقىلىق سىلەرنى باي قىلدى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىر سۆزىنى قىلغاندا، ئۇلار: الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن ۋە قەدىرلىك، ـ دەيتتى.

****

وَلۡتَكُن مِّنكُمۡ أُمَّةٞ يَدۡعُونَ إِلَى ٱلۡخَيۡرِ وَيَأۡمُرُونَ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَيَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ
ٱلۡمُفۡلِحُونَ ﴿١٠٤﴾ وَلَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ تَفَرَّقُواْ وَٱخۡتَلَفُواْ مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَهُمُ ٱلۡبَيِّنَٰتُۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ
عَذَابٌ عَظِيمٞ ﴿١٠٥﴾ يَوۡمَ تَبۡيَضُّ وُجُوهٞ وَتَسۡوَدُّ وُجُوهٞۚ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ٱسۡوَدَّتۡ وُجُوهُهُمۡ أَكَفَرۡتُم بَعۡدَ
إِيمَٰنِكُمۡ فَذُوقُواْ ٱلۡعَذَابَ بِمَا كُنتُمۡ تَكۡفُرُونَ ﴿١٠٦﴾ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ ٱبۡيَضَّتۡ وُجُوهُهُمۡ فَفِي رَحۡمَةِ ٱللَّهِۖ هُمۡ
فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿١٠٧﴾ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱللَّهِ نَتۡلُوهَا عَلَيۡكَ بِٱلۡحَقِّۗ وَمَا ٱللَّهُ يُرِيدُ ظُلۡمٗا لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٠٨﴾ وَلِلَّهِ مَا فِي
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرۡجَعُ ٱلۡأُمُورُ ﴿١٠٩﴾

سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴿104﴾. روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿105﴾. شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) بەزى يۈزلەر (يەنى مۆمىنلەرنىڭ يۈزلىرى) ئاقىرىدۇ، بەزى يۈزلەر (يەنى كۇففارلارنىڭ يۈزلىرى) قارىيىدۇ، يۈزى قارايغانلارغا (پەرىشتىلەر ئېيتىدۇكى) «ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن كاپىر بولدۇڭلارمۇ؟ كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار»﴿106﴾. يۈزى ئاقارغانلار الله نىڭ رەھمىتىدە (يەنى جەننەتتە)

(1) ئەنفال سۈرىسى 62 ـــ 63 ـ ئايەتلەر.

بولىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدا (يەنى جەننەتتە) مەڭگۈ قالىدۇ﴿107﴾. بۇ اللّٰه نىڭ ئايەتلىرىدۇر، ئۇلارنى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا راست ئوقۇپ بېرىمىز، اللّٰه جاھان ئەھلىگە زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ﴿108﴾. ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر اللّٰه نىڭ (مۈلكى، مەخلۇقاتى ۋە بەندىلىرى) دۇر، ھەممە ئىشلار اللّٰه غا قايتۇرۇلىدۇ﴿109﴾

اللّٰه تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش توغرىسىدا

﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾ زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇلار ساھابىلار، مۇجاھىدلار ۋە ئالىملارنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر تۈركۈم كىشىلەردۇر.

بۇ ئايەتنىڭ مەقسىتى: اللّٰه تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر كىشىگە (قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە) پەرز بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر بۇ ئىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ چىقسۇن، ــ دېمەكچى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن بىر كىشى يامان ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن. ئەگەر قولى بىلەن ئۆزگەرتىشكە كۈچى يەتمىسە، تىلى ئارقىلىق ئۆزگەرتسۇن. ئەگەر تىلى ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە كۈچى يەتمىسە، كۆڭلىدە نارازىلىق بىلدۈرسۇن. كۆڭلىدە نارازىلىق بىلدۈرۈش ئىماننىڭ ئەڭ زەئىپ ئىكەنلىكىنىڭ (ئالامىتىدۇر)».

ئىمام ئەھمەد ھۇزەيفە ئىبنى ياماندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە، سىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇيسىلەر ۋە يامانلىقتىن توسىسىلەر. (ئۇنداق قىلمىساڭلار) اللّٰه تائالا سىلەرگە يېقىندا بىر ئازابنى ئەۋەتىشى مۇمكىن. ئاندىن سىلەر اللّٰه تائالاغا دۇئا قىلساڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلمايدۇ». بۇ مەزمۇندا كەلگەن دىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر، اللّٰه خالىسا باشقا ئورۇنلاردا يەنە كەلتۈرىمىز.

بۆلۈنۈپ كېتىشتىن توسۇش توغرىسىدا

﴿روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دەك بولماڭلار﴾ يەنى اللّٰه تائالا بۇ ئۈممەتنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە ئوخشاش ئۇچۇق پاكىتقا ئىگە تۇرۇقلۇق بۆلۈنۈپ، ئىختىلاپ قىلىشىپ، ياخشىلىققا بۇيرۇماسلىق ۋە يامانلىقتىن توسماسلىقتەك ئەھۋالغا ئوخشىشىپ قېلىشىدىن توسىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇئامىر ئابدۇللاھ ئىبنى لۇھەيىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيان بىلەن بىرگە ھەج قىلغان ئىدۇق. مەككىگە كەلگەن ۋاقتىمىزدا مۇئاۋىيە ئىبنى سۇفيان پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

سۆزلەپ بەردى: «ھەقىقەتەن ئەھلى كىتابلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىدا يەتمىش ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈندى. شەكسىزكى، بۇ ئۈممەت (يەنى ئىسلام ئۈممىتى) پات ئارىدا يەتمىش ئۈچ گۇرۇھقا بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر گۇرۇھتىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى دوزاختا بولىدۇ. ئۇ بىر گۇرۇھ بولسا، ئىسلامنىڭ ھەقىقىي يولىدا ماڭغان جامائەتتۇر. مېنىڭ ئۈممەتلىرىمنىڭ ئىچىدىن بىر تۈرلۈك كىشىلەر چىقىدۇ. ئۇلار خۇددى يۇقۇملۇق كېسەل (شۇ كېسەل يۇققان) كىشىنىڭ قان تومۇر ۋە پۈتۈن ئۇستىخانلىرىغىچە سىڭىپ كەتكىنىگە ئوخشاش، ھېلىقى بۆلۈنۈش ئۇ كىشىلەر ئارىسىغىمۇ شۇنداق سىڭىپ كېتىدۇ». مۇئاۋىيە ئىبنى سۇفيان يەنە مۇنداق دېدى: ئى ئەرەبلەر گۇرۇھى! **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر پەيغەمبىرىڭلار ئېلىپ كەلگەن دىنىنى بەرپا قىلمىساڭلار، ئەلۋەتتە، سىلەردىن باشقا كىشىلەر ئۇنى بەرپا قىلمايدۇ، ـ دېدى.

ئىتتىپاقلىق ۋە ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى نەتىجىلىرى

﴿شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) بەزى يۈزلەر (يەنى مۆمىنلەرنىڭ يۈزلىرى) ئاقىرىدۇ، بەزى يۈزلەر (يەنى كۇففارلارنىڭ يۈزلىرى) قارىيىدۇ﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى سۈننەتكە ئەگىشىپ ماڭغان كىشىلەرنىڭ يۈزلىرى ئاق، بىدئەتخور ۋە بۆلگۈنچى كىشىلەرنىڭ يۈزلىرى قارا بولىدۇ.

﴿يۈزى قارايغانلارغا (پەرىشتىلەر ئېيتىدۇكى) «ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن كاپىر بولدۇڭلارمۇ؟﴾ ھەسەنبەسرى: بۇلار مۇناپىقلاردۇر، ـ دېدى. **﴿كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار»﴾** بۇ سۈپەت بارلىق كاپىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

﴿يۈزى ئاقارغانلار الله نىڭ رەھمىتىدە (يەنى جەننەتتە) بولىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدا (يەنى جەننەتتە) مەڭگۈ قالىدۇ﴾. ئىمام تىرمىزى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇغالىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇئۇمامە دەمەشقنىڭ يوللىرىغا ئېسىپ قويۇلغان نۇرغۇنلىغان ئادەم باشلىرىنى كۆرۈپ: (بۇلار) دوزاخنىڭ ئىتلىرىدۇر. ئەڭ يامان ئۆلۈمدە ئۆلگەن كىشى ئاسماننىڭ ئاستىدا ئۆلگەن كىشى (يەنى ئۆلۈكى كۆمۈلمەي قالغان كىشىدۇر). ئەڭ ياخشى ئۆلۈمدە ئۆلگەن كىشى بۇ خىل كىشىلەر ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدۇر، ـ ۋە: **﴿شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) بەزى يۈزلەر (يەنى مۆمىنلەرنىڭ يۈزلىرى) ئاقىرىدۇ، بەزى يۈزلەر (يەنى كۇففارلارنىڭ يۈزلىرى) قارىيىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى ئاخىرىغىچە ئوقۇدى. مەن (ئەبۇغالىب) ئەبۇئۇمامەدىن: سەن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ: ئەگەر مەن ئۇنى (بىر قېتىم، ئىككى قېتىم، ئۈچ قېتىم ياكى تۆت قېتىم، تاكى يەتتە قېتىمغىچە ساناپ) ئاڭلىمىغان بولسام، سىلەرگە سۆزلەپ بەرمەيتتىم، ـ دېدى.

﴿بۇ الله نىڭ ئايەتلىرىدۇر، ئۇلارنى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا راست ئوقۇپ بېرىمىز﴾، **﴿الله جاھان ئەھلىگە زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ﴾** يەنى ئۇ ئۇلارغا زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى، ئۇ زۇلۇم قىلمايدىغان ئادىل ھاكىمدۇر. چۈنكى، ئۇ ھەممە ئىشقا كۈچى يەتكۈچىدۇر، ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن بىر كىشىگە زۇلۇم قىلىشقا ھېچقانداق بىر ئېھتىياج تۇغۇلمايدۇ.

﴿ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر الله نىڭ (مۈلكى، مەخلۇقاتى ۋە بەندىلىرى) دۇر، ھەممە

ئىشلار الله غا قايتۇرۇلىدۇ﴾ يەنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە خالىغىنىچە ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر.

****

كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِٱلْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ ۗ
وَلَوْ ءَامَنَ أَهْلُ ٱلْكِتَٰبِ لَكَانَ خَيْرًا لَّهُم ۚ مِّنْهُمُ ٱلْمُؤْمِنُونَ وَأَكْثَرُهُمُ ٱلْفَٰسِقُونَ ﴿١١٠﴾
لَن يَضُرُّوكُمْ إِلَّآ أَذًى ۖ وَإِن يُقَٰتِلُوكُمْ يُوَلُّوكُمُ ٱلْأَدْبَارَ ثُمَّ لَا يُنصَرُونَ ﴿١١١﴾ ضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ ٱلذِّلَّةُ
أَيْنَ مَا ثُقِفُوٓا۟ إِلَّا بِحَبْلٍ مِّنَ ٱللَّهِ وَحَبْلٍ مِّنَ ٱلنَّاسِ وَبَآءُو بِغَضَبٍ مِّنَ ٱللَّهِ وَضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ ٱلْمَسْكَنَةُ ۚ
ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ كَانُوا۟ يَكْفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَيَقْتُلُونَ ٱلْأَنۢبِيَآءَ بِغَيْرِ حَقٍّ ۚ ذَٰلِكَ بِمَا عَصَوا۟ وَّكَانُوا۟
يَعْتَدُونَ ﴿١١٢﴾

(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، الله غا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴿110﴾. ئەگەر ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار) ئىمان ئېيتسا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئىشەنسە)، ئۇلار ئۈچۈن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۆمىنلەرمۇ بار، ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر﴿111﴾. ئۇلار سىلەرگە ئازار بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ؛ ئەگەر سىلەر بىلەن ئۇرۇشسا، سىلەرگە ئارقىسىنى قىلىپ قاچىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قەيەردە بولمىسۇن الله نىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىدە بولغانلىرىدىن باشقىلىرى خارلىققا پېتىپ قالدى، الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدى. موھتاجلىققا چۆمدى. بۇ ئۇلارنىڭ الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر، ئۇلارنىڭ الله نىڭ پەرمانىدىن چىقىپ كەتكەنلىكلىرى ۋە الله نىڭ چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر﴿112﴾.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈممەت ئىكەنلىكى

الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈممەت ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، الله غا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾**.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر كىشىلەرگە ئەڭ پايدا يەتكۈزىدىغان كىشىلەر. چۈنكى، سىلەر كىشىلەرنى ئىسلامغا زەنجىرلەر بىلەن بويۇنلىرىدىن سۆرىگەندەك ئېلىپ كېلىسىلەر. شۇنىڭدەك، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، ئەتىيە ئەۋفىي، ئىكرىمە، ئەتا ۋە رەبىئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر كىشىلەرگە ئەڭ پايدا يەتكۈزىدىغان كىشىلەردۇر.

ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجەنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر يەتمىش ئۈممەتنى تولۇقلىغۇچىدۇرسىلەر، سىلەر ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە الله تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىكىدۇرسىلەر». شەكسىزكى، بۇ ئۈممەت ياخشىلىقلارغا ئەڭ بۇرۇن يېتىش ۋاستىسىغا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئېرىشتى، (چۈنكى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىلى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكىدۇر. الله تائالا ئۇنى ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە بەرمىگەن مۇكەممەل ۋە كاتتا بىر شەرىئەت بىلەن ئەۋەتتى. ئۇنىڭ شەرىئىتىدە بولمىغان كىشىلەرنىڭ كۆپ ئەمەللىرىمۇ ئۇنىڭ شەرىئىتىدىكى كىشىنىڭ قىلغان ئازراق ئەمىلىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ماڭا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن ھېچقايسىسىغا بېرىلمىگەن نەرسىلەر بېرىلدى». ساھابىلار: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ نەرسىلەر نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ نەرسىلەر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سېلىش ئارقىلىق ماڭا ياردەم بېرىلدى، زېمىنلارنىڭ ئاچقۇچى بېرىلدى، مەن ئەھمەد دەپ ئاتالدىم، تۇپراق ماڭا پاكىز قىلىپ بېرىلدى ۋە مېنىڭ ئۈممىتىم ئۈممەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى قىلىندى» دېدى.

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن 70 مىڭ كىشىلىك بىر گۇرۇھ يۈزلىرى كېچىدىكى تولۇن ئاينىڭ نۇرىدەك نۇرلۇق ھالەتتە جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. شۇ چاغدا، ئۇككاشە ئىبنى مىھسەن ئەسەدى دېگەن كىشى ئۈچىسىدىكى كىيىمنى كۆتۈرگەن ھالەتتە قوپۇپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇشۇم ئۈچۈن الله غا دۇئا قىلساڭ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله ! ئۇنى ئۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلساڭ» دېدى. ئاندىن ئەنسارىلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى قوپۇپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇشۇم ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلساڭ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇككاشە سەندىن چاققان چىقتى» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى، ئۇ ئۈممەتنىڭ الله تائالاغا ئەڭ ھۆرمەتلىك ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى ئەڭ ياخشى ئۈممەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ كەلگەن باشقا ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

ئىمام ئەھمەد جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن مەن مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ماڭا ئەگەشكەن كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى جەننەتكە (كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ) تۆتتىن بىرى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن». شۇنىڭ بىلەن بىز: "الله ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۈچتىن بىرى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. بىز: "الله ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ يېرىمى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ تۆتتىن بىرى بولۇشۇڭلارغا رازى

بولمامسلەر؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز: "اللہ ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتتۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «سىلەر جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۈچتىن بىرى بولۇشقا رازى بولمامسلەر؟» دېدى. بىز يەنە: "اللہ ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ھەقىقەتەن مەن، سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ تۆتتىن بىرى بولۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

ئىمام ئەھمەد بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېدى: «جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەر بىر يۈز يىگىرمە سەپ بولىدۇ، ئۇنىڭ سەكسەن سېپى بۇ ئۈممەتتىن بولىدۇ».

ئابدۇرازاق ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز (دۇنياغا) ئەڭ ئاخىرىدا كەلدۇق، قىيامەت كۈنى ئەڭ ئالدىدا كېلىمىز، جەننەتكىمۇ باشقىلاردىن بۇرۇن كىرىمىز، لېكىن بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرگە بىزدىن بۇرۇن كىتاب بېرىلدى، بىزگە ئۇلاردىن كېيىن بېرىلدى، (قۇرئاندا اللہ تائالا ئۆز ئىرادىسى بىلەن) ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان ھەقىقەتكە بىزنى باشلىدى، ئۇلار جۈمە كۈنىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان ئىدى، (مۇسۇلمان ئەمەس) كىشىلەر جۈمە كۈنىدە بىزگە ئەگىشىدۇ. ئۇ كۈننىڭ ئەتىسى (يەنى شەنبە كۈنى) يەھۇدىيلار ئۈچۈندۇر. ئۆگۈنى (يەنى يەكشەنبە كۈنى) خرىستىئانلار ئۈچۈندۇر».

بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنىسى اللہ تائالانىڭ تۆۋەندە كەلگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، اللہ غا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر**﴾ بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدىن بۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشى، ئۇلار بىلەن بىللە مۇشۇ مەدھىيە ۋە ماختاشلارنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

قەتادە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر ھەجدە كىشىلەرنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ﴿**(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى، ئاندىن: كىمكى ئۆزىنىڭ بۇ ئۈممەتتىن بولغانلىقى ئۈچۈن خۇرسەن بولسا، ئۇ اللہ تائالانىڭ بۇ ئۈممەتتە بولغان شەرتىنى ئادا قىلسۇن، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق.

بىر كىشى بۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنمىسە، اللہ تائالا ئەيىبلىگەن ئەھلى كىتابلارغا ئوخشاپ قالىدۇ، اللہ تائالا (ئەھلى كىتابنى ئەيىبلەپ) مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر ـ بىرىنى توسمايتتى﴾[1]. شۇڭا اللہ تائالا بۇ ئۈممەتنى بۇ سۈپەتلەر بىلەن ماختاپ بولۇپ، ئەھلى كىتابنى ئەيىبلەشكە باشلاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار) ئىمان ئېيتسا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئىشەنسە)، ئۇلار ئۈچۈن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۆمىنلەرمۇ بار، ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدە اللہ تائالاغا، سىلەرگە چۈشۈرۈلگەن قۇرئانغا ۋە ئۆزلىرىگە چۈشۈرۈلگەن كىتابلارغا ئىشىنىدىغانلار ئاز بولۇپ، كۆپ قىسمى ئازغۇنلۇق، كۇپۇرلۇق، پاسىقلىق ۋە ئاسىيلىق ئىچىدىدۇر.

(1) مائىدە سۈرىسى 79 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھلى كىتاب ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا خۇش بېشارەت بېرىلگەنلىكى

الله تائالا مۆمىن بەندىلىرىگە (ئۇلارنىڭ) ئەھلى كىتاب كاپىرلىرىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار سىلەرگە ئازار بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ؛ ئەگەر سىلەر بىلەن ئۇرۇشسا، سىلەرگە ئارقىسىنى قىلىپ قاچىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ**﴾. دەرۋەقە شۇنداق بولدى. الله تائالا خەيبەر كۈنى خەيبەردىكى يەھۇدىيلارنى خارلىدى ۋە باش ئەگكۈزدى. شۇنىڭدەك، ئۇلاردىن ئىلگىرى مەدىنىدىكى يەھۇدىيلاردىن بەنۇقەينۇقا، بەنۇنەزىر ۋە بەنۇقۇرەيزە قەبىلىلىرىنىڭ يەھۇدىيلىرىنى باش ئەگكۈزدى. ساھابىلار شامدىكى خرىستىئانلارنى تارمار قىلدى ۋە ئۇلاردىن شامنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مەڭگۈلۈك تارتىۋالدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ (خرىستىئاننىڭ) بەلگىسى بولغان كرېستنى سۇندۇرۇپ، چوشقىنى ئۆلتۈرۈپ، جىزيەنى بىكار قىلىپ ئىسلامدىن باشقىسىنى قوبۇل قىلماي، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچە، ئىسلام گۇرۇھى شامدا مەڭگۈلۈك بولىدۇ.

﴿**ئۇلارنىڭ قەيەردە بولمىسۇن، الله نىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىدە بولغانلىرىدىن باشقىلىرى خارلىققا يېتىپ قالدى**﴾ يەنى ئۇلار قەيەردە بولسۇن، الله تائالا ئۇلارغا قوتۇلالمايدىغان خارلىق ۋە ئېزىلىشنى يېزىۋەتتى. لېكىن ئەھلى كىتابلارنىڭ ئىچىدىن ئۆز دىنىدا قېلىپ جىزيە تۆلەشنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى يۈرگۈزۈشنى قوبۇل قىلغانلار ياكى ئەھدە تۈزۈشكەندە ۋە ئەسىرلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، مۇسۇلمانلاردىن بىرىنىڭ كېپىللىكىگە ئۆتكەنلەر خارلىق ۋە ئېزىلىش پۈتۈلگەنلەرنىڭ سىرتىدا قالىدۇ. ئالىملارنىڭ بىر رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، مۇسۇلمان قۇلمۇ ئەھلى كىتابقا كېپىل بولالايدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ بۇ ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى الله تائالا ۋە كىشىلەردىن بولغان ئەھدى بىلەن دېگەنلىك بولىدۇ. مۇجاھىد، ئىكرىمە، ئەتا، زەھھاك، ھەسەن، قەتادە، سۇددى ۋە رەبىيئە ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش دېدى.

﴿**الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدى، موھتاجلىققا چۆمدى**﴾، ئۇلار شۇنىڭغا ھەقلىقتۇر. ئۇلارنىڭ شۇنداق بولۇشى تەقدىردە ۋە شەرىئەت ھۆكمىدە پۈتۈلۈپ كەتكەندۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**بۇ ئۇلارنىڭ الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر**﴾ يەنى ئۇلارنى مۇشۇنداق بولۇشقا ئېلىپ بارغان سەۋەب (ئۇلارنىڭ) ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشى، تاجاۋۇزچىلىق ۋە ھەسەت قىلىشىدۇر، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاخىرەتنىڭ خارلىقىغا تۇتىشىدىغان خارلىق ۋە موھتاجلىق بولدى.

﴿**ئۇلارنىڭ الله نىڭ پەرمانىدىن چىقىپ كەتكەنلىكلىرى ۋە الله نىڭ چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ ئايەتلىرىگە كاپىر بولغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرگەنلىكى، الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئاسىيلىق قىلغانلىقى، الله تائالانىڭ چەكلىگەن ئىشلىرىنى قىلغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ شەرىئىتىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. الله بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن!

* * * * * *

﴿لَيْسُوا۟ سَوَآءً ۗ مِّنْ أَهْلِ ٱلْكِتَـٰبِ أُمَّةٌ قَآئِمَةٌ يَتْلُونَ ءَايَـٰتِ ٱللَّهِ ءَانَآءَ ٱلَّيْلِ وَهُمْ يَسْجُدُونَ ﴿١١٣﴾
يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ وَيَأْمُرُونَ بِٱلْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمُنكَرِ وَيُسَـٰرِعُونَ
فِى ٱلْخَيْرَٰتِ وَأُو۟لَـٰٓئِكَ مِنَ ٱلصَّـٰلِحِينَ ﴿١١٤﴾ وَمَا يَفْعَلُوا۟ مِنْ خَيْرٍ فَلَن يُكْفَرُوهُ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ
بِٱلْمُتَّقِينَ ﴿١١٥﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لَن تُغْنِىَ عَنْهُمْ أَمْوَٰلُهُمْ وَلَآ أَوْلَـٰدُهُم مِّنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔا ۖ وَأُو۟لَـٰٓئِكَ
أَصْحَـٰبُ ٱلنَّارِ ۚ هُمْ فِيهَا خَـٰلِدُونَ ﴿١١٦﴾ مَثَلُ مَا يُنفِقُونَ فِى هَـٰذِهِ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا كَمَثَلِ رِيحٍ فِيهَا صِرٌّ
أَصَابَتْ حَرْثَ قَوْمٍ ظَلَمُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ فَأَهْلَكَتْهُ ۚ وَمَا ظَلَمَهُمُ ٱللَّهُ وَلَـٰكِنْ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ﴿١١٧﴾

ئۇلار بىر خىل ئەمەس، ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالاردىن) كېچىلىرى اللہ نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ۋە سەجدە قىلىپ تۇرىدىغان بىر جامائە كىشىلەر بار﴿113﴾. ئۇلار اللہ غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ؛ ئەنە شۇلار ياخشىلاردىندۇر﴿114﴾. ئۇلار ھەرقانداق ياخشىلىقنى قىلسۇن، ئۇ بىكار كەتمەيدۇ. اللہ تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴿115﴾. شۈبھىسىزكى، كاپىرلارنىڭ ماللىرى، باللىرى اللہ نىڭ ئازابى ئالدىدا ھەرگىز ھېچ نەرسىگە دال بولالمايدۇ؛ ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ﴿116﴾. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا (رىيا قىلىپ) بەرگەن سەدىقىلىرى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان بىر قەۋمنىڭ زىرائىتىگە تېگىپ ئۇنى نابۇت قىلىۋەتكەن سوغۇق شامالغا ئوخشايدۇ (ئىگىلىرىنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن نابۇت قىلىنغان بۇ زىرائەتكە ئوخشاش، اللہ ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى بەربات قىلىدۇ). ئۇلارغا اللہ زۇلۇم قىلمىدى ۋە لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى﴿117﴾.

ئەھلى كىتاب ئىچىدىن مۇسۇلمان بولغان كىشىنىڭ ئارتۇقچىلىقى

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ۋە باشقىلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن بۇ ئايەتلەر ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، ئەسەد ئىبنى ئۇبەيد، سەئلەبە ئىبنى سەئيە، ئۇسەيد ئىبنى سەئيە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئەھلى كىتاب ئالىملىرىدىن ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر توغرىسىدا چۈشتى. يەنى ئەھلى كىتابلارنىڭ ئىچىدىن ئىلگىرى ئەيىبلىنىپ ئۆتكەن كىشىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇسۇلمان بولغانلار باراۋەر ئەمەس. شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار بىر خىل ئەمەس﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى باراۋەر ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۆمىنلەرمۇ، زالىملارمۇ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالاردىن) كېچىلىرى اللہ نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ۋە سەجدە قىلىپ تۇرىدىغان بىر جامائە كىشىلەر بار﴾** يەنى ئەھلى كىتابنىڭ ئىچىدە اللہ تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ماڭىدىغان، شەرىئىتىگە بويسۇنىدىغان، پەيغەمبىرىگە ئەگىشىدىغان، كېچىلىرى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيدىغان، نامازلىرىدا قۇرئان ئوقۇيدىغان كىشىلەرمۇ بار. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن اللہ غا ئىمان كەلتۈرىدىغان، سىلەرگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا)، ئۆزلىرىگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىشىنىدىغانلار بار؛ ئۇلار اللہ دىن قورقىدۇ﴾[1].

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 199 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ئۇلار ھەرقانداق ياخشىلىقنى قىلسۇن، ئۇ بىكار كەتمەيدۇ﴾ بەلكى، الله ئۇلارغا تولۇق مۇكاپات بېرىدۇ. ﴿الله تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾ يەنى ھەرقانداق كىشىنىڭ قىلغان ئەمەل ـ ئىبادىتى مەخپىي بولمايدۇ ۋە ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ ئەجرى بىكار كەتمەيدۇ.

ئاندىن الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ كاپىرلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، كاپىرلارنىڭماللىرى، باللىرى الله نىڭ ئازابى ئالدىدا ھەرگىز ھېچ نەرسىگە دال بولالمايدۇ﴾ يەنى الله تائالا كاپىرلارنى ئازابلىماقچى بولغاندا، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى ۋە باللىرى الله تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. ﴿ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ﴾.

كاپىرلارنىڭ قىلغان سەدىقىسى توغرىسىدا

الله كاپىرلارنىڭ قىلغان سەدىقىسى ھەققىدە مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا (رىيا قىلىپ) بەرگەن سەدىقىلىرى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان بىر قەۋمنىڭ زىرائىتىگە تېگىپ ئۇنى نابۇت قىلىۋەتكەن سوغۇق شامالغا ئوخشايدۇ﴾.

ئەتا: بۇ ئايەتتىكى «سوغۇق شامال» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى، ئۈششۈك ۋە مۆلدۈر دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە مۇجاھىد: كۆيدۈرىدىغان ئوت دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

بۇ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇرۇن دېگەن سۆزى بىلەن ئوخشاشتۇر. چۈنكى، قاتتىق سوغۇق شامال، خۇسۇسەن مۆلدۈر زىرائەت ۋە مېۋىلەرنى خۇددى بىر نەرسىنى ئوت كۆيدۈرگەندەك كۆيدۈرىۋېتىدۇ. يەنى قاتتىق سوغۇق شامال ياكى ئوت پىشقىلى ئاز قالغان زىرائەتلەرگە چۈشسە، زىرائەتلەرنى ۋەيران قىلىپ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى ياكى دېنىنى تۆكۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زىرائەتنىڭ ئىگىسى ھوسۇلغا ئەڭ موھتاج بولغان ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. خۇددى بۇ زىرائەتنىڭ مېۋىسى يوقاپ كەتكىنىگە ئوخشاش، الله كاپىرلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنىڭ ساۋابىنى يوق قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ياخشى ئەمەللەرنى ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەر ئارقىلىق ئېلىپ باردى. ﴿ئۇلارغا الله زۇلۇم قىلمىدى ۋە لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى﴾.

****

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ بِطَانَةً مِّن دُونِكُمْ لَا يَأْلُونَكُمْ خَبَالًا وَدُّواْ مَا عَنِتُّمْ قَدْ بَدَتِ
ٱلْبَغْضَآءُ مِنْ أَفْوَٰهِهِمْ وَمَا تُخْفِى صُدُورُهُمْ أَكْبَرُ ۚ قَدْ بَيَّنَّا لَكُمُ ٱلْءَايَٰتِ ۖ إِن كُنتُمْ تَعْقِلُونَ ﴿١١٨﴾
هَٰٓأَنتُمْ أُوْلَآءِ تُحِبُّونَهُمْ وَلَا يُحِبُّونَكُمْ وَتُؤْمِنُونَ بِٱلْكِتَٰبِ كُلِّهِۦ وَإِذَا لَقُوكُمْ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَوْاْ
عَضُّواْ عَلَيْكُمُ ٱلْأَنَامِلَ مِنَ ٱلْغَيْظِ ۚ قُلْ مُوتُواْ بِغَيْظِكُمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿١١٩﴾ إِن تَمْسَسْكُمْ
حَسَنَةٌ تَسُؤْهُمْ وَإِن تُصِبْكُمْ سَيِّئَةٌ يَفْرَحُواْ بِهَا ۖ وَإِن تَصْبِرُواْ وَتَتَّقُواْ لَا يَضُرُّكُمْ كَيْدُهُمْ
شَيْـًٔا ۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا يَعْمَلُونَ مُحِيطٌ ﴿١٢٠﴾

ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلاردىن بولمىغانلارنى (يەنى مۇناپىقلارنى) سىرداش قىلىۋالماڭلار، ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشەققەتتە قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭدۇر. شۈبھىسىزكى، ئەگەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار، سىلەرگە نۇرغۇن ئايەتلەرنى بايان قىلدۇق﴿118﴾. (ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) سىلەر ئۇلارنى دوست تۇتىسىلەر، ئۇلار سىلەرنى دوست تۇتمايدۇ (سىلەرگە بولغان دۈشمەنلىكىنى يوشۇرۇن تۇتىدۇ)، سىلەر (ھەممە ساماۋى) كىتابقا ئىشىنىسىلەر (شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار سىلەرنى ئۆچ كۆرىدۇ)، ئۇلار سىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، ئىمان ئېيتتۇق دەيدۇ. ئۆزلىرى يالغۇز قالغاندا سىلەرگە بولغان ئاچچىقىدىن بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئاچچىقىڭلار بىلەن ئۆلۈڭلار! (يەنى اﷲ ئۆلگىنىڭلارغا قەدەر ئاچچىقىڭلارنى داۋاملاشتۇرسۇن!)» اﷲ ھەقىقەتەن دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر﴿119﴾. ئەگەر سىلەرگە (كەڭچىلىك، مولچىلىق، نۇسرەت، غەنىمەت قاتارلىق) بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن قايغۇرىدۇ؛ ئەگەر سىلەرگە (ئېغىرچىلىق، قەھەتچىلىك ۋە مەغلۇبىيەت قاتارلىق) بىرەر يامانلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشال بولىدۇ. ئەگەر سىلەر (ئۇلارنىڭ ئەزىيىتىگە) سەۋر قىلساڭلار ۋە (سۆزۈڭلاردا، ھەرىكىتىڭلاردا اﷲ دىن) قورقساڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. اﷲ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ھەقىقەتەن تولۇق بىلگۈچىدۇر﴿120﴾.

مۆمىنلەرنىڭ مۆمىنلەردىن باشقىلارنى سىرداش تۇتماسلىقى توغرىسىدا

اﷲ تائالا (بۇ ئايەتتە) مۆمىن بەندىلىرىنى مۇناپىقلارنى سىرداش تۇتۇشتىن توستى. مۇناپىقلار مۆمىنلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلمايدۇ. يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن كۈچى ۋە پۈتۈن ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ سىلەرگە قارشىلىق قىلىش ۋە زەرەر يەتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ. مۆمىنلەرنىڭ قىيىنچىلىقتا ۋە جاپا ـ مۇشەققەتتە قېلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. **﴿ئۆزەڭلاردىن بولمىغانلارنى (يەنى مۇناپىقلارنى) سىرداش قىلىۋالماڭلار﴾** يەنى باشقا دىندىكىلەرنى سىرداش قىلىۋالماڭلار.

ئىمام بۇخارى، نەسەئى ۋە باشقىلار ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اﷲ ئەۋەتكەن ھەر بىر پەيغەمبەر ۋە قويۇپ قويغان ھەر بىر ئورۇن باسار ئۈچۈن ئىككى سىرداش بولىدۇ، بىر سىرداش ئۇنى ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرىدۇ. (يەنە) بىر سىرداش ئۇنى يامانلىققا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا قىزىقتۇرىدۇ. يامانلىققا بۇيرۇيدىغان سىرداشنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىپ قالغان كىشى (ھەقىقەتتە ئۇنى) اﷲ ساقلاپ قالغان كىشىدۇر».

ئىبنى ئەبۇھاتىم ئىبنى ئەبۇدەھقانەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىرى: ھىرە دېگەن يەرلىك بىر كاتىپ بالا بار ئىكەن، سەن ئۇنى ئۆزەڭگە كاتىپ قىلىۋالساڭ بولمامدۇ؟ ـ دېگەندە، ئۇ: ئۇنداق قىلسام، مۆمىنلەردىن بولمىغان بىرىنى سىرداش قىلىۋالغان بولىمەن، ـ دېدى.

ئايەت بىلەن بۇ ئەسەردە مۇسۇلمانلارنىڭ (دۈشمەنلەرگە يېتىپ قېلىشىدىن قورقىدىغان) ئىچكى ئىشلىرى ۋە سىرلىرىنى بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، كاتىپلىق (ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلار)

قا زىممىلارنى ئىشلىتىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىگە پاكىت بار. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ، ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشەققەتتە قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ**﴾ ئاندىن الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭدۇر**﴾ يەنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا دىللىرىدا يوشۇرغان ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت (ئۇلار سۆزلەۋاتقاندا) دىققەتسىزلىكتىن ئۇلارنىڭ تىللىرىدا ۋە يۈزلىرىدە ئاشكارا بولۇپ قالىدۇ. بۇ، ئەقىللىق كىشى ئۈچۈن مەخپىي ئەمەس. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار، سىلەرگە نۇرغۇن ئايەتلەرنى بايان قىلدۇق**﴾.

﴿**ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) سىلەر ئۇلارنى دوست تۇتىسىلەر، ئۇلار سىلەرنى دوست تۇتمايدۇ**﴾ يەنى ئى مۆمىنلەر! مۇناپىقلارنىڭ سىلەرگە ئاشكارا قىلغان ئىمانى ئۈچۈن ئۇلارنى دوست تۇتىسىلەر، ھالبۇكى، ئۇلار ئىچىدىمۇ ۋە تېشىدىمۇ سىلەرنى دوست تۇتمايدۇ.

﴿**سىلەر (ھەممە ساماۋى) كىتابقا ئىشىنىسىلەر (شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار سىلەرنى ئۆچ كۆرىدۇ)**﴾ يەنى سىلەر الله تائالا چۈشۈرگەن كىتابقا شەك قىلمايسىلەر، ئۇلار شەك قىلىدۇ. مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى (سىلەر) ئۆزەڭلەرنىڭ كىتابىغا، ئۇلارنىڭ كىتابىغا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى چۈشكەن كىتابلارغا (ئىمان ئېيتىسىلەر)، ئۇلار سىلەرنىڭ كىتابىڭلارغا ئىمان ئېيتمايدۇ. (ئەسلىدە سىلەرنىڭ ئۇلارنى يامان كۆرۈشۈڭلار ھەقلىقتۇر.

﴿**ئۇلار سىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، ئىمان ئېيتتۇق دەيدۇ. ئۆزلىرى يالغۇز قالغاندا سىلەرگە بولغان ئاچچىقىدىن بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ**﴾ بۇ مۇناپىقلارنىڭ ھالىدۇر. ئۇلار، الله تائالا: ﴿**ئۆزلىرى يالغۇز قالغاندا سىلەرگە بولغان ئاچچىقىدىن بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىدە بايان قىلغاندەك، سىرتقى كۆرۈنۈشتە مۆمىنلەرگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەردەك كۆرۈنۈشكە تىرىشىدۇ. لېكىن، (ئەمەلىيەتتە بولسا) ئۇلار مۆمىنلەرنىڭ دۈشمىنىدۇر.

﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئاچچىقىڭلار بىلەن ئۆلۈڭلار! (يەنى الله ئۆلگىنىڭلارغا قەدەر ئاچچىقىڭلارنى داۋاملاشتۇرسۇن!)» الله ھەقىقەتەن دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر**﴾ يەنى سىلەر مۆمىنلەرگە قانچىلىك ھەسەت قىلىپ ئاچچىقلانساڭلار، شۇ ئاچچىقلىنىشىڭلار بىلەن بىرگە، الله تائالانىڭ ئۆزىنىڭ نېئمىتىنى مۆمىن بەندىلىرىگە تولۇق بېرىدىغانلىقىنى ۋە دىنىنى مۇكەممەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ سۆزى بولغان قۇرئاننى ۋە دىنىنى ئۈستۈن قىلىدىغانلىقىنى چوقۇم بىلىپ قويۇڭلار ۋە ئاچچىقتا بوغۇلۇپ ئۆلۈڭلار.

﴿**الله ھەقىقەتەن دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر**﴾ يەنى الله تائالا سىلەرنىڭ مۆمىنلەرگە قارىتا دىللىرىڭلاردا ساقلىغان ئۆچمەنلىك، ھەسەت ۋە ئادەۋەتنى بىلگۈچىدۇر. ئۇ سىلەرنى دۇنيادا سىلەر ئارزۇ قىلغان نەرسىدىن باشقىسىنى بېرىش بىلەن ۋە ئاخىرەتتە دوزاختىكى مەڭگۈلۈك قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغۇچىدۇر.

﴿**ئەگەر سىلەرگە (كەڭچىلىك، مولچىلىق، نۇسرەت، غەنىمەت قاتارلىق) بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن قايغۇرىدۇ؛ ئەگەر سىلەرگە (ئېغىرچىلىق، قەھەتچىلىك ۋە مەغلۇبىيەت**

قاتارلىق) بىرەر يامانلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشال بولىدۇ﴿ بۇ ھالەت يەنى مۆمىنلەرگە مولچىلىق ۋە ياردەم يەتسە، ئۇلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، ياردەمچىلىرى كۈچەيسە، مۇناپىقلار ئۇسال بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلارغا بىرەر خەتەر يەتسە ياكى (الله تائالانىڭ بىر ھېكمىتى ئۈچۈن ئۇھۇد ئۇرۇشىدا بولغاندەك) دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلسا، مۇناپىقلار خۇشاللىنىپ كېتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ مۆمىنلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

الله تائالا مۆمىن بەندىلىرىگە مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەگەر سىلەر (ئۇلارنىڭ ئەزىيىتىگە) سەۋر قىلساڭلار ۋە (سۆزۈڭلاردا، ھەرىكىتىڭلاردا الله دىن) قورقساڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ﴿** بۇ، الله تائالانىڭ ئۇلارنى سەۋر قىلىش، تەقۋادارلىق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ھەممە تەرەپتىن قورشاپ تۇرىدىغان رەببىگە تەۋەككۈل قىلىش بىلەن يامان كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ۋە بۇزۇقلارنىڭ ھىيلىسىدىن ساقلىنىشقا قىلغان تەۋسىيەسىدۇر. الله تائالا ھەممىگە قادىردۇر. ئۇ خالىغان نەرسە بولىدۇ، خالىمىغان نەرسە بولمايدۇ، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ تەقدىر قىلىشى ۋە ئۇنىڭ خالىشى بويىچە بولىدۇ. الله تائالاغا تەۋەككۈل قىلغان كىشىگە (الله تائالا) يېتەرلىكتۇر.

****

وَإِذْ غَدَوْتَ مِنْ أَهْلِكَ تُبَوِّئُ ٱلْمُؤْمِنِينَ مَقَٰعِدَ لِلْقِتَالِ ۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿١٢١﴾ إِذْ هَمَّت طَّآئِفَتَانِ
مِنكُمْ أَن تَفْشَلَا وَٱللَّهُ وَلِيُّهُمَا ۗ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ﴿١٢٢﴾ وَلَقَدْ نَصَرَكُمُ ٱللَّهُ بِبَدْرٍ وَأَنتُمْ أَذِلَّةٌ ۖ
فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿١٢٣﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا سەن ئەتىگەندە ئۆيۈڭدىن (ئۇھۇدقا) چىقىپ مۆمىنلەرنى ئۇرۇش سەپلىرىگە ئورۇنلاشتۇردۇڭ، الله (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿121﴾. ئۆز ۋاقتىدا سىلەردىن ئىككى گۇرۇھ (بەنى سەلەمە ئايمىقى بىلەن بەنى ھارىسە ئايمىقى) ئاجىزلىق كۆرسەتمەكچى (يەنى قورقۇپ ئۇرۇش مەيدانىدىن قايتماقچى) بولدى؛ الله ئۇلارنىڭ مەدەتكارى ئىدى. (مۆمىنلەر جىمى ئەھۋالى ۋە جىمى ئىشلىرىدا) الله غىلا تەۋەككۈل قىلسۇن!﴿122﴾ الله سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قوراللىڭلار ئاز ئىدى). الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن الله دىن قورقۇڭلار﴿123﴾.

ئۇھۇد ئۇرۇشىنىڭ بايانى

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ئۇھۇد ئۇرۇشىنى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقان مۆمىنلەرنى سىنىغانلىقىنى، مۆمىنلەر بىلەن مۇناپىقلارنى ئايرىش ئۈچۈن سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ سەۋرىنى بايان قىلىپ كەلدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ھەسەن، قەتادە، سۇددى ۋە باشقىلار: بۇ ئايەتتە سۆزلەنگەن ۋەقەلىكتىن (كۆپ ساندىكى ئۆلىمالارنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا) ئۇھۇد ئۇرۇشى مەقسەت قىلىنىغان، ــ دېدى. ئۇھۇد

ئۇرۇشى ھىجرىيەنىڭ ئۈچىنچى يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ مەلۇم بىر شەنبە كۈنى بولغان. ئىكرىمە: شەۋۋال ئېيىنىڭ ئوتتۇرىدىكى شەنبە كۈنىدە بولغان، ـ دېدى. بۇ ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى مۇنداق: «مۇندىن بىر يىل ئىلگىرى بەدرى ئۇرۇشىدا مۇشرىكلارنىڭ كاتتىباشلىرى ئۆلتۈرۈلدى. ئەبۇسۇفيانىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى سودا كارۋىنى سالامەت قالدى. ئۇلارنىڭ كارۋانلىرى مەككىگە قايتقاندا (بەدرى ئۇرۇشىدا) ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ باللىرى ۋە ئۆلتۈرۈلمەي ساق قالغانلار ئەبۇسۇفيانغا: سەن بۇ ماللارنى موھەممەد بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئىشلەتكىن، ـ دېدى. ئەبۇسۇفيان بۇنىڭغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەبەش ۋە باشقىلاردىن بولۇپ ئۈچ مىڭغا يېقىن ئادەم توپلاپ (ئۇرۇشۇش ئۈچۈن) مەدىنە تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى ۋە مەدىنىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۇھۇد تېغىغا يېقىن بىر يەرگە كېلىپ چۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، مالىك ئىبنى ئەمرى دەپ ئاتىلىدىغان بەنۇنەججارلىق بىر كىشىنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى ۋە كىشىلەرگە ئۇرۇشۇش ئۈچۈن دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىغا چىقىش ياكى چىقماي مەدىنىدە تۇرۇۋېرىش توغرۇلۇق مەسلىھەت سالدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي دېگەن مۇناپىق مەدىنىدە تۇرۇشقا مەسلىھەت كۆرسىتىپ: ئەگەر كاپىرلار ئۇھۇدتىكى ئورنىدا تۇرسا، ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىسىز ئورۇندا تۇرغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار مەدىنىگە ئۇرۇش قىلىپ كىرسە، ئەرلەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. ئاياللار ۋە كىچىك باللار (ئۆگزىلەرگە چىقىۋېلىپ) ئۇلارغا تاشلارنى ئاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار مەدىنىگە كىرمەي قايتىپ كەتسە ،زىيان تارتقان ھالەتتە قايتىپ كېتىدۇ، ـ دېدى[1].

ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىن بەدرى ئۇرۇشىغا قاتنىشالمىغان بىر تۈكۈم كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىشقا مەسلىھەت بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۆيگە) كىرىپ ئۇرۇش كىيىملىرىنى كىيىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەجبۇرلاپ قويدۇقمۇ ـ قانداق؟ ـ دەپ پۇشايمان قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر خالىساڭ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقماي مەدىنىدە تۇرساق، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر پەيغەمبەر جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ بولغاندا الله ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلغۇچە (يەنى ئۇرۇشۇپ بىر تەرەپ بولمىغۇچە ئۇنىڭ) ئارقىغا قايتىشى دۇرۇس ئەمەس» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىڭغا يېقىن ساھابىسى بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلاندى. يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي (دېگەن مۇناپىق) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە قۇشۇلمىغانلىقىغا ئاچچىقلىنىپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى (مۇسۇلمانلارغا): بۈگۈن بىز سىلەرنىڭ ئۇرۇشىدىغانلىقىڭلارنى بىلىدىغان بولساق، ئەلۋەتتە بىز سىلەرگە ئەگىشەتتۇق ۋە لېكىن بىز بۈگۈن سىلەرنى ئۇرۇشمايدۇ دەپ قارايمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (قالغان ئەسكەرلەر بىلەن) يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇھۇد تېغىنىڭ (مەدىنىگە) يېقىن بىر جىلغىسىدىكى تۈزلەڭلىككە كېلىپ چۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسكەرلەرنى ئۇھۇد تېغى تەرىپىگە ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغۇزۇپ: «بىز ئۇرۇشقا بۇيرۇق بەرمىگۈچە ھېچ كىم ئۇرۇشمىسۇن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 700 گە يېقىن ساھابىسى بىلەن ئۇرۇشقا تەييارلاندى. ئوقياچىلار قوشۇنىغا بەنى ئەمرى ئىبنى ئەۋفنىڭ قېرىندىشى ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيرىنى باشلىق قىلدى. شۇ كۈنى ئوقياچىلارنىڭ سانى ئەللىك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەر بىزنى (كاپىرلارنىڭ) ئاتلىق قوشۇنىدىن مۇداپىئە قىلىڭلار، بىز سىلەر تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچراپ قالمايلى. بىز غەلىبە قىلغان

(1) باشقا تارىخ كىتابلىرىدا: بۇ سۆزنى دېگەن ئەسلى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر. مۇناپىقلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ئۇرۇشۇشتىن قېچىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ پىكرىگە قوشۇلغان دەپ بايان قىلىنىدۇ. بۇ قىسسىنىڭ باش ـ ئايىغىدىكى مەزمۇنلارمۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇ.

ياكى يېڭىلگەن تەقدىردىمۇ، سىلەر ئۇرۇنىڭلاردا چىڭ تۇرۇڭلار. ئەگەر قۇشلارنىڭ جەسىتىمىزنى ئېلىپ قاچقانلىقىنى كۆرسەڭلەرمۇ، سىلەر ئورنۇڭلاردىن ھەرگىزمىدىرلىماڭلار» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئۇرۇش كىيىمى كىيگەن ئىدى. بايراقنى بەنى ئابدۇددارنىڭ قېرىندىشى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرگە بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كۈنى بەزى كىچىك بالىلارغىمۇ (جەڭگە چىقىشقا) رۇخسەت قىلدى ۋە بەزىلىرىگە ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، خەندەك ئۇرۇشىدا (ئۇرۇشقا چىقىشقا) رۇخسەت قىلدى. قۇرەيش كاپىرلىرى ئۈچ مىڭ كىشى بىلەن (ئۇرۇشقا) تەييارلاندى. ئۇلار بىلەن بىرگە (بىر تەرەپتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان) ئىككى يۈز ئاتلىق قوشۇن بار بولۇپ، ئاتلىق قوشۇننىڭ ئوڭ قىسمىغا خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋە سول قىسمىغا ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇجەھىل قوماندان ئىدى. تۇغ بەنى ئابدۇددارنىڭ قولىدا ئىدى. ئىككى تەرەپ ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشنى (الله تائالا خالىسا) نۆۋەتتى كەلگەندە بايان قىلىمىز.

﴿ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا سەن ئەتىگەندە ئۆيۈڭدىن (ئۇھۇدقا) چىقىپ مۆمىنلەرنى ئۇرۇش سەپلىرىگە ئورۇنلاشتۇردۇڭ﴾ يەنى سەن ساھابىلارنى ئورۇنلىرىدا تۇرغۇزۇپ ئۇرۇشقا بۇيرۇغاندا، ئۇلارنى ئوڭغا ۋە سولغا ئايرىيسەن ﴿الله (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ يەنى الله سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلىغۇچىدۇر ۋە دىلىڭلاردىكىنى بىلگۈچىدۇر.

﴿ئۆز ۋاقتىدا سىلەردىن ئىككى گۇرۇھ (بەنى سەلەمە ئايمىقى بىلەن بەنى ھارىسە ئايمىقى) ئاجىزلىق كۆرسەتمەكچى (يەنى قورقۇپ ئۇرۇش مەيدانىدىن قايتماقچى) بولدى؛ الله ئۇلارنىڭ مەدەتكارى ئىدى. (مۆمىنلەر جىمى ئەھۋالى ۋە جىمى ئىشلىرىدا) الله غىلا تەۋەككۇل قىلسۇن!﴾ ئىمام بۇخارى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت بىزنىڭ ھەققىمىزدە چۈشكەن، بىز بەنۇھارىسە ۋە بەنۇسەلەمە دەپ ئىككى گۇرۇھ ئىدۇق. بۇ ئايەتتە الله تائالانىڭ: ﴿الله ئۇلارنىڭ مەدەتكارى ئىدى﴾ دېگەن سۆزىنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئايەتنىڭ بىزنىڭ ھەققىمىزدە چۈشكەنلىكى مېنى خۇرسەن قىلىدۇ.

بەدرى ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاز، تەييارلىقى ئاددىي بولسىمۇ (الله تائالانىڭ ياردىمى بىلەن) غەلىبە قىلغانلىقى

﴿الله سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى﴾ بەدرى ئۇرۇشى ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى يىلى رامىزان ئېيىنىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى (يەنى جۈمە كۈنىدە) يۈز بەرگەن ئىدى. ئۇ كۈن مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، الله تائالا ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئېزىز قىلغان، شېرىك كەلتۈرۈشتەك ئازغۇنلۇقنى يوق قىلىپ، ھەق بىلەن ناھەقنىڭ ئايرىلىقىنى ئايرىغان كۈندۇر. بۇ كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئۈچيۈز ئون ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككىسى ئاتلىق، يەتمىشى تۆگىلىك بولۇپ، قالغانلىرى پىيادە ئىدى. ئۇلاردا زۆرۈر بولغان تەييارلىقلار تولۇق ئەمەس ئىدى. ئۇ كۈنى كاپىرلارنىڭ سانى توققۇز يۈزدىن مىڭغىچە ئىدى. ئۇلار تۆمۈر كىيىم ۋە قالپاق كىيگەن، تولۇق تەييارلانغان بولۇپ، جەڭ ئاتلىرىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، الله تائالا پەيغەمبىرىنى ئېزىز قىلدى، ۋەھيىسىنى ئاشكارا قىلدى (يەنى دىنىنى ئۈستۈن قىلدى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆمىنلەرنىڭ يۈزلىرىنى يورۇق قىلدى. شەيتان ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى بەربات قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا ئۆزىنىڭ

مۆمىن تەقۋادار بەندىلىرىگە بەرگەن نېئمەتلىرىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېدى: ﴿**اﷲ سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قوراللىرىڭلار ئاز ئىدى)، اﷲ نىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن اﷲ دىن قورقۇڭلار**﴾ يەنى سىلەرنىڭ سانىڭلار ئاز ئىدى، ئۇلار بىلىپ قويسۇنكى، ياردەم ھەقىقەتەن اﷲ تەرىپىدىنلا كېلىدۇ، ھەرگىز سانىنىڭ كۆپلۈكى ۋە تەييارلىقىنىڭ تولۇقلىقى بىلەن بولمايدۇ. شۇڭا اﷲ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿اﷲ سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەين كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلىكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇب بولمايمىز دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى)، سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورققىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇب بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئازغىنا مۆمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار. ئاندىن اﷲ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، سىلەرگە قوشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار)، اﷲ كاپىرلارنى (ئۆلتۈرۈلۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش بىلەن) ئازابلىدى، كاپىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، اﷲ خالىغان ئادەمگە تەۋبىنى نېسىپ قىلىدۇ (يەنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ). اﷲ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1]

"بەدرى" دېگەن ئاتالغۇ مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر قۇدۇقنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بىر مەھەللە بولۇپ، ئۇ قۇدۇقنى قازغان كىشىنىڭ ئىسمى بەدرى ئىبنى نارىن ئىدى.

* * * * * *

إِذۡ تَقُولُ لِلۡمُؤۡمِنِينَ أَلَن يَكۡفِيَكُمۡ أَن يُمِدَّكُمۡ رَبُّكُم بِثَلَٰثَةِ ءَالَٰفٖ مِّنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ مُنزَلِينَ ﴿١٢٤﴾ بَلَىٰٓۚ إِن
تَصۡبِرُواْ وَتَتَّقُواْ وَيَأۡتُوكُم مِّن فَوۡرِهِمۡ هَٰذَا يُمۡدِدۡكُمۡ رَبُّكُم بِخَمۡسَةِ ءَالَٰفٖ مِّنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ مُسَوِّمِينَ ﴿١٢٥﴾
وَمَا جَعَلَهُ ٱللَّهُ إِلَّا بُشۡرَىٰ لَكُمۡ وَلِتَطۡمَئِنَّ قُلُوبُكُم بِهِۦۗ وَمَا ٱلنَّصۡرُ إِلَّا مِنۡ عِندِ ٱللَّهِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَكِيمِ ﴿١٢٦﴾
لِيَقۡطَعَ طَرَفٗا مِّنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَوۡ يَكۡبِتَهُمۡ فَيَنقَلِبُواْ خَآئِبِينَ ﴿١٢٧﴾ لَيۡسَ لَكَ مِنَ ٱلۡأَمۡرِ شَيۡءٌ أَوۡ يَتُوبَ عَلَيۡهِمۡ
أَوۡ يُعَذِّبَهُمۡ فَإِنَّهُمۡ ظَٰلِمُونَ ﴿١٢٨﴾ وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ يَغۡفِرُ لِمَن يَشَآءُ وَيُعَذِّبُ مَن يَشَآءُۚ
وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١٢٩﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا سەن مۆمىنلەرگە: «پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە ئۈچ مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈپ ياردەم بەرسە يەنە يەتمەمدۇ؟» دەيتتىڭ﴿124﴾. شۇنداق، ئۇ يېتىدۇ. ئەگەر (جەڭدە) سەۋر قىلساڭلار، (اﷲ دىن) قورقۇپ (ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلساڭلار)، دۈشمەن دەرھال ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە بەش مىڭ نىشانلىق پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىدۇ﴿125﴾. اﷲ ئۇنى (يەنى پەرىشتىلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىشنى) پەقەت سىلەرگە خۇش خەۋەر بولسۇن ۋە دىلىڭلار شۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم بولسۇن (شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنىنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن قورقمىسۇن) دەپ

(1) تەۋبە سۈرىسى 25 ـ ئايەتتىن 27 ـ ئايەتكىچە.

قىلدى. ياردەم پەقەت غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى اللہ تەرىپىدىندۇر﴾126﴿. (اللہ نىڭ ياردىمى) كاپىرلارنىڭ بىر تۈركۈمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ياكى ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىز ھالدا مەغلۇپ بولۇشلىرى ئۈچۈندۇر﴾127﴿. (ئى مۇھەممەد!) ھېچ ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەدبىرى) سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس، اللہ يا ئۇلارنىڭ (مۇسۇلمان بولسا) تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، يا ئۇلار زالىم بولغانلىقى ئۈچۈن (كۇفرىدا چىڭ تۇرسا) ئۇلارنى ئازابقا دۇچار قىلىدۇ﴾128﴿. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى اللہ نىڭ مۈلكىدۇر. اللہ خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. اللہ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾129﴿.

پەرىشتىلەر بىلەن ياردەم بېرىش توغرىسىدا

تەپسىرشۇناس ئالىملار بۇ ۋەدە (يەنى پەرىشتىلەر بىلەن ياردەم بېرىشكە قىلىنغان ۋەدە) بەدرى ئۇرۇشىدا بولغانمۇ ياكى ئۇھۇد ئۇرۇشىدا بولغانمۇ؟ ـ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇنداق ئىككى خىل كۆز قاراشقا كەلدى: (ئۇنىڭ بىرى) اللہ تائالانىڭ: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا سەن مۆمىنلەرگە: «پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە ئۈچ مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈپ ياردەم بەرسە يەنە يەتمەمدۇ؟» دەيتتىڭ﴿** دېگەن ئايىتى بىلەن: **﴾اللہ سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى﴿** دېگەن ئايىتى گىراماتىكا جەھەتتە باغلىنىشلىقتۇر. بۇ كۆز قاراش ھەسەنبەسرى، ئامىر شەئبى، رەبىئ ئىبنى ئەنەس ۋە باشقىلاردىن رىۋايەت قىلىندى. ئىبنى جەرىرمۇ بۇ كۆز قاراشنى توغرا دەپ قارىدى. ئۇبباد ئىبنى مەنسۇر اللہ تائالانىڭ: **﴾(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا سەن مۆمىنلەرگە: «پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە ئۈچ مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈپ ياردەم بەرسە يەنە يەتمەمدۇ؟» دەيتتىڭ﴿** دېگەن ئايىتى ھەققىدە ھەسەننىڭ: بۇ بەدرى كۈنىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئامىر شەئبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەدرى كۈنى كۇرز ئىبنى جابىر دېگەن كىشىنىڭ مۇشرىكلارغا ياردەم بەرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر مۇسۇلمانلارغا يېتىپ باردى. بۇ ئىش مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن اللہ تائالا: **﴾ئۆز ۋاقتىدا سەن مۆمىنلەرگە: «پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە ئۈچ مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈپ ياردەم بەرسە يەنە يەتمەمدۇ؟»﴿** دېگەن ئايىتىنى چۈشۈردى. كۇرز دېگەن كىشىگە (كاپىرلارنىڭ) يېڭىلگەنلىكى توغرۇلۇق خەۋەر يېتىپ بېرىۋىدى، ئۇ مۇشرىكلارغا ياردەم بەرمەس بولدى. اللہ تائالا مۇسۇلمانلارغىمۇ بەش مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بەرمىدى.

رەبىئ ئىبنى ئەنەس: اللہ تائالا مۇسۇلمانلارغا مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بەردى، ئۇلار ئۈچ مىڭ بولدى. ئاندىن بەش مىڭ بولدى، ـ دېدى. ئەگەر بۇ ئايەتلەر بىلەن (يەنى پەرىشتىلەر دەسلەپتە ئۈچ مىڭ، ئاندىن بەش مىڭ بولۇپ چۈشكەنلىكىنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەتلەر بىلەن) اللہ تائالانىڭ بەدرى ئۇرۇشى توغرۇلۇق بايان قىلىپ كەلگەن: ﴾ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، اللہ : «سىلەرگە ئارقىمۇ ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى. اللہ سىلەرگە پەقەت (غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭلارغا) بېشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا ياردەم بەردى. ياردەم پەقەت اللہ تەرىپىدىنلا كېلىدۇ. اللہ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿[1] (يەنى ئارقىمۇ ئارقا چۈشىدىغان مىڭ

(1) ئەنفال سۈرىسى 9 ــــ 10 ـ ئايەتلەر.

پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن) دېگەن ئايەتنىڭ ئارىلىقىنىڭ قانداق بىرلەشتۈرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا سوئال قويۇلسا، بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب مۇنداق:

الله تائالانىڭ: ﴿**ئارقىمۇ ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن»**﴾ دېگەن ئايىتىدە مىڭدىن، مىڭدىن ئارقىمۇ ئارقا چۈشۈپ يۇقىرىدىكى سان تولۇقلىنىدۇ، ـ دەپ كەلگەنلىكتىن، بۇ ئايەتلەرنىڭ ئارىلىقىدا ھېچقانداق قارىمۇ قارشىلىق يوق. بۇنىڭدىن بۇ ۋەدىنىڭ بەدرى كۈنىگە تەۋە ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا پەرىشتىلەرنىڭ ئۇرۇشقانلىقىمۇ بەدرى كۈنى بولغان. ﴿**شۇنداق، ئۇ يېتىدۇ. ئەگەر (جەڭدە) سەۋر قىلساڭلار، (الله دىن) قورقۇپ (ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلساڭلار) دۈشمەن دەرھال ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە بەش مىڭ نىشانلىق پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىدۇ**﴾.

(ئىككى خىل قاراشنىڭ يەنە بىرى) بۇ ۋەدە الله تائالانىڭ : ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا سەن ئەتىگەندە ئۆيۈڭدىن (ئۇھۇدقا) چىقىپ مۆمىنلەرنى ئۇرۇش سەپلىرىگە ئورۇنلاشتۇردۇڭ**﴾ دېگەن سۆزى بىلەن باغلىنىشلىقتۇر. ئۇنداق بولغاندا، بۇ ۋەدىنىڭ ئۇھۇد كۈنىگە قارىتىلغانلىقى بىلىنىدۇ. لېكىن الله تائالانىڭ: ﴿**ئەگەر (جەڭدە) سەۋر قىلساڭلار، (الله دىن) قورقۇپ (ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلساڭلار)**﴾ دېگەن ئايىتىدىن ئۇ كۈندە پەرىشتىلەر بىلەن ياردەم بېرىلمىگەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ، چۈنكى ئۇلار سەۋر قىلمىدى، بەلكى قاچتى. شۇڭا ئۇلارغا ھېچقانداق ياردەم بېرىلمىدى.

﴿**دۈشمەن دەرھال ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە بەش مىڭ نىشانلىق پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىدۇ**﴾ ئەبۇئىسھاق سەبىئى ھارىسە ئىبنى مۇزەرىبتىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەدرى كۈنى پەرىشتىلەرنىڭ نىشانى ئاق يۇڭ بولۇپ (ئۇلارنىڭ نىشانى) ئاتلىرىنىڭ چېكىلىرىدە ئىدى. مەكھۇل: ئۇلار سەللىلەر بىلەن نىشانلانغان ئىدى، ـ دەيدۇ. يەنى پەرىشتىلەرنىڭ نىشانى بەدرى كۈنى قارا سەللە، ھۆنەيىن كۈنى قىزىل سەللە ئىدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەرىشتىلەر بەدرى كۈنىدىن باشقا كۈندە ئۇرۇشمىغان.

ئىبنى ئەبۇھاتەم يەھيا ئىبنى ئۇببادنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدرى كۈنى سېرىق سەللە بىلەن (يۈزىنى يۆگىگەن ھالەتتە) ئىدى. پەرىشتىلەرمۇ سېرىق سەللە بىلەن چۈشتى.

﴿**الله ئۇنى (يەنى پەرىشتىلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىشنى) پەقەت سىلەرگە خۇش خەۋەر بولسۇن ۋە دىلىڭلار شۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم بولسۇن (شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن قورقمىسۇن) دەپ قىلدى**﴾ يەنى الله تائالانىڭ پەرىشتىلەرنى چۈشۈرۈشى ۋە سىلەرگە ئۇلارنى چۈشۈرگەنلىكىنى بىلدۈرۈشى پەقەت سىلەرگە خۇش بېشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۈڭلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈندۇر. ئەگەر الله خالىسا، سىلەر ئۇرۇش قىلمىساڭلارمۇ، ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن ئەلۋەتتە غەلىبە قىلالايتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر الله خالىسا، ئەلۋەتتە (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى، لېكىن الله بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىھادقا ئەمر قىلدى)، الله نىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ (يەنى

شىھىتلەرنىڭ) ئەمەللىرىنى الله بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. الله ئۇلارنى ھىدايەت قىلىدۇ ۋە ھالىنى ياخشىلايدۇ. الله ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، الله ئۇنى ئۇلارغا تونۇتتى (يەنى جەننەتكە كىرگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ يەردىكى جايىنى ئىلگىرى كۆرگەندەكلا بىلىدۇ)﴾[1].

﴿(الله نىڭ ياردىمى) كاپىرلارنىڭ بىر تۈركۈمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ياكى ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىز ھالدا مەغلۇپ بولۇشلىرى ئۈچۈندۇر﴾ يەنى الله تائالانىڭ سىلەرنى جىھاد قىلىشقا ۋە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇشىدا بىر ھېكمەت بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۆمىنلەر بىلەن ئۇرۇشقان كاپىرلارغا بولىدىغان ھەممە ئېھتىماللىقنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿(الله نىڭ ياردىمى) كاپىرلارنىڭ بىر تۈركۈمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ياكى ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىز ھالدا مەغلۇپ بولۇشلىرى ئۈچۈندۇر﴾** يەنى كاپىرلارنىڭ بىر تۈركۈمىنى ھالاك قىلىش ياكى ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ، مەقسىتىگە يەتكۈزمەي مەغلۇب قىلىش ئۈچۈندۇر.

ئاندىن الله تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆزىگىلا خاس ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ھېچ ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەدبىرى) سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس﴾** يەنى ھەممە ئىش ماڭىلا خاستۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارغا بىز ۋەدە قىلغان ئازابنىڭ بەزىسىنى ساڭا كۆرسەتسەكمۇ (يەنى سېنىڭ ھايات ۋاقتىڭدا نازىل قىلساقمۇ) ياكى سېنى (مۇشرىكلارغا ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن) قەبزى روھ قىلساقمۇ، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ھېساب ئېلىشتۇر﴾[2]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس (ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشىلەرگە الله نىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈشتۇر). لېكىن الله خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾[3]، ﴿شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن الله ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾[4].

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق الله تائالانىڭ: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ھېچ ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەدبىرى) سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: (ئى مۇھەممەد!) سەن بەندىلەر ئۈستىدە مەن (سېنى ھۆكۈم قىلىشقا) بۇيرۇغان ھۆكۈمدىن باشقا ھېچقانداق ھۆكۈمنى چىقىرالمايسەن.

الله تائالا مۆمىنلەر بىلەن ئۇرۇشقان كاپىرلارغا بولىدىغان باشقا ئېھتىماللىقلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله يا ئۇلارنىڭ (مۇسۇلمان بولسا) تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ﴾** يەنى كۇپۇرلۇقىغا قىلغان تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، گۇمراھلىقتىن توغرا يولغا باشلايدۇ. **﴿يا ئۇلار زالىم بولغانلىقى ئۈچۈن (كۇفرىدا چىڭ تۇرسا) ئۇلارنى ئازابقا دۇچار قىلىدۇ﴾**. يەنى كاپىر بولغانلىقى ۋە گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئازابلايدۇ. ئۇلار شۇ ئازابقا لايىقتۇر.

ئىمام بۇخارى سالىمنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدە رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە: «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە، رەببەنا لەكەلھەمد» نى دەپ بولۇپ: «ئى الله ! پالانى ۋە پالانىغا لەنەت قىلغىن» دېگەن ئىدى،

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 3 ـ ئايەتتىن 6 ـ ئايەتكىچە.
(2) رەئد سۈرىسى 40 ـ ئايەت.
(3) بەقەرە سۈرىسى 272 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) قەسەس سۈرىسى 56 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ھېچ ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەدبىرى) سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئىمام ئەھمەد سالىمنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى **الله** ! پالانىغا لەنەت قىلغىن. ئى **الله** ! ھارىس ئىبنى ھىشام، سۇھەيل ئىبنى ئەمرى ۋە سەفۋان ئىبنى ئۇمەييەلەرگە لەنەت قىلغىن!» دېگەن ئىدى، **الله** تائالا: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ھېچ ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەدبىرى) سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ زىيىنىغا ياكى ئۇنىڭ پايدىسىغا دۇئا قىلماقچى بولسا، رۇكۇدىن كېيىن دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇيتتى. بەزى ۋاقىتلاردا: «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە، رەببەنا لەكەلھەمد» دەپ بولۇپ: «ئى **الله** ! ۋەلىد ئىبنى ۋەلىد، سەلەمە ئىبنى ھىشام، ئەيياش ئىبنى ئەبۇرەبىيئە ۋە (باشقا) ئاجىز مۆمىنلەرنى قۇتقۇلدۇرغىن، ئازابىڭنى مۇزەرگە قاتتىق قىلغىن ۋە ئۇلارنىڭ يىللىرىنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ يىللىرىغا ئوخشاش (قەھەتچىلىك) قىلغىن» دېگەننى ئاشكارا دەپمۇ قوياتتى. ھەتتا **الله** تائالا: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ھېچ ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەدبىرى) سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغىچە، بامدات نامىزىدا ئەرەب مەھەللىلىرىدىن بەزىلىرىدىكى مەلۇم كىشىلەر ھەققىدە: «ئى **الله** ! پالانى ۋە پالانىغا لەنەت قىلغىن» دەيتتى.

ئىمام بۇخارى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇھۇد ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (يۈزى) يېرىلىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەيغەمبىرىنىڭ يۈزىنى يېرىۋەتكەن بىر مىللەت قانداق نىجات تاپىدۇ؟» دېدى. ئاندىن: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ھېچ ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەدبىرى) سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس**﴾ دېگەن ئايەت چۈشتى.

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇھۇد ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇدۇل چىشى سۇنۇپ كەتتى ۋە يۈزى يېرىلىپ، قان ئۇنىڭ يۈزىگىچە ئېقىپ چۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام **الله** تائالاغا دۇئا قىلىپ: «پەيغەمبىرىگە بۇنداق قىلغان مىللەت قانداق نىجات تاپىدۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن **الله** تائالا: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ھېچ ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەدبىرى) سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس**﴾ دېگەن مۇشۇ ئايەتنى چۈشۈردى.

﴿**ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭ مۈلكىدۇر. الله خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ**﴾ يەنى ھەممە نەرسە **الله** تائالانىڭ ئىلكىدە، ئاسمان - زېمىندىكى ھەممە مەخلۇقات **الله** تائالانىڭ بەندىسى، ئۇ خالىغان ھۆكۈمنى قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ھۆكمىگە ھېچكىم قارشى تۇرالمايدۇ. ئۇ قىلغان ئىشىدىن سورالمايدۇ، لېكىن مەخلۇقاتلار قىلغان ئىشىدىن سورۇلىدۇ ﴿**الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾.

****

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَأۡكُلُواْ ٱلرِّبَوٰٓاْ أَضۡعَٰفٗا مُّضَٰعَفَةٗۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ﴿١٣٠﴾
وَٱتَّقُواْ ٱلنَّارَ ٱلَّتِيٓ أُعِدَّتۡ لِلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٣١﴾ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ لَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ ﴿١٣٢﴾

وَسَارِعُوٓاْ إِلَىٰ مَغۡفِرَةٖ مِّن رَّبِّكُمۡ وَجَنَّةٍ عَرۡضُهَا ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ أُعِدَّتۡ لِلۡمُتَّقِينَ ﴿١٣٣﴾
ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي ٱلسَّرَّآءِ وَٱلضَّرَّآءِ وَٱلۡكَٰظِمِينَ ٱلۡغَيۡظَ وَٱلۡعَافِينَ عَنِ ٱلنَّاسِۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ
ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿١٣٤﴾ وَٱلَّذِينَ إِذَا فَعَلُواْ فَٰحِشَةً أَوۡ ظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ ذَكَرُواْ ٱللَّهَ فَٱسۡتَغۡفَرُواْ لِذُنُوبِهِمۡ
وَمَن يَغۡفِرُ ٱلذُّنُوبَ إِلَّا ٱللَّهُ وَلَمۡ يُصِرُّواْ عَلَىٰ مَا فَعَلُواْ وَهُمۡ يَعۡلَمُونَ ﴿١٣٥﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ﴾

ئى مۆمىنلەر! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن الله دىن (نەھيى قىلىنغان ئىشلارنى تەرك ئېتىپ) قورقۇڭلار﴿130﴾. كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاختىن (يەنى دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان يامان ئىشلاردىن) ساقلىنىڭلار﴿131﴾. سىلەرگە رەھمەت قىلىنىشى ئۈچۈن، الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴿132﴾ پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار﴿133﴾. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسنچىلىقتىمۇ الله يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. الله ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴿134﴾. تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا الله نى ياد ئېتىدۇ. گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان الله دىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ﴿135﴾. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى!﴿136﴾.

جازانىڭ مۇتلەق ھاراملىقى

الله تائالا مۆمىن بەندىلىرىنى جازانىخورلۇق قىلىش ۋە جازانىنى قاتمۇقات يېيىشتىن توستى. ئۇلار ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرىكى مەزگىلدە بىرەرسىگە قەرز بەرسە قەرزنىڭ ۋاقتى توشقاندا (قەرز ئالغان كىشىگە): قەرزنى قايتۇرغىن، قايتۇرالمىساڭ ئۇنىڭ ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ بەرگىن، ـ دەيتتى. ئەگەر (قەرز ئالغان كىشى) قەرزنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرالمىسا، ئۆسۈم بىلەن قايتۇراتتى. بۇ ھەر يىلى شۇنداق داۋاملىشىۋېرەتتى. ئاخىرىدا ئازراق پۇل قاتلىنىپ، قاتلىنىپ ناھايىتى جىق پۇلغا ئايلىنىپ قالاتتى.

الله تائالا بەندىلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىق تېپىشى ئۈچۈن ئۇلارنى تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇلارنى دوزاختىن قورقۇتۇپ ۋە ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: **﴿كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاختىن (يەنى دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان يامان ئىشلاردىن) ساقلىنىڭلار. سىلەرگە رەھمەت قىلىنىشى ئۈچۈن، الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾**.

ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ۋە جەننەتكە ئېرىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈش

الله تائالا مۆمىنلەرنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ۋە الله تائالاغا يېقىن بەندىلەردىن بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان﴾**

يەنى كاپىرلارغا دوزاخ تەييارلانغاندەك، ﴿مۆمىنلەرگە تەييارلانغان كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار﴾.

بۇ ئايەت جەننەتنىڭ بەكمۇ ئۇزۇن ئىكەنلىكىگە بېشارەتتۇر. بۇ خۇددى جەننەت تۆشەكلىرىنىڭ سۈپىتىدىكى: ﴿ئۇلار ئەستەرلىرى قېلىن تاۋاردىن بولغان تۆشەكلەرگە يۆلىنىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتتىكىدەك، ئەگەر جەننەت تۆشەكلىرىنىڭ ئەستەرلىرى قېلىن تاۋاردىن بولسا، ئۇلارنىڭ قېپى نېمىدىن بولىدىغاندۇ؟ دېگەنگە ئوخشايدۇ. يەنە بىر قاراشقا ئاساسلانغاندا، جەننەتنىڭ كەڭلىكى ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن ئوخشاشتۇر. چۈنكى، جەننەت ئەرشنىڭ ئاستىدىكى بىر گۈمبەزدۇر. گۈمبەز شەكىللىك نەرسىنىڭ كەڭلىكى (ئۇنىڭ) ئۇزۇنلىقى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر الله تائالادىن جەننەتنى سورىساڭلار، پىردەۋس دېگەن جەننەتنى سوراڭلار. ھەقىقەتەن پىردەۋس جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكىسى ۋە ئەڭ ئالىيسىدۇر. ئۇنىڭدىن جەننەتلەرنىڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرى ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۆگزىسى راھمان تائالانىڭ (يەنى راھمان سۈپەتلىك الله تائالانىڭ) تەختىدۇر».

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى الله تائالانىڭ: ﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈڭلار﴾[2] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ.

بەززار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ﴿كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار﴾ دېگەن ئايەتكە قارىغاندا، جەننەتنىڭ كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە بولسا، دوزاخ قەيەردە؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كېچىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كېچە كېلىپ ھەممە نەرسىنى قاپلىسا (يەنى ھەممە نەرسىنى قاراڭغۇلۇقنىڭ قوينىغا ئالسا)، كۈندۈز قەيەردە؟» دېدى. ئۇ كىشى: الله خالىغان يەردە، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنىڭدەك، دوزاخمۇ الله تائالا خالىغان يەردە بولىدۇ» دېدى.

بۇ ھەدىس ئىككى خىل مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىرى بىز كۈندۈزدە كېچىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمىسەكمۇ، بىلمىگەنلىكىمىز كېچىنىڭ يوقلۇقىنى ئىپادىلىمەيدۇ. شۇنىڭدەك، دوزاخمۇ الله خالىغان بىر يەردە بولىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، كۈندۈز ئالەمنىڭ بىر تەرىپىدە بولسا، كېچە يەنە بىر تەرىپىدە بولىدۇ. شۇنىڭدەك، جەننەت ئاسمانلارنىڭ ئۈستىدىكى، ئەرشنىڭ ئاستىدىكى ئەڭ ئالىي بىر يەردە بولسا، دوزاخ ئەڭ تۆۋەن بىر يەردە بولىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن، جەننەتنىڭ ئاسمان ـ زېمىننىڭ كەڭلىكىدە بولۇشى بىلەن، دوزاخنىڭ الله خالىغان بىر ئورۇندا بولۇشىدا ھېچقانداق زىتلىق يوقتۇر.

الله تائالا جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ الله يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار﴾ يەنى قىيىنچىلىق ۋە كەڭرىچىلىك، ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز، ساغلام ياكى كېسەللىك ھالەتلىرىدە دېگەنلىك بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ماللىرىنى كېچە ـ كۈندۈز (يەنى ھەممە ۋاقىت)، يوشۇرۇن

(1) رەھمان سۈرىسى 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھەدىد سۈرىسى 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەير ـ ئېھسان قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ﴾[1] بۇنىڭ ئومۇمىي مەنىسى: ھېچقانداق ئىش ئۇلارنى الله تائالاغا بويسۇنۇشتىن، الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ سەدىقە قىلىشتىن، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە باشقا كىشىلەرگە ھەر ـ خىل ياخشىلىقلارنى قىلىشتىن توسۇپ قالالمايدۇ.

﴿(ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر﴾ يەنى ئۇلار ئاچچىقى كەلگەن ۋاقىتدا ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار ۋە ئاچچىقىنى يوشۇرۇش بىلەن ئۆزلىرىگە يامانلىق قىلغان كىشىنى كەچۈرىدىغانلاردۇر.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(كىشىلەرنى) يىقىتقان كىشى كۈچلۈك ھېسابلانمايدۇ. لېكىن ھەقىقىي كۈچلۈك ئادەم ئاچچىقلانغان ۋاقىتدا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان كىشىدۇر».

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر كىشى (قەرزدار) پېقىر كىشىگە مۆھلەت بەرسە ياكى (ئۇنىڭدىن ئۇ قەرزنى) كەچۈرىۋەتسە، الله ئۇنى جەھەننەمنىڭ ئوتىدىن ساقلايدۇ. ئاگاھ بولۇڭلار، ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ئەمەلى دۆڭدىكى قاتتىق يەردۇر» دېگەن سۆزىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن: ئاگاھ بولۇڭلار، ھەقىقەتەن دوزاخنىڭ ئەمەلى ھۆيلىدىكى يۇمشاق يەردۇر. بەختلىك ئادەم پىتنىلەردىن ساقلانغان ئادەمدۇر. بىر بەندىنىڭ ئاچچىقىنى يۇتۇشى الله تائالا ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىشتۇر. بىر بەندە الله رازىلىقى ئۈچۈن ئاچچىقىنى يۇتسا، (الله) ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا توشقۇزىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد سەھل ئىبنى مۇئازنىڭ دادىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشى ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشقا قادىر تۇرۇپ ئۇنى يۇتىۋەتسە، الله تائالا ئۇنى (قىيامەت كۈنى) خالايىقنىڭ ئالدىدا چاقىرىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ھۆرلەر ئىچىدىن خالىغىنىنى تاللىۋېلىش ئىختىيارلىقىنى بېرىدۇ».

ئىبنى مەردەۋەي، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاچچىقىنى بېسىۋالغانلارغا بېرىلىدىغان ساۋابلارنىڭ ئىچىدە، الله تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئاچچىقىنى بىر قېتىم بېسىۋالغان كىشىنىڭ ساۋابى ئەڭ كاتتىدۇر».

﴿(ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار﴾ يەنى ئۇلار كىشىلەرگە ئاچچىقلانمايدۇ، بەلكى، ئۆزلىرىدىن كىشىلەرنىڭ رەنجىپ قېلىشىدىن ساقلىنىدۇ. كىشىلەرگە ئاچچىقلانمىغانلىقى بىلەن الله تائالادىن ساۋاب ئۈمىد قىلىدۇ. **﴿(يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر﴾** يەنى ئۇلار كىشىلەرنىڭ يامانلىقلىرىنى توسۇش بىلەن بىللە، ئۆزلىرىگە يامانلىق قىلغان كىشىنى كەچۈرىدۇ. ئۇلار دىللىرىدا بىر كىشىگە يامانلىق قىلىشنى ئويلىمايدۇ، بۇ ئەڭ ئېسىل ئەخلاقتۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾**.

ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «ئۈچ ئىش بار، ئۇنىڭ راستلىقىغا قەسەم ئىچىمەن: بىرىنچىسى، قىلىنغان سەدىقە مال ـ مۈلكنى كېمەيتەلمەيدۇ. ئىككىنچىسى، الله تائالا باشقىلارنىڭ يامانلىقىنى

(1) بەقەرە سۈرىسى 274 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كەچۈرگەن بەندىنى ئېزىز قىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، بىر كىشى **الله** تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن كەمتەر بولسا، **الله** تائالا ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ.»

﴿تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا الله نى ياد ئېتىدۇ. گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ﴾ يەنى ئۇلار بىر گۇناھنى قىلىپ قالسا، ئۇ گۇناھىغا تەۋبە قىلىدۇ ۋە **الله** تائالادىن كەچۈرۈۋېتىلىشىنى تىلەيدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «گۇناھ قىلغان بىر كىشى: پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن مەن گۇناھ قىلىپ قالدىم، مېنى كەچۈرسەڭ، ـ دېسە، **الله** تائالا: بەندەم گۇناھ قىلدى، ئاندىن ئۇ گۇناھنى كەچۈرىدىغان ۋە گۇناھ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئازابلايدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى. مەن بەندەمنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتتىم، ـ دەيدۇ. ئاندىن ئۇ كىشى يەنە گۇناھ قىلىپ قويۇپ: پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن مەن گۇناھ قىلىپ قالدىم، مېنى كەچۈرگىن، ـ دېسە، **الله** تائالا: بەندەم ئۆزىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدىغان ۋە گۇناھ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئازابلايدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى. شەكسىزكى، مەن بەندەمنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتتىم، ـ دەيدۇ. ئاندىن ئۇ يەنە گۇناھ قىلىپ: پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن مەن گۇناھ قىلىپ قالدىم، مېنى كەچۈرگىن، ـ دەيدۇ. **الله** تائالا: بەندەم ئۆزىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭ گۇناھ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئازابلايدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى. شەكسىزكى، مەن بەندەمنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۋەتتىم، ـ دەيدۇ. ئاندىن ئۇ يەنە گۇناھ قىلىپ: پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن مەن گۇناھ قىلىپ قالدىم، مېنى كەچۈرگىن، ـ دەيدۇ. **الله** تائالا: بەندەم ئۆزىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭ گۇناھ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئازابلايدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى. مەن سىلەرنى گۇۋاھچى قىلىمەن، ھەقىقەتەن مەن بەندەمنىڭ گۇناھىنى كەچۈردۇم، ئۇ خالىغىنىنى قىلسۇن، ـ دەيدۇ».

ئابدۇ رازاق، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **﴿تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا، الله نى ياد ئېتىدۇ. گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ﴾** دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، ئىبلىس (شەيتان) يىغلاپ كەتكەن ئىدى. **﴿گۇناھنى كەچۈرىدىغان الله دىن باشقا كىم بار؟﴾** يەنى **الله** تائالادىن باشقا بىرى گۇناھنى كەچۈرەلمەيدۇ. **﴿ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ﴾** يەنى ئۇلار گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلدى، **الله** تائالاغا قايتتى، گۇناھ ئىشلارنى، گۇناھنى داۋاملاشتۇرمىدى ۋە قايتا ـ قايتا گۇناھ قىلىپ قالسىمۇ، ئۇنىڭغا تەۋبە قىلدى.

مۇجاھىد ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: كىمكى تەۋبە قىلسا، **الله** تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى **الله** تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى تەۋبە قىلغۇچىلار) **الله** نىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟﴾[1]، ﴿كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن **الله** دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ **الله** نىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ﴾[2].

---

(1) تەۋبە سۈرىسى 104 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نىسا سۈرىسى 110 ـ ئايەت.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(باشقىلارغا) رەھىم قىلىڭلار، سىلەرمۇ رەھىم قىلىنىسىلەر، (گۇناھىڭلارنىڭ) كەچۈرۈلۈشىنى سوراڭلار، گۇناھىڭلار كەچۈرۈلىدۇ. (كىشىلەرنىڭ) سۆزلىرىگە ئەگەشكۈچى (كىشى) گە ۋاي! قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، داۋاملاشتۇرغان كىشىلەرگە ۋاي!».

الله تائالا جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ بولۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى!﴾**.

****

قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِكُمْ سُنَنٌ فَسِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَانظُرُوا كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الْمُكَذِّبِينَ ﴿١٣٧﴾ هَٰذَا بَيَانٌ
لِّلنَّاسِ وَهُدًى وَمَوْعِظَةٌ لِّلْمُتَّقِينَ ﴿١٣٨﴾ وَلَا تَهِنُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَنتُمُ الْأَعْلَوْنَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ
﴿١٣٩﴾ إِن يَمْسَسْكُمْ قَرْحٌ فَقَدْ مَسَّ الْقَوْمَ قَرْحٌ مِّثْلُهُ ۚ وَتِلْكَ الْأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ النَّاسِ
وَلِيَعْلَمَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَيَتَّخِذَ مِنكُمْ شُهَدَاءَ ۗ وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ الظَّالِمِينَ ﴿١٤٠﴾ وَلِيُمَحِّصَ اللَّهُ الَّذِينَ
آمَنُوا وَيَمْحَقَ الْكَافِرِينَ ﴿١٤١﴾ أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَعْلَمِ اللَّهُ الَّذِينَ جَاهَدُوا مِنكُمْ
وَيَعْلَمَ الصَّابِرِينَ ﴿١٤٢﴾ وَلَقَدْ كُنتُمْ تَمَنَّوْنَ الْمَوْتَ مِن قَبْلِ أَن تَلْقَوْهُ فَقَدْ رَأَيْتُمُوهُ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ ﴿١٤٣﴾

سىلەردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۇممەتلەر كېلىپ كەتتى؛ يەر يۈزىدە سەير قىلىڭلار، (ھەقنى) يالغانغا چىقارغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار﴿137﴾. بۇ (قۇرئان) (ئومۇمي) ئىنسانلارغا باياندۇر (يەنى ھالال بىلەن ھارامنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ)، تەقۋادارلارغا توغرا يول كۆرسەتكۈچىدۇر ۋە ۋەز ـ نەسىھەتتۇر﴿138﴾. (جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىت بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر﴿139﴾. ئەگەر سىلەرگە شىكەستلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شېھىت بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستلىك يەتتى (يەنى ئۇلار يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى). بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز)، (بۇ) الله نىڭ (ھەقىقي) مۆمىنلەرنى (مۇناپىقلاردىن) ئايرىشى ئۈچۈندۇر، سىلەرنى شېھىتلەردىن قىلىشى (يەنى سىلەردىن بەزىلەرنى شېھىتلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىشى) ئۈچۈندۇر، الله زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ﴿140﴾. مۆمىنلەرنى (ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئارقىلىق) پاكلىشى ئۈچۈندۇر، كاپىرلارنى يوق قىلىشى ئۈچۈندۇر﴿141﴾. (ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) الله سىلەردىن (ھەقىقي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟﴿142﴾. سىلەر ئۆلۈم (يەنى دۈشمەن) بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئارزۇ قىلاتتىڭلار، مانا ئۇنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار (ئەمدى نېمىشقا مەغلۇپ بولىسىلەر؟)﴿143﴾.

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارغا كەلگەن مۇسىبەتنىڭ ھېكمىتى

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۆمىنلەردىن يەتمىش كىشى شېھىت قىلىندى. اﷲ تائالا بۇ مۆمىنلەرگە كەلگەن مۇسىبەتكە تەسەللىي بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەر كېلىپ كەتتى**﴾ يەنى بۇ ئىش سىلەردىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگىمۇ كەلگەن، ئاخىرىدا ياخشى ئاقىۋەت مۆمىنلەرگە، يامان ئاقىۋەت كاپىرلارغا بولىدۇ.

﴿**يەر يۈزىدە سەير قىلىڭلار، (ھەقنى) يالغانغا چىقارغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار**﴾، ﴿**بۇ (قۇرئان) (ئومۇمي) ئىنسانلارغا باياندۇر (يەنى ھالال بىلەن ھارامنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ)**﴾ يەنى قۇرئاندا ھەممە ئىشلارنىڭ ئوچۇق بايانى بار. شۇنداقلا ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر بىلەن دۈشمەنلىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىمۇ بار.

﴿**تەقۋادارلارغا توغرا يول كۆرسەتكۈچىدۇر ۋە ۋەز - نەسىھەتتۇر**﴾ يەنى قۇرئان چەكلەنگەن ۋە گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردىن توسقۇچىدۇر. دىللىرىڭلارغا ھىدايەت ئاتا قىلغۇچىدۇر.

اﷲ تائالا مۆمىنلەرگە تەسەللىي بېرىپ، يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار**﴾ يەنى سىلەرگە كەلگەن مۇسىبەتنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاجىزلىشىپ قالماڭلار. ﴿**شېھىت بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر**﴾ يەنى ئى مۆمىنلەر! ياخشى ئاقىۋەت ۋە غەلىبە سىلەرگە مەنسۇپتۇر.

﴿**ئەگەر سىلەرگە شىكەستىلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شېھىت بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستىلىك يەتتى (يەنى ئۇلار يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى)**﴾ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن بەزىڭلار جاراھەتلەنگەن ۋە بەزى كىشىلەر ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارمۇ يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى.

﴿**بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز)**﴾ كېيىنكى ياخشى ئاقىۋەت سىلەرگە مەنسۇپ بولسىمۇ، بىر ھېكمەت ئۈچۈن بىرەر قېتىم دۈشمەنلەرنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غەلىبە قىلدۇرىمىز.

﴿**(بۇ) اﷲ نىڭ (ھەقىقىي) مۆمىنلەرنى (مۇناپىقلاردىن) ئايرىشى ئۈچۈندۇر**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ، دۈشمەنلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا كىمنىڭ سەۋر قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈشىمىز ئۈچۈندۇر.

﴿**سىلەرنى شېھىتلەردىن قىلىشى (يەنى سىلەردىن بەزىلەرنى شېھىتلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىشى) ئۈچۈندۇر**﴾ يەنى ئۇلار اﷲ تائالانىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە اﷲ تائالانىڭ رىزالىقىنى ئىزدەپ جانلىرىنى بېرىدۇ. ﴿**اﷲ زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ. مۆمىنلەرنى (ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئارقىلىق) پاكلىشى ئۈچۈندۇر**﴾ يەنى ئەگەر ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى بولسا كەچۈرۈلىدۇ. ئەگەر گۇناھى بولمىسا، ئۇلارغا كەلگەن مۇسىبەت سەۋەبىدىن (ئۇلارنىڭ) دەرىجىلىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

﴿**كاپىرلارنى يوق قىلىشى ئۈچۈندۇر**﴾ چۈنكى، كاپىرلار غەلىبە قىلسا، ھەددىدىن ئېشىپ، كۆرەڭلەپ كېتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ۋەيران بولۇش سەۋەبىدۇر.

﴿**(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) الله سىلەردىن (ھەقىقىي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟**﴾ يەنى الله تائالا سىلەرنى سىنىمىغىچە، ئىچىڭلاردىكى مۇجاھىدلارنىڭ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشقاندا سەۋر قىلغانلىقىنى كۆرمىگىچە جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى﴾[1]، ﴿ئەلىف، لام، مىم. ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز دەپ ئويلامدۇ؟﴾[2].

﴿**سىلەر ئۆلۈم (يەنى دۈشمەن) بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئارزۇ قىلاتتىڭلار، مانا ئۇنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار (ئەمدى نېمىشقا مەغلۇپ بولىسىلەر؟)**﴾ يەنى ئى مۆمىنلەر! سىلەر بۇ كۈن كېلىشتىن بۇرۇن دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچرىشىشنى ۋە ئۇرۇشۇشنى ئارزۇ قىلغان ئىدىڭلار. مانا سىلەر ئارزۇ قىلغان ۋە تەلەپ قىلغان كۈن يېتىپ كەلدى. ئەمدى ئۇرۇش قىلىشىڭلار ۋە سەۋر قىلىشىڭلار لازىم. ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «سىلەر دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلماڭلار ۋە الله تائالادىن خاتىرجەملىكنى سوراڭلار. ئەگەر دۈشمەن بىلەن ئۇچراشساڭلار، سەۋر قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر». شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مانا ئۇنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار (ئەمدى نېمىشقا مەغلۇپ بولىسىلەر؟)**﴾ يەنى كىشىلەر ئۇرۇشۇش ئۈچۈن سەپ تۈزگەن، قىلىچ - شەمشەرلەر يالتىرىغان ۋە نەيزىلەر گىرەلىشىپ كەتكەن ۋاقىتتا ئۆلۈمنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار.

****

وَمَا مُحَمَّدٌ إِلَّا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِهِ ٱلرُّسُلُ ۚ أَفَإِيْن مَّاتَ أَوْ قُتِلَ ٱنقَلَبْتُمْ عَلَىٰٓ أَعْقَٰبِكُمْ ۚ وَمَن
يَنقَلِبْ عَلَىٰ عَقِبَيْهِ فَلَن يَضُرَّ ٱللَّهَ شَيْـًٔا ۗ وَسَيَجْزِى ٱللَّهُ ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿١٤٤﴾ وَمَا كَانَ لِنَفْسٍ أَن
تَمُوتَ إِلَّا بِإِذْنِ ٱللَّهِ كِتَٰبًا مُّؤَجَّلًا ۗ وَمَن يُرِدْ ثَوَابَ ٱلدُّنْيَا نُؤْتِهِۦ مِنْهَا وَمَن يُرِدْ ثَوَابَ ٱلْءَاخِرَةِ
نُؤْتِهِۦ مِنْهَا ۚ وَسَنَجْزِى ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿١٤٥﴾ وَكَأَيِّن مِّن نَّبِىٍّ قَٰتَلَ مَعَهُۥ رِبِّيُّونَ كَثِيرٌ فَمَا وَهَنُوا۟ لِمَآ أَصَابَهُمْ
فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَمَا ضَعُفُوا۟ وَمَا ٱسْتَكَانُوا۟ ۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿١٤٦﴾ وَمَا كَانَ قَوْلَهُمْ إِلَّآ أَن قَالُوا۟ رَبَّنَا ٱغْفِرْ
لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسْرَافَنَا فِىٓ أَمْرِنَا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وَٱنصُرْنَا عَلَى ٱلْقَوْمِ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿١٤٧﴾ فَـَٔاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ ثَوَابَ
ٱلدُّنْيَا وَحُسْنَ ثَوَابِ ٱلْءَاخِرَةِ ۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٤٨﴾

مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ الله غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. الله شۈكۈر قىلغۇچىلارنى

(1) بەقەرە سۈرىسى 214 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى 1 — 2 - ئايەتلەر .

مۇكاپاتلايدۇ﴿144﴾. ھېچ كىشى اﷲ نىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ، اﷲ ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتتۈۋەتكەن (ئادەمنىڭ ئۆمرىنى قورقۇنچاقلىق ئۇزارتالمايدۇ، باتۇرلۇق قىسقارتالمايدۇ). كىمكى دۇنيا ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى بېرىمىز (ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكتىن نېسىۋىسى بولمايدۇ)؛ كىمكى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى بېرىمىز، شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايمىز﴿145﴾. نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار اﷲ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، اﷲ ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ﴿146﴾. ئۇلارنىڭ سۆزى پەقەت: «پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېگەندىن باشقا بولمىدى﴿147﴾. اﷲ ئۇلارغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى (يەنى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى) ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى ساۋابىنى (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېئمەتلىرىنى) ئاتا قىلدى، اﷲ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴿148﴾.

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلدى" دېگەن خەۋەر تارقالغان چاغدىكى ئەھۋاللار

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار يېڭىلىپ، بەزىلىرى شېھىت بولغان ئىدى. شەيتان: مۇھەممەد ئۆلتۈرۈلدى، ـ دەپ ۋاقىرىدى. ئىبنى قەمئە (دېگەن كىشى) مۇشرىكلارنىڭ يېنىغا: مەن مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم، ـ دەپ باردى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ خەۋەر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا گۇمان پەيدا قىلدى. ھەتتا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقەتەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئىشىنىپمۇ قالدى ۋە اﷲ تائالا بايان قىلغىنىدەك، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئۆلتۈرۈلگەندەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە روھسىزلىق ۋە بوشاڭلىق ھالىتى كۆرۈلدى.

اﷲ تائالا بۇ ھەقتە بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)**﴾ يەنى ئۇ پەيغەمبەرلەر مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشتا ۋە پەيغەمبەرنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىدا (مۇھەممەد ئۈچۈن) نەمۇنىدۇر.

ئىبنى ئەبۇنەجىيھ ئۆز ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇھاجىرلاردىن بىر كىشى قانغا مىلىنىپ ياتقان بىر ئەنسارىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: ئى پالانى! سەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ـ دېدى. ئەنسارى: ئەگەر مۇھەممەد ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، ئۇ مەقسىتىگە يەتتى. سىلەر ئۆزەڭلەرنىڭ دىنىڭلارنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىڭلار، ـ دېدى. ئاندىن اﷲ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)**﴾.

ئاندىن اﷲ تائالا چۈشكۈنلەشكەن كىشىلەرنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟)** كىمكى

ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ اللە غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. اللە شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ﴾ شۈكرى قىلغۇچىلار دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنغان، ئۇنىڭ دىنىنى قوغداپ ئۇرۇش قىلغان، مەيلى ئۇ تىرىك ياكى ئۆلۈك بولسۇن، ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشكەن كىشىلەردۇر.

بەزى كىتابلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئايەتنى ئوقۇغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، ئەبۇبەكرى سەنھ دېگەن يەردىكى ئۆيىدىن ئاتقا مىنىپ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ مەسچىتكە كىرىپ، كىشىلەرگە گەپ قىلماستىن ئۇدۇل مېنىڭ ھۇجرامغا كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر پارچە پاختا رەخت بىلەن يېپىپ قويۇلغان ئىدى. ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىنى ئېچىپ، ئېڭىشىپ تۇرۇپ يۈزلىرىگە سۆيدى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ: ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن. اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، اللە تائالا سېنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرمەيدۇ، ئەمما ساڭا يېزىلغان بۇ ئۆلۈم سېنى دۇنيادىن ئېلىپ كەتتى، - دېدى.[1]

زۆھرى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر كىشىلەرگە سۆز قىلىۋاتاتتى، ئەبۇبەكرى چىقىپ: ئى ئۆمەر! ئولتۇر، - دېدى. ئۆمەر ئولتۇرغىلى ئۇنىمىدى. كىشىلەر ئۆمەرنى تاشلاپ قويۇپ ئەبۇبەكرىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئەبۇبەكرى اللە تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن سۆزنى باشلاپ: ئەگەر كىمكى مۇھەممەدكە ئىبادەت قىلىدىكەن، مۇھەممەد راستىنلا ئۆلدى. كىمكى اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىدىكەن، ھەقىقەتەن اللە تىرىكتۇر، ئۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، - دېدى ۋە اللە تائالانىڭ: ﴿**مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ اللە غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. اللە شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنى ئوقۇدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەبۇبەكرى بۇ ئايەتنى ئوقۇغانغا قەدەر، كىشىلەر خۇددى اللە تائالانىڭ بۇ ئايەتنى چۈشۈرگىنىنى بىلمەيدىغاندەك، ئۇ ئايەتنى ئەبۇبەكرىدىن قوبۇل قىلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ ئايەتنى ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولۇشتى.

سەئىد ئىبنى مۇسەييىب ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەبۇبەكرى بۇ ئايەتنى ئوقۇغاندا، مەن (بۇ ئايەتنى) خۇددى تۇنجى قېتىم ئەبۇبەكرىدىن ئاڭلىغاندەك، تۇرغان ئورنۇمدا قېتىپلا قالدىم. ھەتتا ئىككى پۇتۇم تىترەپ، يەرگە يىقىلىپ چۈشتۈم».

﴿**ھېچ كىشى اللە نىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ، اللە ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتۈۋەتكەن**

(1) ساھابىلارنىڭ نەزىرىدە: پەيغەمبەر دېگەن ئۆلمەيدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆلمىدى، - دېگەن قاراش بولغاچقا، ئەبۇ بەكرى يۇقىرىقى سۆزنى قىلغان.

(ئادەمنىڭ ئۆمرىنى قورقۇنچاقلىق ئۇزارتالمايدۇ، باتۇرلۇق قىسقارتالمايدۇ)﴿ يەنى ھەر بىر كىشى **الله** تائالانىڭ ئۇنىڭغا بېكىتىپ بەرگەن ياشاش مۇددىتىنى ياشاپ بولۇپ ئۆلىدۇ. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتتۈۋەتكەن﴾**.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان﴾[1]، ﴿**الله** سىلەرنى (يەنى سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەمنى) لايدىن ياراتتى، ئاندىن ئەجىلىڭلارنى بېكىتتى، سىلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلىدىغان) ۋاقتىڭلار **الله** نىڭ دەرگاھىدا مەلۇمدۇر﴾[2].

بۇ ئايەتلەردىن قورقۇنچاقلارنى جىھاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. چۈنكى، ئۇرۇشتا ئالدىغا ئىلگىرىلەش ۋە كەينىگە چېكىنىش (بىر كىشىنىڭ) ئۆمرىنى قىسقارتالمايدۇ ۋە ئۇزارتالمايدۇ. ئىبنى ئەبۇھاتەم بۇ ھەقتە ھەبىب ئىبنى سۇھبانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن ھۇجر ئىبنى ئەدىي ئىسىملىك بىر كىشى (مۇسۇلمانلارغا): سىلەرنى ئاۋۇ دۈشمەنلەرنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن، بۇ سۇزۇك سۇدىن (يەنى دەجلە دەرياسىدىن) ئۆتۈشۈڭلاردىن نېمە توسۇپ قويىدۇ؟ ـ دەپ، بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: **﴿ھېچ كىشى الله نىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ، الله ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتتۈۋەتكەن (ئادەمنىڭ ئۆمرىنى قورقۇنچاقلىق ئۇزارتالمايدۇ، باتۇرلۇق قىسقارتالمايدۇ)﴾** ئاندىن ئېتى بىلەن دەجلە دەرياسىغا بۆسۈپ كىردى. ئۇنىڭ كەينىدىن باشقا كىشىلەرمۇ بۆسۈپ كىردى. دۈشمەنلەر ئۇلارنى كۆرۈپ: دىۋە كەلدى، ـ دېيىشىپ (ئارقىلىرىغا) قېچىپ كەتتى.

﴿كىمكى دۇنيا ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى بېرىمىز (ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكتىن نېسىۋىسى بولمايدۇ)؛ كىمكى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى بېرىمىز﴾ يەنى بىر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلى پەقەت دۇنيا ئۈچۈنلا بولسا، ئۇ دۇنيادىن **الله** تائالا ئۇنىڭغا تەقدىر قىلىپ بەرگەنگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ھېچقانداق نەرسە بېرىلمەيدۇ. بىر كىشى قىلغان ئەمەلى بىلەن ئاخىرەتنى كۆزلىسە، **الله** تائالا ئۇنىڭغا ئاخىرەتلىكنى ۋە دۇنيالىقنى بېرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، كىمكى (ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئىتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق﴾[3]، ﴿بىز دۇنيانى كۆزلىگەنلەر ئىچىدىن خالىغان ئادەمگە (ئۇنىڭ خالىغىنىنى ئەمەس) بىزنىڭ خالىغىنىمىزنى بېرىمىز، ئاندىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەم بىلەن جازالايمىز، جەھەننەمگە ئۇ خارلانغان، (**الله** نىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا كىرىدۇ. كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (**الله** نىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ﴾[4].

﴿شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايمىز﴾ يەنى بىز شۈكۈر قىلغۇچىلارغا (ئۇلارنىڭ قىلغان شۈكرىسىگە

---

(1) فاتىر سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنئام سۈرىسى2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) شۇرا سۈرىسى 20 ـ ئايەت.
(4) ئىسرا سۈرىسى 18 ـ 19 ـ ئايەتلەر.

ۋە ئەمەلگە قارىتا) دۇنيا ـ ئاخىرەتتە رەھمىتىمىز ۋە مەرھەمىتىمىزدىن ئاتا قىلىمىز.

ئاندىن الله تائالا مۆمىنلەرنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا يەتكەن مۇسىبىتىگە تەسەللىي بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار بار. ئۇلار تۆۋەندىكىلەر: بىرىنچى، ئۇنىڭ مەنىسى نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەر ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ساھابىلىرىدىنمۇ بىرمۇنچىلىرى ئۆلتۈرۈلدى، ـ دېگەن قاراش بولۇپ، ئىبنى جەرىر بۇنى توغرا دەپ قارىدى. ئىككىنچى، ئۇنىڭ مەنىسى نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ساھابىلىرى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆلتۈرۈلدى دېگەن قاراش. ئىبنى ئىسھاقنىڭ "مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى" دېگەن كىتابىدىكى سۆزى باشقا بىر مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. يەنى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرگە ئۆلۈم مۇسىبىتى كەلدى. ئۇلار بىلەن بىللە بولغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن روھسىزلانمىدى، دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشتىن بوشاشمىدى، الله ۋە دىنىنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتا كۆلپەتلەرگە باش ئەگمىدى. مانا بۇ ھەقىقىي سەۋردۇر.

﴿الله ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ﴾ سۇھەيل دېگەن كىشى بۇ سۆزنى قۇۋۋەتلىدى. الله تائالانىڭ: ﴿نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە قارىغاندا، بۇ سۆزنىڭمۇ توغرا تەرىپى بار. شۇنىڭدەك، ئۇمەۋى دېگەن كىشى "غازات" توغرىسىدىكى كىتابىدا بۇ سۆزنى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىمنىڭ كىتابىدىن مىسال قىلىپ كەلتۈردى.

سۇفيان سەۋرى: ﴿كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى مەسئۇدنىڭ: مىڭلارچە دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىكرىمە، ھەسەن، قەتادە، سۇددى، رەبىئ ۋە ئەتا خۇراسانىي قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: ناھايىتى كۆپ كىشىلەر دېگەنلىك بولىدۇ.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئابدۇرازاق ھەسەننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كۆپلىگەن ئالىملاردۇر. ھەسەندىن رىۋايەت قىلىنغان. يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇلار چىداملىق ۋە تەقۋادار ئالىملاردۇر، ـ دېگەنلىكى بايان قىلىندى.

﴿ئۇلار الله يولىدا يەتكەن كۆلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى﴾ قەتادە ۋە رەبىئ ئىبنى ئەنەس الله تائالانىڭ: ﴿بوشاشمىدى﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە: (ئۇلار) ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن بوشىشىپ كەتمىدى دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى. ﴿باش ئەگمىدى﴾ يەنى ئۇلار الله نىڭ پەيغەمبىرى ئۇرۇش قىلغان يولدا ئۇرۇشۇپ، شېھىت بولۇپ كەتكۈچە، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدىسىدىن ۋە دىنىدىن ھەرگىز يانمىدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار باش ئەگمىدى. سۇددى ۋە ئىبنى زەيد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىگە باش ئەگمىدى. **﴿الله ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزى پەقەت: «پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا**

چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېگەندىن باشقا بولمىدى. **الله** ئۇلارغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى (يەنى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى) ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى ساۋابىنى (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېئمەتلىرىنى) ئاتا قىلدى، **الله** ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴿.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن تُطِيعُواْ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يَرُدُّوكُمۡ عَلَىٰٓ أَعۡقَٰبِكُمۡ فَتَنقَلِبُواْ
خَٰسِرِينَ ﴿١٤٩﴾ بَلِ ٱللَّهُ مَوۡلَىٰكُمۡۖ وَهُوَ خَيۡرُ ٱلنَّٰصِرِينَ ﴿١٥٠﴾ سَنُلۡقِي فِي قُلُوبِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
ٱلرُّعۡبَ بِمَآ أَشۡرَكُواْ بِٱللَّهِ مَا لَمۡ يُنَزِّلۡ بِهِۦ سُلۡطَٰنٗاۖ وَمَأۡوَىٰهُمُ ٱلنَّارُۖ وَبِئۡسَ مَثۡوَى
ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٥١﴾ وَلَقَدۡ صَدَقَكُمُ ٱللَّهُ وَعۡدَهُۥٓ إِذۡ تَحُسُّونَهُم بِإِذۡنِهِۦۖ حَتَّىٰٓ إِذَا
فَشِلۡتُمۡ وَتَنَٰزَعۡتُمۡ فِي ٱلۡأَمۡرِ وَعَصَيۡتُم مِّنۢ بَعۡدِ مَآ أَرَىٰكُم مَّا تُحِبُّونَۚ مِنكُم مَّن
يُرِيدُ ٱلدُّنۡيَا وَمِنكُم مَّن يُرِيدُ ٱلۡأٓخِرَةَۚ ثُمَّ صَرَفَكُمۡ عَنۡهُمۡ لِيَبۡتَلِيَكُمۡۖ وَلَقَدۡ عَفَا
عَنكُمۡۗ وَٱللَّهُ ذُو فَضۡلٍ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٥٢﴾ ۞ إِذۡ تُصۡعِدُونَ وَلَا تَلۡوُۥنَ عَلَىٰٓ أَحَدٖ
وَٱلرَّسُولُ يَدۡعُوكُمۡ فِيٓ أُخۡرَىٰكُمۡ فَأَثَٰبَكُمۡ غَمَّۢا بِغَمّٖ لِّكَيۡلَا تَحۡزَنُواْ عَلَىٰ مَا
فَاتَكُمۡ وَلَا مَآ أَصَٰبَكُمۡۗ وَٱللَّهُ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿١٥٣﴾

ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەر كاپىرلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئارقاڭلارغا (يەنى كۇفرىغا) ياندۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زىيان تارتىپ قالىسىلەر﴿149﴾. ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار سىلەرنىڭ ئىتائەت قىلىدىغان مەدەتكارىڭلار ئەمەس)، **الله** سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار)، ئۇ ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر﴿150﴾. (ئىلاھلىقى) ھەققىدە ھېچبىر دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) **الله** غا شېرىك قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمىز، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر، زالىملارنىڭ جايى (يەنى دوزاخ) ھەقىقەتەن يامان جايدۇر﴿151﴾. **الله** سىلەرگە قىلغان (دۈشمىنىڭلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت) ۋەدىسىدە تۇردى؛ **الله** نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار، **الله** سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار، (پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنمىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن **الله** سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى (يەنى سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى) ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. **الله** مۆمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴿152﴾. ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر (ئى **الله** نىڭ بەندىلىرى! مېنىڭ تەرىپىمگە كېلىڭلار، مەن رەسۇلۇللادۇرمەن، كىمكى جىھاد مەيدانىغا قايتسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ دەپ) ئارقاڭلاردىن سىلەرنى چاقىرىپ تۇراتتى، سىلەر ھېچ كىشىگە قارىماي قاچاتتىڭلار، (بۇنىڭدىن كېيىن) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە (يەنى غەنىمەتكە)، بېشىڭلارغا كەلگەن مۇسىبەتكە (يەنى مەغلۇبىيەتكە) قايغۇرماسلىقىڭلار ئۈچۈن، **الله** سىلەرگە غەم ئۈستىگە غەم بەردى (يەنى سىلەرنى غەنىمەتتىن مەھرۇم قىلغانىنىڭ ئۈستىگە مەغلۇبىيەت بىلەن جازالىدى). **الله** قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴿153﴾.

كاپىرلارغا بويسۇنۇشتىن توسۇلغانلىقى ۋە ئۇھۇد ئۇرۇشىدىكى يېڭىلىش ۋە يېڭىلىشنىڭ سەۋەبلىرى

الله تائالا مۆمىنلەرنى كاپىر ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلىشتىن ئاگاھلاندۇردى. چۈنكى ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھالاك بولۇش يولىغا ئېلىپ باردۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەر كاپىرلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئارقاڭلارغا (يەنى كۇفرىغا) ياندۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زىيان تارتىپ قالىسىلەر**﴾ ئاندىن الله تائالا مۆمىنلەرنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا، ئۆزىدىن ياردەم سوراشقا ۋە ئۆزىگە تەۋەككۇل قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار سىلەرنىڭ ئىتائەت قىلىدىغان مەدەتكارىڭلار ئەمەس)، الله سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار)، ئۇ ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر**﴾.

ئاندىن الله تائالا (مۇسۇلمانلارنىڭ) دۈشمەنلىرىنىڭ الله تائالاغا كاپىر بولغانلىقى ۋە شېرىك كەلتۈرگەنلىكى سەۋەبى بىلەن ئۇلارغا ئاخىرەتتە تەييارلاپ قويغان ئازاب ۋە مۇشەققەتلەر بىلەن بىللە، دۇنيادا ئۇلارنىڭ دىللىرىغا دۇنيادا قورقۇنچ سالىدىغانلىقىدىن ۋە خار قىلىدىغانلىقىدىن مۆمىنلەرگە خۇش بېشارەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئىلاھلىقى) ھەققىدە ھېچبىر دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) الله غا شېرىك قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمىز، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر، زالىملارنىڭ جايى (يەنى دوزاخ) ھەقىقەتەن يامان جايدۇر**﴾.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى: «ماڭا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن بىرسىگىمۇ بېرىلمىگەن بەش خىل ئالاھىدىلىك بېرىلدى: يەنى ماڭا بىر ئايلىق مۇساپىدىكى (كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا) قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى. زېمىن مەسچىت ۋە پاكىز جاي قىلىپ بېرىلدى. غەنىمەتلەر ھالال قىلىندى. ماڭا شاپائەت قىلىش ئىمتىيازى بېرىلدى ۋە ھەر بىر پەيغەمبەر پەقەت ئۆزىنىڭ مىللىتىگە خاس ئەۋەتىلگەن بولسا، مەن ئومۇمىيۈزلۈك ھەممە كىشىگە ئەۋەتىلدىم».

﴿**الله سىلەرگە قىلغان (دۈشمىنىڭلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت) ۋەدىسىدە تۇردى؛ الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار**﴾ يەنى ئەتىگەندە قىرىۋاتاتتىڭلار. ﴿**الله سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار، (پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنمىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن الله سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى (يەنى سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى) ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. الله مۆمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى تاغ ئۈستىدىكى ئوقياچىلار كاپىرلارنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئولجىغا قىزىققانلىقى سەۋەبى بىلەن، الله تائالا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن مەغلۇب قىلدى. كاپىرلارنىڭ سانى جىق ۋە تەييارلىقى تولۇق بولغانلىقى، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاز ۋە تەييارلىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى كەچۈرۈۋەتتى.

ئىمام بۇخارى بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇھۇد ئۇرۇشى

بولغان كۈنى مۇشرىكلار بىلەن ئۇچراشتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقياچىلاردىن تەركىب تاپقان بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى (تاغ ئۈستىگە) ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۇلارغا ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيرنى باشلىق قىلىپ: «ئەگەر سىلەر بىزنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىمىزنى كۆرسەڭلارمۇ (ئورنۇڭلاردىن) مىدىرلىماڭلار. ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن غەلىبە قىلغانلىقىنى كۆرسەڭلارمۇ، بىزگە ياردەم بەرمەڭلار»[1] دېدى. جەڭ باشلىنىشى بىلەنلا دۈشمەنلەر ئارقىغا قاراپ ئالدىمىزدا قاچتى. ھەتتا بىز ئاياللارنىڭ پۇچقاقلىرىنى تۇرۇۋالغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ (پۇتلىرىغا سالغان) خەل - خاللىرىنى شىرىقلاتقان پېتى تاغ تەرەپكە يۈگۈرگەنلىكىنى كۆردۇق. ئاندىن ئۇلار (يەنى تاغنىڭ ئۈستىدىكى ئوقياچى قىسىم): «ئولجا، ئولجا، - دەپ توۋلىشىپ تاغدىن چۈشۈشكە تەمشەلگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: «ئورنىڭلاردىن مىدىرلىماڭلار» دېگەن ئىدى، - دېگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى. مەغلۇبىيەت مۇسۇلمانلارغا يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلاردىن 70 كىشى شېھىت بولدى. كۆپ ئۆتمەي ئەبۇسۇفيان ئېگىزرەك بىر يەرگە چىقىپ: ئاراڭلاردا مۇھەممەد بارمۇ؟ - دەپ توۋلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا: «ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەڭلار» دېدى. ئاندىن: ئاراڭلاردا ئەبۇقۇھافىنىڭ ئوغلى ئەبۇبەكرى بارمۇ؟ - دەپ توۋلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەڭلار» دېدى. ئۇ يەنە: ئاراڭلاردا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بارمۇ؟ - دەپ توۋلىغاندىن كېيىن: ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپتۇ، ئەگەر تىرىك بولغان بولسا، ئەلۋەتتە جاۋاب بېرەتتى، - دېدى. ئۆمەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي: ئى الله نىڭ دۈشمىنى! يالغان ئېيتتىڭ، ھەقىقەتەن الله سېنى غەمكىن قىلىدىغان نەرسىنى قالدۇرۇپ قويدى (يەنى الله سەن ئۆلۈپتۇ دېگەن كىشىلەرنى ئۆلۈمدىن ساقلىدى)، - دېدى. ئەبۇسۇفيان: ھۇبەل! (بىر بۇتنىڭ ئىسمى) سەن ئۈستۈن بول، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ساھابىلىرىغا): «ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىڭلار» دېدى. ئۇلار: بىز نېمە دەيمىز؟ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله ئۈستۈن ۋە كاتتا دەڭلار» دېدى. ئۇلار شۇنداق دېگەندە، ئەبۇسۇفيان: ئۇززا بىزنىڭ بۇتىمىز، سىلەرنىڭ ئۇززايىڭلار يوق، - دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىڭلار» دېدى. ئۇلار: بىز نېمە دەيمىز؟ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله بىزنىڭ مەدەتكارىمىز، لېكىن، سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلار يوق دەڭلار» دېدى. ئۇلار شۇنداق، - دېدى. ئەبۇسۇفيان يەنە: بۈگۈن سىلەر يېڭىلدىڭلار، بەدرى ئۇرۇشىدا بىز يېڭىلگەن ئىدۇق. ئەمدى تەڭلەشتۇق. ئۇرۇش دېگەندە يېڭىش - يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ. سىلەر ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى كېسىۋېتىلگەن ئۆلۈكلەرنى تاپساڭلار، مەندىن يامان گۇمان قىلماڭلار، ئۇلارنى مەن ئۇنداق قىلىشقا بۇيرۇمىغان، - دېدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيردىن زۇبەير ئىبنى ئاۋامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ھىندى ۋە ئۇنىڭ (ئايال) ھەمراھلىرىنىڭ پۇتلىرىدىكى خال - خاللىرى ئوچۇق كۆرۈنگىدەك ھالەتتە ھېچنىمىسىنى ئالماي قاچقانلىقىنى كۆردۈم، بىز كاپىرلارنى قوغلىغاندا، (تاغدىكى) ئوقياچىلار ئولجا يىغىشنى كۆزلەپ، ئۇرۇش مەيدانىغا چۈشۈپ، بىزنىڭ كەينى تەرىپىمىزنى (كاپىرلارنىڭ ئاتلىق قىسمىغا ئېچىپ بەردى. كاپىرلارنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى بىزنىڭ ئارقا تەرىپىمىزدىن (بېسىپ كەلدى. بىرسى: شەكسىزكى، مۇھەممەد ئۆلتۈرۈلدى، - دەپ ۋاقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز (كەينىمىزگە) ياندۇق. بىز كاپىرلارنىڭ تۇغ كۆتۈرىدىغان كىشىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، تۇغقا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسىمۇ يېقىن كېلەلمەيدىغان ھالغا كەلگەن ۋاقىتتا، كاپىرلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنى ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كەلدى. مۇشرىكلارنىڭ تۇغى ئۇنى تاكى ئەلقەمە ھارىسىيەنىڭ قىزى ئەمرە ئالغۇچە (يەرگە) تاشلىنىپ تۇردى.

(1) يەنى بىزگە ياردەم بېرىمىز دەپ ئورنۇڭلاردىن قوزغىلىپ كەتمەڭلار.

ئاندىن ئۇ تۇغنى قۇرەيشلىكلەرگە بەردى. قۇرەيشلىكلەر تۇغنى يۆگىدى.

﴿**ئاندىن الله سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى (يەنى سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى)**﴾. ئىبنى ئىسهاق مۇنداق دەيدۇ: ئەدىي ئىبنى نەججارنىڭ بالىلىرىدىن بىرى بولغان قاسىم ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى رابىئە ماڭا مۇنداق دەپ بەردى: ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاغىسى ئەنەس ئىبنى نەزەر مۇجاھىد ۋە ئەنسارىلاردىن بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىدىكى قوراللىرىنى تاشلىۋېتىپ تۇرغان بىر تۈكۈم كىشىلەرنىڭ ئىچىدە تۇرغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللانىڭ قېشىغا كېلىپ: سىلەرگە نېمە بولدى؟ - دېدى. ئۇلار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلدى، - دېدى.

ئەنەس ئىبنى نەزەر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ياشاپ نېمە قىلىسىلەر؟ قوپۇڭلار! ئۇ ئۆلگەن يولدا سىلەرمۇ ئۆلۈڭلار، - دېدى. ئاندىن دۈشمەن تەرەپكە قاراپ ئاتلىنىپ، ھەتتا شېھىت بولۇپ كەتكىچە دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشتى.

ئىمام بۇخارى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مېنىڭ تاغام ئەنەس ئىبنى نەزەر بەدرى ئۇرۇشىدا يوق ئىدى. ئۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى قېتىملىق قىلغان ئۇرۇشىغا قاتنىشالماپتىمەن، ئەگەر الله تائالا مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا نېسىپ قىلسا، ئەلۋەتتە مېنىڭ قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىمنى الله تائالا كۆرسىتەتتى، - دېدى. ئۇ ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ئۇ كۈنى مۇسۇلمانلار يېڭىلىپ قاچتى. ئۇ: ئى الله ! ھەقىقەتەن مەن ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشىدىن (يەنى مۇسۇلمانلار قېچىپ كەتكەنلىكىدىن)ساڭا ئۆزرە ئېيتىمەن، مەن كاپىرلارنىڭ ئىشىدىن ئادا - جۇدا بولىمەن دېدى - دە، قىلىچىنى كۆتۈرۈپ (دۈشمەن تەرەپكە) ئىلگىرىلەپ ماڭدى، ئۇ سەئد ئىبنى مۇئازغا يولۇقۇپ (ئۇنىڭغا): ئى سەئد! نەگە ماڭدىڭ؟ مەن ھەقىقەتەن ئۇھۇد تەرەپتىن جەننەتنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن، - دەپ كاپىرلارنىڭ سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ (ئۇرۇشۇپ) شېھىت بولدى. ئۇنىڭ جەسىتىنى سىڭلىسى بارماقلىرىدىن ئارانلا تونىيالىدى، باشقىلار ئۇنى تونىيالمىغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ 80 نەچچە يېرى نەيزە، قىلىچ ۋە ئوقيا بىلەن يارىلانغان ئىدى.

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارغا يەتكەن مەغلۇبىيەتنىڭ بايانى

﴿**(كىمكى جىھادمەيدانىغا قايتسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ دەپ) ئارقاڭلاردىن سىلەرنى چاقىرىپ تۇراتتى، ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر (ئى الله نىڭ بەندىلىرى! مېنىڭ تەرىپىمگە كېلىڭلار، مەن رەسۇلۇللادۇرمەن**﴾ يەنى سىلەر دۈشمەندىن قورقۇپ تاغ تەرەپكە قاچقان ۋاقىتىڭلاردا، پەيغەمبەر سىلەرنىڭ قاچماي، دۈشمەنگە قايتا ھۇجۇم قىلىشىڭلار ئۈچۈن كەينىڭلاردىن چاقىرىپ تۇراتتى. سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا قاتتىق بىر ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى يېڭىۋالغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىلىرى مەدىنىگە كىرىۋالدى، بەزىسى تاغ ئۈستىدىكى قۇرام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى: «مەن تەرەپكە كېلىڭلار، ئى الله نىڭ بەندىلىرى! مەن تەرەپكە كېلىڭلار، ئى الله نىڭ بەندىلىرى!» دەپ چاقىرىشقا باشلىدى. ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ تاغقا چىقىۋالغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى چاقىرغانلىقىنى بايان قىلىپ يۇقىرىقى ئايەتنى چۈشۈردى. ئىبنى

ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، قەتادە، رەبىئ ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بايان قىلدى.

ئەنسارى ۋە مۇھاجىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغدىغانلىقى

ئىمام بۇخارى قەيس ئىبنى ئەبۇھازىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن تەلھەنىڭ قولىنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش ئۈچۈن يارىلانغانلىقىنى كۆردۈم[1].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇئوسمان نەھدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (كاپىرلار بىلەن) ئۇرۇش قىلىۋاتقان بەزى ۋاقىتلىرىدا، يېنىدا تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ۋە سەئدتىن باشقىلار قالمىغان ئىدى».

سەئىد ئىبنى مۇسەييىب سەئد ئىبنى ئەبۇۋاققاسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇھۇد ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئۆزىنىڭ ئوقيالىرىنى بېرىپ: «ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! (كاپىرلارنى) ئاتقىن» دېدى.

سەئد ئىبنى ئەبۇۋاققاس يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇھۇد ئۇرۇشى كۈنى ئاق كىيىملىك ئىككى كىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ ۋە سول يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنى قوغداپ ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش قىلغانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئۇ ئىككىسىنى ئۇ كۈندىن بۇرۇن كۆرمىگەن ئىدىم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆرمىدىم، ئۇ ئىككىسى بولسا، جىبرىئىل بىلەن مىكائىل ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

ئەبۇئەسۋەد ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەنۇجەمھەنىڭ قېرىندىشى ئۇبەي ئىبنى خەلەف مەككىدىكى چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشكە قەسەم ئىچتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قەسەم ئىچكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر الله خالىسا، بەلكى مەن ئۇنى ئۆلتۈرىمەن» دېدى. ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغاندا ئۇبەي: ئەگەر مۇھەممەد ساق قالسا، مەن ساق قالمايمەن، ـ دەپ ساۋۇتىنى كىيىپ، ئۇرۇشقا كىردى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا بەنۇئابدۇددارنىڭ قېرىندىشى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير تېنى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش ئۈچۈن ئۇبەي ئىبنى خەلەفنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە شېھىت بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇبەي ئىبنى خەلەفنىڭ بويىنىغا نەيزىسىنى تىقتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېتىدىن يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ نەيزە تىقىلغان يېرىدىن ھېچقانداق قان چىقمىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆز ئادەملىرى كېلىپ، ئۇنى ئېلىپ كەتتى. ئۇ خۇددى كالىدەك ھۆكۈرەيتتى. ئادەملىرى ئۇنىڭغا: نېمىگە شۇنچە ئازابلىنىسەن؟ ناھايىتى، ئازراق جىرىلىپ كېتىپتىغۇ!ـ دېدى. ئۇ (ئادەملىرىگە) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بەلكى، مەن ئۇبەي ئىبنى خەلەفنى ئۆلتۈرىمەن» دېگەن سۆزىنى سۆزلەپ بېرىپ: جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن تارتىۋاتقان ئازاب مەجازدىكى كىشىلەردە بولغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كېتەتتى، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ ئۆلۈپ دوزاخقا كىردى. ﴿ئەھلى دوزاخ الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن!﴾[2]».

(1) يەنى ئۇنىڭ قولى ئوقيا ۋە نەيزىلەرنىڭ زەربىلىرىدىن يارىلانغان ئىدى.
(2) مۈلك سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلدى: سەھل ئىبنى سەئىدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىدار بولغانلىقى توغرىسىدا سورالدى، ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزى يارىلاندى، ئۇدۇل چىشى سۇنۇپ كەتتى ۋە تۆمۈر قالپاق ئۇنى يارىلاندۇرۇۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پاتىمە ئۇنىڭ قېنىنى يۇيدى. ئەلى قالقان بىلەن قاننىڭ ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ بېرەتتى، فاتىمە سۇنى قۇيغانسېرى قاننىڭ جىق ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بورىنىڭ قومۇچىدىن ئازراق كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆلىنى يارىلانغان يەرگە چاپتى، قان ئاندىن توختىدى.

﴿الله سىلەرگە غەم ئۈستىگە غەم بەردى (يەنى سىلەرنى غەنىمەتتىن مەھرۇم قىلغاننىڭ ئۈستىگە مەغلۇبىيەت بىلەن جازالىدى)﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردە دېيىلگەن غەمنىڭ بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلدى دېيىلگەن چاغدا پەيدا بولغان، روھىسىزلىنىش كەلتۈرۈپ چىقارغان مەغلۇبىيەتنىڭ غېمى بولسا؛ يەنە بىرى، مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن بۇرۇن تاغ ئۈستىگە چىقىۋالغانلىقىنى كۆرگەندە بولغان. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى **الله** ! ئۇلارنىڭ تاغقا بىزدىن بۇرۇن چىقىشى لايىق ئەمەس» دېدى.

ئابدۇراھمان ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: بىرىنچى غەم يېڭىلگەنلىك سەۋەبى بىلەن، ئىككىنچى غەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلدى دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن بولدى. (چۈنكى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئۇلارغا نىسبەتەن يېڭىلگەنلىكتىنمۇ ئېغىر ئىدى.

مۇجاھىد ۋە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: بىرىنچى غەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاش. ئىككىنچى غەم، ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە يارىدار بولغانلىقىدۇر.

سۇددى مۇنداق دەيدۇ: بىرىنچى غەم ئۇلارنىڭ قولىدىن كەتكەن غەلىبە ۋە ئولجا ئۈچۈندۇر. ئىككىنچى غەم، دۈشمەنلەرنىڭ ئۇلاردىن بۇرۇن تاغقا چىقىۋالغانلىقى ئۈچۈندۇر. **﴿الله قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾**.

* * * * * * *

ثُمَّ أَنزَلَ عَلَيْكُم مِّنۢ بَعْدِ ٱلْغَمِّ أَمَنَةً نُّعَاسًا يَغْشَىٰ طَآئِفَةً مِّنكُمْ ۖ وَطَآئِفَةٌ قَدْ أَهَمَّتْهُمْ
أَنفُسُهُمْ يَظُنُّونَ بِٱللَّهِ غَيْرَ ٱلْحَقِّ ظَنَّ ٱلْجَٰهِلِيَّةِ ۖ يَقُولُونَ هَل لَّنَا مِنَ ٱلْأَمْرِ مِن شَىْءٍ ۗ قُلْ إِنَّ
ٱلْأَمْرَ كُلَّهُۥ لِلَّهِ ۗ يُخْفُونَ فِىٓ أَنفُسِهِم مَّا لَا يُبْدُونَ لَكَ ۖ يَقُولُونَ لَوْ كَانَ لَنَا مِنَ ٱلْأَمْرِ شَىْءٌ مَّا قُتِلْنَا
هَٰهُنَا ۗ قُل لَّوْ كُنتُمْ فِى بُيُوتِكُمْ لَبَرَزَ ٱلَّذِينَ كُتِبَ عَلَيْهِمُ ٱلْقَتْلُ إِلَىٰ مَضَاجِعِهِمْ ۖ وَلِيَبْتَلِىَ ٱللَّهُ مَا فِى
صُدُورِكُمْ وَلِيُمَحِّصَ مَا فِى قُلُوبِكُمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿١٥٤﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ تَوَلَّوْا۟
مِنكُمْ يَوْمَ ٱلْتَقَى ٱلْجَمْعَانِ إِنَّمَا ٱسْتَزَلَّهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ بِبَعْضِ مَا كَسَبُوا۟ ۖ وَلَقَدْ عَفَا ٱللَّهُ عَنْهُمْ ۗ إِنَّ
ٱللَّهَ غَفُورٌ حَلِيمٌ ﴿١٥٥﴾

غەمدىن كېيىن **الله** سىلەرگە ئەمىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى، سىلەرنىڭ بىر قىسمىڭلارنى (يەنى ھەقىقىي مۆمىنلەرنى) مۈگدەك باستى، يەنە بىر قىسمىڭلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆزلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى

614

(يەنى كۇففارلار قايتا ھۇجۇم قىلارمۇ دەپ جان قايغۇسى بىلەن بولۇپ كەتتى)، بۇلار، جاھىلىيەت دەۋرى كىشىلىرىگە ئوخشاش، ﷲ غا قارىتا ناتوغرا گۇمانلاردا بولدى، ئۇلار: «بىزگە ﷲ ۋەدە قىلغان غەلىبىدىن نېسىۋە بارمۇ؟» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ھەممە ئىش ھەقىقەتەن ﷲ نىڭ ئىلكىدە». ئۇلار ساڭا ئاشكارا قىلمايدىغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىدە يوشۇرۇشىدۇ؛ ئۇلار: «ئەگەر بىزگە غەلىبىدىن ئازراق نېسىۋە بولسا ئىدى، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق» دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ (ئاراڭلاردىكى) ئۆلتۈرۈلىشى پۈتۈۋېتىلگەن كىشىلەر چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايلىرىغا بېرىشىدۇ (ﷲ نىڭ قازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ). (ﷲ نىڭ مۇنداق قىلىشى) كۆڭلۈڭلاردىكىنى سىناش ۋە قەلبىڭلاردىكى نەرسىلەرنى پاكلاش ئۈچۈندۇر. ﷲ كۆڭۈللەردىكىنى (ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) بىلگۈچىدۇر» ﴿154﴾. ئىككى قوشۇن (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار) بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان كۈندە، ئىچىڭلاردىكى (جەڭدىن) ھەقىقەتەن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەرنى، بەزى قىلمىشلىرى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقى) تۈپەيلىدىن، شەيتان تېيىلدۇرۇشقا ئورۇندى؛ ﷲ ھەقىقەتەن ئۇلارنى ئەپۇ قىلدى. ﷲ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ) ﴿155﴾.

ئۇرۇش ئەسناسىدا مۆمىنلەرنى مۈگدەك باسقانلىقى ۋە مۇناپىقلارنىڭ سەراسىمىگە چۈشۈپ قالغانلىقى

ﷲ تائالا (بۇ ئايەتتە) مۆمىنلەر غەمكىن ھالەتتە تۇرغاندا، ئۇلارغا مۈگدەك بېسىشتىن ئىبارەت خاتىرجەملىكنى چۈشۈرگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. بۇنداق ۋاقىتتا مۈگدەكنىڭ چۈشكەنلىكى (ﷲ تائالانىڭ ئۇلارغا) ئامانلىق بەرگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ ھەقتە ﷲ تائالا بەدرى ئۇرۇشىنىڭ قىسسىسىدە مۇنداق دېدى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ﷲ تېنچلاندۇرۇش يۈزىسىدىن سىلەرگە ئۇيقۇ بېغىشلىدى﴾[1].

ئىمام بۇخارى ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۈگدەك بېسىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بار ئىدىم. ھەتتا قىلىچىم قولۇمدىن بىر نەچچە قېتىم چۈشۈپ كەتتى. يەنە چۈشۈپ كېتىدۇ، يەنە ئالىمەن. يەنە چۈشۈپ كېتىدۇ، يەنە ئالىمەن.

ئىمام تىرمىزى ئەبۇتەلھەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۇھۇد ئۇرۇش كۈنى بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىمغا قارىسام، ھەممىسى قالقىنىنى تۇتۇپ مۈگدەپ ئولتۇراتتى. ئۆزلىرىنى ئويلاشتىن باشقا غەملىرى يوق بىر گۇرۇھ مۇناپىقلار بولۇپ، ئۇلار ئەڭ قورقۇنچاق ۋە ھەقىقەتەنى قايرىپ قويغان كىشىلەردۇر.

﴿بۇلار، جاھىلىيەت دەۋرى كىشىلىرىگە ئوخشاش، ﷲ غا قارىتا ناتوغرا گۇمانلاردا بولدى﴾ يەنى ئۇلار يالغانچىلاردۇر ۋە ﷲ تائالاغا شەك قىلغۇچىلاردۇر. **﴿غەمدىن كېيىن ﷲ سىلەرگە ئەمىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى، سىلەرنىڭ بىر قىسمىڭلارنى (يەنى ھەقىقىي مۆمىنلەرنى) مۈگدەك باستى﴾** يەنى

(1) ئەنفال سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۆمىنلەر الله تائالاغا ئىشەنچىسى كۈچلۈك ۋە ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ۋە ئۇنى ئارزۇسىغا يەتكۈزىدىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بەلكى، سىلەر: پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەر ئائىلىسىگە مەڭگۈ قايتمايدۇ، ـ دەپ گۇمان قىلدىڭلار، بۇ (گۇمراھلىق) دىلىرىڭلارغا چىرايلىق تۇيۇلدى، سىلەر يامان گۇماندا (يەنى ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈپ بىرىمۇ ساق قايتمايدۇ دەيدىغان ئويدا) بولدۇڭلار، سىلەر ھالاك بولغۇچى قەۋم بولدۇڭلار»﴾[1] شۇنىڭدەك مۇناپىقلار: ئەگەر مۇشرىكلار بۇ سائەتنىڭ ئۆزىدە كەلسە، ئۇلار غەلىبە قىلىپ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار شەك يوق تۈگىشەتتى، ـ دەپ ئويلاشتى. ئىمان (قەلبىدە) چىڭ ئورنىمىغان كىشىلەرنىڭ ھالى شۇنداق بولىدۇ. ئۇلار بىرەر يامان ئىشقا يولۇقسا، بۇ ھەقتە يامان گۇمانلارنى قىلىدۇ، ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتتا دەيدىغان سۆزلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار: «بىزگە الله ۋەدە قىلغان غەلىبىدىن نېسىۋە بارمۇ؟» دەيدۇ﴾.

ئاندىن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «ھەممە ئىش ھەقىقەتەن الله نىڭ ئىلكىدە». ئۇلار ساڭا ئاشكارا قىلمايدىغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىدە يوشۇرۇشىدۇ﴾ ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە يوشۇرغان نەرسىلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار: «ئەگەر بىزگە غەلىبىدىن ئازراق نېسىۋە بولسا ئىدى، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق﴾ يەنى مۇناپىقلار بۇ سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يوشۇرىدۇ.

ئىبنى ئىسھاق ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، الله تائالا بىزگە ئۇيقۇنى ئەۋەتكەندە، مەن ئۆزەمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن (بىر يەردە تۇرغان ھالىتىمدە) كۆردۇم. (ئۇ چاغدا) بىزنىڭ قوشۇندىكى ھەممەيلەننىڭ بېشى ئۇيقۇدىن ساڭگىلاپ كەتكەن ئىدى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن مۇئتەب ئىبنى قۇشەير دېگەن مۇناپىقنىڭ: ئەگەر بىزگە غەلىبىدىن ئازراق نېسىۋە بولسا ئىدى، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق، ـ دېگەن سۆزىنى چۈشۈمدىكىدەك ئاڭلاپ، (ئۇنى) ئېسىمگە ئېلىۋالدىم. الله تائالا بۇ ھەقتە بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: ﴿ئۇلار: «ئەگەر بىزگە غەلىبىدىن ئازراق نېسىۋە بولسا ئىدى، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق» دەيدۇ﴾.

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ (ئاراڭلاردىكى) ئۆلتۈرۈلىشى پۈتۈۋېتىلگەن كىشىلەر چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايلىرىغا بېرىشىدۇ (الله نىڭ قازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ)﴾ بۇ الله تەرىپىدىن پۈتۈلۈپ كەتكەن ئىش ۋە قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر ھۆكۈمدۇر.

﴿(الله نىڭ مۇنداق قىلىشى) كۆڭلۈڭلاردىكىنى سىناش ۋە قەلبىڭلاردىكى نەرسىلەرنى پاكلاش ئۈچۈندۇر﴾ يەنى الله تائالا يامان بىلەن ياخشىنى، مۆمىن بىلەن مۇناپىقنى ئايرىش، ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن ئوچۇق بولۇشى ئۈچۈن شۇنداق قىلدى ﴿الله كۆڭۈللەردىكىنى (ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) بىلگۈچىدۇر»﴾.

(1) فەتىھ سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا بەزى مۆمىنلەرنىڭ جەڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ۋە (كېيىن) ئۇلارنىڭ كەچۈرۈلگەنلىكى

﴿ئىككى قوشۇن (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار) بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان كۈندە، ئىچىڭلاردىكى (جەڭدىن) ھەقىقەتەن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەرنى، بەزى قىلمىشلىرى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقى) تۈپەيلىدىن، شەيتان تېيىلدۇرۇشقا ئورۇندى﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئىلگىرى قىلغان بەزى گۇناھلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن دېگەنلىكتۇر. سەلەپ ئالىملىرىنىڭ بەزىسى مۇنداق دەيدۇ: ياخشىلىققا بېرىلگەن ساۋابلارنىڭ ئىچىدىن ياخشىلىقنىڭ كەينىدىن يەنە بىر ياخشىلىقنى نېسىپ قىلىش، يامانلىققا بېرىلگەن جازانىڭ قاتارىدىن ئۇ يامانلىقنىڭ كەينىدىن يەنە يامانلىققا گىرىپتار قىلىپ قويۇشتۇر. ئاندىن الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿الله ھەقىقەتەن ئۇلارنى ئەپۇ قىلدى﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئۇرۇشتىن قاچقانلىقىنى ئەپۇ قىلدى. **﴿الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴾**.

ئىمام ئەھمەد شەقىقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە بىلەن ئۇچراشتى. ۋەلىد ئۇنىڭغا: سەن نېمىشقا مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى ئوسمانغا قوپاللىق قىلدىڭ؟ ـ دېدى. ئابدۇراھمان ئۇنىڭغا: سەن ئۇنىڭغا (يەنى ئوسمانغا) يەتكۈزۈپ قويغىن، مەن ئۇھۇد كۈنى ئۇرۇشتىن قاچمىدىم، بەدرى كۈنى ئۇرۇشتىن قېلىپ قالمىدىم ۋە ئۆمەرنىڭ (زامانىسىدىكى) ئاچارچىلىقتا يۈرتنى تاشلاپ باشقا يەرگە كەتمىدىم، ـ دېدى. ۋەلىد بۇ گەپنى ئوسمانغا يەتكۈزدى. ئوسمان ۋەلىدكە: (ئۇنىڭ مەن ئۇھۇد كۈنى ئۇرۇشتىن قاچمىدىم دېگەن سۆزىگە كەلسەك) ئۇ قانداقمۇ الله تائالا كەچۈرۈۋەتكەن بىر گۇناھ بىلەن مېنى ئەيىبلەيدۇ؟ الله تائالا بۇ گۇناھنى كەچۈرۈۋېتىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئىككى قوشۇن (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار) بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان كۈندە، ئىچىڭلاردىكى (جەڭدىن) ھەقىقەتەن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەرنى، بەزى قىلمىشلىرى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقى) تۈپەيلىدىن، شەيتان تېيىلدۇرۇشقا ئورۇندى؛ الله ھەقىقەتەن ئۇلارنى ئەپۇ قىلدى﴾** ئۇنىڭ: مەن بەدرى كۈنى (ئۇرۇشتىن) قېلىپ قالمىدىم، دېگەن گېپىگە كەلسەك، مەن (ئۇ چاغدا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى رۇقىيەنىڭ كېسىلىگە قاراۋاتاتتىم، ئۇ شۇ كېسەل بىلەن ۋاپات بولۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا (ئۇرۇشتا ئالغان ئولجىدىن) بىر كىشىلىك نېسىۋە ئايرىپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىلىك نېسىۋە ئايرىپ قويغان كىشى، ئەلۋەتتە ئۇ (ئۇرۇشقا) قاتناشقان ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ: مەن ئۆمەرنىڭ (زامانىسىدىكى) ئاچارچىلىقتا يۇرتنى تاشلاپ باشقا يەرگە كەتمىگەن، ـ دېگەن گېپىگە كەلسەك، مەن ئۆمەرنىڭ (زامانىسىدىكى) ئاچارچىلىقنى تاشلاپ باشقا يەرگە كەتتىم. چۈنكى، مەن ئۇ ئاچارچىلىققا چىدىيالمايمەن، ئۇمۇ چىدىيالمايدۇ. سەن بېرىپ بۇ گەپلەرنى ئابدۇراھمانغا سۆزلەپ بەرگىن! ـ دېدى» .

* * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَقَالُواْ لِإِخۡوَٰنِهِمۡ إِذَا ضَرَبُواْ فِى ٱلۡأَرۡضِ أَوۡ كَانُواْ

غُزًّى لَّوۡ كَانُواْ عِندَنَا مَا مَاتُواْ وَمَا قُتِلُواْ لِيَجۡعَلَ ٱللَّهُ ذَٰلِكَ حَسۡرَةً فِي قُلُوبِهِمۡۗ وَٱللَّهُ يُحۡيِۦ وَيُمِيتُۗ
وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ﴿١٥٦﴾ وَلَئِن قُتِلۡتُمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أَوۡ مُتُّمۡ لَمَغۡفِرَةٞ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَحۡمَةٌ خَيۡرٞ
مِّمَّا يَجۡمَعُونَ ﴿١٥٧﴾ وَلَئِن مُّتُّمۡ أَوۡ قُتِلۡتُمۡ لَإِلَى ٱللَّهِ تُحۡشَرُونَ ﴿١٥٨﴾

ئى مۆمىنلەر! سەپەرگە چىققان ياكى غازاتقا چىققان قېرىنداشلىرى ھەققىدە، ئۇلار يېنىمىزدا بولغاندا ئۆلمەيتتى ۋە ئۆلتۈرۈلمەيتتى دېگەن كاپىرلارغا ئوخشاش بولماڭلار، الله بۇنى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ھەسرەت قىلسۇن. الله تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ (ئۇلارنىڭ غازاتقا چىقماسلىقى ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ). الله قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿156﴾. شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر الله يولىدا (يەنى غازاتتا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى (غازاتقا كېتىپ بېرىپ ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار، سىلەرگە الله تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە رەھمەت، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ئارتۇقتۇر﴿157﴾. ئەگەر سىلەر (ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار ياكى (جەڭ مەيدانىدا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار، (ئاخىرەتتە) چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر (الله سىلەرنى ئەمەلىڭلارغا قاراپ مۇكاپاتلايدۇ)﴿158﴾.

ئۆلۈم ۋە قازا ـ قەدەرگە تۇتقان مۇئامىلىدە كاپىرلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن ساقلىنىش توغرىسىدا

الله تائالا كاپىرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سەپەر ۋە ئۇرۇشلىرىدا ئۆلۈپ كەتكەن قېرىنداشلىرى توغرىسىدىكى: ئەگەر ئۇلار ئۇ ئىشلارنى قىلمىغان بولسا (يەنى سەپەرگە ۋە ئۇرۇشقا چىقمىغان بولسا)، ئۇلارغا بۇ مۇسىبەت كەلمەيتتى، ـ دەيدىغان قارىشىغا مۆمىن بەندىلەرنىڭ (قارىشىنىڭ) مۇ ئوخشاپ قېلىشىدىن توسۇپ مۇنداق دېدى: **﴿ئى مۆمىنلەر! سەپەرگە چىققان ياكى غازاتقا چىققان قېرىنداشلىرى ھەققىدە، ئۇلار يېنىمىزدا بولغاندا ئۆلمەيتتى ۋە ئۆلتۈرۈلمەيتتى دېگەن كاپىرلارغا ئوخشاش بولماڭلار﴾**.

﴿الله بۇنى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ھەسرەت قىلسۇن﴾ يەنى ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە تېخىمۇ ھەسرەتلىنىشى ئۈچۈن الله تائالا بۇ ئويىنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا سالدى. ئاندىن الله تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ (ئۇلارنىڭ غازاتقا چىقماسلىقى ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ)﴾** يەنى يارىتىش الله تائالانىڭ قولىدا، ھەممە ئىش الله تائالانىڭ ئىلكىدە، بىر كىشىنىڭ تىرىلىشى ۋە ئۆلۈشى پەقەت الله تائالانىڭ خاھىشى ۋە تەقدىر قىلىشى بىلەن بولىدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ۋە قىسقا بولۇشىمۇ پەقەت الله تائالانىڭ پۈتۈۋەتكىنىچە بولىدۇ. **﴿الله قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى ئۇنىڭ بىلىمى مەخلۇقاتلىرىنىڭ ھەممىسىگە يېتەرلىكتۇر. الله تائالاغا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن كىچىككىنە بىر نەرسىمۇ مەخپىي ئەمەس.

﴿شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر الله يولىدا (يەنى غازاتتا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى (غازاتقا كېتىپ بېرىپ ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار، سىلەرگە الله تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە رەھمەت، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ئارتۇقتۇر﴾ بۇ ئايەت الله تائالانىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش ۋە ئۆلۈشنىڭ الله تائالانىڭ رەھمىتىگە، مەغپىرىتىگە ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىشكە ۋاستە بولىدىغانلىقىنى، الله تائالانىڭ

يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش ۋە ئۆلۈشنىڭ دۇنيادىكى ھاياتتىن ۋە يوقاپ كېتىدىغان مال ـ مۈلۈكنى توپلىغاندىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

الله تائالا ئۆلگەن ياكى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قايتىش ئورنى **الله** تائالانىڭ دەرگاھى ئىكەنلىكىدىن ۋە ئۇلارغا ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەلىگە قاراپ ياخشى ئەمەلگە مۇكاپات، يامان ئەمەلگە جازا بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەگەر سىلەر (ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار ياكى (جەڭ مەيدانىدا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار، (ئاخىرەتتە) چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر (الله سىلەرنى ئەمەلىڭلارغا قاراپ مۇكاپاتلايدۇ)﴾**.

* * * * * * *

فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ ٱللَّهِ لِنتَ لَهُمْ ۖ وَلَوْ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ ٱلْقَلْبِ لَٱنفَضُّوا۟ مِنْ حَوْلِكَ ۖ فَٱعْفُ عَنْهُمْ وَٱسْتَغْفِرْ لَهُمْ
وَشَاوِرْهُمْ فِى ٱلْأَمْرِ ۖ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُتَوَكِّلِينَ ﴿١٥٩﴾ إِن يَنصُرْكُمُ ٱللَّهُ فَلَا غَالِبَ
لَكُمْ ۖ وَإِن يَخْذُلْكُمْ فَمَن ذَا ٱلَّذِى يَنصُرُكُم مِّنۢ بَعْدِهِۦ ۗ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ﴿١٦٠﴾ وَمَا كَانَ
لِنَبِىٍّ أَن يَغُلَّ ۚ وَمَن يَغْلُلْ يَأْتِ بِمَا غَلَّ يَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ ۚ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفْسٍ مَّا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ
﴿١٦١﴾ أَفَمَنِ ٱتَّبَعَ رِضْوَٰنَ ٱللَّهِ كَمَنۢ بَآءَ بِسَخَطٍ مِّنَ ٱللَّهِ وَمَأْوَىٰهُ جَهَنَّمُ ۚ وَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٦٢﴾ هُمْ دَرَجَـٰتٌ
عِندَ ٱللَّهِ ۗ وَٱللَّهُ بَصِيرٌۢ بِمَا يَعْمَلُونَ ﴿١٦٣﴾ لَقَدْ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولًا مِّنْ أَنفُسِهِمْ
يَتْلُوا۟ عَلَيْهِمْ ءَايَـٰتِهِۦ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلْكِتَـٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَإِن كَانُوا۟ مِن قَبْلُ لَفِى
ضَلَـٰلٍ مُّبِينٍ ﴿١٦٤﴾

الله نىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، **الله** غا تەۋەككۈل قىلغىن. **الله** ھەقىقەتەن تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴿159﴾. ئەگەر **الله** سىلەرگە ياردەم بەرسە، سىلەرنى ھېچ كىشى يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر **الله** سىلەرگە ياردىمىنى تەرك ئەتسە، **الله** دىن باشقا سىلەرگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟ مۆمىنلەر يالغۇز **الله** غا تەۋەككۈل قىلسۇن! (يەنى ھەممە ئىشنى **الله** غا تاپشۇرسۇن)﴿160﴾. ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر غەنىمەتكە خىيانەت قىلمايدۇ (يەنى بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ). كىمكى غەنىمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ. ھەر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىگە تولۇق مۇكاپات، (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا (ياخشىلارنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىپ، ئاسىيلارنىڭ جازاسىنى ئاشۇرۇۋېتىپ) زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴿161﴾. **الله** نىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن كىشى **الله** نىڭ غەزىپىگە ئۇچراشقا تېگىشلىك بولغان كىشىگە ئوخشامدۇ؟ **الله** نىڭ غەزىپىگە ئۇچراشقا تېگىشلىك بولغان كىشىنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمە دېگەن يامان جاي!﴿162﴾ **الله** نىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنىڭ دەرىجىسى تۈرلۈك بولىدۇ. **الله** ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿163﴾. **الله** مۆمىنلەرگە **الله** نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى)

ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى﴿164﴾.

رەھىمدىللىك ۋە مۇلايىملىقنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىكەنلىكى

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلىنىڭ مۇلايىم بولۇشىنى ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەگەشكەن ۋە توسقان ئىشلىرىدىن يانغان ئۈممەتلىرىگە نېئمەت قىلىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا پەيغەمبىرىگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله نىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ**﴾ يەنى ئەگەر ساڭا ۋە ئۇلارغا الله تائالانىڭ رەھمىتى بولمىسا، قايسى نەرسە سېنى ئۇلارغا مۇلايىم قىلدۇراتتى؟ ھەسەنبەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدۇر، الله ئۇنى ئېسىل ئەخلاق بىلەن ئەۋەتتى.

بۇ ئايەت مەنە جەھەتتە الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ: ﴿(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴾[1].

﴿**ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى**﴾ يەنى ئەگەر سەن ئۇلارغا گەپ ـ سۆزدە، مۇئامىلىدە قاتتىق بولغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلار ئەتراپىڭدىن تارقاپ كېتىپ سېنى يالغۇز تاشلاپ قوياتتى. لېكىن، الله تائالا ئۇلارنى سېنىڭ ئەتراپىڭغا توپلىدى ۋە ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن سېنى مۇلايىم قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى "(سۆزى) قوپال، دىلى قاتتىق ئەمەس، بازارلاردا كىچىك بالىدەك ۋارقىراپ جارقىرىمايدىغان، يامانلىققا يامانلىق قىلماي كەچۈرىدىغان، ئېسىل ئەخلاقلىق" دەپ بايان قىلىنغانلىقىنى كۆردۈم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسلىھەت بىلەن ئىش كۆرۈشكە بۇيرۇلغانلىقى

﴿**ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن**﴾ شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ساھابىلارنى ئۇ ئىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن (ئۇلارغا) مەسلىھەت سالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تۆۋەندىكى ئىشلاردا مەسلىھەت سالغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى كۈنى ساھابىلارغا كارۋاننىڭ ئالدىغا چىقىش ياكى چىقماسلىق توغرىسىدا مەسلىھەت سالدى. ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر سەن بىزنى دېڭىزغا كىرىشكە بۇيرۇساڭمۇ، ئەلۋەتتە بىز سەن بىلەن كىرىمىز. ئەگەر سەن بىزنى زېمىننىڭ ئەڭ يىراق يېرىگە باشلاپ ماڭساڭمۇ، ئەلۋەتتە بىز سەن بىلەن بارىمىز. بىز ساڭا

---

(1) تەۋبە سۈرىسى 128 ـ ئايەت.

مۇسانىڭ ئادەملىرى (يەنى يەھۇدىيلار) مۇساغا: سەن ۋە پەرۋەردىگارىڭ بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇپ كېلىڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى، ـ دېگەندەك دېمەيمىز. بەلكى بىز: سەن ماڭغىن، بىز سەن بىلەن ماڭىمىز، ئۇرۇشلاردا ئالدىڭدا ياكى ئىككى يېنىڭدا تۇرىمىز، ـ دەيمىز. يەنە بۇ كۆنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا ئۇرۇش قىلىدىغان ئورۇننىڭ قەيەردە بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەت سالدى. مۇنزىر ئىبنى ئەمرى مۇئنەق لەيمۇت دېگەن ساھابى دۈشمەننىڭ ئالدىغا (ئازراق) ئىلگىرىلەش مەسلىھەتىنى بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مەدىنىدە تۇرۇش ياكى دۈشمەننىڭ ئالدىغا چىقىش توغرىسىدا مەسلىھەت سالدى. ساھابىلارنىڭ كۆپىنچىسى دۈشمەننىڭ ئالدىغا چىقىش پىلانىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ساھابىلار دۈشمەننىڭ ئالدىغا چىقتى. خەندەك ئۇرۇشى ھارپىسىدا كاپىرلار بىلەن ئۇلارغا مەدىنىنىڭ شۇ يىللىق بارلىق مېۋىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى بېرىش شەرتى بىلەن سۈلھى تۈزۈش توغرىسىدا مەسلىھەت سالدى. سەئىد ئىبنى مۇئاز بىلەن سەئىد ئىبنى ئۇبادە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈلھى تۈزۈشنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئۇلارغا ھۇدەيبىيە كۈنى مۇشرىكلارنىڭ بالىلىرىغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سالدى. ئەبۇبەكرى سىددىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: بىز بۇ يەرگە ئۇرۇشقىلى كەلمىدۇق، ئۆمرە قىلغىلى كەلدۇق، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بوھتان چاپلىنىپ قالغان ۋەقەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئى مۇسۇلمانلار گۇرۇھى! سىلەر ماڭا مېنىڭ ئائىلىرىمنى ئەيىبلىگەن ۋە ئۇلارغا تۆھمەت چاپلىغان كىشى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىڭلار. **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئائىلىرىمنىڭ بىرەر يامان ئىش قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. بوھتان چاپلىغانلار ئائىلىرىمنى كىملەرگە چېتىپ بوھتان چاپلايدۇ؟ **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بوھتان چاپلانغان كىشىدە ياخشىلىقتىن باشقىسىنى بىلمەيمەن».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى بىلەن ئۇسامىگە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئاجرىشىپ كېتىش توغرىسىدا مەسلىھەت سالدى. شۇنداقلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىشقا دائىر ئىشلاردا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردا مەسلىھەت سالاتتى.

ئىبنى ماجە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەسلىھەت سېلىنغۇچى ئامانەت قوبۇل قىلغۇچىدۇر»[1].

مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن الله تائالاغا تەۋەككۈل قىلىش توغرىسىدا

﴿(كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، الله غا تەۋەككۈل قىلغىن﴾ يەنى سەن ئۇلارغا بىر ئىشتا مەسلىھەت سالساڭ ۋە (ئۇنى قىلىشقا) بەل باغلىساڭ، **الله** غا تەۋەككۈل قىلغىن، **﴿الله**

---

(1) يەنى بىر ئادەم مەسلىھەت سالسا، مەسلىھەت سېلىنغان ئادەم خۇددى بىر ئامانەتنى ئالغان ئادەمگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇ ئامانەتنى ئۆز ئورنىغا يەتكۈزۈش قەرزى بولغاندەك، سېلىنغان مەسلىھەتكىمۇ سەمىمىي مەسلىھەت بېرىش ۋە ئۇنىڭ سىرىنى ساقلاش قەرزى بار.

ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾.

﴿ئەگەر اللە سىلەرگە ياردەم بەرسە، سىلەرنى ھېچ كىشى يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر اللە سىلەرگە ياردىمىنى تەرك ئەتسە، اللە دىن باشقا سىلەرگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟ مۆمىنلەر يالغۇز اللە غا تەۋەككۇل قىلسۇن! (يەنى ھەممە ئىشنى اللە غا تاپشۇرسۇن)﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى اللە تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿ياردەم پەقەت غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى اللە تەرىپىدىندۇر﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەنىمەتكە خىيانەت قىلمايدىغانلىقى

﴿ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر غەنىمەتكە خىيانەت قىلمايدۇ (يەنى بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ)﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد ۋە ھەسەن قاتارلىقلار: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، پەيغەمبەرنىڭ خىيانەت قىلىشى لايىق ئەمەس دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت بەدرى كۈنى يوقاپ كەتكەن قىزىل رەڭلىك بىر رەخت توغرىسىدا چۈشكەن، (ئۇ رەخت يوقاپ كەتكەندە) بەزى كىشىلەر: ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالغان بولۇشى مۇمكىن، ـ دېگەندى.

ئۇلار بۇ ھەقتە كۆپ تارتىشقانلىقى ئۈچۈن، اللە تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر غەنىمەتكە خىيانەت قىلمايدۇ (يەنى بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ). كىمكى غەنىمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ﴾**.

اللە تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەيلى ئۇ ئۇستىدىكى پەيغەمبەرلىك ئامانىتىنى ئادا قىلىشتا بولسۇن ياكى ئولجىلارنى تەقسىم قىلىشتا بولسۇن ۋەياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردا بولسۇن، ھەممە خىيانەتلەردىن ئاقلىدى.

﴿كىمكى غەنىمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ. ھەر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىگە تولۇق مۇكاپات، (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا (ياخشىلارنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىپ، ئاسىيلارنىڭ جازاسىنى ئاشۇرۇۋېتىپ) زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾ بۇ قاتتىق تەھدىتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەردە بۇنداق خىيانەت قىلىشتىن توسۇپ كەلدى.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇمالىك ئەشجەئىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ چوڭ خىيانەت زېمىنغا خىيانەت قىلىشتۇر، سىلەر ئىككى كىشىنى زېمىندا ياكى ھويلىدا (يەنى بىر مەھەللىدە ئولتۇرۇشتا) قوشنا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈسىلەر، ئاندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ زېمىنىدىن بىر گەز كەلگىدەك يەرنى بۇلىۋالىدۇ. ئەگەر ئۇ بىرى بىر گەز يەرنى بۇلىۋالسا، قىيامەت كۈنى ئۇ يەر يەتتە قات يەردىن تاقاق بولۇپ ئۇ كىشىنىڭ بوينىغا سېلىنىدۇ».

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 126 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇمەيد سائىدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەزد قەبىلىسىدىن ئىبنى لۇتبىيە ئىسىملىك بىر كىشىنى سەدىقە (يىغىشقا) تەيىن قىلدى، ئۇ (كىشى سەدىقىنى يىغىپ كېلىپ): بۇ سىلەرنىڭ، بۇ ماڭا ھەدىيە قىلىنغان نەرسە، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە چىقىپ: «بىز (سەدىقە يىغىشقا) ئەۋەتكەن خادىمنىڭ نېمە قىلغىنى؟ ئۇ (سەدىقە يىققان يەردىن) قايتىپ كېلىپ: بۇ سىلەرنىڭ، ماۋۇ ماڭا ھەدىيە قىلىنغىنى، ـ دەيدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ باقسۇن، ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە ھەدىيە قىلىنامدۇ ـ يوق؟ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەردىن بىر كىشى سەدىقىدىن بىر نەرسىنى ئېلىۋالسا، قىيامەت كۈنى ئۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە تۆگە بولسا، بوزلىغان ھالەتتە، كالا بولسا مۆرىگەن ھالەتتە، قوي بولسا، مەرىگەن ھالەتتە كېلىدۇ» دەپ ئىككى قولىنى يۇقىرىغا كۆتۈردى. بىز ئۇنىڭ قولتۇقىنىڭ ئاقلىقىنى كۆردۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله ! مەن يەتكۈزدۈممۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى.

ئىمام تىرمىزى مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى يەمەنگە ئەۋەتتى، مەن يولغا چىقىپ بولغاندا ئارقامدىن بىرسىنى ئەۋەتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن قايتىپ كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نېمىشقا سېنىڭ كەينىڭدىن ئادەم ئەۋەتكەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ سەن مېنىڭ رۇخسىتىمسىز بىر نەرسىگە تېگىپ قويما، (چۈنكى) ئۇنداق قىلىش خىيانەتتۇر. ﴿**كىمكى غەنىمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ**﴾ شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى چاقىرغان ئىدىم، ئەمدى يولۇڭغا ماڭغىن» دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە خىيانەت قىلىشنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ھەقىقەتەن يامان ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «قىيامەت كۈنى بىرىڭلارنىڭ خىيانەت قىلغان تۆگىنى بوزلىغان ھالىتىدە گەدىنىدە كۆتۈرۈپ كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى قۇتقۇزىۋالغىن، ـ دېگىنىنى كۆرۈپ قالماي، ئەگەر كۆرۈپ قالسام، مەن ئۇنىڭغا: الله تائالادىن ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، مەن خىيانەت قىلىشنىڭ ھەقىقەتەن يامان ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويغان ئىدىم، ـ دەيمەن. قىيامەت كۈنى بىرىڭلارنىڭ خىيانەت قىلغان ئاتنى كىشنىگەن ھالىتىدە گەدىنىدە كۆتۈرۈپ كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى قۇتقۇزىۋالغىن، ـ دېگىنىنى كۆرۈپ قالماي، ئەگەر كۆرۈپ قالسام: مەن ساڭا الله تائالادىن ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن. مەن خىيانەت قىلىشنىڭ ھەقىقەتەن يامان ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويغان ئىدىم ـ ، دەيمەن. قىيامەت كۈنى بىرىڭلار خىيانەت قىلغان رەخت ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنى گەدىنىدە لەپىلدىتىپ كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى قۇتقۇزىۋالغىن، ـ دېگىنىنى كۆرۈپ قالماي، ئەگەر كۆرۈپ قالسام: مەن ساڭا الله تائالادىن ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن. مەن خىيانەت قىلىشنىڭ ھەقىقەتەن يامان ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويغان ئىدىم، ـ دەيمەن. قىيامەت كۈنى بىرىڭلارنىڭ خىيانەت قىلغان ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى گەدىنىدە كۆتۈرۈپ كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى قۇتقۇزىۋالغىن، ـ دېگىنىنى كۆرۈپ قالماي، ئەگەر كۆرۈپ قالسام: مەن ساڭا الله تائالادىن ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، مەن خىيانەت قىلىشنىڭ ھەقىقەتەن يامان ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ

قويغان ئىدىم، ــ دەيمەن» .

ئىمام ئەھمەد ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: خەيبەر كۈنى ساھابىلەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر كېلىپ: پالانى شېھىت بولدى، پۇستانى شېھىت بولدى، ــ دەپ ساناپ كېلىپ، بىر ئادەمگە كەلگەندە: بۇمۇ شېھىت بولدى، ــ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، شەكسىزكى، مەن ئۇنى خىيانەت قىلغان بىر تون ياكى بىر پۈركەنجىنىڭ سەۋەبىدىن دوزاختا كۆردۈم» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئۆمەر! سەن بېرىپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا: جەننەتكە پەقەت مۆمىنلەرلا كىرەلەيدۇ، ــ دەپ جاكارلىغىن!» دېدى. ئاندىن مەن چىقىپ: جەننەتكە پەقەت مۆمىنلەرلا كىرەلەيدۇ، ــ دەپ جاكارلىدىم.

ئىشەنچلىك ئادەم بىلەن خىيانەتچىنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى

﴿الله نىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن كىشى الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچراشقا تېگىشلىك بولغان كىشىگە ئوخشامدۇ؟ الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچراشقا تېگىشلىك بولغان كىشىنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمە دېگەن يامان جاي!﴾ يەنى الله تائالا يولغا قويغان ئىشلاردا الله تائالانىڭ دىنىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ رازىلىقى ۋە كاتتا ساۋابىغا ئېرىشكەن ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قالغان كىشى بىلەن الله تائالانىڭ غەزىپىگە يولۇققان كىشى باراۋەر بولامدۇ؟ (قىيامەت كۈنى) الله تائالانىڭ غەزىپىگە يولۇققان كىشىنىڭ ئورنى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمە دېگەن يامان ئورۇن!

بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تۆۋەندىكى ئايەتلەر شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر: ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ھەقنى كۆرمەيدىغان دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟﴾[1]، ﴿بىز ياخشى ۋەدىنى قىلغان (يەنى جەننەتنى ۋەدە قىلغان) ئادەم ئۇنى تاپىدۇ، (ئۇ) دۇنيا تىرىكچىلىكىدىكى پايدىلىنىدىغان نەرسىلەر بىلەن بىز پايدىلاندۇرغان﴾[2].

﴿الله نىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنىڭ دەرىجىسى تۈرلۈك بولىدۇ﴾ ھەسەنبەسرى ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ياخشى كىشىلەرمۇ ۋە يامان كىشىلەرمۇ دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ، ــ دېدى. ئەبۇئۇبەيدە ۋە كىسائى مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى كىشىلەرنىڭمۇ جەننەتتىكى ئورۇنلىرى پەرقلىق بولىدۇ. يامان كىشىلەرنىڭمۇ دوزاختىكى ئورۇنلىرى پەرقلىق بولىدۇ» . الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئاخىرەتتە) ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەلىگە يارىشا دەرىجىسى بولىدۇ﴾[3].

﴿الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ يەنى الله تائالا ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىدىن كىچىككىنىمۇ تۇتۇپ قېلىنمايدۇ. قىلغان يامان ئىشلىرىغا كىچىككىنىمۇ قوشۇپ قويۇلمايدۇ. بەلكى، ياخشى ئىش قىلغان بولسا مۇكاپات، يامان ئىش قىلغان بولسا جازا بېرىلىدۇ.

---

(1) رەئد سۈرىسى 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) قەسەس سۈرىسى 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنئام سۈرىسى132 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشىنىڭ بىز ئۈچۈن كاتتا بىر نېئمەت ئىكەنلىكى

﴿**اللە مۆمىنلەرگە اللە نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى**﴾ يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆمىنلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەلىشى، ئۇنىڭدىن سورىيالىشى، ئۇنىڭ بىلەن بىريەردە ئولتۇرالىشى ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنەلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مىللىتىدىن ئەۋەتىلدى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھيى قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر﴾[1]، ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى﴾[2]، ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەھيى قىلدۇق﴾[3]، ﴿«ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، بۇ كۈنۈڭلاردىكى ئۇچرىشىشتىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىدىمۇ؟»﴾[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ مىللىتىدىن بولغانلىقى (ئۇلار ئۈچۈن) چوڭ بىر نېئمەتتۇر. (ئەگەر پەيغەمبەر ئۇلاردىن بولسا) ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەلەيدۇ ۋە چۈشىنەلمىگەن نەرسىلەر بولسا ئۇنىڭدىن سورىيالايدۇ، شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**اللە نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان**﴾ يەنى قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىدىغان، ﴿**پاك قىلىدىغان**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ شېرىك ئەقىدىسى ۋە ئىسلامغا كىرىشتىن بۇرۇنقى ئۇلارغا سىڭىپ كەتكەن ناچار ئەخلاق ۋە بۇزۇق ئەقىدىلەردىن ئۇلارنى پاكلاش ئۈچۈن، ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان ۋە يامانلىقتىن توسىدىغان، ﴿**كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان**﴾ بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى.

﴿**ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى**﴾ يەنى ئۇلار بۇ پەيغەمبەر كېلىشتىن بۇرۇن ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئوچۇق گۇمراھلىقتا ۋە نادانلىق ئىچىدە ئىدى.

* * * * * * *

أَوَلَمَّآ أَصَٰبَتۡكُم مُّصِيبَةٞ قَدۡ أَصَبۡتُم مِّثۡلَيۡهَا قُلۡتُمۡ أَنَّىٰ هَٰذَاۖ قُلۡ هُوَ مِنۡ عِندِ أَنفُسِكُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ
شَيۡءٖ قَدِيرٞ ١٦٥ وَمَآ أَصَٰبَكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡتَقَى ٱلۡجَمۡعَانِ فَبِإِذۡنِ ٱللَّهِ وَلِيَعۡلَمَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١٦٦ وَلِيَعۡلَمَ ٱلَّذِينَ نَافَقُواْۚ
وَقِيلَ لَهُمۡ تَعَالَوۡاْ قَٰتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أَوِ ٱدۡفَعُواْۖ قَالُواْ لَوۡ نَعۡلَمُ قِتَالٗا لَّٱتَّبَعۡنَٰكُمۡۗ هُمۡ لِلۡكُفۡرِ يَوۡمَئِذٍ
أَقۡرَبُ مِنۡهُمۡ لِلۡإِيمَٰنِۚ يَقُولُونَ بِأَفۡوَٰهِهِم مَّا لَيۡسَ فِي قُلُوبِهِمۡۚ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا يَكۡتُمُونَ ١٦٧ ٱلَّذِينَ قَالُواْ

(1) كەھف سۈرىسى 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) فۇرقان سۈرىسى 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) يۇسۇف سۈرىسى 109 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئەنئام سۈرىسى130 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

لِإِخۡوَٰنِهِمۡ وَقَعَدُواْ لَوۡ أَطَاعُونَا مَا قُتِلُواْۗ قُلۡ فَٱدۡرَءُواْ عَنۡ أَنفُسِكُمُ ٱلۡمَوۡتَ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿١٦٨﴾

سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا (يەنى ئۇھۇد غازىتىدا سىلەردىن 70 كىشى شېھىت بولغان تۇرسا، بەدرى غازىتىدا بولسا مۇشرىكلاردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرگەن، 70 كىشىنى ئەسىر ئالغان تۇرساڭلار)، سىلەر يەنە: «بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟» دېدىڭلار. ئېيتقىنكى، «ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن) بولدى». الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴿165﴾. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان كۈندە (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار توقۇنۇشقان ئۇھۇد جېڭىدە) سىلەرگە كەلگەن مۇسىبەت الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن كەلگەندۇر، بۇ ھەقىقىي مۆمىنلەرنى بىلىش (يەنى ئايرىش) ئۈچۈندۇر﴿166﴾. ۋە مۇناپىقلارنى بىلىش (يەنى ئايرىش) ئۈچۈندۇركى، ئۇلارغا: «كېلىڭلار، الله يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار ياكى (ئۆزەڭلارنى) قوغداڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ئۇرۇشتىن خەۋەر تاپقان بولساق، ئەلۋەتتە، سىلەرگە ئەگىشەتتۇق (يەنى سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلاتتۇق)» دېدى. ئۇ كۈندە ئۇلار ئىمانغا قارىغاندا كۇفرىغا يېقىن ئىدى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە يوق نەرسىلەرنى ئېغىزلىرىدا دېدى، ئۇلار يوشۇرغاننى (يەنى نىفاق بىلەن مۇشرىكلىكنى) الله ئوبدان بىلىدۇ﴿167﴾. (بۇ يەنە الله نىڭ) ئۇرۇشقا چىقىشنى خالىمىغان (مۇناپىقلارنى ئايرىشى ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئۆيلىرىدە) ئولتۇرۇپ قېرىنداشلىرىغا: «ئەگەر ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) بىزگە بويسۇنغان بولسا (يەنى نەسىھىتىمىزنى ئاڭلاپ ئۇرۇشتىن قايتقان بولسا)، ئۆلتۈرۈلمەيتتى» دېدى. (ئى مۇھەممەد! بۇ مۇناپىقلارغا) ئېيتقىنكى، «(ئەگەر ئۇرۇشقا چىقماسلىق ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىدىغان بولسا) ئۆلۈمنى ئۆزەڭلاردىن دەپئى قىلىپ بېقىڭلار، ئەگەر (دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار»﴿168﴾.

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۆمىنلەرگە كەلگەن مۇسىبەتنىڭ سەۋەبى ۋە ھېكمىتى

﴿**سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا**﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسۇلمانلار بەدرى ئۇرۇشىدا كاپىرلاردىن فىدىيە ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇھۇد ئۇرۇشىدا جازالاندى. مۇسۇلمانلاردىن 70 كىشى ئۆلتۈرۈلدى. ساھابىلار قېچىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇدۇل چىشى سۇندۇرۇلدى، بېشىغا كىيگەن تۆمۈر قالپىقى بېشىنى يارىلاندۇرىۋەتكەچكە، قان ئۇنىڭ يۈزىگە ئېقىپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: ﴿**سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا (يەنى ئۇھۇد غازىتىدا سىلەردىن 70 كىشى شېھىت بولغان تۇرسا، بەدرى غازىتىدا بولسا مۇشرىكلاردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرگەن، 70 كىشىنى ئەسىر ئالغان تۇرساڭلار)، سىلەر يەنە: «بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟» دېدىڭلار. ئېيتقىنكى، «ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن) بولدى»**﴾ يەنى بۇ مۇسىبەت (سىلەر كاپىرلاردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار سەۋەبىدىن يەتتى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق، ئىبنى جۇرەيج، رەبىيئ ئىبنى ئەنەس ۋە سۇددى قاتارلىقلار: ﴿**ئېيتقىنكى، «ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىمەتكە ھېرىس**

بولغانلىقىڭلاردىن) بولدى»﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئوقياچىلار ئورنۇڭلاردىن مىدىرلىماڭلار» دېگەن بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلغانلىقىڭلار سەۋەبى بىلەن، دېگەنلىك بولىدۇ. **﴿الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾** يەنى الله تائالا خالىغىنى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇنىڭ ھۆكمىگە ھېچكىم قارشى تۇرالمايدۇ.

﴿ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان كۈندە (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار توقۇنۇشقان ئوھۇد جېڭىدە) سىلەرگە كەلگەن مۇسىبەت الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن كەلگەندۇر﴾ يەنى سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنىڭ ئالدىدا قېچىشىڭلار، ئۇلارنىڭ سىلەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى ۋە بىر تۈركۈملىرىنى يارىلاندۇرۇشى الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولغان بولۇپ، بۇ ئىشلاردا الله تائالانىڭ بىر ھېكمىتى باردۇر.

﴿ۋە مۇناپىقلارنى بىلىش (يەنى ئايرىش) ئۈچۈندۇركى، ئۇلارغا: «كېلىڭلار، الله يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار ياكى (ئۆزەڭلارنى) قوغداڭلار» دېيىلسە﴾ ئۇھۇد كۈنى، مۆمىنلەر ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل دېگەن مۇناپىققا ئەگىشىپ يولنىڭ يېرىمىدىن قايتىپ كەتكەن مۇناپىقلارنىڭ كەينىدىن كېلىپ، ئۇلارنى جەڭ مەيدانىغا قايتىپ ئۇرۇش قىلىشقا، مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىشقا ۋە مۇسۇلمانلار سېپىگە قېتىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. مۇناپىقلار ئۇلارغا مۇنداق دەپ جاۋاب قايتۇردى: **﴿«ئۇرۇشتىن خەۋەر تاپقان بولساق، ئەلۋەتتە، سىلەرگە ئەگىشەتتۇق (يەنى سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلاتتۇق)»﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بىز سىلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىڭلارنى بىلگەن بولساق، ئەلۋەتتە سىلەرگە ئەگىشەتتۇق ۋە لېكىن سىلەر ئۇرۇش قىلمايسىلەر.

﴿ئۇ كۈندە ئۇلار ئىمانغا قارىغاندا كۇفرىغا يېقىن ئىدى﴾ ئالىملار بۇ ئايەتلەر بىلەن بىر كىشىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىغا پاكىت كەلتۈردى. يەنى (بەزى ۋاقىتتا) كۇپۇرلۇققا يېقىن ھالەتتە ۋە (بەزى ۋاقىتتا) ئىمانغا يېقىن ھالەتتە بولىدۇ.

﴿ئۇلار كۆڭۈللىرىدە يوق نەرسىلەرنى ئېغىزلىرىدا دېدى﴾ مۇناپىقلارنىڭ **﴿«ئۇرۇشتىن خەۋەر تاپقان بولساق، ئەلۋەتتە، سىلەرگە ئەگىشەتتۇق (يەنى سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلاتتۇق)»﴾** دېگەن سۆزى بۇ ئايەتنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مۇناپىقلار قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ بەدرى ئۇرۇشىدا كەلگەن مۇسىبەت سەۋەبى بىلەن مۇسۇلمانلاردىن نەچچە ھەسسە جىق بولۇپ (مۇسۇلمانلارغا قارشى) شىددەت بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن يىراق يەردىن كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇرۇشنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار يوشۇرغاننى (يەنى نىفاق بىلەن مۇشرىكلىكنى) الله ئوبدان بىلىدۇ﴾**.

﴿(بۇ يەنە الله نىڭ) ئۇرۇشقا چىقىشنى خالىمىغان (مۇناپىقلارنى ئايرىشى ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئۆيلىرىدە) ئولتۇرۇپ قېرىنداشلىرىغا: «ئەگەر ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) بىزگە بويسۇنغان بولسا (يەنى نەسىھىتىمىزنى ئاڭلاپ ئۇرۇشتىن قايتقان بولسا)، ئۆلتۈرۈلمەيتتى» دېدى﴾ يەنى بىزنىڭ ئۇلارغا (ئۇرۇشقا چىقماي ئۆيدە ئولتۇرۇشقا) بەرگەن مەسلىھىتىمىزگە قوشۇلغان بولسا، ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قاتارىدا ئۆلتۈرۈلمەيتتى.

﴿(ئى مۇھەممەد! بۇ مۇناپىقلارغا) ئېيتقىنكى، «(ئەگەر ئۇرۇشقا چىقماسلىق ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىدىغان بولسا) ئۆلۈمنى ئۆزەڭلاردىن دەپئى قىلىپ بېقىڭلار، ئەگەر (دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار»﴾ يەنى جەڭگە چىقماي ئۆيدە ئولتۇرۇش بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈلۈش ياكى ئۆلۈشتىن ساقلاپ قالىدىغان بولسا،

(ئى مۇناپىقلار!) سىلەر ئۆلمسەڭلار بولاتتى. ھالبۇكى، ئۆلۈم سىلەرگە مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. ئەگەر سىلەر يۇقىرىدا قىلغان دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئۆزەڭلاردىن ئۆلۈمنى توسۇپ بېقىڭلار. مۇجاھىد جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ: بۇ ئايەت ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ھەققىدە چۈشكەن، ــ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

****

وَلَا تَحْسَبَنَّ ٱلَّذِينَ قُتِلُوا۟ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ أَمْوَٰتًۢا ۚ بَلْ أَحْيَآءٌ عِندَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ ﴿١٦٩﴾ فَرِحِينَ بِمَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ
مِن فَضْلِهِۦ وَيَسْتَبْشِرُونَ بِٱلَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُوا۟ بِهِم مِّنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿١٧٠﴾
۞ يَسْتَبْشِرُونَ بِنِعْمَةٍ مِّنَ ٱللَّهِ وَفَضْلٍ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٧١﴾ ٱلَّذِينَ ٱسْتَجَابُوا۟ لِلَّهِ وَٱلرَّسُولِ
مِنۢ بَعْدِ مَآ أَصَابَهُمُ ٱلْقَرْحُ ۚ لِلَّذِينَ أَحْسَنُوا۟ مِنْهُمْ وَٱتَّقَوْا۟ أَجْرٌ عَظِيمٌ ﴿١٧٢﴾ ٱلَّذِينَ قَالَ لَهُمُ ٱلنَّاسُ إِنَّ
ٱلنَّاسَ قَدْ جَمَعُوا۟ لَكُمْ فَٱخْشَوْهُمْ فَزَادَهُمْ إِيمَٰنًا وَقَالُوا۟ حَسْبُنَا ٱللَّهُ وَنِعْمَ ٱلْوَكِيلُ ﴿١٧٣﴾ فَٱنقَلَبُوا۟
بِنِعْمَةٍ مِّنَ ٱللَّهِ وَفَضْلٍ لَّمْ يَمْسَسْهُمْ سُوٓءٌ وَٱتَّبَعُوا۟ رِضْوَٰنَ ٱللَّهِ ۗ وَٱللَّهُ ذُو فَضْلٍ عَظِيمٍ ﴿١٧٤﴾ إِنَّمَا ذَٰلِكُمُ
ٱلشَّيْطَٰنُ يُخَوِّفُ أَوْلِيَآءَهُۥ فَلَا تَخَافُوهُمْ وَخَافُونِ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١٧٥﴾

الله نىڭ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى، ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ)﴿169﴾. ئۇلار الله نىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىت بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ﴿170﴾. ئۇلار الله تەرىپىدىن بېرىلگەن نېئمەت ۋە پەزلنى، مۆمىنلەرنىڭ ئەجرىنى الله نىڭ بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ﴿171﴾ . (ئۇھۇد غازىتىدا) يارىلانغاندىن كېيىن الله نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلار، ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) دىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلار چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ﴿172﴾. (مۇشرىكلار تەرەپدارى بولغان) ئادەملەر ئۇلارغا: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار» دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: «بىزگە الله كۇپايە، الله نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!» دېدى﴿173﴾. ئۇلار الله نىڭ نېئمىتى ۋە پەزلى بىلەن قايتىپ كەلدى، ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى، ئۇلار الله نىڭ رازىلىقىنى ئىزدىدى. الله ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر﴿174﴾. ئەنە شۇ شەيتان ئۆز دوستلىرىنى (يەنى كۇففارلارنى) قورقىتىدۇ. ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار﴿175﴾.

شېھىتلەرنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا شېھىتلەرنىڭ بۇ دۇنيادا ئۆلتۈرۈلسىمۇ، (ئۇلارنىڭ) جانلىرىنىڭ ئاخىرەتتە تىرىك بولۇپ، ئوزۇقلاندۇرۇلۇپ تۇرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئىمام مۇسلىم مەسرۇقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئابدۇللاھدىن: **﴿الله نىڭ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى، ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن - ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ)﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق سورىدۇق.

ئابدۇللاھ: ھەقىقەتەن بىز بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «ئۇلارنىڭ جانلىرى يېشىل بىر قۇشنىڭ پوكىنىدا بولىدۇ. قۇشنىڭ ئەرشنىڭ ئاستىغا ئېسىپ قويۇلغان قونداقلىرى بار. ئۇ جەننەتتە خالىغان يەرگە ئۇچۇپ بارىدۇ. ئاندىن ھېلىقى قونداققا قايتىپ كېلىدۇ. ئاندىن شېھىتلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلارغا قاراپ: سىلەر بىر نەرسە ئارزۇ قىلامسىلەر؟- دەيدۇ. ئۇلار: بىز يەنە قايسى نەرسىنى ئارزۇ قىلاتتۇق، بىز جەننەتتە خالىغان يېرىمىزگە ئۇچۇپ يۈرسەك، - دەيدۇ. الله تائالا بۇ سوئالنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ. ئۇلار (بىر نەرسە) سورىمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ: ئى پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ يولۇڭدا يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلۈپ، شېھىتلىكنىڭ ھازىرقىدەك يۇقىرى دەرىجىسىگە ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن سېنىڭدىن جانلىرىمىزنى جەسەتلىرىمىزگە قايتۇرۇشىڭنى سورايمىز، - دەيدۇ. الله تائالا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق نەرسىگە ھاجىتى يوقلۇقىنى كۆرۈپ (ئۇلارنى ئۆز ھالىغا) قويۇپ قويىدۇ».

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شېھىتتىن باشقا، ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ياخشىلىققا ئېرىشكەن ھەرقانداق بىر جان دۇنياغا قايتىش ئارزۇسىدا بولمايدۇ. پەقەت شېھىت بولغان ئادەم شېھىتلىكنىڭ پەزىلىتىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، دۇنياغا قايتىپ (الله تائالانىڭ يولىدا) يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشنى خالايدۇ».

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇھۇد ئۇرۇشىدا سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلارغا مۇسىبەت يېتىپ (ئۇلار) شېھىت بولغاندا، الله تائالا ئۇلارنىڭ جانلىرىنى يېشىل بىر قۇشنىڭ پوكىنىدا قىلدى. قۇش جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرىگە كېلىدۇ ۋە جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن يەيدۇ، ئەرشنىڭ سايىسى ئاستىدا ئېسىپ قويۇلغان ئالتۇندىن ياسالغان قونداقلارغا كېلىپ قونىدۇ. ئۇلار يېمەك - ئىچمەكلىرىنىڭ ئاجايىپ شېرىن، تۇرىدىغان ئورۇنلىرىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ: كاشكى بىزنىڭ (دۇنيادا قالغان) قېرىنداشلىرىمىز الله تائالانىڭ بىزگە قىلغان مەرھەمىتىنى بىلسە ئىدى، جىھاد قىلىشنى تاشلىمايتتى ۋە ئۇرۇش قىلىشتىن قورقمايتتى، - دەيدۇ. الله تائالا: مەن ئۇلارغا (سىلەرنىڭ بۇ سۆزۈڭلارنى) يەتكۈزىمەن، - دەپ: **﴿الله نىڭ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى، ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن - ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ)﴾** دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى. شۇنىڭدەك قەتادە، رەبىئ ۋە زەھھاك قاتارلىقلار: بۇ ئايەت ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان كىشىلەر ھەققىدە چۈشتى، - دېدى.

ئەبۇبەكرى ئىبنى مەردەۋەي جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا قاراپ: «ھەي جابىر! كۆڭلۈڭ سۇنۇقتەكلا كۆرۈنىسەنغۇ؟» دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! دادام شېھىت قىلىنىپ زىممىسىدىكى قەرز ۋە بىر ئائىلە ماڭا

قالدى، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ساڭا (الله تائالا بىر كىشىگە سۆزلىمەكچى بولسا) ئۇنىڭغا پەقەت پەردە ئارقىسىدىن سۆزلىگەنلىكىنى، (ئەمما) سېنىڭ داداڭغا يۈز تۇرانە سۆزلىگەنلىكىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ الله تائالا داداڭغا: سەن مەندىن بىر نەرسە تىلىگىن، مەن (تىلىگەن نەرسەڭنى) بېرەي، ـ دېدى. (داداڭ): مەن سەندىن مېنىڭ دۇنياغا قايتۇرۇلۇپ، سېنىڭ يولۇڭدا ئىككىنچى قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشمنى سورايمەن، ـ دېدى. الله تائالا: مەن بۇرۇن ئۆلگەن كىشىلەر دۇنياغا قايتمايدۇ دېگەن ئىدىم[1]، ـ دېدى. داداڭ: ئى پەرۋەردىگارىم! (ئۇنداق بولسا) سەن دۇنيادا ھايات قالغان كىشىلەرگە بۇ يەردىكى نېئمەتلەرنى يەتكۈزۈپ قويغىن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: **﴿الله نىڭ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى، ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ)﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى».

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شېھىتلەر جەننەتنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى بىر ئۆستەڭنىڭ قېشىدا، بىر يېشىل گۈمبەزنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ رىزقى جەننەتتىن ئەتىگەن ـ كەچتە چىقىپ تۇرىدۇ».

بۇ ھەدىسلەردىن شېھىتلەرنىڭ مۇتۇرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلەرنىڭ جانلىرى جەننەتتە ئۇچۇپ يۈرىدىغانلاردىن بولىدىغانلىقىنى ۋە بەزىلەرنىڭ جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئۆستەڭنىڭ قېشىدا، بىر يېشىل گۈمبەزدە بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ ۋەياكى ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرى توختايدىغان يېرى بۇ ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇ يەرگە يىغىلىشى ۋە ئەتىگەن ـ كەچلىك رىزقى ئۇ يەردە بولىدىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆمىنلەرنىڭ جېنىنىڭمۇ جەننەتتە خالىغان يەرگە ئۇچۇپ يۈرىدىغانلىقى، جەننەتنىڭ مېۋىسىدىن يەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يېشىللىقلارنى، شاد ـ خۇراملىقنى ۋە الله تائالانىڭ جەننەتتە ئۇلارغا تەييارلىغان نازۇ ـ نېئمەتلىرىنى كۆرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىنىنىڭ جېنى تاكى الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنى ئۆز جەسىتىگە قايتۇرغۇچە جەننەتنىڭ دەرىخىگە قونۇپ يۈرىدىغان بىر قۇشتۇر».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن مۆمىنلەرنىڭ جانلىرى جەننەتتىكى بىر قۇشنىڭ شەكلىدە بولىدۇ».

ئەمما شېھىتلەرنىڭ جانلىرى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، يېشىل قۇشلارنىڭ پوكانلىرىدا بولىدۇ. شېھىتلەرنىڭ جانلىرى شېھىت بولمىغان مۆمىنلەرنىڭ جانلىرىغا نىسبەتەن يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ. بىز، الله سۇبھانە ۋەتائالادىن بىزنى ئىمانىمىزدا مۇستەھكەم قىلىشنى تىلەيمىز. **﴿ئۇلار الله نىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىت بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ﴾**.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەلۇم بىر ئەتىگىنى "مەئۇن" دېگەن قۇدۇق

---

(1) يەنى لەۋھۇل مەھپۇزدا: ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ دۇنياغا قايتىشى يوق دەپ يېزىلىپ بولغان، شۇڭا سەن دۇنياغا قايتالمايسەن.

بېشىدا ئۆلتۈرۈلۈپ كەتكەن 70 ئەنسارنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئايىقۇنۇت ئوقۇپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن كىشىلەرگە بەد دۇئا قىلدى ۋە ئۇلارغا لەنەت ئوقۇدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دېدى: «پەرۋەردىگارىمىزغا ئۇچراشقانلىقىمىزنى ۋە ئۇنىڭ بىزدىن رازى بولغانلىقىنى ئادەملىرىمىزگە يەتكۈزۈپ قويۇڭلار» دېگەن ئايەت چۈشتى. بىز ئۇ ئايەتنى (تاكى ئۇ ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانغا قەدەر) ئوقۇيتتۇق.

﴿ئۇلار اللہ تەرىپىدىن بېرىلگەن نېئمەت ۋە پەزلنى، مۆمىنلەرنىڭ ئەجرىنى اللہ نىڭ بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ﴾ مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى شېھىتلەر قىلغان ۋەدىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىدىن ۋە ساۋابنىڭ تولۇق بېرىلگەنلىكىدىن خۇش بېشارەت ئالدى ۋە خۇرسەن بولدى.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەمە: بۇ ئايەت شېھىتلەر ۋە شېھىتلەردىن باشقا ھەممە مۆمىنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، اللہ تائالا پەيغەمبەرلەرگە بەرگەن ساۋاب ۋە پەزلىتىنى بايان قىلسا، كەينىدىنلا مۆمىنلەرگە بەرگەن نەرسىلەرنى بايان قىلىدۇ، ــ دېدى.

ھەمرائۇلئەسەد غازىتى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ پەزىلىتى

﴿(ئۇھۇد غازىتىدا) يارىلانغاندىن كېيىن اللہ نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلار﴾ بۇ ئىش ھەمرائۇلئەسەد كۈنى بولغان بولۇپ، جەريانى مۇنداق: مۇشرىكلار (ئۇھۇد ئۇرۇشىدا) مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ شەھەرلىرىگە قايتىشتى. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ: نېمىشقا (ئۇرۇشنى) مەدىنىگىچە داۋاملاشتۇرمىغاندىمىز، ئۇنى ئاخىرقى قېتىملىق بولغان بىر ئۇرۇش قىلمىغاندىمىز، ــ دەپ پۇشايمان قىلىشتى. بۇنىڭدىن (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان پۇشايمانلىرىدىن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر تاپتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ، بىر قورقىتىپ قويۇش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا بۇيرۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جابىر ئىبنى ئابدۇللاھدىن باشقا، ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشمىغان بىر كىشىگىمۇ (قوغلىغۇچى) قوشۇنغا قاتنىششقا رۇخسەت قىلمىدى. مۇسۇلمانلار گەرچە ئۇرۇشتا قاتتىق يارىلانغان بولسىمۇ، اللہ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنۇپ جەڭگە ئاتلاندى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىكرىمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلار ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن يانغاندا: مۇھەممەدنى ئۆلتۈرەلمىدىڭلار ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى قوغلىمىدىڭلار (يەنى ئۇلارنى كۆپ ئۆلتۈرەلمىدىڭلار) ياكى ئەسىرگە ئالالمىدىڭلار، بۇ ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى، (ئارقاڭلارغا) قايتىڭلار، ــ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا بۇيرۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار قوزغىلىپ ھەمرائۇلئەسەد ياكى ئەبۇئۇيەيىنىنىڭ قۇدۇقىنىڭ قېشىغىچە يېتىپ كەلدى. مۇشرىكلار: كېلەر يىلى قايتا كېلىمىز، ــ دەپ قايتىپ كەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ قايتىپ كەلدى. بۇ بىر ئۇرۇش ھېسابلاندى، ئاندىن اللہ تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: **﴿(ئۇھۇد غازىتىدا) يارىلانغاندىن كېيىن اللہ نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلار، ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) دىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلار چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ﴾**.

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۇرۇۋەگە: ئى قىز قېرىنداشىمنىڭ بالىسى! ئۇھۇد ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇسىبەت يەتكەندە، مۇشرىكلارمۇ قايتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنىڭ قايتا يېنىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ: «مۇشرىكلارنىڭ كەينىدىن كىم قوغلاپ چىقىدۇ؟» دېدى، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن 70 كىشى تەييار بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە (ئاتاڭ) زۇبەيرى ۋە (بوۋاڭ) ئەبۇبەكرىمۇ بار ئىدى، ـ دېدىم.

﴿(مۇشرىكلار تەرەپدارى بولغان) ئادەملەر ئۇلارغا: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار» دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى﴾ يەنى كاپىر تەرەپدارى بولغان كىشىلەر مۆمىنلەرنى كاپىرلارنىڭ توپلانغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ جىقلىقىدىن قورقۇتتى. مۆمىنلەر كاپىرلارنى چوڭ بىلمەي، **الله** تائالاغا تەۋەككۇل قىلدى ۋە **الله** تائالادىن ياردەم سورىدى. **﴿ئۇلار: «بىزگە الله كۇپايە، الله نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!» دېدى﴾**.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **﴿«بىزگە الله كۇپايە، الله نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!»﴾** دېگەن بۇ سۆزنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلىنىدىغان چاغدا دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىك تەرەپدارلىرى مۇسۇلمانلارغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: قۇرەيشلەر سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار دېگەن چاغدا، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن **الله** تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار الله نىڭ نېئمىتى ۋە پەزلى بىلەن قايتىپ كەلدى، ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى﴾**.

بەيھەقى: **﴿ئۇلار الله نىڭ رازىلىقىنى ئىزدىدى. الله ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلارنىڭ ساق ـ سالامەت قالغانلىقى **الله** تائالانىڭ ئۇلارغا بەرگەن نېئمىتىدۇر. بىر كارۋان ئۇلارنىڭ قېشىدىن ئۆتكەن ئىدى. (بۇ ھەج مەۋسۇمى ئىدى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كارۋاننىڭ ماللىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇنلىغان پايدا ئالدى. ئاندىن ئۇنى (پايدىنى) ساھابىلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەنلىكىمۇ، **الله** تائالانىڭ ئۇلارغا قىلغان كاتتا پەزلىدۇر.

﴿ئەنە شۇ شەيتان ئۆز دوستلىرىنى (يەنى كۇففارلارنى) قورقىتىدۇ﴾ يەنى ئاشۇ (سۆزنى دېگۈچى) شەيتاندۇر، ئۇ سىلەرنى ئۆزىنىڭ دوستلىرىدىن (يەنى كاپىرلاردىن) قورقىتىدۇ ۋە سىلەرگە ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى ئارقىلىق قورقۇنچ سالىدۇ.

﴿ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار﴾ يەنى سىلەرگە (شۇنداق) قورقۇنچ سالسا، سىلەر ماڭا تەۋەككۇل قىلىڭلار ۋە مەندىن ياردەم سوراڭلار. مەن سىلەرگە كۇپايىدۇرمەن. ئۇلارغا قارشى سىلەرگە ياردەم بەرگۈچىدۇرمەن.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: **﴿الله** بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغداشقا ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە) يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇلار سېنى **الله** دىن باشقا مەبۇدلار بىلەن قورقۇتىدۇ، **الله** گۇمراھ قىلغان ئادەمنى ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ، **الله** ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ھېچ ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ، **الله** غالىب، (دۈشمەنلىرىنى) جازالىغۇچى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان» دەپ سورىساڭ، شۈبھىسىزكى، ئۇلار: «**الله** ياراتقان» دەيدۇ. ئېيتقىنكى،

«ئەگەر الله ماڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دەپئى قىلىشقا، يا الله ماڭا رەھمەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى توسۇۋېلىشقا، الله دىن باشقا سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان مەبۇدلار قادىر بولالامدۇ؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ؟» ئېيتقىنكى، «ماڭا الله كۇپايىدۇر، تەۋەككۇل قىلغۇچىلار ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى ھەممە ئىشنى الله غا تاپشۇرسۇن)»﴾[1]، ﴿شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر﴾[2]، ﴿ئۇلار شەيتاننىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، شەيتاننىڭ قوشۇنى زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾[3]، ﴿الله (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى، الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[4]، ﴿كىمكى الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە الله ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ﴾[5]، ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر الله غا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، الله سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ﴾[6]، ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز. ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ ئۆزرىلىرى پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلار لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ﴾[7].

****

وَلَا يَحْزُنكَ ٱلَّذِينَ يُسَٰرِعُونَ فِى ٱلْكُفْرِ ۚ إِنَّهُمْ لَن يَضُرُّوا۟ ٱللَّهَ شَيْـًٔا ۗ يُرِيدُ ٱللَّهُ أَلَّا يَجْعَلَ لَهُمْ حَظًّا فِى
ٱلْـَٔاخِرَةِ ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿١٧٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱشْتَرَوُا۟ ٱلْكُفْرَ بِٱلْإِيمَٰنِ لَن يَضُرُّوا۟ ٱللَّهَ شَيْـًٔا وَلَهُمْ عَذَابٌ
أَلِيمٌ ﴿١٧٧﴾ وَلَا يَحْسَبَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ أَنَّمَا نُمْلِى لَهُمْ خَيْرٌ لِّأَنفُسِهِمْ ۚ إِنَّمَا نُمْلِى لَهُمْ لِيَزْدَادُوٓا۟ إِثْمًا ۚ وَلَهُمْ
عَذَابٌ مُّهِينٌ ﴿١٧٨﴾ مَّا كَانَ ٱللَّهُ لِيَذَرَ ٱلْمُؤْمِنِينَ عَلَىٰ مَآ أَنتُمْ عَلَيْهِ حَتَّىٰ يَمِيزَ ٱلْخَبِيثَ مِنَ ٱلطَّيِّبِ ۗ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ
لِيُطْلِعَكُمْ عَلَى ٱلْغَيْبِ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَجْتَبِى مِن رُّسُلِهِۦ مَن يَشَآءُ ۖ فَـَٔامِنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ ۚ وَإِن تُؤْمِنُوا۟ وَتَتَّقُوا۟ فَلَكُمْ
أَجْرٌ عَظِيمٌ ﴿١٧٩﴾ وَلَا يَحْسَبَنَّ ٱلَّذِينَ يَبْخَلُونَ بِمَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضْلِهِۦ هُوَ خَيْرًا لَّهُم ۖ بَلْ هُوَ شَرٌّ لَّهُمْ ۖ
سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُوا۟ بِهِۦ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۗ وَلِلَّهِ مِيرَٰثُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ ﴿١٨٠﴾

(ئى مۇھەممەد!) كۇفرىغا ئۆزلىرىنى ئاتىغانلار (يەنى سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن كۇفرىغا شاپاشلايدىغان مۇناپىقلار) سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، ئۇلار ھەقىقەتەن (كۇفرى بىلەن) الله غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. الله ئاخىرەتتە ئۇلارغا (ساۋابتىن) ھېچبىر نېسىۋە بەرمەسلىكنى خالايدۇ؛ ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾176﴿. ئىماننى كۇفرىغا تېگىشكەنلەر (يەنى مەزكۇر مۇناپىقلار) (كۇفرى بىلەن)

(1) زۇمەر سۈرىسى 36 ـ ئايەتتىن 38 ـ ئايەتكىچە.
(2) نىسا سۈرىسى 76 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) مۇجادەلە سۈرىسى 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) مۇجادەلە سۈرىسى 21 ـ ئايەت.
(5) ھەج سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) مۇھەممەد سۈرىسى 7 ـ ئايەت.
(7) غافىر سۈرىسى 51 ـ 52 ـ ئايەتلەر.

اﷲ غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿177﴾. كاپىرلار ئۆزلىرىگە (جازا بەرمەستىن) مۆھلەت بېرىشىمىزنى (يەنى ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىشىمىزنى) ھەرگىز ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىشىمىز (ۋە ئەجىلىنى كېچىكتۈرۈشىمىز) پەقەت ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈندۇر. ئۇلار (ئاخىرەتتە) خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿178﴾. اﷲ يامانىنى (يەنى مۇناپىقنى) ياخشىدىن (يەنى مۆمىندىن) ئايرىمىغىچە مۆمىنلەرنى (يەنى سىلەرنى) ھازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ. اﷲ سىلەرنى غەيبدىنمۇ خەۋەردار قىلمايدۇ ۋە لېكىن اﷲ پەيغەمبەرلىرىدىن خالىغىنىنى تاللاپ، ئۇنىڭغا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇناپىقلارنىڭ ھالىنى بىلدۈرگەندەك) غەيبنى بىلدۈرىدۇ؛ اﷲ غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە (پەرۋەردىگارىڭلاردىن) قورقساڭلار، چوڭ ساۋابقا ئېرىشىسىلەر﴿179﴾. اﷲ ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل ـ مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر؛ ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ. ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ مىراسى اﷲ نىڭدۇر (يەنى كائىناتتىكى ھەممە نەرسە اﷲ نىڭ مۈلكى بولۇپ، ئۇلار پانىي بولغاندىن كېيىن اﷲ نىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ). اﷲ قىلغان ئەمەلىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴿180﴾.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن تەسەللىي توغرىسىدا

اﷲ تائالا پەيغەمبىرىگە مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى مۇھەممەد!) كۇفرىغا ئۆزلىرىنى ئاتىغانلار (يەنى سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن كۇفرىغا شاپاشلايدىغان مۇناپىقلار) سېنى غەمكىن قىلمىسۇن﴾** بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرگە بەك كۆيۈمچانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئايەت بولۇپ، كاپىرلارنىڭ قارشىلىق قىلىشى ۋە ھەقنى قوبۇل قىلماسلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى غەمكىن قىلاتتى.

﴿ئۇلار ھەقىقەتەن (كۇفرى بىلەن) اﷲ غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. اﷲ ئاخىرەتتە ئۇلارغا (ساۋابتىن) ھېچبىر نېسىۋە بەرمەسلىكنى خالايدۇ؛ ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئىماننى كۇفرىغا تېگىشكەنلەر (يەنى مەزكۇر مۇناپىقلار) (كۇفرى بىلەن) اﷲ غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. كاپىرلار ئۆزلىرىگە (جازا بەرمەستىن) مۆھلەت بېرىشىمىزنى (يەنى ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىشىمىزنى) ھەرگىز ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن﴾.

﴿ئۇلارغا مۆھلەت بېرىشىمىز (ۋە ئەجىلىنى كېچىكتۈرۈشىمىز) پەقەت ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈندۇر. ئۇلار (ئاخىرەتتە) خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى اﷲ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىنىڭ مەنىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ: ﴿(ئۇلار) بىزنىڭ ئۇلارغا مال ـ مۈلۈك ۋە ئەۋلادلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۆزلىرىگە تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۇقمايدۇ﴾[1]، ﴿بۇ قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلارنى ماڭا قويۇۋەتكىن، ئۇلارنى تۇيدۇرماستىن، ئاستا ـ ئاستا ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىمىز﴾[2]، ﴿ئۇلارنىڭ ماللىرى ۋە ئەۋلادلىرى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن. اﷲ دۇنيادا بۇلار ئارقىلىق ئۇلارنى جازالاشنى، ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ﴾[3].

(1) مۆمىنۇن سۈرىسى 55 ـــ 56 ـ ئايەتلەر.
(2) قەلەم سۈرىسى 44 ـ ئايەت.
(3) تەۋبە سۈرىسى 85 ـ ئايەت.

﴿الله يامانىنى (يەنى مۇناپىقنى) ياخشىدىن (يەنى مۆمىندىن) ئايرىمىغىچە مۆمىنلەرنى (يەنى سىلەرنى) هازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ﴾ يەنى (الله) ئۆزىنىڭ دوستىدىن دۈشمىنىنى، چىداملىق مۆمىندىن بۇزۇق مۇناپىقلارنى ئايرىدىغان ئىمتىهاندىن بىرنى قىلىشى لازىم ئىدى. الله تائالا مۆمىنلەرنى سىنىغان ئىمتىهان ئۇهۇد كۈنى بولدى. ئۇ ئىمتىهان بىلەن مۆمىنلەرنىڭ ئىمانى، ئۇلارنىڭ چىداملىقى، جاپاغا بەرداشلىق بېرىشى ۋە ئۇلارنىڭ الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنىدىغانلىقى ئاشكارا بولدى. شۇنداقلا، مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسى ئېچىپ تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن مۇناپىقلارنىڭ قارشىلىششى، جىهادتىن قورققانلىقى، الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قىلغان خىيانىتى ئاشكارا بولدى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله يامانىنى (يەنى مۇناپىقنى) ياخشىدىن (يەنى مۆمىندىن) ئايرىمىغىچە مۆمىنلەرنى (يەنى سىلەرنى) هازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ﴾**.

مۇجاهىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى هەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا مۆمىنلەر بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىنى ئۇهۇد كۈنى ئايرىدى. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىنى جىهاد ۋە هىجرەت بىلەن ئايرىدى.

﴿الله سىلەرنى غەيبدىنمۇ خەۋەردار قىلمايدۇ﴾ يەنى الله تائالا مۆمىن بىلەن مۇناپىقنىڭ ئارىسىنى ئايرىدىغان، تاشقى سەۋەبلەرنى بېكىتمىگەن بولسا، سىلەر كىمنىڭ مۆمىن، كىمنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيتتىڭلار. چۈنكى، ئىمان ۋە مۇناپىق دېگەن الله تائالا ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرغان نەرسىدۇر.

﴿ۋە لېكىن الله پەيغەمبەرلىرىدىن خالىغىنىنى تاللاپ، ئۇنىڭغا (مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامغا مۇناپىقلارنىڭ هالىنى بىلدۈرگەندەك) غەيبنى بىلدۈرىدۇ﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿الله غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن هېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ. پەقەت الله ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبنى بىلدۈرىدۇ)، ئۇنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا كۆزەتچى (پەرىشتە) سېلىپ قويىدۇ﴾[1]، **﴿الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە (پەرۋەردىگارىڭلاردىن) قورقساڭلار، چوڭ ساۋابقا ئېرىشىسىلەر﴾**.

بېخىلنى ئەيىبلەش ۋە بېخىللىقتىن ئاگاهلاندۇرۇش توغرىسىدا

﴿الله ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل ـ مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر﴾ يەنى بېخىل: مال توپلاش (ئۆزىگە) پايدا ئېلىپ كېلىدۇ، ـ دەپ گۇمان قىلىپ قالمىسۇن. ئۇنداق قىلىش ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا زىيانلىقتۇر ۋە دۇنيادىمۇ زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن. ئاندىن الله تائالا قىيامەت كۈنى بېخىلنىڭ توپلىغان مېلىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بويىنىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ﴾**.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇئەنهۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا بىر كىشىگە مال ـ مۈلۈك بەرسە، ئۇ مالنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمىسا، ئۇ مال

---

(1) جىن سۈرىسى 26 ـ 27 ـ ئايەتلەر.

(زەھىرىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىدىن) بېشىنىڭ تېرىسى چۈشۈپ كەتكەن، كۆزىنىڭ ئۈستىدە ئىككى دانە قارا چېكىت بار چوڭ بىر يىلاننىڭ سۈرىتىگە ئۆزگەرتىلىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇ (يىلان) مال ئىگىسىنىڭ گېلىغا چەمبەر شەكلىدە يۆگىشىپ (ئۇنى بوغۇپ)، ئىككى ئۆتكۈر چىشى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى چىشلەپ: مەن سېنىڭ مال ـ مۈلكىڭ، مەن سېنىڭ بايلىقىڭ، ـ دەيدۇ». ئاندىن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿**اللّٰه ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل ـ مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر**﴾

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىمىغان بىر بەندىگە (داۋاملىق ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرىدىغان بېشىنىڭ تېرىسى چۈشۈپ كەتكەن) چوڭ بىر يىلان كېلىدۇ. ئۇ (بەندە) يىلاندىن قاچىدۇ، يىلان ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ: مەن سېنىڭ بايلىقىڭ، ـ دەيدۇ». ئاندىن ئابدۇللاھ بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿**ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ**﴾.

﴿**ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ مىراسى اللّٰه نىڭدۇر (يەنى كائىناتتىكى ھەممە نەرسە اللّٰه نىڭ مۈلكى بولۇپ، ئۇلار پانىي بولغاندىن كېيىن اللّٰه نىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ)**﴾ يەنى ﴿**اللّٰه سىلەرنى ئىگە قىلغان ماللاردىن سەدىقە قىلىڭلار**﴾[1]، ﴿**اللّٰه قىلغان ئەمەلىڭلاردىن خەۋەرداردۇر**﴾.

* * * * * * *

لَّقَدْ سَمِعَ ٱللَّهُ قَوْلَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓا۟ إِنَّ ٱللَّهَ فَقِيرٌ وَنَحْنُ أَغْنِيَآءُ ۘ سَنَكْتُبُ مَا قَالُوا۟ وَقَتْلَهُمُ ٱلْأَنۢبِيَآءَ
بِغَيْرِ حَقٍّ وَنَقُولُ ذُوقُوا۟ عَذَابَ ٱلْحَرِيقِ ﴿١٨١﴾ ذَٰلِكَ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيكُمْ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَيْسَ بِظَلَّامٍ
لِّلْعَبِيدِ ﴿١٨٢﴾ ٱلَّذِينَ قَالُوٓا۟ إِنَّ ٱللَّهَ عَهِدَ إِلَيْنَآ أَلَّا نُؤْمِنَ لِرَسُولٍ حَتَّىٰ يَأْتِيَنَا بِقُرْبَانٍ تَأْكُلُهُ
ٱلنَّارُ ۗ قُلْ قَدْ جَآءَكُمْ رُسُلٌ مِّن قَبْلِى بِٱلْبَيِّنَٰتِ وَبِٱلَّذِى قُلْتُمْ فَلِمَ قَتَلْتُمُوهُمْ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ
﴿١٨٣﴾ فَإِن كَذَّبُوكَ فَقَدْ كُذِّبَ رُسُلٌ مِّن قَبْلِكَ جَآءُو بِٱلْبَيِّنَٰتِ وَٱلزُّبُرِ وَٱلْكِتَٰبِ ٱلْمُنِيرِ ﴿١٨٤﴾

«اللّٰه بولسا ھەقىقەتەن پېقىر، بىز بولساق باي» دېگەن كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار) نىڭ سۆزىنى اللّٰه ھەقىقەتەن ئاڭلىدى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز (يەنى نامى ـ ئەمالىغا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە بۇنى ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەمالىغا يېزىشنى بۇيرۇيمىز) ھەمدە ئاخىرەتتە پەرىشتىلەر تىلى ئارقىلىق، كۆيدۈرگۈچى ئازابنى تېتىڭلار دەيمىز﴿181﴾. بۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىندۇر، اللّٰه بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر﴿182﴾. ئۇلار: «(تەۋراتتا) اللّٰه بىزنى (ئاسماندىن چۈشكەن) ئوت يەپ كېتىدىغان بىر قۇربانلىق كەلتۈرمىگىچە ھەقىقەتەن ھېچبىر پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇدى» دېدى (بۇ ئىپتىرا بولۇپ، اللّٰه ئۇلارنى بۇيرۇغان ئەمەس). (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، سىلەر ئېيتقان مۆجىزىلەر ۋە سىلەر ئېيتقان مۆجىزە بىلەن ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەر كەلدى؛ ئەگەر سىلەر (دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۇلارنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭلار؟»﴿183﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سېنى يالغانغا چىقارغان بولسا (قايغۇرۇپ كەتمىگىن)، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۆجىزىلەرنى، كىتابلارنى (يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان

(1) ھەدىد سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

سەھىپىلەرگە ئوخشاش ساماۋى كىتابلارنى) ۋە نۇرلۇق كىتابنى (يەنى تەۋرات، ئىنجىلغا ئوخشاشلارنى) ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرمۇ يالغانغا چىقىرىلغان ئىدى﴾184﴿.

اللە تائالانىڭ مۇشرىكلارنى ئاگاھلاندۇرغانلىقى

سەئىد ئىبنى جۇبەير ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿كىمكى اللە غا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى اللە نىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، اللە ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەت چۈشكەندە، يەھۇدىيلار: ئى مۇھەممەد! سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ بەندىلىرىدىن قەرز سورىغىدەك پېقىر بولۇپ قالدىمۇ؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: **﴿«اللە بولسا ھەقىقەتەن پېقىر، بىز بولساق باي» دېگەن كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار) نىڭ سۆزىنى اللە ھەقىقەتەن ئاڭلىدى﴾**».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن قىلىنغان رىۋايەتتە بۇ سۆزنى تەنھاس ئىسىملىك بىر يەھۇدىي قىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ سۆزنى قىلغاندا، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئۇرغان. ئۇ ئىككىسى دەۋالىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارغاندا، يەھۇدىي يۇقىرىدا قىلغان سۆزىدىن تېنىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن، اللە تائالا ئۇ يەھۇدىينىڭ ھەقىقەتەنمۇ شۇ سۆزنى قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ يۇقىرىدىكى ئايەتنى نازىل قىلغان.

﴿ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز﴾ دېگەن بۇ ئايەت يەھۇدىيلارغا تەھدىتتۇر. شۇڭا بۇ ئايەتنى اللە تائالا: **﴿پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز (يەنى نامى ـ ئەمالىغا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە بۇنى ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەمالىغا يېزىشنى بۇيرۇيمىز)﴾** دېگەن ئايىتى بىلەن بىر يەردە كەلتۈردى. يەنى يۇقىرىدىكى ئايەت ئۇلارنىڭ اللە تائالا توغرۇلۇق دېگەن سۆزىدۇر. بۇ ئۇلارنىڭ اللە تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە قىلغان ئىشلىرىدۇر. اللە تائالا ئۇلارغا شۇ ئىشلىرى ئۈچۈن ئەڭ يامان ئازاب بېرىدۇ. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ھەممە ئاخىرەتتە پەرىشتىلەر تىلى ئارقىلىق، كۆيدۈرگۈچى ئازابنى تېتىڭلار دەيمىز. بۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىندۇر، اللە بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر﴾** بۇ ئايەت ئۇلارنى مات قىلىش ۋە پەس كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن.

﴿ئۇلار: «(تەۋراتتا) اللە بىزنى (ئاسماندىن چۈشكەن) ئوت يەپ كېتىدىغان بىر قۇربانلىق كەلتۈرمىگىچە ھەقىقەتەن ھېچبىر پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇدى» دېدى (بۇ ئىپتىرا بولۇپ، اللە ئۇلارنى بۇيرۇغان ئەمەس)﴾ يەنى اللە تائالا بۇ ئايىتى بىلەن، بىر پەيغەمبەر اللە تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەر بولۇپ كەلسە، ئۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىدىن: بىر ئوتنىڭ ئاسماندىن چۈشۈپ مال سەدىقە قىلغۇچىنىڭ قوبۇل بولغان سەدىقىسىنى يەپ كېتىشى، ئاشۇ ئۈممەتكە كەلگەن پەيغەمبەرگە بېرىلگەن مۆجىزىنىڭ بىرى بولمىسا، ئۇ پەيغەمبەرگە ئىشەنمەسلىككە (اللە تائالا كىتابلىرىمىزدا يەنى تەۋراتتا) ئەھدى قىلغان، ـ دەپ گۇمان قىلغان بەزى كىشىلەرنى يالغانچىغا چىقاردى. بۇنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە ھەسەن قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېگەن.

(1) بەقەرە سۈرىسى 245 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، سىلەرگە مەندىن ئىلگىرى پەيغەمبەرلەر مۆجىزىلەر ۋە سىلەر ئېيتقان مۆجىزە بىلەن يەنى قوبۇل قىلىنغان قۇربانلىقلارنى يەپ كېتىدىغان ئوت بىلەن **كەلدى؛ ئەگەر سىلەر (دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۇلارنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭلار؟»﴾**

ئاندىن الله تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سېنى يالغانغا چىقارغان بولسا (قايغۇرۇپ كەتمىگىن)، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۆجىزىلەرنى، كىتابلارنى (يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان سەھىپىلەرگە ئوخشاش ساماۋى كىتابلارنى) ۋە نۇرلۇق كىتابنى (يەنى تەۋرات، ئىنجىلغا ئوخشاشلارنى) ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرمۇ يالغانغا چىقىرىلغان ئىدى﴾** يەنى كاپىرلارنىڭ سېنى يالغانچىغا چىقىرىشى سېنى بىئارام قىلمىسۇن. چۈنكى، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ئوچۇق ۋە كەسكىن پاكىتلارنى ئېلىپ كېلىپمۇ يالغانچىغا چىقىرىلدى. ئۇلار ساڭا ئۈلگىدۇر.

* * * * * * *

كُلُّ نَفْسٍ ذَآئِقَةُ ٱلْمَوْتِۗ وَإِنَّمَا تُوَفَّوْنَ أُجُورَكُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِۖ فَمَن زُحْزِحَ عَنِ ٱلنَّارِ وَأُدْخِلَ ٱلْجَنَّةَ فَقَدْ فَازَۗ وَمَا ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَآ إِلَّا مَتَٰعُ ٱلْغُرُورِ ﴿١٨٥﴾ ۞ لَتُبْلَوُنَّ فِيٓ أَمْوَٰلِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ وَلَتَسْمَعُنَّ مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْكِتَٰبَ مِن قَبْلِكُمْ وَمِنَ ٱلَّذِينَ أَشْرَكُوٓاْ أَذًى كَثِيرًاۚ وَإِن تَصْبِرُواْ وَتَتَّقُواْ فَإِنَّ ذَٰلِكَ مِنْ عَزْمِ ٱلْأُمُورِ ﴿١٨٦﴾

ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار (يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ، ئازغىنا بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ)﴿185﴾. سىلەر ماللىرىڭلاردا (سەدىقىغە بۇيرۇلۇش ۋە ئاپەت يېتىشى بىلەن) ۋە جانلىرىڭلاردا (قەتل قىلىنىش، ئەسىر ئېلىنىش، كېسەل بولۇش بىلەن) چوقۇم سىنىلىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن، مۇشرىكلاردىن چوقۇم نۇرغۇن يامان سۆز ئاڭلايسىلەر، ئەگەر (يۇقىرىقى ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە) سەۋر قىلساڭلار (سۆزۈڭلار ۋە ھەرىكىتىڭلاردا الله دىن) قورقساڭلار، ئۇنداقتا بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە بىلەن قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر﴿186﴾.

ھەر بىر جان ئىگىسىنىڭ ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيدىغانلىقى

الله تائالا ھەر بىر جان ئىگىسىنىڭ ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەممە مەخلۇقات ئۇچۇن كۈچكە ئىگە بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿زېمىندىكى ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ. ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ﴾[1] يەنى پەقەت الله تائالا ئۆلمەي،

(1) رەھمان سۈرىسى 26 ـــ 27 ـ ئايەتلەر.

تىرىك قالىدۇ. جىن ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ. شۇنىڭدەك پەرىشتىلەر ۋە ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرمۇ ئۆلىدۇ. پەقەت بىردىن بىر تەنھا **الله** لا ئۆلمەي قېلىپ قالغۇچىدۇر. **الله** تائالا ھەممە نەرسىنىڭ ئەۋۋەلقىسى بولغىنىدەك، ھەممە نەرسىنىڭ ئاخىرقىسى بولىدۇ. بۇ ئايەت ھەممە كىشىگە تەسەللىدۇر. (چۈنكى) يەر يۈزىدە بىر كىشىمۇ قالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ، (**الله** تائالا بەلگىلەپ بەرگەن) مۇددەت تۈگىسە ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ تاكى يارالماقچى بولغان ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىسە، **الله** تائالا قىيامەتنى قائىم قىلىدۇ. ئىنسانلارنى تىرىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىدىن ھېساب ئالىدۇ. ھەرقانداق كىشىگە زەررىچىلىكمۇ زۇلۇم قىلمايدۇ. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار (يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ**﴾.

كىملەرنىڭ مۇرادىغا يەتكۈچىلەردىن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ**﴾ ئىبنى ئەبۇھاتىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەتتىكى قامچىنىڭ ئورنىچىلىك يەر، دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىدىن ياخشىدۇر. ئەگەر خالىساڭلار (**الله** تائالانىڭ): ﴿**كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنى ئوقۇڭلار».

﴿**دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ، ئازغىنا بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ)**﴾ بۇ، دۇنيانىڭ ئىشىنى ئەرزىمەس ۋە تۆۋەن كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، بۇ دۇنيا تۈگەپ كېتىدىغان ئازغىنا بىر نەرسىدۇر. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئارتۇق كۆرىسىلەر. ئاخىرەت ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر﴾[1]، ﴿سىلەرگە قانداق نەرسە بېرىلمىسۇن، (ئۇ) دۇنيا تىرىكچىلىكىدىكى پايدىلىنىدىغان نەرسىدۇر ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىنىنىتىدۇر، **الله** نىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ئەڭ ياخشىدۇر، ئەڭ باقىيدۇر، چۈشەنمەمسىلەر؟﴾[2]

ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاخىرەتكە نىسبەتەن دۇنيا خۇددى بىرىڭلار بارمىقىنى دېڭىزغا تىقىپلا چىقارغىنىغا ئوخشاشتۇر. ئۇ بارمىقىنىڭ دېڭىزدىن قانچىلىك سۇ ئېلىپ چىقالايدىغانلىقىغا قاراپ باقسۇن[3].

قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: دۇنيا دېگەن مەنپەئەت ئورنىدۇر، تاشلىنىپ قالغۇچىدۇر، ئىبادەتكە لايىق بولغان زات **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، دۇنيا ئىگىلىرىنىڭ قولىدىن كېتىپ قالغۇچىدۇر. سىلەر بۇ مەنپەئەت ئورنىدىن (كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە) **الله** تائالانىڭ ئىبادىتىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىڭلار. كۈچ ـ قۇدرەت **الله** تائالاغىلا خاستۇر.

(1) ئەئلا سۈرىسى 16 ـ 17 ـ ئايەتلەر.
(2) قەسەس سۈرىسى 60 ـ ئايەت.
(3) يەنى بىر بارماققا يۇققان سۇ دېڭىزغا نىسبەتەن بەك ئاز بولغىنىدەك، ئاخىرەتكە نىسبەتەن دۇنيا شۇنچىلىك ئاز ۋە ئاددىيدۇر.

مۆمىننىڭ سىنىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا دۈشمىنىدىن ئەزىيەت يېتىپ تۇرىدىغانلىقى

﴿**سىلەر ماللىرىڭلاردا (سەدىقىغە بۇيرۇلۇش ۋە ئاپەت يېتىشى بىلەن) ۋە جانلىرىڭلاردا (قەتل قىلىنىش، ئەسىر ئېلىنىش، كېسەل بولۇش بىلەن) چوقۇم سىنىلىسىلەر**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى الله تائالانىڭ: ﴿بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ. يەنى مۆمىن، مېلىغا، ئۆزىگە، بالا ـ چاقىلىرىغا ياكى ئائىللىرىغا مۇسىبەت كېلىشى بىلەن سىنىلىدۇ. مۆمىن ئۆزىنىڭ دىنىغا قاراپ سىنىلىدۇ. ئەگەر ئۇ دىنىدا چىڭ تۇرىدىغان كىشى بولسا، سىناقنىڭ چوڭى كېلىدۇ.

﴿**سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن، مۇشرىكلاردىن چوقۇم نۇرغۇن يامان سۆز ئاڭلايسىلەر**﴾ الله تائالا مۆمىنلەر مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە (بەدرى ئۇرۇشى بولۇشتىن بۇرۇن)، ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلاردىن ئۇلارغا كەلگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە تەسەللىي بېرىپ ۋە ئۇلارنى (ئۇلاردىن بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى) كۆتۈرۈۋەتكىچىلىك ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلارنى كەچۈرىۋېتىشكە ۋە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر (يۇقىرىقى ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە) سەۋر قىلساڭلار (سۆزۈڭلار ۋە ھەرىكىتىڭلاردا الله دىن) قورقساڭلار، ئۇنداقتا بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە بىلەن قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر**﴾.

ئىمام بۇخارى ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى ئۇرۇشى بولۇشتىن بۇرۇن فەدەك دېگەن شەھەردە (ئۈستىگە توقۇلغان رەخت سېلىنغان) بىر ئېشەككە مىنىپ، ئارقىسىغا ئۇسامە ئىبنى زەيدنى مىندۈرۈپ، ھارىس ئىبنى خەزرەج جەمەتىدىكى سەئىد ئىبنى ئۇبادىنىڭ (كېسەللىنى) يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ماڭدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي (دېگەن مۇناپىق) بار بىر سورۇندىن ئۆتتى. بۇ چاغدا تېخى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. سورۇن بۇتقا ئىبادەت قىلىدىغان مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار ۋە مۇسۇلمانلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سورۇندا ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنگەن ئېشەكنىڭ (ئايىغىدىن چىققان) چاڭ ـ توزان ئولتۇرغۇچىلارغا توزۇپ كەتكەن ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بۇرنىنى كىيىمى بىلەن ئېتىۋېلىپ: بىزگە توپا توزۇتماڭلار! ـ دېدى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا سالام بېرىپ، ئېشەكتىن چۈشتى ۋە ئۇلارنى الله تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىپ، قۇرئان ئوقۇپ بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي: ئى ئىنسان! (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) ئەگەر سەن دېگەن سۆز ھەق بولسا، ئۇنىڭدىن چىرايلىق نەرسە يوق. سەن سۆزۈڭ بىلەن سورۇنلىرىمىزغا كېلىپ بىزگە ئەزىيەت بەرمىگىن. ئۆز ئۆيىڭدە ئولتۇرۇپ، قېشىڭغا كەلگەن كىشىگە قىسسە سۆزلەپ بەرگىن، ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! سەن بىزنىڭ سورۇنلىرىمىزغا مەيلى چاڭ ـ توزان بىلەن ياكى سۆزلىرىڭ بىلەن كەلسەڭ، شەكسىزكى، بىز ياخشى كۆرىمىز، ـ دېدى. ئاندىن مۇسۇلمانلار، مۇشرىكلار ۋە يەھۇدىيلار تىللىشىپ كەتتى.

(1) بەقەرە سۈرىسى 155 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەتتا ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇرۇشۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى پەسكويغا چۈشۈرۈش بىلەن ئاۋارە بولدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېشىكىگە مىنىپ، سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى سەئد! سەن ئەبۇھاباب (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي) نىڭ دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ئۇ مۇنداق - مۇنداق گەپلەرنى قىلدى» دېدى. سەئد: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنى كەچۈرىۋەتكىن، ساڭا كىتابنى چۈشۈرگەن الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە الله تائالا ساڭا ھەق دىننى كەلتۈردى. بۇ شەھەرنىڭ (يەنى مەدىنىنىڭ) ئادەملىرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيگە تاج كىيگۈزۈشكە ۋە ئۇنى باشلىق قىلىشقا بىرلىككە كەلگەن ئىدى. الله تائالا ساڭا بەرگەن ھەقىقەت بىلەن ئۇنىڭغا ئۇنىمىدى[1]. ئۇ شۇ سەۋەب بىلەن سىقىلدى (يەنى ھەسەت قىلدى). مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ قىلغان ئىشىمۇ شۇنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغاندۇر، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كەچۈرىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى الله تائالا ئۇلارنى بۇيرۇغاندىكىدەك مۇشرىكلار ۋە ئەھلى كىتابلارنى كەچۈرىۋېتەتتى ۋە (ئۇلاردىن كەلگەن) كۆڭۈلسىزلىكلەرگە بەرداشلىق بېرەتتى.

الله تائالا كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلغۇچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئۇلارنى كەچۈرۈپ كەلدى. بەدرى ئۇرۇشىدا، الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرەيشنىڭ كاتتىباشلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە نېسىپ قىلدى (يەنى بەدرى ئۇرۇشىدا قۇرەيشنىڭ چوڭلىرى ئۆلتۈرۈلدى). ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇشرىكلار: بۇ بىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىدىغان بىر ئىش، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى جاكارلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى.

ھەقىقەت تەرەپتە تۇرغان ياكى ياخشىلىققا بۇيرۇغان ياكى يامانلىقتىن توسقان كىشىلەرگە جاپا - مۇشەققەت ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر دائىم يولۇقۇپلا تۇرىدۇ. بۇنىڭغا الله رازىلىقى ئۈچۈن بەرداشلىق بېرىش ۋە الله تائالا دىن ياردەم سوراش لازىم.

* * * * * * *

وَإِذْ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ لَتُبَيِّنُنَّهُۥ لِلنَّاسِ وَلَا تَكْتُمُونَهُۥ فَنَبَذُوهُ وَرَآءَ
ظُهُورِهِمْ وَٱشْتَرَوْا۟ بِهِۦ ثَمَنًا قَلِيلًا ۖ فَبِئْسَ مَا يَشْتَرُونَ ﴿١٨٧﴾ لَا تَحْسَبَنَّ ٱلَّذِينَ يَفْرَحُونَ بِمَآ أَتَوا۟
وَّيُحِبُّونَ أَن يُحْمَدُوا۟ بِمَا لَمْ يَفْعَلُوا۟ فَلَا تَحْسَبَنَّهُم بِمَفَازَةٍ مِّنَ ٱلْعَذَابِ ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿١٨٨﴾
وَلِلَّهِ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿١٨٩﴾

ئۆز ۋاقتىدا، الله كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار) دىن كىتابنى (يەنى كىتابتىكى الله نىڭ ئەھكاملىرىنى) كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىشكە ۋە يوشۇرماسلىققا ئەھدە ئالدى، لېكىن بۇنى (يەنى ئەھدىنى) ئۇلار ئارقىسىغا چۆرىۋەتتى ۋە ئۇنى ئازغىنا بەدەلگە (يەنى دۇنيانىڭ

(1) يەنى الله تائالا سېنى پەيغەمبەر قىلىپ بۇ يەرگە ئەۋەتتى، سېنىڭ كېلىشىڭ بىلەن ئۇنىڭ باشلىق بولىدىغان ئىشى ئەمەلدىن قالدى.

ئەرزىمەس نەرسىسگە) تېگىشتى. ئۇلارنىڭ تېگىشىپ ئالغىنى نېمىدېگەن يامان!﴿187﴾. (ئى مۇھەممەد!) قىلغان ئىشلىرىدىن (يەنى ھەقنى ياپقانلىقىدىن) خۇشال بولىدىغان، قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن مەدھىيىلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى ھەرگىز الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ دەپ گۇمان قىلمىغىن، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿188﴾. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر، الله ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴿189﴾.

ئەھلى كىتابنىڭ ئەھدىلەرنى بۇزغانلىقى ۋە ھەقىقەتنى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەنلىكى

بۇ ئايەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ئۇ پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەن ھامان، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە تەييارلىق بىلەن تۇرۇشى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى كىشىلەر ئارىسىدا تارقىتىشقا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىللىرى ئارقىلىق الله ئەھدى ئالغان ئەھلى كىتابلارغا (الله تائالانىڭ) قىلغان تەھدىتى ۋە ئەيىبلىشىدۇر. ئەھلى كىتابلار ئۇ ھەقىقەتنى يوشۇردى، يەنە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ۋەدە قىلغان ياخشىلىقنى ئەڭ ئاددىي ۋە ئەرزىمەس بولغان مال ـ دۇنياغا تېگىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ تېگىشىشى ئەجەبمۇ بىر يامان تېگىشىش بولدى.

بۇ ئايەت (ھەم) ئالىملارنى ئەھلى كىتابنىڭ ماڭغان يوللىرىدا مېڭىپ قېلىپ، ئەھلى كىتابقا يەتكەن زىياننىڭ ئۇلارغا يېتىپ قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئالىملارنىڭ مەسئۇلىيىتى بولسا، ئۆزلىرىدىكى ياخشى ئىشلارغا باشلايدىغان پايدىلىق بىلىملەرنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش ۋە ئۇ بىلىمدىن بىر نەرسىنى يوشۇرۇپ قالماسلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئۆزىدىن سورالغان بىر نەرسىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى يوشۇرسا، ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ».

ئەھلى كىتابلارنىڭ قىلمىغان ئىشلىرى ئۈچۈن ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەيىبلىنىشى

﴿(ئى مۇھەممەد!) قىلغان ئىشلىرىدىن (يەنى ھەقنى ياپقانلىقىدىن) خۇشال بولىدىغان، قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن مەدھىيىلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى ھەرگىز الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ دەپ گۇمان قىلمىغىن﴾ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىمكى ئۆزىنى بىلىملىك قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن يالغان دەۋا قىلسا (يەنى بىلمىگەن نەرسىنى بىلىمەن دېسە)، الله تائالا ئۇنىڭ (بىلىمىنى) ئازايتىۋېتىدۇ. يەنە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلدى: «بېرىلمىگەن نەرسە بىلەن كۆرەڭلىگەن كىشى، يالغان ئىككى كىيىمنى كىيگەن كىشىگە ئوخشاش.»[1]

(1) يەنى ئىلمى يوق تۇرۇپ ئىلىملىك كىشىدەك كۆرەڭلىگەن كىشى باشقىلارنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالسىمۇ، ئۇنى ئۆزىنىڭ كىيىمى دەپ كۆرسەتكەن ياكى ئەمەلىيەتتە بىر كىيىم كىيىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئىككى كىيىم كىيگەندەك ماختىنىدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ.

ئىمام ئەھمەد مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەرۋان ئىشىكىگە قارايدىغان (رافىئقا): ئى رافىئ! سەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىغا بېرىپ (ئۇنىڭغا): ئىچىمىزدىكى قىلغان ئىشىدىن خۇرسەن بولغان ۋە قىلمىغان ئىشى ئۈچۈن ماختىلىشنى ياخشى كۆرگەن ھەممە كىشى ئازابلىنىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ھەممىمىز ئازابلىنىمىز دېگىن، ـ دېدى. (ئۇ بېرىپ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا بۇ گەپنى دېگەندىن كېيىن) ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: بۇ (ئايەت) سىلەرگە ئەمەس، ئەھلى كىتابلار ھەققىدە چۈشتى، ـ دەپ بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: **﴿ئۆز ۋاقتىدا، الله كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار) دىن كىتابنى (يەنى كىتابتىكى الله نىڭ ئەھكاملىرىنى) كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىشكە ۋە يوشۇرماسلىققا ئەھدە ئالدى، لېكىن بۇنى (يەنى ئەھدىنى) ئۇلار ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى ۋە ئۇنى ئازغىنا بەدەلگە (يەنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىسىگە) تېگىشتى. ئۇلارنىڭ تېگىشىپ ئالغىنى نېمىدېگەن يامان!﴾**، **﴿(ئى مۇھەممەد!) قىلغان ئىشلىرىدىن (يەنى ھەقنى ياپقانلىقىدىن) خۇشال بولىدىغان، قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن مەدھىيىلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى ھەرگىز الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ دەپ گۇمان قىلمىغىن﴾**.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلاردىن بىر نەرسە سورىدى. يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يوشۇرۇپ، باشقا نەرسە بىلەن جاۋاب بەردى. ئاندىن يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خۇددى سورالغان سوئالنىڭ نەق ئۆزىگە جاۋاب بەرگەندەك كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ قېشىدىن قايتىپ چىقتى. ھەمدە ئۇلار بۇ ئىش ئۈچۈن ماختاندى ۋە ئۇنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەرمەي يوشۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن خۇرسەن بولدى.

ئىمام بۇخارى ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىكى بىر تۈركۈم مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىقمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشىلىق قىلىپ ئۆيلىرىدە خاتىرجەم ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلگەندە، مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزرە ئېيتىپ، قەسەم ئىچتى ۋە قىلمىغان ئىشى ئۈچۈن ماختىلىنىشنى ياخشى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت چۈشتى: **﴿(ئى مۇھەممەد!) قىلغان ئىشلىرىدىن (يەنى ھەقنى ياپقانلىقىدىن) خۇشال بولىدىغان، قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن مەدھىيىلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى ھەرگىز الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ دەپ گۇمان قىلمىغىن، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾**.

﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر، الله ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴾ يەنى الله تائالا ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسىدۇر. ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر. الله تائالانى ھېچ نەرسە ئاجىزلاشتۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالادىن قورقۇڭلار! ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشماڭلار، ئۇنىڭ ئاچچىقلىنىشىدىن ۋە ئىنتىقام ئېلىشىدىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى، ئۇ تەڭدىشى يوق كاتتا ۋە كۈچ - قۇدرەتلىكتۇر.

****

إِنَّ فِي خَلْقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَٱخْتِلَٰفِ ٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ لَءَايَٰتٍ لِّأُو۟لِى ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿١٩٠﴾ ٱلَّذِينَ
يَذْكُرُونَ ٱللَّهَ قِيَٰمًا وَقُعُودًا وَعَلَىٰ جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ
هَٰذَا بَٰطِلًا سُبْحَٰنَكَ فَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ ﴿١٩١﴾ رَبَّنَآ إِنَّكَ مَن تُدْخِلِ ٱلنَّارَ فَقَدْ أَخْزَيْتَهُۥ ۖ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِنْ

أَنصَارٍ ﴿١٩٢﴾ رَّبَّنَآ إِنَّنَا سَمِعۡنَا مُنَادِيٗا يُنَادِي لِلۡإِيمَٰنِ أَنۡ ءَامِنُواْ بِرَبِّكُمۡ فَـَٔامَنَّاۚ رَبَّنَا فَٱغۡفِرۡ لَنَا ذُنُوبَنَا
وَكَفِّرۡ عَنَّا سَيِّـَٔاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ ٱلۡأَبۡرَارِ ﴿١٩٣﴾ رَبَّنَا وَءَاتِنَا مَا وَعَدتَّنَا عَلَىٰ رُسُلِكَ وَلَا تُخۡزِنَا يَوۡمَ
ٱلۡقِيَٰمَةِۗ إِنَّكَ لَا تُخۡلِفُ ٱلۡمِيعَادَ ﴿١٩٤﴾

شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار﴿190﴾. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ الله نى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴿191﴾. پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ﴿192﴾. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ)، رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن﴿193﴾. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن»﴿194﴾.

ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان پاكىتلار ۋە ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ سۈپەت، سۆز ۋە دۇئالىرى توغرىسىدا

﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە،روشەن دەلىللەر بار﴾ يەنى ئېگىزلىكى، كەڭلىكى، تۆۋەنلىكى، قاتتىقلىقى ۋە ئاسمان - زېمىن ئارىلىقىدىكى سەييارىلار، تۇرغۇن يۇلتۇزلار، (زېمىندىكى) دېڭىزلار، تاغلار، چۆل - باياۋانلار، دەل - دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەر، زىرائەتلەر، يەل - يېمىشلار، ھايۋاناتلار، يەر ئاستى بايلىقلىرى ۋە رەڭگى، پۇرىقى، تەمى ۋە خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولمىغان پايدىلىق نەرسىلەر، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ۋە ئىككىسىنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بولۇشى ۋە باراۋەر بولۇشلىرىنىڭ ھەممىسى غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، بۈيۈك الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر. مەزكۇر نەرسىلەر بۇ ھەقتە ياخشى ئويلىنالمايدىغان نادانلاردەك ئەمەس، بەلكى، ھەرقانداق نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنەلەيدىغان، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە، الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئوچۇق ئالامەتلەردۇر.

الله تائالا ئەقىلسىز، نادانلارنىڭ الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئوچۇق پاكىتلارنى كۆرسىمۇ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ) نۇرغۇن ئالامەتلىرى باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن دىققەت قىلماستىن ئۆتۈپ

كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى اللّٰه غا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ (يەنى اللّٰه نى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى دەپ ئىقرار قىلىش بىلەن بىللە، بۇتلارغىمۇ چوقۇنىدۇ)﴾[1].

ئاندىن اللّٰه تائالا ئەقىل ئىگىلىرىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ اللّٰه نى ئەسلەپ تۇرىدۇ**﴾ ئىمام بۇخارى ئىمران ئىبنى ھۇسەيىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ ئولتۇرۇپ ئوقۇ، ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىساڭ يېنىچىلاپ يېتىپ ئوقۇ» دېدى. يەنى ئۇلار اللّٰه تائالانى دىللىرىدا، تىللىرىدا ۋە ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا زىكىر قىلىشتىن توختاپ قالمايدۇ.

﴿**ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئىچىدىكى ئالامەتلەرنى، ياراتقۇچىنىڭ كاتتىلىقى، قۇدرىتى، بىلىمى، ھېكمىتى، تاللىشى ۋە رەھمىتىنى ئۇقتۇرىدىغان ھېكمەتلەرنى چۈشىنىدۇ.

اللّٰه تائالا ئۆزىنىڭ زاتىنى، سۈپەتلىرىنى، يولغا قويغان ئىشلىرىنى، تەقدىرىنى ئۇقتۇرىدىغان قىلىپ ياراتقان نەرسىلەردىن ئىبرەت ئالمىغان كىشىلەرنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى: ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (اللّٰه نىڭ قۇدرىتىنىڭ) نۇرغۇن ئالامەتلىرى باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن دىققەت قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى اللّٰه غا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ (يەنى اللّٰه نى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى دەپ ئىقرار قىلىش بىلەن بىللە، بۇتلارغىمۇ چوقۇنىدۇ)﴾[2].

اللّٰه تائالا ئەقىل ئىگىلىرىنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ اللّٰه نى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ**﴾ بەلكى مەزكۇر ئەقىل ئىگىلىرى اللّٰه تائالا نىڭ يامان ئىشلارنى قىلغان ئادەملەرنى جازالاش، ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن پايدىسىز نەرسىنى يارىتىشتىن پاك ئىكەنلىكىنى تونۇپ: ﴿«**پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن**﴾ دەيدۇ. يەنى ئى ھەممە نەرسىلەرنى بىر ھېكمەت بىلەن ياراتقان، ھەممە كەمچىلىكلەردىن ۋە پايدىسىز ئىشلارنى قىلىشتىن پاك بولغان اللّٰه ! ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن، سەن رازى بولىدىغان، سېنىڭ جەننىتىڭگە ئېلىپ بارىدىغان، دەرتلىك ئازابىڭدىن ساقلايدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشىمىزغا نېسىپ قىلغىن!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن قوپسا، ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى بۇ ئون ئايەتنى ئوقۇيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىندى.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى بولغان ھامما ئاچام مەيمۇنەنىڭ قېشىدا قونۇپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئاياللىرى بىلەن) بىرەر سائەتچە سۆزلىشىپ ئاندىن ئۇخلاپ قالدى. كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى بولغاندا (قوپۇپ) ئولتۇرۇپ، ئاسمانغا قاراپ: ﴿**شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. كېيىن قوپۇپ تاھارەت ئالدى ۋە تاھارەت

(1) يۇسۇف سۈرىسى 105 ـ 106 ـ ئايەتلەر.
(2) يۇسۇف سۈرىسى 105 ـ 106 ـ ئايەتلەر.

نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن (11 رەكئەت) تەھەججۇد نامىزى ئوقۇدى، بىلال ئەزان ئېيتقاندىن كېيىن (ئىككى رەكئەت) بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇپ بولۇپ چىقىپ كىشىلەرگە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بەردى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى مەردەۋەي ئەتانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن، ئىبنى ئۆمەر ۋە ئۇبەيدە ئىبنى ئۇمەير ئۈچىمىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا ماڭدۇق. بىز ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەندە، ئارىمىزدا پەردە بار ئىدى. ئائىشە: ئى ئۇبەيدە! سەن نېمىشقا بىزنى زىيارەت قىلىپ تۇرمايسەن؟ - دېدى. ئۇبەيدە بىر شائىرنىڭ: ئۇزۇن - ئۇزۇندا زىيارەت قىلساڭ، مېھرى - مۇھەببەت ئاشىدۇ، - دېگەن مەزمۇندىكى شېئىرىنى ئوقۇدى. ئاندىن ئىبنى ئۆمەر: ئۆزگىمىزگە كەلسەك، سىز بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆرگەن، سىزنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغان ئىشتىن بىرنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز، - دېدى. ئائىشە يىغلاپ تۇرۇپ: ئۇنىڭ ھەممە ئىشى ھەيران قالارلىق ئىدى. ئۇ مېنىڭ نۆۋىتىم كەلگەن كېچىسى ھۇجرامغا كىردى. ھەتتا ئۇنىڭ بەدىنى مېنىڭ بەدىنىمگە تەگدى. ئاندىن (ماڭا): مېنى پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلغىلى قويغان بولسىڭىز، - دېدى. مەن: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سىزنىڭ (الله تائالاغا) يېقىنچىلىق قىلىشىڭىزنى ۋە پەرۋەردىگارىڭىزغا ئىبادەت قىلىشىڭىزنى ياخشى كۆرىمەن، - دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ (الله غا) ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئالدى، تاھارەتتە ئۈچۈن سۇنى كۆپ ئىشلەتمىدى. ئاندىن ناماز ئوقۇدى، (نامازدا) يىغلىدى. يىغىدىن ھەتتا ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كەتتى. ئاندىن سەجدىگە باردى، يەنە يىغلىدى. ھەتتا يەرنى ھۆل قىلىۋەتتى، كېيىن يېنىچە يېتىپ (تاكى بىلال كېلىپ، بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتقۇچە) يىغلىدى. ئاندىن بىلال: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! نېمە ئۈچۈن شۇنچە يىغلايسەن؟ ھەقىقەتەن الله سىزنىڭ ئىلگىرى قىلغان ۋە كېيىنكى قىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن بولغان گۇناھلىرىڭىزنى كەچۈرىۋەتكەن تۇرسا؟ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى بىلال! ساڭا ۋاي! مېنى يىغلىشىمدىن نېمە توسۇپ قالىدۇ؟ ھەقىقەتەن ماڭا بۇ كېچە الله تائالانىڭ: **﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار﴾** دېگەن ئايىتى چۈشتى، ئۇنىڭ (مەنىسى ھەققىدە) ئويلانمىغان كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي!» دېدى.

****

فَٱسۡتَجَابَ لَهُمۡ رَبُّهُمۡ أَنِّي لَآ أُضِيعُ عَمَلَ عَٰمِلٖ مِّنكُم مِّن ذَكَرٍ أَوۡ أُنثَىٰۖ بَعۡضُكُم مِّنۢ بَعۡضٖۖ فَٱلَّذِينَ هَاجَرُواْ وَأُخۡرِجُواْ مِن دِيَٰرِهِمۡ وَأُوذُواْ فِي سَبِيلِي وَقَٰتَلُواْ وَقُتِلُواْ لَأُكَفِّرَنَّ عَنۡهُمۡ سَيِّـَٔاتِهِمۡ وَلَأُدۡخِلَنَّهُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ ثَوَابٗا مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِۚ وَٱللَّهُ عِندَهُۥ حُسۡنُ ٱلثَّوَابِ ١٩٥

ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: «مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر - بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن. ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار، مېنىڭ يولۇمدا (يەنى الله نىڭ دىنى ئۈچۈن) ئەزىيەت تارتقانلار، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار (يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار) ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى (مەغپىرىتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن) ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن. ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن». بۇ (ئۇلارنىڭ

ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) الله تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر. الله نىڭ دەرگاھىدا ياخشى مۇكاپات (يەنى جەننەت) بار﴿195﴾.

الله تائالانىڭ ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقى

﴿ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى﴾ سەئىد ئىبنى مەنسۇر ئۇممۇسەلەمەنىڭ جەمەتىدىن بولغان بىر كىشىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇممۇسەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله تائالانىڭ بىز ئاياللارنىڭ قىلغان ھىجرىتى ھەققىدە ئايەت چۈشۈرگەنلىكىنى پەقەتلا ئاڭلىمىدۇق، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: «مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن﴾** ئەنسارىلاردىن بولغان ئاياللار: ئۇممۇسەلەمەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان سوئالى بىز ئاياللارغا تۇنجى قېتىملىق ئىلگىرىلەش بولدى، ـ دېدى.

﴿مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن﴾ بۇ، مۇسۇلمانلا بولسا، ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. يەنى مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر كىشىگە ئۇنىڭ قىلغان ئىشىغا قاراپ، مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدۇ.

﴿سىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن﴾ سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ساۋابىمغا باراۋەر ئېرىشىسىلەر. **﴿ھىجرەت قىلغانلار﴾** يەنى الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرىدىغان يۇرتنى تاشلاپ، ئىمان يۇرتىغا كەلگەنلەر؛ دوستلار، قېرىنداشلار، تۇغقانلار ۋە قوشنىلاردىن ئايرىلغانلار، **﴿يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار﴾** يەنى مۇشرىكلار ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىپ، ئۇلارنى ئارىسىدىن چىقىپ كېتىشكە قىستىغان ئىدى.

﴿مېنىڭ يولۇمدا (يەنى الله نىڭ دىنى ئۈچۈن) ئەزىيەت تارتقانلار﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىش جىنايىتى، ئۇلارنىڭ پەقەت شېرىكى يوق بىر الله تائالاغىلا ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈندۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار پەرۋەردىگارىڭلار الله غا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقاردى﴾[1]، ﴿ئۇلار مۆمىنلەرنى پەقەت غالىب، مەدھىيىگە لايىق الله غا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا يامان كۆردى. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر. الله ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2].

﴿ئۇرۇشقا قاتناشقانلار (يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار) ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى (مەغپىرىتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن) ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن﴾ يەنى الله تائالانىڭ يولىدا ئۇرۇشۇپ، ئېتى ۋە ئۆزى ئۆلۈپ كېتىش شېھىتلەر ئېرىشىدىغان دەرىجىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدۇر.

ئىمام مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىندى: بىر كىشى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا): ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر مەن الله نىڭ يولىدا سەۋر قىلغان، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ قېچىپ

(1) مۇمتەھىنە سۈرىسى 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بۇرۇج سۈرىسى 8 ـــ 9 ـ ئايەتلەر.

كەتمەي ئىلگىرىلىگەن ھالەتتە ئۇرۇش قىلسام، الله تائالا مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى كەچۈرەمدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «نېمە دېدىڭ؟» دېدى. ئۇ كىشى گېپىنى قايتا دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قەرزدىن باشقىسىنى شۇنداق قىلىدۇ (يەنى قەرزدىن باشقا خاتالىقلارنى كەچۈرىدۇ. لېكىن قەرزنى كەچۈرمەيدۇ)، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا ھېلىلا شۇنداق خەۋەر قىلدى» دېدى.

﴿**گۇناھلىرىنى (مەغپىرىتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن) ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن. ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن»**﴾ يەنى جەننەتلەرنىڭ ئىچىدە سۈت، ھەسەل، مەي ۋە رەڭگى ئۆزگەرمەيدىغان سۇلاردىن ئىبارەت خىلمۇ خىل شاراب ئۆستەڭلىرى ئاقىدۇ. جەننەتتە يەنە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، بىرسىنىڭ دىلىغا كېچىپمۇ باقمىغان نازۇ ـ نېئمەتلەر بار.

﴿**بۇ (ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) الله تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر**﴾ يەنى الله تائالا مۇكاپاتنى ئۆزىگە نىسبەت بەردى، مۇنداق قىلىشى مۇكاپاتنى جىق بېرىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ھېسابسىز بەرگۈچى بولغان الله بىر نەرسە بەرسە، ئاز بەرمەيدۇ.

﴿**الله نىڭ دەرگاھىدا ياخشى مۇكاپات (يەنى جەننەت) بار**﴾ يەنى ياخشى ئىش قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن الله تائالانىڭ دەرگاھىدا مۇكاپاتلار بار.

* * * * * * *

لَا يَغُرَّنَّكَ تَقَلُّبُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فِي ٱلۡبِلَٰدِ ﴿١٩٦﴾ مَتَٰعٞ قَلِيلٞ ثُمَّ مَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمِهَادُ ﴿١٩٧﴾
لَٰكِنِ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ رَبَّهُمۡ لَهُمۡ جَنَّٰتٞ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا نُزُلٗا مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِۗ وَمَا
عِندَ ٱللَّهِ خَيۡرٞ لِّلۡأَبۡرَارِ ﴿١٩٨﴾

كاپىرلارنىڭ (پۇل ـ مال، ئابرۇي، مەرتىۋە ئىززەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن) شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالدىمىسۇن﴿196﴾. بۇ ئازغىنا بەھرىمەن بولۇشتۇر، كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن يامان تۆشەك!﴿197﴾. پەرۋەردىگارىغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ، الله تەرىپىدىن بولغان كۈتۈۋېلىشتۇر. الله نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر (يەنى مۇكاپات ۋە ھۆرمەت) ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن (كۇففارلار بەھرىمەن بولغان باقاسى يوق ئازغىنا راھەتتىن) ئارتۇقتۇر﴿198﴾.

دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەن كىشىلەرگە ئالدىنىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ياخشى كىشىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپات توغرىسىدا

﴿**بۇ ئازغىنا بەھرىمەن بولۇشتۇر، كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن يامان تۆشەك!**﴾ يەنى نازۇ ـ نېئمەتلەرگە چۆكۈپ كەتكەن ئۇ كاپىرلارغا كۆز قىرىڭنى سالمىغىن، پات ئارىدا بۇ نېئمەتلەرنىڭ ھەممىسى يوقىلىپ كېتىدۇ ۋە ئۇلار قىلغان يامانلىقى سەۋەبى بىلەن خارلىنىدۇ.

بىزنىڭ ئۇلارغا شۇ نېئمەتلەرنى بېرىشىمىز، ئۇلارنى ئاستا ـ ئاستا گۇمراھلىقتا پاتۇرۇش ئۈچۈندۇر.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ: ﴿الله نىڭ ئايەتلىرى (يەنى قۇرئان) توغرىسىدا پەقەت كاپىرلار مۇجادىلە قىلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ شەھەرلەردە بېرىپ ـ كېلىپ يۈرۈشلىرىگە مەغرۇر بولۇپ كەتمىگىن﴾[1]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «الله غا يالغاننى چاپلايدىغانلار ھەقىقەتەن (دوزاخ ئازابىدىن) قۇتۇلالمايدۇ». ئۇلار بۇ دۇنيادىن (ئازغىنا ۋاقىتلا) بەھرىمەن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئاندىن كاپىر بولغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴾[2]، ﴿ئۇلارنى (دۇنيادىن) ئازغىنا (مۇددەت) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق ئازابنى (تېتىشقا) مەجبۇرلايمىز﴾[3]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئالدىرىمىغىن، ئۇلارغا ئازراق مۆھلەت بەرگىن (ئۇزاققا قالماي ئۇلارغا قانداق قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىسەن﴾[4]، ﴿بىز ياخشى ۋەدىنى قىلغان (يەنى جەننەتنى ۋەدە قىلغان) ئادەم ئۇنى تاپىدۇ، (ئۇ) دۇنيا تىرىكچىلىكىدىكى پايدىلىنىدىغان نەرسىلەر بىلەن بىز پايدىلاندۇرغان، ئاندىن قىيامەت كۈنى ئازابقا دۇچار بولغان ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟﴾[5].

الله تائالا كاپىرلارنىڭ دۇنيادىكى ھالىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرقى قايتىش ئورنى بولغان دوزاخنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەرۋەردىگارىغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ، الله تەرىپىدىن بولغان كۈتۈۋېلىشتۇر**﴾.

ئىبنى جەرىر ئەبۇدەرداء رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۆمىن (بولسۇن) ياكى كاپىر بولسۇن، ئۆلۈم ئۇنىڭغا ياخشىلىقتۇر، (مېنىڭ گېپىمگە) ئىشەنمىگەن كىشى الله تائالانىڭ بۇ ئايەتلىرىنى ئوقۇسۇن: ﴿**الله نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر (يەنى مۇكاپات ۋە ھۆرمەت) ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن (كۇففارلار بەھرىمەن بولغان باقاسى يوق ئازغىنا راھەتتىن) ئارتۇقتۇر**﴾، ﴿كاپىرلار ئۆزلىرىگە (جازا بەرمەستىن) مۆھلەت بېرىشىمىزنى (يەنى ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىشىمىزنى) ھەرگىز ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىشىمىز (ۋە ئەجىلىنى كېچىكتۈرۈشىمىز) پەقەت ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈندۇر. ئۇلار (ئاخىرەتتە) خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[6].

****

وَإِنَّ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ لَمَن يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكُمۡ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِمۡ خَٰشِعِينَ لِلَّهِ لَا
يَشۡتَرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ ثَمَنٗا قَلِيلًاۚ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ أَجۡرُهُمۡ عِندَ رَبِّهِمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ
ٱلۡحِسَابِ ١٩٩ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱصۡبِرُواْ وَصَابِرُواْ وَرَابِطُواْ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمۡ
تُفۡلِحُونَ ٢٠٠

(1) غافىر سۈرىسى 4 ـ ئايەت.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 69 ـــ 70 ـ ئايەتلەر.
(3) لوقمان سۈرىسى 24 ـ ئايەت.
(4) تارىق سۈرىسى 17 ـ ئايەت.
(5) قەسەس سۈرىسى 61 ـ ئايەت.
(6) ئال ئىمران سۈرىسى 178 ـ ئايەت.

ئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن **الله** غا ئىمان كەلتۈرىدىغان، سىلەرگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا)، ئۇلارغا نازىل بولغان كىتابقا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىشىنىدىغانلار بار؛ ئۇلار **الله** دىن قورقىدۇ، **الله** نىڭ ئايەتلىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى، راھىبلارغا ئوخشاش، دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرىنى دەپ ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ)، ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب بېرىلىدۇ. **الله** ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴿199﴾. سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن **الله** دىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)﴿200﴾.

بەزى ئەھلى كىتابلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئەجىر توغرىسىدا

الله تائالا ئەھلى كىتابنىڭ ئىچىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ (**الله** تائالادىن) ئۆزلىرىگە چۈشۈرۈلگەن كىتابلارغا ئىشىنىش بىلەن بىرگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن كىتاب (قۇرئان) قا ھەقىقىي رەۋىشتە ئىشىنىدىغانلىقىدىن ۋە **الله** تائالاغا بويسۇنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى، راھىبلارغا ئوخشاش، دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرىنى دەپ ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ)**﴾ بۇلار مەيلى يەھۇدىيلار ياكى خىرىستىئانلار بولسۇن، ئەھلى كىتابنىڭ ياخشىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تاللانغانلىرىدۇر.

الله تائالا ئەھلى كىتابلارنىڭ ئىچىدىن **الله** تائالاغا ئىمان كەلتۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿قۇرئاندىن ئىلگىرى بىز كىتاب (يەنى ئىنجىل، تەۋرات) نازىل قىلغانلار (يەنى ناسارا ۋە يەھۇدىيلارنىڭ مۆمىنلىرى) قۇرئانغا ئىشىنىدۇ. ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار: «بىز قۇرئانغا ئىشەندۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر. بىز ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇسۇلمان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان سەۋر - تاقىتى ئۈچۈن ئۇلارغا قوش ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇلار ياخشىلىق ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىدۇ﴾[1]، ﴿بىز ئاتا قىلغان كىتابنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بار، ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ﴾[2]، ﴿مۇسانىڭ قەۋمىنىڭ (يەنى بەنى ئىسرائىلنىڭ) ئىچىدە (كىشىلەرنى) ھەق بىلەن توغرا يولغا باشلايدىغان، ھەق بىلەن توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان بىر جامائە بار﴾[3]، ﴿ئۇلار بىر خىل ئەمەس، ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالاردىن) كېچىلىرى **الله** نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ۋە سەجدە قىلىپ تۇرىدىغان بىر جامائە كىشىلەر بار﴾[4]، ﴿«قۇرئانغا ئىشىنىڭلار ياكى ئىشەنمەڭلار (مەيلى، چۈنكى، ئىشىنىشىڭلار ئۇنىڭغا كامالەت، ئىشەنمەسلىكىڭلار ئۇنىڭغا نوقسان ئېلىپ كەلمەيدۇ)» دېگىن. شۈبھىسىزكى، قۇرئان نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا (تەسىرلىنىپ) دەرھال

(1) قەسەس سۈرىسى 52 ـ ئايەتتىن 54 ـ ئايەتكىچە.
(2) بەقەرە سۈرىسى 121 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەئراف سۈرىسى159 ـ ئايەت.
(4) ئال ئىمران سۈرىسى 113 ـ ئايەت.

سەجدىگە بارىدۇ. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز پاكتۇر، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ» دەيدۇ. ئۇلار يىغلىغان ھالدا سەجدە قىلىشقا يىقىلىدۇ (قۇرئاننى ئاڭلاش بىلەن ئۇلار **الله** غا) تېخىمۇ تەزەررۇ قىلىدۇ﴾[1].

ئەھلى كىتابتىن ئىمان ئېيتقانلارمۇ بار، لېكىن ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ۋە شۇنىڭدەك يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرىدىن ئىمان ئېيتقان ئازغىنە كىشىلەردۇر. (يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىن) ئىمان ئېيتقانلارنىڭ سانى ئۇن كىشىگىمۇ بارمايدۇ. ئەمما، خىرىستىئانلارنىڭ ئىچىدىن توغرا يولنى تاپقان ۋە ھەقكە بويسۇنغانلار (يەنى ئىمان ئېيتقانلار) خېلى كۆپ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ مۆمىنلەرگە ھەممىدىن قاتتىق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن، بىز ناسارا دېگەن كىشىلەرنىڭ دوستلۇق جەھەتتە مۆمىنلەرگە ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ چوقۇم بايقايسەن، بۇ، ناسارالارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالار، راھىبلار بولغانلىقى ۋە (ھەقنى قوبۇل قىلىشتا) تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغانلىقلىرى ئۈچۈندۇر﴾[2].

﴿ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب بېرىلىدۇ﴾ ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: جەئفەر ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەريەم سۈرىسىنى ھەبەشلەرنىڭ پادىشاھى نەجاشىنىڭ ھوزۇرىدا ئوقۇغان ئىدى، پادىشاھ يىغلاپ كەتتى. (ئۇنىڭ بىلەن بىللە) ئۇنىڭ يېنىدىكى پوپلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالىملىرىمۇ يىغلاپ كەتتى، يىغىدىن ھەتتا ئۇلارنىڭ ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كەتتى.»[3]

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: نەجاشى ئۆلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ساھابىلىرىغا يەتكۈزۈپ: سىلەرنىڭ ھەبەشتىكى بىر قېرىندىشىڭلار (يەنى دىنىي قېرىندىشىڭلار) ئۆلدى، ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇڭلار، ـ دېدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تۈزلەڭلىككە چىقىپ، ساھابىلارنى سەپكە تىزىپ ئۇنىڭغا (ئاتاپ) جىنازا نامىزى ئوقۇدى».

ئىبنى ئەبۇنەجىيە مۇجاھىدنىڭ **﴿ئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن الله غا ئىمان كەلتۈرىدىغان﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ئۇلار ئەھلى كىتابنىڭ مۇسۇلمانلىرىدۇر. ئۇباد ئىبنى مەنسۇر مۇنداق دېدى: مەن ھەسەنبەسرىدىن **الله** تائالانىڭ: **﴿ئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن الله غا ئىمان كەلتۈرىدىغان﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورىغان ئىدىم، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى: ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن ئىلگىرىمۇ بار بولغان ئەھلى كىتابلاردۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنىڭغا ئەگەشتى ۋە ئىسلامنى تونىدى. شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا ئۇلارغا (ئۇلارنىڭ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن (ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا) ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن بىر ئەجىر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن يەنە بىر ئەجىر بەردى، ـ دېدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇمۇسادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 107 ـ ئايەتتىن 109 ـ ئايەتكىچە.
(2) مائىدە سۈرىسى 82 ـ ئايەت.
(3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى تۇنجى قېتىم ھەبەشىستان (ھازىرقى ئېفئوپىيە) غا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ھەبەشىستانلىقلار خىرىستىئان دىنىدا ئىدى. ھىجرەت قىلىپ بارغان بۇ ساھابىلارنىڭ باشلىقى جەئفەر ئىبنى ئەبۇتالىب بولۇپ، بۇ ۋەقە شۇ چاغدا يۈز بەرگەن ئىدى.

قىلىدۇ: «قوش ئەجىر بېرىلىدىغان ئۈچ كىشى بار، ئۇلارنىڭ بىرى: ئەھلى كىتاب ئىچىدىن ئۆز پەيغەمبىرىگە ۋە ماڭا ئىمان ئېيتقان كىشىدۇر».

﴿اللە نىڭ ئايەتلىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى، راھىبلارغا ئوخشاش، دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرىنى دەپ ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ)﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرى بىلىدىغان ئىلىملەرنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈركۈم ئېزىپ كەتكەن كىشىلەرگە ئوخشاش يوشۇرمايدۇ. بەلكى، ئۇلار ئۇنى ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلماي كەڭ تارقىتىدۇ، شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب بېرىلىدۇ. اللە ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴾**.

چىداملىق بولۇشقا ۋە چېگرىلارنى قوغداش ئۈچۈن تەييار تۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

﴿ئى مۆمىنلەر! تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار﴾ ھەسەنبەسرى مۇنداق دېدى: اللە تائالا ئۇلارغا مۆمىنلەرنى ئۆزى رازى بولىدىغان ئىسلام دىنىنىڭ يولىدا كەلگەن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا چىداملىق بولۇشقا، بۇ دۇنيادىن كەتكۈچە (ھاياتىدا) خۇشاللىقتا ئېرىشكەنلىكى ياكى زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىغانلىقى، خاتىرجەملىككە ئېرىشكەنلىكى ياكى جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە يولۇققانلىقى سەۋەبىدىن بوشاپ كەتمەي، ئىسلامدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا ۋە ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى يوشۇرغان دۈشمەنلەرگە قارشى تېخىمۇ چىداملىق بولۇشقا بۇيرۇدى. سەلەپ ئالىملىرىمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى يۇقىرىدىكىدەك بايان قىلدى. ئەمما تەييار بولۇپ تۇرۇش دېگىنىمىز، ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇندا داۋاملىق بولۇش دېگەنلىك بولىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، سەھل ئىبنى ھەنىف ۋە مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزى قاتارلىقلار: تەييار بولۇپ تۇرۇش دېگەن، بىر نامازنىڭ كەينىدىن يەنە بىر نامازنى ساقلاش دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

بۇ توغرۇلۇق ئىمام مۇسلىم ۋە نەسەئى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن سىلەرگە اللە تائالا خاتالىقلارنى ئۆچۈرىۋېتىدىغان ۋە مەرتىۋىلەرنى كۆتۈرىدىغان بىر ئىشتىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ (ئۇ ئىش بولسا، سۇنىڭ سوغۇق بولغىنىغا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش) قىيىنچىلىق يەتكەن ۋاقىتتا تاھارەتنى تولۇق ئېلىش، مەسچىتلەرگە كۆپ بېرىش ۋە بىر نامازنىڭ كەينىدىن يەنە بىر نامازنى ساقلاشتۇر. مانا بۇ تەييارلىقتۇر! مانا بۇ تەييارلىقتۇر! مانا بۇ تەييارلىقتۇر!» تەييار بولۇپ تۇرۇش دېگەن، دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ چېگرالىرىنى ساقلاش ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ئىسلام رايونلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ قېلىشىدىن توسۇشقا تەييار بولۇپ تۇرۇشنى بىلدۈرىدۇ، ـ دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. بۇ خىل تەييارلىققا رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە ئۇنىڭ ساۋابىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تۆۋەندە كەلگەن ھەدىسلەر شۇلارنىڭ بەزىلىرىدۇر.

ئىمام بۇخارى سەھل ئىبنى سەئدى سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تائالانىڭ يولىدا بىر كۈن جىھادقا تەييار بولۇپ تۇرۇش،

دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسىدىن ياخشىدۇر» .

ئىمام مۇسلىم سالمان پارسىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالانىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن بىر كېچە ـ كۈندۈز تەييار بولۇپ تۇرۇش، بىر ئاي روزا تۇتقاندىن ۋە (كېچىسى) بىدار بولۇپ ناماز ئوقۇغاندىن ياخشىدۇر» . ئەگەر شېھىت بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ئەمەلى ۋە رىزقى ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ ۋە شەيتاندىن خاتىرجەم بولغان بولىدۇ.

ئىمام ئەھمەد فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «الله نىڭ يولىدا جىھادقا تەييار بولۇپ ئۆلگەن كىشىدىن (باشقا) ئۆلگەن كىشىنىڭ ئەمەللىرى (ئۇ ئۆلگەن ھامان) خاتىرىلىنىشتىن توختاپ قالىدۇ، ئەمما الله تائالانىڭ يولىدا تەييار بولۇپ ئۆلگەن كىشىنىڭ ئەمەلى قىيامەت كۈنىگىچە ئاۋۇپ تۇرىدۇ ۋە ئۇ كىشى قەبرىنىڭ پىتنىسىدىن خاتىرجەم بولىدۇ» .

ئىمام تىرمىزى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «(دوزاخنىڭ) ئوتى تەگمەيدىغان ئىككى خىل كۆز بار، (بىرى) الله تائالادىن قورقۇپ يىغلىغان كۆز. (يەنە بىرى) الله تائالانىڭ يولىدا (كېچىسى پوستا) تۇرۇپ، كۆزەتچىلىك قىلغان كۆز» .

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دىنارنىڭ قۇلى، دەرھەمنىڭ قۇلى ۋە يوللۇق قارا رەختنىڭ قۇلى (بۇ رەخت بەلكى ئۇز ۋاقتىدا بەك قىممەتلىك بولۇشى مۇمكىن) ھالاك بولۇپ كەتسۇن[1] . ئەگەر بۇ خىل كىشىلەرگە مال ـ دۇنيا بېرىلسە، ئۇلار الله دىن رازى بولىدۇ. ئەگەر بېرىلمىسە ئاچچىقلايدۇ. ھالاك بولسۇن، (ئۇنىڭ) بېشى ئايىغىغا ئالمىشىپ كەتسۇن! ئەگەر ئۇنىڭغا كىچىككىنە بىر ئەزىيەت كەلسە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياردەمچى تاپالمايدۇ. چاچلىرى پاخپايغان ۋە پۇتلىرى توپا ھالەتتە ئېتىنىڭ يۈگىنىنى الله تائالانىڭ يولىدا تۇتقان بەندە ئۈچۈن سالاملار بولسۇن! ئەگەر ئۇ كىشى ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلسا (ئۇنىڭغا رازى بولۇپ)، ئەسكەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، ئەگەر ئاخىرىدا قويۇلسا، ئاخىرىدا تۇرىدۇ. ئۇ رۇخسەت سورىسا، ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىلمەيدۇ. بىرىنىڭ گۇناھىنى تىلىۋالسا، تىلىكى ئىجابەت قىلىنمايدۇ» .

ئىبنى جەرىر زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇئۇبەيدە ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا رۇمدا ناھايىتى چوڭ بىر قوشۇننىڭ توپلانغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۇلاردىن قورقۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى خەۋەر بېرىپ خەت يازىدۇ. ئۆمەر: (الله تائالاغا ھەمدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن) ئۇنىڭغا: بىر مۆمىن بەندىگە قانچىلىك قىيىنچىلىق كەلسە كەلسۇن، الله تائالا ئۇ قىيىنچىلىقتىن كېيىن، (ئۇ مۆمىنگە) بىر چىقىش يولى ئاتا قىلىپ بېرىدۇ. ھەرگىزمۇ بىر قىيىنچىلىق ئىككى ئاسانلىقتىن ئۈستۈن كەلمەيدۇ. شەكسىزكى، الله تائالا كىتابىدا مۇنداق دېدى: ﴿**ئى مۆمىنلەر! تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش**

(1) يەنى بۇلار مال ـ دۇنياغا بەك ئامراق بولغانلىقتىن ۋە پۈتۈن تىرىشچانلىقنى شۇنىڭغىلا قاراتقانلىقتىن خۇددى ئۇ نەرسىلەرنىڭ قۇلىدەك بولۇپ قالىدۇ.

ئۈچۈن الله دىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)﴿ دەپ خەت يازدى.

ئىمام ھافىز ئىبنى ئەساكىر "ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ تەرجىمە ھالى" دا مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئەبۇسەكىنەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك:

ئىككى ھەرەم قويىنىدا تائەت قىلغان قېرىنداش،
بىزگە سالساڭ گەر نەزەر چۈشىنەرسەن ئىشىڭنى.
باشقىلارنىڭ نەمدەلسە يېشى بىلەن يۈزلىرى،
مۇجاھىدلار يۇيىشار قېنى بىلەن تېنىنى.
بەزىلەرنىڭ ئاتلىرى ھارسا ئويۇن ـ بەيگىدە،
ئاتلىرىمىز ھالسىرار بوسكەچ دۈشمەن سېپىنى.
گەر يۈرىشەر بەزىلەر پۇراپ مۇشكى ـ ئەنبەرنى،
بىزگە گويا ئىپاردۇر، ئات توزۇتقان قۇم ـ چېڭى.
مۇجاھىدقا مۇنداق دەپ خەۋەر بەردى پەيغەمبەر:
"جەڭ توپىسى قونغاندىن يىراق دوزاخ ئوچقۇنى".
"شېھىت ئۆلۈك ئەمەس" دەپ جاكارلىدى رەببىمىز،
كەلگىن جىھاد قويىنىغا ئۆلمەس شېھىت بولغىلى!

دېگەن شېئىرنى ئېيتىپ بېرىپ، ماڭا يازدۇردى. مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ چىقتىم. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ھىجرىيىنىڭ 170 ـ ياكى 177 ـ يىلى بۇ شېئىرنى مەن ئارقىلىق فەزل ئىبنى ئىيازغا ئەۋەتتى. مەن فەزل ئىبنى ئىياز بىلەن ھەرەم مەسچىتىدە ئۇچرىشىپ ئۇ خەتنى بەردىم. ئۇ خەتنى ئوقۇپ يىغلاپ كەتتى ۋە: قېرىندىشىم ئابدۇللاھ راست ئېيتىپتۇ، ماڭا سەممىي نەسىھەت قىلىپتۇ، ـ دېدى. ئاندىن: سەن ھەدىس توپلىغىلى كەلگەن ئادەم ئوخشىمامسەن؟ ـ دېدى. مەن: شۇنداق، ـ دېدىم. ئۇ: ئۇنداق بولسا، بۇ ھەدىسنى سېنىڭ ئابدۇللاھنىڭ خېتىنى ماڭا يەتكۈزگەن ھەققىڭ ئۈچۈن خاتىرىلىۋالغىن، ـ دەپ تۆۋەندىكى ھەدىسنى سۆزلەپ بەردى:

مەنسۇر ئىبنى مۇئتەمەر ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا): ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا الله تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلغان كىشىلەرنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلەيدىغان ئەمەل ـ ئىبادەتتىن بىرنى ئۆگىتىپ قويغىن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ھېرىپ قالماي ناماز ئوقۇشقا ۋە (بىر كۈنمۇ) كېمەيتمەي روزا تۇتۇشقا قادىر بولالامسەن؟» دېدى. ئۇ كىشى: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! مەن بۇ ئىشلارنى قىلىشقا بەك ئاجىزلىق قىلىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر شۇ ئىشلارنى قىلىشقا كۈچۈڭ يەتسىمۇ، الله تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلغان كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىگە (ۋە ئۇلارنىڭ ساۋابىغا) يېتەلمەيسەن، سەن مۇجاھىدنىڭ ئېتىنىڭ جىھادنى كۈتۈپ باغلاقتا تۇرسىمۇ، مۇجاھىدقا نۇرغۇن ساۋاب يېزىلىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟» دېدى.

﴾مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن الله دىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)﴿ يەنى سىلەر ھەممە ئىشىڭلاردا ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا الله دىن قورقۇڭلار دېگەنلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا مۇشۇ مەزمۇندا مۇنداق دېدى: مەيلى قەيەردە بولمىغىن، الله تائالادىن قورققىن، بىر يامانلىققا بىر ياخشىلىقنى ئەگەشتۈرگىن (يەنى بىر يامانلىق قىلىپ قالساڭ، ئۇنىڭ كەينىدىن ياخشىلىقتىن بىرنى قىلغىن). ياخشىلىق يامانلىقنى ئۆچۈرىدۇ. كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلغىن ۋە ئۇلارنى ئەخلاقلىق بولۇشقا ئۈندىگىن!» ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى مەن (الله تائالا) بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى نەرسىدە، مەندىن قورقۇڭلار. يېقىن كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) سىلەر ماڭا يولۇققاندا نىجات تاپقۇچىلاردىن بولۇڭلار.

شۇنىڭ بىلەن، ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. الله تائالاغا تۈگىمەس ھەمدۇسانالار بولسۇن!